ئىسلام ئەدەبىي ئەسەرلەر توپلىمى

# قەلب سادالىرى

WWW.TUCOO.COM

ئىسلام ئەدەبىي ئەسەرلەر توپلىمى

# قەلب سادالىرى

تۈزگۈچى: ئىبنى ئابدۇقادىر ئابد

WWW.TUCOO.COM

www.uyghurmuslim.com www.fb.com/uighurawazi uighurawazi@yahoo.com

# بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىيم

# كىرىش

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ئەزىز قېرىندىشىم! بۇ كىتاپقا ئۆسمۈرلەر ۋە ياشلارنىڭ ئوقۇپ ھوزۇرلىنىشىغا، چىن ئىسلامىي ئەقىدىدىن ئۇرغۇپ چىققان دىن، ئىبادەت، ئاللاھ، پەيغەمبەر سۆيگۈسى بىلەن تولۇپ تاشقان، ئەھلى مۇسۇلمان ئەۋلاتلارنىڭ يۈرەك تارىنى تىترىتىپ ئەقىدە ئېتىقادىنىڭ تىكلىنىشىگە، كۈچىيىپ مۇستەھكەملىنىشىگە ياردىمى بولىدىغان بىر بۆلۈك ئىسلامىي ئەدەبىي ئەسەرلەرنى تاللاپ كىرگۈزدۇق. بۇ ئەسەرلەر دىيامىزدىكى ئەرتە ئاخشاملاردىكى قىممەتلىك بوش ۋاقىتلىرىنى تېلېۋىزور كۆرۈش، تور ئويۇنى ئويناش، تېلېپون ئويناش، قۇرۇق پاراڭ ئولتۇرۇشلار بىلەن توغانىسىز بەڭباش ئېقىنلاردەك مەنىسىز، ئەھمىيەتسىز، قىممەتسىز ئۆتكۈزىۋاتقان ئەۋلاتلىرىمىزنىڭ دىلىغا شىپا، ئىچ پۇشۇقلىرىغا ئەمەك، ئىلىم تەشنالىقىغا شەربەت بولار دېگەن ئۈمىد ئىشەنچە بىلەن تەييارلاندى.

بۇ كىتاپ، سۆيۈملۈك پەرزەنتلىرىنى ئىسلامىي بىلىم، ئەقىدە بىلەن تەربىيەلەپ كەلگۈسى ئىسلامىي ئائىلىلەرنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن ئىزدىنىۋاتقان، تىرىشىۋاتقان مۇسۇلمان ئاتا- ئانىلارنىڭ ياخشى بىر ئائىلە ئوقۇشلۇغى بولۇپ قالغۇسى. دىن دۈشمەنلىرىنىڭ تۈرلۈك پىتنە پاسات، ھەيۋە - زۇلۇملىرى ئاستىدا ئىمان ئىسلام نۇرى كىرەلمىگەن ئەھلى ئىسلام ئائىلىلىرىدە تۇغۇلۇپ چوڭ بولۇپ، ئىسلام ئەقىدە بىلىملىرىدىن مەھرۇم قالغان، دۇنياۋى ئىسلام كىلىماتىنىڭ تەسىرى بىلەن ئىسلامنى چۈشىنىشكە ئىنتىلىۋاتقان، كۆپىرىنىڭ قاراڭغۇلۇقىدىن ئىماننىڭ نۇرىغا چىقىش ئۈچۈن تىپچەكلەۋاتقان ئەۋلاتلىرىمىزنىڭ يۈرەك تارىنى چېكىپ، ئىمان ھىس تۇيغۇلىرىنى ئويغۇتۇپ، ئىمان ئىسلامنىڭ پارلاق مەنزىلىگە باشلىغۇسى. بۇ كىتاپ كۆيۈمچان ئانىلارنىڭ ئەللەيي ناخشىسى، چىدامچان ئۈمىدۋار ئاتىلارنىڭ ئەخلاق، مەرتلىك، باتۇرلۇق قىسسىسى، كۆپنى كۆرگەن تەجرىبىلىك مۇنەججىم بوۋا مومىلارنىڭ ئەزگۈ نەسىھەت نەزمىلىرى بولغۇسى.

شۇ مۇناسىۋەت بىلەن بۇ كىتاپنى دىيامىزدىكى جاپاكەش، غېرىپ مۇسۇلمان ئانىلارغا، ئىمان-ئېتىقادى ۋە نومۇسىنى قوغداش ئۈچۈن بۇرۇختۇم بولۇپ ياشاۋاتقان غېرىپ ئاتىلارغا، ئەۋلادى، پەرزەنتلىرىنىڭ ھال كۈنى ئۈچۈن جانابى ئاللاھقا يالۋۇرۇپ نىدا قىلىۋاتقان، باغرى سۇنۇق، دىلى يۇمشاق، كۆزى ياشلىق، تىلى تاتلىق چىدامچان، سەبىرلىك، ئەشۇ غېرىپ بوۋىلار، مومىلارغا تەقدىم قىلىمەن. جانابى ھەق سۇبھانە ۋەتەئەلا مەزكۇر كىتاپتىكى گۈزەل ئىبارىلىك، چىن مەنىلىك، جۇشقۇن قايناق ھىسسىياتلىق كەلىمىلەرنى، چوڭقۇر مەنا قاتلاملىرىنى ئەۋلاتلىرىمىزغا ئۆز لەبزىمىز بىلەن يەتكۈزۈپ ئۇلارنىڭ ئاپئاق، پاكىز بىغۇبار قەلىب سەيناسىغا باھارنىڭ گۈل چېچەك شىرنىلىرىدەك تۆكۈپ رىزىقلاندۇرغىلى نىسىپ قىلسۇن. ئامىن!

# مۇندەرىجە


كىرىش............................................................................3

**بىرىنچى پەسىل: پەيغەمبەرىمىزدىن دىنني ھېكايىلەر..............................8**

يىغلىغان تۆگە............................................................................8

پەيغەمبەرىمىز بىلەن تىلەمچى.............................................................9

زالىم پادىشاھ ۋە ھەزرىتى سارە..........................................................10

قۇرئان شىپادۇر.........................................................................12

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ چاخچىقى...............................................13

زەمزەم.....................................................................................14

زەمزەم سۈيىنىڭ چىقىشى...............................................................15

ئانىنىڭ مۇھاببىتى.........................................................................18

ئىتنى سۇغارغان ئادەم....................................................................19

مۇشۈكنى سولاپ قويغان ئايال..........................................................20

تۆگمەيدىغان تاماق........................................................................20

ھېرادىكى نۇر...............................................................................23

خورما شېخىنى سۇندۇرغان بالا..........................................................25

دېڭىزدىن كەلگەن پۇل.....................................................................26

الله نىڭ دوستلىرى........................................................................28

شەيتانىنىڭ دوستلىرى.....................................................................30

باغچىدىكى ئالتۇن كۈپ...................................................................32

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دۇنياغا كېلىدىغان يىلى يۈز بەرگەن پىل ۋەقەسى.........32

غاردىكى ئۈچ يولۇچىنىڭ دۇئاسى........................................................35

كېفىلنىڭ پۇشايمىنى.......................................................................37

ناماز گۇناھلارنى ياپىدۇ...................................................................38

**ئىككىنچى پەسىل: تەۋبە قىلغۇچىلار باغچىسى..............................39**

تەرجىماندىن..............................................................................40

كۆل بولۇپ كېتەي.........................................................................42

قويۇپ بېرىڭ چىقىپ كېتەي..............................................................43

ئۇ قاچقۇچى، ئاللاھ يولىغا قايتقۇچى ئايال.............................................45

كېچە سائەت بىر.................... 47
گۆھەر زۇننار ھەققىدە قىسسە.................... 49
بۇ ئۆلارنىڭ تۆۋەن دەرىجىسى.................... 51
ئىشىك تاقاقلىق ئىكەن.................... 54
نېمىدىن بىئارام بولىۋاتىسەن؟.................... 55
مېنى خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغىدەك بىرسىنى بىلەمسىز؟.................... 58
ۋاقتى كەلدى، ۋاقتى كەلدى!.................... 60
ئۇنى دەرياغا تاشلاڭ.................... 63
يۇسۇفنىڭ ئوخشىشى.................... 68
مەن ئەما.................... 69
تاش چۈشۈپ كەتتى.................... 71
دادا، قورسىقىم ئېچىپ كەتتى.................... 76
تاغلاردەك مەزمۇت.................... 81
پەقەتلا بەش رىيال.................... 85
راھەتكە چىقتىم.................... 88
ئەقلىمدىن ئادىشىپ قالغاندەك تۇرۇپتىمەن.................... 90
سەن نېمە بىلىسەن؟.................... 92
دۇۋەت قەلىمىم يىڭىمدە.................... 95
بۇ نېمە پۇراق؟.................... 97
بۇ ئايالنىڭ كەينىگە چۈشكىن.................... 97
كىشىلەر تەلپۈندى.................... 98
ئەجەل ئاچقۇچى.................... 101
ئۇ نېمە دېگەن جۇرئەتلىك.................... 104
**ئۈچىنچى پەسىل: بىزنىڭ پەيغەمبىرىمىز.................... 106**
تەقدىم.................... 106
بىرىنچى بۆلۈم. يېتىم مۇھەممەد.................... 107
ھەممە ئادەم ئۇنى كۈتىۋاتاتتى.................... 107
مۇبارەك بىر بوۋاق دۇنياغا كەلدى.................... 108
ئانىسىدىن ئايرىلىش ۋە غۇربەت ھايات.................... 109

ئانىنىڭ ئاخىرقى سۆيۈشى.......................................................110
بوۋىسى ئابدۇلمۇتەللىب.......................................................111
تاغىسى ئەبۇتالىب.......................................................112
ئىككىنچى بۆلۈم. ياش مۇھەممەد.......................................................112
ھەقسىز (ناھەق) ئىشلارغا قارشى ئۇرۇشتا ھەمكارلىشىش.......................................................112
ئۆيلىنىش.......................................................114
ئۈلگە بىر ئايال ۋە بىر ئەر.......................................................114
ھەممە ئادەم ئۇنىڭغا ئىشىنەتتى.......................................................116
ئۈچىنچى بۆلۈم. ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا پەيغەمبەرلىكنىڭ بېرىلىشى.......................................................117
جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام بىلەن تۇنجى قېتىم ئۇچرىشىش.......................................................117
سىرداش خەدىچە.......................................................119
چاقىرىق يېيىلىۋاتاتتى.......................................................120
تۇنجى مۇسۇلمانلار ۋە ئەرقەمنىڭ ئۆيى.......................................................121
زۇلۇم ۋە ھاقارەتلەر باشلاندى.......................................................123
قايغۇ يىلى.......................................................124
يېڭى ماكان ئىزدەش.......................................................124
تائىف.......................................................126
ئەقەبە ـ مەدىنىگە بارىدىغان يول.......................................................127
تۆتىنچى بۆلۈم. مەدىنىگە ھىجرەت.......................................................128
قايتىش ئۈچۈن كېتىۋاتىمىز.......................................................128
ھەممە ئادەم ئۇنىڭغا كۈتىۋاتاتتى.......................................................129
بەشىنچى بۆلۈم. مەدىنە: بىر مەدەنىيەت شەھىرى.......................................................130
بىر مەدەنىيەت بەرپا قىلىنىۋاتىدۇ.......................................................130
مەسچىت.......................................................131
ئەزان.......................................................131
ئولتۇراق يېرى.......................................................131
قېرىنداشلىق.......................................................132
بىرلىكتە ياشاش.......................................................132

ھەممە ئادەم مەكتەپلىك بولدى...133
رامىزان...133
دۈشمەنلىك داۋام قىلىۋاتىدۇ...133
بەدرى ئۇرۇشى...134
ئىچىنىشلىق ئاچچىق ساۋاق: ئوھۇد...135
ھەرخىل سۈيىقەستلەر ...137
مۈشكۈل ئىمتىھان خەندەك...137
ئالتىنچى بۆلۈم. ئۆيگە قايتىش...138
ھۆدەيبىيە كېلىشىمى...138
نىشان: پۈتۈن دۇنيا...140
مەككىنىڭ پەتھى قىلىنىشى ۋە ئۆيگە قايتىش...140
يەتتىنچى بۆلۈم . ھەممە ئادەم ئۇنىڭغا يىغىلدى...141
ۋىدا ھەججى ۋە ۋىدا خۇتبىسى...141
ۋىدا...142
ئايرىلىش: ھەممە ئادەم ئۇنىڭغا يىغىلدى...142
مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتىدىكى مۇھىم ۋەقەلەر...143
**تۆتىنچى پەسىل: ئاللاھنىڭ گۈزەل ئىسىملىرى...145**
گۈزەللەر گۈزەلى رەببىم...145
زېمىنىنىڭ پادىشاھى...147
كائىناتنىڭ سۇلتانى...149
كېلەنىڭ گۈۋاھلىق بېرىشى...152
**بەشىنچى پەسىل: قىزلارغا 100 نەسىھەت...156**
**ئالتىنچى پەسىل: قەلب سادالىرى** ـ ئەمرۇ خالىد ـ تەرجىمان: ھىلالى...188
دۇئا ھەققىدە...188
دوستلۇق توغرىسىدا...203
ھايا توغرىسىدا...220
تەۋبە توغرىسىدا...234
مۇسۇلمانلار ئارىسىدىكى قېرىنداشلىق...251
ئۈمىد ۋە ئارزۇ...264

www.uyghurmuslim.com www.fb.com/uighurawazi uighurawazi@yahoo.com

ئۈمىدۋارلىق ۋە ئارزۇ...........................................................278
ئاللاھنىڭ دىنىدا چىڭ تۇرۇش ئۇسۇللىرى........................................289
ئاداققىچە چىڭ تۇرۇش...........................................................302
ئىززەت............................................................................319
**يەتتىنچى پەسىل: ئاللاھ نەدە**- دوكتور خالىد ئەبۇ شادى - تەرجىمە قىلغۇچى :
ھىلالى............................................................................332
ئاللاھ نەدە؟.......................................................................332
ئۈچ توپىلام.......................................................................340
رەببىمىزنىڭ خۇرسەنلىكى.........................................................348
گۇناھلار ۋە ھەسرەت- نادامەتلەر................................................363
يېڭى مۇھاجىرلار.................................................................380
**سەككىزىنچى پەسىل: ئىماننىڭ ھەيۋىتى. شەمس نەۋىد ئوسمانى.............406**
ئىماننىڭ ھەيۋىتى...............................................................406
ئاخىرەت تەسەۋۋۇرى............................................................411
ئىككى تەسۋىر ئىككى كۆز........................................................420
ھالالىغا ھۇساپ بار ھارامىغا ىازاپ- شەمەس نەۋۋد يوسمانۇ...................428
"سابىقۇنەلئەۋۋەلۇن" (ئالدىنقى ئاۋانگارتلار) دىن بولۇشنىڭ پەزىلىتى..............435
«ئەمىنۇل ئۇممە» (ئۇممەتنىڭ ئامانەتدارى) .........................................441
ئىمان ھارپىسىدا ئاللاھنى تونۇدۇقمۇ ؟-ئاپتورى:مۇھەممەد ھەسسان.................449
**توققۇزىنچى پەسىل: مۇئمىننىڭ ئىبادىتى**- ئەمرۇ خالىد...........................463
بىرىنچى لېكسىيە: نامازنىڭ پەزىلىتى...........................................464
ئىككىنچى لىكسىيە: ھەج ۋە ئۆمرە ھەجنىڭ پەزىلىتى.............................536
ئۈچىنچى لېكسىيە: دۇئا- ئىبادەتتۇر............................................558
تۆتىنچى لېكسىيە: زىكرى ئېيتىش ھەققىدە.........................................571
بەشىنچى لېكسىيە: قۇرئاننىڭ پەزىلىتى.........................................587

## بىرىنچى پەسىل:

# پەيغەمبەرىمىزدىن دىنىي ھېكايىلەر

### يىغلىغان تۆگە

بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرى بىلەن ئولتۇرغانىدى. بىر تۆگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا ئىتتىك كېلىپ ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغىلا چۆكتى. ئۇ خۇددى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بىر نەرسە دېمەكچى بولغاندەك بويىنىنى ئۇ تەرەپكە سوزدى. بۇنىڭدىن ساھابىلار ھەيران بولۇشتى ۋە تۆگىنىڭ بۇ ھەرىكەتلىرىنىڭ سەۋەبىگە قىزىقىپ قاراپ تۇرۇشتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىگە :

- « بۇ تۆگىنىڭ نېمە دېگەنلىكلىرىنى بىلدىڭلارمۇ؟ » دەپ سورىدى.

ساھابىلار:

- الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىلگۈچىدۇر، دەپ جاۋاپ بېرىشتى.
- پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا :

- « بۇ تۆگە ئۆز ئىگىسى ئۈستىدىن شىكايەت قىلدى. ئىگىسىنىڭ ئۇنى يىللار بويىچە ئىشلەتكەنلىكىنى، ئۈستىگە ئېغىر يۈكلەرنى ئارتقانلىقلىرىنى، ئەمدىلىكتە بولسا ئۇنى سويماقچى بولىۋاتقانلىقىنى ئېيتتى » دەپ چۈشەندۈردى. ئاندىن ساھابىلارنىڭ بىرىگە :

- « سەن بېرىپ بۇ تۆگىنىڭ ئىگىسىنى تېپىپ كەل » دەپ بۇيرىدى. ئۇ ساھابە:

- ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! مەن تۆگىنىڭ ئىگىسىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلمەيدىغان تۇرسام، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۈلۈمسىرىگەن ھالدا:

- « تۆگە سېنى ئۆز ئىگىسىنىڭ قېشىغا باشلاپ بارىدۇ» دېدى.

ھەقىقەت بۇ تۆگە، خۇددى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن بۇيرۇق ئالغاندەكلا ئۇ ساھابىنىڭ ئالدىغا چۈشۈپ ئۇدۇل ئىگىسىنىڭ يېنىغا باشلاپ باردى. ساھابە، تۆگىنىڭ ئىگىسىگە :

- سېنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام چاقىرىدۇ، دېدى. ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا بىرلىكتە كەلدى. تۆگىنىڭ ئىگىسى كەلگەندە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا:

- « بۇ تۆگىنىڭ دېگەنلىرى توغرىمۇ ؟ » دېدى. تۆگىنىڭ ئىگىسى:
- شۇنداق ئۇنىڭ دېگەنلىرى توغرا، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا:

- «ئۇ تۆگىگە ئىچىڭ ئاغرىسۇن، ئۇنىڭغا ھەددىدىن ئارتۇق ئېغىر يۈك ئارتما »

دېدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن تۆگىنىڭ ئىگىسى تۆگىگە ئېغىر يۈك ئارتمىدى، شۇنداقلا ئۇنى سويۇشتىنمۇ ۋاز كەچتى.

ھېكايىدىكى ساۋاقلار

●ھەر بىر ئىنسان ئاخىرەتتە ھايۋانلارغا قىلغان ياخشىلىقى ۋە يامانلىقىنىڭ نەتىجىسىنى كۆرىدۇ. ھايۋانلارنى ئۇسسۇز ۋە ئاچ قويماسلىق ۋە ئۇلارغا ئازار بەرمەسلىك لازىمدۇر.

## پەيغەمبەرىمىز بىلەن تىلەمچى

سۈيۈملۈك پەيغەمبەرىمىز بىر كۈنى ساھابىلىرى بىلەن ئولتۇرغاندا مەدىنىلىك بىر تىلەمچى ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇنىڭغا:

-ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! بىز ناھايىتىمۇ كەمبەغەلمىز، بىزگە ياردەم بەرگىن، دېدى. سۈيۈملۈك پەيغەمبەرىمىز ئۇنىڭدىن:

- « ئۆيىڭدە ھېچنېمەڭ يوقمۇ؟ » دەپ سورىدى.

ئۇ ئادەم :

-پەقەتلا چوڭ بىر يېپىنچىمىز بار، ئۇنىڭ بىر قىسمىنى ئۇستۇمىزگە يېپىنىمىز، بىر قىسمىنى ئاستىمىزغا سېلىپ ياتىمىز، ئۇنىڭدىن باشقا بىر سۇ ئىچىدىغان چۆمۈچىمىز بار، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام :

- «ئۇ نەرسىلەرنى بۇ يەرگە ئېلىپ كەلگىن !» دېدى.

ئۇ ئادەم ئۆيىگە قايتىپ ئۇ نەرسىلەرنى ئېلىپ كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ نەرسىلەرنى قولىغا ئېلىپ :

- « بۇ نەرسىلەرنى سېتىۋالىدىغان بىرەر كىشى يوقمۇ؟» دەپ سورىدى.

ساھابىلاردىن بىرى:

- مەن ئۇنى بىر تىللاغا ئالاي، دېدى.پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- « بىر تىللادىن ئارتۇق بېرىدىغانلار يوقمۇ ؟ » دەپ سورىدى. باشقا بىر ساھابە :

- مەن ئىككى تىللاغا ئالاي، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ نەرسىلەرنى ئۇ ساھابىگە ئىككى تىللاغا ساتتى ۋە ئۇ تىللالارنى پېقىر ئادەمگە بېرىپ :

- « بۇ تىللالارنىڭ بىرىگە ئائىلەڭدىكىلەرگە يېگىدەك نەرسە ئال، يەنە بىرىگە بىر دانە پالتا ئېلىپ مېنىڭ قېشىمغا كەل! » دەپ بۇيرىدى.

پېقىر ئادەم بىرازدىن كېيىن بىر دانە پالتىنى كۆتۈرۈپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پالتىغا بىر ساپ بېكىتىپ بەردى ۋە :

- « سەن بېرىپ بۇ پالتا بىلەن قۇرۇق دەرەخلەردىن ئوتۇن كەسلەپ كېلىپ سات، ئون بەش كۈندىن كېيىن مېنىڭ قېشىمغا كەل! » دېدى.

بۇ پېقىر ئادەم قايتىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇيرىغىنى بويىچە قىلدى ۋە

ئون بەش كۈندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كەلدى. ئۇ،پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا:

-ئى الله نىڭ ئەلچىسى! سىنىڭ دېگىنىڭدەك قىلدىم. كېسىپ كەلگەن ئوتۇنلارنى سېتىپ يېگىرمە تىللاغا ئېرىشتىم. ئۇنىڭ بىر قىسمىغا يەيدىغان نەرسىلەرنى يەنە بىر قىسمىغا كىيىم -كېچەك ئالدىم، بۇنىڭ بىلەن پۇلۇم تېخىمۇ كۆپەيدى، دېدى.

بۇ سۆزلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى تولىمۇ سۆيۈندۈردى. ئۇ پېقىر ئادەمگە قاراپ:

- « كۆردۈڭمۇ، ئىشلەپ ئۆز تەرىڭ بىلەن ئېرىشكەن نەرسە سېنىڭ ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشىدۇر» دېدى.

ھېكايىدىكى ساۋاقلار:

●پېقىرلىقتىن قۇتۇلۇشنىڭ يولى تىلىمەك ئەمەس بەلكى ئىشلىمەكتۇر، چۈنكى الله ئىشلىگەنگە بېرەر.

●جاپالىق بولسىمۇ ئىشلەپ ئېرىشمەك بىرسىگە مۇھتاج شەكىلدە ياشىماقتىن ئەۋزەلدۇر.

## زالىم پادىشاھ ۋە ھەزرىتى سارە

ئەينى زاماندا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئايالى ھەزرىتى سارەنى ئېلىپ زالىم بىر پادىشاھنىڭ دۆلىتىگە كەلگەنىدى.

ھەزرىتى سارە ناھىيىتى چىرايلىق ئايال ئىدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئايالى سارەگە:

- بۇ پادىشاھ سىزنىڭ مېنىڭ ئايالىم ئىكەنلىكىڭىزنى بىلسە مەندىن سىزنى زورلۇق بىلەن تارتىۋالىدۇ. بۇ زالىمنىڭ ئادىتى شۇنداقمىش. شۇڭا سىز ئۇنىڭغا ئۆزىڭىزنىڭ مېنىڭ سىڭلىم ئىكەنلىكىڭىزنى دەڭ، نېمىلا بولمىسۇن بىز دىندا قېرىنداش ھېساپلىنىمىز، دېدى.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بىلەن ئايالى سارە زالىم پادىشاھنىڭ دۆلىتىگە يېتىپ كەلدى. پادىشاھنىڭ ئادەملىرىدىن بىرى سارەنى كۆرۈپ قالدى ۋە زالىم پادىشاھنىڭ قېشىغا كېلىپ:

-ئى شاھىمىز! شەھىرىڭىزگە ناھايىتى گۈزەل بىر ئايال كەلدى، بۇ ئايال سىزنىڭ ھەققىڭىزدۇر، دېدى. شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ دەرھال سارەنى ئېلىپ كېلىشكە ئادەم ئەۋەتتى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام الله تەئەلادىن ياردەم تىلەش ئۈچۈن نامازغا تۇردى.

پادىشاھنىڭ ئادەملىرى سارەنى پادىشاھنىڭ يېنىغا ئېلىپ كەلدى. زالىم پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىدا ھەزرىتى سارە الله غا :

ئى الله! بىلىسەنكى، مەن ساڭا ۋە سېنىڭ پەيغەمبىرىڭگە ئىمان ئېيتقان بىرىمەن. مەن ئەزەلدىن ئىپپىتىمنى ساقلاپ كەلدىم. شۇنىڭ ئۈچۈن سەن مېنى ئۆز پاناھىڭدا

ساقلىغىن! دەپ دۇئا قىلدى.

زالىم پادىشاھ، سارەنىڭ گۈزەللىكىگە قاراپ ھەيران قالدى ــ دەئۇنىڭغا قولىنى سۇندى. ئەمما پادىشاھنىڭ ئۇنىڭغا سۇنغان قولى شۇ ھامان قېتىپ قالدى. قېتىپ قالغان قولىنى مىدىرلىتالماي قالغان پادىشاھ سارەگە:

ـ اللە غا دۇئا قىلغىن، مېنىڭ قولۇمنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ بەرسۇن! مەن ساڭا ھېچبىر زىيان يەتكۈزمەيمەن، دەپ يېلىندى. سارە اللە غا دۇئا قىلىشى بىلەن زالىمنىڭ قېتىپ قالغان قولى ئەسلىگە كەلدى. پادىشاھ يەنە ئاۋۋالقىدەك سارەگە قولىنى ئۇزاتتى. ۋە قولى ئاۋۋالقىدىنمۇ بەكرەك قېتىپ قالدى.

زالىم پادىشاھ، سارەگە يەنە يېلىنىپ ئۇنىڭ دۇئا قىلىشىنى ئۆتۈندى. سارە دۇئا قىلدى. زالىم پادىشاھنىڭ قولى ئەسلىگە كەلدى. ئەمما ئۇ يەنە بولدى قىلماي سارەگە ئۈچىنچى قېتىم قولىنى ئۇزىتىشى بىلەن ئۇنىڭ قولى ئاۋۋالقى ئىككى قېتىمدىكىدىنمۇ بەكرەك قېتىپ قالدى. زالىم پادىشاھ ئاخىرقى قېتىم سارەگە:

ـ اللە غا دۇئا قىلغىن، مېنىڭ قولۇمنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ بەرسۇن، اللە گۇۋاھ بولسۇنكى! ساڭا ھەرگىز چېقىلمايمەن، دەپ يېلىندى. سارە دۇئا قىلدى، زالىم پادىشاھنىڭ قولى ئەسلىگە كەلدى.

پادىشاھ سارەنى ئېلىپ كەلگەن ئادىمىنى چاقىرىپ:

ـ سەن ماڭا ئادەمنى ئەمەس بىر شەيتاننى ئېلىپ كەپسەن! ئۇنى دەرھال دۆلەت تەۋەلىكىمىزدىن چىقىرىۋەت ۋە ئۇنىڭغا ھاجەرنى خىزمەتچى قىلىپ قوشۇپ قوي! دەپ بۇيرىدى.

سارەئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا بىر خىزمەتچى قىز بىلەن قايتىپ كەلدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام سارەدىن نېمە ئىش يۈز بەرگەنلىكىنى سورىدى. سارە ئۇنىڭغا:

ـ اللە زالىمنى رەسۋا قىلدى، ئۇنىڭ ماڭا ئۇزاتماقچى بولغان قولىنى قاتتۇرۇپ قويدى، شۇنىڭ بىلەن بۇ خىزمەتچى قىزنى بېرىپ يولغا سالدى، دەپ جاۋاپ بەردى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بىلەن سارە اللە نىڭ زالىمغا قارشى ئۇلارغا بەرگەن بۇ ياردىمىگە شۈكرىلەر ئېيتىشتى.

ھېكايىدىكى نەسىھەتلەر

●اللە توغرا يولدىكىلەرنىڭ ياردەمچىسىدۇر. اللە ئۆزىگە چىن ئىخلاس بىلەن دۇئا قىلغۇچىلارغا ياردەم بېرىدۇ. ياخشى نىيەتلىك بولغان ۋە چارىسىز قالغاندا قىلىنغان دۇئا ئىجابەت قىلىنىدۇ.

●ئۈچ خىل كىشىلەرنىڭ دۇئاسى ئىجابەت قىلىنىدۇ:

بىرىنچى، مەزلۇم ( زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچى ) نىڭ دۇئاسى ئىجابەت قىلىنىدۇ.

ئىككىنچى، ئاتا ــ ئانىنىڭ پەرزەنتلىرى ئۈچۈن قىلغان دۇئاسى ئىجابەت قىلىنىدۇ.
ئۈچىنچى، مۇساپىر (سەپەر ئۈستىدىكى كىشى) نىڭ دۇئاسى ئىجابەت قىلىنىدۇ.

**قۇرئان شىپادۇر**

سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىزنىڭ ساھابىلىرىدىن 30 كىشىلىك بىر قوشۇن كېچىدە بىر ئەرەپ قەبىلىسى تۇرۇشلۇق يەرگە يېتىپ كېلىشتى. ئۇلاردا نە يېگىدەك نەرسە، نە ئىچكىدەك سۇ قالمىغانىدى. شۇڭا ئۇلار بۇ قەبىلىدىكى كىشىلەردىن ئۆزلىرىنى مېھمان قىلىشلىرىنى تەلەپ قىلدى. ئەمما قەبىلىدىكىلەر ئۇلارنى مېھمان قىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن ھەتتا ئۇلارغا يەپ- ئىچكىدەك بىر نەرسىمۇ بەرمىدى. ساھابىلار ئامالسىز كېچىنى ئۆتكۈزۈۋېلىپ مېڭىش ئۈچۈن قەبىلىگە يېقىن بىر يەردە چۈشكۈن قىلدى.

ئارىدىن بىر ئاز ۋاقىت ئۆتكەندە بۇ قەبىلىنىڭ كاتتىۋېشىنى چايان چېقىۋالدى. قەبىلىدىكىلەر بارلىق چارىلەرنى قىلىپ بېقىپمۇ ھېچ ئۈنۈم كۆرەلمىدى. ئۇلار ئۇنى قۇتقۇلدۇرۇۋېلىشقا ھېچ چارە قالمىغاندا ئۆزلىرى مېھمان قىلىشنى رەت قىلغان يولۇچىلارغا ئىلتىجا قىلىشقا مەجبۇر بولدى.

بۇ قەبىلىدىلەرنىڭ بىرى ساھابىلەر چۈشكۈن قىلغان يەرگە جىددىيلەشكەن ھالدا كېلىپ:

- قەبىلىمىزنىڭ كاتتىۋېشىنى چايان چېقىۋالدى، ئاراڭلاردا زەھەرلىنىشنى داۋالىيالايدىغانلار بارمۇ؟ دەپ سورىدى. ساھابىلەر:

- سىلەرنىڭ بىز بىلەن كارىڭلار بولمىغاندىكىن، بىزنىڭ سىلەر بىلەن نېمە كارىمىز؟ دېيىشتى.

ئۇ ئادەم يەنىلا يېلىنىپ چىڭ تۇرۇۋالغاندىن كېيىن ساھابىلەردىن بىرى:

- ھەققىنى بېرىشىڭلار شەرتى بىلەن مەن داۋالاپ قوياي، دېدى. ئۇ كىشى ماقۇل بولدى ۋە ئۇ ئىككىسى قەبىلە كاتتىۋېشىنىڭ يېنىغا كەلدى.

ئۇ ساھابە فاتىھە سۈرىسىنى يەتتە قېتىم ئوقۇپ كېسەلگە ھۈرۈپ قويدى. بىرئازدىن كېيىن ئاغرىق ئازابى پۈتۈنلەي يوقىدى. قەبىلە باشلىقى بۇ ساھابىگە 30 قوي بەردى.

بۇ ساھابە 30 قوينى ئېلىپ ئۆزىنى ھەيرانلىق ئىچىدە ساقلاۋاتقان ھەمراھلىرىنىڭ قېشىغا قايتىپ كەلدى. قورساقلىرى ئېچىپ كەتكەن ھەمراھلىرىغا قويلارنى سېغىپ سۈتلىرىنى ئىچۈردى.

ھەمراھلىرى ئۇ ساھابىدىن :

ــ پاھ، بۇ قويلار نەردىن كەلدى؟ دەپ سورىدى. ئۇ ساھابە:

ــقەبىلىنىڭ كاتتىۋېشىنى ئايەت ئوقۇپ داۋالاپ قويىۋىدىم بۇنىڭ ھەققىگە بەردى، دېدى. ھەمراھلىرى:

ـ پاھ، پاھ ! سەن تېخى ئايەت ئوقۇپ كېسەل داۋالاشنىمۇ بىلەمتىڭ ؟ دەپ سوراشتى. ئۇ ساھابە:

ــ مەن قۇرئاننىڭ شىپا ئىكەنلىكىنى بىلەتتىم، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئادەمگە فاتىھە سۈرىسىنى ئوقۇپ ھۈرۈپ قويىۋىدىم الله نىڭ ئىزنى بىلەن ساقايدى، دېدى.

ساھابىلار قۇرئان ئۇقۇپ قويغىنى ئۈچۈن بېرىلگەن ھەقنى ئېلىشنى كۆڭۈللىرىدە تازا توغرا تاپماي بۇ قويلارنىڭ سۈتلىرىنى ئىچكەنلىكلىرى ئۈچۈن بىئارام بولۇشتى ۋە بۇ ئىشنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن سورىماقچى بولۇشتى.

مەدىنىگە كەلگەندىن كېيىن ئۇلار بۇ ئەھۋالدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى خەۋەردار قىلدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قۇرئان ئارقىلىق كېسەل داۋالىغان ساھابىگە كۈلۈمسىرىگەن ھالدا قاراپ:

ـ « سەن فاتىھە سۈرىسىنىڭ كېسەلگە شىپا بولىدىغانلىقىنى بىلەمتىڭ ؟ ئۇلار بەرگەن قويلاردىن ماڭىمۇ بىر ئۇلۇش ئايرىپ قويۇڭلار!» دېدى.

ھېكايىدىكى نەسىھەتلەر

●قۇرئان شىپادۇر. سۈنىڭ شىپالىق رولى خۇددى شىپالىق سۈنىڭ كەلگەن مەنبەئەسگە باغلىق بولغىنى ۋە مەينەت توربىدىن كەلگەن سۇ شىپا بولمىغىنىغا ئوخشاشتۇر. قۇرئاننىڭ شىپالىقىنى ( داۋا ئۈچۈن ئۆزلىرىگە قۇرئان ئوقۇپ قويۇشنى ) پاكىزە ھاياتتا ياشىغان، تەقۋادار، گۈزەل ئەخلاقلىق كىشىلەردىن تەلەپ قىلىش لازىمدۇر.

●پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەزى كېسەللىكلەرنى قۇرئان ۋە دۇئا ئارقىلىق داۋالاشقا رۇخسەت قىلىش بىلەن بىرلىكتە دوختۇرغا كۆرۈنۈشكىمۇ تەۋسىيە قىلغانىدى.

**پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ چاچچىقى**

بىر كۈنى بىر كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كېلىپ : ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! مېنى تۆگىگە مىندۈرۈپ قويغىن! دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا:

ـ « مەن سېنى تۆگىنىڭ بالىسىغا ( بوتىلاققا ) مىندۈرۈپ قوياي » دېدى. ھېلىقى ئادەم:

ــ ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! مەن تۆگىنىڭ بالىسىنى نېمە قىلىمەن؟ يە ئۇنىڭغا مىنگىلى بولمىسا، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۈلۈمسىرىگەن ھالدا:

ــ » ئۇنداقتا تۆگىنى تۆگىدىن باشقا نەرسىمۇ تۇغامدۇ؟» دېدى.

ھېكايىدىكى نەسىھەتلەر

●ئويناپ سۆزلىسەڭمۇ ئويلاپ سۆزلە.

●قىلىنغان چاخچاق ئورۇنلۇق بولغىنىدا ئۆزىگىمۇ ئۆزگىگىمۇ خۇشاللىق كەيپىياتى ئاتا قىلىدۇ. تۇترىقسىز چاخچاق بولسا شۇ چاخچاق قىلغۇچىنىڭ قىممىتىنى چۈشۈرىدۇ. شۇڭا قىلغان چاخچاق ئورۇنلۇق، كىشىلەرگە ئازار بېرىشنى مەقسەت قىلمايدىغان چاخچاق بولۇشى كېرەك.

**زەمزەم**

ئەينى زاماندا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئائىلىسى بىلەن پەلەستىندە ياشايتتى. الله دىن ئەمىر كېلىشى بىلەن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئايالى ھەجەر ۋە ئوغلى ئىسمائىلنى ئېلىپ ھازىرقى كەبە جايلاشقان يەرگ باردى. ئەينى زامانلاردا ھەرەم ۋە كەبىنىڭ ئەتراپى بولسا ئىنسان بالىسى ياشمايدىغان چەكسىز كەتكەن بىر چۆللۈك ئىدى.

كۆڭلى يۇمشاق ۋە مەرھەمەتلىك بولغان ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام الله نىڭ يەنە بىر ئىمتاھانىغا دۇچ كەلگەنىدى. چۈنكى ئۇ ھاياتىنىڭ ئۇزۇن زامانلىرىدىن بېرى ئارزۇ قىلىپ ئاخىرىدا كىچىك ئايالى بولغان ھەزرىتى ھەجەردىن تۇغۇلغان، ئۆزى ئۇچۇن تولىمۇ سۆيۈملۈك بولغان ئوغلى ئىسمائىلنى ئۇنىڭ ئانىسى بىلەن بۇ ئادەمسىز چۆلگە تاشلاپ كېتىشكە بۇيرۇلغانىدى.

ئۇ، الله نىڭ بۇيرۇقىغا بوي سۇنغان ۋە ئۇنىڭ ياردىمىنى ئۈمىد قىلغان ھالدا ئائىلىسىنى چوڭ بىر تۈپ دەرەخ ئاستىغا تاشلاپ قويۇپ بۇ يەردىن يىراقلاشماقتا ئىدى.

بۇ سۇسىز، قاقاس، يالغۇز يەردە بوۋىقى بىلەن قالدۇرۇلغان ھەزرىتى ھەجەر بولسا ھەيران قالغان ھالدا:

ــ ئى ئىبراھىم، بىزنى ئادىمزاتسىز بۇ چۆلگە تاشلاپ قويۇپ قايەرگە كېتىۋاتىسەن؟ دەپ توۋلىدى.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام كەينىگە قارىمىدى. ئۇ قارىيالمايتتى. ئايالىنىڭ بۇ سوئالىغا ھەم جاۋاپمۇ بېرەلمەيتتى. چۈنكى ئۇ ئارقىسىدا تاشلاپ ماڭغانلارنىڭ ئاشۇ بىچارىلەرچە ھالىتىگە قاراشقا ئۇنىڭ شەپقەتلىك، يۇمشاق باغرى چىدىمايتتى. ھەزرىتى ھەجەر بايىقى سوئالنى بىر قانچە قېتىم تەكرارلىدى ۋە يەنىلا ھېچبىر جاۋاپ ئالالمىغاندىن كېيىن ئەڭ ئاخىردا:

ــ ئى ئىبراھىم، الله ساڭا بىزنى بۇ يەرگە قويۇپ كېتىشكە بۇيرىدىمۇ؟ دەپ سورىدى.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام تۇرۇپ قالدى، بۇ سوئالغا جاۋاپ بەرمەي بولمايتتى.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام:

ــشۇنداق ئى ھەجەر! اللە شۇنداق بۇيرىدى، دېدى.

ھەزرىتى ھەجەر بۇ جاۋاپنى ئاڭلىغاندىن كېيىن خاتىرجەم بولدى، ئۇنىڭدىكى ئەنسىرەش ۋە قورقۇدىن ھېچ ئەسەر قالمىدى. ئۇ ئۇلىرىنى يالغۇز تاشلاپ كېتىشتىن يۈرىكى ئېچىشىۋاتقان ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى خاتىرجەم قىلىش ئۈچۈن:

ــ ئۇنداق بولسا سەن يولۇڭغا كېتىۋەرگىن، بىزگە اللە كۇپايىدۇر، ئۇ بىزنى ئۆز ھىمايىسىگە ئالىدۇ ۋە بىزنى يالغۇز تاشلاپ قويمايدۇ، دېدى. بۇ جاۋاپنى ئاڭلىغان ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام يولىغا راۋان بولدى ۋە ئۇلار ئۇنى كۆرەلمەيدىغان بىر تۆپىلىككە كەلگەندە كەبە تەرەپكە قاراپ، قوللىرىنى ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى اللە غا سۇنغان ھالدا اللە تەئالا قۇرئان كەرىمدە بايان قىلغان مۇنۇ مەشھۇر دۇئانى قىلدى:

پەرۋەردىگارىمىز! ئەۋلادىمنىڭ بىر قىسمىنى (يەنى بالام ئىسمائىل بىلەن ئايالىم ھاجەرنى) ناماز ئوقۇسۇن (يەنى ساڭا ئىبادەت قىلسۇن) دەپ سېنىڭ ھۆرمەتلىك ئۆيۈڭنىڭ قېشىدىكى ئېكىنسىز بىر ۋادىغا (يەنى مەككىگە) ئورۇنلاشتۇردۇم، پەرۋەردىگارىمىز! بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ دىللىرىنى ئۇلارغا مايىل قىلغىن، ئۇلارنى شۈكۈر قىلسۇن دەپ تۈرلۈك مېۋىلەرنى ئۇلارغا رىزىق قىلىپ بەرگىن. پەرۋەردىگارىمىز! سەن بىزنىڭ يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا قىلغانلىرىمىزنى بىلىپ تۇرىسەن

## زەمزەم سۈيىنىڭ چىقىشى

ئەينى چاغلاردا ھەزرىتى ئىسمائىل ئانىسىنى ئېمىدىغان كىچىك بىر بۇۋاق ئىدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى ئۇ يەرگە تاشلاپ كېتىپ ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇلارنىڭ يېنىدىكى ئۇلارغا قويۇپ كېتىلگەن خورما ۋە سۇ تۈگەپ كەتتى. ھەزرىتى ھەجەرنىڭ قورسىقى ناھايىتى بەك ئېچىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئۇستۇگە بەكلا ئۇسساپ كەتتى. ئىسمائىل ئېمىدىغانغا سۈتمۇ چىقماس بولدى. بالا ئاچلىق ۋە ئۇسسۇزلۇقتىن يىغلايتتى. ھەزرىتى ھەجەر بالىسىنىڭ بۇ ھالىتىگە قاراپ تۇراتتى. بىر ئانىنىڭ يۈرىكى بۇنىڭغا قانداقمۇ چىدايدۇ، دەيسىز! ئۇ تىت ــتىتلىق ئىچىدە سەفا تېغىغا يۈگۈرۈپ چىقتى. بۇ يەردە بىرەر كىشى كۆرۈنۈپ قالارمۇ دېگەن ئوي بىلەن ئەتراپقا قارىدى. نە سۇ، نە يېگىدەك بىرەر نەرسە، نە بىرەر ئىنسان كۆرۈنمىدى.

ئۇ سەفا تېغىدىن چۈشۈپ كۆڭلىكىنىڭ ئېتىگىنى كۆتەرگىنىچە مەرۋە تېغىغا قاراپ ئۇدۇل يۈگۈردى. ئۇ يەردىمۇ ھېچنېمە كۆرۈنمىدى. ئاپتاپتا قىزىپ كەتكەن قۇملار ئۇنىڭ تاپانلىرىنى كۆيدۈرەتتى. ئەمما "ئۆلمىگەن جاندا ئۈمۈد بار "دېگەندەك ھەزرىتى ھەجەر كۆزلىرىدىن ياش ئاقۇزغان ھالدا:

ــبەرداشلىق بەر ئوغلۇم، بەرداشلىق بەر بالام، اللە بىزگە ياردەم قىلىدۇ، چوقۇم

ياردەم قىلىدۇ، دەيتتى.

ھەزرىتى ھەجەر بىر نەرسە تېپىلىپ قالار، دىگەن ئۈمىد بىلەن سەفا بىلەن مەرۋە ئارىلىغىدا يەتتە قېتىم بېرىپ كەلدى. مانا بۇ ھاجىلارنىڭ سەفا بىلەن مەرۋە ئارىسىدا يەتتە قېتىم بېرىپ- كېلىشكە ( يەنى سەيى قىلىشقا ) بۇيرۇلۇشىنىڭ سەۋەبلىرىدىندۇر.

ھەزرىتى ھەجەر سەفا بىلەن مەرۋە نىڭ ئارىلىغىدا يۈگۈرگەچ:

- ئى تەۋبىلەرنى قوبۇل قىلغۇچى پەرۋەردىگارىم! مېنى ئەپۇ قىلغىن، مېنى كەچۈرگىن، مېنىڭ گۇناھلىرىم سەۋەبىدىن ئىسمائىلنى سۇسسىز قويمىغىن، ئىسمائىلنى ئۆزەڭنىڭ ياردىمىڭدىن مەھرۇم قويمىغىن! ئى ئىبراھىمغا مەرھەمەت قىلغان، ئىبراھىمنى ئوتتا كۆيدۈرمىگەن رەببىم، ئىبراھىمنىڭ ئوغلى ئۇسسىدى، ئىبراھىمنىڭ ئوغلى ئۇسسۇزلۇقتىن ئىڭرىماقتا، ياردەم قىلغىن، ياردەم قىلغىن، قانداقلا بولمىسۇن ياردەم قىلغىن ئى رەببىم! دەپ دۇئا قىلىپ كېلەتتى.

ئۇ ئاخىرقى قېتىم مەرۋە تېغىغا چىققاندا قۇلىقىغا بىر ئاۋاز ئاڭلاندى. ھەزرىتى ھەجەر بۇ ئاۋازغا دىققەت بىلەن قۇلاق سالدى. بۇ ئاۋاز قايتا ئاڭلاندى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ:

– ئى ئاۋاز ئىگىسى! ئاۋازىڭنى ئاڭلىدىم، بىزگە ياردەم قىلالىساڭ ياردەم قىلغىن! دېدى.

ھەزرىتى ھەجەرنىڭ سۆزى تۈگە تۈگىمەي ھازىرقى زەمزەم قۇدۇقىنىڭ قېشىدا بىرپەرىشتە كۆرۈندى. پەرىشتە ھەزرىتى ھەجەردىن:

– سىز كىم بولىسىز؟ دەپ سورىدى.

- مەن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلىنىڭ ئانىسى ھەجەر بولىمەن، دېدى ئۇ. پەرىشتە :

– ئىبراھىم سىلەرنى كىمگە ئامانەت قىلدى؟ دەپ سورىدى. ھەزرىتى ھەجەر:

- اللّٰه تەئەلاغا ئامانەت قىلدى، دېدى.پەرىشتە:

– سىلەرنى ھەممە ئېھتىياجىڭلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىغا ئامانەت قويۇپتۇ، دېدى.

بۇ ۋاقىتتا ئىسمائىل ئۇسسۇزلۇقتىن پۇتلىرىنى يەرگە ئۇرۇپ تىپچەكلەپ يىغلاۋاتاتتى.پەرىشتە قانتى بىلەن ئىسمائىل پۇتلىرىنى تىپچەكلىتىپ ئۇرۇۋاتقان يەرنى قېزىۋاتاتتى. بىر ئازدىن كېيىن قېزىلغان ئۇ يەردىن سۇ ئېتىلىپ چىقتى. ھەزرىتى ھەجەر بۇ ۋاقىتقىچە ئىسمائىل ئۇسسۇزلۇقتىن ئۆلۈپ قالغانمىدىمۇ، دەپ ئويلىغان ئىدى. ئۇ ئوغلىنىڭ يېنىغا كېلىپ ھەيران قالدى. ناھايىتى مېھرىبان، شەپقەتلىك اللّٰه ئىسمائىلنى بۇ سۇسسىز چۆلدە يالغۇز قويمىغانىدى. ئاچلىق ۋە ئۇسسۇزلۇقتىن يىغلىغان ئىسمائىلنىڭ پۇتلىرى تىپچەكلىگەن يەردىن سۇ چىقىرىپ

بەرگەندى.

ھەزرىتى ھەجەر ئېتىلىپ چىقىۋاتقان سۇنى بىرئازدىن كېيىن يوقاپ كېتىدۇ، دەپ ئەنسىرەپ: زەمزەم، زەمزەم ( توختا، توختا، توختا !) دېدى ۋە دەرھال قولى بىلەن سۇنى ئوچۇملاپ ئالدى. ئىسمائىل بىلەن ھەجەر بۇ سۇدىن قانغىچە ئىچىشتى. ھەتتا ھازىرغىچە ھاجىلار بۇ سۇدىن قانغىچە ئىچىپ كەلمەكتە.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: « الله ئىسمائىلنىڭ ئانىسىغا رەھمەت قىلسۇن، ئۇ زەمزەمنى ئۆزى مەيلىگە قويۇۋەتكەن ۋە سۇنىڭ ئەتراپىنى قورشىمىغان بولسا ئىدى زەمزەم قۇدۇقى پېتىچە ئەمەس بەلكى بىر ئېقىن سۇ شەكلىدە ئاققان بولاتتى » ـ دېدى.

ھەزرىتى ھەجەر بۇ سۇدىن ئىچتى، بالىسىنىمۇ ئېمىتتى. پەرىشتە ھەزرىتى ھەجەرگە:

ــ ئۆلۈپ كېتەرمىزمىكىن، دەپ ئەنسىرمەڭ، مانا ئۇ يەر الله نىڭ ئۆيىنىڭ ئورنىدۇر، بۇ ئۆينى بۇ بالا بىلەن ئۇنىڭ ئاتىسى بىنا قىلىدۇ. الله ئۇ ئىشنىڭ ئىگىسىنى ھەرگىز يوق قىلىۋەتمەيدۇ، دېدى. ئۇ زامانلاردا كەبىنىڭ ئورنى يوق بولۇپ كەتكەندى.

ھەزرىتى ھەجەر بۇ يەردە ياشاشقا باشلىدى. كۈنلەرنىڭ بىرىدە بىر كارۋان بۇ يەرگە يېقىن بىر يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ قونۇش ئۈچۈن يېقىن بىر يەرگە چۈشكۈن قىلدى. ئۇلار ھەزرىتى ھەجەر ياشاۋاتقان يەرنىڭ ھاۋا بوشلۇقىدا بىر قۇشنىڭ ئۇچۇپ يۈرگىنىنى كۆردى.

ئۇلار:

ــ شۈبھىسىزكى بۇ قۇش سۇ قۇدۇقى ئۈستىدە ئۇچۇپ يۈرگەندەك قىلىدۇ، بىز بۇ يەردە سۇ بار دەپ ئويلىمىغان ئىدۇق، دېيىشتى ۋە ئەھۋالنى بىلىپ كېلىش ئۈچۈن بىر قانچە ئادەمنى ئەۋەتتى. ئۇلار كېتىپ بۇ يەردە سۇ بارلىقىنى خەۋەر قىلىپ كېلىشتى. كارۋاندىكىلەر بۇ يەرگە كېلىپ سۇ بېشىدا ھەزرىتى ئىسمائىلنىڭ ئانىسى ھەزرىتى ھەجەرنى ئۇچراتتى. كارۋاندىكەر ئۇنىڭغا:

ــ بىز بۇ يەردە سىزگە قوشنا بولۇپ ئولتۇراقلىشىپ قالساق بولامدۇ؟ دەپ سورىدى.

ھەزرىتى ھەجەر:

ــ بولىدۇ، بۇ سۇدىن پايدىلانساڭلارمۇ بولىدۇ، ئەمما بۇ سۇغا ئىگىدارچىلىق قىلىش ھوقۇقى مەندە بولىدۇ، دېدى.

كارۋاندىكەر بۇنىڭغا ماقۇل بولۇپ بۇ يەردە ئولتۇراقلىشىپ قالدى.

ھەزرىتى ھەجەر بۇ ئەھۋالدىن ناھايىتى خوش بولدى، شۇنىڭدىن كېيىن الله

ئۇلارنى يالغۇز قويمىدى، شۇنداق قىلىپ مەككە شەھىرى ئاستا ــ ئاستا پەيدا بولۇشقا باشلىدى. ئارىدىن بىر زامانلار ئۆتتى، ئىسمائىلمۇ ئۆسۈپ يېتىلىپ چوپ ــ چوڭ بىر يىگىت بولۇپ قالدى. ئۇ، بۇ يەردە ئولتۇراقلاشقانلاردىن ئەرەبچە ئۆگەندى. قوشنىلىرى ئىسمائىلنى تولىمۇ ياخشى كۆرەتتى. ئۇنىڭ گۈزەل خۇلقىغا ۋە كېلىشكەن تەقى- تۇرقىغا بەكلا ھەيران قالاتتى. كېيىن ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ ئىچىدىكى بىر قىزغا ئۆيلەندۇردى. ئارىدىن بىر قانچە يىللار ئۆتۇپ ئۇنىڭ ئاتىسى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام مەككىگە كەلدى. ئاتا ــ بالا ئىككىسى بىرلىكتە ئورنى يوقالغان كەبىنى الله نىڭ ئەمرى بىلەن بىنا قىلدى.

مۇشۇنداق سائادەتلىك كۈنلەرنىڭ بىرىدا ئىسمائىلنىڭ ئانىسى ھەزرىتى ھەجەر 90 يېشىدا ۋاپات قىلدى. رىۋايەتلەردە ئۇنىڭ كەبىگە يانداش ھىجر دەپ ئاتالغان يەرگە دەپنە قىلىنغانلىقى سۆزلەنمەكتە.

نەسىھەتلەر

●بېشىغا كۈن چۈشمىگىچە خىزىر كەلمەيدۇ. ھەزرىتى ھەجەرنىڭ بېشىغا ئېغىر كۈن چۈشكەندە الله پەرىشتىنى ئۇنىڭغا ياردەم بېرىشكە ئەۋەتتى.

●الله تەئالا ھەرگىز ئۆزىگە ئامانەت قىلىنغان نەرسىنى يوق قىلىۋەتمەيدۇ. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئوغلى ئىسمائىل ۋە ئۇنىڭ ئانىسىنى الله غا ئامانەت قىلىۋىدى الله ئۇلارنى ئەڭ ياخشى ھىمايە قىلدى.

## ئانىنىڭ مۇھاببىتى

داۋۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىسىدا يېشى چوڭراق بىر ئايال بىلەن بىر ياش چوكان بىرلىكتە بىر سەپەرگە چىقىپتۇ. بۇ ئىككى ئايالنىڭ يېنىدا بىردىن كىچىك بالىسى بولۇپ بۇ ئىككى بالىنىڭ ياشلىرى بىر ــ بىرىگە تەڭ ئىكەن. ئۇلار كېتىۋاتقاندا بىر بۆرە تۇيۇقسىز كېلىپ بالىلاردىن بىرىنى قاماللاپ ئېلىپ كېتىپتۇ. ياشانغان ئايال ياش چوكانغا :

ــ بۆرە بالاڭنى ئېلىپ كەتتى، دەپتۇ. ياش چوكان:

ــ ياق، بۆرە سېنىڭ بالاڭنى ئېلىپ كەتتى، دەپتۇ.

بۇ ئىككى ئايال بىر- بىرلىرى بىلەن شۇ تەرىقىدە تالىشىپ بىر يەرگە كېلەلمەپتۇ. ئۇلار بۇ داۋاسىدا كىمنىڭ ھەقلىق ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلدۇرۇش ئۈچۈن داۋۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كېلىشىپتۇ ۋە داۋالىرىنى ئۇنىڭغا بايان قىلىپتۇ. داۋۇد ئەلەيھىسسالام ئۇ ئاياللارنىڭ شىكايەتلىرىنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن ھايات قالغان بالىنى ياشانغان ئايالغا ئوخشىتىپ بالىنى چوڭ ئايالغا بېرىشكە بۇيرۇپتۇ.

بۇئىككى ئايال داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدىن چىققاندىن كېيىن يەنىلا قايىل بولماي بالىنى ئىككى تەرەپتىن تارتىشقا باشلاپتۇ. ئاندىن ئۇلار:

ـ بىز بۇنى داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى سۇلايماندىن سورايلى، دېيىشىپ ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىشىپتۇ. ئۇلار سۇلايمان ئەلەيھىسسالامغا ئەھۋالنى بىرەر قۇر بايان قىلىشىپتۇ. سۇلايمان ئەلەيھىسسالام ئۇ ئىككىسىدىن قايسىسىنىڭ بالىنىڭ ھەقىقىي ئىگىسى ئىكەنلىكىنى سىناپ بىلىش ئۈچۈن ئادەملىرىگە:

ـ تىزدىن ماڭا بىر پىچاق ئېلىپ كېلىڭلار، بۇ بالىنى ئىككىگە پارچىلاپ بۇ ئىككى ئايالغا بۆلۈپ بېرەي، دەپتۇ. ياشانغان ئايال:

ـ شۇنداق قىلىڭ، بالىنى ئىككىگە بۆلۈپ بېرىڭ، دەپتۇ. ئەمما ياش چوكان سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنى راستىنلا بالىنى ئىككىگە پارچىلايدىغان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ قېلىپ ئالاقزادە بولغان ھالدا:

ـ ياق! ياق! بالىنى پارچىلىماڭلار! ئۇ بالا مېنىڭ ئەمەس بەلكى ئۇنىڭدۇر، بۇ بالىنى ئۇ ئايالغا بېرىڭلار، دەپتۇ.

بۇنىڭ بىلەن سۇلايمان ئەلەيھىسسالام بالىنىڭ ياش چوكاننىڭ ئىكەنلىكىنى جەزىملەشتۈرۈپ بالىنى ياش چوكانغا بۇيرۇپ بېرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ھەق ئۆز ئىگىسىگە قايتۇرۇلغان بولۇپتۇ.

ھېكايىدىكى نەسىھەتلەر

●ئەقىل ئەڭ زور بايلىقتۇر. بۇ يەردە سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەقىل-پاراستى نامايەندە قىلىنغاندۇر. چۈنكى ئۇ مەسىلىنى ئاياللارنىڭ بالىلىرىغا بولغان مۇھابىتىگە قارىتا بىر تەرەپ قىلغاندۇر. ياش چوكان بالىسىنىڭ كېسىلمەسلىكى ئۈچۈن ئۆز بالىسىنى مېنىڭ بالام ئەمەس، دېيىشكە رازى بولغانىدى.

سۇلايمان ئەلەيھىسسالام ياش چوكاننىڭ بالىسىغا بولغان مۇھاببىتى سەۋەبىدىن گەرچە ئۇ چوكان "مېنىڭ ئەمەس "دېگەن بولسىمۇ يەنىلا بالىنى ئۇنىڭغا بۇيرۇپ بەرگەنىدى.

●ماڭا يىغلىسا ئانام يىغلار، باشقىسى ماڭا يالغان يىغلار.

## ئىتنى سۇغارغان ئادەم

بىر ئادەم بىر كۈنى سەپەردە كېتىۋېتىپ ناھايىتى ئۇسساپ كېتىپ يول ئۈستىدە ئۇچرىغان بىر قۇدۇققا چۈشۈپ قانغىچە سۇ ئىچىپ چىقىپتۇ. ئۇ قۇدۇقتىن چىقىپ قۇدۇق ئەتراپىدا قاتتىق ئۇسساپ كەتكەنلىكتىن نەم تۇپىنى يالاۋاتقان بىر ئىتنى كۆرۈپتۇ ۋە ئۆز- ئۆزىگە:

- بۇ بىچارە ھايۋانمۇ ماڭا ئوخشاش ئۇسسۇزلۇقنىڭ دەردىنى تارتىپتۇ، دەپ ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىپتۇ. ئۇ ئىتقا سۇ بېرىش ئۈچۈن ئەتراپىغا قاراپ ھېچنېمە تاپالماپتۇ.

كېيىن قۇدۇققا قايتا چۈشۈپ ئايىقىنى سېلىپ ئاياقتا سۇ ئېلىپ، ئاندىن ئايىقىنى ئېغىزى بىلەن چىشلىگىنىچە قۇدۇق تاملىرىدىن يامىشىپ چىققىپ ئۇ سۇ بىلەن

ئىتنى سۇغۇرۇپتۇ. اللە تەئالا بۇ بەندىسىنىڭ ئىتقا قىلغان بۇ شەكىلدىكى شەپقىتى ئۈچۈن ناھايىتى خۇرسەن بولۇپ ئۇنىڭ گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىپتۇ.

## مۈشۈكنى سولاپ قويغان ئايال

بۇرۇنقى زاماندا بىر ئايال بىر مۈشۈككە ئاچچىقى كېلىپ قېلىپ ئۇنى ئۆيگە سولاپ قويۇپتۇ. بۇ جەرياندا ئۇنىڭغا نە يېگىدەك نە ئىچكىدەك ھېچنېمە بەرمەپتۇ. بىچارە مۈشۈك ئاچلىق ۋە سۇسىزلىقتىن مىياڭلاپتۇ ۋە ئىشىكنى تىرملاپتۇ. ھېلىقى ئايال بۇلسا مۈشۈكنىڭ بۇ قىينىلىشلىرىغاپەرۋامۇ قىلىپ قويمايماپتۇ. ئۇنىڭغا ھېچنېمە بەرمىگەنىنىڭ ئۈستىگە ھەتتا ئۇنى سىرتقىمۇ چىققىلى قويماپتۇ. بۇ ئايال مۈشۈكنى سولاپ قويۇپ ئازاپلىغانلىقى سەۋەبى بىلەن دوزاخقا تاشلىنىپتۇ.

ھېكايىدىكى نەسىھەتلەر

●رەھىم قىلمىغاغا رەھىم قىلىنماس. سەن زېمىن يۈزىدىكىلەرگە رەھىم قىل، ئاسماندىكى زات ساڭا رەھىم قىلسۇن.

●ھېچبىر ياخشىلىق ۋە يامانلىقنى كىچىك كۆرمەسلىك لازىم.

كىچىككىنە ئىشمۇ چوڭ نەتىجە بېرىدۇ.

●ھايۋانلارغا رەھمدىللىك قىلىش بىزنىڭ گۈزەل دىنىمىزنىڭ بۇيرىقىدۇر.

ئىسلام تارىخىدا ھايۋانلارنى مۇداپىئە قىلىدىغان مەخسۇس ئورۇنلاردىن ناھايىتى كۆپ قۇرۇلغان ئىدى.

## تۈگىمەيدىغان تاماق

سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋە مۇسۇلمانلار مەدىنە شەھرىدە ياشايتتى. مەككە شەھرىكى اللە نىڭ دۈشمەنلىرى مەدىنىگە ھۇجۇم قىلماقچى بولدى. بۇ خەۋەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يەتتى. بۇنىڭ بىلەن شەھەرنى دۈشمەن ھۇجۇمىدىن قوغدىماق ئۈچۈن مۇسۇلمانلار شەھەر ئەتراپىغا ئورەك ( خەندەك) كولاشقا باشلىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بارلىق مۇسۇلمانلار پۈتۈن كۈچى بىلەن خەندەك كولاۋاتاتتى. ھەممە ئادەم ئىشلەپ ھارغان ئىدى. ھاۋا ناھىيىتى سوغۇق ئۇنىڭ ئۈستۈگە ئۇلارنىڭ قورساقلىرى ناھايىتى ئاچ ئىدى.

مۇسۇلمانلاردىن بەزىلىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا:

ــئى اللە نىڭ پەيغەمبىرى! قورساقلىرىمىز بەكلا ئېچىپ كەتتى. ئاچلىققا چىدىماي قورساقلىرىمىزغا تاش باغلىۋالدۇق، دېيىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا قورسىقىنى ئېچىپ كۆرسەتتى. ئۇمۇ ئاچلىقنىڭ قاتتىقلىقىدىن قورسىقىغا ئىككى دانە تاش باغلىۋالغان ئىدى.

ئۇ يىللاردا تۇرمۇش ناھايىتى قاتتىقچىلىق ئىچىدە بولۇپ ساھابىلەرنىڭ كۆپىنچىسى

ئاچ ۋە سۇسسىزلىق ئىچىدە كۈن كەچۈرىشەتتى.

بىر كۈنى ساھابىلاردىن جابىر ئۆيىگە كەلدى ۋە ئايالىدىن:

ــ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ناھايىتى بىر ئاچ قالغان ھالەتتە كۆردۈم، ئۆيدە يېگىدەك بىرەر نەرسە بارمۇ؟ دەپ سورىدى. ئۇنىڭ ئايالى:

ـ ئۆيدە بىر كىچىك ئوغلاق ۋە بىر قانچە ئوچۇم ئارپىدىن باشقا نەرسە يوق، دېدى.

جابىر رەزىيالل‍اھۇ ئەنھۇ ئوغلاقنى سويدى، ئايالى ئارپىنى تارتىپ ئۇن قىلدى. گۆشنى قازانغا سالدى، خېمىرنى يۇغۇرۇپ بولدۇردى، قازاننى تونۇرنىڭ ئۈستىگە قويۇپ پۇشۇرۇشقا باشلىدى.

جابىر رەزىيالل‍اھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى چاقىرىپ كېلىش ئۈچۈن ماڭغاندا ئايالى ئۇنىڭغا:

ــ تەييارلىغان تامىقىمىزنىڭ ئازلىقىنى بىلسەن، مېنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىدا خىجالەتكە قويىدىغان ئىشنى ھەرگىز قىلما، بۇ تاماق ئارانلا بىر قانچە ئادەمگە يېتىدۇ، دەپ ئەسكەرتتى. جابىر رەزىيالل‍اھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا باردى ۋە ئۇنىڭغا:

ـ ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! بىر ئاز تاماق تەييارلىغانىدىم، بىزنىڭ ئۆيگە تاماققا مەرھەمەت قىلىسىڭىزكەن، دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ « تامىقىڭ قانچىلىك بار؟ » دەپ سورىدى.

ئۇ ـ تۆت ئوچۇم ئارپا ئۇنىدىن يېقىلغان نان بىلەن بىر ئوغلاقنىڭ گۆشى، دېدى.

سۆيۈملىك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۈلۈمسىرىدى ۋە:

ـ « ھەم كۆپ ۋە مەززىلىك بىر تاماق » دېدى. ئاندىن:

ـ « ئايالىڭغا بېرىپ دېگىن، مەن بارمىغىچە تونۇردىن نان بىلەن قازاندىن گۆشنى ئالماي تۇرسۇن » دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاندىن خەندەك كولاۋاتقانلارغا ئىلان قىلغان ھالدا:

ـ «ئى خەندەك كولىغۇچىلار! قېرىنداشلىرىڭلار جابىر زىياپەت تەييارلاپتۇ، ھەممىمىز ئۇ يەرگە بىللە بارايلى» دەپ توۋلىدى. بۇنى ئاڭلىغان جابىر رەزىيالل‍اھۇ ئەنھۇ تەمتىرەپ قالدى. ئەمما ئەمدى باشقا چارە يوقتى. تاماق بولسا ئاران بىر قانچە كىشىگە يەتكىدەكلا ئىدى. دېمەككە بۇنچىلىك كۆپ كىشىلەرگە يېتىشى مۇمكىن ئەمەستى. ئۇ بۇلارنى ئويلا ــ ئويلا ئۆيىگە يېتىپ كەلدى ۋە ئايالىغا:

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزى كەلگىچە گۆش ۋە نانلارنى ئالماي تۇرۇشقا بۇيرىدى. خەندەكتە ئىشلاۋاتقانلارنىڭ ھەممىسى كېلىۋاتىدۇ، قانداق قىلىمىز؟ دېدى.

ئايالى: تاماقنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى دېمىگەنمىدىڭ؟ دېدى.

ــ ئەلۋەتتە دېگەنىدىم.

ئايالى:

ـ ئۇنداقتا ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى سەن چاقىردىڭمۇ ياكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام چاقىردىمۇ؟

جابىر رەزىياللاھۇ ئەنھۇ:

ــ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام چاقىردى، دېدى. بۇنى ئاڭلىغان ئايال يەڭگىل بىر نەپەس ئالدى ۋە:

ــ ئۇنداق بولسا ئەنسىرمە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر، دېدى.

بىرئازدىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام باشقا مۇسۇلمانلار بىلەن بىرلىكتە يېتىپ كەلدى. ئۇلار بىرلىكتە گۆش ۋە نان ئۇچۇن بەرىكەت تىلەپ دۇئا قىلىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆي ئىگىسى ئايالغا:

ـ « سىز نان ياقىدىغان ئايالدىن بىرىنى چاقىرىپ كىرىڭ، سىز بىلەن بىرلىكتە نان ياقسۇن، گۆشنى قازاندىن بىر چۆمۈچ، بىر چۆمۈچتىن ئېلىڭ، قازاننى تونۇرنىڭ ئۈستۈدىن ھەرگىز چۈشۈرمەڭ » دەپ تاپىلىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەر بىر كىشىنىڭ ھەيرانلىق قاراشلىرى ئاستىدا تونۇردىن بىر پارچە نان ئالدى ۋە ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر پارچە گۆش قويدى. ھەر بىر مۇسۇلمانغا مۇشۇ بويىچە بىردىن بىردىن تارقاتتى ۋە ئۇلارغا:

ـ « تاماقنى يېيىشنى الله نىڭ ئىسمى بىلەن باشلاڭلار» دېدى.

كەلگەنلەرنىڭ ھەممىسى تويغىچە يېدى. ئەمما قازاندىكى گۆش ۋە تونۇردىكى نان ھېچ ئازايمىغان ئىدى. بىر ئازدىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆي ئىگىسى ئايالغا بۇرۇلۇپ:

ـ « قالغىنىنى ئۆزەڭلەر يەڭلەر ۋە قوشنىلارغىمۇ سۇنۇپ بېرىڭلار، چۈنكى ھەممە كىشى قاتتىق بىر ئاچارچىلىقنى باشتىن كەچۈرمەكتە » دېدى.

جابىر رەزىيللاھۇ ئەنھۇ ئۇ كۈن ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دېدي:

الله نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى! بۇ تاماققا كەلگەن ئادەم مىڭ كىشى ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى تويغىچە يېدى. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، قازىنىمىز بۇرۇنقىدەك ھالەتتە قاينىغان، نېنىمىز ھېچ خورىمىغان ھالدا قالدى. ئۇنىڭدىن ئۆزىمىزمۇ يېدۇق ۋە قوشنىلارنىمۇ يېدۈردۇق.

ھېكايىدىكى نەسىھەتلەر

● مۆجىزە بولسا پەيغەمبەرلەر كۆرسەتكەن ئادەتتىن تاشقىرى ھادىسىلەردۇر.

● تاماق يېيىشتىن ئىلگىرى "بىسمىللاھ "دېيىش ۋە تاماقنى ئۆزىنىڭ ئالدىدىن

يېپىش تاماق يېيىشنىڭ ئەدەبلىرىدىندۇر.

## ھېرا دىكى نۇر

سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام خەدىچە ئانىمىز بىلەن تۇرمۇش قۇردى. ھەزرىتى خەدىچە ئانىمىز شەپقەتلىك ۋە ئەقىللىق بىر ئايال ئىدى. پەيغەمبىرىمىز ئۆزى ئېھتىياجلىق ھەر نەرسىگە ئۇ ئارقىلىق ئېرىشكەنىدى.

ئاخىرقى ۋاقىتلاردا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دائىم يالغۇزلۇقنى خالايدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ يەيدىغان ۋە ئىچىدىغىنىنى ئېلىپ نۇر تېغىدىكى ھېرا غارىغا كېتىدىغان بولۇپ قالغانىدى. بۇ يەردە ئىنسانلار بىلەن ئۇچرىشىشتىن يىراق بولغان ھالدا كېچە ــ كۈندۈز يالغۇز الله غىلا ئىبادەت قىلاتتى. كىشىلەر ئارىسىدىكى ناھەقسىزلىكلەر، تىرىك پېتى كۆمۈلۈپ كېتىلىۋاتقان قىزلارنىڭ تەقدىرىنى ئويلايتتى. بۇلارغا بىرەر چارە ئىزدەيتتى. كىشىلەرنىڭ ئۆز قوللىرى بىلەن ياسىغان بۇتلارغا ئىبادەت قىلىشلىرى ئۇنى بىزار قىلاتتى. ئۇنىڭ تەپەككۇرىدە مۇتلەق تۇردە يەر يۈزىنى، ئاينى، قۇياشنى ۋە ھەر نەرسىنى ياراتقان بىر زات مەۋجۇت ئىدى.

شۇ مەزگىللەردە ئۇنىڭ كېچىسى كۆرگەن چۈشلىرى كۈندۈزى ئەينەن رېئاللىققا ئايلىناتتى. بەزىدە قۇلىقىغا "سەن پەيغەمبەرسەن "دېگەن ئاۋازلار كېرەتتى.

سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز 40 ياشلارغا كىرىپ قالغانىدى. ئۇ خەدىچە ئانىمىز تەييارلاپ بەرگەن ئوزۇقلۇقلارنى ئېلىپ ھېرا غارىغا كەتتى. ئۇنىڭ ئۇزۇندىن بېرى كۆنۈپ قالغان بىر ياخشى ئادىتى بار ئىدى. ئۇ ھەر يىلى رامىزان ئېيىدا بۇ يەرگە كېلىپ كۈنلىرىنى ئىبادەت بىلەن ئۆتكۈزەتتى.

يېڭى رامىزان ئېيىنىڭ قەدىر كېچىسىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلۇغ ياراتقۇچىغا ئىبادەت قىلدى ۋە چوڭقۇر تەپەككۇر قوينىغا چۆكۈپ كەتتى. بارلىق جانلىقلار ئۆز تىللىرىدا الله غا يالۋۇرۇشاتتى.

ئۇزۇندىن بېرى كۈتۈلگەن زامان كەلگەنىدى. غارنىڭ ئىچى بىردىنلا نۇر بىلەن يورۇپ كەتتى. ۋەھيى ئېلىپ چۈشكۈچى ئەلچى جىبرئىل چاقناق نۇرلار ئىچىدە پەيغەمبىرىمىزگە كۆرۈندى ۋە ئۇنىڭغا:

ـ ئوقۇ! دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەم قورققان ھەم ھەيران قالغانىدى. يۈرىكى دۈپۈلدەپ سوقۇپ كەتتى. ئۇ:

ـ « مەن ئوقۇيالمايمەن » دېدى. جىبرئىل ئەلەيھىسسالام يەنە:

ـ ئوقۇ! دەپ بۇيرىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەيرانلىقتىن تېخىچە ئۆزىگە كېلەلمىگەنىدى. ئۇ:

ـ « مەن ئوقۇشنى بىلمەيمەن » دەپ جاۋاپ بەردى.

ئۈچىنچى قېتىمدا جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ئۇنى كۈچ بىلەن سىققىپ تۇرۇپ:
ـئوقۇ! دېدى. بۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامغا:
ـ « نېمىنى ئوقۇيمەن ؟ » دەپ سورىدى. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ئەلەق سۈرىسىنىڭ باشتىكى: ]ياراتقان پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئىسمى بىلەن ئوقۇغىن. ئۇ ئىنسانىنى لەختە قاندىن ياراتتى. ئوقۇغىن، پەرۋەردىگارىڭ ئەڭ كەرەملىكتۇر. ئۇ قەلەم بىلەن (خەت يېزىشنى) ئۆگەتتى. ئىنسانغا بىلمىگەن نەرسىلەرنى بىلدۈردى دېگەن ئايەتلەرنى ئوقۇدى.پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جىبرىئىلنىڭ بۇيرىشى بىلەن بۇ ئايەتلەرنى ئوقۇپ ئۇنى ھەم تىلىغا ھەم دىلىغا مەھكەم ئورناشتۇرۇۋالدى.
ئارقىدىن جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام:
ـ ئى مۇھەممەد، سېنى مۇبارەكلەيمەن! مەن ۋەھيى ئېلىپ چۈشكۈچى پەرىشتە جىبرىئىل بولىمەن، سەن بولساڭ الله نىڭ پۈتۈن ئىنسانلارغا توغرا يول كۆرسىتىپ بېرىشكە مەسئۇل قىلىنغان پەيغەمبىرىسەن، دېدى ۋە بىردىنلا كۆزدىن غايىپ بولدى.
مانا بۇنىڭ بىلەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا الله تەرىپىدىن پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسى رەسمىي يوسۇندا بېرىلگەن بولدى.
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام غاردىن چىقتى. ئۇ قورقۇ ۋە ھاياجاندىن تىترەيتتى. ئۇ مەككە تەرەپكە قاراپ كېتىۋاتقىنىدا يولدا بىر مۇنچە ئاجايىپ ئىشلارغا يولۇقتى. تاغلار، تاشلار، دەل ــدەرەخلەر، ئۇچار قۇشلار ۋە بارلىق مەۋجۇداتلار زۇۋانغا كېلىپ ئۇنىڭغا سالام بېرىشتى ۋە ئۇنى تەبرىكلەپ:
ــساڭا سالام بولسۇن ئى الله نىڭ ئەلچىسى! دېيىشەتتى.
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆيگە يېتىپ بارغاندا خەدىچە ئانىمىز ئۇنى ئىشىك ئالدىدا كۈتىۋالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆي ئىچىگە كىرگەندە تىترىگەن ھالدا:
ـ « مېنى ئوراپ قويۇڭلار، مېنى ئوراپ قويۇڭلار » دېدى.
خەدىچە ئانىمىز ئۇنى ياتقۇزۇپ مەھكەم ئوراپ قويدى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تاكى ئەسلىگە كەلگىچە يېنىدا قاراپ ئولتۇردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئوڭشالغاندىن كېيىن بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى خەدىچە ئانىمىزغا سۆزلەپ بەردى ۋە:
» ــمەن ئۆزەمدىن قورقۇپ قالدىم» دېدى.
خەدىچە ئانىمىز ئۇنىڭغا مۇنداق تەسەللى بەردى:
ــبىئارام بولما ۋە قورقما، الله ساڭا ئوخشاش بىر ئىنسانىنى ھەرگىزمۇ رەسۋا قىلمايدۇ، چۈنكى سەن يېقىنلىرىڭنىڭ ھەممىسىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇرىسەن، پېقىرـ مىسكىنلەرگە ياردەم بېرىسەن، مېھمانلارنى ياخشى كۈتىسەن،

ھەقسىزلىققا ئۇچرىغانلارنى قوغداپ، زالىملاردىن ئۇلارنىڭ ھەقلىرىنى ئېلىپ بېرىسەن، دېدى.

بىر ئازدىن كېيىن خەدىچە ئانىمىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئېلىپ تاغىسىنىڭ ئوغلى ۋەرەقەنىڭ قېشىغا باردى.

ۋەرەقە كۆپنى كۆرگەن، بىلىملىك خىرىستىئان بوۋاي ئىدى. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن نېمىلەرنى كۆرگەنلىگىنى سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا كۆرگەنلىرىنى دەپ بەردى. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دېگەنلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن مۇنداق دېدى:

ــكىشىلەرگە خوش بىشارەت بولسۇنكى! سەن غاردا كۆرگەن پەرىشتە سەندىن بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرگە ئۇلۇغ اللہ نىڭ ئەمرىنى يەتكۈزگەن جىبرىئىلدۇر. باشقا پەيغەمبەرلەرنىڭ قەۋملىرى ئۇلارغا قىلغىنىدەك سېنىڭ قەۋمىڭمۇ سېنى يالغانچىغا چىقىرىدۇ، ساڭا ئەزىيەت بېرىدۇ ۋە سېنى يۇرتىڭدىن ھەيدەپ چىقىرىدۇ، كاشكى مەن ياش بولۇپ قالغىنىمدا مەككىلىكلەر سېنى چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر قىلغاندا مەن ساڭا ياردەم قىلالىغان بولسام، دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ ھەيران قالدى. چۈنكى قەۋمى ئۇنى ناھايىتى بەك ياخشى كۆرەتتى. ئۇنى ياخشى كۆرگەنلىكىدىن ۋەئىشەنگەنلىكىدىن ئۇنىڭغا ”ئىشەنچلىك ئادەم “دەپ نام بېرىشكەنىدى. ئۇ:

ـ« مېنى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرتۇمدىن ھەيدەپ چىقىرىشامدۇ ؟» دەپ سورىدى.

بۇ بوۋاي غەمكىن ھالدا بېشىنى سىلاپ:

ــشۇنداق بارلىق پەيغەمبەرلەر ئۆز قەۋمىدىن دۈشمەنلىككە ئۇچرىغان ۋە ئۆز يۇرتلىرىدىن ھەيدەلگەنىدى، دېدى.

بۇنىڭدىن بىر مەزگىل ئۆتۈپ ۋەرەقە ۋاپات بولۇپ ئۆزىنىڭ دېگەنلىرىنى كۆرۈش ئۇنىڭغا نېسىپ بولمىدى.

بۇ سۆھبەتتىن كېيىن خەدىچە ئانىمىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىمان كەلتۈرگەن ئىككىنچى كىشى بولدى ۋە ئۇنى ھەر ۋاقىت، ھەر يەردە قوللىدى.

ھېكايىدىكى نەسىھەتلەر

●پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئوقۇش، يېزىشنى بىلمەيدىغان بىر ساۋاتسىز پەيغەمبەر بولۇشىغا قارىماي تۇنجى بولۇپ نازىل قىلىنغان ئايەتلەرنىڭ ”ئىقرا “يەنى ”ئوقۇ “دەپ باشلىنىشى ئاجايىپ بىر ئىشتۇر. اللہ خالىسا ”ئىمان كەلتۈر “ياكى ” ناماز ئوقۇ “دەپ نازىل قىلغان بولاتتى. دېمەك ھەر بىر مۇسۇلمان ئوقۇشنىڭ ۋە ئىلىمنىڭ مۇھىملىقىنى بىلىشى ۋە بۇنى ئەمەلىيەتتە ئورۇنلىشى لازىمدۇر.

## خورما شېخىنى سۇندۇرغان بالا

خورمىلار ئەمدىلا مېۋە بېرىشقا باشلىغان كۈنلەرنىڭ بىرى ئىدى. رافى ئىسىملىك بىر بالا خورما يېمەكچى بولۇپ خورما شېخىنى سۇندۇردى.

خورما بېغىنىڭ ئىگىسى بۇ بالىنى تۇتۇۋېلىپ بالىنى ھېچنېمە قىلماستىن ئۇدۇللا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا ئېلىپ باردى.

رافى خىجىللىقتىن ھودۇققان ۋە يۈزلىرى قىزىرىپ بېشىنى تۆۋەن سېلىۋالغان ئىدى. سۆيۈملۈك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بالىنىڭ بۇ ئەھۋالىنى كۆرۈپ كۈلۈمسىرىدى ۋە ئۇنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ:

- « بالام خورما شاخلىرىنى نېمىشقا سۇندۇردۇڭ ؟ » دەپ سورىدى.

رافى:

–ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! قورسۇقىم ئاچ ئىدى، قورسۇقىمنى تويغۇزماقچىدىم، دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇلايىملىق بىلەن:

- « خورما شاخلىرىنى ئەمدى ھەرگىز سۇندۇرما ئوغلۇم، ئەگەر يېمەكچى بولساڭ دەرەخ ئاستىغا تۆكۈلگەنلەرنى يېسەڭ بولىدۇ» دەپ تەۋسىيە قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە:

- « ئى الله بۇ بالىنىڭ قورسىقىنى تويغۇزغىن !» دەپ دۇئا قىلدى.

رافى ناھايىتىمۇ بەك ھۇزۇر ھېس قىلدى. چۈنكى ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسىنى ئېلىش بىلەن بىرگە دەرەخ ئاستىغا تۆكۈلگەن خورمىلارنى يېيىشكە بولىدىغانلىقىغا رۇخسەت ئالغانىدى.

ھېكايىدىكى نەسىھەتلەر

سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز بالىلار تەربىيىسىدە ناھايىتى ئۈنۈملۈك بولغان تەربىيە يوللىرىنى كۆرسەتكەنىدى.

رافىغا ئاچچىقلانمايلا قالماستىن خاتاسىنىڭ سەۋەبىنى سوراپ، ئاندىن ئۇنىڭغا يول كۆرسەتكەن ۋە ئۇنىڭ ھەققىدە خەيرلىك دۇئا قىلغانىدى.

## دېڭىزدىن كەلگەن پۇل

بىر زامانلاردا بىر سودىگەرنىڭ پۇلغا ئېھتىياجى چۈشۈپ بىر تونۇشىدىن مىڭ تىللا پۇل سوراپتۇ. پۇل سورالغان ئادەم:

– بەرسەممۇ بېرەي، لېكىن سەن مەندىن پۇل قەرز ئالغىنىڭغا گۇۋاھ بولغىدەك بىرەرىنى ئېلىپ كەل، دەپتۇ.

قەرز ئالغۇچى:

-گۇۋاھچىنىڭ نېمە كېرىكى، الله گۇۋاھ بولۇشقا يېتەرلىك ئەمەسمۇ؟ دەپتۇ.

قەرز بەرمەكچى بولغان ئادەم:

- ئۇنداق بولسا سەن قەرزگە كېپىل بولغىدەك بىرەرىنى ئېلىپ كەل! دەپتۇ. قەرز ئالغۇچى يەنە:

كېپىل بولۇشقا الله يېتەرلىكتۇر، دەپتۇ.

قەرز بەرگۈچى:

توغرا دېدىڭ دوستۇم، دەپتۇ.

ئۇلار پۇلنى قايتۇرۇش ۋاقتى توغرىلىق ئۆز ئارا كېلىشىۋالغاندىن كېيىن قەرز سورالغۇچى مىڭ تىللا پۇلنى تىجارەتچىگە قەرز بېرىپتۇ.

قەرز ئالغان بۇ تىجارەتچى ئارىدىن بىر مەزگىل ئۆتكەندە تىجارەت قىلماقچى بولۇپ دېڭىز بىلەن سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ. بارغان يېرىدە سودىسىنى قىلىپ ئىشلىرىنى پۈتتۈرۈپتۇ. ئۇ ئۆيىگە قايتىش ئۈچۈن بىر كېمە ئىزدەپتۇ. ئەمما پەقەتلا تاپالماپتۇ. قەرزنى قايتۇرۇش ۋاقتىمۇ توشۇپ قاپتۇ. بۇ دۇرۇس يول تۇتقان تىجارەتچى قەرزنى ۋاقتىدا بېرەلمەيدىغان بولۇپ قالغىنىنى ئويلاپ كۆڭلى بەكمۇ يېرىم بولۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ قەرزىنى قايتۇرۇشنىڭ چارىسىنى ئىزدەپتۇ. ئۇ ئاخىرىدا بىر كىچىك كۆتەك پارچىسىنى سېتىپ ئېلىپ ئۇنىڭ ئوتتۇرسىنى كاۋاك قىلىپ ئويۇپتۇ. ئۇ ئىچىگە قەرز ئالغان تىللالارنى ۋە پۇل ئىگىسىگە يازغان خەتنى قويۇپ. ئويغان يەرنىڭ ئاغزىنى چىڭ يېپىشتۇرۇپتۇ ــ دە ئۇنى ئېلىپ دېڭىز ياقىسىغا بېرىپ ئۇ يەردە الله غا:

- ئى رەببىم! مېنىڭ پالانچىدىن مىڭ تىللا قەرز ئالغىنىمنى بىلىسەن، ئۇ ئالدىدا مەندىن بىر گۇۋاھچى تەلەپ قىلىۋىدى مەن "گۇۋاھچى بولۇشقا الله كۇپايىدۇر "دېدىم. ئۇ ئادەم سېنىڭ گۇۋاھلىقىڭنى قوبۇل قىلدى. ئاندىن مەندىن كېپىل بولۇشقا بىرىنى ئېلىپ كېلىشىمنى تەلەپ قىلىۋىدى مەن "كېپىپ بولۇشقا الله كۇپايىدۇر "دېدىم. ئۇ ياخشى نىيەتلىك ئادەم سېنىڭ كېپىلىكىڭنى قوبۇل قىلدى ۋە مىڭ تىللا پۇلنى ماڭا بەردى. ئى ئۇلۇغ الله! سەن مېنىڭ ئۆز ۋاقتىدا قايتىپ قەرزىمنى قەرەلى بويىچە قايتۇرۇش ئۈچۈن كېمە ئىزدىگىنىمنى ۋە كېمە تاپالمىغانلىقىمنى بىلىسەن. بۇ كۆتەكنىڭ ئىچىگە قويغان تىللالارنى ئىگىسىگە تاپشۇرۇپ بېرىشنى ساڭا تاپشۇردۇم، دېگىنىچە كۆتەكنى دېڭىزغا تاشلاپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئادەم يەنە ئۆيىگە قايتىش ئۈچۈن كېمە ئىزدەشنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ.

قەرز ئىگىسى دېڭىز ياقىسىدا تىجارەتچىنى ساقلاۋاتقانىكەن. شۇ ئارىدا تۇيۇقسىز ئۇنىڭغا ئېقىپ كەلگەن بىر كۆتەك كۆرۈنۈپتۇ. ئۇ كۆتەكنى ئۆيگە ئېلىپ كېتىپ ئوتۇن قىلىپ قالىماقچى بولۇپ ئېلىپ مېڭىپتۇ. ئۇ ئۆيىگە بېرىپ كۆتەكنى پارچىلىغاندا ئىچىدىن مىڭ تىللا ۋە ئۇنىڭغا ئاتاپ يېزىلغان خەت چىقىپتۇ.

ئاردىن بىر مەزگىل ئۆتۈپ قەرز ئالغان تىجارەتچى كېمە تېپىپ ئۆيىگە قايتىپ كەپتۇ ۋە ئۆزىگە قەرز بەرگەن ئادەمنىڭ ئۆيىگە كەپتۇ. ئۇ ئۆزىگە قەرز بەرگەن ئادەمگە مىڭ تىللا پۇلنى سۇنۇپ:

ــ الله غا قەسەم قىلىمەنكى! مەن سەندىن ئالغان پۇلنى كېلىشكەن مۇددەت ئىچىدە قايتۇرۇش ئۈچۈن توختىماستىن كېمە ئىزدىگەن بولساممۇ ساڭا قەرزنى قايتۇرۇش مۇددىتى توشىدىغان ئاشۇ ۋاقىتقىچە كېمە تاپالمىدىم. مېنى ئەيىپكە بۇيرىما، دەپتۇ.

قەرز بەرگۈچى:

ــ سەن ماڭا بىر نەرسە ئەۋەتكەنمىدىڭ ؟ دەپ سوراپتۇ. قەرزدار:

ـ شۇنداق، مەن ساڭا بۇندىن بۇرۇن كېمە تاپالمىغانلىقىمنى چۈشەندۈرۈپ يازغان بىر پارچە خەت بىلەن مىڭ تىللانى بىر كۆتەكنىڭ ئىچىگە سېلىپ ئەۋەتكەنىدىم، دەپتۇ.

قەرز ئىگىسى:

ـ الله كۆتەك ئىچىگە سېلىپ ئەۋەتكەن خېتىڭ بىلەن پۇلنى ماڭا يەتكۈزدى. ھازىر ئېلىپ كەلگەن بۇ مىڭ تىللانى سەن ئۆزەڭ ئىشلەتكىن، دەپتۇ.

دېمەك ئۇلۇغ الله قەرزدارنىڭ ۋە قەرز ئىگىسىنىڭ ياخشى نىيەتلىرىنى ۋە تىرىشچانلىقلىرىنى يەردە قويمىغانىدى.

ھېكايىدىكى نەسىھەتلەر

●بىرىگە ۋەدە بەرگەنىكەنمىز ۋەدىمىزدە تۇرۇشىمىز لازىم.

●ئىشەنچ ئەڭ كاتتا دەسمايىدۇر. ئىشەنچكە ئېرىشكەن ئىنسان ھەر ۋاقىت ياردەمگە ئېرىشىدۇ.

●سودا ــ سېتىقتا ۋە قەرز ئېلىم ــ بېرىمدا ھۆججەتلەشمەك لازىم، زۆرۈر تېپىلغاندا گۇۋاھچى ۋە كېپىل بولغۇچىنى ھازىر قىلىش لازىم. بۇنى دىنىمىز شۇنداق بۇيرىغاندۇر.

## الله نىڭ دوستلىرى

سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز مۇنداق دېگەن:

« الله تەئەلانىڭ يوللاردا يۈرۈپ الله غا دۇئا قىلغان ۋە ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلغان بەندىلىرىنى ئىزدەيدىغان پەرىشتىلىرى بار. ئۇلار الله غا دۇئا ۋە ئىبادەت قىلىۋاتقان بىرەر توپ ئادەمنى ئۇچراتقان ھامان باشقا پەرىشتىلەرنى:

ــ بۇ يەردە الله نى ياد ئېتىۋاتقان بەندىلەر بار بۇ يەرگە كېلىڭلار! دەپ چاقىرىدۇ. پەرىشتىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇ يەرگە كېلىپ ئۇ بەندىلەرنى يەر يۈزىدىن تاكى ئاسمانلارغىچە كېلىدىغان قاناتلىرى بىلەن ئورىۋالىدۇ. الله ھەممىنى ئەڭ ياخشى

بىلىپ تۇرسىمۇ پەرىشتىلەردىن :

ــ قۇللىرىم نېمە دەيدۇ؟دەپ سورايدۇ.

پەرىشتىلەر:

ـ ساڭا دۇئا قىلىۋاتىدۇ ۋە سېنى مەدھىيىلەپ ساڭا شۈكۈر ئېيتىۋاتىدۇ، دەپ جاۋاپ بېرىدۇ.

ئۇلۇغ اللّٰه سوئالىنى داۋاملاشتۇرۇپ:

ـ ئۇلار مېنى كۆرگەنمۇ؟ دەيدۇ.

پەرىشتىلەر:

ـ ياق سېنى كۆرمىگەن، دەيدۇ.

ـ كۆرسە قانداق قىلار ئىدى؟ پەرىشتىلەر:

ـ ناۋادا سېنى كۆرگەن بولسا ساڭا تېخىمۇ كۆپ ئىبادەت قىلغان، سېنى تېخىمۇ كۆپ ئۇلۇغلىغان، تېخىمۇ كۆپ دۇئا قىلغان بولاتتى، دەيدۇ. ئۇلۇغ اللّٰه يەنە:

ـ ئۇلار نېمىنى ئۇمىد قىلىدىكەن؟ دەپ سورايدۇ. پەرىشتىلەر:

ـ سەندىن جەننىتىڭنى ئۇمىد قىلىدىكەن، دەيدۇ.

ـ ئۇلار جەننەتنى كۆرگەنمۇ؟

ـ ياق، جەننەتنى كۆرمىگەن.

ـ ناۋادا كۆرسە قانداق قىلىشاتتى؟

پەرىشتىلەر: ناۋادا جەننەتنى كۆرسە جەننەتكە كىرىش ئۈچۈن تېخىمۇ بەكرەك تىرىشقان، جەننەتكە تېخىمۇ بەكرەك ئىشتىياق باغلىغان بولار ئىدى.

ئۇلۇغ اللّٰه سوئالىنى سوراشنى داۋام قىلىدۇ ۋە مۇنداق دەيدۇ:

ـ ئۇلار نېمىدىن پاناھ تىلىشىۋاتىدۇ؟

پەرىشتىلەر:

ـ ئى رەببىمىز! ئۇلار ساڭا سېغىنىپ دوزاختىن پاناھ تىلىشىۋاتىدۇ.

ـ ئۇلار دوزاخنى كۆرگەنمۇ؟

ـ ياق كۆرمىگەن.

ـ ناۋادا كۆرگەن بولسا قانداق قىلار ئىدى. پەرىشتىلەر:

ـ ناۋادا دوزاخنى كۆرگەن بولسا ئىدى، ئۇنىڭدىن تېخىمۇ بەكرەك قاچقان، تېخىمۇ بەك قورققان بولاتتى، دەيدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇلۇغ اللّٰه:

ـ سىلەرنى گۇۋاھچى قىلىمەنكى! مەن ئۇلارنى مەغپىرەت قىلدىم، دەيدۇ. پەرىشتىلەرنىڭ بىرى:

ـ ئى رەببىم! ئۇلارنىڭ ئارىسىدا گۇناھكار بىر قۇل بار، بۇ ئۇلاردىن ئەمەستى، ئۇ باشقا بىر نىيەت بىلەن بۇ يەرگە كەلگەنىدى، ئۇ يەردە ئولتۇرۇپ قالدى، دەيدۇ. ئۇلۇغ

اللە:

ـ ئۇنىمۇ مەغپىرەت قىلدىم، ئۇ بەندىلەر شۇنداق كىشىلەردىنكى ئۇلار بىلەن بىرگە ئولتۇرۇپ قالغانلارمۇ ئۇلارنىڭ سەۋەبى بىلەن قۇتۇلدۇرۇلىدۇ، دەيدۇ.»

ھەدىستىكى نەسىھەتلەر

●جەننەتكە پەقەت اللە نىڭ رەھمىتى ( ياردىمى ۋە مەغپىرىتى ) بىلەن كىرگىلى بولىدۇ. اللە نىڭ رەھمىتى اللە نى ياد ئېتىپ تۇرىدىغان ۋە اللە نىڭ بۇيرىغىنى بويىچە ياشىغانلارغا بولىدۇ.

●سۆيۈملۈك پەيغەمبەرىمىزنىڭ خەۋەر بېرىشىچە ئۇلۇغ اللە بەندىلىرى ھەققىدە مۇنداق دېگەن: "قۇلۇم مېنى قانداق ھالەتتە تەپەككۇر قىلسا مەن شۇ ھالەتتىمەن، ئۇ مېنى ئەسلىسە مەن ئۇنىڭ بىلەن بىللىدۇرمەن، ئۇ مېنى دىلىدا ياد ئەتسە مەنمۇ ئۇنى دىلىمدا ياد ئېتىمەن، ئۇ مېنى بىر توپ كىشىلەر ئارىسىدا ياد ئەتسە مەن ئۇنى ئۇنىڭدىن تېخىمۇ ياخشى بولغان بىر توپ ئىچىدە ياد ئېتىمەن، ئۇ مەن تەرەپكە مېڭىپ كەلسە مەن ئۇ تەرەپكە يۈگۈرۈپ بارىمەن. "

## شەيتاننىڭ دوستلىرى

بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرى بىلەن بىر ئۆيدە ئولتارغاندا تۇيۇقسىز بىرى ئىشىكنى چېكىپ ئۆيگە كىرىشكە رۇخسەت سورىدى ۋە:

ـ سىلەردىن بىر تىلىگىم بار، دېدى.

بۇنىڭ بىلەن سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز:

« ئىشىك چەككەن كىشىنىڭ كىملىكىنى بىلەمسىلەر؟» دەپ سورىدى. ساھابىلار:

ـ اللە ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر، دېيىشتى.

ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ « ئىشىك ئالدىدا تۇرغان ئۇ ئادەم لەنەتلەنگەن مەخلۇق شەيتاندۇر، ئۇنىڭغا اللە نىڭ لەنىتى بولسۇن!» دېدى. ھەزرىتى ئۆمەر:

ــئى اللە نىڭ پەيغەمبىرى! ئەگەر رۇخسەت بەرسەڭ مەن ئۇنى شۇ ھامان ئۆلتۈرۈۋېتەي، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

« ئى ئۆمەر! ئۆزەڭنى بېسىۋال، اللە تەئالا ئۇنىڭغا تاكى قىيامەتكىچە ياشاشقا رۇخسەت بەرگەن. ئۇنى ئۆلتۈرۈشتىن ۋاز كەچ» دېدى. ئاندىن ساھابىلىرىگە قاراپ:

ـ « ئىشىكنى ئېچىڭلار! شەيتان بۇ يەرگە كېلىشكە رۇخسەت ئالغاندى. ئۇنىڭ دېگەن سۆزلىرىگە ياخشى قۇلاق سېلىڭلار، سىلەرگە بىلدۈرمەكچى بولغانلىرىنى ياخشى ئاڭلاڭلار» دېدى.

ئىشىكنى ئاستا چەككەن ھېلىقى كىشى ئۆيى ئىچىگە كىردى. ئۇنىڭ تۇرقى ناھايىتىمۇ بەتبەشىرە ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭدىن:

- « ئى لەنەتلەنگۈچى! سېنىڭ ھەمراھلىرىڭ كىملەر؟» دەپ سورىدى. شەيتان:
- جازانە يىگەنلەر.
- « ئۇنداقتا سېنىڭ دوستلىرىڭ كىم؟»
- زىنا قىلغۇچىلار.
- « سەن كىملەر بىلەن بىللە ياتىسەن؟ »
- مەستلەر بىلەن.
- « مېھمانلىرىڭ كىم؟ »
- ئوغرى- بۇلاڭچىلار.
- « سېنىڭ ئەلچىلىرىڭ كىم؟ »
- سېھىرگەرلىك قىلغۇچىلار.
- « كۆزۈڭنىڭ نۇرى نېمە؟ (كۆزۈڭنى نۇرلۇق قىلىۋېتىدىغان خۇشاللىقىڭ نېمە ؟»
- ئەر- خوتۇنلارنى ئاجراشتۇرغانلار.
- « سۆيگىنىڭ كىم؟ »
- جۈمە نامىزىنى ئوقۇمايدىغانلار.
- « ئى الله نىڭ ھۇزۇرىدىن قوغلاندى قىلىنغۇچى! سېنىڭ يۈرىكىڭنى نېمە پارچىلايدۇ؟ »
- الله رازىلىقى ئۈچۈن جىھادقا ماڭغان ئاتلارنىڭ كىشنىشى.
- « ئۇنداقتا سېنىڭ جىسمىڭنى نېمە ئېرىتىپ يوق قىلىدۇ؟ »
- الله غا تەۋبە قىلغۇچىلارنىڭ تەۋبىسى.
- « جىگىرىڭنى نېمە پارچىلايدۇ؟ »
- كېچە ۋە كۈندۈز قىلىنغان تەۋبە ئىستىغفار.
- « يۈزىڭنى نېمە پۈرۈشتۈرىدۇ ( يەنى سېنى نېمە بىزار قىلىدۇ)؟»
- يوشۇرۇن بېرىلگەن سەدىقە.
- « كۆزلىرىڭنى نېمە كور قىلىدۇ؟ »
- كېچىسى ئوقۇلغان ناماز.
- «بوينۇڭنى نېمە ئەگدۈرىدۇ؟ »
- جامائەت بىلەن ئوقۇلغان ناماز.

شەيتان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭدىن سورىغان پۈتۈن سوئاللارغا جاۋاپ بەردى. دېمەك بۇنىڭ بىلەن ساھابىلارلا ئەمەس پۈتۈن ئىنسانلار شەيتاننىڭ دوستلىرىنىڭ قانداق كىشىلەر ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى بىلىۋالغان بولدى.

## باغچىدىكى ئالتۇن كۇپ

بۇرۇنقى زاماندا بىر ئادەم بىر باغ سېتىۋاپتۇ. باغچىدا ئىشلەۋېتىپ ئىچى ئالتۇن بىلەن توشقۇزۇلغان بىر كۇپ تېپىۋاپتۇ. ئۇ كۇپنى كۆتەرگىنىچە ئۆزىگە بۇ باغنى سېتىپ بەرگەن ئادەمنىڭ قېشىغا بېرىپ ئۇنىڭغا:

- ئى دوستۇم! سەندىن سېتىۋالغان باغدىن ئىچىگە ئالتۇن قاچىلانغان بۇ كۇپنى تېپىۋالدىم، سەن بۇ ئالتۇنلارنى ئال، چۈنكى مەن سەندىن بۇ باغنىلا سېتىۋالغان، ئالتۇن سېتىۋالمىغان، دەپتۇ.

باغنى ساتقان ئادەم:

- مەن ساڭا باغنىڭ ئىچىدىكى نەرسىلەرنى بىرلىكتە ساتتىم، بۇ ئالتۇنلار سېنىڭ ھەققىڭ، بۇنى سەن ئېلىپ كەت! دەپتۇ.

شۇنداق قىلىپ باغنى ئالغان ئادەم بىلەن ساتقان ئادەم بۇ ئالتۇنلارنى: سەن ئال! دېسە سەن ئال ! دېيىشكىنىچە خېلى ئۇزاق تالاش - تارتىش قىلىشىپتۇ. ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى بۇ ئالتۇنلارنى ئېلىشتىن ئۆزلىرىنى قاچۇرۇپتۇ. ئۇلار بىر بىرىنى قايىل قىلالمىغاندىن كېيىن ئادىل بىر ھاكىمنىڭ ئالدىغا بېرىشىپتۇ.

ھاكىم ئۇلارنىڭ دېگەنلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن:

- سىلەرنىڭ باللىرىڭلار بارمۇ؟ دەپ سوراپتۇ. باغنى سېتىۋالغان ئادەم:

- مېنىڭ بىر ئوغلۇم با، دەپتۇ. ساتقان كىشى:

- مېنىڭ بىر قىزىم بار، دەپتۇ. بۇنىڭ بىلەن ھاكىم:

-باللىرىڭلارنى بىر -بىرىگە نىكاھلاپ قويۇڭلار، ئالتۇنلارنى ئۇ ئىككىسىگە خەجلەپ بېرىڭلار، ئۇنىڭدىن قالغان بىر قىسمىنى ئۆزلىرىڭلارغا سەرپ قىلىڭلار، ئۇنىڭدىنمۇ ئاشقىنىنى پېقىرلارغا تارقىتىپ بېرىڭلار! دەپتۇ.

ھېكايىدىكى نەسىھەتلەر

●قانائەت قىلىش تۈگىمەس خەزىنىدۇر. بۇ ھېكايىدىكى ھەر ئىككى كىشى قانائەت ئىگىلىرىدۇر ۋە گۈزەل ئەخلاقلىق كىشىلەردىندۇر.

الله توغرا يولدا بولغان كىشىلەرنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە مۇكاپاتلايدۇ.

●ئىنسانلارنىڭ ئەخلاقىنىڭ قانداقلىقى 1- سودا -سېتىقتا، 2- قوشنىدارچىلىقتا، 3 -سەپەردە بىلىنىدۇ.

**پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام دۇنياغا كېلىدىغان يىلى يۈز بەرگەن پىل ۋەقەسى**

مۇھەممەد ئەلەيهىسسالام دۇنياغا كېلىدىغان كۈنلەر يېقىنلاشماقتا ئىدى. مەككە شەھرىدە خىلىدىن بېرى ئەبرەھە ئىسىملىك بىرى توغرىسىدا سۆز- چۆچەك بولۇنۇۋاتاتتى.

ئۇ زامانلاردا ئۇلۇغ كەبىنىڭ سەۋەبى بىلەن مەككە شەھرى مۇھىم بىر تىجارەت

مەركىزىگە ئايلانغانىدى. ئەبرەھە كەبىنىڭ بۇ دەرىجىدە مۇھىم بىر يەر بولۇپ قېلىشىغا رازى ئەمەستى. ئەبرەھە يەمەندە ئالتۇندىن ھەل بېرىلگەن بىر چىركاۋا سالدۇردى ۋە ئۆز تەۋەلىكىدىكى كىشىلەرنى ئۆزى سالدۇرغان بۇ چىركاۋىغا كېلىپ ئىبادەت قىلىشقا بۇيرىدى.

ئەمما كىشىلەر ئۇ يەرگە كەلمەي يەنىلا كەبىگە كېتەتتى ۋە ئۇ يەرنى زىيارەت قىلاتتى. بۇنى ئاز دېگەندەك ئەرەپلەردىن بىر كىشى بۇ چىركاۋىغا كىرىپ ئۇنىڭ ئىچىگە تەرەت قىلىپ قويىدى. ئەبرەھە بۇنىڭغا بەكمۇ غەزەپلەندى. ئۇ كەبىنى ئۆرۈپ تاشلاشقا قەسەم قىلدى.

ئۇ ناھايىتى چوڭ بىر قوشۇن تەييارلىدى ۋە قوشۇنىنىڭ ئالدىغا چوڭ پىللارنى تىزدى. بۇ قوشۇن يەمەندىن چىقىپ مەككىگە قاراپ يۈرۈش قىلدى. ئۇلار يول ئۈستىدە ئۇلارغا قارشى چىقىپ يوللىرىنى توسماقچى بولغان بارلىق كۈچلەرنى يېڭىپ ئىلگىرلىدى.

ئەبرەھەنىڭ قوشۇنى مەككىگە ناھايىتى يېقىنلاپ قالغانىدى. مەككىدىكى كىشىلەر تاغلارنىڭ ئۈستۈگە قېچىپ چىقىۋالغان بولۇپ نېمە ئىشلارنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقىنى ساقلىشىۋاتاتتى.

ئەبرەھەنىڭ ئادەملىرى مەككە ئەتراپىدا ئوتلاپ يۈرگەن تۆگىلەرنى ھەيدەپ كەتتى. ئەينى چاغدىكى مەككىنىڭ كاتتىۋېشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بوۋىسى ئابدۇلمۇتتەلىپ ئەبرەھەنىڭ يېنىغا باردى. ئابدۇلمۇتتەلىپ چىرايى —شەكلى كېلىشكەن، سالاپەتلىك، ھەيۋەتلىك ئادەم ئىدى. ئەبرەھە ئۇنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا ئالاھىدە ھۆرمەت بىلدۈردى ۋە ئۇنىڭ نېمە تەلىپى بارلىقىنى سورىدى.

- سىلەر تۇتۇپ كەتكەن ئىككى يۈز تۆگەمنى قايتۇرۇپ بېرىشىڭلارنى تەلەپ قىلىمەن، دېدى ئابدۇل مۇتتەلىپ.

- ئەبرەھە ئۇنىڭدىن بۇنداق ئاددىي گەپنىڭ چىقىشىنى كۈتمىگەچكە ھەيران قالدى ۋە ئاچچىغلانغان ھالدا:

—مەن سىلەر ئۈچۈن مۇقەددەس بولغان كەبىنى يىقىتقىلى كەلسەم سەن ئاشۇ تۆگىلىرىنىڭ غېمىدا قالدىڭمۇ، بۇ قانداق گەپ بولدى ؟ دېدى.

ئابدۇل مۇتتەلىپ سۇرلۇك تۈس بىلەن:

—مەن تۆگىلەرنىڭ ئىگىسى بولغاچقا ئۇلارنى تەلەپ قىلىپ كەلدىم، كەبىنىڭ ئىگىسى بولسا الله دۇر، ئەلۋەتتە ئۇمۇ ئۆز ئۆيىنى قوغدايدۇ، دېدى.

ئەبرەھە بۇ جاۋاپ ئالدىدا تۇرۇپ قالدى. ئابدۇل مۇتتەلىپنىڭ تۆگىلىرىنى ئۇنىڭغا قايتۇرۇپ بەردى.

مەككە خەلقى پارەكەندىچىلىك ئىچىدە ئىدى. ھەممە ئادەم ئۆزلىرى چوقۇنۇپ كېلىۋاتقان بۇتلىرىنى تاشلاپ يالغۇز بىر الله غا دۇئا قىلىشاتتى. ئۇلارنىڭ قولىدىن

باشقا نېمە كىلەتتى دەيسىز. ئۇلار شەھەرنى تاشلاپ چىققىپ ئەندىشلەنگەن ھالدا بولغۇسى ئىشلارنى ساقلاشقا باشلىدى.

ئابدۇلمۇتتەلىپ كەبىنىڭ ئىشىكىنىڭ ھالقىسىدىن تۇتتى ۋە يىغلاپ تۇرۇپ:

- ئى رەببىم قوغدىغىن كەبە ئەھلىنى.

مەغرۇرنىڭ سۇنسۇن بۇگۇن غۇرۇرى.

ئەلۋەتتە ھېچ كىشى يېڭەلمەس سېنى.

ئىنسامۇ قوغدايدۇ، قوغدا ئۆيىڭنى.

دەپ الله غا دۇئا قىلدى ۋە الله دىن مەدەت تىلىدى.

ئەبرەھە ئاخىرى ھۇجۇم قىلىش بۇيرىقىنى بەردى. قوشۇن كەبىگە قاراپ ئۇدۇل ئىلگىرلەشكە باشلىدى. قوشۇننىڭ ئالدىدا ناھىيىتى چوڭ پىللار بار ئىدى. ئەبرەھە، كەبىنى ئۇلار ئارقىلىق ئۆرۈمەكچى ئىدى. بۇ پىللارنىڭ ئەڭ ئالدىدا "مەھمۇد" ئىسىملىك بىر ئاق پىل كېتىپ باراتتى. كەبىگە يېقىنلىشىپ قالغاندا بۇ پىل ئورنىدا تۇرۇپ قالدى ۋە تۇرغان يەردە چۆكۈۋالدى. ھەرقانچە قىلىشسىمۇ ئۇنى تۇرغۇزالمىدى. ئەگەر پىلنى باشقا تەرەپكە قاراپ ھەيدىسە ماڭاتتى. ئەمما كەبە تەرەپكە بۇرىسىلا ماڭمايتتى.

بۇ ئىشتىن ھەممە ئادەم ھەيران قالدى. ئىچىلىرىگە بىر خىل قورقۇنچ چۈشتى. بۇنىڭدا چوقۇم بىر گەپ بار دەپ ئويلاشتى. قوشۇن قايتا ھۇجۇمغا ئۆتمەكچى بولۇپ تۇرغاندا ئەقىللەرنى ھەيران قالدۇرىدىغان بىر ئىش بولدى.

ئاسمان يۈزىدە قارلىغاچقا ئوخشايدىغان بىر قۇش توپى كۆرۈندى. بۇلار "ئەبەبىل قۇشلىرى" ئىدى. بۇ قۇشلار توپى ئەبرەھەنىڭ قوشۇنى ئۈستىدە ئۇچۇشقا باشلىدى. ھەر بىر قۇش ئىككى چاڭگىسىدا بىردىن، ئاغزىدا بىر دىن بولۇپ ئۈچ تال كىچىك تاش ئالغان ھالدا كەلگەن بولۇپ ئۇ تاشلارنى ئۈچرىغىنىغا ئاتاتتى. ئۇ تاش تەككەن ھەر بىر ئادەمنى ئۆلتۈرەتتى ياكى ئېغىر يارىدار قىلاتتى. قوشۇن پاتپاراق بولۇپ ئەسكەرلەر كىرىۋالغىدەك تۆشۈك ئىستىشەتتى. ئەمما قۇشلار ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلايتتى. ئەبەبىل قۇشلىرى ئەبرەھەنىڭ قوشۇننى تىرە- پىرەڭ قىلىۋەتتى.

ئەبرەھە ئېتىلغان تاشلاردىن يارىلىنىپ ئاغرىق ئازابىدا ئۆلدى.

بۇ ۋەقە بىلەن الله نىڭ چەكسىز قۇدرىتى يەنە بىر قېتىم نامايەندە بولدى. مۇتەككەبىر ئەبرەھە ۋە ئۇنىڭ پىللىرى بىلەن كۈچلەندۈرۈلگەن قوشۇنى كىچىك قۇشلار ئاتقان كىچىك تاشلارنىڭ كۈچى بىلەن پۈتۈنلەي تارمار بولدى.

خۇددى ئابدۇلمۇتتەلىپنىڭ "الله ئۆز ئۆيىنى قوغدايدۇ" دېگىنىدەك راستىنلا الله ئۆز ئۆيىنى قوغدىدى. بۇ ۋەقەلىكتىن كېيىن كەبىنىڭ ۋە قۇرەيش قەبىلىسىنىڭ ھۆرمىتى تېخىمۇ ئاشتى.

بۇ ۋەقەلىك ئەرەپلەر ئارىسىدا ”پىل ۋەقەسى “دەپ ئاتالدى. بۇ ھەم مۇھىم بىر تارىخىي باشلانما بولدى. پىل ۋەقەسى مىلادىيەنىڭ 570 ــيىلىغا توغرا كەلگەنىدى.
بۇ ۋەقەلىك قۇرئان كەرىمنىڭ پىل سۈرىسىدە مۇنداق بايان قىلىنغان:

پەرۋەردىگارىڭنىڭ فىل ئىگىلىرىنى قانداق قىلغانلىقىنى كۆرمىدىڭمۇ؟. ئۇ ئۇلارنىڭ ھىيلە ـ مىكرىنى بەربات قىلمىدىمۇ؟ ئۇ ئۇلارنىڭ ئۈستىگە توپ ـ توپ قۇشلارنى ئەۋەتتى. قۇشلار ئۇلارغا ساپال تاشلارنى ئېتىپ، ئۇلارنى چاينىۋېتىلگەن سامانەك قىلىۋەتتى.

نەسىھەتلەر

اللە دىن ئۈمىدسىزلەنمەسلىك لازىم. ھەر بىر مۇشكۈللۈك بىلەن بىر ئاسانلىق باردۇر.

## غاردىكى ئۈچ يولۇچىنىڭ دۇئاسى

بۇرۇنقى زاماندا ئۈچ يولۇچى بىرلىكتە سەپەرگە چىقىپتۇ. كەچ بولغاندا يامغۇر يېغىپ كېتىپ بۇ ئۈچىسى دالدىلىنىش ئۈچۈن بىر غارغا كىرىۋاپتۇ. ئۇلار غارنىڭ ئىچىدە تۇرغاندا تاغدىن دومۇلاپ چۈشكەن بىر تاش دەل غارنىڭ ئاغزىدا توختاپ غارنىڭ ئاغزىنى چىقىش مۇمكىن بولمىغىدەك دەرىجىدە پۈتۈنلەي ئېتىۋاپتۇ. غارنىڭ ئىچىدىكى كىشىلەر بۇ يەردىن قانداق چىقىش كېرەكلىكى ھەققىدە چارە ئويلاشقا باشلاپتۇ. بۇ يولۇچىلار ئاخىرىدا:

ــاللە ئۈچۈن قىلغان ياخشى ئىشلىرىمىزنى بايان قىلىپ قىلغان دۇئايىمىز بىزنى بۇ قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلدۇرىشى مۇمكىن، دېيىشىپتۇ ـ دە بۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرى دۇئا قىلىشنى باشلاپتۇ.

ئى اللە! مېنىڭ قېرىغان ئاتا ــئانام بار ئىدى. مەن ئۇلارنى ناھىيىتى ياخشى باقاتتىم. كەچ كىرگەندە ئالدى بىلەن ئۇلارنى تويغۇزاتتىم، ئاندىن ئائىلەمدىكىلەرنى ۋە ھايۋانلارنى تويغۇزاتتىم. بىر كۈنى ئوتۇن يىغىش ئۈچۈن يىراقلارغا كېتىپ قېلىپ كەچتە ئۆيگە كەچرەك قايتىپ كەلدىم. ئۆيگە قايتقىنىمدا قارىسام ئانام بىلەن دادام ئۇخلاپ قاپتۇ. ئۇلار ئۈچۈن سۈت ساغدىم، ئۇلار يەنىلا ئۇخلاۋاتاتتى. ئۇلارنى تويغۇزماي تۇرۇپ ئائىلەمدىكىلەرگە ۋە ھايۋانلىرىمغا يەيدىغان نەرسە بېرىشنى راۋا كۆرمىدىم. ئۇلارنى ئويغىتىشقا ھەم قىيمىدىم. باللىرىم ئاچلىقتىن پۇتلىرىمغا ئېسىلىپ يىغلىشاتتى. مەن سۈت قاچىسىنى قولۇمدا تۇتقىنىمچە ئاتا ــئانامنىڭ ئويغىنىشىنى كۈتۈپ تۇردۇم، ھەتتا تاڭ ئېتىپ كۈنمۇ چىقىپ كەتتى. ئاخىردا ئانام بىلەن داداممۇ ئويغاندى ۋە سۈتلىرىنى ئىچىشتى.

ئى اللە بۇ ئىشنى سېنىڭ رازىلىقىڭ ئۈچۈن قىلدىم. ئەگەر بۇ ئىشىمدىن رازى بولغان بولساڭ يولىمىزنى توسقان ئاشۇ توساقتىن بىزنى قۇتقازغىن!

بۇ دۇئادىن كېيىن توساق بىرئاز ئېچىلىپتۇ. ئەمما بۇ يەردىن چىقىپ كەتكىلى بولمايدىكەن.

ئىككىنچى يولۇچى دۇئاسىنى باشلاپتۇ:

- ئى الله! تاغامنىڭ ناھايىتىمۇ چىرايلىق بىر قىزى بار ئىدى. ئۇنى ھەممە ئادەمدىن بەكرەك ياخشى كۆرەتتىم. ئۇنىڭغا يېقىنلاشماق ئويىدا بولدۇم، ئەمما ئۇ ماڭا ماقۇل بولمىدى. ئارىدىن بىر مەزگىل ئۆتۈپ ئۇ مېنىڭ قېشىمغا كەلدى. ئۆزىنىڭ يوقسۇللۇق ۋە ئاچارچىلىقتا قالغانلىقىنى دېدى ۋە مەندىن ياردەم سورىدى. مەن ئۇنىڭغا مېنىڭ تەلىۋىمگە ماقۇل بولۇش شەرتى بىلەن 120 دانە تىللا بەردىم. ئۇ ماقۇل بولۇشقا مەجبۇر ئىدى. مەن ئۆز ئارزۇيىمغا يېتەي دەپ تۇرغاندا ئۇ:

- الله دىن قورق، ماڭا الله توسىغان شەكىلدە ئىگە بولمىغىن، دېدى.

مەن بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ئېسىمگە كەلدىم ۋە ئۇنىڭغا يېقىنلاشمىدىم، ئۇ گەرچە ئىنسانلار ئىچىدە ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئادىمىم بولۇشىغا قارىماي ئۇنىڭغا تەگمىدىم. بەرگەن ئالتۇنلارنىمۇ قايتۇرۇپ ئالمىدىم.

ئى الله! سەندىن قورققانلىقىم ئۈچۈن بۇ ئىشتىن ۋاز كەچتىم، مېنىڭ بۇ ئىشىمدىن رازى بولغان بولساڭ يولىمىزنى توسۇۋالغان بۇ توساقتىن بىزنى قۇتقازغىن!

بۇ دۇئادىن كېيىن توساق بىر ئاز ئېچىلىپتۇ ئەمما يەنىلا چىقىپ كەتكىلى بولماپتۇ.

بۇ قېتىم ئۈچىنچى يولۇچى دۇئاسىنى باشلاپتۇ:

ئى الله! بىر زامانلاردا مەن ناھايىتى كۆپ كىشىلەرنى ئىشلىتەتتىم. ئۇلارنىڭ ئىش ھەقلىرىنى ۋاقتىدا بېرىپ تۇراتتىم. پەقەت ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىرى ھەققىنى ئالماي كېتىپ قاپتۇ. مەن ئۇنىڭ ئىش ھەققىنى ئۇنىڭ نامىدا ئىشلەتتىم. بىر زامانلاردىن كېيىن ئۇنىڭ مېلى كۆپىيىپ كەتتى. ئۇزۇن يىللار ئۆتۈپ بىر ئىشچى كەلدى ۋە:

- مېنىڭ ئىش ھەققىمنى بەرگىن، دېدى. مەنمۇ:

- سەن كۆرۈپ تۇرغان ئاشۇ كالىلار، قويلار ۋە تۆگىلەرنىڭ ھەممىسى سېنىڭ، بۇلارنى ئېلىپ كەتكىن! دېدىم.

بۇ ئىشچى بەكلا ھەيران قالدى ۋە:

- مېنى مەسخىرە قىلمىغىن! دېدى. مەن:

- ياق! ھەرگىز سېنى مەسخىرە قىلمىدىم، بۇلارنىڭ ھەممىسى سېنىڭ، مەن سېنىڭ ئالماي كەتكەن ئىش ھەققىڭنى سېنىڭ نامىڭدا ئىشلىتىپ كۆپەيتىپ قويدۇم، شۇنىڭ بىلەن سەن كۆرۈپ تۇرغان ئاشۇ نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى سېنىڭ بولدى، دېدىم.

بۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىشچى ئۇ مال تۇپلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ كەتتى.

ئى الله! مېنىڭ بۇ ئىشچىنىڭ ھەققىنى قوغدىشىمدىن مەندىن رازى بولغان بولساڭ

بىزگە بۇ توساقنى ئېچىپ بەرگىن!

بۇ دۇئادىن كېيىن توساق پۈتۈنلەي ئېچىلىپتۇ. بۇ ئۈچ يولۇچى ئېچىلغان يەردىن چىقىپ يوللىرىنى داۋام قىلىپتۇ.

نەسىھەتلەر

●ئىنسانلارغا ياخشىلىق قىلىش اللّٰه نى رازى قىلىدۇ. اللّٰه ئۆزى ئۈچۈن قىلىنغان ھەر بىر ياخشىلىقنىڭ مۇكاپاتىنى بەرمەي قالمايدۇ. ئاسان ۋاقىتلاردا قىلىنغان ياخشىلىق قىيىن كۈنلەردە قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلۇشقا سەۋەپكار بولىدۇ.

## كېفلىنىڭ پۇشايمىنى

بۇرۇنقى زاماندا كىفل ئىسىملىك بىر كىشى بار ئىكەن. ئۇ ھەرقانداق يامان ئىشلارنى قىلىشتىن يانمايدىكەن. بىر كۈنى مۇھتاج بولۇپ قالغان بىر ئايال كىفلدىن ياردەم سوراپ كەپتۇ. كىفل:

ــئۆزەڭنى ماڭا تاپشۇرساڭ مەن ساڭا ياردەم قىلىمەن، دەپتۇ. ئايال چارىسىز بولغاچقا كىفلىنىڭ تەلىۋىگە ماقۇل بولۇپتۇ. كىفل ئۇ ئايالغا 60 تال تىللا بېرىپتۇ. كىفل ئۇ ئايالدىن پايدىلىناي دەپ تۇرۇشىغا ئۇ ئايال تىترەشكە ۋە يىغلاشقا باشلاپتۇ. كىفل:

- نېمىشقا يىغلايسەن؟ دەپ سوراپتۇ. ئۇ ئايال يىغلاپ تۇرۇپ:

- مەن ھاياتىمدا ھېچقاچان مۇنداق بىر گۇناھ ئىشنى قىلىپ باقمىغان ئىدىم. بۇ گۇناھقا مېنى مەجبۇر قىلىپ قويغىنى مېنىڭ ھەددىدىن ئارتۇق پېقىرلىقىمدۇر، ئەمما اللّٰه دىن خىجىل بولىۋاتىمەن ۋە قورقۇۋاتىمەن، دەپتۇ. كىفل ئۆزى ئاڭلىغان بۇ سۆزلەردىن ھەيرانلىق ئىچىدە قېلىپ:

ــدېمەك سەن اللّٰه دىن قورقۇپ يىغلاۋېتىپسەن- دە؟ ئەگەر ئۇنداق بولسا سەن كەتكىن، بەرگەن پۇللىرىم سېنىڭ بولسۇن، اللّٰه ماڭا مۇنچىلىك كۆپ نېئمەتلەر بەرگەن بولسىمۇ مەن يەنىلا گۇناھلارغا چۆكۈپ يۈرۈپتىمەن. اللّٰه بىلەن قەسەم قىلىمەنكى! بۇندىن كېيىن اللّٰه نىڭ بۇيرىغانلىرىغا ھېچقاچان قارشى چىقمايمەن ۋە ھېچقانداق گۇناھ ئىش قىلمايمەن! دەپتۇ ھەمدە گۇناھلىرىغا تەۋبە قىلىپتۇ.

كىفل شۇ كېچىسى تۇيۇقسىز ئۆلۈپ قاپتۇ.

ئىككىنچى كۈنى ئەتىگەندە كىشىلەر، كىفلىنىڭ ئىشىكىگە ”اللّٰه كىفلنى مەغپىرەت قىلدى “دېگەن خەت يېزىلغانلىقىنى كۆرۈشۈپتۇ.

نەسىھەتلەر

●پېقىرلىق ۋە ئاچلىق ھەرقانداق يامانلىقلارنى قىلىشقا مەجبۇر قىلىدۇ. شۇڭا ئىشلەپ ھالال ئەجىرگە ئېرىشىشىمىز، باشقىلارغا مۇھتاج بولماسلىققا تىرىشىشىمىز لازىم.

●ھەر ئىشنىڭ بېشى اللّٰه دىن قورقۇشتۇر.

●گۇناھلىرىدىن ھەقىقىي تەۋبە قىلغۇچى ھېچقانداق گۇناھ ئىشلىمىگەندەك پاكلىنىدۇ.

## ناماز گۇناھلارنى ياپىدۇ

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلاردىن ئەبۇ ئۇمامە رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرى بىلەن مەسجىدتە ئولتۇراتتى. شۇ چاغدا بىر ئادەم كىرىپ كەلدى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا:

ــ ئى اللّٰه نىڭ پەيغەمبىرى! مەن بىر گۇناھ ئىشلىدىم، ماڭا ئۇنىڭ جازاسىنى ئىجرا قىلغىن! دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ ئادەمگە ھېچبىر گەپ قىلمىدى. ئۇ ئادەم ئۇ سۆزىنى يەنە تەكرارلىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنىلا بىرنېمە دېمىدى. شۇ ئارىدا ناماز ۋاقتى كىرىپ قالدى ۋە ناماز ئوقۇلدى. ناماز ئوقۇلۇپ بولۇنغاندا ئۇ ئادەم يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئارقىسىغا كىرىۋالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ »سەن ئۆيىڭدىن چىققاندا تاھارەتنى ناھايىتى كامىل ئالغان ئەمەسمىدىڭ ؟ » دېدى. ئۇ ئادەم:

- شۇنداق ئى اللّٰه نىڭ پەيغەمبىرى! دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:
- «ئاندىن بىزنىڭ بىلەن بىرگە ناماز ئوقۇمىدىڭمۇ ؟» دەپ سورىدى. ئۇ ئادەم:
- ئوقۇدۇم، ئى اللّٰه نىڭ ئەلچىسى! دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:
- «ئۇنداق بولسا اللّٰه تەئالا گۇناھىڭنى كەچۈردى » دېدى.

نەسىھەتلەر

●ئىنىقكى بەش ۋاخ ناماز چوڭ گۇناھلارنى قىلماسلىق شەرتى بىلەن بىر ۋاخ ناماز بىلەن يەنە بىر ۋاخ ناماز ئارىلىقىدا قىلىنغان كىچىك گۇناھلارنىڭ كەچۈرىلىشىگە سەۋەب بولىدۇ.

●تاھارەتنى كامىل ئېلىش گۇناھلارنى يۇيىدۇ. تاھارەت ئېلىش ئۈچۈن قوللىرىنى ياخشى يۇيۇپ پاكىزلىغاندا قول بىلەن ئىشلەنگەن گۇناھلار تىرناقلارنىڭ ئۇچى ۋە بارماقلارنىڭ ئارىسىدىن چىققىپ كېتىدۇ.

●ئېغىز ۋە بۇرنۇڭغا سۇ بېرىپ يۈزىڭنى، جەينەكلىرىڭ بىلەن قوشۇپ بىلەكلىرىڭنى يۇغاندا ۋە بېشىڭغا مەسھ قىلىپ پۇتلىرىڭنى ئوشۇقلىرىڭ بىلەن قوشۇپ يۇغاندا پۈتۈن گۇناھلىرىڭدىن يۇيۇنۇپ پاكلانغاندەك بولىسەن.

●پىشانەڭنى اللّٰه ئۈچۈن سەجدىگە قويۇپ ناماز قىلغىنىڭدا پۈتۈن گۇناھلىرىڭدىن پاكلىنىپ پاك ــ پاكىز بولىسەن.

# ئىككىنچى پەسل:

# تەۋبە قىلغۇچىلار باغچىسى

فەھد ئىبنى ئابدۇرراھمان ھەمىد

# جنان التائبين



ئۇيغۇر تەرجىمە مەركىزى

**تەرجىماندىن**

مۆھتەرەم مۇسۇلمان، ھۆرمەتلىك كىتابخان!

قولۇڭلاردىكى بۇ كىتابچىنىڭ ئەرەب تىلىدىكى ئەسلى نۇسخىسى شەرەپلىك شەھەر مەككىدىكى ھەج مەزگىلىدە ھەدىيە سۈپىتىدە تارقىتىلغان بولۇپ، كىتابچىنىڭ تاش ۋارىقىغا «تەۋبە قىلغۇچىلار باغچىسى» دېگەن ئىسىم، ئۇنىڭ ئاستىغا بىر پارچە رەڭلىك سۈرەت بېرىلگەن بولۇپ، سۈرەتتىكى نۇرلۇق قۇياش، زەڭگەر ئاسمان، زۇمرەت ئۈستەڭ، ئېقىنىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى يۇمران كۆكاتلىق، خىلمۇخىل گۈل ـــ گىياھلار پايانسىز يىراقلارغا سوزۇلغان بولۇپ، سۈرەتكە قارىغان كىشىنىڭ قارىغانسىرى قارىغىسى كېلىپ، ئىختىيارسىز ھالدا، ئاللاھنىڭ جەننىتى بۇنىڭدىنمۇ تۈمەن ھەسسە گۈزەلدۇر ـــ ھە، دېگەن خىيالغا كېلەتتى.

كىتابچىدە نەقىل قىلىنغان قىسسىلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئىسلام ئىلىم دۇنياسىدىكى داڭلىق ئالىملاردىن رىۋايەت قىلىنغان، مۆتىۋەر كىتابلاردىن ئېلىنغان بولۇپ ۋەقەلىكنىڭ ئەينەنلىكى، كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ ھەر قايسى تەرەپلىرىگە چېتىلىدىغانلىقى بىلەن دىققىتىمىزنى چەكتى. ھەر بىر قىسسىنىڭ مۇئەييەن تەرىپىدىن ئۆزىمىزنى، ئەتراپىمىزدىكى ئاللىكىملەرنى كۆرگەندەك بولۇپ چۆچىدۇق.

گۇناھ پاتقىقىغا كەينى ـــ كەينىدىن پېتىپ، شۇ گۇناھلارنى قىلغاندا خىجىل بولمىغان بىلەن، گۇناھىمىزنى ئەسلىسەك، ئەسلىتىلسەك خىجىل بولىدىغان بىزدەك بەندىلىرى ئۈچۈن، جانابى ھەق سۇبھانەھۇ ۋە تائالا تەۋبىدىن ئىبارەت بۇ قۇتۇلۇش يولىنى رەھمەت سۈپىتىدە قالدۇرغان ئىكەن، بىز ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن نائۈمىد بولساق، جانابى ئاللاھنىڭ « ئەلغاففار » (مەغپىرەت قىلغۇچى، كەچۈرگۈچى) دېگەن ئۇلۇغ ئىسمىنى ئىنكار قىلغان بولۇپ قالىمىز. ئاللاھ ھەممىمىزنى تەۋبە قىلغۇچىلار، پاكلانغۇچىلار قاتارىدىن قىلسۇن، (ئامىن!)

خۇددى ئوخشىغان تاماقنى خوشنىمىزغا سۇنغان كەبى، بۇ كىتابچىنى دەرھال تەرجىمە قىلىپ، سىلەرگە ئازدۇر ـــ كۆپتۇر مەنىۋى ئوزۇق بولۇپ قالسا ئەجەب ئەمەس دېگەن ئۈمىدتە سۇندۇق.

تەرجىمىدە، گەرچە بىر قىسىم ئەرەبچە سۆز ـــ ئىبارىلەر ئۇيغۇر تىلى ئىستىمالىدا قوللىنىپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، ھەر ساھە، ھەر ياشتىكى ئوقۇرمەنلەرنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇ سۆز ـــ ئىبارىلەرنى ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە ئىزاھلاشقا تىرىشتۇق. شۇڭا بۇنىڭغا قارىتا ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئىجابىي قاراشتا بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

تەرجىمىدە ئۇقۇم ۋە تىل جەھەتتىن خاتا كەتكەن، چۈشۈرۈپ قويغان، زىيادە قىلىپ تاشلىغان جايلىرىمىز بولسا پېقىر، كەمىنە ـــ كەمتەرىن، ئىلمى ناقىس،

قەلمى گال، تەجرىبىسى چولتا بالا تەرجىمان قەلىمى توختىمىغان، چىكىت قويۇلمىغان، سىياھ قۇرىمىغان، سول مۇرىمىزدىكى پەرىشتە بۇ گۇناھنى يېزىپ ئۆلگۈرمىگەن مۇشۇ پەيتنىڭ ئۆزىدە، جانابى ھەقتىن بۇ بۈيۈك گۇناھىمىزنى رەھمەت سەترىلىرى بىلەن يېپىشنى، بىزنى ئۇلۇغ كۈن (قىيامەت) دە، بۇ گۇناھىمىز ئۈستىدە سوئال ــ سوراقتا تارتماسلىقنى بەدىنىمىزدىكى ئەڭ شەرەپلىك ئەزا يۈزىمىزنى تۇپراققا قويۇپ (سەجدىدە) تۇرۇپ تىلەيمىز.

بۇ كىتاپچىنىڭ قەلىمىمىزدىن ئۆيغۇرچە زۇۋانغا كىرگەن بۇ ۋەقەلىكتىن ئىبرەت ئالغان، قەلبى تىترىگەن ئۇيغۇر تىللىق ئىمان ئەھلىنىڭ چاڭقىغان دىلىنىڭ تەۋبە شەربىتى ئىچىپ، ھىدايەت نۇرىنى قايتىدىن تېپىپ، دۇنيالىق بەختىنىڭ تەمىنى تېتىپ، جەننەت ۋىسالىغا يېتىپ ئىككى دۇنيالىق مۇرادىغا مۇيەسسەر بولۇشىغا تۇرتكە بولۇپ قېلىشىنى، بۇ ئازغىنا ئەمگىكىمىزنى نىيىتىمىزگە يارىشا، ئۈزۈلمەس سەدىقە (سەدىقە جارى) قىلىپ بېرىشىنى قەلبىلەر ئىلكىدە بولغان ئاللاھتىن تۆۋەنچىلىك بىلەن سورايمىز.

چۈنكى، ئىنسانىيەتنىڭ ئۇلگىسى رەسۇلۇللاھ (ئۇنىڭغا سالام ۋە رەھمەتلەر بولسۇن) «ئاللاھ تائالانىڭ سەن ئارقىلىق بىر كىشىنى ھىدايەت قىلغىنى، سەن ئۈچۈن قىزىل تۆگىدىنمۇ[1] ياخشىدۇر»[2] دېگەن ئەمەسمۇ!

ـ ئا. ئابدۇراھمان خاقانى

ھىجرىيە 1428 ــ يىلى رەبىئۇل ئەۋۋالنىڭ 15 ــ كۈنى.

مىلادى 2007 ــ يىلى 3ـ ئاينىڭ 20 ــ كۈنى.

---

[1] قىزىل تۆگە ئەينى زامان ئەرەبلىرىدىكى ئەڭ قىممەتلىك مال ھېسابلىنىدىغان بولۇپ، بۇ يەردە ئەڭ چوڭ ساۋاب كۆزدە تۇتۇلغان ــ ت

[2] بۇخارى ــ 2787.

## كۆل بولۇپ كېتەي

ھەممىمىز خاتالىشىمىز، گۇناھ ئۆتكۈزىمىز، ئەمما ئاللاھ تائالا بىزگە مۆھلەت بېرىپ جازالاشقا ئالدىرىمايدۇ. ھەق سۇبھانەھۇ ۋە تائالا تەۋبە قىلغۇچىلار ۋە پاكلانغۇچىلارنى ياخشى كۆرىدۇ. شۇ سەۋەب، ئۇلارنىڭ گۇناھتىن ئۆزىنى تارتىپ توغرا يولغا قايتىشى ئۈچۈن تەۋبىدىن ئىبارەت بۇ يولنى ئېچىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ چوڭ ــ كىچىك خاتالىق ۋە گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىدۇ. ئۇ زاتقا ئەزەلدىن ــ ئەبەتكىچە، ئاشكارا ۋە مەخپىي ماختاش (ھەمد) لار بولسۇن.

بۇ ھەقتە، «سەھىھۇلبۇخارى» دا كەلتۈرۈلگەن مۇنداق بىر قىسسىنى مىسال ئېلىش مۇمكىن:

ئىسرائىل ئەۋلادى[1] دىن بولغان بىر كىشى، ئاللاھ هارام قىلغان ئىشلاردىن ساقلانماي، ئۆز نەپسىگە كۆپ زۇلۇم قىلىپ، قاتىللىق، پاھىشۋازلىق، ئوغرى ــ يالغانچىلىق، ئالدامچىلىق، ساختىپەزلىك، يالغان گۇۋاھچىلىقتەك پۈتكۈل ئەسكىلىكلەرنى قىلىپ، ھەددىدىن ئاشقان.

ئەمما ئۇ ئاللاھ تائالانى بىر دەپ بىلىپ، ئۇ زاتقا ھېچقانداق نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمىگەنىكەن.

بۇ كىشىگە ھېچكىم قېچىپ قۇتۇلالمايدىغان، ھەتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىمۇ ئەگىپ ئۆتۈپ كەتمىگەن، مال ــ مۈلۈك، بالا ــ چاقا، ئەمەل ــ مەنسەپ، شان ــ شەرەپ، ئابرۇي ــ ئاتاقمۇ ئەسقاتمايدىغان شۇنداق بىر پەيت يەنى، ئۆلۈم سەكراتى يېقىنلىشۋاتقاندا، باللىرىنى يىغىپ، ئۇلاردىن سورىدى:

- سىلەرگە قانداق دادا بولدۇم؟

- ئەڭ ياخشى دادا بولدىڭىز ــ دەپ جاۋاب بېرىشتى باللىرى.

دادىسى دېدىكى، جېنىم ئېلىكىدە بولغان زات بىلەن قەسەمكى، مەن ھەقىقەتەن « بىر ئاللاھتىن باشقا ھېچ ئىبادەت قىلىنغۇچى ۋە ياراتقۇچى يوقتۇر. » دەپ گۇۋاھلىق بەرگەندىن باشقا ھېچقانداق بىر ياخشىلىق قىلىپ باقىنىم يوق. مەن ئۆلسەم، شۇنداق بىر ئۇلۇغ ئوت يېقىپ مېنى تاشلاڭلار، جىسمىم كۆيۈپ كۆل بولۇپ كەتسۇن. ئاندىن قۇتىغا ئېلىپ كۈلۈمنى كۆككە سورىۋېتىڭلار...

ئۇ كىشى قازا تاپقاندا، ئۇنىڭ ۋەسىيتى بويىچە، گۈلخانغا تاشلاندى، كۈلى كۆككە سورۇلدى. جەسەت كۈلى شامالدا تاغ چوققىلىرىغا، دەرەخ باشلىرىغا، ئويمان-

---

[1] ئىسرائىل ئەۋلادى ــ ياقۇب ئەلەيھىسسالام ئەۋلادى بولۇپ، يەھۇدىلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ ــ تەرجىماندىن.

دالىلارغا، دەريا ــ ئۆستەڭلەرگە چېچىلدى. ئەمما، ئەھۋال شۇكى، ئۇنى دەسلەپتە ياراتقان زات يىغىدۇ.

جانابىي ھەق ئۇنىڭغا «بول» دېدى، تەن ئەسلىگە قايتتى.

سورىدى ھەق سۇبھانەھۇ ۋەتائالا: ھەي بەندەم، نېمە ئۈچۈن بۇنداق قىلدىڭ؟ سەن مېنىڭ ئەيىپلەرنى ياپقۇچى، گۇناھلارنى مەغپىرەت قىلغۇچى ئىكەنلىكىمنى بىلمىگەنمىدىڭ!؟

ئى، پەرۋەردىگارىم، سەندىن قورقتۇم، گۇناھلىرىمدىن قورقتۇم ـ دەپ جاۋاب بەردى ئۇ.

بۇ پەيتتە جانابىي ئاللاھ شۇنداق دەيدۇ: ھەي، مەلائىكلىرىم، سىلەرنى گۇۋاھ قىلىمەنكى، شەك ــ شۈبھىسىزكى، مەن بۇ بەندەمنى مەغپىرەت قىلدىم. ئۇنى جەننەتكە نائىل قىلدىم.

«بىر ئاللاھتىن باشقا ھېچ بىر ئىلاھ يوق» ئاللاھ تائالا بەندىلىرىگە نەقەدەر رەھىمدىل! نەقەدەر مەرھەمەتچىل! نەقەدەر كەڭ قورساق ــ ھە!

[كىمكى بىرەر يامانلىق ياكى ئۆزىگە بىرەر زۇلۇم قىلىپ قويۇپ ئاندىن ئاللاھتىن مەغفىرەت تەلەپ قىلسا، ئۇ ئاللاھنىڭ مەغفىرەت قىلغۇچى ناھايىتى مېھرىبان ئىكەنلىكىنى كۆرىدۇ.] (‹نىسا› سۈرىسى، 110ـ ئايەت)

## قويۇپ بېرىلگ چىقىپ كېتەي

ئۇ ئۆزىنى پەقەت يۈز دىنارنى ساق ئېلىپ كەلگەنلەرگىلا تاپشۇرىدىغان ئىنتايىن گۈزەل ۋە جەلىپكار بىر پاھىشە ئايال. كۈنلەرنىڭ بىرىدە، بۇ ئايال بىر ئىبادەتخانىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا، بۇ يەردە ئاللاھ ئىبادىتى بىلەنلا مەشغۇل بولىدىغان، شۇ نەپسىگىچە، ياراتقۇچىسىغا ھېچ بىر ئاسىيلىق قىلىپ باقمىغان بىر ئىبادەتگۇي بەندە ئۇ ئايالغا قاراپ ھەيرانەـ ھەسلىككە چۈمدۇ، شەيتان قاپقىنىغا چۈشىدۇ.

«دۇنيادىن ۋە ئاياللاردىن قورقۇڭلار.» دېگەن مۇبارەك سۆزنى قىلغان ئاللاھنىڭ رەسۇلى (ئۇنىڭغا سالام ۋە رەھمەتلەر بولسۇن!) ھەقىقەتەنمۇ راست سۆزلىگۈچىدۇر.

ھېلىقى ئىبادەتگۇي (ئابىد) نىڭ گېپىگە قايتساق، ئۇ يولىدىن تېيىلىدۇ. ئايالدىن ئۆزى بىلەن بىرگە بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. يۈز دىنارلىق بۇ ئايال قوروۇق قول كەلگەن بۇ كىشىنى رەت قىلىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن، ئارتۇق پۇلى تۇرماق، جېنىنى ئاران جان ئېتىپ كېتىۋاتقان بۇ ئابىد يۈز دىنار كويىدا ئىبادەتخانىنى تاشلاپ، ئۆزىنى رىيازەت كوچىسىغا باشلاپ، مىڭ بىر جاپا ــ مۇشۇقەتتە يۈز دىنارنى يانچۇقىقا توملاپ، پاھىشە ئايالنىڭ ھەشەمەتلىك تۇرالغۇسى ئالدىدا ئىشىك چېكىدۇ. ئايالغا تونۇشلۇق بېرىپ، يۈز دىنارنى ساق ئېلىپ كەلگەنلىكى بىلەن سۆز تېشىدۇ. ئايال ئۇنى قەسرىگە باشلاپ ئالتۇن يالىتىپ تولىمۇ

كۆركەم زىنىنەتلەنگەن كارۋىتىغا جىلۋە بىلەن تەكلىپ قىلغاندا، ئۇ كىشى ئولتۇرۇپ قالسا بولىدۇ.

«ئەجابا، سىز بىلەن چوقۇم بىرگە بولىمەن دەۋاتامتىڭىز!؟ ئەمدى، ئولتۇرۇپ قالدىڭىزغۇ؟» سورايدۇ، ئايال.

ئۇ كىشى: ئاللاھ تائالا ئەززە ۋە جەلنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ ئۇنىڭغا يۈزلىنىدىغانلىقىم خىيالىمدىن كېچىۋىدى. تىنىم جىنىمنى كۆتۈرەلمەي ئولتۇرۇپ قالدىم. دېگەن جاۋابنى بېرىۋىدى. ئۇ ئايالنىڭ ھەم قەلبى تىترەپ، تەنلىرى جۇغۇلداپ، قورقۇپ كېتىدۇ ۋە «مەن بىلەن توي قىلماي تۇرۇپ بۇ ئۆيدىن چىقمايسىز.» دەپ تۇرىۋالدى.

«ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، سىز بىلەن توي قىلمايمەن. بۇ دىنارلارنى ئېلىڭ، مېنى قويۇپ بېرىڭ، مەن چىقىۋالاي.» دەپ يالۋۇرىدۇ، ئىبادەتكار.

ئەمما ئايال ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىش تەلىپىدە يەنىلا چىڭ تۇرىۋالدى.

ئۇ كىشى زىنا ئۈچۈن پۇل تاپىمەن دەپ، ئىبادەتنى تەرك ئېتىپ، گۇناھ پاتقىقىغا پېتىپ يۈرگىنىگە قاتتىق پۇشايمان قىلىپ، بۇ پاھىشە ئايالدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، مېنىڭ يۇرتۇم پالانى يەردە، ئەگەر سىز تەۋبە قىلغان ھالەتتە كەلسىڭىز، سىز بىلەن توي قىلىشىم مۇمكىن- دەپ ئۇ ئايالدىن يىراقلاشتى.

خۇددى مۇشۇ قىسسىدە بايان قىلىنغاندەك، بۈگۈنىمىزدىكى بىر قىسىم ياشلىرىمىزمۇ شۇنداق قىلماقتا. ئۇلار پۇل تاپلاپ ئاللاھ تائالاغا ئاسىيلىق قىلىش ئۈچۈن كاپىرلارنىڭ بۇزۇقچىلىققا ئېچىۋىتىلگەن شەھەرلىرىگە بېرىشىدۇ...

ئاندىن ئۇلار ھېچ ئىش بولمىغاندەك قايتىپ كېلىشىدۇ. گويا ھەممىدىن ئىززەتلىك، ئۇستۇن، پاك ۋە بارلىق ھەمدۇسانا ماختاشلار ئۆزگە خاس بولغان يۈكسەك كۈچ قۇدرەت ئىگىسى ئاللاھ ھەق سۇبھانەھۇ ۋەتەئالا ئۇلارنى ئۆز شەھەرلىرىدىن باشقا شەھەرلەردە كۆزىتىپ تۇرمايدىغاندەك.

ئاللاھ ئۇلارغا ھىدايەت ئاتا قىلسۇن!

ئەلقىسسە، شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇ ئايالنى پاھىشىنىڭ قەبىھلىكى چۆچۈتىدۇ، ئەشەددىي گۇناھتا ھەددىدىن ئاشقانلىق ئىچ- باغرىنى ئۆرتەيدۇ.

بۇ پاھىشە ئايال ئاخىرى ياراتقۇچىسىغا قايتىپ، ئاللاھقا سەمىمىي تەۋبە قىلىدۇ. ۋە بۇ تەۋبىگە سەۋەب بولغان كىشىنى سۈرۈشتۈرۈپ يۈرۈپ تاپىدۇ.

ئايال ئۇ ئىبادەتگۈينىڭ ئىشىكىنى قاقىدۇ. ئىشىك تۈۋىدە تۇرغان پاھىشىنى كۆرگەن كىشى ھېلىقى چاغنى ئەسلەپ ئۆزىنى يوقىتىدۇ - دە، دەھشەتلىك بىر پەرياد ئۇرۇپ جان تەسلىم قىلىدۇ.

ئۇ ئايال بۇ ئىشتىن كېيىن، قاتتىق قايغۇرىدۇ. بۇ كىشىگە بولغان ھۆرمەت ــ مۇھەببەت يۈزىسىدىن ئۇنىڭ بىرەر تۇغقىنى بىلەن بولسىمۇ توي قىلىمەن دېگەن

نېيەتكە كىلىدۇ ۋە باشقىلارنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن ھېلىقى ئىبادەتگۈي سالىھ (توغرا يول تۇتقۇچى) كىشىنىڭ ئاق كۆڭۈل، تەقۋا بىر كەمبەغەل قىېرىندىشى بىلەن تۇرمۇش قۇرىدۇ.

پەرۋەردىگارى ئالەم (ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى) نىڭ ئىزنى بىلەن ئۇ ئىككىسىنىڭ ئۇرۇغىدىن يەتتە نەپەر دىندار، ئىبادەتكار، ئىتائەتمەن، تەقۋادار پەرزەنت يېتىشىپ چىقىدۇ.

ئاللاھتىن باشقا ھېچ بىر ئىلاھ يوقتۇر! تەۋبە نېمە دېگەن ئۇلۇغ! تۆۋبە قىلغۇچىلاغا قىلىنغان شاپائەت نېمە دېگەن كاتتا ــ ھە! قېنى كىم تەۋبە قىلغۇچى بولالايدۇ؟!

بۇ قىسسە ئىبنى قۇدامەنىڭ «تەۋبە قىلغۇچىلار» (ئەتتاۋۋابىن) دېگەن كىتابىدىن ئېلىنغان.

**ئۇ قاچقۇچى، ئاللاھ يولىغا قايتقۇچى ئايال**

مەن بۇ قىسسىلەرنى پەقەت ئىبرەت بولسۇن ئۈچۈنلا بايان قىلىۋاتىمەن.

[ئۇلارنىڭ قىسسىسىسىدىن ئەقىل ئىگىلىرى ئەلۋەتتە ئىبرەت ئالىدۇ.] (‹يۇسۇف› سۈرىسى، 111ـ ئايەت)

رەبىئە ئىبنى خەسيم ئىسىملىك ئوتتۇز ياشلاردىكى بىر ياش بولۇپ، ئۇ بوي ــ بەستى كېلىشكەن، ياشلىق جاسارىتى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان، تەڭتۇشلىرىنىڭ ھەستۇ ــ ھەۋىسى قوزغالغىدەك يىگىت ئىدى.

ئەمما ئۇنىڭدىكى ياشلىق ئىشقى پەقەت ئاللاھ ۋە ئاللاھ ئەلچىسىنىڭ مۇبارەك سۆزلىرىگە باغلانغان ئىشىق ئىدى.

رەبىئۇنىڭ شەھرىدە باشقىلارنى يولدىن چىقىرىش ئۈچۈن بەدپىلان تۈزۈپ يۈرۈيدىغان بىر ئۈچۈم بەدئەخلاق، ئىپلاس، پاسىقلار بولۇپ ئۇ ناكەسلەر مەخسۇس خوتۇن ــ قىزلارنى، ياش ــ ئۆسمۈرلەرنى، قېرى ــ چۈرى، ئاجىز ــ ماجىزلارنى جان ــ جەھلى بىلەن ئاللاھ يولىدىن قايتۇرۇپ دوزاخقا يېتەكلەش بىلەن بەنت ئىدى.

شۇنى قىستۇرۇپ ئۆتۈش ئارتۇق ئەمەسكى، بۇنداق نائەھلىلەر رەبىئۇنىڭ يۇرتىدىلا ئەمەس ھەممەيلەننىڭ ئەتراپىدا بار.

تەنبىھ، (ئاگاھلاندۇرىمىزنكى) كىمكى ئۇلارغا ئەگىشىدىكەن، ئالدىدا پەقەت يېنىپ تۇرغان ئوتلا باردۇر.

ئۇلار رەبىئۇنى بۇزۇش مەقسىتىدە، تىلىنى بىر قىلىپ، بىر ساھىبجامالنى مىڭ دىنارغا سېتىۋېلىپ، ئۇ خوتۇندىن رەبىئۇنى بىر سۆيۈپ قويۇشنى تەلەپ قىلغاندا، ئۇ خوتۇن ئېيتىدۇكى، « ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇ تېخى مەن بىلەن زىنامۇ قىلىدۇ.»

دەرۋەقە، ئۇ بىر خىلۋەتتە، رەبىئۇغا ئۆزىنى ئاشكارىلاپ، ئۇنىڭغا نازۇ ــ كەرەشمە قىلىدۇ.

بۇنى كۆرگەن رەبئۇ: «ھەي، ئاللاھنىڭ قۇلى، ئۆلۈم پەرىشتىسى شۇنداقلا چۇشۇپ جان تومۇرۇڭنى كېسىپ تاشلىسا، ھالىڭ نە بولۇر!؟ مۇنكەر، نەكىر سوراق قىلغاندا، نېمىمۇ دەرسەن!؟ رەببىڭدەك كاتتا زات، پەرۋەردىگارى ئالەمگە يۈزلىنىش پەيتىدە، نېمە كۈن كۆرەرسەن!؟ تەۋبە قىلمىساڭ، گۇناھكارلار جەھەننەمگە تاشلىنىۋاتقان كۈندە، سەن نېمە ئاقىۋەت كۆرەرسەن!؟ » دېگەن سوئاللارنى تاشلايدۇ. بۇلارنى ئاڭلىغان ئايال « ئاللا ــ توۋا » سالغىنىچە، قېچىپ كېتىپ، ئاللاھ تائالاغا قايتىدۇ ۋە تەۋبە قىلىدۇ. كېچىلىرىنى قىيامدا (نامازدا) تۇرۇپ كۈندۈزلىرىنى سىيامدا (روزىدار) بولۇپ ئۆتكۈزىدۇ.

كېيىنچە ئۇ ئايال كۇفىنىڭ[1] ئىبادەتكارى دەپ لەقەبلەنگەن.

ھېلىقى بىر ئۇچۇم نائەھلىلەر بولسا، ئۇ ئايالنى رەبئىنى بۇزۇۇشقا ئەۋەتسەك، رەبئى بىزگە قارىشى ئۇ ئايالنى بۇزۇپ تاشلىدى، دېيىشەتتى.

[ئەگەر سەن يەر يۈزىدىكى كۆپچىلىك كىشلەر (يەنى كۇففارلار) گەئىتائەت قىلىساڭ، ئۇلار سېنى ئاللاھنىڭ يولىدىن ئازدۇرىدۇ، ئۇلار پەقەت گۇمانغىلا ئەگىشىدۇ ئۇلار پەقەت يالغانىلا سۆزلەيدۇ.] (‹ئەنئام› سۈرىسى، 116ـ ئايەت)

[سەن گەرچە ئىنسانلارنىڭ ئىمان ئېيتىشغا ھېرىس بولساڭمۇ (لېكىن) ئۇلارنىڭ تولىسى ئىمان ئېيتمايدۇ.] (‹ئەنئام› سۈرىسى، 116ـ ئايەت)

ئەي، قېرىنداشلىرىم، ھەمشىرىلىرىم، يامانلىقتا، گۇناھقا چاقىرغۇچىلاردىن ھەزەر ئەيلەڭلار، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام (ئۇنىڭغا سالام ۋە رەھمەتلەر بولسۇن) نىڭ ھەدىسىگە قۇلاق تۇتۇڭلار. ئۇ زات سىلەرنى قايسى ماكان، قايسى زاماندا بولماڭلار خاتىرجەملىككە چاقىرىدۇ.

«مەيلى قەيەردە بول، ئاللاھ تائالادىن قورق، بىرەر يامانلىق قىلىپ سالساڭ، ئۇنىڭغا ئەگەشتۈرۈپ بىرەر ياخشىلىق قىلغىن. ياخشىلىق يامانلىقنى ئۆچۈرۈدۇ. كىشىلەرگە چىرايلىق مۇئامىلە قىلغىن» ـ تىرمىزى رىۋايىتى.

[(ئى مۇھەممەد!) ساڭا ۋەھى قىلىنغان قۇرئانغا چىڭ ئېسىلغىن سەن ھەقىقەتەن توغرا يولدىدۇرسەن.] (‹زۇخرۇف› سۈرىسى، 43ـ ئايەت)

[قۇرئان ساڭا ۋە سېنىڭ قەۋمىڭگە ئەلۋەتتە (ئۇلۇغ) شەرەپتۇر. سىلەر كەلگۈسىدە (بۇ نىئمەت ئۈستىدە) سورىلىسىلەر.] (‹زۇخرۇف› سۈرىسى، 44ـ ئايەت)

ھەممىمىز گۇناھ ئۆتكۈزگۈچىلەرمىز، ئەمما، ياخشىلىقلىرىمىز يامانلىقلىرىمىزنى ئۆچۈرىدۇ.

گۇناھنى چوڭ ــ كىچىك دەپ قارىماي، ئۆزىڭىز ئاسىيلىق قىلىۋاتقان زاتنىڭ شۇ

[1] ئىراقتىكى بىر شەھەرنىڭ ئىسمى

قەدەر ئۇلۇغلىقىغا قاراڭ.

بىر ھەدىس قۇددىسىدا ئاللاھ تائالا دېگەن: « ئىززىتىم ۋە ئۇستۇنلىكىم بىلەن قەسەمكى، قايسىبىر بىر بەندەم مەن ياخشى كۆرىدىغان بىر ئىشتىن مەن يامان كۆرىدىغان بىر ئىشقا ئۆزگەرسە، مەن ئۇنى ئۇنىڭ ياخشى كۆرىدىغان ئىشىدىن يامان كۆرىدىغان ئىشىغا بۇرىۋېتىمەن.»

## كىچە سائەت بىر

خۇش بېشارەت ئېلىپ كەلگۈچى كىشىلەر نۇرغۇن.

«بەختلىك ۋە بەختسىزلەر قىسسىسى » دېگەن كىتابنىڭ قەلەم ئىگىسى بايان قىلغان تۆۋەندىكى ھېكايەتتە ئۇنىڭغا قۇلاق تۇتقانلىكى قەلبى ساھىبلىرىغا ئىبرەت ۋە نەسىھەت باردۇر.

دەھشەتلىك قاتناش ھادىسلىرى، ھادىسگە ئۇچرىغۇچىلارنىڭ لەختە ــ لەختە بولۇپ كەتكەن ئەزالىرى، ھەتتا تەندىن ئاجراپ كەتكەن باشلىرىنى كۆتۈرۈپ ئېلىپ، بىر تەرەپ قىلىشتەك قورقۇنچلۇق كۆرۈنۈشلەرنى تولا كۆرۈپ يۈرىكى قېتىپ كەتكەن، بۇ قەدەر مەنزىرىلەر تەسىر قىلمايدىغان بۇ تاش باغىر كىشى قۇتقۇزۇش ماشىنىسىنىڭ شوپۇرى بولۇپ، نامازدىن يىراق، گۇناھىي كەبىرلەرگە غەرق بۇ ئىنسانغا تا بىر كېچىسى يۈز بەرگەن ۋەقەگە قەدەر، ئاللاھ ئەسلىتىلسە ئەسلىمەس، ۋەز ــ نەسىھەت قىلىنسا قوبۇل قىلماس ئىدى.

شوپۇر رىياد[1]نىڭ كىرىش ئېغىزىدا يۈز بەرگەن شۇ كېچىدىكى ھادىسىنى ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ:

كېچە سائەت بىر بولغان ئىدى، ماشىنا بىلەن ۋەقە يۈز بەرگەن ئورۇنغا يېتىپ كەلدىم. بىر ئاق پىكاپ سىمتاناپىقا سوقۇلغان ئىكەن. ئالدى بىلەن شۇ رايۇننىڭ توكىنى ئۈزىۋېتەي دەپ تۇرۇشۇمغا، پىكاپتىن چىقىۋاتقان بىر شولىنى بايقاپ ھەيران قالدىم، يېقىنلىشىپ قارىسام، ماشىنا ئىچىدە، قويۇق ساقاللىق، ئايدەك نۇرانە يۈزلۈك بىر كىشى تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ يۈزىنىڭ نۇرى ماشىنا ئىچىگە لىق تولۇپتۇ. بەدىنىنىڭ تۆۋەنكى قىسمى خېلىلا قاتتىق زەخىملەنگەن ئىكەن. ئۇنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئورۇندۇقنى ئارقىغا قايتۇرۇشقا ئۇرۇنۇۋېدىم. ئۇ:

ـ مېنى قۇتقۇزماقچىمۇسەن ئوغلۇم؟ دەپ سورىدى.

ـ شۇنداق، جاۋاپ بەردىم ئۇنىڭغا.

ـ ئۇنداقتا، خاپا بولماي تاماكاڭنى ئۆچۈرۈۋەتكىن، ئۇلۇغ پەرۋەردىگارىڭدىن قورق...

[1] رىياد ــ سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ پايتەختى ــ ت

قولۇمدىكى تاماكىنى ئۆچۈرۈپ، ئىشىمغا مەشغۇل بولدۇم. ئەمما ئۇنى يەنىلا ئورۇندۇقتىن تولۇق چىقىرالمايۋاتاتتىم.

- مىنى راستىنلا قۇتقۇزغۇڭ بارمۇ؟ دەپ سورىدى ئۇ قايتىلاپ.

- ئەلۋەتتە، دىدىم ئۇنىڭغا.

پەيغەمبىرىمىز (ئۇنىڭغا سالام ۋە رەھمەتلەر بولسۇن) شۇنداق دىگەن: « كىمكى سىلەرگە بىر ياخشىلىق قىلسا ئۇنىڭغا مۇكاپات بىرىڭلار ».

جانابىي ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئى، ئوغلۇم، مىنى قۇتقازغىنىڭ ئۈچۈن ساڭا بىرىدىغان بىر نەسىھەتتىن باشقا مۇكاپاتىم يوق. ئۇنى قوبۇل قىلامسەن؟ - دەپ سورىدى ئۇ مەندىن.

- قىنى ئىيتىڭ.

ئاللاھقا تەقۋالىق قىل! ئاللاھقا تەقۋالىق قىل! ئاللاھقا تەقۋالىق قىل! ناچار ھەمراھتىن ھەزەر ئەيلە...!

«"ئاللاھتىن باشقا ئىبادەت قىلىنغۇچى ۋە ياراتقۇچى يوقتۇر. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالانىڭ بىز ئىنسانلارغا ئەۋەتكەن ئەلچىسىدۇر" دەپ گۇۋاھلىق بىرىمەن.»- دەپ شاھادەت ئىيتىپ جان ئۈزدى.

جايىمدىن مىدىرلىيالماي، تىترەپ كەتتىم. بوۋاينى ئېلىپ ماشىنىغا سالدىم. كېچە سائەت ئۈچتە ئۇنى دوختۇرخانىنىڭ ھادىسە بۆلۈمىگە تاپشۇردۇم...

قايتىپ كىلىپ، كۆزۈمگە نە ئۇيقۇ كەلمەيتتى، بوۋاينىڭ سۆزلىرى قۇلاق تۈۋىمدە جاراڭلايتتى.

ساباھ (بامدات) نامىزىغا تۇردۇم، تاھارەت ئېلىپ، مەسجىدكە كىردىم. نامازدىن كىيىن، بولغان ۋەقەنى ئىمامغا سۆزلەپ بىرىۋىدىم، ئۇ:

ئۇ كىشىنىڭ ۋاپاتى بىلەن سىنى تىرىلدۈرگەن ئاللاھ تائالاغا چەكسىز ھەمدىلەر ئېيت، سەن ئۇ كىشىگە دۇئا قىل، دۇئايىڭ ئۇنىڭغا سۇنغان ئەڭ ياخشى مۇكاپاتىڭدۇر- دىدى.

ئاللاھتىن، ئۇنىڭغا رەھمەت ۋە مەغپىرەت ئاتا قىلىشىنى، مىنى ئۇنىڭ بىلەن جەننەتتە بىرگە قىلىشىنى تىلىدىم.

«ئاللاھ تائالانىڭ سەن ئارقىلىق بىر كىشىنى ھىدايەت قىلغىنى، سەن ئۈچۈن قىزىل تۆگىدىنمۇ[1] ياخشىدۇر»- ھەدىس شەرىف

ئاخىرقى نەپەسلىرىدە تۇرۇپمۇ ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇشتىن

[1] قىزىل تۆگە ئەينى زامان ئەرەبلىرىدىكى ئەڭ قىممەتلىك مال ھىسابلىنىدىغان بولۇپ، بۇ يەردە ئەڭ چوڭ ساۋاب كۆزدە تۇتۇلغان ــ ت

ئىبارەت ئاللاھ ئالدىدىكى مەسئۇلىيىتىنى تونۇپ، ئۇنى يەتكۈزەلىگەن كىشىنى كۆردۈڭلارمۇ؟ ئۇ قانداق قىلدى؟

ئۇ ئۇنىڭغا، «تاماكاڭنى ئۆچۈر، ئاللاھتىن قورق» دېدى. ئەمما بەزىمىز نى ــ نى ئېغىر گۇناھلارنى قىلىۋاتقانلارنى كۆزىمىز كۆرۈپ تۇرسىمۇ، شەيتانغا ئوخشاش پەرۋا قىلمايمىز.

ئاللاھتىن قورقۇڭلار، ئاللاھ يولىدا ھەقنى سۆزلەشتە مالامەتتىن قورقماڭلار، شۈبھىسىزكى، ھەق سۇبھانەھۇ ۋەتائالا ئۇنى مەنپەئەتلىك قىلىپ بېرىدۇ.

جانابى ئاللاھنىڭ سەن ئارقىلىق بىر كىشىنى ھىدايەت قىلىشى، سەن ئۈچۈن قىزىل تۆگىدىنمۇ ياخشىدۇر.

**گۆھەر زۈننار ھەققىدە قىسسە**

كىمكى، ئاللاھ رىزالىقى ئۈچۈن بىر نەرسىنى تاشلايدىكەن، ئاللاھ تائالا ئۇ كىشىگە ئۇنىڭدىنمۇ ياخشىسىنى ئاتا قىلىدۇ.

ئىبنى رەجەبنىڭ «ئاخىرىقى ھەنبەلى ئۆلىمالىرى» (زەيىل تەبەقاتۇل ھانابىلە) دېگەن كىتابىدا، بەززاز ئىسىملىك بىر كىشىنىڭ مۇنداق بىر قىسسىسىنى بايان قىلغان.

مەككىدىكى كۈنلىرىمنىڭ بىرىدە، ماڭا ئىنتايىن ئاچلىق يېتىپ، يېنىمدىن ئاچلىقتا دال بولغىدەك ھېچنىمە تاپالماي، يېمەك ئىزدەپ سىرتقا چىققان ئىدىم. تۇيۇقسىز يىپەك بوغقۇچتا چىگىلگەن بىر يىپەك ھەميان تېپىۋالدىم. ئۆيۈمگە كىلىپ ئۇنى يەشتىم. قارىسام، بۇ ئۆمرۈمدە كۆزۈم كۆرمىگەن ئاجايىپ گۆھەر بولاپكىلار تۇرۇپتۇ. خالتىنى شۇ پېتى چىگىپ قويۇپ، غىزا كويىدا يەنە كوچىغا چىققان ئىدىم. كىم بىر ھەميان تېپىۋالدى؟ تېپىۋالغۇچىغا بەش يۈز ئالتۇن دىنار بېرىلىدۇ ـ دەپ توۋلاپ يۈرگەن بىر مويسىپىتنى ئۇچراتتىم. ئۆز ــ ئۆزۈمگە:

مەن شۇ تاپ ئاچلىق ۋە مۇھتاجلىقتىمەن، ھەميانىنى ئىگىسىگە تاپشۇرۇپ بېرىپ، ئۇ دىنارنى ئېلىپ پايدىلىناي دېدىم ـ دە، ئۇنى ئۆيۈمگە باشلاپ كېلىپ، بوۋايدىن ھەميان ۋە گۆھەرنىڭ ئالامەتلىرى، گۆھەرنىڭ سانى توغرىسىدا تەپسىلىي سورىۋېدىم. ئەينەن دەپ بېرەلىدى. ھەميانىنى ئۇنىڭغا تاپشۇردۇم. ئۇ دېگىنىدەكلا ماڭا بەش يۈز دىنارنى سۆيۈنچە سۈپىتىدە سۇندى. مەن ئۇنىڭغا ھەميانىنى قايتۇرۇش مەسئۇلىيىتىم ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ، ئۇ پۇلنى ئېلىشنى رەت قىلدىم. ئۇ ھەم سۆزىدە چىڭ تۇرىۋالدى.

«ئۆزۈم مۇھتاجچىلىقتا تۇرساممۇ، ئۆزىدىن باشقا ھېچبىر ئىلاھ بولمىغان زات ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، بۇ ئىشىمغا ئاللاھتىن باشقا ھېچكىمدىن مۇكاپات ئالمايمەن» دېدىم ھەم ئۇ دىنارنى ئالمىدىم. بوۋاي بىلەن خوشلاشتىم. ھەج مەۋسۇمى

تۆگىگەندىن كېيىن ئۇ يۇرتىغا قايتىپ كەتتى.

ئۆزۈمگە كەلسەم، مەن مەككىدىن ئايرىلىپ، دېڭىز سەپىرگە چىقتىم. سەپەردە، كېمە دەھشەتلىك دولقۇنغا ئۇرۇلۇپ، پاچاقلىنىپ ئادەم ۋە مال ــ مۈلۈكلەر تامامەن سۇغا غەرىق بولۇپ كەتتى. كۆرۈپ تۇرغۇچى پەرۋەردىگارى ئالەمنىڭ ھىمايىسى بىلەن بىر پارچە تاختاي ئۈستىگە چىقىپ قاپتىمەن. تاختاي ئۈستىدە توختاۋسىز تەۋرىنىپ، لەيلەپ كېتىۋاتاتتىم. تاكى، دولقۇنلاردا لەيلەپ بىر ئارالغا چىقىپ قالغۇچىلىك، بىر تاختاي ئۈستىدىكى جىسمىمنىڭ نەگە بېرىپ، نەدە توختايدىغانلىقىنى ئۆزۈم ھەم بىلمەيتتىم.

ئۇ ئارالنىڭ ئاھالىسى نە ئوقۇش نە يېزىشتىن بىخەۋەر ساۋاتسىز كىشىلەر ئىكەن. مەن ئۇلارنىڭ مەسجىدىدە، قۇرئان ئوقۇپ ئولتۇرسام، مېنى كۆرگەن كىشىلەر يېنىمغا كېلىپ، ئۆزلىرىگە قۇرئان ئۆگىتىپ قويۇشۇمنى تەلەپ قىلىشتى.

شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇلارنىڭ ھەممىسگە قۇرئان ئۆگەتتىم. بۇ ئىشىمنىڭ ئەجرىدىن نۇرغۇن ياخشىلىق كۆردۈم. بىر قېتىم مەن ئۇ مەسجىدە يېزىلىپ كەتكەن بىر قۇرئاننى قولۇمغا ئېلىۋىدىم.

يېزىقنىمۇ بىلەمسىز؟ ـ دەپ سوراشتى ئۇلار.

مەن بىلىدىغانلىقىمنى ئېيتتىم، ۋە ئۇلارنىڭ باللىرىغا خەت يېزىشنى ئۆگەتتىم. بۇ ئىشىمنىڭ ئەجرىدىن ھەم ئاجايىپ ياخشىلىقلارنى كۆردۈم.

شۇندىن كېيىن، ئارالدىكىلەر، مېنىڭ ئۇ يەردە تۇرۇپ قېلىشىمنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى، شۇ يەردىكى قول ئىلكىدە بار بىر يېتىم قىزنى ماڭ چېتىپ قويغۇسى بارلىقىنى ئېيتىشتى.

دەسلەپتە قوشۇلمىدىم. ئەمما ئۇلار ناھايىتى چىڭ تۇرۇۋالغاچقا ئارتۇق رەت قىلالمىدىم. ئۇلار بارلىق توي تەييارلىقلىرىنى پۈتتۈرۈپ، قىز بىلەن ئىككىمىزنىڭ بېشىنى ئوڭشاپ قويدى. قىزنىڭ تۇغقانلىرى قىز كۆچۈرۈپ كەلگەندە، ئۇلار بىلەن بىر سورۇندا ئولتۇرغان ئىدۇق. تۇيۇقسىز قىزنىڭ بويىنىغا ئېسىلغان زۇننارغا كۆزۈم چۈشۈپ، ھەيرانلىق ئىچىدە قاراپ قالدىم. بۇ مەن مەككىدە تېپىۋالغان زۇننارنىڭ دەل ئۆزى ئىدى. قىزنىڭ تۇغقانلىرى:

بۇ دىلى سۇنۇق يېتىمنىڭ قەلبىگە قارىماي، ئەجەپ بويىنىدىكى زۇننارغا قاراپ قالدىڭىزغۇ ــ ئۇستاز؟ دەپ سوئال قىلدى.

بۇ زۇننار ئاجايىپ بىر قىسسىگە ساھىب زۇننار ــ دېدىم ۋە ئۇلارغا پۈتكۈل قىسسىنى سۆزلەپ بەردىم. تەھلىل (لا ئىلەھە ئىللەللاھ)، تەكبىر (ئاللاھۇ ئەكبەر) ۋە تەسبىھ (سۇبھانەللاھ) چوقانلىرى پۈتكۈل ئارالدا جاراڭلاپ كەتتى.

ئاللاھ ھەممىدىن پاكتۇر! (سۇبھانالاھ!) سىلەرگە نېمە بولدى؟ دېسەم، ئۇلار ماڭا

مۇنداق دەپ جاۋاب بەردى.

سىز گۆھەرلەرنى قايتۇرۇپ بەرگەن ئۇ كىشى دەل بۇ قىزنىڭ دادىسى بولىدۇ. ئۇ ھەجدىن قايتقىچە، «ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەن جاھاندا، مەككىدە ماڭا گۆھەرلەرنى قايتۇرۇپ بەرگەن كىشىدەك مۇسۇلماننى كۆرۈپ باقمىدىم، ئى، رەببىم، مېنى ئۇنىڭ بىلەن ئۇچراشتۇرغىن، قىزىمنى ئۇنىڭغا قوشۇپ قوياي» دېگەن سۆزلەرنى قايتا ـ قايتا دەپ كەلگەن ئىدى. ئۇ ئۆلۈپ كەتتى ـ بىراق، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىپ، سىز ئۇنىڭ قىزى بىلەن توي قىلدىڭىز.

مەن ئۇنىڭ بىلەن بىر مەزگىل بىرگە ياشىدىم. ئۇ تولىمۇ ياخشى ئايال ئىدى. ئارىمىزدا ئىككى بالىمۇ بولدى. ئۇزۇن ئۆتمەي، ئۇ ئۆلۈپ كەتتى. ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن. ئاندىن ئىككى ئوغلۇم بىلەن ئۇ گۆھەرلەرنىڭ ۋارىسى بولدۇق. كېيىن، بالىلىرىممۇ بىر ـ بىرىنىڭ كەينىدىن ۋاپات تاپتى. شۇنداق قىلىپ، گۆھەرلەر ئۇ ئىككىسىدىنمۇ ماڭا مىراس قالدى.

كېيىنچە ئۇ گۆھەرلەرنى يۈز مىڭ دىنارغا ساتتىم. شەكسىزكى، ھازىرغىچە خەجلەۋاتقىنىم شۇ پۇللاردىن. ئاللاھ ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!

كىمكى ئاللاھ رىزالىقى ئۈچۈن بىر ئىشنى تاشلايدىكەن، ئاللاھ ئۇ كىشىگە ئۇنىڭدىنمۇ ياخشىسىنى ئاتا قىلىدۇ.

[كىمكى ئاللاھتىن قورقىدىكەن ئاللاھ ئۇنىڭغا چىقىش يولى بېرىدۇ، ئاللاھ ئۇنىڭغا ئويلىمىغان يەردىن رىزىق بېرىدۇ.] («تالاق» سۈرىسى 2ـ،3ـ ئايەت)

[كىمكى ئاللاھتىن قورقىدىكەن ئاللاھ ئۇنىڭ ئىشىنى ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىدۇ.] («تالاق» سۈرىسى 4 ـ ئايەت)

**بۇ ئۇلارنىڭ تۆۋەن دەرىجىسى**

ھەق سۇبھانەھۇ ۋەتائالانىڭ بەندىلىرى ئۈچۈن جەننەتتە ھازىرلىغان نېمەتلىرى ئۈستىدە ئويلان، تەپەككۇر قىل!

ئەڭ تۆۋەن دەرىجىدىكى جەننەت ئەھلىگە تەقدىم قىلىنغىنى ئارىلىقى مىڭ يىل مۇساپىسىدىكى قەسىر بولسا، ئۇنداقتا، ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدىكى جەننەت ئەھلىنىڭ مەرتىۋىسى قانداقتۇ ـ ھە!؟

«سەھىھۇل مۇسلىم»دا مۇغىيرە ئىبنى شوئبە (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) دىن رىۋايەت قىلىنغان مۇبارەك ھەدىس شەرىفتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام (ئۇنىڭغا سالام ۋە رەھمەتلەر بولسۇن) مۇنداق دېگەن:

« مۇسا ئەلەيھىسسالام پەرۋەردىگارىدىن: جەننەت ئەھلىنىڭ ئەڭ تۆۋەن دەرىجىلىكى قانداق بولىدۇ؟ دەپ سورىغاندا، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى ئاللاھ مۇنداق دېگەن: ئۇ شۇنداق كىشىكى، جەننەت ئەھلى جەننەتكە كىرىپ بولغاندىن

كىيىن، كىلىدۇ، ئۇ ھەقىقەتەن جەننەت تولۇپ كەتكەندەك تۇيغۇغا كەلتۈرۈلىدۇ. ئاللاھ ئەززە ۋە جەل ئۇنىڭغا:

جەننەتكە كىرگىن، دېگەندە، بەندە:

ئى، پەرۋەردىگارىم، ھەر كىم قارارگاھىغا چۈشۈپ، ئۆز نېسىۋىلىرىنى ئېلىپ بولغان تۇرسا، مەن نەگىمۇ باراي؟! دەيدۇ.

جانابىي ھەق مۇبارەك لەفزىلىرى بىلەن: جەننەتكە كىر ـ دەپ قايتا ئەمىر قىلغاندا، بەندە يۇقىرىدىكى سۆزلەرنى يەنە تەكرارلايدۇ.

شۇنىڭ بىلەن رەھىم سۈپىتىگە ھەقلىق پەرۋەردىگارى ئالەم ئۇنىڭغا سوئال تاشلايدۇ:

دۇنيا پادىشاھلىرىدىن بىر پادىشاھنىڭ مۈلكىچىلىك مال ــ دۇنيا بېرىلسە رازى بولامسەن؟

ـ رازىمەن ئاللاھىم، رازىمەن! رازى بولماي ھەددىممۇ مېنىڭ! دەپ كېتىدۇ.

جانابىي ھەق:

شۇنچىلىكى سېنىڭ بولسۇن، يەنە شۇنىڭچىلىكى بولسۇن، يەنە شۇنىڭچىلىكى بولسۇن، يەنە شۇنىڭچىلىكى بولسۇن ـ دەپ بەشىنچى قېتىمغا كەلگەندە، ئۇ بەندە:

ئى، ئاللاھ، رازى بولدۇم، ئى، ئاللاھ، رازى بولدۇم! ــ دەيدۇ.

ئاللاھ تائالا، سېنىڭ مۈلكىڭ، شۇنىڭ ئون ھەسسىسىچىلىك بولسۇن، ۋە ئۇندىن باشقا يەنە كۆڭلۈڭ تارتقان، كۆزۈڭ كۆرگەننىڭ ھەممىسى سېنىڭ بولسۇن، سەن ئۇنىڭكى ئەبەدىيلىك ساھىبى » دەيدۇ.

[ئۇلارنىڭ قىلغان ئەمەللىرىگە مۇكاپات يۈزىسىدىن اللهنىڭ ھۇزۇرىدا ساقلانغان ۋە ئۇلارنى خۇشال قىلىدىغان كاتتا نېمەتنى ھېچكىم بىلمەيدۇ.] («سەجدە» سۈرىسى، 17ـ ئايەت)

«سەھىھۇل بۇخارى» ۋە «مۇسلىم» دا رىۋايەت قىلىنغان يەنە بىر ھەدىستە، «شۈبھىسىزكى، ئاللاھ تائالا بەندىلەر ئۈستىدە ھۆكۈم قىلىپ بولغاندىن كېيىن، بىر كىشى دوزاختىن ئازاد قىلىنىسمۇ ئەمما، دوزاخقا يۈزلەندۈرۈلگەن ھالدا قالدۇرۇلىدۇ. لېكىن ئۇ جەننەتكىمۇ كىرگۈزۈلمەيدۇ، ئۇنىڭ ئىشىكىگىمۇ يولتىلمايدۇ. بەندە شۇ ھالەتتە ئاللاھقا يالۋۇرىدۇ:

پەرۋەردىگارىم، يۈزۈمنى دوزاختىن بۇرىۋەتكىن، ئى، رەببىم، رەھمىتىڭ بىلەن يۈزۈمنى دوزاختىن بۇرۇۋەتكىن. ئۇنىڭ بەد بۇيىدىن قىينىلىپ، چاچراندى يالقۇنىدا كۆيۈپ كېتىۋاتىمەن.

بەندە تاكى رەھمان تائالا خالىغان بىر مۇددەتكىچە، شۇ تۇرۇقتا دۇئا قىلىدۇ.

ئاندىن ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا دەيدۇ:

ئەگەر يۈزۈڭنى دوزاختىن بۇرىۋەتسەم مەندىن باشقا نەرسە سورىماسسەنمۇ؟

- ئىززىتىڭ ۋە ئۇلۇغلىقىڭ بىلەن قەسەمكى، ئۇنىڭدىن باشقىنى سورىمايمەن، يۈزۈمنى دوزاختىن بۇرىۋەتكىن، يا رەببىم- دەپ نىدا قىلىدۇ، بەندە.

ناھايىتى شەپقەتلىك، مېھرىبان ۋە ئەپۇچان زات ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ يۈزىنى دوزاختىن بۇرىۋېتىدۇ.

ئۇ ئاللاھ خالىغان بىر ۋاقىتقىچىلىك جىم تۇرۇپ ئاندىن يەنە بىر قېتىم ئاللاھتىن تىلەيدۇ:

پەرۋەردىگارىم، رەھمىتىڭ بىلەن مېنى جەننەت ئىشىكىگە يېقىنلاشتۇرۇغان بولساڭ! مېنى جەننەت ئىشىكىگە يېقىنلاشتۇرۇغان بولساڭ!

- ھەي ئادەم بالىسى، سەن نېمانچە ۋاپاسىز، نېمانچە چىدىماس، ئەجابا سەن ماڭا، مەندىن باشقا نەرسە سورىماسلىققا ئەھدى ــ پەيمان بەرمىگەنمىدىڭ!؟

- پەرۋەردىگارىم، رەھمىتىڭ بىلەن مېنى جەننەت ئىشىكىگە يېقىنلاشتۇرۇغىن...!

- ئەگەر سورىغىنىڭنى بەرسەم، مېنىڭدىن يەنە باشقا نەرسە سورىماسسەنمۇ؟

- ئىززىتىڭ ۋە ئۇستۇنلىكىڭ بىلەن قەسەمكى، سەندىن ئۇنىڭدىن باشقىنى سورىمايمەن.

ئاندىن راھمان تائالا ئۇنى جەننەتنىڭ ئىشىكىگە يېقىنلاشتۇرۇپ قويىدۇ. بەندە شۇ يەردە يەنە ئاللاھ خالىغان بىر مۇددەتكىچىلىك تۇرغاندا، جەننەت ۋە ئۇنىڭدىكى، ھۆر ــ پەرىلەر، قەسىرلەر، باغچىلار، ۋە نېمەتلەرنى ئەينەن كۆرۈپ تۇرۇدۇ ۋە يەنە يالۋۇرۇدۇ:

پەرۋەردىگارىم، مېنى جەننەتكە كىرگۈزۈۋەتكەن بولساڭ.

- ۋاي، ساڭا، ئەي ئادەم بالىسى، سەن نېمە دېگەن ۋاپاسىز، نېمە دېگەن چىدىماس! سەن مەندىن باشقا نەرسە سورىماسلىققا سۆز بەرگەن ئەمەسمىدىڭ!؟

- پەرۋەردىگارىم، رەھمىتىڭ بىلەن مېنى جەننەتكە كىرگۈزۈۋەتكىن، رەھمىتىڭ بىلەن مېنى جەننەتكە كىرگۈزۈۋەتكىن!

- ئەگەر سېنى كىرگۈزسەم، مەندىن باشقا نەرسە سورىماسسەنمۇ !؟

- ئىززىتىڭ ۋە ئۇستۇنلىكىڭ بىلەن قەسەمكى، سەندىن ئۇنىڭدىن باشقىنى سورىمايمەن.

ئاندىن جانابى ئاللاھ ئۆز رەھمىتى، سېخىيلىقى ۋە پەزلى بىلەن ئۇنى جەننەتكە كىرگۈزىۋېتىدۇ. بۇ ئۇ بەندىگە يېتەرلىك ئىدى. ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا يەنە مۇنداق دەيدۇ:

ھەي، بەندەم، سورايدىغىنىڭنى سورا ! تىلىكىڭنى ئېيت !

ئاندىن ئۇ تىلەيدۇ، سورايدۇ. راھمان تائالا پەزلى ــ رەھمىتى بىلەن ئۇنىڭ ئارزۇ ــ ئارمانلىرى تۈگىگەنگە قەدەر ئەسلىتىپ تۇرىدۇ. يەنە ئۇنىڭغا: سورا ــ دېگەندە، ئۇ بەندە:

ـ ئەمدى، ھېچنېمىدىن تامايىم يوق، رەببىم- دەيدۇ.

ھەق سۇبھانەھۇ ۋەتائالا مۇبارەك لەفزىلىرى بىلەن شۇلارنى دەيدۇ:

ئالغانلىرىڭ سېنىڭ بولسۇن، ۋە شۇنىڭ ئون ھەسسىچىلىك بولسۇن، كۆڭلۈڭ خالىغان، كۆزۈڭ كۆرگەنىنىڭ ھەممىسى سېنىڭ بولسۇن، سەن ئۇ يەردە مەڭگۈ قالغۇچىسەن.»

[ئۇلارنىڭ قىلغان ئەمەللىرىگە مۇكاپات يۈزىسىدىن ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىدا ساقلانغان ۋە ئۇلارنى خۇشال قىلىدىغان كاتتا نېمەتنى ھېچكىم بىلمەيدۇ.] (‹سەجدە› سۈرىسى، 17ـ ئايەت)

مۇسا ئەلەيھىسسالام، ئىككىنچى مەرتە شۇنداق سوئال قىلىدۇ:

ئى، پەرۋەردىگارىم، بۇ تۆۋەن دەرىجىسى بولىدىغان بولسا، جەننەت ئەھلىنىڭ ئەڭ يۇقىرى دەرىجىلىكىنىڭ مەرتىۋىسى قانداق بولىدۇ؟ ئاللاھ تائالا ئېيتىدۇكى، ئۇلار مەن خالىغان شۇنداق كىشىلەركى، ئۇلارنىڭ ھۆرمەت دەرىخىنى ئۆز قولۇم بىلەن تىكتىم. بۇ دەرەخلەرنى باشقىلارنىڭ كۆرمەسلىكى ئۈچۈن پېچەتلىۋەتتىم. ئۇلارنى ھېچ قانداق كۆز كۆرگىنى يوق، ھېچقانداق قۇلاق ئاڭلىغىنى يوق، ھېچبىر ئىنسان زاتىنىڭ كۆڭلىدىن كەچكىنى يوق.

[ئۇلارنىڭ قىلغان ئەمەللىرىگە مۇكاپات يۈزىسىدىن ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىدا ساقلانغان ۋە ئۇلارنى خۇشال قىلىدىغان كاتتا نئمەتنى ھېچكىم بىلمەيدۇ.] (‹سەجدە› سۈرىسى، 17ـ ئايەت)

ئاللاھتىن باشقا ھېچبىر ئىلاھ يوقتۇر، ئاللاھ تائالا نېمە دېگەن مېھرىبان! نېمە دېگەن كۆيۈمچان ــ ھە! رەھمى تامامى ئالەمگە يېتىدىغان راھمان تائالادىن بىزگە رەھىم قىلىشىنى سورايمىزكى، ئۇ زات ھەممىدىن پاك ۋە ماختىلىشقا ھەقىقىي لايىقتۇر.

## ئىشىك تاقاقلىق ئىكەن

يىتۈك ئىسلام ئالىمى، جامائەت ئەربابى ئىبنى قەييۇم (ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن) ئارىفلار[1] دىن بىر كىشىنىڭ بىر كۈنى كوچىدا كېتىۋېتىپ، بىر ئايالنىڭ بالىسىنى يىغلاپ، يالۋۇرغىنىغا قارىماي ئۇنى ئىتتىرىپ چىقىرىۋەتكىنىچە، ئىشىكنى يېپىپ كىرىپ كەتكەنلىكىنى، ئاندىن ئۇ بالا بىر دەم ماڭغاندىن كېيىن، ئۆز ئۆيىدىن باشقا بارىدىغان جايى ۋە ئۆز ئانىسىدىن باشقا ئۇنى قوينىغا ئالىدىغان كىشىسىنىڭ يوقلىقىنى ئويلاپ، كۆڭلى يېرىم بولغان ھالدا ئۆيىگە قايتىپ بارسا، ئىشىك تاقاقلىق تۇرغان، بالا بوسۇغىدا يېتىپ ئۇخلاپ قالىدۇ. شۇ ئەسنادا ئانىسى چىقىدۇ- دە، بالىنى

---

[1] ئارىف ئاللاھنى بىر قەدەر ياخشى تونۇغان بىر تۈركۈم كىشىلەر ــ ت

شۇ هالدا كۆرۈپ، بالىغا ئۆزىنى ئېتىپ بۇقۇلداپ يىغلاپ تۇرۇپ:

جېنىم بالام، نەگە، كىمنىڭمۇ قېشىغا باراتتىڭ؟ مەندىن باشقا كىممۇ سېنى ئۆز قوينىغا ئالسۇن؟ مەن ساڭا سىزغان سىزىقىمدىن چىقما دېمىدىممۇ؟ ساڭا قىلغانلىرىم، كۆيۈنۈشۈم، مېھرىبانلىقىمغا شۇنداق جاۋاب قايتۇرامسەن؟ دېگىنىچە بالىسىنى باغرىغا چىڭ بېسىپ ئېلىپ كىرىپ كەتكەنلىكىدەك بىر قاتار ئەھۋاللارنى كۆرگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ.

ئۇ ئايالنىڭ «ساڭا قىلغانلىرىم، كۆيۈنۈشۈم، مېھرىبانلىقىمغا شۇنداق جاۋاب قايتۇرامسەن» دېگەن سۆزلىرى بىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام (ئۇنىڭغا سالام ۋە رەھمەتلەر بولسۇن!) نىڭ «ئاللاھ تائالا ئۆز بەندىلىرىگە ئانىنىڭ ئۆز بالىسىغا بولغان مېھرىبانلىقىدىنمۇ ئارتۇق مېھرىباندۇر» دېگەن مۇبارەك ھەدىسى ئۈستىدە مۇلاھىزە قىلىپ بېقىڭ.

ئاللاھ ئەززە ۋە جەللىنىڭ رەھمىتى ئالدىدا ئانىنىڭ رەھمىتى دېگەن قانچىلىك ئىدى- ھە!

ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە بوش - بوشاڭلىق، ھورۇن ـ بىغەملىك بىلەن ئېرىشكىنى بولامدۇ، ياكى، ئەقىدە ـ ئىخلاس، ئىش ـ ئەمەل بىلەنمۇ؟

ئاللاھنىڭ رەھمىتىنى كىملەرگە بېغىشلىغان؟

[مېنىڭ رەھمىتىم مەخلۇقاتىنىڭ ھەممىسىگە ئورتاقتۇر. رەھمىتىمنى (كۇفرىدىن ۋە گۇناھتىن) ساقلانغۇچىلارغا (ماللىرىنىڭ) زاكىتىنى بېرىدىغانلارغا ۋە بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزگە ئىمان ئېيتىدىغانلارغا تېگىشلىك قىلىمەن.] (‹ئەئراف› سۈرىسى، 156- ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

[ئۇلار ئەلچىگە - ئۇممى پەيغەمبەرگە (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) ئەگىشىدۇ، ئۇلار ئۆز ئىلكىدىكى تەۋرات ئىنجىللاردا ئۇنىڭ (سۈپىتىنىڭ) يېزىلغانلىقىنى كۆرىدۇ.] (‹ئەئراف› سۈرىسى،157- ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

شۈبھىسىزكى، ئاللاھنىڭ رەھمىتى بىخۇدلۇق چۆلىدە ئازغان، لايغەزەللىك پاتقىقىغا پاتقان غاپىللار ئۈچۈن ئەمەس بەلكى، ئەمەل قىلغۇچىلار ئۈچۈن، چىن ئىخلاس بىلەن تەۋبە قىلغانلار ئۈچۈن بېغىشلانغاندۇر. (بۇ قىسسە تامام)

هارامغا قاراپ تاشلىغان ئەنسارى يىگىتنىڭ تۆۋەندىكى قىسسىسى تەپەككۇر دەرۋازىمىزنى چەككۈسى.

## نېمىدىن بىئارام بولىۋاتىسەن؟

ئەنسارى[1] جابىر ئىبنى ئابدۇللادىن رىۋايەت قىلىنىشىچە، سەئلەبە ئىبنى

---

[1] مەدىنىلىك مۇسۇلمان.

ئابدۇراهمان ئىسىملىك بىر ئەنسارى يىگىت ئىسلامغا كىرگەندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام (ئۇنىڭغا سالام ۋە رەھمەتلەر بولسۇن!) نىڭ يېنىدا يۈگۈر ــ يىتىم ئىشلارنى قىلاتتى. ئۇنى بىر قېتىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام (ئۇنىڭغا سالام ۋە رەھمەتلەر بولسۇن!) مەلۇم بىر ئىشقا ئەۋەرتكەندە، ئۇ ئەنسارىلاردىن بىرىنىڭ ئىشىك ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، يۈيۈنۈۋاتقان بىر ئايالغا قاراپ تاشلاپ، قىلغان ئىشى ھەققىدە پەيغەمبىرىمىز (ئۇنىڭغا سالام ۋە رەھمەتلەر بولسۇن!) گە ۋەھىي چۈشۈپ قېلىشىدىن قورقۇپ، مەككە، مەدىنە ئارىسىدىكى تاغقا قېچىپ چىقىپ كېتىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام (ئۇنىڭغا سالام ۋە رەھمەتلەر بولسۇن!) قىرىق كۈنگىچە ئۇنىڭ ئىز ــ دېرىكىنى ئالالمايدۇ.

جېبرئىل ئەلەيھىسسالام چۈشۈپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام (ئۇنىڭغا سالام ۋە رەھمەتلەر بولسۇن!) غا، «ئى، مۇھەممەد، (ئۇنىڭغا سالام ۋە رەھمەتلەر بولسۇن!) پەرۋەردىگارىڭدىن ساڭا سالام، ئۈممىتىڭدىن بىر كىشى مەككە، مەدىنە ئارىسىدىكى تاغلاردا ئازابىمدىن پاناھ تىلەۋاتىدۇ» دەيدۇ.

ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام (ئۇنىڭغا سالام ۋە رەھمەتلەر بولسۇن!) ئۆمەر، سەلمان ئىككىسىنى سەئلەبە ئىبنى ئابدۇراھماننى باشلاپ كېلىشكە بۇيرۇيدۇ. ئۇ ئىككىسى مەدىنىدىن چىقىپ، زۇفافە ئىسىملىك بىر پادىچىنى ئۇچرىتىدۇ، ئۆمەر (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) ئۇنىڭدىن سەئلەبە ئىسىملىك بىر ياشنىڭ بۇ تاغلاردا سەرسان بولۇپ يۈرگەنلىكىنى بىلەمسەن؟ ـ دەپ سورايدۇ.

ئۇ: سىلەرنىڭ دىگىنىڭلار دوزاختىن پاناھ تىلەپ يۈرگەن ھېلقى كىشى بولمىسۇن ــ يەنە!؟ دېگەندە، ئۆمەر (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) ئۇنىڭ جەھەننەمدىن قاچقۇچى ئىكەنلىكىنى سەن قانداق بىلدىڭ؟ ـ دەپ سورىغاندا، ئۇ پادىچى:

«چۈنكى ئۇ ھەر كۈنى تۈن نىسپىدە تاغدىن چىقىپ، بېشىنى چاڭگاللىغان ھالدا،‹ ئى، رەببىم، روھىمنى روھلار بىلەن جىسمىمنى جەسەدلەر بىلەن بىرگە قەبزى روھ قىلىپ، ھۆكۈم كۈنى مېنى چىقارمىغان بولساڭمۇ كاشكى!› دەپ ھەسرەت ــ نادامەت بىلەن قېشىمىزغا كېلىدۇ» دەپ جاۋاب بېرىدۇ.

ئۆمەر (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) ئىزدەۋاتقانلىرىنىڭ دەل ئاشۇ كىشى ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ، دېگەندەك، شۇ كېچىسى، سەئلەبە ئاشۇ ھالەتتە ئاشۇ نىدالار بىلەن چىقىپ كېلىدۇ.

ئۆمەر (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) ئۇنىڭ يېنىغا ئوقتەك بېرىپ ئۇنى قۇچاقلايدۇ. سەئلەبە ئۇنىڭدىن:

ھەي ئۆمەر، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام (ئۇنىڭغا سالام ۋە رەھمەتلەر بولسۇن!) گۇناھىمدىن خەۋەر تېپىپتىمۇ؟ دەپ سورايدۇ.

ئۆمەر ئۇ خەۋەرنى (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) بىلمەيدىغانلىقىنى، پەقەت ئۆزلىرىنىڭ ئۇنى ئېلىپ كېلىشكە پەيغەمبىرىمىز (ئۇنىڭغا سالام ۋە رەھمەتلەر بولسۇن) نىڭ بۇيرىغانلىقىنى ئېيتىدۇ ۋە سەئلەبەنى مەدىنىگە ئېلىپ كېلىپ، سەئلەبەنىڭ ئىلتىماسىغا ئاساسەن ئۇنى پەيغەمبىرىمىز (ئۇنىڭغا سالام ۋە رەھمەتلەر بولسۇن) ناماز ئوقۇۋاتقان ۋاقتىدا ئېلىپ كىرىشىدۇ. سەئلەبە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام (ئۇنىڭغا سالام ۋە رەھمەتلەر بولسۇن!) نىڭ قىرائىتىنى ئاڭلىشى بىلەن بەدەن ــ بەدىنىنى تىترەك بېسىشقا باشلايدۇ. پەيغەمبىرىمىز (ئۇنىڭغا سالام ۋە رەھمەتلەر بولسۇن!) نامازدىن كېيىن، « ئۆمەر، سەلمان، قېنى دەڭلار، سەئلەبە نېمە ئىش قىپتۇ؟ » دەپ سورىغاندا، ئۇلار:

سەئلەبەنىڭ ئىشلىرىنى بىرمۇ ــ بىر سۆزلەپ بېرىدۇ.

پەيغەمبىرىمىز (ئۇنىڭغا سالام ۋە رەھمەتلەر بولسۇن!) ئورنىدىن تۇرۇپ سەئلەبەنى يىنىك تەۋرىتىپ تۇرۇپ:

«مەندىن نېمىشقا قاچىسەن، نېمىگە يوقاپ كېتىسەن؟» دەپ سورايدۇ.

ـ ئى، ئاللاھنىڭ ئەلچىسى، مېنى سىلىدىن قاچۇرۇۋاتقىنى گۇناھلىرىم.

ـ ئۇنداقتا، مەن ساڭا گۇناھنى يۇيۇپ، خاتالىقنى ئۆچۈرۈدىغان بىر ئايەت ئۆگىتىپ قويسام، قانداق ؟

ـ بولىدۇ، يا رەسۇلۇللاھ (ئۇنىڭغا سالام ۋە رەھمەتلەر بولسۇن.)

پەيغەمبىرىمىز (ئۇنىڭغا سالام ۋە رەھمەتلەر بولسۇن): « پەرۋەردىگارىم بىزگە دۇنيادا ياخشىلىق ئاتا قىلغىن، ئاخىرەتتىمۇ ياخشىلىق ئاتا قىلغىن، بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن » (رەببەنا ئاتىنا فىددۇنيا ھەسەنەتەن، ۋە فىل ئاخىرەتى ھەسەنەتەن، ۋەقىينا ئازابەننار) [رَبَّنَا آتِنَا فِي الدُّنْيَا حَسَنَةً وَفِي الآخِرَةِ حَسَنَةً وَقِنَا عَذَابَ النَّار] دېگەن ئايەتنى ئوقۇشقا بۇيرۇيدۇ.

ئۇ، «ئى، ئاللاھنىڭ ئەلچىسى، مېنىڭ گۇناھىم بۈيۈك» دېگەندە، پەيغەمبىرىمىز (ئۇنىڭغا سالام ۋە رەھمەتلەر بولسۇن) «بەلكى، ئاللاھنىڭ كالامى بۈيۈك» دەيدۇ ــ دە، ئۇنى ئۆيىگە قايتىشقا بۇيرۇيدۇ.

سەئلەبە ئۆيىدە سەككىز كۈن ئاغرىپ يېتىپ قالغاندىن كېيىن، سەلمان (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) پەيغەمبىرىمىز (ئۇنىڭغا سالام ۋە رەھمەتلەر بولسۇن!) گە «ئى، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى، سەئلەبە بىلەن كۆرۈشكىلىرى بارمۇ؟ ئۇنىڭ كېسىلى خېلىلا ئېغىرلىشىپ قالدى» دېگەنلەرنى يەتكۈزىدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام (ئۇنىڭغا سالام ۋە رەھمەتلەر بولسۇن!) ئۇنىڭ يېنىغا ساھابىلىرىنى باشلاپ بېرىپ، سەئلەبەنىڭ بېشىنى كۆتۈرۈپ تىزىغا قويۇۋىدى. ئۇ بېشىنى تارتىۋالىدۇ. سەۋەبىنى سورىسا، «بۇ بىر گۇناھقا تولۇپ كەتكەن باش» دەپ جاۋاب بېرىدۇ.

رەسۇلۇللاھ (ئۇنىڭغا سالام ۋە رەھمەتلەر بولسۇن!) نېمىدىن بىئارام بولىۋاتىسەن؟ دەپ سورىغاندا، سەئلەبە: «تېرە ــ گۆشلىرىم، ئۇستىخان ــ سۆڭەكلىرىم ئارىسىدا چۇمۇلە مېڭىۋاتقاندەك ئارامسىزلىنىۋاتىمەن» دەپ ئۆز ھالىنى سۇرەتلەيدۇ.

ھەزرىتى پەيغەمبەر ئەپەندىمىز: «كۆڭلۈڭ نېمە تارتىدۇ؟» دەپ سوئال قىلغاندا، ئۇ «پەرۋەردىگارىمنىڭ مەغپىرىتىنى» دەيدۇ.

شۇ ئەسنادا، جىبرئىل ئەلەيھىسسالام «ئى، مۇھەممەد (ئۇنىڭغا سالام ۋە رەھمەتلەر بولسۇن!)، پەرۋەردىگارىڭدىن ساڭا سالام، ئەگەر بۇ بەندەم زېمىنغا تەڭداش گۇناھ بىلەن كەلسە، ئۇنى زېمىنغا تەڭداش مەغپىرىتىم بىلەن كۈتۈۋالىمەن دېدى» دېگەن خەۋەرنى ئېلىپ چۈشكەندىن كېيىن پەيغەمبىرىمىز (ئۇنىڭغا سالام ۋە رەھمەتلەر بولسۇن!) دىن بۇ خەۋەرنى ئىشىتكەن سەئلەبە قاتتىق بىر «ئاھ» ئۇرۇپلا جان ئۈزۈدۇ.

ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام (ئۇنىڭغا سالام ۋە رەھمەتلەر بولسۇن!) ئۇنى يۇيۇپ كېپەنلەتكەندىن كېيىن، نامىزنى چۈشۈرۈشكە كېتىۋېتىپ، يول بويى پۇتلىرىنىڭ ئۇچىدا ئاۋايلاپ دەسسەپ، ئېھتىياتچانلىق بىلەن ماڭىدۇ. ساھابىلەر ئۇنى دەپنە قىلىۋاتقاندا، رەسۇلى ئەكرەمگە: «ئى، ئاللاھنىڭ ئەلچىسى، يول بويى پۇتلىرىنىڭ ئۇچىدا ئاۋايلاپ ماڭغانلىقلىرىغا دىققەت قىلىپ قالدۇق ــ يا!» دېگەندە، پەيغەمبىرىمىز (ئۇنىڭغا سالام ۋە رەھمەتلەر بولسۇن): «مېنى ئەلچى قىلىپ ئەۋەتكەن زات بىلەن قەسەمكى، ئۇنى ئۈزۈتۈش ئۈچۈن چۈشكەن پەرىشتە ــ مالائىكىلەرنىڭ كۆپلىكىدىن پۇتۇمنى قويىدىغان يەر تاپالماي قالدىم » دېگەن ئىكەن.

**مېنى خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغىدەك بىرسىنى بىلەمسىز؟**

نۇرلۇق شەھەر مەدىنە (مەدىنە مۇنەۋۋەر) دىكى « خەلقئارا ئىسلام ئونىۋېرسىتېتى » قاتارلىق بىر قانچە ئورۇننىڭ گۇۋاھنامىسى ۋە تەۋسىيەنامىلىرىغا ساھىب ئەقىللىقىنە بۇ يىگىت، مەدىنىنىڭ پۇتكۈل ئىدارە ــ ئورگان، شىركەت، جەمىيەتلەرنى بىرەر قۇر ئايلىنىپ چىققان بولسىمۇ، ھېچقايسىسىدىن پۇت سىغقۇدەك ئورۇن تاپالماي، مەدىنە مۇنەۋۋەردەك ئۇلۇغ شەھەردە قېلىش ئارزۇسىنى روياپقا چىقىرالمايۋاتاتتى.

ئەمەلىيەتتىمۇ، مەدىنىدەك ئەزىزانە شەھەردە ياشىغان، ئاسايىشلىق ياشامغا تەلپۈنگەن كىشىنىڭ ئۇندىن كەتكۈسى كەلمەيتتى.

ئۇ مەدىنىنىڭ ھەر بىر چىمدىم توپىسى، ھەر بىر كوچىسىدىن سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز (ئۇنىڭغا سالام ۋە رەھمەتلەر بولسۇن) ۋە ھۆرمەتلىك ساھابە (ساھابە ئىكرام) لەر (ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولسۇن) نىڭ ئەسلىمە، ئىزنالىرىنى تاپاتتى. جانابىي رەسۇلۇللاھ (ئۇنىڭغا سالام ۋە رەھمەتلەر بولسۇن)نىڭ، «زېمىن يۈزىدە دەججالنىڭ قەدىمى يەتمىگەن جايى قالمايدۇ، ئەمما مەككە بىلەن مەدىنىگە كىرەلمەيدۇ. مەدىنىنىڭ ھەر بىر كىرىش ئېغىزىنى سەپ ــ سەپ پەرىشتىلەر قوغداپ

تۇرۇدۇ. ئاندىن، مەدىنە ئۆز ئاھالىسىنى ئۈچ قېتىم قاتتىق سىلكىيدۇ. شۇندىن كېيىن، ئاللاھ تائالا دىنسىز ۋە مۇناپىقنىڭ بىرىنى قويماي چىقىرىپ تاشلايدۇ» دېگەن ھەدىس شەرىپكە ئاساسەن، مەدىنە ئەھلى قاتارىدا پەزىل ــ ئىكرامغا نائىل بولۇش ئۈمىدىدە ئىدى.

ئۇ يىگىت پەزلۇ ــ پەزىلەت، ئىززەت ــ ئىكرام ساھىبى بولغان بىر ئۇستازنىڭ ھوزۇرىغا كېلىدۇ. ئۇ كىشى شۇنداق كىشىكى، ئۇ كىشىنىڭ يۈرۈش ــ تۇرۇش، ئولتۇرۇش ــ قوپۇشلىرى، ئىش ــ ئەمەل، لەپىز ــ كالاملىرىدىكى ئىخلاسمەنلىك، تەقۋالىق ساڭا ھەم ئاللاھنى ئەسلىتىدۇ...

ئۇنى ئاللاھقا پاكلىمايمىز.

ئۇ ئۇستازغا ئۆزىنىڭ خىزمەت ئىزلەپ، بارمىغان ئىشىك، قاقمىغان دەرۋازىسى قالمىغانلىقى، ھەممىسىدىلا بۇرنىغا يەپ قايتقانلىقى، ئۆزىنىڭ مەدىنىدىن كەتكۈسىنىڭ يوقلىقىنى ئېيتىپ، «ئى، ئۇستاز مېنى خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويالىغىدەك بىرەرسىنى تونۇرسىزمۇ؟» دەپ سورىغاندا، ئاللاھقا ئىشەنگەن، ئاللاھنىڭ ۋەدىسىگە چىن پۈتكەن ئۇستاز:

سېنى ئەڭ تىز ۋاقىت ئىچىدە، خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويىدىغان بىرسىنى تونۇيمەن ــ دەيدۇ.

شاتلىقتىن قىن ــ قىنىغا پاتماي قالغان يىگىت: ئاللاھ تائالا سىزگە ياخشىلىق ئاتا قىلسۇن، كۆكلەپ كېتىڭ، ئۇستاز! كىم ئۇ ؟ - دەپ سورايدۇ، ھاياجان بىلەن.

شەك ــ شۈبھىسىزكى، ئۇ ئاللاھ ئەززە ۋە جەلدۇر ــ دەپ جاۋاب بېرىدۇ ئۇستاز.

بۇنى ئاڭلىغان يىگىت بىر ئاز ناخۇش بولغاندەك چىرايى تۇتۇلىدۇ ــ يۇ، لام ــ جىم دېمەيدۇ. بۇنى سەزگەن ئۇستاز:

ئەجەبكى، ناۋادا ساڭا، پالانى رەھبەر، پوكۇنى باشلىق دېگەن بولسام خۇش خەۋەر دەپ بىلەتتىڭ. بىراق، يەرۇ ــ كۆكنىڭ خەزىنىلىرى ئىلكىدە بولغان، ئاسمان ــ زېمىننىڭ شاھەنشاھى، بارلىق ئىشلارنىڭ ئورۇنلاشتۇرغۇچىسى بولغان قادىر ئاللاھنى كۆرسەتسەم، چىرايىڭدىن ھەق سۇبھانەھۇ ۋەتائالانىڭ ۋەدىسىگە چىن پۈتمىگەندەك بىر ئالامەت مارىلاپ قېلىۋاتىدۇ.

[ئاسماندا سىلەرنىڭ رىزقىڭلار بار، سىلەرگە ۋەدە قىلىنغان ساۋاب بار.] ‹‹زارىيات› سۈرىسى، 22ـ ئايەت)

ھەي، ئوغلۇم، كېچىنىڭ ئاخىرىقى ئۈچتىن بىرى بولغان سۇبھى (بامدات) نامىزىدىن بۇرۇنقى تۈن پەيتلىرىدە، «پەيغەمبەر مەسجىدى» گە بېرىپ، ئاللاھقا يېقىنلاشقىن، جانابى ئاللاھنىڭ ئىشىگىنى ھەل قىلىپ بېرىدىغانلىقىغا شەكسىز ئىشىنىمەن ــ دېگەن سۆزلەرنى قىلغاندا،

خىجىلچىلىقتىن ئۆزىنى قويغىدەك جاي تاپالماي قالغان يىگىت ئۇنىڭ بىلەن خوشلىشىپ يېنىپ چىقىدۇ. شۇ كېچە، سائەت ئۈچتە قوڭغىراق سائەتنىڭ جىرىڭلىشىدىن ئويغىنىپ، تاھارەتلىنىپ، تەسۋىرلىگۈسىز دەرىجىدىكى تولۇپ ــ تاشقان ئىمان بىلەن «پەيغەمبەر مەسجىد» گە بارىدۇ ۋە گەردىنىگە يېزىلغان نامازلىرىنى ئوقۇپ، ئىچى ــ ئىچىدىن چىققان يىغا كەلكۈنىدىن دۇئاغىمۇ قول كۆتۈرەلمەي قالىدۇ. ئۇ شۇ چاغدىكى ھالىتىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ:

ھېلىلا روھى چىقىپ كېتىدىغاندەك بىر ھالدا ئىدىم. ئەتراپىدىكىلەرگە تەسىر يەتكۈزۈپ قويغانلىقتىن، ئانچە ئۈزۈن دۇئا قىلالمىدىم. ئاللاھ قەلبلەردىكىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر...

سۈبھى نامىزى (ناماز بامدات)نى جامائەت بىلەن ئوقۇغاندىن كېيىن، مەسجىددىكى بىر ئالىمنىڭ دەرسىگە قاتنىشىپ ئۆيۈمگە قايتتىم.

ئۆيگە قايتقۇچە، يول بويى ھېچنەرسە كۆزۈمگە كۆرۈنمەيتتى. كاللامدا ياراتقۇچى رەببىمدىن ئۆزگە ھېچ نەرسە يوق ئىدى. خۇددى ماڭا بىرسى بۇ يولدا ماڭ دېگەندەك، بىر يولدا كېتىۋاتسام، ماڭا بىر ھۆكۈمەت ئورگىنى ئۇچرىدى. ئۆتۈپ كېتەي دېدىم ــ يۇ، توختا، بىر كىرىپ سۈرۈشتۈرۈپ باقاي دېدىم ــ دە، ئىشخانىغا كىرسەم، مېنى بىرسى تەبەسسۇم بىلەن كۈتىۋالدى. ئى، قېرىندىشىم، مېنىڭ بۇ يەردە تونۇغىدەك ھېچكىمىم يوق، مەن ئۈزۈندىن بېرى خىزمەت ئىزدەپ تاپالماي كېلىۋاتىمەن. ئەگەر مەن ئارقىلىق ئاللاھتىن ئەجىر ئېلىشنى خالىسىڭىز، بۇ مېنىڭ مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللىرىم دەپ ئۇلارنى ئۇ كىشىگە سۇنىۋېدىم. ئۇ مېنىڭ ماتېرىياللىرىمغا بىر قۇر كۆز يۈگۈرتكەندىن كېيىن، ئورنىدىن تۇرۇپ ماڭا تازا بىر قارىۋېتىپ، « سۇبھانەللاھ ! بىز ھەم ئۈزۈندىن بىرى سىزدەك بىرسىنى ئىزدەپ يۈرگەن ئىدۇق، قەيەردە ئىدىڭىز؟ نەدىن كەلدىڭىز؟ ئاللاھ خالىسا (ئىنشائاللاھ)، ھازىرلا خىزمەتكە ئورۇنلىشىڭ » دېمەسمۇ! ئورنۇمدىن تۇرۇپ، شۇ ئىشخانىدىلا ئاللاھقا شۇكۇر سەجدىسى قىلدىم. كۆز چاناقلىرىمدىن توختىماي ياش سىرغىيىتى، ئۇستازىنىڭ سۆزىنى توختىماي تەكرارلايتتىم، « ھېچ شۇبھىسىزكى، ئۇ ئاللاھ ئەززە ۋە جەلدۇر، ھېچ شۇبھىسىزكى ئۇ ئاللاھ ئەززە ۋە جەلدۇر!».

## ۋاقتى كەلدى، ۋاقتى كەلدى!

تارىخچىلار تىلىدا قەيىت قىلىنىغاندەك، مالىك ئىبنى دىنار بەنى ئابباس ساقچىلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئۇ ئاللاھ يولىدىن قاچقان، ئۆزىنى قاچۇرۇپلا تۇرىدىغان بىر ھاراقكەش ئىدى. ئۇ ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بىلەن بىر ئايالنى ئىنتايىن ياخشى كۆرۈپ قېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىدۇ، ئەمما ئۇ خۇدانىڭ كۈنى ھاراق ئىچىپلا تۇرىدۇ. ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بىلەن بىر قىز پەرزەنتلىكمۇ بولىدۇ.

پەرزەنت ئىشقى ئۇنىڭ پۈتكۈل ۋۇجۇدىنى ئىگەللەيدۇ، ئۇ ئىشتىن كېلىپلا قىزىنى ئۇينىتاتتى، ئەركىلىتەتتى. ئۇ هاراق ئىچىپ كەلگەن چاغلىرىدا بولسا، قىزى ئەكىلگىنىچە بېرىپ ئۇنىڭ قولىدىكى هاراق بوتۇلكىسىنى چۇشۇرۇۋېتەتتى. ئۇ گويا، جېنىم دادا، ئاللاھتىن قورقۇڭ، هاراق دېگەن مۇسۇلمانغا قەتئىي لايىق ئەمەس، دەپ خىتاپ قىلىۋاتقاندەك قىلاتتى. قىز بىلەن دادا ئەنە شۇ تەرىزدە ئۆتىشەتتى. بىر كۈنى ئۇ قىزىنى ئەركىلىتىپ، ئاسمانغا ئېتىپ ئوينىتىۋاتقاندا، قىزى چۈشۈپ كېتىپ ئۆلۈپ كېتىدۇ. بۇنىڭدىن قاتتىق چۆچۈگەن دادا ھەسرەت ــ نادامەت ئىچىدە قالىدۇ.

شۇ كېچىسى ئۇ چىلاشقىدەك ئىچىپ، قاتتىق مەست بولىدۇ. ئۇ شۇ كۈنكى هالىتىنى مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ:

ئۇ كۈندىكى دەردىمنى ئاللاھتىن باشقا هېچكىم هېس قىلالمايتتى. شۇ ھەسرەتتە ئۇخلاپ قاپتىمەن، چۈشۈمدە، قىيامەت قايىم بولغىدەك، كىشىلەر قەبرىلىرىدىن يالاڭئاياغ، يالىڭاچ ۋە خەتنىسىز هالدا چىقىپ، باشلىرىنى ساڭگىلىتىشىپ، مەھشەر مەيدانىدا خار ــ زەبۇن بولغان هالدا يۈرۈشكىدەكمىش. شۇ ئەسنادا، ناھايىتى چوڭ بىر يىلان ئاغزىلىرىنى يوغان ئېچىپ، كىشىلەر ئارىسىدىن مېنى نىشانلاپ، كېلىۋاتقۇدەك، دەم تارتىۋاتقۇدەكمىش...

مەن قاچقۇدەكمەن، قاچقۇدەكمەن. ئۇ ھەم مېنى قوغلىغىدەك، قوغلىغىدەك، يۈرۈكۈم قېپىدىن چىقىپ كېتەي دېگەندە، سالاپەتلىك، تەمكىنگىنە كەلگەن بىر مويسىپىت مۆتىۋەللى ئۇچرىغۇدەك، مەن ئۇنىڭ قېشىغا كېلىپ، «ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مېنى چوقۇم قۇتقۇزۇۋېلىڭ!» دېسەم، ئۇ: «قولۇمدىن كەلمەيدۇ، سەن ئۆزۈڭنى قۇتقۇزالايدىغان كىشىنىڭ قېشىغا بارغىن» دېگۈدەكمىش، ھېلىقى يىلان بولسا مېنى توختىماي قوغلاۋاتقۇدەك، مەن جەھەننەمنىڭ لىۋىگە كېلىپ توختىغۇدەكمەن.

ئارقىمدا يىلان، ئالدىمدا جەھەننەم، ئۆزۈمنى جەھەننەمگە تاشلاي دەپ تۇرىشىمغا، غائىبتىن: «قايت، سەن ئۇنىڭ ئەھلى ئەمەس!» دېگەن ئاۋاز كەلگۈدەك.

مەن يەنىلا ئارقىمدىن يىلان قوغلاۋاتقان هالدا، قىيامەت مەيدانىغا قايتىپ، ھېلىقى، مويسىپىتتىن: «سىزدىن ئاللاھنىڭ نامى بىلەن مېنى قۇتقۇزۇشىڭىزنى، ياكى پاناھلانغۇدەك بىرەر جاينى كۆرسىتىپ قويۇشىڭىزنى سورايمەن» دېسەم، ئۇ: «قولۇمدىن كەلمەيدۇ، بىراق ساڭا ئاۋۇ قەسىرنى كۆرسىتىپ قوياي، ئۇنىڭدىن نىجاتلىق تېپىشىڭ مۇمكىن» دېگۈدەكمىش، ئاندىن ئۇ قەسىرگە قاراپ مېڭىۋاتقۇدەكمەن، ئارقىمدىن يىلان قوغلاۋاتقىدەك.

قەسىر سىرىق گۆھەر، لەيلى ــ ياقۇت، ئۈنچە ــ مارجانلار ۋە تۈرلۈك ــ تۈمەن جاۋاھىراتلار بىلەن بېزەلگەنمىش، تۇيۇقسىز، «پەردە ئېچىلسۇن!» دېگەن خىتاب

بىلەن تەڭ پەردە ئېچىلىپ، بىر توپ ئاي يۈزلۈك ئوماق بالىلار چىقىپ، بۇ قورقۇنچلۇق مەنزىرگە قاراپ قالغۇدەك، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن قىزىم ئۇشتۇمتۇت چىقىپ كېلىپ، «دادا!» دەپ بىر توۋلاپلا يىلان بىلەن مېنىڭ ئارامغا ئۆزىنى ئاتقۇدەك...

قىزىم يىلاننىڭ ئوڭ تەرىپىگە بىر نىمىلەرنى دېسە، يىلان كېتىپ قالغۇدەك، ئاندىن قىزىم ساقلىمغا ئېسىلىپ، مەيدىلىرىمگە ئۇرۇپ تۇرۇپ، جېنىم دادا، [مۇئمىنلەرگە ئۇلارنىڭ دىللىرى ئاللاھنىڭ زىكرىگە ۋە نازىل بولغان ھەقىقەتكە (يەنى قۇرئان ئايەتلىرىگە) ئېرىيدىغان ۋاقت كەلمىدىمۇ؟] (‹ھەدىد› سۈرىسى، 16- ئايەت)

كەلدى، كەلدى، دەپ بولۇپ، ئۇ نېمە يىلان دېسەم، ئۇ سىزنىڭ يامان ئەمەللىرىڭىز بولۇپ، سىزنى دوزاخقا چۈشۈرۈۋەتكىلى تاس قالدى ــ دەپ جاۋاب بەرگۈدەكمىش.

ئۇ مويسىپىت كىشچۇ؟ دېسەم،ئۇ سىزنىڭ ياخشى ئەمەللىرىڭىز بولۇپ، يامان ئەمەللىرىڭىزگە قارىشى تۇرۇشقا ئاجىز كەلدى. دەپ، مەيدەمگە ئىككىنچى قېتىم ئۇرۇپ تۇرۇپ، جېنىم دادا، «مۇئمىنلەرگە ئۇلارنىڭ دىللىرى ئاللاھنىڭ زىكرىگە ۋە نازىل بولغان ھەقىقەتكە (يەنى قۇرئان ئايەتلىرىگە) ئېرىيدىغان ۋاقت كەلمىدىمۇ؟» (‹ھەدىد› سۈرىسى، 16- ئايەت) دېگۈدەكمىش.

چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتىم. ئاندىن تاھارەت ئېلىپ، بامدات نامىزىغا مەسجىدكە باردىم...

ھەيران قالارلىقى، «فاتىھە» سۈرىسىنى ئوقۇپ بولغان ئىمام [مۇئمىنلەرگە ئۇلارنىڭ دىللىرى ئاللاھنىڭ زىكرىگە ۋە نازىل بولغان ھەقىقەتكە (يەنى قۇرئان ئايەتلىرىگە) ئېرىيدىغان ۋاقت كەلمىدىمۇ؟] دېگەن ئايەتنى ئوقۇشقا باشلىدى.

ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، بۇ ئۇلۇغ ئايەت گوياكى ماڭىلا خىتاب قىلىنىۋاتقاندەك ئىدى.

‹بىرىنچى قىسسە تامام›

ئەلقىسسە: ئىسرائىل ئەۋلادىدىن (بەنى ئىسرائىل) بىر كىشى قىرىق يىل ئاللاھ تائالانىڭ تائەت ــ ئىبادىتىدە بولغاندىن كېيىن، يامان يولغا تېيىلىپ، ئۆزىنىڭ بىر چىشلەم گۆش[1] لىك ئەسلىنى ئۇنۇتقان ھالدا ئاللاھ تائالاغا ئاسيلىق قىلىپ، قىرىق يىل گۇناھ ــ مەئسىيەت ئىچىدە ياشايدۇ.

[1] بۇ «بىر چىشلەم گۆش» دېگەن كەلىمە، ئەرەبچىدىكى «مۇدغە» دېگەن سۆزنىڭ تەرجىمىسى بولۇپ، «مۇدغە» نىڭ ئەسلى لوغەت مەنىسى، «بىر چىشلەم گۆش»، «پارچە-پۇرات» دېگەن مەنىدە. مېدىتسىنا ئالىملىرىنىڭ «قۇرئان كەرىم» نىڭ تۆرەلمىگە ئائىت ئايەتلىرىدىن بايقىشىچە، تۆرەلمە تۆرىلىپ، 25- 26 كۈنلۈك بولغاندا، لاتىنچە «c» ھەرپى شەكلىدە بولىدىكەن- ت.

ئاندىن راھمان تائالاغا قول كۆتۈرۈپ، «ئى، پەرۋەردىگارىم، قىرىق يىل تائەت ـ ئىبادەتتىڭدە بولدۇم. شۇنداقلا، قىرىق يىل گۇناھ ـ مەئسىيەت ئىچىدە، ئىتائىتىڭدىن چىقتىم. ئەمدىلىكتە مەن سېنىڭ يولۇڭغا قايتىپ، تەۋبە قىلىپ، ئىش ـ ئەمەللىرىمنى تۈزەتسەم، تەۋبەم قوبۇل قىلىنارمۇ؟» دېگەندە، شۇنداق بىر سادا كەلگەن:

سەن بىزگە ئىتائەت قىلدىڭ، بىز ساڭا يېقىنلاشتۇق. بىزگە ئاسىيلىق قىلدىڭ، سىنى ئالدىراتمىدۇق. ئەگەر تۆۋبە قىلىپ بىزگە قايتساڭ، بىز سېنى قارشى ئالىمىز.

ئاللاھتىن باشقا ھېچ بىر ئىلاھ يوقتۇر! ئاللاھ بەندىلىرىگە نېمە دېگەن ئەپۇچان۔ ھە! ئاللاھ بەندىلىرىگە نېمە دېگەن كۆيۈمچان۔ ھە!

رەھمىتى پۈتكۈل شەيئىگە يېتىدىغان راھمان تائالانىڭ رەھمىتى بىلەن بىزلەرگە رەھىم قىلىشىنى سورايمەن. (بۇ قىسسە تاماملاندى)

## ئۇنى دەرياغا تاشلاڭ

ئىسرائىل ئەۋلادى (بەنى ئىسرائىل) ئۆز زامانىسىدا، زامانداشلىرىنىڭ ئەڭ ياخشىلىرى ئىدى. ئاللاھ تائالا ئۇلارغا ئۇچىغا چىققان تەرسا، شەپقەتسىز پادىشاھ پىرئەۋننى ھۆكۈمران قىلغان ئىدى. پىرئەۋن ئۇلارنى كېچە ـ كۈندۈز دېمەستىن ئۆزىنىڭ ۋە قول ئاستىدىكىلەرنىڭ ئەڭ ناچار ئىشلىرىغا سېلىپ، ئارام بەرمەيتتى. پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلەردىن تارتىپ، تا ئۇنىڭ خەلقىگىچە ئىسرائىل ئەۋلادىنى پەس كۆرگەنلىكى ۋە كەمسىتكەنلىكتىن، شۇنداقلا ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ھالاك بولىشىغا سەۋەبچى بولىدىغان ئوغۇل بالىنىڭ ئۇلارنىڭ پۇشتىدىن تۇغۇلۇپ قېلىشىدىن قورقۇپ، ئوغۇللىرىنى ئۆلتۈرەتتى. قىزلىرىنى خىزمىتىگە سېلىش ئۇچۇن تىرىك قالدۇراتتى.

پىرئەۋن بۇ بالىنىڭ تۇغۇلۇپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۇچۇن، ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ ئەركەكلىرىنى ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇق قىلدى.

پۈتۈلۈپ كەتكەن تەقدىردىن قېچىپ قۇتۇلغىلى بولمايتتى. چۈنكى، ئاللاھ تائالانىڭ بەلگىلىگەن ۋاقتى ۔ مۆرىتى كەلسە ئۇ ھەرگىز كېچىكتۈرۈلمەيدۇ. ھەر بىر ۋاقتىنىڭ ھۆكمى بولىدۇ. جانابى ھەقنىڭ بۇ ھەقتىكى كالامى:

[مۇسانىڭ ئانىسىغا ئىلھام بىلەن بىلدۈردۇقكى «مۇسانى ئېمىتكىن ئۇنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىشىدىن قورقساڭ ئۇنى (ساندۇققا سېلىپ) دەرياغا (يەنى نىل دەرياسىغا) تاشلىغىن ئۇنى (ھالاك بولارمىكىن دەپ) قورقمىغىن (ئۇنىڭ پىراقىدىن) قايغۇرمىغىن ئۇنى ساڭا چوقۇم قايتۇرىمىز ۋە ئۇنى پەيغەمبەرلەردىن قىلىمىز. پىرئەۋننىڭ ئائىلىسىدىكىلەر مۇسانى ئاقىۋەت ئۆزلىرىگە دۈشمەن ۋە خاپىلىق (نىڭ مەنبەسى) قىلىش ئۈچۈن (نىل دەرياسىدىن) سۈزۈۋالدى. شۈبھىسىزكى پىرئەۋن ھامان ۋە ئۇلارنىڭ قوشۇنلىرى خاتالاشقان ئىدى.پىرئەۋننىڭ ئايالى: ‹‹(بۇ بالا) ماڭا ۋە

ساڭا كۆز نۇرى (يەنى خۇشاللىق) بولسۇن ئۇنى ئۆلتۈرمەڭلار بەلكى ئۇ بىزگە پايدا يەتكۈزەر ياكى ئۇنى ئوغۇل قىلىۋالارمىز› دېدى. ھالبۇكى ئۇلار (پىرئەۋننىڭ ۋە ئۇنىڭ ياردەمچىلىرىنىڭ ھالاكىتىنىڭ مۇسانىڭ قولىدا بولىدىغانلىقىنى) ئۇقمايتتى.] (‹قەسەس› سۈرىسى، 7-، 8-، 9-، ئايەتلەر)

پىرئەۋن ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ ئوغۇللىرىدىن نۇرغۇنلىرىنى ئۆلتۈرىۋەتكەن. بۇنىڭ بىلەن قىبتلار[1] ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ ئەركەكلىرىنى تۈركۈم ـ تۈركۈملەپ ئۆلتۈرىۋېرىپ، ئۇلار ئىشقا سالىدىغان ئەرلەر قالماي، زور ئەمگەكنىڭ ئۆزلىرىگە يۈكلىنىپ قېلىشىدىن قورقۇپ، پىرئەۋنگە: «ئەگەر بۇ ئەھۋال داۋاملىشىۋەرسە، ئۇلارنىڭ چوڭلىرى ئۆلۈپ تۈگەپ، ئوغۇللىرى ئۆلتۈرۈلۈپ، ئاياللىرى ئەرلىرى قىلالىغان ئىشنى قىلالىشى مۇمكىن ئەمەس، شۇنىڭ بىلەن ئىشلار بىزگە قالىدۇ» دەپ شىكايەت قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن پىرئەۋن ئوغۇللارنى بىر يىل ئۆلتۈرۈپ، بىر يىل ئۆلتۈرمەسلىككە پەرمان چۈشۈرىدۇ. ھارۇن ئەلەيھىسسالام، ئوغۇل بوۋاقلار ئۆلتۈرۈلمەيدىغان يىلى تۇغۇلغان. يېڭى تۇغۇلغان ئوغۇل بوۋاقلارنىڭ ئۆلتۈرۈلىدىغان نۆۋىتى كەلگەن يىلى مۇسا ئەلەيھىسسالام تۇغۇلىدۇ.

پىرئەۋننىڭ بۇ ئىشقا مەخسۇس بەلگىلىگەن ئادەملىرى بار بولۇپ، بۇ ئادەملەر تۇغۇت ئانىلىرى ئارقىلىق ھامىلدار ئاياللارنى تىزىمغا ئېلىپ، ئۇلار يەڭگىيدىغان چاغدا، پەقەت قىبت ئاياللىرىلا تۇغۇت ئانىسى بولاتتى. ئەگەر ئۇ ئايال قىز تۇغسا ئۇلار بالىغا چېقىلماي كېتەتتى. ئوغۇل تۇغسا، ھېلىقى مەخسۇس ئادەم قاسساپلىرى پىچاقلىرىنى بىلەپ كىرىپ، بالىنى بوغۇزلىۋېتەتتى.

قاھھار (قەھىر قىلغۇچى) سۈپىتىگە ساھىب ئاللاھ ئۇ نائەھلىلەرنى رەسۋا قىلىۋەتسۇن!

مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئانىسى ئۇنىڭغا ھامىلدار بولغاندا، ھامىلدارلىقىنىڭ ئالامەتلىرى كۆرۈلمىگەچكە، تۇغۇت ئانىلىرى بايقىيالمىغان. ئەمما ئۇنىڭ كۆزى يورۇغاندا، ئانىسى ئۇنىڭ ئۆلتۈرۈلىشىدىن قورقۇپ، تىت ـ تىت بولاتتى، بالىسىغا ئىچى ئاغرىيتتى.

مۇسانى كۆرگەنلىكى كىشى ئۇنى ياقتۇرۇپ قالاتتى. مەيلى ئۆزلىكىدىن بولسۇن، مەيلى دىن يۈزىدىن بولسۇن ئۇنى ياخشى كۆرگەن ئادەم بەختلىكتۇر. جانابىي ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

«ساڭا مەن تەرەپتىن بولغان مۇھەببەتنى سالدىم» (‹تاھا› سۈرىسى، 39- ئايەت)

[1] قىبت- قەدىمكى گىرگچە سۆز بولۇپ، ئەينى زاماندا، « مىسىر ئاھالىسى » دېگەن مەنىنى بىلدۈرەتتى. ھازىر مىسىردىكى خىرىستىيانلارنى كۆرستىدۇ - ت.

مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئانىسى بالىسىنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىشىدىن قورقۇپ، چوڭقۇر بىر تەشۋىش ئىلكىدە قالىدۇ. شۇ چاغدا، خۇددى ئاللاھ تائالا ئېيتقاندەك، قانداق قىلىش كېرەكلىكى ئىلھام بىلەن كۆڭلىگە چۈشىدۇ، خىيالىدىن كېچىدۇ.

«مۇسانىڭ ئانىسىغا ئىلھام بىلەن بىلدۈردۇقكى «مۇسانى ئېمىتكىن ئۇنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىشىدىن قورقساڭ ئۇنى (ساندۇققا سېلىپ) دەرياغا (يەنى نىل دەرياسىغا) تاشلىغىن ئۇنى (ھالاك بولارمىكىن دەپ) قورقمىغىن (ئۇنىڭ پىراقىدىن) قايغۇرمىغىن ئۇنى ساڭا چوقۇم قايتۇرىمىز ۋە ئۇنى پەيغەمبەرلەردىن قىلىمىز.»» (‹قەسەس› سۈرىسى، 7- ئايەت)

بۇ قىسسىنىڭ تەپسىلاتى مۇنداق: مۇسا ئەلەيھىسسالاملارنىڭ ئۆيى نىل ساھىلىدا ئىدى. ئۇنىڭ ئانىسى بىر ساندۇق ياسىتىپ، دەرياغا ئورۇنلاشتۇرىدۇ.

ئانىسى مۇسا ئەلەيھىسسالامنى ئۆيىدە ئېمىتەتتى، ئەگەر يېنىغا بىرەر يوچۇن كىشى كىرىپ قالغۇدەك بولسا، مۇسا ئەلەيھىسسالامنى دەريا بويىغا ئېلىپ بېرىپ، ھېلىقى ساندۇققا سېلىپ، ساندۇقنى ئارقان بىلەن باغلاپ، ئارقاننىڭ بىر ئۇچىنى قىرغاققا چىگىۋېلىپ دەرياغا قويۇپ بېرەتتى. بىر كۈنى ئۇنىڭ ئۆيىگە بىر ئادەم كىرىۋېدى، ئانىسى ئۇنىڭ بالىنى بايقاپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، مۇسا ئەلەيھىسسالامنى دەريا بويىغا ئېلىپ بېرىپ، ھېلىقى ساندۇق بىلەن قويۇپ بېرىدۇ. ئەمما بۇ قېتىم ساندۇقنى باغلاپ قويۇشنى ئۇنتۇپ قالىدۇ. ساندۇق سۇدا لەيلەپ بېرىپ، پىرئەۋننىڭ تۇرالغۇسى ئالدىدىن ئۆتكەندە، كېنىزەكلەر ساندۇقنى سۈزۈۋېلىپ، پىرئەۋننىڭ ئايالىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كىرىشىدۇ. يۇ، ئەمما بۇ كېنىزەكلەر ساندۇقنى پىرئەۋننىڭ ئايالىدىن بۇرۇن ئېچىپ قويۇپ، گەپكە قېلىشىدىن قورقۇپ ساندۇقنى ئاچمىغاچقا، ئۇنىڭدا نېمە بارلىقىدىن بىخەۋەر ئىدى. ھالبۇكى، ساندۇقتىن ئاجايىپ چىرايلىق، كەم ــ كۈتىسىز يارىتىلغان، ئوماققىنە بىر ئوغۇل چىقىدۇ. ئۇ ئايال بالىغا بىرلا نەزەر تاشلايدۇ ــ دە، ئاللاھۇ تائالانىڭ ئىزنى بىلەن قەلبىگە بالىنىڭ مۇھەببىتى چۈشىدۇ. نېھايەتتە، بۇ مۇھەببەت جانابىي ئاللاھنىڭ بۇ ئايالىنىڭ بەختلىك بولىشى، ئىززەتلىك بولىشنى، ۋە ئېرىنىڭ بەدبەخت بولىشنى ئىرادە قىلغانلىقىنىڭ نىشانىدۇر.

ئاللاھ تائالانىڭ بۇ ھەقتىكى كالامى: [پىرئەۋننىڭ ئائىلىسىدىكىلەر مۇسانى ئاقىۋەت ئۆزلىرىگە دۈشمەن ۋە خاپىلىق (نىڭ مەنبەسى) قىلىش ئۈچۈن (نىل دەرياسىدىن) سۈزۈۋالدى.] (‹قەسەس› سۈرىسى، 8- ئايەت)

بۇ ئۇلۇغ ئايەت (ئايەتى كەرىم) نىڭ تەپسىرلىك مەنىسى: «ئاللاھ تائالانىڭ مۇسا ئەلەيھىسسالامنى ئۇلارغا خاپىلىقنىڭ مەنبەسى ۋە دۈشمەن قىلىش ئۈچۈن ئۇلارغا

ساندۇقنى سۈزۈپىلىشنى تەقدىر قىلغان ئىدى.»

بۇ ئۆز نۆۋىتىدە يەنە، ئۇلارنىڭ مۇسا ئەلەيھىسسالامدىن قورقىغانلىقىنىڭ كارغا كەلمەيدىغانلىقىغا كۈچلۈك دەلىلدۇر. پىرئەۋن بالىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ ئىسرائىل ئەۋلادىدىن بولۇپ قېلىشىدىن قورقۇپ، ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتمەكچى بولغاندا، پىرئەۋنىنىڭ ئايالى خانىش ئاسىيە كىچىك مۇسا ھەققىدە، پىرئەۋن بىلەن تالاش ــ تارتىش قىلىپ، بالىنى ھىمايە قىلىدۇ. ئۇنى پىرئەۋنگە ياخشىچاق قىلىپ:

«بۇ بالا ماڭا ۋە ساڭا كۆز نۇرى (يەنى خوشاللىق) بولسۇن.» دېگەندە، پىرئەۋن: «سەن ئۈچۈن شۇنداق، ئەمما مەن ئۈچۈن ئۇنداق ئەمەس» دەيدۇ.

ئىش ئەمەلىيەتتىمۇ شۇنداق بولدى. ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر مۇسانىڭ سەۋەبى بىلەن ئاسىيەنى ھىدايەت قىلدى، جەننەتكە مۇيەسسەر قىلدى، پىرئەۋننى مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قولىدا ھالاك قىلدى.

ئاسىيە كىچىك مۇسانى بالىچىلاپ بېقىۋالماقچى بولىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ پىرئەۋندىن بولغان ئوغلى يوق ئىدى. ئۇلار دەريادىن سۈزۈۋالغان بۇ بالا ئارقىلىق ئۆزلىرىگە ياراتقۇچى پەرۋەردىگارنىڭ قانداق بۈيۈك، قانداق ئاجايىپ ھېكمەتلەرنى ئىرادە قىلغانلىقىنى ئەسلا بىلىشمەيتتى.

[مۇسانىڭ ئانىسى (مۇسانىڭ پىرئەۋننىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى ئاڭلاپ) ئەس- ھۇشىنى يوقاتتى (ئۇنىڭ ئاللاھنىڭ بالىنى قايتۇرۇش ۋەدىسىگە) ئىشەنگۈچىلەردىن بولۇشى ئۈچۈن ئۇنىڭ كۆڭلىنى خاتىرجەم قىلمىغان بولساق ئۇ بالىنى ئاشكارىلاپ قويغىلى تاس قالغان ئىدى. ئانىسى مۇسانىڭ ھەمشىرىسىگە: ‹(خەۋەرنى ئۇقۇش ئۈچۈن) مۇساغا ئەگەشكىن› دېدى. ھەمشىرىسى مۇسانى يىراقتىن كۆرۈپ تۇردى. ھالبۇكى ئۇلار (ئۇنى) تونۇيمايتتى. (ئۆز ئانىسى كېلىشتىن) ئىلگىرى مۇسانى سۈت ئەمگۈزگۈچى ئاياللارنىڭ ئېمىتىشىدىن توستۇق مۇسانىڭ ھەمشىرىسى: ‹سىلەرگە مۇسانى ئۇبدان باقىدىغان بىر ئائىلىنى كۆرسىتىپ قويايمۇ ئۇلار مۇسانى ئىخلاس بىلەن باقىدۇ› دېدى. ئانىسىنىڭ خۇشال بولۇشى قايغۇرماسلىقى ۋە ئاللاھنىڭ ۋەدىسىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى بىلىشى ئۈچۈن بىز مۇسانى ئۇنىڭغا قايتۇردۇق لېكىن ئىنسانلارنىڭ تولىسى (ئاللاھنىڭ ۋەدىسىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى) بىلمەيدۇ.] (‹قەسەس› سۈرىسى، 10- ئايەتتىن، 13- ئايەتكىچە)

مۇسانىڭ ئانىسىغا كەلسەك، ئوغلىنى دەريادا ئېقىتىپ قويغان ئانىنىڭ پۈتكۈل ئەس ــ يادى بالىسىدا بولۇپ، ئولتۇرسا ــ قوپسا بالىنىڭ غېمىدە ئىچ ــ ئىچىدىن ئۆزۈلىدۇ. «بەندىسىنى خاتىرجەم قىلغۇچى» (ئەلمۆئمىن) دېگەن گۈزەل ئىسمىغا ساھىب ئاللاھ مۇسانىڭ ئانىسىغا خاتىرجەملىك تۇيغۇسى بەخش ئېتىپ، سەبىرگە نائىل قىلمىغان بولسا ئىدى، ھەسرەت ــ نادامەتتىن ئۆزىنى يوقاتقان ئانا بىر

ئوغلىنى يوقىتىپ قويغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ نېمە كۈنگە قالغانلىقىنى دەپ تاشلىغان، مەخپىيەتلىكنى ئېچىپ تاشلىغان بولاتتى.

ئۇ چوڭ قىزىنى مۇسانىڭ ئىزىغا چۈشۈپ، ئۇنىڭ خەۋىرىنى ئېلىپ كېلىشكە، شەھەر ئەتراپلىرىدىن بۇ ھەقتە نېمە پاراڭلار بولىۋاتقانلىقىنى سۈرۈشتۈرۈپ كېلىشكە بۇيرۇيدۇ.

مۇسانىڭ ھەمشىرىسى قاتتىق ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئۇنىڭ پېيىگە چۈشىدۇ.

مۇسا ھازىر پىرئەۋننىڭ ئۆيىگە ئورۇنلاشقان بولۇپ ئۇنىڭغا خانىش تولىمۇ ئامراق بولۇپ قالغان ئىدى. كىچىك مۇسا ئۇردىدىكى ئىنىك ئانىلارنىڭ ھېچقايسىنى ئەمگىلى ئۇنىمايدۇ.

ئۇلار ئىنىك ئانا ئىزدەپ مۇسانى ئېلىپ بازارغا بارىدۇ. مۇسانىڭ ھەمشىرىسى ئىنىسىنى ئۇلارنىڭ قولىدا كۆرىدۇ- يۇ، چاندۇرمايدۇ.

بۇ كەلگۈسىدىكى پەيغەمبەر مۇسانىڭ ئاللاھ تائالا ھۇزۇرىدا ئىززەت ــ ئىكراملىق بولغانلىقى ۋە ھەق سۇبھانەھۇ ۋەتائالانىڭ ئۇنى ئۆز ئانىسىدىن باشقا بىرسىنى ئېمىشتىن ساقلاپ قالغانلىقى ۋە بۇ ئارقىلىق ئۇنى ئۆز ئانىسىنىڭ ئىمتىنىشىگە سەۋەب قىلغانلىقىدىندۇر.

مۇسانىڭ ھەمشىرىسى سۈت ئانىسى ئىزدەپ پىتراپ كېتىشكەن بۇ ئاياللارنى كۆرگەندە، [سىلەرگە مۇسانى ئوبدان باقىدىغان بىر ئايالنى كۆرسىتىپ قويايمۇ ئۇلار مۇسانى ئىخلاس بىلەن باقىدۇ] دېدى. (‹قەسەس› سۈرىسى، 12- ئايەت)

مۇسانىڭ ھەدىسى بۇ سۆزلەرنى قىلغاندا، ئۇلار ئۇنى تۇتىۋېلىپ بىرىپ ئۇستىدىن شىكايەت قىلىدۇ.

ئۇلار قىزنى، «ئۇ ئۆيدىكىلەرنىڭ مۇسانى ئىخلاس بىلەن ئېمىتىپ، كۆيۈنۈپ باقىدىغانلىقىنى سەن قانداق بىلىسەن؟» دەپ سوراقلىغاندا، ھەدىسى ئۇلارغا: «ئۇ ئائىلىدىكىلەرنىڭ بالىنى ئىخلاس بىلەن ئىمىتىشى، كۆيۈنۈشى، پادىشاھنىڭ شاتلىقى، ۋە شاھنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈندۇر» دەپ جاۋاب بىرىپ قۇتۇلىدۇ ــ دە، ئېنىك ئانىسى ئاياللار بىلەن بالىنى ئېلىپ، مۇسانىڭ ئانىسىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىشىدۇ. ئانىسى مۇسانى ئېمىتىۋېدى، بالا ئېمىدۇ. بۇنى كۆرگەن خوتۇنلار بۇ خۇش خەۋەرنى ئېلىپ، خانىشنىڭ يېنىغا يۈرۈپ كېتىدۇ.

بۇنى ئاڭلىغان ئاسىيە مۇسانىڭ ئانىسىنى چاقىرتىپ كېلىپ، ئۇنىڭغا زور ئىلتىپات كۆرسىتىدۇ، ئاسىيە گەرچە بۇ ئايالنىڭ مۇسانىڭ ئۆز ئانىسى ئىكەنلىكىنى بىلمىسىمۇ، بالىنىڭ ئۇنى ئەمگەنلىكى ئۈچۈنلا ئۇنىڭغا ھەدىيە ــ تارتۇقلارنى ئىنئام قىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭدىن ئوردىدا تۇرۇپ بالىنى ئېمىتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. مۇسانىڭ ئانىسى ئۆزىنىڭ ئەرلىك ۋە باللىق ئايال ئىكەنلىكىنى خانىشنىڭ

ھۇزۇرىدا تۇرۇش ئۇنىڭغا بىئەپ كېلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، خالىسا، بالىنى ئۆز ئۆيىدە ئېمىتىپ بېرىش ئىلتىماسىنى قويىدۇ. خانىش ئاسىيە بۇنىڭغا قوشۇلۇپ، كىچىك مۇسانىڭ ئانىسىنى نۇرغۇن سوۋغا ــ سالاملار بىلەن ئۇزۇتۇپ قويىدۇ. مۇسانىڭ ئانىسى قەلب خانىسى خاتىرجەملىك نۇرىغا چۈمۈلگەن ھالدا بالىسىنى ئېلىپ ئۆز ئۆيىگە قايتىپ كېلىدۇ.

«قىيىنچىلىقنى ھەل قىلغۇچى، رىزىق ــ رەھمەتنى ئاشۇرغۇچى» (ئەلفاتتاھ) دېگەن گۈزەل ئىسمغا ساھىب جانابى ھەق ئۇنىڭ قورقۇنچىنى، ئىززەت ــ ئابرۇيغا، سەكپارىلىقنى، دىل ئارامىغا ئايلاندۇرۇپ بەردىكى، پىشكەلچىلىك بىلەن ئۇندىن قۇتۇلغىچىلىك بولغان ۋاقىت پەقەت شۇنچىلىك ئىدى.

ئىشلار ئىلكىدە بولغان ئاللاھ پاكتۇر! ئاللاھ نېمىنى خالىسا شۇ بولىدۇ. نېمىنى خالىمىسا شۇ بولمايدۇ. جانابىي ھەق ئۆزىدىن قورقىدىغان كىشىگە ھەر قانداق غەم ــ غۇسسە، پېشكەل ــ پالاكەتچىلىكتىن كېيىن چىقىش يولىنى ھەم ئۆزى بېرىدۇ.

بۇ قىسسە تامام

## يۇسۇفنىڭ ئوخشىشى

ئىمام ئىبنى قەييۇم «ياخشى كۆرگۈچىلەر باغچىسى» (رەۋزەتۇلمۇھىببىين) دېگەن كىتابىدا، خەلىپە ئۆمەر ئىبنى خەتتاب (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) نىڭ زامانىدىكى بىر قىسسىنى بايان قىلغان.

ئەلقىسسە: بۇ بىر سالىھ (توغرا يول تۇتقۇچى) يىگىت ھەققىدىكى قىسسە بولۇپ، ئۆمەر (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) ئۇنىڭ تەقۋا، دۇرۇسلىقىغا مەستلىكى كېلەتتى، ئۇنىڭدىن تولىمۇ خۇش ئىدى. ئۇنى كۆرمەي قالسا ئىز ــ دېرىكىنى قىلىپ تۇراتتى.

ئۇ يىگىتنى كۆرگەن بىر ساھىبجامال ئايال ئۇنىڭغا ئاشىق ــ بىقارار بولىدۇ ــ دە، ئۇنىڭغا ئېرىشمەك كويىدا بولىدۇ.

بىر موماي ئۇنى بۇ ئايالنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشۈرۈپ بېرىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ ۋە ھېلىقى يىگىتنىڭ يېنىغا بېرىپ، «مېنىڭ بىر ساغلىق قويۇم بار ئىدى، سېغىشقا كۈچۈم يەتمىدى. مەندەك بىر قېرىغا ياردەم قىلساڭ ئەجىر ئالاتتىڭ، ئوغلۇم» دەيدۇ.

ساۋابلىق ئىشنى ئىزدەپ ــ سوراپ قىلىدىغان بۇ يىگىت مومايغا ئەگىشىپ ئۇنىڭ ئۆيىگە كېلىدۇ. ئۆيدىن قوي ئەمەس، چىرايلىق بىر ئايال چىقىپ كېلىپ، ئۇنىڭدىن ئۆزى بىلەن بىرگە بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. يىگىت ئايالدىن ئۆزىنى بىر چەتكە ئالىدۇ ۋە ئاللاھنى زىكرى قىلىدۇ.

يىگىتكە قايتا ــ قايتا سۈركىلىپمۇ مەقسىتىنى ئىشقا ئاشۇرالمىغان ئايال، «ۋاي، بۇ مېنىڭ نۇمۇسۇمغا تەگمەكچى بولدى!» دەپ چوقان ــ سۈرەن سالىدۇ. توپلانغان كىشىلەر ئۇنى راسا ئۇرىدۇ.

ئەتىسى يىگىتكە تامامەن ئىشەنگەن ئۆمەر (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن)، «ئى، رەببىم ئۇنىڭغا بولغان قارىشىمنى ئۆزگەرتتۇەتمىگىن» دېگەن ئۈمىت بىلەن ئۇنى يوقلاپ كېلىدۇ ۋە يىگىتتىن ئىشىنىڭ تەپسىلاتىنى سورايدۇ.

ئىشىنىڭ راستىنى ئاڭلىغان ئۆمەر (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) ئۇ ئايالنىڭ قوشنا ــ خۇلۇملىرى ئىچىدىكى مۇمايلارنى چاقىرتىپ كېلىپ، يىگىتكە تونۇتىدۇ. تۇتۇلغان مومايدىن ئىشىنىڭ راستىنى قاتتىق سۈرۈشتۈرىدۇ. مومايدىن ئىشىنىڭ ھەقىقىتىنى ئاڭلىغان ئۆمەر (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن): « بىزنىڭ ئارىمىزدىنمۇ يۈسۈفنىڭ ئوخشىشىنى چىقارغان ئاللاھقا چەكسىز ھەمدۇ ــ سانالار بولسۇن! » دەيدۇ

## مەن ئەما

ھىجرىيە بىرىنچى ئەسىردە، دۇنيا تىرىكچىلىكىدىن باش تارتىپ، ئىلىم كويىدا ئىزدەنگەن تەقۋا بىر ياش ئۆتكەنىكەن. قولىنىڭ قىسقىلىقىدىن يېگۈدەكمۇ بىر نەرسىسى قالمىغان بۇ يىگىت بىر كۈنى قورساقتا دال بولغىدەك بىرەر نەرسە ئىزدەپ چىقىدۇ ۋە مېڭىپ ــ مېڭىپ بىر ئالمىلىق باغدا ئاياغلاشقان خالتا كوچىدا توختاپ قالىدۇ. قارىسا، بىر شاخ ئالما يولغا ساڭگىلاپ تۇرغان، «ھېچكىم كۆرمىگەندىكىن بۇ ئالمىدىن بىرەر تال يەپ قورسىقىمنى گوللاپ تۇرسام، ھېچ گەپ بولماس، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىرەر تال ئالمىغا بۇ باغنىڭ مېۋىسى كەملەپ كەتمەس» دېگەنلەرنى ئويلىغان يىگىت ئالمىدىن بىر تال ئۈزۈپ يەيدۇ.

ئەمما، ئۆيىگە قايتقاندىن كېيىن، ئۆز ــ ئۆزىنى ئەيىپلەشكە باشلايدۇ:

مۆئمىن كىشىمۇ مۇشۇندا قىلامدۇ؟! مەن قانداقسىگە بىر مۇسۇلماننىڭ تەئەللۇقاتىدىن ھېچقانداق ئىزنىن ــ ئىجازەتسىز ھالدا ئۆز نەپسىگە قول ئۇزاتتىم ــ ھە!؟

ئۇ شۇ خىياللار بىلەن باغنىڭ ئىگىسىنى ئىزدەپ بارىدۇ ۋە: «تاغا، تۈنۈگۈن ماڭا ئاچلىق يېتىپ، بېغىڭىزدىن بىر تال ئالمىنى ئۈزۈپ يەپ سالغان ئىدىم. مانا بۈگۈن شۇنىڭ ئۈچۈن سىزدىن ئىزنىن سوراپ كەلدىم» دېگەندە، باغۋەن ئۇنىڭغا: «ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەن سېنى ھەرگىز كەچۈرمەيمەن، قىيامەت كۈنى ئاللاھ تائالانىڭ ھوزۇرىدا سېنىڭ ئۈستۈڭدىن داۋا قىلىمەن!» دەيدۇ.

مۆئمىن يىگىت ئۇنىڭدىن كەچۈرۈم سوراپ، يىغلاپ يالۋۇرىدۇ: « مېنى كەچۈرىۋېتىدىغانلا بولسىڭىز، مەن ھەرقانداق ئىشقا تەييار، مېنى بۇ ئىشتىن خالاس قىلىۋېتىڭ» ئۇنىڭ يالۋۇرۇشلىرىغا پەرۋا قىلمىغان باغۋەن ئۇنى تاشلاپ ئۆيىگە كىرىپ كېتىدۇ. يىگىت ئۆينىڭ يېنىدا ئۇنىڭ ئەسىر نامىزىغا چىقىشىنى ساقلايدۇ.

باغۋەن ئۆيىدىن چىقىپ، يىگىتنىڭ تېخىچە ئۆرە تۇرغانلىقىنى كۆرىدۇ ۋە ئۇنىڭ

ساقاللىرى ئارقىلىق دومىلاپ چۈشۈۋاتقان ياشلىرىدىن، چىرايىدىن ئىلىم ۋە تائەت ـــ ئىبادەتنىڭ نۇرلىرىدىن باشقا يەنە ئاللىقانداق بىر نۇرنىڭ پارلاپ تۇرغانلىقىنى بايقايدۇ.

يىگىت يەنە يالۋۇرىدۇ: «تاغا، مەن قىلىپ قالغان بۇ ئۆمرۈمدە بېغىڭىزدا ئىشلەپ ئۆتۈپ كېتىشكە، نېمىگە بۇيرىسىڭىز شۇنى قىلىشقا تەييارمەن، مېنى كەچۈرىۋەتكەن بولسىڭىز!»

بۇ چاغدا، باغۋەن ئويلىنىپ قالىدۇ ۋە ئۇنىڭغا: «ئى، ئوغلۇم مەن سېنى كەچۈرىۋېتىشكە تەييار، بىراق بىر شەرتىم بار» دەيدۇ. بۇنى ئاڭلىغان يىگىت كۆزلىرىدىن ھاياجان ئۇچقۇنلىرىنى چاقنىتىپ تۇرۇپ سورايدۇ: «كۆڭلىڭىزگە كەلگەنلىكى شەرتنى قويۇڭ، تاغا»

«شەرتىم شۇكى، مېنىڭ قىزىم بىلەن توي قىلىسەن» دەيدۇ باغۋەن.

يىگىت بۇ شەرتنى تازا چۈشىنەلمەي، ھاياجان ۋە ھەيرانلىقتا تېڭىرقاپ قالغاندا، باغۋەن سۆزىنى داۋاملاشتۇرىدۇ:

«ئەمما، ئوغلۇم شۇنى بىلىپ قالغىنكى، مېنىڭ قىزىم كۆزى كۆرمەس، قۇلىقى ئىشتمەس، تىلى ئىشلىمەس، پۇتى باسماس بىر قىز. مەن ھەم ئۇزۇندىن بېرى مۇشۇ قىزىمنى لايىق كۆرگىدەك بىر ئەر ئىزدەۋاتقان ئىدىم. قىزىمنى لايىق كۆرسەڭ گۇناھىڭدىن كەچتىم»

بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان يىگىت ئۆزىگە كەلگەن يەنە بىر قېتىملىق مۇسىبەتتىن بېشى قاتقان، ھەيرانلىق دېڭىزغا پاتقان ئىدى. ئۇن گۈلىنىڭ بىرسىمۇ ئېچىلمىغان بۇ بىتەلەي يىگىت ئەمدى ئۆمۈر بوي ئاشۇ مەجرۇھ قىزنىڭ خىزمىتىنى قىلىپ، ئۇنىڭ ئۇچۇن پاي ـــ پېتەك بولۇپ ئۆتسۇنمۇ!؟ ئۇنىڭ خىياللىرى قىزغا بېرىپ توختىغاندا، «قىزغا دۇنيالىقىڭدا سەۋر قىلىسەن، ئەمما ئاخىرەتتىكى ئالما دەۋاسىدىن قۇتۇلىسەن» دېگەنلەرنى ئويلىدى ـــ دە، «تاغا، قىزىڭىزنى لايىق كۆردۈم، جانابى ھەقتىن نېيىتىمگە ئەجىر بېرىشىنى، ماڭا يەتكەن بۇ ئىشلاردىن ياخشىلىقنى ئىرادە قىلىشىنى سورايمەن» دېگەن جاۋابنى بېرىدۇ.

«ئەمىسە، شۇنداق بولسۇن، ئوغلۇم! ئالدىمىزدىكى پەيشەمبە توي زىياپىتىڭلارنى بېرەي، قىزىمنىڭ مېھىر ھەققى مەندىن بولسۇن» دەپ گەپنى ئۈزىدۇ، باغۋەن.

پەيشەمبە كۈنى كەلگەندە، توي بولىدىغان بۇ يىگىت توي بولىدىغاندەك ئەمەس، ئېغىر قەدەملىرىنى سۆرەپ ـ سۆرەپ، غەم دەرياسىدا لەيلەپ ـــ لەيلەپ يېتىپ كېلىدۇ. قىزنىڭ دادىسى ئۇنى ئۆيىگە باشلاپ، سالام ـــ سائەتتىن كېيىن، «ئاياللىڭنىڭ قېشىغا كىرگىن ئوغلۇم، ئاللاھ تائالا ئىشىڭلارغا بەرىكەت ئاتا قىلسۇن، ئاراڭلارنى ياخشىلىق رىشتىسىدە يېقىن قىلسۇن!» دەپ ئۇنى قىزنىڭ ھوجرىسىغا يېتىلەپ

ئاپىرىپ قويىدۇ.

يىگىت قارىغۇدەك بولسا، غۇنچە بويلۇق، ئاي يۈزلۈك، چولپان كۆزلۈك، سۇمبۇل ساچلىق بىر ساھىبجامال قىز: «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ئۆمۈر يولدىشىم!» دېگىنىچە سالام بىلەن ئۇنىڭ ئالدىغا چىقتى.

جەننەتتىن زېمىنغا چۈشۈرۈلگەن پەرى كەبى بۇ قىزنى كۆرگەن يىگىت، دادىسىنىڭ قىز ھەققىدىكى سۈپەتلىرىنى ئەسلەپ گاڭگىراپ، قاققان قوزۇقتەكلا تۇرۇپ قالغان ئىدى.

يىگىتنىڭ خىيالىدىن نېمىلەر كېچىۋاتقانلىقىنى سەزگەن قىز، ئېرىنىڭ يېنىغا كېلىپ، قولىغا مېھىر بىلەن سۆيىدۇ ــ دە، ئېيتىدۇ: «شۇبھىسىزكى، ھارام ئۈچۈن كۆزۈم كور، ھارام سۆزلەر ئۈچۈن تىلىم تۇتۇق، ھارام پاراڭ ئۈچۈن قۇلىقىم پاڭ، قەدەملىرىم ھارام ئۈچۈن پالەچتۇر، مەن دادامنىڭ ئەتىۋارلىق يالغۇز قىزى، دادام ماڭا بىر نەچچە يىلدىن بىرى لايىق ئىزدەۋاتقان ئىدى، سىز ئۇنىڭ يېنىغا بىر ئالما ئۈچۈن ئىزىن سوراپ كېلىپ، ياش تۆكتىڭىز. دادام دېدى، ‹شۇبھىزكى، بىر ئالما چاغلىق كىشىنىڭ ھەققىنى يېيىشتىن قورققان كىشى، ئەلۋەتتە، ئاللاھتىن قورقۇپ قىزىمغا ھەقسىزلىك قىلىشتىن ھەزەر ئەيلەيدۇ.› مېنىڭ سىزگە ئۆمۈر ھەمراھى بولغانلىقىم ۋە سىزنىڭ دادامغا ئوغۇل بولغانلىقىڭىزغا بەرىكەت ياغسۇن!»

يىل ئۆرۈلۈپ، ئۇ قىز بىر ئوغۇل يەڭگىيدۇ. ھالبۇكى، بۇ ئوغۇل ئىسلام ئۇممىتى تارىخىدا ئاز ئۇچرايدىغانلاردىن بىرى ئىدى. سىز ئۇ ئوغۇلنىڭ كىملىكىنى بىلەمسىز؟

ئۇ مەشھۇر فىقھىيشۇناس (ئىسلامى قانۇنشۇناس)، ھەنەفىي مەزھىبىنىڭ ئىمامى ئەبۇ ھەنىيفە[1]دۇر. (قىسسە تامام)

## تاش چۈشۈپ كەتتى

ھەي، بىمار! كېسەللىك سېنىڭ قۇدرەت ساھىبى ئاللاھ تائالاغا بولغان ئېھتىياجىڭنى نامايەن قىلماقتا، مۇھتاجلىقىڭنى ئاشكارىلىماقتا. شەك ــ شۈبھىسىزكى، سەن ئاللاھقا بىر تىنىقىڭغا چاغلىق ۋاقىت ئىچىدىمۇ مۇھتاج بولماي تۇرالمايسەن.

قەلبىڭ ياراتقۇچىڭغا باغلانسۇن، غاپىللىق دەملىرىدىن كېيىن، ئۇنىڭغا يۈزلەنگىن!

بىر ھەكىم شۇنداق بىر ھېكمەتنى دېگەنىكەن، «بەزى ئەزالاردىكى كېسەللىك يەنە

---

[1] ئىمام ئەبۇ ھەنىفە ــ مۇجتەھىد، فىقھىشۇناس، مەشھۇر تۆت مەزھەبنىڭ بىرى بولغان ھەنەفىي مەزھىبىنىڭ ئىمامى، ئىراقنىڭ كۇفە شەھرىدە ياشىغان، دەسلەپكى ئۆمرىدە گەزمال تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئىلىم تەھسىل قىلغان، كېيىن، ئوقۇتۇش، پەتىۋا بېرىش بىلەن شۇغۇللانغان. تەقۋا، كۈچلۈك ناتىق، سېخى ۋە كېلىشكەن كىشى ئىدى ــ ت

بەزى ئەزالارنىڭ ساقلىقىنى ساقلايدۇ.»

قوللىرىڭنى كۆتۈر، كۆز ياشلىرىڭنى مەيلىگە قوي، پەردىلەنگەن مۇھتاجلىقىڭنى ئاچ، ئاجىزلىقىڭغا تەن بەر.

سەئىد ئىبنى ئەنبەسە مۇنداق بىر رىۋايەتنى قىلىدۇ:

بىر كىشى تاش ئويناپ ئولتۇرۇپ ئۇنى ئاسمانغا ئاتىدۇ، تاش چۈشۈپ ئۇنىڭ قۇلىقىغا كىرىپ كېتىدۇ. باشقىلار ھەر قانچە قىلىپمۇ ئۇنى چىقىرالمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن تاش ئۇنىڭ قۇلىقىدا قېلىپ، ئۇنى خېلى بىر مەزگىلگىچە ئازابلايدۇ.

بىر كۈنى ئولتۇرۇپ، بىرسىنىڭ قۇرئان تىلاۋەتتىدىن، « نەمله » سۈرىسىدىكى [بېشىغا كۈن چۈشكەن ئادەم دۇئا قىلسا (ئۇنىڭ دۇئاسىنى) ئىجابەت قىلىدىغان، ئۇنىڭ بېشىغا كەلگەن ئېغىرچىلىقنى كۆتىرىۋېتىدىغان كىم؟] (62- ئايەتنىڭ بىر قىسمى) دېگەن ئايەتنى ئاڭلاپ قالىدۇ ــ دە، «ئى، دۇئالارنى ئىجابەت قىلغۇچى رەببىم، مەن بىر بېشىغا كۈن چۈشكەن مۇھتاجمەن. مېنى بۇ ھالدىن قۇتقۇزغىن!» دەپ دۇئا قىلىپ تۇرىشىغىلا، قۇلىقىدىن تاش چۈشۈپ كېتىدۇ.

ھەيران قالمىغىن، پەرۋەردىگارىمىز دۇئالارنى ئاڭلاپ تۇرغۇچى، ئۇ بىر ئىشنى ئىرادە قىلىپ، ئۇنىڭغا بول دېسە، شۇ بولىدۇ.

ھەي، بىمار، كېسەلنىڭ ئۇزاققا سوزىلىپ كەتسە، ئاللاھ تائالاغا نائۈمىد بولۇپ قېلىشتىن ھەزەر ئەيلە!

«ئاللاھ تائالا مۇشۇ كۈننى بېشىمغا سېلىشنى ئىرادە قىپتۇ، ساقلىقىمنى خالىماپتۇ، ماڭا مۇشۇ زۇلۇمنى خالاپتۇ» دېگەن ھالاكەتلىك قاراشتا بولۇپ قالما، بىلگىنكى، بۇنداق گۇمان ئىنتايىن خەتەرلىك.

ئىمام ئەھمەد ئەبۇ ھۇرەيرىدىن رىۋايەت قىلغان سەھىھ (توغرا) ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام (ئۇنىڭغا سالام ۋە رەھمەتلەر بولسۇن) مۇنداق دېگەن:

«ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ، بەندەم مېنىڭ قانداق بولىشىمنى ئويلىسا، مەن ئۇنىڭغا شۇنداق بولىمەن. ئەگەر ئۇ مېنى ياخشى دەپ ئويلىسا، مەن ئۇنىڭغا ياخشى بولىمەن. ئەگەر يامان گۇمان قىلسا، مەن ئۇنىڭغا يامان بولىمەن.»

بالايى ــ قازا، ئاپەت ــ مۇسىبەت، قىيىن ــ قىستاڭچىلىقتا قېلىش، قەرىزگە بوغۇلۇپ قېلىش، كۈنسىرى ئېغىرلىشىۋاتقان نامراتلىق بەندىلەرنى ئاللاھ تائالاغا دەرد ئېيتىشقا، ھاجىتىنى تىلەشكە مۇھتاج قىلىدىغان ئىشلاردىندۇر.

تالايلىغان قەرىزدار ئەھدىگە ۋاپا قىلالمايۋاتىدۇ. سانسىزلىغان نامراتلار قوۋناق ھاياتنىڭ تەمىنى تېتىيالماي، بەختسىزلىك كوچىلىرىدا قېلىۋاتىدۇ. غەم ــ غۇسسىدىن كېچىسى كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمەيدىغان، كۈندۈزى قېقىلىپ ــ سوقۇلۇۋاتقان، بۈگۈنگە تاپسا، ئەتىسىگە يوق، بىر ۋاخ تاماق ئۈچۈن مورىسىدىن تۈتۈن

چىقىرالمايۋاتقانلار، قەرىز ئىگىلىرىنىڭ ئالدىدا تىلى قىسىلىۋاتقان ياكى تۈرمىگە تاشلىنىۋاتقانلار، ئىجارىلىك ئۆي، چۆچۈرىدەك بالىلىرى بىلەن قارىغۇچىسىز قالغان مىسكىن ئايال ساخاۋەتچىلەرنىڭ ئىشىكىنى چېكىشى ياكى، ناتوغرا يولغا مېڭىپ كېتىشىنى بىلمەيدۇ

تۆۋەندىكىسى قەرزدارلىقتىن تۈرمىگە سولانغان بىر ئەرگە ئايالىنىڭ يازغان خېتى:

«بىز توي قىلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي سىز تۈرمە زۇلمىتىدە غايىب بولدىڭىز. سىزنى يوقىتىپ قويغىنىمغا قانچىلىك بولغانلىقى، ئاللاھنىڭ سىزگە نېمىلەرنى تەقدىر قىلغانلىقى، سىزنىڭ هازىرغىچە هايات ياكى ئەمەسلىكىڭىز ماڭا قاراڭغۇ. هايات بولۇشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن. قازايى ــ قەدەر يەتكەن بولسا هەم، خەۋىرىڭىزنى كۈتىمەن.

مېنىڭ ۋە بالىرىڭىزنىڭ بولۇپمۇ كەنجىڭىزنىڭ هالىنى بىلگەن بولسىڭىزمۇ، كاشكى! مەن نېمە قىلىشىمنى بىلەلمىدىم، ئاللاھنىڭ ۋە سىزنىڭ ئامانىتىڭىزگە خىيانەت قىلايمۇ؟ سىزنىڭ نىكاھىڭىزدا تۇرۇپ بالىرىمىز ئۈچۈن هارام يولدىن نان تاپايمۇ؟ ياكى ئاچىرىشىنى تەلەپ قىلىپ بالىرىڭىزنى هالاك قىلايمۇ؟...» (بۇ قىسسە ‹قەرز بەرگۈچىلەر ۋە ئالغۇچىلارغا› دېگەن كىتابتىن ئېلىنغان.)

بۇ ئەرنىڭ هالىتىنى كۆز ئالدىڭلارغا كەلتۈرۈپ بېقىڭلار، ئۇ بۇ خەتنى ئوقۇپ قانداق بولۇپ كېتەر؟

قەرىز، تۈرمە، غەم ــ غۇسسە، نارەسىدە بالىلار، كۆزگە ئىلىنماسلىق، كەمسىتىلىش، بويۇن قىسىش...

تۆۋەندىكى كىشىنىڭ تۆككەن دەردلىرىنى هەم ئاڭلاپ باققايسىلەر:

«مەن قەرزىمنى تۆلىيەلمىگەنلىكتىن تۈرمىگە قامالغىلى بىر يېرىم يىل بولاي دېدى. ماڭا كېيىل بولغىدەك بىرسى چىقمىدى. مېنىڭ قولۇم قىسقا ئەمما، مېنىڭ ئائىلەم، بالا ــ چاقام بار، مېنى تۈرمىگە قامىشى توغرىمۇ!؟»

مۇشۇلاردەك، ۋە بۇلاردەك هالغا قالغان كىشىلەرگە شۇنداق دېگۈم كېلىدۇ:

شۇنچە ئىشكىلەرنى قاقسىلەر ـ يۇ، نېمىشقا ئۆزىگە قول تەڭلىگەن بەندىلىرىنى قۇرۇق قايتۇرغۇسى كەلمەيدىغان هەق سۇبهانەهۇ ۋەتائالانىڭ ئىشكىنى قېقىش ئېسىڭلارغا كەلمەيدۇ!؟

ئەسسەرى ئەسسەبتى مۇنداق دەيدۇ: «بالا ئاتا ــ ئانىسىغا ئۆز هالىنى ئېيتىپ، ئاتا ــ ئانىسى ئۇنىڭغا پەرۋا قىلمىسا، ئۇ بالا ئولتۇرۇپ يىغلايدۇ. سەن هەم گوياكى بىر كىچىك بالا بولغىنىڭكى، ئەگەر سەن پەرۋەردىگارىڭدىن سورىساڭ، ئۇ ساڭا بەرمىسە، سەنمۇ ئولتۇرۇپ ئۇنىڭغا يىغلىغىن»

ئەبۇ داۋۇد كىتابىدا، ئەبى سەئىدىلخۇدرى (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) دىن

رىۋايەت قىلىنغان قەرىز توغرىسىدىكى مۇنداق ھەدىسنى تىلغا ئالغان: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام (ئۇنىڭغا سالام ۋە رەھمەتلەر بولسۇن) بىر كۈنى مەسجىدتە ئەبۇ ئەمامە ئىسىملىك بىر ئەنسارىنى كۆرۈپ، ‹ ناماز ۋاقتلىرىدىن باشقا ۋاقىتلاردىمۇ سىنىڭ مەسجىدتە ئولتۇرغىنىڭنى كۆرىمەنغۇ؟› دېگەندە، ئۇ ‹مېنى ئولتۇرغۇزغىنى غېمىم ۋە قەرزلىرىم، ئەي، ئاللاھنىڭ ئەلچىسى› دەپ جاۋاب بېرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ھەزرىتى رەسۇلۇللاھ، ‹ئۇنى قىلساڭ، ئاللاھ تائالا غەملىرىڭنى كۆتۈرىۋېتىپ، قەرزىدىن قۇتۇلدۇرىدىغان بىر دۇئانى ئۆگىتىپ قويايمۇ؟› دېگەندە، ئۇ ‹ئەلۋەتتە بولىدۇ، ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى› دەپ جاۋاب بېرىدۇ. شۇ چاغدا، جانابى رەسۇلۇللاھ ‹ھەر ئەتىگەن ــ ئاخشامدا، ئى، ئاللاھ، غەم قايغۇدىن ساڭا سېغىنىپ پاناھ تىلەيمەن، ساڭا سېغىنىپ ئاجىزلىقتىن، ھورۇنلۇقتىن پاناھ تىلەيمەن، ساڭا سېغىنىپ قورقۇنچاقلىق ۋە بېخىللىقتىن پاناھ تىلەيمەن، ساڭا سېغىنىپ ئېغىر قەرزىدىن ۋە زولۇمدىن پاناھ تىلەيمەن› دېگىن»

ئەبۇ ئەمامە شۇنداق دەيدۇ: «شۇ دۇئانى قىلدىم، ئاللاھ تائالا غەم ــ قايغۇلىرىمنى كۆتۈرىۋەتتى، قەرزدىن قۇتۇلدۇردى.»

قەلبىلەرنى ئاللاھ تائالاغا باغلىغۇچى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئاللاھ تائالانىڭ سالام ۋە سالاۋات (بەرىكەت) لىرى بولسۇن!

بەيھەقى ئۆز كىتابىدا، ھەماد ئىبنى سەلمەدىن رىۋايەت قىلىنغان زامانىسىدىكى قارىلارنىڭ ئۇستازى ئەبى ئىسھاق ھەققىدىكى مۇنداق بىر قىسسىنى نەقىل كەلتۈرگەن:

ئەبى ئىسھاق شۇنداق دېگەن: «ماڭا نامراتلىق يېتىپ، بەزى قېرىنداشلىرىمنىڭ قېشىغا مۇھتاج بولۇپ بېرىپ قالدىم، ئەمما ئۇلارنىڭ ناخۇش تەلەتىدىن كۆڭلۈم سوۋۇپ قايتتىم. ئاندىن چۆلگە چىقىپ، يۈزۈمنى تۇپراققا قويۇپ، ئاللاھقا يېلىندىم: ‹ ئى، بارلىق ئىشلارنىڭ سەۋەبىنى قىلغۇچى، رەھمەت ئىشكلىرىنى ئاچقۇچى رەببىم، ئاگلاپ تۇرغۇچى، دۇئالارنى ئىجابەت قىلغۇچى پەرۋەردىگارىم! ھاجەتلەرنى راۋا قىلغۇچى ئاللاھىم! مېنى سەن ھالال قىلغان ئىش ـ ئەمەل ۋە نەرسىلەرىڭ ئارقىلىق ھارام قىلغان ئەمەل ۋە نەرسىلىرىڭدىن ساقلاپ قالغىن! فەزلىڭ بىلەن سېنىڭدىن باشقىغا ھاجەت قىلمىغىن! › » ئۇ ئاللاھ تائالاغا يۇقارقى دۇئالار بىلەن يېقىنلىشىدۇ.

ئەبى ئىسھاق ئۆز كەچمىشىنى داۋاملاشتۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، سەجدىدىن بېشىمنى كۆتۈرمەي تۇرۇپلا يېقىنلا بىر يەرگە بىر نەرسىنىڭ چۈشكەن تىۋىشىنى ئاڭلاپ بېشىمنى كۆتۈرسەم، بىر قۇش بىر قىزىل خالتىنى تاشلىغان ئىكەن. خالتىنى ئېلىپ قارىسام، ئۇنىڭدا سەكسەن دىنار ۋە پاختىغا ئورالغان جاۋاھىراتلار تۇرۇدۇ. ئاندىن مەن بۇ جاۋاھىراتلارنى ئېلىپ بېرىپ، نۇرغۇن

پۇلغا ساتتىم، دىنارلارغا يەر سېتىۋالدىم. ئۇنى ماڭا ئاتا قىلغان ئاللاھ تائالاغا چەكسىز ھەمدۇ ـ سانالارنى ئېيتتىم.

شۈبھىسىزكى، پەرۋەردىگارىم دۇئالارنى ئاڭلىغۇچىدۇر، كىمكى ئاللاھ تائالاغا تەۋەككۈل قىلسا (قاتتىق ئىشەنسە) ئاللاھ ئۇنىڭغا كۇپايە قىلىدۇ.

ئىمام ئەھمەد (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) كىتابىدا، ئابدۇللا ئىبنى مەسئۇد (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) دىن رىۋايەت قىلىنغان غەم ـ قايغۇ ۋە بىقارارلىق تۇغرىسىدا كەلگەن مۇنداق بىر ھەدىسنى نەقىل كەلتۈرىدۇ:

«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن، كىمگە غەم ـ قايغۇ يېتىپ قالسا، ‹ئى، ئاللاھ، مەن سېنىڭ قۇلۇڭمەن، سېنىڭ قۇلۇڭنىڭ ئوغلىمەن، دېدىكىڭنىڭ ئوغلىمەن، كوكۇلام سېنىڭ قولۇڭدا، ئۈستۈمدىكى ھۆكۈمىڭ جارىدۇر، سېنىڭ مەن توغرۇلۇق چىقارغان ھۆكۈمىڭ مۇتلەق ئادىلدۇر. سەن كىتابىڭدا چۈشۈرگەن (نازىل قىلغان) ياكى مەخلۇقاتلىرىڭدىن بىرەرسىگە بىلدۈرگەن ياكى سىر (غەيب) ئىلمىڭ قاتارىدا ساقلاشنى خالىغان ئىسمىڭ بىلەن شۇنداقلا، سەن ئۆزۈڭنى ئاتىغان، سەن ساھىب بولغان بارلىق ئىسىملار بىلەن سورايمەنكى، قۇرئاننى قەلبىم باھارىم، دىل نۇرۇم، قايغۇمنى كۆتۈرگۈچى، غېمىمنى كەتكۈزگۈچى قىلىپ بەرگىن!› دېسە، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ غەم ـ قايغۇلىرىنى كەتكۈزۈپ، ئۇنىڭ ئورنىغا شاتلىق (يەنە بىر رىۋايەتتە، ‹چىقىش يولى› دېيىلگەن) ئاتا قىلىدۇ.»

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام (ئۇنىڭغا سالام ۋە رەھمەتلەر بولسۇن) دىن «ئى، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى، ئۇنى بىز ئۆگەنمەمدۇق؟» دەپ سورالغاندا، «ئەلۋەتتە، ئۇنى ئاڭلىغان كىشى چوقۇم ئۆگىنىشى كېرەك» دېگەن.

دەرھەقىقەتكى، بىز ئىنسانلار ھەقىقەتەن ئاجىزمىز...

ئەگەر بىرسىنى غەم ـ قايغۇ، دۇنيا ئىشلىرى ۋە ئۇنىڭ قىيىنچىلىقلىرى بېسىۋالسا ئۇنىڭ ھالى قانداق بولماقچى؟ ئەلۋەتتە، ئۇنىڭ ئاجىزلىقى تېخىمۇ بىلىنىشىدۇ، غەم ـ ئەندىشە ۋە روھى بېسىمنىڭ ئولجىسىغا ئايلىنىدۇ.

قارايدىغان بولساق، پىسخىك كېسەللىكلەر بولىمىگە كىرىپ ـ چىقىدىغانلارنىڭ شۇنچىلىك كۆپلىكىنى بايقايمىز. ئالتۇندەك ياشلىقتىكى قىز ـ ئوغۇللار، «قىينچىلىق ۋە سىقىنچىلىقنى ھەل قىلغۇچى» (ئەلفەتتاھ) دېگەن گۈزەل ئىسمىغا ساھىب ئاللاھقا دەرد ـ ئەھۋال ئېيتىش، ۋە ئۇ زات بىلەن ھەقىقىي ئالاقە باغلاشتىن يىراق.

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىملارنىڭ ئىبنى ئابباس (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) تىن رىۋايەت قىلىنغان، مۇسىبەت يەتكەندە، قىينچىلىق، قەھەتچىلىكتە، ئىچ سىقىلغاندا ئوقۇيدىغان دۇئالاردىن بىر نەچچىنى يەتكۈزىمىز:

«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام (ئۇنىڭغا سالام ۋە رەھمەتلەر بولسۇن) قىينچىلىقتا

يولۇققاندا مۇنداق دۇئا قىلغان، ‹ئەلئەزىمۇل ھەلىم (بەندىلىرىنى جازالاشقا ئالدىراپ كەتمەيدىغان، ئۇلۇغ) ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچ بىر ئىلاھ يوقتۇر. بۈيۈك ئەرشنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھتىن باشقا ھېچ بىر ئىلاھ يوقتۇر. ئاسمانلارنىڭ ھەم زېمىننىڭ ۋە ئېسىل ئەرشنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھتىن باشقا ھېچ بىر ئىلاھ يوقتۇر.›»

ھەدىسشۇناس ئىمام مۇسلىم ئۇممۇ سەلەمە ئانىمىز (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) دىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە، ئۇممۇ سەلەمە ئانىمىزنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام (ئۇنىڭغا سالام ۋە رەھمەتلەر بولسۇن) نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم، ‹بىرەر بەندىگە قانداقلا بىر مۇسىبەت كەلمىسۇن، ‹بىز ئاللاھ تائالانىڭ ئىگىدارچىلىقىدىمىز، چوقۇم ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىغا قايتىمىز، ئى، ئاللاھ مۇسىبىتىمدە ماڭا ساۋاب ئاتا قىلغىن، ئۇنىڭ ئورنىغا ئۇنىڭدىنمۇ ياخشىراقىنى ئاتا قىلغىن دېسە، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ مۇسىبىتىگە ساۋاب ئاتا قىلىپ، ئۇ يوقاتقان نەرسىنىڭ ئورنىغا ئۇنىڭدىنمۇ ياخشىراقىنى ئاتا قىلىدۇ› ئۇممۇ سەلەمە مۇنداق دەيدۇ، ‹ئەبۇ سەلەمە[1] قازا قىلغاندا، رەسۇلۇللاھنىڭ بۇيرىغىنى بويىچە دېگەن ئىدىم، ئاللاھ تائالا ماڭا ئەبۇ سەلەمەدىن ياخشىراق بولغان رەسۇلۇللاھنى ئورنىغا بەردى[2].›»

## دادا، قورسىقىم ئېچىپ كەتتى

تۆۋەندىكىسى شۇنداق قىسسىكى، ئۇنىڭدا بايان قىلىنغان كىشىلەر، ئىمانىنىڭ تېرەنلىكىگە ھەقىقى چۈككەندىن كېيىن، دۇئانىڭ ھەقىقەتەنمۇ بىر قورال ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەن، ئۇ قورال بىلەن بالا ــ قازا ۋە قېيىنچىلىقنى يەڭگەن كىشىلەردۇر.

ئەسباغ ئىبنى زەيد (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) مۇنداق دەيدۇ: «مەن ۋە ئۈچ بالام قورساققا دال بولغۇدەك ئوزۇق ــ تۈلۈكىمىز قالماي نېمە قىلارمىزنى بىلمەي قالدۇق. كىچىك قىزىم، چىقىپ، ماڭا ‹دادا، قورسىقىم ئېچىپ كەتتى› دېدى»

كۆرۈۋىكى، قىز دادىسىغا ئاچلىقتىن شىكايەت قىلدى، ئەمدى بۇ دادا كىمگە شىكايەت قىلىدۇ. (ئاپتور بايانى ـ ت)

قىسسىنىڭ داۋامى، «ئاندىن مەن تاھارەت ئېلىپ، ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇپ، ئېسىمگە كەلگەن دۇئالارنى قىلدىم، ۋە ئاخىرىدا، ئەي مېھرىبانلارنىڭمۇ مېھرىبانى بولغان ئاللاھ، ماڭا شۇنداق رىزىق ئاتا قىلغىنكى، ئۇنىڭدا ھېچ كىشىنىڭ مىننىتى بولمىسۇن، مەن ھەم ئاخىرەتتە، بۇ ھەقتە ھېساب بەرمەيدىغان بولاي» دەپ ئۆيگە

---

[1] ئەبۇ سەلەمە ـ ئۇممۇ سەلەمەنىڭ بۇرۇنقى يولدىشى ــ ت

[2] ئۇممۇ سەلەمە ئېرى ئەبۇ سەلەمەنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەمرىگە ئۆتكەن ــ ت

قايتتىم.

چوڭ قىزىم كېلىپ ماڭا، «ھەي، دادا بىر كىشى كېلىپ، ‹مەن سىزنىڭ تاغىڭىز، بۇ دەرھەم[1] لەرگە لازىمەتلىكلەرنى سېتىۋېلىڭلار› دەپ بۇ پۇللارنى بەردى، ۋە‹ قېرىندىشىمغا سالام ئېيتىپ قويۇڭلار، ئەگەر ئۇنىڭ بىرەر ھاجىتى بولسا مۇشۇ دۇئانى قىلسا، ھاجىتى راۋان بولىدۇ › دەپ كېتىپ قالدى» دېدى.

ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مېنىڭ ھېچقانداق قېرىندىشىم يوق ئىدى، بۇ سۆزلەرنى قىلغان كىشىنىڭ كىملىكىنىمۇ بىلمەيمەن. بىراق، ھەق سۇبھانەھۇ ۋەتائالا ھەممىگە قادىردۇر. (ئەسباغ ئىبنى زەيدنىڭ قىسسى تامام)

شەقىق ئەلبەلخى (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) مۇنداق دەيدۇ، بىر كۈنى ئايالىم ماڭا، « بۇ باللارنىڭ ئاچلىقتىن قانداق ھالغا كېلىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇپ، ئۇلارنى تاقىتى يەتمەيدىغان ئىشقا زورلىسىڭىز دۇرۇس بولمايدۇ » دېدى. ئاندىن مەن تاھارەت ئالدىم. مېنىڭ بىر دوستۇم بار ئىدى. ئۇ ماڭا دائىم، ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىپ، قانداقلىكى ھاجىتىم بولسا، ئۆزىگە ئېيتىشىمنى ۋە ئۇنىڭدىن يوشۇرماسلىقىمنى جېكىلەيتتى. ئۇنىڭ دېگەنلىرى ئېسىمگە كېلىپ، ئۆيدىن چىقتىم. مەسجىدنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ئەبى جەئفاردىن رىۋايەت قىلىنغان ‹كىمنىڭ مەخلۇققا ھاجىتى چۈشۈپ قالسا، ئالدى بىلەن ئاللاھ تائالادىن تىلىسۇن› دېگەن بىر سۆز خاتىرەمدىن كەچتى.

ئاندىن مەسجىدكە كىرىپ، ئىككى رەكئەت نامازغا تۇردۇم، تەشاھۇدتا ئولتۇرغاندا مېنى ئۇيقا بېسىۋالدى، شۇ ئەسنادا، چۈشىمۇ كۆرۈپ كېتىپتىمەن، چۈشۈمدە، ‹ ھەي، شەقىق، ئاللاھنى قويۇپ، بەندىلەرگە مۇراجەت قىلىپ، ئاللاھنى ئۇنۇتامسەن؟ ھەي، شەقىق، ئاللاھنى قويۇپ، بەندىلەرگە مۇراجەت قىلىپ، ئاللاھنى ئۇنۇتامسەن؟ › دېگەن سادا كەلگۈدەكمىش. ئاندىن ئويغىنىپ، بۇ چۈشنىڭ ھەقىقەتەنمۇ پەرۋەردىگارىمنىڭ بىر ئاگاھلاندۇرىشى ئىكەنلىكىنى بىلدىم.

تاكى ناماز خۇپتەنگىچە مەسجىدتە بولدۇم، مەسجىدتىن چىقىپ، ئۇ دوستۇمنىڭكىگە بېرىشتىن ۋاز كېچىپ ئاللاھ تائالاغا تەۋەككۇل قىلىپ (قاتتىق ئىشىنىپ) ئۆيگە قايتتىم. ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرىتى بىلەن ئۇ دوستۇم مەن ئېھتىياجلىق نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆيۈمگە ئۆز قولى بىلەن ئەكىلىپ بەرگەنىكەن.

شەك ــ شۈبھىسىزكى، جانابى ھەق دۇئالارنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر. كىمكى ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلسا، ئاللاھنىڭ ئۇنىڭغا كۇپايە (يېتەرلىك) ئىكەنلىكىدىن ھېچبىرىمىز گۇمان قىلمايمىز ــ ئەلۋەتتە. (شەقىق ئەلبەلخىنىڭ قىسسىسى

---

[1] دەرھەم: ئەرەبلەرنىڭ قەدىمكى پۇل بىرلىكى ــ ت

تاماملاندى)

تەتقىقاتچى ئالىم ئىبنى قەييۇم (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) نىڭ سۈرە « فاتىھە » بىلەن قىلغان دۇئاسى ۋە بۇ ھەققتىكى قىسسىسىنى ئاڭلاڭ:

ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «مەككىدە تۇرغان چاغلىرىمدا، ماڭا بىر تۈرلۈك كېسەل چاپلاشتى. كېسىلىمگە نە دوختۇر، نە دورا تاپالمىدىم. ئاندىن سۈرە ‹فاتىھە› ئارقىلىق ئۆزۈمنى داۋالاشقا باشلىدىم. بۇ سۈرىنى ئوقۇيمەن ــدە، ئۇنى زەمزەم سۈيىگە دېمىدە قىلىپ ئىچىمەن. شۇنداق قىلىپ ساقايدىم. سۈرە ‹فاتىھە› نىڭ ئاجايىپ شىپالىق تەسىرى بارلىقىنى مۇشۇنداق ئۆز تەجرىبەمدىن ئۆتكۈزگەن بولدۇم. كېيىن بۇ تەجرىبەمنى باشقا كېسەل بولۇپ قالغان مۆمىنلەرگە تونۇشتۇردۇم. ئۇلارنىڭمۇ مۇتلەق كۆپ قىسمى سۈرە ‹ فاتىھە › نىڭ داۋالىشى بىلەن شىپالىق تېپىپ ساقىيىپ كەتكەندى. (ئىبنى قەييۇمنىڭ قىسسىسى تاماملاندى)

ئەبى سەئىد ئەلخۇدرى (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) دىن رىۋايەت قىلىنغان بىرلىككە كەلگەن ھەدىستە، بىر يۇرتنىڭ باشلىقىغا سۈرە «فاتىھە» ئوقۇلغاندا، ئۇ باش ئاغرىقىدىن سەللىمازا ساقىيىپ كەتكەن. بۇ ھەم «فاتىھە» سۈرىسىنىڭ پەزىلىتىگە شاھىتتۇر.

دۇئانىڭ پەزىلىتى توغرىسىدىكى گۈزەل ۋە نادىر (ئاز ئۇچرايدىغان) بىر مىسالنى قەيت قىلىشىمىز ئارتۇقچە بولماس:

سەئىد ئىبنى جۇبەيىر (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) نىڭ بىر خورىزى بولۇپ، ئۇ ھەر كېچىسى ئاشۇ خورازنىڭ چىللىشى بىلەن ئويغىنىدىكەن. ئەمما ئۇ خوراز بىر كېچىسى چىللىماي قويىدۇ ــ دە، سەئىد تەھەججۇد[1] نامىزىغا تۇرالماي تاڭ ئېتىپ كېتىدۇ. بۇ ئىش ئۇنىڭغا قاتتىق ھار كېلىدۇ ۋە ئاللاھقا بۇ خورازنىڭ ئۈنىنى ئۆچۈرۈپ تاشلاش ھەققىدە دۇئا قىلىدۇ. سەئىدنىڭ دۇئاسى ئىجابەت ئىدى. دېگەندەك، شۇندىن كېيىن، خورازنىڭ ئاۋازى ئاڭلانمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن سەئىدنىڭ ئانىسى، «بالام، سەن بۇندىن كېيىن، بىر نەرسە ئۈستىدىن دۇئا قىلمىغىن» دېگەنىكەن. (سەئىد ئىبنى جۇبەيىرنىڭ قىسسىسى تاماملاندى)

دەئۋەتچىلەردىن بىرى كىتابىدا نەقىل كەلتۈرگەن بىر قىسسىدە، داۋاملىق ئاللاھ تائالانىڭ تائات ــ ئىبادىتىدە بولىدىغان، ئاللاھنى ھەر زامان تەۋبە بىلەن ئەسلەپ تۇرىدىغان بىر كىشى بولۇپ، ئۇ بىر قېتىم ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن بىرلىكتە قىلغان بىر چۆل سەپىرىنى بايان قىلىپ، مۇنداق دەيدۇ:

ئېلىنغان سۈيىمىز تۈگەپ كېتىپ، سۇ ئىزدەپ بىر كۆلنى تېپىۋېدىم، ئۇ بىر

[1] تەھەججۇد ــ كېچە نامىزى ــ ت

قۇرۇق كۆل بولۇپ چىقتى. شۇنىڭ بىلەن مەن ئائىلەمدىكىلەرنىڭ يېنىغا قۇرۇق قول قايتىپ كەلدىم. ئاندىن ھەممىنى تۆت تەرەپكە قاتراپ ئىزدەپ، بىر تىيىننىمۇ سۇ تاپالمىدۇق. ھەممىمىز ئۇسساپ، قاغجىراپ كەتتۇق.

شۇنداق قىلىپ، مەن ھەممىدىن پاك، ئىززەتلىك، بەندىلىرىنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلغۇچى، قۇللىرىغا ناھايىتى يېقىن بولغان پەرۋەردىگارىمنى ئەسلەپ، تەيەممۇم قىلىپ، قىبلىگە يۈزلەندىم. ئىككى رەكئەت ناماز قىلىپ، تاراملاپ ئېقىۋاتقان كۆز ياشلىرىم بىلەن دۇئاغا قول كۆتۈردۇم. ھەق سۇبھانەھۇ ۋەتائالادىن كامالى ئىشەنچ بىلەن سورىدىم، ۋە ئۇ زاتنىڭ، «بېشىغا كۈن چۈشكەن ئادەم دۇئا قىلسا (ئۇنىڭ دۇئاسىنى) ئىجابەت قىلىدىغان ئۇنىڭ بېشىغا كەلگەن ئېغىرچىلىقنى كۆتىرىۋېتىدىغان كىم؟» (نەمل) سۈرىسى، 62 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى) دېگەن سۆزىنى ئەسلىدىم. ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەن ئورنۇمدىن تۇرغاندا، كۆكتە نە ئاق بۇلۇت نە قارا بۇلۇت يوق ئىدى. تۇيۇقسىز بىر پارچە بۇلۇت پەيدا بولۇپ چۆلدىكى مەن تۇرغان ئورۇننى بىر ئالدى ـ دە، شارقىراپ يامغۇر يېغىپ، ئەتراپىمىزدىكى كۆللەر لىقمۇلىق تولدى. بۇ سۇدىن قانغۇچە ئىچتۇق، يۇيۇنۇپ، تاھارەت ئالدۇق، ۋە جانابى ئاللاھ تائالاغا چەكسىز ھەمدى (ماختاش) ئېيتتۇق.

بىر دەمدىن كېيىن، ئالدىمىزغا قاراپ ئانچە ئۇزۇن ماڭمايلا، ئۇ جايلاردا يامغۇردىن ئەسەرمۇ يوق، قۇپقۇرۇق تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئاللاھ تائالانىڭ بىزنى ھەقىقەتەنمۇ ئۇ بۇلۇت ئارقىلىق دۇئايىم بىلەن سۇغارغانلىقىنى ھېس قىلدىم. ۋە ھەق سۇبھانەھۇ ۋەتائالاغا چەكسىز ھەمدۇ ـ سانالار ئېيتتىم.

[ئۇلار (يامغۇرنىڭ يېغىشىدىن ئۈمىدسىزلەنگەندىن كېيىن) ئاللاھ يامغۇر ياغدۇرۇپ بېرىدۇ، رەھمىتىنى يايىدۇ، ئاللاھ (ھەممىنىڭ) ئىگىسىدۇر مەدھىيەگە لايىقتۇر] («شۇرا» سۈرىسى، 28 ـ ئايەت) (بۇ قىسسە تاماملاندى)

بۇ كىتابتا يەنە تۆۋەندىكى قىسسىمۇ نەقىل كەلتۈرۈلگەن.

ئەلقىسسە: بىر مۇسۇلمان كىشى بىر دۆلەتكە بېرىپ، شۇ جاينىڭ يۇقرالىق گۇۋاھنامىسى (گىراژدانلىق ھوقۇقى) نى ئېلىش ئۈچۈن ياردەم تەلەپ قىلغاندا، ھەممىلا جايدىن بۇرنىغا يەپ قايتىدۇ. بۇ كىشى قولىدىن كەلگەنلىكى ئامالنىڭ ھەممىنى قىلىپ، تونۇش ـ بىلىشلىرىنىڭ ھەممىسىگە يېلىنىپ باقىدۇ، يەنىلا نەتىجە چىقمىغاندىن كېيىن، تەقۋادار بىر ئالىم بىلەن ئۇچرىشىپ، ئۆزىنىڭ ئوسال بىر ھالغا قالغانلىقىنى ئېيتىدۇ.

ئاندىن ئۇ ئالىم ئۇنىڭغا، «سەن كېچىنىڭ ئاخىرىقى ئۈچتىن بىرىنى چىڭ تۇتۇپ، ئاللاھقا دۇئا قىلغىن، ھەقىقەتەن ئۇ زات ئىشلارنى ئاسانلاشتۇرغۇچىدۇر.» دەپ نەسىھەت قىلىدۇ.

ئۇ ئېيتىدۇ: «ئاللاھ تائالا بىلەن قەسەمكى، مەن بەندىدىن ياردەم سورايدىغان ئىشلارنى تاشلاپ، ئۇ ئالىمنىڭ دىگىنىدەك، كېچىنىڭ ئاخىرىقى ئۈچتىن بىرىدە ناماز ئوقۇشنى باشلىدىم. سەھەردە، ئاللاھنى سېغىنىپ، ئۇ زاتقا دۇئا قىلاتتىم. بىر نەچچە كۈندىن كېيىن، ئادەتتىكىدەكلا، ماتېرىياللىرىمنى مۇناسىۋەتلىك ئورگانغا تاپشۇردۇم. ئارىمىزدا ۋاستىچى ھەم يوق ئىدى. ئۇلار ماتېرىيالىمنى يۇقىرىغا يوللىدى. بىر قانچە كۈن ئۆتۈپ، ئۇ ئورگانغا چاقىرتىلغىنىمدىن شۇنچىلىك ھەيران قالدىمكى، مۇشۇنداق پاسسىپ شارائىتتا تۇرۇپمۇ «پۇقرالىق گۇۋاھنامىسى» غا ئېرىشكىنىمگە شۇنچىلىك ھەيران قالدىم.

پەرۋەردىگارىمىنىڭ دۇئالارنى ئاڭلاپ تۇرغۇچى ۋە ئىجابەت قىلغۇچى، بەندىلىرىگە ئىلتىپاتلىق ۋە يېقىن زات ئىكەنلىكى شۈبھىسىزدۇر. بىراق، نۇقسان ئۆزىمىزدىدۇر. بىز چوقۇم ئاللاھ تائالاغا قايتىپ ئۇنىڭغا دۇئا قىلىشىمىز كېرەك. ھەق سۇبھانەھۇ ۋەتائالانىڭ دۇئالارنىڭ ئاڭلاپ تۇرغۇچى ئىكەنلىكى بىز ئۈچۈن ھەقىقەتەنمۇ بىر خۇش بېشارەت.

ئاياغىنىڭ بوغقۇچى ئۈزۈلۈپ كەتسىمۇ، ئاللاھ تائالاغا مۇراجەت قىلىپ ھال ئېيتىدىغان كىشىلەرنىڭ بارلىقىنى ھەم ئاڭلىمىدۇقمۇ!؟ شۇنداق، ئۇلار شۇنداق بەندىلەركى، ئاياغ بوغقۇچىنىلا ئەمەس بەلكى، بىر چىمدىم تۇزنىمۇ ئاللاھتىن سورايدۇ.

ھەي، ھاجەتمەنلەر! ھەي، كېسەللەر! ھەي قەرزدارلار! ھەي قىيىنچىلىقتا قالغانلار، ھەي زۇلۇمغا ئۇچرىغانلار!

ھەي، پالاكەت پاتقىقىغا پېتىپ، غەم دەرياسىدا ئېقىپ يۈرگەنلەر! ھەي، نامراتلىق ئىسكەنجىسىگە چۈشۈپ، ھەق ــ ھوقۇقىنى يۇتتۇرۇپ قويغانلار! ھەي، ئەر ــ ئايالىق تۇرمۇشىدا بەخت، بەخت دەپ بەختسىز بولغانلار! ھەي، پەرزەنت تىلەپ، قىلمىغىنى قالمىغانلار! ھەي ئوقۇشتىن ئۆتۈق، خىزمەتتىن ئورۇن ئىزلەپ يۈرگەنلەر! ھەي، مۇسۇلمانىنىڭ ئىشى دېسە، ئۆز ئىشىم دەپ جان كۆيدۈرىدىغانلار!

ھەي، ھاجەتمەنلەر! ھەي، كەڭرى زېمىن تار تۇيۇلغانلار، «شۇنچە خەقنىڭ بەختى پاتقان دۇنيادا، كىچىككىنە مېنىڭ بەختىم پاتماسمۇ؟» دەپ قوشاق توقۇغانلار! بىز نېمە ئۈچۈن دەردىمىزنى ئاللاھقا دېمەيمىز!؟ ھالىمىزنى ئاللاھقا ئوقۇمايمىز!؟

ئەجابا، [ماڭا دۇئا قىلىڭلار مەن (دۇئايىڭلارنى) قوبۇل قىلىمەن (تىلىگىنىڭلارنى بېرىمەن)] (‹غافىر› سۈرىسى، 60 ــ ئايەت) دېگەن سۆزنى قىلغان ئاشۇ زات ئەمەسمۇ؟

نېمە ئۈچۈن بىز مۇھتاجلىق بىلەن سونۇلغان قوللىرىمىزنى ھەق سۇبھانەھۇ ۋەتائالاغا كۆتۈرمەيمىز.

ئۇ زات [مېنىڭ بەندىلىرىم سەندىن مەن توغرىلىق سورىسا، (ئۇلارغا ئېيتقىنكى) مەن ھەقىقەتەن ئۇلارغا يېقىنمەن.(يەنى ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى سۆزلىرىنى بىلىپ تۇرىمەن) ماڭا دۇئا قىلسا مەن دۇئا قىلغۇچىنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىمەن.] (‹بەقەرە› سۈرىسى، 186 ــ ئايەت) دېگەن ئۇلۇغ سۆزنى ئېيتقۇچىدۇر.

## تاغلاردەك مەزمۇت

ئۇ ھەم باشقا ئاياللارغا ئوخشاش ھاياتنى سۆيىدىغان، ئىمان ــ ئېتىقادلىق ئايال ئىدى. ئۇ ئاللاھ تائالانىڭ پەرۋەردىگارلىقىغا، ئىشلىرىغا ئېگە بولغۇچى، ئورۇنلاشتۇرغۇچى ئىكەنلىكىگە رازى بولغان، ئۇ زاتنىڭ ھۆكمىگە ۋە ھۆكۈم چىقارغۇچى ئىكەنلىكىگە ئىمان كەلتۈرگەن، ئىمان ئېمتىھانى ئېلىنغان، راستچىللىقى سىنالغان، ۋە پىتنىگە يولۇققاندا بۇ ئېمتىھاندىن ئۆتۈپ كەتكەن.

ئۇ ھېچنىمنى ئاڭلىماس بىر گاسمۇ تاقەت قىلالمايدىغان تىل ــ ھاقارەت، بالايى ــ ئاپەتكە قالغاندا، تاغدەك مەزمۇت، پولاتتەك ئىرادە بىلەن ئۆز مەيدانىدىن تەۋرىمىگەن. جىستۇ ــ جاسارەتلىك، غەيرەت ــ شىجائەتلىك ئايال ئىدى. جانابى ھەق ئۇنىڭدىكى ھەقىقىي ئىمان، مۇستەھكەم ئېتىقادقا يارىشا، ئۇنىڭ ئىرادىسىنى چىڭىتقان. ئۇنداقتا، ئۇ ئايال كىم؟

ئۇ يەنە شۇنداق ئايالكى، تالاي يىللار كۇپۇر[1] ۋە شېرىكتە ئۆتۈپ، ھاياتىنىڭ ئازغىنە بىر قىسمىدا، ئىمان بىلەن شەرەپلەنگەن. ئۇنداقتا، ئۇ زادى كىم؟

ئۇ ئايالنىڭ ئۆز خاھىشى بويىچە سۆزلىمەيدىغان كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام (ئۇنىڭغا سالام ۋە رەھمەتلەر بولسۇن) تەرىپىدىن خەۋىرى بېرىلگەن. ئەمدى بۇ ئۇززۇن قىسسىنىڭ بايانىغا كېلىمىز:

سۇھەيب (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) دىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «سىلەردىن بۇرۇن بىر پادىشاھ ئۆتكەن بولۇپ، ئۇ شاھنىڭ بىر سېھرىگەرى بار ئىدى. ئۇ سېھرىگەر قېرىغاندا پادىشاھتىن، ‹پېقىرغا قېرىلىق يەتتى، بىر شاگىرتقا ئىجازەت قىلسىلا، ئۇنىڭغا ھۈنىرىمنى ئۆگەتكەن بولسام › دەپ ئىلتىماس قىلىدۇ. شاھ ئۇنىڭغا بىر بالىنى شاگىرتلىققا ئۇۋەرتىدۇ.

بالا ئۇستازىنىڭ قېشىغا كېتىۋېتىپ، بىر راھىبقا ئۇچراپ قالىدۇ ــ دە، ئۇنىڭ قېشىدا سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ئولتۇرۇپ راھىبقا قىزىقسىنىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۇ ھەر كۈنى سېھرىگەرنىڭ يېنىغا بارغۇچە راھىبنىڭ قېشىدا ئولتۇرىدىكەن. سېھرىگەرنىڭ قېشىغا كەلگەندە، ئۇستازى ئۇنى‹كېچىكىپ قالدىڭ› دەپ ئۇرىدىكەن. بالا بۇ ئىشنى

[1] كۇپۇر (كۇفۇر) ــ ئىشەنچسىزلىك، ئېتىقادسىزلىق ــ ت

راھىبقا شكايەت قىلىپتۇ. راھىب ئۇنىڭغا: ‹ئەگەر سېھىرگەردىن قورقساڭ، ئۇنىڭغا مېنى ئۆيدىكىلەر كېچىكتۈرۈپ قويدى› دېگىن، ئەگەر ئۆيۈڭدىكىلەردىن قورقساڭ، ‹مېنى سېھىرگەر ھايال قىلىپ قويدى› دېگىن. دەپتۇ.

بالا شۇنداق قىلىپ يۈرگەن كۈنلىرىنىڭ بىرىدە، ئۇشتۇمتۇت يوغان بىر ھايۋان پەيدا بولۇپ، كىشىلەرنىڭ يولىنى توسۋاپتۇ. بالىنىڭ كۆڭلىگە، ‹راھىب ئۇستۇنمىدۇ ياكى سېھىرگەرمىدۇ؟ بۈگۈن بۇنى بىر بىلىپ باقاي› دېگەن خىيال كەپتۇ ــ دە، قولىغا يوغان بىر تاشنى ئېلىپ، ‹ئى، ئاللاھ، ئەگەر ساڭا راھىبنىڭ ئىشى سېھىرگەرنىڭكىدىن ياخشى بولىدىغان بولسا، قولۇمدىكى بۇ تاش بىلەن ھايۋاننى ئۆلتۈرگىن، كىشىلەرنىڭ يولى راۋان بولسۇن.› دەپ تاشنى بىر ئاتقانىكەن، ھايۋان ئۆلۈپتۇ. يول راۋانلىشىپتۇ. بالا بۇ ئىشنى راھىبقا دېگەن ئىكەن. راھىب، ‹بالام، سەن بۈگۈن مەندىن ئېشىپ كېتىپسەن، مەن يەتكەن ماقامغا يېتىپسەن. ئۇزۇن ئۆتمەي، سىناققا دۇچ كېلىسەن، سىنالغان چېغىڭدا مېنى ئاشكارىلاپ تاشلىما.› دەپ نەسىھەت قىلىپتۇ. كېيىنچە بالا قارىغۇ، ئاق كېسەل ۋە باشقا كېسەللەرنىمۇ داۋالايدىغان بوپتۇ. بىر كۈنى پادىشاھنىڭ بىر كور بولۇپ قالغان ئۇلپەتدېشى بۇنى ئاڭلاپ، نۇرغۇن سوۋغا ــ سالاملار بىلەن كېلىپ، بالىغا دەپتۇ: ‹ئەگەر كۆزۈمنى داۋالىيالىساڭ، مۇشۇ نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ساڭا سوۋغا قىلىمەن.›

‹مەن ھېچكىمنى ساقايتالمايمەن. پەقەت ئاللاھ تائالا شىپالىق بېرىدۇ، سەن ئاللاھقا ئىمان ئېيتساڭ، مەن ئاللاھقا دۇئا قىلاي، ئاللاھ ساڭا شىپالىق بەرسۇن› دەپتۇ. ئۇ كىشى ئىمان ئېيتىپتۇ، ئاللاھ شىپالىق بېرىپتۇ.

ئۇ كىشى شاھنىڭ يېنىغا بېرىپ ئاۋالقى ئورنىدا ئولتۇرۇپتۇ. شاھ ئۇنىڭدىن ‹كۆزۈڭنى كىم ساقايتىپ قويدى› دەپ سورىغانىكەن، ئۇ: ‹پەرۋەردىگارىم› دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان شاھنىڭ قۇيقا چاچلىرى تىك تۇرۇپتۇ:

ـ سېنىڭ مەندىن باشقىمۇ پەرۋەردىگارىڭ بارمۇ ــ ئەجابا!؟

ـ ئاللاھ تائالا سىلىنىڭ ۋە مېنىڭ پەرۋەردىگارىمىزدۇر.

شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ ئۇنى قاتتىق قىيناپتۇ. ئۇ بالىنى ئاشكارىلاپ قويۇپتۇ. بالا شاھنىڭ دەرگاھىغا كەلتۈرۈلۈپتۇ. پادىشاھ بالىغا:

ئوغلۇم، سېنىڭ سېھىر ماھارىتىڭ شۇ دەرىجىگە يېتىپتۇكى، قارىغۇ ۋە ئاق كېسەللەرنىمۇ داۋالىيالايدىكەنسەن، خېلى ــ خېلى ئىشلارنىمۇ قىلالايدىكەنسەن ــ ھە!؟ ـ دەپتۇ.

ـ ياق، مەن ھېچكىمنى داۋالىيالمايمەن، شىپالىق پەقەت ئاللاھ تەرەپتىندۇر ــ دەپتۇ، بالا. شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ ئۇنىمۇ قاتتىق قىيىن ــ قىستاققا ئاپتۇ. ئاخىرى بالا راھىبنى كۆرسىتىپ قويۇپتۇ. راھىب ئوردىغا كەلتۈرۈلۈپتۇ.

پادىشاھ ئۇنى دىندىن يېنىشقا قىستاپتۇ، راھىب ئۇنىماپتۇ. پادىشاھ راھىبنىڭ بېشىنى ھەرىدەپتۇ، راھىبنىڭ بېشى ئىككى پارچە بولۇپ يەرگە چۈشۈپتۇ. ئاندىن پادىشاھ ھېلىقى ئۇلپەتدېشىنى كەلتۈرۈپ، ئۇنىڭغىمۇ، ‹دىنىڭدىن ياندا› دەپتۇ. ئۇمۇ ئۇنىماپتۇ. ئاندىن ئۇنىڭ بېشىنىمۇ ھەرىدەپ ئىككى پارچە قىلىۋېتىپتۇ. نۆۋەت بالىغا كەپتۇ. ئۇنىمۇ دىنىدىن يېنىشقا زورلاپتۇ. بالا ئۇنىمىغاندىن كېيىن، پادىشاھ ئۇنى قول ئاستىدىكى بىر توپ ئاتارمەن ـ چاپارمەنلەرگە تاپشۇرۇپ، سىلەر بۇنى پالانى تاغقا ئېلىپ چىقىڭلار، تاغ چوققىسىغا چىققاندا، ئۇ يەنىلا دىنىدىن يانمىسا ئۇنى تاغدىن تاشلىۋېتىڭلار» دەپ ئەمر قىلىپتۇ. ئۇلار بىر تاغقا چىقىپتۇ. بالا، «ئى، ئاللاھ، مېنى ئۇلارنىڭ يامانلىقىدىن ئۆزۈڭ خالىغان بىر رەۋىشتە ساقلاپ قالغىن» دەپتۇ. شۇ ئان، تاغ تەۋرەپ، پادىشاھنىڭ ئادەملىرى تاغدىن چۈشۈپ كېتىپتۇ. بالا پادىشاھنىڭ ئالدىغا يالغۇز قايتىپ كەپتۇ. پادىشاھ ئۇنىڭدىن، ‹قېشىڭدىكىلەرگە نېمە بولدى› دەپ سوراپتۇ. ‹ئاللاھىم مېنى ئۇلارنىڭ زىيانكەشلىكىدىن ساقلىدى› دەپ جاۋاب بېرىپتۇ، بالا.

پادىشاھ بالىنى يەنە بىر توپ كىشىلەرگە تاپشۇرۇپ، ئۇنى دېڭىزغا تاشلىۋېتىشنى بۇيرۇپتۇ. ئۇلار دېڭىزنىڭ ئوتتۇرىغا كەلگەندە، بالا، «ئى، ئاللاھ، ئۆزۈڭ خالىغان بىر رەۋىشتە مېنى ئۇلارنىڭ زىيانكەشلىكىدىن ساقلاپ قالغىن» دەپ دۇئا قىپتۇ. شۇ چاغدا، كېمە ئۆرۈلۈپ كېتىپتۇ. ئۇ يەن پادىشاھنىڭ ئالدىغا يالغۇز قايتىپ كەپتۇ. پادىشاھ ئۇنىڭدىن، ‹ھەمراھلىرىڭغا نېمە بولدى؟› دەپ سوراپتۇ. بالا، ‹ئاللاھ تائالا مېنى ئۇلارنىڭ زىيانكەشلىكىدىن ساقلىدى. سەن مېنىڭ دېگىنىمدەك قىلمىغۇچە، مېنى ھەرگىز ئۆلتۈرەلمەيسەن.› دەپتۇ. پادىشاھ، ‹قېنى ئېيت!› دەپتۇ. بالا، «سەن خالايىقنى بىر تۈپىلىككە يىغىپ، مېنى خورمىنىڭ شېخىغا ئاسقىن، ئاندىن ئوقدىنىمدىن بىر تال ئوقنى ئېلىپ، ئوقيانىڭ ئوتتۇرىغا قويۇپ تۇرۇپ، «بالىنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھ تائالانىڭ نامى بىلەن باشلايمەن› دەپ ئاتساڭ، مېنى ئۆلتۈرەلەيسەن› دەپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن شاھ خالايىقنى بىر دۆڭگە يىغىپ، بالىنى بىر خورما شېخىغا ئېسىپتۇ. ئاندىن ئوقداندىن ئوقنى چىقىرىپ، ئوقيانىڭ ئوتتۇرسىغا قويۇپ، ‹بالىنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھ تائالانىڭ نامى بىلەن باشلايمەن› دەپ ئۇنىڭغا ئوق ئۈزۈپتۇ. ئوق بالىنىڭ چېكىسىگە تېگىپتۇ. ئۇ پېشانىسىنى تۇتقان ھالدا جان بېرىپتۇ. بۇنى كۆرۈپ تۇرغۇن خالايىق، ‹بىز بالىنىڭ پەرۋەردىگارىغا ئىشەندۇق، ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتتۇق› دەپ توۋلىشىپ كېتىپتۇ. كىشىلەر شاھنىڭ قېشىغا كېلىپ، ‹باق، ئاللاھ تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، سەن قورققان ئىش ئاخىرى يۈز بەردى. ئەمەلىيەتتە، تۇرغۇن كىشىلەر ئىمان ئېيتتى.› دەپتۇ.

بۇ ئىشتىن كېيىن پادىشاھ دوقمۇش ــ دوقمۇشقا چوڭقۇر ئازگال كولاپ، ئوت يېقىشقا بۇيرۇپتۇ. ئوت ئۇلغىيىشقا باشلاپتۇ. پادىشاھ، ‹كىمدە كىم دىنىدىن يانمايدىكەن، ئۇنى ئوت ئازگىلىغا تاشلاڭلار، ياكى ئۆزىنى سەكرىتىڭلار› دەپ پەرمان چۈشۈرۈپتۇ. پادىشاھنىڭ ئادەملىرى شۇنداق قىلىپتۇ. شۇ ئەسنادا، قولىدا، بوۋىقىنى كۆتۈرگەن بىر ئىمانلىق ئايال ئوت ئازگىلى ئالدىدا، ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قالغاندا، بالىسى زۇۋانغا كېلىپ، ‹چىداڭ، ئانىجان، شۈبھىسىزكى، سىز ھەقىقەت ئۈستىدە.›» دەپتۇ. - مۇسلىم رىۋايىتى

قانداق ئېسىل مۆئمىن ئايال ــ ھە، ئۇ! ئۇ ئۆزىنىڭ ئوت دېڭىزىنىڭ بويىدا تۇرغانلىقىنى، ئۆزىنى كۈتىۋاتقىنىنىڭ لاۋۇلداپ تۇرغان ئوت قايىنمى ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلىدۇ ــ يۇ، تايماستىن، قايماستىن ئالدىغا قەدەم تاشلىيالايدۇ. ئۆزىنىڭ ئوت يالقۇنىدا ھالاك بولىدىغانلىقىنى چۈشىنىدۇ.

ئۇ ھېچ قانداق گۇناھسىز ۋە غۇبارسىز بىر سەبىگە قارىۋىدى. بالا زۇۋانغا كېلىپ، ئىشەنچ بېغىشلاپ، ئۇنى ئوتقا ئالدىراتتى. «ئانىجان، چىدىغىن، شۈبھىسىزكى، سەن ھەقىقەت ئۈستىدە».

ئادەتتە، ئوتتىن كىچىكلەردىن بەكرەك چوڭلار قورقىدۇ. ئوت ھارارىتى ۋە يالقۇنى بىلەن قورقۇتىدۇ. بۇ بوۋاق ئانىسىنى ئالغا ئۈندىدى، ئەمەلىيەتتە ئۇ، ئاللاھ تەرەپتىن ئۇ ئايالغا ئىنئام قىلىنغان مۇستەھكەملىكتۇر، بەس!

ئەمەلىيەتتە بۇ ئىنئام ئايالنىڭ ھەقىقي ئىمانغا بېرىلگەن. بۈگۈنىمىزدىكى مۇسۇلمان ئاياللار ئۇنداق لاۋۇلداپ تۇرغان يالقۇنغا ئىتتىرىلمەيدۇ بەلكى، ياپ ــ يېشىللىق بوستانلار ئۇلارنىڭ ئارامگاھى، ئۇلار پەقەت ئۆز دىنىنى ئۆگىنىشكە، ئۆز گۈزەللىكىنى نامەھرەملەرنىڭ نالايىق نەزەرلىرىدىن يوشۇرۇپ، ئىسلامى كېيىنىشكە چاقىرىلىدۇ. ھالبۇكى، بۇلارنىڭ بەزىلىرى ياپ ــ يېشىللىق بوستاننى تاشلاپ، ئۆزلىرىنى ئۆزى خاھىشى بىلەن دوزاخ ئوتىغا باشلاپ قېلىۋاتىدۇكى، بۇ ئىماننىڭ مۇۋىسى ئەمەس بەلكى، ئاسىيلىقنىڭ ئوقىبىتى، خالاس.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام (ئۇنىڭغا سالام ۋە رەھمەتلەر بولسۇن) مۇبارەك لەفزلىرى ئارقىلىق مۇنداق دەيدۇ:

«مەن بىلەن سىلەرنىڭ مىسالىڭلار، بىر كىشى ئوت ياققان، ھاشارەت، پەرۋانىلەر ئۆزىنى ئۇ ئوتقا ئېتىۋاتقان، يەنە بىر كىشى بولسا، ئۇلارنى ئوتتىن توسۇۋاتقان بىر كىشىنىڭ مىسالىغا ئوخشايدۇكى، مەن بولسام ئوتقا چۈشۈپ كەتمەسلىكىڭلار ئۈچۈن، بېلىڭلاردىن تۇتىۋېلىۋاتىمەن. سىلەر ئۆزۈڭلارنى ئوتقا تاشلاۋاتىسىلەر» - بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

شۇنداق، ئۆز نەپسى ــ خاھىشىنىڭ ئارقىسىغا كىرىپ، ئۆزىنى ئوتقا

تاشلاۋاتقانلارنىڭ هالى قانداق بولار؟ شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە، ئاخىرەت ئوتىدىن قېچىپ، ئالدىدىكى ئوتقا ئۆزىنى تاشلاۋاتقانلار ھەم باركى، «بۇرج» سۈرىسىدە، تىلغا ئېلىنغان ئۇ قەۋم دەل ئىمانى مۇستەھكەملىك بىلەن ئاخىرەت ئوتىدىن قېچىپ، ئالدىدىكى ئوتقا ئۆزىنى ئېتىشقا ئالدىرۋاتقانلاردۇر.

ئىمام ئەھمەدنىڭ رىۋايىتىگە قارىغاندا، پادىشاھ كوچا ئېغىزلىرىغا چوڭقۇر ئازگال كولاپ، ئۇنىڭغا ئوت ياقتۇرۇپ، ئوت ئۇلغايغاندا، «كىم دىنىدىن يانىدىكەن، ئۇنى قويۇپ بېرىڭلار، ئەگەر يانمايدىكەن، ئۇنى ئوتقا تاشلاڭلار» دەپ پەرمان چۈشۈرىدۇ. پادىشاھنىڭ ئادەملىرى كىشىلەرنى ئوتتىن ئاگاھلاندۇرۇپ، دىنىدىن يېنىشقا كۈشكۈرتىدۇ. بىراق ئۇ ئىمان ساھىبلىرى قۇدرەتلىك ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىكى كۆڭۈلدىكىدەك جاي جەننەتلەر ۋە ئۈستەڭلەرگە ئۆزىنى ئاتىدۇ.

[مۇئمىن ئەر ۋە مۇئمىن ئاياللارغا زىيانكەشلىك قىلغاندىن كېيىن كۇفرىدىن قايتمىغانلار شۈبھىسىزكى، جەھەننەمنىڭ ئازابىغا دۇچار بولىدۇ، ئۇلارغا ئوت بىلەن ئازاب قىلىنىدۇ. ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار شۈبھىسىزكى ئاستىدىن ئۈستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە سازاۋەر بولىدۇ. بۇ چوڭ بەختتۇر.] (‹ بۇرۇج › سۈرىسى، 10ـ، 11ـ ئايەتلەر)

## پەقەتلا بەش رىيال

ئۇ ئۇنىۋېرستېتنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، بىر باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى بولۇپ. ئالدىدا مولدۇرلەپ ئولتۇرغان جۈپ ــ جۈپ قارا كۆزلەر ئالدىدىكى ئېغىر بىر مەسئۇلىيەتنى، بۇ بالىلارنىڭ ھەقىقەتەنمۇ ئۆزىگە تاپشۇرۇلغان بىر ئامانەت ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى. ئاتا ــ ئانا دېگەن ئۆز بالىسىنى يات بىركىمگە تاپشۇرمايدۇ ــ يۇ، پەقەت مەكتەپكىلا ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن تاپشۇرىدۇ. بالا مەكتەپتە ئۆتكەن ئالتە سائەت ۋاقتىدا، ئاتا ــ ئانىسىنى ئويلىمايدۇ، ئاتا ــ ئانا ھەم خاتىرجەم ھالدا ئۆز ئىشىنى قىلىدۇ. ھالبۇكى، بالىلار مەكتەپتە زادى نېمىلەر بىلەن ئۇچرىشىدۇ؟ بىر ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر.... مەكتەپتىكى مەسئۇلىيەت نېمانچە چوڭ، نېمانچە ئېغىر!

ئۇنىڭ ئەس ــ يادى ئوقۇغۇچىلارنى ياخشىلىققا دەۋەت قىلىشتا ئىدى. ھالبۇكى، بۇلار چۈشىنىش قابىلىيىتى تېخى تولۇق يېتىلىپ بولالمىغان، كىچىك بالىلار بولسىمۇ، ئۇ ئۆزىنىڭ يەتكۈزگەنلىرىنى ئۇلارنىڭ ئاساسەن دېگۈدەك قوبۇل قىلىپ مېڭىۋاتقىنىنى سەزدى.

سەدىقىنىڭ پەزىلىتىنى سۆزلىۋىدى، ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ سەدىقە بېرىشكە ئالدىراشقانلىقلىرىنى بالىنىڭ ئائىلىسىدىكىلەردىن ئاڭلاپ تۇردى.

ئوغۇل ئوقۇغۇچىلارغا مەسجىدتە ناماز ئوقۇش ئىشتىياقى چۈشكەن. ئادەتتە، ئاللاھ

رەھمەت قىلغاندىن باشقا خېلى كۆپ مۇسۇلمانلارمۇ سۇبھى نامىزى (ناماز بامدات) غا مەسجىدكە كېلىپ بولالمايدۇ. ئەمما بۇ ئوقۇغۇچىلار سۇبھى نامىزىغىمۇ مەسجىدكە كېلەتتى ۋە «ئۇستاز بىزگە بۇنىڭ پەزىلىتىنى ئېيتىپ بەرگەن ئىدى» دېيىشەتتى.

ئۇ زور بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلارنى مەسجىدلەردىكى قۇرئان يادلىتىش دەرىسلىرىگە تەشكىللەپ، ھەر قايسى مەسجىدلەرگە بېرىپ، ئۇلارنى ھەدىيە بىلەن زىيارەت قىلىپ تۇراتتى.

ئۇ ئوقۇغۇچىلىرى ئارقىلىق ساۋابقا ئېرىشتىن ئىبارەت گۈزەل ئىستەكتە ئىدى. باشقىلاردىن نەچچە ھەسسە ئارتۇق ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ غېمىنى يەيتتى، باشقىلارغا ئېغىر كەلگەن ئىشلار ئۇنىڭ ئۈچۈن ھېچ گەپ ئەمەس ئىدى. ئوقۇغۇچىلارغا مېھرىنى ئايىماي بېرەتتى، تەنەپپۇس ۋاقىتلىرىدىمۇ ئۇلارنى يوقلاپ تۇراتتى. باللار ھەم ئۇنى ياخشى كۆرەتتى.

ئۇ بىر كۈنى تەنەپپۇس ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ ئوقۇغۇچىلاردىن سورىدى: «ئاراڭلاردىن كىم ئاللاھنىڭ يولىغا چاقىرغۇچى داھى[1] بولۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ؟»

ئۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ «ھەممىمىز خالايمىز!» دېگەن جاۋابىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئوقۇغۇچىلارغا قۇرئان تىلاۋىتى ياكى مۇناسىۋەتلىك لىكسىيە (تەبلىغ) لېنتىلىرىنى بۇيرۇپ، ئۇلارنىڭ ئېلىپ كەلگەن لېنتىلىرىنى ئۆزئارا ئالماشتۇرۇپ ئاڭلاشقا، ۋە ئائىلىسىدىكىلەرگە تەۋسىيە قىلىشقا ئورۇنلاشتۇردى. شۇنداق قىلىپ، لېنتىلار ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا كەڭ تارقالدى.

بۇ بەرىكەتلىك (مۇبارەك) چاقىرىق (دەئۋەت) پائالىيىتى ئارىيەتكە مەسئۇل قىلىنغان بىر ئوقۇغۇچىنىڭ باشچىلىقىدا، لېنتىلاردىن ئۆتۈپ، ئىسلامى كىتابچىلار بويىچە داۋاملىشىپ تۇردى.

بىر كۈنى ئۇنىڭ بىر ئوقۇغۇچىسى ئۇنىڭغا بىر خەتنى تاپشۇرۇپ بەردى. خەتتە مۇنداق دېيىلگەن ئىدى:

ھۆرمەتلىك تەربىيىچى، بۇ بىر تەشەككۇرنامە شۇنداقلا ئەيىبنامە. سىز كىچىك ئىنىم ئېلىپ كەلگەن ئۇنئالغۇ لېنتىسىنىڭ بىزگە قانچىلىك تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلالمايسىز.

شۇنداق، بۇ لېنتا ئائىلە ھاياتىمىزنى تامامەن ئاستىن ـ ئۈستىن قىلىۋەتتى. بۇ ئائىلە ئەسلىدە ھايات لەززىتىنى سۈرۈشتىن باشقا غېمى بولمىغان بىر ئائىلە ئىدى. دادام بىزگە ئارغامچىنى ئۇزۇن قويۇۋەتكەن، ئىشلارنى تامامەن ئىختىيارىمىزغا بەرگەن

[1] داھى ئەرەب تىلىدىكى «دائى» (داعي) دېگەن سۆزدىن فونېتىكا ئۆزگىرىشى ئارقىلىق قوبۇل قىلىنغان سوز بولۇپ، «دەۋەت قىلغۇچى» «چاقىرغۇچى» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ ــ ت

بىر كىشى. ئانام بولسا، ئۆز دىنىدىن قىلچىلىك خەۋىرى بولمىغان بىر ئايال. بىزنىڭ هايات يولىمىز ئاللاھ يولىدىن تولىمۇ يىراق ئىكەن. ناماز، ئۇ ئاخىرىدا ئويلىشىدىغان مەسىلە. ئۆيىمىزدە ئۇ توغرىدا پاراڭ بولۇپ باققانمۇ ئەمەس. بىز ناماز نى تاشلىغانلىقىمىز ئۈچۈن تاياق يېيىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ناماز ئوقۇشقا بۇيرۇلغانمۇ ئەمەس!

ئويۇن ــ تاماششا، بىكارچىلىق، ئىچ سىقىنتىلىق، مەنىسىزلىك... مانا بۇ بىزنىڭ ياشامىمىز. بىز هەشەمەتخور دۇنيانىڭ رەڭۋاز چېقىنلىرىنى قوغلىشىپ يۈرمەكتىمىز. ئوغۇللار خىزمەت، تەنتەربىيە، ساياھەت كويىدا، ئەمما بىز قىزلار بازار چۆگىلەش، مودا قوغلىشىش، مۇسابىقە، كىنو، كۆپ قىسىملىق تىلۋىزىيە تىياتىرلىرىنى ئۈزمەي كۆرۈش، بىلەن ئاۋارە.

بىراق مەن ئۆزلىكىم (نەفسىم) دە، ھەقىقەتەن روھمنى غاجاپ تۈگەتكىدەك بىر هالاكەتلىك قاغجىراشنىڭ هۆكۈم سۈرىۋاتقانلىقىنى بىلمەن. هاياتلىق ئىلمى فاكولتېتىنىڭ ئەلاچى ئوقوغۇچىسى بولسامۇ، ئىچ سىقىلىش، روهى بېسىم ئىسكەنجىسىدە مۈجۈلۈپ ياشىغانمەن. مەن تاكى ئۆتكەن هەپتىنىڭ پەيشەنبە ئاخشىمىغىچىلىك هاياتىمدىكى هەقىقىي بەختنى يوقىتىپ قويغان ئىكەنمەن.

شۇ كۈنى ئېنىم كېلىپ، ماڭا بىر ئۈنئالغۇ لېنتىسىنى بەردى. ئۇ لېنتىنىڭ «ئەمەلىيەت بىلەن چۈش ئارىسىدىكى بەخت» دېگەن ئىسمىغا قىزىقسىندىم.

ئۇنى ئاڭلاپ، دىندارلارنىڭ چۈشەنچىسىدىكى بەختنى بىر چۈشىنىپ باقمايمۇ، دېدىم. لېنتىنى بىر قېتىم ئاڭلىغاندىن كېيىن، قايتۇرۇپ، ئىككىنچى، ئۈچىنچى قېتىم ئاڭلىدىم. بۇ لېنتىدىكى ئۇستازنىڭ سۆزلىرى گويا ماڭىلا قارىتىلغاندەك ئىدى. ئۇ ئۇستازغا ئاللاھ رەھمەت قىلسۇن!

لېنتىدىن كېلىۋاتقان سۆز ــ جۈملىلەردىن ئۆزۈمنىڭ هەقىقى بەخت ئىچىدە ئەمەس بەلكى ساختا بەختنىڭ ۋەھىمىسىدە قالغانلىقىمغا قاتتىق بىر ئاگاهلاندۇرۇش تەستىكى ئۇرۇلغاندەك، ئەمدىلىكتە بولسا، مەن يوقاتقان هەقىقى بەخت يولىغا چاقىرىلىۋاتقانلىقىمنى هېس قىلدىم.

بەخت هەققىدىكى قارىشىم ئۆزگىرىپ، مېنىڭ بەخت دېگەنلىرىم ئەمدىلىكتە پەگاهقا[1] چۈشۈپ قالدى.

شۇنداق، ئۇ مېنى ئەھرەمەن دېۋىنىڭ ئۇيقۇسىدەك ئۇزۇنغا سوزۇلغان قاباھەتلىك بىر ئۇيقۇدىن ئويغاتقان تۇنجى سادا بولدىكى، بىر هەپتىلىك دەم ئېلىشىمنى ئۇ

[1] پەگاھ ئەسلى پايگاھ ( پاي ــ ئاياغ دېگەن مەنىدە، گاھ ــ ئورۇن دېگەن مەنىدە ) دېگەن سۆزنىڭ تاۋۇش ئۆزگەن هالىتى بولۇپ، ئەسلى مەنىدە، ئاياغ ئورنى، كۆچمە مەنىدە، مەرتىۋىسى تۆۋەن، كەش بازىرى ( كەمستىش تۈيغۇسىدا قوللىنىلىدۇ ) دېگەنلىك بولىدۇ ــ ت

ئۇستازنىڭ سۆزلىرىنى تەپەككۇر قىلىش بىلەن ئۆتكۈزۈپ، سىز ئىنىمگە شەنبە كۈنى بەرمەكچى بولغان لېنتىنى كۈتىۋاتاتتىم. ئىنىمنى تەقەززارلىق بىلەن كۈتۈپ ئولتۇرسام ئۇ لېنتىنى ئېلىپ كەلدى. لېنتىنىڭ ئىسمى، «مېنى چۆچۈتتى» بولۇپ، بۇ ئىسىم ماڭا ئەڭ ئاخىرقى ئاگاھلاندۇرغۇچىنىڭ، «ئاگاھ بول، ساڭا رەھىم قىلىنمايدىغىنى شەكسىزدۇر» دەۋاتقان بىلدۈرگۈسىدەك تۇيۇلدى.

لېكسىيە ھەقىقەتەنمۇ تەسىرلىك ئىدى. «... بۇ مېنىڭ ئاقىۋىتىممۇ؟» دەپ ئۆكسۈپ ـ ئۆكسۈپ يىغلىدىم. ناۋادا مەن نامازنى تاشلىغان ھالدا ئۆلۈپ كەتكەن بولسام، يۈيۈلمامتىم؟ كېپەنلەنمەمتىم؟ نامىزىممۇ چۈشۈرۈلمەمتى؟

ھەي، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتىكى خار ئىنسان!

چۈشلۈك تامىقىمنىمۇ يېمەي، تاھارەت ئېلىپ، پېشىن نامىزنى ئوقۇدۇم، ئۆتكۈزگەن بارلىق گۇناھلىرىم ئۈچۈن سەجدىدە مەغپىرەت تىلىدىم.

خېتىمنى ئاخىرلاشتۇرۇشتىن بۇرۇن يەنە شۇنى دېۋالاي، مېنى ئەيىبكە بۇيرىمىغايسىلەر، ھۆرمەتلىك تەربىيچىلەر، سىلەر ئەمەلىيەتتە نۇرغۇن مەسئۇلىيەتلىرىڭلارنى ئادا قىلمايۋاتىسىلەر، پەرزەنتلىرىمىز سىلەر ئۈچۈن ئامانەت، ئۆيىدىكىلىرى ئۈچۈن تولىمۇ ياخشى بىر ئەلچى ئىدى.

جانابى ھەقتىن قورقۇڭلار، ئامانەتكە تولۇق مەسئۇل بولۇڭلار، مەسئۇلىيىتىڭلارنى تولۇق ئادا قىلىڭلار. ماڭا ئوخشاش تالايلىغان باللار تىگىرقاش ئىچىدە ياشىماقتا. تىگىرقاش ئىچىدىكى ئۇ باللار ھېچقانچە ماددى قىممەتنى تەلەپ قىلمايدىغان بۇ خىل لېنتىلارنى سېتىۋېلىشقا قادىر تۇرۇغلۇق بۇ قىممەتلىك لېكسىيىلەردىن يىراق قالماقتا.

ھۆرمەتلىك تەربىيچى، شۇنداق قىلىپ، ھالاكەت گىرۋىكىدىكى بۇ ئائىلە بەش رىياللىق لېنتا بىلەن تامامەن ئۆزگەردى.

سىلەر بۇ دەۋەت (چاقىرىق) پائالىيىتىنى داۋاملاشتۇرارسىلەرمۇ!؟

## راھەتكە چىقتىم

يەتمىش ياشلار چامىسىدىكى بىر بوۋاينى تونۇيتتىم. ئۇ ماڭا شەرەپلىك پەيغەمبەر مەسجىدى (مەسجىدى نەبەۋى شەرىف) دە، روزىدار ھالىتىدە، بېشىدىن ئۆتكەنلىرىنى سۆزلەپ بەرگەن ئىدى.

ئۇ ئون بەش ياشتىن قىرىق ياشقىچە تازا يىگىرمە بەش يىل ھاراققا چىلىشىپ ياشىغانىكەن. (بۇنداق ئىشتىن ئاللاھقا سېغىنىپ پاناھ تىلەيمىز)[1]

بىر كۈنى دوختۇرغا كىرىپ قالغاندا، دوختۇر ئۇنىڭ پۈتكۈل تىنىنىڭ

[1] ئەرەپ تىلىدىكى «نەئۇزۇبىللاھ مىن زەلىك» دېگەن تۇراقلىق ئىبارىنىڭ تەرجىمىسى ــ ت

ئىسپىرتتىن زەھەرلىنىپ بولغانلىقنى تەكشۈرۈپ چىققاندىن كېيىن، ئۈنىڭغا، « ساڭا ئەمدى داۋا يوق، سەن پەقەت بۇرۇنقىدەك يۇرىۋەرسەڭلا ھاياتىڭنى بىر مەزگىل داۋاملاشتۇرالايسەن » دەيدۇ. (بۇنداق ئىشتىن ئاللاھقا سىغىنىپ پاناھ تىلەيمىز. )

بوۋاي ماڭا مۇنداق دېدى: ماڭا دوختۇر ئۇ گەپلەرنى قىلغاندا، مەن گويا ئۇيقۇدىن ئويغانغاندەك بولدۇم ۋە «سىلەر داۋالىيالماسسىلەرمۇ؟ دېدىم. ئۇ: «داۋا يوق» دېدى. ئىلاجمۇ بار، داۋامۇ بار دېدىم ــ ئۈز ــ ئۈزۈمگە، ۋە شۇ ھامان ئاللاھقا تەۋبە قىلدىم. شەرەپلىك پەيغەمبەر مەسجىدىدە ناماز ئوقۇدۇم. ئۈيۈمگە قايتىپ، تەۋبە بىلەن ئېھرام باغلاپ، مەككىگە قاراپ يۈرۈپ كەتتىم. ئۈچ كۈنلۈك سەپەردىن كېيىن، تۇن نىسپى بىلەن ھۆرمەتلىك شەھەر مەككە (مەككە مۇكەررەمە) گە يېتىپ كەلدىم.

ئۆمرە[1] پائالىيەتلىرىدىن ئادا بولۇپ، ئاللاھ تائالاغا ئىلتىجا قىلىپ يىغلىدىم، يىلىنىپ يالۋۇردۇم: «ئى، پەرۋەردىگارىم ماڭا شىپا ئاتا قىلغىن ياكى مېنى مۇشۇ تەۋبە قىلغان ھالىتىمدە قەبزى روھ قىلغىن!»

ماڭا بىرسى «زەمزەم ئىچ!» دەۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ، زەمزەم بار جايغا باردىم. ئۇ كۈنلەردە زەمزەم چېلەك بىلەن ئۇسسۇلاتتى. قورسىقىم ھەم ئاچ ئىدى، زەمزەمدىن بىر چېلەك ئۇسسۇپ ھەممىنى ئىچىۋەتتىم. زەمزەم بىلەن ئاللاھ تائالا جىسمىمگە قۇۋۋەت ئاتا قىلدى.

بىر چېلەك زەمزەمنى ئىچىپ بولغاندا، كۆڭلۈم ئاينىغاندەك بولۇپ، قۇسقۇم كەلدى. ئىبراھىم دەرۋازىسىغا[2] كەلگەندە قوسۇشقا باشلىدىم. قۇسۇق بىلەن يوغان بىر پارچە قاپقارا ئۇيۇل قاننى قۇسۇپتىمەن. قۇسقاندىن كېيىن، ئاجايىپ راھەتكە چىقتىم.

ھەق سۇبھانەھۇ ۋەتائالانىڭ ھەقىقەتەنمۇ ئۇلۇغلىقىنى تونۇپ يەتتىم. راھمان تائالانىڭ قولىدا ئىنسانىنىڭ ھېچ خىيالىغا كەلتۈرۈپ باقمىغان ياخشىلىق ۋە رەھمەتىنىڭ بارلىقىغا، ئۇنىڭغا ئىلتىجالا قىلسا ئۇنى قۇرۇق قول قايتۇرمايدىغانلىقىغا جەزىم قىلدىم. ئىككىنچى قېتىم كامىل ئىشەنچ ۋە ھەسسىلەنگەن ئىمان بىلەن دۇئا قىلدىم. ئىلتىجا قىلدىم. ۋە ئاللاھتىن يىغلاپ تۇرۇپ سورىدىم: «ئى، پەرۋەردىگارىم ماڭا شىپا ئاتا قىلغىن ياكى مېنى مۇشۇ تەۋبە قىلغان ھالىتىمدە قەبزى روھ قىلغىن!»».

يەنە ئاللىقانداق بىر كۈچ مېنى زەمزەم ئىچىشكە ئۈندەيتتى، شۇنداق قىلىپ، يەنە بىر چېلەك زەمزەم ئىچتىم. يەنە ئاۋالقى قېتىم زەمزەم ئىچكەندەك ھالەت يۈز بەردى. ئىشك تۈۋگە بارا ــ بارىمايلا يەنە قۇستۇم. بۇ قېتىم ئالدىنقىسىدىن ئازراق قۇسۇپتىمەن.

---

[1] ھەجدىن باشقا ۋاقىتتا ھەرەمدە ئېلىپ بېرىلىدىغان سۈننەت ئىبادەت ــ ت

[2] ئەينى چاغدىكى ھەرەم دەرۋازىلىرىدىن بىرى ــ ت

ئۈچىنچى قېتىم دەممۇ دەم ئېشىۋاتقان ئىمان ۋە ئىشەنچىم بىلەن قايتىپ بېرىپ دۇئا قىلدىم، ئىلتىجا قىلدىم. ئاندىن يەنە بىر قېتىم بېرىپ زەمزەم ئىچتىم. ئاندىن قورسىقىم غولدۇرلاپ، زەرداپ ياندۇردۇم.

شۇنىڭ بىلەن، بۇ ئۆمرۈمدە ھېس قىلمىغان ئاجايىپ بىر راھەت جىسمىمنى قۇچتى. قايتىپ، دۇئا قىلدىم. راھمان تائالانىڭ ماڭا ئاتا قىلغان راھەتچىلىكى بىلەن ئۇيقىغا چۆمۈپتىمەن. سۇبھى نامىزىنىڭ ئەزىنى بىلەن تەڭ ئويغىنىپ، «ئاللاھنىڭ بۇ مۇبارەك ئۆيى (كەئبە) دىن ئۈچ كۈنگىچە مىدىرلىماسلىققا ئاللاھ نامى بىلەن قەسەم قىلىپ، ئۇ كۈنلەرنى ئاللاھتىن مەغپىرەت ۋە ساقلىق تىلەپ، زەمزەم ئىچىپ ئۆتكۈزدۇم.»

مەدىنىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، مېنى دۋالىغان دوختۇرغا قايتا كۆرۈندۇم.ئۇ مېنىڭ ھېدايەت نۇرى بىلەن رەڭلەنگەن يۈز ــ كۆزلىرىمگە بىرەر قۇر قارىۋەتكەندىن كېيىن، بەدىنىمنى قايتا تەكشۈرۈشكە باشلىدى. تەكشۈرۈش نەتىجىسى چىققاندا بولسا، كۆز ئالدىدىكى بۇ ئۆزگىرىشكە ئۆزىنى ئاران ئىشەندۈرگەندىن كېيىن، «ھەي ئاللاھنىڭ بەندىسى، ئاللاھ تائالا ساڭا تىبابەت ئىلمى چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدىغان بىر مۆجىزىۋى نەتىجىنى ئاتا قىپتۇ» دېدى.

مەدىنىدە ئۇ ماڭا ئۆز كەچمىشىنى سۆزلەپ بەرگەن ئاشۇ چاغ بولسا، ئۇنىڭ شىپا تېپىپ، ئوتتۇز يىل ساغلام ئۆمۈر كۆرگەندىن كېيىن ھاياتىنىڭ خەيرلىك ئاخىرلىششىنى كۈتىۋاتقان دەملىرى ئىدى. ئۇ بۇ گەپلەرنى ماڭا روزىدار ھالەتتە تۇرۇپ سۆزلەپ بەرگەن ئىدى. ئۇ ئەمەلىيەتتىمۇ ئاشۇ خەيرلىك ئۇستىدە ۋاپات تاپتى.

(بۇ قىسسە تاماملاندى)

## ئەقلىمدىن ئادىشىپ قالغاندەك تۇرۇپتىمەن

ئۇنىۋېرستېتتا ئوقۇۋاتقان چاغلىرىمدا، ئوقۇش ۋە ئەخلاقتا ئالدىنقى قاتاردىكى قىز ئىدىم. بىر كۈنى مەكتەپ دەرۋازىسىدىن چىقسام، بىر يىگىت ماڭا خۇددى مېنى تونۇيدىغاندەك تىكىلىپ تۇرۇپتۇ. يولۇمغا ماڭدىم، ئۇ كەينىمدىن مېڭىپ بىر نېمىلەرنى دەۋاتاتتاقاندەك قىلاتتى. ئاندىن ئۇ يولۇمنى توسۇپلا دېدى: « سىزنىڭ ئەخلاقلىق بىر قىز ئىكەنلىكىڭىز ماڭا مەلۇم، سىزگە ئۆزۈمدىن بېرى دىققەت قىلىپ كەلدىم، مېنىڭ سىز بىلەن توي قىلغۇم بار. .. »

ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرىدىن چۆچۈدۈم ــ دە، قەدىمىمنى تېزلەتتىم. ئۆيۈمگە كېلىۋالغۇچە ھېرىپ، پۈتۈن بەدىنىمنى تەر بېسىپ كەتتى. شۇ كېچىسى، ئۇنىڭ گەپلىرى ۋە مېنى چۈلغىۋالغان بىر قورقۇنچ بىلەن كۆزۈمگە ئۇيقۇ كەلمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئىشكىم ئالدىغا كەلگەندە، تاشلاپ قويۇپ كېتىپ قالغان خېتىنى ئېلىپ، ئوقۇدۇم. ئۇ خەت سۆيگۈ ۋە ئۆزرە سۆزلىرى بىلەن تولغان ئىدى. ئۇ ماڭا بىر نەچچە سائەتتىن

كېيىن تېلىفۇن ئۇرۇپ، «خەتنى ئوقۇدىڭىزمۇ» دەپ سورىۋېدى، «ئەگەر هوشىڭىزنى يىغمايدىكەنسىز، ئۆيۈمدىكىلەرگە دەيمەن، ئۇ چاغدا، كۆرگىلىكىڭىزنى كۆرۈسىز» دەپ جاۋاب بەردىم. ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇ يەنە تېلىفۇن قىلىپ، دوستلۇق ئىزهار قىلىش بىلەن بىرگە ئۆزىنىڭ هېچقانداق يامان نىيىتىنىڭ يوقلۇقى، ئۆزىنىڭ بىر مىليونىر ئىكەنلىكى، مېنىڭ ئارزۇ ــ ئۈمىدلىرىمنى ئىشقا ئاشۇرىدىغان بىردىنبىر كىشى ئىكەنلىكىنى ئېزىپ ــ ئېچىلىپ چۈشەندۈرگەن ئىدى. قەلبىم بىردىنلا ئېرىپ كەتكەندەك بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشىشقا چۈشۈپ، شۇندىن كېيىن، ئۇنىڭ تېلىفۇنىنى ساقلايدىغان بولدۇم. مەكتەپتىن يانغاندا كۆزلىرىم ئۇنى ئىزدەيتتى. بىر كۈنى ئۇنىڭ مېنى ساقلاپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، قىن ــ قىنىمغا پاتماي قالدىم ــ دە، ئۇنىڭ ماشىنىسىغا چىقىپ، بىللە شەهەر ئايلاندۇق.ئۇ شۇ چاغدا، مېنىڭ ئۇنىڭ ئايالى بولىدىغانلىقىمنى ئېيتقاندا، ئۇنىڭغا تامامەن ئىشەنگەن ئىكەنمەن.

بىر كۈنى مەن ئادەتتىكىدەكلا ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىشقا چىقتىم. ئۇ مېنى بىر هەشەمەتلىك بېزەلگەن ئۆيگە باشلاپ كەلدى. بىللە ئولتۇرۇپ مۇڭداشتۇق. ئۇنىڭ سۆزلىرى قەلبىمنى ئۆزىگە مايىل قىلغان ئىدى. بىز بىر ــ بىرىمىزگە قاراپ ئولتۇرۇپ كەتتۇق...

بىز جەهەننەمگە باشلايدىغان چوڭ گۇناهتىن بىرنى قىلدۇق. مەن پەقەت ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر ئولجا بولغانلىقىمنى، قولۇمدىكى ئەڭ قىممەتلىك نەرسەمنى يوقىتىپ قويغانلىقىمنى بىلگىنىمدە، ئەقلىمدىن ئاداشقاندەك بىر هالدا ئورنۇمدىن تۇرۇپ، «مېنى نېمە قىلدىڭ؟» دەپ ۋارقىرىدىم. ئۇ بولسا، «قورقماڭ، مەن سىزنىڭ ئېرىڭىز» دەپ كۆڭلۈمنى بەزلىدى. «مەن تېخى سېنىڭ نىكاهىڭغا ئۆتمىگەن تۇرسام!» دەپ چالۋاقىدىم. ئۇ، «ئۇزۇنغا قالماي شۇنداق بولىدۇ» دەيتتى. ئۆيۈمگە خامۇش بىر هالدا قايتىپ كېلىپ، قاتتىق يىغلىدىم. ئوقۇشۇممۇ بىر چەتتە قالدى. ئۆيدىكىلەر مېنىڭ بۇ هالىمنى ئەسلا بىلەلمىدى. مەن توي قىلىش تاماسىدا ئولتۇراتتىم. بىر نەچچە كۈندىن كېيىن ئۇ تېلىفۇن ئۇرۇپ، ئۇچرىشىشنى تەلەپ قىلدى. ئۇنىڭ بىلەن توي ئىشىنى مەسلىهەتلىشىمىز دەپ ئويلاپ ناهايىتى خۇش بولدۇم. ئۇ چىرايىدىن مۇز ياغقۇدەك بىر ئەلپازدا كەپتۇ ۋە، «توي ئىشىنى مەڭگۈ ئويلىماڭ، نىكاهسىز ئۆتىۋېرىمىز» دېۋىدى، ئىختىيارسىز هالدا، تازا كېلىشتۇرۇپ، ئۇنىڭغا بىر تەستەك سالدىم: «مەن تېخى سىنى بىلىپ ــ بىلمەي ئۆتكۈزۈپ سالغان بۇ سەۋەنلىكنى ئۆزى ئوڭشايدۇ دەپ ئويلاپتىكەنمەن، سېنىڭ بۇنچە چۈپرەندە بىر نېمىلىكىڭنى ئەمدى بىلدىم» دېدىم ـ دە، ماشىنىدىن يىغلىغانچە چۈشۈپ كەتتىم. ئۇ: «بۇنىڭغا بىر قاراپ قويۇڭ، بۇنىڭ بىلەن هاياتىڭىز ۋەيران بولىدۇ» دېگىنىچە قولىدا بىر سىنئالغۇ لېنتىسىنى تۇتۇپ تۇراتتى. «نېمەڭ بۇ؟» دېدىم زەردە بىلەن. «بۇياققا كېلىپ، كۆرۈپ باقامسىز»

دېدى. ئۇنىڭ بىلەن بىرىپ، قارىسام، ئۇ ئارىمىزدا بولغان ھارام ئىشنىڭ تولۇق ئېلىنغان سىنئالغۇ لېنتىسى ئىكەن. ئۇنىڭغا، « ھەي، پەسكەش، ئىپلاس، نېمە قىلدىڭ» دېدىم.

ئۇ: «بىزنىڭ ئۆستىمىزگە بارلىق گەپ ــ سۆز، ئىش ــ ھەرىكەتلەرنى سۈرەتكە ئالىدىغان مەخپىي ئورۇنلاشتۇرۇلغان كامىرا ئارقىلىق تارتىلغان. بۇ لېنتا بۇندىن كېيىن سىزنى بويسۇندۇرۇپ تۇرىدىغان قۇرالىم بولىدۇ» دېدى.

بۇ پاجىئە ئائىلەم بىلەن چېتىشلىق ئىدى. يىغلىدىم، قاقشىدىم، يالۋۇردۇم. بىراق ئۇ ناھايىتى چىڭ تۇردى. شۇنداق قىلىپ، مەن ئۇنىڭ ئەسرىگە ئايلاندىم. ئۇ مېنى بىر ئەردىن يەنە بىر ئەرگە سېتىپ، پۇل تاپاتتى...

ھاياتىم بىر ھالاكەت پاتقىقىدا داۋاملىشىۋاتاتتى. ئۆيۈمدىكىلەر بۇنى بىلمەيتتى. سىنئالغۇ لېنتىسى تارقىلىپ، نەۋرە ئاكامنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالسا بولىدۇ. ئاندىن دادام بىلىپ قالدى. بۇ شەرمەندىچىلىك شەھرىمىزگە پۇر كەتتى. بۇ نومۇسسىزلىق بىلەن ئائىلىمىزنىڭ شەنىگە داغ چۈشتى. مەن جېنىمنى قوغداش ئۈچۈن قېچىپ كەتتىم. دادام بىلەن ھەمشىرەمنىڭ ھەم بۇ رەسۋاچىلىقتىن قېچىپ، باشقا شەھەرگە ھېجرەت قىلىپ كېتىپ قالغانلىقىنى بىلدىم. شۇنىڭ بىلەن مەن پاھىشە ئاياللارنىڭ ئارىسىدا ياشاۋەردىم. بۇ ئىپلاس، نامەرد مېنى خۇددى تاناپقا باغلانغان ياغاچ قونچاقنى ئويناتقاندەك ساراسىمگە سېلىۋەتتى، ۋە نۇرغۇن قىزلارنى بۇزۇپ، نۇرغۇن ئائىلەرنى ۋەيران قىلىۋەتتى. بىر كۈنى ئۇنىڭدىن ئىنتىقام ئېلىش نىيىتىگە كەلدىم.

ئۇ قاتتىق مەس ھالەتتە قايتىپ كەلدى. پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ، ئۇنىڭغا پىچاق تىقىپ ئۆلتۈردۈم. ئىنسانلار ئۇنىڭ شەررىدىن خالاس تاپتى. مەن ئۆلۈمگە لايىق بولدۇم.

دادام دەرد ئىچىدە قازا قىپتۇ. ئۇ: « ئاللاھ بىزگە كۇپايە، ئاللاھ نېمە دېگەن ياخشى ھامى!، مەن سەندىن قىيامەت كۈنىگىچە نەپرەتلىنىمەن.» دېگەنلەرنى كۆپ تەكرارلاپتۇ. بۇ نېمىدېگەن ئېغىر ھاقارەت ــ ھە!

## سەن نېمە بىلسەن؟

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: [بىلمەيدىغان نەرسەڭگە ئەگەشمە (يەنى بىلمىگەننى بىلدىم كۆرمىگەننى كۆردۇم ئاڭلىمىغاننى ئاڭلىدىم دېمە) (ئىنسان قىيامەت كۈنى) قۇلاق كۆز دىل (يەنى سەزگۇ ئەزالىرى) نىڭ قىلمىشلىرى ئۈستىدە ھەققەتەن سوئال-سوراق قىلىنىدۇ.] (‹ئىسرا› سۈرىسى، 36- ئايەت)

ئەبۇ ھۇرەيرە (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) دىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام (ئۇنىڭغا سالام ۋە رەھمەتلەر بولسۇن): «كىمكى ئاللاھ تائالاغا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىدىكەن، ياخشى سۆز قىلسۇن، ياكى جىم

تۇرسۇن» دېگەن. (بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام (ئۇنىڭغا سالام ۋە رەھمەتلەر بولسۇن) دىن «كىشىلەرنىڭ دوزاخقا كىرىشىگە كۆپ سەۋەب بولىدىغىنى نېمە؟» دەپ سورالغاندا، «قوش كالپۇك ۋە قوش پۇت ئارىسىدىكى ئەزا (يەنى تىل ۋە ئەۋرەت)» - تىرمىزى رىۋايىتى.

مۇئاز ئىبنى جەبەل (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام (ئۇنىڭغا سالام ۋە رەھمەتلەر بولسۇن) دىن جەننەتكە كىرگۈزىدىغان، دوزاختىن يىراق قىلىدىغان ئەمەلنى سورىغاندا، جانابى رەسۇلى ئەكرەم ئۇنىڭغا، ئىشنىڭ بېشىدىن، تۈۋرىكىدىن ۋە چوققىسىدىن خەۋەر بېرىپ بولغاندىن كېيىن، «مەن ساڭا شۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۇلىنى دەپ بېرەيمۇ؟» دەيدۇ. ئۇ، «شۇنداق قىلسىلا، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى» دەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام (ئۇنىڭغا سالام ۋە رەھمەتلەر بولسۇن) ئۆزىنىڭ تىلىنى تۇتۇپ، «سەن بۇنى يىغقىن» دېدى. ئۇ: «بىز قىلغان سۆزلىرىمىزگىمۇ ھېساب بېرەمدۇق، يا رەسۇلۇللاھ» دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام (ئۇنىڭغا سالام ۋە رەھمەتلەر بولسۇن): «ۋاي نادانەي! كىشىلەرنى دوزاخقا يۈزلىرىچە يىقىتىۋاتقان نەرسە پەقەت ئۇلارنىڭ تىللىرىنىڭ مەھسۇلىدۇر» دەپ جاۋاب بەرگەن — تىرمىزى رىۋايىتى.

قاراڭ، ئىشنىڭ چوڭلىقىغا، سۆزنىڭ خەتىرىگە! پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام (ئۇنىڭغا سالام ۋە رەھمەتلەر بولسۇن) مۇنداق دېگەن: «بەندە ئويلاپ،ئويلانمايلا مەشرىق بىلەن مەغرىپنىڭ ئارىسىدىنمۇ چوڭقۇر بولغان دوزاخقا چۈشۈپ كېتىدىغان بىر سۆزنى قىلىپ سالىدۇ» - بىرلىككە كەلگەن ھەدىس.

بۇ ھەقتە، ئەبۇ بەكرى (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) تىلىنىڭ بىر تەرىپىنى تۇتۇپ تۇرۇپ مۇنداق دېگەن: «مانا مۇشۇ بارىدىغان يېرىمگە ئېلىپ بارىدۇ» (سۇزۇكلەرنىڭ سۈپىتى› (سىفەتۇسسەفۋە) دېگەن كىتابتىن ئېلىندى)

سەلەف[1]لەر دىن بىر كىشى ياخشى — يامان كۈنلىرىنىڭ ھەممىسىدە، ئۆزىدىن ھېساب ئېلىپ تۇرغانىكەن.

بەزى ئىلىم پىشىۋالىرى چۈشىدە ئۆز ھالىدىن سورالغانلىقىنى قەيىت قىلىشقان، بۇلاردىن بىرى مۇنداق چۈش كۆرگەن: «مەن ئۆزۈم ئېيتقان سۆزۈمنىڭ ئۈستىدە تۇرغۇزۇلۇپ، ‹ئىنسانلار يامغۇرغا نېمە دېگەن مۇھتاج — ھە!› دېگۈدەكمىشمەن. ئاندىن ‹سەن نېمە بىلىسەن؟ بەندىلىرىمگە مەنپەئەتلىك نەرسىنى مەن بىلىمەن!› دېگەن سادا ئاڭلانغۇدەكمىش.» - بۇ قىسسە، «يېتەرلىك جاۋاب» (ئەلجاۋابۇلكافى)

---

[1] «سەلەف» دېگەن بۇ سۆزنىڭ ئەسلى مەنىسى، «ئۆتكەنكىلەر»، «ئىلگىرىكىلەر» دېگەن مەنىدە بولىدۇ — ت

دېگەن كىتابنىڭ 173- بېتىدىن ئېلىنغان.

خالىد رەبئىي رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «مەن جامائەت توپلانغان مەسجىدلەرنىڭ بىرسىدە ئىدىم. كىشىلەر ھەدەپ بىرسىنى غاجىغىلى تۇرۇپتۇ. ئۇلارنى توسۇۋىدىم، كىشىلەر غەيۋەتتىن توختىدى ـ يۇ، يەنە باشقا بىرسىنىڭ كەينىدىن بىر پەس گەپ قىلىشقاندىن كېيىن، ئاندىن يەنە باشتىكى كىشىنىڭ گېپىگە قايتىشتى. ئەمما مەن، ئۇلارنىڭ بىر گېپىگە شېرىك بولۇپ قالدىم. شۇ كېچە چۈشۈمدە، ماڭا بوي ـ بەستى ئېگىز، رەڭگى- رويى قاپ ـ قارا كەلگەن بىر كىشى بىر تەخسە چوشقا گۆشى تەڭلەپ تۇرۇپ، «يە!» دېگۈدەكمىش. مەن: «چوشقا گۆشى يەمدىم، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئۇنى ھەرگىز يېمەيمەن» دېسەم، ئۇ مېنى قاتتىق دۈشكەلەپ، «بۇنىڭدىنمۇ بەتتەر نەرسىنى يېگەن ئىدىڭغۇ!؟» دەپ، تاكى مەن ئۇيقىدىن ئويغانغىچە، چوشقا گۆشىنى ھەدەپ ئاغزىمغا تىقىۋاتقىدەك...

ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەن ئوتتۇز ـ قىرىقكۈنگىچە ئاغزىمغا گىياھ سالماي تۇرۇپمۇ، ئاشۇ گۆشنىڭ تەمى ۋە پۇرىقىنى سېزىپ تۇردۇم. «غاپىللارغا ئاگاھلاندۇرۇش» (تەنبىھۇل غافىلىن) دېگەن كىتابنىڭ 177- بېتىدىن ئېلىنغان.)

بىر قېتىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام (ئۇنىڭغا ساللام ۋە رەھمەتلەر بولسۇن) ساھابىلىرىغا: «سىلەر كىمنىڭ يالاڭتۆش ئىكەنلىكىنى بىلەمسىلەر؟» دېگەندە، ئۇلار: «يالاڭتۆش دېگەن بىزنىڭ ئىچىمىزدىكى پۇلى يوق، مېلى يوق كىشى» دەپ جاۋاب بېرىشكەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام (ئۇنىڭغا سالام ۋە رەھمەتلەر بولسۇن): «يالاڭتۆش دېگەن مېنىڭ ئۈممىتىمدىن قىيامەت كۈنى ناماز، روزا ۋە زاكات قاتارلىق ئەمەللەر بىلەن كەلگەن، بىراق، بىرسىنى تىللىۋالغان، بىرسىگە بۆھتان چاپلىغان، بىرسىنىڭ مېلىنى ناھەق يېۋالغان، بىركىمنىڭ قېنىنى تۆككەن ۋە بىرسىنى ئۇرىۋالغان كىشى بولۇپ گۇناھلىرىنىڭ قىساسى ئۈچۈن ياخشىلىقلىرىدىن ئۇنىڭغا ئازىراق، بۇنىڭغا ئازىراق بېرىپ، ھەتتا ياخشىلىقلىرى تۈگەپ كەتكەندە، باشقىلارنىڭ گۇناھلىرى ئۇنىڭغا ئارتىپ قويۇلغان، شۇنىڭ بىلەن دوزاخقا تاشلانغان كىشىدۇر» دېدى. ـ مۇسلىم رىۋايىتى.

كىشىلەر دۇچار بولغان ئازاب ـ ئوقۇبەتلىرىنىڭ كۆپ قىسمى، شۇ كىشىنىڭ ئاللاھنىڭ كىتابىدىن، پەيغەمبىرىمىزنىڭ سۈننىتىدىن بىر نەرسىنى ياكى ئاللاھنىڭ سالىھ بەندىلىرى ياكى تەقۋادار ئەۋلىيالىرىنى مەسخىرە قىلغانلىقى ئۈچۈن ھەقلىق بولغاندۇر.

ئىبنى خەلكان مۇنداق رىۋايەت قىلغان: «بۇسرا[1] تەرەپتە، نەپسى ـ خاھىشىغا

[1] بۇسرا ـ سۈرىيەدىكى بىر شەھەرنىڭ ئىسمى ـ ت

بىرىلىپ ئىش قىلىدىغان ئابا سۇلامە ئىسىملىك بىر ھەزىلكەش كىشى بولۇپ، ئۇ بىر قېتىم مىسۋاك ۋە ئۇنىڭ پەزىلەتلىرى توغرىسىدىكى پاراڭنى ئاڭلاپ: «ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئۇ دېگەن كۆتكە داۋا، كۆتكە!» دەيدۇ ـ دە، ئۇ مىسۋاكنى ئېلىپ، ئارقىسىغا بىر سۇركەپ چىقارغان. بۇ ئىش بولۇپ، توققۇز ئايدىن كېيىن، ئۇنىڭ قورسىقى ۋە ئارقا تەرەت يولى ئاغرىپ ۋايجىنى چىققىلى تۇرىدۇ.

ئۇزۇن ئۆتمەي، ئۇ ھەزىلكەش تۆت پۇتلۇق، بېشى بېلىقنىڭ بېشىغا ئوخشاش، تۆت دانە غەلىتە مەگەن چىشلىق، ئۇزۇن قۇيرۇقلۇق، تۆت بارماقلىق، ئارقىسى توشقاننىڭ مەقتىگە ئوخشايدىغان چوڭ تۈلۈم چاشقانسىمان بىر مەخلۇق تۇغىدۇ. ئاندىن ئۇ هايۋان ئۈچ قېتىم دەھشەتلىك چىرقىرايدۇ، ئۇ كىشىنىڭ قىزى شۇ ھامان بۇ مەخلۇقنىڭ بېشىنى يەنجىپ تاشلايدۇ.

ئۇ ھەزىلكەش بۇ مەخلۇقنى تۇغۇپ، ئۈچىنچى كۈنى ئۆلۈپ كېتىدۇ. ئۇ: «مۇشۇ هايۋان ئۈچەيلىرىمنى ئۈزۈپ ئۆلتۈرىۋەتتى» دېگەن ئىكەن.

تەفسىرشۇناس ئالىم ئىبنى كەسىر بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «شۇ جايدىكى جامائەت ۋە خەتىپلەرنىڭ بەزىسى ئۇ هايۋاننى هايات كۆرگەن بەزىسى ئۇنى ئۆلگىنىدىن كېيىن كۆرگەنلىكى توغرىسىدا گۇۋاھلىق بېرىشكەن».

بۇ قىسسە، «باشلىنىش ۋە ئاخىرلىشىش» (ئەلبىدايە ۋەننىھايە) دېگەن كىتابنىڭ 13 ـ تۇم 263 ـ بېتىدىن ئېلىنغان.

## دۇۋەت قەلىمىم يىگىمدە

بەقىي ئىبنى مۇخەللەد ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەلنىڭ ھۇزۇرىدا ھەدىس ئىلمى تەھسىل قىلىش ئۈچۈن ئاندولۇس تىن باغدادقا پىيادە تاغ ـ داۋانلاردىن ئېشىپ، چۆل ـ جەزىرىلەرنى كېزىپ، دەريا ـ دېڭىزلاردىن كېچىپ كەلگەن بولۇپ شۇ چاغدا ئۇ يىگىرمە ياش ئىدى.

ئۇ باغدادقا كېلەي دەپ قالغاندا، « قۇرئان كەرىم » توغرىسىدىكى بىر دەتالاشتا، ئىمام ئەھمەدكە پېشكەلچىلىك يەتكەنلىكى، ئۇنىڭ ئوقۇتۇش، دەرس بېرىشتىن چەكلىنىپ، ئۆيىگە بەنت قىلىنغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلايدۇ. بەقىي بۇ شۇم خەۋەردىن قاتتىق قايغۇرىدۇ ـ يۇ، سەپىرىنى قەتئىي داۋاملاشتۇرىدۇ. ئۇ باغدادقا ئورۇنلىشىپ بولغاندىن كېيىن، شۇ جايدىكى بىر چوڭ مەسجىدكە بارىدۇ. ئاندىن ئىمام ئەھمەدنىڭ ئۆيىنى ئىزدەپ تېپىپ، ئىشىك چېكىدۇ. ئىشكنى ئىمام ئەھمەد ئۆزى ئاچقاندا، بەقىي ئۇنىڭغا، «مەن سىزدىن ئىلىم تەلەپ قىلىپ كەلگەن بىر ئوقۇغۇچى (تالىب) بۇ شەھەرگە مۇساپىرمەن» دەپ ئۆزىنى تونۇشتۇرىدۇ.

ئىمام ئەھمەد ئۇنىڭدىن: «سەن قەيەردىن؟» دەپ سورىغاندا، ئۇ: «مەن مەغرىپنىڭ شەرقىدىن، ئاندولوستىن» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئىمام ئەھمەد ئۇنىڭغا: «ھەقىقەتەن

يىراقتىن كەپسەن، ساڭا ياردەم قىلىشنى خالايمەن، ئەمما، مەن ئۆيۈمدە نەزەربەند ئاستىدىمەن» دەپ ئەھۋالىنى چۈشەندۈردى. بەقىي: «مەن بۇ شەھەرگە مۇساپىر، مېنى باغداد ئەھلىدىن ھېچكىم تونۇمايدۇ. ئەگەر قوبۇل كۆرسىڭىز، مەن ھەر كۈنى بىر دېۋانە تۈرقىدا كېلىپ، سەدىقە سوراي، شۇ چاغدا سىز ئىشكىنى ئېچىپ، ماڭا بىر ھەدىس بولسىمۇ سۆزلەپ بېرىڭ» دەپ تۈرىۋالغاندىن كېيىن، ئىمام ئەھمەد: «بولىدۇ، ئەمما بىر شەرت، سەن باشقا ھەدىس مۇددەرىسلىرىنىڭ دەرىسگە قاتناشمايسەن» دەپ ماقۇللۇق ئالدى.

بەقىي شۇ چاغدىكى ئەھۋالىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ:

قولۇمدا ھاسا، ئۇچامدا يىرتىق چاپان، قەغەز ـ قەلەملىرىمنى يېڭمگە تىقىپ: «ياردەم قىلىڭلار، ئاللاھ سىلەرگە ياردەم قىلىدۇ!» دەپ توۋلىغىنىمچە يېتىپ كېلەتتىم. ئۇنۇمنى ئاڭلىغان ئىمام ئەھمەد چىقىپ، ئىشكىنى ئاچاتتى ـ دە، دەرۋازىسىنى تاقاپ، ماڭا ئىككى ـ ئۈچ ھەدىس سۆزلەپ بېرەتتى. شۇنداق قىلىپ يۈرۈپ، ئۈچ يۈزدەك ھەدىس توپلىدىم. كېيىن، ئاللاھ تائالا ئىمام ئەھمەدنىڭ قىيىنچىلىقىنى كۆتۈرىۋەتتى. ئۇنىڭ ئوقۇتۇش ۋە مەسجىدلەردە مۇددەرىسلىك قىلىشىغا رۇخسەت قىلىندى. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە، مەن ئۇنىڭ قېشىغا كەلسەم، ئۇ ماڭا قېشىدىن ئورۇن بېرىپ، شاگىرتلىرىغا: «بۇ تالىپ[1]، ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق تالىپ » دەپ ئارىمىزدىكى قىسسىنى سۆزلەپ بېرەتتى.

بىر قېتىم مەن ئاغرىپ قالغاندا، ئۇستاز ئىمام ئەھمەد مېنى شاگىرتلىرى بىلەن يوقلاپ كەپتىكەن. شاگىرتلىرىنىڭ قوللىرىدا قەلەم، ئۇنىڭ گەپ ـ سۆزلىرىنى خاتىرلەيتتى.

ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مەن ئاللاھ تەئالا تەرىپىدىن ئېلىپ كەلگەن ھىدايەت ۋە شەرىئەت ئىلمى زېمىنغا ياغقان مول يامغۇرغا ئوخشايدۇ. بەزى يەرلەر مۇنبەت بولۇپ، يامغۇرنى ئۆزىگە سىڭدۈرۈپ، ئۆسۈملۈكلەرنى ۋە نۇرغۇن ئوت-چۆپلەرنى ئۈندۈرۈپ بېرىدۇ. بەزى يەرلەر گىيا ئۈنمەس، سۇ سىڭمەس تېتىر بولۇپ، ئۇستىدە سۇ لەيلەپ تۇرىدۇ. ئاللاھ تەئالا ئۇنىڭدىن كىشىلەرنى مەنپەئەتلەندۈرىدۇ. شۇ سۇدىن كىشىلەر ئىچىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ئۇلاغلىرىنى ۋە زىرائەتلىرىنى سۇغىرىدۇ. يەنە بىر قىسىم تۇزلەڭ، شور يەرلەر بولۇپ، ئۇستىدە سۇمۇ تۇرمايدۇ. گىياھمۇ ئۈنمەيدۇ. ئەنە شۇ يۇقىرىدىكىلەر ئاللاھ تەئالانىڭ دىنىنى چۈشىنىپ، مەن ئاللاھ تەئالا تەرىپىدىن كەلتۈرگەن تەلىماتتىن پايدىلىنىپ، ئۇنى ئۆگەنگەن ۋە ئۆگەتكەن كىشىنىڭ مىسالىدۇر،

---

[1] تالىپ ـ ئىلىم تەلەپ قىلغۇچى ـ ت

تەكەببۇرلۇق قىلىپ ئۇ تەلىماتقا باقمىغان ۋە مەن ئاللاھ تەئالا تەرىپىدىن ئېلىپ كەلگەن ھىدايەتنى قوبۇل قىلمىغان ئادەمنىڭ مىسالىدۇر.» ــ بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

## بۇ نېمە پۇراق؟

سۇلايمان تەيمى نەئىمە ئەتتارى دېگەن ئايالنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ:

«ئۆمەر (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) ئايالىغا مۇسۇلمانلارنىڭ ئەترىدىن ئۇنىڭغا سېتىشقا بېرىدۇ. مەن بىر قېتىم ئۇنىڭدىن ئەترە ئالغان ئىدىم، ئۇ ئەترىنى تەڭشىگەچكە ئەتىر شىششىسىنىڭ ئاغزى سۇنۇپ كېتىپ، ئەتىردىن ئۇنىڭ قولىغا بىر نەچچە تامچە تېمىپ كېتىۋىدى. ئۇ ئەتىر يۇقى قۇلىنى ياغلىقىغا سۈركىۋەتتى. ئۆمەر (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) كىرىپ قېلىپ، ‹بۇ نېمە پۇراق› دەپ سورىدى. ئايالى ئۇنىڭغا بولغان ئىشنى ئېيتىۋىدى، ئۇ: ‹سىز مۇسۇلمانلارنىڭ ئەترىدىن سۈركىۋالدىڭىز؟› دېدە ــ دە، ئۇنىڭ ياغلىقىنى بېشىدىن يۇلۇپ ئېلىپ، بىر كوزا سۇ ئېلىپ كېلىپ، ياغلىققا قۇيۇپ، ئاندىن ياغلىقنى تۇپىغا مىلەپ، تاكى ياغلىقتا پۇراق قالمىغۇچە پۇراپ بېقىپ، قايتا ــ قايتا يۇدى.

شۇ ئىش بولۇپ ئۆتكەندىن كېيىن، مەن ئۇنىڭ ئايالىنىڭ يېنىغا يەنە بىر قېتىم ئەتىر سېتىۋېلىش ئۈچۈن كەلدىم. ئەترىنى جىڭلىغۇچە بارمىقىغا يۇقۇپ قالغان ئەترىنى بارمىقىنى بىر كوزىغا چىلاپ، بىر تۇپىغا بۇلاپ يۇرۇپ چىقىرىۋەتتى. بۇ ئۆمەر (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) نىڭ تەقۋالىقىنىڭ زىللىقى، باشقىلارنىڭمۇ شۇنداق قىلىپ سالماسلىقى ئۈچۈندۇر. ئىش ئۇندا بولمىسا ئىدى، ئۇ ئەترىنى مۇسۇلمانلارغا قايتۇرۇپ بەرگىلى بولمىغاندىكىن، ياغلىقنى يۇيۇپلا بولدى قىلغان بولاتتى. لېكىن، ئۇ باشقىلارنىڭ ئىشتا ھەددىدىن ئېشىپ كېتىشىدىن ھەزەر ئەيلەپ، نەچچە تامچە ئەتىر يۇقىدىنمۇ پايدىلانغىلى قويماي ئايالىنى قاتتىق توسقان ئىدى.

بۇ قىسسە «ھاياتلار» (ئەلئەخياھ) دېگەن كىتابنىڭ 2 ــ توم 109 ــ بېتىدىن ئېلىنغان.

## بۇ ئايالنىڭ كەينىگە چۈشكىن

ئىمام ئەھمەدنىڭ ئوغلى ئابدۇللاھ مۇنداق رىۋايەت قىلغان:

بىر كۈنى ئۆيدە دادام ئىككىمىز بار ئىدۇق. ئىشىك چېكىلدى. قارىسام، بىر ئايال ئىكەن. ئۇ ئايال ماڭا: «ئابدۇللاھنىڭ دادىسىدىن ماڭا ئىجازەت سورىغىن، ئوغلۇم» دېدى. دادامدىن ئىزنىن سورىسام، ئۇنى ئۆيگە تەكلىپ قىلىشىمنى ئېيتتى.

ئايال كىرىپ، سالام ــ سائەتتىن كېيىن، دادامغا دېدى:

«ئى، ئابدۇللاھنىڭ دادىسى[1]، مەن كېچىلىرى يىپ ئىگىرىدىغان بىر چاقچى ئايال. بەزىدە، جىن چىرىغىم ئۆچۈپ قالسا، ئايدىڭدا يىپ ئىگىرىمەن. شۇنى بىلمەكچىدىم، ئىگىرگەن يىپلىرىمنى ساتقاندا، خېرىدارغا چوقۇم ئايدىڭدا ئىگىرگىنىم ياكى چىراغدا ئىگىرگىنىمنى ئەسكەرتىشىم كېرەكمۇ؟»

دادام ئۇنىڭغا: «ئەگەر يىپلىرىڭىزنىڭ سۈپىتىدە پەرىق چىقىپ قالغان بولسا، خېرىدارغا ئەسكەرتىشىڭىز زۆرۈر» دەپ پەتۋا[2] بەردى.

ئايال ئاندىن يەنە سورىدى: «كېسەلنىڭ ئاغرىقتىن ئېڭىرشى شىكايەت[3] ھېسابلىنامدۇ؟»

دادام، «مەن ئۇنىڭ شىكايەت بولماسلىقىنى، ئاللاھ تائالاغا قىلىنغان ھال ئېيتىش بولۇشىنى ئۈمىت قىلىمەن.» دەپ جاۋاب بەردى.

ئاندىن ئۇ دادام بىلەن خوشلىشىپ چىقىپ كىتتۇيدى. دادام ماڭا: «ئوغلۇم، مەن بۇ ئايالغا ئوخشاش مەسىلىگە ئىنچىكە قاراپ، بۇنداق سوئال سورىغان ئىنساننى ئۇچرىتىپ باقمىغان ئىدىم. سەن بۇ ئايالنىڭ كەينىگە چۈشۈپ، ئۇنىڭ قەيەرگە كىرىدىغانلىقىنى كۆزىتىپ باققىن» دېدى.

مەن ئۇنىڭغا ئەگەشتىم. ئۇ بەشىر ئىبنى ھارىسنىڭ ئۆيىگە كىرىپ كەتتى. ئۇ ئايال ئۇنىڭ ھەمشىرىسى ئىكەن. دادامغا ئەھۋالنى ئېيتتۇيدىم، ئۇ: «راست، بۇنداق ئايال پەقەت بەشىردەكلەرنىڭلا قېرىندىشى بولىدۇ» دېدى.

بۇ قىسسە «ھەنبەلىلەر مەزھىپى ئۆلىمالىرى» (تەبىقاتۇلھەنابىلە) دېگەن كىتابنىڭ 427 ــ بېتىدىن ئېلىنغان.

## كىشىلەر تەلپۈندى

ئىبراھىمنىڭ ئانىسى ھاسىمىيە (ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن) بەسرە[4] دىكى ئىبادەتكار بىر سالىھە (توغرا يول تۇتقان) ئايال ئىدى.

رۇملار مۇسۇلمانلار پورتىدىن بىرىگە ھوجۇم قىلغان يىلى، كىشىلەر ئاللاھ

---

[1] ئەرەبلەردە «كۇنيە» دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل ئىسىم ئىشلىتىش ئادىتى بولۇپ، بۇ ئادەتتە، ئىسىم ئىگىسى ئوغلىنىڭ ئىسمىنى ۋاستە قىلىپ، پالانىنىڭ دادىسى دەپ چاقىرىلىدۇ. مەسىلەن، ئەبۇ بەكىر (بەكرىنىڭ دادىسى)، ئەبۇلقاسىم، ( قاسىمنىڭ دادىسى)، (بۇ پەيغەمبىرىمىزنىڭ كۇنيەسى بولۇپ، قاسىم ئىسىملىك ئوغلى بولغان. پەيغەمبىرىمىز بۇ كۇنيەنى باشقىلارنىڭ ئىشلىتىشىدىن توسقان. شۇ سەۋەب ئەرەبلەردە، بۇ كۇنيە ئىشلىتىلمەيدۇ ــ ت

[2] «پەتىۋا» ئىسلام شەرىئىتى ( قانۇنى) دىكى قىلىشقا بولىدىغان ياكى بولمايدىغان ئىشلار توغرىسىكى ھۆكۈمنى كۆرسىتىدۇ ــ ت

[3] شىكايەت ــ نارازىلىق بايانى ــ ت

[4] بەسرە ــ ئىراقتىكى بىر شەھەرنىڭ ئىسمى ــ ت

يولىدىكى جىھاد ئۈچۈن ئاتلىنىپ كېتىشتى. سالىھ كىشى ئابدۇلۋاھىد ئىبنى زەيد خەلق ئارىسىدا ۋەز - تەبلىغ ۋە خۇتبە سۆزلەپ، كىشىلەرنى جىھادقا ئىلھاملاندۇرىۋاتاتتى. بۇ تەبلىغنى ئاڭلاۋاتقانلار ئىچىدە، ئىبراھىمنىڭ ئانىسىمۇ بار ئىدى. ئابدۇلۋاھىد ئىبنى زەيد خالايىقنى جىھادقا قىزىقتۇرۇپ ناھايىتى ئۇزۇن سۆزلەپ كېلىپ، جەننەتتىكى ھۆرۈل - ئەين لەرنىڭ ھۆسن - جامالىنى ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي تەرىپلەيتتى. بۇ سۈپەتلەرنى ئاڭلىغانلىكى قۇلاق ئىگىسىنىڭ جەننەتكە نەپسى تاقىلدايتتى. جەننەتنى سېغىناتتى. قەلبىلەر ساھىبجامال ھۆرۈل - ئەينلەرگە تەلپۈندى.

ئىبراھىمنىڭ ئانىسى كىشىلەر توپىدىن تۇرۇپ، ئابدۇل ۋاھىدقا ئېيتتى:

ھەي، ئۇبەيدىنىڭ دادىسى، سىز مېنىڭ ئوغلۇم ئىبراھىمنى بىلەمسىز؟ مېنىڭ ئوغلۇمغا بەسرە ئەھلىنىڭ ھەر - ھەر يۇرت چوڭلىرى قىزلىرىنى چېتىپ قويۇشقان. مەن ئوغلۇمنى ئۇلارغا بېرىشكە چىدىمايمەن. ئاللاھ تائالا بىلەن قەسەمكى، سىز سۈپەتلەپ بەرگەن ھۆرۈل - ئەيىنلەر مېنىڭ ئەقلىمنى لال قىلدى. مەن ئوغلۇم ئىبراھىمغا ئەنە شۇنداق ھۆر - پەرىلەرنىڭ خوتۇن بولۇشىغا رازىمەن. ئۇ بۇ جىھادقا سىز بىلەن بىللە چىقىدۇ. ئاللاھ تائالا ئۆز يولىدىكى شېھىتلىك بىلەن ئۇنى رىزىقلاندۇرۇپ قالسا ئەجەب ئەمەس. ئۇ چاغدا ئوغلۇم دادىسى ئىككىمىزگە قىيامەت كۈنى شاپائەتچى بولاتتى. سىز ئۇ ھۆر - پەرىلەرنىڭ مېھىر ھەققىگە ئون مىڭ دىنار ئېلىپ، ئۇلارنى ئوغلۇمنىڭ ئەمرىگە ئېلىپ بېرەلەمسىزمۇ؟

ئابدۇلۋاھىد ئىبنى زەيد ئۇنىڭغا: «ئەگەر شۇنداق بولىدىغان بولسا، سىز، ئىرىڭىز ۋە ئوغلىڭىز ناھايىتى كاتتا ئۇتۇق قازانغان بولىسىلەر، دېدى.

ئانىسى ئىبراھىمنى چاقىردى. ئوغلى كىشىلەر ئارىسىدىن، «ئىتائىتىڭىزدىمەن، ئى، ئانىجان» دەپ چىقىپ كەلدى. ئانىسى ئۇنىڭدىن: «گۇناھ يولىنى تاشلاپ، ئاللاھ يولىدىكى شېھىتلىككە بېلىڭنى باغلاپ، بۇ ھۆر - پەرىلەرنى ئەمرىڭگە ئېلىشقا رازىمۇ سەن؟» دەپ سورىدى. يىگىت: «ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، تامامەن رازىمەن، ئانىجان» دەپ ئىپادە بىلدۈردى.

ئانىسى: «ئى، ئاللاھ مەن سېنى گۇۋاھ قىلىمەنكى، بۇ ئوغلۇمنىڭ گۇناھىنى تاشلاپ، سېنىڭ يولۇڭغا جېنىنى ئاتىشىغا بۇ ھۆر - پەرىنى نىكاھلىدىم. ئۇنى مېنىڭدىن قوبۇل ئەيلىگىن. ئەي رەھىم قىلغۇچىلارنىڭ رەھىم قىلغۇچىسى!» دېدى ۋە ئون مىڭ دىنار ئېلىپ كېلىپ، «ئى، ئابدۇللاھنىڭ دادىسى بۇ پۇل ھۆرۈل - ئەيىنىنىڭ مېھرى، ئۇنى جىھادقا خىراجەت قىلىڭ» دەپ ئۇنى ئاللاھ يولىدىكى مۇقەددەس جەڭ (غازات) گە ئاتىدى.

ئۇ قايتىپ بېرىپ، ئوغلى ئىبراھىم ئۈچۈن ئېسىل ئاتتىن بىرنى ۋە قورال - ياراق

سېتتۇالدى. غازاتچى قوشۇن جانابى ئاللاھنىڭ «تەۋبە» سۈرىسى 111- ئايىتىدىكى «شۈبھىسىزكى ئاللاھ مۆئمىنلەردىن ئۇلارنىڭ جانلىرىنى ماللىرىنى ئۇلارغا جەننەتنى بېرىپ سېتتۇالدى. ئۇلار ئاللاھ يولىدا ئۇرۇش قىلىپ (دۈشمەنلەرنى) ئۆلتۈرىدۇ ۋە ئۆلتۈرۈلىدۇ (يەنى دۈشمەنلەر بىلەن جىھاد قىلىپ شېھىت بولىدۇ) (جىھاد قىلغۇچىلارغا جەننەتنى ۋەدە قىلىش) تەۋراتتا ئىنجىلدا ۋە قۇرئاندا زىكرى قىلىنغان (ئاللاھنىڭ) راست ۋەدىسىدۇر ۋەدىسىگە ئاللاھتىنمۇ بەك ۋاپا قىلغۇچى كىم بار (يەنى ئاللاھتىنمۇ ۋاپادار ئەھەدى يوق) قىلغان بۇ سوداڭلاردىن خۇشال بولۇڭلار بۇ زور مۇۋەپپەقىيەتتۇر.» دېگەن سۆزلىرىنى جاراڭلىتىپ ئۇرۇشقا ئاتلاندى.

ئىبراھىمنىڭ ئانىسى ئۇنى ئۇزىتىدىغان چاغدا، ئۇنىڭغا كېپەنلىك ۋە مىيىت ئەترى بېرىپ، ئۇنىڭغا: «جېنىم بالام، دۈشمەن بىلەن ئۇچرىشىدىغان چاغدا، بۇ كېپەنلىك بىلەن كېپەنلەنگىن، بۇ مىيىت ئەترىنى سۈرتىۋالغىن. ئاللاھنىڭ سېنى ئۆز يولىدا غەيرەتسىز ھالدا كۆرۈپ قېلىشىدىن ھەزەر ئەيلە!» دېدى- دە، ئۇنى باغرىغا بېسىپ، پېشانىسىگە سۆيۈپ تۇرۇپ ئېيتتى: «ئاللاھ تائالا بىزنى قىيامەت كۈنى ئۆزىنىڭ ئالدىدا ئۇچراشتۇرغاي!»

ئابدۇلۋاھىد مۇنداق دەيدۇ: بىز دۈشمەنگە يۈزلەنگەن چاغدا، ئىبراھىم ئالدىنقى سەپتە ھازىر بولدى. ئۇ نۇرغۇن دۈشمەننى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن، ئۇلار توپلىشىپ كېلىپ ئۇنى ئۆلتۈرىۋەتتى.

غازات ئاخىرلىشىپ، ئۇرۇش غەنىمەتلىرى بىلەن بەسرەگە قايتقان چېغىمىزدا خالايىق بىزنى كۈتۈۋالغىلى چىقتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئىبراھىمنىڭ ئانىسىمۇ بار ئىكەن. ئۇ مېنى كۆرۈپ: «ئى، ئۇبەيدىنىڭ دادىسى، ھەدىيەم قوبۇل قىلىنىپ، ماڭا خۇش خەۋەر ئېلىپ كەلدىڭىزمۇ، ياكى، ئۇنى ماڭا قايتۇرۇپ بېرىپ، كۆڭلۈمنى يېرىم قىلامسىز؟» دەپ سورىدى.

مەن ئۇنىڭغا: «ھەدىيىڭىز قوبۇل قىلىندى. شۈبھىسىزكى، ئاللاھ خالىسا، ئوغلىڭىز ئىبراھىم شېھىتلەر بىلەن بىرگە ھاياتتۇر» دېدىم.

ئىبراھىمنىڭ ئانىسى شۇ ھامان ئاللاھقا شۈكۈر سەجدىسى ئۈچۈن باش قويۇپ مۇنداق دېدى: «جىمى ھەمدۇ ــ سانا مېنىڭدىن قۇربانلىقىمنى قوبۇل ئەيلىگەن. مېنى نائۈمىد قىلمىغان ئاللاھقا خاستۇر»

ئەتىسى ئۇ مەسجىد كىرىپ، قېشىمغا كەلدى ۋە: «ئى، ئۇبەيدىنىڭ دادىسى، خۇش خەۋەر! خۇش بېشارەت!» دېدى.

مەن ئۇنىڭغا: «ياخشىلىق تېخىچە داۋاملىشىۋاتقان ئوخشىمامدۇ؟» دېسەم، ئۇ: «تۈنۈگۈن كېچە چۈشۈمدە ئوغلۇمنى ناھايىتى چىرايلىق باغچىنىڭ ئىچىدە، يېشىل گۈمبەزنىڭ ئاستىدا، بىر مەرۋايىت كارۋاتنىڭ ئۈستىدە، بېشىغا تاج كەيگەن ھالدا

كۆرۈپتىمىشمەن، ئۇ ماڭا، ‹خۇش بېشارەت بولسۇنكى، مېھىر ھەققى قوبۇل قىلىندى، كېلىن يىگىتىنىڭكىگە كۆچۈرۈلدى!›» دېگەنلەرنى يەتكۈزدى.

## ئەجەل ئاچقۇچى

گۈزەل شەھەر كېچە جىمجىتلىقىغا چۆككەن، ياتقان دادا ئۆرۈلۈپ، ئايالىنىڭ ھەم ئويغاقلىقىنى سەزگەندىن كېيىن، «تېخىچە ئۇخلىماپسەنغۇ؟» دەپ سورايدۇ.

«ئوغلىمىز يىگىرمە ئالتىگە كىرىپ قالدى. ئەمما تېخىچە ئۆيلىمىدۇق. شۇنىڭ غېمى كاللامغا كىرىۋالدى» دەپ جاۋاب بېرىدۇ، ئانا. «ئەنسىرىمە، بۇ توغرىدا ئۇنىڭ بىلەن ئەتىلا سۆزلىشىمەن» دەپ ئايالىنى تىنچلاندۇردى، دادا.

دادىسى ئەتىسى ناشتىغا ئولتۇرغاندا، ئەرەب ئەدەبىياتىدا دوكتۇرلۇقنى پۈتتۈرگەن ئوغلىغا، ئۇنىڭ نەۋرە سىڭلىسى بىلەن بولىدىغان توي ئىشى توغرىسىدا ئېغىز ئېچىۋىدى، ئوغۇل ئارتۇق گەپ قىلمايلا ماقۇل بولدى.

كۈنلەر بىر ــ بىرلەپ ئۆتۈپ، تويمۇ تۈگەپ، ئۇلار بەختلىك ئەر ــ خوتۇنلاردىن بولۇپ قالدى. ئاللاھ تائالا ئۇلارغا ئالتە ئوغۇلنى رىزىق قىلىپ بەردى. ئەرنىڭ خىزمەتكە بېرىش، ئۆيگە قايتىش، ئايالى ۋە باللىرىنى ئېلىپ دېڭىز ساھىلىغا ئاپىرىشتىن باشقا ئىشى يوق ئىدى.

ئۇ ئائىلىۋى بەختىنىڭ پەيزىنى سۈرۈۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە، شەيتان ۋە ئۇنىڭ چوماقچىلىرى ئۇ بەختلىك ئائىلىنى تەل ــ تۆكۈس ۋەيران قىلمىغۇچە بولدى قىلمىدى.

ئۇ بىر كۈنى ئەتىگەندە، باشقا شەھەردىن يۆتكىلىپ كېلىپ، ئۇلارنىڭ ئىدارىسىغا يېڭىدىن خىزمەتكە چۈشكەن بىرسىنى كۆرۈپ بىر ئاز ئەجەبلەندى.

ئۇ يېڭى خىزمەتدىشىنىڭ «ھە» دېسىلا كۈلكە چاقچاقنى كۆپ قىلىدىغانلىقىنى سەزدى ــ يۇ، ئانچە پەرۋا قىلماي كەتمىدى. بىر ھەپتىدىن كېيىن، ئۇ خىزمەتدىشى ئىدارىدىكى ھەممەيلەننى كەچلىك تاماققا ئۆز ئۆيىگە مېھمانغا چاقىردى. تاماقتىن كېيىن، مېھمانلارنىڭ كۆپى ئۇزاپ، بىر قىسمى قېلىپ قالدى. ئۆيدە قېلىپ قالغانلارنىڭ ھەممىسى بۇ شەھەرگە يات كىشىلەر ئىدى.

ئۇ دەسلەپتە ئۇلارنىڭ ئىش ــ ھەرىكەتلىرىگە ئانچە دىققەت قىلمىغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئاق خالتىدىن كۇكۇنسىمان بىر ماددىنى چىقىرىپ، ئۇنى سۈمۈرۈشكە باشلىغاندا، ئۇلاردىن ئەجەبلىنىپ سورىدى: «بۇ نېمە؟»

خىزمەتدىشى ئۇنىڭغا پوچىلارچە جاۋاب بەردى: «خىروئىن دېگەن نوچى شۇ!» بۇ جاۋاب ئۇنىڭغا خۇددى قۇرۇق ئاسماندا چاقماق چاققاندەك تۇيۇلدى- دە، «ئۇ دېگەن بىر قاتىل!» دېدى. ئەمما ئۇنىڭ خىزمەتدېشى مەسخىرىلىك كۈلۈپ تۇرۇپ: «ھەي، شاكىچىك، ئۇ ساڭا ئوخشاش ئاجىزلار ئۈچۈن قاتىل» دېدى.

خىزمەتدىشىنىڭ ئاخىرقى سۆزى ئۇنىڭ ئوغىسىنى قايناتتى. دەل شۇ چاغدا، شەيتان مەيدانغا سەكرىدى ــ دە، ئۇنى دەيدەيگە سېلىشقا باشلىدى: «قارا، ئۇ سېنى زاڭلىق ئېتىپ، شاكىچىك دەۋاتىدۇ. ئالە، سەنمۇ بىر چىكىپ، ئۇنىڭغا ئۆزۈڭنىڭ ھەقىقى ئەركەكلىكىڭنى كۆرسىتىپ قوي!»

ئۇ دىلغۇللىق ئىچىدە قولىنى ئۇزاتتى ۋە بىر خالتا خىروئىننى ئاچ كۆزلەرچە چىكىشكە چۈشتى. ئاندىن ئۇ چوڭقۇر بىر مۇڭغا چۈمۈپ كەتتى.

سائەت ستىرىلكىسى چۈشتىن بۇرۇن ئوننى كۆرسىتىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئايالى ھېچقاچان سىرتتا قونۇپ قالمايدىغان ئېرىدىن ئەنسىرەپ، تىت ــ تىتچىلىقتا ئۆزىنى قويارغا جاي تاپالماي قېلىۋاتاتتى.

ئۇ ئاخىرى ئۆيگە قايتىپ كەلدى. ئايالى ئۇنىڭ تاتىرىپ كەتكەن چىرايىغا قاراپ، نېمە بولغانلىقىنى سورىۋىدى. ئۇ ئايالىغا ھېچقاچان قىلىپ باقمىغان بىر قوپاللىق بىلەن، «سېنىڭ نېمە كارىڭ؟!» دەپ ۋارقىرىدى. ئايالى بۇنىڭدىن قاتتىق چۆچۈگەن بولسىمۇ، بەلكىم چارچاپ قالغاندۇ ــ دەپ توغرا چۈشەندى.

ئەمما بۇ ھالەت ئۈچ ئايغىچە داۋاملىشىپ، ئۇنىڭ ئەھۋالى كۈنسىرى ئوساللاشقىلى تۇردى.

ئۇنىڭ خىيالىغا نە ئائىلىسى، نە باللىرى كىرىپ چىقمايتتى. ئىشقىمۇ كېچىكىپ بېرىپ، بالدۇر قايتىپ يۈرۈپ، خىزمەتتىن ھەيدەلدى.

پاجىئەلىك كېچە ئاخىرى يېتىپ كەلدى، ئۇ سەھەر سائەت بەشكە ئاز قالغاندا، كەيىپ ھالدا قايتىپ كەلدى. ئۇنىڭ كاللىسى ھېلىقى شېرىن كېچە، تاتلىق خىياللار بىلەن تولغان ئىدى.

ئۇ بۈگۈن ئادەتتىكىدىن كۆپرەك چىكىۋالغان بولۇپ، ماشىنىسىنى توختىتىپ تۇرىشغا ياتاق ئۆيىدە كىمدۇر بىرسىنىڭ مىدىرلاپ يۈرگەنلىكىنى كۆرگەندەك قىلدى ــ دە، ئەقلىنى تورموزلىغان زەھەرنىڭ تەسىرىدە ئويلاشقا باشلىدى، ئۆيۈمدە يات بىر ئەر بولۇشى مۇمكىن، توغرا، ئايالىم ماڭا خىيانەت قىلىۋاتقان بولسا كېرەك، مەن تىزدىن چىقىپ، بۇ ئىشنى قاتتىق بىر تەرەپ قىلاي. بىراق، ھوشيار تۇراي، ئۇ ئەر قۇراللىق بولۇشى مۇمكىن، ئۇنىڭدىن بۇرۇن ئۆزۈم قول سېلىشىم كېرەك... دېگەنلەرنى ئويلاپ، قولىغا يوغان بىر كۇلۇچنى ئالدى.

بامدات نامىزىغا ئەزان چىقىۋاتاتتى. ئۇ پەلەمپەيدىن چىقىۋېتىپ، ئايالىم ھازىر مېنىڭ كېلىپ قالغانلىقىمنى سېزىپ، ئۇ ئەرگە ئۆزىنى يوشۇرۇشنى ئېيتتى... دېگەن خىياللار بىلەن ئىشىكنى ئاۋايلاپ ئاچتى. ئۆي ئىچى قاپقاراڭغۇ ئىدى. ئۇ «ئايالىم ماڭا خىيانەت قىلدى.» دەپ قەتئىي جەزملەشتۈردى ــ دە، ياتاق ئۆيىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپلا، ئايالىنى جاينامازدا رۇكۇ قىلىۋاتقان ھالەتتە كۆرۈپ، قولىدىكى كۇلۇچ بىلەن

بېشىغا قاتتىق بىرنى سالىدۇ. ئايالى دەھشەتلىك چىقىرايدۇ ــ دە، ئىككىنچى قېتىم يەنە تەككەن كولۇچ زەربىسىدىن يىقىلىدۇ. بۇ ئاۋازدىن ئويغىنىپ كەتكەن خوشنا ــ خولۇملار ئۇلارنىڭ ئىشىكىنى چېكىدۇ.

ئۇنىڭ قۇلىقىغا ئىشىك قوڭغىرىقىنىڭ ئاۋازى كىرمەيتتى، بەلكى، «خائىننى ئۆلتۈر»، «قاچۇرۇپ قويما» دېگەن خىيالدا ئىدى.

ئۇ كولۇچنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ئايالىنىڭ ئارقا مېڭىسىگە يەنە بىرنى ئۇرىشىغا فونتاندەك قان ئېتىلىپ چىقىپ، ئايال قاتتىق بىر ۋارقىرىغىنىچە، ئېرىگە ئەلەم بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن، جىمجىت تىزلىنىپ يىقىلدى.

قوشنىلار ئىشىكنى سۇندۇرۇپ كىرىپ كېلىشتى ــ دە، ئايالىنىڭ جايناماز ئۈستىدە قانغا مىلىنىپ ياتقان ھالىتىنى كۆرۈپ داڭ قېتىپ قالدى.

ئوغۇللار ئويغىنىپ، ئۆيگە ئولىشىپ كەتكەن كىشىلەرنى كۆردى ۋە ياتاق ئۆيگە كىرىپ ئانىسىنىڭ ئۇنسىز ياتقىنىنى كۆرۈپ قىيا ــ چىيا سېلىشتى. بىراق بۇ نالە ـ پەريادلارغا تۆت تامدىن قايتقان ئەكىس سادادىن باشقا جاۋاب يوق ئىدى.

قوشنىلاردىن بىرى ۋارقىرىدى: «ھۇ، قاتىل، ئايالىڭنى نېمە دەپ ئۆلتۈردۇڭ؟»

«ئۇ ماڭا خىيانەت قىلدى!» دېدى ـ ئۇ غەزەپ بىلەن. قوشنىسى ئۇنىڭ نورمالسىزلىقىنى بىلدى. بىرسى ئۇنىڭ قولىدىن پاك قان بىلەن بۇلغانغان كولۇچنى ئۈستىلىق بىلەن ئېلىۋالمىغان بولسا ئۇ قوشنىسى ئۇرىۋەتكىنى تاس قالغان ئىدى.

ئۇزۇن ئۆتمەي، ساقچىلار كېلىپ ۋەقەنىڭ تەپسىلاتىنى سوراشقا باشلىدى.

بىر نەچچە سائەت ئۆتۈپ، ئۇ بارا ــ بارا ھوشىنى يىغدى. ساقچى باشلىقى گۇۋاھچىلارنىڭ گۇۋاھلىقىنى ئېلىپ تۇرۇشىغا، ئۇ ئەسەبىيلەرچە ۋارقىرىدى: «نېمە ئىش بولدى؟ ئايالىمنى كىم ئۆلتۈردى؟»

ئۇلار ئۇنىڭ ئەپيۇندىن ئەقلى تورمۇزلانغانلىقىنى بايقىدى ۋە ئۇنىڭغا بولغان ئىشنى سۆزلەپ بەردى. ئۇ ئەمدى قان دېڭىزغا قاراپ يىغلاشقا، «شەرىفە! شەرىفە! شەرىفە!، ئۇ بۇ ئالەمدىكى ئەڭ پاك ئايال ئەمەسمىدى!» دەپ ۋارقىراشقا باشلىدى.

ئاندىن ئۇ ئايالىغا ئۆزىنى ئاتماقچى بولىۋىدى، ساقچىلار توسۇپ قالدى ـ دە، ئۇنى تۇتۇپ كېتىشتى.

ئۇرۇق ــ تۇغقانلىرى يىراقتا بولغاچقا ئالتە ئوغۇلنى قوشنىلىرى ئېلىپ كەتتى. بىر ئايدىن كېيىن، ئۇ ئەرگە ئۆلۈم جازاسى بېرىلىپ، باللار «دارىلتام» غا بۆيرۇپ بېرىلدى.

شەرىفەنىڭ ھەر بىر ۋىجدان ئىگىسىنىڭ قەلبىنى تىترىتىدىغان بۇ پاجىئەسى شۇنداق ئاخىرلاشتى.

شۇنى بىلىشىمىز كېرەككى، زەھەرلىك چېكىملىك بارلىق بالا ــ قازانىڭ بېشى.

## ئۇ نېمە دېگەن جۇرئەتلىك

مۇئەززىننىڭ «نامازغا كېلىڭلار!» (ھەييا ئەلەسسالاھ) دېگەن چاقىرىقىنى ئاڭلاش بىلەن تەڭ، نامراتلار مەھەللىسىدىكى بىر كىچىك مەسجىدكە كىردىم.

ئۈنلەتكۈ (مىكروفۇن) ئالدىكى كىچىك بالىنىڭ، «ناماز تۇرغۇزۇلدى، ناماز تۇرغۇزۇلدى» (قەد قامەتىسسالاھ) دېگەن ئىنچىكە ئاۋازى دۇئا ۋە ئۈمىد ـــ تىلەكلىرىمنى ئۈزۈپ تاشلىغان ئىدى.

پەرۋەردىگارىمغا يۈزلىنىش ئۈچۈن، كىشىلەر ئارىسىغا كىرىپ، ھۆرمەت ـــ ئېھتىرام بىلەن تۇردۇم. ئاللاھقا بولغان يېقىنلىقنى ئىستەپ، ئۆزۈمنى ئۇ زاتقا تاپشۇردۇم.

ياراتقۇچىسىغا يۈزلىنىپ تۇرۇش نېمە دېگەن ئېسىل تۇرۇم ـــ ھە!

تۇيۇقسىز بىر كىچىك بالا مېھرابقا چىقىپ، بىز تەرەپكە ئۆرۈلۈپ، «سەپنى رۇسلىۋېلىڭلار، سەپنى تولۇقلاپ تۇرۇڭلار» دېدى، مۇلايىم بىر ئاۋازدا، ئۇنىڭ جۇرئىتى مېنى ھەيران قالدۇردى.

ئۇنىڭ كەينىدە تۇرغانلارنىڭ ئىچىدە، ئۇنىڭدىن يېشى چوڭ، ئىلمى كۆپ، مەرتىۋىسى يۇقىرى ۋە نەسەب جەھەتتىن ئۇنىڭدىن ئۈستۈن كىشىلەر تۇرۇپ، ئىماملىقتىن ئىبارەت بۇ مەسئۇلىيەتلىك مۇنبەرگە قانداقمۇ چىقالىغاندۇ ـــ ھە!

كاللامغا ھەرخىل سوئاللار ئارقا ـــ ئارقىدىن ئۆرۈلۈۋاتقان دېڭىز دولقۇنلىرىدەك يېغىشقا باشلىدى.

ئۇنىڭ «ئاللاھۇئەكبەر!» دېگەن تەكبىرى بىلەن خىياللىرىم ئۈزۈلۈپ، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ تەكبىر ئېيتىپ، قەلبىمنى خىيالدىن قۇرۇقداپ، ساپ دىل بىلەن نامازغا تۇردۇم.

ناماز ئەسناسىدا، يېقىشلىق ئاۋاز بىلەن مۇڭ ئارىلاش قىلىنغان شۇنداق بىر قىرائەتنى ئاڭلىدىمكى، بۇ ئاۋازدىن بىر ئاجىز قۇلنىڭ ئۇلۇغ خوجىسى ئالدىدا قۇللۇقنى لايىقىدا قىلالمايۋاتقانلىق قورقۇنچى تۆكۈلۈپ تۇراتتى. تىنىم «شۇررىدە» ئېرىگەندەك بولۇپ، قەلبىمنى ئاجايىپ بىر قورقۇنچ چۇلغىۋالدى. بۇ قورقۇنچتىن ئۆزۈمنى قايتا تونىۋاتاتتىم. ئۆز ـــ ئۆزۈمگە دېدىم: «توۋا، مەن ھەر كۈنى ئاڭلاپ تۇرىدىغان ‹فاتىھە› سۈرىسى مۇشۇ شۇمۇ؟» «فاتىھە» سۈرىسىدىن كېيىن، ئۇ باشقا ئايەتلەرنى قوشۇپ ئوقۇدى.

گويا تەن ـــ جانىمدىكى غەشلىكنى يۇيۇپ تاشلىماقچى بولغاندەك، ئىسسىق ياشلىرىمنىڭ مەڭزىمنى بويلاپ ئېقىۋاتقانلىقىنى سەزدىم. ئاھ، مەن بۇ كۆز ياشلارغا قانچە قېتىملاپ تەشنا بولغان ئىدىم ـــ ھە!

روھىمنى گويا ئۇنىڭ بىلەن بىللىدەك سەزدىم. ئۇنىڭ رۇكۇ قىلماسلىقىنى ئۈمىت

قىلىپمۇ قالدىم. ىبراق، ئۇ رۇكۇغا باردى. بۇ نامازنىڭ ئاخىرلىششى گويا بىر قورقۇنچلىق ئىشتەك تۇيۇلۇپ، شۇ تۇيغۇدا نامازنى ئاخىرلاشتۇردۇم.

جامائەتلەر تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ، بالا ئىمام بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭ ئىسمىنى سورىدىم. ئۇ ئىسمى ۋە نەسەبىنى راۋان تىلدا ئېيتىپ بەردى.

ـ قانچىگە كىردىڭىز؟

ـ ئون بىر ياشقا ـ دېدى، ئۇ يېقىملىققىنە بىر كۈلۈۋېتىپ.

ـ قۇرئاندىن قانچىلىك يادقا ئالدىڭىز؟

ـ ئاللاھقا شۈكۈر، تولۇق يادلاپ بولغان، دېدى، ئۇ كەمتەرلىك بىلەن بېشىنى سىلاپ قويۇپ.

مۇشۇ بالىنىڭ يېشىدىكى باشقا ئىسلام پەرزەنتلىرى ئىختىيارسىز كۆز ئالدىمغا كېلىۋالدى. ئۇلار، قايسى شاكال ئىستەك، قايسى پۇچەك غايىلەرنىڭ كويىدا يۈرىدۇ.

ئۇنىڭ پىشانىسگە سۆيۈپ، باغرىمغا بىر باسقۇم كەلدى.

بالام سىزنىڭ جامائەت نامىزىنى ئوقۇپ بېرىشىڭىزگە كىم تۈرتكە بولدى؟ دەپ سورىۋىدىم، ئۇ مېنى مەخسۇس نازارەت ئۈچۈن كەلگەن ھۆكۈمەت خادىمى دەپ ئويلاپ قالغان بولسا كېرەك، ھودۇقۇپ گېپىنى تاپالماي قالدى.

سوئالىمنى تەكرارلىدىم. ئۇ تىترەپ تۇرۇپ، «دادام» دەپ جاۋاب بەردى.

ـ ياق، سىزنى بۇ مېھرابقا چىقارغىنى ئاللاھ تائالادۇر. جانابىي ئاللاھ بۇ « قۇرئان كەرىم » بىلەن بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ مەرتىۋىسىنى ئۈستۈن قىلسا، يەنە بىر قىسىم كىشىلەرنى مەرتىۋىسىنى تۆۋەن قىلىدۇ.

مەن ئاللاھ جەللە جەلالۇھۇدىن «قۇرئان كەرىم»نى باسقان، تارقاتقان ۋە ئۇنى ئوقۇغان كىشىلەر ئۈچۈن ئۇنى مەنپەئەتلىك قىلىپ بېرىشىنى ۋە «قۇرئان كەرىم»نى پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك بەخت ــ سائادەت، نۇرى ــ ھېدايىتىگە سەۋەب قىلىپ بېرىشىنى سورايمەن.

# ئۈچىنچى پەسىل :

## بىزنىڭ پەيغەمبىرىمىز

### تەقدىم

سۆيۈملۈك بالىلار ياخشىمۇ سىلەر؟

پەيغەمبىرىمىزنى تونۇش ۋە ئۇنى ياخشى كۆرۈش ھاياتىمىزنى گۈزەللەشتۈرىدۇ. ئۇنىڭ ھاياتى بىزنىڭ ئۆگىنىشىمىز ئۈچۈن كۆپلىگەن ئۈرنەكلەر بىلەن تولغاندۇر. بۇ كىتابتا پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئۈرنەك ھاياتىنى ۋە ئۇنىڭ ئىسلام دىنىنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان غەيرەت، پىداكارلىقلىرىنى ئوقۇيسىز.

پەيغەمبىرىمىز ئالدى بىلەن بىر دادا ئىدى. بالىلارنى ناھايىتى ياخشى كۆرەتتى ئايالىنى ھۆرمەت قىلاتتى ۋە ئۇنىڭغا ھەممە ئىشلىرىدا ياردەملىشەتتى. دوستلىرى ھەرقانداق ۋاقىتتا ئۇنىڭغا چوڭقۇر ئىشەنچ قىلاتتى.

ئۇ، ئىنسانلارنى ياخشىلىق، گۈزەللىك، راستچىللىق، بىلىملىك، ئەخلاقلىق بولۇشقا ۋە باشقا ئىنسانلارغا ياردەم قىلىشقا چاقىراتتى. يالغان ئېيتىشتىن، ئوغرىلىق قىلىشتىن، ئادەم ئۆلتۈرۈشتىن، مەست قىلغۇچى نەرسىلەرنى ئىچىشتىن، قىمار ئويناشتىن، باشقىلارغا زىيان سېلىشتىن ۋە مۇھىتنى بۇلغاشتىن توساتتى.

پەيغەمبىرىمىز، ئىنسانلارنىڭ بەختى ئۈچۈن ئېغىر قىيىنچىلىقلارغا بەرداشلىق بەردى. ئاچ ـ ئۇسسۇز قالدى. يۇرتىدىن سۈرگۈن قىلىندى. ئۇرۇشلاردا يارىلاندى. ھاقارەتلەرگە ئۇچرىدى. ئەمما پەيغەمبىرىمىز بۇ ئېغىر قىيىنچىلىقلار ئالدىدا تىز پۈكمىدى. دەۋاسىدىن، غايىسىدىن ۋازكەچمىدى. چۈنكى ئۇ ئاللاھ تەرىپىدىن ئىنسانلارنىڭ بەخت ـ سائادىتى ئۈچۈن ئىسلام دىنى تەبلىغ قىلىشقا ۋەزىپىلەندۈرۈلگەن ئىدى.

سۆيۈملۈك بالىلار!

بىزنىڭ دىنىمىز ئىسلام، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام، مۇقەددەس كىتابىمىز قۇرئان كەرىمدۇر. بىز جانابى ئاللاھقا ئىشىنىپ، پەيغەمبىرىمىزنى تەستىق قىلىپ، مۇقەددەس كىتابىمىزنىڭ بۇيرۇقلىرىنى ئىجرا قىلساق بەختلىك بولىمىز ۋە پۈتۈن ئىشلىرىمىزدا مۇۋەپپىقىيەت قازىنىمىز.

ئۇنداق بولسا پەيغەمبىرىمىزنى ياخشى تونۇشىمىز، ئۇنى ياخشى كۆرۈشىمىز ۋە ئۇنى ئۆزىمىزگە ئۈلگە قىلىشىمىز لازىم. قولىڭىزلاردىكى بۇ كىتاب سىزلەرگە بۇ ھەقتە ياردەمچى بولۇش ئۈچۈن تەييارلاندى. بۇ كىتابنى ياخشى كۆرۈشىڭىزلارنى ۋە قىزىقىپ ئوقۇشىڭىزلارنى ئۈمىد قىلىمىز. چۈنكى بىز سىلەرنى ياخشى كۆرىمىز ۋە

سلەر باللار بىزنىڭ كەلگۈسىمىزنى بەلگۈلىگۈچىلەرسىلەر.

## بىرىنچى بۆلۈم. يېتىم مۇھەممەد

### ھەممە ئادەم ئۇنى كۈتىۋاتاتتى

ئىسلام كېلىشتىن ئىلگىرىكى دەۋرلەر جاھىلىيەت دەۋرى دېيىلىدۇ. بۇ دەۋردە ئىنسانلار ئىپتىدائىي ھالەتتە تۇرمۇش كەچۈرەتتى. ئاجىز، يوقسۇللار قۇل قىلىنىپ جەمئىيەت ئۆز ئارىسىغا ئالمايتتى. ئۇرۇق - تۇغقان، قولۇم - قوشنا مۇناسىۋەتلىرىگە ئەھمىيەت بېرىلمەيتتى. ئىنسانلار بىر - بىرىگە ئىشەنمەيتتى. ئاياللار كەمسىتىلەتتى. قىز باللار تۇپراققا تىرىك كۆمۈلەتتى. ئىنسانلار بۇتلارغا ۋە ھەرخىل باتىل ئەقىدىلەرگە ئىشىنەتتى. ئۇ دەۋرلەردە ياشىغان ئىككى كىشى بۇ دەۋرنى تەسۋىرلەپ مۇنداق دېگەن ئىدى:

- بىز بىلىمسىزلىك ۋە جاھالەت پاتقىقىغا پېتىپ كەتكەن ئىدۇق. بۇتلارغا چوقۇنۇپ ئەخلاقسىزلىق قىلاتتۇق. ئۇرۇق - تۇغقانلىرىمىز بىلەن ئۇرۇش - جېدەل قىلاتتۇق. قولۇم - قوشنا ھوقۇقىغا رىئايە قىلمايتتۇق. كۈچلىكلىمىز ئاجىزلارنى بوزەك قىلاتتۇق. بۇتلارغا چوقۇنۇپ بالىلىرىمىزنى ئۆلتۈرەتتۇق. مېنىڭ بىر قىزىم بار ئىدى. چاقىرغان ۋاقتىمدا يۈگرەپ قېشىمغا كېلەتتى. بىر كۈنى ئۇنى يېنىمغا چاقىردىم. ئۇ يېنىمغا كەلدى. ئۇنى ئېلىپ ئۆيىمىزنىڭ يېنىدىكى قۇدۇققا ئاپاردىم. قولىدىن تۇتۇپ قۇدۇققا تاشلىدىم. قىزىمنىڭ "دادا "دېگەن پەرياتلىق ئاۋازىنى ئاڭلىدىم. بۇ پەريات ھازىرغىچە قۇلىقىمدىن كەتمەيدۇ.

بولۇۋاتقان ئەخلاقسىزلىق بۇلار بىلەن چەكلىنىپ قالماي يەنە، ئىنسانلار ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشنىڭ ئورنىغا بۇتلارغا چوقۇناتتى. ئاللاھنىڭ ئۆيى كەبە بۇتلار بىلەن تولۇپ كەتكەن ئىدى.

ئىنسانلار قۇل قىلىناتتى، بازارلاردا نەرسە - كېرەك ئورنىدا ئېلىپ سېتىلاتتى. ئىنساننىڭ ھېچقانداق قىممىتى يوق ئىدى. كۈچلۈكلەر، ئاجىزلارنى بوزەك قىلاتتى. ناھەقچىلىققا ئۇچرىغانلار ئۆز ھەققىنى قايتۇرۇپ ئېلىپ بېرىدىغان يەر تاپالمايتتى. ئەسكىلىك قىلغانلار ئەسكىلىكىنى داۋام قىلىۋېرەتتى.

ئىنسانلار ھاراقنى سۇدەك ئىچەتتى، ئاياللار بىلەن ئەخلاقسىزلىق قىلاتتى. كېچە يورۇغىچە قىمار ئويناىتتى. بەزى ئىنسانلار بۇ ئەخلاقسىزلىقتىن كۆڭلى يېرىم بولاتتى. ئەمما قولىدىن ھېچ ئىش كەلمەيتتى. چۈنكى بۇنداق ئادەملەرنىڭ سانى ناھايىتى ئاز ئىدى. بۇ ئاز ساندىكى ئىنسانلارنىڭ يۈرىكى ئاغرىيتتى. ئىنسانلارغا توغرا يولنى كۆرسىتىدىغان بىرىنىڭ كېلىشىنى ئارزۇ قىلاتتى. بۇ ئۈمىدىنى ھەرۋاقىت ساقلاپ

كەلدى. ئىلگىرىكى دەۋرلەردە ئاللاھ ئىنسانلارغا پەيغەمبەر ئەۋەتكىنىگە ئوخشاش، بىزگىمۇ پەيغەمبەر ئەۋەتەرمۇ؟ دەپ ئۆز ـ ئۆزلىرىگە سوئال قوياتتى.

ھەممە ئادەم بۇ سوئالنىڭ جاۋابىغا قىزىقاتتى. بۇرۇنقى دەۋرلەردىمۇ بۇخىل سوئاللار بولغان ئىدى. ھەر دەۋردە ئاللاھ ئىنسانلارغا توغرا يولنى كۆرسىتىش ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەۋەتكەن ئىدى. ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرلەر توغرا يولنى كۆرسەتكەندە ئىنسانلارنىڭ بەزىلىرى ئۇنىڭغا ئىشەنگەن، بەزىلىرى ئۇنى ئىنكار قىلغان ئىدى.

مەسىلەن: نۇھ، ھۇد، سالىھ ئەلەيھىسسالاملار ئاللاھ تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرلەر ئىدى. جەمئىيەتتىكى ئىنسانلار مەككە خەلقىگە ئوخشاش توغرا يولدىن ئېزىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن ئاللاھ پەيغەمبەرلەر ئەۋەتكەن ئىدى. بۇ پەيغەمبەرلەر ئاللاھنىڭ بۇيرۇقلىرىنى ئىنسانلارغا يەتكۈزۈش ئۈچۈن پۈتۈن كۈچىنى سەرپ قىلدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالاممۇ پۈتۈن كۈچىنى سەرپ قىلغان بىر پەيغەمبەر ئىدى. پەيغەمبەرلىكىگە ئىنكار قىلغانلار ئۇنى ئوتقا تاشلىماقچى بولدى. ئەمما ئاللاھ ئۇنى ئوتتىن ساقلاپ قالدى.

ئاللاھ بەزى پەيغەمبەرلەرگە كىتاب چۈشۈردى، پەيغەمبەر ئۇ كىتاب بىلەن جەمئىيەتنى ئىسلاھ قىلدى. ئاللاھ پەيغەمبەر مۇسا ئەلەيھىسسالامغا تەۋرات، پەيغەمبەر داۋۇد ئەلەيھىسسالامغا زەبۇر، پەيغەمبەر ئىسا ئەلەيھىسسالامغا ئىنجىلنى چۈشۈردى. بۇ پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسى ئىنسانلارنى دۇرۇسلۇققا، ياخشىلىققا ۋە گۈزەللىككە چاقىردى.

ئىسا پەيغەمبەردىن كېيىن تەخمىنەن 600 يىل ئۆتتى. ئىنسانلار بىر ـ بىرىگە زۇلۇم قىلىشقا، ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلىشقا باشلىدى. بەزى دانىشمەن كىشىلەر بىر پەيغەمبەرنىڭ كېلىش ۋاقتىنىڭ يېقىنلاشقانلىقىنى پەرەز قىلاتتى. ھەممە ئادەملەر بىر پەيغەمبەرنىڭ كېلىشىنى كۈتەتتى.

## مۇبارەك بىر بوۋاق دۇنياغا كەلدى

4 ـ ئاينىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى ئىدى. ئابدۇلمۇتەللىب بىر نەۋرە كۈتۈۋاتاتتى، كۆزى يوللاردا ئىدى. بىر خوشخەۋەر ساقلاۋاتاتتى، يېقىندا يۈز بەرگەن بىر ۋەقەنى ئويلاپ يۈزىنى كەبە تەرەپكە بۇرىدى. كۆز ئالدىدا يۈز بەرگەن ئەھۋاللارنى ئەسلىدى.

كەبىنى يىقىش ئۈچۈن كەلگەن يەمەن ۋالىيسى ئەبرەھە بىلەن ئۇچرىشىپ قالغانلىقى، ئۇنىڭ تۆگىلىرىنى گۆرەگە ئالغانلىقى قاتارلىق ۋەقەلەر كۆز ئالدىغا كەلدى. ئەبرەھە ئابدۇلمۇتەللىبنى كەبىنى يىقماسلىق ئۈچۈن ئۆزىگە يالۋۇرىدۇ دەپ ئويلىغاندا، ئابدۇلمۇتەللىبنىڭ ئەكسىچە: ـ مەن تۆگىلەرنىڭ ئىگىسى (ماڭا تۆگىلىرىمنى قايتۇرۇپ بەرگىن)، ئۇنى قوغداش مەسئۇلىيىتىم بار. كەبىنىڭ ئىگىسى ئاللاھتۇر. ئۇنى ئاللاھ قوغدايدۇ ـ دېگىنىنى ئەسلىدى. ئاللاھ كەبىنى قوغدىغان ئىدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ

بۈيۈكلىكىنى تېخىمۇ ھېس قىلغان ئىدى.

ئۆز ـ ئۆزىگە: ئوغلۇم ئابدۇللاھ! ـ دېدى. ئەمما گەپ قىلمايتتى، يۈرىكىنى غەم ـ قايغۇ قاپلىغان ئىدى. ئاسان ئەمەس ئىدى. ئوغلى ئابدۇللاھنى ئامىنە بىلەن ئۆيلەندۈرگەندىن كېيىن، ئوغلى قىسقا مۇددەت ئىچىدە ۋاپات بولغان ئىدى. ئەمدىلىكتە ھاياجان بىلەن نەۋرىسىنىڭ دۇنياغا كېلىشىنى كۈتۈۋاتاتتى. بۇ ئەسنادە بىرسى يۈگۈرۈپ كەلدى.

ـ خوشخەۋەر ئابدۇلمۇتەللىب! بىر نەۋرەڭ دۇنياغا كەلدى ـ دېدى. ئابدۇلمۇتەللىب يۈرىكىنىڭ تېز ـ تېز سوققانلىقىنى ھېس قىلدى. كۆزلىرىدىن خوشاللىق ياشلىرى تۆكۈلدى. ئۇ تېزلىكتە ئۆيگە كەلدى. ئۆيگە كىرگەندە مۇبارەك بوۋاقنىڭ يىغلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۇنى قۇچىقىغا ئالدى. يۈرىكىنى قايغۇ ئارىلاش بىر خۇشاللىق قاپلىدى. ئۇنى سۆيۈپ پۇرىغاندا ئابدۇللاھنىڭ پۇرىقىنى ھېس قىلدى. كۆز ياشلىرىنى باشقىلارنىڭ كۆرۈشىنى خالىماي يۈرىكىگە ئېقتتى. ئامىنىگە قارىدى ۋە ئۇنىڭدىن بالىنىڭ ئىسمىنى نېمە قويىمىز؟ دەپ سورىدى. ئامىنە: مۇھەممەد، دېدى. ئۇ بىر ئاز ئويلىدى، بۇ ئىسىم ئائىلىسىگە يات ئىدى. ئامىنە چۈشىدە بىرسىنىڭ ـ سېنىڭ بىر ئوغلۇڭ دۇنياغا كېلىدۇ، ئىسمىنى مۇھەممەد قويغىن دېگىنىنى ئاڭلاتتى. بۇنى ئاڭلىغان بوۋا ئابدۇلمۇتەللىب يېتىم نەۋرىسىگە مۇھەممەد ئىسمىنى قويدى. كېيىن ئابدۇلمۇتەللىب كىچىك نەۋرىسىنى ئېلىپ كەبىگە باردى. قوللىرىنى ئېچىپ ئۆزىگە بىر نەۋرە ئاتا قىلغان ئاللاھقا شۈكرى قىلدى. نېمىشقا مۇھەممەد ئىسمىنى قويدۇڭ؟ دەپ سورىغانلارغا:

ــ ئاللاھ ۋە ئىنسانلار ئۇنىڭ ماختىشىن ـ دەپ جاۋاب بەردى. ئابدۇلمۇتەللىب كەبىدىن ئۆيگە قايتقان ۋاقتتا يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقنى كۆرۈش ئۈچۈن ئايالى ۋە ئوغلى ئابباسنىڭ ئامىنىنىڭ ئۆيگە كەلگەنلىكىنى كۆردى. ئاbbas ئەمدىلا ئۈچ ياشقا كىرگەن ئىدى. ئادەتكە ئاساسەن ئۇ بوۋاقنىڭ يېنىغا كەلدى. ھەيرانلىق ئىچىدە بوۋاقنىڭ يۈزىنى تۇتتى. بۆشىكىگە ئىگىلىپ ئۇنى سۆيدى.

### ئانىسىدىن ئايرىلىش ۋە غۇربەت ھايات

مەككىنىڭ ھاۋاسى بەك ئىسسىق بولغانلىقى ئۈچۈن بوۋاقنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىگە ئۇيغۇن ئەمەس ئىدى. بۇ سەۋەبتىن مەككىدىكى بىر نەچچە ئائىلە يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقلىرىنى ساغلام چوڭ بولۇشى ئۈچۈن يېزىلاردىكى سۈت ئانىلارغا ئاپىرىپ بېرەتتى. بوۋاق بېقىپ بېرىش يېزىدىكىلەر ئۈچۈن بىر كىرىم مەنبەسى ئىدى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام دۇنياغا كەلگىلى بىر ھەپتە بولغان ئىدى. ئامىنە بۇ ئەنئەنىگە ئاساسەن ئوغلىنى باقىدىغان بىر سۈت ئانا ئىزدىدى. ئەمما سۈت ئانىلار تۇل بىر ئايالنىڭ ئوغلىنى بېقىشنى خالىمىدى، چۈنكى ئۇلار ئارزۇ قىلغان ئىش ھەققىنى

ئالالمايمىز دەپ ئويلايتتى.

چوڭ دادىسى ئابدۇلمۇتەللىبمۇ سۈت ئانا ئىزدەۋاتاتتى، نەۋرىسىنى قۇچىقىغا ئېلىپ ئىزدەشكە باشلىدى. ئەمما ئاززۇ قىلغان سۈت ئانىنى تاپالمىدى. ئۇزۇن مۇددەت ئىزدىگەندىن كېيىن ھەلىمە ئىسىملىك بىر ئايال بىلەن ئۇچراشتى، ئۇنىڭغا:

ــ يېتىم نەۋرەمگە سۈت ئانا بولامسىز؟ دەپ سورىدى. ھەلىمە بىز ئاز تۇردى. يېتىم بىر بالىغا قاراشنى بەك خالىمايتتى. ھالبۇكى ئۇ كۈنى سۈت ئانىلىق قىلىدىغان بىرمۇ بوۋاق تاپالمىغان ئىدى. ئېرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ئابدۇلمۇتەللىبنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلدى. ھەلىمە مۇھەممەدنى ئېلىپ قايتىش تەييارلىقىنى قىلىپ بولغاندىن كېيىن يولغا چىقتى، ئۇزۇن بىر سەپەردىن كېيىن يېزىسىغا كەلدى.

مۇھەممەد يېڭى ئائىلىسىدە ئۆسۈپ ـ يېتىلىشكە باشلىدى، سۈت قېرىنداشلىرى شەيما ۋە مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللاھ بىلەن بىرگە چوڭ بولدى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام يېزىدا يۇگرەپ ئوينىغاچ قوي باقتى ۋە خۇشاللىق ئىچىدە كۈن ئۆتكۈزدى. ھەلىمە ۋە يولدىشى (ئىدى) مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ باشقا بالىلارغا ئوخشمايدىغانلىقىنى، يېزىغا كەلگەن كۈندىن باشلاپ ھېس قىلغان ئىدى. چۈنكى ئۇنىڭ كېلىشى ئائىلىگە خۇشاللىق ۋە بەرىكەت ئاتا قىلغان ئىدى.

كۈنىنىڭ تېزلىكتە ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ كىچىك مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بەش ياشقا كىردى. بۇنىڭ بىلەن ئۇنى ئانىسىغا قايتۇرۇپ بېرىش ۋاقتى كەلگەن ئىدى. ئەمما ھەلىمە ۋە ئائىلىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ناھايىتى ياخشى كۆرۈپ قالغان ئىدى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى قايتۇرۇپ بېرىش ئۇلارغا ئېغىر كەلدى. ھەلىمە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئانىسىغا تاپشۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن مەككىگە كەلدى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئانىسى ئامىنىگە قايتۇرۇپ بەرگەن ۋاقىتتا كۆز ـ ياشلىرىنى تۇتالمىدى. خۇددى ئۆز ئەۋلادىدىن ئايرىلىپ قالغان ئانىغا ئوخشاش، كۆڭلى بەكلا يېرىم بولدى. مەككىدىن كۆڭلى يېرىم ئايرىلىپ ئۆيىگە قايتتى.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئانىسى بىلەن جەم بولۇپ مەككىگە (دادىسىنىڭ ئۆيىگە) ئاستا ـ ئاستا كۆنۈشكە باشلىدى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تاغىلىرى مەدىنىدە ئولتۇراتتى. ئامىنە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى تاغىلىرىنىڭ يېنىدا بىر مۇددەت تۇرۇپ كەلسۇن، دەپ ئۇنى مەدىنىگە ئېلىپ كەلدى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇنىڭ ئىنىك ئانىسى ئۇممۇ ئەيمەنمۇ بىرلىكتە ئىدى. مەدىنىدە بىر ئاي تۇردى. بىر ئايدىن كېيىن مەككىگە قايتىش سەپىرىدە ئەبۋا دېگەن يېزىغا كەلگەن ۋاقىتتا ئامىنە كېسەل بولۇپ قالدى.

## ئانىنىڭ ئاخىرقى سۆيۈشى

ئۇممۇ ئەيمەن مەككىگە كېلىپ ئابدۇلمۇتەللىبنى ئىزدىدى. بەش كۈنلۈك

مۇشەققەتلىك سەپەردىن كېيىن مەككىگە يېتىپ كەلگەن ئىدى. ئامىنەنىڭ ۋاپات بولغانلىقىنى ئابدۇلمۇتەللىبكە قانداق دېسەم بولار؟ دەپ ئويلىدى. بىر مۇددەت مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا قارىدى. يېتىم مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىگە ـ چاقىسىز قالغان ئىدى. ئابدۇلمۇتەللىبنى ئىزدەپ تاپتى. كۆز ياشلىرىنى ئابدۇلمۇتەللىبكە كۆرسەتمەسلىككە تىرىشتى. ئابدۇلمۇتەللىب كېلىنى ئامىنەنىڭ كېسىلى بارلىقىنى بىلەتتى. مەدىنىگە كەتكەندىن كېيىنكى ئەھۋالىنى ئوقۇشنى ئارزۇ قىلاتتى. ئۇممۇ ئەيمەنىنىڭ يېنىدا ئامىنەنى كۆرەلمىگەچكە كۆڭلى تېخىمۇ يېرىم بولغان ئىدى. ئۇنىڭ چىرايىغا قاراپ بىر خىل خاتىرجەمسىزلىكنى ھېس قىلدى. ئۇممۇئەيمەن بېشىنى ئىگىپ تۇرۇپ: ئامىنە ۋاپات بولدى ـ دېدى. ئابدۇلمۇتەللىبنىڭ يۈرىكى پارە ـ پارە بولغان ھالدا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى باغرىغا باستى. ئۇممۇ ئەيمەن بولغان ئەھۋاللارنى سۆزلەپ بەردى. مەدىنىدىن مەككىگە قايتىش ئۈچۈن يولغان چىققانلىقىنى، ئىككى كۈنلۈك سەپەردىن كېيىن ”ئەبۋا “دېگەن يەرگە كەلگەنلىكىنى، بۇ يەردە ئامىنەنىڭ ئاغرىپ قېلىپ ۋاپات بولۇش ئالدىدا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى بىر قېتىم سۆيۈپ ۋىداشلاشقاندىن كېيىن ئامانەتنى ئاللاھقا تاپشۇرغانلىقىنى ئېيتتى. كىچىك چېغىدا ئاتا ـ ئانىسىدىن يېتىم قالغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام، بۇندىن كېيىنكى ھاياتىنى قەيەردە ئۆتكۈزۈشنى ئويلاۋاتاتتى. يېتىم مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى بۇندىن كېيىن چوڭ دادىسى ئابدۇلمۇتەللىب ھىمايىسىگە ئالىدىغان بولدى.

## بوۋىسى ئابدۇلمۇتەللىب

ئابدۇلمۇتەللىب ۋاپات بولدى دېگەن بىر ئاۋاز ئاڭلاندى، ئۆيدىكىلەر يىغلىدى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئىزدىگەن كۆزلەر، ئۇنىڭ بىر بۇلۇڭدا ئولتۇرۇپ ئاۋازسىز يىغلاۋاتقانلىقىنى كۆردى. بۇ خەۋەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆڭلىنى ھەممىدىن بىئارام قىلدى. چۈنكى ئۇ بوۋىسىنى ئۆز دادىسىدەك ياخشى كۆرەتتى. بوۋىسى ئۇنى باغرىغا بېسىپ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ يوقلۇقىنى چاندۇرمىغان ئىدى.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بوۋىسى بىلەن ئىككى يىل بىللە ياشىدى. ئۇ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ھەممە يەرگە بىرگە ئېلىپ باراتتى. مەككىدە قۇرغاقچىلىق بولغان ۋاقىتتا بوۋىسى ئۇنى يامغۇر تىلەش دۇئاسىنى قىلىشقا بىللە ئېلىپ بارغان ئىدى. ئۇ بولمىسا تاماق يېمەيتتى. قەيەرگە بارسا ئۇنى بىرگە ئېلىپ بېرىپ باش تەرەپتە ئولتۇرغۇزاتتى. بۇنىڭ سەۋەبىنى سورىغانلارغا:

ــ ئاللاھ خالىسا ئۇ كەلگۈسىدە بۈيۈك بىر ئىنسان بولىدۇ، دەپ جاۋاب بېرەتتى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام توختىماي يىغلاۋاتاتتى. توساتتىن بىر قول بېشىنى تۇتتى. ئۆرۈلۈپ ئارقىسىغا قاراپ تاغىسى ئەبۇتالىبنى كۆردى. تاغىسى ئۇنى قولىدىن تۇتۇپ

ئورنىدىن تۇرغۇزدى. بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ بوۋاڭ سېنى ماڭا ئامانەت قىلدى ـ دېدى. بۇنىڭ بىلەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام تاغىسىنىڭ بويىنغا ئېسىلدى.

### تاغىسى ئەبۇتالىب

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بولۇۋاتقان گەپ سۆزلەردىن شامغا سەپەرگە چىقىلىدىغانلىقنى چۈشەندى. بۇ سەپەر بىر نەچچە ئاي داۋام قىلىشى مۇمكىن ئىدى. تاغىسىنىڭ يوقلۇقىدا يالغۇز قېلىشنى خالىمايتتى. تاغىسىغا شامغا بېرىش ئارزۇسى بارلىقنى دېدى. تاغىسى سەپەرنىڭ ئۇزۇن ۋە مۇشكۇللىكى سەۋەبىدىن ساقسىز بولۇپ قېلىشى ئېھتىماللىقى بارلىقنى، بۇ سەۋەبتىن ئۇنى ئاپىرالمايدىغانلىقنى ئېيتتى.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام يىغلىغان پېتى تاغىسى ئەبۇتالىبنىڭ تۆگىسىنىڭ ئارغامچىسىنى تۇتۇپ:

ــ تاغا سەن كەتسەڭ مەن كىم بىلەن قالىمەن؟ ـ دېدى. جىيەنىنىڭ بۇ سۆزلىرىدىن تەسىرلەنگەن ئەبۇتالىب:

ــ ماقۇل سېنى بىرگە ئېلىپ بارىمەن، بۇنىڭدىن كېيىن بىر ـ بىرىمىزدىن ئايرىلمايمىز ـ دېدى. بۇ ۋەقەدىن كېيىن ئەبۇتالىب جىيەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى قەيەرگە بارسا بىللە ئېلىپ باردى.

ئەبۇتالىبنىڭ ئائىلىسىدە جان سانى جىق ئىدى ۋە ماددىي ئەھۋالى دېگەندەك ياخشى ئەمەس ئىدى. ئەبۇتالىب ۋە ئايالى ئۆيدىكى قىيىنچىلىقلارنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا سەزدۇرمەسلىككە تىرىشاتتى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام تاغىسىغا ۋە يەڭگىسىگە ئۆي ئىشلىرىدا ياردەملىشەتتى. بەزى كۈنلەردە ئۆي ئىشلىرىنى قىلاتتى. بەزى كۈنلەردە قوي باقاتتى. تاغىسىنىڭ ئايالى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئۆز بالىلىرىدەك كۆرۈپ مۇئامىلە قىلاتتى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام تاغىسىنىڭ ئۆيىدە ئۆسۈپ چوڭ بولدى.

## ئىككىنچى بۆلۈم. ياش مۇھەممەد

### ھەقسىز (ناھەق) ئىشلارغا قارشى ئۇرۇشتا ھەمكارلىشىش

كەمبەغەل ۋە ئاجىزلار داۋاملىق بوزەك قىلىناتتى. باي ۋە كۈچلۈكلەر زۇلۇمنى داۋاملاشتۇراتتى. بۇ زۇلۇملارنىڭ توختىتىلىشى كېرەك ئىدى. بۇ سەۋەبتىن مەككىلىك ياشلار بۇ مەقسەتتە بىر يەرگە يىغىلدى.

جۇدانىنىڭ ئوغلى ئابدۇللاھنىڭ ئۆيىدە يىغىلغانلارنىڭ ئارىسىدا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالاممۇ بار ئىدى. بۇ يەردە يىغىلغانلار جەمئىيەتتىكى ئەخلاقسىزلىقلاردىن

نارازى ئىدى. بۇ كىشىلەر "پەزىلەتلىكلەر جەمئىيتى "ئىسمى ئاستىدا بىر كىلىشىم تۈزدى. بۇ كىلىشىمگە ئاساسەن مەككە خەلقىنىڭ ۋە سىرتتىن كەلگەنلەرنىڭ ھەققىنى قوغدايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. بۇ ئىشنىڭ تەسلىكىنى بىلەتتى ئەمما ئۈمىدسىز ئەمەسلىكىنى، ھەقسىزلىقلارغا قارشى كۈرەش قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

بۇ ۋاقىتتا زەبىد قەبىلىسىدىن بىر تىجارەتچى، سېتىش ئۈچۈن مەككىگە ئۈچ تۆگە مال ئەكەلگەن ئىدى. ئۇ دەۋرنىڭ مەشھۇر كىشىلىرىدىن بىرسى ھېساپلانغان ئەبۇجەھل بۇ ماللارنى ياقتۇرۇپ قالدى ۋە مال ئىگىسىنىڭ مەككىلىك ئەمەسلىكىدىن پايدىلىنىپ بۇ مالنى ئەرزان ئېلىشقا ئورۇندى. تىجارەتچىگە زىيان تارتىدىغان دەرىجىدە بىر باھا قويدى. تىجارەتچى بۇنىڭغا قوشۇلمىدى. بۇنىڭ بىلەن ئەبۇجەھل مەككىدىكى ئىمتىيازىدىن پايدىلىنىپ باشقىلارغا تەھدىت سېلىپ، بۇ ماللارنىڭ سېتىلىشىغا توسقۇنلۇق قىلدى. مەككىدىكى كىشىلەر ئۇنىڭدىن قورقۇپ بىر نەرسە دېيەلمىدى. بۇنىڭ بىلەن ئەبۇجەھل مەغرۇرلۇق بىلەن ئۆيىگە كەتتى.

تىجارەتچى نېمە قىلىشنى بىلەلمىدى. چارىسىزلىك ئىچىدە ئىچى پۇشۇپ تۇرغان ۋاقىتتا بىرسى: مۇھەممەدنىڭ يېنىغا بارغىن، ئۇ سېنىڭ ھەققىڭنى ئېلىپ بېرىدۇ ـ دېدى. تىجارەتچى، باشقا يول تاپالماي مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ بولغان ئەھۋالنى دېدى. بۇ ئەھۋالنى ئۇققان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بازارغا كېلىپ، تىجارەتچىنىڭ ماللىرىنى رازى بولىدىغان باھادا سېتىۋالدى. كېيىن ئەبۇجەھلىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئىشىكنى قاتتىق قاقتى. ئەبۇجەھل ئىشىكنى ئېچىشىغا ئۇنى تىجارەتچىگە قىلغان مۇئامىلىسى سەۋەبىدىن ئاگاھلاندۇردى. ئەبۇجەھل مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇنداق جەسۇرلۇقى ئالدىدا نېمە دېيىشنى بىلەمەي قالدى. بۇ ۋەقەنى كۆرگەن ۋە ئاڭلىغانلار ھەيران قالدى.

كۈچلۈكلەر ئاجىزلارنى بوزەك قىلىدىغان بۇ دەۋردە يەمەنلىك بىر كىشى قىزىنى ئېلىپ كەبىنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن مەككىگە كەلگەن ئىدى. ئۇ يەردە تونىمايدىغان بىر كىشى ئۇلارنىڭ يېنىغا كەلدى. قىزىغا كۆزىنى ئۈزمەي تىكىلىپ قاراۋاتاتتى. يامان نىيىتى بارلىقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇ ئەتراپقا قارىدى. ياردەم قىلىدىغان بىرەر ئادەم ئىزدىدى. يامان نىيەتلىك ئادەم چارىسىز قالغان دادىغا قارىماي قىزنى دادىسىنىڭ قولىدىن تارتىپ ئالدى. قىزنى قولىدىن تارتىۋالغان ئادەمگە كۈچى يەتمىگەن ئادەم "قىزىمنى قۇتقۇزۇڭلار "دەپ پەريات قىلدى. بۇ پەرياتنى ئاڭلىغانلار: دەردىڭنى پەزىلەتلىكلەر جەمئىيتىگە دېگىن، دېدى.

باشقا ئامالى بولمىغان بۇ ئادەم كەبىگە يۈگۈرۈپ كېلىپ پەزىلەتلىكلەر جەمئىيتىدىن كىم بار؟ دەپ ۋاقىرىدى. يېنىغا قىلىچ ئاسقان بىر نەچچە ئادەم كەلدى، بۇ ئادەملەر: ھەي ياقا ـ يۇرتلۇق نېمە دەردىڭ بار؟ دەپ سورىدى. ئادەم ئامالسىزلىق

ئىچىدە بولغان ئەھۋالنى سۆزلەپ بەردى. قىلىچلىق كىشىلەر، قىزنى دادىسىنىڭ قولىدىن تارتىپ ئېلىپ كەتكەن كىشىنىڭ نۆبەيە ئىكەنلىكىنى ئۇقتى. دەرھال نۆبەيەنىڭ ئۆيىگە كەلدى. ئۆيىنىڭ ئالدىغا كېلىپ غەزەپلەنگەن ھالدا:

ئىست ساڭا! سەن ئۆزەڭنى نېمە چاغلاپ قالدىڭ! دەرھال بۇ ئادەمنىڭ قىزىنى قايتۇرۇپ بەر ـ دېدى. نۆبەيە قىزنى قايتۇرۇشقا قوشۇلمىغاندا قىلىچلىق ئادەملەر: ـ بىز ئۆزئارا ئەھدىلەشتۇق، بۇ بىزنىڭ ۋەزىپىمىز، ئەگەر قىزنى قايتۇرۇپ بەرمىسەڭ ئاقىۋىتىنى ئويلا ـ دەپ ۋاقىردى. نۆبەيە ئەھۋالغا قاراپ قىزنى دادىسىغا قايتۇرۇپ بەردى.

## ئۆيلىنىش

خەدىچە مەككىنىڭ مەشھۇر بايلىرىدىن بىرسى ئىدى ۋە تىجارەت بىلەن شۇغۇللىناتتى. تىجارەت ئىشلىرىنى يالغۇز قىلىپ بولالايدىغانلىقىغا كۆزى يەتمىگەن ئىدى. ئىشلىرىغا ياردەملىشىدىغان، ئىشەنچىلىك بىر ئادەمگە ئېھتىياجى بار ئىدى. بىر ـ بىرىگە ئىشەنچىنىڭ يوقىلىۋاتقان بىر دەۋردە بىر ئايال كىشىنىڭ تىجارەت ئىشلىرىنى خاتىرجەم ئېلىپ بېرىشى كۈندىن ـ كۈنگە تەسلىشىۋاتقان ئىدى.

ئۇ ئالدى بىلەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئويلىدى. ئەتراپىدىكى كىشىلەردىن، ئۇنىڭ ئىشەنچىلىك ۋە دۇرۇست بىر ئىنسان ئىكەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدى. بۇ سەۋەبتىن تىجارەت ئىشلىرىنى ئۇنىڭغا تاپشۇرۇشنى ئويلىدى. بىرسىنى ئەۋەتىپ ئۇنىڭ پىكرىنى ئالدى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام كەلگەن بۇ تەكلىپنى چوڭقۇر ئويلىغاندىن كېيىن قوبۇل قىلدى. خەدىچىنىڭ تىجارەت ئىشلىرىنىڭ پۈتۈن مەسئۇلىيىتىنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۈستىگە ئالدى.

شامغا بارىدىغان تىجارەت كارۋىنىنىڭ تەييارلىقى پۈتۈش ئالدىدا ئىدى. خەدىچە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ياردەملىشىشى ۋە ئۇنى ياخشى چۈشىنىپ كېلىشى ئۈچۈن ياردەمچىسى مەيسەرەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا قوشۇپ قويدى. كارۋان ئۇزۇن بىر سەپەردىن كېيىن شامغا كەلدى. ماللاردىن كۆپ مىقداردا پايدا ئالدى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام سېتىلغان ماللاردىن كۆپ پايدا تاپتى. سېتىش ئۈچۈن يېڭى مال ئېلىپ مەككىگە قايتتى. مەيسەرە سەپەر جەريانىدا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى يېقىندىن تونىدى ۋە گۈزەل ئەخلاقىنى كۆپ تەسىرلەندى. مەيسەرە بولۇپ ئۆتكەن ئەھۋاللارنى خەدىچىگە سۆزلەپ بەردى.

## ئۆلگە بىر ئايال ۋە بىر ئەر

خەدىچە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇرۇستلۇقى ھەققىدە ھېچ شۈبھىسى قالمىدى. مەسئۇللىقىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان تۇنجى تىجارەتتە كارۋىنىنى ساق ـ سالامەت ئېلىپ كېلىش بىلەن بىرلىكتە كۆپ مىقداردا پايدا تاپقان ئىدى. ھەممە ئادەم

ئۇنىڭ گۈزەل ئەخلاقىنى ماختايتتى. دۇرۇستلىقى ھەققىدە ھېچكىمنىڭ شەك ـ شۈبھىسى يوق ئىدى.

خەدىچە بۇرۇن بىر قېتىم ئۆيلەنگەن ئىدى. ئەمما ھازىرغىچە تۇل ياشاپ ئۆيلىنىش ھەققىدىكى تەكلىپلەرنىڭ ھەممىسىنى رەت قىلغان ئىدى. ئۆي ئىشى ۋە تىجارەت بىلەن كۆپ ئۆتكۈزەتتى. بۇ ئەھۋال تاكى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى تونىغىچە داۋام قىلدى.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەخلاقى ۋە شەخسىيىتىدىن قاتتىق تەسىرلەنگەن خەدىچە، ئۇنىڭ بىلەن ئۆيلەنسە بولىدىغانلىقىنى ئويلىدى. بىر مۇددەتتىن كېيىن قارار بەردى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئۆيلىنىش تەكلىپىنى بىلدۈردى. بۇ چاغدا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام 25 ياشقا كىرگەن ئىدى ۋە ئۆيلىنىش تەكلىپىنى بىر مۇددەت ئويلىغاندىن كېيىن قوبۇل قىلغانلىقىنى بىلدۈردى.

خەدىچە بىلەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاددىي بىر مۇراسىم بىلەن ئۆيلەندى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۆيلەنگەندىن كېيىن تاغىسى ئەبۇتالىبنىڭ يېنىدىن ئايرىلىپ ئايالى خەدىچىنىڭ ئۆيىگە كەلدى. بۇنىڭ بىلەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام تىجارەت بىلەن مەشغۇل بولدى ۋە ماددىي ئەھۋالى ياخشىلاندى.

بۇ ۋاقىتلاردا ئەبۇتالىب قىيىنچىلىقتا ئىدى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ قىيىنچىلىقىنى ئازايتىش ۋە تاغىسىنىڭ ئوغلىنى يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن ئەلىنى يېنىغا ئېلىپ كېلىۋالدى.

مۇھەممەد ۋە خەدىچە بىر ـ بىرىنى ياخشى كۆرەتتى. بەختلىك بىر ئائىلە قۇرۇپ ھەممەد ئادەمگە ئۈلگە بولغان ئىدى. تۇنجى بالىلىرىنىڭ دۇنياغا كېلىشى خۇشاللىق ئۈستىگە خۇشاللىق قوشقان ئىدى. بۇنىڭ بىلەن خەدىچە ئانا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام دادا بولغان ئىدى. بالىنىڭ ئىسمىنى قاسىم قويدى. ھالبۇكى شەپقەت بىلەن چوڭ قىلغان تۇنجى بالىسى قاسىم سۈتتىن كېسىلمەي تۇرۇپ ۋاپات بولدى. قاسىمنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن زەينەب، ئۇممۇكۇلسۇم، رۇقىيە، فاتىمە ۋە ئابدۇللاھلار دۇنياغا كەلدى.

سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز ئايالى خەدىچە ۋاپات بولغاندىن كېيىن مەدىنىدە ئۆيلەنگەن مارىيەدىن ئىبراھىم دۇنياغا كەلدى. ئىبراھىم تۇغۇلغان ۋاقىتتا ئۆرپ ـ ئادەتكە ئاساسەن ئۇنى سۈت ئانىغا بەردى. ئىبراھىمنىڭ سۈت ئانىسىنىڭ يىراقتا بولۇشىغا قارىماي، پەيغەمبىرىمىز ۋاقتى ۋاقتىدا ئوغلىنى كۆرگىلى باراتتى. كۆرگىلى كەلگەندە ئۇنى شەپقەت بىلەن سۆيەتتى. ئىبراھىم بىر يېرىم ياشقا كىرگەندە ئاغرىپ قالغانلىقى ھەققىدە سۈت ئانىسىدىن خەۋەر كەلدى. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىر نەچچە دوستى بىلەن ئىبراھىمنىڭ يېنىغا كەلدى.

ئىبراھىم ئېغىر كېسەل ئىدى. پەيغەمبىرىمىز ئۇنى ئاۋايلاپ قۇچىقىغا ئالدى. ئىبراھىم ئاخىرقى نەپەسلىرىنى ئېلىۋاتاتتى. پەيغەمبىرىمىز ئوغلىنىڭ ئۆلۈمىنى كۆرۈشكە بەرداشلىق بېرەلمىدى. ئاۋازسىز يىغشلاشقا باشلىدى. بىر تەرەپتىن كۆزلىرىدىن ياش ئاقتى، بىر تەرەپتىن ئوغلىنى سۆيدى. دوستلىرى بۇ ئەھۋالدىن تەسىرلەندى. ئەمما پەيغەمبىرىمىزنىڭ يىغلىشىغا ھەيران قالدى ۋە - سەنمۇ يىغلامسەن؟ دەپ سورىدى. پەيغەمبىرىمىز - كۆز يىغلايدۇ، كۆڭۈل يېرىم بولىدۇ. مېنىڭ يىغلىشىم ئەۋلادىمغا بولغان سۆيگۈمدۇر، مەرھەمەت كۆرسەتمىگەنگە مەرھەمەت كۆرستىلمەيدۇ - دېدى.

بىر ئاتا - ئانا ئۈچۈن ئوغلىنىڭ ئۆلۈمى مۇسىبەتلەرنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ چوڭ مۇسىبەتتۇر. ئەۋلادلىرىنى ناھايىتى ياخشى كۆرىدىغان سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز ئەۋلاد مۇسىبىتى تارتقان بىر دادا ئىدى. يېتىم ۋە ئىگە - چاقىسىز چوڭ بولغان پەيغەمبىرىمىز فاتىمەدىن باشقا پۈتۈن بالىلىرىنى ئۆز قولى بىلەن دەپنە قىلغان ئىدى.

زەيدنىڭ دادىسى بالىسىنى ئۇزۇن مۇددەت ئىزدىدى، ئۇنىڭ قۇل قىلىنغانلىقىنى بىلەتتى. ئەمما ئىز دىرىكىنى ئالالمايۋاتاتتى. ئوغلىنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا ئىكەنلىكىنى ئۇققان ۋاقتىدا قاتتىق ھاياجانلاندى. ئوغلىنى ئېلىش ئۈچۈن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كەلدى. يىغلاپ تۇرۇپ دەردىنى ئېيتتى، بىر تەرەپتىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام زەيدنى سېتىپ بەرمەسلىكىدىن قورقسا، يەنە بىر تەرەپتىن نېمە تەلەپ قىلسا، شۇنى بېرىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ قويغان ئىدى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىر نەرسە دېمەي زەيدكە قاراپ: - خالىساڭ مەن بىلەن قالغىن، خالىساڭ داداڭ بىلەن كەتكىن - دېگەن ۋاقتىدا دادىسى ناھايىتى خوشال بولغان ئىدى. كۆڭلىدە قانداق بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر ئوغلۇم مەن بىلەن كېتىدۇ دەپ ئويلىدى. زەيد بىر تەرەپتىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا بىر تەرەپتىن دادىسىغا قارىدى: - سېنىڭ بىلەن كېتىشنى خالىمايمەن - دېدى، دادىسىغا: - چۈنكى بۇ ئائىلە دادىسىزلىقنى ھېس قىلدۇرمىدى، مەن بۇ يەردە شەپقەت ۋە مەرھەمەتكە ئېرىشتىم، بۇ ئائىلىدىن ئايرىلىشنى خالىمايمەن - دېدى. دادىسى ئوغلىنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلاپ ناھايىتى ھەيران بولدى. بىر قۇل نېمە سەۋەبتىن خوجايىنىدىن ئايرىلىشنى خالىمايدۇ؟ بۇنداق ئىشلارنىڭ بولۇشى مۇمكىنمۇ؟ بۇ خوجايىن قانداق ئادەم؟ قۇلى ئىگىسىگە نېمە دەپ بۇنچىلىك ساداقەت كۆرسىتىدۇ؟ دادا، قۇرۇق قول ئەمما قەلبى خۇشاللىق ئىچىدە ئۆيىگە قايتتى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام زەيدنىڭ بۇ گېپىدىن تەسىرلەندى ۋە كېيىن ئۇنى ئۆزىگە بالا قىلىۋالدى.

### ھەممە ئادەم ئۇنىڭغا ئىشىنەتتى

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام 35 ياشقا كىرگەن ئىدى. بىر كۈنى ئۇ ئۆيىدىن چىقتى.

چوڭقۇر ئويغا پاتقان هالدا كەبىگە قاراپ ماڭدى. مەككىدە ئوغرىلىق، قېرىنداشلار ئوتتۇرىسىدىكى جەڭگە ـ جېدەللەر كۆپىيىپ، بىر ـ بىرىگە قارىتا ئىشەنچ قالمىغان ئىدى. مۇھەممەد ئەلەيهىسسالام بۇ ئەھۋاللارنى كۆرۈپ كۆڭلى بەك يېرىم بولاتتى. بۇ ئىشلارنى قانداق تۈزىتىش ھەققىدە چوڭقۇر ئويغا چۆمەتتى. بۇ ئويلىنىش ئىچىدە كەبىگە قارىدى. كەبە ئۇزۇن ۋاقىتتىن بىرى رىمۇنت قىلىنمىغاچقا، كەبىنىڭ رىمۇنت قىلىنىش ئەھۋالىنى ئۇققۇسى كېلىپ، كەبىگە يېقىنلاشتى. كەبىگە يېقىنلاپ كەلگەندە بۇ يەردە يىغىلىپ تۇرغانلار ھەممىسى بىردىن:

ــ قاراڭلار! راستچىل ۋە دۇرۇست ئىنسان مۇھەممەد ئەلەيهىسسالام!

ــ دەپ ۋاقىردىلار، مۇھەممەد ئەلەيهىسسالام ھەيران بولدى. نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلەلمىدى. بۇ ۋاقىتتا يىغىلغان كىشىلەرنىڭ ئىچىدىن بىرسى:

ـ ھەممىڭلار بىلىسىلەر، بىز ئۇزۇن ۋاقىتتىن بىرى كەبىنى رىمۇنت قىلىۋاتىمىز، ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ ھەجرۇلئەسۋەد (قاراتاش) دەپ ئاتىغان تاشنى ئورنىدىن چىقاردۇق. ھازىر ئۇنى ئەسلى ئورنىغا قويىشىمىز كېرەك ئامال ھەر بىر قەبىلە ئۆزىنى باشقا قەبىلىلەردىن ئۈستۈن تۇتۇپ، بۇ تاشنى ئۆزىنىڭ قويىشنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ. بۇ سەۋەبتىن ئوتتۇرىمىزدا جېدەل چىقاي دەپ تۇرغاندا ئىچىمىزدىن بىرسى، بەنى شەيبە ئىشكىدىن كىم تۇنجى بولۇپ كىرسە، بۇ تاشنى ئورنىغا قويۇش ئىشىغا ئۇ كىشى رەھبەرلىك قىلسۇن دېگەن ئىدى. بۇ تەكلىپكە بىز قوشۇلغان ئىدۇق. سېنى ئىشىك ئالدىدا كۆرگەن ۋاقتىمىزدا ناھايىتى خوش بولدۇق. سەن مەككىدە بۇ ئىشقا ئەڭ لايىق ئادەم سەندۇرسەن. چۈنكى قېرىنداشلىرىمىزغا ئىشىنەلمىگەن ۋاقىتلىرىمىزدا ماللىرىمىزنى ساڭا ئامانەت قوياتتۇق ـ دېدى. ھەجەرۇلئەسۋەدنىڭ ئەھمىيىتى بىلەن مۇھەممەد ئەلەيهىسسالام تاشنى بىر رەخنىڭ ئۈستىدە قويۇپ، ھەر قەبىلىنىڭ ئاقساقاللىرىنى رەخنىڭ بىر تەرىپىدىن تۇتۇشقا چاقىردى. ھەممە ئاقساقاللار دەرەخنىڭ بىر تەرىپىدىن تۇتۇپ كۆتۈرۈپ تاشنى ئورنىغا قويدى.

مۇھەممەد ئەلەيهىسسالامنىڭ بۇ ھەرىكىتىدىن پۈتۈن قەبىلە خوشال بولدى ۋە ئۇنىڭ ئەقىل پاراسىتىگە مەدھىيە ئوقىدى.

## ئۈچىنچى بۆلۈم. ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيهىسسالامغا پەيغەمبەرلىكنىڭ بېرىلىشى

### جىبرىئىل ئەلەيهىسسالام بىلەن تۇنجى قېتىم ئۇچرىشىش

ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيهىسسالام مەككىدە كۆڭلى يېرىم بولغان، ئىچى پۇشقان ۋاقىتلاردا، تەپەككۇر ۋە ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن نۇ تېغىدىكى ھىرا غارى (ئۆڭكۈر) غا

باراتتى. نۇر تېغى ناھايىتى ئېگىز بولۇپ، تاغنىڭ چوققۇسىدىن كەئبە بىلەن بىرگە مەككىنىڭ ھەممە يېرىنى كۆرگىلى بولاتتى. پەيغەمبىرىمىز تاغنىڭ جىم ـ جىتلىقى ئىچىدە بۇ غاردا بىر نەچچە كۈن تۇراتتى.

پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىر كۈنى ھىرا غارىغا كەلدى، كېچىنى ئىبادەت بىلەن تاڭ ئاتقۇزدى، بەدىنى ھېرىپ كەتكەن ئىدى. كۈن چىقىشقا ئاز قالغان ئىدى قاراڭغۇلۇقنىڭ يوقىلىپ يورۇقلۇقنىڭ باشلىنىشىغا ئەگىشىپ بىر نەرسە ئالدىغا كەلدى. ھازىرغىچە كۆرۈپ باقمىغان بىر نەرسە ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

ـ ئوقۇ! دېدى. ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ناھايىتى قورقتى. بەدىنى تىترەشكە باشلىدى. غەمكىن بىر ئاۋازدا:

ــ مەن ئوقۇشنى بىلمەيمەن ـ دەپ جاۋاب بەردى. ئۇدۇلىدىكى نەرسە بەدىنىنى چىڭ تۇتۇپ بىر مۇددەت سىققاندىن كېيىن قويۇپ بەردى. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۆزىنى بوغۇلۇۋاتقاندەك ھېس قىلدى. پەقەت تونۇمايدىغان بۇ شەخس ئۇنىڭغا ئىككىنچى قېتىم ـ ئوقۇ! دېدى. پەيغەمبىرىمىز يەنە مەن ئوقۇشنى بىلمەيمەن ـ جاۋاب بەردى. ئۈچىنچى قېتىم يەنە ئوخشاشلا ـ ئوقۇ! دېگەن ۋاقىتتا پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئېغىزىدىن ئۆزگىچە ئۆگىتىلگەن شۇ سۆزلەر چىقتى.

ــ ئوقۇ! سېنى ياراتقان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن ئوقۇ! ئۇ ئىنسانىنى لەختە قاندىن ياراتتى، ئوقۇغىن پەرۋەردىگارىڭ ئەڭ كەرەملىكتۇر، ئۇ قەلەم بىلەن خەت يېزىشنى ئۆگەتتى.

پەيغەمبىرىمىز قورققان ئىدى. نېمە ئىش بولىۋاتقانلىقىنى بىلمەيتتى. غارنىڭ سىرتىغا چىقىپ ئايالى خەدىچىنىڭ يېنىغا بېرىشى كېرەك ئىدى. تاغدىن يۈگۈرۈپ پەسكە چۈشىۋاتقان ۋاقىتتا "سەن ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى، مەن بولسام جىبرىئىل" دېگەن ئاۋازنى ئاڭلىدى. بۇ ئاۋاز غارنىڭ ئىچىدە ئاڭلانغان ئاۋاز بىلەن ئوخشاش ئىدى. ئەمما بۇ ئاۋاز غاردىكىگە قارىغاندا تېخىمۇ جاراڭلىق چىقىۋاتاتتى. ئەتراپقا قارىدى. ئاۋازنىڭ قايسى تەرىپىدىن كېلىۋاتقانلىقىغا دىققەت قىلدى. قارىسا ئاسماننى قاپلىغۇدەك چوڭلۇقتىكى بىر نەرسىنى كۆردى. بۇ نەرسە (مەۋجۇتلۇق) يەنە "سەن ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى، مەن جىبرىئىل "دېدى. ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئالدىغا ياكى كەينىگە بىر قەدەم ئالالمىدى. تۇرغان يېرىدە قېتىپ قالدى. نەپسىنىڭ سىقىلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. بىر مۇددەتتىن كېيىن ئۆزىگە كېلىپ تەكرار ئەتراپقا قارىدى. بۇ نەرسە ئۆز ئورنىدا تۇرۇپ بۇرۇنقى سۆزلەرنى تەكرارلاۋاتاتتى. پەيغەمبىرىمىز كۆزىنى ئۇنىڭدىن يىراقلاشتۇرۇپ، يۈزىنى باشقا تەرەپكە ئۆرىدى. ئەمما قەيەرگە قارىسا ئۇنى كۆردى.

تونۇمايدىغان نەرسە تۇساتتىنلا غايىپ بولدى. ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام

قورقتى ۋە كۆڭلى جايىدا ئەمەس ئىدى. نۇر تېغىدىن مەككىگە قاراپ يۈگرەشكە باشلىدى. ناھايىتى تېزلىكتە ئۆيىگە كەلدى.

## سىرداش خەدىچە

ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام تىترەك ئاۋازدا خەدىچىدىن ئۈزىنى يۆگەپ، قويۇشنى تەلەپ قىلدى. خەدىچە نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلمەستىن ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر نەرسە يېپىپ قويدى. پەيغەمبىرىمىز قاتتىق ئۇيقىغا كەتتى. ئويغانغان ۋاقتىدا بولۇپ ـ ئۆتكەن ئىشلارنى خەدىچىگە سۆزلەپ بەردى. بولۇپ ـ ئۆتكەن ئىشلارغا بىر نەرسە دېيەلمەيمەن "كۆڭلۈم بەك يېرىم، قورقۇپ كېتىۋاتىمەن، دېدى. خەدىچە پەيغەمبىرىمىزنى تىنچلاندۇرۇشقا تىرىشىپ:

ـ قورقما! ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئۇ سېنى رەسۋا قىلمايدۇ، چۈنكى سەن ئۇرۇق ـ تۇغقانىنى يوقلايسەن، مېھمانىنى كۈتىسەن موھتاجلارغا ياردەم قىلىسەن ـ دېدى.

خەدىچە يولدىشىنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن ئىشلارنىي ئويلىدى. چۈنكى ئۇنى ئۇ تونۇيتتى ۋە ياخشى كۆرەتتى. ئۆيلەنگەندىن تارتىپ ھازىرغىچە ئۇنىڭدىن خاتا بىر ئىش كۆرمىگەن ئىدى. يولدىشىنىڭ پەۋقۇلئاددە بىر ئەھۋالغا يولۇققانلىقىنى ئېنىق ئىدى. ئۇ بۇ ئەھۋاللارغا ئىشەندى. خەدىچىنىڭ تۇغقىنى بولغان ۋەرەقە، تەجرىبىلىك ۋە بىلىملىك بىر ئىنسان ئىدى. خەدىچە ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئېلىپ، ئۇنىڭ يېنىغا باردى. بېشىدىن ئۆتكەن ئىشلارنى چۈشەندۈرۈشكە توغرا كەلسە ئۇ ئىنسان چۈشەندۈرۈش بېرەلەيتتى.

ۋەرەقە بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى دىققەت بىلەن تىڭشىدى ۋە چوڭقۇر ئويلانغاندىن كېيىن سۆزلەشكە باشلىدى.

ـ سەن كۆرگەن بۇ نەرسە ئاللاھنىڭ مۇسا پەيغەمبەرگە ئەۋەتكەن جىبرىئىل ئىسىملىك بىر پەرىشتىدۇر. كاشكى ياش بولغان بولسام، ئىنسانلارنىڭ سېنى يۇرتۇڭدىن قوغلاپ چىقارغان ۋاقتىدا، سېنىڭ يېنىڭدا بولۇشنى ئارزۇ قىلاتتىم ـ دېدى.

ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن خەدىچىنىڭ كۆزلىرى بىر ـ بىرىگە تىكىلدى. پەيغەمبىرىمىزنىڭ يۈزىدە ھازىرغىچە كۆرۈلۈپ باقمىغان بىر غەم ـ ئەندىشە بار ئىدى. پەيغەمبىرىمىز غەمكىن بىر ئاۋازدا:

ـ مېنى مەككىدىن چىقىرىۋېتەمدۇ؟ ـ دەپ سورىدى. ۋەرەقە:

ـ ھەئە، چۈنكى سەن ئېلىپ كەگەن چاقىرىقنى ئېلىپ كەلگەن پۈتۈن پەيغەمبەرلەر ئۆز يۇرتلىرىدىن چىقىرىلدى. ئەگەر ئۇ ۋاقىتقىچە ئۆمرۈم بولسا ساڭا ياردەم قىلىمەن ـ دېدى.

پەيغەمبىرىمىز بۇ سۆزلەردىن كېيىن كۆڭلى بىر ئاز جايىغا چۈشتى. ئايالى خەدىچە ئۇنىڭغا ئىشىنىپ تەسەللىي بەردى. ئۇ ئايالىنىڭ كۆڭلى ئۈچۈن ئىشەنچىسىگە ھەرۋاقىت موھتاج ئىدى. ۋەرەقە ناھايىتى مۇھىم نەرسىلەرنى سۆزلىگەن ئىدى. پەيغەمبىرىمىز بۇ ئەھۋاللارنى چۈشىنىشكە تىرىشتى. ئۇ ئاللاھ تەرىپىدىن ۋەزىپىلىك قىلىنغان بىر پەيغەمبەر ئىدى. 40 ياشقا توشقان ئىدى. ئىنسانلارنى توغرا يولغا چاقىرىپ خاتا يولدىن توسىشى كېرەك ئىدى.

ھەزرىتى خەدىچە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ قۇرئاننىڭ تۇنجى ئايەتلىرىنى ئوقۇپ، ماڭا كىم ئىشىنىدۇ؟ دېگەن ۋاقىتتا ”ھېچكىم ئىشەنمىسە مەن ئىشىنىمەن“ دەپ جاۋاب بەردى. خەدىچىنىڭ سۆزى بىلەن پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ يۈكى بىر ئاز يېنىكلىشىگەن ئىدى. چۈنكى پەيغەمبىرىمىز بىر ئىنسانىنىڭ كۆتۈرەلىشى ئەڭ ئېغىر بولغان بىر مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالغان ئىدى. بىر تەرەپتىن مۇقەددەس ۋە ئېغىر بىر مەسئۇلىيەت، يەنە بىر تەرەپتىن خەدىچىگە ئوخشاش سادىق ۋە ئىشەنچلىك بىر ئايالى بار ئىدى. پەيغەمبىرىمىز ۋەھيى كەلگەندىن كېيىنكى دەسلەپكى مۇشكۇللەرنى يەڭدى. يەنى يېڭى دىنىنى تۇنجى قوبۇل قىلغان، سۆيۈملۈك ئايالى ھەزرىتى خەدىچە ۋە تاغىسىنىڭ ئوغلى ھەزرىتى ئەلى ئىدى. پەيغەمبىرىمىز ئائىلىسى بىلەن مەخپىي رەۋىشتە ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشقا باشلىدى. بىر تەرەپتىن مەككىلىكلەرنى مەخپىي رەۋىشتە ئىسلام دىنىغا چاقىردى. ئىنسانلارنى دىنغا چاقىرغاندا ھاقارەت، دەشنامىلارغا ئۇچرىدى. پۈتۈن توسالغۇلارغا قارىماستىن پەيغەمبىرىمىزنىڭ چاقىرىقىنى قوبۇل قىلغانلار بىر ئىككىدىن كۆپىيىشكە باشلىدى.

## چاقىرىق يېيىلىۋاتاتتى

ئاللاھ پەيغەمبىرىمىزنى يېقىنلىرىنى ئاگاھلاندۇرۇشنى بۇيرىدى. بۇنىڭغا ئاساسەن پۈتۈن ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنى چاقىرىپ بىر زىياپەت بەردى. زىياپەتتىن كېيىن ئۇلارنى ئىسلامغا چاقىردى.

پەيغەمبىرىمىزنىڭ تاغىسى ئەبۇلەھەب بۇ چاقىرىققا قارشى چىقىپ ”ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنى بۇنداق يامان ئىشقا چاقىرغان باشقا بىر ئادەمنى كۆرمىدىم“دېدى. بۇ گەپنى ئاڭلىغانلار بۇ يەردىن تارقاپ كەتتى. پەيغەمبىرىمىز ئەتىسى يەنە ئۇلارنى چاقىرىپ، ئاللاھنىڭ بارلىقىنى، بىرلىكىنى ۋە ئۇزىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈردى. ئاللاھ بەرگەن بۇ مۇقەددەس ۋەزىپىنى لاياقەتلىك ئۇرۇنلاشنى ئارزۇ قىلاتتى.

سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز يېقىنلىرىدىن كېيىن پۈتۈن مەككە خەلقىنى ئىسلامغا چاقىرىشنى ئارزۇ قىلاتتى. بىر كۈنى پەيغەمبىرىمىز مەككىدە ئېگىز بىر يەرگە چىقىپ:

”ئى قۇرەيشلىكلەر! دەپ توۋلىدى، بۇ ئاۋازنى ئاڭلىغانلار بىر ـ بىرلەپ يىغىلىشقا باشلىدى. پەيغەمبىرىمىز ئۇلارغا:

ــ مۇشۇنىڭ تاغنىڭ كەينىدە دۈشمەن بار، هازىر سىلەرگە هۇجۇم قىلىدۇ ـ دېسەم ماڭا ئىشىنەمسىلەر؟ دەپ سورىدى. يىغىلغانلارنىڭ هەممىسى بىر ئېغىزدىن: ـ ئىشىنىمىز، بىز سېنىڭ يالغان ئېيتقانلىقىڭنى ئىلگىرى ئاڭلاپ باقمىدۇق ـ دېدى. بۇنىڭغا ئاساسەن پەيغەمبىرىمىز ئاللاهنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، بىر كۈنى ئۆلىسىلەر ۋە يەنە بىر كۈنى تىرىلىپ پۈتۈن قىلغان ئىشلىرىڭلاردىن هېساب بېرىسىلەر. ياخشىلار ئۈچۈن جەننەت ئەسكىلەر ئۈچۈن دوزاخ باردۇر. مەن سىلەرنى قىيامەتتىنىڭ ئازابىدىن ئاگاهلاندۇرۇشقا ۋەزىپىلىك قىلىندىم. ئاللاهنىڭ بىرلىكىگە ۋە مېنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە ئىشەنگەنلەر، قىيامەتنىڭ ئازابىدىن قۇتۇلىدۇ. ئىشەنمىگەنلەر قاتتىق ئازاب ئوقۇبەتكە ئۇچرايدۇ. بۇ تەكلىپىمنى قوبۇل قىلامسىلەر؟ دېدى. مەيدانغا يىغىلغانلار بۇ تەكلىپ ئالدىدا هەيران بودىلار. ئەبۇلەهەب بۇ يەردىمۇ دۈشمەنلىكىنى كۆرسىتىپ، يەردىن بىر دانە تاشنى ئېلىپ پەيغەمبىرىمىزگە ئاتتى ۋە:

ــ بىزنى بۇ يەرگە بۇ يالغان ـ ياۋداق گەپلەرنى ئاڭلاش ئۈچۈن يىغدىڭمۇ؟ دەپ ۋاقىردى.

پەيغەمبىرىمىز بۇ نۇتقىدا بىر مۇۋاپپىقىيەت قازىنالمىسىمۇ ئەمما پۈتۈن مەككىلىكلەرگە ئىسلامنىڭ مۇقەددەس چاقىرىقىنى بىلدۈرۈۋالغان ئىدى.

## تۇنجى مۇسۇلمانلار ۋە ئەرقەمنىڭ ئۆيى

ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاهۇ ئەنهۇ جەسۇر ۋە يىگىتلىك غۇرۇغا ئىگە بىر ئىنسان ئىدى. هېچكىم ئۇنىڭ بىلەن قارشىلىششىنى خالىمايتتى. يولدا ئۇنى كۆرسە باشقا يولغا ئۆتۈپ كېتەتتى. پەيغەمبىرىمىزنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى جاكارلىغانلىقىنى ئاڭلاپ ئۇ ئۇنى ئۆلتۈرۈشنى قارار قىلغان ئىدى. يولدا نۇئەيمگە ئۇچرىدى. نۇئەيم مۇسۇلمان بولغان ئىدى. ئەمما مۇسۇلمان بولغانلىقىنى مەخپىي تۇتاتتى. ئۆمەرنىڭ ئاچچىق بىلەن كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ:

ــ قەيەرگە كېتىۋاتىسەن؟ ـ دەپ سورىدى.

ــ مۇهەممەدنى ئۆلتۈرگىلى كېتىۋاتىمەن ـ دېدى. نۇئەيم جىددىيلىشىپ: ماڭا قارا، ناهايىتى مۇشكۇل بىر ئىشقا تۇتۇش قىلىپسەن دېدى. پەيغەمبىرىمىزنى قوغداش ۋە ئۆمەرنى نىيىتىدىن ياندۇرۇش ئۈچۈن: سەن بۇ ئىشنى قىلىشتىن ئىلگىرى سىڭلىڭ ۋە سىڭلىڭنىڭ ئېرىگە بىر نەرسە دېگىن، ئۇلارمۇ مۇسۇلمان بولدى ـ دېدى.

بۇنى ئاڭلىغان ئۆمەر تېخىمۇ ئاچچىقلىنىپ سىڭلىسىنىڭ ئۆيىگە قاراپ ماڭدى. ئۆيىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە بىر نەرسىنىڭ ئوقۇلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدى. بىرئاز تېڭشىغاندىن كېيىن سىڭلىسى ۋە سىڭلىسىنىڭ ئېرىنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىنى

ئۇقتى. ئۇشتۇمتۇت ئۆيگە كىردى.

سىڭلىسى ۋە سىڭلىسىنىڭ ئېرى نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلىپ بولغىچە بولغان ئارىلىقتا ئۇلارنى ئايرىم ـ ئايرىم بىر بۇرجەككە كۆتۈرۈپ ئاتتى. ئۆمەرنىڭ ئاچچىقى كېلىپ ئۇلارنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن قۇلىنى قىلىچىغا ئۇزاتقان ۋاقىتتا سىڭلىسى يىغلاپ تۇرۇپ!

ــ ئۆمەر! ئاللاھتىن قورقىن، سەنمۇ ئاڭلا، بىز مۇسۇلمان بولدۇق، نېمىنى خالىساڭ شۇنى قىلغىن، بىز دىنىمىزدىن قەتئىي قايتمايمىز ــ دېدى.

ئۆمەر سىڭلىسىنىڭ بۇنداق جەسۇرلۇقى ئالدىدا توختاپ قالدى. قايسى جاسارەت ئۆمەرنى توختاتقۇزالايتتى؟ ئۇ بىر ئاز تۇرۇپ قالدى. نېمە دېيىشىنى بىلەلمىدى. قىلىچ تۇتقان قۇلىنىڭ تىترەۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. سىڭلىسىدىن نېمە ئىش بولغانلىقىنى سورىدى. سىڭلىسى ئۆمەرنىڭ ئاچچىقىنىڭ بېسىققانلىقىنى كۆرۈپ ئوقۇۋاتقان ئايەتلەرنى كۆرسەتتى.

سىڭلىسى ۋە سىڭلىسىنىڭ ئېرى، ئۆمەرگە ھەيرانلىق ئىچىدە قاراشقا باشلىدى. ئۆمەر قۇرئان ئايەتلىرىنى ئوقۇشقا باشلىدى ھەم ئوقۇدى. ئوقۇغانلىرىدىن تەسىرلىنىشكە باشلىدى. ئۇ ئاچچىقى يامان ئۆمەرنىڭ ئورنىغا ئۇنىڭغا ئوخشىمايدىغان باشقا بىر ئۆمەر مەيدانغا كەلدى. ئەرقەمنىڭ ئۆيىنى سورىدى. ھەرخىل ئويلار بىلەن ئەرقەمنىڭ ئۆيى تەرەپكە مېڭىشقا باشلىدى.

پەيغەمبىرىمىز ئاللاھقا ئىشەنگەنلەرنىڭ سانى ئاز بولغانلىقى ئۈچۈن باشقىلارنىڭ دىققىتىنى تارتىپ قويمايدىغان بىر ئۆي ئىزدىۋاتاتتى. ئەرقەمنىڭ ئۆيى مەككىنىڭ سىرتىدا بولغانلىقى ئۈچۈن كۆزدىن يىراق ۋە ئۇيغۇن بىر يەر ئىدى. سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز دوستلىرى بىلەن بۇ يەرگە يىغىلغان ئىدى.

نۇئەيم يۈگرەپ ئەرقەمنىڭ ئۆيىگە كەلدى. ئۆمەرنىڭ پەيغەمبىرىمىزنى ئۆلتۈرۈشكە نىيەتلەنگەنلىكىنى خەۋەر قىلدى. ئۆيدە يىغىلغانلار پەيغەمبىرىمىزنى ئۆز جانلىرىنى قۇربان قىلىش بەدىلىگە قوغدايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ قىلىچلىرىنى چىقىرىپ ساقلاپ تۇردى.

ئۆمەر ئەرقەمنىڭ ئۆيىگە كەلگەندە، ئۆي جىمجىت ئىدى. ئۆمەر ئۆيگە كىرىپ پەيغەمبىرىمىز بىلەن كۆرۈشىشنى خالايدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى. پەيغەمبىرىمىز ئۇنىڭ يېنىغا كېلىشكە قوشۇلدى. ئۆمەر ئاستا كېلىپ پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ:

ـ لائىلاھە ئىللاھ مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللاھ (ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر، مۇھەممەد ئۇنىڭ ئەلچىسىدۇر) دېدى. ئەرقەمنىڭ ئۆيىدىكىلەرنىڭ ھەيرانلىق بىلەن قاراشلىرى ئارىسىدا ئۆمەر مۇسۇلمان بولدى.

ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ مۇسۇلمان بولۇشى، مۇسۇلمانلارنىڭ كۈچىگە كۈچ قوشتى، كەبىگە يىغىلىپ ناماز ئوقۇدى. بۇنىڭ بىلەن مۇسۇلمانلار، مۇسۇلمانلىقىنى مەخپىي تۇتمايدىغان بولدى. مۇسۇلمانلارنىڭ سانى كۈندىن ـ كۈنگە كۆپىيىشكە باشلىدى. ئەرقەمنىڭ ئۆيى مۇسۇلمانلارغا كىچىك كېلىشكە باشلىدى.

ئىسلامنىڭ چاقىرىقى مەككىنىڭ سىرتىدىكى كىشىلەرگىمۇ بىلدۈرۈلۈشى كېرەك ئىدى. بۇ سەۋەبتىن پەيغەمبىرىمىز مەككىنىڭ سىرتىدىكى قەبىلىلەرنىمۇ زىيارەت قىلدى. بارغان يەرلەردە بەزى ۋاقىتلاردا ياخشى قارشى ئېلىندى. بەزى يەرلەردە ھاقارەتلەرگە ئۇچرىدى. پەيغەمبىرىمىز، پۈتۈن تۇسالغۇ ۋە پىشكەنلىكلەرگە قارىماي بوشاپ قالماستىن ئۇمىدۋارلىق بىلەن ئىسلامىيەتنىڭ چاقىرىقىنى ئىنسانلارغا چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسەتتى.

## زۇلۇم ۋە ھاقارەتلەر باشلاندى

ئىسلامنىڭ چاقىرىقىنى قوبۇل قىلغانلارنىڭ سانى تېز سۈرئەتتە كۆپىيىشكە باشلىدى. مۇشرىكلار بۇ ئەھۋالدىن غەم ـ ئەندىشە قىلىشقا باشلىدى. مۇسۇلمانلارنىڭ روھى كەيپىياتىنى چۈشۈرۈش ۋە ئىنسانلارنىڭ ئىسلامغا كىرىشىنى توساپ قېلىش ئۈچۈن، مۇسۇلمانلارنى جەمئىيەت ئىچىدە ھاقارەت ۋە مەسخىرە قىلدى. مۇسۇلمانلارنى ھەر قېتىم كۆرگەن ۋاقىتتا يەرگە ئىشلىتىۋېتىپ ناچار سۆزلەر بىلەن زاڭلىق قىلدى. سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىزنى كۆرگەن ۋاقىتدا: ”قاراڭلار، شۇ ئادەم ئاسماندىن خەۋەر ئالارمىش “دەپ مەسخىرە قىلدى. بۇ خىل مەسخىرە قىلىش بىلەنلا قالماي، پەيغەمبىرىمىزنى بىلىپ تۇرۇقلۇق، ئۇنى يەنە ساراڭ، سېھىرگە، پالچى دەپ ھاقارەت قىلاتتى، مۇسۇلمانلارغا قىلغان زۇلۇم ۋە ئەزىيەتتە يۇقىرى پەللىگە يېتىپ، ھەتتا مۇسۇلمانلارنى ئۆلتۈرۈشنى خىيال قىلدى.

ئەمما قىلىۋاتقان زۇلۇم ۋە ئەزىيەتلىرىنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ ئىسلامنىڭ تارقىلىشىنى توختىتالمىدى. ھېچ بىر ئادەم دىنىدىن ۋاز كەچمىدى. بۇ ئەھۋاللارغا قارىتا نېمە قىلىشنى بىلەلمەي مەككىنىڭ نۇپۇزلۇق كىشىلىرى بىر يەرگە يىغىلىپ پەيغەمبىرىمىزنىڭ تاغىسى ئەبۇتالىبنىڭ يېنىغا كېلىشكە قارار قىلدى. بۇ نۇپۇزلۇق كىشىلەر پەيغەمبىرىمىزنىڭ تاغىسىنىڭ ئۆيىگە كېلىپ ئەبۇتالىبتىن پەيغەمبىرىمىزنىڭ دەۋاسىدىن ۋاز كەچتۈرۈشنى تەلەپ قىلدى. ئۇلار ئەبۇ تالىبقا: جىيەنىڭ بىلەن سۆزلەشكىن، بۇ ئىشتىن ۋاز كەچسۇن ـ دېدى. ئەبۇتالىب جىيەنىنى چاقىرىپ بولغان ئەھۋاللارنى سۆزلىدى. پەيغەمبىرىمىز بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ:

ــ قۇياشنى ئوڭ يېنىمغا، ئاينى سول يېنىمغا ئەكېلىپ بەرگەن تەقدىردىمۇ، مەن دەۋايىمدىن ۋاز كەچمەيمەن تا ئۆلگىچە ـ دېدى. ئەمەلىيەتتە ئەبۇتالىب، مەككىلىكلەرنىڭ مۇسۇلمانلارغا قىلغان ئەزىيەتلىرىنى بىلەتتى. پەيغەمبىرىمىزنىڭ

كەسكىن قارارلىقىدىن بەك تەسىرلەنگەن ئىدى. ئۇنىڭغا بىر زىيان ـ زەخمەت يېتىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيتتى. پەيغەمبىرىمىزگە ياردەم بېرىشنى داۋاملاشتۇردى ۋە:

ــ كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلما، مەن ھاياتلا بولسام ئۇلار ساڭا زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزەلمەيدۇ ـ دېدى. مەككىلىك مۇشرىكلار پەيغەمبىرىمىزنى بۇ يولدىن توسۇپ قالالمايدىغانلىقىنى كۆرۈپ باشقا چارە تېپىشنى ئويلىدى. ئۈزئارىسىدا بىر كېلىشىم ئىمزالاپ ئۇنى كەبىگە ئېسىپ قويدى.

بۇ كېلىشىمگە ئاساسەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۆلۈك ياكى تىرىك ھالدا قولغا چۈشۈرۈلگىچە بولغان ئارىلىقتا پەيغەمبىرىمىزنىڭ تۇغقانلىرى ۋە مۇسۇلمانلار بىلەن مۇناسىۋىتى ئۈزىدىغانلىقىنى قارار قىلدى. پەيغەمبىرىمىزنىڭ تۇغقانلىرى ۋە مۇسۇلمانلار دۈشمەنلىك ئېلان قىلىندى. قۇدا ـ باجا بولۇش، ئېلىم ـ سېتىم ۋە سۆزلىشىش چەكلەندى.

مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ئېغىر كۈنلەر باشلاندى. تىجارەت قىلالمىدى. بىر نەرسە ئېلىپ ساتالمىدى، ئاچ ۋە سۇسىز قالدى. بۇ ئېغىر ئەزىيەتلەرگە قارىماي مۇسۇلمانلار پەيغەمبىرىمىزنى مەككە مۇشرىكلىرغا تاپشۇرۇپ بىرىشنى خىيالىغا كەلتۈرمىدى. ئۇنى قوغداش ئۈچۈن ھەرقانداق جاپا ـ مۇشەققەت ۋە قىيىن قىستاقلارغا بەرداشلىق بەردى.

ئۈچ يىل مۇشەققەتلەر بىلەن ئۆتتى، ئاخىرىدا مەككىلىك مۇشرىكلار بۇ كېلىشىمنى بۇزدى. پەيغەمبىرىمىزنىڭ تۇغقانلىرىدىن بىر نەچچە كىشى كەبىنىڭ تېمىغا ئېسىپ قويۇلغان كېلىشىمنى يىرتىپ تاشلىدى. مۇسۇلمانلار بۇ چەكلىمىدىن تېخىمۇ كۈچلەندى.

## قايغۇ يىلى

چەكلىمىلەر ئاخىرلىشىپ مۇسۇلمانلار راھەت بىر نەپەس ئالدى. چەكلىمىنىڭ ئاخىرلىششىدىن بىر نەچچە ئاي كېيىن سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىزنى كۆڭلىنى يېرىم قىلىدىغان ئىككى ۋەقە كەينى ـ كەيىندىن يۈز بەردى. سىرتتىكى ھېمايىچىسى ئەبۇتالىب، ئىچىدىكى ھېمايىچىسى خەدىچە ۋاپات بولدى. بۇ ئىككى ھېمايىچى پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئەڭ قېيىنچىلىق تارتقان ۋاقىتلىرىدا پەيغەمبىرىمىزنى تاشلىۋەتمەي ياردەم قىلغان ئىدى. پەيغەمبىرىمىز بۇ ئىككى قوللىغۇچىنىڭ ۋاپاتىغا كۆڭلى قاتتىق يېرىم بولۇپ "بۇ كۈنلەردە ئۈممىتىمنىڭ ئۈستىگە كەلگەن بۇ ئىككى مۇسىبەتنىڭ قايسىسىغا يۈرىكىم بەرداشلىق بېرىدۇ "دېدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ يىل قايغۇ يىلى دەپ ئاتالدى.

## يېڭى ماكان ئىزدەش ـھەبەشستان

مەككىدە ياشاش ناھايىتى مۇشكۈللەشتى، مۇسۇلمانلارغا قىلىنغان ئەزىيەت

كۈندىن ـ كۈنگە كۆپەيدى. پەيغەمبىرىمىز بۇ ئەھۋالغا قاراپ يېڭى ماكان ئىزدەشكە باشلىدى. تۇنجى قېتىم بەش كىشىنىڭ ھەبەشىستانغا ھىجرەت قىلىشىغا يول قويدى. بۇ مۇسۇلمانلارنىڭ تۇنجى ھىجرىتى ئىدى. مۇشرىكلار مەككىدە قالغان مۇسۇلمانلارغا ئەزىيەتلەرنى داۋام قىلدۇراتتى. ئىچى پۇشۇپ كەتكەن مۇسۇلمانلار راھەت ئىبادەت قىلىشتا قىيىلىنىۋاتاتتى. بىر يىلدىن كېيىن ھەبەشىستانغا 100 كىشىلىك بىر گۇرۇپ مەخپىي رەۋىشتە باردى. مەككىلىك مۇشرىكلار، بۇنى توسۇپ قېلىش ئۈچۈن ھەبەشىستانغا ئەلچى ئەۋەتتى.

مەككە مۇشرىكلىرى ئەۋەتكەن ئەلچىلەر، ھەبەشىستان پادىشاھى نەجاشىنىڭ يېنىغا قىممەتلىك ھەدىيىلەرنى ئېلىپ كېلىشتى. پادىشاھ ئۇلارنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى سورىدى. ئەلچىلەر:

ــ بىز مەككىدىن كەلدۇق، مەككىدىن قېچىپ، تۇپراقلىرىڭىزغا ئىلتىجا قىلغانلارنى قايتۇرىۋالغىلى كەلدۇق ـ دېدى. نەجاشى ئەلچىلەردىن:

ـ بۇ ئىنسانلارنى نېمىشقا قايتۇرۇپ كېتىسلەر؟ دەپ سورىدى. ئەلچىلەر: ھەبەشىستانغا كەلگەن بۇ ئادەملەر ئاتا ـ بوۋىسىنىڭ دىنىنى ئىنكار قىلىپ باشقا بىر دىنغا ئىشەنگەنلىكىنى، ئۆزلىرى ئىشىنىپلا قالماي، باشقىلارنىمۇ بۇ دىنغا ئىشىنىشكە دەۋەت قىلىۋاتقانلىقىنى ۋە مەككىنىڭ مەشھۇر كىشىلىرىنىڭ بۇ ئىشلارنى چەكلاۋاتقانلىقىنى ئېيتتى.

بىر ئاز جىمجىتلىقتىن كېيىن نەجاشى ئورنىدىن تۇرۇپ دۆلىتىگە ئىلتىجا قىلىنغان مۇسۇلمانلارنى قايتۇرۇپ بېرىشنى ئويلىدى. ئەمما بۇنداق قىلىش ئۇنىڭ ئادالەت چۈشەنچىسىگە ئۇيغۇن كەلمەيتتى. گۇناھكار دەپ ئەيىبلەنگەن كىشىلەرنىڭ سۆزىنىمۇ ئاڭلاپ بېقىشى كېرەك ئىدى. پادىشاھ دۆلىتىگە ئىلتىجا قىلغان مۇسۇلمانلارنى ئېلىپ كېلىشنى بۇيرىدى.

نەجاشى ئەلچىلەرنىڭ سۆزلىرىنى مۇسۇلمانلارغا دېدى. بۇ ھەقتە سىلەرنىڭ دەيدىغان گەپ سۆزلىرىڭلار بارمۇ؟ دەپ سورىدى. بۇ سوئالغا جاۋاب بېرىش ئۈچۈن ئەبۇتالىبنىڭ ئوغلى جەئفەر ئالدىغا چىقىپ مۇنداق دېدى.

ـ بىزنىڭ قىلغان ئەسكىلىكلەر ھەددىدىن ئېشىپ تاكى بوينۇمىزغىچە كەلگەن ئىدى. ئاللاھ بىزگە ئىچىمىزدىن توغرا سۆزلۈك، ئىشەنچىلىك، ئېسىل نەسەپلىك بىر كىشىنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتى. بۇ پەيغەمبەر بىزنى ئاللاھنى بىر دەپ بىلىپ ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىشقا، ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز چوقۇنغان بۇتلارغا چوقۇنماسلىققا چاقىردى. بىزنى توغرا سۆزلەشكە، ئامانەتكە خىيانەت قىلماسلىققا، تۇغقانلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ياخشى تۇتۇشقا قولۇم ـ قوشنىلار بىلەن ياخشى ئۆتۈشكە، قان دەۋالىرىدىن ۋازكېچىشكە بۇيرىدى. ئەخلاقسىزلىق قىلىشنى، يالغان

يەرگە گۇۋاھلىق بېرىشنى، يېتىم مېلىنى يېيىشنى، ئىپپەتلىك ئاياللارغا بوھتان قىلىشنى چەكلىدى. پەقەت ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىشنى، ئۇنىڭغا ھېچ بىر نەرسىنى شېرىك قىلماسلىقنى بۇيرىدى. بىز ئۇنىڭغا ئىشەندۇق. چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشتۇق، ئاللاھ ئۇنىڭغا قانداق بۇيرۇق بەرگەن بولسا ئۇنى ئىجرا قىلدۇق. ھالال دېگىنىنى ھالال دەپ بىلدۇق. ئەمما قەۋمىمىز بىزگە كۆپ ئەزىيەت قىلدى. بىزنى دىنىمىزدىن قايتۇرۇش ئۈچۈن قولىدىن كېلىدىغان پۈتۈن ئەسكىلىكلەرنى قىلدى. بۇ ئەزىيەت ۋە زۇلۇمدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن باشقا يول تاپالماي سىزنىڭ مەملىكىتىڭگە ئىلتىجا قىلدۇق ـ دېدى.

نەجاشى جەئفەرنىڭ سۆزلىگەنلىرىنى دىققەت بىلەن تىڭشىدى. جەئفەردىن ئاللاھتىن كەلگەن ئايەتلەرنى ئوقۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. جەئفەر پادىشاھقا مەريەم سۈرىسىنىڭ بىر قىسمىنى ئوقۇپ بەردى. ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئاڭلىغان نەجاشى ئەلچىلەرنىڭ دېگەنلىرىنى توغرا تاپمىدى. ئەلچىلەرگە مۇسۇلمانلارنى تاپشۇرۇپ بەرمەيدىغانلىقىنى، دۆلىتىدە راھەت ئىچىدە ياشاشقا يول قويىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئەلچىلەر، ئېلىپ كەلگەن ھەدىيىلىرىنى ئېلىپ قۇرۇق قول مەككىگە قايتتى.

**تائىف**

سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز ئايالى ھەزرىتى خەدىچە ۋاپات بولۇپ بىر ئايدىن كېيىن بالا قىلىۋالغان ئوغلى زەيدنى ئېلىپ تائىفقا باردى. تائىفقا بېرىشتىكى مەقستى مەككىدىكى ئازاب ـ ئوقۇبەتلەردىن بىر ئاز يىراق تۇرۇپ ئۇ يەردىكى باشقا ئىنسانلارغا ئىسلام دىنىنى چۈشەندۈرۈش ئىدى.

پەيغەمبىرىمىز تائىفتا يىغىلغان كىشىلەرگە، ئاللاھنىڭ بىرلىك، بارلىقىنى ئۆزىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى بايان قىلدى تائىفلىقلار قارشىلىق كۆرسىتىپ پەيغەمبىرىمىز ۋە زەيدكە ھاقارەت قىلدى. قۇللار ۋە كېچىك بالىلار پەيغەمبىرىمىز ۋە زەيدكە ئۇزۇلدۇرمەي تاشلار ئاتتى. زەيد ئېتىلغان تاشلارنىڭ پەيغەمبىرىمىزگە تېگىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئۆزىنى تاشلارغا قالقان قىلىپ بەردى. يىقىلىپ قوپۇپ بۇ يەردىن يىراقلىششقا ئورۇندى. تاش تەگكەن يەرلەردىن قان ئېقىشقا باشلىدى. پەيغەمبىرىمىزنىڭ پۈتى يارىلىنىپ ئولتۇردى. ئورنىدىن تۇرۇپ مېڭىشقا باشلىغاندا كىچىك بالىلار تاش ئېتىپ كۈلۈشتى. پەيغەمبىرىمىز ۋە زەيد بۇ يەردىن ناھايىتى تەسلىكتە يىراقلىشىپ، ئىچى ـ پىشۇق، ھېرىپ، چارچاپ كەتكەن ھالدا بىر دەرەخنىڭ سايىسىغا كېلىپ ئولتۇردى ۋە ئاللاھقا دەردىنى تۆكۈپ مۇنداق يالۋۇردى:

ــ ئى ئاللاھ! كۈچسىز ۋە چارىسىز قالدىم، ئىنسانلارغا قارشى چارىسىزلىكىمنى پەقەت ساڭىلا ئېيتالايمەن، ئى ئاللاھ! سەن ئاجىزلارنى ھىمايە قىلىسەن سەن ئەڭ كۈچلۈكسەن، بەندىلىرىڭنى ھەرتۇرلۈك بالايى ـ قازالاردىن قوغدايسەن.

پەيغەمبىرىمىز ئۆزىگە ئىغىر ھاقارەت قىلىپ، تاش ئاتقان بۇ ئىنسانلارغا قارىتا بەتدۇئا قىلمىدى. چۈنكى ئۇ رەھمەت ۋە سۆيگۈ پەيغەمبىرى ئىدى.

## ئەقەبە ـ مەدىنىگە بارىدىغان يول

پەيغەمبىرىمىز بىر تەرەپتىن ئىنسانلاردىن كېلىۋاتقان جاپا ـ مۇشەققەت ۋە ئەزىيەتلەرگە سەۋرى قىلىپ، ئىسلامنى تەشۋىق قىلىشنى داۋاملاشتۇرۋاتقان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن مۇسۇلمانلارغا خاتىرجەملىك ئىچىدە ياشىيالايدىغان بىر ماكان ئىزدىدى. پەيغەمبىرىمىز بىر كۈنى مەدىنىدىن كەلگەن بىر گۇرۇپ كىشىلەر بىلەن كۆرۈشتى. ئۇلارغا ئىسلامنى چۈشەندۈردى. ئۇلار مۇسۇلمان بولدى. مۇسۇلمان بولغان بۇ ئىنسانلار بىلەن كېلەر يىلى ھەج مەۋسىمىدە كۆرۈششكە ۋەدىلىشىپ ئايرىلدى. كېيىنكى يىلى بۇ گۇرۇپقا يەنە ئالتە ئادەم قوشۇلۇپ 12 كىشى بولغان ئىدى. ھەج مەۋسىمىدە مەككىگە كېلىپ ۋەدىلەشكەن يەردە مەخپىي كۆرۈشتى. پەيغەمبىرىمىز مۇسۇلمان بولغان بۇ 12 كىشىدىن: ئاللاھقا ھېچ بىر نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەسلىككە، ناچار ئاياللار بىلەن ئارىلاشماسلىققا، ئوغرىلىق قىلماسلىققا، قىز بالىلىرىنى تىرىك كۆممەسلىككە، باشقىلارغا تۆھمەت قىلماسلىققا ۋە ئەخلاقسىزلىق ئىشلارنى قىلماسلىققا دائىر ۋەدە ئالدى. بىر يىلدىن كېيىن مۇشۇ يەردە كۆرۈششكە ۋەدىلىشىپ ئايرىلدى. پەيغەمبىرىمىز دوستى ئۆمەرنىڭ ئوغلى مۇسئەبنى مەدىنىلىكلەرگە ئىسلامنى ئۆگىتىشى ئۈچۈن ئۇلارغا قوشۇپ قويدى. مۇسئەب كۆپ تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ ئىسلامنىڭ مەدىنىدە تارقىلىشىغا ئاساس سالدى.

كېيىنكى يىلى مەدىنىلىك مۇسۇلمانلار 75 كىشى بولۇپ مەككىگە كەلدى. پەيغەمبىرىمىز بىلەن ئەقەبە دېگەن يەردە مەخپىي كۆرۈشۈپ ئۇنى مەدىنىگە دەۋەت (چاقىرىق) قىلدى. پەيغەمبىرىمىز ئەقەبەگە تاغىسى ئابباس بىلەن كەلگەن ئىدى. ئابباس مەدىنىلىكلەرگە قاراپ:

ـ ئۇ مېنىڭ قېرىندىشىمنىڭ ئوغلۇدۇر. مەن ئۇنى ناھايىتى ياخشى كۆرىمەن مەدىنىگە بارسا ئۇنىڭغا زىيان ـ زەخمەت تېگىپ قېلىشىدىن قورقىمەن، ئەگەر سىلەر ئۇنى مەدىنىدە دۈشمەنلىرىدىن قوغداپ قالالايدىغانلىقىڭلارغا ئىشەنچىڭىز بولسا ئۇ سىلەر بىلەن بىرگە بارسۇن، بولمىسا مەككىدە قالسۇن ـ دېدى.

پەيغەمبىرىمىز تاغىسى ئابباسنىڭ سۆزلىرىگە قىستۇرۇپ:

ــ سىلەردىن تەلىپىم: ئاللاھقا ھېچ بىر نەرسىنى شېرىك قىلماسلىقىڭلار، پەقەت ئۇنىڭغىلا ئىبادەت قىلىشىڭلاردۇر. ئۆزۈم ئۈچۈن، مېنى ۋە دوستلىرىمنى قوغداپ قېلىشىڭلاردۇر ــ دېدى ۋە قۇرئاندىن ئايەتلەر ئوقۇدى.

مەدىنىلىكلەر سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز ۋە دوستلىرىنى ئۆز ئائىلىسىنى قوغدىغاندەك قوغدايدىغانلىقى، ھەر ۋاقىت توغرا تەرەپتە تۇرۇپ، خاتا تەرەپتە

تۇرغانلارنى ئاگاھلاندۇرىدىغانلىقى ھەققىدە ۋەدە بەردى. پەيغەمبىرىمىزنى مەدىنىگە كېلىشكە چاقىردى. پەيغەمبىرىمىز ئەقەبەدىكى كۆرۈشتىن كېيىن مۇسۇلمانلارنى مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشقا بۇيرۇدى.

## تۆتىنچى بۆلۈم. مەدىنىگە ھىجرەت

### قايتىش ئۈچۈن كېتىۋاتىمىز

سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز ۋە جان دوستى ھەزرىتى ئەبۇبەكرى مەككىگە يېقىن سەۋرى. تېغىغا يېتىپ كەلدى. پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى ئەلىنى مەككىلىكلەرنىڭ ئۆزىدە ئامانەت قويغان نەرسە ـ كېرەكلەرنى ئامانەت ئىگىلىرىگە قايتۇرۇپ بېرىشى ئۈچۈن مەككىدە قالدۇرۇپ قويغان ئىدى. ئۇ كۈنى كەچتە ھەزرىتى ئەلى مۇشرىكلارنى ئېزىقتۇرۇش ئۈچۈن پەيغەمبىرىمىزنىڭ كارۋىتىدا ياتقان ئىدى. ھەزرىتى ئەبۇبەكرىنىڭ ئوغلى ئابدۇللاھ مەككىدە بولۇپ ـ ئۆتكەن خەۋەرلەرنى پەيغەمبىرىمىز غاردىن چىقىپ بولغۇچە بولغان ئارىلىقتا پەيغەمبىرىمىزگە يەتكۈزۈش ئۈچۈن مەككىدە قالغان ئىدى. تاغدا قوي بېقىۋاتقان ئامىر قويلارنى بېقىش ئۈچۈن تاغنىڭ ئاستىغا چۈشۈرۈپ پەيغەمبىرىمىز ۋە ھەزرىتى ئەبۇبەكرىگە سۈت بېرىدىغان ۋە مەككە مۇشرىكلىرىنى ئېزىقتۇرۇش ئۈچۈن ئابدۇللاھنىڭ ئىزلىرىنى يوق قىلىدىغان بولدى. ئۈرەيقىد ئىبنى ئابدۇللاھمۇ ئۈچىنچى كۈننىڭ ئاخىرىدا يېنىغا ئىككى تۆگە ئېلىپ سەۋرى غارىدا پەيغەمبىرىمىز بىلەن كۆرۈشۈپ يول باشلاپ ماڭىدىغان بولدى.

ئەتىسى مەخپىي غارغا كەلگەن ھەزرىتى ئەبۇبەكرىنىڭ ئوغلى ئابدۇللاھ مەككىدە بولۇپ ـ ئۆتكەن ئىشلارنى پەيغەمبىرىمىزگە مۇنداق بايان قىلدى:

ــ مۇشرىكلار ئەتىگەن ئۆيگە كىرگەن ۋاقتىتا ھەزرىتى ئەلىنى كۆرۈپ ھاڭ ـ تاڭ قالدى. ھەزرىتى ئەلىگە ئەسكىلىك قىلىپ ئۇنى بىر مۇددەت تۇتۇپ تۇرۇپ ئۇنىڭدىن بىر نەرسىلەرنى ئۇققۇشقا تىرىشتى. ئەمما ئەلىنى بىر نەرسە دېگۈزەلمەي قويۇپ بەردى. سىزنى (پەيغەمبىرىمىزنى) تىرىك ياكى ئۆلۈك ئېلىپ كەلگەنلەرگە يۈز تۆگە مۇكاپات بېرىلىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى. بۇنى ئاڭلىغانلار سىزنى ئىزدەپ تېپىش ئۈچۈن يولغا چىقتى ــ دېدى.

غاردا تۇرىۋاتقىلى ئۈچ كۈن بولغان ئىدى. كۈن چىقىشقا يېقىن ئۈرەيقىد ئوغلى ئابدۇللاھ تۆگىلەرنى ئېلىپ كەلدى ۋە پەيغەمبىرىمىز بىلەن بىرلىكتە مەدىنىگە يولغا چىقتى.

تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان، ياشلىق دەۋرنى بۇ يەردە ئۆتكۈزگەن پەيغەمبىرىمىزگە، مەككىدىن ئايرىلىش ناھايىتى ئېغىر كەلدى.

ئىسسىق ـ سوغۇق، ياخشى ـ يامان، باياشات ـ ياشلىق دەۋرىدىكى كەچۈرمىشلىرىنى ئۇنتۇپ شەھەرنى تاشلاپ كېتىشكە توغرا كېلەتتى. يەنە بىر تەرەپتىن مەككىدە مۇسۇلمانلارغا قىلىنغان ئەزىيەت داۋام قىلىۋاتاتتى. ئاللاھنىڭ ئەمرلىرىنى بىمالال ئىجرا قىلالمىغان ئىدى. مەككىدىن ئايرىلىش ئۇلار ئۈچۈن ھەرقانچە ئېغىر كەلسىمۇ ئەمما مەدىنە ئۇلار ئۈچۈن ئۈمىد ئىشىكى ئىدى. ئىسلامنى تېخىمۇ بىمالال تەبلىغ قىلالايتتى. پەيغەمبىرىمىز تۆگىنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ مەدىنىگە كېتىۋاتقاچ بۆلارنى ئويلىغان ئىدى. ئۇ بىر ۋاقىتتا توختىدى. مەككە تەرەپكە ئۇزۇن قارىدى ۋە:

ــ مەككە! سەن مەن ئۈچۈن دۇنيانىڭ ئەڭ گۈزەل شەھىرى، ئەگەر مېنى سەندىن ئايرىمىغان بولسا ئىدى، مەن سەندىن قەتئىي ئايرىلمايتتىم، بىر كۈنى تەكرار ساڭا قايتىپ كېلىمەن ــ دېدى.

ۋەرەقەنىڭ دېگىنىدەك بولدى. پەيغەمبىرىمىز 53 يېشىدا ئاتا ـ يۇرتىدىن ئايرىلىشقا مەجبۇر بولدى.

## ھەممە ئادەم ئۇنىڭغا كۈتىۋاتاتتى

سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز ۋە سەپەردىكى دوستى ھەزرىتى ئەبۇبەكرى سەۋر تېغىدىكى غاردىن ئايرىلغىلى سەككىز كۈن بولغان ئىدى. كۈندۈزنىڭ كۆيدۈرگۈچى ئىسسىقىدا ئارام ئېلىپ، كېچىدە يولغا يۈرەتتى. جاپالىق بىر سەپەردىن كېيىن مەدىنىگە ئۈچ كىلومېتىر يىراقلىقتىكى قۇبا يېزىسىغا يېتىپ باردى.

مەدىنىلىك مۇسۇلمانلار، پەيغەمبىرىمىزنىڭ مەككىدىن ئايرىلغانلىق خەۋەرىنى ئاڭلىغان ئىدى. ھەركۈنى مەدىنىنىڭ سىرتىدىكى ئېگىز يەرلەرگە چىقىپ خۇشاللىق كەيپىياتتا پەيغەمبىرىمىزنىڭ يولىغا تەلمۈرەتتى. ئەمما پەيغەمبىرىمىز مەككىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن ئۇنىڭ خەۋەرنى ئالالمىغان ئىدى. يىراقتىن بۇ سەۋەبتىن خاتىرجەمسىزلىك ئىچىدە پەيغەمبىرىمىزنى ساقلاۋاتاتتى.

بىر كۈنى پەيغەمبىرىمىزنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ تۇرىۋاتقان ۋاقىتتا ئىككى كىشىنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى. كېلىۋاتقانلار پەيغەمبىرىمىز ۋە ھەزرىتى ئەبۇبەكرى ئىدى.

چوڭ ـ كىچىك، قېرى ـ ياش پۈتۈن مەدىنىلىكلەر خۇشاللىقتا چۈمگەن ھالدا، قىزغىن كەيپىياتتا پەيغەمبىرىمىزنى قارشى ئالدى. بالىلارنىڭ ھەممىسى بىرلىكتە:

ـ سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز كەلگىنىڭىزنى قارشى ئالىمىز دەپ چۇقۇراشتى مەدىنە بايرام كەيپىياتقا چۈمدى. مەدىنىگە كەلگەن ۋاقىتدا ھەممە ئادەملەر ئۇنى ئۆيىدە مېھمان بولۇشقا تەكلىپ قىلدى. ھۆرمەت ۋە شەرەپكە ئىگە سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز بىزنىڭ ئۆيگەكەلسىڭىز، دېدى، پەيغەمبىرىمىز بۇ تەكلىپلەر ئالدىدا تۆگىسىنى قويۇپ بەردى ۋە تۆگە قايسى ئۆينىڭ ئالدىدا چۆكسە شۇ ئۆيدە مېھمان بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى. چۈنكى بۇنداق قىلغان ۋاقىتتا ھېچكىمنىڭ كۆڭلى ئاغرىمايتتى.

تۆگە مېڭىپ بوش بىر يەرنىڭ ئالدىدا توختاپ ئۇ يەرگە چۆكتى، بۇ يەرگە ئەڭ يېقىن ئۆي ئەبۇ ئەييۇب ئەنسارىنىڭ ئۆيى ئىدى. ئەبۇئەييۇب خۇشاللىقدا نېمە قىلارىنى بىلەلمىدى. پەيغەمبىرىمىز ۋە ھەزرىتى ئەبۇبەكرىنى مېھمان قىلىش ئۇنىڭغا خۇشاللىق ئۈستىگە خۇشاللىق ئېلىپ كېلەتتى.

سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز ئەبۇ ئەييۇبنىڭ ئۆيىدە بىر مۇددەت مېھمان بولدى.

پەيغەمبىرىمىز مەدىنىگە كەلگەن ۋاقىتتا قىز باللار ئۇنى تۆۋەندىكى ناخشا بىلەن قارشى ئالدى.

ئاي تۇغۇلدى ئۈستۈمىزگە،
ئاي تۇغۇلدى ئۈستىمىزگە،
ئاللاھقا دەۋەت قىلىنغاچقا،
شۈكۈر لازىم ئەمدى بىزگە.

سەن قۇياشسەن، سەن ئايسەن،
سەن نۇر ئۈستىگە ھەم نۇرسەن.
سەن سۇرەييا يۇلتۇزىسەن،
ئەي سۆيۈملۈك، ئەي رەسۇل.

بىزگە ئەۋەتىلگەن ئەلچىسەن!
ئۇلۇغ بىر دەۋەتتە كەلدىڭسەن،
بۇ شەرەپ ھەم بەردىڭسەن،
ئەي سۆيۈملۈك، ئەي رەسۇل!

ھىجرەت جەريانىدا سۆملۈك، پەيغەمبىرىمىزنى، مەدىنىدە ئۆيىدە، مېھمان قىلغان ئەبۇ ئەييۇبنىڭ، قەۋرى ئىستانبۇلدىكى ئەييۇب، سۇلتان جامىسىنىڭ يېنىدادۇر.

## بەشىنچى بۆلۈم. مەدىنە: بىر مەدەنىيەت شەھرى

### بىر مەدەنىيەت بەرپا قىلىنىۋاتىدۇ

مەدىنىنىڭ بۇرۇنقى ئىسمى يەسرەب ئىدى. پەيغەمبىرىمىز ھىجرەت قىلىشىدىن ئىلگىرىمۇ بۇ يەر كىشىلەر ئولتۇراقلاشقان يەر ئىدى. يەھۇدىي ۋە ئەرەب قەبىلىلىرى بىللە ياشايتتى. خەلق ئارىسىدا ھەرخىل دىن بار ئىدى. قەبىلىلەر ئوتتۇرىسىدا بىرلىك يوق بولۇپ ھەرخىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان دۈشمەنلىك مەۋجۇت

ئىدى.

### مەسچىت

سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز مەدىنىدە تۇنجى ئىشنى مەسچىت سېلىشتىن باشلىدى.

مەسچىت مۇسۇلمانلارنىڭ تۇرمۇشىدا پەقەت ئىبادەت قىلىدىغان يەرلا ئەمەس ئىدى. مەسچىتلەردە، مۇسۇلمانلار ئىبادەت قىلىش بىلەن بىرلىكتە ئۆزئارا سۆھبەتلىشىپ، ئەھۋالىشاتتى. يېتىم يوقسۇللارغا غەمخورلۇق قىلىنىپ، ئۇلارنىلا ھاجىتى راۋا قىلىناتتى. مەسچىتنىڭ يەنە بىر ۋەزىپىسى تەربىيىلەش ئورنى ئىدى. مۇسۇلمانلار كۈندىلىك تۇرمۇشتا ئۇچرىغان قىيىنچىلىقلارنى مەسچىتلەردە مۇزاكىرىلىشىپ ھەل قىلىش چارىلىرىنى ئىزدەيتتى.

### ئەزان

مۇسۇلمانلارنىڭ سانى كۈندىن ـ كۈنگە كۆپىيىپ، مەسچىت كىچىك كېلىشكە باشلىدى. ناماز ۋاقىتلىرىنى بىلدۈرۈش ۋە مۇسۇلمانلارنى ئىبادەتكە چاقىرىش ئۈچۈن ئورتاق بىر ئىشارەتكە ئېھتىياج بار ئىدى. خرىستىئانلار ئىبادەت ۋاقىتلىرىنى داڭ ئۇرۇپ، يەھۇدىيلار كاناي چېلىپ بىلدۈرەتتى. بۇ سەۋەبتىن داڭ ۋە كاناي چېلىنسا بولمايتتى. بايراق ئېسىش ۋە مەشئەل يېقىشمۇ ئۇيغۇن كۆرۈلمىدى.

زەيدنىڭ ئوغلى ئابدۇللاھ ۋە بەزى ساھابىلار كۆرگەن چۈشلىرى ئاقىلىق بۇ مەسىلىنى ھەل قىلدى. چۈشىدە ئابدۇللاھقا ئەزان سۆزلىرى ئۆگىتىلگەن ئىدى. چۈش كۆرگەنلەرنىڭ ھەممىسى چۈشىنى پەيغەمبىرىمىزگە ئېيتىپ بەردى.

زەيد ساھابىلارنىڭ كۆرگەن چۈشنى تەستىقلىدى. ئوخشاش سۆزلەر پەيغەمبىرىمىزگە ۋەھيي ئارقىلىق بىلدۈرۈلگەن ئىدى. بۇنىڭغا ئاساسەن پەيغەمبىرىمىز، ھەزرىتى بىلالغا، ئەزان ئۆگىتىشنى ۋە ئەزاننى ھەزرىتى بىلالنىڭ ئوقۇشنى تەلەپ قىلدى. چۈنكى ھەزرىتى بىلالنىڭ ئاۋازى جاراڭلىق ۋە چىرايلىق ئىدى. ھەزرىتى بىلال ئەزان ئوقۇدى ۋە گۈزەل ئاۋاز بىلەن مۇسۇلمانلارنى ئىبادەت قىلىشقا چاقىردى.

### ئولتۇراق يېرى

سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز ھىجرەت قىلغانلار ئۈچۈن مەدىنىدە يېڭى بىرى ئولتۇراقلىشىش (ماكانلىشىش) پىلانى تۈزدى. مەدىنىلىك مۇسۇلمانلار قولىدىكى ئارتۇق يەرلەرنى، ھىجرەت قىلىپ كەلگەن مۇسۇلمانلارغا ھەدىيە قىلدى. پەيغەمبىرىمىز ھەدىيە قىلىنغان يەرلەرگە ھىجرەت قىلغان مۇسۇلمانلارنى ئورۇنلاشتۇردى.

## قېرىنداشلىق

سۈيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز پۈتۈن مۇسۇلمانلارنىڭ بىرى ـ بىرى بىلەن ئايرىلماس جان ـ دوستلاردەك بولۇشىنى ئارزۇ قىلاتتى. چۈنكى مۇشۇنداق بولغاندىلا قىيىنچىلىقلارنى يەڭگىلى بولاتتى. مەككىدىن ھىجرەت قىلىپ كەلگەن مۇسۇلمانلار، مۇھاجىرلار، مەدىنىدە ئۇلارنى قارشى ئېلىپ، ياردەم قىلغانلار ئەنسارىلار دەپ ئاتالدى. مۇھاجىرلار مەدىنىدە غۇربەتتە ئىدى. ھەممە نەرسىسى مەككىدە قالغان ئىدى. بەزىسى ئايالىنى، بالا ـ چاقىلىرىنى، بەزىلىرى مال ـ مۈلكىنى مەككىدە قويۇپ قويغان ئىدى. پەيغەمبىرىمىز ئەنسارىلار بىلەن مۇھاجىرلارنى قېرىنداشلىققا تاللىدى. قېرىنداشلىرى ئېنىق بولغان ۋاقىتتا مۇھاجىرلار قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلدى. ئەنسارىلار بولسا قىيىنچىلىقتا قالغانلارغا ياردەم قىلالىغانلىقى ئۈچۈن كۆڭلى خۇشاللىققا چۆمگەن ئىدى.

بۇنىڭ بىلەن پەيغەمبىرىمىز، مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆز ـ ئارا ھەمكارلىشىپ ئىچكى ۋە سىرتقى دۈشمەنلەرگە قارشى كۈچلۈك بىر جەمئىيەت بەرپا قىلىشنى ئەمەلگە ئاشۇردى.

## بىرلىكتە ياشاش

مەككىلىك مۇشرىكلار مەدىنىگە ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن پۇرسەت ئىزدەۋاتاتتى. مۇسۇلمانلار ئۆزئارا بىرلىك، باراۋەرلىكنى قۇرۇپ بولغاندىن كېيىن سىرتقا قارىتارمۇ بىرلىك، باراۋەرلىك بولۇشى لازىملىقىنى ھېس قىلدى.

مەدىنىنىڭ نوپۇسى تەخمىنەن 10 مىڭ ئىدى. نوپۇسنىڭ بىر قىسمىنى يەھۇدىيلاردىن تەشكىل تاپقان ئىدى. يەھۇدىيلار كاتتا نۇپۇزغا ئىگە ئىدى. بۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە مەدىنىدە مۇسۇلمان بولمىغان ئەرەبلەرمۇ بار ئىدى.

پەيغەمبىرىمىز بۇ گۇرۇپلار بىلەن كۆرۈشۈپ، مەدىنىدە تىنچلىق ۋە بىرلىك ئىچىدە ياشاش زۆرۈرلۈكىنى ئېيتتى. ئۆزئارا كۆرۈشكەندىن كېيىن بۇ گۇرۇپلار بىلەن ئوتتۇرىسىدا بىر كېلىشىم ئىمزالاندى. بۇ كېلىشىمگە ئاساسەن مۇسۇلمانلار بىلەن يەھۇدىيلار ئوخشاش ھەققە ئىگە بولىدىغان. ئەگەر بىر يەھۇدىي زىيانغا ئۇچرىسا، مۇسۇلمانلار ئۈچۈنمۇ ئوخشاش ئىجرا قىلىنىدىغان بولدى.

كېلىشىمگە ئاساسەن سىرتتىن كېلىدىغان بىر ھۇجۇمغا قارىتا شەھەرنى بىرلىكتە مۇداپىئە قىلىدىغان بولدى. ئوخشىمىغان پىكىردە بولغانلار بىلەن پەيغەمبىرىمىز ئۆزى كۆرىشىدىغان بولدى.

سۈيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز بۇ كېلىشىم بىلەن كېلىشمەسلىكلەردە قازى (ھاكىم) بولىدىغان بولدى. بۇ كېلىشىمگە ئاساسەن ھەممە ئادەم ئۆز دىنىدا ئەركىن ياشىيالايدىغان بولدى.

بۇ كېلىشىم مەدىنىدىكى ئىچكى ئۇرۇشنى توختاتقان ئىدى. نەتىجىدە بۇ كېلىشىمدىن پەيغەمبىرىمىز ۋە مۇسۇلمانلار مەنپەئەتكە ئېرىشتى.

## ھەممە ئادەم مەكتەپلىك بولدى

پەيغەمبەر مەسچىتنى سېلىنىۋاتقان ۋاقىتتا، سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىزنىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن مەسچىتنىڭ يېنىغا بىر ياتاقخانىمۇ قوشۇپ سېلىندى. بۇ يەرگە "ئەسھابى سۇپپە "ئىسمى بېرىلدى. بۇ يەر بىر مەكتەپ ۋە ئۇ مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى پەيغەمبىرىمىز ئىدى. ئوقۇغۇچىلار قۇرئاننى پەيغەمبىرىمىز ئۆزلىرىنى، ئۆزىنى ھەرتەرەپتىن يېتىشتۈرەتتى. بىر تەرەپتىن ئۆگىنىپ يەنە بىر تەرەپتىن ئۆگىتىشكە تەييارلىق قىلاتتى.

سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز مەكتەپ بىلەنلا قانائەتلىنىپ قالماي مەدىنىدە ئوقۇش، ئوقۇتۇش سەپەۋەرلىكىنى باشلىدى. ئەر ـ ئايال، چوڭ كىچىك ھەممە ئادەم بۇ سەپەرۋەرلىككە قېتىلدى.

## رامىزان

رامىزان ئېيى مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ئىبادەت ئېيىدۇر. بۇ ئاينى روزا تۇتۇپ ئۆتكۈزۈش ئالالاھنىڭ بۇيرۇقىدۇر. روزا تۇتۇش ھىجرەتتىن بىر يېرىم يىلدىن كېيىن مۇسۇلمانلارغا تۆۋەندىكى ئايەت بىلەن پەرز قىلىندى:

ئى مۆمىنلەر! سىزدىن ئىلگىرىكىلەرگە روزا پەرز قىلىنغانىدەك، گۇناھ ئۆتكۈزۈشىدىن ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈ سىلەرگىمۇ پەرز قىلىندى (سۇرە بەقەرە 183 ـ ئايەت)

پەيغەمبىرىمىز بۇ ئايغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرەتتى، كۈندۈزلىرى روزا تۇتۇپ كېچىلىرى كۆپلەپ ئىبادەت قىلىپ ئۆتكۈزەتتى، يېتىم يوقسۇللارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ، ئۇلارنى داستىخان چاقىراتتى.

قۇرئان بۇ ئايدا قەدىر كېچىسىدە نازىل بولدى. مۇسۇلمانلار بۇ ئاينىڭ ئىبادەت قىلىپ، تەراۋىھ نامىزى ئوقۇپ، دۇئا ئوقۇپ، قۇرئان تىڭشاپ ئۆزئارا ياردەملىشىشىڭلار بىلەن ئۆتكۈزىدۇر.

باي مۇسۇلمانلار، پۇل مېلىدىن مەلۇم مىقداردا يوقسۇللارغا زاكات بېرىدۇ. زاكات ئىسلامنىڭ بەش ئاساسىنىڭ بىرىدۇر ۋە ھىجرەتتىن ئىككى يىل كېيىن پەرز قىلىندى. قۇرئاندا كۆپ يەردە ناماز بىلەن بىرلىكتە بۇيرۇلغان نامازنى ئاداقىلىڭلار، زاكاتنى بېرىڭلار، رۇكۇ قىلغۇچىلار بىلەن بىللە رۇكۇ قىلىڭلار (سۇرە بەقەرە 43 ـ ئايەت)

## دۈشمەنلىك داۋام قىلىۋاتىدۇ

مۇسۇلمانلارنىڭ مەككىدە ئۆتكەن ئۆمرى سەۋرى قىلىش بىلەن ئۆتكەن ئىدى.

مۇشرىكلاردىن ھەرۋاقىت زۇلۇم ۋە ئەزىيەت كۆرگەن ئىدى. سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز، مۇسۇلمانلارنى سەۋر قىلىشقا، قانىنى قان بىلەن يۇماسلىققا بۇيرىغان ئىدى. مۇشرىكلار مۇسۇلمانلارنى مەككىدە ياشاشقا ئامالسىز قالدۇرۇپ، بەرداشلىق بېرىش مۇمكىن بولمىغىدەك ئەزىيەتلەرنى قىلغان ئىدى.

ئەمما مەدىنىدە ئەھۋال بۇنىڭ ئەكسىچە ئىدى. مەدىنىدە مۇسۇلمانلار بىخەتەرلىكىنى ساقلاپ، دۆلەت قۇرۇپ، قوشنىلىرى بىلەن تىنچ ئامانلىق ئىچىدە ياشىغان ئىدى. پەيغەمبىرىمىز ئىسلام دىنىنى ناھايىتى چىرايلىق ئۇسلۇبتا چۈشەندۈرۈپ ئۇسلۇبىدا ھېچقانداق ھىيلە ياكى مەجبۇرلاش ئۇسۇلىنى قوللانمىدى. ئۇ ئۇرۇش قىلىشنى ياخشى كۆرمەيتتى، ئىنسانلارنى بىلىملىك بولۇشقا ۋە قۇرئان ئوقۇشقا چاقىردى. ئىنسانلارنىڭ خالىغان دىنغا كىرىشىگە ئەركىنلىك بەرگەن ئىدى.

مەككىلىك مۇشرىكلار بۇ ئەھۋالدىن رازى ئەمەس ئىدى ۋە مەخپىي رەۋىشتە مۇسۇلمانلار بىلەن ئۇرۇشۇش ئۈچۈن تەييارلىق قىلىۋاتاتتى. پەيغەمبىرىمىز بۇ خەتەرلىك ئەھۋالنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن مەككىلىكلەرنىڭ تىجارەت يوللىرىنى كونتروللۇقىغا ئېلىشنى ئۈمىد قىلاتتى. ۋە كارۋانلارنىڭ قورال ئېلىپ كېلىپ بۇ قوراللارنى مۇسۇلمانلارغا قارشى ئىشلىتىلىدىغانلىقىنى بىلەتتى.

## بەدرى ئۇرۇشى

مەككىلىكلەر بىلەن ئۇرۇش قىلىش ئېھتىمالىغا يېقىن ئىدى. بۇ سەۋەبىدىن سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىزنىڭ يۈرىكى ئاغرىيتتى.

پەيغەمبىرىمىز تەييارلىقنى تۈگىتىپ 305 ساھابە بىلەن بىرلىكتە بەدرى دېگەن يەرگە كەلدى. مۇشرىكلارمۇ 1000 كىشىلىك ئەسكەر بىلەن يولغا چىقتى.

بۇ ۋاقىتتا پەيغەمبىرىمىزنىڭ يېنىغا ھۆزەيفە كەلدى. قوشۇنغا قوشۇلۇش ئۈچۈن دادىسى بىلەن يولغا چىققانلىقىنى، مۇشرىكلارغا تۇتۇلۇپ قالغانلىقىنى ۋە ئىسلام قوشۇنىغا قېتىلمايدىغانلىقى ھەققىدە ۋەدە بەرگەندىلا ئاندىن قويۇپ بېرىلگەنلىكى ئېيتتى.

پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئەسكەرگە ئېھتىياجى بار ئىدى. ئەمما پەيغەمبىرىمىز ئۇنىڭ ئۇلارغا بەرگەن ۋەدىسىدە تۇرۇپ، ئۇرۇشقا قاتناشماسلىقنى، مەدىنىگە قايتىپ كېتىشنى بۇيرىدى.

پەيغەمبىرىمىز يىراقتىن كېلىۋاتقان كۈچلۈك مۇشرىك قوشۇنىنى كۆرۈپ:

- "ئى ئاللاھ! قۇرەيشلىكلەر كىبىر ۋە مەغرۇرانە كېلىۋاتىدۇ. ساڭا قارشى چىقىۋاتىدۇ. سېنىڭ پەيغەمبىرىڭنى يالغانغا چىقىرىۋاتىدۇ. ئى ئاللاھ! بىزگە ياردەم قىلغىن! ئەگەر بۇ بىر قىسىم مۇسۇلمان ھالاك بولىدىغان بولسا بۇندىن كېيىن يەر يۈزىدە ساڭا ئىبادەت قىلىدىغان ھېچكىم قالمايدۇ "دەپ يالۋۇردى.

پەيغەمبىرىمىز مەدىنىدە ئىسلام قوشۇنىنى تەرتىپكە سالدى. تۇرىۋاتقان يىرى قۇملۇق ئىدى. بۇنىڭغا ئاساسەن ساھابىلەردىن خۇبابە پەيغەمبىرىمىزنىڭ يېنىغا كېلىپ:

ــ بۇ يەردە تۇرۇشنى ئاللاھنىڭ بۇيرىقى بويىچە تاللىدىڭمۇ ياكى ئۆز قارارىڭ بىلەن تاللىدىڭمۇ؟ ـ دەپ سورىدى. پەيغەمبىرىمىز ئۆز قارارى بويىچە تاللىغانلىقىنى ئېيتقاندا:

ـ جەڭ ئۈچۈن بۇ يەر ئۇيغۇن ئەمەس، رۇخسەت قىلغىن، شۇ بەدرى قۇدۇقلىرىنىڭ يېنىغا بېرىپ ئورۇنلىشايلى! ئەتراپىدىكى باشقا قۇدۇقلارنى كۆمىۋېتەيلى ـ دېدى. پەيغەمبىرىمىز بۇ پىكىرگە قوشۇلدى. قوشۇن تېزلىكتە بەدرى قۇدۇقلىرىنىڭ يېنىغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

بۇ ۋاقىتتا پەيغەمبىرىمىز ئەنسارىلار ۋە مۇھاجىلارنى يىغىپ ئۇلار بىلەن جەڭ ھەققىدە مەسلىھەتلەشتى. ئۆزئارا مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن ئۇلارنىڭ ھەممىسى پەيغەمبىرىمىزگە بولغان ساداقىتىنى بىلدۈردى.

سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز پۈتۈن تەييارلىقلارنى تۈگىتىپ بولغاندىن كېيىنمۇ ئۇرۇش قىلىشنى خالىمايتتى. ھەزرىتى ئۆمەرنى دۈشمەن تەرەپكە ئەۋەتىپ ئۇلارغا ئۇرۇشتىن ۋازكېچىش تەكلىپىنى بەردى. مۇشرىكلار، مۇسۇلمانلارنى ئاجىز ھېسابلاپ، بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۇلارنى يوقىتىشنى ئويلايتتى.

ئۇرۇش باشلىدى ۋە تۆت ـ بەش سائەتتىن كېيىن ئاخىرلاشتى. مۇشرىكلار قوشۇنىنى تارقىتىلىپ ئېغىر زىيان تارتتى. مۇسۇلمانلاردىن 14 كىشى شېھىت بولدى. مۇشرىكلاردىن ئەبۇجەھىل بىلەن بىرلىكتە 70 كىشى ئۆلتۈرۈلدى. جانابى ئاللاھ ياردەم ئەۋەتىپ، پەيغەمبەرنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلغان ئىدى.

## ئېچىنىشلىق ئاچچىق ساۋاق: ئوھۇد

بەدرى ئۇرۇشىدىن كېيىن بىر يىل ئۆتتى، مەدىنىگە مەككىلىك مۇشرىكلارنىڭ ھۇجۇم قىلىدىغان خەۋىرى كەلدى. بۇ ھەقتە مۇسۇلمانلارنىڭ پىكرىنى ئېلىش ئۈچۈن بىر يەرگە چاقىرىلدى. پەيغەمبىرىمىزنىڭ تاغىسى ھەمزە سۆز قىلىپ، جەڭنىڭ مەدىنە سىرتىدا بولۇشىنى تەلەپ قىلدى. بەزى ياشلار ھەمزىنىڭ پىكرىنى قوللىدى. ئەمما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇداپىئە ئۇرۇشى ئېلىپ بېرىش پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئوتتۇرىغا قويۇلغان پىكىرلەر ئىچىدە ئۇرۇشۇشنى خالايدىغانلار كۆپ سانلىق بولغانلىقى ئۈچۈن، مۇشرىكلارنى مەدىنە سىرتىدا كۈتۈپ تۇرۇش قارار قىلىندى.

بۇ ۋاقىتتا مەدىنىگە، تولۇق قورال‌لانغان ئۈچ مىڭ كىشىلىك مەككە قوشۇنىنىڭ كېلىۋاتقان خەۋىرى كەلدى. مۇشرىكلار بەدرى مەغلۇبىيىتىنىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىشقا كەلگەن ئىدى.

سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋە دوستلىرى جۈمە نامىزىدىن كېيىن يولغا چىقتى. ئەتىسى ئەتىگەن بامدات ۋاقتىدا ئوھۇد تېغىغا يېتىپ كەلدى. مۇسۇلمانلار مىڭ كىشى ئىدى. ئەمما يولدا 300 كىشى ئۇرۇشتىن ۋاز كېچىپ ئايرىلغان ئىدى. بۇ ئايرىلغانلار، كۆرۈنىشتە مۇسۇلمان، ئەمەلىيەتتە مۇسۇلمان ئەمەس ئىدى. مەقستى مۇسۇلمانلارنى قورقىتىش ۋە ئۈمىدسىزلەندۈرۈش ئىدى. بۇ خىل كىشلەر مۇناپىق دېيىلىدۇ.

تارىخ مىلادىي 625 ـ يىلنى كۆرسىتىۋاتاتتى. ئوھۇد دەپ ئاتالغان ۋە مەدىنىگە يېقىن بىر يەردە ئىككى قوشۇن سەپ تۈزدى. مۇشرىكلارنىڭ مەدىنىگە يېقىنلاپ كېلىشىدىكى مەقستى، مۇسۇلمانلارنى يەڭگەندىن كېيىن مەدىنىگە كىرىپ، مەدىنىنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىش ئىدى.

پەيغەمبىرىمىز بۇنىڭغا قارىتا پۈتۈن تەدبىرلەرنى ئېلىپ، ئەڭ كىچىك خەتەرلەرگىمۇ چارە ئويلاپ قويغان ئىدى. ئەڭ ئۇستا ئوقيا ئاتقۇچىلارنى تاللاپ سول تەرەپتىكى ئېگىزلىككە ئورۇنلاشتۇردى. قوماندانلىقىقا جۇبەير ئوغلى ئابدۇللاھنى تەيىنلىدى ۋە:

ـ بىز ئوقلىرىڭلار بىلەن، ئاتلىق مۇشرىكلاردىن قوغداڭلار، ئۇلارنىڭ ئارقىمىزدىن كېلىپ بىزگە ھۇجۇم قىلىشىغا يول قويماڭلار، جەڭدە يەڭسەك ياكى يېڭىلسەك ئورنىڭلاردىن ئايرىلماڭلار، ئۆلتۈرۈلگەنىكىمىزنى كۆرسەڭلارمۇ، بىزگە ياردەمگە كەلمەي، يېرىڭلاردا مىدىرلىماي تۇرۇڭلار ـ دېدى.

ئۇرۇش باشلىدى. بىر نەچچە سائەتتىن كېيىن مۇشرىكلار يېڭىلىشقا باشلىدى. ئەمما بىر مۇددەتتىن كېيىن ئۇرۇشنىڭ ئەھۋالى ئۆزگەردى. مۇسۇلمانلار، مۇشرىك ئىككى قوشۇننىڭ ئوتتۇرىسىدا قالدى. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېگىزلىككە ئورۇنلاشتۇرغان ئوقياچىلار، نېمىلا بولمىسۇن مۇسۇلمانلار جەڭدە غەلىبە قىلدى دەپ يەرلىرىدىن ئايرىلغان ئىدى.

پەيغەمبىرىمىزنى بۇيرىقىغا بويسۇنماسلىقنىڭ زىيىنى ناھايىتى ئېغىر بولدى. بۇ جەڭدە ھەزرىتى ھەمزە بىلەن بىرلىكتە 70 كە يېقىن مۇسۇلمان شېھىت بولغان ئىدى. سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىزنىڭ كالپۇكى يېرىلىپ، چىشى سۇنۇپ، كەتتى. مۇسۇلمانلار ئوھۇد تېغىغا چېكىنىۋالغاندىن كېيىن قورشاۋدىن قۇتۇلدى. مۇشرىكلار مەدىنىگە كىرمەي، بەدرى مەغلۇبىيىتىنىڭ ئىنتىقامىنى ئالدۇق، دەپ مەككىگە قايتتى.

مۇسۇلمانلار تاغدىن پەسكە چۈشۈپ جەڭ مەيدانىدا قارىغان ۋاقتتا شېھىت بولغان پۈتۈن مۇسۇلمانلارنىڭ جەسەتلىرىنىڭ پارچىلانغانلىقىنى كۆردى. جەسەتلەرنى ئۇرۇش مەيدانىغا دەپنە قىلىپ قايغۇدىن يۇرەكلىرى پارە ـ پارە ھالەتتە مەدىنىگە قايتىپ كەلدى.

## ھەرخىل سۈيىقەستلەر

مەدىنە كوچىلىرى ئوھۇد مەغلۇبىيىتىنىڭ كۆز يېشى بىلەن تولغان ئىدى. مۇسۇلمانلار ئوھۇد ئۇرۇشىدا ئېغىر زىيان تارتقان ئىدى. ئەمما، پەيغەمبىرى يېنىدا ئىدى. ئۇنىڭ سۆزىنى تىڭشاشنىڭ قانچىلىك مۇھىملىقىنى تونۇپ يەتكەن ئىدى. بۇنىڭ بىلەن هايات داۋام قىلماقتا ئىدى.

بۇ ۋاقىتتا مەدىنىگە بىرسى كەلدى ۋە پەيغەمبىرىمىزدىن ئۆز قەبىلىسىگە ئىسلامنى تەبلىغ قىلىدىغان تەبلىغچىلەر ئەۋەتىشنى تەلەپ قىلدى. پەيغەمبىرىمىز ئۇنىڭدىن ئەۋەتىلگەن تەبلىغچىلەرنى قوغداش لازىملىقى ھەققىدە ۋەدە ئالدى. ئۇ ئادەم ۋەدە بەرگىنىدىن كېيىن پەيغەمبىرىمىز سۇپپە مەكتىپىدىن ياخشى يېتىشكەن 70 كىشىنى ئەۋەتتى.

بۇ 70 كىشى بىرى مائۇنە دېگەن يەردە يوشۇرنۇپ ياتقان كىشىلەر تەرىپىدىن ھۇجۇمغا ئۇچراپ، ئۆزلىرىنى قوغداش پۇرسىتىگە ئىگە بولالماي شېھىت قىلىندى.

رەجىئى دېگەن يەردىمۇ مۇسۇلمانلارغا سۇيىقەست قىلىنىپ سەككىز مۇسۇلمان شېھىت بولغان ئىدى. خۇبەيب ۋە زەيد ئەسىرگە چۈشكەن ئىدى. ئەسىر ئالغۇچىلار بۇ ئىككى كىشىنى مەككە مۇشرىكلىرىغا ساتتى. مۇشرىكلار خۇبەيبنى شېھىت قىلدى. زەيدنى شېھىت قىلىشتىن ئىلگىرى ئۇنىڭدىن:

ـ ھازىر مۇھەممەدنىڭ سېنىڭ ئورنىڭدا بولۇشىنى خالامسەن؟ ـ دەپ سورىدى. زەيد ئۇلارغا:

ـ قەسەم قىلىمەنكى! مەن ئۇنىڭ بۇ يەردە بولۇشىنى ئەمەس پۇتىغا بىر تىكەننىڭ كىرىپ كېتىشىگىمۇ بەرداشلىق بېرەلمەيمەن ـ دېدى. بۇ ساداقەتنى كۆرگەن مۇشرىكلار:

ـ دوستلىرى، مۇھەممەدنى نېمانداق ياخشى كۆرىدىغاندۇ؟ بىز بۇخىل سۆيگۈنى كۆرمىگەنىدۇق ـ دېيىشىدىن ئۆزلىرىنى تۇتالمىدى.

## مۇشكۈل ئىمتىھان خەندەك

ئوھۇد ئۇرۇشى بولۇپ ئۆتكىنىگە ئىككى يىل بولغان ئىدى. مۇشرىكلارنىڭ مەككىدىن 10 مىڭ كىشىلىك بىر قوشۇن بىلەن يولغا چىققانلىق خەۋىرى كەلدى. مەككىلىك مۇشرىكلار بىكار تۇرمايتتى. پەيغەمبىرىمىز تېزلىكتە دوستلىرىنى مەسچىتكە يىغدى. ئۇرۇش ھەققىدە نېمە قىلىش لازىملىقىنى مۇزاكىرە قىلدى. ئەسلى ئىرانلىق بولغان سەلمان:

ـ ئىراندا بۇ خىل خەتەرگە دۇچ كەلگەن ۋاقىتتا شەھەرنىڭ ئەتراپىغا خەندەك قازىمىز، بۇ يەردىمۇ خەندەك قازساق ـ دېدى. بۇ پىكىرگە كۆپچىلىك قوشۇلدى.

مەدىنىنىڭ ئەتراپىغا خەندەك قېزىش كېرەك ئىدى. ئىشقا تېزلىكتە باشلاندى.

كىچىككەندىمۇ بىر ھەپتە ئىچىدە خەندەك قېزىلىپ بولۇشى كېرەك ئىدى. ھەر كۈنى كۈن چىقىشىدىن باشلاپ ئاخشامغىچە خەندەك قېزىش باشلاندى. سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىزمۇ دوستلىرى بىلەن بىرلىكتە خەندەك قېزىپ دوستلىرىغا مەدەت بەردى.

بىر ھەپتىدىن كېيىن قېزىلغان خەندەكنىڭ ئۇزۇنلىقى بەش يېرىم كىلومېتىرغا يەتتى، كەڭلىكى بىر ئات سەكرەپ ئۆتەلمەيدىغان، چوڭقۇرلۇقى بىر ئات ئىچىگە چۈشكەندە چىقالمايدىغان دەرىجىدە قېزىلدى.

پەيغەمبىرىمىز 3000 كىشىنى شەھەرنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىگە ئورۇنلاشتۇردى. قوشۇننى ئۇرۇش ھالىتىگە ئەكەلدى. بۇ ۋاقىتتا مۇشرىكلارمۇ كەلگەن ئىدى. مۇشرىكلار مەدىنىدىكى يەھۇدىيلار ۋە مۇسۇلمان بولمىغان ئەرەبلەرنىمۇ بىللە ئېلىپ كەلگەن ئىدى. مۇشرىكلار خەندەكنى كۆرۈپ نېمە قىلىشنى بىلەلمىدى. چۈنكى ھازىرغىچە بۇنداق بىر نەرسىنى كۆرۈپ باقمىغان ئىدى.

ئۇرۇش باشلاندى، ئۇرۇش بەزى ۋاقىتلاردا ئەۋجىگە چىقتى، بەزى ۋاقىتلاردا پەسلەپ قالدى. ئۇرۇش 27 كۈن داۋام قىلدى. بىر نەتىجىگە ئېرىشەلمىگەن مۇشرىكلار قۇرۇق قول مەككىگە قايتتى. جەڭ ئاخىرلاشتى، مۇسۇلمانلار يەنە بىر غەلىبىنى قولغا كەلتۈردى.

## ئالتىنچى بۆلۈم. ئۆيىگە قايتىش

### ھۇدەيبىيە كېلىشىمى

سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز بىر كۈنى ناھايىتى خۇشال ئىدى. بۇ خۇشاللىقىنىڭ سەۋەبىنى دوستلىرىغا ئېيتتى "ئەتە، مەككە ۋە كەبىنى زىيارەت قىلغىلى بارىمىز" دېدى. بۇ خەۋەر مۇھاجىرلار ئۈچۈن ناھايىتى مۇھىم ئىدى. چۈنكى مەككىدىن ئايرىلغىلى ئالتە يىل بولغان ئىدى ۋە داۋاملىق مەككىنى سېغىناتتى. مەككە كوچىلىرىنى ئايلىنىپ، باللىق ۋە ياشلىق دەۋرىنى ئۆتكۈزگەن بۇ يەرلەرنى قاتتىق كۆرگىسى كەلگەن ئىدى.

پەيغەمبىرىمىز 1500 ساھابە بىلەن بىرلىكتە يولغا چىقتى. يولدا ئانىسىنىڭ قەبرىسىگە بېرىپ دۇئا قىلدى.

مەككىگە يېقىن ھۇدەيبىيەگە چېدىر تىكتى. پەيغەمبىرىمىز مەككىگە ھەزرىتى ئوسماننى ئەلچى قىلىپ ئەۋەتتى. ئۇرۇش ئۈچۈن كەلمىگەنلىكىنى، رۇخسەت قىلسا كەبىنى تاۋاپ قىلىپ قايتىپ كېتىدىغانلىقىنى مەككىلىكلەرگە بىلدۈرۈشنى ئوسمانغان ئېيتتى. ھەزرىتى ئوسمان مەككىگە باردى. ئەمما قايتىپ كېلىشى

كېچىكتى. ئەتراپقا ئۇنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىك خەۋىرى تارقالدى.

ئۇلار ئۇرۇشۇش ئۈچۈن كەلمىگەن ئىدى. ئەمما ئۇرۇش بولۇپ قېلىش ئېھتىمالى بار ئىدى. پەيغەمبىرىمىز دوستلىرىنى يىغدى. دوستلىرى پەيغەمبىرىمىز بىلەن بىللە ئۆلگىچە ئۇرۇش قىلىشقا ۋەدە بەردى.

بىر مۇددەتتىن كېيىن ھەزرىتى ئوسماننىڭ ساق ـ سالامەت ئىكەنلىكى خەۋىرى كەلدى. ھەزرىتى ئوسمان مەككە مۇشرىكلىرىنىڭ ۋەكىللىرى بىلەن بىرگە كەلدى.

مەككىلىك ۋەكىللەر مۇسۇلمانلارنىڭ مەككىگە كىرىشىگە يول قويمايدىغانلىقىنى ۋە كېلىشىم تۈزۈشنى تەكلىپ قىلدى. پەيغەمبىرىمىز ۋەكىللەر بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن كېلىشىم تۈزۈشكە قوشۇلدى. ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا كېلىشىم ئىمزالاندى. مۇسۇلمانلارنىڭ كۆڭلى يېرىم ئىدى. ئۇلار مەككىگە شۇنداق يېقىن كېلىپ قالغان تۇغرۇلۇق بۇ يەرگە كىرەلمىگەن ئىدى.

كېلىشىمگە ئاساسەن، مۇسۇلمانلار بۇ يىل كىرەلمەيدۇ. ئەمما كېلەر يىلى كەبىنى تاۋاپ قىلسا بولىدۇ، دېيىلگەن ئىدى. مۇسۇلمانلارنى كۆڭلىنى قاتتىق يېرىم قىلغان ئەسلى سەۋەب بولسا كېلىشىمدە دېيىلگەن ”قۇرەيشتىن بىر كىشى مۇسۇلمان بولۇپ مەدىنىگە ئىلتىجا قىلسا، قوبۇل قىلىنمايدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە مەككىگە ئىلتىجا قىلغان ھەرقانداق بىر مۇسۇلمان قايتۇرۇپ بېرىلىدۇ“دېگەن ماددىلار ئىدى.

بۇ ماددا مۇسۇلمانلارغا بەك ئېغىر كەلگەن ئىدى. ئەتراپنى جىمجىتلىق قاپلىدى.

بۇ ۋاقىتتا باش ـ ئاياقلىرى زەنجىر بىلەن كىشەللەنگەن بىر ئادەم بىھۇش ھالەتتە يانلىرىغا كەلدى. قان ـ تەرگە چۆمۈلگەن ئەبۇجەندەل ئىدى. سۈھەيل ئوغلى مۇسۇلمان بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى ئۆيىگە سۇلاپ قويۇپ پۇت ـ قوللىرىغا زەنجىر سالغان ئىدى. ئۇ بىر ئامال قىلىپ قېچىپ كەلگەن ئىدى. دادىسى ئوغلۇغا يېقىنلىشىپ بوينىدىكى زەنجىردىن تۇتۇپ، يۈزىگە قاتتىق بىر كاچات ئۇردى ۋە پەيغەمبىرىمىزگە قاراپ:

ـ ئوغلۇم كېلىشتىن ئىلگىرى كېلىشىم تۈزۈلگەن ـ دېدى.

پەيغەمبىرىمىز گەپ قىلماي كېلىشىم تۈزۈلگەنلىكىنى تەستىقلىدى. سۈھەيل:

ــ ئۇنداق بولسا، ئۇنى ماڭا قايتۇرۇپ بەرگىن ــ دېدى. بۇ ۋاقىتتا ئەبۇجەندەل:

ـ مۇسۇلمانلار! سىلەر، ماڭا زۇلۇم قىلسۇن، مېنى دىنىدىن ياندۇرسۇن دەپ مۇشرىكلارغا قايتۇرۇپ بېرەمسىلەر؟ دەپ پەريات قىلدى. پەيغەمبىرىمىز ئەبۇجەندەلنىڭ دادىسىنى بىر تەرەپكە چاقىرىپ تۇرۇپ، ئوغلىنى قويۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. ئەمما ئەبۇجەندەلنىڭ ئاتىسى بۇنى قوبۇل قىلمىدى. پەيغەمبىرىمىز ئەبۇجەندەلگە قاراپ:

ـ ئەبۇجەندەل سەۋر قىلغىن! شەك شۈبھىسىزكى ئاللاھ ساڭا ۋە ساڭا ئوخشاش قىيىنچىلىقلاردا قالغانلارغا بىر چىقىش يولى بېرىدۇ. بىز بۇ ئىنسانلار بىلەن كېلىشىم

تۈزدۈق ۋە ئۇلارغا ۋەدە بەردۇق، ئۇلارمۇ بىزگە ۋەدە بەردى. بۇ ئەھۋالدا ۋەدىمىزدىن يانساق بولمايدۇ. ۋەدىمىزگە خىلاپلىق قىلىش بىزگە ياراشمايدۇ ـ دېدى ۋە ئەبۇجەندەلنى قايتۇرۇپ بەردى.

بۇ ئەھۋال مۇسۇلمانلارنى قاتتىق ئازابلىرى ئۇلار ھەم مەككىگە كىرەلمىدى. ئەمما مۇشرىكلار ئۇلارنى رەسمىي تونۇغان ئىدى.

## نىشان: پۈتۈن دۇنيا

ھۇدەيبىيە كېلىشىمى ئىمزالانغاندىن كېيىن تىنچلىق ۋە خاتىرجەملىك مەيدانغا كەلدى. پەيغەمبىرىمىز بۇ پۇرسەتتىن ناھايىتى ياخشى پايدىلاندى. ھەبەشىستان، ئىران ۋە باشقا يەرلەرگە ئەلچىلەر ئارقىلىق مەكتۇپ ئەۋەتىپ دۆلەت رەئىسلىرىنى ئىسلامغا چاقىردى. مەقسەت ئىسلامنىڭ چاقىرىقىنى پۈتۈن دۇنياغا تونۇتۇش ئىدى.

ۋىزىنتىيە ئىمپېراتورى ھراكلىيوس ئەلچىنىڭ ئېلىپ كەلگەن مەكتۇپىنى ئېچىپ ئوقۇدى.

ـ بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم، ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋەپەيغەمبىرى مۇھەممەدتىن ۋىزانتىيە ئىمپېراتۇرى ھىرەقلىگە: ھىدايەتكە ئېرىشكەنلەرگە سالام بولسۇن! سىنى ئىسلامغا چاقىرىمەن ئىسلامنى قوبۇل قىلىپ نىجاتلىققا ئېرىشسەن. ئاللاھ ساڭا ئىككى ھەسسە مۇكاپ بەرسۇن، ئەگەر قوبۇل قىلمىساڭ خەلقىنىڭ گۇناھىغا سەن مەسئۇل بولىسەن. ”ئى ئەھلى كىتاب! “سىلەر بىلەن بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدا ئورتاق بولغان سۆزگە كېلەيلى! پەقەت ئاللاھقا قۇللۇق قىلايلى! ئۇنىڭغا ھېچ بىر نەرسىنى شېرەك كەلتۈرمەيلى، ئاللاھنى تاشلاپ قويۇپ بىر ـ بىرىمىزنى ئىلاھلاشتۇرمايلى، ئەگەر يۈز ئۆرۈسەڭلار بىزنىڭ مۇسۇلمانلىقىمىزغا شاھىت بولۇڭلار “ھىراكلىيوس مەكتۇپتىن ئوقۇغانلىرىنى ۋە ئەتراپىدىن ئاڭلىغان خەۋەرلەردىن ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەر ئىكەنلىكىگە قايىل ئىدى. بۇ ھەقتە مەسلىھەتچىلىرى بىلەن كۆرۈشتى. مەقسىتى ئىسلامنى قوبۇل قىلىش ئىدى. پەقەت مەسلىھەتچىلىرىنىڭ قارشى چىقىشىغا قاراپ ئىسلامنى قوبۇل قىلىشىدىن ۋاز كەچتى. ئەلچىگە ياخشى مۇئامىلە قىلىپ ھەدىيىلەر بىلەن يولغا سېلىپ قويىدى.

## مەككىنىڭ پەتھى قىلىنىشى ۋە ئۇيىگە قايتىش

ھۇدەيبىيە كېلىشىمى ئىمزالانغىلى ئىككى يىل بولدى. مۇشرىكلار كېلىشىمگە خىلاپلىق قىلىشقا باشلىدى ۋە كېلىشىمنى بۇزدى. بۇنىڭغا ئاساسەن پەيغەمبىرىمىز ئون مىڭ كىشىلىك بىر قوشۇن تەييارلاپ مەككىگە قاراپ مەخپىي يولغا چىقتى. مەقسىتى ئۇرۇش قىلماي ۋە قان تۆكمەي مەككىنى پەتھى قىلىش ئىدى. مەقسىتىگە ئېرىشتى. ئۇرۇش بولماستىن مەككە پەتھى قىلىندى. سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز 53 يىل ياشىغان، بالىلىق ۋە ياشلىق دەۋرى بۇ يەردە ئۆتكەن ئاتا يۇرتى مەككىنى پەتھى

قىلغان ئىدى. بۇيۇك غەلىبە ئۈچۈن ئاللاھقا شۈكرى قىلدى. ئۇ مەككىگە غەلىبە قازانغان بىر قوشۇن قوماندانىنىڭ مەغرۇر قىياپىتى بىلەن ئەمەس، ئەكسىچە بېشىنى مىننەت ۋە شۈكۈر بىلەن ئېگىپ كەمتەرلىك بىلەن كىردى.

ناماز پېشىنىنىڭ ۋاقتى كەلگەندە ھەزرىتى بىلال كەبىنىڭ ئۈستىگە چىقىپ چىرايلىق ئاۋازى بىلەن ئەزان ئوقۇدى، پەيغەمبىرىمىز نامازغا ئىماملىق قىلىپ بولغاندىن كېيىن خەلققە سۆزلەپ:

نېمە دەيسىلەر، ھازىر سىلەرگە مېنى نېمە قىلىدۇ. دەپ ئويلاۋاتىسىلەر؟ دەپ سورىدى.

ئۆزىگە ۋە ساھابىلىرىغا ئىگىلىرى زۇلۇم ۋە ئەزىيەت قىلغانلار، ھازىر چارىسىز قالغان ھالدا:

ــ سەندىن ياخشىلىق كۈتىمىز، سەن ئېسىل بىر قېرىنداش ۋە پەزىلەتلىك بىر كىشىنىڭ ئوغلى سەن ـ دەپ جاۋاب بەردى. بۇنى ئاڭلىغان پەيغەمبىرىمىز:

ـ مەن سىلەرگە يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنىڭ دېگىنىنى دەيمەن. ئاللاھ سىلەرنى ئەپۇ قىلسۇن، ئۇ مەرھەمەتلىكلەرنىڭ ئەڭ مەرھەمەتلىكىدۇر ـ دېدى ۋە ئومۇمىي كەچۈرۈم ئېلانى چىقاردى. ھەممە ئادەمنى كەچۈردى. بۇنىڭدىن كېيىن كەبىنى، ئۇنىڭ ئىچى سىرتىدىكى بۇتلاردىن پاكىزلىدى، مۇسۇلمانلار مەككىدە بىر نەچچە كۈن تۇرۇپ مەككىدە قالدى. مەككىگە بولغان سېغىنىشنى تويغۇزدى.

## يەتتىنچى بۆلۈم. ھەممە ئادەم ئۇنىڭغا يىغلىدى

### ۋىدا ھەججى ۋە ۋىدا خۇتبىسى

مەككە پەتھى قىلىنغاندىن كېيىن ھەج پەرز قىلىندى. سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز، ئائىلىسى ۋە ساھابىلىرى بىلەن بىرلىكتە ھەج قىلىش ئۈچۈن مىلادىي 632 ـ يىلى 22 فېۋرال كۈنى مەككىگە قاراپ يولغا چىقتى. مەككىگە كېلىپ ھەج ئىبادىتىنى تاماملاندى.

مەككىنىڭ پەتھى قىلىنىشى بىلەن ئىسلام دىنى تېزلىكتە تارقىلىشقا باشلىدى. مۇسۇلمان بولمىغان جەمئىيەت دۆلەتلەرنى ئىسلامغا چاقىردى. قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئەرەب يېرىم ئارىلى مۇسۇلمانلارنىڭ قول ـ ئىلكىگە ئۆتتى.

پەيغەمبىرىمىز مىلادىي 632 ـ يىلى 6 ـ مارتتا بىر نۇتۇق سۆزلىدى. ئۇنى تىڭشاش ئۈچۈن يۈزمىڭدىن ئارتۇق ئىنسان توپلاندى. نوتقىدا ئىنسانلارنىڭ ئىلاھىنىڭ بىر ئىكەنلىكىنى ئىنسانلارنىڭ ئادەم ئاتىدىن دۇنياغا كەلگەنلىكىنى، بۇ سەۋەبتىن ھەممە ئادەملەرنىڭ ئوخشاش ئىكەنلىكىنى سۆزلىدى. ئاياللار ھوقۇقى ئۈستىدە توختىلىپ،

جەمئىيەت تىنچلىقىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىدا نېمە قىلىش لازىملىقىنى سۆزلىدى. پەيغەمبىرىمىز ۋىدا خۇتبىسى بىلەن ئىسلام دىنىنىڭ قائىدە ـ نىزاملىرىنى ئەڭ ئاخىرقى بىر قېتىم ئىنسانلارغا يەتكۈزدى.

## ۋىدا

سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز ھەجدىن كېيىن مەدىنىگە قايتتى. ئۇ ئاتمىش ئۈچ ياشقا كىرگەن ئىدى. بۇ ۋاقىتلاردا داۋاملىق ئۆلۈمدىن، بىر كۈنى بۇ پانى دۇنيادىن ئايرىلىدىغانلىقى ھەققىدىكى سۆزلەرنى قىلاتتى.

5 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرى ئىدى. پەيغەمبىرىمىز كېسەل بولغان ئىدى. مەسچىتكە بارالمىدى. نامازغا ئىماملىق قىلىش ئۈچۈن ھەزرىتى ئەبۇبەكرىنى ئەۋەتتى. مىلادىي 632 ـ يىلى 8 ـ ئىيۇن دۈشەنبە كۈنى كېسىلى ئېغىرلاشتى. ئوڭ قولىنى كۆتۈرۈپ ئىشارەت بارمىقىنى بىر نوقتىغا قارىتىپ تۇرۇپ: "ئۇلۇغ پەرۋەردىگارىم بىلەن بىللە... ئى ئاللاھ! جەننەتتە كۆرۈشىش ئۈمىدى بىلەن "دېدى ۋە قوللىرى يېنىغا چۈشتى يۈزىدە تەبەسسۇم بار ئىدى.

## ئايرىلىش: ھەممە ئادەم ئۈنىگغا يىغلىدى

ھەزرىتى ئەبۇبەكرى سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىزنىڭ ۋاپات بولغانلىقىنى ئاڭلاپ مەسچىتكە كەلدى. ھەممە ئادەم يىغلاۋاتاتتى. ھەزرىتى ئۆمەر بولسا:

ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆلمىدى. ئۆلدى دېگەنلەرنىڭ بېشىنى كېسىمەن ـ دەپ ۋاقىردى. ھەزرىتى ئەبۇبەكرى ئەتراپىدىكى بولۇۋاتقان گەپ سۆزلەرگە قۇلاق سالماي پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئۆيىگە كىردى. پەيغەمبىرىمىزنىڭ يۈزىدىكى يېپىغلىق پەردىنى كۆتۈرۈپ يىغلىدى. يىغلاپ تۇرۇپ پەيغەمبىرىمىزنىڭ پېشانىسىگە سۆيدى ۋە:

ـ ئانام، دادام ساڭا پىدا بولسۇن، ئى ئاللاھنىڭ رەسۇلى! سېنىڭ ھاياتىڭمۇ گۈزەل، ئۆلۈمىڭمۇ گۈزەل ـ دېدى ۋە سىرتقا چىقىپ بۇ يەردە يىغىلىپ تۇرغان كىشىلەرگە:

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا چوقۇنغانلار بىلسۇنكى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولدى. ئاللاھقا ئىبادەت قىلغانلار ئۇنىڭ ھايات ۋە ئەبەدىي قالىدىغانلىقىنى بىلىدۇ ـ دېدى ۋە سۈرە ئال ئىمراننىڭ 144 ـ ئايىتىنى ئوقۇدى:

مۇھەممەد پەقەت بىر ئەلچىدۇر. ئۇنىڭدىن ئىلگىرىمۇ ئەلچىلەر كېلىپ كەتتى. ئۇ ئۆلسە ياكى ئۆلتۈرۈلسە يېنىۋالامسىلەر؟ كىم يېنىۋالسا ئاللاھقا بىر زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ، ئەمما ئاللاھ شۈكۈر قىلغۇچىلارنى مۇكاپاتلاندۇرىدۇ .

ھەزرىتى ئەبۇبەكرىنىڭ بۇ سۆزلىرى، پەيغەمبىرىمىزنىڭ ۋاپاتىغا ئىشەنمىگەن ھەزرىتى ئۆمەر ۋە باشقا مۇسۇلمانلارنى ئۆزىنى تۇتىۋېلىشقا ئۈندىدى.

پەيغەمبىرىمىز دادىسى دەپنە قىلىنغان مەدىنىگە دەپنە قىلىندى.

سۈيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز ئۇلۇغ دوستىنىڭ، يەنى ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا كەتتى. بىز مۇسۇلمانلارغا ئىككى نەرسىنى ئامانەت قويدى:

ئاللاھنىڭ كىتابى قۇرئان كەرىم ۋە پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئۈرنەك ھاياتى ۋە بۇ ئىككى ئامانەتنى چىڭ تۇتقان مۇسۇلمانلارنىڭ نىجاتلىقىغا ئېرىشىدىغانلىقىغا خوشخەۋەر بەردى.

## مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتىدىكى مۇھىم ۋەقەلەر

570 ـ يىلى ئەبرەھەنىڭ قوشۇنلىرى پىللار بىلەن كەبىنى يىقىشقا كەلدى.

570 ـ يىلى پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دادىسى ۋاپات بولدى.

571 ـ يىلى پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام دۇنياغا كەلدى.

571 ـ 576 ـ يىلى پەيغەمبىرىمىز سۈت ئانىسى ھەلىمەنىڭ تەربىيىسىگە بېرىلدى.

577 ـ يىلى پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئانىسى ئامىنە ۋاپات بولدى.

579 ـ يىلى پەيغەمبىرىمىزنىڭ بوۋىسى ئابدۇلمۇتەللىب ۋاپات بولدى.

591 ـ يىلى پەيغەمبىرىمىز پەزىلەتلىكلەر جەمئىيىتىگە ئەزا بولدى.

596 ـ يىلى پەيغەمبىرىمىز خەدىچە بىلەن ئۆيلەندى.

597 ـ يىلى پەيغەمبىرىمىزنىڭ تۇنجى ئوغلى دۇنياغا كەلدى.

610 ـ يىلى رامىزان ئېيىدا ھىرا غارىدا تۇنجى ۋەھىي كەلدى.

615 ـ 616 ـ يىلى مۇسۇلمانلار ھەبەشىستانغا ھىجرەت قىلدى.

620 ـ يىلى ئىسرا ۋە مىراج مۆجىزىسى مەيدانغا كەلدى.

621 ـ يىلى بىرىنچى ئەقەبە كېلىشىمى بولدى.

622 ـ يىلى ئىككىنچى ئەقەبە كېلىشىمى بولدى.

622 ـ يىلى پەيغەمبىرىمىز مەدىنىگە ھىجرەت قىلدى.

622 ـ 624 ـ يىلى مەدىنىدە مەسچىت ۋە مەكتەپ سېلىندى. تۇنجى ئەزان ئوقۇلدى، ئەنسارىلار بىلەن مۇھاجىرلار ئارىسىدا قېرىنداشلىق ئورنىتىلدى ۋە مەدىنە كېلىشىمى ئىمزالاندى.

624 ـ يىلى بەدرى ئۇرۇشى يۈز بەردى.

625 ـ ئوھۇد ئۇرۇشى يۈز بەردى.

626 ـ بىئرى مەئۇنە ۋە رەجئى ۋەقەلىرى يۈز بەردى.

626 ـ 627 ـ يىلى خەندەك ئۇرۇشى بولدى.

628 ـ يىلى ھۇدەيبىيە تىنچلىق كېلىشىمى ئىمزالاندى.

630 ـ يىلى مەككە پەتھى قىلىندى.

630 ـ يىلى ھۇنەين ئۇرۇشى بولدى.

632 ـ ۋىدا خۇتبىسى (6 ـ مارت)

632 ـ يىلى سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتى (8 ـ ئىيۇن).

ئۇ قانداق كۈنلەر ئىدى ئى مۇھەممەد!
ئۇ چاغلار قانداق چاغلار ئىدى؟
تېخى دۇنياغا كۆز ئاچمىغان،
سېنىڭ مۇخلىس مۆمىنلىرىڭ بار ئىدى.
ئاشۇ ئۇزاق بىر زامانلاردا،
چۆل جەزىرىلەر قارىداپ كەتكەن ئىدى.
ھەلىمەنىڭ قۇچىقىدا،
ئابدۇللاھنىڭ يېتىم ئوغلى.
ئامىنەنىڭ ئامانىتى يىغلىغانتى،
غۇنچىسى ئىدىڭ خەدىچەنىڭ.
گۈلى ئىدىڭ سەن ئائىشەنىڭ،
كۆز قارچۇغىدىڭ ئۇممەتىڭنىڭ.
ئەلچىسى ئىدىڭ سامالارنىڭ،
ئەلچى بولدۇڭ ئەۋەتتىڭ ئەلچىلەرنى.
رەببىڭغا تاپشۇرۇق ئۆز روھىڭنى،
ئۇممىتىڭگە بەردىڭ قوللىرىڭنى.
بۇشۇك، ئۇۋاڭ يۇرتۇڭ مەككىدە سېغىنغاندا،
مەدىنىگە قىلدىڭ ھىجرىتىڭنى.

# تۆتنچى پەسل:

## ئاللاھنىڭ گۈزەل ئىسىملىرى

### (باللار ھكايىسى)

### گۈزەللەر گۈزەلى رەببىم

ھەر تەرەپ كۈندۈزدەك يورۇق ئىدى. ئاي پۈتۈن نۇرى بىلەن ئۆزىنىڭ گۈزەللىكىنى نامايان قىلماقتا ئىدى. يۇلتۇزلار بىر ـبىرلىرىگە باققىنىچە جىمىرلايتتى. كىچىك قارغاي ئاسمانغا دىققەت كۆزلىرى بىلەن تىكىلگەن ھەم قۇشقاچنى ئويلاۋاتاتتى بۇ سەۋەپتىن كۆزلىرىگە ئۇيقۇ كىرمەيتتى.ئەتراپىدىكى جانلىق ـجانسىز ھەممىسى تاتلىق ئۇيقۇغا كەتكەن ئىدى. قايسى بىرى ئويغاندىيۇ ئەمما يەنە ئۇيقىغا كەتتى .

كىچىك قارغاينىڭ ئىچ پۇشۇقى كىچىنىڭ جىمجىتلىقى بىلەن تېخىمۇ ئەۋجىگە چىققان ئىدى. ئەگەر بىر ئۇخلىغان بولسا جېنى راھەتلەنگەن بولاتتى-يۇ ئەمما ئۇخلىيالمايتتى. ئەڭ ياخشىسى ئاسماننى كۆزەتمەك دەپ ئويلىدى ۋە كۆزلىرىنى ئاسمانغا تىكتى. ئاي بەك چىرايلىق ئىدى نۇرلىرى كۆزلەرنى قاماشتۇراتتى. بىر ئاز ئارام ئالماق ئۇچۇن كۆزلىرىنى يۇمدى. ھوي بۇ ياققا قارا دېگەن ئاۋاز بىلەن تەڭ كۆزلىرىنى ئاچتى. ئەتراپتا ھېچكىم يوق ئىدى. ئۈستىگە قارا مەن ئۈستىدە دېدى ئوخشاش ئاۋازدا. كىچىك قارغاي ئۈستىگە قارىغىنىچە ئاي بىلەن كۆزلىرى ئۇچراشتى .

مەرھابا قارغاي قېرىنداش نەچچە سائەتتىن بىرى سانا باقتىم بىرەر دەردىڭ بار ھەرھالدا بەك غەمكىن كۆرۈنىسەن دېدى ئاي .

كىچىك قارغاي كېچىنىڭ بۇ سائەتلىرىدە پاراڭلاشقۇدەك بىرسىنى تاپقىنىدىن ئالەمچە خۇشال ئىدى .

ـھەئە، كۆزۈمگە ئۇيقۇ كىرمىدى قۇشقاچنى بەكمۇ سېغىنىدىم نېمە ئىش قىلىۋاتقاندۇ ئەجابا پۈتى قايرىلغان ئىدى ئىككى كۈن بولدى خەۋرىنى ئالالمىدىم.

ـكۆڭلۈڭنى يېرىم قىلما. شۇ تاپتا تاتلىق ئۇيقۇدا .

ـسەن قانداق بىلىسەن ئۇنىڭ تاتلىق ئۇخلاۋاتقىنىنى؟

ـكۆردۈم دە .

ـكوردىڭمۇ ؟

ـھەئە، مەن يەر يۈزىدىكى بەك كۆپ نەرسىلەنى كۆرەلەيمەن، دېدى ئاي .

كىچىك قارغاي بۇندىن بەك خوش بوغان ىدى.

-دېمەك هازىر قۇشقاچنى كۆرۋاتىسەن شۇنداقمۇ ؟

-ئەلبەتتە .

-قانداق كۆرۈنىدۇ ؟پۈتىدىكى يارا تۇرامدۇ ؟

-ئاي كۆزلىرىنى ئۇۋلىدى ۋە قۇشقاچ تەرەپكە دىققەت نەزىرى بىلەن قاراشقا باشلىدى.

-پۈتىنىڭ بىرسىنى كۆرەلمىدىم. ئانىسىنى قۇچاقلاپ يېتىپتۇ. تاتلىق ئۇخلاۋاتقىنىدىن ياخشىلاشقاندەك كۆرىنىدۇ.

كىچىك قارغاي ئاينىڭ ياردىمىدىن مەمنۇن بولدى.

-كوپ رەھمەت ساڭا مېنى خاتىرجەم قىلدىڭ.

ئاينىڭ گۈزەللىكىدىن كىچىك قارغاي كۆزلىرىنى ئۈزەلمەيتى. قارغاينىڭ بۇ قاراشلىرى ئاينىڭ دىققىتىنى تارتتى .

-نېمىشقا ماڭا بۇنچە قارايسەن ؟

-بەك گۈزەلسەن شۇڭا كۆزۈمنى سەندىن ئۈزەلمەيۋاتىمەن.

-كۆپ رەھمەت. شۇنداق مەن چىرايلىق ئەمما بۇ گۈزەللىك مېنىڭ ئۆزۈمدىن ئەمەس بەلكى ئاللاھتىندۇر. چۈنكى پۈتۈن گۈزەللىكنى ياراتقان گۈزەللەر گۈزەلى ئۇلۇغ اللاھتۇر.

-شۇنداقمۇ ؟

-ھەئە، ئەسلىدە ئاللاھنىڭ ياراتقان ھەممە نەرسىسى گۈزەل. ئاللاھنىڭ ھەر نەسنى گۈزەل قىلىپ ياراتقىنىنى ھېس قىلىپ يەتمەك خۇشاللىق ۋە سۆيگۈ بۇلىقىدۇر دەپ جاۋاپ بەردى ئاي .

كىچىك قارغاي شۇ قەدەر ھەيران قالغان ئىدىكى كائىناتنى ياراتقان ياراتقۇچىسىنى ئويلاۋاتاتتى، ئەتراپىدىكى مەۋجۇداتنىڭ گۈزەللىكىگە باقىنىچە مەس بولغان ئىدى.

-ئەي ئۇلۇغ ئاللاھىم! ياراتقانلىرىڭ بۇ قەدەر گۈزەل بولسا، سېنىڭ گۈزەللىكىڭ قانچىلىكتۇ؟ دېدى .

ئاي كىچىك قارغاينىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلىدى .

-بەكمۇ چىرايلىق تەسەۋۋۇر قىلدىڭ قارغاي قېرىنداش. ئاللاھنىڭ بىر ئىسمى جەمىلدۇر. جەمىل دېمەك گۈزەل بولغان، گۈزەللەشتۈرمەك، گۈزەل ياراتقۇچى دېمەكتۇر، ئۇنىڭ گۈزەللىكى شۇ قەدەركى، سەن ئەتراپىڭدىكى ھەربىر نەرسىدىن ئۇنىڭ گۈزەللىكىنى ھېس قىلىپ يېتەلەيسەن، تاغ، تاش، دېڭىز، قۇرۇت، مۋە، هايۋان ۋە ئىنسان.

## زېمىننىڭ پادىشاھى

چۈش ۋاقتى بولاي دېگەن ئىدى، قۇشقاچ ئۇزىنى ئوڭشالىغاندەك ھېس قىلدى. بۈگۈن ھەر ھالدا قارغاينى زىيارەت قىلىشقا باراتتى. ئۇنى ھەقىقەتەن بەك سېغىنغان ئىدى. ئانىسى ئۇنى نەچچە كۈن ئارام ئېلىشنى قايتا-قايتا تاپىلىغان بولسىمۇ ئەمما قارغاينىڭ ھەسرەت چېكىشىگە چىدىمايۋاتاتتى. ئانىسىدىن رۇخسەت سورىدى ۋە يولغا راۋان بولدى. شامال پۈتىنغا سۈركەلگەنچە جېنى ئاغرىپ بەكمۇ تەستە كېتىۋاتاتتى، ئاغرىقتىن نەچچە قېتىم كەينىگە يېنىپ قايتىپ كىتىشنى ئويلىدى-يۇ ئەمما سۆزىدە تۇرۇش ئۈچۈن ئۇچۇشنى داۋاملاشتۇرۇۋاتاتتى. خېلى بىر ۋاقىتلاردىن كېيىن تاغ تۆپىسى كۆرۈندى، قۇشقاچ خوشلىقىدىن پۈتۈن ھالسىزلىقىنى ئۇنتۇتقان ئىدى. تىرىشىپ-تىرمىشىپ قارغايغا ئۇلاشتى .قارغاي تېخىچە ئۇيقۇدا ئىدى. كېچىدىن ئۇنىڭ ئۇيقۇسىزلىقىنى بىلگەچ ئۇنى ئويغاتماي ئۇنىڭغا قاراپ ئولتۇردى، مۇشۇنداق قىلىپ بىر سائەتتىن كېيىن قارغاي ئويغاندى .قارشىسىدا تۇرغان قۇشقاچنى كۆرگەن قارغاي كۆزلىرىگە ئىشەنمىگەن ھالدا كۆزلىرىنى ئۇۋۇلىدى، خۇشاللىقىدىن نىمە دېيىشنى بىلمەي داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدى .

-قاچان كەلدىڭ جان قېرىندىشىم، سېنى ئۇزاقمۇ ساقلاتتىم؟

قۇشقاچمۇ قارغايغا ئوخشاشلا بەك خۇشال ئىدى .

-ياق ھېلى كەلدىم. ئۇيقۇسىز ئىكەنلىكىڭنى بىلگەچ ئويغۇتۇشنى خالىمىدىم، ياخشى تۇرۇپسەن دېدى .

-ئاللاھقا شۈكرى، سەنمۇ خېلى ياخشى كۆرۈنىسەن .

-رەببىمگە ھەمدىلەر بولسۇن، ساقايدىم. سېنى بەك سېغىندىم دېدى قۇشقاچ .

-مەنمۇ سىنى .

-بىلمەن تۇنۇگۈن ئاي قېرىندىشىمىز دېدى. ئاي ساڭا كۆپ نەرسىلەرنى چۈشەندۈردى ھەرھالدا .

-ھەئە. گۈزەل نەرسىلەرنى چۈشەندۈردى. ئۇلۇغ ئاللاھنى تونۇشنىڭ بارلىق گۈزەللىك ۋە خۇشاللىقنىڭ بۇلىقى ئىكەنلىكىنى ئۆگەندىم .پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەت (سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم) نى ئاز بولسىمۇ تونىغان بولدۇم. يەنە باشقا نەرسىلەرنى سورىماقچى ئىدىم، ئەمما قۇياش چىققىنچە ئاي قېرىندىشىمىز قۇياشنىڭ گۈزەللىكىگە بەرداشلىق بېرەلمەسمىش، شۇڭا تىزلا غايىپ بولدى .

-باشقا قانداق نەرسىلەرنى سورايتتىڭ؟ دېدى قۇشقاچ .

-تۇنۇگۈن ئاخشام ئاسمانغا نەزەر سالدىم، ئاسمان سانسىزلىغان يۇلتۇزلار بىلەن بېزىلىپتۇ، تويۇقسىز كاللامدا بىر سوئال پەيدا بولدى .

قۇشقاچ بىلەن قارغاينىڭ سۆھبىتىنى تىڭشاۋاتقان بىر ياۋا گۈلمۇ بۇ سۆھبەتكە قوشۇلدى .

-مېنىڭمۇ بەك بىلگۈم بار قانداق سوئال ئۇ؟

-مەن تۇپراققا تىكىلدىم، سەن بولساڭ قاناتلىرىڭ بىلەن ئۇچىسەن، قاناتلىرىڭنى ھەركەتلەندۇرمىسەڭ يەرگە چۈشىسەن.ئۇ سانسىزلىغان يۇلتۇزلار ئاسماندا قانداق تۇرىدۇ؟ قۇشقاچ :

-ئۇزلىكىدىن مۇشۇنداق تۇرىدۇ دېسەم ئىشىنەمسەن؟

-ياق، بۇ مۇمكىن ئەمەس .

-ئەلۋەتتە مۇمكىن ئەمەس، ئۇلار بوشلۇقتا ھەرىكەتسىز تۇرمايدۇ. بىر نوقتىنى بويلاپ ھەرىكەت قىلىدۇ ھەم ئۇز ئەتراپىدا ئايلىنىدۇ .

-ھېچ سوقۇشۇپ كەتمەمدۇ؟

-ياق .

-ئۇنداق بولسا بۇ يول تۇزۇم قانداق ساقلىنىدۇ؟

قۇشقاچ ئاۋازىنى ئوڭشىدى ۋە تەبەسسۇم بىلەن؛

-ئەلۋەتتە، ئاسماندىكى سانسىزلىغان يۇلتۇزلارنى بوشلۇقتا تۇرغۇزغان ۋە مەلۇم قانۇنىيەت ئىچىدە ھەركەتلەندۇرگەن زات ئۇلۇغ ئاللاھتۇر، بۇلارنى ساڭا چۈشەندۇرمىكىم ئۇچۇن ئالدى بىلەن ساڭا ئاسمان جىسىملىرىنى تونۇتمام لازىم . سەندىن بىر سىئال سوراي؛ سەنچە قۇياش چوڭمۇ دۇنيامۇ؟

قارغاي ھېچ ئويلانماستىنلا جاۋاپ بەردى؛

-دۇنيا .

-بىلمىدىڭ، دىدى قۇشقاچ. قۇياشنى قويۇپ تۇرى كىچىك يۇلتۇزلار دۇنيادىن چوڭ تۇرمامدۇ؟

قارغاي ھەيرانلىقتىن نېمە دىيىشنى بىلمەي قاراپ تۇراتتى .

-ئەمما قانداقسىگە؟

ئۇلارنىڭ سۆھبىتىنى يوشۇرۇن ئاڭلاۋاتقان بۇلۇت ئىچىگە يۇشۇرۇنغان قۇياش ئۇلاردىن بۇنى ئۆزى ئۇلارغا چۈشەندۇرۇپ بىرىشكە ئىزىن ئالدى ۋە چۈشەندۇرۇشكە باشلىدى؛

-ھازىر ھەممىمىز بىرلىكتە قۇشقاچنى كۆزىتەيلى .ئۇنىڭ جىسمى بىلەن كۆزىنى سېلىشتۇرايلى. جىسمى كۆزىگە قارىغاندا چوڭ شۇنداقمۇ؟ دۇنيا بىلەن مېنىڭ ئارامدىكى مۇشۇنىڭغا ئوخشايدۇ. بۇ يەردە مىليونلىغان يۇلتۇزلار بار. بىز ئۆز-ئارا قېرىنداش بولۇپ ئۆتىمىز، بىر-بىرىمىزنىڭ يولىغا كىرمەيمىز، يىراقلىشىپ ياكى بەك يېقىنلىشىپ كەتمەيمىز، ھەر زامان ئوخشاش بىر تەڭپۇڭلۇقنى ساقلايمىز. بۇ

ھېچ بىر زامان ئۆزگەرمەيدۇ. ئەگەر مەن ئازراقلا يېقىنلاشسام ياكى يىراقلاشسام ئاللاھ ساقلىسۇنكى كۆيۈپ كۈل بولىمىز دېدى .

قارغاي ھەيرانلىقنى ئىچىگە يوشۇرالمىغان ئىدى؛

-سىزنى كىم ھەرىكەتلەندۈرىدۇ؟ بۇ قانۇنىيەتنى كىم ئىدارە قىلىدۇ؟ سوقۇشۇپ كەتمەسلىكىڭلارنى، ئارىدىكى بۇ ئارىلىقنى قانداق ساقلايسىلەر؟

قۇياش تەبەسسۇم بىلەن قارغايغا قاردى ۋە بۇنى ئەمدى قۇشقاچ ساڭا چۈشەندۈرسۇن دېدى ۋە يەنە بۇلۇت ئارىسىغا يۇشۇرۇندى .

قۇشقاچ دېمەكچى بولغانلىرىنى ئۇيلىنىۋالغاندىن كېيىن سۆز باشلىدى؛

-قارغاي توغرا سۆزلىدى. بۇ قانۇنىيەتنى ئىدارە قىلىۋاتقان بىرسى بار. بىز بىر يول دوقمۇشۇنى ئويلايلى، قاتناش چىراقلار ۋە ساقچى يوق بولسا بۇ يولدا نېمىلەر يۈز بېرىدۇ؟

داۋاملىق قاتناش ۋەقەلىرى يۈز بېرىدۇ، ئەمما ئاسماندا ھېچ بىر زامان قازا يۈز بەرمەيدۇ. ئاسمان زېمىننى ۋە ئۇنىڭ ئارىسىدىكى سانسىزلىغان نەرسىلەرنى ياراتقان ئۇلۇغ ئاللاھ ئاسماندىكى ئۇ جىسىملارنى ھەرىكەتلەندۈرىدۇ ۋە ئىدارە قىلىدۇ. ئاسمان، زېمىن ۋە ئۇنىڭ ئارىسىدىكى ھەر نەرسە پەقەت ئاللاھنىڭ ئەمرى بىلەنلا ھەرىكەت قىلىدۇ. بۇ سانسىزلىغان شەيئىلەرنى ھەرەكەتلەندۈرۈش ئۇلۇغ ياراتقۇچىمىز ئاللاھ ئۈچۈن ھېچ قېيىن ئەمەس. ئاللاھنىڭ قۇدرىتى چەكسىزدۇركى، بۇ چەكلىك ئەقلىمىز بىلەن ھەرگىزمۇ پەرەز قىلالمايمىز. كائىناتتىكى چوڭ-كىچىك جانلىق-جانسىز بارلىق مەۋجۇداتلارنىڭ ھەر بىرى، خۇددى بىر جەڭچىگە ئوخشاش ئاللاھنىڭ ئەمرىنى شەرتسىز تەسلىم بولغان ھالدا ئورۇنلايدۇ. ئاللاھ ھەر شەيئىنىڭ پادىشاھىدۇر، دۇنيانى ھەرەكەتلەندۈرىۋاتقان، ئىدارە قىلىۋاتقان ئۇدۇر، دېدى.

## كائىناتنىڭ سۇلتانى

ئاخشام ياققان يامغۇر جانسىز تۇپراققا جان قوشقان ئىدى. قارغاينىڭ ئەتراپى يېشىللىققا تولغان ئىدى. رەڭگارەڭ گۈللەر گۈزەللىكتە بىر- بىرى بىلەن ئورۇن تالىشاتتى. قارغاي ئەمدى ئەتراپىدىكى نەرسىلەر بىلەن قوشۇلۇپ ئىللىق بىر ئائىلىگە ئايلانغان ئىدى. قارغاي بىر قۇرۇت بىلەن پاراڭلىشىۋاتاتتى، بۇندىن ئىلگىرى بۇنداق بىر قۇرۇتنىڭ بارلىقنى بىلمەيتتى ھەم پەرەزمۇ قىلالمايتى .

بىر ۋاقىتلاردىن كېيىن كەپتەر بىلەن قۇشقاچ كەلدى، ئۇلارنى كۆرگىنىچە قارغاي بەكمۇ خۇشال بولدى. مەرھابا دېگىنىچە ئۇلارنى قارشى ئالدى. ئۇلار قارغاينىڭ شاخلىرىغا قونغىنىچە ئەتراپىتىكى ئۆزگىرىشلەرنى پەرىق ئەتتى ۋە ئەتراپىنىڭ بەكمۇ گۈزەل بوپتۇ دېدى .

قارغاي؛

ـ ھەئە، شۇكۇرلەر بولسۇنكى بۇلۇت قېرىنداش بىزنى سۇسىز قويمىدى، ئۇ بۇلارنى بىر بۇيرۇق بىلەن ئورۇنلايدىكەن .

ياۋا گۇل بۇنى ئاڭلىغىنىچە؛

ـ ئەجابا كىمدىن بۇيرۇق ئالىدىكەن، دېدى .

ھەممە ياۋا گۇلگە قاردى .

ـ ئەلۋەتتە ئۇلۇغ ئاللاھتىن ئالىدۇ، دە دېدى .

جاۋاپ توغرا بېرىلگەن بولسىمۇ ئەمما ياۋا گۇل كىچىك بولغاچ بۇلارنى چۈشەنمەيتتى، بۇ نۇرمال ئەھۋال ئىدى .

ياۋا گۇل :

ـ ئەتراپىمىزدا نۇرغۇنلىغان نەرسىلەر بار، دۇنيا بۇ قەدەر چوڭ ئىكەن ئاللاھ بۇ قەدەر مەۋجۇداتنى قانداق ئىدارە قىلىدۇ؟ بۇنىڭ ئۈچۈن چوقۇم كۆپلىگەن ياراتقۇچى بولىشى كېرەك، شۇنداقمۇ ؟ دەپ سوردى .

بۇ ئاخىرقى سۆزدىن ھەممە شۇ قەدەر چۆچۈدىكى ئاللاھۇ ئەكبەر، ئاللاھ سېنى مەغپىرەت قىلسۇن دېدى ھەممە بىردەك .

ياۋا گۇل بۇ ئىنكاستىن قورىقتى بولغاي چىرايى ئۆزگەردى ۋە :

ـ خاتا سۆزلىدىممۇ؟ دېدى تىترەپ تۇرۇپ.

كەپتەر ياۋا گۇلگە تەبەسسۇم بىلەن قارىدى ۋە :

ـ ھەئە، دېگىنىڭ بەكمۇ خاتا ئەمما سەن بۇنى بىلىپ تۇرۇپ دېمىدىڭ دېدى- . يەنى پۈتۈن دۇنيانى، ئاسمانلارنى ئىدارە قىلىۋاتقان پەقەت بىر ياراتقۇچىمۇ؟ دەپ سورىدى ياۋا گۇل .

كەپتەر ئۇنىڭغا چۈشەندۇرۇشنى ئويلىدىيۇ ئەمما قانداق چۈشەندۇرۇشنى بىلمەي قۇشقاچقا سەن چۈشەندۇرۇپ بىرەلەمسەن دېگەنچە قارىدى .

ـ ئىشەنچىم يوق، ھېلى تېخى دانىش توشقاننى كۆرگەن ئىدىم، ئانامدىن ئاڭلىسام ئۇ بەك بىلىملىك كىلاسسىك بىر توشقانىكەن، ۋاقتىنىڭ كۆپ قىسمى كىتاپ ئوقۇش بىلەن ئۆتىدىكەن، بۇنىڭ ئۈچۈن ئورمان خەلقى ئۇنىڭغا «دانىشمەن توشقان» دەپ نام بېرىپتىمىش. بۇ سوئاللارغا ئەڭ ياخشىسى ئۇ جاۋاپ بەرسۇن مەن بېرىپ ئۇنى چاقىرىپ كىلەي دېدى .

بىر ئازدىن كېيىن قۇشقاچ توشقان بىلەن بىللە كەلدى .توشقان يەردىكى ئۇششاق چېچەكلەرگە زەخمە يەتكۈزمەسلىك ئۈچۈن ناھايىتى ئېھتىياتچانلىق بىلەن ماڭدى ۋە ئۆزىگە لايىق بىر جاينى تاللاپ ئورۇن ئالدى. ئۇلار تېمىنى توشقانغا ئاڭلاتتى، ياۋا گۇلنىڭ ئەھۋالىنىمۇ چۈشەندۇردى .

توشقان بۇلارنى ئاڭلىغاندىن كېيىن :

-ئەنسىرىمەڭلار، ئىنشائاللاھ مەن ئۇنىڭغا چۈشەندۈرىمەن دېدى ۋە سوئال سوراشقا باشلىدى :

-بىر ئاپتۇبۇسنى بىرلا ۋاقىتتا قانچە شوپۇر ھەيدەيدۇ؟

قۇشقاچ :

-ئەلۋەتتە بىر شوپۇر.

-ئەگەر ئىككى شوپۇر بولسا قانداق بولاتتى؟

-ئۇ ۋاقىتتا رول ئىككى بولىشى كېرەك .

دېمەككى بىر ئاپتۇمۇبۇلنى بىرلا ۋاقىتتا ئىككى شوپور ھەيدىيەلمەيدۇ .

توشقان سىئالنى داۋاملاشتۇردى :

-بىر يېزىدا نەچچە سكىرتار بولىدۇ؟

ئەلۋەتتە بىر بولىدۇ دېدى كەپتەر .

-ئەگەر ئىككىسى بولسا قانداق بولاتتى دەپ سورىدى توشقان .

-ئۇرۇشۇش توقۇنۇش بولاتتى ھەر ھالدا. خەلق نېمە قىلىشنى بىلەلمەي قالغان بولاتتى دىدى كەپتەر .

توشقان :

-گۈزەل دېدى ۋە ياۋا گۈلگە قاردى :

يەنە بىر سو ئال سوراي بىر دۆلەتتە نەچچە پادىشاھ بولىدۇ؟

بىر پادىشاھ دەپ جاۋاپ بەردى ياۋا گۈل .

-يەنە بىر سوئال سوراي گۈل قېرىنداش، بىردىن ئوشۇق بولسا نېمە بولاتتى؟

-مالمانچىلىق بولاتتى مېنىڭچە. خەلق كىمنىڭكىنى ئاڭلىشنى بىلمەيتتى. دۆلەتتە خاتىرجەملىك تۈگەپ ھۇزۇر قالمىغان بولاتتى، تۈزۈم قالايمىقانلىشىپ، دۆلەت پارچىلىناتتى دەپ جاۋاپ بەردى گۈل .

توشقان تېمىنى ئارزۇ قىلغان يەرگە ئەكەلگەن ئىدى. بىر ئازدىن كېيىن توشقان يەنە سوردى :

-ئاللاھتىن باشقا ياراتقۇچىلار بولسا نېمە بولاتتى؟ يەر يۈزىنى ئويلا، ئاسماندىكى سانسىزلىغان جىسىملارنى ئويلا دېدى .

ھەممە گۈلگە تىكىلگەن ئىدى. گۈل ئەمدى بىردىن كۆپ ياراتقۇچىنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى چۈشەنگەن ئىدى. گۈل خىجىل بولغان ھالدا :

-چۈشەندىم. ئەمدى بۇنداق قاملاشمىغان سوئال سورىمايمەن دېدى .

-كۆڭلىڭنى يېرىم قىلما دەپ تەسەللى بەردى توشقان. ئۇلۇغ ئاللاھنىڭ بىر ئىسمى ئەھەدتۇر، يەنى يالغۇز بولغان، ئوخششى بولمىغان دېدى .

كەپتەر خاتىرجەم بولغان ئىدى .

-رەھمەت توشقان قېرىنداش. تولىمۇ گۈزەل رەۋىشتە چۈشەندۈردۈڭ. بىر ۋىلايەتتە ئىككى ۋالى، بىر يېزىدا ئىككى سىكىرتار، بىر دۆلەتتە ئىككى پادىشاھ بولماس. دۇنيانى يالغۇز بىر ئاللاھ ئىدارە قىلىدۇ، ئۇنىڭ كۈچى چەكسىزدۇر، ئوخشىشى، جۈپتى يوقتۇر دېدى . ھەممە شۇ قەدەر خۇشال ئىدى.

## كېلەنىڭ گۇۋاھلىق بېرىشى

مەسجىدى نەبەۋىدە ئەسىر نامىزى ئوقۇلدى. ھاۋا خېلى سالقىنلىغان ئىدى. ساھابىلەردىن بىرى سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىزنىڭ يېنىغا كەلدى ۋە؛

-يا رەسۇلۇللاھ، سىزنى بېغىمغا تەكلىپ قىلىمەن مۇبارەك قەدىمىڭىز يەتكەن بولسا تولىمۇ خۇرسەن بولاتتىم دېدى .

نەبىلەر سۇلتانى بۇ گۈزەل تەكلىپنى قوبۇل قىلدى ۋە ھەزىرىتى ئۆمەردىن تەركىپ تاپقان بىر بۆلۈك ساھابىلەر بىلەن يولغا چىقتى. بۇ مەدىنەگە كىرىش يوللىرىغا يېقىن بىر باغ ئىدى.ئىچىدە خورما دەرەخلىرى ۋە بىر بۇلاق بارئىدى. سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز ساھابىلەر بىلەن يوغان بىر خورما دەرىخىنىڭ سايىسىغا كېلىپ ئولتۇردى .

بىر ئازدىن كېيى باغ ساھىبى بۆەزىز مېھمانلىرىغا يېڭى پىشقان خورمىلاردىن ئەكەلدى. ئاللاھنىڭ رەسۇلى گۈل يۈزلۈك پەيغەمبىرىمىزنىڭ باغچىسىغا كەلگىنىدىن تولىمۇ خۇشال ئىدى .

ساھابىلەر سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز بىلەن بىللە بولغان بۇ قىممەتلىك دەقەقەلەرنى بىكار ئۆتكۈزمەسلىك ئۈچۈن بىلمىگەن نەسىلىرى ھەققىدە سورايتى، پەيغەمبىرىمىز پاساھەتلىك جاۋابى بىلەن تەشنا يۈرەكلەرنى قاندۇراتتى .

بۇ قاينام تاشقىنلىق يولدا ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىر يولوچىنىڭ دىققىتىنى تاتتى ۋە باغقا كىردى. ئۇ مەدىنىنىڭ سىرتىدا بىر يېزىدا ئولتۇراتتى. قولىدا يولدا تۇتىۋالغان بىر كېلە بارئىدى. ئۇنى كۆرگەن باغ ساھىبى؛

-مەرھابا ! ساڭا نىمە لازىم دېدى .

يولوچى ھېچ جاۋاپ بەرمەستىن ئاللاھنىڭ رەسۇلىنى ئىشارەت قىپ؛

-ئۇ كىم ؟دەپ سوردى. چۈنكى پەيغەمبىرىمىزنىڭ نۇرلۇق يۈزى كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتاتتى .

باغ ئىگەسى؛

-بۇ زات، ئاللاھنىڭ نەبىسى دېدى .

يولوچى بۇ جاۋاپتىن تىڭىرقاپ قالغان ئىدى. دىمەككى كۆز ئالدىدا تۇرغىنى ھەر تەرەپتە پەيغەمبەر ئىكەنلىكى بىلەن تونۇلغان زات بۇ ئىدى .ئۇنىڭ رەسۇلۇللاھنى تۇنجى قېتىن كۆرىشىدى .

رەسۇلۇللاھ سۆھبەتنى داۋاملاشتۇرۋاتاتتى، بۇ يولوچىمۇ بۇ زاتنىڭ سۆھبىتىنى دىققەت بىلەن تىڭشاۋاتاتتى ..

رەسۇلۇللاھ سۆزىنى ئاخىرلاشتۇردى، قولىدا كېلە تۇتقان يولوچى رېسۇلۇللاھنىڭ دىققىتىنى تاتتى. يولوچى رەسۇلۇللاھقا قولىدىكى كېلەنى ئۇزىتى پ تۇرۇپ؛

ئەگەر بۇ ھايۋان سىنىڭ پەيغەمبەر ئىكەنلىكىڭگە گۇۋاھلىق بەرسە مەن ساڭا ئىزنىمەن بولمىسئلىشەنمەيمەن دىدى .

بۇ سۆزنى ئاڭلىغان ساھابىلەر يولوچىغا قارغىنچە تۇرۇپ قالدى .بۇ سۇ ئالدىن رەسۇلۇللاھنىڭ راھەتسىز بوپ قېلىشىدىنئەندىشە قىلىشاتتى. رەسۇلۇللاھ بولسا يولوچىغا تەبەسسۇم بىلەن قاراپ تۇراتتى .

ساھابىلەر رەسۇلۇللاھنىڭ نىمە دەپ جاۋاپ بىرىشىگە تەلمۈرەتتى. بۇەسنادا قولىدا ھايۋان تۇتقان كىشى سۆزىنى يەنە تەكرارلىدى؛

ئەگەر بۇ ھايۋان ساڭا گۇۋاھلىق بەئېسە مەن سىنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىڭگە ئىشىنمەن بولمىسا ئىشەنمەيمەن .

ئەممە رەسۇلۇللاھقا تىكىلدى، ئارىنى جىمجىتلىق سۇردى. كىيىن رەسۇلۇللاھ كېلەگە قاراپ؛

ئەي ھايۋان !

بۇ سۆز بىلەن ھەمىنىڭ كۆزى بىردەك كېلەگە بۇرالدى. ئەجابا بىر ھايۋان راستىنلا سۆزلىيەلەمۇ ؟ بىر ئازدىن كىيىن كېلە جاۋابەن؛

ـ مەرھەمەت، ئەي مەخلۇقاتلارنىڭ گۇزەلى .

رەسۇلۇللاھنىڭ ئەتراپىدىكىلەرنىڭ كۆزلىرى مەمنۇنلۇق، سۆيۈنچ نۇرلىرى بىلەن تولغانئىدى. كېلە راستىنلا سۆزلەۋاتاتتى .

رەسۇلۇللاھكېلەگە؛

ـ سۆزلە، سەن كىمگە قۇللۇق قىلىسەن ؟

كېلە؛

ـ مەن ئاسماندا ئەرشى، زىمىندا سەلتەنىتى، دېڭىزدا يولى، جەننەتتە رەھمىتى، دۇزاختا ئازابى بولغان ئۇلۇغ ئاللاھققا قۇلچۇلۇق قىلىمەن پەقەت ۋە پەقەت ئۇنىڭغىلا ئىبادەت قىلىمان دىدى .

رەسۇلۇللاھ؛

ـ ئۇنداقتا مەن كىم ؟دەپ سوردى .

كېلە؛

ـ سەن ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىنىڭ رەسۇلى، پەيغەمبەر لەرنىڭ ئاخىرقەسسەن، سىنى تەستىقلىغانلار سا ئادەتكە سىنى يالغانچىغا چىقارغانلار گۇمراھلىقتا ئازغۇنلۇقتا

قىلىپ ئۆزگە زۇلۇم قىلغان بولدۇ دەپ جاۋاپ بەردى .

يولوچى ؛

-يا رەسۇلۇللاھ ! مەن مۇسۇلمان بولىمەن. بۇنىڭ ئۈچۈن مەن نىمە قىلىشىم كىرەك، دىدى .

سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز بۇ يولوچىغا ئىمان كەلتۈرۈشنى ئۆگەتتى. يولوچى كۆز ياشلىرى تامچىلىغان ھالدائىمان كەلتۈرۈشنى ئېيتىپ مۇسۇلمان بولدى ۋە ساھابىلەر ئارىسىغا قوشۇلدى. قەلبىنى تەسۋىرلەپ بەرگۈسىز بىر خاتىرجەملىك ۋە ھۇزۇر قاپلىدى .

«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىلىرى» ناملىق كىتاپتىن .

مانا مۇشۇنداق ئەينى ۋاقىتتا مۇسۇلمان بولغانلار ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلى نىمە دەپ ھۆكۈم چىقارسا ئۇنى شەرتسىز قوبۇل قىلاتتى. ئاللاھ رىزالىقىغا ئېرىشىش ئۈچۈن ياخشى ئەمەللەرنى ئىزلەپ يۈرۈپ قىلاتتى ھالبۇكى ھازىر ياخشى ئەمەللەر كۆز ئالدىمىزدا تۇرسىمۇ ئۇنى قىلىشقا قىزىقمايمىز. سۈننەت مۇستەھەب ئەمەللەر بىر تەرەپتە تۇرسۇن ئاللاھ قۇر ئان كەرىمدە كىسىن پەرىز قىپ بىكىتكەن ئەھكاملارنىمۇ بىر ياققا قايرىپ قويۇپ ھاياتىمىزنى ئىككىگە بۆلىۋالدۇق مۇشۇنداق تۇرسىمۇ يەنە ئۆزىمىزنى "مۇسۇلمان" دەپ داۋراڭ سەپ يۈردۇق ۋە يۈرۋاتىمىز. قاچانلىكى بىرسىگە ناماز ئوقۇ دىسەك ۋە ياكى ئىسلامنىڭ ئەھكاملىرىنى چۈشەندۈرسەك ئاللاھ خالىسا بىر كۈن قىلىمەن ياكى بولمىسا شۇ نىجىس مىللەتكە تاقاپ قويۇشتىن باشقا بىر جاۋاپقا ئىگە بولالمايمىز. نەچچە بالىلىق بولغان يېشى 40قا ئۇلاشقان قانچىلىغان ئەركەكلىرىمىزنىڭ ناماز ۋاقتى كەگەن بولسىمۇ ئۇنىڭدىن بىخەۋەر ھالدا ياراتقۇچىسىنىڭ ئەمرىنى تەرىك ئەتكەن ھالدا كوچا دوقمۇشلىرىدا غەيۋەت شىكايەت ۋە ياكى تاماكا چەككەن ھالدا تېتىقسىز پاراڭلار بىلەن كۈن ئۆتكۈزۋاتقىنى كۆرگەنلەر مەنلا ئەمەس بەلكى ئارىمىزدا نۇرغۇن. قايسى بىر كىتاپتا مۇنداق بىر ھەدىس ئوقۇغان ئىدىم. (خاتا بوپ قالسا ئاللاھ كەچۈرسۇن)

قانداق بىر قەۋىم ئاللاھنىڭ كىتابى ۋە پەيغەمبەر نى سۈننىتىدىن يىراقلىشىدىكەن مەن ئۇنىڭغا ئاللاھتىن قورىقمايدىغان بىر قەۋىمنى سۇلتان قىپ قويىمەن. مۇشۇنداقلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ يەنە ئاللاھ ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ سۈننىتىگە قايتمايدىكەن شۇ زالىم قەۋىمدىن قورقۇشنى ئۇلارنىڭ قەلبىدىن مەڭگۈ كەتكۈزمەيمەن .

بىزنىڭ بۇنداق خار مەھكۇم ھالغا چۈشۈپ قېلىشىمىزنىڭ سەۋەبى قۇر ھن ۋە ھەدىستىن يىراقلاشقانلىقىمىز دەپ تونۇيمەن. قاچانكى قەلبىمىزدە ئاللاھنىڭ ھۆكۈمى پەيغەمبەر نىڭ سۈننىتى ئورۇن ئالدىكەن، قاچانكى قۇر ئان ۋە ھەدىس تىرىك قۇر

ئان غا ئايلىنىدىكەن ئاندىن بىز ئاللاھ بىزگە بەرگەن ئىززەت ۋە شان شەرەپنى قايتا قولىمىزغا ئالالىمىز. ھەممىمىزگە مەلۇمكى مۇسۇلمان بويسۇنغۇچى، دىن بىلەن ھاياتنى بىر- بىردىن ئايرىغۇچى ئەمەس .

ئۈنۋېرسىتتىنا ئوقۇۋاتقان چېغىمدا يۈز بەرگەن مۇنداق بىر ئىش ھېلى ھەم ئىسىمدىن چىقمايدۇ. قۇربان ھېيت بايرىمىغا نەچچە كۈن قالغان ئىدى. كۈتۈپخانا يېنىدىكى ئېلان تاختىسىغا چاپلانغان ئۇيغۇرچە يېزىلغان ئېلان دىققىتىمنى تاتتى. چۈنكى بۇ يەردە ئۇيغۇرچە خەتلەرنى ئالدىراپ كۆرگىلى بولمايتتى. ئېلان مۇنداق يېزىلغان ئىدى .

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم

مۇسۇلمان دوسلارنىڭ قۇربان ھېيتنى كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزىشى ئۈچۈن.. .. كۈن ئاخشام مۇسۇلمانچە ئاشخانىنىڭ ئىككىنجى قەۋىتىدە تانسا كېچىلىكى ئورۇنلاشتۇردۇق، دوسلارنىڭ قەدەم تەشرىپ قىلىشنى قارشى ئالىمىز ....

مەن تولىمۇ ھەيران قالغان ئىدىم بېشىدىكى سۆزنىڭ مەنىسىنى نىمە بولدى ئاخىرىغا كىلىپ شەيتان ئارامگاھىغا دەۋەت قىلغىنى نىمە بولدى. !!!

مانا مۇشۇنداق ئۆز دىنىمىزنى قوغدىمىغانلىق، ئىمانىمىزغا ساھىپ چىقمىغانلىق نەتىجىسىدە ئوغۇللىرىمىزدە ئەرگە خاس سۈپەت، ۋىجدان غۇرۇر قالمىدى. قىزلىرىمىزنىڭ يۈزلىرىدىن ھايا سۈلىرى قېچىپ ئىپپەت-نۇمۇسنىڭ ئۆزىنىڭ جېنىدىنمۇ ئارتۇق ئىكەنلىكىنى بىلمەس بوپ قالدى ......

ئۇلۇغ ئاللاھ ھەممىمىزنىڭ قەلبىنى، قەدىمىنى ئىمان يولىدا مۇستەھكەم قىلسۇن.

## بەشىنچى پەسىل:

## قىزلارغا 100 نەسىھەت

تۈزگۈچىدىن

سىز ۋە بىزگە مەلۇمكى ھاياتنىڭ نۇرغۇن ئىسسىق سوغۇقنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ قىممەتلىك ھايات جەۋھەرلىرىنى مۇجەسسەملىگەن ئاتا-بوۋىلىرىمىز ناھايىتى ئىخچام قىلىپ: «ھېكمەتلىك نەسىھەتكە يېقىن قۇلاق مەڭگۇ ئۆز رولىنى جارىي قىلدۇرالايدۇ» دەپ ئېيتقان.

دەرۋەقە، كىشى پايدىلىق نەسىھەتلەر بىلەن كۆپرەك ئۇچرىشىپ تۇرسا، ھاياتنى گۈزەل مەنالار خەزىنىسىدە سەير قىلدۇرالايدۇ. بۇ خىل سەير ئىنساننىڭ ھاياتقا بولغان چۈشەنچىسىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇش دەرىسخانىسى بولۇپ، بۇ خىل دەرىسخانىنىڭ كۆپلەپ تەسىس قىلىنىشى ئىنسانىيەت، شۇنداقلا جەمئىيەت تەرەققىياتى ئۈچۈنمۇ ئىنتايىن مۇھىم. مەن خەلقىمىزنىڭ ئۆز مەنىۋىيەت ئالىمىگە تولىمۇ ماس بولغان ھېكمەتلىك نەسىھەتلەر بىلەن كۆپرەك ئۇچرىشىش ئىستىكىگە ئازراق بولسىمۇ مەنپەئەتى تېگەر دېگەن مەقسەتتە، قولىڭىزدىكى «قىزلارغا 100نەسىھەت» دېگەن كىتابنى تۈزۈپ چىقتىم. كىتابقا كىرگۈزۈلگەن ھېكمەتلەر زامانىمىز قىزلىرىنىڭ ئۆز-ئۆزنى مۇكەممەللەشتۇرۇشىدە، ئۆز قىممىتىنى بىلىپ يېتىشىدە تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ.

بىرىنچى نەسىھەت

ئەي قىزىم، قىزلارنىڭ ئەڭ گۈزەلى ھايا ۋە ئىپپەت پەردىسىگە ئورالغىندۇر. ھەقىقەتەنمۇ قىزلار قەلەم قاش، شەھلا كۆز، ئۇزۇن چاچ، كېلىشكەن، گۈزەل بولسىمۇ شەرم-ھايالىق بولمىسا، ئۇلارنى ھېچكىم گۈزەل دېمەيدۇ. ئىپپەتلىك قىز دېگەندە، كۆز ئالدىمىزغا تەبئىيتى مۇلايىم، ئەقىل-پاراسەتلىك، ھايالىق، نومۇسچان، ئاتا-ئانىغا مېھرىبان، قېرىنداشلىرىغا كۆيۈمچان، چوڭ-كىچىكلەرگە ئېتىبارلىق قىز نامايان بولىدۇ ۋەبۇنداقلار كۆزىمىزگە چىرايلىق، يېقىملىق كۆرۈنىدۇ. ھايا كىشىلەرنى يامان يولدىن قايتۇرغۇچى ۋە ياخشىلىققا ئۈندىگۈچىدۇر. كىمنىڭ ھاياسى بولمىسا، شۇنىڭ ئۈيىتى بولمايدۇ ۋە بارچە قەبىھ ئىشلارنى قىلىشتىنمۇ يانمايدۇ.

ئىككىنچى نەسىھەت

ئەي قىزىم، ئىپپەت- ۋىجدانىي پاكلىق، نومۇس، ھايا دېگەنلىكتۇر. قىزلارنىڭ تەبئىيتىگە خاس پاكىزلىق، ھايا، نەپىسلىك، زىبالىق، ھوشيارلىق كەبى پەزىلەتلەر

ئۇلارنىڭ ھۆسىنىگە ھۆسىن، لاتاپىتىگە لاتاپەت قوشىدۇ. قىزنىڭ ھۆسنى- يېرىم بايلىق، ئەقلى بولسا خەزىنە. ئۇلۇغ ئالىم ئىبىن سىنا: «ئىنسانىدا مەڭگۈ تۇردىغان ھۆسىن ۋە لاتاپەت ھايا بىلەن ئىپپەتتۇر، ھاياسىز يۈز جانسىز جەسەت كەبىيدۇر» دېگەن ئىدى. دەر ھەقىقەت ئادەمنى ئۆزىگە تارتىدىغان، ئىسسىق كۆرسىتىدىغان نەرسە- كىشىنىڭ ھايا ۋە ئىپپىتىدۇر. ھايا ۋە ئىپپەتنى ئۆزىدە مۇجەسسەملىگەن قىز ھامانەم ھەقىقىي ئىنسانىلىق خاراكتېرىنى يېتىلدۈرەلەيدۇ.

ئۈچىنچى نەسىھەت

ئەي قىزىم، تىل بىلەن يۈرەك- ياخشىلىق بىلەن يامانلىقنىڭ بولىقى. بۇ ئىككىسى ياخشى بولسا، ئادەمۇ بەختىلىك ۋە ياخشى بولىدۇ. بۇ ئىككى يامان بولسا، ئادەمۇ يامانلىق ۋە بەختسىزلىكتىن خالىي بولالمايدۇ. بۇنداق بولۇشىدىكى سەۋەب: تىل - يۈرەكنىڭ جارچىسى. يۈرەك نېمىنى ئويلىسا، تىل شۇنى سۆزلەيدۇ، كۆڭۈلگە كەلگەننى ئالەمگە ئايان قىلىدۇ، كىشلەر سۆزگە ئۇستىلىقى بىلەن ماختانسا، سەن سۈكۈت قىلىش بىلەن ماختان. ھەر نەرسىنىڭ دەلىلى بار. ئەقىلنىڭ دەلىلى — پىكىر، پىكىرنىڭ دەلىلى — سۈكۈتتۇر. سەن سۈكۈت قىلىش ئارقىلىق ئۆز مەقسىتىڭگە يېتەلەيسەن. سۈكۈتتىن يىراقلاشساڭ مەغلۇبىيەت سېنى قارشى ئالىدۇ.

تۆتىنچى نەسىھەت

ئەي قىزىم، كىشىنىڭ خاپا بولۇپ تۇرغان ۋاقتىدا مەسىلە سورىما. ئەگەر سېنىڭ خاپا بولۇپ تۇرغان ۋاقتىڭدا بىراۋ مەسىلە سورىسا، سۆزىگە قاراپ جاۋاب بەر، ئەقلىڭ يەتمەس سۆزنى سۆزلىمە، كۈچۈڭ يەتمەس ئىشقا ئېسىلما. ھەر ئىشتا ئوتتۇرا ھاللىقنى كۆزدە تۇتۇش كېرەك. جامائەت بار يەردە، مەجلىستە بىرىگە سۆزۈڭ بولسا، ئاشكارا سۆزلە، زۆرۈر بولمىسا، پىچىرلاپ سۆزلىشىشنىڭ ھېچ پايدىسى يوق. ھەر تۈرلۈك سۆزنى ئاڭلىساڭ گۇياكى ئاجىزلىقتىن كۈچلەنگەندەك ئاڭلىغىن. بۇ سۆزلەر مەيلى كېرەككە كەلسۇن — كەلمىسۇن، جېنىڭ، تېنىڭ بىلەن ئاڭلا. چۈنكى، سۆز بىر سەدەپكە ئوخشايدۇ. ئۇ كۆڭۈل دەرياسىدىن چىقىدۇ.

بەشىنچى نەسىھەت

ئەي قىزىم، قىزلارنىڭ نازاكىتىنى، قىزلىق قەدىر-قىممىتىنى ئاشۇرىدىغان ئەمەللەرنىڭ كاتتىسى سىلىق-سىپايە، دەل جايىغا كەلتۈرۈپ، مېھرىبانلىق يۇرىقىنى سىڭدۈرۈپ تۇرۇپ ئەدەپلىك سۆزلەشتۇر. سۆزلىگەندىمۇ راست سۆزلەش، گەپنى قىسقا، مېغىزلىق قىلىشقا، مەنىلىك، ئورۇنلۇق سۆزلەشكە ئادەتلىنىش؛ ئۆزۈن، بىمەززە سۆزلەپ كىشلەرنى بىزار قىلماسلىق كېرەك. خەلقىمىز تولا گەپ قىلىدىغان كىشلەرنى ئەدەپسىز، كوت-كوت، لاۋزا دەپ ئاتايدۇ. كۆپ گەپ قىلغۇچىلار ئۆزىنىڭلا گېپىنى يورغىلىتىدۇ، خاراكتېرىدىن مەمەدانلىق چىقىپ تورىدۇ، ئۇلارنىڭ كۆپ گەپ

قىلىشىدىكى مەقسىتى ئۆزىنى كۆرسىتىشتۇر.

ئالتىنچى نەسىھەت

ئەي قىزىم، ئىپپەتلىك قىزلار ئۆزلىرىگە تەلەپچان، ھايالىق بولىدۇ. يۈرۈش-تۇرۇش، كىيىنىش، مۇئامىلە، مۇناسىۋەتلەردە قىزلىق شەنىگە يارىشا ئىش تۇتىدۇ. كىشىلەر ئارىسىدا كالتە، تار، كۆكرىكى چوڭ كىيىملەرنى كىيىش، مەمەدانلىق، چاكىنا قىلىق، ئورۇنسىز ھەركەتلەرنى قىلىشنى ئۆزلىرىگە ھار ئالىدۇ. ئىپپەتلىك قىزلار، بولۇپمۇ يىگىتلەرنىڭ ئالدىدا، چوڭلار بار سورۇنلاردا ئۆزلىرىنى قانداق تۇتۇشنى ياخشى بىلىدۇ. ھەربىر قەدىمىنى ئويلاپ باسىدۇ. قىز بالا ئۆزىنىڭ تەبىئىي چىرايى بىلەن يېقىملىقتۇر. ئۇنىڭغا يەنە پەرداز قىلىش ئۇنى سۈنئىيلەشتۈرۈپ قويۇشى مۇمكىن. بولۇپمۇ ھەددىدىن زىيادە پەرداز قىلىش، كەلسە-كەلمەس زىبۇ-زىننەتلەرنى تاقاش، قىممەت باھالىق كىيىملەرنى كىيىش قىزلارنى يەڭگىلتەك، قونچاق سۈپەت كۆرسىتىپ قويۇشى مۇمكىن.

يەتتىنچى نەسىھەت

ئەي قىزىم، دانالار ئىلىمنى مال-مۈلۈكتىن ئەۋزەل دېيىشىدۇ. ئېيتىشلىرىچە، ئىلىم مېغىز بولسا، بايلىق ئۇنىڭ پوستى، ئىلىم گۈل بولسا، بايلىق ئۇنىڭ ھىدىدۇر. دانا كىشىلەر ھەر دائىم ئەنە شۇ مېغىزنى قولغا كىرگۈزۈش يولىدا جاپا چېكىدۇ. چۈنكى، ئىلىم ئاۋۋال پەزىلەتلىك كىشىلەردىن مىراس قالىدۇ، مال-بايلىق بولسا ھارۇن ۋە ھامانىنىڭ مىراسىدۇر؛ ئىككىنچى، ئىلىم كىشىدە كەمتەرلىك پەيدا قىلىدۇ؛ ئۈچىنچى، ئىلىملىك كىشىنىڭ دوستى كۆپ بولسا، مالدار كىشىنىڭ دۈشمىنى كۆپ بولىدۇ؛ تۆتىنچى، مالدار كىشىلەر ئۆتە خەسىس ۋە بېخىل بولسا، ئالىم كىشىلەر ساخاۋەت ئىگىسى بولىدۇ؛ بەشىنچى، ئىلىم كىشىگە دۇنيادا ئابرۇي كەلتۈرسە، مال-دۇنيا ئازاپ كەلتۈرىدۇ.

سەككىزىنچى نەسىھەت

ئەي قىزىم، ئۈچ خىل كىشى ھېكمەت رەۋىشىدىن يىراق ۋە ئەقىل يولىدىن تاشقىرىدۇر. بۇنىڭ بىرىنچىسى، ئۆزىنىڭ كۈچ-قۇۋۋىتىگە ئىشىنىپ، ھەر قانداق بالا كەلسە قارشى كېتىۋېرىدىغانلار، بۇنداق كىشىلەر ئاقىۋەت ئۆزىنى ھالاكەتكە سالىدۇ؛ ئىككىنچىسى، تائامنىڭ ئۆزىگە يېتەرلىك مىقدارىنى بىلمەيدىغانلار ۋە مەيدىسىنىڭ ھەزىم قىلىشقا ئاجىز كېلىشىدىن قورقماي يەۋېرىدىغانلار، شۈبھىسىزكى، بۇنداق كىشىلەر ئۆز جېنىنىڭ دۈشمىنىدۇر. ئۈچىنچىسى، ئاداۋەت ئەھلىنىڭ سۆزىگە مەغرۇر بولۇپ، ئۇلارنىڭ خۇشامەتلىرىگە ئالدانغانلار، بۇنداق كىشىنىڭ ئىشى ئاخىر ھەسرەت-نادامەت ۋە پۇشايمان كەلتۈرىدۇ.

توققۇزىنچى نەسىھەت

ئەي قىزىم، ياخشى خۇيلۇق، ئەدەپ-ئەخلاقلىق، مىجەز-خاراكتېردا خاسلىقنى ئىگە، كۆڭلى-كۆكسى كەڭ يارامىلىق قىز بولۇش ئاسان ئىش ئەمەس. بۇنىڭ ئۈچۈن ئاتا-ئانا بولغۇچىنىڭ قىزىنى كىچىكىدىن باشلاپ تۇجۇپلەپ تەربىيلەپ ئەجىر سىڭدۇرۇشىگە، شۇنداقلا قىزلارمۇ ئىسنى تاپقاندىن كېيىن ئۇنىسىز تەربىيە ۋە ئەتراپىدا يۈز بىرۋاتقان ياخشى-يامان ئىشلارنى جايىدا پەرىقلەندۇرۇپ، شۇ ئارقىلىق ئۆز-ئۆزىنى تەربىيلەشكە توغرا كېلىدۇ. بۇنداق تەربىيلەنگەن قىزلارنىڭ گۈزەللىكى، پەزىلەت غۇنچىسى قەلب تۆرىدە ئېچىلغان بولۇپ، ئەگەر بۇنىڭغا چىراي گۈزەللىكى قوشۇلسا بۇنداق گۈزەللىك كامالەتكە يەتكەن گۈزەللىك ھېسابلىنىدۇ.

ئونىنچى نەسىھەت

ئەي قىزىم، شىجائەت، ساخاۋەت ۋە خۇشخۇلقلۇق ئەڭ ئەلا پەزىلەتلەردىن بولۇپ، بۇ سۈپەتلەرگە ئىگە بولغان كىشىلەر ھەر دائىم ئۇلۇغلۇق سەرمايىسىدىن بەھرىمەن بولىدۇ. مەزكۇر سۈپەتلەر ئىچىدە خۇشخۇلقلۇق ئالاھىدە دىققەتكە سازاۋەردۇر. چۈنكى، شىجائەت ناگان-ناگاندا ئېھتىياج تۇغۇلىدۇ، ساخاۋەت ئالىي پەزىلەت بولسىمۇ، ئۇنىڭغا ھەممىلا كىشى مۇيەسسەر بولۇۋەرمەيدۇ، ئۇنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىش ئۈچۈن، كىشىلەرگە ھەر خىل شەرت-شارائىتلار كېرەك. ئەمما، خۇشلۇقلۇق شۇنداق نەرسىكى، ئۇنىڭغا ھەممە ئادەم ئېرىشەلەيدۇ. يېقىملىق خۇلق ئىگىسىدىن چوڭ-كىچىكنىڭ بارچىسى خۇرسەن بولىدۇ. بۇنداق خۇلق ئىگىسى باشقىلارنى خۇرسەن قىلىشتىن تاشقىرى، ئۆزىمۇ دائىم خۇرسەن يۈرىدۇ. باشقىلاردىن بولسا ئۇنىڭغا مۇھەببەت ۋە مۇلايىملىق قايتىدۇ.

ئون بىرىنچى نەسىھەت

ئەي قىزىم، دەۋرداشلىرىڭدىن ئەقىل-پاراسەتتە، ئىلىم-پەن جەھەتتە تۆۋەن ئورۇندا تۇرۇش تۇلىمۇ نومۇسلۇق ئىش. ئادەم تۇرۇپ ئادىمىلىك قابىلىيەتكە ئىگە بولالماسلىق، ئادەم تۇرۇپ ئادەمدەك ياشيالماسلىقتەك ئېغىر مەھرۇملۇق بولمايدۇ. شۇڭا، ئىنسان بالىسى ئۈچۈن ئەڭ چوڭ ئەيىب بىلىمسىزلىكتۇر. نومۇس قىلىش توغرا كەلسە ئۆزۈڭنىڭ نادانلىقىدىن نومۇس قىل، خورلۇق ھىس قىلىش توغرا كەلسە ئالدى بىلەن ئۆزۈڭنىڭ بىلىمسىزلىكىڭدىن خورلان. بىلىمسىزلىك سېنى ئىنسانىي تويغۇدىن مەھرۇم قىلىدۇ. شۇڭا، سەن ئالدىنقى ئاتقانلىقىڭنىمۇ، ھاقارەتلىنىۋاتقانلىقىڭنىمۇ ھېس قىلالمايسەن. نېمىنىڭ ھەق، نېمىنىڭ ناھەق ئىكەنلىكىنى توغرا پەرىقلەندۇرەلمەيسەن. شۇنىڭ بىلەن ئۆزۈڭگە قانچىلىغان ھاقارەت تامغىسىنىڭ بېسىلىۋاتقانلىقىنى خىيالىڭغىمۇ كەلتۈرەلمەيسەن.

ئون ئىككىنچى نەسىھەت

ئەي قىزىم، قىزلارنىڭ نامىغا ئىلەشكەن يامان داغ- نومۇسىنىڭ كېتىشى بەكمۇ

قىيىن. بەزىدە بايقىماي بېسىلغان تىكەننىڭ جەبىرىنى بىر ئۆمۈر تارتىپ يۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. بەزىدە ئۇ كىشىنى ئۆمۈرۋايەت گۇمان، شۈبھە قىيناقلىرىغا دۇچار قىلىدۇ. بۇلارغا كۆپىنچە ئويلىماي ئىش قىلىش، ئىرادىنىڭ تېزگىنىنى ئازراقلا بوش قويۇۋېتىش سەۋەب بولىدۇ. ئىنسانىي پەزىلەتلەر، مەنۋى قەدىر-قىممەتلەر ھەققىدە سۆز بولسا ئۇلارنىڭ قىزلاردا ئەڭ ئالىي دەرىجىدە بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ. چۈنكى قىز بالا مىللەتنىڭ كۆركى، مىللەتنىڭ كېلەچىكى ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا قىزلار ناھايىتى نازاكەتلىك، ئىپپەتلىك، سەۋر-تاقەتلىك، ئاقىل، مېھرىبان بولۇشى كېرەك. ئەيىب ياكى گۇناھ ئىش قىلىپ قويغان باشقا ھەممە كىشىلەر ئەپۇ قىلىنىشى مۇمكىن، پەقەت قىز بالا ئەپۇ قىلىنمايدۇ.

ئون ئۈچىنچى نەسىھەت

ئەي قىزىم، راھەتنىڭ ئىچىدە تۇرۇپ راھەتنىڭ قەدرىگە يەتمەيدىغان ئەھۋالدىن ساقلىنىش ئۈچۈن كۆڭلۈڭگە دائىم ئارزۇ-ئۈمۈت يار بولسۇن. تېنىڭ نەپەس ئېلىپ قانغان ھالەتتىمۇ روھىڭ مەڭگۈ ئىنتىزار بولۇپ تۇرىدۇ. ئەگەر ھەممىگە ئېرىشسەڭ، ئۇ ھالدا ھەممە ئۈمىتسىزلىك ۋە نارازىلىققا ئۆزگىرىدۇ. ئاقىل بولغانلارمۇ باشقا شەيئىلەرنى چۈشىنىپ ھەۋىسىنى قاندۇرۇشى لازىم. ئۈمىد بىزگە ھايات بېغىشلايدۇ، ئەمما قۇرساق تويغۇزۇۋېلىپ تاماشا بىلەن ئۆتۈش جاننى ئالىدۇ. باشقىلارنىڭ ياخشىلىقنى قايتۇرغاندا ئۇلارنى قانائەتلەندۈرمەسلىك لازىم. ئۇلارنىڭ ھېچ نەرسىگە ھاجىتى چۈشمىگەندە، ئۇزۈڭگە ھەممە يەردە ئاگاھ بولۇشۇڭ لازىم. ھەر قانداق خۇشاللىق ئۇلارنى خۇشال قىلالمايدۇ. ئارزۇنىڭ ئاخىرى غەم-قايغۇ دېمەكتۇر.

ئون تۆتىنچى نەسىھەت

ئەي قىزىم، ھەر ۋاقىت پەزىلىتىڭىزنى ساقلاپ، پەزىلەتتە باشقىلارغا ئۈلگە بولغايسىز. تاكى جەمئىيەتتە كىشىلەر سىزگە ھەۋەس قىلىپ: «بۇ كىمنىڭ قىزىدۇ؟، نېمە ئىش قىلدىغاندۇ؟ ئەجەب ئەدەپلىك قىزكىنا» دەپ ئېغىزىنى چاكىلدىتىپ قالسۇن. سىزدىن ھەرگىز ئەدەبسىز قىلىقلار سادىر بولۇپ قالمىسۇن، ئەگەر سىزدە كىچىككىنە ئەدەپسىزلىك سېزىلىپ قالسا، شۇ ھامان شەنىڭىز بولغىنىدۇ، ئابرۇيىڭىزنى مىڭ قىلغان بىلەنمۇ ئەسلىگە كەلتۈرەلمەيسىز. سىز پەقەت ئۆزىڭىزنىڭ ئىپپەت-نۇمۇسنى چىڭ ساقلىيالىسىڭىزلا، ئۆزىڭىزنىڭ ئىنسانىي قىممىتىڭىزنى، بولۇپمۇ قىزلىق قەدىر-قىممىتىڭىزنى قولىڭىزدا تۇتالايسىز، ئەڭگۈشتەر قولىڭىزدا بولىدۇ، بۇ ئەڭگۈشتەرنى قولىڭىزدىن بېرىپ قويدىڭىزمۇ، ئۆز قەدىر-قىممىتىڭىزنى يەرگە ئۇرسىز.

ئون بەشىنچى نەسىھەت

ئەي قىزىم، دېڭىز كەڭ بولغانلىقتىن ھەممە دەريا-ئېقىنلارنى ئۆزىگە

سىغدۇرالايدۇ. باشقىلارغا پايدا يەتكۈزۈش ئۆزىگە پايدا يەتكۈزگەنلىك، باشقىلارغا زىيان سېلىش ئۆزىگە زىيان سالغانلىق، باشقىلارغا يول قويۇش ئۆزىگە يول قويغانلىق، باشقىلاغا زىيانكەشلىك قىلىش ئۆزىگە زىيانكەشلىك قىلغانلىق بولىدۇ. باشقىلارغا يول قويۇشنى ئۆگىنىۋېلىڭ! باشقىلارنى ھۆرمەت قىلسىڭىز ئىززەت تاپىسىز، يول قويسىڭىز نىيىتىڭىزگە يېتىسىز. ھۆرمەت قىلىشتا ناھايىتى ئېھتىياتچان بولۇش، ئىشنى چوڭ-كىچىك دەپ ئايرىماسلىق، ھەممىسىگە سەل قارىماسلىق كېرەك. يول قويۇشتا ھەر قانداق ئىشقا ئىمكانىيەت قالدۇرۇش، تۆھپىنى يالغۇز ئىگىلىۋالماسلىق، خاتالاشقاندا باشقىلارغا دۆڭگىمەسلىك كېرەك.

ئون ئالتىنچى نەسىھەت

ئەي قىزىم، مۇغەمبەر ئادەملەر ھەمىشە يوقىلاڭ ئىشلار بىلەن باشقىلارنى دەي-دەيگە سالىدۇ. شۇڭا زەرىبىگە ئۇچرىغان، خورلانغان ۋە ئاھانەتكە قالغان چاغلىرىڭىزدا، سۇغۇققانلىق بىلەن ئەستايىدىل ئويلىنىپ، ئىشنىڭ باش-ئايغىنى تەھلىل قىلىپ كۆرگەندىن كېيىن ئاندىن بىر قارارغا كېلىڭ. بولۇپمۇ بەزىلەر سىزگە بەزىبىر ئىشلاردىن ئالاھىدە ئۇچۇر بەرگەن چاغلاردا ئۇنىڭ دىگەنلىرىنى ئىنچىكە ئويلىنىپ، ئۇنىڭدا باشقا بىر غەيرىي نىيەتنىڭ بار-يوقلۇقىنى چوڭقۇر تەھلىل قىلىڭ. چۈنكى نۇرغۇن ئىشلار سىز ئويلىغاندەك ئۇنچىۋالا ئاددىي بولمايدۇ؛ ئۇنىڭ ئارقىسىغا كىشىگە دېگىلى بولمايدىغان بىرەر مۇددىئا يوشۇرۇنغان بولىدۇ. شۇڭا كۆڭلىڭىزدە ئېنىقلىق سان بولسۇن؛ ھەرگىز باشقىلارنىڭ قول چۇمىقىغا ئايلىنىپ قالماڭ.

ئون يەتتىنچى نەسىھەت

ئەي قىزىم، ئۆزىڭىزگە توغرا تونۇشتا بولمىسىڭىز، ئۆزىڭىزنىڭ كۈچلۈك ئىكەنلىكىڭىزگە ئىشەنمىسىڭىز، باشقىلارنىڭ ئىشەنچىسى ۋە ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولۇشىڭىز تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس. ئۆز-ئۆزىنى رىغبەتلەندۈرۈش، تىرىشچانلىق داۋامىدا، ئۆزلۈكىنىڭ پۈتۈنلەي يېڭىلىنىشى مۇقەررەر ئاقىۋەت پەيدا قىلىدۇ. ئۆزىمىزنى توغرا تونۇپ، ئۆزىمىزنىڭ ئوبرازىنى يۈكسەلدۈرۈشنى ئۆگەنگەندىلا ئاندىن، ھەتتا ئۆزىمىزمۇ ئۇقمايدىغان يوشۇرۇن ئېھتىمالنى ئويغىتالىشىمىز، ئاندىن تامامەن يېپيېڭى گۈزەل ھاياتنى يارىتالىشىمىز مۇمكىن. ئۆزىگە ئىشىنىش- مۇمكىنسىزلىكنى مۇمكىنچىلىككە، ئارزۇنى رېئاللىققا ئايلاندۇرىدۇ. ئەمما، ئۆزىگە ئىشەنمەسلىك-ئەسلىدىكى مۇمكىنچىلىكنى مۇمكىنسىزلىككە ئۆزگەرتىۋېتىدۇ.

ئون سەككىزىنچى نەسىھەت

ئەي قىزىم، ئاقىللارنى ئۆزلىرىنى دۈشمەن ھىيلە-مىكرىسىدىن ياخشى مۇھاپىزەت قىلىدۇ. دۈشمەنىنىڭ يامان سۆزلىرى بىلەن يولدىن چىقمايدۇ. غاپىل كىشىلەر بولسا دۈشمەنىنىڭ يالۋۇرۇشى ۋە مۇلايىملىقىنى كۆرۈپ، ئاداۋەتنى ئۇنتۇيدۇ ۋە ئۇنىڭغا ئاشنا

بولىدۇ. ئۇلار دۈشمەنىنىڭ سىرتىنى پەردازلاپ كۆرسەتكەن بىلەن كۆڭلىدە ئاداۋەت ساقلىنىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ. ھەر قانداق دۈشمەنىنىڭ كىشىگە قەست قىلىشىغا قۇدرىتى يەتمىسە، ھىيلە ئىشلىتىپ يېقىنلىق قىلىپ، نەسىھەت يولىنى تۇتىدۇ ۋە مەھرۇم بولۇۋېلىپ، سىرلىرىدىن ۋاقىپ بولىدۇ-دە، پۇرسەت تاپسا ئۆز ئىشىغا تۇتۇش قىلىپ، تۈرلۈك زىيانلارنى سالىدۇ. ئەگەر ئۇ زىيان سالسا، ئوتلۇق چېقىندەك جان خامىنىدىن باشقىسىنى كۆيدۈرمەيدۇ ۋە قازا ئوقىدەك مۇرات نىشانىسىدىن بۆلەك نەرسىگە خاتالىشىپ تەگمەيدۇ.

ئون توققۇزىنچى نەسىھەت

ئەي قىزىم، ئەگەر بىرى سىنىڭ ئەيىب، نوقسانلىرىڭنى ئېيتسا، قۇبۇل قىلىپ كەمچىلىكىڭنى تۈگىتىشكە تىرىش. سېنىڭ ئالدىڭغا ئۆز ھالىنى ئېيتىپ كەلگەن كىشىنى زادى كەمسىتمە، بەلكى ياردەم قىلىپ، ئۇنى مۇھتاجلىقتىن قۇتۇلدۇر. ئۆزۈڭدىن كىچىكلەرگە ياخشى مۇئامىلە قىل، ئۇلارغا مېھرىبان بول. چۈنكى كىچىكلەر سېنىڭ ئېكىنزارىڭدۇر، ھەممە ئىشىڭ ئاشۇلارنىڭ ياردىمى بىلەن پۈتىدۇ. ئەگەر تېرىلغۇلىرىڭ ۋەيران بولسا، تىرىكچىلىكىڭ قىيىنچىلىقتا ئۆتىدۇ. دوستۇڭغا ياخشى نىيەتتە بول. خەلقنىڭ ئالقىشىغا ئىگە بولۇشنى ئىزدىسەڭ، ئالىيجانابلىق يولىنى تۇت.

يىگىرمىنچى نەسىھەت

ئەي قىزىم، ئەگەر قىز بالا گۈزەل، خۇش قامەت، زىبۇ-زىننەتلىرى جايىدا بولسىمۇ مۇئامىلىسى قوپال، چېچىلاڭغۇ بولسا، ئەتراپىدىكىلەرنىڭ دىلىنى ئاغرىتسا، ئىشىنىڭكى، ئۇنى ھېچكىم، ھېچقاچان گۈزەللەر سېپىگە قوشمايدۇ، ئۇنىڭدىن كۆڭلى قالىدۇ. ھېچقانداق نەرسە كىشىنىڭ ئەقلىنى مۇئامىلە كەبى نامايان قىلالمايدۇ. قىزلار ئۆزىگە قانچىلىك زىننەت بەرمىسۇن، مۇئامىلە مەدەنىيىتىنى، مۇئامىلە سەنئىتىنى بىلمىسە ھېچقاچان ئۆزگىلەرنىڭ ھۆرمەت ئېتىبارىغا سازاۋەر بولالمايدۇ. يىگىتلەرنىڭ مۇھەببىتىگە سازاۋەر بولۇش ئۈچۈنمۇ قىزلاردا ئالدى بىلەن مۇئامىلە سەنئىتى يوقىرى بولۇشى كېرەك.

يىگىرمە بىرىنچى نەسىھەت

ئەي قىزىم، سۆزلەش يولى ئېگىز-پەس ۋە خەۋپلىك بولۇپ، كۆپ خەتەرلەر ئۇچرايدۇ. ئويلىماي-پىكىرلىمەي تۇرۇپ بىرەر سۆزنى ئىزھارلاشقا لەۋنى ئاچماسلىق كېرەككى، ئويلىماي ئېيتىلغان سۆز كۆپلىگەن باشلارنى ئۆلۈم جەۋگانىنىڭ توپىسىغا ئايلاندۇرغان، جان خەزىنىسىنى زاۋاللىق ۋە نوقسان قىمارىغا ئۇتقۇزغان. سۆزلەشتە بىر نەچچە قائىدە بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەر بىرىگە رىئايە قىلماق لازىم. بىرىنچىسى شۇكى، سەۋەبسىزلىك ۋە بىمەھەللىك كىلىتى بىلەن سۆزلىشىش قۇلۇپىنى ئاچماسلىق

كىرەككى، گەرچە سۆز گۆھىرى تـوغرا ۋە ئېنىـق بولسـىمۇ، بىۋاقىـت ۋە ئورۇنسـىز ئېيتىلسا، ئـىدراك بازىرىنـىڭ گۆھەرشۇناسـلىرى ۋە قائىـدە بىلگـۈچىلىرى نەزەرىـدە ئېتىبارىدىن چەتتە قالىدۇ ۋە ھېچكىم ئۇنى ئاڭلاشقا رىغبەت قىلمايدۇ.

يىگىرمە ئىككىنچى نەسىھەت

ئەي قىزىم، يادىڭدا بولسۇنكى، تۇرمۇشتا پۇل دىگەن ھەقىقەتەن تۇلىمۇ قىممەتلىك ۋە قەدىرلىـك نەرسـە، پـۇل بولمىسـا ھاياتتـا بەھـرىمەن بولۇشـقا تېگىشـلىك نۇرغـۇن نەرسـىلەردىن مەھـرۇم قالـدىغان گەپ. لېكىن، ئادەمنىـڭ ئـالتۇن-كۈمـۈش ئالدىـدا ئـۆزىنى تۇتالىشـى، پۇلغـا ئەسـىر بولـۇپ ئـۆزىنى بولغىماسـلىقى بۇنىڭـدىن نەچچـە ھەسسە قەدىرلىكتۇر. ئـۆزىنى پـۇل قاپقىنـدىن ئامـان سـاقلىيالىغان ئـادەملا ھەقىقـي قەدىـر-قىممەتـكە ئېرىشـەلەيدۇ. ئۇنـداق چـىن-دۇرۇس ئـادەمنى كـۆزگە سۈرتىسـىمۇ ئەرزىيدۇ. پۇل تاپ، لېكىن-پۇلنىڭ ئەسىرى بولۇپ قالما. پۇل دېگەن ئازىزمۇ قىلىدۇ، خارمۇ قىلىدۇ. پۇل ئۇچـۇن ئىمـاننى، ۋىجـداننى بولغـاپ ئىنسـاني پەزىلەتنـى يەرگە ئۇرۇش خارلىق دېگەن شۇ.

يىگىرمە ئۈچىنچى نەسىھەت

ئەي قىـزىم، بىلىڭكـى، گـۈزەل ئەخلاقنـى ئـۆزىگە يـار قىلغـان، ھايـا، نومـۇس چۈمپەردىسـگە چـۆمكەلگەن، لېـۋەن، ياخشـى خۇيلـۇق، ئىپـپەت گـۆھىرنى چىـڭ سـاقلىغان، پەزىـلەت غۇنچىسـىنى يۈرىكـىدە ئېچىلـدۇرالىغان، سـىپايە، قائىـدە-يوسـۇنلۇق، جەلىپكـار، سـىپىي ئۆزىـدىن ھەقىقـى ئۇيغـۇر قىزىغـا خـاس خىسـلەتنى يېتىلـدۈرگەن بولسـىڭىز، مەكتەپـتە ئۇقۇۋاتقـان بولسـىڭىز مەكتەپـتە ساۋاقداشلىرىڭىزنىڭ، ئۇقۇتقۇچىلىرىڭىزنىڭ سىزگە چىن يۈركـىدىن ئىچـى كـۆيمەي قالمايدۇ؛ ئەگەر سىز كەسىپىي ئورۇنلاردا ئىشلەپ قالسـىڭىزمۇ، ئەتراپىڭىزدىكـى ھەر قانـداق ئادەمنىـڭ سـىزگە قايىللىقىـدىن ئىچـى كـۆيمەي قالمايـدۇ. شـۇنداقلا سـىز ئۆزىڭىزنىڭ ھەقىقي جەلىپ قىلىش كۈچىڭىزنى ھېس قىلىسىز ۋە ئۇنىڭ تۇرتىكىسىدە ھەممە ھۆرمەتلەيدىغان شەخىسكە ئايلىنىسىز.

يىگىرمە تۆتىنچى نەسىھەت

ئەي قىزىم، ئېغىر-بېسـىقلىقنى خـۇددى بىـر گـۇھەر دېسـەك، مۇلايىملىـق باشـقا كانىدىن ئېلىنغان مەدەندۇر. بۇلار ئارقىلىق سەن شاھ بىلەن گادايىنى ئۆزۈڭگە ئىتائەت قىلدۇرالايسەن. ئوچـۇق چـىراي، ئەخلاقلىـق بولـۇش كىشـىنى ئـادەملەر ئارىسـىدىكى زىددىيەتلەردىن ئارازچىلىق ۋە پىتنە-پاساتلاردىن خالىي قىلىدۇ. مۇلايىم ۋە ئەدەپلىك بولـۇش ئىنسـان ۋۇجۇدىنـىڭ مېۋىلـىك بېغىـدۇر، ئادەملىـك تېغىنىـڭ ئىچىـدىكى قىممەتلىك يەر ئاستى بـايلىقلار بىـلەن تولغـان زەر كانـدۇر. بـۇ كاننىـڭ بـايلىقلىرى چەكسىزكى قېزىپ-قېزىپمۇ تۈگەتكىلى بولماس. ئۇنىڭدا چېچەكلىگەن مېۋىلەرنىـڭ

خۇش ھىدى پۇتكۇل يەر-جاھاننى دائىما ئىللىتىپ تۇرغاي.

يىگىرمە بەشىنچى نەسىھەت

ئەي قىزىم، دۇنيانىڭ قانۇن-قائىدىلىرى مەۋجۇت بولسا، ئادەمگە ئادەمگەرچىلىك قىلىش ئۇنىڭ بەلگىسى بولىدۇ. كىشى ياخشىلىققا ياخشىلىق قىلىدۇ، بىر ياخشىلىققا ئون ياخشىلىق بىلەن جاۋاپ بېرىدۇ. كىمنىڭ ياخشى نام بىلەن جېنى چىقسا، ئۇنىڭ ياخشى نامى دۇئا بىلەن داۋاملىق يادلىنىدۇر، ئۆلگەندىن كېيىن، كىم ياخشى دۇئا بىلەن يادلانسا، ئۇ قايتىدىن تۇغۇلۇپ، يەنە بىر ھايات باشلىغاندەك بولىدۇ. مەيلى يەرنىڭ ئۈستىدە بول ياكى يەرنىڭ ئاستىدا بول، ياخشى نامىڭ مەشھۇر بولسا، شۆھرىتىنى ئۆزۈڭ كۆرسەن.

يىگىرمە ئالتىنچى نەسىھەت

ئەي قىزىم، بىلىم بىلەن جاسارەت ئۇنتۇلماستۇر، دېمەك ئۇلار سېنىمۇ ئۇنتۇلماس قىلىپ قويالايدۇ. سەن قانداق بىلىم ئىگەللىگەن بولساڭ، شۇنداق ئادەم بولىسەن. ھەقىقى ئەقىل-پاراسەتكە ئىگە بولساڭ، خالىغىنىڭچە ئىش قىلالايدىغان بولىسەن. ھېچنېمىدىن خەۋىرى يوقلار ئۆزىنى قاراڭغۇ دۇنياغا قاماپ قويغان بىلەن باراۋەر. جىسمانىي قۇدرەت ۋەئەقلى قابىلىيەت گويا ئىككى قول ۋە ئىككى كۆزگە ئوخشايدۇ. پاراسەتلىك، ئەمما جاسارەتسىز بولغانلارنىڭ پاراستى مېۋە بەرمەيدۇ.

يىگىرمە يەتتىنچى نەسىھەت

ئەي قىزىم، مۇنۇ ئون گۈزەل خىسلەت ئادەمگە بەخت-قۇت كەلتۈرىدۇ؛ ھايا، مۇرۇۋۋەت، ساداقەت، تەۋازۇ، ئەمگەك، سېخىيلىق، نومۇس، ئامانەتكە خىيانەت قىلماسلىق، ئادالەت، ھلىم (مۇلايىملىق) ۋە شىجائەت. مۇنۇ ئون يامان خىسلەت ئادەمنى بەختسىزلىك-پالاكەتكە سۆرەيدۇ: ھەسەت، ئاداۋەت، بېخىللىق، تەكەببورلۇق، يالغانچىلىق، مۇناپىقلىق، چېقىمچىلىق، خىيانەت، جاھىللىق ۋە ھۇرۇنلۇق. كىمنىڭ ھىممىتى ئۈستۈن بولسا، شۇنىڭ قەدىر-قىممىتىمۇ ئۈستۈن بولغۇسى. بىراۋ ئەدەپ ئۆگەتسە، ئۆگەنمىگەن كىشى ھايۋان؛ ئۆزىرە سورىسا، قوبۇل قىلمىغان كىشى شەيتاندۇر.

يىگىرمە سەككىزىنچى نەسىھەت

ئەي قىزىم، ئېيتقان سۆزدىن يانمايدىغان، ۋەدىسىدە تۇردىغان ئادەم بۈگۈن سۆزلىگەن سۆزىدىن ئەتىسى كۆنى تېنىۋالمايدۇ، ۋەدىسىدە چىڭ تۇرىدۇ. كىشى ۋەدە قىلىپ، قىلغان ۋەدىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرسا، ۋەدىسىگە ۋاپا قىلسا، خەلقنىڭ ئۇنىڭغا ئىشەنچىسى ئاشىدۇ. ۋەدىنىڭ ئاپىتى- ۋەدىسىگە ۋاپا قىلماسلىق ياكى ئۇنى سەۋەبسىز كېچىكتۈرۈپ ئىجرا قىلىشتۇر. ۋەدىنىڭ ۋاقتى ئۆتۈپ، ۋەدە قىلغۇچى باشقىلار ماقۇل بولغۇدەك بىرەر سەۋەپ كۆرسۈتەلمىسە، كىشىلەر ئۇنىڭدىن ۋەدە

تەلەپ قىلمايدىغان، ۋەدە بەرسىمۇ ۋەدىسىگە ئىشەنمەيدىغان ۋە ئۇنىڭغا بىرەر نەرسە بەرمەيدىغان بولۇپ قالىدۇ. شۇڭلاشقا، بەرگەن ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىش چىن ئىنسانلىق خىسلىتىدۇر.

يىگىرمە توققۇزىنچى نەسىھەت

ئەي قىزىم، ئىنسانلار ئۈچۈن ھايا- ئىنتايىن شەرەپلىك بىر خىسلەت ۋە ئۇلۇغۋار ئەخلاقتۇر. ھايا- ئادەمزات جەمئىيىتىنىڭ گۈزەل ۋە تەرتىپلىك بولۇشى ئۈچۈن مۇھىم بىر شەرتتۇر. ھايادىن ئىبارەت بۇ ئەخلاق كىشىلەر ئارىسىدىن يوقىلىپ كەتسە، كىشى-كىشىدىن سۆز ۋە ھەرىكەتتە ئۇيالمايدىغان بولۇپ قالسا، ئالەمنىڭ نىزامى بۇزۇلىدۇ. خەلقئارا ئېسىل رەسمىيەتلەر يوقىلىدۇ. مەئىشەت ئامانلىقىغا زور بالالار توغۇلىدۇ. كىشىلەر بىر- بىرىنىڭ ھەققىدە دىيانەت ۋە ساداقەت ساقلىمايدىغان بولۇپ قالىدۇ. كۈچلۈكلەر ئاجىزلارنى تالاپ ۋەيران قىلىدۇ. ھايا-كىشىلەرنى ناچار ئەخلاق ۋە قىلىقلاردىن چەتكە تارتىدىغان تەبىئىي كۈچتۇر. ئىنسانغا ھايادىن تولۇق پايدا ۋە مەنپەئەت باردۇر، ياخشى خۇي- ئەخلاق مېۋىسى ھايانىڭ سۈيى ۋە ئاپتىپىدىن پەرۋىش تاپمىسا، تولۇق پىشالمايدۇ.

ئوتتۇزىنچى نەسىھەت

ئەي قىزىم، ھۆكۈماللار خۇشخۇيلۇقنىڭ بەلگىسى ئون خىل بولىدۇ دەيدۇ. بىرىنچى، ياخشى ئىش توغرىسىدا كىشىلەرگە مۇخالىپەتچىلىك قىلماسلىق. ئىككىنچى، ئۆز نەپسىدىن ئۆزلىكىدىن ئىنساپ كۆرسىتىش. ئۈچىنچى، كىشىلەرنىڭ ئەيىبىنى ئىزدىمەسلىك. تۆتىنچى، كىشىلەردىن نا لايىق ئىشلار سادىر بولسا، ئۇنى ياخشىلىققا سېلىش. بەشىنچى، گۇناھكار گۇناھىدىن ئۆزرە ئېيتىپ كەلسە قوبۇل قىلىش، ئالتىنچى، ھاجەتمەنلەرنىڭ ھاجىتىنى ھەل قىلىش. يەتتىنچى، كىشىلەرنىڭ خىزمىتى ئۈچۈن مۇشەققەت تارتىش. سەككىزىنچى، ئۆز نەپسىنى كۆزلىمەسلىك. توققۇزىنچى، باشقا كىشىلەرگە چېھرىدىن مېھرىنى كۆرسىتىش. ئونىنچى، كىشىلەرگە ياخشى سۆز قىلىش.

ئوتتۇز بىرىنچى نەسىھەت

ئەي قىزىم، ساخاۋەت- ئۆزگىلەرگە مەنپەئەت يەتكۈزۈش دېمەكتۇر. ئېھسان- كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلىش دېمەكتۇر. ساخاۋەت- ئىنسانلارنىڭ كىشىلەر ئارىسىدىكى ياخشى نام ۋە ياخشى سۈپەت قالدۇرۇشىنىڭ ئاساسىدۇر. جىمى ئادەمزات ئۈچۈن مەيلى ئۇ شاھ بولسۇن، گاداي بولسۇن، ئالىم بولسۇن، باي بولسۇن- ھەممىسىگە ساخاۋەت ۋە ئېھساندىن ئارتۇق سۈپەت ۋە پەزىلەت يوقتۇر. ساخاۋەت- خۇددى جەننەتنىڭ دەرەخلىرىگە ئوخشاش، جەننەتنىڭ دەرەخلىرى بولغاندىمۇ ئاللاتائالانىڭ رازىلىق ئېرىقلىرىنىڭ لېۋىدە ئۆسكەن دەرەختۇر. ساخاۋەت بىلەن قولغا كەلتۈرگەن

نام-شەرەپ بولسا ئۇنىڭ چېچەكلىرىدۇر.

ئوتتۇز ئىككىنچى نەسىھەت

ئەي قىزىم، ھايا-گۈزەللىك دەرىخىنىڭ بىر شېخى، ئۇ ئىنسانىيەت دۇنياسىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدىكى مۇھىم شەرتتۇر. ئىنساندىن ھايا كۆتۈرۈلسە، ھېچ كىشى ھېچ كىشىدىن ئۇيالمايدىغان بولىدۇ، جەمئىيەتنىڭ ئىنتىزامى بۇزۇلۇپ ياخشى رەسمى-قائىدىلەر تۈگەپ كېتىدۇ. ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش ئىشلىرى ۋەيرانچىلىققا يۈزلىنىدۇ، ئىنسابسىزلىق ئەۋج ئېلىپ، كۈچلۈكلەر ئاجىزلارنى بوزەك ئېتىپ، نېمىنى خالىسا شۇنى قىلىدىغان بولىدۇ.

ئادالەت قانات يايدۇرۇلسا، ساختىلىققا ئورۇن قالماس، ئادالەت ھاۋاسى مەملىكەتكە گۈزەللىك بەخش ئېتەر. ئادالەت بىر ئاپتاپتۇركى، نۇرى بىلەن قاراڭغۇلۇق يۇرۇغاي.

ئوتتۇز ئۈچىنچى نەسىھەت

ئەي قىزىم، قىزلارنىڭ يۈرۈش-تۇرۇشى، گەپ-سۆزى نازاكەتلىك، يېقىملىق بولۇشى كېرەك. ئۇلارغا ئارتۇقچە ھەرىكەت، قوپال سىلكىشلەر ياراشمايدۇ. نازاكەت، يېقىملىق دېگەندە مۇلايىملىق، ئىش-ھەركەتتىكى نازۇكلۇق، يۇمشاقلىق چۈشىنىلىدۇ. قاتتىق سۆزلەش، قاتتىق كۈلۈش، قوللىرىنى شىلتىپ ھەممىنى ئۆزىگە قارىتىش قىزلارنى نازاكەتتىن يىراقلاشتۇرۇۋېتىدۇ. دەرھەقىقەت، تىلى يېقىملىق، چىرايى كۈلگۈن قىز-ئاياللار ئۆز ئائىلىسىنىڭ بەخت-سائادىتى، ئاتا-ئانىسىنىڭ بەختى بولۇپلا قالماي، ئۆز ئېلىنىڭمۇ كۆرىكىدۇر.

ئوتتۇز تۆتىنچى نەسىھەت

ئەي قىزىم، يىلتىز ئىزدىگەن كوچىلارغا قىلغان ساياھىتىڭىزدە دائىم ئۆتمۈشنىڭ ئاجايىپ جەزبىگە تولغان ئىللىق قوينى ئارقىلىق سىزنى ئالەمچە ھېسلار قۇچىقىدا ئەللەيلەيدۇ، ئۆتمۈش، ئەجدادنى تونۇش ۋە ئۇنىڭ مۇقەددەس روھىيتىدىن ئىلھام ۋە ھاياتىي كۈچ ئالدىغان ئەۋلادلىرىمىزنى كۆپەيتىدۇ، شۇنداقلا پارلاق كەلگۈسى ئۈچۈن دادىل يول ئاچالايدىغان جاسارەتكە ئىگە ئىلىم گىگانتلىرىنى يېتىشتۈرۈپ چىقالايدۇ؛ يىلتىز ئىزدەش دائىم سەمىڭىزدە بولسۇن، يىلتىز ئىزدەش روھى دائىم سىزگە ھەمراھ بولسۇن، شۇندىلا سىز ئۆز قەددىڭىزنى مەغرۇر كۆتۈرۈپ، ئۆتمۈشكە ئۆتمۈش كۆزىدە قاراپ، كېلەچەككە ئۈمىدۋار نەزەر تاشلاپ، پارلاق كەلگۈسىڭىز ئۈچۈن، كەلگۈسىدىكى ئەۋلادىڭىز ئۈچۈن تېخىمۇ كەڭ زېمىن ھازىرلاپ بېرەلەيسىز.

ئوتتۇز بەشىنچى نەسىھەت

ئەي قىزىم، سىز قايغۇ-ھەسرەت چەككەندە ياخشىسى بىرەر نەرسە ئۆگىنىڭ، ئۆگىنىش سىزنى مەڭگۈ يېڭىلمەس ئورۇندا تۇرغۇزىدۇ. سىز قېرىپ كېتىشىڭىز، تۈن

بـويى ئۇخلماسـلىقىڭىز، مـۇھەببەتتە، ئوڭۇشسـىزلىققا ئۇچرىشـىڭىز مـۇمكىن. ئەتراپىڭىزدىكى دۇنيانىڭ بىر توپ تەلۋىلەر تەرىپىدىن ۋەيران قىلىنۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇشـىڭىز مـۇمكىن. نامىڭىزنىـڭ يامـان غەرەزلىـك كىشـىلەر تەرىپـىدىن بۇلغىنىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تېپىشىڭىز مۇمكىن. بۇ چاغدا قىلىشقا ئەرزىيدىغان بىـرلا ئىش بار- ئۇ بولسىمۇ ئۆگىنىش. كىشىلىك دۇنياسىنىڭ قانـداق ئۆزگىرىشـى ۋە ئۇنىـڭ ئۆزگىرىش سـەۋەپلىرىنى تەتقىـق قىلىـڭ. ئـۆگىنىش ۋە پەقەت ئۆگىنىشـلا روھىڭىزنـى مەڭگۈ قېرىتمايدۇ، سىزنى مەڭگـۇ يـالغۇزلۇق ھېس قىلدۇرمايـدۇ، رۇھـى ئـازاپتىن مەڭگۈ خالاس قىلىدۇ. مەڭگۈ پۇشايمانغا قويمايدۇ.

ئوتتۇز ئالتىنچى نەسىھەت

ئەي قىزىم، ھۈنەرلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسـى نـاتىقلىقتۇر. تەڭـرىم ئىنسـاننى ھەمـمە مەخلۇقاتتىن كاتتـا قىلىـپ يـاراتتى. باشـقا جـانلىقلاردىن ئادەمنىـڭ بەدىنىـدە ئـون نەرسىنى زىيادە قىلىدى. ئۇ ئون نەرسىدىن بەشى بەدەنىنىڭ ئىچىدە، بەشى بەدەنىنىڭ تېشىدا. بەدەنىنىڭ ئىچىدىكى بەش نەرسە: پىكىر قىلماق؛ يادىغا(يادقـا) ئالمـاق؛ بىـر نەرسىنى ئۇنتۇپ قالماي، كۆڭلىدە ساقلىماق؛ خىيال قىلماق؛ سۆزلىمەك.

بەدەنىنىڭ تېشىدىكى بەش نەرسە: ئاڭلىماق؛ كۆرمەك؛ پۇرىماق؛ سىيلىماق(سىيلاش ئارقىلىق قـاتتىق-يۇمشـاقنى بىلىـش)؛ تېتىمـاق (تېـتىش ئـارقىلىق ئـاچچىق-تـاتلىقنى بىلىش). بۇ نەرسىلەر ھايۋانلارغا نىسىپ بولغان ئەمەس. نىسىپ بولدى دېگەنـدىمۇ، ئادەمدە بولغان دەرىجىدە ئەمەس، ئۇشبۇ سـەۋەبتىن ئىنسـانلار ئـۆزگە جانلىقلارغـا پادىشاھتۇر.

ئوتتۇز يەتتىنچى نەسىھەت

ئەي قىزىم، ياخشىلىق قىلغۇچى ۋە ياخشىلىققا (ياخشى ئىش قىلىشقا) بۇيرۇغۇچى بۇ ئىككىسى بىـر تۇغقانـدۇر. زامـانە ئـۆلارنى بىـر-بىـردىن ئايرىۋېتەلمەيـدۇ. قىلغـان ياخشىلىقىڭ ئۈچۈن پۇشايمان قىلمـا. ياخشـىلىقىڭ يـاكى يامانلىقىڭنىـڭ جازاسـىنى ئۇشبۇ دۇنيادىلا كۆرىسەن. چـۈنكى، سـەن بىراۋغـا ياخشـىلىق قىلسـاڭ، ئـۇ كىشـى قانچىلىك راھەتلەنگەن ۋە خۇشال بولغان بولسـا، سېنىڭ كۆڭلۈڭـدىمۇ ھەسسـىلەپ خۇشاللىق ۋە راھەت سەزگۈسى پەيدا بولـىدۇ. ئەگەر بىـر كىشـىگە يامـانلىق قىلسـاڭ، سېنىڭ كۆڭلىڭدىمۇ ھەسسىلەپ پۇشايمان ۋە غەشلىك پەيدا بولـىدۇ. دەر ھەقـىقەت، نەزەر سالغىنكى، كىشـىنى خۇشـال قىلسـاڭ، ئۆزۈڭمـۇ خۇشـال بولىسـەن. كىشـىنى رەنجىتسەڭ، ئوخشاشلا ئۆزۈڭمۇ رەنجىيسەن.

ئوتتۇز سەككىزىنچى نەسىھەت

ئەي قىزىم، ھەر قانداق ئـادەم ياخشـىلىق ۋە يامانلىقنىـڭ مۇكاپـاتىنى ئـۇ جاھانغـا بارماستىن ئىلگىرى، ئۇشبۇ دۇنيادىلا كۆرگۈسىدۇر. بـۇ سۆزنى ھېچ كىشـى ئىنكـار

قىلالمايدۇ. سەن ۋە مەن ھەم بۇ سۆزدە بەرھەقدۇرمىز. شۇڭا، قۇدرىتىڭ يەتسىلا كىشىگە ياخشىلىق قىلىشتىن باش تارتما. قىلغان شۇ ياخشىلىقىڭ ھامان بىر كۈنى ساڭا مېۋە بېرىدۇ. قۇدرىتىڭنىڭ بارىدا ياخشىلىق قىلىشتىن توختىما. خالايىققا ئۆزۈڭنى ياخشىلىق ۋە ۋە ياخشى پېئىلىڭ بىلەن كۆرسەتكىن. يامانلىق بىلەن كۆرۈنۈشتىن ساقلان. تىلىڭدا بىر خىل، دىلىڭدا بىر خىل بولمىغىن. ھېچقاچان بۇغداي كۆرسۇتۇپ، ئارپا ساتما. ھەممە ئىشلاردا ئۆزۈڭنىڭ ھالىغا ئۆزۈڭ يەت.

ئوتتۇز توققۇزىنچى نەسىھەت

ئەي قىزىم، ھەر كىشى ئۆز ھالىغا ئۆزى يەتسە، كىشىگە ئېھتىياجى چۈشمەيدۇ. ئەگەر غېمىڭ ۋە شادلىقىڭ بولسا، كۆرگەنلا كىشى ئالدىدا ئاشكارا قىلىۋەرمە. غېمىڭگە غەم ۋە شادلىقىڭغا شاد بولىدىغان مۇڭداش تېپىپ ئاندىن ئېيتقىن. ياخشىلىق ۋە يامانلىق ھالىتىڭگە تېز سۆيۈنمە ۋە ھۇدۇقما. بۇنداق قىلىش، يەنى تېز سۆيۈنۈش ۋە ھۇدۇقۇش گۇدەكلەرنىڭ ئىشىدۇر. ئازغىنا بىر ئىش ئۈچۈن تەبئىتىڭنى ئۆزگەرتمە. ئەقىل ئىگىلىرى بۇنداق ھالەتنى خوپ كۆرمەيدۇ. شۇنى بىلگىنكى، ھەر قانداق شادلىقنىڭ ئاخىرىدا قايغۇسى بولىدۇ. شۇڭا ئۇنى شادلىق دەپ بىلمە. ئوڭۇشسىزلىققا دۇچ كەلگەن ۋاقتىڭدا ئۈمىدۋار بول. ئۈمىدسىزلىك ئىشكىنى ئۈمىد ئىشكى بىلەن تاقا.

قىرىقىنچى نەسىھەت

ئەي قىزىم، ھەممە ئىشنىڭ نەتىجىسىنى بۇ جاھاندىن ئۆتكۈلۈك ۋە بۇ ئالەمدىن كەتكۈلۈك دەپ بىل. ھەققانىي ۋە توغرا ئىشلارنى ئىنكار قىلىشتىن ساقلان. ئەگەر كىشى ساڭا ئاچچىقلىسا، سەن ئۇنىڭ ئاچچىقىنى خامۇشلۇق بىلەن پەس قىل. ئەخمەقنىڭ سۆزىگە جاۋاپ بېرىشتىن ئۆزۈڭنى تارت ۋە ھېچ كىشىنىڭ ئەمگىكىنى زايا قىلما. خۇدا رىزاسى ئۈچۈن كىشىلەرنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىل. ئۆز يۇرتۇڭدىكى يېشى چوڭ، قېرى كىشىلەرگە كۆپ ئىززەت قىل. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۆز قەبىلىسىدىكى قېرىلار، شۇ قەبىلە ئۈممەتلىرى ئارىسىدا پەيغەمبەرگە ئوخشاشتۇر» دېگەن. قېرىلارنىڭ سۆھبىتىگە تولا ھېرىس بولما. ئۇلارنىڭ ئەيىب-نوقسانلىرىنى بىلىپ قېلىشتىن ساقلىنالايسەن. ئەمما، قېرىلارنىڭ ھۈنەر-پەزىلەتلىرىگە نەزەر سال. ئەيىب-نوقسانلىرىغا كۆز سالما. كىشىنىڭ ئەيىبىگە كۆز سېلىش ئەيىبتۇر.

قىرىق بىرىنچى نەسىھەت

ئەي قىزىم، ھۇرۇنلۇق بەدەننى بۇشاشتۇرۇۋېتىدۇ. ئەگەر بەدىنىڭ سېنىڭ پەرمانىڭغا بويسۇنمايدىكەن، سەن خاتىرجەم بولالمايسەن. چۈنكى بەدەننىڭ سۇس ۋە بوشاڭ بولۇشى خاتىرجەملىكىڭنى قوبۇل قىلالمايدۇ. بەدىنىڭ ئۆز مەيلىچە ئەمەس، بەلكى سېنىڭ خاھىشىڭ بويىچە ھەرىكەت قىلىدۇ. سەن خالىمىساڭ ياكى سېنىڭ

ماقۇللۇقۇڭ بولمىسا، بەدەن ھېچبىر ھەرىكەتنى ۋۇجۇدقا چىقىرالمايدۇ. بەس، سەن چېنىقتۇرۇش بەدىنىڭگە بەدىنىڭنى پەرمانىڭغا بويسۇندۇر. قەھرىڭ بىلەن ئىتائىتىڭگە كەلتۈر. ھەر قانداق كىشى ئۆز بەدىنىنى پەرمانىدا تۇتالمىسا، ھۈنەردىن بەھرە ئالالمايدۇ. قاچانكى بەدىنىڭنى ھۈنەر ئۆگىنىشكە- پەرمانىڭغا بويسۇندۇرساڭ، ھۈنەر بىلەن ئىككىلا جاھاندا سالامەتلىك ۋە خاتىرجەملىك تاپالايسەن.

قىرىق ئىككىنچى نەسىھەت

ئەي قىزىم، ھەممە ياخشىلىق ۋە ئوبدانلىقنىڭ ئاساسى مۇنۇ سەككىز ئىش بىلەندۇر: بىرىنچىسى، ئىلىم ئۆگەنمەك؛ ئىككىنچىسى. نەپسىنى يىغماق، تائەت-ئىبادەت بىلەن بولماق؛ ئۈچىنچىسى، ياخشىلار، تەقۋادارلار بىلەن ھەمسۆھبەت بولماق؛ تۆتىنچىسى، راست سۆزلىمەك؛ بەشىنچىسى، ئىخلاس ۋە ئېتقادىنى دۇرۇس قىلماق؛ ئالتىنچىسى، كىشىلەرگە ئازار يەتكۈزۈشتىن يىراق بولماق؛ يەتتىنچىسى، باشقىلارنىڭ ئېغىرىنى كۆتەرمەك؛ سەككىزىنچىسى، شەرم-ھايالىق بولماق.

ئومۇمەن بۇ سۈپەتلەرنىڭ ئاساسى يەنىلا شەرم-ھايادۇر. بىراق، «ھايا، يەنى ئارتۇقچە تارتىنچاقلىق رىزقىقا توسالغۇ بولىدۇ» دېگەن گەپمۇ بار. بەزىدە تارتىنچاقلىق چېكىدىن ئاشسا، ئۈۋالچىلىققا قالىسەن، شۇڭا ئارتۇقچە تارتىنچاقلىق قىلمىغىنىكى، ئىشلىرىڭدا يېتەرسىزلىك كۆرۈلمىسۇن ۋە پايدىلىق ئىشىڭدا زىيان بولمىسۇن.

قىرىق ئۈچىنچى نەسىھەت

ئەي قىزىم، ھەر قاچان ياخشىلىق قىلدىغانلارنى ياكى ئۆلارنىڭ (ياخشىلارنىڭ) ياخشى ئىشلىرنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالما. ساڭا ھاجىتى چۈشكەنلەرگە ئىزا قىلما ھەم ئۆلارنى ھىممەتسىز ياندۇرما. خۇشخۇيلۇق بىلەن ئاتالماقنى ئۆزۈڭگە كەسىپ قىل. كىشىلەر يامان دەيدىغان خۇيدىن يىراق بول. زىيانكار بولمىغىن، يەنى زىيانلىق ئىش قىلمىغىن، چۈنكى زىيانلىق ئىشتىن موھتاجلىق ھاسىل بولىدۇ ۋە مۇھتاجلىقتىن نامراتلىق ھاسىل بولىدۇ. ھەمىشە ياخشى ئىش قىلىشقا تىرىشقىن. ئاددىي خەلقنىڭ ۋە جاھىللارنىڭ سېنى ياخشى ۋە ئوبدان دېگىنى ھېساب ئەمەس، تا ئاقىللار-ئىلىم ئەھلى سېنى ئوبدان ۋە ياخشى دېگەي!

ھەممە تائىپە بىلەن چىقىشىپ ئۆتكىن. دوست بىلەن دۈشمەننى ئارلاشتۇرۇۋەتمە. ھېچ كىشىگە يامانلىق قىلىشنى ئۆگەنمىگىن، بولمىسا، يامانغا يانتاياق بولۇپ قالىسەن.

قىرىق تۆتىنچى نەسىھەت

ئەي قىزىم، كىشىلەرنىڭ نەپىرتىگە-تەنقىدىگە ئۇچرىماي دېسەڭ، قىلمىغان ئىشنى قىلغاندەك كۆرسەتمە، يەنى قۇيرۇق كۆرسۈتۈپ، ئۆپكە ساتما. ئەگەر ئۇياتقا

قالماي دېسەڭ، ئۆزۈڭ يەردە قويمىغان نەرسىنى ئۈستۈن كۆتۈرمە. يەنى خىيالىڭغا كەلگەن ئىشنى قىلما. ئەگەر ئۆزۈڭدىن تۆۋەن كىشىلەرنىڭ كۈلكىسىگە قالماي دېسەڭ، ئۇلۇغلارنى كەمسىتمە. ئەگەر تۇگىمەس پۇشايمانغا قالماي دېسەڭ، كۆڭلۈڭنىڭ خاھىشىچە ئىش قىلما. ئەگەر ئۇلۇغلار، زېرەك ئادەملەر جۇملىسىدىن بولاي دېسەڭ، ئۆزۈڭنى ئۆزگىلەرنىڭ ئەينىكىدە كۆرۈپ باق. ئەگەر قەدىر-قىممىتىڭنىڭ ساقلاي دېسەڭ، ئاۋۋال ئۆزگىلەرنىڭ قەدىرىنى بىلگىن. ئەگەر كىشىلەرنىڭ ماختىشىغا ئېرىشەي دېسەڭ، پاراسەتسىز، كەم ئەقىل كىشىلەرگە سىرىڭنى ئاشكارا قىلما. ئەگەر خەلق ئارىسىدا ئابرۇي تاپاي دېسەڭ، ئاش-نانىنى، يەنى داستىخىنىڭنى كەڭرى قىل.

قىرىق بەشىنچى نەسىھەت

ئەي قىزىم، ھەر قانچە بىلىملىك بولساڭمۇ، ئۆز بىلىمىڭدىن مەغرۇرلانما. بىرەر ئىش ئالدىڭغا كەلسە، ئۇ ئىشنى ئۆزۈڭ پۇتۇنلەي ھەل قىلالايدىغان بولساڭمۇ، ئۆز خاھىشىڭغا بېرىلمە ۋە ئۆز بىلىمىڭگە ئىشىنىپ كەتمە. ئۆزنگە بەك ئىشىنىپ كەتكەن كىشى ھەمىشە پۇشايماندىن خالىي بولالمايدۇ. باشقىلار بىلەن كېڭىشىشتىن نومۇس قىلما. ئاقىل قېرىلار ۋە يېقىن دوسىلىرىڭ بىلەن پىكىرلىشىپ تۇر. مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر ۋە ھېكىمەت ئۆگەتكۈچى بولسىمۇ، ھەقسۇبھانەۋەتەئالا مەسلىھەت بىلەن ئىش قىلىشقا بۇيرۇپ: «يا مۇھەممەد، ئىشلىرىڭدا ساھابىلىرىڭ، سىرداش دوست-يارەنلىرىڭ بىلەن مەسلىھەتلەشكىن، تەدبىر سەندىن، نۇسرىتى مەندىن» دېگەن. بىر كىشىنىڭ ئەقلى ئىككى كىشىنىڭ بىلەن باراۋەر بولالمايدۇ ۋە بىر كۆز ئىككى كۆز كۆرگەننى كۆرەلمەيدۇ.

قىرىق ئالتىنچى نەسىھەت

ئەي قىزىم، مېھماننىڭ ھەققى ۋاجىپتۇر. لېكىن مېھمان قىلساڭ مېھمان بولۇشقا، يەنى ھۆرمەتلەشكە، ئۇلۇغلاشقا لايىق ۋە مېھماندارچىلىققا ئەرزىگۇدەك ئادەمنى مېھمان قىل. نادان، نائەھلى ۋە پەسكەش، بېخىل كىشلەرنى مېھمان دەپ ئۆيۈڭگە يۈلاتقۇچى بولما. ئۇنداق كىشىلەر ئۇلۇغلاش-ھۆرمەتلەشكە ئەرزىمەيدۇ. بىلىشىڭ كېرەككى، مېھماندارچىلىق ۋە ھۆرمەت ــ ئىززەتنى كۆرگەنلىكى كىشىگە قىلغۇلۇق ئەمەس. ئەگەر باشقىلارنىڭكىدە مېھمان بولۇش توغرا كەلسە، بولار-بولماس كىشىنىڭ مېھماندارچىلىقىغا بارما. ئەگەر بارماقچى بولساڭ، بەك ئاچ قۇرساق بارما، بەك توقمۇ بارما. چۈنكى ھېچنىمە يېمىسەڭ ئۆي ئىگىسىنىڭ كۆڭلى يېرىم بولىدۇ. كىشىلەر رەنجىيدۇ. ناۋادا كۆپ يېسەڭ «قارنى يامان» دېگەن ئاتاققا قالىسەن. مېھماندارچىلىققا بارساڭ، بىر يەردە، يەنى ئۆزۈڭگە لايىق ئورۇندا ئولتۇرغىن.

قىرىق يەتتىنچى نەسىھەت

ئەي قىزىم، كىشى مۇلايىم تەبىئەتلىك بولمىغۇچە ئاشىق بولمايدۇ. چۈنكى ئىشقنىڭ ئۆزى مۇلايىملىقتۇر. كىشى خاراكتېرىنىڭ مۇلايىملىقىدىن ئىشىق پەيدا بولىدۇ. «ھەر كىشى ئاتىسىغا ئوخشىسا، ئۇنىڭغا زۇلۇم يەتمەيدۇ» دېگەن گەپ بار. شۇڭا ئىشق دېمەك-مۇلايىملىق دېمەكتۇر. ئەگەر مۇلايىملىقتىن مۇلايىملىق تۇغۇلسا، ئۇنداق مۇلايىملىق ھېچبىر تاپا-تەنىگە قالمايدۇ. كۆرمىدىڭمۇ؟ قېرىلاردىن، يەنى قېرىلارغا قارىغاندا يىگىتلەر تولاراق ئاشىق بولىدۇ. چۈنكى يىگىتلەرنىڭ تەبىئىيتى قېرىلارنىڭ تەبىئىيتىدىن يېقىملىقراق ۋە نازۇكراق بولىدۇ. ئادەتتە قوپال تەبىئەتلىك، ھۇرۇن كىشى ھەرگىزمۇ بىراۋغا ئاشىق بولمايدۇ. چۈنكى ئىشىق شۇنداق بىر ئاغرىقتۇركى، ئۇ نازۇك روھلارغا تولاراق ئازاپ ئېلىپ كېلىدۇ. شۇڭا ھەر ئامال بىلەن ئاشىق بولۇشتىن ساقلان. ئاشىقلىقتىن پەرھىز قىلغىن. ئاشىقلىق بالا ۋە ئاپەتلىك ئىشتۇر.

قىرىق سەككىزىنچى نەسىھەت

ئەي قىزىم، ھەر قانداق بىر ئىش سۆز ياكى بىرەر كىشىنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئەمەلگە ئاشىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا ئۇ ئىش ئۈچۈن پۇل خەجلىمە. زۆرۈر بولىدىكەن، پۇل خەجلەشتىن ئايانما. چۈنكى پۇلسىز كىشىنىڭ ئىشىنىڭ قەدىرى بولماس! شۇنى بىلگىنكى، ئادەملەرنىڭ تولىسى مەنپەئەتى بولمىسىمۇ دۇنيادارلار (بايلار)نى دوست تۇتىدۇ؛ زەرىرى يەتمىسىمۇ كەمبەغەللەرنى يامان كۆرىدۇ. ئادەملەرنىڭ ھال-ئەھۋالىنىڭ يامانراقى مۇھتاجلىقتۇر. شۇڭا ياخشى ئاتاقتا ئىرشەي، ياخشى نام بىلەن زىننەتلىنەي دېسەڭ، مۇھتاجلارغا خەيرى-ئېھسان قىل. ھەر كىشىنى ئۆز ئەھۋالىغا قاراپ رازى قىلىشقا تىرىش. ئەمما ئىسراپچىلىقمۇ قىلما. ئىسراپچىلىقنى خۇدايتائالانىڭ دۈشمىنى دەپ بىل. بۇ ھەقتە خۇدايتائالا ئۆز كالامىدا خەۋەر بېرىپ: « ئىسراپ قىلماڭلار، خۇدايتائالا ئىسراپ قىلغۇچىلارنى دوست تۇتمايدۇ» دېگەن.

قىرىق توققۇزىنچى نەسىھەت

ئەي قىزىم، دوستۇڭنى تەڭلىك، يەنى قىيىنچىلىق ۋاقىتلاردا سىنا، مەئىشىتىڭ پاراۋان، يەنى باي-باياشات چاغلىرىڭدا ھەممە ئادەم ساڭا دوستلۇق بىلدۈرىدۇ. دوستلىرىڭدىن كۆڭلۈڭ ئاغرىغان ۋاقىتلاردا ھەم ئىلگىركىدەكلا خۇش مۇئامىلىدە بول. ئەمما دوستلىرىڭغا سىرىڭنى ئېيتقۇچى بولما. چۈنكى كۆنۈلەرنىڭ بىرىدە ئاراڭلاردا نىزا-خۇسۇمەت پەيدا بولۇپ قالسا، دوستلۇق دۈشمەنلىككە ئايلىنىدۇ-دە، ئېيتقان مەخپىيىتىڭ ساڭا زىيان ئېلىپ كېلىدۇ. كېيىن پۇشايمان قىلغان بىلەنمۇ پايدىسى بولمايدۇ. ئەگەر كەمبەغەل بولساڭ، دۇنيادارلار بىلەن دوست بولما، چۈنكى كەمبەغەللەرنى ھېچ كىشى دوست تۇتمايدۇ. خۇسۇسەن، ئۆز مەرتىۋەڭدىكى ئۆزۈڭ بىلەن باراۋەر، تەڭ دەرىجىدىكى كىشىنى دوست تۇتقىن. ناۋادا سەن باي بولساڭ،

كەمبەغەللەرنى دوست تۇت. كەمبەغەللەرنى دوست تۇتۇش ناھايىتمۇ ئۇلۇغ سائادەتتۇر.

ئەللىكىنچى نەسىھەت

ئەي قىزىم، ھەر قاچان دوستلىرىڭنىڭ ھەققىدە كۆڭلۈڭنى دۇرۇس تۇت. ئىشلىرىڭنىڭ ئاقىۋىتى ياخشى بولىدۇ. ئەگەر دوستۇڭ ھەققىدە سەندىن ھېچ گۇناھ ئۆتمەي تۇرۇپمۇ، ئۇ، يەنى دوستۇڭ سەندىن كۆڭۈل ئۈزسە، ئۇنىڭغا ئۆزرە ئېيتىشقا ئالدىراپ كەتمە. چۈنكى ئۇنداق كىشى دوستلۇققا لايىق ئەمەستۇر. تەمەگەر، يەنى سەندىن پايدا ئۈمىد كۈتىدىغان دوستتىن ھەم يىراق بولغىن، چۈنكى ئۇنداق ئادەم سەن بىلەن پەقەت بىرەر نەرسىنىڭ تەمەيىدىلا دوست بولىدۇ. يەنە ھەسەتخور كىشىلەر بىلەنمۇ دوست بولما، چۈنكى ئۇنداق ئادەملەرنىڭ كۆڭلىدىن ھەسەت زەھرىنى چىقىرىپ بولماس. ھەسەتخور كىشىلەر ھەمىشە باشقىلارغا ئازار يەتكۈزمەك، ئاداۋەت تۇتماقنىڭ قەستىدىلا يۈرۈيدۇ. سىنىڭ دوستلۇق قىلغىنىڭ ئۇنىڭ كۆڭلىگە تەسىر قىلمايدۇ.

ئەللىك بىرىنچى نەسىھەت

ئەي قىزىم، ھېچ كىشىنى ئۆزۈڭگە دۈشمەن قىلىۋالماسلىققا تىرىش، ئەگەر بىراۋ ساڭا دۈشمەن بولسا، قورقمىغىن ۋە غەم يېمىگىن، گەرچە سەن دۈشمەنلىك قىلمىساڭمۇ، باشقا بىرى ھامان ساڭا دۈشمەنلىك ئارزۇسىدا بولىدۇ. ئەمما دۈشمەنىنىڭ ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ئىشلىرىدىن غاپىل بولما ۋە ئۇنىڭ قىلغان يامانلىقلىرىغا قارىتا سۈكۈت قىلما، ھەر دائىم ئۇنىڭ (دۈشمەنلىرىڭنىڭ) ئىشلىرىغا ـ مىكىر ۋە ھىيلىلىرىگە پەرۋاسىز قارىما، دۈشمىنىڭنىڭ ھال-ئەھۋالى تەدبىرىدىن خەۋەرسىز قالما، شۇندىلا بالاغا قالمايسەن، كەمبەغەل بولساڭمۇ، ئۆزۈڭنى دۈشمىنىڭگە ئۇلۇغ (باي) كۆرسەت، ھىممەتلىك ھەم جۈرئەتلىك بول. ئۆزۈڭنى ھەرگىزمۇ دۈشمىنىڭگە تۆۋەن ۋە يوقسۇل كۆرسەتكۈچى بولما، دۈشمىنىڭنىڭ دۈشمەنلىك ئىشەنچى كۈچىيۋالمىسۇن.

ئەللىك ئىككىنچى نەسىھەت

ئەي قىزىم، دۈشمەنىنىڭ ياخشى مۇئامىلىسى، ياخشى قىلىقى ۋە تاتلىق گەپ-سۆزلىرىگە كۆڭۈل باغلىما ۋە بۇ كۆڭۈل تانابىغا باغلىنىپ قۇدۇققا چۈشۈپ كەتمە، يەنى دۈشمىنىڭنىڭ مەسلىھەت ۋە كېڭىشىگە ئالدىنىپ قالما، ئەگەر دۈشمىنىڭدىن شېكەر تېتىساڭ، زەھەر بىلگىن، يەنى دۈشمىنىڭدىن بۇلبۇلنىڭ ناۋاسىدەك ناۋا يەتسە، ئۇنى كۆڭۈلنى جاراھەتلەندۈرگۈچى زەھەرلىك يا ئوقى دەپ بىل. ئەلۋەتتە، دۈشمەندىن قورقۇش كېرەك. دېيىلىدۇكى، ئىككى كىشىدىن قورق. بىرى، زالىم دۈشمەن، يەنە بىرى، ۋاپاسىز يار، دۈشمىنىڭ بىلەن ئاشكارا رىقابەتتە بول. لېكىن

ئۇنى ئاجىز كۆرمە، گەرچە دۈشمىنىڭ ئاجىز ۋە يوقسۇل بولسىمۇ، ئۇنى ھامان دۈشمەن دەپ بىل. ھەرگىزمۇ ئۇنى ئاجىز، يوقسۇل دەپ سەل قارىغۇچى بولما.

ئەللىك ئۈچىنچى نەسىھەت

ئەي قىزىم، يېپىنى ئۆز ھالىدا ئەششە، بىر-بىرىگە قوشۇلۇپ ھاجەتكە يارايدۇ. ناۋادا ھالىدىن تاشقىرى ئېشىشۋەتسە، ئۈزۈلۈپ كېتىدۇ. بەس، ھەممە ئىشنى ئۆز ئەندىزىسىدە قىلغايسەن. خاھى دوستلۇق، خاھى دۈشمەنلىك بولسۇن، ھەر ئىشنىڭ ئەندىزىسىنى بىلمەك، ھەر ئىشنى ئۆز يولىدا بىجىرمەك ئەقىل جۈملىسىدىندۇر.

ئاجىزلارنىڭ ئېغىرىنى كۆتۈرگىن گەردەنكەشلەرگە گەردەنكەشلىك قىل. ھەر قانداق ئىش قىلغاندا ئادەمگەرچىلىك تەرىقىنى ساقلىغىن. غىزىپىڭ كەلگەن ۋاقتتا سەبىرنى ئۇزۇڭگە ۋاجىپ بىل ۋە ئۆزۈڭنىڭ مىقدارىنى تونۇ. ھەر كىشى ئۆز مىقدارىنى بىلمىسە، ئادەمىيلىكتىن چەتنەپ كېتىدۇ.

ئەللىك تۆتىنچى نەسىھەت

ئەي قىزىم، پاكلەتكە يولۇقۇشنى ئىستىمىسەڭ، مەغرۇر ۋە مۇتەكەببىر بولما؛ راھەتتە ياشاشنى ئىستىسەڭ، دىلىڭنى ھېرىستىن پاك قىل؛ خار-زارلىقنى ئىستىمىسەڭ، تەمەگەر بولما؛ ئۆزۈڭگە ياخشلىق قىلىنىشنى ئىستىسەڭ، ياخشىلىق قىل، ھېچكىمگە ئازار بەرمە، ياخشىلىقنى ئۇلۇغ ئىش دەپ بىل؛ قەدىر-قىممىتىڭنىڭ ئېشىشىنى خالىساڭ، ئۇلۇغ ھىممەتلىك بول؛ ئىشلىرىڭنىڭ پۇشايمان بىلەن نەتىجىلىنىشنى خالىمساڭ، ئاۋۋال ياخشىراق ئويلىنىپ، دانا تەجرىبىلىكلەر بىلەن كېڭىشىپ، ئاندىن ئىشقا كىرىشكىن؛ ئۆزۈڭنى ھەممەيلەننىڭ ياخشى كۆرۈشىنى خالىساڭ، خۇلق-مىجەزىڭنى تۈزەت، ئەدەبلىك، تەربىيىلىك بول؛ ئابرۇي ۋەئىززەت-ھۆرمەتكە ئىگە بولۇشنى ئىستىسەڭ، ھالال ئەمگەك قىل. پىداكارلىق بىلەن ئىشلە.

ئەللىك بەشىنچى نەسىھەت

ئەي قىزىم، ھەممىنىڭ ئالدىدا ئىشەنچىلىك، مەرغۇب ۋە مەقبول ئادەم بولۇشنى تىلىسەڭ، يالغانچىلىقتىن ساقلان. چېقىمچى، ئىغۋاگەر بولما. مەنسىز، تۇتۇرۇقسىز سۆزلەرنى سۆزلەپ يۈرۈشتىن ھەزەر قىل؛ مۇبادا ئۇڭايسىز ھالدا قالساڭ، ئىشىڭدا مۇۋاپىقيەتسىزلىككە ئۇچراپ، قايغۇ-ھەسرەت ئىچىدە قالساڭ، داد-پەرياد قىلىپ يۈرمە، سەۋر قىل. قىيىن ئەھۋالدىن قۇتۇلۇش چارىسىنى قىل.

ئەگەر بىر ئادەم نامراتلىقنى نورمال ئەھۋال دەپ قاراپ، ئۇنىڭغا شۈكۈر قىلىپ ئۆتسە، ئۇ نامراتلىقتىن مەڭگۈ قۇتۇلالمايدۇ.

ئەللىك ئالتىنچى نەسىھەت

ئەي قىزىم، توغرا سۆز كۆڭۈلگە ئاچچىق تېگىۈر. ھەزىم قىلالىساڭ، ئۇنىڭ مەنپەئەتى مەزە بېرور. توغرىلۇق مەقسەتكە يەتكۈزۈر، توغرا كىشى قەيەردىلا بولسۇن،

ئۇنىڭ كۆڭلى بەختىيارلىق ئىچىدە ئۆتىدۇ. يوروق كۆڭلى قاراڭغۇلاشماس. خەلققە مەنپەئەت يەتكۈزگەن كىشى چېنى كىشى سانىلىدۇ، ئۇياتسىز كىشى كىشىلەرنىڭ پەسكەشى بولىدۇ، ئۇنىڭ تىلى توغرا سۆزنى سۆزلىمەس. كىشىلەرنىڭ سەرخىلى ساداقەتلىك كىشىدۇر. ئادەم پاراسەتلىك بولسا ئىشنى ئوبدان ئويلىنىپ، پۇختا قىلىدىغان بولىدۇ. مال-بايلىق توپلاشقا ئارتۇقچە بېرىلمە. چۈنكى، ئارتۇقچە بېرىلسەڭ ئۇنىڭ خىيانىتى كۆپ بولىدۇ. ئۇ بىر كۈنى سېنى سەمرىتسە بىر كۈنى يىقىلتىدۇ.

ئەللىك يەتتىنچى نەسىھەت

ئەي قىزىم، ھەممە كىشى بىلەن ياخشى مۇئامىلىدە بول، ھېچكىمنى ئۆزۈڭگە دۈشمەن قىلما. سەۋرلىك، ئىغىرچىلىقلارغا چىدامىلىق ۋە غەيرەتلىك، جۈرئەتلىك بول. شۇ خىسلەتلەرگە ئىگە بولساڭ، ھەر قانداق ئېغىرچىلىقلارنى يېڭەلەيسەن. يامان ئىشلاردىن پەرھىز قىل. گۈزەل ئەخلاقلىق، تەربىيىلىك بول. شۇندىلا ياخشى خۇلق-مىجەزىڭ بىلەن خەلقنىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشەلەيسەن.

ئەللىك سەككىزىنچى نەسىھەت

ئەي قىزىم، يالغان سۆزلىگەن تۇرۇقلۇق «مېنىڭ دېگەنلىرىم توغرا» دەپ قەسەم ئىچمە. توغرا سۆزلىگەن بولساڭمۇ، بۇنىڭغىمۇ قەسەم ئىچمە. كۈندىلىك كىرىم-چىقىمىڭنى دەپتەرگە يېزىپ تۇرۇشنى ئادەت قىل. چىقىمىڭ كىرىمىڭدىن ئارتۇق بولمىسۇن. قانائەتچان بول. ھېچكىمدىن بىرەر نەرسە تەمە قىلما. كۆزۈڭنى ئاچقىنكى، ئالەمگە ھەقىقەت نەزەرى بىلەن قارا. ئۆتكەنلەردىن ئىبرەت ئال. كىشىلەر بىلەن ئېيتىشىپ، سەن-پەن دېيىشىپ يۈرمە. كۆڭلۈڭنى گىنە-ئاداۋەت ۋە خۇسۇمەتتىن پەرھىز قىل. ئۇرۇق-تۇققانلىرىڭنى ئۇنتۇما. دوست-ئاغىنىلىرىڭنىڭ ھەققىگە ھۆرمەت قىل. ياخشى سۆزلىرىڭ، ئوبدان ئىشلىرىڭ بىلەن ھەممىنىڭ ئىززەت-ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولۇشقا تىرىشقىن.

ئەللىك توققۇزىنچى نەسىھەت

ئەي قىزىم، تىرىش، ھەر قانداق ئىشتا كۆپرەك ئىزدەن. ئەگەر مەرد، سېخىيلىق يولىغا كىرسەڭ، ھەممە ئادەم ساڭا كۆز تىكىدىغان بولىدۇ. شۇڭا ئىمكانىيىتىڭنىڭ بارىچە ئۈچ ئىشتىن ئۆزۈڭنى ساقلا: بىرى، كۆرۈشكە بولمايدىغان نەرسىگە كۆز سالما؛ ئىككىنچى، تۇتۇشقا بولمايدىغان نەرسىدىن قولۇڭنى تارت؛ ئۈچىنچى، دېمەسلىككە تېگىشلىك سۆزدىن تىلىڭنى يىغ.

ئۈچ نەرسىنى دوست-دۈشمەنگە ئوچۇق تۇت: بىرى، ئۆيۈڭنىڭ ئىشىكى، بىرى داستىخان، يەنە بىرى ھەميانىڭنىڭ ئاغزى. ئەمما، ھەر قاچان يالغان ئېيتمىغىن. چۈنكى بارلىق نامەردلىكنىڭ ئەسلى، يەنى مەنبەئى يالغان ئېيتماقتۇر. ئەگەر بىرسى سېنىڭ مەرد ۋە سېخىيلىقىڭغا ئىشەنسىلا، مەيلى ئۇ سېنىڭ دوستۇڭ بولسۇن،

مەيلى زور دۈشمىنىڭ بولسۇن، ۋاقتى كەلگەندە ئۆزىنى ساڭا ئاتايدۇ.

ئاتمىشىنچى نەسىھەت

ئەي قىزىم، تىرىشماقلىق دىگەنلىك ھەركەتچانلىق، غەيرەت ۋە چىدام بىلەن ئىشلىمەك دىمەكتۇر. بۇ سۈپەت ئەڭ گۈزەل سۈپەتلەردىن بولۇپ، ھەممەتكە تەۋەدۇر. ھەممىتى چوڭ ئادەم جان-جەھلى بىلەن ئىشلەشتە جاپا تارتىشتىن قورقمىسۇن. چۈنكى، ھەر قانداق ئىش ئىككى ئېھتىمالدىن يىراق ئەمەس. ئەگەر تىرىشماقلىقى ئارقىسىدا تىلىكىگە يەتسە، بەك ياخشى. ئەگەر يېتەلمىسە، ئاقىللار ئالدىدا ئۆزرىلىكتۇر ۋە ئۇنىڭ ئۇلۇغ مەقسەت يولدا ھەممىتى يۇقىرى ئىكەنلىكىنى خەلق تەقدىرلىگەي.

ئاتمىش بىرىنچى نەسىھەت

ئەي قىزىم، كۈمۈشنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشى ئاپئاق بولسىمۇ، كۆپ تۇتۇلسا قارا يۇقتۇرىدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش بەزى ئادەملەرنىڭ سۆزلىرى زاھىرىدا كۈمۈش كەبى ئاپئاق ۋە تازا كۆرۈنسىمۇ، لىكىن قايغۇ ۋە زىيان كەلتۈرىدۇ. ئۇلارنىڭ سۆزلىرىگە ئىشىنىپ غەپلەتتە قالغان ساددا دىل ئادەمنىڭ كۆڭلى قارىيدۇ، يامانلىشىدۇ. كۆرۈنۈشتە گۈزەل، ئەمما يامانلىق مىسالى بولغان ئادەملەرنىڭ ئاغزىدىكى سۆزلىرىگە ئەمەس، جەمئىيەتتە كەلتۈرگەن زىيىنىغا، يارىماس خۇلقلىرىنىڭ قورقۇنچىلىق نەتىجىلىرىگە قاراڭ. كىچىككىنە بالا چوغنى (ئوتنى) سۆيىدۇ، كۆيدۈرسە دادلاپ يىغلايدۇ. نارەسىدىلەر چوغدىن، ساددا دىل ئادەملەر بولسا ھىيلىگەر، نەيرەڭۋاز، مۇناپىقلاردىن كۆيىدۇ.

ئاتمىش ئىككىنچى نەسىھەت

ئەي قىزىم، قىلغان بىرەر ياخشىلىقىڭىزنى تەكرارلاۋېرىپ ھەدەپ ماختىنىشۇەرمەڭ. ئارىڭىزلاردىكى قېرىنداشلىق، دوستلۇققا تايىنىپ، ئۇلاردىن پايدا ئۈندۈرۈۋېلىش ئارزۇسىدا بولماڭ؛ ھېچكىمنى ئۇيالدۇرماڭ؛ ئۇياتلىق لەتىپىلەرنى سۆزلىمەڭ؛ ھەتتا ھايۋانلارغىمۇ رەھىمدىل بولۇڭ. ئۇلارنى ئۇرۇپ ئازار بېرىشتىن ساقلىنىڭ؛ «ياشقا چوڭ بولغانلىقىم ئۈچۈن كىچىكلەر ئالدىدا نىملا دىسەم بولۇۋېرىدۇ» دەپ ئويلىماڭ. يىغىلىشلاردا ھەر خىل مۇناسىۋەتسىز سوئال-جاۋاپلاردىن ئۆزىڭىزنى تارتىڭ، سوئالىڭىزغا جاۋاب بىرىشنى خالىمىغان ئادەمنى «جاۋاب بەر» دەپ قىستىماڭ؛ ئەدەپ، تەربىيىگە رىئايە قىلىڭ.

ئاتمىش ئۈچىنچى نەسىھەت

ئەي قىزىم، تارازىنىڭ بىر پەللىسىدە ئىش، ئىككىنچى پەللىسىدە ئىجتىھات تۇرىدۇ. ئىجتىھات پەسەيسە، ئىش ئېغىرلىشىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىشقا ئەھمىيەت بىرىش، ئىجتىھات قىلىش، غەيرەت ۋە چىدام بىلەن ئىشلەش لازىم. كىمكى

ئىجتىھات قىلماي ھورۇنلۇق كېسىلىگە چېلىقىپ قالسا، ھايات مەيدانىدا باشقىلارنىڭ كەينىدە قېلىپ، خار-زار بولۇپ ياشىغۇسى. ئىنسان ئىشقا غەيرەت ۋەچىدام بىلەن كىرىشسە، ئۇنىڭغا بارلىق كۈچىنى سەرىپ قىلسا، ئۇنىڭ تىرىشچانلىقى ئۇلۇغلىنىدۇ، قۇۋۋىتىنىڭ دائىرىسى كېڭىيۇر، ئىززەت ۋە ئابرۇيغا ئېرىشۇر. شۇنىڭ ئۇچۇن ھەر قانداق بىر ئىشنى، مەيلى كىچىككىنە بىرەر ئىش بولسىمۇ، چىن كۆڭۈل بىلەن ئىشلەپ، ئىجتىھات سەرىپ ئەيلەش زۆرۈر.

ئاتمىش تۆتىنچى نەسىھەت

ئەي قىزىم، ئۆز كەمچىلىكلىرىنى بىلىشنى ئىستىگەن كىشىلەر ئۈچۈن تۆت خىل يول باردۇر: بىرىنچى يول- كەمچىلىكىنى سېزىپ كۆرەلەيدىغان كامىل ئادەم بىلەن سۆھبەتلىشىپ تۇرۇشتۇر. ئىككىنچى يول- سەمىمىي، خەيرىخاھ دوست تېپىپ، ئۆزىنىڭ قىلۋاتقان ئىشلىرىنى ئۇنىڭغا ئېيتىپ، ئۆزىنى بولمىغۇر ئىش، ناچار يوللاردىن قايتۇرۇشنى ئۇنىڭدىن ئىلتىماس قىلىشتۇر. ئۈچىنچى يول- كەمچىلىكلىرىنى دۈشمەنلەر ئاغزىدىن ئىشتىپ، ئۇلاردىن تېگىشلىك خۇلاسە چىقىرىشتۇر. تۆتىنچى يول- كىشىلەر بىلەن ئارىلىشىپ، بەزى ئادەملەردە كۆرۈلگەن يامان قىلىقلاردىن ساقلىنىش كېرەك. خەلقنىڭ نەپرىتىگە ئۇچرىغان يامانلارنىڭ قىلىقلىرى سېنىڭدە بار بولسا، ئۇنى تۈزەتكەيسەن.

ئاتمىش بەشىنچى نەسىھەت

ئەي قىزىم، سېنىڭ ۋۇجۇدۇڭنىڭ بارلىققا كېلىشىگە سەۋەبچى بولغان ئاتا-ئاناڭغا ھۆرمەت بىلدۈر ۋە ئىتائەت قىل. ئاقىل ۋە دانا پەرزەنت ئاتا-ئانىسىنىڭ ھەققىنى كەم-كۈتسىز ئادا قىلۇر. ئەگەر سەن ئۇلارنى ھۆرمەتلەشتە نوقسانلىق بولساڭ، نامىڭ ياخشىلىق بىلەن يادلانمىغاي. ئۆز پەرزەنتلىرىڭنىڭ ساڭا ياخشى مۇئامىلىدە بولۇشنى ئىستىسەڭ، سەنمۇ ئاتا-ئاناڭغا ياخشى مۇئامىلىدە بولغىن. پەرزەنتنى يېمىش، ئاتا-ئانىنى دەرەخ دەپ پەرەز قىلايلۇقكى، دەرەخ قانچە ياخشى پەرۋىش قىلىنسا، ئۇنىڭ يېمىشى شۇنچە ياخشى ۋە تاتلىق بولۇر.

ئاتمىش ئالتىنچى نەسىھەت

ئەي قىزىم، شۇنى چۈشەنگىنكى، ئاتا-ئاناڭ سېنى تەربىيە قىلىپ ئۆستۈردى، بۇ يولدا كۆپ مۇشەققەت چەكتى. ئۇلار ساڭا ھېچقاچان يامانلىقنى راۋا كۆرمەيدۇ، سېنىڭ بەخت-سائادەتلىك بولۇشۇڭنى تىلەيدۇ. شۇڭلاشقا، بۇ مۆھتەرەم زاتلارنىڭ ئىززەت-ھۆرمىتىنى بىجا كەلتۈرۈشكە غەيرەت قىل. ئۇلارنىڭ دىللىرىنى ئاغرىتما. ئوچۇق يۈزلۈك، شېرىن سۆزلۈك بول. ئۇلارنىڭ ھاللىرىدىن دائىم خەۋەر ئېلىپ تۇر، ئۇلارنى ھەرگىزمۇ موھتاجلىقتا قالدۇرما. ئۇلارنى ھەر جەھەتتىن رازى قىلىپ، دۇئالىرىنى ئېلىشقا تىرىش. مانا شۇ گۈزەل خىسلەتلىرىڭ بىلەن ئىززەت ۋە شاراپەت

ھاسىل قىلۇرسەن.

ئاتمىش يەتتىنچى نەسىھەت

ئەي قىزىم، چىن سۆزنى يوشۇرما، چىن، توغرا سۆزنى ئېيتالايدىغان تىلنى يالغان بىلەن بۇلغىما؛ يالغانچى ئادەم ئەمەس، يالغان سۆزلەش ئەركەكنىڭ ئىشى ئەمەس؛ يالغان سۆز كىشىنى ئابرۇيسىز قىلىدۇ؛ تىلىڭنى ئۆز ئىختىيارىڭدا ساقلىغىن، سۆزۈڭنى ئېھتىيات بىلەن دېگىن؛ ئۆز ئورنىدا ئېيتىلدىغان سۆزنى ئېيت، يوشۇرما، ئورۇنسىز ئېيتىلدىغان سۆزدىن قاچ، يېقىن يولىما؛ بەزى سۆز باركى، ئېيتقۇچىنىڭ تېنىگە جان كىرگۈزىدۇ؛ يەنە بەزى سۆز باركى، ئېيتقۇچىنىڭ بېشىنى يەرگە سۆرەيدۇ؛ تىلىڭ بىلەن دىلىڭنى بىر تۇت؛ سۆزنى كۆڭۈلدە پىشۇرمىغۇچە تىلغا كەلتۈرمە، ئەقىللىق كىشى چىن، توغرا سۆزدىن قايتماس، ئەمما ھەممىلا چىن سۆزنى ئېيتىۋېرىش ئەقىللىق كىشىنىڭ ئىشى ئەمەس.

ئاتمىش سەككىزىنچى نەسىھەت

ئەي قىزىم، دۇنيادا ئىنسان بالىسى يېڭەلمەيدىغان نەرسە بولماس، شۇنۇڭ ئۈچۈن ئەسلا قورقماي، ئۆزۈڭگە بېرىلگەن كۈچ-قۇۋۋىتىڭنى سەرپ قىلىپ ئالغا ئىنتىل. بەخت-سائادەت ئاسماندىن چۈشىدۇ ياكى تۇيۇقسىز ۋۇجۇدقا كېلىدۇ، دەپ ئويلىما. ئەگەر شۇنداق ئويلىساڭ، نادانلاردىن سانىلىسەن. سۆزۈمنى كۆڭۈل قويۇپ تىڭشا! بەخت تەلىيىم-يوق، دەپ زارلانغۇچىلاردىن بولۇپ قالما. غەيرەت قىلساڭ، مۇرادىڭ ھاسىل بولۇر. ئىنسان ئۆزىنىڭ بەخت يازمىشىنى ئۆزى يازىدۇ. ئۆزۈڭنى پەستلەر جۈملىسىگە چۈشۈرمە. ئېھتىمال، بەزى ئىشلىرىڭ تىلىگىدەك مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇپ چىقماسلىقى مۇمكىن. لېكىن، بۇنىڭلىق بىلەن ئۈمىدسىزلەنمەي، غەيرەت-جاسارىتىڭنى يەنىمۇ ئۇرغۇت.

ئاتمىش توققۇزىنچى نەسىھەت

ئەي قىزىم، ئەھمىيەتسىز نەرسىلەرگە، ماددىي بېزەكلەرگە ئالدىنىپ كەتمە. تەرەققىي ئېتىشكە، پەزىلەت ئىگىسى بولۇشقا ئىنتىل. ئەتراپىڭغا نەزەر كۆزۈڭ بىلەن باق. زاماننىڭ ئۇلۇغ ئالىم، پازىللىرىنىڭ تەرجىمىھاللىرىنى، ئومۇمەن ئىنسانلارنىڭ قەدىمكى ۋە يېڭى تارىخىنى دىققەت بىلەن ئۇگەن. بۇلار سېنى ئىلھاملاندۇرۇپ، پازىللىق، يۈكسەكلىك ھاسىل قىلىشقا يېتەكلەيدۇ ۋەھايات يولۇڭدا ھەقىقىي رەھبىرىڭ بولىدۇ.

يەتمىشىنچى نەسىھەت

ئەي قىزىم، چىن، مۇكەممەل تەربىيىلىك ئىنسان باشقىلارغا ھېچبىر ئازار بەرمەيدۇ، تەكەببۇرلۇق قىلمايدۇ، ھېچكىمگە ھاقارەت كۆزى بىلەن باقمايدۇ، يالغان سۆزلىمەيدۇ، راستچىل بولىدۇ. ئۆزىدىن چوڭلارغا ھۆرمەتلىك، كىچىكلەرگە

شەپقەتلىك ۋە مەرھەمەتلىك، كۆلەر يۈزلۈك، تاتلىق سۆزلۈك ۋە خۇش مۇئامىلىلىك بولىدۇ. ۋەدىسىدە تۇرىدۇ، ئامانەتكە خىيانەت قىلمايدۇ. ئىغۋا، غەيۋەت، مۇناپىقلىقتىن ئۆزىنى ساقلايدۇ. ئاتا-ئانىسىنىڭ ھۆرمىتىنى بەجا كەلتۈرىدۇ، ئۇلارنى رازى قىلىشقا ھەر زامان تىرىشىدۇ. قېرىنداش- ئۇرۇقلىرى بىلەن ئىناق ئۆتۈپ، ئۇلارغا مېھىر-مۇھەببەتلىك بولىدۇ. قوشنىلىرىنى رەنجىتمەيدۇ، ئۇلار بىلەن ياخشى مۇناسىۋەتتە بولىدۇ. يامان يوللاردىن، يارىماس ئىشلاردىن، بولمىغۇر ھەركەتلەردىن ساقلىنىدۇ. مانا شۇلارغا ئوخشاش گۈزەل خىسلەتلەر مۇكەممەل تەربىيىلىك ئىنسانلاردا بولىدۇ.

يەتمىش بىرىنچى نەسىھەت

ئەي قىزىم، ئىززەت قانائەتتىن ھاسىل بولۇر. ھاجەتلەرنىڭ راۋا بولۇشى ئىپپەت، يەنى پەرھىزكارلىقتىن ئەمەلگەئاشۇر. ئىپپەت- يامان ئىشلاردىن ساقلانغانلىقنىڭ يېمىشىدۇر. سىر-ئەسرارىڭنىڭ ئاشكارلانماسلىقى باشقىلارنىڭ سىرلىرىنى ئاشكارلىماسلىقىڭغا باغلىقتۇر. رىزىق زور كەسىپ ۋە ھەرىكەت بىلەن ھاسىل بولۇر. دوستلۇق-ئوچۇق يۈزلۈك دەرىخىنىڭ، دۈشمەنلىك-جاڭجال دەرىخىنىڭ مېۋىسىدۇر. ئۇلۇغلۇق ۋە يۇقىرى مەرتىۋىلىك، كەمتەرلىك ئۇرۇقىدىن ئۈنۈر. ئىلىم-كەسىپ كۆڭۈل قويغانلىقتىن، توغرىلىقتىن ھاسىل بولۇر. توغرىلىق بەخت-سائادەتكە ئېلىپ بارۇر. تۇرمۇشنىڭ كۆركى تەربىيە ۋە ئەدەپ بىلەن ھاسىل بولۇر.

يەتمىش ئىككىنچى نەسىھەت

ئەي قىزىم، تەمەگەرلىكتىن خارۇ-زارلىق كېلىپ چىقۇر. گىنە-ئاداۋەت يامان پېئىل-ئەتۋاردىن، غەزەپ جاھالەتتىن كېلىپ چىقۇر. ئايرىلىش كۆپ كەمسىتىش ۋە ھاقارەتتىن كېلىپ چىقۇر. ئىشەنچىسىزلىك ۋەدىگە ۋاپا قىلماسلىقتىن كېلىپ چىقۇر.

يالغانچى كىشىدىن ۋاپا كۈتمە. توغرا سۆز كۆڭۈلگە قاتتىق ۋە ئاچچىق تېگىدۇ. ئادەم ياخشىلىق قىلغانغا ياخشىلىق قىلىدۇ، بىر ياخشىلىققا ئون ياخشىلىق قايتۇرىدۇ، كىمنىڭ ئەسلى پاك ۋە ساپ بولسا، ئۇ ئادەم ئەلگە مەنپەئەت يەتكۈزىدۇ.

يەتمىش ئۈچىنچى نەسىھەت

ئەي قىزىم، ئىنسان ئۈچۈن ئەڭ قىممەتلىك نەرسە ۋاقىتتۇر. پۇرسەتتىن ياخشى پايدىلىنىلسا ئالتۇن تېپىلۇر. ۋاقىتنى بىكار ئۆتكۈزمەك ئالتۇننى قولدىن بېرىپ قويماقتۇر. ئەقىللىق كىشى ۋاقىتنى زادىلا بوش ئۆتكۈزمەيدۇ. كونىلار: «ئىش ۋاقتىدا قورۇق سۆز قىلىپ پۇرسەتنى ئۆتكۈزۈۋەتكەن كىشى، ئاقىۋەتتە ئاچ قېلىپ يىغلار» دەيدۇ. ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ ياقۇتلار تاپقىلى بولۇر، ئەمما ياقۇتلار بىلەن ۋاقىتنى تاپقىلى بولماس. ئەقىللىق ياشلار ياشلىق چېغىنى بىكار ئۆتكۈزۈۋەتمەستىن، تىرىشىپ ئوقۇپ، ئىلىم-ھۈنەر ئىگىلەيدۇ، غەيرەت بىلەن ئىشلەيدۇ. قىممەتلىك ياشلىقنى

ھورۇنلۇق قىلىپ لاغايلاپ ئۆتكۈزۈش ئەقىللىق ياشلارنىڭ ئىشى ئەمەس.

يەتمىش تۆتىنچى نەسىھەت

ئەي قىزىم، ھەقىقىي دوستىت تاپالىساڭ ئۇنىڭ بىلەن شۇنداق مۇئامىلىدە بول: دوستلۇقتا سادىق بول، خىيانەت قىلما؛ كۆڭلىڭدىكى دوستلۇق مۇھەببىتىنى قولۇڭ ۋە تىلىڭ بىلەن كۆرسەت؛ دوستۇڭنىڭ سىرىنى ئاشكارلاشتىن ساقلان؛ ئۇنىڭ يېنىدا باشقىلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلما؛ دوستۇڭ مۇھتاجلىقتا قالسا، ئۇنىڭغا دەرھال ياردەملەش؛ ئۇنىڭدىن بىرەر ئەيىب يۈز بەرسە، بىرەر خالىي جايدا ئۇنىڭغا دەپ، يۇمشاقلىق بىلەن نەسىھەت قىل؛ ئەگەر دوستۇڭ سېنىڭ ئەيىبىڭنى ئېيتىپ ساڭا نەسىھەت قىلسا، ئۇنىڭدىن مىننەتدار بول؛ دوستۇڭغا يالغان سۆزلىمە؛ ئۇنىڭ دۈشمىنى بىلەن دوستلاشما؛ دوستۇڭنىڭ بېشىغا بىرەر مۈشكۈل ئىش چۈشسە، قايغۇلۇق ھادىسە يۈز بەرسە، ئۇنى شۇ مۈشكۈلاتتىن، قايغۇدىن قۇتقۇزۇشقا جان-دىلىڭ بىلەن تىرىشقىن، ئۇنىڭ ئاتا-ئانا ۋە ئائىلە ئەزالىرىغا مېھرىبان ۋە شەپقەتلىك بول.

يەتمىش بەشىنچى نەسىھەت

ئەي قىزىم، دۆلەت ۋە جەمئىيەت تەرىپىدىن تاپشۇرۇلغان ۋەزىپىلەرنى تولۇقى بىلەن ئورۇنلاشقا ئىنتىلىڭ، غەيرەتلىك ۋە چىداملىق بولۇڭ.

باشقىلاردىن ئازار يېگەن كىشى ئۈچ خىل ھالدىن تاشقىرى بولماس: بىرىنچى خىل ھال، باشقىلارنىڭ قىلغان يامانلىقى باراۋىرىدە ياخشىلىق قىلىۇر، بۇ ئالىيجاناب كىشىلەر خىسلىتىدۇر؛ ئىككىنچى خىل ھال، باشقىلارنىڭ يامانلىقىغا ياخشىلىق قىلمىسمۇ، ئۇنىڭغا يامانلىق تىلىمەس، بۇ ھەقىقەتچى ئادەملەر خىسلىتىدۇر؛ ئۈچىنچى خىل ھال، باشقىلارنىڭ قىلغان يامانلىقى باراۋىرىدە ئۇنىڭغا يامانلىق قىلىۇر، بۇ پاسىقلار ئىللىتىدۇر. يامانلىق قىلغان كىشىگە ياخشىلىق قىلماق، قىلالمىسا، ئەپۇ قىلماق گۈزەل خىسلەتلەردىن سانىلۇر.

يەتمىش ئالتىنچى نەسىھەت

ئەي قىزىم، گۈزەل خۇلقلارنىڭ ئەڭ ئۇلۇغى ئادەمگەرچىلىكتۇر. ئادەم يېيىش، ئىچىش، يۈرۈش-تۇرۇش، گەپ-سۆز قىلىش بىلەنلا ئادەم ئەمەس. ئادەمگەرچىلىك ئۆزۈڭدىن چوڭلارغا ھۆرمەت، كىچىكلەرگە شەپقەت قىلىپ، ئادەملەرگە قولۇڭدىن كېلىشىچە ياردەم بېرىش بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ. ئەقىللىق ۋە گۈزەل خۇلقلۇق باللار پەقەت ئۆز مەنپەئىتىنىلا كۆزلىمەي، باشقىلارغىمۇ پايدا يەتكۈزىدۇ. ئۆزلىرىگە مۇناسىپ كۆرگەن نەرسىنى ئۆزگىلەرگىمۇ مۇناسىپ كۆرىدۇ. ئۆزلىرىگە ماقۇل كۆرمىگەن نەرسىنى باشقىلارغىمۇ ماقۇل كۆرمەيدۇ. بىر كىمنىڭ بېشىغا ئېغىر كۈن چۈشسە، كۆڭلىنى كۆتۈرۈپ ياردەم بېرىدۇ.

يەتمىش يەتتىنچى نەسىھەت

ئەي قىزىم، ئۆزىگە مۇناسىپ بولمىغان ئىشقا كىرىشكەن كىشى ئاخىر شەرمەندە بولۇر. ھەر ئىشنىڭ ئۆزىگە لايىق كىشىسى، ھەر يىغلىشنىڭ ئۆزىگە مۇناسىپ سۆزى باردۇر. ئاقىل كىشى ئۆز ھۈنىرىگە ۋە ئۆزىگە مۇناسىپ ئىشقا كىرىشۇر. تەبىئەت ئۈستىخانىسىدا ھەر كىمنىڭ ئۆزىگە لايىق كىيىمى تىكىلگەن، ھەر ئىشنىڭ ئۆزىگە يارىشا لىباسى پىچىلگەن. ئۆتۈكچى دوپپا تىكىمەن دېسە، بۇزۇپ قويۇر، تېبابەتتىن خەۋەرسىز كىشى تېۋىپلىق قىلسا، كېسەلنىڭ جېنىغا زامىن بولۇر. «قۇشقاچ سويىسمۇ قاسساپ سويسۇن» دەپ بىكار ئېيتمىغان.

يەتمىش سەككىزىنچى نەسىھەت

ئەي قىزىم، ئىشلەپ ئۆزلەشتۈرۈلمىگەن يەردە ئوت-چۆپلەردىن باشقا ھېچنىمە ئۈنمىگەنگە ئوخشاش، ھېچبىر ئىش قىلمايدىغان ھۇرۇن كىشىلەر ئۆزلىرى ئۈچۈنمۇ، خەلق ئۈچۈنمۇ مەنپەئەت يەتكۈزمەيدۇ. شۇنۇڭ ئۈچۈن ھۇرۇن بىكار تەلەپ بولماي، غەيرەتلىك ۋە ئىشچانلىق بولۇڭ. تىرىشچانلىقىڭىز ۋە ئىش-ئەمەلىيتىڭىز بەرىكىتىدىن جەمئىيەتنىڭ ئالقىشىغا سازاۋەر بولۇڭ؛ ھېچ نەرسىسى يوق كىشى كەمبەغەل ئەمەس، ھۈنىرى، ئىنتىلىشى، تىرىشچانلىقى يوق كىشىلەر كەمبەغەلدۇر. غەيرەتلىك تىرىشچان كىشىگە ئىش ئەھلى ھەر دائىم ياردەم بېرىدۇ. ياخشى ۋە باياشاد تۇرمۇش كەچۈرۈش ئۈچۈن پەقەت ئۆز كۈچىڭىز ۋە تىرىشچانلىقىڭىزغىلا تايىنىڭكى، باشقىلارغا يۆلىنىۋالماڭ.

يەتمىش توققۇزىنچى نەسىھەت

ئەي قىزىم، ھۇرۇنلۇق ۋە نەپىس ئارزۇسى ئارقىسىدىن يۈرۈش كىشىگە كىسەللىك كەلتۈرۈپ، تېنىنى زەئىپلەشتۈرىدۇ، يوقسۇزلۇققا ئېلىپ بارىدۇ. بۇنى ئوبدان چۈشىنىپ، ھېچ ۋاقىت بىكار يۈرمەڭ، ئۆز رىزقى-روزىڭىزنى ئىزدەڭ. بىلىڭكى، بۇ دۇنيادا ھېچكىمگە ئاسماندىن ئالتۇن ياغمىغان، يەردىن كۈمۈش ئۈنۈپ چىقمىغان. ئالتۇن-كۈمۈش سىزنىڭ ئىنتىلىش، تىرىشچانلىقىڭىز، غەيرەت ۋە چىدامچانلىقىڭىز، كۆڭۈل قويۇپ ئىخلاس بىلەن قىلغان ئىشىڭىز ۋە ئۇنىڭ بەرگەن يېمىشىدۇر.

سەكسىنىنچى نەسىھەت

ئەي قىزىم، ئەدەپ ۋە ئېھتىياج بىلەن مۇئامىلە قىلىشتىن ھەممە مەقسەتلەر ھاسىل بولۇر، ئوچۇق يۈزلۈك ۋە شېرىن سۆزلۈك دوستلۇق ۋە مۇھەببەتكە دەلىلدۇر. شۇڭلاشقا ھەممە كىشى بىلەن ئەدەپ-ئەخلاق قائىدىلىرىگە رىئايە قىلىپ مۇئامىلە قىلىڭ، خۇشخۇي، خۇش چىراي بولۇڭ؛ بىرەر ئىش تۈپەيلى خاپىلىنىپ، ئاچچىقىڭىز كېلىپ تۇرغان چاغدا ھېچكىم بىلەن سۆزلەشمەڭ، ئاچچىقىڭىز بېسىلغۇچە سەۋر قىلىڭ. باشقىلارنىڭ كەمچىلىكلىرىنى كەچۈرۈڭ. ھەر بىر ئىشتا پىكىر قىلىش ۋە ئېتىبار بېرىشنى ئۇنتۇماڭ؛ ئادەملەر بىلەن ئارلىشىپ باردى-كەلدى

قىلىپ يۈرۈڭ، لېكىن كىمنىلا كۆرسىڭىز تەكشۈرمەي-تېگىنى بىلمەيلا ئېغىز-بۇرۇن يالىشىپ، دوست بولۇۋالماڭ. ھەر بىر ئىشتا ھۆر پىكىرلىك، توغرا سۆزلۈك بولۇڭ، تىلىڭىز بىلەن دىلىڭىز بىردەك بولسۇن.

سەكسەن بىرىنچى نەسىھەت

ئەي قىزىم، قوپال مۇئامىللىك كىشىلەرنىڭ مۇئامىلىسىگە ياخشى مۇئامىلە بىلەن جاۋاپ قايتۇرۇڭ. باشقىلارنىڭ سىزگە ياخشى مۇئامىلىدە بولۇشىنى ئىستىسىڭىز، ئۆزىڭىزنىڭ مۇئامىلىڭىزنىڭ ئۇلارنىڭكىدىن ياخشىراق بولۇشىغا ئەھمىيەت بېرىڭ؛ ئۆزىڭىزدىن كىچىكلەرنى خورلىماڭ. ئەقلىڭىز ۋە مەرتىۋىڭىز بىلەن ماختانماڭ، بەلكى ئۆز مەرتىۋىڭىز ۋە باشقىلارنىڭ مەرتىۋىلىرىنى ياخشى چۈشىنىپ، ھەر كىمنىڭ ئۆزىگە يارىشا مۇئامىلە قىلىڭ؛ باشقىلارنىڭ سىزگە گۈزەل مۇئامىلە قىلىشىنى ئىستىسىڭىز، ئالدى بىلەن ئۆزىڭىز ئۇلارغا گۈزەل مۇئامىلە قىلىڭ. ئۇلار بىلەن مۇھەببەتلىك بولۇشىڭىز سەۋەبلىك، سىزنىڭ ئابرويىڭىز چۈشۈپ كەتمەيدۇ.

سەكسەن ئىككىنچى نەسىھەت

ئەي قىزىم، باشقىلارغا ياخشى ئىشلارنى سۆزلەڭ، يامان ئىشلارنى يۇشۇرۇڭ. ئادەملەر بىلەن شۇنداق مۇئامىلە قىلىڭكى، ئۇلار ھاياتلىقىڭىزدا سىزنى ھۆرمەتلىسۇن، ۋاپات بولغاندىن كېيىن سىزنى ئەسلەپ قايغۇرسۇن؛ ناھايىتى زۆرۈر بولۇپ قالغان چاغدىلا باشقىلاردىن ياردەم سوراشقا بولىدۇ، ئادەتتىكى چاغلاردا باشقىلارغا يۈك بولۇپ ئارتىلىۋېلىش يارىماس قىلىقتۇر. شۇڭا باشقىلارغا ئۆز ئېھتىياجىڭىزنى سالماڭ، ئۇلارنىڭ مال-بايلىقىغا تەمە كۆزىڭىز بىلەن باقماڭ. ئۆز رىزقىڭىزنى ئۆزىڭىز ئىشلەپ تېپىپ يەڭ؛ بىرەر ئىشنى قىلىشقا سۆز بەرگەن بولسىڭىز، سۆزىڭىزنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىڭ، ۋەدىڭىزگە ۋاپا قىلىڭ. كىم بىلەن دوست بولغان بولسىڭىز، دوستلۇققا سادىق بولۇڭ. كىشىلەرنىڭ شادلىقىغا شادلىنىپ، قايغۇسىغا قايغۇرۇڭ. ئۆزىڭىز سۆيمىگەن نەرسىنى باشقىلارغا راۋا كۆرمەڭ.

سەكسەن ئۈچىنچى نەسىھەت

ئەي قىزىم، جەمئىيەت مەنپەئىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىڭ. بۇ يولدا سەرپ قىلغان ۋاقتىڭىزنى زايا كەتتى دەپ قارىماڭ، چۈنكى باشقىلارنى سۆيۈش، ئۇلارغا ياردەم بېرىش ۋە ئۇلارنىڭ كەمچىلىكلىرىنى تۈزىتىش ئۇلۇغلۇق ۋە ئادەمگەرچىلىك بەلگىسىدۇر.

قەلبلەردە ئاداۋەتنى يوشۇرۇش خۇددى كۆل ئاستىدا چوغ يوشۇرغاندەك بولىدۇ.

بىراۋنىڭ ساڭا رەھمەت-تازىم قىلىپ يۈرگىنىدىن كۆرە، ساڭا بېقىنىپ ياشىغىنى مىڭ ئەۋزەل. باشقىلاردا ساڭا نىسبەتەن ھاجەتمەنلىك تۇيغۇسى بولمىسا، سېنى بىر ئۆمۈر ھۆرمەتلەپ كېتىشمۇ ناتايىن.

سەكسەن تۆتىنچى نەسىھەت

ئەي قىزىم، سۇكۇت قىلىش ئارقىلىق غەزىپىڭنى ئۇچۇرگىن. ئۆز ئەيبىڭنى بىلىۋېلىشقا خۇددى دۇشمىنىڭ ئۇنى بىلىشكە قىزىققاندەك قىزىققىن. كىشىلەرگە باھا بېرىشتە ھەرگىز ئۇنىڭ پۇل-مېلى، يۈز-ئابرويىنى ھېسابقا ئالما. باياشادلىققا، شەھۋەتكە بېرىلمە، ئۇكسەك غايە، ئىستەكلىرىڭ بولسۇن. ھاياتىڭ ھەرگىز قورساق تويغۇزۇش ۋە شەھۋىتىڭنى قاندۇرۇشقىلا بېغىشلانمىسۇن، چۈنكى قۇرسىقى بىلەن شەھۋەت غېمىدىن باشقا غېمى يوق ئادەمنىڭ قىممىتى ئۇ ئىككى جايدىن چىققان نەرسىدىن ئارتۇق بولمايدۇ.

سەكسەن بەشىنچى نەسىھەت

ئەي قىزىم، ئىرادىلىك ئادەم- ئاخىرقى ھېسابتا غەلىبىگە ئېرىشكۈچىدۇر. ئىرادە بولسا، ئىشەنچمۇ كۈچىيدۇ، ئەقىل-پاراسىتىنمۇ تولۇق جارى قىلدۇرغىلى ھەمدە كەسپىتە ئۇلۇغۋار نەتىجىلەرنى ياراتقىلى بولىدۇ.ھەقىقىي قەدىر-قىممەت ھاياتلىقتىن ئۈستۈن تۇرىدۇ، ئۇ ئادەمنىڭ كىشىلىك قەدىر-قىممىتىنى نامايان قىلىپلا قالماستىن، ئادەمنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش سۈپىتىنىمۇ نامايان قىلىدۇ.

چېقىمچىلىق قىلىپ ئادەملەرنى بىر-بىرىگە دۈشمەنلەشتۈرگەن كىشىلەر ئەڭ يارىماس، ئەڭ يامان كىشىلەردۇر.

سەكسەن ئالتىنچى نەسىھەت

ئەي قىزىم، ئىلاجىڭنىڭ بارىچە ئۆزۈڭگە دۇشمەن كۆپەيتمە. بىرەر كىشى ساڭا دۇشمەنلىك قىلىشقا باشلىسا، سەن ئۇنىڭغا مەرھەمەت كۆزۈڭ بىلەن قارا، كۆڭلىنى ئال. شۇنىڭ بىلەن ئۇ كىشى دوستلىرىڭ قاتارىغا قوشۇلىدۇ. دوستلىرىڭنى شەپقەت ۋە مەرھەمىتىڭ بىلەن خۇشال قىل. شۇندىلا ئۇلار سېنىڭدىن ئايرىلماي، سەممىي دوستلىرىڭ بولۇپ قالىدۇ.

مۇلايىم كىشىنىڭ ئۈچ بەلگىسى بار: بىرىنچى، سۆرۈن تەلەت، زەھەر سۆزلۈك كىشىلەر ئۇنىڭغا قوپال سۆزلىسىمۇ، ئۇ ياخشىلىق قىلىدۇ؛ ئىككىنچى، قەھر-غەزەپ ئوتى ئۇچقۇنلاشقا باشلىغاندا ئۇ چىشىنى چىشىغا باسىدۇ؛ ئۈچىنچى، بىرەرسىدىن ئۆزىگە زىيان يەتكەندە ئۇنى جازالاشقا كۈچى يەتسىمۇ، ئاچچىقىنى يۇتىدۇ.

سەكسەن يەتتىنچى نەسىھەت

ئەي قىزىم، ئەگەر بىرەر ھاجەتمەنىنىڭ ساڭا ھاجىتى چۈشسە، ئۇ ھاجەتمەنىنىڭ ساڭا ياكى دىنىڭغا زەرىرى يەتمىسە، بايلىقىڭغا، يەنى پۇل-مېلىڭغا تەسىر كۆرسەتمىسە، ئۇ كىشىنىڭ ھاجىتىنى ئادا قىل، قورۇق قول ياندۇرمىغىن، ھەم ئۇ ھاجەتمەننى يالغانچى دەپ گۇمان قىلما. ئەگەر ئۇ، يەنى ھاجەتمەن سېنىڭ ياخشى كىشى ئىكەنلىكىڭگە ئىشەنمىسە، ھاجىتىنى تىلەپ ئالدىڭغا كەلمەس ئىدى. شۇنى

بىلگىنكى، ساڭا ھاجىتى چۈشكەن ھەر قانداق ھاجەتمەن سېنىڭ ئەسىرىڭدۇر. دەر ھەقىقەت، ھاجەتمەنلىك ـ ئەسىرلىكنىڭ ئىككىنچى مەرتىۋىسىدۇر. شۇڭا ئەسىرلەرگە ھەم رەھىم قىلغايسەن! ئەسىرنى ئۆلتۈرۈش مۇۋاپىق ئەمەس.

سەكسەن سەككىزىنچى نەسىھەت

ئەي قىزىم، كىشىلەرنىڭ خىزمەتكارلىرىغا خۇش مۇئامىلىدە بول. ئىچىڭ بىلەن تېشىڭنى توغرىلىق بىلەن بېزە. دىلىڭ بىلەن ھەركىتىڭ ئوخشاش بولسۇن. ناماز ئۆتەش، روزا تۇتۇش قاتارلىق ئادا قىلىشقا تېگىشلىك قائىدىلەرنى ئادا قىلىشقا تىرىش. كىشىلەر بىلەن بولغان مۇئامىلىدە تىلىڭ تاتلىق بولسۇن. كوچا ـ كويلاردا، يەنى بازارلاردا تولا لاغايلاپ يۈرمە. ئاۋام ئارىسىدا ئەزىز بولغايسەن. يامان ـ يالغانلاردىن پەرھىز قىل. سۆزلىگەندە سۆز مۇنبىرىنىڭ ئەدەپ ـ قائىدىلىرىنى ساقلا. تەكەببۇرلۇق قىلما، يالغان ئېيتماق قاتارلىق بولمىغۇر قىلىقلاردىن يىراق بول. خەلقنى ئۆزۈڭ قىلغان ۋە قىلالايدىغان ئىشقا باشلا. شۇندىلا ئىنساپ ـ دىيانەتلىك كىشىلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالالايسەن!

سەكسەن توققۇزىنچى نەسىھەت

ئەي قىزىم، ئىلىمنى ئوبدان ئۆگەن ۋە ئۆگەنگەنلىرىڭنى ياخشى ئىبارىلەر ئارقىلىق ئادا قىل، يەنى باشقىلارغا يەتكۈز. ئىلىم ئۆگۈنۈش ۋە ئۆگۈتۈش يولىدا خىجىل بولما. ئەمما ھېچ ۋاقىت يالغان ئېيتما. بەزىدە ئاگاھلاندۇر، بەزىدە سۆيۈندۈر. سۆز قىلغاندا تولاراق ئۆزۈڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان ۋە ئوبدان بىلىدىغان سۆزلەرنى دېگىن. مۇنازىرىگە، يەنى دە ـ تالاشقا سالىدىغان، دەلىل ـ ئىسپاتى بولمىغان سۆزلەرنى دېيىشتىن ساقلان! چۈنكى، دە ـ تالاشقا سالىدىغان، دەلىل ـ ئىسپاتى بولمىغان سۆزلەر كىشىنى ئۇياتقا قالدۇرىدۇ.

توقسىنىنچى نەسىھەت

ئەي قىزىم، قىز بولۇپ يارىلىش پېشانىڭىزگە پۈتۈلگەنىكەن، سىز بۇ مۇقەددەس ئىرادىدىن ئۆزىڭىزنى چەكسىز بەختلىك سانىشىڭىز، قىز بولغانلىقىڭىزدىن پەخىرلىنىشىڭىز، ۋۇجۇدىڭىزغا قىزلىق پەزىلەتنى جەملەپ، سېھرىي كۈچىڭىزنى قېزىشىڭىز، ھاياتتا ئىنسانلارغا پايدىلىقلا بولدىكەن، ھەر قانداق ئىشقا ئىجتىھات قىلىپ، ئۆزىڭىزنىڭ ئەرلەرمۇ قىلالمايدىغان ئىشلارنى قىلالايدىغانلىقىڭىزنى بىلدۈرۈپ قويۇشىڭىز كېرەك، ئۆزىڭىزنىڭ ھەيران قالارلىق نەتىجىلىرى ئارقىلىق كىشىلەرنى قايىل ۋە مايىل قىلالىسىڭىز، سىز بۇ دۇنيادا مەنىلىك ياشىغانلىقىڭىز ھەقىقىي پەيزىنى سۈرگەن ھېسابلىنىسىز.

توقسان بىرىنچى نەسىھەت

ئەي قىزىم، قىز بالا بولغانىكەن، ئۇ ئۆزىگە خاس نازاكەت، خۇلىق، ۋاپادارلىق،

ساداقەتمەنلىك، مېھرىبانلىقنى بەلگە قىلغان قىزلىق قەدىر-قىممىتىنى يارتىشى، مۇشۇ قەدىر-قىممىتى ئاساسىدا ئۆزىنىڭ ھاياتلىق پائالىيىتىنى داۋاملاشتۇرۇپ، جەمئىيەتكە ئاز-تولا تۆھپە قوشۇشى، ھايات ئاتا قىلغان نېمەتلەرگە جاۋاب قايتۇرۇشى ئىنسانىي مەجبۇرىيىتىدۇر. ئەلۋەتتە پاكلىق ئىچىگە يوشۇرۇنغان، قىزلارغا خاس نازاكەت، قىزلىق شەرمى-ھايا تۆكۈلۈپ تۇرغان قىزلارغا ھەممە كىشىنىڭ ئىچى كۆيىدۇ، ئۇلارنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنىمۇ، ئابرۇيىمۇ ناھايىتى يۇقىرى بولىدۇ. ئەكسىچە پۇرسەتپەرەسلىك قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئىززىتىنى ساقلىماي، تەييار دەسمايىسىگە تايىنىپ يۇقىرغا يامىششىنى كۆزلىگەنلەر، مەلۇم بىر مەقسەت ئۈچۈن ئۆزىنى بۇلغىغۇچىلارنىڭ خۇشاللىقى ئۇزۇنغا بارمايدۇ.

توقسان ئىككىنچى نەسىھەت

ئەي قىزىم، ياخشى تەربىيە كۆرگەن ۋە ئىلىم نۇرى بىلەن خۇلقىنى ياخشىلىغان قىزلار ھەر يەردە ئىززەت تاپىدۇ، ئابرۇي قازىنىدۇ. ئىلىم قىزلار ئۈچۈن ئەڭ يارىشىدىغان زىننەت. ئەقلىنى نادانلىقتىن قۇتۇلدۇرغان ھەر بىر قىز نومۇس، ئىززەت، قىزلىق قەدىرىنى چۈشىنىپ يەتسە، ئاندىن باشقىلارنىڭ ئالدىدىمۇ قەدىرلىك بولىدۇ، ئۆز قىممىتىنى تاپىدۇ. بۇنداق ھايا نىشانىسى ئېنىق قىزلار ھېچقانداق ئىشتا ئادىشىپ قالمايدۇ. ئىلىمسىز قىز بولسا تۇرمۇشتىكى ھەر قانداق ئىشتا تۇرلۇك كەمچىلىكلەرگە يول قويىدۇ. قىزلار ئۈچۈن ئەڭ زۆرۈر نەرسە بولغان نومۇس، ئىززەت، ھايا قاتارلىق پەزىلەتلەر ئىلىم-مەرىپەت ئارقىلىق تېخىمۇ نۇرلىنىدۇ.

توقسان ئۈچىنچى نەسىھەت

ئەي قىزىم، ئادەمنى يامان ئىشلاردىن توسىدىغان ھايا ئىنسان ئۈچۈن ئىنتايىن ياخشى خىسلەت ۋە كىشىلىك ئەدەپ ئەخلاقنىڭ ھۇلى ھېسابلىنىدۇ. مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام: «ئىمان دەرەختۇر، ھايا شاختۇر» دېگەنىدى. ئەگەر ھايا بولمىسا، كىشىلەر بىر-بىرىدىن ئۇيالمىسا، خەلق ئارىسىدا ياخشى قائىدە-يۇسۇنلار يوقىلىپ، ھەممە ئىشقا زىيان يەتكۈزىدۇ. ئادەملەردە ئىشەنچ ۋە دىيانەت قالمايدۇ. مانا بۇنىڭدىن مەلۇمكى، كىشىلەرگە ھايادىن يېتەرلىك مەنپەئەت باردۇر. ياخشى خۇي ئەخلاق مېۋىسى ھايادىن تەربىيە تاپمىسا، ئۇ ھەرگىزمۇ كىشىگە لەززەت بەرمەيدۇ. بىلىش كېرەككى، گۈزەللىكنىمۇ ھايا بىلەن سۆيۈش كېرەك. قىز بالىنىڭ ھەممە بايلىقى ئۇنىڭ نومۇسى، بۇ بايلىق ھەر قانداق مىراستىنمۇ قىممەتلىك.

توقسان تۆتىنچى نەسىھەت

ئەي قىزىم، گۈزەل ئەخلاقلىق بىر قىز بىلەن بەتقىلىق بىر قىز تەڭلا يىگىتلەرنىڭ ئالدىدا پەيدا بولسا، ئەلۋەتتە گۈزەل ئەخلاقلىق قىز يىگىتلەرنى خۇددى سۇزۈك

گۆھەر-ياقۇت ئۆزىگە تارتقانـدەك تارتىـدۇك، بۇنـداق قىزلارنىـڭ ھۆسـنى كامـالىتى ئادەتتىكىچە بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇلارنىڭ ئېسىل خىسلىتى يىگىتلەرنىڭ قەلبىدە ئاجايىپ گۈزەل تەسىراتلارنى قالدۇرىدۇ، قىزلارغا خاس نازاكەت دۇنياسى، مېھىر-مۇھەببەت ئالىمى ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىنى ئەسىر قىلىپ، ئاجايىپ شېرىن ھېس-تۇيغۇلارغا چۆمدۈرىدۇ، بۇنداق شېرىنلىك، تاتلىقلىق بۇ ھاياتلىقنىڭ ئىنسانلارغا سۇنغان ئەڭ چوڭ سوۋغىسى، ئىلتىپاتىدۇر. بۇنىڭ ئەكسىچە بەتقىلىق، ھۆسىن جامالدا كامالەت تاپقان بىلەن قىزلىق قەدىر-قىممىتىنىڭ ئەڭ كۆركەم يارىشىقى بولغان گۈزەل ئەخلاق كەم قىزغا يىگىتلەرنىڭ مەيلى تارتمايدۇ.

توقسان بەشىنچى نەسىھەت

ئەي قىزىم، شۇ تاپتا خۇشخۇيلۇقتىن مۇراد تاپقان قىزلار سىزنىڭ ئەتراپىڭىزدا ئاغزىدىن مىڭلارچە بۇلبۇللارنىڭ ناۋاسىنى ياڭرىتىپ خۇشناۋا قىلىپ، سىزگە دوستلۇق ۋە ساداقەتمەنلىك كۆرسىتىۋاتقان بولۇشى، بۇ دوستلۇق ئىزھارىدىن قەلبىڭىز سۆيۈنۈپ ئالەمچە خۇشاللىق ۋە بەخت قۇچىقىدا ئەللەيلىنىۋاتقان بولۇشىڭىز، ئۆزىڭىزمۇ ئۇلارغا نىسبەتەن يەنە ئۈنىڭدىنمۇ ئۆتە خۇشخۇيلۇق ئىلتىپات قىلىپ، بۇ جاھانغا ئىسسىقلىق بېرىۋاتقان بولۇشىڭىز ھەم مۇمكىن. قانداقلا بولمىسۇن، قىزلارغا بولغان ئالاھىدە نازاكەت گۈلى بولغان خۇشخۇيلۇق ۋە ئىسسىق چىراي بولۇش، دوستلۇق ۋە ساداقەتمەنلىكنى ۋايىغا يەتكۈزۈش، مېرىبانلىق كۆرسىتىش سىزنىڭ ۋۇجۇدىڭىزغا مۇجەسسەم بولغاندا، روھىڭىز ئالاھىدە جۇشقۇنلىنىپ، قەيەردە بولسىڭىز ناھايىتى قىزغىن كەيپىيات دۇنياسى ھاسىل قىلالايسىز.

توقسان ئالتىنچى نەسىھەت

ئەي قىزىم، دەۋر ئېقىمىدا قانداق يېڭى ئۆزگىرىش بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، قويۇق ئۆرپ-ئادەت دۇنياسىدا ياشاڭ! ئۆزىمىزگە خاس مىللىي ئۆرپ-ئادەت، كىيىنىش ئادىتى، تۇرمۇش ئۇسۇلى، ئۆزلۈك ئېڭىنى ساقلاپ، ئەسلىدىكى روھىي ھالەتكە قايتىقىنىڭىزدىلا، سىز ھەقىقىي مەنىدىكى ئۇيغۇر قىزى، كەلگۈسى ئەۋلادلارنىڭ يارامىلىق تەربىيىچىسى بولالايسىز. سىزنىڭ مىللىي خاسلىق جەھەتتىكى ئارتۇقچىلىقىڭىز ھامان سىزنى يۈكسەك پەللىلەرگە باشلاپ بارىدۇ.

توقسان يەتتىنچى نەسىھەت

ئەي قىزىم، سىز ئۆزىڭىزنى ھەقىقىي تونۇغانىكەنسىز، ئۆزىڭىزگە ئىشەنگەنىكەنسىز، چوقۇم قويۇق مىللىي ئۆرپ-ئادەت دۇنياسىدا ياشاڭ! ئەتىگەن تۇرغىنىڭىزدا ئاتا-ئانىڭىزدىن: «ياخشى ئۇخلاپسىلەرمۇ؟» دەپ ئەھۋال سوراڭ؛ ياتىدىغان چاغدا «خەير، ئاللاھقا ئامانەت، ياخشى چۈش كۆرۈڭلار» دېيىشنى

ئىسىڭىزدىن چىقارماڭ؛ ئاتا-ئانىڭىزغا ھەر بىر سۆز-ھەركىتىڭىزدە ھۆرمەت تۇيغۇسىنى بېرىڭ؛ ئوغۇللار بىلەن مۇئامىلە قىلغاندا خۇشخۇيلۇقىڭىز، مېھرىبانلىقىڭىز، كۆيۈمچانلىقىڭىز ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشىڭ (ئەمما خاتا تۇيغۇ بېرىپ قويماسلىقىڭىز ئۈچۈن مۇئامىلىڭىز چەكتىن ھالقىپ كەتمىسۇن)؛ چاي قويۇش، مېھمان كۈتۈش قائىدە-يوسۇنلىرى، مېھماننى ئىززەتلەش سۆزلىرىنى ئۆگىنىۋېلىڭ؛ مەھەللىۋى تۈس ئالغان كونا قائىدە-يوسۇنلارنىمۇ ئامال بار ئۆگىنىۋېلىڭ، ئۆگىنىپ بولالمىغان تەقدىردىمۇ خەۋەردار بولۇپ قېلىڭ؛ شەخسىي تازلىققا دىققەت قىلىڭ.

توقسان سەككىزىنچى نەسىھەت

ئەي قىزىم، بىلىڭكى، پاك-دىيانەتلىك بولۇش كىشىگە ھۇزۇر، ئەركىنلىك، خاتىرجەملىك بەخش ئېتىدۇ. پاك-دىيانەتلىك كىشى ھەر قانداق بوران-چاپقۇندىمۇ مەردانە تۇرالايدۇ، ئۆزىنىڭ ئۆمرىنى يىل ساناپ ئەمەس، بەلكى تۆھپە ساناپ ئۆتكۈزۈشنى بىلىدۇ. ئىپپەت-نومۇسنى ساقلاش بىلەن قىزلار ئەڭ ئۇلۇغ ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، قىزلار مۇھەببەت مەسىلىسىدە، يىگىتلەر بىلەن بولغان مۇئامىلىدە ئەڭ مۇھىمى ئۆزىنىڭ پاكلىقىنى ساقلاشنى بىلىسىلا، ۋىجدانى بۇلغانمايدۇ، ھەر قانداق چاغدا يۈزى يورۇق بولىدۇ، تۇرمۇشتا قىزلارغا نىسبەتەن بەخت، قەدىر-قىممەت دېگەن ئەنە شۇ. پۇل ھەرگىزمۇ ئىنسانىي قەدىر-قىممەتتىن، پاكلىقتىن ۋە ئىپپەت-نومۇستىن ئۈستۈن تۇرالمايدۇ. ھەقىقىي ئار-نومۇسلۇق، ئىنسابى بار قىز ھەرگىز باشقىلارنىڭ پۇلىنى دەستەك قىلىپ ئۆزىنى ئاياغ ئاستى قىلىشقا يول قويمايدۇ.

توقسان توققۇزىنچى نەسىھەت

ئەي قىزىم، كۆز يۈزگە ئالاھىدە ھۆسن بېغىشلايدۇ. كۆز- ئالەمنى كۆرگۈچى، ئىنساننىڭ مەنىۋى دۇنياسى ۋە سالامەتلىكىنى ئەكس ئەتتۈرگۈچى ئەينەكتۇر. كۆزگە تەرىپ بېرىلگەندە كۆپ ھاللاردا «ئوتلۇق كۆزلەر»، «سېھىرلىك كۆزلەر»، «مېھىرلىك كۆزلەر» دېگەندەك ئوخشىتىشلار قوللىنىلىدۇ. دەر ھەقىقەت كۆز كۆڭۈلنىڭ ئەينىكى. ئىنساننىڭ قانداقلىقىنى بىلىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئۇنىڭ كۆزىگە قاراش خاتا ئەمەس. قىزلارنىڭ كۆزى ئىبالىق، ھايالىق، مۇلايىم بولغىنى ياخشى. ساغلام كۆزلەر يۈزگە ھۆسن بېغىشلاش بىلەن بىرگە سالامەتلىك ئۈچۈن ھەم مۇھىم. ئايرىم ھاللاردا بەزى قىزلار كۆزۈم يەنىمۇ چىرايلىق بولسۇن دەپ، ھەر خىل بوياقلارنى بىلىپ-بىلمەي ئىشلىتىدۇ. نەتىجىدە كۆز ۋە قاپاقلىرى قىزىرىپ، ئەسلى چىرايلىق بولغان كۆزلەر خۇنۇكلىشىدۇ.

يۈزىنچى نەسىھەت

ئەي قىزىم، سىز چىرايلىق، قىممەت باھا كىيىملەرنى كىيىپ ئۆزىڭىزگە زىننەت

بىرىسىز، ئۇ زىنىنەت سىزدە ئەمەس بەلكى كىيملىرىڭىزدىدۇر؛ مىنگەن ئېتىڭىز بىلەن ماختىنىسىز، لېكىن بۇ زىنىنەت، كامال سىزدە ئەمەس ئېتىڭىزدىدۇر؛ ئاتا-بۇۋىلىرىڭىزنىڭ پەزىلىتى بىلەن پەخىرلىنىسىز، بۇ پەزىلەتلەرنىڭ ئىگىلىرى ئاتا-بۇۋىلىرىڭىزدۇر. ئەگەر ئاشۇ پەزىلەتلەرنىڭ ئىگىلىرى ئۆز ھەققىنى قايتۇرۇۋالسا، سىزگە ھېچنىمە قالمايدۇ. ھالبۇكى پەزىلەتلەر سىزگە ئۆزلەشمىگەنلىكى ئۈچۈن قايتۇرۇۋېلىشىنىڭمۇ ھاجىتى يوق. باشقىلارنىڭ زىنىنىتى بىلەن زىنىنەتلىنەلمەيسىز. خۇلۇق- مىجەزىڭىزنى تۈزىتىڭ. پەزىلەتلىك بولۇڭ، مانا بۇلار ئۆزىڭىزنىڭ زىنىنىتىدۇر، شۇ چاغدىلا ئۆز زىنىنىتىڭىز بىلەن پەخىرلىنىشكە ھەقلىق بولىسىز.

## ئالتىنچى پەسل:

# قەلب سادالىرى

### ئاپتورى : ئەمرۇ خالىد- تەرجىمە قىلغۇچى: ھىلالى

### دۇئا ھەققىدە

كۆزلىگەن ئارزۇسى بولسىمۇ، يولى ئېتىلىپ ئامالسىز قالغان، كىشىلەردىن ياردەم تەگمىگەن، مەقسەتلىرىنى ئاشۇرالماي، تەنھا، بىچارە، قەلبى سىقىلىپ، كۆڭلى سۇنۇپ، كۆزلىرى ياشقا تولسىمۇ ئارزۇسىغا يېتەلمىگەنلەرگە بېغىشلاندى.

ئالدىڭدا مەڭگۈ تاقالماس بىر ئىشىك تۇرۇپتۇ، ئۇنىڭ ئىگىسى سېخى، بىھاجەت، ھەتتا ئۆزىدىن ھاجىتىنى سورىمايدىغانلاردىن غەزەپلىنىدۇ...

بۇ كىتابچىنىڭ مەزمۇنى :

- ھەممىمىز ئاللاھ غا مۇھتاجمىز.
- ئۇلارنىڭ ھاياتىدىكى دۇئا.
- ئۆز ئاغزىدىن ئاڭلايلى.
- ياشلار بىلەن سۆھبەت.
- دۇئانىڭ ئىجابەت بولماسلىقنىڭ سەۋەبلىرى.
- دۇئانىڭ ئىجابەت بولۇشىدىكى تۆت شەرت.
- كۆپچىلىك! چىن قەلبىڭلاردىن دۇئا قىلىڭلار !

سۆزىمىز ئىبادەتلەر ئىچىدىكى بىر خىل ئىبادەت ھەققىدە بولماقچى، لېكىن بۇ ئىبادەت توغرىسىدا سۆز ئېچىشتىن ئىلگىرى مەن سىلەرگە ھەممىمىز ھېس قىلىدىغان بىر مەسىلىنى ئوچۇق دېيىشىم لازىم :

ئەمەلىيەت شۇكى، ھەر-بىرىمىزگە بەزى چاغلاردا قىيىنچىلىقلار تۇغۇلۇپ تۇرىدۇ، بارلىقىمىز ئاللاھ غا مۇھتاجمىز، ھەممىمىز ئاللاھ ئالدىدا ھاجەتمەنمىز، ھەر قاندىقىمىزنىڭ ئىشقا ئاشۇرۇشنى ئويلايدىغان ئارزۇلىرىمىز بار، ھەر قانداق بىرىمىزنىڭ ئاللاھ كەچۈرسىكەن دەپ تىلەيدىغان گۇناھ –خاتالىقلىرىمىز بار، ھەر –بىرىمىزنىڭ ئاللاھ قا ھەر خىل تىلىكى بولىدۇ، بۇنداق بولمايدىغان بىرمۇ ئادەم يوق، مانا بۇ بىز "دۇئا " دەپ ئاتاۋاتقان نەرسىدۇر.

ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: «ئى ئىنسانلار! سىلەر ئاللاھ غا مۇھتاجسىلەر، ئاللاھ (ھەممىدىن ) بىھاجەتتۇر، مەدھىيىگە لايىقتۇرۇ. .... (فاتىر سۈرىسى، 15- ئايەت )، مۇتلەق مۇھتاجلىق. ... بارلىق نەرسىلەردە مۇھتاجلىق. ... ھېچكىم بۇ ئاتالغۇدىن

سىرت ئەمەس ! بايمۇ مۇھتاج، كەمبەغەلمۇ مۇھتاج، ھاكىممۇ (ھۆكۈمرانمۇ ) مۇھتاج، پۇقرامۇ مۇھتاج، خوجايىنمۇ مۇھتاج، خىزمەتكارمۇ مۇھتاج...

ھەممە ــ ھەممىمىز ئاللاھ غا مۇھتاجمىز، ئۇ بولسا بىھاجەت تەنھا زاتتۇر، شۇڭا بىز ئاللاھ غا ھاجەتمەنمىز.

ئاللاھ سۇبھانەھۇ ۋەتەئالانىڭ :« رەببىڭلار ئېيتتىكى، (ئى بەندىلىرىم !) دۇئا قىلىڭلار، ئىجابەت قىلىمەن» (غافىر سۈرىسى، 60ـ ئايەت )دېگەن سۆزى ھەققىدە، بۇنىڭ مەزمۇنى توغرىسدا بىرلىكتە تەپەككۇر قىلىپ باقايلى، رەببىمىز ئۆزىگە دۇئا قىلىشمىز بىلەنلا ئىجابەت قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىۋاتىدۇ! بۇنىڭدىنمۇ قىزىقارلىقى بىر كىشى پەيغەمبىرىمىزگە كېلىپ مۇنداق دېدى : "ئى ئاللاھنىڭ رەسۇلى! رەببىمىز بىز تولۋاپ چاقىرغۇدەك يىراقتىمۇ ياكى سىرداشقۇدەك يېقىندىمۇ؟" يەنى، بىز يا رەببىم، يا رەببىم !دەپ تولۋلغۇدەك يىراق ئارىلىقتىمۇ، ياكى جىمجىتقىنا سىرىمىزنى تۆككۈدەك يېقىن، يېنىمىزدىمۇ؟ دېمەكچى ئىدى.

رەسۇلۇللاھ ئۈندىمەي تۇرۇپ قالدى ۋە شۇ ھامان ئاللاھنىڭ بۇ ئايىتى نازىل بولدى: « بەندىلىرىم سەندىن مەن توغرۇلۇق سورسا (ئۇلارغا ئېيتقىنكى ) مەن ھەقىقەتەن ئۇلارغا يېقىنمەن، ماڭا دۇئا قىلسا، مەن دۇئا قىلغۇچىنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىمەن، ئۇلار توغرا يول تېپىش ئۈچۈن مېنىڭ دەۋىتىمنى قوبۇل قىلسۇن ۋە ماڭا ئىشەنسۇن! » بەقەرە سۈرىسى، 186ـ ئايەت.

دېمەك، بۇ مەسىلىدە رەسۇلۇللاھنىڭ ۋاستىچىلىقى لازىم بولمايتى، ئاللاھ تائالا ھەرگىزمۇ : ئى مۇھەممەد، مېنىڭ يېقىن ئىكەنلىكىمنى ئۇلارغا دېگىن! دېمىدى، بەلكى ئۇدۇللا، مەن ھەقىقەتەن ئۇلارغا يېقىنمەن، ماڭا دۇئا قىلسا، دۇئا قىلغۇچىنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىمەن، دەپ بىلدۈردى، رەسۇلۇللاھ بولسا بىزگە مۇنداق دەپ يەتكۈزگەن :" كىمكى ئاللاھ دىن ھاجىتىنى سورىمسا ئاللاھ ئۇنىڭغا غەزەپ قىلىدۇ" تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.

دېمەك، كىمكى ئاللاھ دىن ھاجىتىنى تىلەشكە ئادەتلەنمىسە، ئاللاھ ئۇنىڭغا غەزەپلىنىدۇ، سەن مۇسۇلمان بولغانىكەنسەن ئىككى قولۇڭ ئاللاھ دىن ھاجەت سوراپ دايىم يۇقۇرى كۆتىرىلىپ تۇرۇشى تەبىئىلىكتۇر!

رەسۇلمىز بىزگە مۇنداق بىلدۈرگەن ئىدى: " دۇئا قىلىشنىڭ ئۆزى ئىبادەت" تىرمىزى ۋە ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.

رەسۇلۇللاھ يەنە بىزگە شۇنداق بىر ئىسىل ھەدىسنى ئۆگەتكەنكى، ھەر ــ بىرىمىزنىڭ بۇ ھەدىس ھەققىدە تەپەككۇر قىلىپ بېقىشىمىزنى ئارزۇ قىلىمەن، چۈنكى بۇ ئىسىل ھەدىس ھەر ــ بىرىمىزنىڭ رەببىمىزگە دۇئا قىلىشى بىلەن روھىي دۇنيامىزدا زور قۇۋۋەت پەيدا بولىدىغانلىقىغا ئىشارە ئىدى :" ئاللاھ تائالا ھەقىقەتەن ھايالىقتۇر،

سېخىدۇر، بەندە ئىككى قولىنى كۆتىرىپ دۇئا قىلسا ئۇلارنى ئۈمىدسىز قۇرۇق قايتۇرۇشتىن هايا قىلىدۇ"، تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.

رەسۇلۇللاهنىڭ "هايالىق"، "سېخى" ئىسىملىرىنى تاللىغانلىقىغا قارىغىن، "هايالىق"، يەنى ئاللاھ ئۆزلۈك سۈپىتىگە لايىق هالدىكى ئىنتايىن ئۇياتچانلىق؛ "سېخى"، يەنى ئاللاھ ساڭا سورىماستىنلا بېرىۋېرىدۇ... ئاللاھ مۇشۇنداق ئۇلۇغ سۈپەتلەرگە ئىگە بولغاچقا، دۇئا قىلىپ قولۇڭنى كۆتەرسەڭ هېچ قاچان ئۇنى ئۈمىدسىز قايتۇرمايدۇ! قەلبىڭلار دۇئا قىلىشقا تەلمۈرۈۋاتامدۇ؟

ئەمدى مەن "دۇئانىڭ ئۆزى ئىبادەت " دېگەن هەدىس هەققىدە بىر سوئال سوراپ باقاي : دۇئانىڭ ئۆزى ئىبادەت بولسا نامازنى نېمە دېيىش كېرەك ؟ رەسۇلۇللاھ نېمە ئۈچۈن ئىبادەت مەسىلىسىدە دۇئانىلا تىلغا ئالغان؟

ياشلارنىڭ كۆز قاراشلىرى

* مېنىڭچە ناماز ئوخشىمايدۇ، چۈنكى بىز ناماز ئوقۇغىنىمىزدا سۈرە فاتىھەنى ئوقۇيمىز هەمدە باشقا مەلۇم سۈرىلەرنىمۇ ئوقۇيمىز، ئەمما دۇئا بولسا، مەن ئاللاھ غا بىۋاستە سۆزۈمنى دەيدىغان، ئىچىمدىكى ۋە قەلبىمدىكى بارلىق تىلەك ــ ئارزۇلىرىمنى يەتكۈزىدىغان بىردىنبىر ئىبادەت هېسابلىنىدۇ، ئىبادەت دېيىشتىن مەقسەت مۇشۇ.

* مەن مۇنداق دە پ قارايمەن :دۇئا دېمەك ئىبادەتتۇر، چونكى مەن بىرسىدىن بىر نەرسە تەلەپ قىلسام بۇ مېنىڭ شۇنداق دەپ ئىتراپ قىلغىنىم بولىدۇ: ئۇ بارلىق ئىشلارنى باشقۇرىدۇ، خالىغىنىچە ئىش ئېلىپ بارىدۇ، ئۆزى ياخشى كۆرگىنى بويىچە ئايماي بېرىدۇ، مانا بۇ رەۋىشتە ياراتقۇچىمىزنىڭ پەزلىنى ئېتىراپ قىلغىنىمىز ئىبادەتنىڭ ئالى دەجىسىدۇر.

*مېنىڭ قارشىمچە، ئىنسان دۇئا قىلىپ، (ئى رەببىم، مەن سېنىڭ ئالدىڭدا بىچارىمەن، سەندىن باشقا تايانچىم يوق) دەپ تۇرغان چاغدا، بۇ ئۇنىڭ ئاللاهنىڭ مۇھتاج بەندىسى ئىكەنلىكىنىڭ ئېنىق پاكىتى بولىدۇ. مېنىڭچە رەببىمىز بىلەن بولغان ئالاقىمىز هەرگىزمۇ پەرزلەرنى ئادا قىلىش ــروزا، ناماز ئوقۇش ۋە هەج قىلىش قاتارلىقلار بولماستىن، بەلكى ئاساسى جەھەتتىن سۆيگۈ ئالاقىسىدۇر، مەن بىرىنچى بولۇپ ئاللاھ غا بولغان مۇھەببىتىم ۋە دۇئالىرىم ئارقىلىق ئۇنىڭغا يېقىنلىشىمەن، ئاندىن ئاللاھ نى سۆيگەنلىكىمدىن ئۇنىڭ پەرزلىرىنى ئادا قىلىپ، دۇئا قىلىپ ۋە يېقىنلىشىپ تۇرۇشۇم شەكسىز......

ياشلار تەرىپىدىن دېيىلگەن سۆزلەرنىڭ كۆپ قىسمىغا قوشۇلۇشۇم بىلەن بىرگە، باشتىكىلەرنى يىغىنچاقلىشىمغا رۇخسەت قىلىڭلار.

ئىبادەت سۆزى ئەسلىدە "قۇلچىلىق" قىلماق، يەنى مەلۇم خوجايىنغا قۇل بولماق دېگەن سۆزدىن كېلىپ چىققان، " قۇل " دېگەن سۆزنى تىلغا ئالغىنىمىزدا، تۇنجى بولۇپ نېمە ئويىڭىزغا كېلىدۇ؟ بېچارىلىق.... بويسۇنۇش، ئىلتىجا ۋە مۇھتاجلىق....

دېمەك ئىبادەت كەلىمىسىنىڭ ئەسلى مەنىسى "بويسۇنۇش"، مەسىلەن بىر ئىنسان ناماز ئوقۇغاندا تولۇق بوي سۇنۇشنى ھېس قىلالماسلىقى مۇمكىن، يەنى نامازدىكى چالىلىق سەۋەبىدىن ئەمەس، بەلكى دىققىتىنى مەركەزلەشتۈرەلمەسلىكتىن. مەسىلەن سىز يەنە زاكات پەرزىنى ئادا قىلىۋاتقىنىڭىزدا تولۇق بويسۇنۇشنىڭ مەنىسىنى ھېس قىلالماسلىقىڭ، نۇرغۇن ئىبادەتلەر بۇخىل بويسۇنۇشنى بىۋاستە سېزەلمەي قېلىشىڭ مۇمكىن.

ئەمدى سىز قولۇڭنى كۆتىرىپ :ئى رەببىم !مەن ساڭا مۇھتاجمەن، بۇ ئىشتا سەندىن باشقا ھېچكىم مېنى قۇتقۇزالمايدۇ! دېگەن ۋاقتىڭدا، قۇلچىلىقنى سەزمىگەن ھالدا مۇنداق دېيەلىشىڭ مەڭگۇ مۇمكىن ئەمەس. دەل مۇشۇنىڭ ئۈچۈن ئىبادەتنىڭ ياكى قۇلچىلىقنىڭ ئەڭ يۇقۇرى دەرىجىسى ئاللاھ قا دۇئا قىلىشتۇر، چۈنكى سەن بۇ چاغدا رەببىڭگە ئىنتايىن يېقىنلىغان بولسەن، ئۇنىڭ قۇدرەتلىك ھەم كۈچلوك رەببىڭ ئىكەنلىكىنى، ئۆزەڭنىڭ ئۇنىڭغا مۇھتاج ئاجىز، زەئىپ بەندىسى ئىكەنلىكىڭنى تونۇپ يەتكەن بولسەن، شۇڭا سەن دۇئا قىلىۋاتقان چېغىڭدا شۇنى چۈشىنىشىڭ كېرەككى، سەن ئاللاھ تىلىكىڭنى ئىجابەت قىلىش ئۈچۈنلا دۇئا قىلىۋاتمايسەن، بەلكى ئۇنىڭغا تولۇق بوي سۇنۇشنى ئۆگىنىش ئۈچۈن، قۇلچىلىقنى بىلىش ئۈچۈن، بۇ ئارقىلىق رەببىمىزگە تېخىمۇ يېقىنلىشىش ئۈچۈن دۇئا قىلىۋاتىسەن. ...

## بۇلارنىڭ ھاياتىدىكى دۇئا

ۋەجدى ئەلئەرەبى..

ئۇستاز ۋەجدىدىن سورايدىغان سوئالىمىز:

ھاياتىڭىزغا دۇئا قانداق تەسىر قىلىدۇ، تۇرمۇشىڭىزدا بۇ ئىبادەتكە قانداق مۇئامىلە قىلىسىز؟

راستىنى ئېيتسام ئارىمىزدىكى ياشلارنىڭ دۇئانىڭ مەنىسى توغرىسىدىكى مۇلاھىزىلىرىگە، ئۇنىڭ قانداق ئىبادەت ئىكەنلىكى ھەققىدىكى سۆزلىرىگە دىققەت قىلدىم، ماڭا شۇنداق ئوي كەلدى :ئىنسان دۇئا قىلىۋاتقاندا تولۇق بويسۇنۇش ۋە مۇھتاجلىققا چۆكۈپ تۇرۇشى چوقۇم، كىمگە ؟بىر خىل كۈچكە، بۇ كۈچ ــ ئاللاھ تائالادىن ئىبارەت بۈيۈك كۈچتۇر.

رەسۇلىمىز ئەلەيھىسسالام بۇ خۇسۇستا قىلىدىغانىنىڭ ھەممىسىنى قويماي بىزگە ئۆگەتكەن ئىدى، يەنى بىزنىڭ پۈتۈن ھاياتىمىز دۇئادىن ئىبارەت، بارلىق ئىبادەتلىرىمىز دۇئادىن ئىبارەت. ... ئۇيقۇدىن ئويغىنىشتا دۇئا بار، ئۇخلاشنىڭ

دۇئاسى بار، ئۇخلاشتىن ئىلگىرى دۇئا بار، ئۆيدىن سىرتقا چىقىشتا دۇئا بار، ئۆيگە كىرىشتە دۇئا بار، خالاغا كىرىشتە دۇئا بار، خالادىن چىقىشتا دۇئا بار، ئاياللىرىمىزغا يېقىنلىششتا دۇئا؛ يېڭى كىيىم كىيشتمۇ دۇئا. ... شەخسەن مېنىڭ دۇئا قىلىشتا بىر نەچچە خىل تەجرىبىلىرىم بار: ھەر قانداق بىر مۇشكۇلات ياكى قىيىنچىلىققا يولۇقسام، ئادىتىم بويىچە ئانام بىلەن ئالاقىلىشىپ ئۇنىڭغا :"بۇ كۈنلەردە مېنى ئۇنتۇپ قالمىغانسىز؟" دەيمەن، ئۇ "ياق بالام، ھېچقاچان ئۇنۇتمىدىم، بامدات نامىزىمدا ساڭا ئۈزمەي دۇئا قىلىپ تۇرۋاتمەن" دەپ جاۋاپ بېرىدۇ. .. يەنە مەسىلەنگە، بەزىدە پۇلغا مۇھتاج بولۇپ قالسام دەررۇ ھەل قىلىش چارىسگە سۈرە (ۋاقىئەگە) ئىلتىجا قىلىمەن، چۈنكى رەسۇلىمىز بۇ سۈرە ھەققىدە مۇنداق دېگەن :" ئەگەر بۇ سۈرە بىر ئۆيدە ئوقۇلسا، بۇ ئۆيگە ھەرگىز كەمبەغەلچىلىك يولمايدۇ" بەيھەقى، ئەبۇ يەئلا بۇ مەنىدە رىۋايەت قىلغان.

تېخى ئىككى كۈن بۇرۇن ئايالىم بىلەن ئازراق پۇل لازىم بولۇۋاتقانلىقى توغرىسدا سۆزلەشكەن چېغىمدا، ئۇ ماڭا :" نېمە ئۈچۈن بۇ مەسىلە ھەققىدە كۆپ سۆزلەپ يۈرىمىز، بىزدە "ۋىتامىن" بارغۇ؟" دەيدۇ. ئاللاھ رازى بولسۇن، ئايالىم ھەر قانداق نەرسە سېتىۋېلىشتا، ھەتتا ئاياغ سېتىۋېلىشتىمۇ، ئاللاھ خالىمىغان بولسا سېتىۋېلىش قىيىنچىلىق تۇغۇلمىسۇن دەپ، ئاللاھ غا ئىستىخارە قىلىپ ئاندىن ئالىدۇ. ...

ئاللاھ تائالا ھەدىس قۇدسىيدا مۇنداق دېگەن :" بەندەم دايىم نەفلى ئىبادەتلەر ئارقىلىق ماڭا يېقىنلىشىدۇ ــ دە، مەن ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالىمەن، مەن بەندەمنى ياخشى كۆرسەم، ئۇنىڭ ئاڭلايدىغان قۇلىقىغا، كۆرىدىغان كۆزىگە، تۇتىدىغان قولىغا، ماڭىدىغان پۇتىغا ئايلىنىمەن، مەندىن سورىغىنىنى بېرىمەن مەندىن پانالىق تىلسە، پانالىق بېرىمەن " بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

ھەقىقەتەن كارامەت !مۇھىمى مەن "ۋاقىئە " سۈرىسى بىلەن مەشغۇل بولدۇم، كېچە ــ كۈندۈزلۈك ۋەزىپەم قىلىپ، زىكرى ــ تىلاۋەت قىلىشتا ئۆزەم ياخشى كۆرىدىغان ۋاقىتلاردا ــ بامداتتىن كېيىن، شامدىن ئىلگىرى تەكرارلىدىم. ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئويلىمىغان يەردىن ئاللاھ رىزقىمنى "تەلىۋىمنى "ئاتا قىلدى! مەن ئايالىمغا :"سۈرە ۋاقىئەنىڭ كارامىتى " دېدىم. ئاللاھنىڭ غەمخورلۇق ــ كۆيۈمچانلىقىنىڭ ئىسپاتى قاتارىدا، ئۇ مېنىڭ تەلىۋىمنى ئىجابەت قىلدى.

مەن بىر نەرسە دېمەكچىمەن، ھەممىمىز ھاياتىمىزدا كۆپلىگەن بۇرۇلۇش نۇقتىلىرىدىن ئۆتىمىز، ئارىمىزدىكى ھەر- بىرىمىز مەلۇم بىر دۇئانى قىلغان ياكى باشقا بىرسى ئۇنىڭغا قارىتا دۇئا قىلغان بولىدۇ، بۇ دۇئانىڭ سەۋەبى بىلەن سەن بىر خىل ھالەتتىن يەنە بىر ئەھۋالغا ئۆتىسەن. دۇئادىن ئىبارەت بۇ مەسىلە ئانلارغا

ئاللاقدارلىقى بار، ئىنتايىن ئاجايىپ ئاللاقسى بار؛ بولمىسا رەسۇلۇللاھ نېمشقا :" جەننەت ئاىىلارىنىڭ قەدەملىرى ئاستىدىدۇر دەيدۇ؟" ئەھمەد رىۋايەت قىلغان.

ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، بۇرۇن مەن كۈنىگە توّت قاپ تاماكا چېكەتتىم، ئاللاھ غا يالۋۇرۇپ كۆپ دۇئا قىلدىم، "ئى رەببىم، ئى پەرۋەردىگارىم! دەيتتىم. بەيتۇللانى تۇنجى قېتىم زىيارەت قىلغان چېغىمدا، كەبىنى تۇنجى قېتىم كۆرگەن ۋاقتىمدا مېنىڭ بىر ئىجابەت بولىدىغان دۇئايىم بارلىقنى بىلگەچكە، دەل مۇشۇ ئىش ئۈچۈن دۇئا قىلدىم : "ئى رەببىم! مېنى تاماكىدىن قۇتۇلدۇرغىن ! دېدىم. ئاللاھ غا شۈكرى، ھەقىقەتەن دۇئايىم ئىجابەت بولدى، ئۆزۈنىغا قالماي تاماكا چېكىشتىن قۇتۇلدۇم. مەن يالغۇزلا دۇئا قىلمىغان ئىدىم، ئايالىم ۋە ئانام مەن بىلەن بىللە ئىدى.

ياشلارنىڭ كۆز قاراشلىرى

بىر مەسلە، بەزىلەر دۇئا قىلىسىمۇ ئىجابەت بولمىغانلىقىدىن جىق داتلايدۇ، ئاللاھ ئىجابەت قىلىدىغانلىقنى ۋەدە قىلغان تۇرۇغلۇق بۇنداق بولۇشنى قانداق چۈشىنىسىز ؟

* بەلكىم تولۇق ئىشەنچ يوق بولغان بولۇشى مۇمكىن، يەنى ئەگەر مەن تولۇق ئىشەنچ قىلغان ھالدا دۇئا قىلمسام، دۇئايىم ئىجابەت بولمايدۇ.

* بەلكىم ئىجابەت بولماسلىقتا بىر خىل ھېكمەت يوشۇرۇنغان بولۇشى مۇمكىن. يەنى، رەببىمىز تىلىگەن نەرسىمىز ئۆزىمىزگە پايدىسىز بولغاچقا ئۇنى مەنئى قىلغاندۇر. ئەمەلىيەتتە، ئىجابەت كېچىكىشنىڭ سەۋەبى، ئاللاھنىڭ بۇ بەندىنى سۆيگەنلىكى بولۇشى مۇمكىن، بۇ سۆزىمىزنى تەكىتلەيدىغان بىر ئەسەر (ھەدىس)كەلگەن :" ئاللاھ تائالا، ئى جىبرىل، بەندەم ماڭا دۇئا قىلدىمۇ؟ دەيدۇ، جىبرىل، شۇنداق رەببىم، دەپ جاۋاپ بېرىدۇ. ئاللاھ تائالا :ئى جىبرىل، بەندەم ماڭا يالۋۇرۇپ سورىدىمۇ؟ دەيدۇ، جىبرىل :شۇنداق ئى رەببىم! دەپ جاۋاپ بېرىدۇ. ئاللاھ تائالا: ئى جىبرىل، بەندەمنىڭ تىلىكىنى كېچىكتۈرگىن، مەن ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاشنى ياخشى كۆرىمەن، دەيدۇ".

بەزىدە بولسا، ئاللاھ تابارەك ۋەتەئالا ساڭا قۇلچىلىق قىلىشنى ئۆگىتىشنى ياخشى كۆرگەچكە، سەن دۇئا قىلساڭ، ئىجابەت قىلىشنى كېچىكتۈرىدۇ ــدە، سەن بۇ ئارقىلىق ئاللاھ غا يېقىنلىشىشنىڭ لەززىتىنى سېزىشكە باشلايسەن، رەسۇلۇللاھنىڭ تۆۋەندىكى ھەدىسنى ئاڭلىغىن :" دۇئا قىلغان ھەر قانداق ئادەم بولىدىكەن، ئۇنىڭ دۇئاسى چوقۇم ئىجابەت بۇلىدۇ: بىر بولسا دۇنيادىلا مەقسىدىگە يەتكۈزىدۇ، ياكى ئۇنىڭ ئاخىرەتتىكى مەرتىۋىسى ئۈچۈن ساقلاپ قويىدۇ، كىشلەر قىيامەت كۈنى كەلگەندە، رەببىمىز ئۇلارغا : جەننەتتىن بۇلارنى، يەنە بۇلارنى ئالغىن دەپ ئىلتىپات كۆرسەتكەندە، بەندە : ئى رەببىم بۇ قايسى ئەمەلىمنىڭ ھېسابىغا ؟ دەپ سورايدۇ،

ئاللاھ ئۇنىڭغا : دۇنيادا قىلغان مۇشۇ مەرتىۋەڭ ئۈچۈن ئەجابەت قىلىنمىغان دۇئالىرىڭ ھېسابىغا بېرىلدى، دەيدۇ، ھەتتا بەزى مۆمىنلەر :ئى رەببىم، مەن بۇرۇن قىلغان دۇئالىرىمدىن ھېچ نەرسىنى ئەجابەت قىلمىغان بولساڭچۇ! دەيدۇ". تىرمىزى ئەبۇ ھۇرەيرەدىن مۇشۇ مەنىدە رىۋايەت قىلغان.

يەنە شۇنداقلا، بىرسىنىڭ دۇئاسىنىڭ مىقدارىدا ئۆتكۆزگەن گۇناھلىرىنى ئۆچۈرۈش ئۈچۈن دۇئاسى ئەجابەت بولمايدۇ.

سەن بىر ھەپتە، بىر ئايلارغىچە داۋاملىق ئۇزمەي دۇئا قىلساڭ، ئەجابەت بولۇشى كېچىكسە، ئەمەلىيەتتە ئەجابىتى كېچىككەن ھەر بىر دۇئايىڭنىڭ بەدىلىگە گۇناھلىرىڭنىڭ مەغفىرەت قىلىنىۋاتقانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ باققىن !

دېمەك، بەزى چاغلاردا دۇئانىڭ ئەجابەت بولۇشى كېچىكسە، بۇ ئىنسانغا پايدىلىق بولىدۇ.

ئۇنداقتا ئاللاھ بىر بولسا، سىنىڭ ئاۋازىڭنى داۋاملىق ئاڭلاشنى ياخشى كۆرگەنلىكتىن ئەجابەت قىلىشنى كېچىكتۈرىدۇ، بەزىدە بولسا، ئاللاھ ساڭا قارىمىدى، دۇئايىڭنى ئەجابەت قىلمىدى دەپ ساڭا ۋەسۋەسە سېلىش ئۈچۈن كەلگەن شەيتاننىڭ بىلەن قانداق كۆرەش قىلىشنى ساڭا ئۆگىتىش ئۈچۈن ئاللاھ ئەجابەتنى كېچىكتۈرىدۇ. دېمەك رەببىمىز سېنى سىناش ئۈچۈن، ياكى سېنى شەرمەندە قىلغان ھالدا ئاللاھ ئەجابەت قىلىدۇ، دەپ شەيتاننىڭنى قوغلىۋېتىشنى ساڭا ئۆگىتىش ئۈچۈن ئەجابەتنى كېچىكتۈرىدۇ. بەزى چاغلاردا ئەجابەتنى كېچىكتۈرۈش ساڭا پايدىلىق بولغاچقا كېچىكتۈرسە، يەنە بەزىدە سېنىڭ گۇناھ قىلىۋاتقانلىقىڭنى چۈشەندۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن ئەجابەتنى كېچىكتۈرىدۇ، بۇ چاغدا بۇنداق گۇناھتىن تۆبە قىلساڭلار، ئاللاھ چوقۇم ئەجابەت قىلىدۇ.

**تەۋبە قىلغان بىر ياشنىڭ دۇئاغا ئالاقدار كەچۈرمىشلىرى**

" ئىسمىم ئابدۇللا، يىگىرمە تۆت ياشقا كىردىم، مىسىردا ئېلان ـ تەشۋىقات شىركەتلىرىنىڭ بىرىدە ئىشلەيمەن، تەقۋادارلىققا ئۆتۈش جەريانىمنى ئاددى ھالدا بايان قىلسام، 16 ياشقا كىرگەن ۋاقتىمدا (كۇلەيىب سىنئالغۇسى ) دا كىيىم مودىلى بولۇپ ئىشلەشكە باشلىدىم، نەتىجىدە، ئاتا ـ ئانامنىڭ ياخشى تەربىيىلىگىنىگە بولۇپمۇ ئانامنىڭ ئالاھىدە تەسىر سىڭدۇرگىنىگە قارىماستىن، بۇزۇقچىلىققا تولغان ئاتموسفېرا بىلەن تونۇشتۇم، مەن كىچىك ۋاقتىمدىن تارتىپلا ناماز ئوقۇش ئاساسىدا ياخشى تەربىيە ئالغان بولساممۇ، ئەپسۇسكى ناچار كىشلەر بىلەن ئارىلىشىپ قالغان سەۋەبىمدىن ئۆيۈمدىن ئالغان تەربىيەمدىن يىراقلىشىپ كەتتىم، قىسقىسى ناچار ئىشلار تەرەققى قىلىپ، شەيتان ھەقىقەتەنمۇ ماڭا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلۈۋاتاتتى. مەسىلە سىرتلارغا چىقىپ، تاماشا قىلىش، ئاشخانىلاردا تاماقلىنىش بىلەن باشلاندى

ــدە، يۇرۇشۇپ كەتتى.... بىراق ئىشلارنىڭ كەينىدىن : ھېچقانچە ئىش ئەمەسقۇ، سىرتتا يەپ ــ ئىچىش ــ بەس، يېڭى ئىشلارنىمۇ قىلىپ باقاي : دەيتتۇق. نېمە يېڭى ئىشلارنى قىلسامكەن دەپ يېڭىلىق ئىزدەپ بىر مەزگىل يۈردۇق، ئاخىرى ئىشلار ھاراققا، زەھەرلىك چېكىملىككە قاراپ تەرەققى قىلدى، كوللېكتىپ تانسا-ئۇسسۇل كېچىلىكلىرىگە، سىنئالغۇخانىلارغا قاتنىشىپ، نەچچە كۈنلەپ ئۆيگە بارماي سىرتلاردا تۈنەپ قالىدىغان بولدۇق.

ھەر قېتىم ئۆزۈم يالغۇز ئولتۇرۇپ قالغان چېغىمدا مەيۈسلىنىپ، مەن قىلىۋاتقانلىرىمدىن ھەقىقەتەن بەختلىكمۇ؟ ياكى ئۆزەمنى ئالداش ئۈچۈنلا مۇشۇنداق دەۋاتامدىمەن؟ دەپ ئۆزەمگە سوئال قۇياتتىم.

بىراق دوستلىرىم بىلەن بىللە بولۇپ ئۇلارنى كۆرگەندە بولسا، بۇلارنىڭ ھەممىسى خاتا قىلىۋاتىلار بولۇپ يالغۇز مەنلا توغرا قىلارمەنمۇ؟ دەيتتىم - دە! ئۇلار نېمە قىلسا شۇنىڭغا قوشۇلۇپ كېتەتتىم...ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىر خىل ئىشنى توغرا دەپ قارىغان ئىكەن، ماڭىدىغان يولۇڭ مۇشۇ دە! ئۇلار بىلەن ئارلىشىپ كەتكىنىمدە خۇددى ئۆزەمنى يوقىتىكىدەكلاسىزەتتىم، ئەتراپىمغا قاراشقا پېتىنالمايتتىم، خۇددى مەن ئۆلۈكتەك... تامامەن ئۆلۈكتەك ياشاۋاتاتتىم...

مەندە ھەر قانداق ناتوغرا ئىشنى ئىككىلەنمەستىن قىلالايدىغان قاپ يۈرەكلىك بار ئىدى، ھەتتا مېنىڭ نەزەرىمدە خاتا ئىش توغرا، توغرا ئىش خاتا بولۇپ قالدى، ناماز، قۇرئان ئوقۇشتەك ئىشلاردىن قېچىشىم لازىم ئىدى...

كۈنلەرنىڭ بىرىدە ھەمراھلىرىم بىلەن بىللە ئۆلگەن ئادەملەر توغرىسىدىكى فانتازىيىلىك سىنئالغۇ فىلىمىنى كۆرۈۋاتاتتۇق، فىلىمدە شەيتان قاقاقلاپ كۈلۈپ كىشىلەرنى دوزاخقا كىرگۈزەتتى، شۇنىڭ بىلەن مەن ئۆزەمنى ئاشۇ ئادەملەرنىڭ قاتارىغا كىرىپ قالغاندەك، شەيتان ماڭا كۈلۈۋاتقاندەك ھېس قىلدىم-دە، غەلىتە بىر خىل قورقۇنچقا چۈشۈپ قالدىم، ھېستىرىيەلىك قورقۇنچ سەۋەبىدىن ھەمراھلىرىم ئارىسىدا قاتتىق چىقىراپ تاشلاپتىمەن، بىز تۇرغان ئۆيدە جىن ــ شەيتانلار باردەك ھېس قىلىپ، بۇ يەردە تۇرۇشقا پېتىنالمىدىم ۋە ئۇلارغا : مەن كېتىمەن! دېدىم. مەن ھۇشۇمنى بىلىپ - بىلمەي ئۆيۈمگە باردىم، پۈتۈن بەدىنىم لاغىلدايتتى، نېمە قىلىشىمنى بىلمەيتتىم، شۇ چاغدا بامدات نامىزىغا ئەزان ئېيتىلدى، مەن، تاھارەت ئالاي، سۈرە ياسىننى ئوقۇي دېدىم، لېكىن ھېچ نەرسە ئوقۇيالمايۋاتاتتىم، چۈنكى شەيتان روھى دۇنيارىمنى ئىگەللىۋالغانىدى...قۇرئان ئوقۇساملا بەدىنىم لاغىلداپ تىترەپ، تېخىمۇ قورقۇنچقا چۈشەتتىم. شۇنىڭ بىلەن ناماز ئوقۇماقچى بولدۇم. ئۆي بىلەن مەسجىدنىڭ ئارلىقى يۈز مېتىرلا كەلسىمۇ، لېكىن ئۆزەمنى قاھىرەدىن ئاسۋانغا بارغاندەك ھېس قىلاتتىم. قورقۇپ ئاران ماڭاتتىم، كېيىن يۈگرەشكە باشلايتتىم،

شەيتان ماڭا ۋەسۋەسە قىلىپ، سەن ساراڭ بولۇپ قالدىڭ، ناماز ئوقۇش كېرەك ئەمەس، دەيتتى. ئۇچ ئاي(90كۈن) شەيتان بىلەن توختىماي تىغمۇ-تىغ كۈرەش قىلدىم.

ئاللاھ غا شۈكرى، ئاللاھ مېنى ئۆز پەزلى ئارقىلىق شەيتان ئۈستىدىن غالىب كېلىشكە مۇيەسسەر قىلدى، ئۇ مېنى بەك چارچىتىۋەتكەنىدى، تاھارەت ئالساممۇ، ناماز ئوقۇساممۇ، قۇرئان ئوقۇسامموُ شەيتان مېنى قىيناتتى، ھەتتا مەن ئانامغا ئۆزەمنىڭ ساراڭ بولۇپ قالغاندەك تۇيغۇدا بولۇۋاتقانلىقمنى ئېيتتىم، ئانام نېمە ئىش يۈز بەرگەنلىكىنى مەندىن سورىدى، مەن ئۇنىڭغا ھەممە ئىشنى دەپ بەردىم، بۇنىڭ قاچاندىن باشلانغانلىقىنى، قايسى كۈنى بولغانلىقىنى ئېيتتىم. ئانام سۇبھانئاللاھ دەپ ئاللاھ نى ئۇلۇغلاپ تۇۋلاپ كەتتى ۋە، " دەل ئاشۇ كۈنى مەن سەن ئۈچۈن كۈن بويى دۇئا قىلغان ئىدىم، ئاللاھنىڭ سېنى توغرا يولغا باشلىشى ئۈچۈن ساپ قەلبىم بىلەن، خالىس نىيىتىم بىلەن دۇئا قىلغانىدىم " دېدى...

مەن ھەقىقەتەنمۇ قەلبىمگە ھىدايەت ئورناۋاتقانلىقىنى، خۇددى ماڭا سىڭىپ كىتىۋاتقانلىقىنى سەزدىم. گوياكى ئانامنىڭ دۇئالىرى ئاللاھ تەرىپىگە ئۆرلەپ، ئاللاھ ئۇنى قوبۇل قىلىپ ئاندىن دەرھال چۈشكەندەك، شۇ ھامان 180گىرادۇس بۇرۇلدۇم ۋە ئانامغا:" ئەمدى قانداق قىلىمەن؟ " دېدىم.

ئۇ:" ئىنشائاللاھ، رەببىمىز دۇئايىمنى قوبۇل قىلىپ، سېنى توغرا يولغا - مەسجىدكە-يېتەكلىگەي، سەن ئەمدى ئۆزەڭ بىلەن ھەم شەيتان بىلەن كۈرەش قىلىشىڭ كېرەك، ئاللاھ سېنى مۇۋەپپەق قىلغان يولدىن ھېچ قاچان ئايرىلماسلىقىقا تىرىشقىن، رەببىمىز ساڭا جەننەتكە كىرىشنى نېسىپ قىلغۇچە تىرىشقىن" دېدى.

مەن ھەقىقەتەنمۇ چىداپ كېتەلىشمگە كۆزۈم يەتمىگەن ئىدى، بېشىمدىن ئۆتكۈزگەن قىيىنچىلىقىمنى پەقەت "جەڭ" دېگەن سۆز بىلەنلا تەسۋىرلەپ بېرەلەيمەن. كېچە- كۈندۈز ئىچىمدىمۇ، سىرتىمدىمۇ جەڭ بولۇۋاتاتتى. ئاخىرى بىر مەسجىدكە بېرىپ، ئاخۇنۇم بىلەن كۆرۈشتۈم ۋە ئۇ كىشىگە مەندە يۈز بېرىۋاتقان قاتتىق قورقۇنچىنى، شەيتان مېنى قانداق ئالداپ مېنىڭ ساراڭ ئىكەنلىگىمنى خىيالىمغا ئورنىتىۋەتكەنلىگىنى سۆزلەپ بەردىم. ئۇ كىشى ماڭا "شەيتاننىڭ ئۇسۇلى مۇشۇنداق، ئۇ ئۆزىدىن يىراقلاشقانلارنى كۆرگەن چاغدا مۇشۇنداق قىلىپ بارلىق قورالنى ئىشقا سېلىپ باقىدۇ، شەيتاننىڭ ھېلىسى ئاجىز، بارا-بارا ئىچىڭدىكى شەيتان ئويۇنلىرىنىڭ قالدۇقلىرى ئۆلۈپ تۈگىشى بىلەن ئۇ سېنى تاشلايدۇ، سەنمۇ ئۆز قورالىڭ ئارقىلىق شەيتان بىلەن كۈرەش قىلىشىڭ كېرەك، قۇرالىڭ بولسا، ناماز، قۇرئان ۋە تەقۋادارلىقىڭدۇر"دېدى.

مەن رامىزاننىڭ 28- كۈنى كەلگىچە مۇشۇنداق ھالەتتە كېتىۋەردىم. دوستلىرىمدىن بىرى مېنى شۇ كېچىسى مەلۇم بىر مەسجىدتە تەھەججۇد نامىزى ئوقۇشقا چاقىردى. بۇ يەردە ماڭا، بىللە سوھۇرلۇق يەيلى، دەپ سوھۇرلۇق تاماق بەرگەنلەرنى ئۇچراتتىم ۋە بۇلار نېمە دېگەن ياخشى ئادەملەر دېدىم، ئۇلارغا بەكمۇ مەستلىكىم كېلەتتى، چۈنكى مېنىڭ خىيالىمدا دائىم ئويلايدىغىنىم، ھەرقانداق كىشى ساڭا بىر خىل ياخشىلىق قىلسا ياكى مۇلازىمەت قىلسا، ئۇ چوقۇم سەندىن بىر نەرسە تەلەپ قىلاتتى. تەبىئىكى بۇ ناچار ھەمرالىرىمدىن يۇقqan ئىللەت ئىدى، شۇڭا دۇنيادىكى ھەر قانداق نەرسە بىرگە بىر مۇناسىۋەتتە بولىدۇ دەپ ئويلايتتىم. لېكىن بۇ كىشىلەرنىڭ ساۋاب ئىزدەيدىغانلىقىنى، ئاخىرەت ئۈچۈن ساۋاب توپلايدىغانلىقىنى بايقىدىم، ئۇلار بىلەن بىللە تۇرغان چاغلىرىمدا شەيتان مەندىن تامامەن يىراقلاشتى، ھەتتا شەيتان ماڭا كېلىپ :ئۇلار سەندىن نېمىگە ئېرىشمەكچى؟نېمە ئۈچۈن ساڭا ياخشى مۇئامىلە قىلىۋاتىدۇ؟ دەپ ۋەسۋەسە قىلغان چاغدا، مەن بۇلار بىلەن ئارىلىشىپ يۈزلىرىدىكى تەبەسسۇمنى كۆرۈشۈم بىلەنلا شەيتان ۋەسۋەسىسى دەررۇ يوقىلاتتى.

قىسقىسى، مەسجىدتە ئىككى كۈن ئېتكاپ قىلغاندىن كېيىن ئۆيگە قايتىپ كەلدىم. شەيتان مەن بىلەن قايتىدىن ئېيتىشىشقا باشلىدى، قىزلار بىلەن تېلېفۇندا ئالاقىلىشىپ پاراڭلىشىشقا باشلىدىم، بۇرۇن ئۇلارنىڭ قايسىسىدۇر بىرىنىڭ ماڭا لاپپىدە قاراپ قويۇشىنى ياكى ئىشارەت قىلىپ قويۇشىنى مەن ئارزۇ قىلىدىغان قىزلار ئەمدى ماڭا تېلفۇن قىلىپ، كەلسىڭىزچۇ؟ شەرم-شەيخ شەھرىگە بېرىپ ئويناپ كېلەيلى دېگىلى تۇردى. مىڭ ئەپسۇسكى ئاشۇ ھەمرالىرىم بىلەن بىر يەرلەرگە باردىم، شەيتان ماڭا بولسا كۈلۈپ، سىناپ باقمامسەن، دەيتتى...

بىراق مەن ئۇلار بىلەن بىللە ئۇيقۇسىز تۈنلەرنى ئۆتكۈزۈش بىلەنلا كۆپايىلىنىپ، ھاراق ۋە زەھەرلىك چېكمىلىككە يولۇقماسلىققا قارار قىلغان ئىدىم، شۇنداقتىمۇ ھېچقاچان كۆڭلۈم ئارام تاپمايۋاتاتتى، مەن خۇددى ئۇلارغا ياتتەكلا ئۇلار بىلەن چىقىشىپ كېتەلمىدىم، قايتىپ كەلگىنىمدىن كېيىن ئىنشائاللاھ، ئاللاھ مېنى مۇستەھكەم ئىرادىگە ئىگە قىلغاي، مەسجىدتىكى دوستلىرىمدىن مەڭگۈ ئايرىلماسلىق قارارىغا كەلدىم.

ئەلۋەتتە، بۇرۇنقى ھاياتىم بىلەن ھازىرقى ھاياتىمنى سېلىشتۇرالمايمەن، ھازىر تۇرمۇشۇم ھەقىقى مەنىگە ئىگە بولدى، مەنىلىك، غايىلىك ھاياتقا ئۆتتۈم، سەن جەننەتكە ئېرىشش ئۈچۈن ياشايسەن، جەننەتكە كىرىشكە سەۋەپكار بولىدىغان يارامىلىق ياخشى پەرزەنتلەرنى تېپىشنىڭ ئۈچۈن توي قىلىسەن، ھازىر ھالال پۇل تېپىش ئۈچۈن ئىشلەۋاتىمەن ھەمدە دۇنيادىكى ھەر قانداق ياخشى ئەمگەكنىڭ

ئاخىرەتتە ساڭا ساۋاپ ئېكىلىدىغانلىقىنى سەزدىم ۋە "ئاللاھ غا مەدھىيەلەر بولسۇن! جەننەتنى سېتىۋېلىپلا قالماستىن، ياخشى ئەمگەك ئارقىلىق ئاللاھ خالىسادۇنيادىمۇ بەختلىك ياشايدىكەنمەن"دەيمەن!

ئاللاھ غا شۈكرى ئاللاھ ئۆز پەزلىدىن ئايرىمىسۇن، ئاللاھنىڭ مېنى بۇ يولدا مۇستەھكەم ماڭدۇرىشىنى تىلەيمەن".

## تەۋبە قىلغان بىر قىزنىڭ دېگەنلىرى

" مەن ئەمەلىيەتتە ئابدۇللا باشتا دەپ ئۆتكەن سۆزلەرنى ئېيتماقچىمەن، مەن ئۇنىڭ سۆزلىرىگە تامامەن قايىلمەن، ئۇ دەپ ئۆتكەن ھەر- بىر سۆزنى مېنىڭمۇ سۆزۈم دەپ ھېس قىلىۋاتىمەن، چۈنكى مەنمۇ تامامەن ئۇنىڭ ئەھۋالىنى ئۆز بېشىمدىن كەچۈردۇم. پەرق شۇكى، ئۇ ئوغۇل، مەن قىزمەن. ... دەل ئابدۇللا يولۇققان ئاتموسفېرا، ئېلان ۋە (كۆلەيب سىنئالغۇسىدا ) مودىل بولۇپ ئىشلەش. ... ئۇنىڭ ئۇيغىنىش سەۋەبى ھېلقى فىلىم بولۇشى مۇمكىن، ئەمما مەن تەساددىبى بىر سەۋەپتىن ئويغاندىم، بىر كۈنى كونا دوستلىرىم بىلەن بىللە ئولتۇرغىنىمدا، بامدات نامىزىنى ئوقۇش ئارزۇسى پەيدا بولدى ۋە ناماز ئوقۇۋېتىپ ئۇزاق دۇئا قىلدىم، (ئى پەرۋەردىگارىم! مېنى ئۆزەڭ ياخشى كۆرىدىغان يولغا يېتەكلىگىن!) دېدىم، ھەقىقەتەنمۇ، ئاللاھ ئۆزى گۇۋاھ، مەن شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ ئازغۇن ئۆتمۈشۈمدىن تامامەن ئالاقەمنى ئۈزدۈم.

مەن ھەقىقەتەن بىر نەچچە نۇقتىدىن تەسىرلەندىم:

بىرىنچىسى، ئابدۇللانىڭ :" مەن تىرىك شەكىلدىكى ئۆلۈك ئىدىم" دېگەن سۆزى ماڭا قاتتىق تەسىر قىلدى. سۇبھانالللاھ! ئۇ يۇقۇرقى سۆزنى قىلغان ۋاقتتا بەلكىم قۇرئاندىكى بۇ ئايەتنى كۆرمىگەن بولۇشى مۇمكىن : « ئەسلىدە ئۆلۈك بولۇپ، بىز ئۇنى تىرىلدۈرگەن، بىز ئۇنىڭغا ھېدايەت تېپىشقا نۇر بەرگەن بىر ئادەم زۇلمەتتە قالغان ۋە ئۇنىڭدىن قۇتۇلالمىغان ئادەمگە ئوخشامدۇ؟»، ئەنئام سۈرىسى 122-ئايەت.

يەنى ئابدۇللا مەزكۇر ئايەتتىن خەۋرى بولمىسىمۇ، شۇنداق تۇيغۇنى تىلغا ئالدى، دېمەك كىمكى ئاللاھ نى تونۇمسا تىرىك دەپ ھېسابلاش قىيىن.

يەنە بىر نۇقتا شۇكى، ئابدۇللا ئانىسىنىڭ ئۆزىگە دۇئا قىلغان مەزگىلى دەل ئۇنىڭ ئۆزگەرگەن كۈنى بولۇپ چىققانلىقىنى بايان قىلدى، ئۇستاز ۋەجدىمۇ ئانىسىدىن ئۆزىگە دايىم دۇئا قىلىپ تۇرۇشىنى ئۆتۈنىدىغانلىقىنى سۆزلەپ ئۆتتى، ئانىنىڭ دۇئاسىدىن ئىبارەت بۇ مەسىلىنىڭ مۇھىملىقى بۇنىڭدىن ئېنىق بىلىندى، ئانىنىڭ دۇئاسىنىلا ئەمەس، بارلىق كىشلەرنىڭ دۇئاسىنى ئېلىشمۇ ئىنتايىن مۇھىم. چۈنكى بەزى چاغلاردا ئۆزەڭ ئۈچۈن قىلغان دۇئايىڭدىن باشقىلار ساڭا قىلغان دۇئا تېخىمۇ كۈچلۈك بولىدۇ، رەسۇلۇللاھنىڭ ھەدىسىدە مۇنداق بىر مەزمۇن ئايان :" مۇسۇلمان

ئىنساننىڭ مۇسۇلمان قېرىندىشىغا غايىۋانە قىلغان دۇئاسى ئەجابەتتۇر، ئۇنىڭ بېشىدا بىر مۇئەككەل پەرىشتە بار، ھەر قاچان ئۇ ئۆز قېرىندىشىغا ياخشى دۇئا قىلسا، ئۇ پەرىشتە :ئامىن! سەنمۇ مۇشۇنداق ياخشىلىققا ئېرىشەرسەن! دەپ تۇرىدۇ"، (سۈيۈتى جامىئۇسسەغىردا ئەبۇ دەردادىن رىۋايەت قىلغان).

تەسەۋۋۇر قىلغىنكى، ئاللاھ تائالا سېنىڭ دۇئايىڭنىڭ ئەجابەت قىلىنىشىنى تىلەپ تۇرىدىغان مەخسۇس پەرىشتىنى ساڭا بەلگىلىگەن، خۇددى ئابدۇللانىڭ ئانىسى ئاللاھ غا يالۋۇرۇپ ئابدۇللا ئۈچۈن دۇئا قىلغاندا بۇنىڭ خاسىيتىدىن ئابدۇللا ئۇيغىنىپ ئاللاھ غا يۈزلىنىشكە باشلىغان.....

دېمەككى، ئاللاھ ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئەجابەت قىلىپ تىلىكىگە يەتكۈزگەن.

بىراق بۇ يەردە بىر سوئال بار، بەندە ئاللاھنىڭ يولىدىن يىراق تۇرىۋاتقان چاغدا دۇئا قىلسا ئەجابەت قىلىنامدۇ؟

## ياشلارنىڭ كۆزقارىشى

* " مەن بۇ ھەقتە مۇنداق تەپەككۇر قىلدىم: بىر ئىنساندىن بىر نەرسە تەلەپ قىلغاندا ۋاقتىمدا، كەم دېگەندىمۇ بۇ ئىنساننىڭ ھەقلىرىنى ئادا قىلغان بولۇشۇم كېرەك، ئۇنىڭ ھەقلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئادا قىلمىغىنىم ھالدا قانداقسىگە ئۇنىڭدىن بىر نەرسە تەلەپ قىلىشقا پېتىنالايمەن ؟"

* "مەسىلە باشقىدا، يەنى ئىتائەتچان ياكى گۇناھكار مەسىلىسى ئەمەس. شەخسەن مەن ھىجابلىق بولۇشتا چىڭ تۇرىمەن، ھەقىقى مۇسۇلمان ئايال بولۇپ، ئاللاھ نى غەزەپلەندۈرىدىغان ئىشلارنى قىلمايمەن ۋە تايىنى يوق قىز ـ ئاياللار بىلەن سۆزلەشمەيمەن، ئەلۋەتتە، بىز كامالەتكە يەتتۇق دېمەيمەن، چۈنكى كامالەت تەنھا ئاللاھ غا خاس. لېكىن ياخشى ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىمىز، بەزى ـ بەزىدە ئاللاھنىڭ سىناقلىرىنى باشتىن كەچۈرىمىز، يەنى قىلغان دۇئالىرىمىز ئەجابەت بولۇشى ياكى بولماسلىقى مۇمكىن، ئاللاھ غا دۇئا قىلىدىغان ھەرقانداق كىشى بۇنداق سىناقلارغا يولۇقۇپ تۇرىدۇ..."

ھەقىقەتەن بۇ يەردە تابىئىنلارنىڭ ئالىملىرىدىن بىرى بولغان سۇفيان سەۋرىنىڭ ئىنتايىن ساز بىر سۆزى بار:" بىرىڭلار ئۆزى بىلىدىغان يامان ئىللەتلىرى تۈپەيلىدىن دۇئا قىلىشتىن چەكلەنمىسۇن" دەيدۇ بۇ زات.

بۇ ئىنتايىن گۈزەل مەنىگە ئىگە سۆز، بۇنىڭ دەلىلىمۇ بار تېخى، ئاللاھ سۇبھانەھۇ ۋەتەئالا ئىبلىسنىڭ تىلىكىنىمۇ ئەجابەت قىلىپ، مۇنداق بايان قىلغان:« ئىبلىس:" ماڭا كىشىلەر قايتا تىرىلدۈرىلىدىغان كۈنگىچە (قىيامەت كۈنگىچە) مۆھلەت بەرگىن" دېدى. ئاللاھ :" ساڭا مۆھلەت بېرىلدۇ" دېدى»، ]ئەئراف سۈرىسى، 14ـ 15 ئايەتلەر[.

قېنى، ئۇنداقتا ئىلمي نۇقتىدىن گېپىمىزنى داۋاملاشتۇرايلى، ئەگەر سەن دۇئايىڭنىڭ ئىجابەت بولۇشىنى خالىساڭ، ئالدى بىلەن هازىرلاشقا كېرەكلىك بولغان تۆت شەرت بار :

1. تولۇق ئىشەنچ، يەنى ئاللاهنىڭ چوقۇم ئىجابەت قىلىدىغانلىقىغا چىن پۈتۈشۈڭ لازىم.

2. پۈتۈن هېس تۇيغۇ بىلەن بېرىلىپ دۇئا قىلىش. بۇنداق بېرىلىش هەققىدە تابىئىنلارنىڭ بىرى دەپ ئۆتكەن تۆۋەندىكىدەك ئىنتايىن ياخشى بىر سۆز بار، ئۇ:" قىلغان دۇئايىم قاچان ئىجابەت بولىدىغانلىقىنى بىلىمەن" دېگەن، باشقىلار ئۇنىڭغا :" قانداق بىلىسەن؟" دېگەندە، ئۇ :" قەلبىم لەرزىگە كېلىپ، كۆزلىرىمدىن ياش تۆكۈلۈپ، بەدەنلىرىم سۆكۈناتقا چۈمۈلگەنلىكىدىن بىلىمەن" دەپ جاۋاب بەرگەن.. بۇ خىل مەنانى رەسۇلۇللاهنىڭ تۆۋەندىكى هەدىسىدىن ئۇچرىتىمىز :" بىلىڭلاركى، ئاللاه هەرگىز غەپلەتتىكى بىپەرۋا قەلبتىن چىققان دۇئانى ئىجابەت قىلمايدۇ". ئىمام ئەهمەت، تىرمىزىلار ئەبۇهۇرەيرىدىن رىۋايەت قىلغان.

يەنى، سەن بىپەرۋا، غەپلەت باسقان هالدا : " ئى رەببىم، ماڭا بىر ماشىنا لازىم، ئى رەببىم، مېنى جەننەتكە كىرگۈزگىن" دەۋەرسەڭ ئاللاه نەدىمۇ ئىجابەت قىلسۇن؟ سەن چوقۇم ئاللاه غا پۈتۈن هېس تۇيغۇلىرىڭ بىلەن بېرىلىپ تۇرۇپ يالۋۇرۇپ ئىلتىجا قىلىشىڭ لازىم. هەتتا بۇ هەقتە ئىمام ئەهمەد ئىبنى هەمبەل مۇنداق دېگەن:"دۇئاسىنى ئاللاه ئىجابەت قىلىدىغان مۇسۇلماننى نېپەقەت بىرلا نەرسىگە ئوخشىتالايمەن، ئۇ خۇددى دەهشەتلىك دولقۇنلاۋاتقان دېڭىزنىڭ ئوتتۇرسىدا هالاكەتكە كۆزى يەتكەن هالدا بىر تال ياغاچقا ئېسىلىۋالغان ئادەمگە ئوخشايدۇ".

دۇئانىڭ شەكلى قانداق بولىدۇ؟سەن چوقۇم ئاللاه غا ئىلتىجا قىلىپ، يالۋۇرۇپ، چىن قەلبىڭدىن بېرىلىپ روهى دۇنيارىڭ لەرزىگە كەلگەن هالدا، ئى رەببىم!مېنى ئۆزەڭ ساقلىغىن! ئى پەرۋەردىگارىم، مېنى ئۆزەڭ قۇتۇلدۇرغىن! دەپ ئېرىپ كېتىشىڭ لازىم، شۇڭا ئاللاه تائالا ئۆزى هەققىدە :« بېشىغا كۈن چۈشكەن ئادەم دۇئا قىلسا ئىجابەت قىلىدىغان زات...»دېگەن، (نەهلى سۈرىسى 62 ـ ئايەت).

نېمە ئۈچۈن بېشىغا كۈن چۈشكەنلىك زىكرى قىلىنىدۇ؟چۈنكى بېشىغا كۈن چۈشكەن ئادەم پۈتۈنلەي ئاللاه غا بېرىلىدۇ.

3ـ ئالدىراقسانلىق قىلماسلىق. بۇنداق ئالدىراقسانلىقتىن قاتتىق هەزەر ئەيلىگىن، رەسۇلۇللاه مۇنداق دېگەن:"بەندە گۇناه بولىدىغان ئىشقا ياكى سىلە- رەهىم قىلماسلىققا دۇئا قىلمىسىلا، ئالدىراقسانلىق قىلمىسىلا دۇئاسى ئىجابەت بولىدۇ"باشقىلار:" ئى رەسۇلۇللاه ئالدىراقسانلىق نېمىنى كۆرسىتىدۇ؟"دەپ

سورىغاندا، رەسۇلۇللاھ :"نۇرغۇن دۇئا قىلدىم، ئىجابەت قىلىنمىدى، دەپ مەيۇسلىنىپ دۇئانى تاشلىۋېتىش"دەپ جاۋاپ بەرگەن.

4ـ مال ـ مۈلكىڭ ھالالدىن تېپىلغان بولۇشى لازىم. چۈنكى رەسۇلۇللاھ:"ئاللاھ پاكتۇر، پەقەت پاك نەرسىنىلا قوبۇل قىلىدۇ"دېگەن ۋە شۇنداقلا چېچى چۇۋۇق، يۈز-كۆزىنى تۇپا باسقان مۇساپىر، مۇھتاج بىر ئادەمنى تىلغا ئېلىپ، ئۇ پۈتۈن ھېسسىياتى بىلەن ئىككى قولىنى كۆتۈرۈپ ئاللاھ غا يالۋۇرۇپ دۇئا قىلىسمۇ، يېگەن تامىقى، كىيگەن كىيىمى ۋە ئوزۇقلۇقى ھارامدىن كەلگەن بولغاچقا دۇئاسىنىڭ ئىجابەت بولمايدىغانلىقىنى كۆرسەتكەن ئىدى...

ئاخىرقى سۇئال: مەن راستىنلا ئاللاھغا كۆركەم، تەرتىپلىك سۆزلەر بىلەن دۇئا قىلالمايمەن، ئۇيۇمغا كەچكىنى بويىچە دۇئا قىلىۋەرسەم بولامدۇ؟

يا ئاللاھ! كىشىلەردىن بىرى بۇ سۇئالنى دەل رەسۇلۇللاھدىن سورىغانلىقىغا ئىشىنەمسىلەر؟ ئۇيۇڭلارغا كەلدىمۇ؟ بىر كىشى رەسۇلۇللاھقا كېلىپ:"ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى، مەن سىزدەك ۋە مۇئازدەك قاپىيلەشتۈرۈپ ئوبدان دۇئا قىلالماۋاتىمەن" دېگەن، يەنى دەل ئاۋۇ قېرىندىشىمىزنىڭ سوئالىدەك، كۆركەم، تەرتىپلىك ھالدا دۇئا قىلالمايدىغانلىقىنى ئېيتقاندا، رەسۇلۇللاھ:" ئۇنداقتا نېمە دەپ دۇئا قىلىسەن؟"دەپ سورىغان. ئۇ:" ئى ئاللاھ سەندىن جەننەتنى سورايمەن، ئى ئاللاھ دوزاختىن مېنى قۇتۇلدۇرغىن!"دەيمەن، دېگەن چاغدا، رەسۇلۇللا :"بىز مۇشۇ جەننەت توغرىسىدا دۇئا قىلىمىز"دېگەن. (ئىمام ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد ۋە ئىبنى ماجەلەر رىۋايەت قىلغان)

كۆپچىلىك! قەلبىمىزدىكىنى ئىپادىلەپ دۇئا قىلايلى.

## ئاخىرقى نەسىھەت

ھېسسىياتىڭلار بويىچە دۇئا قىلساڭلار بولىدۇ، سۆزلەرنى بەكمۇ ياساپ قىلىشنىڭ ئورنى يوق. قەلبىڭدىن چىقىرىپ: ئى رەببىم! مەن ساڭا مۇھتاج، ئى پەرۋەردىگارىم، مەن ئالدىڭدا بىچارىمەن! قىلمىشلىرىمنىڭ ھەممىسى گۇناھ ئىشلار بولدى، ئەمدى ساڭا تەۋبە قىلىمەن، سەندىن ئۆتۈنۈپ كەچۈرۈم سورايمەن، ئى رەببىم، ماڭا ياردەم قىلغىن، ياردىمىڭنى ئاتا قىلغىن! ئى رەببىم! مېنى جەننىتىڭگە كىرگۈزگىن! ئى پەرۋەردىگارىم! مېنى مەغپىرەت قىلغىن، ئى رەببىم! مەندىن رازى بولغىن! سەندىن باشقا ھېچ پاناھىم يوق! مەن ئاجىزمەن!

دېگەندەك دۇئا قىلساڭ بولىدۇ. ئاللاھ تالا ھەدىس قۇدسىدا مۇنداق دەيدۇ:" ئى بەندىلىرىم! مەن ھىدايەتكە باشلىغان ئادەمدىن باشقا ھەممىڭلار ئازغۇنسىلەر، شۇڭا مەندىن ھىدايەت تىلەڭلار، ھىدايەت قىلىمەن، ئى بەندىلىرىم ! مەن تويغۇزغان ئادەمدىن باشقا ھەممىڭلار ئاچسىلەر، مەندىن رىزقى تىلەڭلار، تويغۇزىمەن! ئى بەندىلىرىم! مەن كىيىم كەيگۈزگەن ئادەمدىن باشقا ھەممىڭلار يالىڭاچسىلەر،

مەندىن كىيىم تەلەپ قىلىڭلار، كىيىملىك ئاتا قىلىمەن؛ ئى بەندىلىرىم! سىلەر كېچە - كۈندۈزلەپ خاتالىق ئۆتكۈزىسىلەر، مەن بولسام بارلىق گۇناھلارنى مەغپىرەت قىلىمەن، مەندىن مەغپىرەت تىلەڭلار، مەغپىرەت قىلىمەن!" ئىمام مۇسلىم، تىرمىزى رىۋايىتى.

كۆرگىنكى، ئاللاھ بىزدىن قانچە قېتىملاپ دۇئا قىلىشىمىزنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ! يەنى سەن ئۆزەڭ خالىغان بارلىق نەرسە ھەققىدە، ھەرقانداق ئىشتا ئاللاھ تائالاغا ئىلتىجا قىلغىن!..

ئاخىردا سۆزومنى دۇئا بىلەن ئاخىرلاشتۇرۇشنى توغرا دەپ قارايمەن، ئاللاھ تائالا تىلىكىمىزنى ئىجابەت قىلىپ قالار، ھەمدە بىزمۇ رەببىمىزنىڭ ئىجابەت قىلىشىغا تولۇق ئىشەنگەن ھالدا، ئالدىراقسانلىق قىلماستىن، پۈتۈن ۋۇجۇدىمىز بىلەن بېرىلىپ، ئاللاھ خالىسا بارلىق مال - مۈلكىمىز ھالالدىن بولغان دېگەن نىيىتىمىز بىلەن دۇئانىڭ شەرتلىرىنى ئورۇنداپ مۇنداق دۇئا قىلايلى:

ئى پەرۋەردىگارىمىز ! زاتىڭنىڭ ئۇلۇغلىقى، پادىشالىقىڭنىڭ كاتتىلىقىغا لايىق ھالدا بارلىق ھەمدۇ - سانالار ساڭا بولسۇن! جىمى ھەمدۇ - سانا ئاللاھ غا خاس! ئاسمان - زېمىننى ياراتقان ئاللاھ غا ھەمدۇ - سانالار بولسۇن! كۈن - تۈننى ياراتقان ئاللاھ غا ھەمدۇ - سانالار بولسۇن! بىزنى بۇ ئىسلامغا ھىدايەت قىلغان ئاللاھ غا ماختاشلار خاستۇر، ئاللاھ بىزنى ھىدايەتكە باشلىمىغان بولسا بىز ھىدايەت تاپالماس ئىدۇق... ئىسلام، ئىمان ۋە قۇرئان ئاتا قىلغان ئاللاھ غا گۈزەل مەدھىلەر بولسۇن! ئى ئاللاھ ! خوجىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا بۇرۇنقىلار ئىچىدە رەھمەت - بەرىكەت ياغدۇرغىن! ئۇنىڭغا كېيىنكىلەر ئىچىدىمۇ رەھمەت - بەرىكەت ياغدۇرغىن! قىيامەت كۈنىگە قەدەر ئۇنىڭغا پەرىشتىلەر ئارىسىدا رەھمەت بەرىكىتىڭنى ياغدۇرغىن ! ئى پەرۋەردىگار! گۇناھلىرىمىزنى كەچۈرگىن! بىزنى مەغپىرەت قىلغىن! ئەيىپلىرىمىزنى ياپقىن! ئاجىزلىقىمىزغا رەھمى قىلغىن! كەمچىلىكلىرىمىزنى تولۇقلىغىن! نامە - ئەمەللىرىمىزنى ئوڭدىن بەرگىن! ھېسابىمىزنى ئاسان قىلغىن! ئىشلىرىمىزغا ئۆزەڭ ئىگە بولغىن! بىزنى دوزاختىن ئازات قىلغىن! بىزدىن رازى بولغىن، بىزگە رەھىم قىلغىن، بىز جەننەتنى سورايمىز، دوزاختىن قوتقۇزۇشۇڭنى تىلەيمىز!

ئى ئاللاھ ! بىزنى ئەھلى جەننەت قاتارىغا پۈتكىن! ئى پەرۋەردىگار! بىزگە رەھىم قىلغىن، چۈنكى سەن بىزگە رەھىمدىلسەن. ئى، ماڭا دۇئا قىلىڭلار، ئىجابەت قىلىمەن دېگۈچى زات! دۇئايىمىزنى ئىجابەت قىلغىن، گۇناھلىرىمىزنى كەچۈرگىن! ئى سۆيۈملۈك ئاللاھ، ئى رەھىم شەپقەتلىك ئاللاھ، ئى بىزگە يېقىن ئاللاھ، ئى، دۇئالارنى ئىجابەت قىلغۇچى ئاللاھ ! ئى، ئۇلۇغلۇق، يۈكسەكلىك ئىگىسى! ئى ئاللاھ، بارلىقىمىزنى ئەپۇ قىلىشىڭنى سورايمىز، ئى بۈيۈكلۈك، ئۇلۇغلۇق ئىگىسى! مۇسۇلمان

ياشلىرىنى ھىدايەتكە باشلىغىن، مۇسۇلمان قىز ـ ئاياللىرىنى ھىدايەتكە باشلىغىن! ھەممىمىزدىن رازى بولغىن! ئامىن، ئامىن!

## دوستلۇق توغرىسىدا

ئاسماندىكى چولپانلارغا ئايلىنىش "پىلانى" بولغىنىغا قارىماي، دوستلاشقان دوستلىرىنى ھاڭغا ئىتتىرىپ، پاتقاققا تىقىدىغان تائىپىگە؛ شۇنداقلا كۆپ قېتىم تاشقا ئۇسسۇپ، بۇرنىغا يېگەندىن كېيىن ئىمانى دوستلۇق ئارقىلىق يۇقۇرى ئۆرلەپ، يۇكسەكلەرگە پەرۋاز قىلغان گۇرۇھقا بېغىشلاندى.

دوستۇڭ ماڭار يولۇڭدۇر،

ئۇنى ياخشى تاللىغىن...

كىتابچە مەزمۇنى:

* ھەمرالىرىڭغا قانداق قارايسەن، ئۇلار ياخشى كىشىلەرمۇ ياكى ناچار كىشىلەرمۇ؟

* كەچۈرمىشلىرىم

* دوستلار ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ

* دوستۇم ئاللاھ غا ئاسىلىق قىلىدىغان كىشى بولغىنىدا قانداق قىلىمەن؟

* ياشلار بىلەن سۆھبەت

* ئۆز ئاغزىدىن ئاڭلايلى!

* ئاجايىپ كەچۈرمىش...

*سەلمان فارىسى ۋە ئىكرىمە ئىبنى ئەبۇ جەھلىنىڭ سۆيگۈسى

بىز توختىلىدىغان تېما ئاتا ـ ئانىلارغا ئاراملىق بەرمەيۋاتقان بىر مەسىلە ھەققىدە ياكى ياشلارنىڭ يولدىن چىقىشى ۋە توغرا يولدا مېڭىشى ھەققىدە بولماقچى. ئۇنداقتا سىزنىڭ ھەمرالىرىڭىز ياخشى كىشىلەرمۇ ياكى ناچار كىشىلەرمۇ؟ ئاللاھ غا يېقىنلىششقا ياردەم قىلىدىغان كىشىلەرمۇ ياكى ئاللاھ دىن يىراقلاشتۇرىدىغان كىشىلەرمۇ؟ ئائىلىۋىي تەربىيە ئەخلاقىنى ساقلايدىغان كىشىلەرمۇ، ئەمەسمۇ؟نۇرغۇنلىغان باللار ھەقىقەتەنمۇ ئالاھىدە ياخشى ئائىلىۋىي تەربىيەكۆرگەن، ئائىلىدىكىلىرى پەزىلەتلىك ياخشى ئادەملەربولسىمۇ، ئەمما مۇشۇنداق پاك ئائىلىلەردىن يېتىشىپ چىققان ياشلارنىڭ قانداق قىلىپ بۇزۇقچىلىق يولىغا مېڭىپ قالغانلىقىنى چۈشىنەلمەي قالىسەن، ھەتتا شۇ ئائىلىدىكىلەرنىڭ ئۆزىمۇ باللىسىنىڭ ناچار قىلىقلىرىنى بايقىغاندا ياكى ئۇنى تۇيۇقسىز ساقچى ئىدارىسىدىن تاپشۇرۇۋېلىشلىرى كېرەكلىكىدىن خەۋەر تاپقاندا ھەيران قىلىشىپ چۈچۈپ

كېتىدۇ... بىراق، ئەسلىدە ئۇلار بالىسىنىڭ دوستلىرىغا دىققەت قىلىپ كەتمىگەن بولىدۇ، ئىنسانىنى يولدىن چىقىرىدىغان نەرسىنىڭ كۆپىنچە ئۇنىڭ دوستلىرى بولىدىغانلىقى، توغرا يولغا باشلايدىغانمۇ كۆپىنچە ئۇنىڭ دوستلىرى بولىدىغانلىقىدىن ئىبارەت بۇ نوقتىغا دىققەت قىلىشمايدۇ.

ئەمەلىيەتتە بۇ سۆز بىزنىڭ سۆزىمىز ياكى يېڭىدىن چىققان سۆز بولماستىن، بەلكى ئۇزاق ئەسىرلەردىن بۇيان قۇرئان ـ ھەدىستە بايان قىلىنىپ كەلگەن سۆز، ھەتتا مۇسا ئەلەيهىسسالامنىڭ دەۋرىدىن تارتىپ دېيىلىپ كەلگەن سۆزدۇر، بۇ ئايەتلەرنى مۇلاھىزە قىلىڭ:

مۇسا ئېيتتى:« پەرۋەردىگارىم! مېنىڭ قەلبىمنى ئېچىۋەتكىن( يەنى ئىمان بىلەن، پەيغەمبەرلىك بىلەن نۇرلاندۇرغىن!) مېنىڭ ئىشمنى ئاسانلاشتۇرغىن، تىلىمدىن كېكەچلىكنى كۆتىرۋەتكىن، ئۇلار مېنىڭ سۆزۈمنى چۈشەنسۇن. ماڭا ئائىلەمدىن قېرىندىشىم ھارۇننى ياردەمچى قىلىپ بەرگىن! ئۇنىڭ بىلەن مېنى تېخىمۇ كۈچەيتكىن، مېنىڭ ئىشىمغا ئۇنى شېرىك قىلغىن، بۇنىڭ بىلەن بىز ساڭا تېخىمۇ كۆپ تەسبىھ ئېيتقايمىز، ساڭا كۆپ زىكرى ئېيتقايمىز، سەن ھەقىقەتەن بىزنى كۆرۈپ تۇرغۇچىسەن ».(تاھا سۈرىسى، 25ـ35ـ ئايەتلەر)

مۇھەممەد ئەلەيهىسسالام ئۆزى پەيغەمبەر، پەيغەمبەر بولغاندىمۇ ئىرادىلىك پەيغەمبەرلەرنىڭ بىرى، لېكىن ئۇ ئۆزى يالغۇز ھالەتتە ئاجىزلىق قىلىدىغانلىقىنى، ئۆزى ئۈچۈن زىكرى ــ ئىبادەتكە ياردەم قىلىدىغان بىرسى لازىملىقىنى سەزگەن. رەسۇلىمىز مۇھەممەد ئەلەيهىسسالامغىمۇ ئاللاھ مۇنداق خىتاب قىلغان ئىدى: «سەن پەرۋەردىگارىڭنىڭ رازىلىقىنى تىلەپ، ئەتىگەن ـ ئاخشامدا ئۇلارغا ئىبادەت قىلىدىغانلار (يەنى ئاجىز، كەمبەغەل مۇسۇلمانلار)بىلەن سەۋرچان بولغان ھالدا بىللە بولغىن، ھاياتى دۇنيانىڭ زىبۇ- زىنىنتىنى(يەنى مۇشرىكلارنىڭ چوڭلىرىنىڭ سۆھبىتىنى) دەپ ئۇلارنى كۆزگە ئىلماي قالمىغىن، بىز دىلىنى زىكرىمىزدىن غەپلەتتە قالدۇرغان، نەپسى خاھىشىغا ئەگەشكەن، ئىشى ھەددىدىن ئاشقان ئادەمنىڭ (سۆزىگە) ئەگەشمىگىن ».(كەھف سۈرىسى، 28ـ ئايەت)

بۇ سۆزلەر ئاللاھنىڭ رەسۇلىغا دېيىلگۈاتقانلىقىغا دىققەت قىلىڭلار...قۇرئان كەرىم قىيامەت كۈنى ھەسرەتتىن قولىنى چىشلەيدىغان ئادەمنى ئۆلگىلىك مىسال كەلتۈرگەن، ئۇنىڭ قاتتىق ھەسرەتلىنىدىغانلىقىنى بۇ مەزمۇندا تەسۋىرلىگەن: «شۇ كۈنى زالىم (يەنى كاپىر) ئىككى قولىنى چىشلەپ :" ئىسىت! پەيغەمبەر بىلەن (نىجاتلىق) يولىنى تۇتسامچۇ! قۇرئان ماڭا يەتكەندىن كېيىن ئۇ (پالانى) مېنى قۇرئاندىن ئېنىق ئازدۇرغان ئىكەن!"دەيدۇ، شەيتان ئىنساننى(ئازدۇرۇپ بولۇپ) تاشلىۋېتىدۇ ». (فۇرقان سۈرىسى، 27ـ29ـ ئايەتلەر)

دېمەك ــ بىر قولىنىلا ئەمەس ئىككى قولىنى چىشلەۋاتىدۇ! بۇ نېمە دېگەن ئېغىر ھەسرەت-پۇشايمان ھە!؟ قىستۇرۇپ ئۆتەشكە تېگىشلىكى، كۆپ ياشلار ئەسلىدە ئاللاھ يولىغا قەدەم تاشلىغاندىن كېيىن، بىرەر دوستى كېلىپ توغرا ھايات يوللىرىدىن بۇراپ، ئۇلارنى پۇتۇنلەي كەينىگە چېكىندۇرۇپ تاشلايدۇ، شۇڭا رەسۇلىمىز: "كىشى ئۆز دوستىنىڭ دىنىدا بولىدۇ، بىرىڭلار ئارىلىشىدىغان ئادىمىگە ئوبدان دىققەت قىلسۇن!" دېگەن ئىدى. (تىرمىزى، ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇدلار ئەبۇ ھۇرەيرەدىن رىۋايەت قىلغان)

مەسىلىنىڭ يىلتىزى يىگىت ــ قىزلىرىمىز ھايات يولىدا ئۇچراتقانلارنى دوست تۇتۇۋەرگەنلىكىدە. پالانى بىرى مەكتەپتىكى ساۋاقدىشىم ئىدى، ئارىلىشىپ قالدىم، بۇ كۇنى بىرى ئۇنۋېرستېتتا بىللە ئوقۇغان ئىدى، ئۇنداق بولغاندىن كېيىن دوستۇم بولسا نېمە بوپتۇ؟ دېگەندەك يەڭگىل خىياللار. ..مانا بۇ، دوست تاللاشتىكى ناتوغرا ئۇسۇل. مۇھىت-شارائىت يولىڭلارنى بىر قىلىپ قويغان كىشى ھەقىقى دوستۇڭ ئەمەس، بەلكى سەن ئۆزەڭ تاللاپ، ئۆز تەربىيە ئەخلاقىڭغا، مۇھىتىڭغا، دىنىڭ ۋە مىجەزىڭگە ماس كېلىدۇ دەپ ئىشىنەلەيدىغان ئادەم ھەقىقى دوستۇڭ بولىدۇ.

بۇ بىر زور خاتالىق، كۆپلىگەن ئادەملەر ئوتتۇرا مەكتەپتىن، ئۆسمۈرلۈك ۋاقتىتىن تارتىپلا سىرىتلاردا بىللە بولىدىغان، بىللە ئويناىدىغان ئاللىكىملەر بىلەن دوستلىشىدۇ، شۇنىڭدىن كېيىن بولسا پالانى بىرلىرى بىلەن دوست بولۇپ قالغانلىقىغا ئۆمۈر بويى ئۆكۈنىدۇ...ئۇنىڭغا: قاچاندىن باشلاپ خاتا يولغا دەسسەپ قالغان ئىدىڭ!دېيىلسە، ئوتتۇرا مەكتەپتە پالانى بىلەن تونۇشقان كۇندىن تارتىپ، دەپ جاۋاپ بېرىدۇ. شۇڭا رەسۇلۇللاھ:" ئىنسان ياخشى كۆرگەن ئادىمى بىلەن بىللە بولىدۇ"دېگەن. (بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان) يەنى سەن قىيامەت كۇنى ياخشى كۆرگەن كىشىلىرىڭ بىلەن بىللە قوپىسەن! شۇڭا قىيامەتتە بىللە بولۇشنى ئارزۇ قىلىدىغان ئادىمىڭنى ياخشى تاللىشىڭ كېرەك.

سەن ھەقىقەتەن رەسۇلۇللاھنى، ئۇنىڭ ساھابىلىرىنى، پاك ئەدەپ -ئەخلاقلىق ۋە تەقۋادار ئادەملەرنى دوست تۇتقان بولساڭ، خۇدا خالىسا قىيامەتتە ئۇلار بىلەن بىللە بولىسەن، چۇنكى ئىنسان سۆيگەن ئادەملىرى بىلەن بىللە تىرىلىدۇ.

رەسۇلۇللاھ مۇنداق دەيدۇ:"ياخشى ھەمراھ بىلەن يامان ھەمراھ ئىپار ساتقۇچى بىلەن كۆۋۈك باسقۇچىغا ئوخشايدۇ"(بۇخارى ۋە مسلىم بۇ مەزمۇندا رىۋايەت قىلغان).

ئارىلىقتىكى زور پەرقنى ئويلاپ كۆرۈڭ، رەسۇلۇللاھ بىزگە بۇنداق زور پەرقنىڭ دوست بىلەن دوست ئوتتۇرىسىدا بولىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرغان!

* تېخىمۇ قىزىقارلىقى شۇكى، ئىسلام تارىخىدا باشقىلار بىلەن زىچ مۇناسىۋىتى بولغانلىقى تۇپەيلىدىنلا ھالاكەتكە يۇزلەنگەن كىشىلەرنىڭ مىساللىرى بار، تېمىمىزغا

مۇناسىۋەتلىك بىر ۋەقەنى ـ ئەبۇ جەھل توغرىسىدىكى ۋەقەنى ئالساق، ئەبۇ جەھل كۈپۈرنىڭ باشچىلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئۇنىڭدا ئۇمىد قالمىغان دەرجىدە قارا كاپىر ئىدى، ئۇنىڭ ئىنتايىن ياخشى كۆرىدىغان ئۇقبە ئىبنى ئەبۇ مۇئىد ئىسىملىك بىر دوستى بولغان، ئۇنىڭ ئەبۇ جەھل بىلەن بولغان ئالاقىسى ئىنتايىن يېقىن ئىدى، ئىنتايىن ياخشى كۆرىدىغان جان دوستى ئىدى، لېكىن ئۇ ئۇقبە خۇلۇق مىجەزى ئەبۇ جەھلگە قارىغاندا خېلى ياخشى بولۇپ، ئۇنىڭدا ئۇمىد بار ئىدى ۋە مۇسۇلمان بولۇشقا باشلىغان ئىدى، ئۇ رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىغا دائىم كېلىپ رەسۇلۇللاھنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ تۇرغاچقا تەسىرلىنىپ ئېرىشكە باشلىغان ئىدى.

ئەبۇ جەھل بىر مەزگىل سىرتلاردا سەپەردە بولۇپ قالدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇقبەنىڭ مۇسۇلمان بولۇشنى چەكلەپ تۇرغان تەسىر تۈگىدى دە! ئۇ رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىغا كېلىشكە باشلىدى ۋە ئۇنىڭ مۇسۇلمان بولۇشقا قوشۇلىدىغانلىقى بىلىندى. شۇڭا رەسۇلۇللاھ ئۇنى مۇسۇلمان بولۇشقا ئۈندىدى، ئۇ قوشۇلۇپ: بولىدۇ، ئەمما ماڭا تاڭ ئاتقۇچە پۇرسەت بەرگىن، دېدى. ئەپسۇسكى دەل مۇشۇ ۋاقىتتا ئەبۇ جەھل سەپەردىن كېلىپ قالدى، ئۇقبە ئۇنىڭغا "ئەتە مۇھەممەدنىڭ يېنىغا بېرىپ مۇسۇلمان بولماقچىمەن دېدى، ئەبۇ جەھل ئۇنىڭغاقاراپ: ئوتتۇرىمىزدىكى يېقىن دوستلۇق ھەققى بىلەن ساڭا قەسەم قىلىپ ئېيتايكى، ھازىرلا مۇھەممەدنىڭ ئالدىغا بېرىپ يۈزىگە تۈكۈرۈشۈڭ كېرەك، دېدى...دېمەك، ئۇقبەنىڭ بىر ئاللاھ نى تونۇپ، ئىمان ئېيتىپ، رەسۇلۇللاھنىڭ قولىغا سۆيۈشنىڭ ئورنىغا، دوستى ئۇنى ئەكسىچە ئىش قىلىشقا مەجبۇر قىلغان ئىدى! ئۇنىڭ ئالدىغا يا دىنىنى ياكى دوستىنى تاللاش توغرا كەلگەن ئىدى، ئەپسۇسكى، ئۇ كۆپ كىشىلەرگە ئوخشاش دۇنيانى تاللىۋالدى ۋە تامامەن تۈگەشتى، ئۇقبە ئىبنى ئەبۇ مۇئېد ئەبۇ جەھلنى تاللىدى، رەسۇلۇللاھنىڭ ئورنىغا دوستىنى تاللىدى، رەسۇلۇللاھنى بىراقلا تاشلاپ ئەبۇ جەھل تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتى، شۇنىڭدىن تارتىپ ئۇقبە ئىبنى ئەبۇ مۇئېد رەسۇلۇللاھقا ئەڭ كۆپ ئازار بېرىدىغان كىشىلەرنىڭ بىرىگە ئايلاندى...ئۇقبە رەسۇلۇللاھقا باشقا ھېچ كىشى كۆرسەتمىگەن كۈلپەتلەرنى كەلتۈرۈشكە باشلىدى، ئەسلىدە قەلبى ئىسلامغا مايىل بولۇشقا باشلىغان، ئىسلام دىنىغا كىرىشكە ئاز قالغان بۇ ئادەم، ئەمدى رەسۇلۇللاھ كەئبىنىڭ يېنىدا ناماز ئوقۇۋاتقانلىرىدا ئۇنىڭ ئۈستىدىكى تونىنى ـ كېيىمىنى ـ سىرىپ سالدۇرۇپ، ئۇنى رەسۇلۇللاھنىڭ بوينىغا ئوراپ قاتتىق بوغاتتى ۋە رەسۇلۇللاھ ھوشىنى يوقىتىپ يىقىلاتتى...بىر قېتىم رەسۇلۇللاھ كەئبىنىڭ يېنىدا سەجدىدە تۇرغىنىدا، ئۇ ئۆلۈك تۆگىنىڭ ئۈچەي ـ قارنىنى ئېلىپ كېلىپ رەسۇلۇللاھنىڭ دۈمبىسىگە ئارتىپ قويغان ئىدى، رەسۇلۇللاھ ئورنىدىن تۇرالمىغاچقا، ئاخىرى قىزى زەينەپ كېلىپ بۇ مەينەت نەرسىلەرنى رەسۇلۇللاھنىڭ دۈمبىسىدىن ئېلىپ

تاشلىغان. مانا بۇ ئۇقبە ئىبنى ئەبۇ مۇئىد بولۇپ بەدرى غازىتىدا كاپىر ھالەتتە ئۆلتۈرۈلۈش ئۇنىڭ ئاقىۋىتى بولغان ئىدى! ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن دەرھال كۆپۈپ يوغىناپ كەتكەچكە، ساھابىلار ئۇنى ئورەككە ئاپىرىپ تاشلىيالماي، ئۆلگەن ئورنىغىلا قالدۇرۇپ ئۈستىگە قۇم-تاش دۆۋىلىۋەتكەن ئىدى. ئۇ شۇنداق ئېچىنىشلىق ئۆلۈپ تۈگەشكەن!

ئۇنداقتا يۇقۇرىقىنىڭ ئەكسىچە بولغان بىر مىسالنى كۆرەيلى:

ئەيياش ئىبنى ئەبۇ رەبىئە ئىسمىلىك بىرەيلەن ئۆتكەن. ئەيياش مۇسۇلمان بولغان بولسىمۇ، ئەمما تېخىچە ئىمانى ئاجىز ئىدى. ھجرەت قىلىش ۋاقتى كەلدى، ئۇ كىمنىڭ يېقىن دوستى ئىدى دەمسىز؟ ئۇ ئۆمەر ئىبنىڭ خەتتابنىڭ يېقىن دوستى ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆمەر بىلەن بىللە ھجرەتكە ئاتلاندى، ئۇلار يولدا كېتىۋاتقىنىدا، ئەيياشنىڭ ئانىسى ئۇنىڭ كەينىدىن ئادەم ئەۋەتىپ، ئۆزىنىڭ ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىنى، ئەيياش كەينىگە قايتىپ كەلمىگىچە سايە ۋە سۇغا يولىماي قۇياش تەپتىدە تۇرىۋېرىشكە قەسەم قىلغانلىقىنى خەۋەر بەردى. شۇنىڭ بىلەن ئەيياش ئىككىلىنىشكە باشلىدى، ئانامنى دەپ قايتىپ كىتەي دەيتتى.

ئۆمەر ئىبنى خەتتاب ئۇنىڭ ئىرادىسىنى چىڭىتىشقا باشلىدى ( ئىرادەڭگە ئىلھام بېرىدىغان دوست قانداق بولىشى كېرەك؟) ئۆمەر ئىبنى خەتتاب ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى:" ئەيياش! ئاناڭ بۈگۈن ئاپتاپ تەپتىدە تۇرۇۋالغان بولسا، ئەتە سايىدا بولىدۇ، ئەگەر ئۇ بۈگۈن سۇغا يولىمىسا، پىت باسقاندا يۇيۇنۇشقا يۈگرەيدۇ". .. يەنى، سەن نېمىشقا ئۇنىڭدىن ئەنسىرەيسەن، ئىككى كۈندىن كېيىنلا ئۇ پاسكىنچىلىقتىن ئامال قىلالماي بەدىنىنى يۇيۇشقا مەجبۇر بولىدۇ، قۇياش تەپتىگە بىر ئاز چىدىسىمۇ، ئەتىلا ئامالسىزلىقتىن سايىگە يۈگرەيدۇ، دېمەكچى ئىدى. ئۆمەر ئۇنىڭغا يولدا چىڭ تۇرۇشقا ئىلھام بېرەتتى، ئەيياش قايتمىسام بولمايدۇ دېيىشكە باشلىغاندا، ئۆمەر ئۇنىڭغا: ئەيياش، ئەگەر قايتىپ كېتىدىغان بولساڭ ئەڭ يامان ئەھۋالغا دۇچار بولىسەن، دېدى.

مۇنداق ئىشلارنى قىلمىغىن، بۇرادىرىم بۇ ئىنتايىن خەتەرلىك، مۇنداق قىلساڭ خاتالىق ئۆتكۈزىسەن، دىيەلەيدىغان دوستۇڭنىڭ بولۇشى سەن ئۈچۈن قانداق مۇھىملىقىنى ئۆيلاپ كۆرگىن! بۇنداق دوستنى ھەر يەردىن ئىزدىگىن، بۇنىڭدەك دوستلار بۈگۈنكى كۈندە بەك كەم ئۇچرايدىغان بولوپ قالدى...

ئەيياش يەنىلا قايتىپ كېتىشىم كېرەك دەپ تۇرىۋالدى، ئۆمەر ئەيياشنىڭ قايتىپ كېتىشكە چىڭ تۇرۇۋالغانلىقىنى كۆرۈپ، ئەمدى ئامال قالمىغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، ئاجايىپ بىر ئىش قىلدى: ئۇ تۆگىسىدىن چۈشتى ( ئەيياشنىڭ تۆگىسى يوق ئىدى) ۋە ئەيياشقا مۇنداق دېدى:" ئەيياش، ئەگەر قايتىپ كىتمەن

دەپلا چىڭ تۇرۇۋالساڭ، مېنىڭ تۆگەمنى مىنىپ قايتقىن، بەلكىم بۇ تۆگە ساڭا مېنى ئەسلىتىپ تۇرسا، كۈنلەرنىڭ بىرىدە قايتىپ كىلەرسەن!" ئۇ چاغلاردا تۆگە ماشىنىنىڭ ئورنىدا ئىدى، يەنى باھاسىمۇ، قىممىتىمۇ دەل بۈگۈنكى ماشىنىغا تەڭ تۇراتتى. ئەيياش تۆگىنى ئېلىپ ئۆيگە قايتىپ كەتتى، نۇرغۇن كۈلپەتلەرنى كۆردى، تاياق يىدى، دىنىدىن يېنىپ كېتىشكە تاس قالدى... ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ تۆگىسى ئۇنىڭغا يادنام بولۇپ قالدى، ئۇ تۆگىنى ھەر ـ بىر كۆرگىنىدە ئىمان ۋە دىنىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرەتتى... شۇنداق قىلىپ ئاخىرى كۆيۈمچان دوستىنىڭ سەۋەبى بىلەن ئىسلام قورغىنىغا قايتىپ كەلدى...

سوئال شۇكى، بىزدە ھازىر نەدىمۇ مۇشۇنداق ئىشلار بار؟ دوستلىرىمىز قايسى تۈردىكى ئادەملەر؟ قانداق ئادەمنى تاللايمىز؟ مانابۇلار مەن سىلەردىن ئۇقۇپ باقماقچى بولغانلىرىم.

ياشلارنىڭ كۆز قاراشلىرى

*بۇ ھەقتە مېنىڭ بىر شەخسى تەجرىبەم بار، مېنىڭ تامامەن باشقىچە بىر دوستۇم بولغان، يېڭىدىن دىنىمنى چىڭ تۇتۇشقا باشلىغان چاغلىرىمدا ئۇ دوستۇم ماڭا ئەڭ يېقىن ئادەم ئىدى. ئۇ مېنىڭ ئىسلامىيەتنى چىڭ تۇتۇشۇمغا ھەقىقەتەن ياخشى ياردەملەرنى بەرگەنىكەن، مەسىلەن ئۇچۇرشىدىغان ۋاقىتلىرىمىزدا ئۇ ماڭا: ئەسىر نامىزىدىن كېيىن ئۇچۇرشايلى، ياكى پالانى مەسجىدتە نامازنى بىللە ئوقۇيلى دەيتتى. دېمەك، ئاللاھ تائالانىڭ تائىتىگە ياردەمدە بولىدىغان دوست تېپىش بىر ئىنسان ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم مەسىلە ئىكەن...

بىرىنچى بولۇپ دېمەكچى بولغىنىم، مەسىلە ئىسلام ئاساسىدا ئۆسۈپ يېتىلىشتىن باشلىنىدۇ. بىر ئادەم قانداق ناچار ئىشلارغا دۇچار بولسۇن ياكى قىيىنچىلىقلارغا قىلىپ، خاتالىق ئۆتكۈزسۇن، ئۇ چوقۇم قايتىدىن دۇرۇس يولغا قايتىپ كېلىدۇ، چۈنكى ئۇنىڭ باشلىنىشى ياخشى بولغان ـ دە.... مەن ئوقۇغان باشلانغۇچ مەكتەپ ئىسلامىي مەكتەپ ئىدى، سۇبھانااللاھ ناماز ۋاقتى بولغاندا بورىلارنى يېيىپ جامائەت بىلەن ناماز ئوقۇيتتۇق، مەن ئىسلام ۋە ئەقىدىنىڭ مەنىسىنى ھەر ۋاقىت ھېس قىلىپ تۇراتتىم. بىراق، ئەپسۇسكى ئۇنىڭدىن كېيىن مەلۇم شارائىت تۈپەيلى دادامنىڭ ئۆيى بويىچە بۇ مەكتەپتىن يۆتكىلىپ كەتتىم. سۇبھانااللاھ! ئىككىنچى مەكتەپكە بارغىنىمدا ئۇ يەردە ھەمرالىرىمدىن ئىبارەت قىيىن مەسىلىگە يولۇقتۇم، ئىنتايىن بىزار بولۇپ يۈردۇم، ھەر ۋاقىت ئاپامنىڭ قېشىغا كەلسەم يىغلاپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا: " دىن، ئەخلاق دېگەنلەر نەگە كەتتى؟ مەن قورقۇپ، تۈگىشىپ كېتىدىغان ئوخشايمەن ئاپا" دەيتتىم... بۇ چاغدا تولۇقسىزنىڭ بىرىنچى يىللىقىدا ئوقۇۋاتاتتىم ۋە ھىجاپلىق بولۇش نىيتىگە كەلگەنىدىم، باللارنىڭ ھەممىسى

مېنى دوستى يوق دەپ زاڭلىق قىلاتتى، دوستۇڭ نەدە؟ يارايسەن، كېلە، قىزىقچىلىق قىلايلى! دېيىشەتتى، ئەپسۇسكى ئۇلار دەۋاتقان قىزىقچىلىق كۇلۇشمەكتىنلا كۆرسەتمەيتتى. سۇبھانالللاھ! مەن سەۋرى قىلدىم، پەرۋەردىگارىمىزغا دۇئا قىلىپ:" ئى رەببىم ! ماڭا تائەتتىڭگە ياردەم قىلغىن" دەيتتىم... سۇبھانالللاھ!، دۇئا ۋە سەۋرى ئارقىلىق، يەنى ئالالھنىڭ پەزلى ۋە ئالالھ غا تەۋەككۇل قىلىش ئارقىلىق پەقەت بىرلا قىز بىلەن دوستلىشالىدىم، پەرۋەردىگارىمىز ئۇنى مېنىڭ ئىماندا چىڭ تۇرشۇمغا سەۋەبكار بولسۇن دېگەندەك ئىدى، بىر ـ بىرىمىزگە ھەمكارلىشاتتۇق، ئالالھ غا شۇكرى، مەن ھىجابلىق بولدۇم، ئۇمۇ ھىجاب سالاتتى. ئۇنۋېرستېتقا چىققىنىمىزدا ئۇ ماڭا تېخىمۇ ئوبدان ياردەمچى بولدى، لېكسىيەلەرنىڭ ئارىلىقىدا ئۇ ماڭا:" كەلگىن، ئالالھ غا تەسبىھ ئېيتىۋالايلى، كەل، ئالالھ دىن مەغپىرەت تىلەيلى" دەپ تۇراتتى...

* ھەرقانداق بىرەيلەننى قانداقتۇر ئىدىيلەرگە سۆرەپ كېتىدىغان ناچار دوستلۇق بىلەن ھەقىقى ياخشى دوستلۇق مەسىلىسى تىلغا ئېلىنغاندا، ئۆزەمنىڭ ئىنتايىن سەمىمى بىر دوستۇمنى ئەسلەۋاتىمەن، ئۇنىڭ ماڭا دەيدىغان سۆزلىرىنى يادىمغا كەلتۇرۇشنى ئالالھ دىن تىلەيمەن. ئۇ دوستۇم ھەقىقەتەن بەك تەقۋادار ئىدى. ئۆزىدەك بىر توپ سالىھ ياخشى دوستلىرى بىلەن ئارىلىشىپ ئۆتەتتى. ئۇ بەش ۋاخ نامازنىڭ ھەممىسىنى مەسجىدتە ئۆتەيتتى، دۇئا ـ تەسبىھ ئېيتىشقا ئىنتايىن ھېرىسمەن ئىدى. ئۇنىڭ سەھەر ـ ئاخشامدا ئوقۇپ تۇرىدىغان مەخسۇس كۇندىلىك دۇئا ـ زىكىرلىرى بار ئىدى. ئادەتلىنىپ كەتكەن كۇندىلىك ئىبادەت ۋە تىلاۋەتلىرى بار ئىدى... بىراق بۇ كىشى مەلۇم شارائىت ئاستىدا باشقا بىر تۇركۇم ياشلارغا قىزىقىپ قاپتۇ، ئۇلار بىلەن ئارلاشسا كۆزىنى چاقنىتىدىغان كېچىلىك ئولتۇرۇشلار، قەھۋەخانىلاردا ئولتۇرۇپ كۆڭۈل ئېچىشلار ئۇزۇلمەيدىغانلىقىنى كۆرۈپ ئۇلار بىلەن دوستلىشىپ قالسا كېرەك، بۇنداق نۇرغۇن ئىشلارنى ياشلار ئەسلىدىمۇ يامان ئىش دەپ قارىمايۋاتىدىغۇ!؟ ئەپسۇسكى، دەل بۇنداق ئىشلار تۇپەيلى ھېلىقى دەستۇم تائەت ـ ئىبادەتلىك تۇرمۇشتىن ئايرىلىپ قالدى، ئۇنىڭ ئەسلىدىكى مەنىلىك تۇرمۇشى"زاھىدلىق" بولمىغىنى بىلەن، دىن بىلەن دۇنيانى ماسلاشتۇرۇپ ماڭالايدىغان نورمال تەبىئى ھايات ئىدى.

قىسقىسى ئۇنىڭ يېڭىدىن تونۇشقان دوستلىرى ئۇنى تامامەن باشقا بىر ھايات ئېچىگە سۆرەپ كەتتى، ھەتتا ئۇ كېچىلىك ئولتۇرۇشنى ياخشى كۆرىدىغان بولۇۋالدى، ئۇ ئۆزىنى بەزلەپ :" ئولتۇرۇش بولسا نېمە بوپتۇ؟ پەقەت ھەپتىدە بىر قېتىم بولدىغان ئىشقۇ!" دەيتتى. شۇنىڭ بىلەن ھەر پەيشەنبە كەچتە تاڭ ئاتقىچە ئولتۇرۇشقا قاتنىشىپ، ھەتتا بامدات نامىزىنى ئوقۇيالماي قىلىۋاتقانلىقىنى ئېيتاتتى. ئۇنى بوپتۇ دېگەندىمۇ، ئۇنىڭ بارلىق كېچىلىرى بارا- بارا ئۇيقۇسىز ئۆتىدىغان بولدى ۋە

نامازلىرىنى، ئەڭ ئالدى بىلەن زىكرى ـ تەسبىھلىرىنى تاشلىۋەتتى. ئۇنىڭ ھاياتى تامامەن ئۆزگىرىشكە باشلىدى... بۇرۇنقى چاغلاردا ئۇ قىزلار بىلەن كۆرۈشمەسلىكىمىز كېرەك دەپ تەكىتلەپ تۇراتتى، ئەمدى بولسا بىراقلا ئۇ قاتقا سەكرەپ ئۆتۈپ، يېڭى دوستلىرىنىڭ قىلىقلىرىدىن ئىلھاملىنىپ، قىزلار بىلەن كۆرۈشىدىغان ۋە ئارىلىشىپ يۈرىدىغان بولۇپ كەتتى. ئۇنىڭ تۇرمۇشى تامامەن ئۆزگىرىپ كەتتىكى، ھەتتا ئۇ رەببىمىزدىن يىراقلاشقان ھالغا يېتىپ، باشقىچىلا بىر ئادەمگە ئايلىنىپ قالدى... ئاللاھ دىن ئۇنى قايتىدىن ھەق يولغا قايتۇرۇپ كېلىشنى، نۇرغۇن دوستلىرىنى ياخشى يولغا باشلىغان نەسىھەت سۆزلىرىنى ئۆزىگە ئەسلىتىشنى تىلەيمەن!...

*ھەقىقەتەن مەن مۇنداق بىر سوئالنى ئوتتۇرىغا قويۇپ باقاي: ئەگەر دوستۇم ئاسىيلىق يولغا ماڭسا، ئۇنى تاشلىۋەتسەم ھەمدە ئۆزۈمنى ئۇنىڭدىن تارتسام توغرا بولامدۇ ياكى ئۇنىڭغا پەرۋا قىلماستىن ئۆزۈمنى چىڭ تۇتقان ھالدا ئارىلىشىپ يۈرگىنىم تۈزۈكمۇ؟

ـ ئىنسان ئىجتىمائى مەخلۇق بولغاچقا، ئەگەردە ئۇمىد قالمىغاندا ئۇنداق دوستۇڭنى تاشلىۋەتسەڭ، چوقۇم ئاللاھ تائالاغا : ئى رەببىم! تېخىمۇ ياخشى دوستلارنى يولۇقتۇرغىن، ساڭا يېقىنلىششقا ۋە ئاسىيلىقتىن (گۇناھتىن) يىراق بولۇشقا ياردىمى تېگىدىغان تەقۋادار، پاك دىل دوستلار بىلەن ئۇچراشتۇرغىن !" دەپ دۇئا قىلىشىڭ لازىم.

ئەمەلىيەتتە، دوست ئۈچ خىل بولىدۇ" ئىبادەتكار دوست، غەپلەتكار دوست، دىن ۋە ئەخلاقتىن يىراق خىيانەتكار دوست. خىيانەتكار دوستتىن چوقۇم قول ئۈزۈشۈڭ لازىم، شۇنداقتىمۇ سەن ئۇنىڭ بىلەن بولغان ئارىلىقتىكى مەلۇم بىر خىل رىشتىنى ساقلاپ قالساڭمۇ بولىدۇ، بۇ ئارقىلىق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇنىڭ قولىدىن يېتىلەپ ھەق يولغا قايتۇرۇپ كېلىشىڭ مۇمكىن. مەسىلەن ئۇنىڭ بىلەن ھېيت ـ بايرام ۋە چوڭ ئىشلاردا مۇناسىۋەتلىشىپ تۇرغىن.

غەپلەتكار دوستقا كەلسەك، بۇنداقلار ياخشى تەربىيە كۆرگەن بولسىمۇ، بىراق يا خىيانەتكار يولىدا ئەمەس، يا ئىبادەتكارلىق يولىدا ئەمەس، ئارىلىقتا قالغانلاردۇر. مانا بۇلارنى جىددي ھالدا قولىدىن يېتىلىشىڭ، كەينىدىن قالماي نەسىھەت قىلىشىڭ ۋە بارلىق ئۇسۇللار بىلەن ئاللاھ يولىغا تارتىشىڭ زۆرۈر.

ئىبادەتكار دوستلارغا كەلسەك، ھېچقاچان ئۇلاردىن ئايرىلماي قولنى ـ قولغا تۇتۇشۇپ ئارىلىشىپ ئۆتكىن، ئۇلار بىلەن بىللە بولۇپ خىسلەتلىرىنى ئۆلگە تۇتقىن، ئۇلار سېنىڭ ھەقىقى دوستلىرىڭ، مۇناسىۋەت دائىرەڭ ۋە سېنىڭ ئەڭ يېقىن كىشلىرىڭ بولۇپ قالسۇن.

## ئۆز ئاغزىدىن ئاڭلايلى!

*مېنىڭ ئىسمىم ئەھمەد ئەرىينى، 71 ـ يىل 25 ـ نويابىردا تۇغۇلغانلاردىن ئىكەنمەن. ھازىر 6 ـ ئۆكتەبىر سانائەت شەھەرچىسىدىكى ماشىنسازلىق شىركەتلىرىنىڭ بىرىدە ئىشلەيمەن.

تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكە چىققان چاغلاردىن باشلاپ ئاخىرقى رەۋىشتە ئۆز تۇرمۇشىمنى چىنىشقا ئۆتتۇم ۋە ھاياتىم باشقىچە تۇس ئېلىشقا باشلىدى، تاماكا چېكىشنى ئۆگەندىم، ئاتا ـ ئانامنىڭ مېنى تاماكىدىن قول ئۈزدۈرۈش ئۈچۈن قىلغان ئۇرۇنۇشلىرى بىكار بولدى، ئۇنۇم بەرمىدى، دەرستىكى ئۆگىنىش نەتىجەم تۆۋەنلەشكە باشلىدى، ھاياتىمغا يېڭى پائالىيەتلەر بۆسۈپ كىرىشكە باشلىدى، ئۆيدىن كۆپ ھاللاردا چىقىپ كېتىش، كېچىلىك ئۆلتۈرۈش، دوستلىرىم بىلەن سىرتلارغا سەپەر قىلىش دېگەندەك. . دىسكوخانىلارغا، مېھمانخانىلارغا دوستلار بىلەن باراتتۇق، بۇلارنىڭ تەسىرىدە ئىمتىھاندىكى نەتىجىلىرىم بەك تۆۋەن ئىدى. ئاخىرى ھەربى ئىنىستىتۇتقا كىردىم، ئۇ يەردە باشلىقلىرىم ۋە يۇقۇرى يىللىقتىكى ساۋاقداشلىرىم بىلەن دائىملىق چاتاق تېرىپ تۇراتتىم... ئاخىردا، ئىنىستىتۇتتا ئىككى يىل ئوقۇغاندىن كېيىن ئېنىق قارار چىقىرىشىمغا توغرا كەلدى، يەنى ئەمدى ئىنىستىتۇتتا داۋاملىق ئوقۇيالىشىمغا مۇمكىن بولماي قالغان ئىدى. شۇڭا ئىنىستىتۇتتىن ئۆزلۈكۈمدىن چىقىپ كېتىش قارارىغا كەلدىم... ئاتا ـ ئانام بولسا، مېنىڭ ئوقۇشۇمنى تولۇق پۈتتۈرۈشۈم ئۈچۈن قىلمىغان ئاماللىرى قالمايتتى، ئۇلار مېنىڭ ئىنىستىتۇتتىن ئايرىلىشقا قارار چىقارماسلىقىم ۋە ئالدىراقسانىلىق قىلماسلىقىم ئۈچۈن، مېنىڭ ھەرقانداق تەلەپلىرىمنى ئورۇندايتتى، نەتىجىدە بۇ مېنىڭ تېخىمۇ يولدىن چىقىشىمغا سەۋەپ بولغانلىقىنى ئۇلار بىلمەيتتى... شۇنىڭ بىلەن ھاياتىم تامامەن باشقا تەرەپكە بۇرۇلۇشقا باشلىدى، يەنى، ئىقتىسادىي شارائىتىم تولۇق، مەن قىلمىغان ھېچ نەرسە قالمىدى... ھەتتا مېنىڭ قالايمىقان ئىشلارنى قىلىش يوللىرىنى بەك كۆپ ئويلاپ تاپالايدىغانلىقىمدىن، دوستلىرىم مېنى" شەيتان" دەپ ئاتىۋالغان ئىدى. يەنى بىز ھەممە ئىشلارنى قىلاتتۇق، ھاراق ئىچىش، قالايمىقان يەرلەرگە بېرىش، قىزلار... ھەممىسى بولۇپ تۇراتتى. ئىشلار شۇ دەرىجىگە بېرىپ يەتكەن ئىدىكى، بىز ئۆزىمىزدىن، يەنە بىز قىلمىغان قانداق ھارام ئىشلار بار؟ دەپ سورايدىغان بولدۇق... ھارام ئىشلاردىن نېمىنى قىلمىغاندۇق؟ سۈرۈشتۈرۈپ كۆرسەك تېخى ئۈسۈم ( جازانە) بار ئىكەن، شۇنىڭ بىلەن، ئۈسۈم بىلەن ئەمەلىي شۇغۇللىنىپ كۆرۈش قارارىغا كەلدۇق، ئارىمىزدا پۇلغا ھاجىتى بارلار يوق تورسىمۇ، بىر قىسىم پۇللارنى قەرز ـ ئۆتنە بېرىشتۇق، ئەتىسىلا قەرز پۇلنى ئارتۇق ئۈسۈمى بىلەن ئېلىش ئارقىلىق، ئۈسۈم بىلەن شۇغۇللانغان بولدۇق، بۇنىڭ بىلەن بارلىق ھارام ئىشلارنى قىلىپ باققان بىز دەيتتۇق.

.. يەنى بىز ئۆزىمىزگە نىسبەتەن ئويلايدىغىنىمىز، پەرۋا قىلماستىن هارام ئىشلارنى قىلىۋېرىدىغانلىقىمىزنى ئىسپاتلاش ئىدى. ئەلۋەتتە، هەرقانداق ئىشنى قىلىش ئويىمىز بولغاچقا، بىز پەرۋا قىلىدىغانمۇ هېچ نەرسە يوق ئىدى... سودا ـ سانائەت ئىنىستىتۇتىغا كىردىم ۋە ئوقۇشقا پەرۋا قىلماسلىق قارارىغا كەلدىم، 10 يىلدىن كېيىن دىپلوم ئالسامىمۇ مەيلى دەيتتىم... چارەكلىك ئىمتىهاندا ئىمتىهاندىن ئۆتكەن بولسامىمۇ، مەۋسۇملۇق ئىمتىهاندا سىنىپ كۆچەلمىدىم.

هەق گەپنى قىلسام، بۇ خىل هاياتتىن ئىچىم سىقىلىپ، زېرىكىشكە باشلىدىم. ماڭا بەخت تۇيغۇسىنى بېرىدىغان ياكى كۆڭلۈمنى خاتىرجەم قىلىدىغان هەرقانداق نەرسە قالمىغانلىقىنى بىلدىم، شۇنىڭ بىلەن ئىككىنچى يىللىقتا ئوقۇشقا بىر ئاز كۆڭۈل بۆلۈشكە باشلىدىم ۋە ئانچە ـ مۇنچە تىچلىنىپ ئۆيلىنىشقا باشلىدىم، دوستلىرىمدىن يىراقلىششقا باشلىدىم، بارا ـ بارا دوستلىرىم بىلەن ئۇچرىششىنى ياقتۇرمايدىغان بولدۇم. شۇ جەريەندا مەن ياقتۇرىدىغان ۋە ئارىدىكى ئالاقىمىزگە هېچقانداق تەسىر يەتمىگەن بىردىنبىر دوستۇم مەن بىلەن قوشنا ياتاقتا تۇرىدىغان ئىنىستىتۇتتىكى ساۋاقدىشىم ئىيهاب ئىدى...

ئۇنىڭ دادىسى مەلۇم بىر ئەرەب دۆلىتىدە ئىشلەيتتى، ئىيهاب رامىزان ئېيى يېرىملاشقان چاغدا دادىسىنىڭ قېشىغا كەتتى ۋە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن تامامەن باشقا بىر ئادەمگە ئۆزگىرىپ كەپتۇ... مەسجىدتە ناماز ئوقۇشقا باشلىغانلىقىنى كۆردۇم، سۆزلىرى باشقىچە، ئۇ ماڭىمۇ باشقا يوسۇندا گەپ قىلىشقا باشلىدى، ئۆزىنىڭ ئۆزگەرگەنلىكىنى ياكى هاياتىدا ئۆزگىرىش بولۇشى لازىملىقىنى ماڭا چۈشەندۈرۈشكە تىرىشاتتى... ئەمما ماڭا نىسبەتەن بۇ تامامەن تۇراقسىزلىق مەسلىسى ئىدى، " بۇ ئۇنىڭ كاللىسىغا شۇنداقلا تەسىر قىلغان بىر ئىشتە! كاللىمىزغا بەزىدە تەسىر قىلىپ قالىدىغان ئەرزىمەس ئىشلاردەك بۇمۇ يوقىلىدۇ" دېدىم. مۇهىمى ئارىمىزدىكى ئالاقە مەلۇم دەرىجىدە جىددىيلەشتى ـ دە، ئاساسەن ئالاقىمىزنى ئۈزدۇق... ماڭا نىسبەتەن دەرس مۇزاكىرە قىلغان چاغلىرىمدا هەر دائىم يېنىمدا ئۈنئالغۇ ياكى رادىيو بولۇپ ئادەتلىنىپ قالغانىدىم، هېچ بولمىغاندا تېلېۋىزورنى ئېچىپ قوياتتىم، ئەمما ئۇنىڭغا زېهنىمنى قاراتمايتتىم. تۇيۇقسىز مەندە بار ئۈنئالغۇ لېنتىلىرىنىڭ هەممىسىدىن بىزار بولغانىدىم، ئۆزۈم كۆرمىگەن بىر دانە لېنتىنى ئۇچرىتىپ ئۇنى ئۈنئالغۇغا سېلىپ باقتىم، قۇرئان ئوقۇغاندەكلا بىر نەرسە بار لېنتا ئىكەن، كېيىن بىلسەم ئۇنىڭغا دۇئا سۆزلىرى ئېلىنغان ئىكەن، بۇ لېنتا بەك ياخشى ئىدى. بۇنداق سۆزلەرنى تۇنجى قېتىم ئاڭلاۋاتاتتىم، يەنى ناهايىتى مۇڭلۇق دۇئا ـ تىلاۋەت، يىغا ـ زارە ۋە باشقا نەرسىلەرنى تۇنجى قېتىم ئاڭلاپ كۆردۇم ياكى بۇنداق نەرسىلەرنىڭ بارلىقىنى بىرىنچى قېتىم بىلدىم...

كۆنلەرنىڭ بىرىدە ئەسىر نامىزىنى ئوقۇش ئۈچۈن مەسجىدكە چۈشتۈم، ئەلۋەتتە، مەن مەسجىدكە كىرىشىم بىلەنلا كۆپچىلىك ھەممىسى مەندىن ھەيران قېلىشۋاتاتتى، بۇ ئىنسان قانداق بولۇپ مەسجىدكە قەدەم تاشلاپ قالغاندۇ؟ دېگەندەك... يەنى مەن ھەتتا جۈمە نامىزىنىمۇ ئوقۇمايدىغان، مەسجىدكە ئەسىر نامىزىغا كىرەرمەنمۇ؟؟ كىرىپ ئەسىر نامىزىنى ئوقۇدۇم، نامازنى تۈگەتكىنىمدىن كېيىن قارىسام، بەزىلەر ھۆرمەتلەپ بېشىمنى سىلاپ، ئېڭىشىپ بېشىمنى سۆيۈۋاتاتتى... ئەلۋەتتە، ھەيران بولدۇم، تۇيۇقسىز مەن تونۇيدىغان بىرسىنى كۆرۈپ قالدىم، ئۇ بىزنىڭ كوچىا قوشنىمىز ۋە دادامنىڭ دوستى ئىدى، بىراق مەن ئۇنىڭ ئىسمىنىمۇ بىلمەسلىكىمگە قارىماستىن، كۆڭلۈم باشقىچە بىر خىل خۇشاللىق تۇيغۇسىغا چۈمۈلۈۋاتاتتى، بەدىنىمگە تىترەك ئولىشىپ، كۆزۈمدىن ياش تۆكۈلۈۋاتقانلىقنى سەزدىم... ئىلگىرى ھېچقاچان سېزىپ باقمىغان تۇيغۇلار ئىدى... ئاللاھ غا شۈكرى، شۇ كۈنى شام ۋە خۇپتەن نامازلىرىنى مەسجىدكە چۈشۈپ ئوقۇدۇم. ئىمام نامازدا سۈرە زۇمەردىكى ئايەتلەردىن ئوقۇپ، بۇ ئايەتلەر بىلەن باشلىدى: « ئى مۇھەممەد! مېنىڭ تىلىمدىن" ئېيتقىنكى، (گۇناھلارنى قىلىۋېرىپ) ئۆزلىرىگە جىنايەت قىلغان بەندىلىرىم! ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدسىزلەنمەڭلار! ئاللاھ ھەقىقەتەن (خالىغان ئادەمنىڭ ) جىمى گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىدۇ، شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر». [زۇمەر سۈرىسى، 53 ـ ئايەت]

مەن ئايەتنى ئاڭلاپ ناھايىتى تەسىرلەندىم ۋە ئايەت مەزمۇنىنىڭ ماڭا مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى سەزدىم. .. مەن مەسجىدتىن چىقىۋېتىپ تۇيۇقسىزلا ئىيھابنىڭ مەسجىد دەرۋازىسىنىڭ ئالدىدا مېنى كۈتۈپ تۇرغانلىقنى كۆردۈم، مەن چىقىشىم بىلەنلا ئۇ ماڭا قاراپ خۇددى يۇگۈرگەندەك يېتىپ كېلىپ مېنى قۇچاقلىۋالدى، بۇ دەقىقىنى مەڭگۈ ئۇنۇتمايمەن... ئۇ مېنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ " سەن ئىشەنگىن! نەگە كېتىشىڭدىن قەتئىينەزەر، بۇ جايغا قايتىپ كېلىشىڭگە ئىشەنگىن!" دەيتتى...مانا شۇنىڭدىن باشلاپ مەن ئۆزەمنىڭ چوڭقۇر يۇرەك قاتلىرىمدىن ھەق يولغا قايتىپ كەلگەنلىكىمگە ئىشەندىم. ماڭا ئىيھابتەك دوستنى بەرگەن ئاللاھنىڭ پەزلىنى ھېچقاچان ئۇنتۇمايمەن، ئۇ مەن رەبىمگە ئاسىيلىق قىلغان ئەھۋالدىمۇ سەۋرچانلىق بىلەن ماڭا نەسىھەت قىلاتتى، ھەتتا ئۇ ئۆزى تەراۋىھ نامىزىنى ئوقۇشنى ياقتۇرىدىغان مەسجىدنى تاشلاپ ماڭا ئەگىشەتتى، چۈنكى مەن نامازنى تېزراق ئوقۇپ تۈگىتىدىغان باشقا بىر مەسجىدتە تاراۋىھ ئوقۇشنى ياقتۇراتتىم، كېيىن بىلدىمكى، ئۇ ئۆيگە بارغاندىن كېيىن ئۆزى ناماز ئوقۇپ كەلگەن مەسجىددىكى ئىمام

ھەركۈنى قايسى پارىنى تاماملىسا، شۇ پارە قۇرئاننى ئوقۇپ، ئۆيدە تاراۋىھ نامىزىنى قايتا ئوقۇيدىكەن...

مانا بۇ ئەھمەدنىڭ كەچۈرمىشلىرى، ئەمەلىيەتتە ئەھمەد ئۆزىنىڭ ناچار دوستلاردىن ئايرىلىپ، ياخشى دوستقا ئەگىشىش جەريانىنى ناھايىتى يۇكسەك مەزمۇندا، يەنى ئاللاھ يولىدا دوستلىشىش، ئاللاھ يولىدىكى قېرىنداشلىق مەزمۇندا بايان قىلىپ ئۆتتى. ئەھمەد " شۇ قۇچاغلىشىش دەقىقىسىنى مەڭگۇ ئۇنۇتمايمەن" دەپ ئۆتتى، خۇددى بۇ مۇستەھكەم ئىرادە بېغىشلاش، خۇددى بۇ بىر ـ بىرىنى ئاللاھ يولىدا چىڭ تۇرۇشقا تەۋرەنمەس ئىرادىگە كەلتۇرۇش ئىدى... ئۇ ئۆلگىچە بۇ قۇچاغلىشىشنى ئەستە تۇتىدىغىنى ئېنىق، مانا بۇ بىزنىڭ ھاياتىمىزدا ئاز ئۇچرايدىغان يېڭىلىق. ھازىرغىچە قىز ـ يىگىتلىرىمىز " ئاللاھ يولىدىكى سۆيگۇ"، " ئاللاھ يولىدىكى قېرىنداشلىق" ناملىق نەرسە بارلىقىنى ئېنىق بىلمەيۋاتىدۇ... يەنى سېنىڭ ياخشى كۆرىدىغان بىر ئادىمىڭنىڭ بولۇشى، سەن ئۇنى ئاللاھ يولىدا ياخشى كۆرۇشتىن باشقا دۇنيالىق پايدا ـ مەنپەئەتنى كۆزلىمەسلىكىڭ ۋە قولنى ـ قولغا تۇتۇشۇپ بىر خىل غايىگە قاراپ ھەرىكەت قىلىش ھەر ئىككىڭلارنى جەننەتكە كىرىشكە ئېلىپ باراتتى... ھەقىقەتەن، ئەھمەد، ئىيھاب توغرىسىدا سۆزلىگەن چاغدا مەن رەسۇلۇللاھنىڭ ھەدىسىدىكى ئاللاھ قىيامەت كۈنىدە، ئۆزىنىڭ سايىسىدىن بۆلەك سايە يوق كۈندە سايىگە ئېرىشتۇرىدىغان يەتتە تۇرلۇك كىشىنىڭ بىرى قاتارىدا ئاللاھ يولىدا سۆيۇشكەن ئىككى كىشىنى ئەسلىدىم... ئۇ سۆزلەۋاتقاندا بۇ ھەدىس دەررۇلا يادىمغا كەچتى... قىيامەت كۈنى بارلىق ئىنسانلار تىك تۇرغان، قۇياش قاتتىق قىزىتىپ باش ئۇستىگە يېقىن كەلگەن، ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇن، يىللار بويى تەرگە چۆمۇلۇپ، ھاسراپ ـ ھۆمۇدەپ ئېغىر مۇشەققەتلەر ئاستىدا كۈتۇش، يەنە... لېكىن ئۇ يەردە يەتتە تۇرلۇك كىشىلەرلا سايىگە ئىگە بولغان، بولغاندىمۇ دەرەخ سايىسى ئەمەس، بەلكى رەببىمىزنىڭ ئەرشىنىڭ سايىسىدە راھەتلىنىپ ياتىدۇ... دەل ئاشۇ يەتتە تۇرلۇك ئادەمنىڭ بىر تۇردىكىسى ئاللاھ يولىدا سۆيۇشكەن ئىككى دوست... قېنى، ئەمىسە، نۇرغۇنلىغان ئىنسانلار مەھرۇم بولغان بۇ راھەتنىڭ سەۋەبىنى ئاڭلاپ باقايلى: " ئاللاھ يولىدا سۆيۇشكەن ئىككى ئادەم، بىرلەشسە بۇ يولدا بىرلىشىپ، ئايرىلسا بۇ يولدا ئايرىلغان بولىدۇ". يەنى ئاللاھ غا ئىتائەت قىلىش مەقسىدىدە بىرلىككە كېلىپ، ئايرىلىپ كېتىش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلغاندا بىر ـ بىرىگە ئاللاھ غا ئىتائەت قىلىشنى تەۋسىيە قىلىشقان ھالدا ئايرىلىدىغانلار... بامدات نامىزىغا قانداق ئويغىنىش، كىم يەنە بىرەيلەننى خەۋەردار قىلىش... بىرى يەنە بىرىگە: بۈگۈن ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇپ قويۇشنى يادىڭدىن چىقارما، ياكى، مۇنداق گۇناھدىن

دىققەت قىلىپ يۈر، دەيدىغانلار... مانا بۇ ئاللاھ يولىدىكى قېرىنداشلىق، مانا بۇ ئاللاھ يولىدا سۆيۈشۈش!

ئارىمىزدىن ئاللاھ بىرەيلەننى ھىدايەت قىلغان كۈندىن تارتىپ چوقۇم بولۇشقا تېگىشلىك بىر پرىنسىپ - ھەر ۋاقىت يۈزلۈكىدىن تەبەسسۇم كەتمەسلىكى، ئەسلىدىمۇ ئۇچۇق چىراي بولۇشۇڭ كېرەك، كىشلەر بىلەن دائىم سىلىق مۇئامىلە قىلىشىڭ لازىم، بىرىنىڭ كۆڭلىنى ياساپ، بىرىنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇشۇڭ كېرەك.

سىلەر ئەھمەدنىڭ :" بىرلىرى بېشىمنى سىلاپ ئۇنىڭغا سۆيدى"، " پالانى قۇچاقلىدى" دېگەن سۆزلىرىگە دىققەت قىلدىڭلارمۇ؟ ئىنسان قەلبى مۇشۇنداق ئىشلارنى ياقتۇرىدۇ. ھازىرقى چاغلاردا كۆپ كىشلەر بۇنداق ئىشلارغا ئەھمىيەت بەرمەس بولۇپ كەتتى، ھالبۇكى رەسۇلۇللاھنىڭ دەۋرىدە بۇلار ئاساسلىق ئىشلار ئىدى... بۇنداق كۆيۈنۈشلەر قەلبنى ئىنتايىن تەسىرلەندۈرىدۇ، مانا بۇ ئىسلامى قېرىنداشلىق، ئىسلام ھەرگىزمۇ قوپاللىق ئەمەس، قېتىشۇلىش ئەمەس، تەرەببازلىق ئەمەس؛ زوراۋانلىق ئەمەس... بەلكى ئۇ مېھرىبانلىق، مانا بۇ ئىيهاب بىلەن ئەھمەدنىڭ ئۆز ئارا مۇئامىلىسىدە ئۆز ئەسلىنى تاپقان ئىسلام روھى!

**ياشلار سۆز ئالدى**

* شۇ چاغدا قانداق تۈرتكە سەۋەبىدىن مەسجىدكە كىرىپ ناماز ئوقۇغان ئىدىڭىز؟

- ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئېنىق سەۋەب ئىسمىدە يوق، بۇنىڭدا ئېنىق بىر سەۋەبنىڭ بارلىقىنىمۇ ھېس قىلمىدىم. توغرا، مەن ھاياتىمدىكى زور بىر بوشلۇقنى ھېس قىلاتتىم، ھاياتىمدا بەختىنىڭ ھېچقانداق مەنبەسى قالمىغاندەك ئىدى... شۇنداقتىمۇ، مەن ئۇچراتقان ئۇنىئالغۇ لېنتىسى، ئۇنىڭدىكى ماڭا بەك ياققان دۇئا بەلكىم ماڭا تەسىر قىلغاندۇ، ئەمەلىيەتتە شۇ چاغدا مەن تاھارەت ئالدىممۇ يوقمۇ ئەسلا ئۇقمايمەن، كوچىدا ئىدىم، ئەزاننى ئاڭلاپلا مەسجىدكە كىردىم... شۇ ۋاقىتتا مېنىڭ مەسجىدكە كىرىشىمگە زادى نېمىنىڭ تۈرتكە بولغانلىقىنى ھازىرغىچە ئېنىق ئۇقمايىغانلىقىمغا قەسەم قىلىپ بىرەلەيمەن.

* سىز تەقۋادارلىققا ئۆتكەندىن كېيىن بۇرۇنقى ئاغىنىلىرىڭىزگە قانداق مۇئامىلە قىلدىڭىز؟ ئۇلار نەگە كەتتى؟ ئاللاھ تائالا ئۇلارغا نېمە ئىشلارنى كۆرسەتتى؟

ئاللاھ رازى بولسۇنكى، ئىيهاب مەن ئۇچۇن يېڭى مۇھىت يارىتىپ بېرىشكە ھەقىقەتەن تىرىشتى. يەنى ئۇ ماڭا نىسبەتەن ناتونۇش ھېسابلىنىدىغان، ئىنىستۇتتىكى ياشلاردىن يېڭى دوستلارنى تونۇشتۇرۇشقا باشلىدى، مەن ئەسلىدە تەقۋادار ئادەمنى چوقۇم ساقاللىق، سۇرلۇك، ئۇزۇن چاپان كىيىدىغان قېرى ئادەم

شەكىلدە تەسەۋۋۇر قىلاتتىم. بىراق مەن بۇ ياشلارنىڭ ئىنتايىن ئىسىل، تەقۋادار، جۇشقۇن كىشىلەر ئىكەنلىكىنى بىلدىم. ئاللاھ غا كۆپ شۈكرى! ئۇلارمۇ سىرىتلارغا چىقاتتى، ئوينايتتى، تۈرلۈك ھايات پائالىيەتلىرىدىن خۇرسەنلىك تاپاتتى، لېكىن چوقۇم ئاللاھ تائالانىڭ ئىتائىتى دائىرىسىدىن چىقمايتتى ۋە ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقى ئۈچۈن تۈرلۈك پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىناتتى... مەن ئاخىرقى رەۋىشتە ئۆزەمنىڭ يېڭى مۇھىتمنى تېپىۋالدىم، شۇ بۇرۇنقى مۇھىتمغا ھاجىتىم قالمىدى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە بۇ يېڭى مۇھىتمدا بەك خاتىرجەملىك ھېس قىلدىم. مەسلەن، ئېيتىقاندا، بۇرۇنقى ئاغىنىلىرىم بىلەن بىللە بولغان چاغدا خۇشال بولاتتۇق، پاراڭلىشاتتۇق، ئەمما مەن ئۇلارغا سەللا دۇمبەنى قىلسام ماڭا تالاي سېسىق گەپلەر تەييار ئىدى... ئەمدى مېنىڭ ئالدىمدا بارلىق ئىش ـ ھەركەتلىرىمنى ئۆلچەيدىغان باشقىچە تارازام بار ئىدى، ئۇ بولسىمۇ ـ ئاللاھ يولىدا قېرىنداشلىق، ئاللاھ يولىدا سۆيگۈ ئىدى...

ئاللاھ نى دەپلا ئۆزىنى ياخشى كۆرىدىغان بىر ئىنسان بىلەن دوست بولۇش نېمە دېگەن زور بەخت! نېمە دېگەن خۇشاللىق! خەلىپە ئۆمەر ئىبنى خەتتاب بۇ مەزمۇندا مۇنداق دېگەن:" ئەگەر بىرىڭلار ئۆز قېرىندىشىنىڭ سۆيگۈسىگە نائىل بولسا، ئۇ قېرىندىشىغا چىڭ ئېسىلسۇن، چۈنكى بۇنداق پۇرسەت ئىنتايىن ئاز ئۇچرايدۇ". ئەسەردە ( ھەدىستە) مۇنداق كەلگەن:" مۇسۇلمان بولۇشتىن كېيىنلا ئىنسانغا بېرىلگەن ئەڭ ياخشى نەرسە ـ ئۇنتۇسا ئەسلەيدىغان، ئەسلىسە يار ـ يۆلەك بولىدىغان سالىھ قېرىنداشلىقتۇر".مۇئاز ئىبنى جەبەل رەسۇلۇللاھتىن رىۋايەت قىلغان بۇ ھەدىس قۇدسىيدىكى ئاللاھنىڭ سۆزىنى ئاڭلىسىڭىز، قېرىنداشلىقنىڭ ھوزۇرىنى سېزەلەيسىز:" مېنىڭ ھەققىمدە ياخشى كۆرۈشكەنلەر مېنىڭ سۆيگۈمگە ئېرىشىدۇ". (ئىمام ئەھمەد، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇدلار رىۋايەت قىلغان) يەنى، ئەگەردە ئىككى شەخس بىر ـ بىرىدىن دۇنيالىق مەنپەئەت ياكى ئىقتىسادىي پايدا كۆزلىمەستىن رەببىمىز ئۈچۈنلا بىر ـ بىرىنى ياخشى كۆرسە ئاللاھنىڭ ياخشى كۆرۈشى ۋە مۇھەببىتىگە نائىل بولىدۇ. بىر ـ بىرى بىلەن ئاللاھ غا ئىتائەت قىلىش يۈزىسىدىنلا تونۇشۇش ـ ھەر ئىككىسىنى ئاللاھنىڭ سۆيگۈسىگە ئېرىشتۈرىدۇ...

رەسۇلۇللاھنىڭ تۆۋەندىكى ھەدىسى ئارقىلىق ئاللاھ يولىدا ياخشى كۆرۈشۈشنىڭ قىممىتىنى تېخىمۇ ئېنىق بىلەلەيسەن: " ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دەيدۇ، رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېدى:" ئاللاھنىڭ بەندىلىرى ئارىسىدا شۇنداق بىر تۈركۈم كىشىلەر باركى، ئۇلار پەيغەمبەرمۇ ئەمەس، شېھىتمۇ ئەمەس، ئەمما ئۇلارنىڭ قىيامەت كۈنىدىكى ئاللاھنىڭ ئالدىدا تۇتقان ئورنىغا پەيغەمبەر ۋە شېھىتلەرئېرىشكۈسى كېلىدۇ" ساھابىلەر :" يارەسۇلۇللاھ، ئۇلار كىم ئىكەنلىكىنى

بىزگە ئېيتىپ بەرسەڭ؟! " دېگەندە، رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېدى:" ئۇلار ئۆز ئارا تۇغقاندارچىلىقى ياكى ئىقتىسادىي مۇناسىۋىتى يوق بولسىمۇ ـ ئاللاھنىڭ دىنى بىلەن دوست بولۇشقان كىشىلەردۇر، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئۇلارنىڭ يۈزلىرى نۇر، ئۇلارمۇ نۇر ئۈستىگە نۇر؛ كىشىلەر قورققان چاغدا ئۇلارغا قورقۇنچ يوق، كىشىلەر غەمگە پاتقاندا ئۇلارغا غەم قايغۇ يوق... رەسۇلۇللاھ يەنە بۇ ئايەتنى ئوقۇدى: ((بىلىڭلاركى، ئاللاھنىڭ يېقىنلىرى ئۈچۈن قورقۇنچىمۇ يوق ۋە ئۇلار ھەرگىز قايغۇرمايدۇ )) [ ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى]

ھۇزەيفە يەمانى رەسۇلۇللاھنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان:" مۆمىن مۆمىنگە ئۇچرىشىپ قالغان چاغدا، ئۇنىڭغا سالام بېرىپ قولىنى تۇتۇپ كۆرۈشسە، ئۇ ئىككىسىنىڭ گۇناھ ـ خاتالىقلىرى خۇددى دەرەخ يوپۇرماقلىرى تۆكۈلگەندەك تۆكۈلۈپ كېتىدۇ" [ تەبەرانى رىۋايىتى]

بىز ئاللاھنىڭ نېمە ئۈچۈن رەسۇلۇللاھقا : » سەن پەرۋەردىگارىڭنىڭ رازىلىقىنى تىلەپ ئەتىگەن ـ ئاخشامدا ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىدىغانلار بىلەن سەۋرچان بولغان ھالدا بىللە بولغىن«. [ كەھف سۈرىسى، 27 ـ ئايەت] دېگەنلىكىنى بىلىپ ئۆتكەن ئىدۇق. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام بۇ ئالاقىنى ـ ئاللاھ يولىدا ياخشى كۆرشۈش ئالاقىسىنى ئىنتايىن قەدىرلەيتتى، ئىنتايىن پەرۋىش قىلاتتى، ھەتتا ئۇھۇد غازىتىدا مۇسۇلمانلاردىن يەتمىشچە كىشى شېھىت بولغان ۋە ئىنتايىن كۆپ ئادەم يارىلانغان، ھەر- بىر ئۆيدىن بىرەيلەن شېھىت بولۇش ئەھۋالى كۆرۈلگەن ۋاقىتتا، رەسۇلۇللاھ :" ھەر ئىككى شېھىتنى بىر قەبرىگە دەپنە قىلىڭلار" دېگەن ئىدى، ساھابىلار رەسۇلۇللاھنىڭ بۇيرۇقىنى بەجا كەلتۈرۈشكە باشلىدى، شۇ چاغدا رەسۇلۇللاھ ساھابىلىرىنى دەپنە قىلىش، يىغا ـ زارە ۋە قايغۇ ـ ھەسرەت ئىچىدە، تاغىسى ھەمزە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئۆلۈمگە كۆڭلى بۇزۇلۇپ تۇرغان ھالەتتە:" توختاڭلار، ئابدۇللا ئىبنى ھەيران بىلەن ئەمرى ئىبنى جەمۇھنىڭ جەسەتنى ئىزدەپ تېپىپ، ئۇ ئىككىسىنى بىرلىكتە دەپنە قىلىڭلار! چۈنكى ئۇ ئىككىسى دۇنيادىمۇ ياخشى كۆرۈشكەن دوستلاردىن ئىدى..." دەپ خىتاب قىلدى... رەسۇلۇللاھ پۈتۈنلەي مۇشۇنداق شارائىت ئاستىدا تۇرۇپمۇ، ئۆيدىن چىقىپ ئەبۇ بەكرى بىلەن ئۆمەرنى تېپىپ كېلىپ، ئۇلار بىلەن بىرلىكتە بارلىق ساھابىلارنىڭ ئالدىدا، رەۋزىدە ئۇ ئىككەيلەننىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ:" بىز قىيامەت كۈنى مۇشۇنداق ھالەتتە تىرىلدۈرلىمىز" دېگەن ئىدى... [ تىرمىزى، ئىبنى ماجە ئىبنى ئۆمەردىن رىۋايەت قىلغان]

ھەقىقەتەن، كىشىلەر ئاللاھ يولىغا يېتەكلەيدىغان ئادەمنى تاپالمايۋاتقان بۇنداق زامان شارائىتىدا ـ ئاللاھ يولىدىكى سۆيگۈ ئالاقىسى ئىنتايىن گۈزەل ۋە قىممەتلىك.

ئاللاھ يولىغا قولىڭدىن يېتەكلەيدىغان ئادەم بولسا، بىللە ئولتۇرۇپ پاراڭلاسساڭلار ئاللاھ سىلەردىن رازى بولغان ھالدا سىلەرگە نۇرغۇن ساۋابلارنى پۈتسە، بۇ ئولتۇرۇش سەۋەبى بىلەن ئاللاھ ئىككىڭلارغا مۇھەببىتى بېغىشلىسا... ھەقىقەتەنمۇ قىممەتلىك - دە!

ئەمەلىيەتتە، بۇ دۇنيادا نۇرغۇن دوست - ئاغىنىلەرنىڭ بىر - بىرىگە خىيانەت قىلىشۋاتقانلىقىنى، بىر - بىرىنى زىيانغا ئۇچرىتىۋاتقانلىقىنى، ھەتتا بىر - بىرىگە ئازار - كۈلپەت يەتكۈزۋاتقانلىقىنى ئۇچرىتىمىز. بىراق بىر ئىنساننى ئاللاھ يولىدا، ئاللاھنىڭ رازىلىقى تۈپەيلىدىن ياخشى كۆرىدىغان بولساڭ، ئۇنىڭ ساڭا زىيان يەتكۈزۈشى مۇمكىن ئەمەس!

**بۇ ئاجايىپ كەچۈرمىشكە قاراپ باققىن**

سەلمان فارىسى ئەبۇ دەردا بىلەن دوستلاشقان ئىدى. ئەبۇ دەردا بالدۇر ئۆيلەنگەن، سەلمان بولسا كېچىكىپ ئۆيلەنگەن ئىدى. ئۇنىڭ بەك كېچىكىپ توي قىلىشىدىكى سەۋەب، ئۇ يەر يۈزىدىن ئىيمان ئىزدەپ توختىماي يۇرتلارنى كەزگەن بۇيۇك ھەقىقەت ئىزدىگۈچى بولۇپ، بۇ جەرياندا يېشى خېلى بىر يەرگە بېرىپ قالغان ئىدى.

ئەبۇ دەردا بۇرۇنلا تۇرمۇش قۇرغان، ئەمما سەلمان بولسا، قەبىلىلەر ئارىسىدىن ئۆزىگە ياقىدىغان بىرەر قىزنى تاللىمىغان ئىدى، چۈنكى ئۇ يېشىنىڭ خېلى چوڭ بولۇپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلىپ، بىر يەرگە بېرىپ سۆزلىششتىن قىسلاتتى، بۇنداق ئىشلارغا يېشى چوڭلۇق قىلدىغانلىقىنى سېزەتتى، قانداق قىلىش كېرەك؟

ئۇ ئاخىرى ئەبۇ دەردانى بىر قىزنىڭ ئاتىسىغا ئەلچىلىككە ئەۋەتتى، ئەبۇ دەردا بارسا، قىزنىڭ دادىسى ئۇنىڭغا ئىنتايىن غەلىتە گەپ قىلىپ :" سەلمانغا قىزىمنى بىرەلمەيمەن، ئۇ ماڭا ياقمايدۇ، قىزىمنى ساڭا بېرەي!" دېدى... ئويلاپ كۆر!، ئەبۇ دەردا دەرھال رەت قىلىپ :" مەن ئۆز قېرىندىشىم سۆزلەشمەكچى بولغان قىزنى ئالمايمەن" دېدى. قىزنىڭ دادىسى بولسا:" ھەتتا ماڭا ئۆمەر كەلگەن تەقدىردىمۇ، قىزىمنى ھەرگىز سەلمانغا بەرگۈم يوق، بىراق مېنىڭ ساڭىلا بەرگۈم بار، بېرىپ سەلمەنغا ئېيتقىن!" دېدى. ئەبۇ دەردا ئۇنىمىدى، بۇ ئادەم يەنە :" ساڭا قەسەم قىلىپ ئېيتىمەن، سەلمانغا بېرىپ ئوچۇق ئېيتقىن، مەن قىزىمنى ساڭا بەرمەكچىمەن" دەپ تۇرۇۋالدى... ئەبۇ دەردا قېرىندىشى سەلماننىڭ قېشىغا بارغاندا ساراڭ بولۇپ قالغىلى تاس قالغان ئىدى، سەلمان ئۇنى كۆرۈپ :" ئەبۇ دەردا، نېمە بولدۇڭ؟ قانداق قىلدىڭ؟ دەپ سورىدى، ئەبۇ دەردا ئۈندىمەيتتى. سەلمان سوراۋەرگەندىن كېيىن ئەبۇ دەردا ئۇنىڭغا بولغان ئىشنى تولۇق ئېيتىپ بەردى، سەلمان ئۇنىڭغا قاراپ كۈلدى ۋە ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى:" ئەبۇ دەردا، سەن بىلىسەن، مەن ۋە سەن ئىككىمىز خۇددى

ئاللاھنىڭ:» ئۇلارنىڭ دىللىرىدىكى دۈشمەنلىكنى چىقىرىپ تاشلىدۇق، ئۇلار ئۆزئارا قېرىنداش بولغان ھالدا تەختلەر ئۈستىدە بىر ـ بىرىگە قارىشىپ ئولتۇرىدۇ«. [ ھىجرى سۈرىسى، 47 ـ ئايەت] دېگەن سۆزىگە باب كېلىمىز، جەننەتتە ئىككىمىز دەل مۇشۇنداق بولساق دەپ ئارزۇ قىلىمەن، ئەبۇ دەردا، سەن ئۇ قىزغا سۆز سېلىۋەرگىن، سەن ھەقىقەتەن مېنىڭ بىر قىسمىمسەن!"

سۇبھانالالاھ! ياخشى كۆرۈشكەن ئىككەيلەننىڭ بۇ دەرىجىدە بولۇشى مۇمكىنمۇ؟ كىمكى ئاللاھ ئۈچۈن ياخشى كۆرسە، بۇنىڭدىنمۇ جىق ئىشلارنى قىلالايدۇ ـ دە!

ئىسلام تارىخىدىن بىزگە يەنە مۇنداق نەمۇنە ئۇچرايدۇ: ئەبۇ جەھلىنىڭ ئوغلى ئىكرەمە يەرمۇك جېڭى بولغان كۈندە ئېغىر جاراھەتلىنىپ ياتاتتى، ئۇنىڭ يەنە بىر مۇسۇلمان قېرىندىشى قېشىدا جان ئۈزەي دەپ قالغانىدى، شۇنداقلا ئىكرەمەمۇ جان ئۈزۈش ئالدىدا تۇراتتى، بىرەيلەن ئىكرەمەگە سۇ ئەكىلىپ بەردى، ئىكرەمە بولسا ھېلىقى قېرىندىشىغا قاراپ:" ئاۋۇ قېرىندىشىم ئىچمىگۈچە مەن ھەرگىز ئىچمەيمەن" دېدى. سۇ ئەكەلگەن ئادەم بۇ ياققا كەلگەندە، بۇمۇ:" ئىكرەمە ئىچمىگۈچە مەن ھەرگىز ئىچمەيمەن" دېدى. سۇغارغۇچى ئىككەيلەننىڭ ئوتتۇرىسىدا توختىماي يۈگۈرەيتتى... ئۇ ھەتتا 10 يارىدارنىڭ قېشىغا سۇ ئاپاردى، ئۇلارنىڭ ھەر ـ بىرى بىر يۇتۇم سۇغا تەشنا ئىدى، بەلكىم بۇ بىر يۇتۇم سۇ ئۇنىڭ ھاياتىنى قۇتقۇزۇپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى، لېكىن ئۇلارنىڭ ھەر ـ بىرى:" قېرىندىشىم ئىچمىگۈچە مەن ئىچمەيمەن" دەيتتى. شۇنىڭ بىلەن سۇغارغۇچى 10 يارىدارنى ئايلىنىپ بولۇپ ئىكرەمەنىڭ قېشىغا كەلدى، ئۇ ئاللاھ يولىدا جان ئۈزگەن ئىدى...

بۇنداق ئۆلگىلەرنىڭ بولۇشىغا ئىشىنىڭلار، چۈنكى ئاللاھ يولىدىكى سۆيگۈ بۇنىڭدىنمۇ زور ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرالايدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلەرنى ئىككىدىن ـ ئىككىدىن قېرىنداش قىلىپ قويغاندىن كېيىن، بىر ساھابە ئۆزىنىڭ قېرىندىشىنىڭ ئۆيگە بېرىپ ئىشىكنى چېكىپ ئۇنىڭغا:" بىرئاز بىللە ئولتۇرۇپ ئىمانىمىزنى كۈچەيتۋالايلى!" دەيتتى... ھازىرقى چاغلاردا ئۇنداق ئىشنى نەدىنمۇ تاپقۇلۇق؟ بىز بۇنداق مۇناسىۋەتكە بەكمۇ ئېھتىياجلىق. چۈنكى ئىنسان قەلبى قايناۋاتقان قازاندىنمۇ بەك ئاستىن ـ ئۈستۈن بولۇپ تۇرىدۇ...

مەن بۇ سۆزلەرنى قىلىۋېتىپ، ھەر كۈنى ئاللاھ غا مۇنداق دەپ دۇئا قىلىشىڭنى ئۈمىد قىلىمەن:" ئى ئاللاھ ! ماڭا سېنىڭ تائىتىڭگە ياردەمدە بولىدىغان سالىھ ياخشى دوستلارنى بېغىشلىغىن!"

مەن تولۇق ئىشىنىمەنكى، ئىنشائاللاھ سىنىڭ بۇ تىلىكىڭ ئەمەلگە ئاشىدۇ، سەن قولنى ـ قولغا تۇتۇپ جەننەتكە كىرگىچە ئاللاھ يولىدا ھەرىكەتلىنىشىڭ ھەمراھ يولۇقىسەن...

ئاخىردا سىلەر ياشلاردىن، يىگىت ۋە قىزلاردىن كۈتىدىغىنىم: دوست ـ ئاغىنىلىرىڭلارنى ياخشى تاللاڭلار! ئۆمۈر بويى نادامەتتە قالماسلىق ئۈچۈن چوقۇم ئىنتايىن ياخشى دوستلارنى تاللىۋېلىشىڭلار لازىم.

## ھايا توغرىسىدا

قولىڭىزدىكى بۇ كىتابچە كاللىغا كەلگەن خىياللارنى يىغىپ توپلاپ يېزىپ قويۇش ئەمەس، بەلكى، بۇ مەشھۇر ئىسلام تەشۋىقاتچىسى ئەمرۇ خالىد بىلەن بىر تۈركۈم ياشلار ئوتتۇرىسىدا ئېلىپ بېرىلغان جانلىق ۋە يۈرەكنى لەرزىگە سالغۇچى ئوچۇق سۆھبەتنىڭ نەتىجىسىدۇر.

بىز بۇ سۆھبەت خاتىرىسىنى چۈشىنىشلىك، ئاممىباب قىلىپ تەييارلاپ سىلەرنىڭ ھوزۇرۇڭلارغا سۇندۇق، دۇئالىرىڭلاردا ئۇنتۇپ قالماي ياد ئېتىپ قويارسىلەر!

بۇ كىتابچە تۆۋەندىكى تېمىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

* ھايا بىلەن خىجىل بولۇشنىڭ پەرقى
* ھايا ئىنسان تۇغۇلۇش بىلەن بىللە بارلىققا كېلەمدۇ؟
* يۈتىبولچىمىز نادىر سەيىيد ۋە ئۇنىڭدىكى ھايا
* ئاغزاكى پاراڭلار
* ياشلار بىلەن سۆھبەت
* جەمئىيىتىمىزدىكى ھاياسىزلىق ۋە ئۇنىڭ شەكىللىرى

بۇ كىتابچە ئىمانىنى كۈچلەندۈرۈپ، ئىرادىسىنى جانلاندۇرۇپ، ئەقلىنى ئۆتكۈرلەشتۈرمەكچى بولغانلارغا، شۇنداقلا، ئاللاھ تائالانىڭ:"ئى ئىنسان بالىلىرى! سىلەر باشقىلاردىن ئۆزەڭلەرنىڭ قىلمىشلىرىنى يوشۇرۇشنى تەلەپ قىلدىڭلار، سىلەرنى مەندىن كىممۇ يوشۇرۇپ قالالىسۇن؟! تېخى سىلەر مېنى ئەڭ ئاجىز نازارەتچى دەپ قارىدىڭلار، مانا بۇ پاكىتقا نېمە دەيسىلەر؟" دېگەن مالامىتىنى ئەسلەپ گۈزەل ھايا بىلەن زىنىنەتلىنىپ ئاللاھ غا تەۋبە قىلىپ، ئاللاھ دىن مەغپىرەت تىلەپ، گۇناھىغا پۇشايمان قىلغانلارغا بېغىشلاندى.

بىز ئەخلاق توغرىلىق ئېغىز ئاچىدىغان بولساق، ھېچقانداق شەخش، ئائىلە ۋە جەمئىيەت مانا بۇ ئەخلاقتىن ئايرىلالمايدۇ. ئەخلاق بىلەن ئادەتتىكى كىشىلەر

ئۆزىنىڭ ئىنسانىلىق رولىنى، ئائىلە بولسا ئۆزىنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنىنى ۋە ھەر خىل شەكىل ۋە ئوخشىمىغان تىل بىلەن بارلىققا كەلگەن جەمئىيەت ئۆزىنىڭ تەڭپۇڭلىقىنى ساقلاپ ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرالايدۇ.

ئەگەر بىز مانا بۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئەخلاقتىن ئىبارەت گۆھەرنى يوقىتىپ قويساق، نۇرغۇنلىغان ياشلىرىمىزنى زايا قىلىش بىلەن بىرگە كۆپ نەرسىلىرىمىزدىن ئايرىلىپ قالىمىز.

بىز ھەقىقەتەن ھايادىن ئىبارەت بۇ ئەخلاقنى تونۇدۇقمۇ؟ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەخلاق توغرىلىق كۆپ ئورۇندا سۆزلەپ بېرىپ مۇنداق دېگەن:

(1) "ئىمان يەتمىش نەچچە شاخچە بولۇپ ھايا بولسا ئىماندىن بىر شاخچە" بۇخارى، مۇسلىم، ئەبۇ ھۇرەيرە دىن رىۋايەت قىلغان.

(2) "ھايا بىلەن ئىمان بىر- بىرىدىن ئايرىلالمايدۇ، ئەگەر بىرى يوقىتىلسا، يەنە بىرى ئۆزلىگىدىن يوقىلىدۇ" ئىبنى ئۆمەردىن جامئى سەغىردا رىۋايەت قىلىنغان.

(3) "ھايالىق بولۇشنىڭ ئۆزى زور ياخشىلىق"ئىمران ئىبنى ھۇسەيندىن تەبرانى ۋە سۇنەنى ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.

(4) "ھايا بىلەنلا ياخشىلىق بارلىققا كېلىدۇ"(بۇخارى ۋە مۇسلىم ئىمران ئىبنى ھۇسەيندىن رىۋايەت قىلغان).

(5) كىشىلەر ماقال-تەمسىل قىلىۋالغان:"ھايا قىلمىساڭ خالىغىنىڭنى قىل"دېگەن سۆز پەيغەمبەرنىڭ سۆزىدۇر.(بۇخارى رىۋايەت قىلغان).

(6) "ھەر دىندا ئەخلاق بولىدۇ، ئىسلام دىنىنىڭ ئەخلاقى ھايا دۇر"(ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان).

يۇقىرىدىكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزلىرىنىڭ ھەممىسى بىزگە ھايانىڭ جەمئىيەتتىكى تەسىرى ۋە قىممىتىنى روشەنلەشتۈرۈپ بېرىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بولسا ئەخلاق جەھەتتە بىزنىڭ ئۈلگىمىز ۋە يېتەكچىمىز:"ئۇ يۇزى ئېچىلمىغان قىزچاقتىنمۇ ھايالىق ئىدى"(بۇخارى، مۇسلىم ۋە ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان.) بۇ يەردە بىز ئۆز-ئارا ياشلىرىمىز ئوتتۇرىسىدا يوقىتىپ قويغان ئەخلاق توغرىسىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆپ ھەدىسلىرى بار ئىدى، لېكىن بىز ئۆز سۆھبىتىمىزگە كېلەيلى:

ھايانىڭ مەنىسى نېمە؟ ۋە ھايا بىلەن بىز ياشاۋاتقان ھاياتنىڭ ئالاقىسى نېمە؟

ھەقىقەتتە ھايالىق بولۇش بىلەن ھاياتنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئاجايىپ ئالاقە بار، چۈنكى ھايا كۈچەيگەنسېرى، بۇ ھاياتنىڭ لەززىتى شۇنچە زىيادە بولىدۇ. بىز تۇرمۇش

جەھەتتە ياخشى بولغان كىشىلەرگە قارايدىغان بولساق، ئۇلار ھايا جەھەتتە مۇكەممەللەشكەنلىكىنى كۆرىمىز.

ھۆرمەتلىك قېرىنداشلار، ھاياتنىڭ سۈرەتلىرى ناھايىتى كۆپ، دىنىنىڭ ھەممىسى ھاياغا مۇجەسسەملىشىپ قالغىلى تاس قالىدۇ، بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:" ھەرقانداق دىن ئۈچۈن ئەخلاق بولىدۇ، ئىسلام دىنىنىڭ ئەخلاقى ھايادىن ئىبارەت".

لېكىن ھايا دېگەن زادى نېمە؟

قەدىرلىك ئالىملىرىمىز تونۇشتۇرغاندەك باشقىلار كۆرمىگەن تەقدىردىمۇ، ناچار ئىشلاردىن يىراقلىشىشقا سەۋەب بولغان تۇيغۇ ۋە ئەخلاق ھايادۇر. ھايا بولسا، رەزىل ئەمەللەردىن نەپىسنى ئۈستۈن قىلغان ھېسسىيات دېمەكتۇر.

سەن نەپسىڭدە ناچار ئىشلارنى قىلىشقا قادىر بولالمىغانلىقىڭنى ھېس قىلغان ۋاقتىڭدا، مەندە ھايا تېپىلىپتۇ دەپ بىلگىن!

ھايا بىلەن خىجىللىقنىڭ پەرقى نېمە؟

كۆپىنچە كىشىلەر خىجىل بولۇشنى ھايا دەپ، ياكى ھايانىڭ بىر قىسمى دەپ ئويلاپ قالىدۇ. ئەزىز قېرىنداشلار! ئەمەلىيەتتە خىجىل بولۇش ھايانىڭ تامامەن ئەكسى، چۈنكى خىجىللىق بولسا، ئىنسانىنىڭ ئۆزىدە كەمچىللىكنى ھېس قىلىش تۇيغۇسى بولۇپ ئىنسان بىرەر ئىشنى خاتا قىلمىغان تەقدىردىمۇ، باشقىلارغا قارشى تۇرۇشقا قادىر بولالمىغاندا، ئۆزىنى ئاجىز ھېس قىلىدۇ.

مانا بۇ ھايانىڭ ئەكسى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. ھايا دېگىنىمىز ئىنساننىڭ ھېسسىياتىدىن ئۇرغۇپ چىققان تۇيغۇ بولۇپ دادىللىق بىلەن سەن ئۆزەڭنى ئىسىل ۋە يۇقىرى دەپ قارىغان ۋاقتىڭدا، پەسكەش ئىشلارغا ئۆزۈڭنى ئۇرۇشتىن تارتىسەن. چۈنكى ئىسىل ۋە روھلۇق ئادەم زىنا قىلىش ۋە يالغان گەپ قىلىشتىن ئۆزىنى تارتىدۇ، شۇنىڭدەك بۇنداق كىشىلەر نەپسىنىڭ پەسكەش، ناتوغرا ئىشلارغا يېقىنلىشىشىغا رازى بولمايدۇ، لېكىن خىجىل بولغۇچىلار بولسا، بىرەر كىشى كۆرمىگەندە پۇرسەت تاپسىلا ناچار ئىشلارغا ئۆزىنى ئۇرۇپ تۇرىدۇ.

ھۆرمەتلىك قېرىنداشلار، ھەقىقەتەن مەن ئىسلامىيەتتىكى مەشھۇر ۋە يۇقىرى مەرتىۋىلىك بولغان بىر كىشىنىڭ تەرجىمىھالىدىن ناھايىتى چوڭقۇر تەسىرلەندىم. ئۇ بولسىمۇ، بىزنىڭ ئەپەندىمىز(يېتەكچىمىز) ئوسمان ئىبنى ئەففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، بۇ كىشىنىڭ خۇسۇسىيىتى ھايادىن ئىبارەت ئىسىل سۈپەت بىلەن مۇجەسسەملەشكەن بولۇپ، بۇ توغرىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خەۋەر بېرىپ مۇنداق دېگەن:"بۇ كىشى (ئوسمان ئىبنى ئەپپان) ناھايىتى ھايالىق بولغانلىقى ئۈچۈن

ئۈنىڭدىن پەرىشتىلەرمۇ ھايا قىلىدۇ".(ھەزرىتى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇسنەد ئىمام ئەھمەد تە رىۋايەت قىلىنغان)

مەن ئۆزەمنىڭ مۇشۇنداق پەرىشتىلەرمۇ ھايا قىلىپ تۇرىدىغان بىر كىشى بىلەن جەننەتتە بىللە بولۇشۇمنى تولىمۇ ئارزۇ قىلىمەن! شۇنداق تۇرۇپمۇ، بۇ كىشىنىڭ بۇ ئىسىل ھايا قىلىش خىسلىتى ئۆزىنىڭ ھەققىنى قولغا كەلتۈرۈش ۋە ھەققىنى تەلەپ قىلىشتىن توسۇپ قويمىدى، مانا بۇ تامامەن خىجىل بولۇشنىڭ ئەكسى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.

ھايا دېگەن ئىنسان بىلەن بىللە تۇغۇلىدىغان سۈپەتمۇ؟ ياكى ھەربىر ئادەم ئۆزى قولغا كەلتۈرۈش مۇمكىن بولىدىغان سۈپەتمۇ؟

ھۆرمەتلىك قېرىنداشلار! ھەممىمىز ئوخشاشلا تەبئىي پىترەت(تۇغما ساغلام خاراكتېر) ئۈستىدە تۇغۇلىمىز، بۇ يەردە پەيغەمبىرىمىزنىڭ بىزگە دەپ بەرگەن مۇبارەك سۆزى بار، ئۇ مۇنداق دەيدۇ:" ئىلىم پەقەت ئۆگىنىش بىلەن، ئىسىل ئەخلاق سىلىق مۇلايىم بولۇش بىلەن قولغا كېلىدۇ".(ئەبۇ دەردادىن جامىئۇسسەغىردا رىۋايەت قىلىنغان).

خۇددى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە ھەرقانداق ئەخلاق ـ پەزىلەت ئۆگىنىپ قولغا كەلتۈرۈش بىلەن بولىدۇ دېگەندەكلا بىر ئىش. چۈنكى سەن دائىم سەۋر قىلىپ تۇرساڭ، سەۋر قىلىشنى ئۆگىنىسەن. ئەگەر يالغانچى بولساڭ، راستچىللىقنى مەشىق قىلىش بىلەن راستچىل بولىسەن. ئەگەر ھايالىق بولمىساڭ، چىنىقىش ئارقىلىق ھايا ئىگىسى بولىسەن.

بىزگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسلام دىنى كېلىشتىن بۇرۇن ھال ـ تەبىئىتى ئوخشاش بولمىغان ساھابىلەردىن ئۆگىنىش كۆپايە، چۈنكى بۇلار ئىسلام دىنىغا كىرىشتىن بۇرۇن بارلىق ناچار ئەخلاق بىلەن شۇغۇللىناتتى، لېكىن ئىسلام دىنىغا كىرگەندىن ۋە بۇ دىن بىلەن ئالاقىسىنى كۈچەيتكەندىن كېيىن، ئىسلام ئەخلاقى بىلەن ئەخلاقلاندى.

## ئۇلارنىڭ ھاياتىدىكى ھايا خىسلىتى

بۇ قېتىم بىزنىڭ كۈتۈۋالىدىغىنىمىز، ھەممىگە مەشھۇر، ھەممەيلەن ياخشى كۆرىدىغان ۋە مىللەتلەر لوڭقىسىنى تالىشىشتا، ئۆزىنىڭ كوماندىسى بىلەن ئۇتۇق قازىنىشنى ھەممىمىز ياقتۇرىدىغان، ماھىر پۇتبولچىمىز نادىر سەييىد مەن بۇ كىشى بىلەن بولغان سۆھبەتنى تۆۋەندىكى سوئالىم بىلەن باشلايمەن:

* ئەپەندىم، ھاياتىڭىزدىكى ھايا نېمە؟ ۋە بۇ ئەخلاق بىلەن قانداق مۇئامىلىدە بولىسىز؟

- نادىر سەييىد: بىرىنچى بولۇپ مەن ئۆزۈمنىڭ سىلەر بىلەن بىللە بولالىغانلىقىم ئۈچۈن مېھرىبان ئاللاھ غا ھەمدۇ سانا ئېيتىمەن ۋە سىلەرگە داۋاملىق مۇۋەپپەقىيەت تىلەيمەن! ھەقىقەتەن مەن بۇ بىرىنچى قېتىم ئۈچرىششقا ھازىر بولغان پەيتتە، مەن ھەممەيلەننىڭ بۇ ھايادىن ئىبارەت ئىسىل ئەخلاقنى تونۇشتا ھەيران قالغانلىقىغا ئۆزرە ئېيتىمەن.

مېنىڭ كۆز قارىشىمدا ھايادىن ئىبارەت بۇ گەۋھەر بىزنىڭ ئېغىزىمىزدىن چىقىۋاتقان گەپ - سۆز ۋە ئۆز چۈشەنچىمىز بىلەن تونۇۋاتقان چۈشەنچىدىنمۇ يۇقىرى ئورۇندا تۇرىدۇ. مەن ئۆزەمنى بۇ ھايانى تونۇشتۇرۇشتا ئەڭ ئاجىز دەپ قارايمەن، چۈنكى ھايا دېگەن ئادەمنىڭ يۈرىكىدىن ۋە ھېس - تۇيغۇسىدىن ئۇرغۇپ چىقىدىغان نەرسە، شۇڭلاشقا مۇسۇلمان قىزلىرى باشقىلارنىڭ قېشىغا كەلگەندە، ھايا قىلغانلىقتىن ئىككى مەڭزى قىزىرىپ كېتىدۇ. مانا بۇ ھايانىڭ قان سىستېمىسىدىن كېلىپ چىقىدىغانلىقىنىڭ دەلىلى، ھايا كىمدە بولسا، شۇنىڭدا قان بولىدۇ. ھايا چۈشەنچىسى، قېرىندىشىمىز ئەمرۇ خالىد سۆزلەپ ئۆتكەندەك، ئۆزىنى پەسكەش، ناچار ئىللەتلەردىن ساقلاپ قېلىشتىن ئىبارەت. ھايا بولسا مېنىڭ كۆز قارىشىمچە:ھېس - تۇيغۇ دېمەكتۇر.

- نادىر ئەپەندىم! بىز سىزدىن مىسىرنىڭ سىرتىدىكى تەجرىبىلىرىڭىزدىن سوراپ باقايلى:

سىز ئۆزىڭىزنىڭ ۋەتەن سىرتىدىكى ھاياتىدا ئۆخشىمىغان كىشىلەر ۋە خىلمۇ خىل ئەخلاقتىكىلەر بىلەن بولۇش جەريانىدا زىرىكتىڭىزمۇ؟ ياكى ئۇلار بىلەن ئۇزۇل كېسىل بولۇپ ئايرىم ياشىدىڭىزمۇ؟

- نادىر سەييىد: مەن سىلىگە ئېنىق گەپنى دىسەم، مىسىرنىڭ ۋە ياكى ئىسلامي جەمئىيەتتىن سىرت ياۋروپا ۋە ياكى چەت رايونلاردا ياشاپ قالغان ھەرقانداق ئادەم چوقۇم ئۇلار بىلەن بىللە مېڭىپ ئۇلارنىڭ دامىغا چۈشۈپ كېتىدۇ ۋە ياكى ئاللاھنىڭ دىنىغا بولغان قەدەمنى مۇستەھكەم بېسىپ، ئىسلام دىنىغا تېخىمۇ چىڭ ئېسىلىدۇ.سىز (ئەمرۇ خالىدنى دېمەكچى) ماڭا بۇرۇن ئۆزىڭىزنىڭ ئەنگلىيەدە بىر يىلدەك تۇرۇش جەريانىڭىزدا، ئاللاھ قا بولغان يېقىنلىقىڭىزنىڭ زىيادە بولغانلىقىنى ئەسلىتىپ ئۆتكەن ئىدىڭىز، سىزنىڭ بۇ ئېيتقانلىرىڭىز تېخىچە ئېسىمدە تۇرۇپتۇ. ئاللاھنىڭ ماڭا بەرگەن چوڭ پەزلى مېنى شۇ نادان جەمئىيەتتىمۇ ئۆز دىنىغا مۇستەھكەم تۇرغۇزغانلىقىدۇر.

بۇ توغرىدا ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن ئىدى:"بىزلەرنى ئاللاھ ئىسلام دىنى بىلەن ئەزىز قىلدى، ئەگەر ئىززەت- شەرەپنى ئىسلامنىڭ باشقىسىدىن ئىزدەيدىكەنمىز ئاللاھ بىزنى خار قىلىدۇ".

مەن سىرتتا باشقىلارنىڭ يۇرتىدا يۈرگەن ۋاقتلىرىمدا ماڭا پەقەت ئىككى خىل تاللاش يولى بار ئىدى، يا بىر جانابى ئاللاھ دىنلا ھايا قىلىش ۋە پاكى ئىسلام پائالىيەتلىرى ئېلىپ بارغان يات يۇرتلاردىكى كىشىلەردىن ھايا قىلىش، بىراق مېنىڭ ئاللاھ دىن ھايا قىلىشنى تاللىشىم ئېنىق تۇرۇپتۇ؛ شۇڭلاشقا، ئاللاھ مېنى نامازنى ئۆز ۋاقتىدا ئوقۇشقا، قۇرئان كەرىمنى ھەر قانداق ئورۇندا مەيلى يولۇچىلار ئاپتوموبىلى بولسۇن، مەيلى ھەر تۈردىكى قاتناش ۋاستىلىرىدا بولسۇن، داۋاملىق تىلاۋەت قىلىپ تۇرۇشقا مۇۋەپپەقىيەت ئاتا قىلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار مېنىڭ بۇ ئىسىل ئەخلاقلىرىمنى ھۆرمەت قىلىشتى، شۇنىڭدەك ئاللاھنىڭ ماڭا قىلغان زور نېمىتى ئۇلارغا مېنىڭ ياخشى تەسىر كۆرسەتكەنلىكىم بولدى. ئۇلار شۇ دەرىجىدىكى، ئەگەر مەن بار يەردە چۈشىنىكسىز ۋە ئالاقىسىز گەپ ـ سۆزلەرنى قىلىشىپ قالسا، دەرھال ئەپۇ ۋە ئۆزرە سوراشقىلى تۇراتتى. مەن ئۇلارنىڭ تەبئىيتىگە ماسلىشىپ ئەمەس، ئۇلار مېنىڭ تەبئىتىمگە ماسلىشىپ مېنىڭ تەبئىتىم بويىچە ئىش قىلىدىغان بولدى، مانا بۇ بارلىق ئەيىپ ـ نۇقساندىن پاك بولغان بۈيۈك ئاللاھنىڭ بەرگەن پەزلى ئىدى.

* بۈگۈنكى كۈندە كىشىلەرنىڭ تىللىرىدا:"بۇ يۇرتتا ھايالىق ئادەم جان باقالامدۇ؟ كىم ھايالىق بولسا، شۇ كارغا كەلمەيدۇ"دېگەندەك نۇرغۇن سۆزلەر بار. سىزنىڭ ھاياتىڭىزدا بىرەر قېتىم ھايا قىلىپ ئۆز ھوقۇقلىرىڭىزدىن مەھرۇم بولغان ئىشمۇ بولغانمۇ؟

ـ ئۆز ھوقۇقىنى تەلەپ قىلىش بىلەن ھايانىڭ ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق زىتلىق يوق، مۇھىمى مەن ئۆز ھەققىمنى پاك ئەخلاق ۋە ھايا بىلەن تەلەپ قىلىمەن.

ئەگەر مەندە ئاللاھ دىن ھايا قىلىش بولىدىكەن قانداق ئەھۋال ئاستىدا بولمىسۇن، مېنىڭ ھەققىمدىن ھېچقانداق ھەق زايا بولۇپ كەتمەيدۇ.

* ھۆرمەتلىك ئەپەندىم، سىز مەندە ھاياسىزلىق كۆرۈنۈشلىرىنى كۆرۈۋاتقاندەك قىلىسىز، سىز بۇ كۆرۈنۈشنىڭ مەندىن يوقىلىشىنى ئۈمىد قىلامسىز؟

ـ ئەمەلىيەتتە، سۆزلىسەك گەپ تولا، لېكىن بىزگە ھېس قىلىنىۋاتقان كۆپىنچە ئىشلار، يېقىن دوستلار بىر ـ بىرىنى تىللىشىپ ھاقارەتلىشىدۇ... بۇ ناچار ئەخلاقتا ياشلارنى رىغبەتلەندۈرۈۋاتقان سەۋەب زادى نېمە؟ ھەر بىر پۇتبولچى مۇسابىقىنىڭ 90 مىنۇتلۇق ئىكەنلىكىنى ئۇيلاپ، مۇشۇ 90 مىنۇتتىن كېيىن ماۋۇ قېرىندىشىم ياكى ماۋۇ خىزمەتدىشىم بىلەن قانداقمۇ ئۇچرىشارمەن، قانداقمۇ بىرگە ئولتۇرارمەن دەپ ئويدان ئويلانسا، ئىش ئاسانلا ئايدىڭلىشىدۇ.

* بىز يەنە بىر قېتىم سۆھبەتنى ياشلارغا يۆتكەيلى:

ھۆرمەتلىك ياشلار، مەن سىلەرگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھايا توغرىسىدا دېگەن بىر ھەدىسنى ئەسلىتىپ ئۆتمەكچىمەن: "ئىمان يەتمىش نەچچە

شاخچە بولۇپ، ئۇنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسى "بىر ئاللاھ دىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ يوق دېيىش، ئەڭ تۆۋىنى يولدىكى كىشىلەرگە ئازار يەتكۈزىدىغان نەرسىلەرنى ئېلىۋېتىش؛ ھايا بولسا ئىماننىڭ بىر شاخچىسىدۇر". پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام داۋاملىق ئىمان بىلەن ھايانى بىر ـ بىرىدىن ئايرىۋەتمەي تىلغا ئېلىپ تۇراتتى...

* نېمىشقا ھايا ئېنىق بەلگىلەندى؟ قېنى ئىماننىڭ قالغان شاخچىلىرى؟

ھۆرمەتلىك ئەزىز قېرىنداشلار! ھايانى ئېنىق بەلگىلەشتىكى مەقسەت شۇكى، ھايا ئىماننىڭ بارلىق شاخچىلىرىنى چىڭ تۇتۇپ تۇرىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىماننىڭ بارلىق شاخچىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بىر ئېغىز سۆز بىلەنلا ئىپادىلىدى:مانا ئۇ ھايا دىن ئىبارەت. شۇڭا ھايالىق كىشى يالغان سۆزلىمەيدۇ، ھايالىق كىشى باشقىلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلمايدۇ، ئاتا ـ ئانىسىنى قاقشاتمايدۇ ۋە نامازنى تەرك قىلمايدۇ، ئۆز دىنىنىڭ پائالىيەتلىرى بىلەن پەخىرلىنىدۇ، بىز ھازىر ھەممىمىز بىرلىكتە مەلۇم بىر شەخسنىڭ ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزگەن تەجرىبىلىرىگە قۇلاق سالايلى:ھايا دىن ئىبارەت بۇ گۆھەر ھايادىن يىراق ۋە يېقىن بولغان ئىنسانغا قانداق تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى كۆرۈۋالايمىز.

## ياشلارنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلايلى

مېنىڭ ئىسمىم شەرىپ.

مەن سىلەرگە ئۆزۈمنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن تەجرىبىلىرىمنى سۆزلەپ بېرىشنى ياقتۇرىمەن، مېنىڭ يامان ئادەمدىن ياخشى ئادەمگە ئۆزگىرىپ قېلىشىم مۇنداق بولغان:

مەن ئەمەلىيەتتە بەزى ياشلارغا ئوخشاش ھېچنېمىگە پەرۋا قىلمايتتىم، ھەر قانداق ئورۇندا ۋە ھەر قانداق ۋاقىتتا خالىغىنىمنى قىلاتتىم، مېنىڭ بۇرۇنقى ئۆسۈپ يېتىلىشىم مەلۇم دەرىجىدە ئاتا ـ ئانامنىڭ مېنى ياخشى ئادەم قىلىپ تەربىيىلەشكە قىزىقىپ مېنى ئەدەپ ـ ئەخلاقلىق، ئىشەنچلىك ۋە ناماز ئوقۇيدىغان قىلىپ ئىسلام ئېڭى بىلەن تەربىيىلىگەن بولسىمۇ بىراق مەن مەكتەپ يېشىغا يەتكەندە مېنىڭ مىجەزىم مەلۇم ئامىللار سەۋەبىدىن ئۆزگىرىشكە باشلىدى.

باشلانغۇچ ئوقۇش باسقۇچۇمنى ئېلىپ ئېيتسام، ئوقۇغۇچى بۇ باسقۇچتا ئوقۇتقۇچىنىڭ ئۇرۇپ تىللىشىغا ئۇچرايدىغان، تاماكا چېكىپ قىزلار بىلەن سۆھبەتلىشىدىغان، خالىغانىنى قىلىدىغان بىر باسقۇچ بولۇپ، مانا بۇ ئىشلارغا ھەر قانداق ئوقۇش يېشىدىكى بالىلار قىزىقاتتى ۋە شۇنداقلا مەكتەپتە ئومۇملىشىپ كەتكەن ئىدى.

مەنمۇ باشلانغۇچ، تولۇق ئوتتۇرا ۋە ئىنستىتۇتتا ئوقۇۋاتقان چاغلىرىمدا مۇشۇ يولغا كىرىپ قالدىم، ئىنساننىڭ خىيالىغا كەچمەيدىغان، ئائىلەمدىكىلەر ۋە ساقچىلار بىلەن جىدەل-ماجرا قىلىدىغان، بارلىق ئەسكىلىكلەرنى قىلدىم.

لېكىن مىنىڭ بۇ ۋاقىتلاردا تۇرمۇشۇمدا ھېچ قانداق لەززەت ۋە ھوزۇرنى ھېس قىلمايتتىم.

مەن ئالللاھ تائالانىڭ مېنى ئۇخلاۋاتقان چاغدا ۋە ياكى گۇناھ- مەئسىيەت ۋە ناچار ئەخلاق بىلەن بولۇۋاتقان ۋاقتىمدا جېنىمنى ئېلىپ كېتىشىدىن بەكمۇ قورقتۇم.

شۇنىڭدىن كېيىن نۇرغۇن ئىشلار يۈز بەرگىلى تۇردى، مەن ئۆزۈمنىڭ كۈندىلىك ھاياتى ۋە قىلىۋاتقان ئىشلىرىم توغرىلىق ئويلۇنۇشقا باشلىدىم.

مەسىلەن مەن ۋە بىر دوستۇم ئېغىر قاتناش ھادىسىسگە ئۇچرىدۇق، نۇرغۇن ئەزالىرىمىز يارىلاندى، بۇ يەردە بىر ئۆلۈمدىن ساقلىنىپ قالدۇق!

بۇ ھادىسىدىن كېيىن دادام ماڭا نۇرغۇن نەسىھەتلەرنى قىلىپ:

بالام، سەن ماڭا ھېچ پايدىمۇ يەتكۈزمىدىڭ! ئەگەر سەن ياخشى ئادەم بولساڭ ئۆزۈڭنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن، ئەگەر سەن ئەسكى ئادەم بولساڭ شۇ ئەسكىلىكىڭ بىلەن ئۆلۈپ كېتىسەن... دېگەن گەپلەرنى قىلدى.

ئەمەلىيەتتىمۇ مەن قايتىدىن ئادەم بولۇشقا ئۇرۇندۇم ۋە ئۆزەمدىن قاتتىق ھېساپ ئالدىم، مانا بۇ ئىشلار ئۈچ ئايدەك داۋام ئەتتى. لېكىن مېنىڭ ئەتراپىمدا ماڭا ياردەم بەرگۈدەك، ياخشى ئىشلارغا ھەمكارلىشىپ بەرگۈدەك بىرمۇ دوستۇم ۋە ھەمرايىم يوق ئىدى، ئەكسىچە ئۇلار مېنى يەنە قايتىدىن قاراڭغۇلۇققا سۆرەپ كىردى. ئۇنىڭدىن كېيىن گويا ئالللاھ ماڭا ئاگاھلاندۇرۇش بېرىۋاتقاندەك نۇرغۇن ھادىسىلەر يۈز بەردى. مەن بىلەن بىر ياشتىكى بىر دوستۇم قاتناش ھادىسىسدە ئۆلۈپ كەتتى، يەنە بىرسى ئادەمنىڭ ئەقلىگە سىغمىغۇدەك ھالەتتە لىفتتىن چۈشۈپ كېتىپ ئۆلۈپ كەتتى. يەنە بىر دوستۇم تاپانچا بىلەن ئوينىشىپ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى...كۈنلەر مانا مۇشۇنداق ئۆتتى، يېقىن دوستلىرىم تۇيۇقسىز پاجىئەلىك ئۆلۈملەر بىلەن ئۆلۈشكە باشلىدى. مەن ئەمدى نۆۋەت ماڭا كەلدىمىكىن دەپ تۇرغان ۋاقتىمدا، بىر دوستۇم كۆپرەك زەھەرلىك چېكىملىك چېكىۋالغانلىق سەۋەبىدىن ئۆلۈپ كەتتى، بىز بەكمۇ يېقىن دوستلاردىن ئىدۇق، مەن ئۇ دوستۇمنىڭ ئوپېراتسىيىسگە قاتناشتىم، ئۇنىڭغا سۇنئىي نەپەسلىنىش ماسكىسى سېلىپ قويغان بولۇپ، ھېچبىر مىدىرلاشتىن دېرەك يوق ئىدى، ئاندىن دوختۇرلار ئۇنىڭ كۆكسى بىلەن مېڭىسىنى ئوپېراتسىيە قىلىۋېدى، ئۇنىڭدا تىنىق دېگەن نەرسە قالمىدى، بۇ ئىش مېنى يەنە بىر قېتىم قاتتىق چۆچۈتتۈۋەتتى. مېنىڭ خىياللىرىم پەرىشتىلەر بىلەن ئۇ دوستۇمنىڭ ئارىسىدىكى ھېساپ - سوراقلار قانداق بولۇۋاتقاندۇ دېگەندەك ھەر خىل ئىشلارنى

تەسەۋۋۇر قىلىشقا باشلىدى. ئاخىرى مەن ئۆزۈمنى بۇ قاراڭغۇلۇقتىن قۇتۇلدۇرۇشقا ۋە ئاللاھنىڭ ماڭا بەرگەن بۇ ئاگاھلاندۇرۇشلىرىدىن ئىبرەت ئېلىشقا قارار قىلدىم.

مەن ئۆزۈمنىڭ يېڭى ھاياتىنى باشلاش ئۈچۈن بىر تۈركۈم ياخشى ئەخلاقلىق دوستلارنى تاپتىم، ئۇلار بولسا ھەر دۈيشەنبە كۈنلىرى بىر مەسجىدكە دەرسكە باراتتى، مەن ئىشنىڭ دەسلىۋىدە دەرس ئوقۇش دېگەن پىكىرگە بەكمۇ ئۆچ ئىدىم، ھەتتا مەن ئۇلار بىلەن بىرگە بىر كۈنى شۇ دەرسكە ھازىر بولۇپ ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ ئاڭلىمىغۇچە ئۇلارنىڭ بۇ پىكرىنى قوللىمىدىم. مانا بۇ باشلىنىش مېنىڭ ھاياتىمدىكى ھەقىقى بىر ھاياتقا كۆز ئاچقان ئالاھىدە بىر ئۆزگىرىش بولۇپ قالدى.

مەن بۇ ئورۇندا ئۆزى پاك، ئەخلاقلىق، ئالىيجاناپ ياشلار بىلەن تونۇشتۇم، بۇلارنىڭ كۆز قاراشلىرى مىنىڭ سۆزۈمدىكى قالاق پىكىرنىڭ دەل قارشىسىدا ئىدى، مېنىڭ قاتناشقان بىرىنچى دەرسىمدە كۈلۈپ تۇرىدىغان، ناھايىتى زېرەك بىر ئۇستاز دەرس سۆزلىدى، بۇ شەيخ(ئالىم) دەرس ئارىلىغىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەشھۇر تارىخلىرىدىن ۋە ھەدىسلىرىدىن سۆزلەپ، ئاخىرەت، ئۆلۈم، ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىش ۋە ئاخىرەتتە بېرىدىغان ھېساپ توغرىسىدىمۇ قىستۇرۇپ ئۆتەتتى.

مانا بۇ دەرستە سۆزلەنگەن يېقىملىق گەپلەر مېنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى روھى ھالىتىم ۋە كۈندىلىك تۇرمۇش ھاياتىمغا ماس كېلەتتى.

مەن بۇ داموللامنىڭ سۆزلىرىدىن قاتتىق تەسىرلەندىم، شۇنىڭ بىلەن بۇ كۈندىلىك ھالقا دەرسلىرىنى تاشلىماسلىق ۋە ئۆز ھاياتىمغا تەتبىقلاپ مېڭىشنى قارار قىلدىم. دەرستىن كېيىن مېنى ئېلىپ بارغان دوستلىرىم مېنى باشقىلارغا تونۇشتۇرۇشقا باشلىدى، مەن ئۇلارنىڭ بىر ـ بىرى بىلەن دائىم ئۇچرىشىپ تۇرىدىغان ئالاھىدە بىر گورۇپپا ئىكەنلىكىنى ۋە پۇتبول مەشقلىرىگىمۇ ھازىر بولۇپ تۇرىدىغان ياشلار ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. ئۇلار تېخى كەچلىك تاماقنى سىرتتا بىرگە يەيدىكەن، ئۇلارنىڭ بۇ كۈندىلىك ھاياتى مەن ئويلىغاندەك ئۇنداق كۆڭۈلسىز ئەمەس، بەلكى، ئەڭ كۆڭۈللۈك ھايات ئىكەن. چۈنكى ئۇلار ناماز ئوقۇپ، ھەرخىل پۇتبول ئويۇنلىرىنىمۇ ئويناپ، ئىلمى دەرسلەرگىمۇ ھازىر بولۇپ، كۈندىلىك تۇرمۇشنى باشقىلارنى ياخشىلىققا چاقىرىپ كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزىدىكەن.

مەنمۇ ئۇلارغا ئوخشاش ياخشى ئادەم بولۇپ كۈندىلىك ھاياتىمنى بىكار ئۆتكۈزمەسلىك قارارىغا كەلدىم، چۈنكى مەنمۇ ئەقىل ۋە ھەر جەھەتتىن ئۇلاردىن تۆۋەن ئەمەس ئىدىم. ئەمەلىيەتتىمۇ مەن دەرسكە داۋاملىق قاتنىششنى ۋە كۈندىلىك قۇرئان ئوقۇپ تۇرۇشنى باشلىۋەتتىم، ۋە قانداق ياشاشنىڭ يولىنىمۇ بىر ئاز بىلىۋالدىم، بۇ يەردە مەسئۇلىيەت بىز ئويلىغاندەك ئۇنداق قېيىن ئەمەس ئىدى.

مانا بۇ ئاللاھ تائالا بىزگە ياشاشنى بىكىتىپ ئورۇنلاشتۇرغان ھايات ئىدى، قانداق ۋاقىتتا ئۆلۈپ كەتسەك ئاللاھ غا ئۇچرىشىشقا تەييار تۇرالىغۇدەك ۋە ئاللاھنىڭ سوئالىغا جاۋاب بېرەلىگۈدەك ھالەتكە كېلىش ئۇچۇن يۇقۇرقىدەك ئىشلارنى قىلىش كېرەك ئىدى...

كىم ئاللاھ غا ئۇچرىششنى ياخشى كۆرسە، ئاللاھ ئۇ كىشىگە ئۇچرىششنى ياخشى كۆرىدۇ. لېكىن ھازىر بىزنىڭ ئىچىمىزدىن كىممۇ ئاللاھ قا ئۇچرىششنى ياخشى كۆرىدۇ؟! توغرا، ھېچكىم ئۆلۈمنى ياقتۇرمايدۇ، ھېچكىم ئۆلۈم توغرىسىدا گەپ ـ سۆز قىلىش ۋە ئويلىنىشنى ياخشى كۆرمەيدۇ...ئەمما ھەر قانداق ئىنسان يۇقىرىقىدىن ئىبارەت ھەقىقەت ۋە ئاللاھ كۇتۇۋاتقان مەقسەت ئۇستىدە ئويدان ئويلانسا، ئىشنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتەلەيدۇ.

مەن ئاللاھنىڭ پەزلى بىلەن ياخشى ئادەم بولغاندىن كېيىن ئىنىستىتۇتنى پۈتتۈردۈم ۋە مىسىردىكى بىر چوڭ شىركەتتە بىر يىل ئىشلىدىم، بۇ يەرنى تاشلاپ دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا تارمىقى بار چوڭ بىر چەتئەل شىركىتىنىڭ ئوتتۇرا شەرق رايونىدا سېتىلىدىغان سودا ـ سانائەت بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى بولدۇم.

مانا بۇ مېنىڭ ياخشى ئادەم بولغانلىقىمدىن ئاللاھنىڭ ماڭا بەرگەن ئىنئامى ۋە پەزلى ئىدى.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:((كىم ئاللاھ دىن قورقسا ئۇنىڭغا چىقىش يولى بېرىدۇ))، (تالاق سۈرىسى، 2 ـ ئايەت).

يۇقىرىدا دېگەن گېپىمنىڭ خۇلاسىسى:

ھەقىقى بەخت ـ سائادەت ئاللاھنىڭ تائىتىگە چىڭ ئېسىلىپ بويسۇنۇشتا ۋە ئاللاھ دىن ھايا قىلىشتا بولىدۇ. ياشلار ئۆز يۇرتىدىكى كىشىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى ۋە ئۈلگىسى بولۇشى لازىم..

ئاللاھ ھەممىڭلارنى ئەڭ قىممەتلىك مۇكاپات بىلەن مۇكاپاتلىسۇن!

** قېرىندىشىمىز شەرىپ، بىز سەن بىلەن بىللە بولغانلىقىمىزدىن ئۆزىمىزنى ئىنتايىن بەختلىك ھېساپلايمىز، شۇنداقلا بىز بىلەن بىللە بولۇشۇڭنى قىزغىن قارشى ئالىمىز، سېنىڭ:"دوستلىرىم بىر ـ بىرلەپ ئۆلۈپ كەتكىلى تۇردى" دېگەن بىر ئېغىز سۆزۈڭ مېنى ھەقىقەتەن چۆچۈتۈۋەتتى، مەنمۇ شۇ سۆزۈڭگە ئىلاۋە بېرىشنى لايىق كۆرىمەن.

ھۆرمەتلىك قېرىنداشلار! ھەقىقەتەن بۇ دوستىمىزنىڭ:"ياشلارنىڭ ئۆلۈش نىسبىتى كۈندىن ـ كۈنگە ئېشىپ كېتىۋاتىدۇ" دېگەن بۇ سۆزى ئادەمنى ئۇشتۇمتۇت ئويغا سالىدۇ...

* ئەمرۇ خالىد:

شەرىپ ئەپەندىم، بۇ ھادىسىلەرنىڭ سىزگە بولغان تەسىرى قانداق بولدى؟

شەرىپ:مەن سىلەرگە ئېيتقاندەك ئۆلۈش نۆۋىتى ماڭا كەلدى دەپ تۇرغان ئىدىم، شۇ پەيتتە ئالالاھنىڭ مېنى ھىدايەت قىلىپ، ماڭا ئىنئامنى بەرگەنلىكىنى ھېس قىلدىم، قارىسام مەن تېخىچە ھايات تۇرۇپتىمەن ۋە مېنىڭ ئالدىمدا ئۆزۈمدىن ـ ئۆزۈم ھېساپ ئېلىش پۇرسىتىمۇ تۇرۇپتۇ...

* سىز كۈندۈزلىرى گۇناھ ـ مەئسىيەت قىلىپ، كېچىلىرى ئالالاھ دىن قورقۇشنى قانداقمۇ بىرلەشتۈرەلىدىڭىز؟

ـ سىلەرگە دېگەندەك، مەن دىني ئائىلىدە ئۆسۈپ چوڭ بولغان، گەرچە مەن ئۆز ئەسلىمنى ئۇنتۇپ ئۆزگىرىپ كەتكەن بولساممۇ، يەنىلا باشقا دوستلىرىمدىن ئالاھىدىرەك تۇراتتىم، ھېچ بولمىسا مەن ھەپتىدە بىركۈن جۇمە نامىزى ۋە يىلدا بىر قېتىم ھېيت نامىزى ئوقۇپ تۇراتتىم. ئەمما ئۇلارنىڭ كاللىسىدا ناماز توغرىلىق ھېچقانداق مەلۇمات يوق ئىدى، شۇڭلاشقا، مەلۇم دەرىجىدە كۆڭلۈم بىر نەرسىنى ھېس قىلىپ كەچتە ئۆيۈمگە قايتقاندا، ئۆزۈمدىن ھېساپ ئېلىپ ئۆز ـ ئۆزەمگە مالامەت قىلاتتىم.

## كۆپچىلىك سوئال تاشلىماقتا

ئەمەلىيەتتە شەرىپنىڭ باشتىن كەچۈرگەن تەجرىبىلىرى بۈگۈنكى ياشلار ئوتتۇرىسىدا كەڭ تارقالغان بىردىن بىر تەجرىبە بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. بۇنداق كىشىلەر مېنىڭ ئائىلەمدىمۇ بار. ..

مەن بىر سوئال سوراشنى ئويلاپ قالدىم:

شەرىپ ئەپەندى، سىزنىڭ بىر ناچار ھالەتتىن ياخشى ھالەتكە ئۆزگىرىشىڭىزگە سەۋەب بولغان ئامىل زادى نېمە؟ سىز بىر ياخشى مۇھىتتا ياشاپ تۇرۇپ قىلغان ئىشلىرىڭىزدىن بەخت ھېس قىلماسلىقمۇ ۋە ياكى دوستلىرىڭىزنىڭ ئارقا ـ ئارقىدىن ئۆلۈپ كېتىشىدىن ئالغان ئىبرىتىڭىزمۇ؟

ـ شەرىپ:ئەلۋەتتە ھەر ئىككى خىل ئامىل سەۋەب بولغان دېسەكمۇ بولىدۇ، چۈنكى مەن پۈتۈن كۈندىلىك ھاياتىمنى يەپ ـ ئېچىش، ئۇخلاپ ـ قوپۇش بىلەن نىشانسىز ئۆتكۈزەتتىم. مەن بۇ تۇرمۇشنى بەخت دەپ ھېساپلىمايتتىم، لېكىن بۇ مېنىڭ تۈپتىن ئۆزگىرىشىمگە ئاساس سالالمىدى، بىراق مەن نېمە قىلىشىمنى بىلەلمەي تۇرغان ۋاقتىمدا، دوستلىرىم ئارىسىدا ھەرخىل ئۆلۈم ھادىسلىرى يۈز بەرگىلى تۇردى.. مانا بۇ ھادىسىلەر مېنىڭ ھېس ـ تۇيغۇمغا تەسىر كۆرسىتىپ ئالالاھنىڭ پەزلى بىلەن مېنىڭ ياخشى ئادەم بولۇپ قېلىشىمغا سەۋەب بولۇپ قالدى.

* سىز ئالالاھ قا يېقىنلاشقاندىن كېيىن، بۇرۇن سىزگە ئوخشاش يامان ئىشلارنى قىلىدىغان ياشلارنى كۆرگەن چېغىڭىزدا، قانداق ھېسسىياتتا بولدىڭىز؟

ـ تەبىئىيكى، مەن ئۇلارغا ناھايىتى مېھرىبان بولدۇم، ئۇلاردىن ئەمەس، ئۇلارنىڭ قىلغان ئىشلىرىدىن ئىچىم سىقىلىدىغان بولدى، چۈنكى ئۇلارنىڭ ئىچىدە ناھايىتى ياخشى ئادەملەر بولۇشى مۇمكىن، بىراق ئۇلار نېمە قىلىشنى بىلمەيدۇ...

ھەرقانداق ئادەم ياخشى يولغا قايتىپ، ئۆز دىنىغا چىڭ ئېسىلغاندىن كېيىن، باشقىلارغا مەسخىرە كۆزى قارىمايدىغان بولىدۇ. لېكىن ئۇنداق ئادەم باشقىلارنىڭ ئۆزى بىلگەن نەرسىنى بىلىشكە مۇھتاج ئىكەنلىكىنى بايقايدۇ.

* ھايانىڭ بولماسلىقى بىرىنچى دۈشمەن دەپ ئويلايمەن، سىز ھايا توغرىلىق ئەتراپىڭىزدىكى بىرەرسىدىن تەسىرلەنگەنمۇ ياكى يۈز بەرگەن بىرەر ئىش بارمۇ ياكى بۇ سىزنىڭ ئىچىڭىزدىن ئۇرغۇپ چىققان ئەخلاقمۇ؟

ـ مەن سىلەرگە دېگەندەك، بىر ئادەم ئۆزىنىڭ كۆز ئالدىدا خاتا مەسىلىلەرنى كۆرۈپ تۇرسىمۇ، شۇنىڭغا تەقلىد قىلىپ ئەگىشىپ مېڭىشقا ئۇرۇنىدۇ، بىراق ئۇ مەسىللار ئۇلگە قىلىشقا يارىمايدۇ.

مەن سىلەرگە ھايا توغرىلىق ئازراق سۆزلەپ بېرەي:

مېنىڭ بىر دوستۇم جۈمە كۈنلۈكى بىر كېچىدە مەس ھالەتتە ئۆيگە قايتىدۇ. بۇنى كۆرگەن ئاپىسى، ئۆيگە كىرىشىنى رەت قىلىپ كۆز ئالدىدا ئىشىكنى تاقىۋالىدۇ. ئۇ شۇ كېچىسى ماشىنىدا ئۇخلاپ جۈمە ۋاقتىدا ئويغانسا، ماشىنىسى ئەتراپىغا بورا سېلىنىپ جامائەتلەرنىڭ جۈمە نامىزىغا يىغىلغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ، بۇنى كۆرگەن دوستۇم شۇلار بىلەن بىللە نامازغا تەييارلىق قىلماي، قوپۇپ ماشىنىنى ئايلاندۇرۇپ نامازغا كەلگەنلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىن چىقىپ كېتىدۇ، بۇ دوستۇمدىكى ھايا قېنى؟ مۇشۇمۇ ھايا بولدىمۇ ئەمدى؟!!!

ياشلار ئارىسىدىكى ھاياسىزلىقنىڭ مەسىلىرىدىن كۆرۈنۈشلەر

بىز بۇنداق ئەھۋاللارنىڭ ئۆزگىرىپ يوقاپ كېتىشىنى چىن ـ دىلىمىزدىن ئۈمىد قىلىمىز...!

قېنى ئەمىسە ھەممىڭلار ھاياسىزلىق ھەققىدە بىردىن مىسال كەلتۈرۈپ بېقىڭلار!

1. قىز ئوغۇللارنىڭ بىرلىكتە ۋېچىركا ۋە دىسكو ئوينىشى.

2. كوچىلاردا قىزلار بىلەن پەسكەش قىلىقلارنى قىلىش.

بۇ مەسىلە ھازىر ئومۇمى ياشلار ئوتتۇرىسىدا تارالغان يۇقۇملۇق ۋىرۇس بولۇپ جەمىيەتكە ئېغىر تەسىر كۆرسەتمەكتە...بۇ توغرىدا تارىختا مۇنداق بىر ئىش يۈز بەرگەن :

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا بىر تۈركۈم ئەلچىلەر بەيئەت قىلىش ئۈچۈن كەلگەن ئىدى، بۇلارنىڭ ئىچىدە قەيس ئىسىملىك بىر ئادەم بار بولۇپ، بۇ ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا

كېتىۋاتقاچ مەدىنىنىڭ كوچىلىرىنىڭ بىرىدە، مەدىنىلىك بىر قىزغا چاخچاق قىلىپ قويغان ئىدى، ئىككىنچى كۈنى بۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بەيئەت بېرىش ئۈچۈن كىرگەن ۋاقىتتا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇلارغا بىردىن ـ بىردىن ئايرىم سالام بېرىپ قەيس دېگەن ئادەمگە نۆۋەت كەلگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئادەمنىڭ قولىنى چىڭ تۇتۇپ تۇرۇپ:"تۇنۇگۈن ئەخلاقسىزلىق قىلغان ئادەم سەن شۇمۇ؟" دەپ سورىغاندىن كېيىن، بۇ ئادەم شۇك تۇرۇۋالدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەرھال بۇ ئادەمدىن يۈز ئۆرۈۋالدى، شۇ ۋاقىتتا قەيس دېگەن بۇ ئادەم:"ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! مېنىڭ بەيئىتىمنى قوبۇل قىلسىلا! مەن بۇندىن كېيىن بۇنداق ئەخلاقسىزلىقنى ھەرگىز قايتا قىلمايمەن"دەپ قەسەم قىلىپ تۇرىۋالغاندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ناھايىتى تەسلىكتە بىر ھازا تۇرۇۋېتىپ بۇ ئادەمنىڭ بەيئىتىنى قوبۇل قىلىشقا مۇۋاپىق كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئادەمنىڭ بەيئىتىنى رەت قىلىپ تۇرۇۋالغىنىغا قارىغاندا، بۇ ئىش بەكمۇ خەتەرلىك...

ھۆرمەتلىك قېرىنداشلار! بۇنداق ئەھۋال بەكمۇ خەتەرلىك، مەن ھېچقانداق بىر ئادەمنىڭ ئاپىسى ۋە بىر تۇققان ئاچىسىغا بۇنداق ئىشلار يۈز بېرىپ قالسا، ھەرگىز رازى بولۇپ قاراپ تۇرمايدىغۇ دەپ ئويلايمەن.

3. قىزلارنىڭ چىلىم ۋە تاماكا چېكىشى.

4.ئاياللارنىڭ ئارام ئېلىش كېيىملىرىنىڭ كوچىلاردا كېيىدىغان مودىغا ئايلىنىشى.

5. بۈگۈنكى ياشلارنىڭ نامۇۋاپىق، تىلغا ئېلىش ئېغىر بولغان سۆزلەر بىلەن توردا پاراڭ سېلىشى... مېنىڭ مۇشۇ ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان قىز ـ ئوغۇللاردىن ئۈمىد قىلىدىغىنىم، سىلەر ئازراق ئويلاپ بېقىڭلار! سىلەر مۇشۇنداق سەت گەپ ـ سۆزلەر بىلەن پاراڭلىشىۋاتقىنىڭلارنى ئاتا ـ ئاناڭلار كۆرسە، قانداق بولىدۇ؟

ئەگەر سىلەر ئاللاھ تائالا بىزنىڭ قىلغان ئىشلىرىمىزنى كۆرۈپ، ئېغىزىمىزدىن چىققان سۆزلىرىمىزنى ئاڭلاپ تۇرىدۇ دەپ قارىساڭلار، ئەنە شۇ ئاللاھ دىن بولسىمۇ ھايا قىلمامسىلەر!؟

بۇ سۆھبىتىمىزنىڭ ئاخىرىسىدا مەن سىلەرگە بىر ئەر بىلەن بىر ئايال ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن ھايا توغرىسىدىكى ئاجايىپ بىر مىسالنى كەلتۈرۈپ بېرەي:

ئۇ بولسىمۇ مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن ئاللاھنىڭ ياخشى بەندىسىنىڭ قىزى ئوتتۇرىسىدا بولغان مۇئامىلە. بۇ توغرىدا سۈرە قەسەس دە شۇنداق كەلگەن، مۇسا ئەلەيھىسسالام فىرئەۋندىن قېچىپ چىققان ۋاقىتتا، ئۇ قىزلار بىلەن ئۇچرىشىپ قالغان.

ئايەتتە مۇنداق بايان قىلىنىدۇ:((مۇسا ئەلەيھىسسالام مەديەندىكى بىر بۇلاقنىڭ يېنىغا كەلگەندە (چارۋىلىرىنى) سۇغىرىۋاتقان بىر توپ كىشىلەرنى كۆردى، ئۇلاردىن باشقا يەنە (قويلىرىنى) سۇغىرىۋاتقان ئىككى ئايالنى كۆردى))، (قەسەس سۈرىسى، 23 ـ ئايەت).

ئىككى ئايالنىڭ بىر چەتتە تۇرغىنىنى كۆرۈپ، مۇسا ئەلەيھىسسالام دەرھال ئۇلارنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۇلاردىن مۇنداق سورايدۇ: ((سىلەرگە نېمە بولدى؟ (يەنى قويلىرىڭلارنى سۇدىن توسۇپ تۇرۇپ قاپسىلەرغۇ؟) دېدى. ئۇلار:"پادىچىلار قويلىرىنى سۇغىرىپ بولغاندىن كېيىن، ئاندىن بىز سۇغىرىمىز، ئاتىمىز بولسا ياشىنىپ قالغان ئادەم " دېدى)). (قەسەس سۈرىسى، 23 ـ ئايات).

بۇ ئىككەيلەن مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ئۆزىنىڭ قىيىنچىلىقىنى سۆزلەپ بەردى:((مۇسا ئەلەيھىسسالام بۇ ئىككەيلەننىڭ قويلىرىنى سۇغىرىپ بېرىپلا دەرەخنىڭ سايىسىغا قايتىپ كەتتى))، (قەسەس سۈرىسى، 24 ـ ئايەت).

هايا قىلىش مۇسا ئەلەيھىسسالامنى ئۇ ئىككەيلەننىڭ خىزمىتىنى قىلىپ بېرىشتىن توسۇپ قويمىدى، لېكىن خىزمىتىنى قىلىپ بېرىپلا ئۆزىنى چەتكە ئالدى.

(( ئۇلارنىڭ ( يەنى ئىككى ئايالنىڭ) بىرى مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا ئۇياتچانلىق بىلەن مېڭىپ كېلىپ:"قويلىرىمىزنى سۇغىرىپ بەرگەنلىكىڭنىڭ ھەققىنى بېرىش ئۇچۇن ئاتام سىنى چاقىرىۋاتىدۇ)دېدى)) (قەسەس سۈرىسى، 25ـ ئايەت).يەنى بۇ ئايالنىڭ مېڭىش تۇرۇشى ۋە سۆز ـ ھەرىكىتى ئۇياتچانلىق ۋە هايا بىلەن بولدى...

ھۆرمەتلىك قېرىنداشلار! بىز دەۋاتقان هايا ۋە ئۇياتچانلىق مانا مۇشۇنىڭدىن ئىبارەت.

گەپنى تاماملاشتىن ئىلگىرى بىزنىڭ يەنە تەكىتلەيدىغىنىمىز:ئاللاھ دىن هايا قىلىش بۇ كائىناتتىكى نەرسىلەرنىڭ ئالدىنقى قاتارىدا تۇرۇشى كېرەك.

ھۆرمەتلىك ياشلىرىمىز! بالا ـ چاقا ۋە قىز ئاياللىرىمىز! بىز بۇ دۇنيادا ئاللاھ دىن هايا قىلمىساق، ئاللاھنىڭ ئالدىغا بارغاندا نېمە ئىش قىلىمىز؟ گۇناھ قىلمىشىڭنى سۆزلەپ باق دېگەندە نېمە دەپ جاۋاب بېرىمىز؟!!!

بىز داۋاملىق ئاخىرەتكە تەييارلىق قىلىشىمىز ئۇچۇن ئاللاھ دىن دۇنيادا هايالىق بولۇشىمىزغا ئۆز ئارا دۇئا قىلىشىپ تۇرايلى!

ھەممىڭلارغا رەھمەت، ئاللاھ ھەممىمىزنىڭ قىلغان ياخشى ئىشلىرىنى قوبۇل قىلسۇن. ئامىن!

# تەۋبە توغرىسدا

كىرىش سۆز

بۇ بىر تۇتاش رىسالە كاللىغا كەلگەن گەپلەرنى يۇزەكىلا يېزىپ قويۇش ئەمەس، بەلكى بۇ ئىسلام تەشۋىقاتچىسى ئۇستاز ئەمرۇ خالىد بىلەن بىر تۇركۇم ياشلار ئوتتۇرسىدىكى"چىن يۇرەكتىكى سادا"سەرلەۋھەلىك ئۇچۇق سۆھبەت خاتىرسىدىن ئىبارەت يۇرەكنى تىترەتكۇچى جانلىق دىئالوگنىڭ نەتىجىسىدۇر.

بىز جانلىق سوقۇقۇچى شۇ يۇرەكنىڭ سادالىرىنى سىلەرگە سونۇشنى ئىرادە قىلدۇق، شۇنىڭدەك ئاممىباب چۇشۇنۇشلۇك بولشىغا كۇچىمىزنىڭ يىتىشچە تۇرۇندۇق.

ياخشى دۇئالىرىڭلاردا ئۇنتۇپ قالماي ياد ئىتىپ تۇراسىلەر!

ـ نەشرىياتتىن

بۇ رىسالە تۆۋەندىكى تېمىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ :

1. سىز تۆۋبىگە مۇھتاج.
2. سىز تەستىقلاڭ ياكى تەستىقلىماڭ، ئۆمورنىڭ گۇناھلىرى بىردەمدىلا مەغپىرەت قىلىنىدۇ.
3. ياشلار تۆۋبە توغۇرلۇق سۆزلىشۋاتىدۇ.
4. تۆۋبىنىڭ شەرتلىرى.
5. ئۇلارنىڭ ئۆز ئېغىزى بىلەن دەپ بەرگەن سەرگۇزەشتىلىرى.
6. تۆۋبە بىر قېتىمدىلا تۇگەپ ئاخىرلىشامدۇ ياكى يېڭىلىنىپ تۇرامدۇ؟
7. ئى ئاسى ئىنسان ! كىچىككىنە ۋاقىت سېنى چوڭ ئىشقا ئېلىپ باردۇ. ..

ناھايتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن

مەن بۇ رىسالىنى گۇناھلىرى ئېغىر كەلگەن كىشىلەرگە، گۇناھنىڭ تەسرى بىلەن قەلبى تارلىقنى، نەپسى سىقىلىشنى، يۇزىدە قايغۇ ـ ئەلەمنى ھىس قىلغان كىشىلەرگە...

ۋە ھەممە نەرسە قولىدا تۇرۇپ ھاياتنىڭ، كۇلكىنىڭ، ئارزۇنىڭ، كەلگۇسى ئىستىقبالىنىڭ ۋە ئەتىنىڭ تەمىنى ھېس قىلالمىغانلارغا. ..

شۇنىڭدەك، ھەقىقى ساپ پاكىز ھاياتلىققا ئېنتىلگۇچىلەرگە ھەدىيە قىلىمەن.

ھەقىقى تۆۋبە قىلىپ ئاللاھ غا قايتىش

تەۋبە قىلغۇچىدىن مەقسەت نېمە؟

تەۋبە قىلغۇچى دېگىنىمىز ئۇ، چىن قەلبىدىن ھەقىقى ئاللاھ غا ئىلتىجا قىلىپ، قىلغان بارلىق ناچار ئىشلىرىغا پۇشايمان قىلىپ ئاللاھ تەرەپكە قايتقان كىشىدۇر. ..

مانا بۇ بىز سۆزلىمەكچى بولغان ئاساسى تېما، شۇنىڭ ئۈچۈن بىز مۇشۇ تېمىنى چۆرىدىگەن ھالدا ئىنچىكە توختىلىپ ئۆتىمىز.

خۇسۇسەن مەن ئۆمۈمەن سىلەر ھەممىمىز ئاللاھ غا ھەقىقى تەۋبە قىلىشنى خالايمىز. ..

بەزى كىشىلەر بىز بىر ئۇبدان ساغلام يول بىلەن ياشاۋاتساق بىز يەنە نېمە ئىش قىلىمىز؟! دېيىشى مۇمكىن. .. لېكىن مەن دەيمەن : بىز ناھايىتىمۇ كۆپ ئىشلارغا دوچ كىلىۋاتىمىز، بىزدە مۇشكۇلە( قىيىنچىلىق) كۆپ، بىزنىڭ گۇناھلىرىمىز ناھايىتى كۆپ، مەن شۇنداق دىيەلەيمەنكى ئەتراپىمىزدا "چوڭ گۇناھ" قا چۈشۈپ قالغان نۇرغۇن كىشىلەر بار. ..

مەن بۇنى تۆھمەتمۇ دەي ـ لېكىن ئەمەلىيەتتە نۇرغۇن ياشلار ئاتا ـ ئانىلىرىنى قاقشىتىۋاتىدۇ، ئاتا ـ ئانىلارنى قاقشىتىش چوڭ گۇناھ ئەمەسمىكەن ؟ سىلەر ئاتا ـ ئانىلارنى قاقشىتىشنىڭ ئىسلامدىكى تۈتىنچى چوڭ گۇناھ ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالماسلىقىڭلار لازىم ! ئانىنىڭ كۆز يېشى ئاللاھ تائالانىڭ قاتتىق غەزىپىگە سەۋەب بولىدۇ ئەمەسمۇ؟ ياخشى ئوقۇمىغان ياكى نىشە چەككەن ئوغلىدىن كۆڭلى ئازار يېگەن دادا بولسۇن، ياكى قىزى ئائىلىسىنىڭ كىملىكى نامەلۇم بىر ئوغۇل بالىغا ئەگىشىپ كەتكەنلىك سەۋەبىدىن داۋاملىق يىغلايدىغان ئانا بولسۇن، مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى تۆۋبىگە مۇھتاج ئەمەسمۇ؟ مۇشۇ ئىشلار چوڭ گۇناھنىڭ قاتارىدىن ئەمەسمىكەن؟... سىز ئاتا ـ ئانىڭىزنىڭ غەزىپىنىڭ تارازا ميزاندا بارلىق يامان ئىشلاردىن، بەلكى بىر يىل ئىككى يىل ئۈچ يىلدا قىلغان مىڭلىغان گۇناھلاردىن ئېغىر ئىكەنلىكىنى بىلەمسىز ؟ ئۇنداقتا بىزدە تۆۋبە قىلىشقا تېگىشلىك چوڭ گۇناھلار بار. .. سىز ھاراق ئىچكەن كىشىلەرنىڭ قاتارىدىن بولماسلىقىڭىز ياكى زىنا قىلغان كىشىلەرنىڭ قاتارىدىن بولماسلىقىڭىز مۇمكىن، لېكىن ئاتا ـ ئانىنى قاقشاتقان بولسىڭىز بۇ ئەڭ چوڭ گۇناھلارنىڭ قاتارىدىن ھېساپلىنىدۇ. ..

## ئۇنداقتا سىز تۆۋبىگە مۇھتاج

قانچىلىغان كىشىلەر بار، رامىزان ئايلىرىدا ناماز ئوقۇپ رامىزاندىن كېيىن ئوقۇمايدۇ، شۇنىڭدەك يىگىرمە يىلدىن بىرى بومدات نامىزى ئوقۇمىغان كىشىلەر بار. .. بومدات نامىزى پەرزلەرنىڭ قاتارىدىن ئەمەسمۇ؟ بىز نامازنى تەرك ئېتىشنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ غەزىپىنى قوزغايدىغان چوڭ گۇناھ ئىكەنلىكىنى بىلەمدۇق؟ ناماز دېگەن دىنىنىڭ تۈۋرۈكى قانداقلىكى ئادەم ئۇنى ئۆرۈۋېتىدىكەن دىننى ئۆرۈگەن بولىدۇ. ئۇنداقتا نامازنى تەرك ئېتىش چوڭ پاجىئە ھېساپلىنىدۇ. .. ئۇ يەردە "سەقەر"

ئىسمىلىك بىر دوزاخ بار ئاشۇ دوزاخ توغرۇلۇق ئاللاھ سۇبھانەھۇ ۋەتەئالا مۇنداق دەيدۇ : « ئۇلار جەننەتلەردە بولۇپ، گۇناھكارلاردىن : "سىلەرنى دوزاخقا كىرگۈزگەن نېمە؟" دەپ سورايدۇ. (ئۇلار جاۋابەن) ئېيتىدۇ : "بىز ناماز ئوقۇمىدۇق. مىسكىنلەرگە تائام بەرمىدۇق. بىز بىھۇدە سۆز قىلغۇچىلار بىلەن بىھۇدە سۆز قىلاتتۇق. قىيامەت كۈننى ئىنكار قىلاتتۇق، تاكى بىز ئۆلگۈچە (شۇنداق قىلدۇق)». مۇددەسسىر سۈرىسى 42 دىن 47 ـ ئايەتلەر.

ئاشۇ دوزاخ توغرۇلۇق ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ : ئۇ دوزاخ ھېچ ئادەمنى بوش قويۇۋەتمەيدۇ، ئۇنىڭغا تاشلانغان ھەر قانداق ئادەمنىڭ ئەزالىرى قايناپ تىتما ـ تىتما بولۇپ كىتىدۇ، ئاندىن يېڭىدىن ئەسلىگە كىلىپ يەنە تىتما ـ تىتما بولۇپ كىتىدۇ، ئازاپ مانا شۇنداق داۋاملىشىدۇ. .. دوزاخ دەرۋازىسىدا تۇرغان مالائىكىلەر خۇددى ئۇلارغا شاپائەت قىلىدىغاندەك ئۇلاردىن : "سىلەرنى بۇ يەرگە نېمە كىرگۈزدى ؟ دەپ سورايدۇ. ئۇلار جاۋابەن " بىز ناماز ئوقۇمىغان ئىدۇق دەيدۇ.

بىز ئاللاھ تائالا نىڭ مەرھەمىتى بىلەن چوڭ گۇناھلاردىن قاچىتقىمۇ دەيلى. .. ئۇنداقتا سىز ھەر كۈنى قىلىۋاتقان مىڭلىغان كىچىك گۇناھلارغا قاراپ بېقىڭ ! مەسىلەن : ئۆتكەن ھەپتە قانچىلىغان ھارام ئىشلارنى خىيال قىلغانسىز. .. خانىم قىزلار بىر بىرى بىلەن قانچىلىغان غەيۋەت ـ شىكايەتلەرنى قىلغاندۇ. .. مەن بۇ گەپلەرنى سىلەرنىڭ ئىچىڭلارنى سىقىش ئۈچۈن دەۋاتمايمەن، لېكىن بۇ ئارىمىزدا بولاۋاتقان رىئاللىق. .. بىز تۆۋبىنىڭ گۈزەللىكىنى، گۇناھنىڭ قەبىھلىكىنى ھېس قىلىشىمىز لازىم. . گۇناھىمىزنى ئېتىراپ قىلىش باشتا بىرئاز ئەلەملىك تۇيۇلسىمۇ، لېكىن ئاللاھ ئالدىدا بۇنىڭغا پىسەنت قىلماستىن دەرھال تۆۋبە قىلىشىمىز لازىمدۇر.

ھەر كۈنى كەچتە سىزنىڭ ئۆتكۈزگەن كۈنىڭىز توغرۇلۇق بىرىدە ياخشىلىق يەنە بىرىدە يامانلىق يېزىلغان ئىككى پارچە كىتاپ كەلتۈرۈلسە، سىز بۇنىڭغا نېمە دەرسىز؟ ياخشىلىق، يامانلىق تارازىللىرىغا يېزىلغان نۇرغۇن كەلىمىلەر بار. سىز بۇنىڭغا قانداق قارايسىز ؟ بۇگۈن شۇ ئىشلارنىڭ نەتىجىسى زادى قانداق بولا ؟! سىز ئاللاھ غا ئىتائەت قىلامسىز ياكى ئاللاھ غا ئاسى بولامسىز؟ بۇنىڭغا ئۆزىڭىز بىرنېمە دەڭ! شەكسىزكى بىز ئۆزىمىزنى تەكشۇردىغان بولساق، بىز ئۆزىمىزدە مىڭلىغان گۇناھلارنى تاپىمىز، ئۇنداقتا بىز قاتتىق تۆۋبىگە مۇھتاج.

تابىئىنلارنىڭ بىرى بولغان (سۇفيان سەۋرى) ئەينى ۋاقىتتا ناھايىتىمۇ گۈزەل بىر كەلىمىنى تىلغا ئېلىپ مۇنداق دېگەن ئىدى:" مەن بىر كۈنى ئولتۇرۇپ گۇناھلىرىمنى ساناپ باقتىم". .. ـ قاراڭلار ماۋۇ ئادەمنىڭ كىلەچەككە بولغان كۆڭۈل بۆلىشىگە! كىلەچەك ئۇنىڭ نەزىرىدە بالىمۇ ئەمەس، خوتۇنمۇ ئەمەس ۋە ياكى مال ـ دۇنيامۇ ئەمەس لېكىن مۇستەقبەل ئۇنىڭ نەزىرىدە جەننەت بىلەن دوزاخ. .. ـ ئۇ سۆزىنى

داۋاملاشتۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ : مەن بىر كۈنى ئولتۇرۇپ گۇناھلىرىمنى ساناپ باقسام، يىگىرمە بىر مىڭ گۇناھ چىقتى. ــۋەھالەنكى ئۇ شەرەپلىك تابىئىن تۇرۇپمۇ يىگىرمە بىر مىڭ چىقتى ـ ئۇ ئۆز نەپسىگە شۇنداق دىدى: " ھەي سۇفيان! سەن يىگىرمە بىر مىڭ گۇناھ بىلەن پەرۋەردىگارىڭغا ئۇچۇرۇشامسەن؟ ھەر بىر گۇناھ توغۇرلۇق سەندىن سوراپ قالسا نىمە دەرسەن؟ سەن ئاشۇ ۋاقىتتا ئۆزەڭنى ساھابىلەرنىڭ ئەۋلادى بولغان شەرەپلىك تابىئىن دەپ خىيال قىلامسەن؟...

ھەي. .. بىزنىڭ گۇناھلىرىمىز ناھايىتىمۇ كۆپ. .. بەزىدە يامانلىق تارازا پەللىسىگە ناھايىتىمۇ چوڭ گۇناھلار قويۇلىدۇ، ھېچقايسىمىز ئۇنىڭغا دىقەت قىلىپمۇ كەتمەيمىز بەلكى بىز ئۇنى ئاددىغىنا ئىش دەپ قىلغان بولىشىمىز مۇمكىن. ئانىڭىزنى بوزەك قىلىڭ ياكى دادىڭىزنى ئاغزىڭىزنىڭ ئۇچىدا " ئوھوي" دەپ كىنايە ئارلاش ئازار بېرىڭ، بۇ ئاخىردا نۇرغۇن مۇسىبەتلەرگە ( خـاپىلىقلارغا) سەۋەب بولىدۇ. ..

ئۇنداقتا بىز كۆپلىگەن ھاجەتلىرىمىز ئۈچۈن تۆۋبىگە مۇھتاج. . بىزگە ئاللاھ نىئمىتىنى ياغدۇرۇپ بەرسە تېخىچە شۈكۈر قىلمىغانلىقىمىز ئۈچۈن بىز تۆۋبىگە مۇھتاج. چۈنكى ئاللاھنىڭ بىزگە بەرگەن نىئمىتىنى ئاشۇ ۋاقىتتا نۇرغۇن كىشىلەر تاپالمىغان ئىدى. ئويلۇنۇپ بېقىڭلار نىئمەتكە شۈكۈر قىلماسلىق تۆۋبىگە مۇھتاج ئەمەسمۇ؟

بىز يىگىرمە ياكى ئوتتۇز يىلنىڭ مابەينىدە پەرۋەردىگارىمىزنىڭ يولىدىن ئېزىپ قالغان كىشىلەر بولغانلىقىمىز ئۈچۈن تۆۋبىگە مۇھتاج. چۈنكى يامان ئىشلارغا يېقىنلىشىپ قالغان كىشىلەر ئۇنى تەرك ئېتىشى مۇمكىن، چوڭ گۇناھلارنى قىلىپ سالغان كىشىلەر ئۇنىڭدىن قول ئۈزۈشى مۇمكىن، لېكىن پەرۋەردىگارىمىز ئاللاھ سۇبھانەھۇ ۋەتەئالا نىڭ " جىنلارنى، ئىنسانلارنى پەقەت ماڭىلا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن ياراتتىم" دېگەن سۆزىنى ئۇنتۇپ قالغان ئادەمنىڭ غـاپىللىقى ئاللاھ غا ئاسى بولغان ئادەمدىنمۇ قاتتىقتۇر، ئۇ قاتتىق تۆۋبىگە مۇھتاج بولىدۇ.

ھەي. .. ھەممىمىز مۇسىبەتكە چۈشۈپ قالدۇق. .. بىزدە قىينچىلىقىمىز كۆپ. .. بىزنىڭ گۇناھلىرىمىزمۇ كۆپ. ..

كېلىڭلار ! بىز توغۇرلۇق پەۋەردىگارىمىز نىمە دەيدۇ، بىزنى نىمە دەپ چاقىرىدۇ؟ بىز ئورتاق بىر قاراپ باقايلى !

ئاللاھ تابارەكە ۋەتەئالا مۇنداق دەيدۇ : «ئى مۇھەممەد! مېنىڭ تىلىمدىن) ئېيتقىنكى، "( گۇناھلارنى قىلىۋېرىپ ) ئۆزلىرىگە جىنايەت قىلغان بەندىلىرىم ! ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدسىزلەنمەڭلار. ئاللاھ ھەقىقەتەن (خالىغان ئادەمنىڭ ) جىمى گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىدۇ، شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر. سىلەرگە ئازاپ كېلىپ، ياردەمگە

ئېرىشەلمىگىنىڭلاردىن بۇرۇن پەرۋەردىگارىڭلار تەرەپكە قايتىڭلار ۋە ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىڭلار. »، زۇمەر سۈرىسى 53 ـ 54 ـ ئايەت.

مانا بۇ بىز باشلىغان " غەم ـ قايغۇ " دىن كېيىن بىزنىڭ گۇناھلىرىمىز، كەمچىلىكلىرىمىز ئەسلىتىلىپ بۈيۈك ئاللاھ تەرىپىدىن بىزگە بېرىلگەن چىقىش يولى...

سىز تەستىقلاڭ ياكى تەستىقلىماڭ 20 يىللىق ياكى ئۇنىڭدىن كۆپرەك گۇناھلار چىن يۈرەكتىن چىققان تۆۋبە بىلەن ئاللاھ خالىسا بىردەمدىلا مەغپىرەت قىلىنىدۇ.

« پەرۋەردىگارىڭلار تەرەپكە قايتىڭلار. ..»، 54 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى. ئاللاھ غا تەسلىم بولۇپ ئاللاھ تەرەپكە ئۆتۈڭلار ! ـ سوئال ـ ئاللاھ يۇقارقى سۆزى بىلەن بىزدىن نېمىنى خالايدۇ؟ ـ جاۋاپ ـ« ئاللاھ سىلەرنىڭ تەۋبەڭلارنى قوبۇل قىلىشنى خالايدۇ ». نىسا سۈرىسى 27 ـ ئايەت

شۇنىڭدەك يەنە ئاللاھ تائالانىڭ تۆۋەندىكى ئايىتىگىمۇ قاراپ بېقىڭلار! « ئاللاھ سىلەرنىڭ يۈكۈڭلارنى يېنىكلىتىشنى" يەنى شەرىئەت ئەھكاملىرىنى سىلەرگە ئاسانلاشتۇرۇشنى " خالايدۇ. ئىنسان "نەپسى خاھىشىغا خىلاپلىق قىلىشتىن" ئاجىز يارىتىلدى». نىسا سۈرىسى 28 ـ ئايەت.

ئەگەر سىز تەۋبە قىلمىسىڭىز قىيامەت كۈنى ناھايىتى ئېغىر كۈنگە قالىسىز، بىز ئاجىز بولغانلىقتىن ئاللاھ بىزدىن يە ڭگىللىتىشنى خالاۋاتىدۇ. .. ئاللاھ تائالانىڭ تۆۋەندىكى سۆزىنى مۇلاھىزە قىلىپ بېقىڭلار !

«ئۇلار ئاللاھ غا ئىككىنچى بىر مەبۇدنى شېرىك قىلمايدۇ، ئاللاھ ھارام قىلغان ناھەق ئادەم ئۆلتۈرۈش ئىشىنى قىلمايدۇ، زىنا قىلمايدۇ، كىمكى بۇ "گۇناھلار" نى قىلىدىكەن، " ئاخىرەتتە " ئۇ جازاغا ئۇچرايدۇ. قىيامەت كۈنى ئۇنىڭغا ھەسسىلەپ ئازاپ قىلىنىدۇ، ئۇ مەڭگۈ ئازاپ ئىچىدە خارلانغان ھالدا قالىدۇ. پەقەت " ئۇلارنىڭ ئىچىدىن" " بۇ دۇنيادىكى چېغىدا " تەۋبە قىلغان، ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارلا بۇ ھالدا قالمايدۇ، ئاللاھ ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنى ياخشىلىققا ئالماشتۇرىدۇ، ئاللاھ تولىمۇ مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر ۋە مەرھەمەت قىلغۇچىدۇر ». پۇرقان سۈرىسى 68 ـ ئايەتتىن 70 ـ ئايەتلەر.

بۇ يامان ئىشنى قىلىۋىرىپ يۈزەكىلا تەۋبە قىلىپ قويسا گۇناھلار تەلتۆكۈس مەغپىرەت قىلىنىدۇ دېگەنلىكىمۇ ئەمەس، بۇ پەقەت ھەقىقى تەۋبە قىلىپ، ئىخلاس بىلەن ياخشى ئەمەللەرنى قىلساق ئاللاھ ئۆتكۈزگەن يامانلىقلىرىمىزنى ياخشىلىققا ئۆزگەرتىپ بېرىدۇ دېگەنلىكتۇر.

مەسىلەن: مەلۇم بىر ئادەم ئازغۇنلۇقتا بەش يىل ناماز ئوقۇماي تەرك ئەتتى دەيلى، ئۇ، ئاللاھ نى تونۇپ چىن يۈركىدىن ھەقىقى تەۋبە قىلىپ نامازنى سۈننەتلىرى بىلەن

تولۇق ئادا قىلىپ، ئاللاھ بۇيرۇغان بارلىق ياخشى ئىشلارنى قىلىپ، يامان ئىشلارنى تەرك ئەتسە، ئۇنىڭ ئىلگىرى ئازغۇنلۇقتا قىلغان بەش يىللىق گۇناھلىرى ئاللاھ تەرىپىدىن مەغپىرەت قىلىنىدۇ.

.. . ئى ئاللاھ سەن نېمە دېگەن كەرەملىك ـ ھە !!! سىنى ھەممىدىن پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمەن... شۇنىڭدەك يولباشچىمىز پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەممۇ تەۋبە توغورلۇق سۆزلەپ ناھايىتى مۇلايىم بىر ئىنساننىڭ قىسسىسىنى ھىكايە قىلىپ مۇنداق دەيدۇ : " قىيامەت كۈنى پەرۋەردىگارىمىز تابارەكە ۋەتەئالا ئاشۇ ئىنسانغا خىتاپ قىلىپ :" ئى بەندەم! نامە ـ ئەمەل دەپتىرىڭنى ئوقۇغىن " دەيدۇ، ئۇ ئىنسان نامە ـ ئەمەل دەپتىرىنى ئوقۇغاندىن كېيىن ساناپ تۈگەتكۈسىز گۇناھلىرىنى كۆرىدۇ ـ دە، كۆڭلىدە " مەن ئەمدى ھالاك بولۇپ تۈگىشىدىغان بولدۇم، يۈزۈم قارا بولىدىغان بولدى" دەپ ئويلايدۇ. شۇ ئەسنادا ئاللاھ سۇبھانەھۇ ۋەتەئالا ئۇنىڭغا يەنە خىتاپ قىلىپ " ئى بەندەم ! نامە ـ ئەمەلىڭنى يەنە بىر قېتىم ئوقۇغىن" سەن تەۋبە قىلغان ئەمەسمۇ؟ دەپ ئۇنىڭغا ئەسلىتىدۇ.. شۇ ۋاقىتتا ئۇ، ئىنسان" شۇنداق ئى پەرۋەردىگارىم مەن راستىنلا تەۋبە قىلغان ئىدىم " دەيدۇ، ۋە نامە ـ ئەمەل دەپتىرىنى قايتا ئوقۇپ بارلىق يامان ئىشلىرىنىڭ ياخشىلىققا ئۆزگەرگەنلىكىنى كۆرىدۇ. ئۇ پىكىر قىلىپ " مەن نۇرغۇن يامان ئىشلارنى قىلغان بولساممۇ ( چىن دىلىمدىن تەۋبە قىلغانلىقىم ئۈچۈن ) ھازىر ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ ياخشىلىققا ئېرىشىپتىمەن دەيدۇ ـ دە، پەرۋەردىگارى ئاللاھ قا يۈزلىنىپ:"ئى پەرۋەردىگارىم! مېنىڭ يەنە مالائىكىلەر يازماي قالغان نۇرغۇن گۇناھلىرىم بار، مەن ئۇنى ئۆزەم ناھايىتى ئوبدان بىلىمەن"دەيدۇ. ..

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى سۆزلەپ بېرىۋاتقان چاغدا (كۈلۈمسىرەپ)ئۇنىڭ شەرەپلىك ئېزىق چىشلىرى ئاشكارا بولغان ئىدى. ..

تەۋبىنىڭ گۈزەللىكىنى كۆرگەنسىلەر. . ئۇ نېمە دېگەن كۆڭۈللۈك ـ ھە!

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يەنە بىر ھەدىسىنى مۇلاھىزە قىلىپ بېقىڭلار ! ئۇ مۇنداق دەيدۇ :"ئى خالايىق سىلەر ئاللاھ غا تەۋبە قىلىڭلار. ئاللاھ دىن مەغپىرەت تىلەڭلار. مەن ھەر كۈنى ئاللاھ غا يۈز قېتىم تەۋبە قىلىپ يۈز قېتىم مەغپىرەت تىلەيمەن".

بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان، مەنىسىنى مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ئاللاھنىڭ ئەلچىسى پەيغەمبىرىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم گۇناھلاردىن خالى تۇرسا، ۋاھالەنكى سىز خاتالىشىدىغان بەندە تۇرۇپ، ئاللاھنىڭ ئەلچىسى ھەركۈنى يۈز قېتىم ئاللاھ غا تەۋبە قىلىپ، ئاللاھ دىن مەغپىرەت تىلەيدىكەن، سىز ئېھتىمال ئون يىلدىن بۇيان بىرەر قېتىممۇ ئاللاھ غا تەۋبە قىلىپ باقمىغانسىز ؟!!

ئىبنى ئۆمەر مۇنداق دەيدۇ :" بىز رەسۇلۇللا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بىر ئولتۇرۇشتا يۈز قېتىم : ئى پەرۋەردىگارىم ! مېنى مەغپىرەت قىلغىن. تەۋبەمنى قۇبۇل قىلغىن. شەكسىزكى سەن تەۋبىنى قۇبۇل قىلغۇچىسەن، ناھايىتى مېھرىباندۇرسەن" دېگەنلىكىنى سانىغان ئىدۇق. تىرمىزى ۋە ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان

يەنە بىر قېتىم پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ساھابىلەر بىلەن سۆزلىشىۋىتىپ بىر ئاز شۇك تۇرىدۇ، ئاشۇ ۋاقىتتا ساھابىلەر ئۇنىڭ "ئاللاھ دىن مەغپىرەت تىلەيمەن، ئاللاھ غا تەۋبە قىلىمەن. . ئاللاھ دىن مەغپىرەت تىلەيمەن، ئاللاھ غا تەۋبە قىلىمەن " دېگەنلىكىنى ئاڭلايدۇ. . ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە بىر ئاز سۆزلەپ ئاندىن ئىككىنچى قېتىم يەنە ئاللاھ دىن مەغپىرەت تەلەپ قىلىش ۋە ئاللاھ غا تەۋبە قىلىش ئۈچۈن يەنە شۇكلاپ قالاتتى. ..

ئەبۇ مۇسادىن رىۋايەت قىلىنغان پەيغەمبەر سەلەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنۇ سۆزىنى ئاڭلاپ بېقىڭ ! ئۇ مۇنداق دەيدۇ :" ئاللاھ ئەززۇ ۋەجەللە كۈندۈزى يامان ئىش قىلغان ئادەمنىڭ تەۋبىسىنى قۇبۇل قىلىش ئۈچۈن كېچىدە قولىنى يايىدۇ. كېچىسى يامان ئىش قىلغان ئادەمنىڭ تەۋبىسىنى قۇبۇل قىلىش ئۈچۈن كۈندۈزى قولىنى يايىدۇ. ھەتتا كۈن مەغرىپتىن چىققانغا قەدەر " بۇ ھەدىسنى مۇسلىم رىۋايەت قىلغان

ئەسلىدە قولىنى يېيىشقا تېگىشلىك كىشى كىم ؟ ئەلۋەتتە مۇھتاج بولغان ئادەم. مۇھتاج بولغان ئادەم كىم ؟ ئەلۋەتتە بەندە. لېكىن ئاللاھ سېخىلىق قىلىپ قولىنى بەندىگە ئېچىپ يېيىۋاتىدۇ.

ۋە يەنە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ تۆۋەندىكى سۆزىگە قۇلاق سېلىپ بېقىڭ! ئۇ مۇنداق دەيدۇ:" پەرۋەردىگارىمىز كېچىنىڭ ئاخىرقى ئۈچتىن بىرىدە دۇنيا ئاسمىنىغا چۈشۈپ ( كىم تەۋبە قىلىدۇ؟ مەن ئۇنىڭ تەۋبىسىنى قۇبۇل قىلىمەن. كىم مەغپىرەت تەلەپ قىلىدۇ؟ مەن ئۇنى مەغپىرەت قىلىمەن " دەيدۇ. ئاللاھ ھەر كۈنى بومداتتىن تەخمىنەن ئۈچ يېرىم سائەت ئىلگىرى بىز تەرەپكە يۈزلىنىدۇ. ..

سىز پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بىزگە بەرگەن مۇنۇ خەۋىرىنى ئويلاپ بېقىڭ! ئۇ مۇنداق دەيدۇ :" ئاللاھ بەندىسىنىڭ تەۋبىسى بىلەن خۇشال بولىدۇ " سىز ئويلاپ بېقىڭ ! سىز بىر قانچە يىلدىن بىرى ئاللاھ غا ئاسى بولۇپ چوڭ گۇناھلارنى قىلدىڭىز، ئاندىن سىز مەلۇم بىر كۈنى " ئى پەرۋەردىگارىم ئاللاھ! مەن چىن دىلىمدىن تەۋبە قىلدىم، گۇناھ ئىشلارنى ئىككىنچى قىلمايمەن" دېسىڭىز ئاللاھ مۇشۇ تەۋبىدىن مەمنۇن بولىدۇ.

## ياشلار سۆزلىشۋاتىدۇ

**A:**

مېنىڭ تەۋبە توغۇرلۇق بىر ھېكايەم بار، مەن داۋاملىق ئاتا ـ ئانام بىلەن تاكاللىشىپ بەزىدە ئەۋازىم يۇقىرى كۆتىرىلەپ كىتىپ ئۇلارغا ئازار بېرىپ قويىاتتىم، مەن ئاتا ـ ئانىنى ئاچچىقلىتىشنىڭ چوڭ گۇناھ ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن ئاتا ـ ئانامنى رازى قىلىپ گۇناھىمنى يۇيۇش ئۇچۇن ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشقا باشلىدىم. مەن ئاتا ـ ئانامنىڭ ئاچچىغى كىلىدىغان ئىشنى ئىككىنچى قىلماسلىققا قەتئى بەل باغلىدىم.

شۇندىن كېيىن ئاچچىغىم كەپقالسا، دەرھال تاھارەت ئېلىپ ئىككى رەكئەت تەۋبە نامىزى ئوقۇپ نېرۋامنى تېنچلاندۇرۇش ئۇچۇن ئاللاھ غا ئىلتىجا قىلىدىغان بولدۇم. ئىلگىرى بۇ ئىش بىرئاز قېيىن تۇيۇلغان بولسىمۇ ئاللاھ غا شۇكرى ھازىر ئاللاھ تائالا نىڭ قەلبىمنى ئىسلاھ قىلىشى بىلەن ئاتا ـ ئانامنىڭ ئالدىدا قەتئى يۇقىرى ئاۋاز بىلەن گەپ قىلالمايدىغان بولۇپ قالدىم، مانابۇنى ئاللاھ تائالانىڭ ماڭا بولغان مەرھەمىتى دەپ قارايمەن...

B :

بۇ نېمە دېگەن ياخشى ئىش، ماڭا سىنىڭ ئىككى رەكئەت تەۋبە نامىزى دېگەن گېپىڭ ئالاھىدە تەسىر قىلدى، مەن سىنىڭ شۇ ئىشىڭنى ئۈلگە قىلماقچى بولۇۋاتىمەن. چۇنكى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەممۇ بىر ھەدىسىدە مۇنداق دېگەن ئىكەن :" كىمكى بىرەر گۇناھ ئىشنى قىلىپ سالغان بولسا، دەرھال تاھارەت ئېلىپ ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇپ تەۋبە قىلسۇن. .."

بەزى ئادەملەر بىرەر ھەدىس قۇددۇسىنى ياكى تەۋبە توغۇرلۇق سۆزلەنگەن بىرەر ئايەتنى ياكى پەرۋەردىگارىمىزنىڭ بەندىلىرىگە بولغان مېھرىبانلىقىنى ئاڭلىسىمۇ، ئۆزىنىڭ بارلىق گۇناھلىرىنىڭ (ئەگەر ھەقىقى تەۋبە قىلسا) ئاسانلا مەغپىرەت قىلىنىشىنىڭ مۇمكۇن ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەيدۇ. ..

ئەمەلىيەتتە كىشلەر يىگىرمە يىللىق گۇناھىنىڭ (ئەگەر ھەقىقى تەۋبە قىلسا) بىردەمدىلا مەغپىرەت قىلىنىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ. . مەن سىزگە شۇنداق قەسەم قىلىمەنكى ئاللاھ خالىسا ئاشۇ ئىش چوقۇم مۇمكىن. ئەگەر ئىشەنمىسىڭىز ئەبى زەر دىن رىۋايەت قىلىنغان ماۋۇ ھەدىسكە قاراپ بېقىڭ ! "ئۇ مۇنداق دەيدۇ : پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاللاھ ئەززۇ ۋەجەللىدىن يەتكەپ مۇنداق دېگەن:" قانداقلىكى ئادەم بىر ياخشى ئىشنى قىلسا، ئاللاھ ئۇنىڭغا ئون ھەسسە زىيادە قىلىپ يازىدۇ ياكى ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ؛ قانداقلىكى ئادەم بىرەر يامان ئىشنى قىلىدىكەن ئۇنىڭ جازاسى شۇ يامان ئىشىنىڭ بارابىرىدە بولىدۇ، ياكى مەغپىرەت قىلىنىدۇ.

قانداقلىكى ئادەم زېمىندەك خاتالىق ئۆتكۈزۈپ مېنىڭ ئالدىمغا ماڭا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەي كېلىدىكەن، مەن شۇنىڭ بارابىرگە ئۇنى مەغپىرەت قىلىمەن. قانداقلىكى ئادەم ماڭا بىر غېرىچ يېقىنلىشىدىكەن مەن ئۇنىڭغا بىر گەز يېقىنلىشىمەن، كىمكى ماڭا بىر گەز يېقىنلىشىدىكەن مەن ئۇنىڭغا بىر غۇلاچ يېقىنلىشىمەن، كىمكى ماڭا مېڭىپ كېلىدىكەن مەن ئۇنىڭغا يۈگۈرۈپ بارىمەن". بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ۋاقتىدىمۇ كىشىلەردىن بىرسى تازا تەستىقلىماي پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە " ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى (ئاللاھ ماڭا نۇرغۇن نېئمەتنى بېرىپ مېنى ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ تەۋسىيە قىلغان بولسىمۇ ) مەن ئاللاھ غا ناھايىتى كۆپ خىيانەت قىلغان ئادەممەن مېنىڭ بۇزۇق ئىشلىرىم بەك كۆپ دېگەن ئىدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا " تەۋبە قىلغىن دىدى.. ئۇ ئادەم مېنىڭ خىيانەت ۋە بۇزۇق ئىشلىرىم كۆپ تۇرسا، ئاللاھ يەنە مېنى مەغپىرەت قىلامدۇ ؟ دىدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم "ئەلۋەتتە مەغپىرەت قىلىدۇ" دىدى. شۇ ۋاقىتتا ھىلىقى ئادەم ئۆز ـ ئۆزىگە " مېنىڭ قىلغان بارلىق خىيانەت ۋە يامان ئىشلىرىمنى مەغپىرەت قىلىدىغان ئاللاھ بۈيۈكتۇر " دەپ يۈرۈپ كەتتى.

ئوبدان دىققەت قىلىڭ!. . ئەگەر سىز ئاللاھنىڭ تەۋبىڭىزنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى تەستىقلىمىسىڭىز سىز ئاللاھنىڭ سۈپەتلىرىدىن بىرنى بىكار قىلىۋەتكەن بولىسىز. .. يەنى سىز ئاللاھنىڭ تەۋبىنى قوبۇل قىلىشىغا شەكتە بولۇپ قالسىڭىز، سىز ئاللاھنىڭ "تەۋۋاب" دېگەن سۈپىتىگە شەك قىلغان بولىسىز ـ دە، ئاللاھنىڭ سىزنى يېقىندا مەغپىرەت قىلىدىغانلىقىغا شەك قىلىپ يەنە ئاسى بولغان بولىسىز. .. بۇ ۋاقىتتا شەيتان سىزنىڭ قاتتىق ئاسى بولغانلىقىڭىزنى قاراپ كۈلىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن شەيتانلار سىز ئەرەفات تېغىدىن چۈشۈۋاتقان چاغدىمۇ سىزگە " ئاللاھ مېنى مەغپىرەت قىلمىدىمىكى دەپ ئويلاۋاتىمەن" دىگۈزىدۇ، مانا بۇ مەغپىرەتتىن كېيىنكى تۇنچى گۇناھ ھېساپلىنىدۇ.

C :

مەن بىرەر دىنى پىروگرامما ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرنى كۆرگەن ۋاقتىمدا نامازنى ئوقۇمايتىم، بىر ئىككى كۈن تەرتىپلىك ئوقۇپ يەنە ئوقۇمايتىم. بۇ ئىش مەن توي قىلغانغا قەدەر داۋاملىشىپ كىتىۋەردى. بىر كۈنى ئايالىمنىڭ ئۇرۇق ـ تۇققانلىرىدىن بىرى ماڭا ناماز توغۇرلۇق بىر مۇنچە گەپ قىلغان بولسىمۇ، يەنە بەزى ۋاقىتلاردا نامازنى ئۇزۇپ قويدۇم. ئاخىرى بىر كۈنى چۈشۈمدە بىر ئوتنىڭ جىسمىمغا تۇتاشقانلىقىنى مەن ئۇ ئوتتىن قۇتقۇزۇۋىلىشنى تەلەپ قىلىپ تۇققانلىرىمدىن

بىرىنچىككە يۈگۈرگەنلىكىمنى كۆرۈپ ئويغۇنۇپ كەتتىم. . شۇنىڭدىن كېيىن مەن نامازغا سۇس قارىمايدىغان بولدۇم. پەرۋەردىگارىمىز ئاللاھ سۇبھانەھۇ ۋەتەئالا مېنىڭ مەسجىدكە بېرىپ ناماز ئوقۇشۇمغا ئالتۇن يولنى ئېچىپ بەردى، بۇ مېنىڭ تۇنجى قېتىم خۇپتەن نامىزىنى ئوقۇش ئۈچۈن مەسجىدكە كىرىشىم ئىدى. بۈيۈك ئاللاھ غا شۈكرى شۇندىن تارتىپ ھازىرغىچە نامازنى ئۈزۈپ قويمىدۇم.

D:

ئەمەلىيەتتە مەنمۇ تەۋبىگە ئالدىراشتىن ئىبارەت مۇھىم بىر ئىشقا كۆڭۈل بۆلۈپ كىلىۋتاتتىم. چۈنكى كۆپىنچە كىشلەر گۇناھ ئىشلارنى قىلىپ تۇرۇپ " مەن ئاللاھ خالىسا يېقىندا تەۋبە قىلىۋالىمەن" دەيدۇ. يېقىندا دېگەن زادى قانداق گەپ! ئەجەلنىڭ مۆئەييەن ۋاقتىنى ھېچكىم بىلمىسە، بۇ گەپنى دېيىشكەئادەمنىڭ قانداق ئاغىزى بارىدۇ؟ بۇرادەرلەر گەپنى ئاز قىلىپ تەۋبىگە ئالدىرايلى !!!

E :

بەزىدە مەنمۇ ھېس قىپقالىمەن، بىز پەرۋەردىگارىمىزغا ئاسىلىق قىلىمىز، پەرۋەردىگارىمىز ئاللاھ نىمۇ تونۇمايمىز ! ئۇنىڭ بىزگە بەرگەن نېئمىتىنىمۇ تونۇمىدۇق ۋە قەدىرلىمىدۇق...چۈنكى بىز ئۇنى ھەقىقى تونۇپ قەدىرلىگەن بولساق، گۇناھ ئىشلارنى قىلىپ ئاسى بولۇشقا ئەبەدى جۈرئەت قىلالمىغان بولاتتۇق. ..

F :

بۇ ئورۇنلۇق گەپ بولدى، ئەمەلىيەتتىمۇ بۇ يەردە ناھايىتى گۈزەل بىر كەلىمە بار. . ئاللاھنىڭ ئەلچىسى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەدىنىگە كىرىپ تۇنجى قېتىم مۇنداق دېگەن ئىدى" ئى خالايىق پەرۋەردىگارىڭلارنى چىن دىلىڭلاردىن ياخشى كۆرۈڭلار!" يەنى قەلبىڭىزدىكى ئەڭ بۈيۈك زاتنى ئاللاھ قىلىڭ. ئەگەر پەرۋەردىگارىمىزنى تونۇسىڭىز يېقىندا تەۋبە قىلىسىز، ئەگەر ئۇنىڭ مەقامىنى بىلىپ قەدىرلىسىڭىز يېقىندا تەۋبە قىلىسىز، ھېس تۇيغۇڭىزنىڭ قىممىتى ئاللاھ نى تونۇش بىلەن بولسۇن! سىزنىڭ ھايا قىلىش قىممىتىڭىز ئاللاھ دىن ھايا قىلىش بىلەن بولسۇن ! سىزنىڭ خىجىل بولۇش قىممىتىڭىز ئاللاھ نى غەزەپلەندۇرۇپ، ئۇنىڭغا ئاسى بولغان چاغدا خىجىل بولۇش بولماسلىقىڭىزغا قاراپ ئۆلچەنسۇن !.

تۆۋەندىكى تەۋبىنىڭ شەرتلىرىگە سىزنىڭ پىكرىڭىز قانداق؟

**ياشلارنىڭ قارىشى :**

گۇناھ ـ مەئسىيەتتىن يىراق بولۇش، نامازنى كۆپ ئوقۇش ۋە مەغپىرەت تىلەش؛

گۇناھ ـ مەئسىيەتتىن قەتئى قول ئۈزگەندىن كېيىن، ئاللاھ غا قاتتىق ئىتائەت قىلىش؛

گۇناھ ئىشنى ئىككىنچى قايتا قىلماسلىق ۋە زالىملارغا قارشى تۇرۇش.

ئەمەلىيەتتە سىلەرنىڭ بۇ قارىشىڭلارنى يىغىنچاقلىغاندا، ئاللاھ غا تەۋبە قىلماقچى بولغان قايسى بىر گۇناھكارلار بولسۇن تۆۋەندىكى شەرتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ :

بىرىنجى شەرت: گۇناھىغا پۇشايمان قىلىش :

يەنى بىر ئىنساننىڭ مىڭلىغان چوڭ كىچىك گۇناھلىرى بولۇپ ئۇ، تەۋبە قىلغان چاغدا "مەن بۇ گۇناھ ئىشنى نېمە دەپ قىلغاندىمەن" دەپ قەلبىدە بىر ئەلەم پۇچۇلىنىشنى ھېس قىلىشى كېرەك.. يىگىرمە يىللىق گۇناھ بولسىمۇ ئۇ، تەۋبە قىلغان چاغدا قاتتىق پۇشايمان قىلىپ قەلبى قورقۇنچىدىن تىترىشى كېرەك.

ـ سوئال: ئەگەر مەن ئاتا ـ ئانامنى قاقشىتىپ كېيىن ئۇ ئىككىسىنىڭ بىرى ئۆلۈپ كەتسە، مەن قانداق تەۋبە قىلىمەن؟

ـ جاۋاپ: بىز يۇقىردا دېگەندەك سىز قاتتىق پۇشايمان قىلغاندىن سىرت ئۇلار ھەققىدە كۆپ ياخشى ئىشلارنى قىلىڭ! ناماز ئوقۇپ دۇئا قىلىڭ ! ئۇلارغا ئاتاپ ئۆمرە قىلىڭ! ھەج قىلىڭ ! مانابۇ ئىشلار چوقۇم سىزنى ئاللاھنىڭ مەغپىرىتىگە ئېرىشتۈرىدۇ.

تەۋبىنىڭ ئىككىنچى شەرتى : گۇناھ ئىشلارنى چۇرت تەرك ئېتىپ، پوزىتسيىسىنى ياخشى ئىشلارغا بۇراش :

ئۈچىنچى شەرتى: گۇناھنى ئىككىنچى قىلماسلىققا قاتتىق بەل باغلاپ ئاللاھ بىلەن توختام تۈزۈش.

ئەگەر سىز مۇشۇ ئۈچ ئىشنى راۋۇرۇس قىلالىسىڭىز، ئاللاھ سىزنى مەغپىرەت قىلىدۇ، گۇناھلىرىڭىز ئۆچۈرۈلىدۇ، سەھىپىڭىز ئاق بولىدۇ.

ھازىر مۇشۇ رىسالىنى ئوقۇۋاتقان ئوقۇرمەنلەرمۇ دەرھال قىلغان گۇناھلىرىغا پۇشايمان قىلىپ، گۇناھ ئىشلارنى ئىككىنچى قىلماسلىققا چىن قەلبى بىلەن بەل باغلىسا، گۇناھلىرى دەرھال ئۆچۈرۈلىدۇ. ..

ئەسكەرتىش: ئاللاھنىڭ مەغپىرەت قىلىشى ئەلۋەتتە ئۇنىڭ قەلبىگە قاراپ بولىدۇ.

كېلىڭلار ئابدۇراھمان نىڭ ھېكايىسىنى بىر ئاڭلىۋېتىپ ئاندىن گېپىمىزنى داۋاملاشتۇرايلى. . !

**ئۇنىڭ ئۆز تىلى بىلەن سۆزلەپ بەرگەن سەرگۈزەشتىسى:**

ئىسمىم ئابدۇراھمان، قانۇن پاكۇلتېتىنىڭ ئۈچىنچى يىللىقىدا ئوقۇيمەن، ئۆيۈم خەلق كۆچىسىدا، مەن تەنتەربىيىنى ناھايىتى ياخشى كۆرىدىغان بولۇپ ئائىلەمدىكىلەر مېنى داۋاملىق ئۇنىڭغا قىزىقتۇراتتى. مېنىڭ بويۇم ئۇزۇن بولغاچقىمىكىن مەن داۋاملىق بىر ۋالىبول تەنھەرىكەتچىسى بولۇپ چېنىقىيۇن بولسام دەپ ئويلايتتىم. ..

شۇ ئارزۇ ـ ئارمان بىلەن بىر كۈنى چوڭ بىر تەنتەربىيە كولۇبلىرىنىڭ بىرىگە بارغان ئىدىم، ئۇلارنىڭ ئاساسلىق ئۆلچىمى يۈرۈش ـ تۇرۇش، زامانغا ماسلىشىش ۋە سەۋىيە ئىكەن، ئەلۋەتتە مېنىڭ هازىرقى هالىتىم بۇ ئۆلچەمگە ماس كەلمەيتى. بۇ ئىش ماڭا قاتتىق تەسىر قىلغان بولسا كېرەك، ئاخىرى مەنمۇ ئاشۇ يۇقىرى سەۋىيەدىكى زامانىۋى ئىنسانلارغا بىر ئوخشاپ بېقىشنى كۆڭلۈمگە پۈكتۈم...

شۇندىن باشلاپ مەنمۇ ئۇلارغا ئوخشاش نەدە تاماشىشا بولسا ئاق ـ قارىنى سۈرۈشتۈرمەي بېرىۋەردىم. كۆپلىگەن قىز ـ ئوغۇللار بىلەن تونۇشتۇم. .. شۇنىڭ بىلەن ئۇ يەر، بۇ يەرلەرگە بېرىشقا باشلىدۇق. . ماشىنلار بىلەن مۇسابىقىلەشتۇق، ئىچىشتۇق، چېكىشتۇق. . بىر كۈنى دوسلارنىڭ بىرى ماڭا ئادەتتىكىدىن باشقىچە بىر تاماكىنى تەڭلىدى، مەن ئۇنىمۇ ئىستىمال قىلىشقا باشلىدىم، ئۇندىن باشقا يەنە كۆپلىگەن ئىشلارنى قىلدىم. ..

بىر كۈنى پاكۇلتېتقا كىرسەم جەمئىيەت باشقىچە تۇرىدۇ. ماڭا ئوخشاش ياشلارنىڭ هېچقايسىسى تەلىم ـ تەربىيەگە كۆڭۈل بۆلمەيدىكەن. ئۇلارنىڭ ئاساسلىق كۆڭۈل بۆلىدىغىنى مودا قوغلىشىش، كۆڭۈل خالىغان يەرلەرگە بېرىش، كېچىلىك تاماشىشالاردىن ئىبارەت ئىكەن. مېنىڭمۇ ئۇلارغا ئوخشاش مودا كىيىم ـ كېچەكلەرنى سېتىۋېلىش، ئۇياق ـ بۇياقلارغا بېرىشقا پۇلۇم يوقلۇقىدىن قاتتىق ئېچىندىم. خۇسۇسەن مودا كىيىم ـ كېچەكلەر يەرمەنكىسىدە ئىشلەيدىغان ئىككى قىز دوستۇمنى ئويلاپ روهى چۈشكۈنلۈككە ئۇچىرىششقا باشلىدىم. شۇنىڭ بىلەن مەن قانداق پۇل تېپىش مەسىلىسىدە ئويلىنىشقا باشلىدىم، بۇ مېنىڭ كۆڭۈل بۆلىدىغان بىرىنچى ئىشىم بولۇپ قالدى. ئاخىرى بۇنىڭمۇ ئاستا ـ ئاستا يېپ ئۇچىنى بىلىشكە باشلىدىم. .. بىر كۈنى ماڭا ئوخشاش كەيپ ـ ساپا ئاغىنىلەرنىڭ بىرىگە قانداق پۇل تېپىش توغىرلىق پىكىرىمنى ئوتتۇرغا قويۇۋىدىم، ئۇ ماڭا ئۆزىگە ئوخشاش بولسام كۆپ پۇل تاپالايدىغانلىقىمنى ئېيتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بەدەن قۇرۇلمامنىڭ ئالاهىدىلىكى جىسمىمنىڭ كۈچلۈكلىكىنى كۆز ـ كۆز قىلىپ چوڭ بايلارغا مېنىڭ قانداق ئىش بولسا قىلىۋېرىدىغانلىقىمنى تونۇشتۇرۇشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن مەن بايلارنىڭ چاكىرىغا ئايلىنىپ ئولتاماقچى بولسا، ئورۇندۇقنى ئەكىلىپ دەرهال توغۇرلايدىغان، ئورنىدىن تۇرماقچى بولسا، چاپىنىنى كەيدۈرىدىغان ئىشلاردىن ئىبارەت خىيالىمغا ۋە چۈشۈمگىمۇ كىرىپ باقمىغان ئىشلارنى قىلىشقا باشلىدىم. قاۋاقخانىلاردا هاراق ئىچتىم، ئۇچ يىل زەهەرلىك چېكىملىك چەكتىم... شۇنىڭ بىلەن تەدرىجى سالامەتلىكىم ئاجىزلىششقا باشلىدى. كۆڭلۈم بىر قىسمى بولۇپ ئاستا ـ ئاستا بۇ كىشىلەر بىلەنمۇ سوغۇق مۇئامىلە قىلىشقا باشلىدىم. .. مەن پەخىرلىنىپ كىيىۋالغان

كىيىم ـ كېچەكلىرىممۇ ھەركۈنى ئاز ـ ئازدىن يىرتىلىپ، تىتىلىپ ياماپ ئۇۋشىغىلى بولمايدىغان دەرىجىگە كىلىپ قالدى...

بىر كۈنى مەن سەھەر سائەت ئۈچلەردە ئۆيدە ئۆلتۈرۈپ تامغا قاراپ خىيال سۈرۈشكە باشلىدىم " مەن نېمە دەپ نۇرمال تۇرمۇشۇمغا تەكەببۇرلۇق قىلغاندىمەن؟ مانا بۇ مەن تەربىلەنگەن ئۆي، ساپ ھاۋا، مېنى ياخشى كۆرىدىغان ئائىلە... " مەن ئۆز ـ ئۆزەمگە قېيداپ سوئال سوراشقا باشلىدىم " ئى ئاللاھ سەن مېنى نېمىشقىمۇ ياراتقانسەن؟" ئاشۇ ۋاقىتتا پەرۋەدىگارىمىز ئاللاھ سۇبھانەھۇ ۋەتەئالا ئۆزىنىڭ مېرىبانلىقى بىلەن مېنى يىراقتىن كەلگەن بىر رادىئو ئاۋازىغا مايىل قىلدى. مەن رادىئودىن ئاڭلىنىۋاتقان بىر ئايەتنى ئاڭلاپ پۈتۈن ۋۇجۇدۇم تىترەپ كەتتى، رادىئودا مۇنۇ ئايەت كەرىمە تىلاۋەت قىلىنىۋاتاتتى «جىنلارنى، ئىنسانلارنى پەقەت ماڭىلا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن ياراتتىم». زارىيات سۈرىسى 56 ـ ئايەت.

مەن شۇ ۋاقىتتا ئۆزەمنى سەجدىگە تاشلاشتىن باشقا ھېچبىر كونترۇل قىلالمىدىم... مەن قاتتىق ئۆكسۈپ يىغلىغان پېتى بومداتتىن كېيىن ئورنۇمدىن تۇردۇم. مەن قوپۇپ يۇيۇنۇپ تاھارەت ئالغاندىن كېيىن شۇنداق بىر تۇيغۇغا كەلدىمكى مەن پەرۋەردىگارىمغا ـ چۆلدە سۇ تاپالماي قاخچىراپ چاڭقاپ ھالىدىن كەتكەن ئۇسسۇز، سۇغا قاتتىق مۇھتاج بولغاندەك مەنمۇ پەرۋەردىگارىم ئاللاھ غا قاتتىق مۇھتاج ئىكەنمەن. مەن ئىلگىرى ئۆزەمدە بىر ئىچى سىقىلىشنىڭ بارلىقنى ھېس قىلاتتىم، ھازىر ئويلاپ باقسام، بۇ دەل مەن مۇھتاج بولغان ئاللاھ دىن يىراقلاپ كەتكەنلىكمنىڭ نەتىجىسى ئىكەن.

مانا ھازىر ۋۇجۇدۇمغا بىر نۇرنىڭ كىرگەنلىكنى ھېس قىلىۋاتىمەن. مەن ئاللاھ غا ئىتائەت قىلىشتا ئۆز نەپسىم بىلەن توختام تۈزۈۋالدىم، يەنى ئەگەر بىرەر خاتا ئىشنى قىلسام، ياكى بىرەر تال تاماكا چېكىپ قالسام ئاللاھ ئۈچۈن بىر كۈن رامىزان تۇتۇشقا ئۆز نەپسىم بىلەن توختام تۈزدۇم. مەن ھازىر ھاياتىمنى يېڭىدىن باشلاپ، ئىرادەمنى كۈشلاندۇرۇۋاتىمەن، ئىككى يىلدىن بۇيان باشقىچە يېڭى بىر ھاياتتا ياشاۋاتىمەن. مەسجىدتىن يىراقلاپ كىتىشنى كۆڭلۈم قەتئى خالىمايدىغان بولۇپ قالدى. ھازىر ئاللاھ سۇبھانەھۇ ۋەتەئالا نىڭ مېنى مۇشۇ يولدا مۇستەھكەم قىلىشىغا دۇئا قىلىپ كۈندۈلۈك ھاياتىمنى بەختلىك ئۆتكۈزۈۋاتىمەن. ..

ئاللاھنىڭ بىزگە بولغان رەھمىتى نېمە دىگەن زور ـ ھە !!!

بۇ يەردە ئابدۇراھماننىڭ كەچۈرمىشىگە مۇناسىپ كىلىدىغان ئالىملارنىڭ ناھايىتىمۇ گۈزەل بىر سۆزى بار، ئۇلار مۇنداق دەيدۇ :"ئىنساننىڭ قوسقى تاماق ئۈچۈن ئاچسا، روھ پەرۋەردىگارىمىز ئاللاھنىڭ مۇھەببىتىگە ئاچىدۇ"

ئابدۇراھمان ئۆز ئاغزى بىلەن ئاللاھ غا بولغان ئۇسسۇزلۇقنى ۋە ئاللاھ تابارەكە ۋەتەئالا تەرەپكە قايتقانلىقنى ئىپادىلىدى، مانا بۇ ھەقىقى تەۋبە. .. بىز بۇ يەردە ئابدۇراھماندىن بىر سوئال سوراپ باقايلى:

ئابدۇراھمان! سىز ئاللاھ تەرەپكە قايتماقچى بولغان تۇنچى كۈنلەردە ئۆزىڭىزنى قانداق ھېس قىلغان ئىدىڭىز ؟

مەن شۇ كۈنلەردە بۇ دۇنياغا قىلچە كىرىكىم قالمىغانلىقنى ھېس قىلىپ ئۆلۈۋالماقچى بولغان ئىدىم. چۈنكى ئۇ ۋاقىتتىكى مېنىڭ ھاياتىم كۆرۈنۈشتە بەختلىكتەك كۆرۈنگىنى بىلەن ئەمەلىيەتتە قەتئى كۆڭۈللۈك بولمىغان ئىدى. مەن ھېلىقى ئايەتنى ئاڭلىغان ۋاقتىمدا قولۇمدىن كەتكەن بارلىق نەرسىلەرنىڭ ئورنىنى تولدۇرۋالماقچى بولغاندەك بەلكى، ئۇمىد ئۈزگەن قىممەتلىك ھاياتىمنى بۇيۇك ئاللاھ سۇبھانەھۇ ۋەتەئالا ئارقىلىق قولغا كەلتۈرەلەيدىغاندىكىدەك ھېس تۇيغۇدا بولغان ئىدىم. ئۇنىڭدىن ئىلگىرى مەن ئۆزەمنى ناھايىتى قامەتلىك كۆچلۈك ھېس قىلاتتىم، كۈنلىكى بەدەن چېنىقتۇراتتىم. بىرەر شەخسكە قارىسام ئۇ مەندىن قورقۇۋاتقاندەك ھېس تۇيغۇدا بولاتتىم. بىرەر قىزغا قاراپ قويسام ئۇ ماڭا ھەۋەس قىلىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى، لېكىن مەن روھى تەرەپتىن تۈگەشكەن بولۇپ خۇددى ماشىنا ئادەمگە ئوخشاپ قالغان ئىدىم. ئۆزەمنى كونترول قىلىشقىمۇ ماجالىم قالمىغان ئىدى. مەندە غايە، ئارزۇ دېگەندىن ئەسەرمۇ قالمىغان ئىدى. بىراق مەن ئاللاھ تەرەپكە قايتقاندىن كېيىن ئۆسمۈر ھالىتىدە ئەسلىمگە كەلدىم، مەن بۇ ئۆسمۈر نەپسىمنى تەربىلەشنىڭ نەقەدەر زۆرۈرلىكىنى تونۇپ يەتتىم. مەسىلەن مەن ئەتە رامىزان تۇتۇتىمەن دىسەم ئۆسمۈر نەپسىم ماڭا "سىنىڭ نۇرغۇن ئىشلىرىڭ، دەرسلىرىڭ تۇرسا قانداق روزا تۇتىسەن؟" دەپ خىتاپ قىلاتتى، مەن ئۇنىڭغا پىسەنت قىلماي ئاللاھ يولىدا نىيەت قىلغان ئىشىمنى قىلىۋېرىدىغان بولدۇم. شۇندىن تارتىپ نەپسىم تارتقان يامان ئىشلارنى تەرك ئىتىشكە باشلىدىم. شۇنداق قىلىپ مەن ئىلگىرى بىلمەيدىغان نۇرغۇن ئىشلار ئاستا ـ ئاستا ئاشكارا بولۇپ روھى ھالىتىم، ئىتىقادى قارىشىم، دۇنياغا بولغان كۆز ـ قارىشىم كۈندىن ـ كۈنگە كۈچىيىشكە باشلىدى. .. ئاللاھ غا شۈكرى ھازىر مەن ئۆزەمنى ئىنتايىن بەختلىك دەپ ئويلايمەن.

مانابۇ چىن ھەقىقەتتە! ئابدۇراھمان ئۆزىنىڭ سەرگۈزەشتىسىنى ئوتتورىغا قويغاندىن كېيىن قەلبىمدە ئىللىق بىر راھەتنى ھېس قىلىۋاتىمەن، شۇنداقلا بۇ يەردە بىر ئەسەرنى سىلەرگە ئەسلىتىپ ئۆتۈشنى لايىق تاپتىم. ..

ئاللاھ تابارەكە ۋەتەئالا داۋۇد ئەلەيھىسسالامغا ۋەھى قىلىپ مۇنداق دېگەن ئىكەن: " ئى داۋۇد ! مەندىن يۈز ئۆرۈگۈچىلەر مېنىڭ ئۇلارنىڭ قايتىپ كىلىشىگە بولغان ئىشتىياقىمنى ۋە تەۋبە قىلىشىغا بولغان رىغبىتىمنى ئەگەر بىلسە ئىدى، ئۇلار

ئەلۋەتتە ماڭا مۇھەببەت باغلاپ ئىخلاس قىلاتتى. ئى داۋۇد ! بۇ مېنىڭ مەندىن يۈز ئۆرۈگۈچىلەرگە بولغان رىغبىتىم بولسا، مەن تەرەپكە قايتقۇچىلارغا مېنىڭ مۇھەببىتىم قانداق بولا ؟"

بىز پەرۋەردىگارىمىزنىڭ بىزنىڭ ئۆز تەرىپىگە قايتىشىمىزنى قانچە ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى تازا ياخشى بىلەلمەيۋاتىمىز. .. ئابدۇراھماننىڭ ئۆلگىسى پەرۋەردىگارىمىز ئاللاھ سۇبھانەھۇ ۋەتەئالانىڭ بىزگە بولغان سېخىلىقىنى تەكىتلەۋاتىدۇ. .. ئۇنىڭ يوقۇلۇش گىردابىغا بېرىپ قالغان ھاياتىنىڭ ئاخىرى قانداق بولغانلىقى ھەممىمىزگە مەلۇم...

مەن سۆزۈمنى تاماملاشتىن ئىلگىرى تۆۋەندىكى مەسىلىنى ئېنىق ئايدىڭلاشتۇرۇپ قويۇشنى لايىق كۆردۈم.

تەۋبە بىر قېتىمدىلا تامام بولۇپ ئىش تۈگەمدۇ ؟

ئەلۋەتتە ئىش ئۇنىڭ بىلەن تۈگىمەيدۇ، تەۋبە داۋاملىق يېڭىلىنىپ تۇرىدۇ. بىر قېتىم گۇناھ ئىشنى قىلىپ تەۋبە قىلدىڭىز، ئۇنىڭدىن يەنە تاسادىپىي قايتا قىلىپ قالسىڭىز سىزنىڭ ئالدىڭىزدا يېڭىدىن تەۋبە قىلىشتىن باشقا ھېچقانداق يول...

رەسۇلۇللاھنىڭ قېشىغا بىر ئادەم كىلىپ"ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! مەن بىرەر گۇناھ ئىشنى قىلسام ئۇ ماڭا يېزىلامدۇ ؟" دىدى. رەسۇلۇللا "يېزىلىدۇ" دەپ جاۋاپ بەردى. ھېلىقى ئادەم يەنە " ئەگەر مەن تەۋبە قىلسامچۇ؟" دىدى. رەسۇلۇللا "ئۆچۈرۈلىدۇ" دەپ جاۋاپ بەردى. ھېلىقى ئادەم يەنە"ئەگەر مەن قايتا قىلسامچۇ" دىدى. رەسۇلۇللاھ "يېزىلىدۇ" دەپ جاۋاپ بەردى. ھېلىقى ئادەم يەنە"ئەگەر مەن تەۋبە قىلسامچۇ ؟" دىدى. رەسۇلۇللاھ "ئۆچۈرىلىدۇ" دەپ جاۋاپ بەردى. ھېلىقى ئادەم يەنە"ئەگەر مەن قايتا قىلسامچۇ" دىدى. رەسۇلۇللاھ "يېزىلىدۇ"دەپ جاۋاپ بەردى. ھېلىقى ئادەم " ئەگەر مەن تەۋبە قىلسامچۇ" دىدى. رەسۇلۇللاھ " ئۆچۈرۈلىدۇ " دەپ جاۋاپ بەردى. ئاخىرى ھېلىقى ئەئرابى " قاچانغىچە ئۆچۈرۈلىدۇ؟ " دەپ سورىۋىدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇنىڭغا جاۋابەن "سىلەر ئاللاھ دىن مەغپىرەت تەلەپ قىلىشتا زىرىكىپ قالمىساڭلار، ئاللاھ گۇناھنى مەغپىرەت قىلىشتىن ھەرگىزمۇ زىرىكىپ قالمايدۇ" دەپ جاۋاپ بەردى"، بەيھەقى رىۋايىتى.

مەن ئەمدى بەنى ئىسرائىل قەۋمىدىن بولغان بىر ئادەمنىڭ قىلمىشى بىلەن قىسسىنى ئاخىرلاشتۇرماقچىمەن.

بەنى ئىسرائىل قەۋمىدىن بىرئادەم قىرىق يىل ئاللاھ غا ئاسىلىق قىلىپ بىر قېتىممۇ تەۋبە قىلمىغان ئىدى... يىللارنىڭ بىرىدە قاتتىق قەھەتچىلىك يۈز بېرىپ بەنى ئىسرائىل زېمىنىغا يامغۇر ياغمىدى. چارۋا ـماللار كىسەل بولۇشقا، زىرائەتلەر قۇرۇپ كىتىشكە، دەريالارنىڭ سۇيى پارغا ئايلىنىشقا باشلىدى. ..شۇنىڭ بىلەن ئۇلار

مۇسا ئەلەيھىسسالامغا خىتاپ قىلىپ" ئى مۇسا! سەن ئاللاھ غا دۇئا قىلغىن بىزگە يامغۇر ياغدۇرۇپ بەرسۇن"دىدى. مۇسا ئەلەيھىسسالام بەنى ئىسرائىلنى يىغىپ دۇئا قىلىشقا باشلىدى. " ئى ئاللاھ بىزگە يامغۇر ياغدۇرۇپ بەرگىن."... " ئى ئاللاھ بىزگە يامغۇر ياغدۇرۇپ بەرگىن." يامغۇر چۈشمىگەندىن كېيىن يەنە " ئى ئاللاھ بىزگە يامغۇر ياغدۇرۇپ بەرگىن."... " ئى ئاللاھ بىزگە يامغۇر ياغدۇرۇپ بەرگىن." دىدى. ئاندىن مۇسا ئەلەيھىسسالام ئاللاھ غا نىدا قىلىپ"ئى پەرۋەردىگارىم ! ماڭا بىر جاۋاپ قايتۇرساڭ، نېمە ئۈچۈن بىزگە يامغۇر چۈشمەيدۇ؟" دىدى. ئاللاھ مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ۋەھى قىلىپ" ئى مۇسا ! يامغۇر سىلەرگە ھەرگىز چۈشمەيدۇ. چۈنكى ئاراڭلاردا بىر ئادەم بولۇپ ئۇ، ماڭا قىرىق يىل ئاسىلىق قىلدى. ئۇنىڭ گۇناھ قىلىش شۇملۇقى بىلەن سىلەر يامغۇردىن چەكلەندىڭلار. ..

- ئائىلىلەردىكى تەشۋىش، داۋالغۇش، يۇز بېرىۋاتقان مۇشكۈلە ۋە ئىقتىسادى ئەھۋالنىڭ تۆۋەنلەپ كىتىشى قاتارلىقلارنىڭ سەۋەبىنى ئەمدى بىلگەنسىلەر!؟ ھەممىسى شۇ ئاسىنىڭ شۇملۇقى. ..

ئاندىن مۇسا ئەلەيھىسالام ئاللاھ غا نىدا قىلىپ "ئى پەرۋەردىگارىم !ئەمدى مەن قانداق قىلىمەن"دىدى. بۇيۇك ئاللاھ " سىلەر ئۇنى ئاراڭلاردىن چىقىرىۋىتىڭلار !" دىدى.

(قېرىنداشلار ! ئاللاھ ئاسىغا قانداق غەزەپ قىلىدىغانلىقنى كۆرگەنسىلەر) مۇسا ئەلەيھىسسالام قەۋمگە قاراپ"ئى بەنى ئىسرائىل ! مەن سىلەرگە شۇنداق قەسەم قىلىمەنكى، ئارىمىزدا قىرىق يىلدىن بىرى ئاللاھ غا ئاسى بولغان بىر بەندە بار ئىكەن، شۇنىڭ گۇناھىنىڭ شۇملىقى بىلەن بىزگە يامغۇر ياغماپتۇ. ئۇ ئارىمىزدىن چىقىپ كەتمىگىچە بىزگە ئەبەدى يامغۇر ياغمايدىكەن، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىن دەرھال چىقىپ كەتسۇن!"دىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ھېلىقى ئاسى گۇناھكار بۇنىڭ دەل ئۆزى ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلەتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇ ئۆزىدىن باشقا بىرەر ئادەم چىقىپ قالامدىكى دەپ ئەتراپىغا نەزەر تاشلىۋىدى ھېچ ئادەم چىقمىدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئادەم دەككە - دۈككە ئىچىدە پەرۋەردىگارى ئاللاھ غا پىچىرلاشقا باشلىدى..."ئى پەرۋەردىگارىم! مەن ساڭا قىرىق يىل ئاسىلىق قىلساممۇ سەن مېنى ئاشكارلىمىدىڭ. ھازىر مەن ئۆزەمنى پاش قىلاي دىسەم جامائەت ئالدىدا پەسكەش بولىمەن. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن بۇ مەئسىيەتنى ئىككىنچى قىلماسلىققا ۋەدە بېرىپ سەن بىلەن توختام تۈزسەم مېنى ئەپۇ قىلىپ، تەۋبەمنى قۇبۇل قىلىپ مېنى خەلق ئالەم ئالدىدا شەرمەندە قىلمىساڭ...

شۇ ۋاقىتتا تۇيۇقسىز ئاسماندىن يامغۇر چۈشۈشكە باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن مۇسا ئەلەيھىسسالام پەرۋەردىگارى ئاللاھ غا يۈزلىنىپ"ئى پەرۋەردىگارىم ! ئارىمىزدىن

ھېچكىم چىقمايلا يامغۇر يېغىپ كەتتى" دىدى. بۇنىڭغا جاۋابەن ئاللاھ تائالا " ئى مۇسا ! يامغۇر ماڭا ئاسىيلىق قىلغان بەندەمنىڭ تەۋبىسىدىن مېنىڭ مەمنۇن بولغانلىقىم ئۈچۈن ياغدى" دىدى.

مۇسا ئەلەيھىسسالام بۇنى ئاڭلاپ"ئى پەرۋەردىگارىم! مەنمۇ ئاشۇ بەندەڭ بىلەن خۇشال بولۇشۇم ئۈچۈن ئۇنى ماڭا كۆرسۇتۇپ قويغان بولساڭ! ئاللاھ تائالا بۇنىڭغا جاۋابەن"ئى مۇسا! قىرىق يىل ئاسىيلىق قىلسا، مەن ئۇنى ئاشكارلىمىغان تۇرسام، ئەمدى ماڭا تەۋبە قىلىپ كەلسە مەن ئۇنى پاش قىلامدىمەن؟!"دىدى.

... قاراڭلار قېرىنداشلار ! مانابۇ بىزنىڭ سېخى مېھرىبان، گۇناھلارنى مەغپىرەت قىلغۇچى پەرۋەردىگارىمىزدۇر. پەرۋەردىگارىمىز ئاللاھ بىزگە يېقىنلىشىۋاتسا، بىز ئۇزۇن يىللاپ ئۇنىڭدىن يىراقلاپ كېتىۋاتىمىز. بۇ بىز ئۈچۈن ئەيىپ ئەمەسمۇ ؟...

بەلكىم سىلەرمۇ ئاڭلىغان بولغىتىڭلار " بىر ئادەم توقسان توققۇز ئادەمنى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن بىر ئاخۇنۇمدىن "مەن تەۋبە قىلسام بولامدۇ؟" دەپ سورىدى. ئاخۇنۇم ئۇنىڭغا " سىنىڭ تەۋبە قىلىشىڭنىڭ ئورنى قالماپتۇ" دېۋىدى ئۇنىمۇ ئۆلتۈرۈپ يۈز قىلىۋەتتى. ئاندىن يەنە بىر تەقۋادار كىشىنىڭ يېنىغا بېرىپ "مەن تەۋبە قىلسام بولامدۇ" دەپ سورىۋىدى، ئۇ تەقۋادار ئادەم جاۋابەن " سىنىڭ تەۋبە قىلىشىڭنى ئاللاھنىڭ قوبۇل قىلىشىنى كىممۇ توسۇپ قالالايتى؟ بىراق سەن ھازىر تۇرۇۋاتقان يامان ئورۇننى تەرك ئېتىپ، پالان يەردىكى مۇنداق ـ مۇنداق يەرگە بارغىن! ئۇ يەردە ياخشى ئادەملەر بار" دەپ جاۋاپ بەردى. قاتىل بۇنى ئاڭلاپ دەرھال تۇرۇۋاتقان يەرنى تەرك ئېتىپ ھېلىقى تەقۋادار كىشى دەپ بەرگەن يەرگە كېتىۋېتىپ يېرىم يولدا ئۆلۈپ قالدى...

مالائىكىلەر بۇ ئادەمنى قانداق قىلىش توغرىلىق دەتالاشقا چۈشۈپ قالدى. رەھمەت مالائىكىللىرى" ئۇ ئاللاھ غا تەۋبە قىلدى" دىسە، ئازاپ مالائىكىللىرى ئۇ ھېچقانداق ياخشى ئىش قىلمىغانىنىڭ ئۈستىگە يۈز ئادەمنى ئۆلتۈرگەن تۇرسا دەپ تۇرۇۋالدى. شۇ ۋاقىتتا ئاللاھ تائالا ئۇلارغا ۋەھى قىلىپ " سىلەر زېمىنىنىڭ ئارلىقىنى ئۆلچەپ قايسى تەرەپكە يېقىنلاشقانلىقىغا قاراپ بېقىڭلار" دىدى. ئۇلار زېمىنىنىڭ ئارلىقىنى ئۆلچىۋىدى ئاللاھنىڭ رەھمىتى بىلەن ياخشىلىق تەرەپكە بىر غېرىچ يېقىن چىقىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنى رەھمەت مالائىكىللىرى ئېلىپ كەتتى. ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.

ھۆرمەتلىك قېرىنداشلار ! ئۆلۈشتىن ئىلگىرى بىر غېرىچ بولسىمۇ تەۋبىنىڭ قەدرىگە يېتىڭلار. .. بىر غىرىچنىڭ نەقەدەر مۇھىملىقىنى يۇقىردا كۆردۇڭلار. ئاشۇ بىر غېرىچ چىن قەلبىمىزدىن مەغپىرەت تەلەپ قىلىش بىلەن بولىشىمۇ مۇمكىن، كۆزىمىزدىن ئاققان بىر تامچە ياش بىلەن بولىشىمۇ مۇمكىن، ياكى ئىككى رەكئەت

ناماز ئۆتۈش بىلەن بولىشمۇ مۇمكىن، ياكى ئاتا ـ ئانىمىزنى ھۆرمەتلەپ ئۇلارنىڭ قولىنى سۆيۈپ قويۇش بىلەن بولىشمۇ مۇمكىن، ئىشقىلىپ تەۋبە قىلىمەن دېگەن ئادەمگە ئۇنىڭ يوللىرىمۇ كۆپ ۋە تەۋبىنىڭ دەرۋازىسىمۇ ھەرۋاقىت داغدام ئوچۇق. ..

**ئاخىردا بۇ رىسالەمنى دۇئا بىلەن ئاخىرلاشتۇرۇشنى لايىق كۆرىمەن**

ئى ئاللاھ ! بىزنىڭ گۇناھلىرىمىزنى مەغپىرەت قىلغىن. ئەيىپلىرىمىزنى ياپقىن. ئاجىزلىرىمىزغا رەھىم قىلغىن. كەمچىلىكلىرىمىزنى ئۆزەڭ تولۇقلىغىن. بارلىق ئىشلىرىمىزغا ئۆزەڭ ئىگە بولغىن. بىزنى دوزاختىن يىراق قىلغىن. ئازغۇنلىقىمىزنى مەغپىرەت قىلغىن. تەۋبىمىزنى قوبۇل قىلغىن. بارلىق گۇناھلىرىمىزنى يۇيۇۋەتكىن. بىزنى ئۆزەڭ رازى بولىدىغان يولغا باشلىغىن. ئى ئاللاھ ! بىزنى دۇنيادىن ياخشىلىق بىلەن ئېپكەتكىن. بىز ساڭا ئاسى بولۇپ ئۆلۈشتىن پاناھ تىلەيمىز. ئۆلۈشتىن ئىلگىرى تەۋبىمىزنى قوبۇل قىلىشىڭنى سورايمىز. شېھىت ھالىتىدە ئۆلۈشنى سەندىن تىلەيمىز. ئۆلگەندىن كېيىن بەخىت ـ سائادەتلىك جەننىتىڭنى ئارزۇ قىلىمىز. ئى ئاللاھ ! بىز سەندىن بەختلىك ياشاشنى، شېھىتلەردەك ئۆلۈشنى، پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەمرالىقىنى، دۈشمەنلەرگە قارشى ياردىمىڭنى سورايمىز. ئى ئاللاھ ! بىز خار ھالەتتە ئالدىڭغا بېرىپ قىلىشتىن پاناھ تىلەيمىز. تەۋبىمىزنى سېخىلىق سۈپىتىڭ بىلەن قوبۇل قىلىۋەتكىن. بىزگە تەۋبىنى چىرايلىق كۆرسەتكىن. بىزنى ئالدىڭغا ئاق يۈزىمىز بىلەن ئېلىپ كەتكىن. دۇنيادا ئېزىپ سەندىن غاپىل قېپقىلىشتىن پاناھ تىلەيمىز. ئى ئاللاھ! سەن بىزنى ئۇنتۇپ قالمىساڭمۇ، بىز سىنى ئۇنتۇپ قىلىشتىن پاناھ تىلەيمىز. سەن بىزگە ياخشىلىق ئاتا قىلىۋاتساڭمۇ، بىز ساڭا ئاسى بولاۋاتىمىز ـ ئاللاھ . سەن بىزدىن بىھاجەت تۇرۇپمۇ، رەھمىتىڭنى بىزدىن ئايىماۋاتىسەن ئاللاھ . بىز ساڭا مۇھتاج تۇرۇپ يەنە ساڭا ئاسى بولاۋاتىمىز ئاللاھ . ئى ئاللاھ ! مىسكىنلەرنى ئەپۇ قىلىپ، ئاجىزلارغا رەھىم قىلىپ، ئاسىلارنىڭ گۇناھىنى كەچۈرۈۋەتكىن! تەۋبىمىزنى قوبۇل قىلغىن. ئى ئاللاھ! سەندىن باشقا بارلىق ئارزۇلىرىمىزنى بىزدىن يىراق قىلغىن. سىنىڭ يولۇڭدىن باشقا بارلىق يوللارنى بىزگە تاقىۋەتكىن. سەندىن باشقا بىزنىڭ ھېچقانداق پەرۋەردىگارىمىز يوق ئى ئاللاھ! دۇئايىمىزنى قوبۇل قىلىپ بىزنى رازىلىقىڭغا ئېرىشتۈرگىن ئاللاھ ! ئامـــــــــــىن!

## مۇسۇلمانلار ئارىسدىكى قېرنداشلىق

**مۇقەددىمە**

ھەمدۇ ـ سانا ئاللاھ غا خاستۇر، ئۇنى ماختايمىز، ئۇنىڭدىن ياردەم تىلەيمىز، ئۇنىڭدىن مەغپىرەت تىلەيمىز، نەپسىمىزنىڭ يامانلىقىدىن ۋە ئەمەللىرىمىزنىڭ

يامانلىرىدىن ئاللاھ غا سېغىنىمىز. ئاللاھ ھىدايەتكە باشلىغان ئادەمنى ھېچكىم ئازدۇرالماس، ئاللاھ ئازدۇرغان كىشىنى ھېچكىم ھىدايەت قىلالماس !.

كېچە - كۈندۈز ئالمىشىپلا تۇرىدىكەن، دۇئايى - سالاملىرىمىز ھەر دائىم ئۈزۈلمەستىن ئاللاھنىڭ تاللىغان ئەڭ ياخشى بەندىسى ۋە ئەلچىسى بولغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا بولسۇن ! ئۇنىڭ پاك ۋە بىغۇبار ئائىلە - تاۋابىتلىرىغا، بارلىق ئۇلۇغ پاك تەبىئەتلىك ساھابىلىرىگە ۋە ئۇلارغا قىيامەتكە قەدەر ئەگىشىپ ياخشى ئىزلىرىدىن ماڭغانلارغا بولسۇن !

مەقسەتكە كەلسەك :

مۇشۇ كۈنلەردە مۇسۇلمانلار ئارا يۈز بېرىۋاتقان ئۆچ - ئاداۋەت، سۆكۈش - مالامەت، تەپرىقە بۆلىنىش، پارچىلىنىش - يۈز ئۆرۈش، تالاش - تارتىش، پېتىشماسلىق. ......قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ بۇنداق بىرلىشەلمەسلىك - كېلىشەلمەسلىكنى تاشلاپ بۇرۇلۇش ھاسىل قىلىشىمىز زۆرۈرلىكىنى كۆتۈۋاتماقتا؛ پۇرسەت قولدىن كېتىپ ۋاقىت ئۆتۈشتىن ئىلگىرى دىللىرىمىزغا ساغلام ئەقىدە ۋە قېرىنداشلىق كۆچەتلىرىنى قايتىدىن يىلتىز تاتقۇزۇشىمىزنى تەلەپ قىلماقتا؛ ئۇلۇغ كەچۈرۈمچان ئاللاھ تەرەپكە قايتىشنى تىزلىتىپ، ئۆچمەنلىك - ئاداۋەت، ياتلىشىش - كېلىشەلمەسلىكنى چۆرۈپ تاشلىشىمىزنى تەقەززا قىلماقتا؛ ئاللاھ غا تەزەررۇ قىلىپ يالۋۇرۇپ دۇئا قىلىپ، دۇنيا ئاخىرەتتە، مۇسۇلمانلارنى ئەزىز قىلىشنى، مۇسۇلمانلارنى خارلىق، ھاقارەت، بۆلۈنۈش، گۇرۇھۋازلىق ۋە چۈشكۈنلىكتىن قۇتۇلدۇرۇشنى، مۇسۇلمانلارغا دۇنيادا ئىززەت - يۈسەكلىك، كۈچ - قۇۋۋەتكە تولدۇرۇپ، ئاخىرەتتە بۈيۈك جەننەتلەردە تۇرۇشقا ۋە دەۋزەختىن قۇتۇلۇشقا مۇشەررەپ قىلىشنى ئاللاھ دىن تىلىشىمىزنى دەۋر ھەم تەقەززا قىلماقتا !.......

بۇنداق تەقەززا ۋە ئاگاھلاندۇرۇش سىگنالى ئۇلۇغ ئىلاھى ئىسلاھات ۋە ئۆزگەرتىش نىزامى بولغان " بىر قەۋم ئۆزلىرىنى ئۆزگەرتمىگىچە، ئاللاھ ئۇلارنى ئۆزگەرتىپ قويمايدۇ " رەئد سۈرىسى 11- ئايەت. ئايىتىگە كۆرە بارلىققا كەلمەكتە. بىز بۇ ئۇلۇغ دەستۇر نوقتىسىدىن قارىغىنىمىزدا، ئاللاھ ئۆزىنى ساقلاپ قالغان ئاز بىر قىسىم كىشىلەردىن باشقا نۇرغۇن ئىنسانلارنىڭ روھى دۇنياسىدا ئەۋج ئېلىشقا باشلىغان خەتەرلىك بىر مەسىلىنى بايقايمىز، يەنى مۇسۇلمانلارنىڭ روھى دۇنياسى بۇزۇلۇپ، ئۆز - ئارا تەپرىقە، بۆلىنىش ۋە گۇرۇھۋازلىق - چۈشكۈنلىشىشنىڭ بارغانسىرى كۈچىيىپ كەتكەنلىكىنى كۆرمىز.

شۇڭا باشتا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، دۇنيا - ئاخىرەتتە بەختلىك، قەدىر قىممەتكە تولغان ھاياتقا ئېرىشىش ئۈچۈن يۇقارقىلارنى ئۆزگەرتىشنىڭ زۆرۈرلىكىنى تەكىتلەيمىز، بۇنداق ئېچىنىشلىق رېئاللىقنى جىددى ھالدا ئىسلاھ قىلىپ ۋە

ئۆزگەرتىپ، قېرىنداشلىق، ئىتتىپاقلىق، ئىززەت، قەددىنى كۆترەش، غەلبە ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆز ئورنىغا چىقىشى ئاساسىغا قۇرۇلغان پارلاق ۋە ئۇلۇغ يېڭى رىئاللىقنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش ئۈچۈن تىرىشماقتىمىز.

" بىر قەۋم ئۆزلىرىنى ئۆزگەرتمىگىچە، ئاللاھ ئۇلارنى ئۆزگەرتىپ قويمايدۇ " رەئىد سۈرىسى 11 ـ ئايەت.

قېرىندىشىم ! پۈتۈن ئىسلام ئۇممىتىگە قارىتا قەلبىڭدىكى ئۆچمەنلىكنى چىقىرىپ تاشلىغىن !

مەن بۇ سۆزلەر ئارقىلىق مۇسۇلمانلار ئارىسدا بىر ئائىلدە بىر ئىمارەتتە، بىر يىزىدا، بىر مەملىكەتتە، بىر رايۇندا پۈتۈن ئىسلام دۇنياسى مىقياسىدا، ياخشىلىق، سۆيگۈ، ئاللاھ يولىدىكى قېرىنداشلىق ۋە ساغلام ئېتىقاد ئورۇغىنى تېرىشنى مەقسەت قىلىۋاتىمەن، ئاللاھ تائالا دەيدۇكى « ئۇلارنىڭ دىللىرىدىكى دۈشمەنلىكنى چىقىرىپ تاشلايمىز، ئۇلار ئۆز ـ ئارا قېرىنداش بولغان ھالدا تەختلەر ئۈستىدە بىر ـ بىرىگە قارشىپ ئولتۇرىدۇ ». ھجىر سۈرىسى 47ـ ئايەت

رەسۇلىمىز ئەلەيھىسسالام ئۇممىتىگە نۇرغۇن ھەدىسلىرىدە بىر ـ بىرنى سۆيۈشنى، ئاللاھ يولىدا ئۆز ئارا قېرىنداشلىق ۋە ئىتتىپاقلىق مۇناسىۋىتىنى مۇستەھكەملەشنى، قەلبلىرىنى ساپ ۋە پاكىز تۇتۇشنى قايتا ـ قايتا تاپىلىغان ئىدى.

ئەبۇ ئىدرىس خەۋلانى مۇنداق دەيدۇ : شامدىكى دەمەشق مەسجىدىگە كىرگەندىم، قارىسام چىشلىرى سەدەپتەك ئاپئاق بىر يىگىت بار ئىكەن، ئەتراپىدىكى كىشىلەر بىرەر مەسلىدە تالاش ـ تارتىش قىلىپ قالسىلا، ئۇنىڭ ئالدىغا كىلىپ سوراپ، ئۇنىڭ پىكرىدىن قانائەت ھاسىل قىلىشىپ قايتىدىكەن. ئۇنىڭ كىملىكىنى سورىغاندىم، بۇ مۇئاز ئىبن جەبەل ئىكەنلىكىنى ئېيتىشتى.

ئەتىسى بولغاندا چاشكا ۋاقتىدا مەسجىدكە كەلسەم، ئۇ يىگىت مەندىن بۇرۇن كىلىپ بولغانىكەن، ئۇنى ناماز ئۇقۇۋاتقان ھالدا كۆردۈم، شۇنىڭ بىلەن ئۇ نامىزىنى ئوقۇپ بولغۇچە كۈتۈپ تۇردۇم ۋە ئۇدۇل ئالدىغا بېرىپ ئۇنىڭغا سالام قىلدىم. مەن ئۇنىڭغا : " ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەن سىنى ئاللاھ ئۈچۈن ياخشى كۆرىمەن " دىدىم. ئۇ: "ئاللاھ ئۈچۈنمۇ؟" دەپ سوردى، مەن "ئاللاھ ئۈچۈن" دېدىم. ئۇ يەنە قايتلاپ:" ئاللاھ ئۈچۈنمۇ ؟" دېدى، مەنمۇ جاۋابەن "ئاللاھ ئۈچۈن" ! دېدىم. ئۇ مېنىڭ چاپىنىمنىڭ پېشىدىن تۇتۇپ مىنى ئۆزىگە تارتتى ۋە مۇنداق دىدى : " سىزگە خۇشخەۋەر بولسۇن ! مەن رەسۇلۇللاھنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانمەن : " ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ : مېنى دەپ ياخشى كۆرۈشكەنلەر، مېنى دەپ بىر سورۇندا بولغانلار، مېنى دەپ بىر ـ بىرىنى يوقلاپ تۇرىدىغانلار، مېنى دەپ بىر بىرىدىن ھېچ نەرسىنى ئايىمايدىغانلار چوقۇم مېنىڭ مۇھەببىتىمگە نائىل بولىدۇ ".

بۇ ھەدىستە بىر ئاز توختىلايلى :

ئاللاھ تائالانىڭ :" مېنى دەپ ياخشى كۆرۈشكەنلەر، مېنى دەپ بىر سورۇندا بولغانلار، چوقۇم مېنىڭ سۆيگۈ مۇھەببىتىمگە نائىل بولىدۇ " دېگەن سۆزىدە، ئاللاھ نى ياخشى كۆرگەنلىكتىن بىر سورۇندا توپلىشىپ ئاللاھ غا زىكرى ـ سانا ئېيتىدىغانلار كۆزدە تۇتۇلغان. مانا شۇنىڭ ئۈچۈن، مەشھۇر زاھىد جۇنەيد ــ ئاللاھ ئۇنىڭغا ۋەھمەت قىلسۇن ـ ھەر دائىم خىلۋەتخانىسىدا مەشغۇل ئىدى، قاچانىكى دوستلىرى ئۈيگە كەلسە، ئۇلارنىڭ قېشىغا چىقىپ بىللە ئولتۇراتتى ۋە ئۇلارغا : " سىلەر بىلەن بىر سورۇندا ئولتۇرۇشتۇنمۇ ساۋابلىق ئىش بارلىقىنى بىلگەن بولسام ھەرگىز قېشىڭلارغا چىقماس ئىدىم " دەيتتى. چۈنكى بۇنداق تەقۋادار دوستلار ئولتۇرۇشى قەلبنى سۇزۇلدۇرۇشكە ۋە ئاللاھىدە ئىلىم ھىكمەت ھاسىل قىلىشقا پۇرسەت يارىتىدىغانلىقىدا گەپ يوق. ئاللاھ تائالانىڭ :" مېنى دەپ بىر بىرىدىن ھېچ نەرسىلىرىنى ئايىمايدىغانلار" دېگەن سۆزىگە كەلسەك بۇنداق كىشىلەر خۇددى ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ پەقەت ئاللاھىنىڭ رازىلىقىنى دەپلا جېنى ۋە مال ـ مۈلكىنى ئاتاپ ھىجرەتكە ئاتلانغىنىدەك، بىر ـ بىرىنىڭ ھەر قانداق مۇھىم ئېھتىياجى ئۈچۈن ئۆز قېرىندىشىغا جېنىنى ئىقتىسادىنى ئايىمايدىغانلاردۇر.

ئاللاھ تائالانىڭ : "مېنى دەپ بىر ـ بىرىنى يوقلاپ تۇردىغانلار " دىگەن سۆزى ئاللاھىدە يېقىن دوستلۇق ـ قېرىنداشلىق مۇناسىۋەتىنىڭ ئاللاھ يولىدا ئورناپ، ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈنلا تەسۋىرلىگۈسىز دەرجىدە ئۇلۇغ بىر رۇھقا ئىگە بولغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. ئاللاھ سۆيگۈسى تۈپەيلىدىن دوستلارنىڭ قەلبى بىر ـ بىرىگە تەلپۈنىدۇ ۋە ئاللاھ ئۈچۈن بولغان بۇ خىل بۈيۈك رۇھنىڭ تۈرتكىسىدە بىر ـ بىرىنى يوقلىشىپ، ئۈچرىشىپ تۇرۇش ئارقىلىق ئىلاھى ۋە ئىنسانى سۆيگۈنىڭ كامالىتىنى نامايەن قىلىپ ئاللاھىنىڭ سۆيگۈ مۇھەببىتىگە نائىل بولۇش ئۇلۇغ نىئمىتىنى قولغا كەلتۈرۈشىدۇ.

قېرىندىشىم ! مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتىدىن ئىبارەت مۇسۇلمانلارنى ياخشى كۆرسىڭىز ئاللاھىنىڭ ياخشى كۆرۈشىگە ئېرىشىسىز !.

توغرا ئەقىدىلىك دوست ـ يارەنلىرىڭىز بىلەن بىر سورۇندا بىللە ئولتۇرۇپ، پاك قەلب، گۈزەل ئەخلاقىڭىزنى نامايەن قىلغان ھالدا تائەت ـ ئىبادەت، زىكرى ـ سانا بىلەن مەشغۇل بولسىڭىز، ئاللاھىنىڭ كىتابىنى ۋە رەسۇلىنىڭ سۈننەت ـ ھەدىسلىرىنى ئۆگىنىپ مۇتالىئە قىلسىڭىز، بۇلار ئارقىلىق ئاللاھ سۆيگۈ ـ مۇھەببىتىگە نائىل بولىسىز! مۆمىن قېرىنداش ـ بۇرادەرلىرىڭىزنى ئاللاھىنىڭ ئۈچۈن زىيارەت قىلىپ يوقلاپ تۇرسىڭىز ئاللاھىنىڭ سۆيگۈ مۇھەببىتىنى قولغا كەلتۈرەلەيسىز!.

رەسۇلىمىز ھەردائىم پاك قەلب ۋە گۈزەل خۇلق بىلەن ئاللاھ رازىلىقىنى دەپ ئۆز ـ ئارا قېرىنداشلىق ئورنىتىش ۋە ئاللاھ ئۈچۈن ياخشى كۆرۈشۈشكە تەرغىب قىلىپ، ئۈندەپ تۇراتتى.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللاھنىڭ مۇنداق بىر ھەدىسىنى بايان قىلىدۇ :" بىرئادەم باشقا بىر يۇرتتىكى قېرىندىشىنى يوقلاپ بېرىپتۇ، ئاللاھ بۇ ئادەمنىڭ شۇ يۇرۇتقا كىرىدىغان يولىغا بىر پەرىشتىنى كۈتۈپ تۇرۇشقا بۇيرۇپتۇ، ئۇ ئادەم كەلگەن چاغدا پەرىشتە ئۇنىڭدىن ( نەگە بارماقچىسىز ؟ ) دەپ سوراپتۇ، ئۇكىشى جاۋابەن (بۇيۇرتتىكى بىر قېرىندىشىمنى يوقلىغىلى كەلدىم ) دەپتۇ. پەرىشتە ( ئۇنىڭدا سەن كۆزلەيدىغان بىرەر ئېلىشىڭ بارمۇ ؟ ) دەپ سورىغان ئىكەن، ئۇكىشى : ( ياق، مەن پەقەت ئۇنى ئاللاھ ھەققىدىلا ياخشى كۆرىمەن) دەپتۇ، پەرىشتە ئۇنىڭغا ( مەن خۇددى سەن ئۇ قېرىندىشىڭنى ئاللاھ يولىدا ياخشى كۆرگىنىڭدەك ئاللاھ مۇ سىنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن ئاللاھ ساڭا ئەۋەتكەن ئەلچىمەن ) دەپتۇ. مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەزرىتى ئىبنى ئاببلس رەسۇلۇللاھنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان : " ئىماننىڭ ئەڭ مۇستەھكەم تۇتقىسى ـ ئاللاھ يولىدا دوستلىشىش، ئاللاھ يولىدا دۈشمەنلىشىش، ئاللاھ يولىدا ياخشى كۆرۈش ۋە ئاللاھ يولىدا نەپرەتلىنىشتۇر". سەھى ھەدىسلەر توپلىمى، ئالبانى 2539ـ ھەدىس.

بۇھەدىسكە ئىزاھات :

" ئاللاھ يولىدا دوستلىشىش " ئاللاھ رازى بولىدىغان ئىشلارنى قىلىشتا ئۆز ئارا يېقىن ھەمكارلىق ئورنىتىشتۇر.

" ئاللاھ يولىدا دوشمەنلىشىش " بولسا ئاللاھ يامان كۆرىدىغان ۋە چەكلەيدىغان ئىشلارنى قىلماسلىقتا ھەمكارلىشىش، بىر ـ بىرىگە ناشايەن ئىشلارنى يامان كۆرستىش ۋە ئاللاھنىڭ دوشمەنلىرىنى دوشمەن كۆرۈش قاتارلىقلاردۇر.

" ئاللاھ يولىدا سۆيۈش، ئاللاھ يولىدا نەپرەتلىنىش " ھەققىدە مۇجاھىد ئىبنى ئۆمەرنىڭ بۇسۆزىنى نەقلى قىلغان : " سەن بۇ ئارقىلىق ئاللاھنىڭ ئەڭ يېقىن بەندىسى بولۇش شەرىپىگە ئېرىشەلەيسەن ۋە يۇقۇرقى سۈپەتنى ھازىرلىغاندىلا ئاندىن ئىماننىڭ تەمىنى تېتىيالايسەن.

دەۋرىمىزدە ئاللاھ يولىدا چىڭ تۇرغانلارنى ئۆچ كۆرىدىغان ۋە مۇناپىقلىق ئالامەتلىرى مانا مەن دەپ چىقىپ تۇردىغان ئۆزىنى موللا ـ ئالىم دەپ قارايدىغان كۆپلىگەن زاتلاردىن نەپرەتلىنىشمۇ ئاللاھ يولىدا نەپرەتلىنىش قاتارىغا كىرىدۇ.

ئىمام شافىئى مۇنداق دېگەن :" ئىسىل ئادەملەر بىلەن ئارلاشقىن ئىسىل ئادەمدەك ياشايسەن، پەسكەشلەرگە ئارلاشمىغىن، پەسكەش ھىساپلىنىپ قالىسەن ".

شۇڭلاشقا قەدىمقىلاردىن سۆز قالغان :"يامان ناچار ئادەملەرگە ئارىلىشىش خەتەرلىكتۇر ۋە ئىنتايىن زەرەرلىكتۇر، بۇ خۇددى دېڭىز سەپىرىگە چىققانغا ئوخشايدۇ، گەرچە يولۇچى دېڭىزغا غەرق بولۇپ كەتمىگەن تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ قەلبى دەككە ـ دۈككىدە ئۆتىدۇ ".

قېرىنداشىم !

ئىمانىنىڭ ئەڭ مۇستەھكەم تۇتقىسى ئاللاھ ئۈچۈن مۆمىنلەرنى ياخشى كۆرۈشتۇر ۋە ئاللاھ ئۈچۈن مۇناپىقلار- كاپىرلاردىن نەپرەتلىنىشتۇر.

ئەنەس ئىبنى مالىك رەسۇلۇللاھدىن مۇنداق دېگەنلىكىنى بايان قىلغان " ئۈچ خىل خىسلەت ئۆزىدە تېپىلغان ئادەم ئىمانىنىڭ تەمىنى تېتىيالايدۇ : ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى ئۇنىڭغا باشقىلاردىن ئەڭ سۆيۈملۈك بولىشى، بىرسىنى ياخشى كۆرسە پەقەت ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈنلا ياخشى كۆرۈش، كۇفرىگە قايتىشنى خۇددى دوزاخقا تاشلىنىشنى يامان كۆرگەندەك يامان كۆرۈش. "

ئاللاھ يولىدا سۆيگۈ ۋە قېرىنداشلىقتىن مىساللار

رەسۇلۇللاھنىڭ ئاللاھ يولىدا قېرىنداشلىق ۋە سۆيگۈ توغرىسىدىكى سۆزلىرى ساھابىلەرگە زور تەسىر قىلغان ئىدى. ئۇلار بۇساھەدە نادىر ئۈلگىلەردۇر.

سەئىد ئىبنى رەبىئ بىلەن ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋف ئاللاھ يولىدا دوستلاشقان ئىدى. ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋف مەككىدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ كەلگەن مۇھاجىرلاردىن ئىدى. سەئىد ئىبنى رەبىئ بولسا مەدىنىلىك ئەنسارىلاردىن ئىدى. بۇ باشقا ـ باشقا يىراق ئىككى شەھەر بۇلۇپ، ئۇ ئىككى ساھابىنىڭ ئوتتۇرسىدا نەسەپ ئالاقىسى، نە ئىلىم ـ بېرىم ياكى تىجارەت ـ سودا ئالاقىسى بولمىغان ئىدى.

بىراق ئۇ ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىنى بۇ بۈيۈك ئىسلام دىنى بىرلەشتۈرۈپ، ئۆز ئارا قېرىنداش قىلىپ قويغان، ئۇلارنىڭ دوستلۇقى ئاللاھ يولىدىكى دوستلۇق ئىدى.

سەئىد ئىبنى رەبىئ ئۆز ئۆيىنىڭ بىر قىسمىنى ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋفكە قولايلىق تۇرالغۇ قىلىپ بەرگەن، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ بارلىق مال مۈلكىنى ئىككەيلەن تەڭ نىسبەتتە بۆلۈشۈش پىكرىنى ئوتتۇرغا قويغان ئىدى. .....

ئۈممەتنىڭ ئەزالىرى ئارىسىدىكى مۇنداق بىر ـ بىرىنى يۆلەش، قېرىنداشلىق ۋە سۆيگۈگە قاراڭ!...بىز بىلەن شۇ ساھابىلەر ئوتتۇرسىدىكى پەرقنىڭ نىملىكىنى بىلەمسىلەر ؟

پەرق شۇكى، ساھابىلەر قۇرئان ئايەتلىرىنى ئىجرا قىلىش، تەتبىقلاش ئۈچۈن ئاڭلايتتى. بىز بولساق ئۇلارنى بىپەرۋا، غاپىل ۋە چۈشەنمەستىن ئاڭلايمىز ! پەرۋەردىگارىم ئۆزەڭ ساقلىغايسەن !.

مۇسئەب ئىبنى ئۇمەير ۋە ئاللاھ يولىدىكى سۆيگۈ نەپرەت

بەدر غازىتىدا مۇسۇلمانلارغا ئەسىرگە چۈشكەن كۇپپار قوشۇنلىرىنىڭ ئارىسىدا مۇسئەب ئىبنى ئۇمەيرنىڭ بىر تۇققىنى ئەبۇ ئەزىزئىبنى ئۇمەيرمۇ بار ئىدى، ئۇنى ئەنسارلاردىن بىرى ئەسىرگە ئالغان ئىدى، ئىبنى ئۇمەير بۇ تۇققىنىنىڭ قېشىدىن ئۆتكەندە ئۇنىڭ تېخى ئاللاھ غا بويسۇنمىغان كاپىر بولغانلىقى سەۋەبىدىن ئوتتۇرلىرىدىكى نەسەپ قېرىنداشلىقنى ئىسگىمۇ كەلتۈرمەيتتى، پەقەت ئاللاھ يولىدىكى دىنى قېرىنداشلىقنى كۆزدە تۇتاتتى. شۇڭا ئۇ بىر تۇققىنىنى ئەسىرگە ئالغان ئەنسارى قېرىندىشىغا : ئۇنى چىڭ باغلاپ قوي، ئانىسىنىڭ قول ئىلكىدە بار، بەلكىم ئانىسى ئۇنىڭغا تۆلەم بېرىپ ئۇنى سەندىن ئېلىپ كېتەر " دەيتتى.

مۇسئەب ئىبنى ئۇمەير ئاللاھ يولىدىكى قېرىنداشلىق رىشتىسىنىڭ نەسەپ ۋە قانداشلىق رىشتىسىدىن كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى بىلەتتى.

ئارىمىزدا مۇشۇنداق رىشتىنى ھىس قىغانلار بارمىدۇ ؟.

ئارىمىزدا پەلەستىنلىكلەر، ئىراقلىقلار، چىچەنلىكلەر، ۋە باشقا نۇرغۇن مۇسۇلمانلارنىڭ تارتىۋاتقان كۈلپەتلىرىدىن قىينىلىپ ئۇخلىيالمايۋاتقانلار بارمىدۇ ؟ ..!!

ئۇلۇغ ساھابە مۇسئەب ئىبنى ئۇمەيردەك بولىشىمىزنى ئاللاھدىن تىلەيمەن.

ساغلام قەلبكە ئىگە بىر ئەنسارى ساھابە ھەقىدە

زۇھرى مۇنداق دەيدۇ : ئەنەس ئىبنى مالىك مۇنۇلارنى ئېيتىپ بەرگەن ئىدى : " رەسۇلۇللاھ بىلەن بىرگە ئولتۇرغان ئىدۇق، ئۇ:" ( ھازىر ئالدىڭلارغا جەننەت ئەھلىدىن بولغان بىركىشى چىقىپ كىلىدۇ" دېدى، شۇنىڭ بىلەن ئەنسارلاردىن بىر كىشى چىقىپ كەلدى، تاھارەت ئالغانلىقتىن ئۇنىڭ ساقاللىرىدىن سۇ تامچىلاپ تۇراتتى ۋە ئىككى كەشىنى كۆتىرۋالغان ئىدى. ئۇنىڭ ئەتىسى بولغاندا، رەسۇلۇللاھ يەنە ھېلقىدەك دېدى ۋە ھېلىقى ئادەم يەنە بىرىنجى ھالىتىدىكىدەك چىقىپ كەلدى. رەسۇلۇللاھ يەنە بۈرۈنقىدەك سۆز قىلغان ئېدى يەنە شۇئادەم بىرىنچى قېتىمدىكى ھالىتىدە ئالدىمىزغا چىقىپ كەلدى.

رەسۇلۇللاھ ئورنىدىن تۇرغان چاغدا، ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرى ئىبنى ئاس ئۇكىشىگە ئەگىشىۋالدى ۋە ئۇنىڭغا :" مەن دادام بىلەن تەگىشىپ قالدىم، شۇڭا ئۈچ كۈنگىچە دادامنىڭ قېشىغا كىرمەسلىككە قەسەم قىلدىم، ئەگەردە ئۈچ كۈن ئۆتكىچە مېنى ئۆيۈڭدە قوندۇرۇاي دىسەڭ شۇنداق قىل " دېدى، ئۇ ماقۇل بولدى.

ئەنەس ئېيتىدۇ ئابدۇللاھنىڭ دىيىشىچە ئۇ ھېلىقى كىشى بىلەن ئۈچ كىچە بىللە بولغان بولسىمۇ، كىچىدە بىرەر قېتىم تۇرۇپ ئىبادەت قىلغىنىنى كۆرمەپتۇ، لېكىن ئۇكىشى كىچىسى ئويغىنىپ كىتىپ ئۇياقتىن ـ بۇياققا ئۆرۈلسە، ئاللاھ قا زىكرى ـ تەسبىھ ئېيتىپ قويىدىكەن ۋە بامدات نامىزى ئۈچۈنلا ئورنىدىن تۇرىدىكەن.

ئابدۇللاھ مۇنداق دەيدۇ :" پەقەت مەن بۇ كىشىنىڭ ياخشى سۆلەرنىلا ئاغزىدىن چىقىرىدىغانلىقىنى بايقىدىم، ئۈچ كۈن ئۆتكەندىن كېيىن مەن ئۇنىڭ ئەمەل - ئىبادەتلىرىنىڭ بەك ئاز ئىكەنلىكىنى سېزىپ ئۇنىڭغا مۇنداق دىدىم :" ئى ئاللاھنىڭ بەندىسى، ئەسلىدە مەن بىلەن دادامنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق تەگشىش - يۈز ئۆرۈش بولغان ئەمەس، بىراق مەن رەسۇلۇللاھنىڭ سىز توغرىسىدا ئۈچ قېتىم " ھازىر قېشىڭلارغا جەننەت ئەھلىدىن بولغان بىركىشى چىقىپ كىلىدۇ" دىگەنلىكىنى ئاڭلىدىم، ھەر ئۈچ قېتىمدا سىز چىقىپ كەلدىڭىز، شۇڭا قېشىڭىزدا قونۇپ باقاي دىگەن نىيەتكە كەلدىم، مەقسىدىم، سىزنىڭ قانداق ئەمەل - ئىبادەتلىرىڭىز بارلىقىنى كۆرۈپ، مەنمۇ سىزنى دوراي دىگەنىدىم، لىكىن سىزنىڭ كۆپ ئىبادەت - ئەمەل قىلغانلىقىڭىزنى كۆرمىدىم، ئۇنداقتا سىز نىمە ئارقىلىق رەسۇلۇللاھ ئېيتقان دەرىجىگە يەتتىڭىز ؟ " ئۇ كىشى " سىز كۆرگەندىن باشقا ھېچ نەرسە يوق " دەپ جاۋاب بەردى.

ئابدۇللاھ ئېيتىدۇ : مەن قايتىۋاتقان ۋاقتىمدا ئۇكىشى مېنى چاقىردى ۋە :" سىزكۆرگەندىن باشقا ھېچ ئىش يوق، پەقەتلا مەن مۇسۇلمانلاردىن ھېچ بىرىگە كۆڭلۈمدە غەم ساقلىمايمەن، ئاللاھ بەرگەن ياخشىلىققا قارىتا ھېچ كىمگە ھەسەت قىلمايمەن " دىدى.

ئابدۇللاھ مۇنداق دەيدۇ : "مانا دەل مۇشۇ خىسلەت سىزنى جەننەتكە لايىق قىلغان، بىز قىلىپ بولالمايۋاتقانلارمۇ دەل مۇشۇلار ".

رەسۇلۇللاھ ساھابىلىرىنىڭ بىر - بىرىگە بولغان قېرىنداشلىق، مېھرى - مۇھەببەت تۇيغۇسىنى قەدىرلىگەن

رەسۇلۇللاھ بۇنداق مېھرى - مۇھەببەتنى، بۇنداق قېرىنداشلىقنى بەكمۇ قەدىرلەيتتى. ئوھۇد غازىتىدا ساھابىلەردىن 70 كىشى شەھىد بولغان ئىدى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا رەسۇلۇللاھنىڭ تاغىسى ھەمزە ئىبنى ئابدۇلمۇتەللىبمۇ بار ئىدى، ئۇشىبھىد قىلىنىپلا قالماستىن، مۇشرىكلار ئۇنىڭ مۇبارەك جەسىدىنىمۇ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىتىپ پارچىلاپ تاشلىغان ئىدى. .... شۇنداقلا رەسۇلۇللاھمۇ بۇغازاتتا زەربىگە ئۇچراپ جاراھەتلەنگەن ۋە ئوتتۇر چىشى سۇندۇرۇلغان ئىدى.

مۇشۇنداق ئېچىنىشلىق كەيپىياتتا تۇرۇپمۇ مۇسۇلمانلانىڭ قېرىنداشلىق - ئىتتىپاقلىق مەسىلىسىگە ئالاھىدە كۆڭۈل بولگەن.

ساھابىلەر ھەر قايسى ئۆز ئۆرۈغ - تۇققانلىرىنىڭ جەسىتىنى مەدىنىگە ئاپىرىپ دەپنە قىلىش ئۈچۈن ئېلىپ مېڭىشقا تەمشەلگەن چاغدا، رەسۇلۇللاھ ئۇلارنى شېھىت بولۇپ يىقىلغان جايلىرىغا دەپنە قىلىشنى بۇيرىدى ۋە بىر قەبرىگە ئىككىدىن، ئۈچتىن قىلىپ دەپنە قىلىشنى، قايسى قۇرئاندىن جىقراق

بىلدىغانلىرى بولسا شۇنى ئالدى بىلەن قىبلە تەرپكە قويۇشنى بۇيرىدى. رەسۇلۇللاھ ئۇلارغا بىرمۇ ـ بىر ناماز ئۇقۇدى، ھەر بىر شىھىت ئېلىپ كىلىنگەن چاغدا ھەمزىنى ئۇنىڭ بىلەن بىللە قويۇپ نامىزىنى چۈشۈرەتتى ھەمزىنىڭ قەبرىسىگە ئەبۇ بەكرى ئۆمەر ۋە زۇبەير چۈشتى...

رەسۇلۇللاھ قەبرىنىڭ گىرۋىكىدە ئولتۇردى، رەسۇلۇللاھ ئەمرى ئىبنى جەمۇھ بىلەن ئابدۇللا ئىبنى ھەرام ھايات ۋاقتىدا يېقىن دوست قېرىنداش بولغاچقا، ئۇئىككىسىنى بىر قەبرىگە دەپنە قىلىشنى بۇيرىدى. رەسۇلۇللاھ بارلىق ساھابىلىرىدىن رازى بولغان ھالدا بۇدۇنيا بىلەن ۋىدالاشقان ئىدى.

ئۆمەر ئىبنى خەتتاب ۋە ئاللاھ يولىدىكى قېرىنداشلىق سىنىقى

بىر كۈنى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب خىزمەتكارىغا مىڭ دەرھەم پۇلنى بېرىپ، ئۇنى ئەبۇ ئۇبەيدە ئىبنى جەرراھقا ئاپىرىپ بېرىشنى ۋە بۇ پۇللارنىڭ ئەبۇ ئۇبەيدىگە تەئەللۇق بولغانلىقىنى، خالىغىنىچە سەرىپ قىلسا بولىدىغانلىقىنى ئۇنىڭغا بىلدۇرۇپ قويۇشنى بۇيرىدى. شۇنداقلا خىزمەتكارىغا ئۇنىڭ بۇ پۇللارنى قانداق قىلىدىغانلىقىنى كۈزىتىپ بېقىشنى تاپشۇردى. خىزمەتكار ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ دىگىنى بويىچە پۇلنى ئەبۇ ئۇبەيدىگە ئاپىرىپ بېرىپ كۈزىتىپ باقتى. ئەبۇ ئۇبەيدە دەرھال بۇ پۇللارنىڭ ھەممىسىنى قويماي يوقسۇل ـ مىسكىنلەرگە ئۈلەشتۈرۈپ بەردى. خىزمەتكار ئۆمەر ئىبنى خەتتابقا قايتىپ كىلىپ، ئەبۇ ئۇبەيدىنىڭ ھېلىقى پۇللارنى تامامەن ئاللاھ يولىدا سەرىپ قىلىۋەتلىكىنى يەتكۈزدى. ئاندىن كېيىن ئۆمەررەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇخىزمەتكارغا يەنە مىڭ دەرھەم پۇلنى تۇتقۇزۇپ، بۇلارنى مۇئاز ئىبنى جەبەلگە ئاپىرىپ بېرىپ ئەبۇ ئۇبەيدىگە ئېيتقان سۆزلەرنى ئېيتىپ ۋە قاراپ بېقىشنى تاپشۇردى. خىزمەتكار قايتىپ كىلىپ، مۇئازمۇ خۇددى ئەبۇ ئۇبەيدەگە ئوخشاش قىلغىنىنى يەتكۈزدى. ئۆمەر خىزمەتكارىغا يەنە مىڭ دەرھەم پۇلنى بېرىپ سەئد ئىبنى ئەبى ۋەققاسقا ئاپىرىپ بەرگەندىن كېيىن قاراب بېقىشنى ئېيتتى. خىزمەتكار قايتىپ كىلىپ سەئد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ خۇددى ئەبۇ ئۇبەيدە بىلەن مۇئازغا ئوخشاش پۇللارنى قويماي ئۈلەشتۈرىۋەتكەنلىكىنى يەتكۈزدى. ھەزرىتى ئۆمەر ئىنتايىن خۇشال بولغان ھالدا : ئەلھەمدۇ لىللاھ، ئۇلار بىر۔ بىرىگە ئوخشاش قېرىنداشلاردۇر!" دىدى.

مەشھۇر ئېغىر پىتنىنىڭ ئۈممەتنىڭ ئاللاھ يولىدىكى ئۆز ئارا قېرىنداشلىق ـ سۆيگۈ مەسلىسىگە قالدۇرغان ساۋىقى

ئوسمان ئىبنى ئەففان ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ خەلىپىلىك ۋاقتىدا مۇسۇلمان بىر ـ بىرىگە قارشى ئىككى ئارمىيەگە بۆلىنىپ كەتكەن

ئىدى، بىر قوشۇننىڭ بېشىدا ئەلى ئىبنى ئەبى تالىب، يەنە بىرسىنىڭ بېشىدا زۇبەير ئىبن ئەۋۋام بار ئىدى.

ئۇرۇش باشلىنىشتىن ئىلگىرى ئەلى ۋە زۇبەير ئىككىسى ئاللاھ يولىدا ياخشى كۆرۈشكەن ئىككى قېرىنداش سۈپىتىدە بىر ـ بىرگە تەنبىھ بىرىش مۇئامىلىسىدە بولغان.

بەيھەقى ھەرب ئىبن ئەسۋەد دۇئەلىدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ : ئەلى ۋە ئۇنىڭ قوللىغۇچىللىرى تەلھە ۋە زۇبەيرلەر بار يەرگە يېقىنلاشقان ۋە ئەسكەر سەپلىرىمۇ بىر ـ بىرگە يېقىن كەلگەن چاغدا ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللاھ بۇرۇن مىنگەن خېچىرغا مىنىپ ئالدىغا چىقتى ۋە " ماڭا زۇبەيرئىبن ئەۋۋامنى چاقىرىپ بېرىڭلار " دەپ تولىدى. زۇبەير ئۇنىڭغا چاقىرىپ كىلىندى، ئۇلار بىر ـ بىرىگە ئۇدۇل قارشىپ تۇراتتى، ئۇزئارا يېقىنلىقىدىن ھەتتا مىنگەن ئۇلاغلىرىنىڭ بويۇنلىرى بىر ـ بىرگە تېگىشىپ تۇراتتى، ئەلى مۇنداق دىدى :

" ھەي زۇبەير، ئاللاھنىڭ نامى بىلەن ساڭا ئېيتىمەن، رەسۇلۇللاھ بىز مۇنداق بىر جايدا تۇرغان چاغدا قېشىمىزدىن ئۆتكىنى يادىڭدا بارمۇ ؟ رەسۇلۇللاھ ساڭا : زۇبەير ! ئەلىنى ياخشى كۆرەمسەن ؟ دېگەندە سەن ئەلى مەن بىلەن بىر دىندىكى ئانا ۋە دادا تەرەپ تاغىلىرىمنىڭ ئوغلى تۇرسا قانداقمۇ ياخشى كۆرمەي!؟ دېگەن ئىدىڭ، شۇ چاغدا رەسۇلۇللاھ : "ھەي زۇبەير، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، سەن ناھەق ھالدا بۇ ئەلى بىلەن ئۇرىشىسەن " دىگەن ئىدىغۇ ؟ دىدى، زۇبەير ئەلىگە قاراپ " شۇنداق، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئۇسۈزلەرنى رەسۇلۇللاھتىن ئاڭلىغان چاغدىن تارتىپ يادىمدىن چىقىرىپ قويۇپتىمەن. مانا ھازىر ئەسلەۋاتىمەن، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، سەن بىلەن ھەرگىز ئۇرۇشمايمەن " دېدى دە زۇبەير ئۇلىغى بىلەن سەپلەرنى يارغان ھالدا كەينىگە قايتتى.

زۇبەير ئەلى ئىبن ئەبى تالىب بىلەن ئۇرۇشماستىن قايتقان ئىدى، ئەمما پىتنىنى داۋاملاشتۇرۇش ۋە ئۇرۇش ئوتىنى قايتا تۇتاشتۇرۇشنى مەقسەت كۆزلىگەن ئىسلام تونىغا يۆگىنىۋالغان يەھۇدى سۇيقەستچىللىرى زۇبەيرنى ئۆلتۇردى، بۇنىڭ نەتىجىسىدە كىلىپ چىققان پىتنىدە تەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ ئۆلتۇرۇلدى.

ئەلى رەزىيەللاھۇ بۇنىڭغا قاتتىق ئېچىنىپ يىغلاپ، يىغا ـ زارە ئىچىدە ئۇنى قۇچىقىغا ئېلىپ تۇرۇپ: "بۇنىڭدىن يىگىرمە يىل بۇرۇن ئۆلۈپ كەتكەن بولسامچۇ! ئى ئەبۇمۇھەمەد سېنى مۇنداق قان ئىچىدە كۆرۈش ماڭا بەكمۇ ئېغىر كەلدى! مەن، سەن ۋە زۇبەير ئۈچىمىز ئاللاھنىڭ كالامىدىكى : « ئۇلارنىڭ دىللىرىدىكى دۇشمەنلىكنى چىقىرىپ تاشلايمىز ئۇلار ئۆز ئارا قېرىنداش بولغان ھالدا تەختلەر ئۈستىدە بىر ـ

بىرگە قارشىپ ئولتۇرىدۇ »ھەجر سۈرىسى 47 ـئايەت دىيىلگەن ئادەملىرىدىن بولىشنى ئۈمىد قىلىمىز " دەيتتى.

قېرىنداشلىرىم ! بۇ ئىشقا ئىبرەت ـ ساۋاق ئېلىش يۈزىسىدىن ئوبدان ئويلىنىپ باقتىڭلارمۇ؟

مەن بۇگۈنكى پىتنىلەردىن ئەنسىرەيمەن، بۇگۈنكى مۇسۇلمانلارنىڭ بۆلۈنۈپ ـ پارچىلىنىپ كېتىشىدىن قورقىمەن.

بىز بىر سەپتىكى مەقسەتداش قېرىنداشلاردىن بولايلى ! بىز ئاللاھ يولىدىكى سۆيگۈ ئۈستىدە بىرلىككە كىلەيلى ! بىز غۇبارسىز، پاك، ساپ ـ سۈزۈك، ساغلام قەلب ئىگىلىرىدىن بولايلى !

رەسۇلۇللاھنىڭ ئۈمەتلىرىگە ئاللاھ يولىدىكى سۆيگۈ ـ قېرىنداشلىقنى ئۆگىتىشى

ئىبنى شىھاب سالىمدىن ئۇقئان، سالىم ئابدۇللا ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇئەنھۇدىن رەسۇلۇللاھنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ:" مۇسۇلمان مۇسۇلماننىڭ قېرىندىشى، ئۇنىڭغا زۇلۇم قىلمايدۇ ۋە تاشلىۋەتمەيدۇ؛ كىمكى قېرىندىشىنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلسا ئاللاھ ئۇنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلىدۇ ؛ كىمكى بىر مۇسۇلماننىڭ قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىپ بەرسە، ئاللاھ تائالا قىيامەت كۈنىنىڭ قىيىنچىلىقلىرىدىن بىرنى ئۇنىڭدىن كۆتىرۋېتىدۇ؛ كىمكى بىر مۇسۇلماننىڭ ئەيىبىنى ياپسا، ئاللاھ قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ ئەيىبىنى ياپىدۇ" بۇخارى رىۋايىتى.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەسۇلۇللاھنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ :" كىمكى بىرمۇسۇلماننىڭ دۇنيادىكى قىيىنچىلىقلىرىدىن بىرنى تۈگەتسە، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ قىيامەت كۈنىدىكى قىيىنچىلىقلىرىنى كۆتىرۋېتىدۇ؛ كىمكى يوقسۇلغا ئاسانچىلىق يارتىپ بەرسە، ئاللاھ تائال ادۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئۇنىڭغا ئاسانچىلىق يارتىپ بىردۇ؛كىمكى بىر مۇسۇلماننىڭ ئەيىبىنى ياپسا، ئاللاھ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئۇنىڭ ئەيىبىنى ياپىدۇ، بەندە ئۆز قېرىندىشىغا ياردەمدە بولۇپ تۇردىغانلا بولسا، ئاللاھ ئۇبەندىدىن ياردىمىنى ئۈزمەيدۇ، كىمكى ئىلىم ئىزدەپ يول ماڭسا ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ بەدلىگە ئۇنىڭغا جەننەتنىڭ يولىنى ئاسانلاشتۇرۇپ بىرىدۇ؛ بىر توپ ئادەم ئاللاھنىڭ ئۆيلىرىدىن بىرىدە ئۆزئارا مۇزاكىرە ـ ئۇگۈنۈش ئۈچۈن يىغلدىغانلا بولسا، ئۇلارغا ئاللاھنىڭ غەمخورلىقى ياغىدۇ، رەھمىتى قاپلايدۇ، مالائىكىلەر ئۇلارنى ئورايدۇ ۋە ئاللاھ ئۇلارنى پەرىشتىلەر ئارىسىدا تىلغا ئالىدۇ؛ ئىش ـ ئەمەلى ناچار بولغان ئادەمگە ئۇنىڭ نەسىبىنىڭ پايدىسى تەگمەيدۇ" مۇسلىم رىۋايىتى.

ئەبۇ دەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەنىدى دەيدۇ : "بىر ـ بىرىڭلارغا ئۆچمەنلىك قىلماڭلار، بىر ـ بىرىڭلارغا ھەسەت قىلماڭلار، بىر ـ بىرىڭلارغا كەينىڭلارنى قىلىشماڭلار، ئاللاھنىڭ قېرىنداش بەندىللىرى بولۇڭلار،

مۇسۇلمان ئۈچۈن ئۆز قېرىندىشىنى ئۈچ كۈندىن ئارتۇق تاشلىۋىتىشى ھالال ئەمەس " تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.

ئەبۇ ئەييۇب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇرەسۇلۇللاھنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى بايان قىلغان :" بىر ئادەمنىڭ ئۆز قېرىندىشىنى ئۈچ كۈندىن ئارتۇق تاشلىۋېتىشى ھالال بولمايدۇ، ئىككىسى ئۇچرىشىپ قالغاندا بۇمۇ يۈز ئۆرۈپ ئۇمۇ يۈز ئۆرۈپ كەتمەسلىكى كېرەك ئىككىسىنىڭ ياخشىسى سالامنى دەسلەپتە باشلىغىنىدۇر" بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن ئىدى دەيدۇ :" دۈشەنبە ۋە پەيشەنبە كۈنلىرى جەننەتنىڭ ئىشىكلىرى ئېچىلىدۇ. دە، 1 ئاللاھ غا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەيدىغان ھەر قانداق بەندە مەغپىرەت قىلىنىدۇ. پەقەتلا ئۆزى بىلەن قېرىندىشى ئوتتۇرىسىدا ئاداۋەت بار ئادەم قالىدۇ، ئاللاھ تەرەپتىن بۇ ئىككىسى ياراشقىچە كۈتىڭلار، بۇ ئىككىسى ياراشقىچە كۈتىڭلار، بۇ ئىككىسى يارشۋالغىچە كۈتىڭلار، دېيىلىدۇ". مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

رەسۇلۇللاھ بىر كۈنى قەدىر كېچىسىنىڭ قاچان بولىدىغانلىقىنى ساھابىلەرگە دەپ بېرىش ئۈچۈن چىقىدۇ ۋە ساھابىلەردىن ئىككى كىشىنىڭ جىدەللىشىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇلاردىن سادىر بولغان ئىش بىلەن مەشغۇل بولۇپ قالىدۇ، شۇنىڭ بىلەن قەدىر كېچىسى ئۇنتۇلۇپ قالىدۇ ۋە كۆتىرلىپ كېتىدۇ، سەۋەبى دەل شۇ قېتىملىق جىدەل ـ ماجرا، شۇڭا مۇسۇلمانلار قەدىر كېچىسگە ئۇچراش ۋە ئۇنىڭ ساۋابىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىشى لازىم.

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ : ئۇبادە ئىبنى سامىتنىڭ ماڭا دىيىشچە، رەسۇلۇللاھ قەدىر كېچىسىنى كۆرستىپ بېرىش ئۈچۈن چىققان ئىكەن، مۇسۇلمانلاردىن ئىككى كىشى تەگىشىپ قاپتۇ، شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھ مۇنداق دىدى :"مەن سىلەرگە قەدىر كېچىسىنى دەپ بېرىش ئۈچۈن چىققان ئىدىم، پالانى ـ پالانى ئىككىسى تەگىشىپ قاپتۇ، شۇنىڭ بىلەن قەدىر كېچىسى كۆتىرلىپ كەتتى، بەلكىم بۇسىلەر ئۈچۈن ياخشى بولىشى مۇمكىن، قەدىر كېچىسىنى يەتتە ۋە توققۇز ۋە بەشلەردە ئىزدەڭلار " بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

قەدىر كېچىسى كىلىشەلمەسلىك سەۋەبىدىن كۆتىرلىپ كەتتى. كىلىشەلمەسلىك يوقالسۇن، ئۆچ ـ ئاداۋەت يوقالسۇن، نەپرەت يوقالسۇن، شۇنىڭدا ئاللاھ بىزدىن رازى بولغۇسى.

رەسۇلۇللاھ ساھابىلەرگە پۈتۈن ئۈممەتلەرگە ئاللاھ يولىدا ياخشى كۆرشىشنى ئۆگىتىپ ۋە تەلىم بېرىپ، ئۈممىتى ئىچىدىكى ھەر بىر مۇسۇلمان ئاللاھ يولىدا بىر قېرىندىشىنى ياخشى كۆرسە ئۇنىڭغا بىلدۈرۈپ قويۇشنى تاپىلىغان، بۇنداق قىلىش

ئارقىلىق پۈتۈن مۇسۇلمانلار ئارا مېھرى ـ مۇھەببەت، قېرىنداشلىق ۋە دوسلۇقنىڭ تارقىلىشى كۆزلىنىدۇ.

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ : رەسۇلۇللاھنىڭ قېشىدا ئولتۇرغان ئىدىم، بىر ئادەم ئۆتۈپ قالدى، كۆپچىلىكنىڭ ئارىسىدىن بىرەيلەن : يا رەسۇلۇللاھ، مەن بۇ كىشىنى ياخشى كۆرىمەن " دىدى، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا بۇنى بىلدۇرۇپ قويدۇڭمۇ ؟ دەپ سورىغان ئىدى، ئۇ :" ياق " دىدى. رەسۇلۇللاھ " تۇر، بېرىپ ئۇنىڭغا بىلدۇرۇپ قوي !" دىدى ؛ ئۇكىشى ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنىڭغا بېرىپ : " ھەي پالانى، مەن سىنى ئاللاھ يولىدا ياخشى كۆرىمەن " دېگەن ئىدى ئاللاھ ئۈچۈن ياخشى كۆرسەڭ ئاللاھ سىنى ياخشى كۆرسۇن " دىدى. ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.

بىر ئادەم ئىبنى سەمماكقا :" بۇيەرگە ئەتە كەلسەڭ، ئۆز- ئارا بىر- بىرىمىزدە ئېلىشىمىز بولسا ئېلىشىۋېلايلى، قىيامەتتە پايدىسى بولىدۇ! " دېگەندە ئىبنى سەمماك ئۇنىڭغا ياق بەلكى ئەتە كەلسەڭ، ئۆز- ئارا كەچۈرشىۋېلايلى! دېگىن " دېگەن ئىدى.

ساھابىلەرنىڭ بىرى مۇنداق دېگەن : قېرىندىشىمنىڭ يەتمىش ئۆزرىسى باردۇر دەپ قارا، ئەگەر ئۇنىڭ بىرەر ئۆزرىسىنى تاپالمىساڭ، مەن خاتالاشقان بولۇشۇم مۇمكىن، بەلكىم ئۇنىڭ ئۆزرىسى باردۇر دېگىن ".

بۇ ئۇلۇغ ئەسەرنى مۇلاھىزە قىلىپ كۆرۈڭ :

قىيامەت كۈنى ئىككى بەندە ئاللاھنىڭ ئالدىدا تۇرۇدۇ، ئىككىسىنىڭ بىرى" ئى رەببىم، قېرىندىشىمدىن ھەققىمنى ئېلىپ بەرگىن !" دەيدۇ؛

ئاللاھ تائالا يەنە بىرىگە : قېرىندىشىڭغا ھەققىنى بەرگىن " دەيدۇ.

ئۇ : ئى رەببىم، ياخشىلىقلىرىم تۈگىدى " دەيدۇ،

ئاللاھ تائالا زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچىغا :" قېرىندىشىڭنىڭ ياخشىلىقلىرى تۈگىدى " دەيدۇ،

ئۇبەندە " ئى رەببىم مېنىڭ گۇناھلىرىمدىن ئېلىنىپ ئۇنىڭغا ئارتىلسۇن " دەيدۇ،

ئاللاھ تائالا زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچىغا :" بۇنىڭدىنمۇ ياخشىسىغا رىغبىتىڭ بارمۇ ؟ دەيدۇ،

ئۇ :" ئى رەببىم ئۇ نېمە ؟ دەپ سورايدۇ،

ئاللاھ ئۇنىڭغا:" بېشىڭنى كۆتەرگىن ! "دەپ بۇيرۇيدۇ،

ئۇبېشىنى كۆتۈرۈپ قارسا، ئەڭ گۈزەل بىر سارايدا تۇرغان !

بەندە سورايدۇ :" ئى رەببىم بۇ ساراي كىمنىڭ ؟ بىر پەيغەمبەرنىڭمۇ ؟ ياكى بىر شېھىتنىڭمۇ ؟ "

ئاللاھ تائالا :" بۇساراي پۈلغا چىقىش قىلالايدىغان كىشىنىڭ ؟ "دەيدۇ.
بەندە :" ئى رەببىم پۈلغا كىم چىقىش قىلالايدۇ ؟ دەپ سورايدۇ :
ئاللاھ سەن چىقىش قىلالايسەن " دەيدۇ،
ئۇ بەندە :" ئى رەببىم قانداقىسگە مەن چىقىش قىلالايمەن ؟ " دەيدۇ،
ئاللاھ تائالا :" قېرىنداشىڭنى كەچۈرۈش ئارقىلىق " دەيدۇ،
بەندە دەرھال :" كەچۈردۈم رەببىم، كەچۈردۈم " دەيدۇ
ئاللاھ تائالا:" قېرىنداشىڭنىڭ قولىدىن تۇتۇپ، ھەر ئىككىڭلار جەننەتكە كىرىڭلار " دەپ بۇيرۇيدۇ. ...
ئاللاھنىڭ رەھمىتى مانا مۇشۇنداق كەڭ.

قېرىنداشلىرىم ! بىز ھازىردىن باشلاپ دىللىرىمىزدىن ئۆچ ـ ئاداۋەتنى سۇغۇرۇپ تاشلايلى ! كىمنىڭ قەلبىدە بىرەرسىگە ئۆچمەنلىك ياكى ئاداۋەت بار بولسا ھازىردىن تارتىپ دەرھال قەلبىدىن چىقىرىپ تاشلىشى زۆرۈر ! شۇ چاغدىلا ئاللاھ ساپ ۋە پاك قەلبلەرگە قاراپ مەغپىرەت قىلىدۇ، كەچۈرىدۇ، ئاللاھنىڭ ياردىمى نازىل بولىدۇ، ئۇممەت خارلىقتىن مەڭگۈ قۇتۇلۇپ ئىززەت يولىغا قاراپ ئات سالىدۇ.

« ئىختىلاپ قىلىشماڭلار، بولمىسا قورقۇپ قالىسىلەر، كۈچ ـ قۇۋۋىتىڭلاركىتىپ قالىدۇ » ئەنفال سۈرىسى 46 ـ ئايەت.

ئاخىردا، مېھرىبان ۋە سېخى ئاللاھ دىن ئۇممەتكە بىرلىك ـ ئىتتىپاقلىق، پىداكارلىق ـ كۆيۈمچانلىق، قېرىنداشلىق ـ دوستلۇق، ساغلام قەلب ۋە گۈزەل خۇلق، ئىززەت ۋە كۈچ ـ قۇۋۋەت، شۇنداقلا دۈشمەن ئىگەللىۋالغان قىممەتلىك زېمىنلىرىمىزنى قايتۇرۇۋېلىشنى نىسىپ قىلىشنى تىلەيمەن. ئامىين !

# ئۈمىد ۋە ئارزۇ

## ئۈمىد: ئىمان ۋە ئەمەلدۇر

ھەرقانداق بىر قەۋم ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزى ئۆزگەرتمىگىچە ( يەنى ئاللاھنىڭ بەرگەن نېمەتلىرىگە تۇزكورلۇق قىلىپ گۇناھلارغا چۆممىگىچە) ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتمەيدۇ ( يەنى ئاللاھ ئۇلارغا بەرگەن نېمەت، خاتىرجەملىك ۋە ئىززەت ـ ھۆرمەتنى ئېلىپ تاشلىمايدۇ)... .[ رەئد 11ـ ئايەت].

بۇ رىسالىدە تۆۋەندىكى تېمىلارنى ئوقۇيسىز:

1. كىرىش سۆز
2. ئۈمىدسىزلىكنىڭ خەتەرلىكى ۋە ئۈمىدنىڭ يوقىلىشى
3. " ئۈمىد " نىڭ مەنىسى

4. سلەر "ئۈمىد" كەلىمىسىنىڭ مەنىسىنى بىلەمسىلەر؟

5. بىراق بۇ يەردىكى "ئۈمىد" پەرزمۇ، ياكى ئاللاھىدە پەزىلەتمۇ؟

6. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ "ئۈمىد" نى ساھابە ـ كىراملارنىڭ قەلبىگە سىڭدۈرۈشى

## كىرىش سۆز

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن

بارلىق ھەمدۇسانالىرىمىز، ياردەم تەلەپ قىلىشىمىز ۋە مەغپىرەت تەلەپ قىلىشىمىز پەقەت ئاللاھ غا خاستۇر. نەپسىمىزنىڭ بالايى ئاپىتى، ئىش ـ پائالىيەتلىرىمىزنىڭ يامانلىقىدىن ئاللاھ بىلەن پاناھ تىلەيمىز. ئاللاھ توغرا يولغا باشلىغان ئادەمنى ھېچكىم ئازدۇرالمايدۇ، ئاللاھ خار قىلغان ئادەمنى ھېچكىم توغرا يولغا باشلىيالمايدۇ.

ئاللاھنىڭ ئۆز خەلقى ئىچىدىن پەيغەمبەرلىككە تاللىغان ياخشى سۈپەتلىك بەندىسى ۋە ئەلچىسى پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ۋە ئۇنىڭ پاك ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا ۋە ئۇنىڭ بىلەن ھەمدەمدە بولغۇچى بارلىق پىداكار ساھابە كىراملارغا ۋە قىيامەت كۈنگىچە ئۇنىڭ ئىزىنى بېسىپ ماڭغان بارلىق گۈزەل ـ سۈپەت مۆمىنلەرگە ھەرۋاقىت دۇئايى سالام يوللايمىز.

مەقسەتكە كەلسەك، مەن مۇشۇ كىتاپچە ئارقىلىق ئۈمىدسىزلىكنى تاشلاپ ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھ غا تولۇپ تاشقان ئىشەنچ ۋە ئۈمىد بىلەن ئىسلاھلات ۋە ئۆزگەرتىش يولىغا ھەيدەكچىلىك قىلىدىغان شۇنىڭدەك، ئاللاھ سۇبھانەھۇ ۋەتەئالانىڭ نۇسرەت، يەرلەشتۈرۈش، ئىززەت ۋە قوللاش ئارقىلىق بەرگەن ۋەدىسىگە ئىشىنىپ ئاللاھنىڭ دىنىغا مۇستەھكەم ئېسىلىپ ئۈممەتنىڭ ئەتىكى پارلاق ھاياتىنى ئۈمىد ئىشەنچ ئۈستىگە تۇرغۇزۇشقا يېتەكچى رول ئوينايدىغان، ( ھەر مىللەت ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزى ئۆزگەرتمىگىچە ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتىپ قويمايدۇ) دېگەن ئىسلاھلات ۋە ئۆزگەرتىشنىڭ بۈيۈك ئىلاھى دەستۇرى بولغان ئايەت كەرىمگە ئىشىنىشنىڭ مەنىسىنى بىر قۇر بايان قىلىپ ئۆتمەكچىمەن.

ئاللاھ ئەززۇ ۋەجەللىدىن مۇشۇ كىتاپچەمنى ـ ئوقۇغان ئوقۇرمەنلەرگە مەنپەئەت بېرىشىنى، مۇسۇلمانلارنىڭ قەلبىگە ئۈمىد ـ ئىشەنچىنى قايتۇرۇپ، ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ئەتىكى نۇسرەت، ئىززەت، شان ـ شۆھرىتىنى ئىسلاھلات ۋە ئۆزگەرتىش ئارقىلىق قولغا كەلتۈرشكە ۋاستە سەۋەب قىلىشىنى سورايمەن.

بۈيۈك ئاللاھ ھەممىگە قادىر، ئەڭ ياخشى ياردەمچى ۋە ئەڭ ياخشى ھامىدۇر.

ئۈمىدسىزلىكنىڭ خەتەرلىكى ۋە ئۈمىدنىڭ يوقلىشى

پەلەستىن، باغداد، ئافغانىستان، چېچەنىستان ۋە باشقا دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئادەم قەلبىدىن چىققان ۋەھشى تاجاۋۇزچىلىقلار يۈز بېرىۋاتىدۇ. ..

ئۈممەت ئىچىدە قەتلى قىلىش، زۇلۇم سېلىش، قورقۇش، ئېككىلىنىشكە ئوخشاش ئىشلار ھەمىشە يۈز بېرىپ تۇرماقتا. ..

بەزى كىشىلەر ھەيران بولغان ھالدا " مۇشۇ ۋاقىت ئۈمىد ـ ئارزۇ توغۇرلۇق گەپ قىلىدىغان پەيتمۇ؟! " دەپ ئۆزئارا سوراشماقتا...

يەنە بىرمۇنچە ئادەملەر چۈشكۈنلۈك، ئۈمىدسىزلىكنى ھېس قىلىپ " ئەمدى ئۈمىد قىلىشنىڭ ھېچقانداق پايدىسى يوق " دېيىشمەكتە...

ئۇ يەردە يەنە بىرمۇنچە كىشىلەر " پەلەستىن، قۇددۇس، ئەقسا توغۇرلۇق دېيىلىۋاتقان گەپلەر چۈشكە ئايلىنىپ قالدى؛ گەپ جىق بولۇپ ھېچقانداق ئەمەلىي ئۆزگىرىش يۈز بەرمەي كۆپ چارچاپ كەتتۇق " دېيىشمەكتە...

ئۈممەتكە رودىپايدەك چاپلىشىۋالغان مانا مۇشۇنداق چۈشكۈنلىشىش ۋە ئۈمىدسىزلىككە قارىتا مەن تولۇپ تاشقان ئۈمىد ـ ئىشەنچ بىلەن شۇنداق دەيمەنكى، مانا بۇ ئۈمىد توغۇرلۇق سۆزلەشكە ئەڭ مۇناسىپ ۋاقىت. مەن مۇشۇ ئۈمىدسىزلىك ۋە ئىككىلىنىشنى ئۆزگەرتىشكە ئېلىپ بارىدىغان ئىلاھى ئۇسلۇب ئارقىلىق " ئۈمىد" دېگەن سۆزنى بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ نەپسىگە مۇستەھكەم مەركەزلەشتۈرۈشنىڭ زۆرۈرلىكىنى ھېس قىلىۋاتىمەن.

مەن يەنە مۇستەھكەم ئىرادە بىلەن شۇنداق دەيمەنكى: " ئۈمىد" تېمىسىنى مۇشۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە (( ئۆزەڭنى ئۆزگەرتسەڭ تارىخنى ئۆزگەرتىسەن )) دېگەن ئىلاھى ئۇسلۇپ ئارقىلىق ئوتتورغا قويۇش زۆرۈر دەپ قارايمەن. چۈنكى مەن " ئۈمىدسىزلىك" نىڭ ئۈممەتنى كەڭ دائىرىدە كونترول قىلىۋالغانلىقىنى ھېس قىلىپ قالدىم. تۆۋەندە ئۈمىدسىزلىكنىڭ بەزى خەتەرلىك تەرەپلىرىنى بايان قىلىپ ئۆتىمەن:

"ئۈمىدسىزلىك" ناھايىتىمۇ خەتەرلىك بولۇپ ئۇ، ئۈممەتنىڭ گۈللىنىشىگە كۆپلىگەن توسالغۇلارنى پەيدا قىلىدۇ.

"ئۈمىدسىزلىك" ئاللاھ غا بولغان ئىشەنچىنى داۋالغۇتۇپ قويىدۇ.

"ئۈمىدسىزلىك" ئىنسانلاردىكى قازا ۋە تەقدىر ئەقىدىسىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ.

"ئۈمىدسىزلىك" ئارزۇ، مۇۋەپپەقىيەت، نۇسرەت ۋە زېمىندا ئورۇن تۇتۇشنىڭ دۈشمىنى؛ شۇنىڭدەك مەغلۇبىيەتنىڭ ئىتتىپاقدىشىدۇر.

"ئۈمىدسىزلىك" روھى چۈشكۈنلۈككە، ھورۇنلۇققا ۋە ئەمەلى ئىش ـ ھەركەتنى تەرك ئېتىشكە ئېلىپ بارىدۇ.

"ئۈمىدسىزلىك" ئۈممەتنىڭ ئىش ـ ھەركەتكە بولغان قۇدرىتىنى يوقىتىدۇ.

"ئۇمىدسىزلىك" غايە، نىشانغا قاراپ مېڭىش قىممىتىنى يوقىتىدۇ.

"ئۇمىدسىزلىك" ئۇممەتنىڭ يۈكسەك ھىممىتى ۋە ئۇلۇغۋار ئىرادىسىنى يوقىتىدۇ.

"ئۇمىدسىزلىك ۋە چۈشكۈنلۈك"كە ئۇچرىغان ئۇممەت بارلىق ئىشلاردا شەكسىز مەغلۇبىيەتكە ئۇچرايدۇ.

"ئۇمىدسىزلىك ۋە چۈشكۈنلۈك" كە ئۇچرىغان ئۇممەت ئىش ـ ھەركەتتە ھورۇنلىشىدۇ.

"ئۇمىدسىزلىك ۋە چۈشكۈنلۈك"كە ئۇچرىغان ئۇممەتنىڭ ئەزالىرىدىن ھېچكىم ئەمگەك قىلىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ۋە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنى خالىمايدۇ.

"ئۇمىدسىزلىك ۋە چۈشكۈنلۈك"كە ئۇچرىغان ئۇممەت كۆپۈنچە زاۋاللىققا يۈزلىنىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن مەن " ئۇمىد " توغىرلىق سۆزلىششىمىزنى، ئۇنى ئۇممەتنىڭ نەپسىگە بىخلاندۇرىشىمىزنى ۋە " ئۇمىد" نىڭ مەنىسىنى ئوچۇق رۇشەن چۈشەندۈرۈپ قويۇشىمىزنى زۆرۈر دەپ قارايمەن.

" ئۇمىد " نىڭ مەنىسى

ئۇممەتنىڭ بارلىق شەخسلىرى ئىسلام ۋە بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ ئەتىكى كەلگۈسى ئۈچۈن قەلبلىرىنى تولۇپ تاشقان ئۇمىد، ئىززەت، غەلبە ۋە مىللەتلەر ئارىسدا ئورۇن ئىگلەشكە بولغان ئىشەنچە بىلەن ھەر ۋاقىت تەييار تۇرۇش لازىم.

" ئۇمىد " دېگەنلىك ئاللاھ تائالاغا ئىشىنىش دېگەنلىكتۇر.

" ئۇمىد " دېگەنلىك ئاللاھ ئەززۇ ۋەجەللىگە ياخشى گۇمان بىلەن قاراش دېگەنلىكتۇر.

" ئۇمىد " دېگەنلىك ئاللاھ تائالاغا دۇئا قىلىپ يالۋۇرۇش دېگەنلىكتۇر.

" ئۇمىد " دېگەنلىك ئاللاھ ئەززۇ ۋەجەللىنىڭ مۇشۇ ئۇممەتكە بولغان رەھمىتى دېگەنلىكتۇر.

" ئۇمىد " دېگەنلىك گۇناھلارنى مەغپىرەت قىلىپ مەرتىۋىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش دېگەنلىكتۇر.

" ئۇمىد " دېگەنلىك ئاللاھ ئەززۇ ۋەجەللە يولىدا شېھىتلىك بىلەن نىجاتلىققا ئېرىشش دېگەنلىكتۇر.

" ئۇمىد " دېگەنلىك دوزاختىن قۇتۇلۇپ جەننەتكە ئېرىشش دېگەنلىكتۇر.

" ئۇمىد " دېگەنلىك دۇنيا ـ ئاخىرەتتە بەخىت ـ سائادەتكە ئېرىشش دېگەنلىكتۇر.

" ئۇمىد " دېگەنلىك ئىجابى ئەمەلى پائالىيەت دېگەنلىكتۇر.

" ئۈمىد " دېگەنلىك ئاكتىپچانلىق بىلەن جۇشقۇن ھەركەت قىلىپ كۆپلەپ مەھسۇلات ئىشلەپ چىقىرىش دېگەنلىكتۇر.

" ئۈمىد " دېگەنلىك ئېنېرگىيە ۋە كۈچ دېگەنلىكتۇر.

" ئۈمىد " دېگەنلىك ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ ئۆزگەرتىش دېگەنلىكتۇر. ئەلۋەتتە ئۈمىد ۋە غايىسىز ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش دېگەن گەپ مەۋجۇت ئەمەس.

" ئۈمىد " دېگەنلىك ئىززەت، كۈچ، غەلبە دېگەنلىكتۇر.

" ئۈمىد " دېگەنلىك ئىسىل ھايات دېگەنلىكتۇر.

" ئۈمىد" دېگەنلىك ئەھۋالىمىزنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە ياخشىلىنىشى دېگەنلىكتۇر.

" ئۈمىد " دېگەنلىك پەلەستىن، قۇددۇس، مەسجىد ئەقسا، شۈنىڭدەك، ئىراق ۋە بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ ئىززەت ـ ئابروينىڭ ئۆز قولىغا قايتىشى دېگەنلىكتۇر.

" ئۈمىد " دېگەنلىك كېچە ئۆتۈپ تاڭنىڭ يورۇشى، قاراڭغۇلۇق ئاخىرلىشىپ نۇرنىڭ تارقىلىشى دېگەنلىكتۇر. يەنى زالىم، مۇستەبىت، تاجاۋۇزچى ۋە خائىنلارنىڭ زاۋال تېپىپ ھالاك بولىشى دېگەنلىكتۇر.

" ئۈمىد " دېگەنلىك ئەتىكى ھاياتنى قوياشنىڭ پارلاق نۇرى ئاستىدا تەبەسسۇم بىلەن كۈتۈۋېلىش دېگەنلىكتۇر.

" ئۈمىد " دېگەنلىك خۇش خەۋەر، خۇشاللىق ۋە تىنچلىق دېگەنلىكتۇر.

" ئۈمىد " دېگەنلىك قۇرئان كەرىمدە تەكرار لەپزى بىلەن كەلگەن (( خۇش- بشارەت بەرگىن، خۇش- بشارەت ئالىدۇ، )) دېگەن ئايەتلەرگە ئىمان كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت ئاللاھنىڭ ئىسلام شەرىئىتىدىن خۇشۋاخ بولۇش دىگەنلىكتۇر.

ئاللاھ ئەززۇ ۋەجەللە شۇنداق دەيدۇركى: (( (ئى مۇھەممەد!) ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارغا ئۇلارنىڭ ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرىدىغانلىقى بىلەن خۇش خەۋەر بەرگىن )). [ بەقەر سۈرىسى، 25 ـ ئايەت ]

(( (بېشىغا كەلگەن مۇسىبەت، زىيان ـ زەخمەتلەرگە) سەۋر قىلغۇچىلارغا (جەننەت) بىلەن خۇش خەۋەر بەرگىن )). [ بەقەر سۈرىسى 155 ـ ئايەت]

(( ياخشى ئىش قىلغۇچىلارغا (ئاخىرەتتە بەختكە ئېرىشىدىغانلىقى بىلەن) خۇش خەۋەر بەرگىن)). [ ھەج سۈرىسى، 37 ـ ئايەت]

(( ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئارقىسىدىن تېخى يېتىپ كەلمىگەن (يەنى شېھىت بولماي تىرىك قالغان) قېرىنداشلىرىغا ( ئاخىرەتتە) نە قورقۇنچ، (دۇنيادىن ئايرىلغانلىقىغا) نە قايغۇ يوق ئىكەنلىكى بىلەن خۇش خەۋەر بېرىشنى تىلەيدۇ )). [ ئالى ئىمران سۈرىسى، 170 ـ ئايەت]

(( راستلا ئاللاھنىڭ دوستلىرىغا (ئاخىرەتتە ئاللاھنىڭ ئازابىدىن) قورقۇش، (دۇنيادا قولدىن كەتكۈزۈپ قويغانغا) قايغۇرۇش يوقتۇر. ئۇلار ئىمان ئېيتقان ۋە تەقۋادارلىق قىلغانلاردۇر. ئۇلارغا دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە خۇش خەۋەر بېرىلىدۇ (يەنى دۇنيادا جان ئۈزۈش ۋاقتىدا، ئاللاھنىڭ رازىلىقى ۋە رەھمىتىگە ئېرىشىدىغانلىقى بىلەن، ئاخىرەتتە نازۇ نېمەتلىك جەننەتكە كىرىدىغانلىقى بىلەن خۇش خەۋەر بېرىلىدۇ)، ئاللاھ ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلمايدۇ، ئەنە شۇ كاتتا بەختتۇر )). [ يۇنۇس سۈرىسى 62 ـ ئايەتتىن 64 ـ ئايەتكىچە]

((شۈبھىسىزكى، بىزنىڭ ئەلچىلىرىمىز (يەنى پەرىشتىلەر) ئىبراھىمغا خۇش خەۋەر ئېلىپ كەلدى)). [ ھۇد سۈرىسى، 69 ـ ئايەت]

(( شەيتانغا (ۋە بۇتلارغا) چوقۇنۇشتىن يىراق بولغانلارغا، ئاللاھ غا (ۋە ئۇنىڭ ئىبادىتىگە) قايتقانلارغا (جەننەت بىلەن) خۇش خەۋەر بېرىلىدۇ، سۆزگە قۇلاق سېلىپ ئۇنىڭ ئەڭ ياخشىسىغا ئەگىشىدىغانلارغا (يەنى تەقۋادار بەندىلەرگە) خۇش خەۋەر بەرگىن، )) [ زۇمەر سۈرىسى، 17 ـ ئايەت]

((ئۇ كۈندە نۇرغۇن يۈزلەردىن نۇر، كۈلكە ۋە خۇشال ـ خۇراملىق يېغىپ تۇرىدۇ )). [ ئەبەسە سۈرىسى، 39 ـ ئايەت ]

خۇش خەۋەر توغرىسىدىكى سۆزلەنگەن ئايەتلەر ناھايىتى كۆپ بولۇپ؛ ئۇ ئىسلام دىنىمىزدىكى نىگىزلىك كەلىمە ھېساپلىنىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ قەلبىمىزنىڭ چوڭقۇر يېرىدىن ئورۇن ئېلىشى زۆرۈردۇر.

ئەگەر سىز قۇرئان كەرىمگە ئىنچىكىلەپ نەزەر تاشلىسىڭىز، ئاللاھ تائالانىڭ ھەربىر پەيغەمبەرنى( ئۇلارغا دۇئايى ـ سالاملار بولسۇن) مۇئەييەن ئىشتا خۇش خەۋەر بېرىش ئۈچۈن ئېۋەتكەنلىكىنى كۆرىسىز. شۇنىڭدەك خۇش خەۋەرلەرنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ ئەۋلادلار توغرىلىق كەلگەنلىكىنى كۆرىسىز.

مەسىلەن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام توغرىلىق : (( بىز ئىبراھىمغا ناھايىتى مۇلايىم بىر ئوغۇل بالا بىلەن خۇش خەۋەر بەردۇق )). [ سافات سۈرىسى، 101 ـ ئايەت ]

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى توغرىسىدا : (( ئۇنىڭ ئايالى (يەنى سارە) بىر تەرەپتە تۇرۇپ (لۇت قەۋمىنىڭ ھالاك بولىدىغانلىقىدىن خۇشاللىنىپ) كۈلدى، بىز ئۇنىڭغا (يەنى سارەگە) ئىسھاق (ئاتلىق بالىسى بولىدىغانلىقى) بىلەن ۋە ئىسھاقتىن كېيىن كېلىدىغان يەئقۇب (ئاتلىق نەۋرىسى بولىدىغانلىقى) بىلەن خۇش خەۋەر بەردۇق)). [ ھۇد سۈرىسى، 71 ـ ئايەت ]

يەئقۇب ئەلەيھىسسالام ئوغلىنى يوقوتۇپ قويغان چاغدا: (( سىلەر مېنىڭ بۇ كۆڭلىكىمنى ئېلىپ بېرىپ ئاتامنىڭ يۈزىگە تاشلاڭلار، كۆزى ئېچىلىدۇ، پۈتۈن ئائىلەڭلاردىكىلەرنى ئېلىپ مېنىڭ يېنىمغاكېلىڭلار. كارۋان (مىسىردىن شامغا قاراپ

) قوزغالغان چاغدا، ئۇلارنىڭ ئاتىسى ( يەنى يەئقۇب ئەلەيھىسسالام): (مەن چوقۇم يۇسۇفنىڭ ھىدىنى ئېلىۋاتىمەن، سىلەر مېنى ئالجىپ قالغان دېمەيدىغان بولساڭلار (يۇسۇپنى ئەلۋەتتە هايات دەيتتىم ) دېدى. ئۇلار (يەنى يەئقۇبنىڭ نەۋرىلىرى ۋە يېنىدىكى كىشلەر) : ( ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ھەقىقەتەن سەن تېخى يەنىلا بۇرۇنقى قايمۇقۇشۇڭدا ئىكەنسەن) دېدى. خۇش خەۋەرچى كېلىپ كۆڭلەكنى يەئقۇبنىڭ يۈزىگە تاشلىدى، ئۇنىڭ كۆزى ئېچىلدى، يەئقۇب : ( مەن سىلەرگە، ئاللاھنىڭ بىلدۈرىشى بىلەن سىلەر بىلمىگەن نەرسىلەرنى بىلىمەن، دېمىگەنمىدىم) دېدى )). [ يۇسۇپ سۈرىسى، 92 ـ ئايەتتىن 94 ـ ئايەتكىچە ]

زەكەرىيا ئەلەيھىسسالام توغىرلىق : (( ( ئاللاھ ئېيتتىكى) (ئى زەكەرىيا ! بىز ھەقىقەتەن ساڭا (پەرىشتىلەر ئارقىلىق) يەھيا ئىسىملىك بىر ئوغۇل بىلەن خۇش خەۋەر بېرىمىز، ئىلگىرى ھېچ ئادەمنى ئۇنىڭغا ئىسمداش قىلمىدۇق)). [ مەريەم سۈرىسى، 7 ـ ئايەت]

مەريەم ئەلەيھىسسالام توغىرلىق : (( ئى مەريەم ! ئاللاھ ساڭا ( ئاتىنىڭ ۋاستىسىسىز) ئاللاھنىڭ بىر كەلىمىسى (دىن تۆرەلگەن بىر بوۋاق) بىلەن خۇش خەۋەر بېرىدۇكى، ئۇنىڭ ئىسمى مەسىھ مەريەم ئوغلى ئىيسادۇر، ئۇ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئابرۇيلۇق ۋە ئاللاھ غا يېقىن بولىدۇ)). [ مەريەم سۈرىسى، 7 ـ ئايەت]

ئەمما پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەت سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بىزدىن ئىبارەت ئۈممىتىگە كەلسەك، ئۇلارغا بېرىلگەن خۇش خەۋەر پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەت سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۆزى بىلەن بولغان. ئاللاھ ئەززۇ ۋەجەللە ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ تىلى ئارقىلىق مۇنداق دېگەن: (( مەن سىلەرگە ھەقىقەتەن ئاللاھ ئەۋەتكەن، مەندىن بۇرۇن كەلگەن تەۋراتنى تەستىق قىلغۇچى، مەندىن كېيىن كېلىدىغان ئەھمەد ئىسىملىك پەيغەمبەر بىلەن خۇش خەۋەر بەرگۈچى پەيغەمبەرمەن) دېدى)) [سەپ سۈرىسى، 6 ـ ئايەت]

ئاللاھ سۇبھانەھۇ ۋەتائالا شۇنداق دەيدۇكى : (( بىز سېنى ھەقىقەتەن (مۆمىنلەرگە جەننەت بىلەن) خۇش خەۋەر بەرگۈچى، (كاپىرلارنى دوزاخ ئازابىدىن) ئاگاھلاندۇرغۇچى قىلىپ ھەق (دىن) بىلەن ئەۋەتتۇق)) [ بەقەر سۈرىسى، 119 ـ ئايەت]

شۇنىڭدەك "بۇشرا، تەبشىر، ۋە بۇشرا (يەنى خۇش- بىشارەت بېرىش ۋە ئېلىش) " نىڭ بىزنىڭ پاك دىنىمىز بىلەن مۇستەھكەم بىر ئالاقىسىنىڭ بارلىقىنى بايقايسىز.

ۋە يەنە بىزنىڭ قاتارىمىزدىن جەننەت بىلەن خۇش خەۋەر بېرىلگەن ئون كىشىنىمۇ تاپالايسىز.

ئەبى ھۇرەيرە ( ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) مۇنداق دېگەن ئىدى : " جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كېلىپ " ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! ھەزىرتى خەدىچە بىر قاچا قايماق، ياكى تاماق، ياكى ئىچىملىك ئېلىپ كېلىدۇ، ئۇ يېنىڭغا كەلگەن چاغدا، پەرۋەردىگارى ۋە مېنىڭ سالىمىمنى يەتكۈزۈش بىلەن بىرگە، ئۇنىڭغا ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ، ھېرىپ ـ چارچاش بولمايدىغان جەننەتتىكى ساپ قۇمۇشتىن ياسالغان بىر ئۆي بىلەن خۇش خەۋەر بەرگىن" دېدى. ( سەھى بۇخارىنىڭ 3536 ـ ھەدىسى).

شۇنىڭدەك يەنە خۇش خەۋەرنى ئەڭ ياخشى ۋاقىتلاردىمۇ، جان كىكىرامغا كەلگەن چاغدىمۇ ئۇچرىتالايسىز.

جابىر ئىبنى ئابدۇللا مۇنداق دەيدۇ: مەن رەسۇلۇللا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىر كۈنى ئۇچرۇشۇپ قالغان ئىدىم. ئۇ، ماڭا " ئى جابىر! نېمە بولدۇڭ، پەرىشان كۆرۈنىسەنغۇ؟"دېدى. مەن ئۇنىڭغا، " ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! دادام ئۇھۇد كۈنى ئۆلتۈرلۈپ شېھىت قىلىنىپ ئائىلىسى ۋە قەرزلىرىنى تاشلاپ كىتىپ قالدى" دېۋىدىم. ئۇ ماڭا: " ئاللاھنىڭ داداڭغا قانداق ئۇچراشقانلىقى بىلەن ساڭا بىر خۇش خەۋەر بەرمەيمەنمۇ؟" دېدى. مەن ئۇنىڭغا " شۇنداق قىلسىل، ا ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى" دىسەم. ئۇ مۇنداق دېدى:" ئاللاھ ھېچكىمگە ھىجاپسىز قەتئى سۆزلەپ باقمىغان ئىدى، داداڭغا ھاياتلىق بەخىش ئېتىپ ھېچقانداق ۋاستىسىز يۈز تۇرانە سۆزلەپ؛ ئى بەندەم! سەن مەندىن نېمىنى خالىساڭ شۇنى بېرىمەن" دېدى. داداڭ " ئى رەببىم! مېنى قايتا تېرىلدۈرسەڭ! سېنىڭ يولۇڭدا يەنە بىر قېتىم ئۆلتۈرۈلسەم" دېدى. بۇنىڭغا جاۋابەن ئاللاھ ئەززۇ ۋەجەللە: "ئۇلارنىڭ ھاياتى دۇنياغا قايتا قايتمايدىغانلىقى ئىلگىرى مەندىن پۈتۈلگەن" دېدى. ئۇ، شۇ ۋاقىتتا تۆۋەندىكى ئايەت چۈشكەن ئىدى دېدى: (( ئاللاھ يولىدا شېھىت بولغانلارنى ئۆلۈك دەپ گۇمان قىلمىغىن)). [ ئالى ئىمران سۈرىسى، 169 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى]

مۆھتەرەم قېرىنداشىم! بىزنىڭ دىنىمىز ئۈمىد ۋە خۇش خەۋەرنىڭ دىنىدۇر.

سىلەر "ئۈمىد" كەلىمىسىنىڭ مەنىسىنى بىلەمسىلەر؟

ئۇنىڭ مەنىسى " مۇئجەمۇل ۋەجىز" دېگەن قامۇستا مۇنداق كەلگەن: "ئۈمىد" دېگەن "ئەررىجا" يەنى ئۈمىد ـ ئىستەك، ئارزۇ ـ تىلەك. ئۇ كۆپىنچە ئەمەلىيلىششى يىراق دەپ قارالغان ئىشلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

مانا بۇ ئەرەپ تىلىدىكى كەلگۈسىدە ئەمەلگە ئېششى يىراق دەپ قارالغان بىر ئىشنىڭ يۈز بېرىشىنى ئارزۇ قىلىش دېگەن "ئۈمىد" نىڭ مەنىسى.

مانا مەن ھازىر سىلەر بىلەن " ئۈمىد" توغرىلىق سۆزلەشمەكچى، خۇسۇسەن كۆپىنچە كىشىلەر مۇسۇلمانلارنىڭ غەلىبە قىلىشىنى يىراق ساناۋاتقان مۇشۇ تۇمانلىق

مۇھەتتا، مەن ئۈمىد توغرىلىق سىلەر بىلەن سۆزلەشمەكچى. شۇنىڭدەك مەن كىشىلەرنىڭ قەلبىگە ئۈمىدنى بىخلاندۇرۇپ ھەر ۋاقىت ئۈمىدۋار ياشاشنى زۆرۈر دەپ قارايمەن. چۈنكى ئاللاھ سۇبھانەھۇ ۋەتەئالانىڭ ئوتتۇرىغا قويغان ((بىرەر قەۋم ئۆزلىرىنىڭ ھالىتىنى ئۆزگەرتمىگىچە )) [ئەنفال سۈرىسى، 53 ـ ئايەت]دېگەن پىرىنسىپكە ئەمەل قىلىش شەرتى بىلەن، ئۈمىد قىلغان ئىشنىڭ بولۇشى ھەرگىز يىراق سانىلىدىغان ئىش ئەمەس.

بىراق بۇ يەردىكى "ئۈمىد" پەرزمۇ، ياكى ئالاھىدە پەزىلەتمۇ؟

بۇنىڭ جاۋابى شۇدۇركى، "ئۈمىد قىلىش" پەرزدۇر؛ چۈنكى ئۇ، ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ ئەقىدىسىدۇر.

بۇ توغرىدا ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: (( ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن نائۈمىد بولماڭلار، شۈبھىسىزكى، پەقەت كاپىر قەۋملا ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدسىزلىنىدۇ )). [ يۇسۇف سۈرىسى، 87 ـ ئايەت]

ھۆرمەتلىك قېرىنداشلار! بىز ھەر بىر مۇسۇلمانغا پەرز توغۇرلۇق سۆزلەۋاتىمىز، ئۇنتۇپ قالماڭلار !

ئاللاھ تائالا مەخلۇقاتلارنى ياراتقان چاغدا ئۇلارنىڭ ئۆزئارا بىر ـ بىرىگە مېھرى ـ شەپقەت قىلىشى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ يۈز رەھمىتىدىن بىرنى ئۇلار ئارىسىغا چۈشۈردى. ئۆزىنىڭ دەرگاھىدا قىيامەت كۈنىگە ساقلاپ 99 قىسمىنى ئېپقالدى.

ئەبۇ ھۈرەيرىدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە ئۇ مۇنداق دېگەن: مەن رەسۇلۇللاھنىڭ " ئاللاھ رەھمەتنى يۈز قىسىمغا بۆلۈپ توقسان توقۇز قىسمىنى ئۆزىنىڭ دەرگاھىدا ئېپقېلىپ، بىر قىسمىنى يەر يۈزىگە چۈشۈردى. شۇ بىر قىسىم رەھمەت بىلەن ئات تايچىقىغا زىيان ـ زەھمەت يەتىشتىن ئەنسىرەپ تۇۋۇقنى كۆتۈرۈپ (كۆيۈنگىنىگە ئوخشاش) مەخلۇقاتلار ئۆزئارا بىر ـ بىرىگە مېھرى ـ شەپقەت قىلىشىدۇ" دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم. [ سەھى بۇخارى، 5541 ـ ھەدىس]

نېمىشقا ئاللاھ سۇبھانەھۇ ۋەتائالا ئۆزىنىڭ رەھمىتىدىن توقسان توققوز قىسمىنى قىيامەت كۈنىگە ساقلاپ ئېپقالدۇ؟

مانابۇ ئاللاھ ئەززۇ ۋەجەللىنىڭ رەھمىتىدىكى "ئۈمىد" دەرۋازىسىنىڭ گۇناھكار بەندىلىرىگە داۋاملىق ئوچۇق ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇلار پەرۋەردىگارىنىڭ رەھمىتىنى ئۈمىد قىلغان گۇناھلىرىغا تەۋبە قىلىدۇ، ئۇلار پەرۋەردىگارىنىڭ رەھمىتىدىن مەڭگۈ ئۈمىدىنى ئۈزمەيدۇ. چۈنكى ئاللاھ ئەززۇ ۋەجەللە بەندىلىرىنىڭ ئۈمىدسىزلىكىگە رازى بولمايدۇ، تېخى ئۇنى كۇفرىنىڭ قاتارىدىن سانايدۇ. ئۈمىد دەرۋازىسىنىڭ داۋاملىق ئوچۇق ئىكەنلىكىنى تەكىتلەپ بۇ توغرىدا ئاللاھ ئەززۇ ۋەجەللە مۇنداق دەيدۇ: (( ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن نائۈمىد بولماڭلار، شۈبھىسىزكى،

پەقەت كاپىر قەۋملا ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدسىزلىنىدۇ )). [ يۇسۇف سۈرىسى، 87 ـ ئايەت]

(( پەرۋەردىگارىڭلار (بەندىلىرىگە) رەھمەت قىلىشنى (ئېھسان قىلىش يۈزىسىدىن) ئۆز ئۈستىگە ئالدى )) [ ئەنئام سۈرىسى، 54 ـ ئايەتنىڭ بىرقىسمى]

(( مېنىڭ رەھمىتىم مەخلۇقاتنىڭ ھەممىسىگە ئورتاقتۇر)) [ ئەئراپ سۈرىسى، 156 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى]

" رەھمىتىم غەزىپىمنى بېسىپ كەتتى" [ مۇسلىم 4940 ـ ھەدىس]

قەدىرلىك قېرىنداشلار! ئاللاھ سۇبھانەھۇ ۋەتەئالانىڭ مۇشۇ دىنىغا نۇسرەت ئاتا قىلىشىغا ھەممىمىزدە ئورتاق ئۈمىد بولىشى لازىم! بىز بۇنىڭدىن مەڭگۈ ئۈمىدسىزلەنمەيلى! بۇنىڭدا قەتئى شەك قىلىساق بولمايدۇ؛ ئەگەر شەك قېپقالساق چوڭ خەتەرگە يولۇقىشىمىز مۇمكىن... ئۈمىدسىزلىك ھەرگىزمۇ مۆمىنلەرنىڭ سۈپىتى ئەمەس، بەلكى ئۇ كۇپپار مۇناپىقلارنىڭ سۈپىتىدۇر.

ھۆرمەتلىك قېرىندىشىم ! ئاللاھ بىلەن خاتىرجەم قىلىڭ، ! ئاللاھ غا داۋاملىق ئۈمىدۋار بولۇڭ ! ئاللاھ دىن قەتئى ئۈمىدنى ئۈزمەڭ! ئاللاھنىڭ بەندىلىرىگە بولغان ھىدايىتىدىن مەڭگۈ ئۈمىد ئۈزمەڭ! ئاللاھنىڭ ياردىمىدىن ئۈمىدسىزلەنمەڭ! ھەرۋاقىت ئاللاھ بىلەن ئۈمىدۋار ياشاڭ !

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ "ئۈمىد" نى ساھابە ـ كىراملارنىڭ قەلبىگە قانداق مۇستەھكەم ئورناتقانلىقىغا قاراپ بېقىڭ !

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەر ۋاقىت ساھابە كىراملارنىڭ ( ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولسۇن) قەلبىگە ئاللاھ غا بولغان "ئۈمىد" ئىشەنچىنى مۇستەھكەم سىڭدۈرەتتى. چۈنكى ئۇ، ئۇلاردىن مۇستەھكەم مەڭگۈ تەۋرەنمەس ئىماننى خالايتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابە كىراملارنى ئاللاھ دىن رازى بولىدىغان، ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولىدىغان، پەيغەمبەر ۋە ئەلچىلەردىن كېيىن ئىنسانىيەت ۋە ئەسىرنىڭ ياخشى ئۆلگىللىرى بولىدىغان ئىمانى تەربىيەدە تەربىيلىگەن ئىدى.

مۆھتەرەم قېرىندىشىم! مۆمىن ھارقانچە مۇشەققەتكە دۇچ كەلگەن تەقدىردىمۇ، ئاللاھ غا بولغان ئۈمىدىدىن يالتايماسلىقى لازىم. ئازراق كۆڭۈلسىزلىكلەرگە ئۇچراپ قالسا، ئاللاھ دىن يىراقلىشىش ئىنساننى ئۈمىدسىزلىك پاتقىقىغا ئىتتىرىپ قويىدۇ، بىز بۇنداق ئۈمىدسىزلىكدىن ئاللاھ بىلەن پاناھ تىلەيمىز.

ئاللاھ دىن يىراقلىشىپ كەتكەن مۇناپىقلار ئۈمىدنى تاشلاپ داۋاملىق سەۋەپلەرگىلا ئېسىلىۋالىدۇ. بۇ ئۇلارغا مەنپەئەت بەرمەيدۇ.

ئەمما مۆمىنگە كەلسەك، ئۈمىدنى ئەبدى مەۋجۇد بولغان ئاللاھ غا پۈتۈن كۈچى بىلەن باغلايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابە كىراملارنى ئۈمىدنى

ئاللاھ غا باغلاپ ئاللاھنىڭ ئۆزىدىنلا ياردەم تىلەيدىغان، ئاللاھنىڭ ئۆزىگىلا تەۋەككۇل قىلىدىغان، ئاللاھنىڭ ئۆزىگىلا ئىشەنچ باغلايدىغان قىلىپ تەربىيلىگەن.

ئەدىيى ئىبنى ھاتەم مۇنداق دېگەن : " مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا بارغاندا، ئۇ ماڭا: " ئى، ئەددى ئىبنى ھاتەم، مۇسۇلمان بولغىن سالامەت بولىسەن" دەپ ئۈچ قېتىم تەكرار دىدى. مەن ئۇنىڭغا جاۋابەن: مېنىڭ دىنىم تۇرسا دىسەم، رەسۇلۇللاھ ماڭا : " مەن سېنىڭ دىنىڭنى سەندىن ياخشىراق بىلىمەن" دىدى. مەن : سىللى مېنىڭ دىنىمنى مەندىن ياخشىراق بىلەملا؟ دەپ سورىدۇم.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام : " ھەئە، سەن "رۇكۇسىيە" دىنىدا ئەمەسمۇ، سەن قەۋمىڭ قولغا كەلتۇرگەن غەنىمەتنىڭ تۆتتىن بىرىنى شەخسى يەپ كىتىسەن، شۇنداقمۇ؟ دىدى. مەن : شۇنداق دەپ جاۋاب بەردىم. رەسۇلۇللاھ : " بۇ ئىش ئەسلى سېنىڭ دىنىڭدا ھالال ئەمەس" ( لېكىن سەن دىنىڭغا خىلاپلىق قىلىسەن) دىيىشى بىلەن تەڭلا، گەپ ياندۇرماي جىم تۇرۇپ قالدىم.

رەسۇلۇللاھ : " سېنىڭ ئىسلام دىنىغا نېمە ئۈچۈن كىرمىگەنلىكىڭنى بىلىمەن! سېنىڭچە، ئىسلام دىنىغا خەلق ئىچىدە ھۆرمىتى يۇقىرى بولمىغان كىشلەر ئەگەشكەن، شۇ سەۋەپتىنغۇ دەيمەن. سەن ھەيرە دېگەن جايغا بېرىپ باققانمۇ؟" دەپ سورىغاندا، مەن: مەن ئۇجايغا بارمىغان، لېكىن ئاڭلىغان ئىدىم، دەپ جاۋاب بەردىم. رەسۇلۇللاھ:" ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئىسلام دىنى ئالغا ئىلگىرلەپ، ھەر قايسى جايلارغا تارقاپ يىتىپ بارىدۇ، ئىسلام دىنىنىڭ كەڭرى تارقىغانلىقىدىن تىنچلىق ھاسىل بولۇپ، ھەيرە دېگەندەك يىراق جايلاردىنمۇ ھەمراسىز يالغۇز ئايال كىشى سەپەرگە چىقىپ ھەرەمنى تاۋاپ قىلالايدىغان بولىدۇ. كىسرا ئىبنى ھۇرمۇزنىڭ خەزىنىللىرى ئىسلام خەزىنىسگە قوشۇلىدۇ" دىدى. مەن : كىسرا ئىبنى ھۇرمۇزنىڭ؟ دەپ ھەيران بولۇپ سوئال تاشلىسام، ئۇ:" شۇنداق، كىسرا ئىبنى ھۇرمۇزنىڭ خەزىنىللىرى، مال- دۇنيا كۆپىيىپ كەتكەنلىكتىن ھېچ بىر ئىنسان قوبۇل قىلمايدىغان بىر زامانلار كىلىدۇ" دىدى.

ئەددى مۇنداق دەيدۇ: ھازىر يالغۇز بىر ئايال ھەمراسىز ھەيرە دېگەن جايدىن سەپەرگە چىقىپ بەيتۇللاھنى تاۋاپ قىلىۋاتىدۇ. مەن كىسرا ئىبنى ھۇرمۇزنىڭ خەزىنىللىرىنى ئازات قىلغانلارنىڭ قاتارىدا بار ئىدىم. ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئۈچىنچى ئىشمۇ( مال- دۇنيانىڭ كۆپىيىپ كىتىشى) ئەلۋەتتە بولىدۇ. چۈنكى ئۇ ئىشنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خەۋەر قىلدى ئەمەسمۇ؟" ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى. 17548 ـ نۇمۇرلۇق ھەدىس).

ھۆرمەتلىك قېرىندىشىم ! ئەدىيى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىسلامنىڭ ئەتىكى پارلاق ئىستىقبالى ۋە ئۇنىڭ ئەھلىنىڭ دۇنيا ـ ئاخىرەتتە بەختلىك بولىدىغانلىقىغا

مۇستەھكەم ئىشىنىپ ئاللاھ غا قەتئىي ئۈمىد باغلىغان ھالدا مۇسۇلمان بولدى. ئۇنداقتا سىزدە مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئۈمىد بارمۇ؟

بىز ئەگەر ئاللاھنىڭ ئۆزىگىلا ئۈمىد باغلاپ ئۇنىڭ ئۆزىگىلا تەۋەككۇل قىلىپ توغرا بولغان سەۋەبلەرنى تۇتىدىغان بولساق، بىز يەنىلا ئىززەتلىك، نۇسرەت ئىگىسى بولغان قەدىرلىك ئۈممەت بولالايمىز !

سۇراقە ئىبنى مالىك مۇنداق دەيدۇ:" بىزنىڭ قېشىمىزغا قۇرەيش كۇپپارلىرىنىڭ ئەلچىلىرى كېلىپ، ئاللاھنىڭ رەسۇلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ۋە ئەبۇبەكرىنى قانداقلىكى ئادەم ئۆلتۈرسە ياكى ئەسىر ئالسا، يۈز تۆگە مۇكاپات بېرىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. مەن شۇ ۋاقىتتا بەنى مۇدلىج قەۋمىنىڭ بىر مەجلىسىدە ئولتۇراتتىم. بىز ئولتۇرساق ئۇلاردىن بىر ئادەم بىزنىڭ ئۈستىمىزگە كېلىپ، "ھەي سۇراقە! مەن بایاتىن دېڭىز قېرغىقىدا بىر قانچە شەخسنى كۆردۈم، مەن ئۇلارنى مۇھەممەد ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىمىكىن دەيمەن" دېدى. سۇراقە مۇنداق دەيدۇ: " مەن ئۇلارنىڭ شۇلار ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن، ئۇ، ئادەمگە مۇنداق دەپ قويدۇم: "سەن كۆرگەن كىشىلەر ئۇلار ئەمەس، سەن بىزنىڭ كۆزئالدىمىزدىن كەتكەن پالانى ـ پالانىلارنى كۆرۈپسەن". ئاندىن مەن مەجلىستە بىردەم تۇرۇپ چىقىپ كەتتىم. ئاندىن ئۆيگە كىرىپ دېدىكەمنى ئېتىمنى ئېچىقىشقا بۇيرۇدۇم. ئۇنىڭ ئېتىمنى ئېدىر ئارقىسىدا تەييارلاپ تۇرۇشنى بۇيرۇدۇم. مەن نەيزەمنى ئېلىپ ئۆينىڭ ئارقىسىدىن چىقتىم. ئاندىن نەيزىنىڭ ھالقىسىنى يەرگە قىلىپ ئۇستى تەرىپىنى تۆۋەنلەتكەچ، ئېتىمنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇنىڭغا مىندىم. ئاندىن ئۇلارغا يېقىنلاشقانغا قەدەر ئېتىمنى (بەزلەپ تۇرۇپ نورمال ھالدا) سوكۇلدىتىپ ماڭدىم. ئۇزۇن ئۆتمەي تىز سۈرئەت بىلەن قوغلاپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ئەبۇبەكرىگە يېتىشۋالدىم. ئاندىن ئېتىم مۇدۇرۇپ كېتىپ مەن ئۇنىڭدىن يېقىلىپ چۈشتۈم؛ شۇنىڭ بىلەن قولۇمنى ئوقدانغا ئۇزارتىپ ئۇنىڭدىن پال چوكىللىرىنى چىقىرىپ " ئىشلىرىم زەرەر بېرەمدۇ، ياكى زەرەر بەرمەمدۇ" دەپ پال سېلىپ باقتىم، پالنىڭ نەتىجىسى مەن ياقتۇرمايدىغان ئىش چىقىپ قالدى. ئاندىن مەن ئېتىمغا مىنىپ پالغىمۇ رىئايە قىلماي ئۇلارغا يېقىنلاشتىم. ئاخىرى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قىرائىتىنى ئاڭلىدىم. رەسۇلۇللاھ ئارقىسىغا قارىمايتى، ئەبۇ بەكرى پات ـ پات ئارقىسىغا قاراپ قوياتتى؛ شۇ ۋاقىتتا ئېتىمنىڭ ئالدى پۇتلىرى تىزىغىچە يەرگە پېتىپ قىلىپ مەن ئۇنىڭدىن يېقىلىپ چۈشتۈم، ئاندىن مەن ئۇنى ئۇندىسەم ئورنىدىن تۇردى؛ پۇتىنى چىقىرالمىغىنى تاس ـ تاماس قالدى، ئورنىدىن بىجىرىم تۇرغان چاغدا، ئۇنىڭ پۇتىنىڭ ئىزىدا تۇتۇنگە ئوخشاش ھاۋادا بىر تۇتەك پەيدا بولدى. ئېتىم ئالدىغا قاراپ ئىلگىرلىيەلمەيتتى. ئو مەن قايتا پال سالغان بولساممۇ، يەنە مەن ياقتۇرمايدىغان ئىش

چىقىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇلارغا ئامانلىق تىلەپ چاقىرۋىدىم؛ ئۇلار توختىدى، مەن ئىتىمغا مىنىپ ئۇلارنىڭ قېشىغا باردىم. مېنىڭ ئۇلارنى دەپ ( پىشكەللىككە ئۇچراپ) توسۇلۇپ قىلىشىمدىن رەسۇلۇللاھنىڭ ئىشىنىڭ پات ئارىدا غەلبە قىلىدىغانلىقى كۆڭلۈمگە چۈشتى. مەن ئۇنىڭغا : قەۋمىڭ سەن توغۇرلۇق 100 تۆگە سۈيۈنچە ئېلان قىلدى، دېدىم. مەن يەنە كىشلەرنىڭ ئۇلار توغۇرلۇق نېمە ئويلاۋاتقانلىقىدىن خەۋەر بەردىم. ۋە شۇنداقلا ئۇلارغا ئوزۇق ـ تۈلۈك مال تەڭلىسەم، ئۇلار ئالمىدى، ئۇلاردىن مەندىن تەلەپ قىلغىنى پەقەتلا " بىزنى كۆرمىدۇق دەپ قويغىن" دېگەن گەپنىلا قىلدى. مەن ئۇنىڭدىن ماڭا بىر ئەمىنلىك خېتى يېزىپ بېرىشنى سورىدىم. ئۇ، ئامىر ئىبنى فۇھەيرىنى بۇيرۇۋىدى، ئۇ ئاشلانغان بىر پارچە تىرىگە ئۇنى يېزىپ بەردى. شۇنىڭ كېتىپ قالدى.( بۇخارى رىۋايىتى).

ھەزرىتى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب دىن: كىسرانىڭ تونى، قىلچى، بەلۋېغى، تاجى، بىلەيزۈكلىرى كەلتۈرۈلگەن چاغدا، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى سۇراقە ئىبنى مالىك كېيدۈرۈپ قويدى. ئۇ مۇنداق دېدى: " سەھرالىق بىر ئەئرابى ئادەمگە كىسرانىڭ كىيم ـ كېچەكلىرىنى كېيدۈرگەن ئاللاھ غا ھەمدۇ سانالەر بولسۇن !

شافىئى مۇنداق دەيدۇ: ئۇنى ئاشۇنىڭغا كېيدۈرۈپ قويۇشنىڭ سەۋەبى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۇراقىگە، ئۇنىڭ بىلەكلىرىگە قاراپ تۇرۇپ مۇنداق دېگەن" سەن ـ مېنىڭ نەزرىمدە ـ كىسرانىڭ كېيىملىرىنى كىيدىغاندەكلا قىلىپ تۇرىسەن. ئاللاھ ھەممىدىن بەكرەك بىلگۈچىدۇر. ( بىدايە ۋە نىھايە ئىبنى كەسىر.)

ھۆرمەتلىك قېرىندىشىم! مانابۇ سۇراقە ياشىغان ئۇمىدنىڭ ماھىيتىدۇر.

سىزنىڭمۇ روھىڭىز ئايرىلغانغا قەدەر بىرەر ئۇمىدىڭىزنىڭ بولىشى ۋە شۇ ئۇمىد ئۇچۇن ياشايدىغان بىرەر نىشانىڭىزنىڭ بولىشى بەكمۇ زۆرۈردۇر.

بارائىبنى ئازىب مۇنداق دەيدۇ:" پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزنى خەندەك كولاشقا بۇيرۇغان ئىدى، خەندەكنىڭ بىر يېرىدە جوتو بىلەنمۇ ئالغىلى بولمىغۇدەك يوغان بىر تاشقا دۇچ كەپقالدۇق، ئۇلار بۇ ئىشنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامگە شكايەت قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تاشنىڭ قېشىغا يېتىپ كەلدى. ئەۋف مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كېلىپ ئۆزىنى بىر ئاز تۈزەشتۈرۈپ، تاشنىڭ يېنىغا چۈشۈپ جوتونى قولغا ئېلىپ "بىسمىللاھ " دەپ تاشقا بىرنى ئۇرۋىدى، تاشنىڭ ئۈچتىن بىرى سۇندى. ئاندىن" ئاللاھ بۈيۈكتۇر، شامنىڭ ئاچقۇچىلىرى ماڭا بېرىلدى، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، شامنىڭ قىزىل قەسىرلىرى ماڭا مۇشۇ ئورنۇمدا كۆرسۈتۈلىۋاتىدۇ" دېدى. ئاندىن " بىسمىللاھ دەپ يەنە بىر ئۇرىۋىدى، تاشنىڭ يەنە ئۈچتىن بىرى سۇندى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام " ئاللاھ بۈيۈكتۇر، فارىسىنىڭ ئاچقۇچىلىرى ماڭا بېرىلدى، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئۇنىڭ

شەھەرلىرى، ئاق قەسىرلىرى مۇشۇ ئورنۇمدىن ماڭا كۆرسىتىلىۋاتىدۇ" دېدى. ئاندىن " بىسمىللاھ " دەپ يەنە بىر ئۇرۇۋىدى، تاشنىڭ قالغان قىسمى چۇل- چۇل بولۇپ كەتتى. ئاندىن ئۇ، " ئاللاھ بۈيۈكتۇر، يەمەننىڭ ئاچقۇچلىرى ماڭا بېرىلدى. ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مېنىڭ مۇشۇ ئورنۇمدىن ماڭا سەنئانىڭ دەرۋازىلىرى كۆرسىتىلىۋاتىدۇ، دېدى". [ئىمام ئەھمەد 17946 ـ ھەدىس ]

ھۆرمەتلىك قېرىندىشىم! پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام گەرچە مۇسۇلمانلارغا تاماق يېتىشمەيۋاتقان، دۈشمەنلەر تەرىپىدىن تەھدىت سېلىنىۋاتقان قېيىن شارائىتلاردا بولسىمۇ، ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ئەتىكى گۈزەل ئىستىقبالى ئۈچۈن ساھابە كىراملارنىڭ نەپسىگە ئۈمىدنى قانداق مۇستەھكەم ئورناتقانلىقىغا قاراپ بېقىڭ!

ئاللاھنىڭ مۇشۇ دىنغا نۇسرەت ئاتا قىلىشىغا ئۈمىد باغلاش، ئاللاھ غا بولغان ئىشەنچ ۋە مۇستەھكەم ئىماننىڭ نەتىجىسىدۇر.

سىزدە ھەقىقى ئاللاھ ئەززۇ ۋەجەللىگە بولغان مۇشۇنداق ئۈمىد، مۇشۇنداق ئىشەنچ، مۇشۇنداق ئىمان زادى بارمۇ؟. .. ئەگەر ئۇ، سىزدە راستىنلا بولىدىكەن؛ مانا بۇ سىزنىڭ دۇنيا ـ ئاخىرەتتىكى ئوزۇق ـ تۈلكىڭىز بولالايدۇ. ..

ھەزرىتى ئائىشە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا :"ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! سىلىگە ئۇھۇد كۈنىدىكىدىنمۇ قاتتىقراق قېيىنچىلىق بولغان بىرەر كۈن كەلگەنمىدى؟ دېۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى: مەن سېنىڭ قەۋمىڭدىن كۆپ ئازار تارتتىم، ماڭا بەك تەسىرى كۆرسەتكىنى ئەقەبە كۈنىدىكىسى ئىدى. مەن شۇ ۋاقىتتا ئەلى ئىبنى ئەبدى ياليل مېنى ھمايە قىلىش توغرۇلۇق تەلەپىنى ئوتتۇرغا قويغان ئىدىم. ئۇ مېنىڭ تەلىپىمگە قوشۇلمىدى. شۇنىڭ بىلەن مەن قايغۇرغان ھالدا يولۇمغا يۈرۈپ كەتتىم. قارىسام ئۆزەمنى قەرنى سائالىب دېگەن جايدا كۆرەپتىمەن ( يەنى ھۇشۇمدىن كىتىپ ھۇشۇمغا كەپتىمەن). بېشىمنى كۆتەرسەم بىر بۇلۇت ماڭا سايە تاشلاپ تۇرۇپتۇ، قارىسام بۇلۇت ئۈستىدە جىبرىل ئەلەيھىسسالام بار ئىكەن. ئۇ، ماڭا نىدا قىلىپ مۇنداق دېدى: " ئاللاھ ئەززۇ ۋەجەللە قەۋمىڭنىڭ گەپ ـ سۆزلىرى، ساڭا قايتۇرغان رەددىيەلىرىنى ئاڭلاپ، ساڭا مەلىكۇل جىبالنى (يەنى تاغ مۇئەككىلىنى) نېمىگە بۇيرۇساڭ شۇنى قىلىش ئۈچۈن ئېۋەتتى. شۇ ۋاقىتتا مەلىكۇل جىبال ماڭا نىدا قىلىپ سالام بەردى. ئاندىن ئۇ، ماڭا: " ئى مۇھەممەد! " ئاللاھ ئەززۇ ۋەجەللە قەۋمىڭنىڭ گەپ ـ سۆزلىرىنى ئاڭلىدى. مەن تاغ مۇئەككىلى بولىمەن، پەرۋەردىگارىڭ مېنى ساڭا ئېۋەتتى؛ مېنى خالىغان ئىشقا بۇيرۇساڭ بولىدۇ، ئەگەر خالىساڭ ئىككى تاغنى ئۇلارنىڭ ئۈستىگە كۆمتىرىۋېتىمەن"دېدى. شۇ ۋاقىتتا رەسۇلۇللا ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى:" بەلكى مەن ئاللاھ سۇبھانەھۇ ۋەتەئالانىڭ ئۇلارنىڭ

ئەۋلاتلىرىدىن ئاللاھ غا ھېچنەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەي ئاللاھنىڭ ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىدىغان بىر ئەۋلات كىشىلەرنى چىقىرىشىنى ئۈمىد قىلىمەن"

[ بۇخارى 2992 ـ ھەدىس]

شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن ـ ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن ـ مۇنداق دەيدۇ: " پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇنداق قېيىن شارائىتتا تۇرۇپمۇ، ئاللاھ ئەززۇ ۋەجەللىگە قانداق ئۈمىد باغلىغانلىقىغا قاراپ بېقىڭلار!. ..

قەدىرلىك قېرىندىشىم! سىزنىڭ ۋۇجۇدىڭىزدىمۇ مۇشۇنداق ھېس ـ تۇيغۇ، ئىخلاس بىلەن كۆڭۈل بۆلۈش، ھەققى ئۈمىد دېگەنلەر زادى بارمۇ، يوق؟!!!

تەرجىمە قىلغۇچى : دەرۋىش

## ئۈمىدۋارلىق ۋە ئارزۇ

### مۇقەددىمە

بارلىق ھەمدۇ سانالار ئاللاھغا خاستۇر، ئۇنى ماختايمىز، ئۇنىڭغا تايىنىمىز، ئۇنىڭدىن كەچۈرۈم تىلەيمىز. نەپسىللىرمىزنىڭ يامانلىقىلىرىدىن ۋە ناچار ئەمەللىرىمىزدىن ئاللاھغا پاناھ تىلەيمىز. ئاللاھ ھىدايەت قىلغان كىشىنى ئازدۇرغۇچى يوقتۇر، ئاللاھ ئازدۇرغان كىشىنى توغرا يولغا باشلىغۇچى مەدەتكار يوقتۇر.

ئاللاھنىڭ تاللانغان بەندىسى ۋە مەخلۇقاتلىرىنىڭ سەردارى بولغان رەسۇلۇللاھغا تائەبەتكىچە ئۈزۈلمەستىن دۇئايى ـ سالاملىرىمىز بولسۇن ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ پاك ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرىغىمۇ، بارلىق ئىسىل خىسلەتلىك ساھابىلەرگىمۇ، قىيامەتكە قەدەر ئۇلارنىڭ ئىزىدىن ئەگىشىپ ماڭغان ئىسىل كىشىلەرگىمۇ دۇئايى ـ سالاملىرىمىز بولسۇن.

مەقسەتكە كەلسەك، مەن بۇ ماقالەمدە ئاللاھنىڭ ئۇلۇغ ئىلاھى ئىسلاھ دەستۇرى بولغان " بىر قەۋم ئۆزلىرىنى ئۆزگەرتمىگىچە، ئاللاھ ئۇلارنى ئۆزگەرتىپ قويمايدۇ" دېگەن ئايەت كەرىمىسىگە ئاساسەن، ئۇلۇغ بىر ئىماني مەنانى مۇھاكىمە قىلماقچىمەن. ئىسلاھ ۋە تۈزەش يولىنى تۇتۇپ، ئۈمىدسىزلىكنى چۆرۈپ تاشلاپ ئالەمنىڭ ئىگىسى ئاللاھغا بولغان ئىشەنچە ۋە ئۈمىدۋرلىققا يۈزلىنىش لازىملىقىنى بىلدۈرۈشكە تىرىشتىم.

ئاللاھغا بولغان ئىشەنچە ئاشقانسىرى، ئاللاھ تائالانىڭ غەلىبە ـ نۇسرەت ۋە ئىززەت ـ قۇۋۋەت ئاتا قىلىش ۋەدىسىنىڭ ئىشقا ئېشىشىغا بولغان ئۈمىدۋارلىق كۈچىيىدۇ. شۇڭا پۈتۈن ئۈممەتنىڭ ھاياتى پارلاق ئەتىگە بولغان ئۈمىدۋارلىققا تولۇپ ـ تېشىپ تۇرۇشى لازىم.

ئىززەت غەلىبىگە، ئاللاھنىڭ دىنىنىڭ ۋە چەكسىز ئۇلۇغۋار ۋە پاك شەرىئەتنىڭ شان- شۆھرەتكە تولغان پارلاق كەلگۈسىگە تولۇق ئۇمىدۋارلىق ھازىرلىنىشى زۆرۈر.

ئاللاھتائالادىن بۇ ماقالەم ئارقىلىق ئۆزەمگە ۋە بۇ ماقالەمنىڭ ئوقۇرمەنلىرىگە مەنپەئەت يەتكۈزۈشنى سورايمەن. شۇنداقلا ئۇلۇغ رەببىمدىن بۇ ماقالە ئارقىلىق مۇسۇلمانلارنىڭ قەلبىنى ئۇمىدۋارلىق يولىغا قايتىدىن يول ئېلىشقا يېتەكلىشىنى، ھازىرقى ئېچىنىشلىق رېئاللىقىمىزنى ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ قۇدرەتلىك، غەلىبىلىك ۋە شان- شۆھرەتلىك پارلاق كەلگۈسىگە بولغان ئۇمىدۋارلىق ۋە ئىشەنچ بىلەن ئىسلاھ قىلىپ ئۆزگەرتىشكە تۇرتكە قىلىشنى تىلەيمەن.

چۈنكى ئاللاھ ئۆزىلا بۇنىڭغا ئىگە ۋە قادىردۇر، ئۇ بىزگە كۇپايە ۋە ئەڭ ياخشى ئىگىدۇر.

ئۇمىدۋارلىقتىن ۋە ئارزۇدىن ئايرىلىپ، ئۇمىدسىزلىككە پېتىپ قېلىشنىڭ خەتىرى

پەلەستىن، باغدا، ئافغانىستان، چېچەنىيە ۋە باشقا ئىسلام دىيارلىرى ئىزچىل ھالدا ۋەھشىيانە تاجاۋۇزچىلىقلارغا ئۇچراۋاتقىنىغا قارىماستىن؛ ئىسلام ئۇممىتى ئىچىدە ئىزچىل تۇردە قىرغىنچىلىق، زۇلۇم، تىنىچسىزلىق، قورقۇنچ بولۇۋاتقىنىغا قارىماستىن؛ نۇرغۇن ئادەملىرىمىز ھەيرانلىق ئىچىدە: ھازىر ئۇمىدۋارلىق ھەققىدە گەپ ئېچىش ۋاقتىمۇ؟! دەپ سوئال قويغان تەقدىردىمۇ؟ ئۇمىدسىزلىك ئىچىدە تۇگەشكەنلىكىنى سەزگەن، " ئەمدى ئامال يوق!" دەيدىغان نۇرغۇن كىشىلەر مەۋجۇد بولسىمۇ؟

پەلەستىن- قۇددۇس شەرىپ ۋە ئەقسا مەسجىدى ھەققىدە دەۋاتقىنىڭلار پەقەت قۇرۇق ئارزۇ، سۆز جىق بولسىمۇ ئۆزگىرىش بولمىدىغۇ، ئەمدى ئامال قالمىدى" دەيدىغان نۇرغۇن ئادەملىرىمىز مەۋجۇد بولسىمۇ؛ ئۇممەتنى قاپلىغان ئاشۇنداق نۇرغۇن ئېغىر ئۇمىدسىزلىك ۋە ئامالسىزلىققا قارىماستىن؛ مەن تولۇپ ــتاشقان ئىشەنچ ۋە ئىرادە بىلەن شۇنداق دەيمەنكى:

ھازىر دەل ئۇمىدۋارلىق ھەققىدە گەپ قىلىشنىڭ مۇۋاپىق پەيتى، چۈنكى مەن " ئۆزىنى ئۆزگەرتىش" تىن ئىبارەت ئىلاھى پىرىنسىپ ئاساسىدا، بۇنداق ئۇمىدسىزلىك ۋە تىنىچسىزلىقنى ئۇمىدۋارلىق ۋە ئىشەنچىگە ئايلاندۇرۇشقا تىرىشىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ روھىي دۇنياسىغا ئۇمىدۋارلىقنى ئورنىتىشنى مەقسەت قىلغان ھالدا ئۇمىدۋارلىق ھەققىدە تەشۋىقات ئېلىپ بېرىشنىڭ ئىنتايىن مۇھىملىقىنى ھېس قىلماقتىمەن.

*مەن پۈتۈن ئىشەنچ ۋە غەيرىتىم بىلەن شۇنداق دەيمەنكى:

دەل مۇشۇ پەيتتە ئۇلۇغ ئىلاھى دەستۇر بولغان " ئۆزىنى ئۆزگەرتىش" پىرنسىپى ئاساسىدا " ئۈمىدۋارلىق" تېمىسىنى ئوتتۇرغا قويۇش لازىم.

چۈنكى مەن ئۈممەتنىڭ ئىنتايىن زور دەرجىدە ئۈمىدسىزلىك چاڭگىلىغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى سەرمەكتىمەن. ھالبۇكى ئۈمىدسىزلىك بەك خەتەرلىك مەسلىدۇر.

ئۈمىدسىزلىكنىڭ ئۈممەتكە كەلتۈرىدىغان خەتەرلىرىدىن:

ئۈمىدسىزلىك- ئاللاھ تائالاغا بولغان ئىشەنچىنى تەۋرىتىپ قويىدۇ.

ئۈمىدسىزلىك- كىشلەرنىڭ قازا- قەدەرگە بولغان ئەقىدىسىنى بۇزغۇنچىلىققا ئۈچىرتىدۇ.

ئۈمىدسىزلىك- ئۈمىدۋارلىق ۋە مۇۋەپپەقىيەتنىڭ دۈشمىنىدۇر؛ غەلبە ۋە زەپەرنىڭ ياغىسىدۇر، مەغلۇبىيەتنىڭ دوستىدۇر.

ئۈمىدسىزلىك- چۈشكۈنلۈك، ھورۇنلۇق ۋە بىكار تەلەپلىكنى پەيدا قىلىدۇ.

ئۈمىدسىزلىك- ئۈممەتنىڭ ھەرىكەت- ئەمگەك قابىلىيتىنى ۋەيران قىلىدۇ.

ئۈمىدسىزلىك- ئۈممەتنىڭ مۇستەھكەم ئىرادىسىنى، ئىجتىھاد –غەيرىتىنى پالەچ قىلىدۇ.

ئۈمىدسىزلىككە تولغان ئۈممەت بارلىق ئىرسىدە مەغلۇب بولىدۇ.

ئۈمىدسىزلىككە تولغان ئۈممەت يالتاق، بىكار تەلەپ ھالغا چۈشۈپ قالىدۇ.

ئۈمىدسىزلىككە تولغان ئۈممەت چۈشكۈنلۈككە پاتىدۇ. بۇنداق ئۈممەتنىڭ ئەزالىرى ئەمگەكنى خالىمايدۇ، ھېچبىرى ئىشلەپچىقىرىشنى خالىمايدۇ؛ ھېچكىم ئۇتۇق قازىنىشنى ۋە ئىجادكارلىقنى خالىمايدۇ.

ئۈمىدسىزلىككە تولغان ئۈممەت ۋەيران بولۇشقا يۈزلەنگەن ئۈممەتتۇر.

ئۈمىدۋارلىق ۋە ئارزۇ

ئۈمىدۋارلىق ئارزۇدىن باشلىنىدۇ.ئارزۇيۇڭ ئۈچۈن ياشاپ، ئارزۇيۇڭ ۋۇجۇتقا چىقىشنى ئويلايسەن، شۇڭا ئارزۇيۇڭ ۋۇجۇدقا چىقىشى كېرەك.

سەن بۇ ئىبارىگە ئىشەنمەي تۇرالمايسەن: قانداق بىر نەرسىنى ئارزۇيۇڭغا يۈكسەڭ، ئاندىن شۇنىڭ ئۈچۈن ھاياتىڭنى بېغىشلىساڭ، دىمەك سېنىڭ بۇ ئارزۇيۇڭ ئىشقا ئېشىشى كېرەك ۋە ئىشقا ئاشىدۇ. مانا بۇ پولاتتەك قانۇنىيەت! قېنى، بىرلىكتە ئارزۇ قىلايلى!!!.

پۈتۈن ئۈممەتنىڭ زەپەر قۇچقان ھالدا ئەقسا مەسجىدىگە كىرشىنى بىرلىكتە ئارزۇ قىلايلى.

مەسجىدى ئەقساغا كىرەلەيمەن دەپ ئارزۇ قىلغىن؛ مەن سىلەرنىڭ قەلبىڭلارغا ئارزۇ- ئارمان ئۇرۇقىنى چېچىۋاتىمەن، پەيغەمبىرىمىزمۇ ساھابىلىرىگە قارىتا

مۇشۇنداق قىلالتتى؛ دېمەك سىنىڭ ئارزۇيۇڭ ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن چوقۇم ئىشقا ئاشىدۇ.

مۇسا ئەلەيھىسسالام قەۋمىگە : « ( بەيتۇلمۇقەددەسنىڭ دەرۋازىسىدىن) سەجدە قىلغان ھالدا كىرىڭلار، ( پەرۋەردىگارىمىز) گۇناھلىرىمىزنى كەچۈرگىن! دەڭلار» ( بەقەرە سۈرىسى 58- ئايەت) دېگەن دەرۋازىدىن بىزمۇ ئەقسا مەسجىدىگە كىرىپ؛ بارىدىغانلىقىمىزنى بىرلىكتە ئارزۇ قىلايلى!.

قۇددۇستىكى سەخرە گۈمبىزىنى كۆرۈشنى بىرلىكتە ئارزۇ قىلايلى؟ زەيتۇنلارنى كۆرۈشنى بىرلىكتە ئارزۇ قىلايلى؟ ئەقسا مەسجىدىنىڭ دەرۋازىلىرىنى كۆرۈشنى بىرلىكتە ئارزۇ قىلايلى؟ ئەقسا مەسجىدىنىڭ دەرىزىلىرىنى ئۆز كۆزىمىز بىلەن بىرلىكتە كۆرۈشنى ئارزۇ قىلايلى؟

مۇسۇلمانلارنىڭ ئەقسا مەسجىدىنىڭ ئىچىدە تۇرۇپ، ئاللاھنىڭ: « ھەقىقەت( ئىسلام كەلدى، باتىل يوقالدى. باتىل ھەقىقەتەن ئۆڭاي يوقىلىدۇ»، ( ئىسرا سۈرىسى 81- ئايەت) دېگەن ئايىتىنى بىرلىكتە ياڭرىتىپ ئوقۇۋاتقانلىقىنى ھەممىمىز ئارزۇ قىلايلى!.

ئەقسا مەسجىدىنىڭ ئىچىدە زەپەر قۇچۇپ كىرگەن مۇسۇلمانلارنىڭ ناماز ئوقۇۋاتقانلىقىنى، رەسۇلۇللاھ سەير قىلىپ بارغان ئورۇندا، رەسۇلۇللاھ ناماز ئوقۇغان ئورۇندا سەجدە قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈشنى بىرلىكتە ئارزۇ قىلايلى!.

سالاھىددىن ئەييۇبى( ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) دەسسىگەن جايلارنى كۆزىمىزگە سۈرتۈشنى بىرلىكتە ئارزۇ قىلايلى. ئىراق قاتارلىق جايلاردىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ھەقلىق ھوقۇقلىرىنى قايتا قولىغا ئالغانلىقىنى كۆرۈشنى بىرلىكتە ئارزۇ قىلايلى.

قېرىندىشىم!

بۇ ئارزۇلار بىز ئاللاھنىڭ: « بىر قەۋم ئۆزلىرىنى ئۆزگەرتمىگىچە، ئاللاھ ئۇلارنى ئۆزگەرتىپ قويمايدۇ» ( رەئد سۈرىسى 11- ئايەت) دېگەن سۆزىگە قايتىدىن ئەمەل قىلىدىغانلا بولساق، ئىشقا ئېشىشى مۇمكىنچىلىكى بار.

ئەگەر بىز ھەممىمىز پۈتۈن ۋۇجۇدىمىز بىلەن بېرىلىپ ئىشلىمىزدا ئۇتۇق قازىنىدىغان بولساق، ئوقۇشۇمىزدا يۇقۇرى نەتىجىنى قولغا كەلتۈرىدىغان بولساق، ياخشى ئىشلاردا ئاكتىپچانلىقىمىزنى كۆرستەلەيدىغان بولساق، ئاتا- ئانىلىرىمىزغا ۋاپادار بولالىساق، دىيارلىرىمىزنى ئىخلاسىمىز بىلەن گۈللەندۈرەلىسەك، زېھنىمىزنى يىغىپ تىرىشچانلىقىمىز بىلەن ئەمگەك سىڭدۈرىدىغان بولساق، يۇقۇرقى ئارزۇلارنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشىدا گەپ يوق.

ئاللاھغا تايىنىش ئاساسىدىكى ئۈمىدۋارلىق ۋە ئىشەنچ يولىدىكى يارقىن بىشارەتلەر

تۆۋەندە مەن ئارزۇ- ئۈمىدلىرىمىزنىڭ مۇقەررەر ھەقىقەت ۋە تولۇق رېئاللىققا ئايلىنىش ئىمكانىيىتى بارلىقىغا بىزنى تولۇق ئىشەنچىگە ئىگە قىلىدىغان بىر مۇنچە پاكىت- دەلىللەرنى بايان قىلىپ ئۆتىمەن. بۇلار ئىشەنچلىك يارقىن بىشارەتلەردۇر:

1. ئاللاھنىڭ مۇستەھكەم كائىنات نىزاملىرى:

بۇ نىزاملارنىڭ بىرى : « بۇ كۈنلەرنى ئىنسانلار ئارىسدا ئايلاندۇرۇپ تۇرىمىز» ئالى ئىمران سۈرىسى، 140- ئايەت.

كۈنلەر ئايلىنىپ، زامان ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. ھېچكىمنىڭ ئىشلىرى ئۆزگەرمەستىن بىرلا خىلدا مېڭىۋەرمەيدۇ. مىسالغا ئالساق، يەر شارىدا ئۇزۇن زامانلار شەرق يېتەكچىلىك ئورنۇندا تۇرۇپ كەلگەن. كۆپلىگەن پەيغەمبەرلەر شەرقتە، بولۇپمۇ ئىراقتا يارالغان؛ ئىراق پەيغەمبىرىمىز يۇنۇسنىڭ يۇرتى. كېيىن يېتەكچىلىك غەربكە يۆتكەلگەن، يەنى گىرېكلار، يۇنانلىقلاردا بولغان. ئاندىن كېيىن پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇنياغا كېلىشى بىلەن قايتىدىن شەرق يېتەكچىلىك ئورنۇنغا ئۆتۈپ تەخمىنەن 1300 يىل شەرق يېتەكچىلىكى داۋاملاشقان.

ئاندىن كېيىن يېتەكچىلىك قايتىدىن غەربكە كۆچكەن، يەنى ئالدىنقى ئەسىرلەردە غەرب يېتەكچىلىك ئورنۇنغا ئۆتتى.

ئۇنداقتا ئەمدى نۆۋەت كىمگە كېلىپ، كىمنىڭ دەۋرى ئاخىرلاشتى؟ ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن، ئۇلارنىڭ ئاخىرلىشىپ، بىزنىڭ نۆۋىتىمىز كېلىپ قالدى... بۇ بىز ئۈچۈن يارقىن بىشارەت.

ئاللاھنىڭ يەنە بىر نىزامى : « بىر قەۋم ئۆزلىرىنى ئۆزگەرتمىگىچە ئاللاھ ئۇلارنى ئۆزگەرتىپ قويمايدۇ». ئەگەر بىز ئاللاھنى رازى قىلىدىغان ئىشلارغا قاراپ ئۆزگىرىش ياسايدىغان بولساق، ئاللاھتائالا چوقۇم ئەھۋالىمىزنى ۋە ئىشلىرىمىزنى بىز رازى بولىدىغان ھالغا ئۆزگەرتىدۇ. بۇ بىز ئۈچۈن يارقىن بىشارەت.

2. بۇ ئىسلام ئۈممىتى ھېچقاچان مەڭگۈلۈككە مۇنقەرز بولۇپ يوقالمايدۇ.

بۇ ئىقرار بولۇشقا تېگىشلىك، شەكسىز ئىشىنىشكە زۆرۈر بولغان ئەقىدىدۇر؛ يەنى بۇ ئۈممەت ئاجىزلىششى مۇمكىن، ئەمما ھەرگىز مۇنقەرز بولمايدۇ. شۇڭا يەنە قايتىدىن ئېگىلمەس- سۇنماس كۈچ- قۇدرىتىنى قولغا كەلتۈرۈشى مۇقەررەر. چۈنكى بۇ ئۈممەت ئىلگىرى مۇنقەرز بولۇپ تۈگىگەن پارىسلار، رىملىقلار ۋە فرئەۋنىلەردەك باشقا ئۈممەتلەرگە تامامەن ئوخشىمايدۇ.

بۇ ئۈممەت داۋاملىشىپ بارىدۇ، چۈنكى بۇ ئۈممەت ئاللاھتائالانىڭ يەر شارىدىكىلەرگە ئاتا قىلغان قۇرئان كەرىمدىن ئىبارەت ئەڭ ئاخىرقى دەستۇرىنى

ئېلىپ يۈرىدۇ، شۇنداقلا ئاللاھتائالانىڭ دەل شۇ دەستۇرىغا قارىتا: « ھەقىقەتەن بىز قۇرئاننى نازىل قىلدۇق ۋە ھەقىقەتەن ئۇنى قوغدايمىز» ( ھىجىر سۈرىسى، 9ـ ئايەت) دېگەن ئاخىرقى سۆزىنى ئېلىپ يۈرىدۇ.

ئەگەر بۇ ئۇممەت مۇنقەرز بولىدىغان بولسا، شەكسىز قىيامەت قايىم بولىدۇ. يەر يۈزىدە تەۋھىد ئەقىدىسىنى كىم باشقىلارغا يەتكۈزىدۇ؟! ئەگەر بۇ ئۇممەت مۇنقەرز بولىدىغان بولسا، ئاللاھنىڭ يەر شارىدىكى شەرىئىتىنى كىم ئىجرا قىلىدۇ؟ شۇڭا بۇ ئۇممەت ـ قۇياش ۋە ئايدۇر.

ئەگەر بۇئۇممەت يوقالسا، قىيامەت قايىم بولىدۇ. بىز ھازىر قۇياش تۇتۇلغان ۋاقىتقا دۇچ كەلدۇق، بۇ قۇياشنىڭ پاتقىنى ئەمەس.

قۇياش تۇتۇلۇش ھادىسىسى يۈز بەرسە؛ بۇ ئۇممەتنىڭ ئۆمرىدىكى ئۆتكەن مەزگىللەر قۇياش تۇتۇلغانغا ئوخشايدۇ، ھەرگىز قۇياش پاتقانغا ئوخشىمايدۇ. قۇشلار قۇياش تەرەپتىن تارىلىۋاتقان ئاجىز نۇرلارنىڭ تۈرتكىسى بىلەن قۇياشنىڭ يارلىشىغا ئىنتىزاردۇر.

بۇ ئۇممەتمۇ شۇنداق ؛ زۇلمەتنىڭ يوقىلىدىغان ۋاقتى يېقىنلاپ، نۇلار پارلايدىغان مەزگىل بولاي دەپ قالغانلىقىغا ئىنىق ئىشەنچتە، چۈنكى، ئۆز دىنىنى تولۇق ھالدا چىڭ تۇتقان مۇسۇلمان ياشلىرىدىن تارىلىۋاتقان شولىلار جىلۋە قىلماقتا.

بۇ ئۇممەت يوقالمايدۇ، بۇ بىز ئۈچۈن يارقىن بىشارەت.

3. قۇرئان ئايەتلىرى ۋە ھەدىس شەرىفلەر:

ئاللاھتائالا مۇنداق دەيدۇ: « شەك-شۈبھىسىزكى، بىز پەيغەمبىرىمىزگە، مۆمىنلەرگە ھاياتىي دۇنيادا ۋە (پەرىشتە، پەيغەمبەر ۋە مۆمىنلەردىن بەندىلەرنىڭ ئەمەللىرىگە گۇۋاھ بولىدىغان) گۇۋاھچىلار ھازىر بولىدىغان كۈندە ئەلۋەتتە ياردەم بېرىمىز» غافىر سۈرىسى، 51ـ ئايەت.

دېمەك، پەقەت پەيغەمبەرلار ياردەمگە ئېرىشىپ قالماستىن، مۆمىنلەرمۇ ئېرىشىدۇ. نەدە ئېرىشىدۇ؟

دۇنيادا ۋە ئاخىرەتتە.

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: « الله (لەۋھۇلمەھپۇزغا): «مەن ۋە مېنىڭ پەيغەمبەرلىرىم چوقۇم غەلىبە قىلىمىز» دەپ يازدى » مۇجادىلە سۈرىسى، 21ـ ئايەت.

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: « ئاللاھ ئىچىڭلاردىكى ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان كىشىلەرگە، ئۇلاردىن بۇرۇن ئۆتكەنلەرنى زېمىندا ھۆكۈمران قىلغاندەك، ئۇلارنىمۇ چوقۇم ھۆكۈمران قىلىشنى، ئۇلار ئۈچۈن تاللىغان دىنىنى چوقۇم مۇستەھكەم قىلىپ بېرىشنى ۋە ئۇلارنىڭ قورقۇنچىسىنى ئامانلىققا

ئايلاندۇرۇپ بېرىشنى ۋەدە قىلدى، ئۇلار ماڭا ئىبادەت قىلىدۇ، ماڭا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەيدۇ » نۇر سۈرىسى، 55- ئايەت.

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: « ئۇلار اللەنىڭ نۇرىنى (يەنى اللەنىڭ دىنىنى ۋە نۇرلۇق شەرىئىتىنى) ئېغىزلىرى بىلەن ئۆچۈرىۋەتمەكچى بولىدۇ، كاپىرلار يامان كۆرگەن تەقدىردىمۇ، الله ئۆزىنىڭ نۇرىنى مۇكەممەل قىلغۇچىدۇر (يەنى ئۆزىنىڭ دىنىنى ئاشكارىلىغۇچىدۇر) » سەپ سۈرىسى، 8 ـ ئايەت.

شەكسىز ئاللاھ غالىبتۇر: « ئاللاھ ئىشلىرىدا غالىبتۇر، لېكىن ئىنسانلارنىڭ تولىسى بۇنى ئۇقمايدۇ» يۇسۇف سۈرىسى، 21- ئايەت.

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: « ئاللاھ ھەق دىن (ئىسلام)نى بارلىق دىنلاردىن ئۈستۈن قىلىش ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ پەيغەمبىرىنى(يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى تولۇق )ھىدايەت ۋە ھەق دىن بىلەن ئەۋەتتى، مۇشرىكلار ئۇنىڭ(ئۈستۈن بولۇشىنى) يامان كۆرگەن تەقدىردىمۇ» تەۋبە سۈرىسى 33- ئايەت.

مۇشۇنداق ئۇلۇغ ۋەدىلەر بار يەردە نەگە بارماقچىمىز؟ روھىمىزدا ئۈمىدۋارلىق پەيدا قىلىساق بولمامدۇ؟

باشتىكى قۇرئان كەرىمدە بايان قىلىنغان ۋەدە- بىشارەتلەر بىلەن بىللە يەنە پەيغەمبىرىمىزنىڭمۇبىر مۇنچە ۋەدە- بىشارەتلىرى بار:

تەمىم دارى رەسۇلۇللاھنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغاندىم دەيدۇ: " بۇ ئىسلام دىنى چوقۇم كېچە- كۈندۈز يەتكەن يەرلەرگە يېتىدۇ. ئاللاھ تائالا كېسەك ئۆي ۋە كىگىز ئۆينىڭ ھەر قانداقىغا چالا قويماستىن ئەزىزىنى ئەزىز قىلىپ ياكى خارنى خار قىلىپ بۇ دىننى كىرگۈزىدۇ؛ ئىسلام ئارقىلىق ئەزىزنى ئەزىزلىسە، كۇفرى ئارقىلىق خارنى خارلىقا پاتۇرىدۇ".

تەمىم دارى مۇنداق دەيتتى:" ئۇنى مەن ئائىلەمدىكىلەرگە قاراپمۇ بىلدىم، ئۇلاردىن مۇسۇلمان بولغانلىرى ياخشىلىقا، ئىززەت- شەرەپكە ئېرىشتى. كاپىر بولغانلىرى بولسا، خارلىقا، مەھكۇملۇقا ۋە جىزيە تۆلەشكە ئېرىشتى". ئىمام ئەھمەد" مۇسنەد" 16344- ھەدىس.

سەۋبان رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن ئىدى دەيدۇ: " ئاللاھ تائالا ماڭا يەرنى قاتلاپ كۆرسەتتى، ئۇنىڭ شەرق- غەرب جايلىرىنى كۆردۈم. مېنىڭ ئۇممىتىم كەلگۈسىدە ماڭا قاتلاپ كۆرسىتىلگەن زىمىنغا ئىگە بولىدۇ. ماڭا قىزىل ۋە ئاق ئىككى خەزىنە بېرىلدى. مەن ئۇممىتىم ئۈچۈن رەببىمدىن ئۇلارنى ئومۇمى قەھەتچىلىك بىلەن ھالاك قىلماسلىقنى، ئۇلارنى تۇخۇمىدىن تارتىپ قۇرتىۋەتىدىغان، ئۆزلىرىدىن باشقا دۈشمەنىنىڭ قولىغا قويماسلىقنى سورىدىم. رەببىم ماڭا: ئى مۇھەممەد! مەن بىرەر ھۆكۈم چىقارسام رەت قىلىنمايدۇ، مەن ئۇممىتىڭ ئۈچۈن ساڭا، ئۇلارنى ئومۇمى

قەھەتچىلىك بىلەن ھالاك قىلمايدىغانلىقىم ۋە ئۇلارغا يەر يۈزىدىكى بارلىق ياۋلىرى بىرلىكتە قارشى چىققاندىمۇ، ئۇلارنىڭ تۇخۇمىدىن تارتىپ قۇرتىۋېتىدىغان، ئۆزلىرىدىن باشقا دۈشمەننىڭ قولىغا قويمايدىغانلىقىم بىلەن سورىغىنىڭنى بەردىم، ئۇلار بىر- بىرىنى ھالاك قىلىپ، بىر -بىرىنى تۇتقۇن قىلمىسىلا بولدى" سەھى مۇسلىم 5144- ھەدىس.

جابىر ئىبنى سەمۇرە رەسۇلۇللاھنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى بايان قىلغان: " قىيامەت قايىم بولغانغا قەدەر بىر بۆلۈك مۇسۇلمانلار ئىسلامنى قوغداپ كۆرەش قىلغان ھالدا بۇ دىن ئۈزۈلۈپ قالمايدۇ" سەھى مۇسلىم، 3546- ھەدىس.

ئەبۇئىنەبە خۇلانى رەسۇلۇللاھنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانمەن دەپ بايان قىلىدۇ: " ئاللاھ تائالا ئىزچىل تۇردە بۇ دىن ئىچىدە يېڭى كۆچەتلەرنى تىكىپ، ئۇلارنى ئۆزىگە ئىتائەت قىلىشقا ئىشلىتىدۇ". ئىبنى ماجە رىۋايىتى.

ئەبۇقەبىل مۇنداق دەيدۇ: " بىز ئابدۇللاھ ئىنى ئەمر ئىبنى ئاسنىڭ ئالدىدا ئىدۇق، ئۇنىڭدىن : قۇستەنتىنىيە ( ھازىرقى ئىستانبۇل) بىلەن رۇمىيە ( ھازىرقى ئىتالىيە رىم شەھرى) نىڭ قايسىسى بىرىنچى بولۇپ فەتھى قىلىنىدۇ؟ دەپ سورالدى. ئابدۇللاھ ھالقىسى بار بىر ساندۇقنى ئەكەلدۈرۈپ، ئۇنىڭدىن بىر يازمىنى چىقاردى ۋە مۇنداق دېدى: " بىز رەسۇللاھنىڭ ئەتراپىدا خەت پۈتۈۋاتقان ئىدۇق، تۇيۇقسىز رەسۇلۇللاھتىن : قۇستەنتىن بىلەن رۇمىيە شەھرىنىڭ قايسىسى بۇرۇن فەتھى قىلىنىدۇ؟ دەپ سورىلىپ قالدى. رەسۇلۇللاھ مۇنداق جاۋاب بەردى: " ھىرەقلىنىڭ شەھرى ( يەنى قۇستەنتىن) ئەۋۋەل فەتھى قىلىنىدۇ" ئەھمەد رىۋايىتى، 6358- ھەدىس.

ھەقىقەتەنمۇ رەسۇللاھنىڭ بىشارىتىدىن توققۇز ئەسىر كېيىن، مۇھەممەد فاتىھ ئىسىملىك، 23 ياشلىق تەقۋادار مۇسۇلمان يىگىتنىڭ قولى ئارقىلىق قۇستەنتىن شەھرى فەتھى قىلىنغان.

ئەمدى رىم شەھرىمۇ فەتھى قىلىنىشى چوقۇم، چۈنكى بۇ خاتالىقتىن خالى ۋە راستچىل پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھەقىقى سۆزىدۇر.

غەربلىكلەر ئىسلام دىنىمىزگە كىرىشكە يۈزلەندى، بۇمۇ بىشارەتلەردىنغۇ؟

* ئەبۇ ھۇرەيرە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: " مۇسۇلمانلار يەھۇدىلار بىلەن ئۇرۇشۇپ، ئۇلارنى مۇسۇلمانلار ئۆلتۈرمىگىچە، ھەتتا بىر يەھۇدى تاش ۋە دەرەخنىڭ كەينىگە يوشۇرۇنسا، تاش ۋە دەرەخ: ئەي مۇسۇلمان، ئەي ئاللاھنىڭ بەندىسى! كەينىمدە يەھۇدى بار، كېلىپ ئۆلتۈرگىن دېمىگىچە قىيامەت قايىم بولمايدۇ. " غەرقەد" ناملىق دەرەخ مۇنداق دېمەيدۇ، چۈنكى ئۇ يەھۇدىلارنىڭ دەرىخىدۇر" سەھى مۇسلىم، 5203- ھەدىس.

ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەسۇلۇللاھنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ: " دۇنيادىن پەقەت بىر كۈنلا قالغان تەقدىردىمۇ، ئاللاھ تائالا ئۇ كۈننى ئۇزارتىدۇ ۋە ئۇ كۈندە ئىسمى مېنىڭ بىلەن ئىسمداش، دادىسىنىڭ ئىسمىمۇ دادامنىڭ ئىسمى بىلەن ئىسمداش بولغان، مەندىن، مېنىڭ ئائىلە نەسلىمدىن بىر كىشىنى ۋۇجۇدقا چىقىرىدۇ، ئۇ زۇلۇم ۋە ئادالەتسىزلىككە تولغان يەر يۈزىنى باراۋەرلىك ۋە ئادالەتكە تولدۇرىدۇ". ئەبۇداۋۇد، 3733 ـ ھەدىس.

بۇمۇ بىز ئۈچۈن ئۇلۇغ ئۈمىدۋارلىق ۋە زور بىشارەتتۇر.

ئۈمىدۋارلىقىڭنى كۈچكە تولدۇرىدىغان مۇشۇنداق بىشارەتلەردىن كېيىن يەنە نېمە دېمەكچىسەن؟

4. بۇ ئىسلام دىنى ھەر ۋاقت زەئىپلەشكەن( ئاجىزلاشقان) چاغدا، قايتىدىن تېخىمۇ كۈچىيىپ بارىدۇ:

ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلار باشتىن كەچۈرگەن قىيىنچىلىق ۋە ئاسانلىق ئوتتۇرسىدىكى بىر- بىرىدىن روشەن پەرقلىنىدىغان تۆۋەندىكىدەك ئەھۋاللارنى بىرلىكتە مۇلاھىزە قىلىپ كۆرەيلى:

" قايغۇ يىلى" دەپ ئاتالغان بىرلا يىلدا ھەزرىتى خەدىچە ۋە ئەبۇتالىپ ئۆلۈپ كەتتى. ( قىيىنچىلىق) ئاندىن بۇ يىلغا ئۇلىنىپلا ھىجرەت قىلىش بولدى( ئاسانلىق).

رەسۇلۇللاھنىڭ قازا قىلىشى ئاندىن ئەرەپ قەبىلىرىنىڭ ئىسلامدىن يۈز ئۆرۈشى (قىيىنچىلىق) كېيىن شۇنىڭغا ئۇلىنىپلا فارىس ۋە رۇمنىڭ پەتھى قىلىنىشى، (ئاسانلىق).

ئەندەلۇستىكى( ئىسپانىيە) مۇسۇلمان بۆلۈنمە خانلىقلارنىڭ غۇلىشى (قىيىنچىلىق) كەينىدىنلا ئىسپانىيەدە 400 يىل داۋاملاشقان مۇرابىتلار دۆلىتىنىڭ يورۇقفا چىقىشى ( ئوڭايلىق).

ئەھلى سەلىب( خىرىستىئان) نىڭ ئۇزۇن ۋاقىت ( 90 يىلچە) بەيتۇلمۇقەددەسنى ئىستىلا قىلىۋېلىشى ( قىيىنچىلىق) ئاندىن سالاھىدىن ئەييۇبىنىڭ قولى ئارقىلىق بەيتۇلمۇقەددەسنىڭ ئازات قىلىنىشى ( ئاسانلىق).

مۇڭغۇللارنىڭ ئىسلام خەلىپىلىكىنىڭ پايتەختى باغداتقا بېسىپ كىرىپ، باغداتنى ۋە ئۇنىڭدىكى كۈتۈپخانىلارنى ۋەيران قىلىشى ( قىيىنچىلىق) ئاندىن قۇتۇزنىڭ مۇڭغۇللارنى مەغلۇپ قىلىشى ( ئاسانلىق).

ئەندەلۇس ( ئىسپانىيە) نىڭ ئاخىرقى رەۋىشتە قولدىن كېتىشى ( قىيىنچىلىق) ئاندىن دەل شۇ يىلى قۇستەنتىن ( ئىستانبۇل) نىڭ فەتھى قىلىنىشى ( ئاسانلىق).

دېمەك، ئىسلام قۇياشى غەربى ياۋرۇپادا پېتىپ بولغۇچە، شەرقى ياۋرۇپادىن پارلاپ چىققان.

بۇ ئىسلام دىنىمىز بىر خىل ئاجايىپ مەزمۇتلۇق ۋە ئىچكى يوشۇرۇن كۈچكە ئىگە بولۇپ، بۇ كۈچ ئاپەت خاراكتېرلىق كىرزىس يۈز بەرگەن پەيىتتە پارتلاپ چىقىدۇ.

5. ئىسلام ئۆيغىنىش دولقۇنى:

بۇئۆيغىنىش ئەڭ كۈچلۈك بىشارەتلەرنىڭ بىرىدۇر. ھازىر مۇسۇلمان ياشلىرى ئاللاھغا بىلىم ۋە ئاڭ بىلەن ئىبادەت قىلىپ، قۇرئان كەرىمنى توغرا قائىدىسى بىلەن ئوقۇش ئۈچۈن ئۆز دىنىنىڭ ئەھكاملىرىنى ئۆگىنىشكە، تەجۋىد قائىدىللىرىنى ئۆگىنىشكە يۈزلەنمەكتە.

شۇنداقلا دىن ۋە تەجۋىد قائىدىلىرنى ئۆگىنىش ئۈچۈن قىلىدىغان ياشتا چوڭىيىپ قالغان ئاياللارمۇ مەۋجۇد.

يەنە شۇنىڭدەكلا، ھايالىق، ھىجابلىق، ئەرلەر بىلەن قالايمىقان ئارلاشمايدىغان نۇرغۇن ئىسلام قىزلىرى مەۋجۇد.

شۇنداقلا، ئىسلام مەزمۇنىدىكى ئۈن- سىن لېنتىلىرى ئىنتايىن زور دەرجىدە تارقىلىۋاتىدۇ.

شۇنداقلا ئىسلامي مەزمۇندىكى كىتاپلار ئەڭ بازارلىق ۋە ئەڭ كەڭ تارقىلىدىغان ھالغا كەلدى.

شۇنداقلا ھەج ۋە ئۆمرە ئىبادەتلىرىگە كىشلەر كەڭ دەرجىدە يۈزلەندى.

شۇنداقلا ئۇتۇق قازانغان ياشلار، تىجارەتچىلەر داڭلىق ئەربابلار —ئىبادەت ۋە ئىسلام يولىغا كۈنسىرى كۆپلەپ يۈزلىنىۋاتىدۇ. بۇئىنتايىن ئۇلۇغ بۇرۇلۇش.

شۇنداقلا ئىسلام دىنىغا كىرۋاتقان غەربلىك داڭلىق ئەربابلار كۈنسىناپ كۆپەيمەكتە.

6. غەربلىكلەرنىڭ زور مىقداردا ئىسلام دىنىغا كىرىشكە يۈزلىنىشى:

بۇ مەسىلىدىن ئىنتايىن زور بىشارەتلەر، چوڭ ئۈمىدۋارلىق بەلكى ئۇلۇغ ئۈمىدۋارلىقلارغا ئىگە بولىمىز.

7. ئاياللارنىڭ ئاللاھغا ۋە ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىشىغا گۇناھلاردىن قول ئۈزۈشكە يۈزلىنىشى.

بۇ ئۇلۇغ ئۈمىدۋارلىق ۋە زور بىشارەتتۇر. چۈنكى ئاياللار جەمىيەتنىڭ يېرىمى بولۇپ، قالغان يېرىمىنى ئاياللار تەربىيلەيدۇ.

8. ئۇممەتنىڭ ئىلكىدە نۇرغۇن كۈچ- قۇۋۋەت بارلىقى:

ئىسلام ئۇممىتى نۇرغۇن كۈچ —قۇۋۋەتكە ئىگە؛ ئۇممەت ئۇلۇغ روھى قوزغاتقۇچ كۈچكە ئىگە، سان- ساناقسىز ئادەم كۈچىگە ئىگە، زور ماددي ۋە ئىقتىسادى يوشۇرۇن كۈچكە ئىگە.

ئۈممەت شۇنداق بىر ئۇلۇغ قورالغا، كۈچلۈك ساغلام دەستۇرغا ئىگىكى، بۇ دەستۇرنى ئەمەلىيەتتە ئۆزلىرىگە تەتبىقلاپ ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىدىغان بولسا، ئۈممەتنىڭ ئالدىدا ھېچ نەرسە توسالغۇ بولۇپ تۇرالمايدۇ ۋە ھازىرقى ئەھۋالىمىز كارامەت بىر ئەھۋالغا ئۆزگىرىدۇ.

بۇ قورال دەل ئۇلۇغ ئىلاھي دەستۇرغا ئەمەل قىلىشتىن ئىبارەت: « ھەر قانداق بىر قەۋم ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتمىگۈچە، ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتىپ قويمايدۇ»، رەئد سۈرىسى، 11- ئايەت.

9. بارلىق زېمىن تۈزۈملىرىنىڭ جۇلىقى چىقىپ كىشلەر تۈزگەن قانۇنلارنىڭ ھەممىسىنىڭ مەغلۇپ بولۇشى؛ ساپ ئەقىلگە تايانغان بارلىق تەلىماتلارنىڭ چېكىنىشى، گوياكى ئاللاھ تائالا بىزگە دەۋاتقاندەكلا: بارلىق قانۇن- تۈزۈملەرنى، ھەر خىل تەلىماتلارنى سىناپ باقتىڭلار ۋە نەتىجىدە مەغلۇپ بولدۇڭلار، خاتىرجەملىككە ئېرشەلمىدىڭلار:ئەمدى سىلەرگە پەقەت ئىسلاملا دىن، تۈزۈم ۋە شەرىئەت بولۇپ تۇرالايدۇ.

كوممۇنىزىمنى، كاپىتالىزىمنى، سېكۇلارىزىمنى ۋە باشقا نۇرغۇن- نۇرغۇن يارىماس ئەقلي تەلىمات- ئىزىملارنى سىناپ كۆردۇڭلار، نەتىجىدە مەغلۇپ بولدۇڭلار. قۇرۇق جىدەلگە پاتتىڭلار، خاتىرجەملىك تاپالمىدىڭلار.

ئەمدى سىلەر ئىززەت- ھۆرمەت، يۈكسەكلىك، خاتىرجەملىك، مۇقىملىق ۋە دۇنيا- ئاخىرەتنىڭ بەخىت سائادىتىنى خالىساڭلار، ئالدىڭلاردا سىلەر ئۈچۈن دىن، شەرىئەت، نىزام ۋە ھاياتلىق يولى بولالايدىغان پەقەت ئىسلاملا بار.

10. قىيىنچىلىقتىن كېيىن ئاسانلىق، سەۋردىن كېيىن غەلبە، زۇلمەتتىن كېيىن نۇر تۇغۇلىدۇ: تاڭ ئېتىپ نۇرلار جىلۋە قىلىشتىن ئىلگىرى دەقىقىلەر ئەڭ قاراڭغۇ بولىدۇ.

جاپا- مۇشەققەتنىڭ ئەڭ ئاخىرقى لەھزىلىرىدە ئاسانلىق يېتىپ كېلىدۇ.

ھەزرىتى ئىبنى ئابباس پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى بايان قىلغان: " بىلگىنكى، قىيىنچىلىقتا سەۋر قىلىشتا نۇرغۇن ياخشىلىق بار، غەلبە سەۋر بىلەن بىللىدۇر، خوشاللىق جاپا بىلەن بىللىدۇر، قىيىنچىلىق بىلەن بىللە ئاسانلىق باردۇر" ئىمام ئەھمەد مۇسنەدى، 2666- ھەدىس.

بىراقلا يىشلەر، تۈگەر مۇشەققەت،

ھالقىدەك سىقىسمۇ قەۋەتمۇ ـ قەۋەت!

بۇ يارقىن بىشارەتلەرنى ھەمرا قىلىڭلار، ئۇلارنى يېزىپ كۆچۈرۈڭلار، تارقىتىڭلار، بۇلار ئارقىلىق روھىڭلارغا ئۈمىدۋارلىق ئۇرۇغىنى تېرىڭلار!

# ئاللاھنىڭ دىنىدا چىڭ تۇرۇش ئۇسۇللىرى

## مۇقەددىمە

ھەمدۇ ـ سانا ئاللاھ غا خاستۇر، ئۇنى ماختايمىز، ئۇنىڭدىن ياردەم تىلەيمىز، ئۇنىڭدىن مەغپىرەت تىلەيمىز، نەپسىمىزنىڭ يامانلىقىدىن ۋە ئەمەللىرىمىزنىڭ يامانلىرىدىن ئاللاھ غا سىغىنىمىز. ئاللاھ ھىدايەتكە باشلىغان ئادەمنى ھېچكىم ئازدۇرالماس، ئاللاھ ئازدۇرغان كىشىنى ھېچكىم ھىدايەت قىلالماس !.

كېچە ـ كۈندۈز ئالمىشىپلا تۇرىدىكەن، دۇئايى ـ سالاملىرىمىز ھەر دائىم ئۈزۈلمەستىن ئاللاھنىڭ تاللىغان ئەڭ ياخشى بەندىسى ۋە ئەلچىسى بولغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا بولسۇن ! ئۇنىڭ پاك ۋە بىغۇبار ئائىلە ـ تاۋاباتلىرىغا، بارلىق ئۇلۇغ پاك تەبىئەتلىك ساھابىلىرىگە ۋە ئۇلارغا قىيامەتتىكە قەدەر ئەگىشىپ ياخشى ئىزلىرىدىن ماڭغانلارغا بولسۇن !

## دىنىمىزنى ھىمايە قىلىشتا چىڭ تۇرۇش

ئىتائەت ئۆيگە كىرىش ۋە گۇناھ ئۆيىدىن چىقىش بەك ئوڭاي، ئەمما بۇنىڭدا چىڭ تۇرۇش تەس، بۇنىڭ ئۈچۈن پولاتتەك ئىرادە ۋە مۇستەھكەم ئىمان بولىشى كېرەك. دېمەك، مەسىلىنىڭ ئاساسى ــچىڭ تۇرۇشتا.

مەسىلەن قىلىپ ئېيتساق، ئىراقتا ئۇرۇش بولۇپ، ئىراق ئارمىيسى باسقۇنچى كۈچلەر ئالدىدا باش ئەگمەي قاتتىق قارشىلىق كۆرسەتۋاتقان چاغدا كىشىلەر بۈيۈك ئىمانى جاسارەت ھالىتىنى ئىپادىلىدى؛ ئاللاھغا ئىتائەت قىلىش تەرەپكە يۈزلىنىپ، گۇناھلار ــيامان ئىشلاردىن ئايرىلدى. بىراق كىشىلەر مۇسۇلمانلارنىڭ باسقۇنچى كۈچلەر ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشىدا ئۈمۈتسىزلەنگەندىن كېيىن ( گەرچە تامامەن ئۈمىد ئۈزۈلمىگەن بولسىمۇ) ئەھۋال ئۆزگەردى : بۇرۇنقى كېچىلىرى ئۇخلىماي ناماز ئوقۇشلار، قۇرئان تىلاۋەتلىرى، دۇئا ــئىبادەتتە ئاللاھغا يالۋۇرۇشلار، ناشايان ناخشا ــمۇزىكا ۋە ئويۇن تاماشىلاردىن قول ئۈزۈشلەر قاتارلىق نۇرغۇن ئىيجابى يۈزلىنىشلەر ئەمدى يۇتۇپ، كۆپلىگەن كىشىلەر بۇرۇنقى ئەھۋالغا قايتىپ كەتكەندى.. .. مانا بۇ ئىرادىسىزلىك، مەيداندا چىڭ تۇرالماسلىق، زېرىكىش ۋە ئۈمۈتسىزلىك ! ئاللاھ ئۆزى ساقلىغاي !

قېرىنداشلىرىم ! بىز چوقۇم مەيدانىمىزدا چىڭ تۇرىشىمىز لازىم، بوشۇشۇپ قېلىشقا ھەرگىز بولمايدۇ! بىز دائىم تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇشقا ئېھتىياجلىقمىز، ئىتائەتتە مۇستەھكەم، گۇناھقا يول قويماسلىقتا دادىل تۇرىشىمىز كېرەك. پەلەستىن، ئىراق ۋە پۈتۈن ئۈممەتنى قوغداشتا چىڭ تۇرۇشىمىز كېرەك. ھەقىقەت ــئادالەتتە

چىڭ تۇرۇشىمىز كېرەك، پىتنە پاسات، ئازدۇرۇش، بۇرمىلاش ۋە نەپسى شەھۋەت ئالدىدا مۇستەھكەم تۇرۇشىمىز كىرەك.

## ئىرادىسىزلىك -تۇراقسىزلىقتىن مىساللار

* ئۇلۇغ رامزان ئېيى يېتىپ كېلىشى بىلەنلا، كىشىلەرنىڭ ئاللاھغا يۈزلەنگەنلىكىنى كۆرىمىز، لىكىن رامزان ئېيى چىقىپ كېتىشى بىلەنلا نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ بۇرۇنقى ھالىتىگە قايتىپ كەتكەنلىگىنى بايقايمىز، ئاللاھ ئۆزەڭ ساقلىغايسەن !

* بەزى كىشىلەرنىڭ باشتا تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق ۋە خوشاللىق بىلەن ئىسلامغا بىرىلىسىمۇ، كىيىن ئۇنىڭ تۇيۇقسىزلا تۆۋەندىكىدەك ئەھۋالىلارغا بۇرۇلۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرىمىز.

* دىندار ئادەملەرنىڭ بىرەرسىنىڭ ناچار مۇئامىلىسىگە ئۇچراپلا يامان ئەھۋالغا قاراپ ئۆزگىرىپ كىتىدۇ، كۆرسەتكەن باھانە سەۋەبىمۇ چاغلىق، يەنى ئۇ: مانا دىندارلارنىڭ قىلىقلىرى مۇشۇغۇ ! دەۋالىدۇ.

* بىرەر مەسجىدكە كىرگەندە قىممەت باھالىق ئىسىل كەشىنى بىر يېنىغا قويىۋالغان بولىدۇ، ئاندىن ناماز ئوقۇپ بولۇپ قارىسا بۇ كەش ئوغۇرلانغان، شۇنىڭ بىلەن ئۇ: ئىككىنچى قېتىم مەسجىدكە دەسسەپ تاشلىمايمەن، دېگەن ھالدا (تەنقىدكە) يېنىۋالىدۇ.

* تەقۋادار ئادەملەر بىلەن ئالاقە ۋە مۇئامىلە قىلىش جەريانىدا ئۆزىگە ياقمىغان بىرەر ئىشقا ئۇچرايدۇ-دە، شۇنىڭ بىلەن : تەقۋادارلارنىمۇ كۆردۇم، بازاردا، خىزمەتتە مەسئۇلىيەتسىز ئادەملەر ئىكەن، دېگەن ھالدا كەينىگە يېنىپ كىتىدۇ. ..

قېرىندىشىم ! ئاللاھ يولىدا چىڭ تۇرۇپ، گۇناھلارغا يولىماسلىقنى كىشىلەرنىڭ ساڭا بولغان مۇئامىلىسىگە باغلىۋالساڭ، بۇ بىر خىل مەيدانسىزلىق ۋە ھالاكەتنىڭ سەۋەبى بولۇپ قالىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: « بەزىلەر ئاللاھغا شەك شۈبھە بىلەن ( يەنى تۇراقسىزھالدا) ئىبادەت قىلىدۇ، ئەگەر ئۇنىڭغا ياخشىلىق يەتسە دىندا تۇرىدۇ، ( مۇنداق ئادەم مۇناپىق بولۇپ، ئاللاھغا دىلى بىلەن ئەمەس، پەقەت تىلى بىلەن ئىبادەت قىلىدۇ) ئەگەر ئۇنىڭغا بەختسىزلىك يەتسە دىندىن يېنىۋالىدۇ. ئۇ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە زىيان تارتىدۇ، بۇ روشەن زىيانكارلىقدۇر»، ( ھەج سۈرىسى 11- ئايەت ).

* بەزىلەرنى كۆرىمىزكى، خېلى مەزگىللەرگىچە ئىسلامدا چىڭ تۇرغاندەك قىلىدۇ، چۈنكى ئۇ ئاللاھدىن مەلۇم نەرسىنى، بەلگىلىك بىر مەقسەتنى كۆزلەيدۇ، مەسلەن: ئىمتىھانلاردا ئۇتۇقتا ئېرىشىش، پالانىخان بىلەن توي قىلىش ياكى ئاللاھدىن بايلىق كۈتۈش قاتارلىقلاردەك. ...

قاچانكى ئاللاھ ئۇنى مەقسەتكە يەتكۈزۈپ كۆزلىگەن نىشانى ھاسىل بولسا، ئۇ قايتىدىن زالالەت يولىغا چۈشۈپ، بۇرۇنقى بۇزۇق ۋە شاللاق ھالىتىگە قايتىۋالىدۇ.

* بەزىلەرنىڭ، ئەگەر ئاللاھ ئارزۇ. ئارمانلىرىغا يەتكۈزسە تائەت ـ ئىبادەت ۋە تەقۋادارلىققا بېرىلىدىغانلىقى توغرىسىدا ۋەدە قەسەم قىلىدىغانلىقىنى ئۇچرىتىمىز، ھالبۇكى ئاللاھ ئۇنىڭ ئويلىغىنىنى ئىشقا ئاشۇرغان چاغدا، ئۇ بۇرۇنقى ۋەدە قەسەملەرنى چۆرۈۋېتىدۇ. مانا بۇلارمۇ مەيدانىسىزلىق، تۇراقسىزلىقنىڭ شەكىللىرىدۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ : «ئۇلارنىڭ بەزىلىرى : ( ئەگەر ئاللاھ بىزگە ئۆز پەزلىدىن ئاتا قىلسا ( يەنى رىزقىمىزنى كەڭرى قىلسا ) ئەلۋەتتە سەدىقە بېرىمىز، ئەلۋەتتە ياخشىلاردىن بولىمىز) دەپ ئاللاھقا ئەھدە قىلدى. ئاللاھ ئۇلارغا ئۆز پەزلىدىن ئاتا قىلغان ( يەنى باي قىلغان ) چاغدا ئۇلار بېخىللىق قىلىشتى ( يەنى ئەھدىنى بۇزۇپ، ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىشتىن يۈز ئۆرۈشتى ) ئۇلار ئاللاھقا بەرگەن ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن ( ئىمانىنى، ئېھسانىنى دەۋا قىلغان ) يالغانچىلىقلىرى ئۈچۈن، ئاللاھقا مۇلاقات بولىدىغان ( قىيامەت) كۈنىگە قەدەر مۇناپىقلىقنىڭ، دىللىرىدا ( يىلتىز تارتىپ ) تۇرۇشىنى ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئىچكى سىرلىرىنى ( ئۆز ئارا قىلىشقان ) يۇشۇرۇن سۆزلىرىنى بىلىپ تۇرىدىغانلىقىنى، پۈتۈن غەيىپلەرنى چوڭقۇر بىلىدىغانلىقىنى ئۇلار ئۇقامدۇ؟ » ( تەۋبە سۈرىسى 75 ـ 78 ئايەتلەر).

قېرىندىشىم ! مۇۋەپپىقىيەتنى ۋە ئاللاھ يولىدا چىڭ تۇرۇشنى كۆزلىسەڭ، ھەرگىزمۇ ئاللاھقا ۋەدە قىلغاندىن كېيىن خىلاپلىق قىلىپ تاشلىما، چۈنكى بۇ ھالەت ۋە تۇراقسىزلىقنىڭ ئىپادىلىرىدىن بىرى.

* بەزىلەرنى ئۇچرىتىمىزكى، ئاللاھقا قاتتىق بېرىلىپ، باشقىلارغا دىن مەسىلىلىرىنى ئۆگىتىپ، كىشىلەرنى ئاللاھ يولىغا يېتەكلەپ، ئاللاھ يولىغا دەۋەت قىلىپ ماڭىدۇ، ئەگەرـدە ئۇ ئازار يەپ مەسخىرىگە ئۇچرىسىلا، بۇنىڭدىن قاتتىق سىقىلىپ نېمە قىلارىنى بىلمەي قالىدۇ، ھەتتا قىلىۋاتقان ياخشى ئىشلىرىنى تاشلاپ قويىدۇ.

مىسال ئۈچۈن، بىر ياش ئايال ئۆزىنىڭ ھىجابى تۈپەيلىدىن ئىش ئورنىدا ياكى ئېرى بىلەن بولغان مۇئامىلىدە قىيىنچىلىققا ئۇچرايدۇ ـ دە، سەۋرچانلىق كۆرسىتەلمەستىن گاڭگىراپ قالىدۇ، ھەتتا ھىجاپ ۋە ھاياسىنى بىللىلا چۆرۈپ تاشلايدۇ... مانا بۇ، چۈشكۈنلۈك ۋە تۇراقسىزلىقنىڭ بىر چىل شەكلى.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ : « بەزى كىشىلەر ( ئاللاھقا ئىمان ئېيتتۇق ) دەيدۇ، ئاللاھنىڭ يولىدا بىرەر ئەزىيەت چەكسە، كىشىلەر تەرىپىدىن يەتكەن كۈلپەتنى ئاللاھنىڭ ئازابى بىلەن ئەخشاش بىلىدۇ » ( ئەنكەبۇت سۈرىسى 10 ـ ئايەت).

قېرىندىشىم ! ئەگەردە نىجاتلىق ۋە مۇۋەپپىقىيەت قازىنىش، ئاللاھ تائالانىڭ ئىتائىتىدە چىڭ تۇرۇش خىيالىڭ بولسا، ھەرگىز باشقىلاردىن ئۈچرىغان ئازار ـ كۈلپەت ۋە مەسخىرىلەرنى تائەتنى تاشلاپ گۇناھلارغا پېتىشنىڭ سەۋەبى قىلىۋالمىغىن ! چۈنكى بۇ خىل ھالاكەت ۋە مەيدانسىزلىقنىڭ ئالامىتىدۇر.

* بەزىلەر خېلى تەقۋادار بولسىمۇ، ئەمما ئىماننىڭ ھوزۇرىنى سېزەلمەس بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى، مەسلەن، نامازدا زېھنىنى مەركەزلەشتۈرەلمەيدىغانلىقىنى، قۇرئان ئوقۇسا لەززەت ھېس قىلالمايدىغانلىقىنى، روزا ۋە سەدىقىلەردىن ئىمانى مەنىلەرگە چۆمۈلەلمەيدىغانلىقىنى ...ئېيتىشىدۇ. مانا بۇمۇ بىر خىل تۇراقسىزلىقتىن كىلىپ چىققان.

* بەزىلەرنىڭ بىر مەزگىل ئاللاھ تەرەپكە قاتتىق يۈزلىنىپ تائەت ــ ئىبادەتلەرگە بېرىلىپ، گۇناھلاردىن قول ئۈزۈپ تەقۋادارلىق قىلغاندىن كېيىن بىردىنلا سوۋۇپ كېتىدىغانلىقىنى كۆرۈمىز، ئۇ بىر مەزگىل ئاللاھغا بىرىلىپ ئىبادەت قىلىپ دىنىنى چىڭ تۇتقاندىن كېيىن زېرىكىشكە باشلىغان. پەلەستىن، ئىراق ۋە باشقا ئىسلام يۇرتلىرىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئەھۋالىغا، خەۋەرلىرىگە كۆڭۈل بۆلۈشتىنمۇ زىرىككەن، سەۋرچانلىق كۆرسىتەلمىگەن ۋە جاسارەتنى يوقاتقان بولىدۇ، مانا بۇمۇ بىر خىل جاسارەتسىزلىك ۋە تۇراقسىزلىق.

قېرىندىشىم!

ئاللاھ تائالانىڭ تۆۋەندىكى سۆزلىرىنى ئاڭلىمىغانمىدىڭ؟ :« سىلەر تېخى ئىلگىرىكىلەر ئۇچرىغان كۈلپەتلەرگە ئۇچرىماي تۇرۇپ جەننەتكە كىرىشنى ئويلامسىلەر؟ سىلەردىن ئىلگىرى ئۆتكەن (مۆئمىنلەر ) ئېغىرچىلىقلارغا، كۈلپەتلەرگە ئۇچرىغان ۋە چۆچىتىۋېتىلگەن ئىدى، ھەتتا پەيغەمبەر ۋە مۆئمىنلەر : ( ئاللاھنىڭ ( بىزگە ۋەدە قىلغان ) ياردىمى قاچان كىلىدۇ؟) دېگەن ئىدى، بىلىڭلاركى ئاللاھنىڭ ياردىمى ھەقىقەتەن يېقىندۇر». ( بەقەر سۈرىسى 214ـ ئايەت )

« ئاللاھ سىلەردىن ( ھەقىقى ) جىھاد قىلغانلارنى ۋە ( جىھادنىڭ جاپا مۇشەققەتلىرىگە) چىدىغۇچىلارنى بىلمەي ( يەنى ئايرىماي ) تۇرۇپ ( پەقەت ئاغزىڭلاردا ئىمان ئېيتتۇق دىيىش بىلەنلا ) جەننەتكە كىرىشنى ئويلامسىلەر؟ » ( ئالى ئىمران سۈرىسى 142ـ ئايەت ).

قېرىندىشىم! ئاداققىچە سەۋرى قىلغىن ! ئۆلگىچە ئاللاھنىڭ ئىتائىتىدە بولۇشقا چىدامچانلىق كۆرسەتكىن!

* بەزى كىشىلەر ئەسلىدە ئاللاھ تەرەپكە يۈزلەنگەن پەرھىزكارلاردىن بولسىمۇ، ئەمما دۇنيالىق مەشغۇلىيەتلەر تۈپەيلىدىن ئىبادەتكە كۆڭۈل بۆرالمايدىغان ۋە گۇناھلارغا غەم قىلىپ كەتمەيدىغان بولۇپ قالىدۇ، غەپلەت ئىچىدە قېلىپ، ئىسلام

ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ كۇلپەتلىرى ۋە دۈشمەنلەرنىڭ ھىلە- مىكىرلىرى بىلەن كارى بولمايدىغان ئەھۋالغا چۈشۈپ قالىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ خوتۇن بالىلىرى بار، پۇل ماللىرى ۋە بالا چاقىلىرى بىلەنلا بولۇپ كەتكەن. .. مانا بۇمۇ ھالاكەت ۋە تۇراقسىزلىقنىڭ بىر خىل ئىپادىسى.

قېرىندىشىم ! ئاللاھ تائالانىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلىمىغانمىدىڭ؟ : « ئى مۆئمىنلەر! سىلەرگە ئاللاھنىڭ يولىدا جىھاد قىلىشقا چىقىڭلار دېيىلسە، نېمىشقا يەرتۈڭلاردىن ئايرىلغىڭلار كەلمەيدۇ ؟ دۇنيا ھاياتىنى ئاخىرەتتىكى (بەخت) بىلەن تېگىشىشكە رازى بولدۇڭلارمۇ؟ دۇنيا ھاياتىدىن بەھرىمەن بولۇش ئاخىرەتنىڭ نېئمەتلىرى بىلەن سېلىشتۇرغاندا ئەرزىمەس نەرسىدۇر » ( تەۋبە سۈرىسى 38 ــ ئايەت ).

قېرىندىشىم ! بۇلار تۇراقسىزلىق ۋە جاسارەتسىزلىكنىڭ تۈرلۈك ئىسپاتلىرى بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسى قۇرئاندىكى بىر ئايەتتە يىغىنچاقلانغان، بۇ ئايەتتە ئۆز مەجبۇرىيەتلىرىدىن باش تارتقان مەيدانىنى يوقاتقان ۋە مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئالالمىغان ھەر قانداق كىشى ئاگاھلاندۇرۇلغان : « سىلەر پىششىق ئېگىرگەن يىپنى ياكى پىششىق توقۇغان رەختنى چۇۋۇپ پارچىلاپ تاشلىغان خوتۇندەك بولماڭلار»، ( نەھل سۈرىسى 92 ــ ئايەت)

قېرىندىشىم ! ئويلاپ باققىن! بىر تال رەخت توقۇپ پۈتكۈزەي دەپ قالغاندا، بىردىنلا توقۇغان رەختنىڭ ھەممىسىنى چۇۋۇپ پارچىلاپ تاشلىسا رەخت توقۇمىغانغا باراۋەر - دە !

قۇرئان كەرىمدىكى بۇ گۈزەل مىساللار بىزگە تۇراقسىزلىق ۋە جاسارەتسىزلىكنىڭ مەنىسىنى ئىبرەتلىك يوسۇندا روشەن چۈشەندۈرۈپ بەرگەن.

## ئاداققىچە چىڭ تۇرۇش ئۇسۇللىرى

كىتاپلارنى ئاختۇرۇپ، پىشقەدەم ئىسلام ئالىملىرىنىڭ پىكىر ــقاراشلىرى بىلەن تولۇق تونۇشۇپ چىققاندىن كېيىن، ئاللاھنىڭ دىنىدا چىڭ تۇرۇشنى ئويلايدىغانلار ئۈچۈن، تائەت- ئىبادەتلەرنى ئادا قىلىپ، گۇناھلاردىن قول ئۈزۈشنى ۋە ئىسلام ــ مۇسۇلمانلارغا ياردەم بېرىشنى ئويلايدىغانلار ئۈچۈن، شۇنداقلا ھەقىقەت ئۈستىدە چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى قوغداشنى، ناھەقچىلىقتىن قېچىپ ئۇنى يوقىتىشنى خالايدىغان ھەر قانداق ئادەم ئۈچۈن زور پايدىسى تېگىدىغان بىر توپ ئۇسۇل ــ ۋاستىلەرنى تېپىپ چىقتىم، بۇ ۋاستىلەر ئاللاھنىڭ ياردىمى ئاستىدا ئۇلارنى ئاڭلىق چۈشۈنۈپ ئورۇندىيالايدىغانلارنىڭ ئاللاھنىڭ دىنىدا چىڭ تۇرۇشىغا ياردەم بېرىدۇ، بۇ پايدىلىق ئۇسۇل ــۋاستىلەر تۆۋەندىكىچە :

1. ئىسلام دىنىنى قۇرئان ئوقۇش ۋە ئۇنى چوڭقۇر چۈشۈنۈش، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىش نۇقتىسىدىن، شۇنداقلا رەسۇلۇللانىڭ سۈننەت ــ ھەدىسلىرى نۇقتىسىدىن توغرا رەۋىشتە چۈشىنىپ يېتىش.

2. ئاللاھنىڭ دىنىدا چىڭ تۇرۇپ، قىلچە تەۋرەنمەي مۇستەھكەم ئەقىدە ئارقىلىق كۆرەش قىلغان ئىلگىرىكىلەرنىڭ ھايات پائالىيەتلىرى ۋە تەرجىمىھاللىرىنى دائىم ئوقۇپ تۇرۇش.

مەسىلەن : پەيغەمبەرلەر قىسسىلىرىنى، بولۇپمۇ پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسەلامنىڭ تەرجىمىھالىنى، ساھابىلەرنىڭ پائالىيەت ــ ئىش ئىزلىرىنى، تابىئىنلارنىڭ تەرجىمھال- بايانلىرىنى ئوقۇپ تۇرۇش، ئوقۇغاندىمۇ چوقۇم چۈشۈنۈش ۋە تەتبىقلاش ئاساسىدا ئوقۇش، ھەرگىزمۇ باشقا ھىكايىلەردەك كۆڭۈل ئېچىش ۋە ۋاقىت ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ئوقۇماسلىق.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ :« كۆڭلۈڭنى ( ئىرادەڭنى ) مۇستەھكەملەش ئۈچۈن ساڭا پەيغەمبەرلەرنىڭ قىسسىلىرىنى بايان قىلىپ بېرىمىز، بۇ قىسسىلەر ھەقىقەت، مۆئمىنلەر ئۈچۈن ۋەز نەسىھەت ئىبرەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان »( ھۇد سۈرىسى 120- ئايەت )

3. ئاللاھنى كۆپ زىكرى قىلىش، بولۇپمۇ ( لا اله الاالله ) نى كۆپ دېيىش. قەلبىدىكى ئىمان يېڭىلىنىپ، ئۇنىڭ ھوزۇرىنى سەزمەس بولۇپ قالغانلارغا بۇ ئۇلۇغ ھەدىسنى بايان قىلىمىز :

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللا مۇنداق دېگەن ئىدى دەيدۇ : ( رەببىڭلار ئېيتىدۇكى، ئەگەر بەندىلىرىم ماڭا ئىتائەت قىلىدىغان بولسا ئىدى، كېچىلىرى ئۇلارنى يامغۇر سۈيىدە سوغۇرۇپ، كۈندۈزلىرى قوياش نۇرىغا چۈمۈلدۈرگەن بولاتتىم، ئۇلارغا ھەرگىزمۇ گۈلدۈرماما ئاۋازىنى ئاڭلاتمايتتىم). رەسۇلۇللا يەنە مۇنداق دېگەن : ( ئاللاھغا نىسبەتەن ياخشى ئۈمىتتە بولۇش ئاللاھغا ياخشى ئىبادەت قىلغانلىق جۈملىسىگە كىرىدۇ).

رەسۇلۇللاھ يەنە مۇنداق دېگەن : ( ئىمانىڭلارنى يېڭىلاپ تۇرۇڭلار)، باشقىلار ( ئى رەسۇلۇللاھ ! ئىمانىمىزنى قانداق يېڭىلايمىز؟ ) دەپ سورىغاندا، ئۇ ( لا اله الا الله، نى كۆپ دەڭلار !) دېگەن ئىدى. ئەھمەد رىۋايەت قىلغان.

4. جامائەت بىلەن ناماز ئوقۇشنى سەۋرچانلىق بىلەن داۋاملاشتۇرۇش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈش. چۈنكى سەۋرچانلىق ۋە ناماز بولمىغان ئەھۋالدا مۇستەھكەم ئىرادىدىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:« ئى مۆئمىنلەر، سەبرە ۋە ناماز ئارقىلىق ياردەم تىلەڭلار. ئاللاھ ھەقىقەتەن سەبرى قىلغۇچىلار بىلەن بىللەدۇر» ( بەقەر سۈرىسى 253- ئايەت ).

5. تائەت ـ ئىبادەتلەرنى جىقراق قىلىش ۋە ناچار- ناشايان ئىشلاردىن قول ئۈزۈش.

6. مەغرۇرلانماسلىق، يەنى ئۆزەڭدىن ۋە ئىبادەتلىرىڭدىن مەغرۇرلانماسلىقىڭ زۆرۈر.

7. ئۆلۈمنى ئەسلەپ تۇرۇش ۋە ئاخىرەت توغرىسىدا دائىم ئويلىنىپ تۇرۇش.

8. ئاللاھدىن ياردەم تىلەش، دۇئا ئىبادەتلەر ئارقىلىق ئاللاھغا ئىلتىجا قىلىپ تۇرۇش. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: « سىنى بىز ( ھەقىقەتتە ) مۇستەھكەم تۇرغۇزمىغان بولساق، ھەقىقەتەن ئۇلارغا مايىل بولۇپ كەتكىلى تاس قالغان بولاتتىڭ »، ( ئىسرا سۈرىسى 74- ئايەت).

قېرىندىشىم ! ئاداققىچە ئاللاھنىڭ يولىدا چىڭ تۇرۇشنى خالامسەن؟

ئاداققىچە ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ غېمىنى يېيىشنى ئويلامسەن؟

ئاداققىچە ئىسلامنى سۆيۈپ ئۆتۈشنى ئويلامسەن ؟

ئاداققىچە (لا ئىلاھە ئىللەللاھۇ مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللاھ ) پىرىنسىپىدا تەۋرەنمەي ئۆتۈشنى خالامسەن ؟

ئاداققىچە ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ياشاشنى ئويلامسەن ؟

ئاخىرقى تىنىقلىرىڭغىچە ئۈزمەي ئاللاھغا تەۋبە قىلىپ تۇرۇشنى ئويلامسەن ؟

ئۇنداقتا، سەن ئاللاھ رازى بولىدىغان ئىشلاردا چىڭ تۇرۇشتا ئاللاھغا تايانغىن، چۈنكى مۇستەھكەملىك ئاللاھدىن كىلىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:« ئاللاھ مۆئمىنلەرنى مۇستەھكەم ئىمان دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە مەھكەم تۇرغۇزۇدۇ، ئاللاھ زالىملار ( يەنى كۇپپارلار ) نى گۇمراھ قىلىدۇ، ئاللاھ خالىغىنىنى قىلىدۇ»، ( سۈرە ئىبراھىم 27 ـ ئايەت).

ئاللاھ يەنە مۇنداق دەيدۇ:« ئۆز ۋاقتىدا پەرۋەردىگارىڭ پەرىشتىلەرگە :( مەن سىلەر بىلەن بىللە، مۆئمىنلەرنى ( ئۇرۇش مەيدانىدا ) مۇستەھكەم سۇباتلىق قىلىڭلار، كاپىرلارنىڭ دىللىرىغا قورقۇنچ سالىمەن ) دەپ ۋەھى قىلدى. ( قىلىچ بىلەن ) كاپىرلارنىڭ گەدەنلىرىگە چېپىڭلار ( باشلىرىنى كېسىڭلار )، ئۇلارنىڭ بارماقلىرىغا (يەنى پۈتۈن ئەزالىرىغا ) چېپىڭلار»، ( ئەنپال سۈرىسى 12- ئايەت).

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ : ( رەسۇلۇللاھ مىنى يەمەنگە قازى قىلىپ ئەۋەتتى، مەن: ئى رەسۇلۇللاھ، مىنىڭ يېشىم كىچىك، قازىلىق ئىشلىرىدىن خەۋرىم يوق تۇرسۇمۇ ئەۋەتەملا، دېدىم. رەسۇلۇللاھ ماڭا مۇنداق دىدى: ( ئاللاھ چوقۇم سىنىڭ قەلبىڭنى ھەق يولغا سالىدۇ، تىلىڭنى ھەقتە مۇستەھكەم قىلىدۇ، ئەگەر ئالدىڭدا دەۋالاشقۇچى ئىككى ئادەم بولسا، بىرىنچىسىدىن ئاڭلىغاندەك ئىككىنچىسىدىنمۇ تەپسىلى ئاڭلاپ ئۇنىڭدىن كىيىن ھۆكۈم چىقارغىن، شۇنداق

قىلغاندا سەن ئېنىق سوت ھۆكۈمى چىقىرالايسەن ) دىدى، كېيىن ئۇزۇنغىچە قازى بولۇپ كەلدىم، ياكى، شۇنىڭدىن كىيىن ھىچقانداق سوت ھۆكۈمىدە تەشۋىشلەنمىدىم).

قېرىندىشىم ! ئۇلۇم سەكراتىدا ئاللاھ ئارقىلىق ئىمانىڭدا چىڭ تۇرالايسەن.

* قەبرىدە ئاللاھ ئارقىلىق ھەق سۆزدە چىڭ تۇرالايسەن.

ئوسمان ئىبنى ئەففان رەزىيەللاھۇ مۇنداق دەيدۇ : ( رەسۇلۇللاھ مىيتنى دەپنە قىلىپ بولۇپ، قەبرە بېشىدا تۇرۇپ مۇنداق دەيتتى : ( بۇ قېرىندىشىڭلار ئۇچۇن ئاللاھدىن مەغپىرەت تەلەپ قىلىڭلار، ئۇنىڭ ئۇچۇن ئاللاھدىن مۇستەھكەملىك تىلەڭلار، چۇنكى ھازىر ئۇ سوراق قىلىنىۋاتىدۇ).

ئەبۇ ئەلا ئىبنى شىخخىر يەنى ھەنزەلەلىكلەردىن بىرەيلەندىن رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ ( بىر سەپەردە شەدداد ئىبنى ئەۋسكە ھەمرا بولۇپ قالغان ئىدىم، ئۇ ماڭا : ( ساڭا بىر نەرسىنى ئۆگۈتۈپ قويايمۇ؟ رەسۇلۇللاھ مۇنداق دىيىشنى بىزگە ئۆگۈتەتتى: ( ئى ئاللاھ ! ئىشلاردا مۇستەھكەم قىلىشىڭنى سورايمەن، ھەققى ئىرادىنى سورايمەن، نىئمەتلىرىڭگە شۈكرى قىلىشنى ۋە ئوبدان ئىبادەت قىلىشنى سورايمەن. سەندىن راستچىل تىل ۋە ساغلام قەلب سورايمەن، سەن بىلىدىغان يامان نەرسىلەردىن پاناھ تىلەيمەن، سەن بىلىدىغان ياخشى نەرسىلەرنى سورايمەن، سەن بىلىدىغان گۇناھلاردىن مەغپىرەت تىلەيمەن، سەن ھەقىقەتەن غەيىپلەرنى كەم ــ كۈتسىز بىلگۈچىدۇرسەن". تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.

شەھرى ئىبنى ھۇشەب رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: مەن ئۇممۇ سەلىمەدىن : ( ئى مۆئمىنلەرنىڭ ئانىسى، رەسۇلۇللاھ كۆپ قىلىدىغان دۇئالاردىن نىمىنى يادقا بىلىسەن ؟ ) دەپ سورىغان ئىدىم، ئۇ مۇنداق دىدى :رەسۇلۇللاھ ئەڭ كۆپ قىلىدىغان دۇئا بۇ ئىدى : ( ئى قەلبلەرنى باشقۇرغۇچى ئاللاھ، قەلبىمنى دىنىڭدا مۇستەھكەم قىلغىن!) ئۇممۇ سەلەمە يەنە مۇنداق دىدى: مەن ئېيتتىم، ( ئى رەسۇلۇللاھ، بۇ دۇئانى بەك كۆپ قىلىدىكەنسەنغۇ ؟ )" ئۇ مۇنداق دىدى : ( ئۇممۇ سەلىمە، ھەر قانداق ئادەمنىڭ قەلبى ئاللاھنىڭ بارماقلىرىدىن ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا بولىدۇ، ئاللاھ خالىغان ئادەمنى رۇسلاپ، خالىغىنىنى بۇرايدۇ) ئاندىن رەسۇلۇللاھ بۇ ئايەتنى ئوقۇدى :« پەرۋەردىگارىمىز بىزنى ھىدايەت قىلغىنىڭدىن كېيىن دىللىرىمىزنى توغرا يولدىن بۇرۇۋەتمىگىن !... » ( ئالى ئىمران سۈرىسى 8 ــ ئايەت)

قېرىندىشىم ! ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئاللاھغا تايانماي تۇرۇپ ھېچقانداق ئىشىمىز ئوڭۇشلۇق بولمايدۇ، شۇنىڭ ئۇچۇن ئاللاھ تائالانىڭ : ( بىز ساڭىلا ئىبادەت قىلىمىز ۋە سەندىنلا ياردەم تەلەپ قىلىمىز) دىگەن سۆزى ئوقۇلمىسا سۇرە پاتىھە ئوقۇلغان بولمايدۇ.

مۇسۇلمان ياشلار !. .. يېڭىدىن ئىسلامغا يۈزلەنگەنلەر !... پەلەستىن، ئىراق ۋە پۈتۈن ئۇممەتنىڭ غېمىدە قەلبى پۇچۇلىنىۋاتقانلار !.... ئاللاھدىن ئىسلامغا غەلبە قىلىشنى ۋە مۇسۇلمانلارنى ئەزىز قىلىشنى تىلەۋاتقانلار ! سەجدىلىرىڭلاردا دۇئا قىلىپ : ( ئى ئاللاھ، بىزنى مۇستەھكەم قىلغىن !) دەپ تۇرۇڭلار !

( ئىلاۋە ) ئاللاھدىن ياردەم تىلىگىن

ھەج سەپىرىدە يولغىنىمدا، ئەرەپات تېغىغا چىققان ئىدۇق، بۇ چاغدا ھەج قىلىۋاتقان مۇسۇلمانلارنىڭ سانى ئۈچ مىليۇنغا يەتكەن ئىدى، ئۇلارنىڭ قەلبىنى ئەرەپاتقا چىقىش ۋە ئاللاھغا دۇئا ــ ئىلتىجا قىلىش تىلەك ــ ھىسسياتى ئۆز ئىلكىگە ئېلىۋالغان ئىدى.

بىز ئەرەپات تېغىغا چىققان ۋاقتىمىزدا دۇئا قىلماقچى بولغان بولساقمۇ، قىلالمايۋاتاتتۇق، چۈنكى بەزىلىرىمىزنىڭ ھورۇنلۇقى تۇتقان، بەزىلىرىمىز مۈگدەپ، بەزىلىرىمىزنىڭ دۇئا قىلىش تۇيغۇسى سۇسلاپ قالغان ئىدى. ... ھەتتا نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ روھى چۈشۈپ، بەزىلىرى قۇرۇق پاراڭغا بېرىلگەن ئىدى.

بۇنىڭ ھەممىسى بىرلا سەۋەپتىن بولۇۋاتاتتى، يەنى ئۇلار ئۆزلىرى خالىغانچە دۇئا قىلالايمىز دەپ ئويلىغان.

بىراق ئەسىر ۋاقتى بولۇپ قالغاندا كىشىلەر ئاللاھنىڭ ياردىمى ئارقىسىدا دۇئا قىلىش تۇيغۇسىغا كېلىۋاتاتتى، بۇنىڭغا ئاللاھدىن باشقا ھېچكىمنىڭ تەسىرى يوق ئىدى. ..

باشتا كىشىلەر ئۆزلىرىگە تايانغاچقا مەغلۇپ بولغان، ئاندىن كىيىن تەنھا ئاللاھغا تايانغاچقا مۇستەھكەم ئىرادىلىرىنى قايتا تىكلىگەن ئىدى. دېمەك، ئاللاھدىنلا ياردەم بولغان ئىدى، كىشىلەر بىردىنلا دۇئا ـ ئىلتىجا بىلەن ئاللاھغا يېلىنىشقا باشلىدى.

قېرىنداشلىرىم !

ئاللاھنىڭ ياردىمىنى تىلەش مەسىلىسى ئالدى بىلەن قەلبىمىزدە زورىيىش زۆرۈرۈدۇر، ئاللاھغىلا تايىنىش ۋە ئۇنىڭدىن ياردەم تىلەش كېرەك، چۈنكى ئاللاھ ئەڭ ياخشى ياردەمچىدۇر !.

9. سالىھ، ياخشى كىشىلەرگە ئارىلىشىش.

مۇستەھكەملىكنى خالىساڭ، دوست بۇرادەرلىرىڭنىڭ كىملىكىنى ماڭا دەپ بەرسەڭلا، مەن سېنىڭ مۇستەھكەم بولالايدىغان ــ بولالمايدىغانلىقىڭنى ئېيتىپ بېرەلەيمەن!

ئەگەردە سەن ئاللاھدىن يىراق يۈرۈۋاتقان دوست ــ ئاغىنىلىرىڭ بىلەن تېخىچىلا ئارىلىشىپ كېلىۋاتقان بولساڭ، چوقۇم دۇم چۈشىسەن. .. سەن ئاتا ــ

ئاناڭغا ئاچچىقلىنىسەن، چۈنكى ئۇلار دائىم سېنى ( پالانى ــ پۇكۇنلار بىلەن ئارلاشما ) دەپ جېكىلەپ كەلگەن ـ دە. تەنها ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، سەن پەقەت ناچار ــ بۇزۇق ئاغىنىلىرىڭدىن يىراقلاشقاندىن كېيىنلا، ئاندىن ئورنۇڭدىن تۇرۇپ قەددىڭنى رۇسلىيالايسەن ھەمدە ئاللاھنىڭ ئىتائىتىدە چىڭ تۇرۇپ، گۇناھلارغا چۆكۈپ كېتىشتىن ساقلىنالايسەن.

سەن دوست ــ ئاغىنىلىرىڭ كىم ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بەرسەڭلا، مەن ساڭا تەۋبە قىلالايدىغانلىقىڭنى دەپ بېرەلەيمەن.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ :« زامان بىلەن قەسەمكى، ئىمان ئېيتقان، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان، بىر ــ بىرىگە ھەقنى تەۋسىيە قىلىشقان ۋە بىر ــ بىرىگە سەبىرنى تەۋسىيە قىلىشقان كىشىلەردىن باشقا ھەممە ئادەم چوقۇم زىيان ئىچىدىدۇر » ( ئەسر سۈرىسى 1 ـ 3 ـ ئايەتلەر ).

ئىمام شاپىئى رەھمەھۇللاھ مۇنداق دىدى :

( ئەگەر قۇرئان كەرىمدە پەقەت سۈرە ئەسرلا بار بولغان تەقدىردە ئىنسانلارغا بۇ سۈرە يىتىپ ئاشاتتى ). چۈنكى بۇ سۈرىدە ھەقكە تەۋسىيە قىلىش ۋە سەۋرىگە تەۋسىيە قىلىش تەكىتلەنگەن، ھەقكە ۋە سەۋرىگە تەۋسىيە قىلىشقانلاردىن باشقا جىمى ئادەملەر زىيانغا پاتقانلاردۇر. دېمەك، ياخشى ھەمرا مەسىلىسى بەكمۇ مۇھىم. پەقەت ياخشى دوست ــ بۇرادەرلەرگە ئارلىشىش ئارقىلىقلا مۇستەھكەملىكنى ساقلاش ئۈمىدى بولىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: « سەن پەرۋەردىگارىنىڭ رازىلىقىنى تىلەپ، ئەتىگەن ــ ئاخشامدا ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىدىغانلار ( يەنى ئاجىز كەمبەغەل مۇسۇلمانلار ) بىلەن سەۋرچان بولغان ھالدا بىللە بولغىن، ھاياتى دۇنيانىڭ زىبۇ زىننىتىنى دەپ، ئۇلارنى كۆزگە ئىلماي قالمىغىن، بىز دىلىنى زىكرىمىزدىن غەپلەتتە قالدۇرغان، نەپسى خاھىشىغا ئەگەشكەن، قىلمىشى ھەددىدىن ئاشقان ئادەمنىڭ ( سۆزىگە) ئەگەشمىگىن » ( كەھف سۈرىسى 28 ـ ئايەت).

قېرىندىشىم ! ئەگەر سەن پەرۋەردىگارىڭغا دۇئا قىلىپ، ئۇنىڭغا كىچە كۈندۈز ئىتائەت قىلىدىغانلاردىن يىراقلىشىدىغان بولساڭ، پانى دۇنيانىڭ نەپسى ــ لەززەت دېڭىزىغا غەرىق بولۇپ كېتىسەن.

قېرىندىشىم ! ئاللاھنىڭ ئۆزۈلمەس ئاغامچىسىنى چىڭ تۇتىدىغان ياخشى ئادەملەرنى ئىزدىگىن ؛ رەسۇلۇللاھنىڭ ھەدىس ــ سۈننەتلىرىگە ئەگىشىپ ئۇنى چىڭ تۇتىدىغانلارنى ئىزدىگىن؛ دىنلىرىنى مەھكەم تۇتۇپ، رەببىگە ئىتائەت قىلىشتا چىڭ تۇرىدىغان ھەم گۇناھلاردىن قاچىدىغانلارنى ئىزدىگىن.

بىرلىكتە ھەمكارلىشىپ ئاللاھقا ئىتائەت قىلىش ئۈچۈن، ھەقكە ۋە سەۋرىگە بىر ــ بىرىڭلارنى تەۋسىيە قىلىش ئۈچۈن دەل ئەنە شۇنداق ياخشى ئادەملەرنى

ئىزدىگىن؛ ئۇلارنى مەسجىدلەردە ئۇچرىتىسەن، قۇرئان تەلىم ــ تەربىيىسى سورۇنلىرىدىن تاپىسەن، ئىلىم ۋە زىكرى سورۇنلىرىدىن تاپىسەن.

ياخشىلارغا ئارىلىشىش مۇھەققەق ئاللاھقا ئىتائەت قىلىش ۋە گۇناھلاردىن ئۇزۇلۇشكە ياردەم بېرىدۇ، ئەمما پاسىقلارغا ئارىلىشىش بولسا ئىنساننى زىيانكارلىق ۋە ھالاكەت يولىغا ئېتىتىرىدۇ. .. پاكىتلار نۇرغۇن !

رەسۇلۇللاھنىڭ دەۋرىدە ئۇقبە ئىبنى ئەبۇ مۇەيىت ئىسىملىك بىرەيلەن بولۇپ، ئۇ ئەشەددى كاپىر ئىدى، رەسۇلۇللاھقا ئازار بېرەتتى، ئۇ بەدرى ئۇرۇشى كۈنى كاپىر ھالەتتە ئۆلتۈرۈلگەن ئىدى.

بۇ كىشى ئەسلىدە مۇسۇلمان بولايلا دەپ قالغان ئىدى، بىراق ئۇنىڭ ئەبۇ جەھىل دىن ئىبارەت يېقىن دوستى بار بولۇ، ئۇنى مۇسۇلمان بولۇشتىن توسۇپ قويغاچقا كاپىر ھالەتتە ئۆلۈپ كەتتى. ..

بىر كۈنى ئۇقبە ئەبۇ جەھىلنىڭ قېشىغا كېلىپ ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسەلامدىن تەسىرلىنىشكە باشلىغانلىقىنى ئېيتتى، ئەبۇ جەھىل دەرھال ئۇنىڭغا قارشى چىقىپ ئۇنداق قىلسا ئارىلىرىدىكى دوسلۇق ئالاقىسىنىڭ بىراقلا ئۈزۈلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ قورقۇتتى، ھەتتا ئۇنىڭدىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسەلامنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئۇنىڭ يۈزىگە تۈكۈرۈشىنى تەلەپ قىلدى !

ئۇنىڭ ئالدىدا ئىككىلا يول بار ئىدى، يا ئەبۇ جەھىل بىلەن بولغان دوسلۇق ئالاقىسىنى ساقلاپ قېلىش، يا بولمىسا مۇسۇلمان بولۇش، شۇنىڭ بىلەن، ئەبۇ جەھىلگە بولغان دوسلۇقى ئىسلام دىنىغا كىرىش ئۈستىدىن غالىپ كەلدى ـ دە ئەبۇ جەھىل ئۇنىڭدىن تەلەپ قىلغان قىلىقنى سادىر قىلدى، ئاندىن كاپىر ھالدا ئۆلدى، مانا بۇ يامان ئادەملەر بىلەن دوست بولۇشنىڭ نەتىجىسى ئىدى.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ : « شۇ كۈنى زالىم ( كاپىر ) ئىككى قولىنى چىشلەپ : ئىسىت ! پەيغەمبەر بىلەن ( نىجاتلىق ) يولىنى تۇتسامچۇ، ئىسىت! پالانىنى دوست تۇتمىغان بولسامچۇ ! قۇرئان ماڭا يەتكەندىن كېيىن، ئۇ ( پالانى ) مېنى شەك ــ شۈبھىسىز قۇرئاندىن ئازدۇردى ) دەيدۇ. شەيتان ئىنساننى ئازدۇرۇپ بولۇپ تاشلىۋېتىدۇ » ( فۇرقان سۈرىسى 27ـ 29 ــ ئايەت ).

10. ئىسلامغا خىزمەت قىلىش ۋە ئۇنى ھمايە قىلىش :

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ : « ئى مۇئمىنلەر ! سىلەر ئاللاھقا ( يەنى ئاللاھنىڭ دىنىغا ) ياردەم بەرسەڭلار، ئاللاھ سىلەرگە ( دۈشمىنىڭلارغا قارشى) ياردەم بېرىدۇ، قەدىمىڭلارنى بەر قارار مۇستەھكەم قىلىدۇ» ( سۈرە مۇھەممەد 7ـ ئايەت)

ئەگەر سەن ئاللاھنىڭ قەدەملىرىڭنى ئۇنىڭ ئىتائىتىدە ۋە گۇناھلاردىن ئۇزۇلۇشتە بەر قارار ــ مۇستەھكەم قىلىشنى خالىساڭ، ئاللاھنىڭ دىنى ئۈچۈن

قولۇڭدىن كەلگىنىنى قىلغىن، ئۇنىڭغا ياردەم بەرگىن، ئاللاھنىڭ يولىغا دەۋەت قىلغىن !.

بۇلار تەجرىبىدىن ئۆتكەن ئەمەلى ئىشلاردۇر، بۇگۈندىن باشلاپ ئىجرا قىلىشقا ئاتلانغىن ! ئىسلام ئۈچۈن ئەمگەك سىڭدۈرسەڭ، ئىسلام سەن ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم مەسىلە ئىكەنلىنى تېخىمۇ ئېنىق تونۇپ يېتىسەن.

پىسخولوگلارنىڭ دېيىشىچە ئەقىلدە ئىككى رايۇن مەۋجۇد، بىرى قىممەت ئۆلچىمى ياكى قايىللىق رايۇنى، بۇ سىننىڭ مەلۇم بىر نەرسىگە قايىل بولۇشۇڭنى كۆرستىدۇ، بىراق بۇنىڭدىنمۇ كۈچلۈك بىر رايۇن بار، ئۇ بولسىمۇ ئۆزلۈك ۋە تەۋەلىك رايۇنىدۇر.

مەسىلەن، سەن ئىسلام دىنىنىڭ ئەڭ ئەۋزەل دىن ئىكەنلىكىگە ۋە پەلەستىن مەسىلىسىنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشكە تېگىشلىك ئەڭ موھىم مەسىلە ئىكەنلىكىگە تولۇق قايىل بولۇشۇڭ مۇمكىن، ئەمما ئەپسۇسكى، ئۆزلۈك ۋە تەۋەلىك مەسىلىسى تېخى ۋۇجۇتقا كەلمىگەن.

ئۇنداقتا، قىممەت قارىشى ۋە قايىللىق مەسىلىسنى قانداق قىلىپ ئۆزلۈك، تەۋەلىك مەسىلىسگە ئايلاندۇرغىلى بولىدۇ؟ مۇنداق ئىلگىرلەشنى ئەنە شۇنداق قىممەت ئۆلچىمى ئۈچۈن كۈچ سەرىپ قىلىش ئارقىلىق بارلىققا كەلتۈرەلەيمىز.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:« ( ئى مۇھەممەد ئۈممىتى ) سىلەر ئىنسانلار مەنپەئەتى ئۈچۈن ئوتتۇرغا چىقىرىلغان، ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسىدىغان ئاللاھغا ئىيمان ئېيتىدىغان ئەڭ ياخشى ئۈممەتسىلەر » ( ئالى ئىمران سۈرىسى 110 ـ ئايەت). دېمەك دۇنيادىكى ئەڭ ياخشى ئىش ـ ئاللاھ ئۈچۈن ۋە بىردىنبىر ئۇلۇغ دىن بولغان ئاللاھنىڭ دىنى ئۈچۈن ئەمگەك سىڭدۈرۈشتۇر.

قېرىندىشىم! ئاللاھغا دەۋەت قىلغۇچىلاردىن بولغىن! مەسجىدلەردىكى قۇرئان ـ ئىلىم سورۇنلىرىغا قېتىلغىن، ئاللاھغا دەۋەت قىلىش يۈزىسىدىن ئىسلامى كىتاپلارنى ۋە لىنتىلارنى تاراتقىن. قۇرئاننى تەجۋىدلىك ئوقۇشنى ئۆگەنگىن ۋە باشقىلارغا ئۆگەتكىن، ئىلىم ئۆگەنگىن، ئۆگەنگەنلىرىڭنى باشقىلارغىمۇ ئۆگەتكىن. يېتىم ـ يېسىرلار ئۈچۈن جەمىيەت تەسىس قىلغىن، مەسجىدلەردە يېتىم ـ يېسىرلار ئۈچۈن فوند تەسىس قىلىشنى تەرغىب قىلغىن، ئىنتېرنېتتا ئىسلام ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان تور بەتلىرىنى ئاچقىن، خەيرى ـ ئېھسان بېرىكمىلىرىنى قۇرغىن، ئىسلامغا خىزمەت قىلىش يولىدا قولۇڭدىن كىلىدىغان بارلىق ئىقتىدار ـ ماھارەتلىرىڭنى ۋە تەجرىبىلىرىڭنى ئىشقا سالغىن.

11. قۇرئان ئوقۇش، ئۇنى چۈشىنىش، مۇلاھىزە قىلىش ۋە شۇ بويىچە ئەمەل قىلىش مۇستەھكەملىك ئۈچۈن ھەر كۈنى قۇرئان ئوقۇپ تۇرغىن، ھەر ئايدا بىر قېتىم

قۇرئاننى تولۇق ئوقۇپ چىقىشقا تىرىشقىن. شۇنداقتا قەلبىڭ قۇرئان بىلەن بىللە ئويغاق تۇرىدۇ، قۇرئاندىن مەلۇم نەرسە يادىلاشقا تىرىشقىن، شۇندىلا دىلىڭ روشەنلىشىپ، ھاياتى كۈچكە تولىدۇ. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ رەسۇلۇللاھنىڭ مۇنداق دېگەنلىگىنى ئېيتىدۇ: " قەلبىدە بىر ئاز قۇرئان بولمىغان ئادەم ۋەيرانە ئۆيگە ئوخشايدۇ" تىرمىزى رىۋايەت قىلغان..

قېرىندىشىم ! تەجۋىد قائىدىلىرىنى ئۆگەنگىن، قۇرئاننى توغرا تەلەپپۇزدا ئوقۇغىن، چەت ئەل تىللىرىنى ئۆگۈنۈپ تۇرۇپ قۇرئاننى ئوقۇيالماسلىقىڭ ئەقىلغا لايىق ئەمەس!؟

شۇنداقلا قۇرئان تەپسىرلىرىنىمۇ ئوقۇغىن، شۇندىلا قۇرئان ھوزۇرىنى، ئىمان ھالاۋىتىنى سېزىسەن.

12. كېچىلىرى تۇرۇپ ئىبادەت قىلىش :

بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللاھنىڭ مۇنداق سۆزىنى بايان قىلغان : " كېچىلىرى تۇرۇپ ئىبادەت قىلىڭلار، بۇ سىلەردىن ئىلگىرىكى ياخشىلارنىڭ ئادىتىدۇر، كېچىلىرى تۇرۇپ ئىبادەت قىلىش ھەقىقەتەن ئاللاھغا يېقىنلاشتۇرىدۇ، گۇناھتىن توسۇپ، خاتالىقلارنى ئۆچۈرىدۇ، بەدەندىكى كىسەللىكلەرنى بوقۇتىدۇ" تىرمىزى رىۋايىتى.

ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللاھنىڭ مۇنداق دېگەنلىگىنى بايان قىلغان : " كېچىلىرى تۇرۇپ ئىبادەت قىلىڭلار، بۇ سىلەردىن ئىلگىرىكى ياخشىلارنىڭ ئادىتىدۇر، بۇ ئاللاھغا يېقىنلاشتۇرىدۇ، يامانلىقلارنى ئۆچۈرىدۇ، گۇناھتىن توسىدۇ" تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.

**خاتىمە**

بۇ ماقالىمىزنىڭ خاتىمىسىدە، ئاللاھدىن بۇنى ئوقۇغانلارغا مەنپەئەت بېرىشنى ئۈمىت قىلىمىز، شۇنداقلا ئاللاھدىن بۇنى ھەممىمىزنىڭ ياخشى ئەمەللىرى قاتارىدا قوبۇل قىلىشنى تىلەيمىز، ئاللاھ بۇ ئارقىلىق ياخشىلىق مىزانلىرىمىزنى ئېغىرلىتىپ، يامانلىق ۋە خاتالىقلىرىمىزنى ئۆچۈرگەي ! ئاللاھدىن بۇ ئەمگىكىمىزدە كەتكۈزۈپ قويغان كەمچىلىكلىرىمىزنى ۋە خاتالىقلىرىمىزنى كەچۈرۈشنى تىلەيمىز. بۇنىڭدا توغرا قىلغانلىرىمىز ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىنىڭ بىزگە ئۆگەتكەنلىرىدىندۇر، كەمچىلىك ــ خاتالىقلار بولسا مەندىن ۋە شەيتان تەرىپىدىن سادىر بولغاندۇر، ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى ئۇنداق كەمچىللىكلەردىن پاكتۇر، ئاللاھدىن مېنى ۋە ئوقۇرمەنلەرنى مەغپىرەت قىلىشنى، كەمچىلىك ــ خاتالىقلىرىمىزنى يېپىشنى سورايمەن.

ئاخىرىدا، ئاللاھقا تەۋەككۈل قىلىپ دۇئا قىلايلى، ئۇنى ئاللاھنىڭ ئىجابەت قىلىشىنى، ھەقتە چىڭ تۇرۇپ، ھەققە ياردەم بېرىشكە ۋە ناھەقنى تاشلاپ ئۇنى يىراقلاشتۇرۇشقا سەۋەب قىلىشنى ئۈمىد قىلىمىز. ئاللاھنىڭ دىنىدا چىڭ تۇرۇشقا، تائەت ـ ئىبادەتلەرنى ئادا قىلىپ، گۇناھ ـ مەئسىيەتلەرنى تاشلاشقا، ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارغا ياردەم بېرىپ، ئۇلارنى غەم ـ قايغۇلىرىدىن خالاس قىلىشقا سەۋەب بولۇشنى سورايمىز.

ئى ئۇلۇغلۇق ۋە بۈيۈكلۈك ئىگىسى بولغان ئاللاھ! ئى مېھرىبانلىق ۋە ياخشىلىق ئىگىسى، بىزگە ساڭا زىكرى ئېيتىشقا، شۈكرى قىلىشقا ۋە ياخشى ئىبادەت قىلىشقا ياردەم قىلغىن! سېنى رازى قىلىدىغان ئىشلاردا چىڭ تۇرۇشىمىزغا، بىزنى چەيلەيدىغان ۋە سېنى رازى قىلمايدىغان ئىشلاردىن يىراقلىشىشىمىزغا ياردەم قىلغىن! ئى قەلبلەر ۋە كۆزلەرنى باشقۇرغۇچى!! قەلبىمىزنى ساڭا ئىتائەت قىلىشقا بۇرىغىن! سەندىن ئىشلاردا مۇستەھكەم بەرقارارلىقنى ۋە ھەق ئۈستىدە چىڭ تۇرۇشنى تىلەيمىز.

نېئمىتىڭگە شۈكرى قىلىشنى، ساڭا قىلغان ئىبادەتلەرنى ياخشى ئورۇنداشنى سورايمىز. سەندىن ساغلام دىلنى، راستچىل زىكرىگۈي ۋە شۈكرىگۈي دىلنى سورايمىز. سەندىن سەن بىلىدىغان ياخشى نەرسىلەرنى سورايمىز، سەندىن سەن بىلىدىغان يامان نەرسىلەردىن پاناھ تىلەيمىز.

ئى ئاللاھ، بىزنى روشەن ھەقىقەت ئۈستىدە بىز ساڭا يولۇققىچە مۇستەھكەم قىلغىن!

ئى ئاللاھ! ئاخىرقى تىنىقىمىزغىچە بىزنى دىنىڭدا چىڭ تۇرغۇزغىن! بىزنى دۇنيادىن ياخشىلىق ئۈستىدە ئايرىغىن، دۇنيادىن بىزنى دۇنيا بۇلغىماستىن ئېلىپ كەتكىن! بىزنى مۇستەھكەم قىلغىن، بىزگە ياردەم بەرگىن، پەلەستىندىكى، ئىراقتىكى ۋە ھەر ـ بىر ئىسلام يۇرتلىرىدىكى قېرىنداشلىرىمىزغا ياردەم بەرگىن! ئۇلارنى مۇستەھكەم قىلغىن، جاسارەتلىرىنى ئۈستۈرگىن!

ئى ئاللاھ، دۇئالىرىمىزنى ئىجابەت قىلغىن! ئامىن!.

## ئاداققىچە چىڭ تۇرۇش

### مۇقەددىمە

ھەمدۇ ـ سانا ئاللاھ غا خاستۇر، ئۇنى ماختايمىز، ئۇنىڭدىن ياردەم تىلەيمىز، ئۇنىڭدىن مەغپىرەت تىلەيمىز، نەپسىمىزنىڭ يامانلىقىدىن ۋە ئەمەللىرىمىزنىڭ

يامانلىرىدىن ئاللاھ غا سىغىنىمىز. ئاللاھ ھىدايەتكە باشلىغان ئادەمنى ھېچكىم ئازدۇرالماس، ئاللاھ ئائازدۇرغان كىشىنى ھېچكىم ھىدايەت قىلالماس !.

كېچە - كۈندۈز ئالمىشىپلا تۇردىكەن، دۇئايى - سالاملىرىمىز ھەر دائىم ئۈزۈلمەستىن ئاللاھنىڭ تاللىغان ئەڭ ياخشى بەندىسى ۋە ئەلچىسى بولغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا بولسۇن ! ئۇنىڭ پاك ۋە بىغۇبار ئائىلە - تاۋاباتلىرىغا، بارلىق ئۇلۇغ پاك تەبىئەتلىك ساھابىلىرىگە ۋە ئۇلارغا قىيامەتتىكە قەدەر ئەگىشىپ ياخشى ئىزلىرىدىن ماڭغانلارغا بولسۇن !

مەقسەتكە كەلسەك، ئۇممەتنىڭ ئىززەت ــھۆرمىتىنى ۋە شان شەرىپىنى قايتا قولغا كەلتۈرۈپ، دۇشمەنلىرى ئۈستىدىن غەلبە قىلىشى ۋە دۇنيانى بەخت ــ سائادەت يولىغا يېتەكلىشى ئۈچۈن بۇ ئۇممەتنىڭ ھەر بىر ئەزاسىنىڭ بىر نەچچە نۇقتىدا چىڭ تۇرۇش مەسىلىسى ئىنتايىن مۇھىم.

ئەپسۇسكى، نۇرغۇنلىغان كىشىلەر بۇ مەسىلىنى، بۇنداق سۈپەتنى يۇتتۇرۇپ قويغان، بەزىلەرنى كۆرىمىزكى، بىر مەزگىل تائەت - ئىبادەتلەرنى جايىدا ئادا قىلىپ، گۇناھ ۋە يامان ئىشلارغا يولىماسلىق سۈپىتى بىلەن ئۆز دىنىنى چىڭ تۇتىدۇ، كېيىن بىردىنلا ئۇنىڭ چۈشكۈنلىشىپ ئاللاھ تائالانىڭ يولىدىن چەتنەۋاتقانلىقىنى بايقايسىز، ئەسلىدە ئۇنداق كىشىلەر تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇش ۋە سەۋرچانلىق سۈپىتىدىن ئايرىلغان ئىدى.

نۇرغۇن كىشىلەر نامازلارنى ئۆزۋاقتىدا ئادا قىلىپ كېلىۋېتىپ، كېيىن تاشلىۋېتىدۇ. نۇرغۇن ياش قىزلار رامزاندا ھىجاپ ( رومال ) سېلىپ، رامزان ئۆتكەندىن كېيىن چۆرۈۋېتىدۇ.

مۇسۇلمانلار باشتا دىنغا زور قىزغىنلىق بىلەن بېرىلىدۇ، بارا ــبارا سۇسلىۇق، ھورۇنلۇق ۋە ئېزىلەڭگۈلۈككە پېتىپ قالىدۇ!...

ئىسلام دۇشمەنلىرى بىزنىڭ بۇ مىجەزىمىزنى بىلىۋېلىشقان، بىزنىڭ باشتا قىزغىنچىلىق بىلەن كىرىشىپ، بارا ــبارا ئاجىزلىشىپ ئىرادىمىز بوشىشىپ كېتىدىغانلىقىنى بىلىۋالغان، شۇڭا ئۇلار بىز بىلەن مۇشۇ ئاساستا مۇئامىلە قىلىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار بىزنىڭ دەسلەپتە قىزغىنلىق پەيتىمىزدە خالىغىنىمىزنى قىلساقمۇ كارى بولمايدۇ، ئاندىن بىزنىڭ قىزغىنلىقىمىز ئاجىزلاشقاندىن كېيىن بىز بىلەن ئۆزلىرىگە ياققان رەۋىشتە ئىش ئېلىپ بارىدۇ!

زادى نىمە ئۈچۈن مۇنداق بوشىشىمىز؟ كىشلەرنى بالا ــچاقىلىرى مەشغۇل قىلىۋاتامدۇ؟ مال دۇنيا مەشغۇل قىلىۋاتامدۇ؟ قورساق بېقىش مەسىلىسى مۇشۇنداق ھالغا چۈشۈرۈپ قويۇۋاتامدۇ؟ بوشاشماستىن قىزغىنلىقىمىزنى ئىزچىل ھالدا داۋاملاشتۇرۇشىمىز مۇمكىن ئەمەسمۇ؟!

قەلبىمىزدىكى بوشاڭلىق ئۈلۈپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئۇيرىماس قىزغىنلىق يىلتىز تارتىپ ئورناپ كەتكەندە، مانا بۇنىڭ ئۆزى چىڭ تۇرۇش ھېساپلىنىدۇ.

ئىنسانلار جەمئىيىتىدىكى مۇستەھكەم ئىرادە ھەققىدە توختالغىنىمىزدا، بىز ساھابىلەر، تابىئىنلار ۋە قىيامەتكىچە ئۇلارنى ئۈلگە تۇتۇپ ئىزلىرىدىن ئەگىشىپ ماڭغانلاردىن ئىبارەت يارامىلىق، ئىلغار كىشىلەرنى بىرىنچى قىلىپ كۆزدە تۇتىمىز.

ساھابىلەر بولسا ئەرەپ يېرىم ئارىلىدىكى ساناقلىقلا كىشىلەر ئىدى، بىراق ئۇلار ئاداققىچە چىڭ تۇرۇشنىڭ كۈچىگە ئىشەنگەچكە، ھەقىقەتكە ئېرىشىپ، ھەقىقەتنى ئورنۇتۇپ ۋە دۇنياغا تارقىتىپ كېتىشتى.

بىز ئاللاھدىن ئىبادەتلەرنى جايىدا ئادا قىلىپ، يامان ئىشلارغا يولىماسلىقتا ئاللاھنىڭ دىنىدا چىڭ تۇرۇشقا نېسىپ قىلىشنى تىلەيمىز، ئىسلامغا ھەمدەم بولۇپ، ئۇنى پۈتۈن دۇنياغا تارقىتىشتا چىڭ تۇرۇشنى، ھەقىقەتتە چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى قوغداشنى، ناھەقچىلىكنى تۈگىتىپ ئۇنى يوقۇتۇشتا چىڭ تۇرۇشنى نېسىپ قىلىشنى ئۇلۇغ ئاللاھدىن تىلەيمىز، چۈنكى بىز ئاجىزمىز، ئاللاھ ئۆزى تەۋرەنمەس ھەم قۇدرەتلىك زاتتۇر، ئاللاھ بىزگە كۇپايە، ئۇ ئەڭ ياخشى ئىگىدۇر!

چىڭ تۇرۇشنىڭ ئاساسى سەۋەپلىرى

تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇشقا تېگىشلىك ئۈچ ئاساسى مەسىلە بار، بۇلارنىڭ ھەر بىرىنى كەڭ شەرھلەپ، توختۇلۇپ ئۆتىمىز. بۇ ئۈچ ئاساسلىق مەسىلە:

بىرىنچى: ئومۇمى جەھەتتىن ھەقتە چىڭ تۇرۇش.

ئىككىنچى: ئاللاھنىڭ دىنىدا چىڭ تۇرۇش.

ئۈچىنچى : دىنىمىزنى ھىمايە قىلىشتا چىڭ تۇرۇش.

بىرىنجى: ھەقىقەتتە چىڭ تۇرۇش

بۇ يەردە دىمەكچى بولغان ھەقىقەت ــتالاش ــتارتىش ۋە بۇرمۇلاش، ياكى تۆھمەتلەر ئالدىدا پۈت تىرەپ تۇرالايدىغان، تۇرلۇك قانۇنلار، ھەر خىل خەلقلەر ۋە دۇنيانىڭ ھەر قانداق جايىدىكى ئىجتىمائى ئادالەت ۋە ھەققانىيەت مىزانلىرىغا ئۇيغۇن كىلىدىغان، ئامما تەرەپتىن ھەقىقەتلىكى بىردەك ئېتىراپ قىلىنغان ئېنىق ۋە روشەن مەسىلىنى كۆرسىتىدۇ. بۇنداق مەسىلىلەر ھەر قانداق بۇرمۇلاش ۋە يەڭگۈشلەشلەرنى قوبۇل قىلمايدىغان دەرىجىدە ھەممىگە ئايان نەرسە بولغاچقا، پەقەت ئىجتىمائى ئادالەت ۋە ھەققانى پىرىنسىپلىرىغىلا بويسۇنىدۇ، بۇنداق مەسىلىلەر جەمئىيەت تەرىپىدىن بىردەك ھەقىقەت دەپ ئېتىراپ قىلىنغان بولسىمۇ، مەلۇم بىر قانۇن ياكى ئايرىم بىر رايۇنلارغىلا چاس بولمايدۇ ياكى مەلۇم خەلقكىلا تەۋە بولمايدۇ.

پەلەستىنگە كەلگەن ئامىركىلىق بىر ئابالنىڭ ھەركىتى مېنى چوڭقۇر تەسىرلەندۈرگەن ئىدى، ئۇ پەلەستىنلىك بىرەيلەننىڭ ئۆيىنى ئۆرىۋېتىش ئۈچۈن

كەلگەن تويپا ئىتتىرىش ماشىنىسىنىڭ ئالدىدا قىلچە تەۋرەنمەي تىك تۇرغان، ئۇ مۇسۇلمان بولمىسىمۇ مۇشۇنداق قىلغان، چۈنكى ئۇ بۇنى قوغداشقا تېگىشلىك ئىجتىمائى ھەقىقەت دەپ قارايتتى، ئېنىقكى، پەلەستىنلىكلەرنىڭ ئۆز زېمىنلىرىغا بولغان ئىگىدارچىلىق ھوقۇقى ۋە زېمىنلىرىنى زومىگەرلىك بىلەن تارتىۋالغان يەھۇدى دۈشمەنلىرىنى قوغلاپ چىقىرىش ھوقۇقى ئەگەر ھەقىقانىيەت ـ باراۋەرلىك تېخى بار دەپ قارالغان تەقدىردە، ئىجتىمائى ـ ئومۇمى ھەقىقانىيەت ۋە ئادالەت مىزانلىرىغا ياتىدىغان مەسىلە ئىدى، مانا شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئايال تويپا ئىتتىرىش ماشىنىسىنىڭ ئالدىنى توسۇپ تۇرالىغان.

بۇ ئايال ماشىنا تاپانلىرىنىڭ ئالدىدا ئۆلۈپ كەتتى. بىراق ئۇ ھەقىقەتنى قوغداش ۋە ئۇنىڭدا چىڭ تۇرۇشتا پۈتۈن مۇسۇلماتلارنىڭ پۈلاتتەك پاكىتىغا ئايلىنىپ كەتتى.

بۇ يەردە مەن ئىراق ئۇرۇشىغا 10 يىل بولۇپ ئۆتكەندىن كېيىن ئېلىپ بېرىلغان بىر قېتىملىق ئاممىدىن پىكىر ئېلىش ـ تەكشۈرۈش نەتىجىسىنى كەلتۈرۈپ ئۆتمەكچىمەن، بۇ تەكشۈرۈشتە تۆۋەندىكى سوئالغا جاۋاپ بېرىش تەلەپ قىلىنغان : ( ئىراقتىكى قېرىنداشلىرىڭىز ئۈچۈن ئۆزمەي دۇئا قىلىپ تۇرامسىز؟ ياكى ئاندا ـ ساندا دۇئا قىلىپ تۇرۇۋاتامسىز ؟ ياكى دۇئا قىلىشنى توختاتتىڭىزمۇ؟)

بۇ تەكشۈرۈشكە قاتنىشىپ پىكرىنى بەرگۈچىلەرنىڭ ئومۇمى سانى 15806 نەپەر بولۇپ، نەتىجىسى تۆۋەندىكىچە بولغان :

ئۆزمەي دۇئا قىلىپ تۇرغانلار% 66.

ئارىلاپ دۇئا قىلىپ تۇرغانلار% 30.

دۇئا قىلىشنى توختاتقانلار% 4.

بىرىنچى: دۇئا قىلىشنى تاشلىغانلاردىن ئىبارەت ئۈچىنچى جاۋاپنى تاللىغانلارغا رەھمەت ئېيتىمەن، چۈنكى ئۇلار راستىنى ئېيتقان، ئەتەي يالغانچىلىق قىلمىغانلار ئىدى، لېكىن مەن ئۇلارنىڭ ئېسىگە بىر نەرسىنى سېلىپ مۇنداق سوراپ باقاي: ئەگەردە سىلەرنىڭ بالاڭلار دوختۇرخانىدا يېتىپ قالسا دۇئا قىلىشنى توختىتىپ قويارمىدىڭلار؟!

ئىككىنچىدىن : ئارىلاپ دۇئا قىلىپ تۇرغان، % 30 نى تەشكىل قىلغان ئىككىنچى تۈردىكىلەرگە رەھمەت ئېيتىمەن : سۈرىيىلىك بىر يىگىتنىڭ مۇنداق ئەھۋالىنى ئويلاپ بېقىڭلار، ئۇنىڭ دادىسى يۈرەك كىلاپانى ياكى يۈرەك ئارتىرىيىسىنى ئالماشتۇرۇش ئوپېراتسىيىسى قىلىنىش ئۈچۈن دوختۇرخانىدا يېتىپ قالغان چاغدا، بۇ يىگىت ئاللاھدىن دادىسىغا شىپالىق بېرىشنى تىلەپ قاتتىق يىغلىغاندى، ئاندىن كېيىن ئىراقتىكى قېرىنداشلىرىنى ئەسلەپ، ئۇلارنىڭ ئەھۋالىغا

ئېچىنىپ يىغلىغان بولسىمۇ ئۇلار ئۇچۇن دۇئا قىلمىغان ئىدى. ھالبۇكى ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە : « ھەقىقەتەن بارلىق مۆئمىنلەر قېرىنداشتۇر » ( ھۇجىرات سۈرىسى، 10ـ ئايەت ) دەيدۇ، بىز مەيلى خالايلى ياكى خالىمايلى، ھەممىمىز قېرىنداشلاردۇرمىز.

ئۇچىنچىدىن، ئىراقتىكى قېرىنداشلىرىغا ئۇزمەي دۇئا قىلىپ كېلىۋاتقان، 66% نى ئىگەللىگەن بىرىنچى خىل سۇئالنى تاللىغانلارغا دەيمەنكى : ئاللاھ سىلەرنى قۇتلۇق قىلسۇن! مۆئمىن دېگەن مۇشۇلاردەك بولىدۇ، تەۋرەنمەس ئىرادە ئۇلارنىڭ ئالاھىدىلىكى، ئۇلارنىڭ قەلبىگە ھەر قانداق ئەھۋالدا ئۈمىدسىزلىك ۋە بوشاڭلىق دارىمايدۇ.

ئەمدى ھەقىقەتتە چىڭ تۇرۇشقا مۇناسىۋەتلىك ئۈچ مىسالنى ئوتتۇرغا قويۇپ تەھلىل قىلىپ ئۆتەيلى:

بىرىنچى مىسال : ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەلنىڭ ( قۇرئان ـ مەخلۇق ) پىتنىسىدىن كېلىپ چىققان كۈلپەتلىرى ئالدىدىكى مەيدانى ( قۇرئان ـ مەخلۇق ) پىتنىسى ئاساسەن مۇسۇلمانلارنىڭ ئەينى دەۋردىكى ساختا پەلسەپىچىلىك خاھىشىغا چۆكۈپ كېتىشىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، بەزىلەر بۇ خاھىش ئارقىلىق دىن مەسىلىلىرىنى ئەقىل ۋە پەلسەپىگە بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن قارىغۇلارچە ھەركەت قىلغان. شۇنىڭ بىلەن بەزى كىشىلەر ئەھلى سۈننە ۋە ئومۇم مۇسۇلمانلارنىڭ قۇرئان كەرىمنىڭ مەخلۇق ئەمەسلىكىگە بولغان قارىشىغا زىت ھالدا ( قۇرئان ـ مەخلۇق ) سەپسەتىسىنى كۆتىرىپ چىققان.

بۇ مەسىلىنىڭ سەۋەبىدىن ئەھلى سۈننىلەر بىلەن ئۇلارغا قارىشلاشقۇچىلارنىڭ ئارىسىدىكى پىكىر ئوخشاشماسلىق ۋە توقۇنۇش كۈچىيىپ كەتكەن. ئەينى دەۋردىكى ھۆكۈمرانلارنىڭ ئەھلى سۈننىلەرگە قارىشى پىكىردىكىلەرنىڭ سەپسەتىسىنى قوللاپ چىقىشى بۇنداق كېلىشمەسلىك ۋە توقۇنۇشلارنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ، ئەھلى سۈننىلەرنىڭ ۋە ئۇلارنى قوللىغۇچىلارنىڭ بېشىغا ئېغىر كۈلپەتلەرنى سالغان.

مەزكۇر ئىش توغرىسىدا مۇسۇلمانلار زور پارچىلىنىش ۋە تەپرىقىگە يۈز تۇتقان، بۇ ئېغىر پىتنە يۈز بېرىۋاتقان پەيتتە ئەھلى سۈننىلەرنىڭ ئىمامى ئىمام ئەھمەد رەھمۇللاھۇ ھايات بولۇپ، كېلىشمەسلىك دولقۇنىنى ئۆز بېشىدىن كەچۈرۋاتاتتى، كىشىلەر ئۇنىڭ قارىشى ۋە مەيدانىنىڭ قانداقلىقىنى كۈتۈپ تۇراتتى، چۈنكى ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئىمام ئەھمەد ئىلىم پىشۋاسى ۋە كۆپچىلىك ئۇلگە تۇتىدىغان ئىشەنچىلىك پىكىر ساھىبى ئىدى. ئىمام ئەھئەد رەھمەھۇللاھۇ قۇرئان مەخلۇق ئەمەس دېگەن پىكرىدە تاغدەك قوزغالماي چىڭ تۇردى، چۈنكى بۇ ھەقتە ئىسلام

ئەقدىسى ناھايىتى روشەن بولۇپ، بۇنىڭغا خىلاپ سۆز ـ ھەرىكەتنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى، بۇ سەۋەپلىك ئىمام ئەھمەد زىندانغا تاشلاندى ۋە قاتتىق قىيناش ۋە ئازاپ ئوقۇبەتلەرگە ئىمام ئەھمەد رەھىمەھۇللاھۇ دەررە ـ توقماقتىن قىلچە قورقمىغان ئىدى، ئەمما ئۇ دەررە ئۇرۇلسا چىڭ تۇرالماي قېلىشىدىن ئەنسىرەيتتى.

ئۇ قىيناش ۋە دەررە ئۇرۇشقا ئېلىپ مېڭىلغان چاغدا چېھرىدە دىلغۇللۇق ـ ئەنسىرەش ئالامەتلىرى پەيدا بولدى، زىنداندىكىلەرنىڭ بىرى بولغان ئەبۇ ھەيسەم تەييار ئىمام ئەھمەدنىڭ يۈزىدىكى ئەنسىرەش ئالامەتلىرىنى بايقاپ، ئۇنىڭغا قاراپ مۇنداق دېدى :" ئىمام، مەن ناھەق ئىش قىلغىنىم ئۈچۈن پۈتۈن ئۆمرۈمدە 18 مىڭ دەررە يېدىم، سەن ھەقىقەت ئۈستىدە چىڭ تۇرغىن !".

ئاندىن ئۇ ئىككىنچى قېتىم يەنە ئىمام ئەھمەدكە قاراپ مۇنداق دېدى: " ئىمام ھەقىقەتتە چىڭ تۇرغىن! ھابات قالساڭ شەرىپلىك بىلەن ياشايسەن، ئۆلۈپ كەتسەڭ شېھىت بولىسەن شۇ! ".

كېيىنكى چاغلاردا ئىمام ئەھمەد:" ئۇ مېنى چىڭ تۇرۇشقا رىغبەتلەندۈرگەن ئىدى" دەپ ئەسلەيدۇ ۋە ئۇنىڭغا دۇئا قىلىپ: " ئى ئاللاھ، ئەبۇ ھەيسەم تەييارنى مەغپىرەت قىلغىن!" دەپ دۇئا قىلغان.

ئاندىن ئىمام ئەھمەد رەھىمەھۇللاھۇ قىيناش ۋە دەررە ئۇرۇلۇش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلدى، ئۇنى دەررە بىلەن ئۇرغان ئادەم مۇنداق دىگەن :" ئىمام ئەھمەدنى شۇنداق قاتتىق ئۇرغان ئىدىمكى، ئەگەر پىلنى مۇشۇنداق ئۇرغاندا ئۆلگەن بولاتتى". ..

مۇشۇنداق ئۇرۇپ ـ قىيناشلاردىن كېيىن، خەلىپە مۇئتەسىم ئىچى ئاغرىغان ھالدا ئۇنىڭ قېشىغا كېلىپ :" بىچارە ئەھمەد، قارا سىنى! مىنىڭ تەلىپىمگە قوشۇلساڭلا پۈتۈنلەي قۇتۇلىسەنغۇ، مەنمۇ ساڭا قول سېلىپ يۈرمەيتتىم " دەيدۇ.

خەلىپە مۇئتەسىم ئىمام ئەھمەدنى قىيىن ـ قىستاق ۋە ئۇرۇشتىن بوشىشىپ، قويىۋېتىش ئۈچۈن ئۇنىڭدىن بىر ئېغىز سۆزنىلا تەلەپ قىلاتتى، بىراق بۇ، ھەقتە چىڭ تۇرۇش مەسىلىسى ئىدى! ئىمام ئەھمەد رەھىمەھۇللاھۇ جاللاتلارغا قاراپ، " قېنى كېلىڭلار" دەيتتى...

جاللاتلار كېلىپ ئۇنى ھۇشىدىن كەتكىچە ئۇراتتى، ئۇ ھۇشىغا كەلگەندىن كېيىن زەنجىر ـ ئىشكاللارنىڭ ئېلىۋېتىلگەنلىكىنى كۆرەتتى، ئالدىدىكىلەر ئۇنىڭغا: سىنى دۈم ياتقۇزۇپمۇ، ئوڭدا ياتقۇزۇپمۇ راسا دەسسەپ ـ چەيلىدۇق، دىيىشەتتى. ..

شۇنداقلا ئۇ ھۇشىغا كەلگەندىن كېيىن ئىچىشكە سۇ ئەكىلىپ بېرىشەتتى، لېكىن ئىمام ئەھمەد رەھىمەھۇللاھۇ :" روزىدارمەن، ئاغزىمنى ئاچمايمەن" دەيتتى. ..

ئۇ ھەقىقەت ئۈستىدە قانداق چىڭ تۇرغان ھە!؟ ئىمام ئەھمەد ئىسھاق ئىبنى ئىبراھىمنىڭ ھويلىسىغا ئېلىپ بېرىلدى، شۇ چاغدا پېشىن نامىزىنىڭ ۋاقتى بولۇپ قالدى، ئۇنامازغا ئىمام بولۇپ نامازنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن باشقىلار ئۇنىڭغا:" ناماز ئوقۇۋاتقان چېغىڭدا كىيىمىڭدىن قان ئېقىپ تۇردى" دېيىشتى، ئۇ جاۋابەن : " خەلىپە ئۆمەر جاراھەتتىدىن قان ئېقىۋاتقان ھالەتتە ناماز ئوقۇغان" دېدى. ..

ئاللاھ ئەھلى سۈننىلەرنىڭ ئىمامى بولغان ئىمام ئەھمەدكە رەھمەت قىلغاي! ئۇ ئارقىلىق بۇ ئېغىر زۇلمەتلىك پىتنىدە ئۆز دىنىنى قوغدىغان ئىدى.

زۇلۇم قىلىپ قامچىلاپ ئۇرۇشسىمۇ ئىبنى ھەنبەلنى،

تاغ كەبى تەۋرەنمەي چىڭ تۇردى ئۇ ھەقىقەتتە.

قېرىنداشىم ! ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەلنىڭ مۇستەھكەم مەيدانىغا قاراڭ! سەن ئۇنى ئۆزەڭگە ئۈلگە تۇتالامسەن ؟!

قاتتىق قىيىن —قىستاقلار ئاستىدا ئىمام ئەھمەد رەھىمەھۇللاھۇ نىڭ قانداق چىڭ تۇرغانلىقىنى قاراڭ !

بىز ئۇنداق قىيناشلارغا بولمىساقمۇ، مۇستەھكەم مەيدانىمىز نەگە كەتكەن !؟

بۇلارنى نىمە ئۈچۈن ساڭا دەۋاتىمەن ؟!

پەلەستىن مەسىلىسى قەلبىڭدە ئۆلمىسۇن، ياشىسۇن دەپ؛ ئىراق مەسىلىسى قەلبىڭدە ئۆلمىسۇن، ياشىسۇن دەپ؛ ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ تۈرلۈك مۇھىم مەسىلىرى قەلبىڭدە ھەر ۋاقىت ئۆلمەي تىرىك ياشىسۇن دەپ ساڭا خىتاپ قىلىۋاتىمەن! چۈنكى بۇ مەسىلىلەر قەلبىڭدە ئۆلگەندە قەلبىڭمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئۆلگەن بولىدۇ !

ئىككىنچى مىسال :

ئۆمەر ئەلمۇختار رەھىمە ھۇللاھنىڭ ئىتالىيە باسقۇنچىلىرىغا تۇتقان مەيدانى ھەممىمىز ئۆمەر ئەلمۇختاردىن ئىبارەت بۇ ئۇلۇغ مۇجاھىد، باتۇر ۋە قەھرىمان پىدائىنى تونۇيمىز، ھەممىمىز ئۇنى سۆيىمىز.

بۇ زات 73 يېشىدا جىھادقا ئاتلانغان، مەن بۇ يەردە ئۇنىڭ جىھادلىرى ھەققىدە ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئىتالىيە سوت مەھكىمىسى ئالدىدا سوتلانغانلىقى توغرىسىدا توختالماقچىمەن.

ئۇلار سوراققا تارتىش ۋە سوتلاش ئۈچۈن ئۇنى ئېلىپ چىققان چاغدا ئۇنىڭغا مۇنداق دېيىشتى:

سەن ئىتالىيە دۆلىتىگە قارشى ئۇرۇش قىلدىڭمۇ ؟

ئۇ :

شۇنداق —دەپ جاۋاپ بەردى.

سەن كىشىلەرنى ئىتالىيە دۆلىتىگە قارشى ئۇرۇش قىلىشقا كۈشكۈرتتۈڭمۇ؟

شۇنداق.

سەن بۇنىڭغا قارىتا جازالىنىدىغانلىقىڭنى بىلەمسەن ؟

بىلىمەن.

دېگەنلىرىڭگە تولۇق ئىقرارمۇسەن ؟

ئىقرارمەن.

ئىتالىيە قوشۇنلىرى بىلەن نەچچە يىل ئۇرۇش قىلدىڭ ؟

يىگرمە يىل.

قىلغانلىرىڭغا پۇشايمان قىلامسەن ؟

ياق.

ئۆلۈمگە بۇيرۇلىدىغانلىقىڭنى بىلەمسەم ؟

بىلىمەن.

سوتچى ئۇنىڭغا: سىنىڭ مۇشۇنداق ئاقىۋەتكە قالغىنىڭغا ئېچىنىۋاتىمەن، دېدى.

ئۆمەر ئەلمۇختار ئۇنىڭغا قاراپ : ئەكسىچە بۇ ھاياتىمنى ئەڭ شەرەپلىك ئاخىرلاشتۇرغىنىم بولۇپ ھىساپلىنىدۇ، دېدى.

سوتچى ئۇنىڭغا : بىز ئاخىرقى رەۋىشتە سەن توغرىلىق ئومۇمى كەچۈرۈم ئېلان قىلىش قارارىغا كەلدۇق، بىراق بىر شەرت، سەن لىۋىيەدىكى مۇجاھىدلارنى بىز بىلەن ئۇرۇش قىلىشنى توختىتىشقا ئۈندەپ ئۇلارغا خەت يېزىشىڭ كېرەك، دېدى.

ئۆمەر ئەلمۇختار سوتچىغا قاراپ كۈچلۈك ئۇرغۇدا مۇنداق دېدى: " بىر ئاللاھدىن باشقا ئىلاھ يوق، مۇھەممەد ئەلەيھىسسەلام ئاللاھنىڭ ئەلچىسىدۇر، دەپ گۇۋاھلىق بېرىپ ئىشارەت قىلىدىغان كۆرسەتكۈچ بارماقنىڭ ھەقىقەتكە خىلاپ بىر دانە سۆزنىمۇ يېزىشى مۇمكىن ئەمەس !".

ئاندىن ئۇ زات دۇنيادىن كەتتى، شەرەپلىك ياشاپ، شېھىت بولۇپ ئۆلۈپ كەتتى.

قېرىنداشلىرىم! بىز ئىسلام ئۈممىتىنىڭ جىددى مەسىلىلەرىگە خۇددى ئۆمەر ئەلمۇختار رەھىمەھۇللاھۇ دەك تولۇپ تاشقان ئىشەنچ بىلەن مۇئامىلە قىلالماسمىزمۇ؟!

ئۇنىڭ قەھرىمانلىقىغا، ئېگىلمەس ــ سۇنماس ئىرادىسىگە قاراڭلار!

بىز بۇ زاتنى ئۆزىمىزگە ئۈلگە تۇتايلى. شۆھرىتىگە، كاتتا مەنسەپلىرى ۋە پۇل ــ مالىرىنىڭ كۆپلىكىگە قاراپ ھەر قانداق ئەرزىمەس، چۈپرەندە ئادەم ۋە نەرسىلەرگە ئالدانمايلى، چۈنكى ئەرزىمەس، پەس دۇنياۋى مەقسەتلەرنىگىسىنىڭ ئۆلۈمى بىلەن قىممەتسىز ھالدا يوق بولىدۇ، تۈگەيدۇ، لېكىن ھەققانىيەتتىن تەۋرەنمەي ئۇنىڭدا

چىلىڭ تۇرىدىغان يۈكسەك غايە ئىگىلىرى مەڭگۈ كىشىلەر قەلبىدە ھۆرمەتلىنىدۇ، ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە چۆمۈلىدۇ.

بىز مۇشۇنداق ئادەملەرنى ئۆزىمىزگە ئۈلگە قىلايلى، زالالەت تەرغىباتچىلىرىغا ئالدانمايلى؛ ئالىيجاناپ زاتلارنى ئۈلگە تۇتۇش نىجاتلىققا يول ئاچىدۇ، نۇرغۇنلىغان ئادەملەر ئۆلۈپ كەتكەن بولسىمۇ، ئىلىم ۋە ئەخلاقى بىلەن كىشىلەر ئارىسىدا ياشاۋېرىدۇ، نۇرغۇنلىغان ھايات كىشىلەر نادانلىق ۋە بۇزۇقچىلىق تۈپەيلىدىن ئاللىقاچان ئۆلگەن بولىدۇ.

قېرىنداشلىرىم !

ئىچىمىزدىكى ھەر ــ بىرەيلەن ئۇنداق ئۇلۇغ سىناقلارغا دۇچ كېلىشى ناتايىن، بىراق بىز بۇ خىل سىناقلار ۋە بۇنداق سىناقلارغا ئۇچرىغانلارنى ئەسلەپ، ئۇلاردىن ئىبرەت ئېلىش ئارقىلىق ھەقىقەت ئۈستىدە چىڭ تۇرۇش پىرىنسىپىنى ۋە ئۇنىڭ ئەھەممىيەتلىرىنى ئۆگۈنىشىمىز لازىم، شۇنداقلا ھاياتىمىزدا ئۇچراپ تۇرىدىغان چوڭ - كىچىك ھەر قانداق سىناقلاردا ئۇنى دەرھال تەتبىقلىيالايدىغان بولۇشىمىز كېرەك؛ بۇ خىل سىناقلار ۋە ئادەملەرنى ئەسلەش ئارقىلىق ئىسلامىيەت دۇچ كېلىۋاتقان مەسىلىلەرنى قەلبىمىزدە تېخىمۇ مۇھىم ئورۇنغا قويۇشىمىز ۋە ئۇلارنى ھەل قىلىش چارىسى ئۈستىدە باش قاتۇرىشىمىز لازىم.

قېرىنداشلىرىم !

ئىسلام مەسىلىلىرىمىز قانداق قىلىپ قەلبىمىزدە ھەر ۋاقىت يالقۇنلاپ تۇرالايدۇ ؟!

ئەقسا مەسجىدىنى ئازاتلىققا چىقىرىشقا بولغان تەلپۈنۈش ھېسلىرىمىزدا قانداق قىلىپ چىڭ تۇرالايمىز ؟!

ئاياللىرىمىزنىڭ سالاھىددىنىدەك باتۇرنى تۇغۇش ئارزۇسى قانداق قىلغاندا داۋاملىق رىئاللىققا ئايلىنالايدۇ ؟!

دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى ئېزىلىۋاتقان قېرىنداشلىرىمىز ئۈچۈن ئىلتىجا ۋە ئىشەنچ بىلەن ئاللاھغا دۇئا قىلىشنى قانداق قىلىپ ئۈزمەي داۋاملاشتۇرالايمىز؟!

ھەقىقەت ئۈستىدە ھەر ۋاقىت قانداق قىلىپ چىڭ تۇرالايمىز ؟!

ياشلىرىمىز قانداق قىلغاندا دىندا چىڭ تۇرۇپ زالالەت ۋە ئاسىيلىققا قارشى تۇرالايدۇ؟؟!

بۇ مەسىلە ــ ئاللاھغا تايىنىشتا، ئۇنىڭدىن ھىدايەت ۋە مۇستەھكەم ئىرادە تىلەپ يالۋۇرۇپ دۇئا قىلىشىمىزغا باغلىق.

ئۈچىنچى مىسال: سەئىد ئىبنى جۇبەير رەھمەھۇللاھۇنىڭ ھەججاج ئىبنى يۈسۈپ سەقەپىينىڭ ئالدىدىكى مەيدانى بارلىقىمىز ھەججاجنى تونۇيمىز، ئۇ بىر

قانخور ھۆكۈمران بولۇپ، نۇرغۇنلىغان كىشىلەرنى ئۆلتۈرگەن، نۇرغۇنلىرىنى قىيىن ــقىستاققا ئۇچراتقان ئىدى.

سەئىد ئىبنى جۇبەيىر رەھىمەھۇللاھۇ ئۇنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغان چاغدا، ھەججاج ئۇنى مەسخىرە قىلىش يۈزىسىدىن ئۇنىڭ ئىسمىنى سوراپ :" ئىسمىڭ نېمە؟" دېگەندە، ئۇ :" سەئىد ئىبنى جۇبەيىر (1) " دەپ جاۋاپ بەرگەن.

ھەججاج ئۇنىڭغا :

ياق، سەن پۇچۇقنىڭ ئوغلى بەدبەخت سەن دېدى.

سەئىد جاۋابەن :

ئاپام ماڭا ئىسىم قويغان كۈنى قانداق ئىسىم قويۇشنى ئوبدان بىلگەن، دېدى.

ھەججاج :

سەنمۇ بەدبەخت، ئاناڭمۇ بەدبەخت بولۇپ كېتەرسىلەر، دېگەندە، سەئىد :

دوزاخقا چۈشۈدىغانلار بەدبەخت بولۇپ كېتىدۇ. ياكى سەن غەيىبدىن خەۋەردار بولدۇڭمۇ؟! دېدى.

ھەججاج ئۇنىڭغا :

ھاياتىڭنى يالقۇنلاپ تۇرغان ئوتقا ئايلاندۇرۇۋېتىمەن دېدى. سەئىد :

ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئەگەر بۇنداق قىلىش سېنىڭ قولۇڭدىن كەلگىنىدە، ئاللاھنى قويۇپ سېنى خۇدا قىلىۋالاتتىم! دېدى.

ھەججاج ئۇنىڭدىن :

مەندىن نىمىشقا قاچتىڭ؟ دەپ سورىدى، ئۇ :

سەندىن خۇددى مۇسا ئەلەيھىسسەلام فىرئەۋنىدىن قاچقاندەك قېچىشىمغا توغرا كەلدى دەپ بۇ ئايەتنى ئوقۇدى : « سىلەردىن قورقۇپ سىلەردىن قاچتىم. ..» ( شۇرا سۈرىسى، 21ـ ئايەت )

ھەججاج ئۇنىڭغا :

ھەي سەئىيد، قانداق ئۆلۈش ئۇسۇلىنى ئۆزۈڭ تاللا! دېدى.

سەئىيد جاۋابەن :

ھەي ھەججاج! قانداق ئۆلۈشنى سەن ئۆزۈڭ تاللا، سەن مېنى قانداق ئۇسۇلدا ئۆلتۈرسەڭ، ئاللاھ سېنى چوقۇم شۇ ئۇسۇلدا ئۆلتۈرىدۇ، دېدى.

ھەججاج غەزەپلىنىپ :

سېنى سەندىن بۇرۇنقىلارنىمۇ، كېيىنكىلەرنىمۇ ئۆلتۈرمىگەن شۇنداق بىر ۋەھشى ئۇسۇلدا ئۆلتۈرگۈم بار، دېدى.

سەئىيد :

ئۇنداقتا سەن مېنىڭ دۇنيالىقىمنى بۇزسەن، مەن سېنىڭ ئاخىرەتلىكىڭنى بۇزىمەن، دېدى.

ھەججاج غەزەپتىن بوغۇلغان ھالدا : ئېلىپ چىقىپ ئۇنى ئۆلتۈرۈڭلار ! دەپ بۇيرۇق قىلدى.

سەئىيد رەھىمەھۇللاھنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن ئېلىپ ماڭغاندا، ئۇ كۈلۈۋەتتى. ھەججاج ئۇنىڭدىن : نېمىشقا كۈلىسەن؟ دەپ سورىدى.

سېنىڭ ئاللاھقا قارىشى جۈرئىتىڭگىلا، ئاللاھنىڭ ساڭا بولغان مۇلايىملىقىغا كۈلىۋاتىمەن، دېدى ئۇ.

ھەججاج بۇيرۇق قىلىپ :

ئۆلتۈرۈڭلار ئۇنى، بوغۇزلىۋېتىڭلار! دېدى.

سەئىيد رەھىمەھۇللاھۇ :

مېنى قىبلە تەرەپكە يۈزلەندۈرۈڭلار ــ دېدى.

ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن قىلىچ ئۇنىڭ بويىنىغا تاقالغان چاغدا، ئۇ قىبلە تەرەپكە قاراپ تۇرۇپ:« مەن ھەقكە بۇرۇلۇپ ئاسمانلارنى، زېمىننى ياراتقان زاتقا يۈزلەندىم، مەن مۇشرىكلاردىن ئەمەسمەن» ( ئەنئام سۈرىسى، 79ـ ئايەت ) دېدى.

ھەججاج : ئۇنىڭ يۈزىنى قىبلىدىن باشقا تەرەپكە باشقا تەەرپكە بۇراڭلار! دېدى. ئۇلار ئۇنىڭ يۈزىنى قىبلىدىن باشقا تەرەپكە بۇراشتى، سەئىيد رەھىمەھۇللاھ: «مەشرىقمۇ، مەغرىبمۇ ئاللاھنىڭدۇر، قايسى تەرەپكە يۈزلەنسەڭلارمۇ، ئۇ ئاللاھنىڭ تەرىپىدۇر» ( بەقەرە سۈرىسى، 115ـ ئايەت) دېدى.

ھەججاج : ئۇنى دۈم ياتقۇزۇڭلار ! دەپ بۇيرۇق قىلدى.

سەئىد رەھىمەھۇللاھۇ : « سىلەرنى زېمىندىن ياراتتۇق، يەنە زېمىنغا قايتۇرىمىز (ھېساپ ئېلىش ئۈچۈن ) يەنە بىر قېتىم زېمىندىن چىقىرىمىز » ( تاھا سۈرىسى، 55ـ ئايەت ) دېدى.

ھەججاج بوغۇلۇپ : ئۇنى بوغۇزلاڭلار، بوغۇزلىۋېتىڭلار ! بۇنىڭ تىلىدىن قۇرئان تۆكۈلۈپلا تۇرغىنىنى قارىمامدىغان! دەۋەتتى.

سەئىيد رەھىمەھۇللاھۇ شۇئان :

بىلىڭلاركى، مەن ئاللاھدىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق، مۇھەممەد ئەلەيھىسسەلام ئاللاھنىڭ ئەلچىسى دەپ گۇۋاھلىق بىرىمەن، دېدى ــ دە، ئاندىن : ھەي ھەججاج! قىيامەتتە كۆرۈشكىچە ساڭا بۇنى بىرەي ئال! ئى ئاللاھ، مەندىن كېيىن ھېچ كىمنى ئۇنىڭ قولىغا قويمىغىن! دېدى. ..

سەئىيد ئىبنى جۇبەيىر شۇ يەردىلا ئۆلتۈرۈلدى.

بىر ھەپتىدىن كېيىن ئاجايىپ ئىش يۈز بەردى؛ ھەججاج ئەقلىدىن ئادىشىپ ساراڭ بولۇپ قالدى، ئۇ كېچىلەر بويى : " سەئىيد بىلەن نېمە چاتىقىم، سەئىيد بىلەن نېمە چاتىقىم! " دەپ توۋلاپ چىقاتتى.

ئاللاھ ھەقىقەتەن سەئىيدتىن كېيىن ھېچ كىمنى ھەججاجنىڭ قولىغا قالدۇرمىدى، سەئىيد ئۆلتۈرۈلۈپ بىر ھەپتىدىن كېيىن ئۇ ساراڭ بولۇپ ئۆلۈپ قالدى.

**ئاللاھنىڭ بەندىلىرى !!**

بەزى چاغدا بىر ئادەمنىڭ ھەقتە چىڭ تۇرۇشى، ئۆلتۈرۈلگەن ياكى قىيىن ـ قىستاققا ئېلىنغان تەقدىردىمۇ تەۋرەنمەسلىكى تولۇق بىر خەلقنىڭ ئويغىنىشىغا، كۆزىنى ئېچىشىغا ۋە ھاياتىغا سەۋەب بولۇپ قالىدۇ.

سۆيۈملۈك پەلەستىن زېمىنىنىڭ دۈشمەنلەر تەرىپىدىن بېسىۋېلىنىشى باشقا ئىسلام ئۇممەتلىرىنىڭ ئاللاھ يولىدىن تېخىمۇ يىراقلاپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن زور تەسىر كۆرسىتىۋاتقانلىقىغا قاراش كېرەك!

مۇسۇلمانلار پەلەستىنلىك قېرىنداشلىرىنىڭ قىرغىنچىلىققا ۋە ئازاپ ـ ئوقۇبەتلەرگە دۇچار قىلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرگەنسىرى، ئۇلارنىڭ دىللىرىدا ئىمانى قىزغىنلىقى يالقۇنجاپ، گۇناھ ۋە ناچار ئىشلارنى تاشلاپ ئىسلامىيەت تەلىماتلىرى ۋە ئىبادەتلىرىگە بېرىلىپ كىرىشىۋاتقانلىقى پاكىت.

ئىراق كۈلپىتى سەۋەبىدىن، كۆپ يىللاردىن بېرى بوششىپ قالغان ئىسلام دەۋەتچىلىرى ۋە تەرغىباتچىلىرىنىڭ قايتا جانلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋاتىمىز.

قېرىندىشىم!

باشقىلار دۇئا قىلمىغان تەقدىردىمۇ، سەن ئۇزمەي دۇئا قىلغىن! باشقىلار دىنغا سەل قاراپ، دۇنياغا بېرىلىپ كەتكەن تەقدىردىمۇ، سەن ھەرگىز دۇنياغا بېرىلمىگىن.

باشقىلار ئاللاھنىڭ تائەت ئىبادىتىگە سەل قارىغان تەقدىردىمۇ سەن ھەرگىز سەل قارىمىغىن.

باشقىلار رەببىگە ئاسىيلىق قىلغان ئەھۋالدىمۇ، سەن ھەرگىز ئۇنىڭغا ئاسىيلىق قىلمىغىن.

باشقىلار پۈتۈنلەي مەسجىدۇل ئەقسانى ئۇنتۇپ قالسىمۇ، سەن ئۇنتۇپ قالمىغىن.

باشقىلار ھەممىسى ئىراقنى ئۇنتۇپ يادىدىن چىقارغان تەقدىردىمۇ سەن يادىڭدا چىڭ تۇتقىن.

ھەقىقەت ئۈستىدە چىڭ تۇرالايدىغان ئادەمنى تاپالمىساڭمۇ، سەن چىڭ تۇرغىن.

قىرىندىشىم !

ئاللاغا تائەت ــ ئىبادەت قىلىشتا ۋە گۇناھلىق ئىشلارنى قىلماسلىقتا چىڭ تۇرغىن، ئاللاھنىڭ داغدام يولىدا چىڭ تۇرغىن، ئىنىق ھەقىقەت ئۈستىدە چىڭ تۇرغىن، ساڭا قارشىلار قانچە كۆپ بولسىمۇ پەرۋا قىلمىغىن.

بۇزۇق ــ ناچار ئادەملەرنىڭ تولىلىقىنى دەپلا گۇناھكارلىق، ناھەقچىلىق ۋە زالالەت نەرەپكە ئېغىپ كەتمىگىن.

ساغلام ئەقىدىلىك تەقۋادارلارنىڭ ئازلىقىنى كۆرۈش بىلەنلا گۇناھلارغا بېرىلىپ، ھەقىقەتنىڭ نۇرلۇق يولىدىن چەتنەپ كەتمىگىن.

سەن ھەقىقەت ۋە ئىسلام نۇرىغا ئىگە بولغان ئىكەنسەن، گۇناھكار ـ بۇزۇق ئادەملەرنىڭ تولىلىقىدىن قورقۇپ كەتمىگىن.

سەن ئاللاھنىڭ داغدام يولىدىن يىراقلاپ كەتكەن بولساڭ، ئاللاھ يولىدىكى تەقۋادارلارنىڭ كۆپلىكىگە قاراپ كۆڭلۈڭنى ئاۋۇندۇرمىغىن.

ئىككىنچى : ئاللاھنىڭ دىنىدا چىڭ تۇرۇش

نۇرغۇن كىشىلەر مۇنداق دېيىشىدۇ: روھىيەتنى ۋە دىللارنى ئۆزگەرتىش مەسىلىسى ئىنتايىن قىيىن مەسىلە، ھەتتا بەزىلەر بۇنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ئېيتىشىدۇ.

بىراق مەن دەيمەن: تېخىمۇ ئەۋزەللىككە قاراپ ئۆزگىرىش ياساش مۇمكىن مەسىلە، روھنى پاكلاش ۋە تازىلاشقا تىرىشىش ئارقىلىق روھىيەت ۋە دىللار تېخىمۇ ئەۋزەللىككە قاراپ ئۆزگىرىش ياسايدۇ، ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ : « روھنى پاكلىغان ئادەم چوقۇم مۇرادىغا يىتىدۇ؛ نەپسنى كەمستكەن ئادەم چوقۇم نائۇمىد بولىدۇ » ( شەمس سۈرىسى، 9ـ 10 ــ ئايەتلەر ).

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن : رەسۇلۇللاھ كۆپ چاغلاردا :" ئى قەلبلەرنى ئۆزگەرتكۈچى ئاللاھ، قەلبىمنى دىنىڭغا مۇستەھكەم قىلغىن " دەپ دۇئا قىلاتتى، مەن ئۇنىڭدىن : " ئى رەسۇلۇللاھ، ساڭا ۋە سەن ئېلىپ كەلگەن نەرسىلەرگە ئىشەندۇق، بىزدىنمۇ ئەنسىرەمسەن ؟" دەپ سورىغان ئىدىم، ئۇ :" شۇنداق، دىللار ئاللاھنىڭ بارماقلىرىدىن ئىككى بارماقنىڭ ئارلىقىدا، ئۇ ئۆزى خالىغانچە ئۆزگەرتىدۇ" دەپ جاۋاپ بەردى.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن : " ئىلىم ـ ئۆگىنىش ئارقىلىق قولغا كېلىدۇ، مۇلايىملىق مېھرى ــ مۇھەببەت ئارقىلىق پەيدا بولىدۇ، كىمكى ياخشىلىقنىلا كۆزلەيدىكەن ئۇنىڭغا ئېرىشىدۇ، كىمكى يامانلىقتىن ئېھتىيات قىلىدىكەن، ئۇنىڭدىن ساق بولىدۇ ".

دېمەك، ئەخلاق يېتىلدۈرۈشتىن قولغا كېلىدۇ. شۇنىڭدەكلا دىللارنىڭ كېسەللىكى خۇددى بەدەن كېسەللىكلىرىگە ئوخشايدۇ؛ بەدەندە كېسەللىك پەيدا بولغاندەك، دىللاردىمۇ كېسەللىك بارلىققا كېلىدۇ. ئاللاھ ھەر قانداق كېسەللىك بىلەن بىللە ئۇنىڭ داۋاسىنىمۇ ياراتقان.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللاھنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ : " ئاللاھ ھەر قانداق كېسەللىك ئۈچۈن ئۇنىڭ داۋاسىنى ياراتقاندۇر " بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

ئۇسامە ئىبنى شەرىك مۇنداق دەيدۇ : ئەرابىلار: " ئى رەسۇلۇللاھ، داۋالانساق بولامدۇ؟" دەپ سورىغان ئىدى، رەسۇلۇللاھ : "شۇنداق، ئاللاھنىڭ بەندىلىرى، داۋالىنىڭلار، چۈنكى ئاللاھ ھەر قانداق بىر كېسەللىكنى پەيدا قىلغان بولسا، ئۇنىڭ داۋاسىنىمۇ ياراتقان، پەقەت بىرلا كېسەلگە داۋا يوق" دېدى. ئۇلار: " ئى رەسۇلۇللاھ، ئۇ قايسى كېسەل ؟" دېگەن ئىدى، رەسۇلۇللاھ : " قېرىلىق " دەپ جاۋاپ بەردى. تىرمىزى رىۋايىتى.

دېمەك ھەر قانداق كېسەللىكنىڭ شىپاسى بار، مەزكۇر ھەدىستىكى كېسەللىك دېگەن سۆز بەدەن ۋە دىل كېسەللىكلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

بارلىق ئاغرىق ۋە كېسەللىكلەرنىڭ داۋاسى ۋە ئىلاجى بار، بىراق كېسەللىكنىڭ ساقىيىشى ئۈچۈن ۋاقىت ۋە سەۋرە كېرەك، بەزىدە كېسەلنى ساقايتىش باشتا قىيىن بولسىمۇ، بەرى بىر ساقايتىش مۇمكىنچىلىكى بولىدۇ.

ئىسلام ئۈممىتى ئىچىدىكى كىشىلەر روھى ۋە مەنىۋى كېسەللەرگە دۇچار بولغانلىقى ئېنىق، بۇ كېسەللىكلەرنى ساقايتىش بەلكىم خېلى تەس ھەمدە ئۇزۇن ۋاقىت تەلەپ قىلىدۇ، ئەمما بەرى بىر ساقايتىش ئۈمىدى بار، بەلكى بۇ كېسەللىكلەر ئىزچىل ھلدا چىڭ تۇرۇپ ئىسلاھ قىلالايدىغان ئادەملەرگە مۇھتاج.

سۆزىمىزنىڭ بېشىدا بىز مۇسۇلمانلار باشتا بەك قىزغىن بولۇپ كەتسەكمۇ، بۇ قىزغىنلىقىمىز بارا ـبارا ھېچ ئىش بولمىغاندەكلا نەتىجىسىز يوقىلىپ كېتىدىغانلىقىنى، تېز ئۇنتۇپ كېتىدىغانلىقىمىزنى ۋە دۈشمەنلەرىمىزمۇ بىزنىڭ بۇ خۇيىمىزنى ئۇقۇۋالغانلىقتىن بىز بىلەن شۇنىڭغا يارىشا مۇئامىلە قىلىدىغانلىقىنى، ھازىرغىچە دۈشمەنلىرىمىز ئۇتۇقتا ئىگە بولۇپ كەلگەنلىكىنى بايان قىلىپ ئۆتكەن ئىدۇق.

ئاللاھ ئۆزى ساقلىغاي !

قېنى پەلەستىن مەسلىسىنى ھەل قىلىش چارىسىنى تېپىپ چىقالمىدۇقمۇ؟!

ياق؛ بىز ئۇنى ئۇنتۇلۇپ كەتتۇق! نېمە ئۇچۇن؟ چۈنكى مەيدانىمىزدا مۇستەھكەم تۇرۇش مىجەزىمىز دىللىرىمىزغا ئورنىشىپ كەتمىگەن، قىزغىنلىقىمىز پەقەت ۋاقىتلىق، ئىرادىمىز چىڭ ئەمەس!

ئەگەردە ئىزچىل تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇش مىجەزى روھىمىزدە يىلتىز تارتقان بولسا ئىدى، ئىش تامامەن باشقىچە بولغان بولاتتى؛ بىزنىڭ قىزغىنلىقىمىز بەك يوقۇرى ئۇنىڭغا مۇستەھكەم ئىرادە، چىڭ تۇرۇش بىرلىشىپ قالسا، ھېچكىم بەۋا كېلەلمەيدىغان زور كۈچكە ئايلانغان بولاتتى. چۈنكى مۇستەھكەم ئىرادە ئاللاھ ئىسلام ئۈممىتىگە ئاتا قىلغان ئەڭ كۈچلۈك نەرسىدۇر، شەدداد ئىبنى ئەۋس رەسۇلۇللاھنىڭ نامازدا مۇنداق دۇئا قىلغانلىقىنى رىۋايەت قىلغان : " ئى ئاللاھ ! مەن سەندىن ئىشلاردا تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇشنى ۋە ھەق يولدا مۇستەھكەملىكنى سورايمەن، سەندىن نېمەتلىرىڭگە شۈكرى قىلىشنى ۋە ئىبادەتنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ قىلىشنى سورايمەن، سەندىن ساغلام قەلب ۋە راستچىل تىل سورايمەن، سەندىن سەن بىلىدىغان نەرسىنىڭ ياخشىسىنى سورايمەن، سەندىن سەن بىلىدىغان نەرسىنىڭ يامانلىرىدىن پانا تىلەيمەن، سەن بىلىدىغان نەرسىدىن مەغپىرەت تىلەيمەن " نەسەئى رىۋايىتى.

قېرىندىشىم !

سىنىڭ دىنىڭ ئىنتايىن قىممەتلىك، ئۇنى چىڭ ساقلىشىڭ ئۇنىڭدا چىڭ تۇرۇشۇڭ كېرەك؛ ئەگەردە ئەتراپىڭدا پۈتۈن دۇنيا گۇناھ ــزۇلۇملاردىن زىل ــزىلىگە كەلگەن تەقدىردىمۇ، سەن تائەت ــئىبادەتنى ئۇزمەي، گۇناھ ــيامانلىقلاردىن يىراق بولغان ھالدا دىنىڭدا مۇستەھكەم چىڭ تۇرغىن. ئەگەر مۇشۇنداق بولالىساڭ، بوران ــچاپقۇنلار ۋە زىلزىلىلەرگە قىمىرلاپمۇ قويمايدىغان زەبەردەست تاغقا ئايلانغان بولىسەن.

سەن ئاللاھدىن باشقىسىغا باش ئەگمەيدىغان تاغلاردەك مۇستەھكەم بولغىن، ئاللاھدىن بۆلەككە ھەرگىزمۇ باش ئەگمىگىن.

قېرىندىشىم !

مېنىڭ دىللارغا ئورنىتىۋەتمەكچى بولىۋاتقىنىم شۇ مەنادۇركى، ئىسلام ئىنتايىن قىممەتلىك نەرسە، ئاداققىچە ئۇنى چىڭ تۇتۇپ، ئۆمۈر بويى ئۇنىڭدا چىڭ تۇرۇش كېرەك. مەسخىرە قىلىدىغانلارغا پەرۋامۇ قىلماستىن باشقىلارنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىش ۋە ئۇنىڭدا چىڭ تۇرۇشتا ھەمكارلىشىش كېرەك. بۇنىڭدا ئەڭ ياخشى ۋە ساغلام ئۇسۇل، ئاللاھ تائالانىڭ سۆزىگە ئەگىشىشتۇر:« پەرۋەردىگارىڭنىڭ يولىغا ھېكمەتلىك ئۇسلۇبتا ياخشى ۋەز ــنەسىھەت بىلەن دەۋەت قىلغىن!» ( نەھل سۈرىسى، 125- ئايەت).

دېمەك، دىندا چىڭ تۇرۇش ھەرگىزمۇ قارشى پىكىردىكىلەر بىلەن ۋە باشقا ئېقىمدىكىلەر ماجىرا تۇغدۇرۇشنى كۆرسەتمەيدۇ، بەلكى ئۇ بىر بۇيۇك ئىلاھى دەۋەت پىروگىراممىسىدۇر. شۇڭا، ئاللاھنىڭ ھەققانى پىرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، كىشىلەرگە غايەت رەھمدىللىك ۋە كۆيۇمچانلىق بىلەن ئىسلامنىڭ ئاشۇ بۇيۇك پىروگىراممىسىنى ئۆگۈتۇش ۋە ئىسلامغا شۇ بويىچە دەۋەت قىلىش لازىم.

سەن ھىچ قاچان دەۋەت قىلىشتىن توختاپ قالماستىن، چوڭقۇر تەپەككۇردىن توختاپ قالماستىن دىنىڭدا چىڭ تۇرغىن.

پەلەستىن، ئىراق ۋە باشقا ئىسلام دىيارلىرى مەسلىسىدىمۇ، ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ئىززەت ــ ئابرويى ۋە غەلبىسىنى قولغا كەلتۇرۇش ئۇچۇن ئىزچىل تەپەككۇر قىلغان ھالدا مەيدانىڭدا چىڭ تۇرغىن.

رەسۇلۇللاھ ھەر ــ بىر جەڭ ۋە غازاتلار ئۇچۇن مەخسۇس پارۇللارنى قوللانغان ئىدى، بۇ پارۇللار مۇسۇلمانلارنىڭ دىلىغا ئورناپ، ئۇلارنىڭ جەڭ مەيدانىدا چىڭ تۇرۇش قىزغىنلىقىنى ئاشۇراتتى.

بەرا ئىبنى ئازىپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ : رەسۇلۇللاھ بىزگە ئېيتقان ئىدى :" سىلەر ئەتە دۇشمەن بىلەن ئۇچرىشىسىلەر، سىلەرنىڭ پارۇلۇڭلار: " ھامىم، ئۇلار غەلبە قازانماس، بولسۇن".

سەلەمە ئىبنى ئەمرى ئىبنى ئەكۋە مۇنداق دەيدۇ : " رەسۇلۇللاھنىڭ دەۋرىدە ئەبۇ بەكرى بىلەن بىللە غازاتقا چىقتۇق، بىزنىڭ پارۇلىمىز: "جايلا، جايلا " ئىدى".

ئۇچىنچى: قۇرئان كەرىم ۋە ئاللاھنىڭ دىنىدا چىڭ تۇرۇش

ئاللاھنىڭ دىنىدا چىڭ تۇرۇپ ئۇنى ھىمايە قىلىش ھەر ــ بىر مۇسۇلماننىڭ تۇپ مەجبۇرىيىتىدۇر، قۇرئان كەرىمدە بۇنىڭغا تەرغىپ قىلىدىغان نۇرغۇن ئايەتلەر بار.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ :« ئۇلار جالۇت ۋە ئۇنىڭ ئەسكىرلىرى بىلەن ئۇچراشقان چاغدا : ( پەرۋەردىگارىمىز ! قەلبىمىزنى چىدام بىلەن تولدۇرغىن، قەدەملىرىمىزنى ( ئۇرۇش مەيدانىدا ) مۇستەھكەم قىلغىن، كاپىر قەۋمگە قارشى بىزگە ياردەم بەرگىن ) دېدى. مۆئمىنلەر ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بىلەن كاپىرلارنى مەغلۇب قىلدى، داۋۇت جالۇتنى ئۆلتۇردى، ئاللاھ دۇۋۇتقا سەلتەنەتنى، ھېكمەتنى ئاتا قىلدى، ئۇنىڭغا خالىغان نەرسىلەرنى بىلدۇردى، ئاللاھ ئىنسانلارنىڭ بەزىسىنى بەزىسى بىلەن مۇداپىئە قىلىپ تۇرمىسا ( يەنى كۇچلۇك تاجاۋۇزچىغا ئۇنىڭدىنمۇ كۇچلۇك بولغان بىرسىنى ئاپىرىدە قىلمىسا ) ئىدى، يەر يۇزى ئەلۋەتتە پاساتقا ئايلىناتتى ( يەنى خاراپلىشاتتى )، لېكىن ئاللاھ ( يامانلىقنى ئۇستۇلۇككە ئىگە

قىلماسلىق بىلەن ) پۈتۈن جاھان ئەھلىگە مەرھەمەت قىلغۇچىدۇر ». ( بەقەر سۈرىسى، 149- 150 ـ ئايەتلەر ).

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: « نۇرغۇن پەيغەمبەرلەر بىلەن كۆپلىگەن خۇداگۇي ئالىملار بىرلىكتە جەڭ قىلدى، ئۇلار ئاللاھ يولىدا يەتكەن ئەزىيەتلەرگە روھسىزلانمىدى، بوشاشمىدى، باش ئەگمىدى، ئاللاھ ئۆز يولىدا دۇچ كەلگەن قىيىنچىلىقلارغا چىداشلىق بەرگۈچىلەرنى دوست تۇتىدۇ، ئۇلارنىڭ سۆزى پەقەت : " پەرۋەردىگارىمىز! گۇناھلىرىمىزنى، ئىشىنىمىزدا چېكىدىن ئاشقانلىقىمىزنى مەغپىرەت قىلغىن، قەدەملىرىمىزنى ( جەڭ مەيدانلىرىدا ) مۇستەھكەم قىلغىن ۋە كاپىر قەۋمگە قارشى بىزگە ياردەم بەرگىن " دېگەندىن باشقا بولمىدى، ئاللاھ ئۇلارغا دۇنيانىڭ ساۋابىنى ( يەنى دۈشمەن ئۈستىدىن غەلىبەنى ) ۋە ئاخىرەتنىڭ ساۋابىنى ( يەنى جەننەت ۋە ئۇنىڭ نېئمەتلىرىنى ) ئاتا قىلدى، ئاللاھ ياخشىلىق قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ » ئال ئىمران سۈرىسى، 146 ـ148 ـ ئايەتلەر ).

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ : « ( مۇشرىكلار تەرەپتىن بولغان ) ئادەملەر ئۇلارغا: ( ئېنىقكى، كىشىلەر سىلەرگە قارشى قوشۇن توپلىدى، ئۇلاردىن قورقۇڭلار ) دېسە، بۇ سۆز ئۇلارنىڭ ئىمانىنى كۈچەيتتى، ئۇلار : ( بىزگە ئاللاھ كۇپايە، ئاللاھ نېمە دېگەن ياخشى ھامىي ) دېدى » ( ئال ئىمران سۈرىسى، 173- ئايەت ).

ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ : « ئى مۆئمىنلەر ! ( مۇشرىكلاردىن ) بىر جامائەتكە (يەنى دۈشمەن قوشۇنىغا ) ئۇچراشقان چېغىڭلاردا مۇستەھكەم تۇرۇڭلار، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئۈچۈن ئاللاھنى كۆپ ياد ئېتىڭلار، ( پۈتۈن سۆز ھەركىتىڭلاردا ) ئاللاھغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىڭلار، ئىختىلاپ قىلىشماڭلار، بولمىسا ( دۈشمەن بىلەن ئۇچرىشىشتىن ) قورقۇپ قالىسىلەر، كۈچ قۇۋۋىتىڭلار كېتىپ قالىدۇ؛ سەۋر قىلىڭلار، ئاللاھ ھەقىقەتەن سەۋر قىلغۇچىلار بىلەن بىللە »، ( ئەنفال سۈرىسى، 45- 46 ـ ئايەتلەر ).

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ :« مۆئمىنلەر ئىتتىپاقداش قوشۇننى كۆرگەن چاغدا: بۇ : ( يەنى قىيىن ئەھۋالدا قالغان چاغدا دۈشمەن ئۈستىدىن غەلىبە قىلىش ) ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىزگە ۋەدە قىلغان ئىشتۇر، ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى راست ئېيتتى ) دېيىشتى، ( بۇ ئىش ) ئۇلارنىڭ ( ئاللاھغا بولغان ) ئىمانىنى ۋە ( ئاللاھنىڭ بۇيرۇقلىرىغا بولغان ) بويسۇنۇشىنى تېخىمۇ كۈچەيتتى، مۆئمىنلەرنىڭ ئىچىدە ( رەسۇلۇللاھ بىلەن غازاتقا چىققاندا مۇستەھكەم تۇرۇپ، شېھىت بولغانغا قەدەر دادىللىق بىلەن جەڭ قىلىش توغرىلىق ) ئاللاھغا بەرگەن ئەھدىنى ئىشقا ئاشۇرغان نۇرغۇن كىشىلەر بار، ئۇلارنىڭ بەزىسى ( ئەھدىگە ۋاپا قىلىپ ) شېھىت بولدى،

بەزىسى ( شېھىت بولۇشنى ) كۈتمەكتە، ئۇلار ( پەرۋەردىگارىغا بەرگەن ئەھدىسىنى) ھەرگىز ئۆزگەرتكىنى يوق » ( ئەھزاپ سۈرىسى، 22 ـ 23 ـ ئايەتلەر ).

قېرىندىشىم ! مەسىلە پەقەت پەلەستىن ياكى ئىراق مەسىلىسىلا ئەمەس، بەلكى ھەقىقەتنى تونۇپ يېتىپ ئۇ بويىچە ئەمەل قىلىشنى ۋە ئاداققىچە ئۇنىڭدا چىڭ تۇرۇش تۇرۇشنى ئويلايدىغان بارلىق كىشىلەرنىڭ مەسىلىسىدۇر.

قېرىندىشىم ! ئاللاھنىڭ دىنىدا چىڭ تۇرۇپ ئۇنى ھىمايە قىلىش ۋە شۇ دىن ئۈچۈن ياشاشتىن ھەرگىز سۇسلىشىپ چېكىنمىگىن.

پۈتۈن قەلبىڭنى ئاداققىچە ئىسلامغا بېغىشلىغىن، ئىسلام ھاياتىڭدىكى ئەڭ قىممەتلىك نەرسە بولسۇن.

قورساق بېقىش ئۈچۈنلا ياشىغان ئادەم نېمە دېگەن بىچارە ـ ھە؟! ئۇ ئەرزىمەس ھاياتنى ئەرزىمەس ئۆلۈم بىلەن ئاخىرلاشتۇرىدۇ.

ئەمما ئىسلام ۋە ئۇنى ھىمايە قىلىش مەسىلىسىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويغان ھالدا ياشايدىغان ئادەم شەرەپلىك ياشاپ شەرەپلىك ئۆلىدۇ، ئۇنىڭ ھاياتى ئۇلۇغ مەزمۇنغا تولغان بولىدۇ، چۈنكى ئۇ پۈتۈن ئالەمنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھ تائالانىڭ دىنىغا نۇسرەت بېرىش ئۈچۈن ھايات كەچۈرىدۇ.

## ئىززەت

### مۇقەددىمە

ھەمدۇ ـ سانا ئاللاھ غا خاستۇر، ئۇنى ماختايمىز، ئۇنىڭدىن ياردەم تىلەيمىز، ئۇنىڭدىن مەغپىرەت تىلەيمىز، نەپسىمىزنىڭ يامانلىقىدىن ۋە ئەمەللىرىمىزنىڭ يامانلىرىدىن ئاللاھ غا سېغىنىمىز. ئاللاھ ھىدايەتكە باشلىغان ئادەمنى ھېچكىم ئازدۇرالماس، ئاللاھ ئائازدۇرغان كىشىنى ھېچكىم ھىدايەت قىلالماس !.

كېچە ـ كۈندۈز ئالمىشىپلا تۇرىدىكەن، دۇئايى ـ سالاملىرىمىز ھەر دائىم ئۈزۈلمەستىن ئاللاھنىڭ تاللىغان ئەڭ ياخشى بەندىسى ۋە ئەلچىسى بولغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا بولسۇن! ئۇنىڭ پاك ۋە بىغۇبار ئائىلە ـ تاۋاباتلىرىغا، بارلىق ئۇلۇغ پاك تەبىئەتلىك ساھابىلىرىگە ۋە ئۇلارغا قىيامەتكە قەدەر ئەگىشىپ ياخشى ئىزلىرىدىن ماڭغانلارغا بولسۇن !

### ئىززەتنىڭ مەنىسى

بۇيەردىكى ئىززەتتىن مەقسەت، ئۈممەت ئىچىدىكى ھەربىر شەخسنىڭ ئۆزلۈك ئىززەت تۇيغىسىدۇر. بىراق بۇ ھەرگىز ياسالما ئىززەت بولماسلىقى، بايلىق، ئابروي ـ مەنسەپ ۋە ئەجدادلاردىن پەخىرلىنىش نەتىجىسىدە كېلىپ چىققان ئىززەت

بولماسلىقى كېرەك. بۇ خىل ئىززەت چوقۇم ئاللاھ تىن، ئاللاھ غا بويسۇنۇشتىن، گۇناھلارنى تەرك قىلىشتىن، ئاللاھ تىن قورقىشتىن ۋە ئاللاھ غا ئۆزىنى بېغىشلاشتىن كېلىپ چىقىدىغان ئىززەتتۇر. شۇڭا سەلەفى ئالىملار : " ئى ئاللاھ! ساڭا ئىتائەت قىلىش ئارقىلىق مېنى ئىززەتلىك قىلغىن، گۇناھكارلىق تۈپەيلى مېنى خارقىلمىغىن!" دەپ دۇئا قىلغان.

شۇنداق، بارلىق ئىززەت ئاللاھ غابويسۇنۇشتا؛ بارلىق خار- زارلىق ئاللاھ غا ئاسىيلىق قىلىشتا كۆرىلىدۇ. كىمكى ئىززەتلىنىشنى خالىسا، ئاللاھ غا ئىتائەت قىلسۇن، ئۇنىڭغا ئاسىيلىقنى تاشلىسۇن ۋە بۇنىڭدا تەۋرەنمىسۇن! بىر پەيلاسوف شائىر ئېيتقان:

" ئەزىز" سۈپەتلىك زات ھەمايىسىدە ئىززەت بار،

تېۋىنىسا قۇللارغا كىم، قىلار ئاللاھ ئۇنى خار.

لېكىن ئىززەت پەقەت ئاللاھ ئۈچۈن بولۇش كېرەككى ھەرگىزمۇ نەپسى ھاۋايى - ھەۋەسلىرى ئۈچۈن ۋە نەپسىنىڭ ئەرزىمەس تەلەپلىرى ئۈچۈن بولماسلىقى كېرەك. قېرىندىشىم!

ئىززەت ئۇلۇغ قىممەتكە ئىگە نەرسە؛ بىركىمنى ئىززەت سۆزى بىلەن سۈپەتلەڭ؛ بۇئۇنى ھۆرمەتلىگەنلىك ۋە ماختىغانلىق بولىدۇ.

مۆمىن ئاللاھ بىلەن ئەزىز، دىنى بىلەن ئەزىز، رەببىگە بويسۇنۇش بىلەن ئەزىز، رەببىگە ئاسى بولماسلىقى بىلەن ئەزىز، ئاللاھ غا ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىنىڭ يولىغا چاقىرىش بىلەن ئەزىز، ئۇممىتىنىڭ ئىززىتى ئارقىلىق ئەزىز، دىنىنى قوغداش بىلەن ئەزىز، ئاللاھ يولىدا شېھىتلىككە ئېرىشىش بىلەن ئەزىز.

قېرىندىشىم !

ئۇممەتنىڭ ھەر بىر ئەزاسى ئاللاھ غا تولۇق بويسۇنۇپ ۋە ئاللاھ غا ئاسيي بولۇشتىن قول ئۈزۈپ ئىززەت تاپقان چاغدا ئۇممەت ئىززەت تاپىدۇ، ئەقسا مەسجىدى ئىززەت تاپىدۇ، ۋەتەنلىرىمىز ئىززەت تېپىپ دۈشمەنلىرىمىزنىڭ بېشىدا بايراقلىرىمىز جەۋلان قىلىدۇ.

ئىسلام ئۇممىتى ئىززەت تاپقان چاغدا دۈشمەنلىرىمىز باش ئېگىپ خارلىققا پاتىدۇ. ئۆزىمىزنىڭ سۇسلۇقىمىز ۋە ئاجىزلىق كۆرسىتىشىمىز ئارقىلىقلا دۈشمەنلىرىمىز بايراقلىرى بېشىمىزغا قادالغان؛ ئەگەر بىز ئاللاھ تەرەپكە، ئۇنىڭغا ئىمان كەلتۈرۈشكە ۋە ئۇنىڭغا تولۇق بويسۇنۇپ ئاسىيلىق قىلماسلىققا قايتىدىغان بولساقلا، دۈشمەنلىرىمىزنىڭ كۈچلىرى ھېچنىمىگە ئەرزىمەي قالىدۇ، بىزگە قىلچە تەسىر قىلالمايدۇ.

قېرىندىشىم! ئىنسان قاچان خارلىققا پاتىدىغانلىقىنى بىلەمسەن ؟

ئىنسان ئاللاھ غا ئاسىيلىق قىلىش بىلەن خارلىققا پاتىدۇ.

ئىنسان ئەخلاقسىزلىق ۋە پەرۋاسىزلىق بىلەن خارلىققا پاتىدۇ.

ئىنسان جۇشقۇنلۇقىنى يوقىتىپ، پاسسىپلاشقاندا خارلىققا پاتىدۇ.

ئىنسان يۈز بېرىۋاتقان ئىشلارغا پەرۋا قىلماي، ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارغا قارىتا زىيانكەشلىك قىلىش قورالىغا ئايلاندۇرۇلۇپ قالغان چاغدا خارلىققا پاتىدۇ؛

ئىنسان قورساق تويغۇزۇشنى بۇ ھاياتتىكى ئاساسلىق نىشانى قىلغاندا خارلىققا پاتىدۇ.

ئىنسان قورساق بېقىشنى ئۆزىنىڭ ئىززەت ھۆرمىتىدىن يۇقۇرى قويغان چاغدا خارلىققا پاتىدۇ.

ئىنسان ئاللاھ بۇيرىغان پەرز ـ مەجبۇرىيەتلەرنى ئادا قىلمىغان چاغدا خارلىققا پاتىدۇ.

ئىنسان نامازنى تاشلاش بىلەن خارلىققا پاتىدۇ؛

ئىنسان زاكاتنى ئادا قىلماي، ئاللاھنىڭ بەندىلىرگە بېخىللىق قىلىش ئارقىلىق خارلىققا پاتىدۇ.

ئىنسان ئاللاھ دىن باشقىلاردىن ئىززەت كۈتۈش بىلەن خارلىققا پاتىدۇ.

ئىنسان ئاللاھ دىن باشقىسىغا ئېگىلىش بىلەن خارلىققا پاتىدۇ.

ئىنسان ئاللاھ دىن باشقىسىدىن سوراش بىلەن، ئاللاھ دىن باشقىسىدىن ياردەم تىلەش بىلەن، ئاللاھ دىن باشقىسىغا تايىنىش بىلەن خارلىققا پاتىدۇ.

قېرىنداشلىرىم !!

ئۇلۇغ رەببىمىز ئاللاھ بۇ ئۇممەتكە ئىززەت ۋە يۈكسەكلىك خالاۋاتسا، ئاندىن بۇ ئۇممەتنىڭ خارۇ ـ زارلىق، بىچارىلىق خالاۋاتقىنى نېمىسى؟

شۇنداق. ......

ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇممىتىنىڭ ئېزىز ئۇممەت بولۇشىنى ئىرادە قىلغان؛ چۈنكى ئاللاھ تائالا بۇ ئۇممەتنىڭ يەر يۈزىنى گۈللەندۈرۈش ۋە ياخشىلىق بىلەن تولدۇرۇشىنى ئىرادە قىلغان.

مەلۇمكى، يەر يۈزىنى بىچارىلەر گۈللەندۈرمەيدۇ، بەلكى كىم كۈچلۈك، ئەزىز بولسا، شۇ گۈللوندۇرۇدۇ.

ئۆزلۈك ئىززەت تۇيغۇسىنى ئۆلتۈرۈش ھالەتلىرى

ئىنسان ئۆزلۈك ئىززەت تۇيغۇسىنى قانداق يوقىتىدۇ؟ قانداق قىلىپ بىچارىگە ئايلىنىپ قالىدۇ؟

مەن دەيمەنكى، مىڭ ئەپسۇس بىز كۆپ ھاللاردا ئۆزلۈك ئىززەت ئېڭىنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ ئورنىغا خارلىق، ئۆزىنى پەس كۆرۈش ئۇرۇغىنى تېرىيدىغانلاردىنمىز!...

بۇنى تۆۋەندىكى مىساللاردىن روشەن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ:

مەكتەپتە بىر ئوقۇتقۇچى خاتالىق ئۆتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلارنى قولىنى ئېگىز كۆتەرگۈزۈپ تامغا قارىتىپ تۇرغۇزۇپ قويۇش ئارقىلىق جازالايدۇ، ئاندىن ساۋاقداشلارنىڭ ئالدىدا ئۇنى مەسخىرە ۋە زاڭلىق قىلىشقا باشلايدۇ... ياكى ئۇدۇللا تەستەك بىلەن يۈزىگە سالىدۇ !...

بۇئوقۇتقۇچىغا دەيمەن: يامان ئىش قىلغان، خاتالىق ئۆتكۈزگەنلەرنى جازالاش ھەققىڭ بار؛ مۇكاپات ـ جازا مەسلىسى تەربىيىدە بولۇشقا تېگىشلىك ئېنىق مەسلە؛ بىراق مۇكاپات ـ جازا ئەسلىدە قانداق بولۇش كېرەكلىكىنى ئۇقامسەن ؟!

بۇئوقۇتقۇچىغا دەيمەنكى، جازالانماستىن ئىززەت ھۆرمىتى دەپسەندە قىلىنغان بۇ ئوقۇغۇچى قانداق ئۆسۈپ يېتىلىدۇ؟ جازالاش دېگەنلىك خارلاش، غورۇرنى ئولتۈرۈشمۇ؟ بۇنداق جازالانغان ئوقۇغۇچى غورۇرلۇق ئۆسەمدۇ ياكى پەسمۇ ؟

ئەۋلاتلىرىمىزنىڭ تەربىيىچىلىرى دىققەت قىلىڭلار!

ئەگەر سەن ئۇنى خارلىساڭ، ئۇ بۇ ئاھانەتنى ھەرگىز يادىدىن چىقارمايدۇ، بەلكى ئۇ ئۆزلۈك خاراكتېرىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان روھى توسالغۇغا گىرىپتار بولۇشى مۇمكىن.

ئۇ چېكىش مىجەزلىك، ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسىنى يوقاتقان، مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىشقا جۈرئەت قىلالمايدىغان، ئۈمىدسىزلىك، مەغلۇبىيەت، چۈشكۈنلۈك بىچارلىك تۇيغۇسىغا پاتقان، ئۆز پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويالمايدىغان، دەپسەندە قىلىنغان پىرىنسىپ ۋە ھەقىقەتنى جان تىكىپ قوغداشقا پېتىنالمايدىغان روھى ھالەتتە ئۆسۈپ يېتىلىدۇ، بەلكىم ئۇ ئۆز قىممىتىنىڭ، مەۋجۇتلۇق ئەھمىيىتىنىڭ يوقلىغىنى ھېس قىلغان ھالدا ئۆسۈپ يېتىلىدۇ. ..

شۇنداقلا سىزنىڭ يادىڭىزغا سالايكى، رەسۇلۇللاھ يۈزىگە ئۇرۇشتىن ۋە يۈزىنى سەتلەشتىن توسقان ئىدى.

مۇئاۋىيە ئىبنى ھەيدە ئىبنى مۇئاۋىيە ئىبنى قۇشەير مۇنداق دەيدۇ:" مەن رەسۇلۇللاھقا: ئى رەسۇلۇللاھ، بىرىمىزنىڭ ئۈستىدىكى ئايالىنىڭ ھەققى نىمە؟ دېسەم، ئۇ:" تاماق يېسەڭ ئۇنىڭغىمۇ يىگۈزۈش، كىيىم كەيسەڭ ئۇنىڭغىمۇكەيگۈزۈش، يۈزىگە ئۇرما ھەم سەتلىمە، ئۇنى پەقەت ئۆيدىلا قويۇپ سىرىتتا بولغىن " دېدى. ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.

مەن يەنە تەكرارلاپ ئېيتايكى، منىڭ سۆزۈمدىن خاتالىق ئۆتكۈزگۈچىنى جازالىماسلىق كېرەك دېگەن مەنا چىقمايدۇ.

ئەمما بۇنىڭدا خاتالىقنى تۈزىتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا ئىززەت ـ غورۇرنى دەپسەندە قىلمايدىغان ئەڭ ياخشى تەربىيە ئۇسۇلىنى قوللىنىش كېرەك دېمەكچىمەن.

بىر ئەر ئائىلىسىدە باللىرىنىڭ ئالدىدىلا ئايالىنى خارلاپ، ئۇنى ئۇرۇپ ـ تىللايدۇ، سەتلەيدۇ، ئۇنى ئۆزىنىڭ ھېچنىمگە ئەرزىمەس خىزمەتكارى قاتارىدا كۆرىدۇ. ..

مەن بۇ ئەرگە ئېيتىپ قوياي :

بۇقىلغىنىڭ ھەرگىز توغرا ئەمەس، ئەكسىچە ئىسلام قانۇنىغىمۇ خىلاپ! رەسۇلۇللاھ بۇنىڭدىن چەكلىگەن :

مۇئاۋىيە ئىبنى ھەيدە مۇنداق دەيدۇ : " مەن رەسۇلۇللاھنىڭ قېشىغا كېلىپ ئۇنىڭدىن:" ئاياللىرىمىز توغرىسىدا نېمە دەيسەن؟" دەپ سورىغاندىم، ئۇ:" يىگىنىڭلاردىن ئۇلارغىمۇ يېگۈزۈڭلار، كەيگىنىڭلاردىن ئۇلارغىمۇ كەيگۈزۈڭلار، ئۇلارنى ئۇرماڭلار ۋە سەتلىمەڭلار " دەپ جاۋاپ بەردى. ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى.

قېرىنداشلىرىم !

ئالىملار مۇنداق دېگەن: ئايال ئېرىگە بويسۇنۇشتىن تامامەن باش تارتمىغان ئەھۋالدا ئايالىنى ئۇرۇش ھارامدۇر، ئايال بويسۇنۇشتىن تامامەن باش تارتقان ئەھۋالدا ئېرىنىڭ ئايالىنى جاراھەتلەندۈرمىگەن ئاساستا بوشراق ئۇرۇش ھوقۇقى بار، ئايالى بۇنىڭدىنمۇ تۈزەلمىسە يەنە ئۇرۇشقا بولمايدۇ، پەقەتلا ئۇرماسلىق ئەۋزەل ھېسابلىنىدۇ.

ـ بىر خوجايىن ئۆزخىزمەتكارىنى ياكى قول ئاستىدا ئىشلەيدىغان ئىشلەمچىنى تىللاپ غورۇرىنى يەرگە ئۇرىدۇ.

ئۇنىڭغا دەيمەنكى، بۇقىلغىنىڭ توغرا ئەمەس، بەلكى ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىغا زىت؛ سەن باي بولساڭمۇ، قول ئالدىڭدا ئىشلەيدىغانلارنى خارلاپ، ئۇلارنى قۇل قاتارىدا كۆرۈشكە ھەققىڭ يوق. ئاللاھ مېھرىباندۇر، ئۇ ئۆز بەندىلىرىنىڭ رەھىمدىللىكىنى، كۆيۈمچان بولۇشنى، كەڭ قورساق ۋە كەچۈرۈمچان بولۇشنى ياخشى كۆرىدۇ. شۇنداقلا رەسۇلۇللاھمۇ كىشىلەرگە ياخشى مۇئامىلە قىلىشقا، بولۇپمۇ مەدىكار ۋە خىزمەتكارلارغا ئوبدان قاراشقا تەرغىب قىلغان.

ئەبۇ مەسئۇد ئەنسارى مۇنداق دەيدۇ: بىرقېتىم ئۆزەمنىڭ ئوغۇل خىزمەتكارىمنى ئۇرىۋاتقاندىم، تۇيۇقسىز كەينى تەرەپتىن:" ئەبۇ مەسئۇد! بىلىپ قويغىنكى سېنىڭ ئۇنىڭغا قىلغىنىڭغا قارىغاندا ئاللاھ ساڭا تېخىمۇ قادىردۇر!" دېگەن ئاۋازنى ئاڭلىدىم ـ دە بۇرۇلۇپ قارسام رەسۇلۇللاھ تۇرۇپتۇ، مەن:" ئى رەسۇلۇللاھ، ئۇئاللاھنىڭ رازىلىقى

ئۇچۇن ئازات!"دېدىم، رەسۇلۇللاھ:" بىلگىنكى، ئەگەر مۇنداق قىلمىغان بولساڭ دوزاخنىڭ ئوتىغا گىرىپتار بولاتتىڭ !" دېدى. ( مۇسلىم رىۋايەت قىلغان).

يەنە شۇ ئەبۇ مەسئۇد ئەنسارىدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىندى:" بىر قۇلۇمنى ئۇرۇۋاتاتتىم، ئارقا تەرىپتىن بىرسىنىڭ:" ئەبۇ مەسئۇد دىققەت قىل! ئەبۇ مەسئۇد دىققەت قىل! " دېگەن ئاۋازىنى ئاڭلاپ كەينىمگە بۇرۇلۇپ قارىسام، قېشىمدا رەسۇلۇللاھ تۇرۇپتۇ، ئۇماڭا :" سېنىڭ ئۇنىڭغا قىلغان مۇئامىلەڭگە قارىغاندا ئاللاھ ساڭا تېخىمۇ قادىردۇر!" دېدى. ئەبۇ مەسئۇد ئېيتىدۇ :" شۇنىڭدىن تارتىپ ھەرگىز قۇلۇمنى ئۇرۇپ باقمىدىم " تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.

رەسۇلۇللاھ بىزنى خىزمەتكارلارنى ھۆرمەتلەشكە، ئۇلارغا يېگىنىمىزدىن يېگۈزۈپ، كەيگىنىمىزدىن كەيگۈزۈشكە ۋە كۈچى يەتمەيدىغان ئىشقا سالماسلىققا تەرغىب قىلغان ئىدى.

مەئرۇر ئىبنى سۇۋەيد مۇنداق دېگەن:" رەبزە دېگەن شەھەردە ئەبۇزەرگە ئۇچرىشىپ قالدىم، ئۇ ئۆزى ۋە خىزمەتكارى ئوخشاش تون كىيىۋالغان ئىدى، بۇ نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى سورسام، ئۇمۇنداق دەپ جاۋاپ بەردى:" مەن بىر كىشى بىلەن تىللىشىپ قېلىپ، ئۇنىڭ ئانىسى بىلەن ئەيىپلەپ سالغاندىم، شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھ ماڭا كايىپ :" ھەي ئەبۇ زەر! ئۇنىڭ ئانىسى بىلەن ئەيىپلەۋاتامسەن؟ سەن جاھىلىيەت قالدۇقى بارئادەمكەنسەن! قېرىنداشلىرىڭلار سىلەرنىڭ ئامتىڭلار( خىزمەتچىڭلار)، ئاللاھ ئۇلارنى قو ئالدىڭلاردا قىلىپ قويغان، كىمنىڭ قېرىندىشى قول ئالدىدا بولسا، يېگىنىدىن ئۇنىڭغا يېگۈزسۇن، كەيگىنىدىن ئۇنىڭغا كەيگۈزسۇن؛ ئۇلارغا ئېغىر كېلىدىغان ئىشلارغا سالماڭلار، ئەگەر مۇنداق ئىشقا بۇيرىساڭلار ئۇلارغا ياردەملىشىڭلار!" دېدى. (بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان).

بىر ئىنساننىڭ ئىززەت- ھۆرمىتىنى قوغداش ئىززەتنى كەلتۇرۇپ چىقىرىدۇ

قاتناش ساقچىلىرى كۈن بويى يولدا ھېرىپ - چارچاپ ماشىنىلارنى ۋە ئۈتكۈنچىلەرنى رەتلىك يۇرۇشتۇرىۋاتسا، بەزى ياشلار كېلىپ يول بەلگىلىرىگە پەرۋاسىزلىق بىلەن خىلاپلىق قىلىپ ۋە ئۆزىنىڭ بىلگىنىچە ئىش قىلىپ قاتناش ساقچىلىرىنىڭ تىرىشچانلىقلىرىنى مەنسىتمىگەندەك خۇي كۆرسىتىدۇ.

ئۇلارغا دەيمەنكى، بۇ قىلىۋاتقىنىڭلار ئېغىر خاتالىق، چېكىدىن ئېشىش! ساقچىلارنىڭ ئۇلۇغ تۆھپىسىنى ۋە ھۆرمىتىنى كۆزگە ئىلماسلىق، ئۇلارنىڭ ئەمگەكتىن، تىرىشچانلىقلىرىنى ھۆرمەت قىلماسلىق، ئۇلارنىڭ ماشىنىلارنى، ئۈتكۈنچىلەرنى تەرتىپكە سېلىپ كۈن بويى تىك تۇغانلىقىنىڭ قەدىرىنى بىلمەسلىك!

بىز قاتناش ساقچىسىغا قىلىۋاتقان ئىشىغا نىسبەتەن غورۇر ۋە پەخىرلىنىش تۇيغۇسىغا كەلتۇرشىمىز لازىم. يەنى ئۇنىڭ ئەمگىكىنى ھۆرمەت قىلىشىمىز، ئاللاھ ۋە

ئۇنىڭ رەسۇلىنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن قاتناش قائىدە ـ نىزاملىرىغا ئاگلىق رىئايە قىلىپ، ئۇلارغا ھەمكارلىششىمىز كېرەك.

ـ بىر ئاتا، بالىسى خاتالىق ئۆتكۈزۈپ سالىدىغان بولسا، دوست ـ تەگتۇشلىرىنىڭ ئالدىدىلا كېلىپ ئۇرۇپ كېتىدۇ، ياكى ئۇلار بار جايدا قوپاللىق بىلەن تەنبىھ بېرىپ، ئۇنىڭغا كايىپ، سەتلەپ تىللاپ كېتىدۇ.

ئۇنىڭغا دەيمەن! بالىسىغا نەسىھەت قىلىش، تەربىيە بېرىش ۋە كايىش دادىنىڭ ھەققى. لېكىن بۇ قوپال، سەت سۆزلەر بىلەن بولماسلىقى كېرەك. شۇنداقلا ئەدەبلەش ۋە تەربىيىلەش مەقسىتىدە بالىسىنى ئۇرۇش دادىسىنىڭ ھوقۇقى، چۈنكى بەزى چاغلاردا ئۇرۇش پايدىلىق بولۇشى مۇمكىن، كۆپچىلىكىمىز كىچىك چاغلىرىمىزدا تاياق يېگەنغۇ؟ بىراق بالىنى باشقىلارنىڭ ئالدىدا ئۇرۇشقا، بولۇپمۇ تەگتۇشلىرى ۋە ساۋاقداشلىرى ئالدىدا ئۇرۇشقا بولمايدۇ. چۈنكى كۆپچىلىك ئالدىدىكى نەسىھەت ـ ئەزىيەت.

ئەمرى ئىبنى شۇئەيب دادىسىدىن، دادىسى بوۋىسىدىن مۇنداق رىۋايەت قىلغان : رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن ئىدى: " باللىرىڭلارنى يەتتە ياشتا ناماز ئوقۇشقا بۇيرۇڭلار، ئون ياشتا ناماز ئوقۇمىسا ئۇرۇڭلار ۋە ئۇلارنى ئايرىم ياتقۇزۇڭلار " ئەبۇداۋۇد رىۋايەت قىلغان.

مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ ماڭا ئون بەش سۆزنى ۋەسىيەت قىلغان ئىدى، ئۇمۇنداق دېگەن :" ئۆلتۈرۈلسەڭمۇ، كۆيدۈرۈلسەڭمۇ ئاللاھ غا شېرىك كەلتۈرمە؛ بالا ـ چاقاڭ ۋە مال مۈلۈكىڭدىن ئايرىلىشقا بۇيرىغان تەقدىردىمۇ ئاتا ـ ئاناڭنى قاقشاتما؛ ھېچ قاچان بىر ۋاقىت پەرز نامازنى قەستەن تەرك قىلما؛ چۈنكى قەستەن بىر پەرز نامازنى تاشلىغان ئادەمدىن ئاللاھنىڭ زىممىسى ئۈزىلىدۇ. ھەرگىز ھاراق ئىچمە؛ چۈنكى ئۇ بارلىق رەزىللىكنىڭ باشلامچىسى. گۇناھلاردىن ساقلان، چەنكى گۇناھلار تۈپەيلى ئاللاھنىڭ غەزىپى چۈشىدۇ. بارلىق كىشلەر ھالاك بولغان ئەھۋالدىمۇ جەڭ مەيدانىدىن قېچىپ تاشلىما، سەن ئارىسىدا بار كىشلەرگە ئۆلۈم يەتسە جايىڭدا چىڭ تۇر. خوتۇن ـ باللىرىڭغا قولۇڭدا بارنى سەرىپ قىل، ئۇلاردىن ئەدەپ ھاسسىنى كۆتەرمە، ئۇلارنى ئاللاھ ھەققىدە قورقۇت ". ( ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان، 21060ـ ھەدىس).

ـ ياشتا چوڭ، ئاقساقال ئادەملەر باركى، بىرەر ياش بالا ئۇلارنىڭ ئالدىدا سۆز قىستۇرۇپ قالسىلا ئۇنىڭغا: " چوڭلار بار جايدا ئاتكاچىلىق قىلماڭلار!" دەپ جېكىلەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن بۇ بالا ئۆز قارىشىنى يۇرەكلىك ئوتتۇرىغا قويالمايدىغان، ھەقىقەتنى قوغداشقا جۈرئەت قىلالمايدىغان ۋە ئاللاھ غا دەۋەت قىلىشتا ئاجىزلىق قىلىدىغان ئادەم بولۇپ ئۆسىدۇ، پاسسىپ، ئىچ مىجەزلىك، ئۆزىنى

ئىپادىلىيەلمەيدىغان ۋە كوللېكتىپقا ئاكتىپلىق بىلەن ماسلىشالمايدىغان، ھەتتا شەخسلەر ئارا چىقىشالمايدىغان ئادەم بولۇپ ياشايدۇ.

ئۇلارغا ئېيتىمەنكى، رەسۇلىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا قاراپ، ئۇنى ئۈلگە قىلىڭلار! سەھل ئىبنى سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ:" رەسۇلۇللاھقا بىر قاچا كەلتۈرۈلگەن ئىدى، ئۇنىڭدىن ئىچتى، رەسۇلۇللاھنىڭ ئوڭ تەرىپىدە شۇ سورۇندىكىلەرنىڭ باشتا ئەڭ كىچىكى بولغان بىر بالا بار ئىدى، سول تەرىپىدە ئاقساقاللار ئولتۇراتتى، رەسۇلۇللاھ ھېلىقى بالىغا قاراپ :" ھەي بالا، قاچىنى چوڭلارغا بېرىشىمگە رۇخسەت قىلامسەن؟" دەپ سورىغان ئىدى، ئۇبالا :" ئى رەسۇلۇللاھ! سىزدىن ئاشقان نەرسىنى ھېچ كىمگە بېرىشنى خالىمايمەن " دەپ جاۋاپ بەردى، رەسۇلۇللاھ شۇنىڭ بىلەن ھېلىقى قاچىنى ئۇبالىغا بەردى " بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

قېرىنداشلىرىم

رەسۇلىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئادالەتپەرۋەرلىكىگە قاراڭلار! ھەتتا بىر توپ ئاقساقاللار ئارىسىدىكى كىچىك بىر بالا بولغان ئەھۋالدىمۇ رەسۇلۇللاھ نوپۇزغىلا ئېتىبار بەرمىگەن. .. بىز نېمە ئۈچۈن بەزىدە باللىرىمىز ۋە ياشلىرىمىزنىڭ ئىززەت ـ غورۇرنى ئۆلتۈرىمىز ؟؟!

ـ ھۆكۈمەت خىزمەتچىسى ھاجىتى چۈشەپ كەلگەنلەرنى كۆزگە ئىلمايدۇ، ھاجەتمەن كىشى ئۇنىڭ ئالدىدىن غەم ـ قايغۇغا پاتقان ھالدا، ھەسرەت ـ ئېچىنىش ئىچىدە قايتىپ چىقىدۇ، بەلكىم ئىشخانىسىدىن چىقىپلا يىغلاپ تاشلايدۇ. چۈنكى بۇخىزمەتچى ۋە ئۇنىڭ سىياقىدىكى ئادەملەر ھاجەتمەنگە ئورۇنسىز قوپاللىق قىلىپ قاتتىق ھاقارەتلىگەن، ئۇنداقلار باشقىلارغا قىلغان ھاقارەتلىك مۇئامىلىسىگە قارىتا ئاللاھنىڭ جازاسىغا ئۇچرايدىغانلىقىنى ئۇنتۇپ قېلىشقان، شۇڭا ھاجەتمەنلەرگە تەكەببۇرلۇق بىلەن، چوڭچىلىق بىلەن گىدىيىپ، ھومىيىپ تۇرۇپ ئۇلارنى خار كۆرگەن، بۇ كاساپەت ئۇنتۇپ قالغانكى، ئاللاھنىڭ بەندىلىرىنى خار كۆرگەنلەرنى ئاللاھ قاتتىق خار قىلىدىغانلىقىنى بىلمىگەن.

ئۇنداقلارغا ئېيتىمەن:

دىن دېگەن ياخشى مۇئامىلە ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالدىڭمۇ؟

بەندىلەرنى خار كۆرگەنلەرنى ئاللاھ خار قىلىدىغانلىقىنى يادىڭدىن چىقىرىپ تاشلىدىڭمۇ؟

ئاللاھ سېنىڭ ئۇششاق ـ چوڭ ھەممە نەرسەڭدىن ھېساپ ئالىدىغانلىقىنى، جۈملىدىن باشقىلارنىڭ ھاجىتىنى ئورۇنداش بەدىلىگە سەن دۆلەتتىن ئالىدىغان

مائاشىڭدىنمۇ ھېساپ بېرىدىغانلىقىڭنى ئۇنتۇپ قالدىڭمۇ؟ بۇ ھەقتە ئاللاھ دىن قورقمامسەن ؟!

ئاللاھ تائالا كىشلەرنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلىپ بېرىدىغانلارغا زور ئەجرى ئاتا قىلدىغانلىقىنى ئاڭلىمىغانمىدىڭ؟!

ھەزرىتى ئىبنى ئۆمەر رەسۇلۇللاھنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى بايان قىلغان:" كىشلەرگە ئەڭ مەنپەئەت تېگىدىغان ئادەم ئاللاھ غا ئەڭ سۆيۈملۈكتۇر، ئاللاھ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئىش ـ بىر مۇسۇلماننى خوشال قىلىشتۇر، ياكى ئۇنىڭ قىينچىلىقنى ھەل قىلىشتۇر، ياكى ئۇنىڭ قەرزىنى ئادا قىلىشتۇر، ياكى ئۇنىڭ ئاچلىقىنى تۈگىتىشتۇر. بىر مۇسۇلمان قېرىندىشىمنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلىش ئۈچۈن مېڭىش مەن ئۈچۈن مەسجىدتە بىر ئاي ئېتىكاپ قىلغاندىن سۆيۈملۈكتۇر، كىمكى غەزىپىنى بېسىۋالسا، ئاللاھ ئۇنىڭ ئەيىبىنى ياپىدۇ، كىمكى ئۆزى خالىسىلا بىر ئىش قىلالايدىغان ھالەتتە ئاچچىقىنى يۇتسە، قىيامەت كۈنى ئاللاھ ئۇنىڭ قەلبىنى رازىلىققا تولدۇرىدۇ؛ كىمكى بىرمۇسۇلمان قېرىندىشىنىڭ ھاجىتى ئۈچۈن مېڭىپ ئۇنى راۋا قىلسا، ئاللاھ تائالا قەدەملەر تېيىلىپ توختىمايدىغان كۈندە ئۇنىڭ قەدىمىنى مۇستەھكەم قىلىدۇ. يامان ئەخلاق خۇددى سىركە ھەسەلنى بۇزغاندەك ئەمەلنى بۇزۇۋېتىدۇ " (سەھى ھەدىسلەر توپلىمى، ئالبانى 176ـ ھەدىس).

ـ بىرخىزمەتچىنى باشلىق ھاقارەتلەپ، تىللاپ ئۇنىڭغا ناھاقچىلىك قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن خىزمەتچى پۈتۈنلەي بىچارىلىك ۋە يۈرەكسىزلىك بىلەن:" ئۇنىڭغا گەپ قايتۇرۇپ بىرەر ئېغىز سۆز قىلالمايمەن، بولمىسا قورسىقىمنى باقالماي قالىمەن " دەيدۇ.

ئۇنىڭغا دەيمەنكى، سېنىڭ ئىززەت ھۆرمىتىڭ قورساق بېقىشتىن مۇھىم! ئىززەت ـ ھۆرمىتىمىز جان بېقىشنىڭ كاپالىتى بولۇش كېرەك، ھەرگىز ئەكسىچە ئەمەس. ھۆرمەت ـ غورۇرنى يوقىتىش پاك ـ شەرەپلىك ۋە بەختلىك ھاياتىنى يوقاتقانلىقتۇر! ھاقارەتلىك ھايات ئاچ قورساق ياشاشتىنمۇ يامان.

مۇقەددەس ـ ئۇلۇغ نەرسىلەرنى ۋە يەر ـ زېمىنلىرى تارتىۋېلىنسىمۇ بۇنىڭغا رازى بولۇپ قاراپ تۇرىدىغان، ئېگەللىۋېلىنغان زېمىنلىرىغا ۋە ئۆلتۈرۈلگەن ئوغلانلىرىغا باش قاتۇرۇپ كەتمەيدىغان بىر ئۇممەت ( خەلق ) چوقۇم دۈشمەنلىرى ئالدىدا ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى، قىممىتىنى يوقاتقان ھەيۋىسىز خار ـ زار ۋە بىچارە ئۇممەت ( خەلق ) ھېساپلىنىدۇ.

مۇقەددەس نەرسىلىرنى، يەرـ زېمىن ۋە ئوغلانلىرىنىڭ قېنىنى بىكارغا بەرگەن ئۇممەتنىڭ نەدىمۇ ھۆرمىتى بولسۇن ؟؟!

ـ چەت ئەللىك مۇتەخەسسىسلەرنى ھۆرمەتلەپ، ئۇلارنىڭ قەدرىنى بىلسىمۇ، ئۆز يۇرتىنىڭ ئوخشاش سەۋىيىدىكى مۇتەخەسسىسلىرىنى ھۆرمەتلىمەيدىغان شىركەتلەر بار.

بىر قېتىم ھاۋا ئارقىلىق سەپەرگە چىققىنىمدا ئايروپىلان كېچىكىپ قالغىنى يادىمدا. شۇ چاغدا ئايروپىلان خىزمەتچىلىرى كېلىپ چەتئەللىك يولۇچىلارغا پايپېتەك بولۇپ ئۆزرە ئېيتىسىمۇ، ئەرەب يولۇچىلىرىغا پەرۋامۇ قىلىپ قويمىغان ئىدى، ۋەتەنداشلىرىغا قىلچە ئەھمىيەتسىز قاراپ، ئۇلارغا بىرەر ئېغىز ئۆزرە ياكى كەچۈرۈم سۆزى قىلىشمىغان ئىدى، شۇ پەيتتە، بىز ئۇچۇن ئۆز زېمىنىمىزدىمۇ قىلچە قەدىر ـ قىممىتىمىزنىڭ يوقلىقىنى ھېس قىلغان ئىدىم...

بىز بىر ـ بىرىمىزنى خار كۆرىۋاتقان يەردە، باشقىلاردىن قانداقمۇ ئىززەت ـ ھۆرمەت كۈتەلەيمىز؟!

ھەقىقەتەنمۇ، " ئۆزىگە بۆرە، دۈشمەنگە مۈشۈك " دېگەن مۇشۇ ـ دە!...

قېرىنداشلىرىم! ئەۋلاتلىرىمىز، باللىرىمىزنىڭ قەلبىگە ئىززەت ـ غورۇر ئۇرۇقىنى تىكەلەيلى!

ئىسلام دىنىمىز خارلىنىشقا، ھاقارەتلىنىشكە، بىچارىلىققا قارشى تۇرىسىمۇ، مۆمىنىنىڭ ئەڭ مۇھىم سۈپەتلىرىدىن بىرى ئىززەت بولسىمۇ، نېمە ئۇچۇن مۇشۇنداق ئادەمنى غەم ـ قايغۇغا، ئەلەمگە، خورلۇققا سالىدىغان مەساللار چىق ؟؟!

قېرىنداشلىرىم ! باش ئېگىش، بويسۇنۇش يەرشارىنىڭ ۋە ھايۋانلارنىڭ سۈپەتلىرىدىندۇر، ئۇلارنى ئاللاھ بەندىلىرىگە بويسۇندۇرۇپ بەرگەن، باش ئەگدۈرۈپ بەرگەن، ئاللاھ تائالا دەيدۇكى :«ئۇلار بىلمەمدۇكى، ئۇلار ئۇچۇن ھايۋانلارنى قۇدرەت قولىمىز بىلەن خەلق ئەتتۇق، ئۇلار ھايۋانلارنى باشقۇرۇپ تۇرغۇچىلاردۇر؛ ھايۋانلارنى ئۇلارغا بويسۇندۇرۇپ بەردۇق، ئۇلار ھايۋانلارنىڭ بەزىسىنى مىنىدۇ، بەزىسىنى يەيدۇ»، (ياسىن سۈرىسى، 71ـ 72 ـ ئايەتلەر).

باش ئېگىش، بويسۇنۇش پەقەت مۆمىنلەر ئۆز ئارا مۇئامىلە قىلغان بىر ھالەتتە مۆمىنىنىڭ سۈپەتلىرى قاتارىدا بولالايدۇ، چۈنكى مۆمىن ئۆز قېرىندىشى ئالدىدا كەمتەر، مۇلايىم بولۇشى لازىم.

ئاللاھ تائالا دەيدۇكى:« ئى مۆمىنلەر! سىلەردىن كىمكى مۇرتەد بولىدىكەن، ئاللاھ (ئۇنىڭ ئورنىغا ) ئاللاھ ئۇلارنى سۆيىدىغان، ئۇلارمۇ ئاللاھ نى سۆيىدىغان، مۆمىنلەرگە كۆيۈنىدىغان، كاپىرلارغا شەپقەتسىز، ئاللاھنىڭ يولىدا جىھاد قىلىدىغان ۋە مالامەت قىلغۇچىنىڭ مالامىتىدىن قورقمايدىغان بىرقەۋمنى كەلتۈرىدۇ.(بۇ سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلىنىش ) ئاللاھنىڭ پەزلىدۇركى، ( ئاللاھ ) ئۇنى (بەندىلىرىدىن) خالىغان

كىشىگە بېرىدۇ. ئاللاھنىڭ ( پەزلى ) كەڭرىدۇر، ( ئاللاھ ) ھەممىنى بىلگۈچىدۇر » مائىدە سۈرىسى، 54- ئايەت.

ئىبنى مەسئۇد رەسۇلۇللاھنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ :" ھەر- بىر كەمتەر مۇلايىم، چىقىشقاق ۋە كىشىلەرگە يېقىن ئادەمنىڭ دەۋزەخكە كىرىشى ھارام قىلىنغان "، ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان، 3742- ھەدىس.

قېرىنداشلىرىم !

بۈرۈنقى ئەرەبلەرمۇ ئىززەت - غورۇرلۇق ئىدى، خارلىق، ھاقارەت ۋە ئار - نومۇسنى قوبۇل قىلمايتتى. ھەزرىتى ئائىشىدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا:" قەۋمىڭ كەئبىنىڭ ئىشىكىنى نېمىشقا ئېگىز كۆتىرىپ سالغانلىقىنى بىلەمسەن؟" دېگەن، ئائىشە دەيدۇ مەن:"ياق" دەپ جاۋاب بەرسەم، رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېدى:" ئۇلار خالىغان كىشىلەرلا كىرەلىسۇن دەپ شۇنداق قىلغان. بىرەرسى كىرمەكچى بولۇپ قالسا، يۇقۇرى چىقىشقا يول قويىسمۇ، كىرەي دەپ قالغان چاغدا ئىتتىرۋېتەتتى- دە، ئۇ چۈشۈپ كېتەتتى"، مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

قېرىنداشلىرىم !

ئۇلار ئىززەت - غورۇرنى دەپ پەقەت خالىغان ئادەملەرنىلا بۇ بەيتىللاغا كىرگۈزەتتى.

ئاللاھ دىن ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ئىززەت - غورۇرنى قايتا تىكلەپ بېرىشىنى تىلەيلى!.

بىز ئاللاھ دىن تىلەيمىزكى، قۇددۇس ئىشىكىدىن مۇسۇلماندىن باشقىسى كىرمىسە ئىكەن، ھەر قانداق ئىسلام يۇرتىغا كىرىدىغانلار پەقەت مۇسۇلمانلارنىڭ قوشۇلۇشى ۋە رۇخستى بىلەن كىرسىكەن!.

ئاللاھنى ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىنىڭ رازىلىقىنى كۆزلەيدىغان تائەت ئىززىتىنى، كىتاب - سۈننەتكە لايىق ھالدا ئاللاھنىڭ دىنىنى چىڭ تۇتۇش ئىززىتىنى، ئاللاھ غا ھەقىقى ئىشىنىش ۋە مۇستەھكەم تەۋرەنمەس ئىشەنچ ئىززىتىنى؛ ئاللاھنىڭ دۈشمەنلىرىنى ھېيىقتۇرىدىغان، خار قىلىدىغان، ئۇلارنىڭ يامانلىقلىرنى، كۆرەڭلىرىنى يەر بىلەن يەكسان قىلىدىغان ھەقىقى ئىززەتنى قايتا قولىمىزغا بېرىشىنى ئاللاھ دىن تىلەيمىز.

ئىززەت - ھۆرمىتىمىز شەخس ۋە ئۈممەت مىقياسىدا چوقۇم قايتا تىكلىنىشى كېرەك، ئۈممەت ئىززەت ئىچىدە بەرپا بولۇشى، شەخسىمۇ ئىززىتىنى قايتىدىن قولىغا ئېلىشى لازىم.

**ئىززەت مەنبەسى**

ئىززەتنىڭ پەقەتلا بىر مەنبەسى بار: كىمكى ھەقىقى ئىززەتنى خالىسا ئۇچوقۇم مۇشۇ مەنبەگە قايتىشى كېرەك، دەل مۇشۇ بىردىنبىر، ئۇلۇغ مەنبەگە ئىلتىجا قىلماي

ئامال يوق!

ھەقىقەتەنمۇ، ئۇبىردىنبىر مەنبەدۇر، مەڭگۈ خورىماس، تۈگىمەس ـ پۈتمەس مەنبەدۇر؛ ھېچ كىم زىيان سالالمايدىغان، ھېچ كىم ئاجىزلىتالمايدىغان، باشقا ھېچ كىمدىن كۈچ تولۇقلاشقا ھاجىتى چۈشمەيدىغان مەنبەدۇر! ئۇ ـ ئەزىز ھەم ئىززەت ئاتا قىلغۇچى، بارلىق ئىززەت ۋە قۇدرەتنىڭ مەنبەسى يالغۇز ئاللاھ دۇر!

ئاللاھ تائالا دەيدۇكى : « كىمكى ئىززەت ـ شەرەپ ئىزدەيدىكەن، بارلىق ئىززەت ئاللاھ غا مەنسۇپتۇر ! » فاتىر سۈرىسى، 10ـ ئايەت.

يەنە ئاللاھ تائالا دەيدۇ :« ئېيتقىنكى، " پادىشاھلىقنىڭ ئىگىسى بولغان ئى ئاللاھ ! خالىغان ئادەمگە پادىشاھلىقنى بېرىسەن، خالىغان ئادەمدىن پادىشاھلىقنى تارتىپ ئالىسەن؛ خالىغان ئادەمنى ئەزىز قىلىسەن، خالىغان ئادەمنى خار قىلىسەن؛ ھەممە ياخشىلىقنىڭ (خەزىنىسى) سېنىڭ قولۇڭدا، سەن ھەقىقەتەن ھەممىگە قادىرسەن! » (ئال ئىمران سۈرىسى، 26 ـ ئايەت).

بۇ يەر يۈزىدە يالغۇز بىرلا ئاسمانلار ۋە زېمىننىڭ ئىگىسى بولغان ئاللاھ ئىززەتنىڭ ئىگىسىدۇر.

ئاللاھ تائالا دەيدۇكى : « ئىززەت ئاللاھ غا، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ۋە مۆمىنلەرگە مەنسۇپ، لېكىن مۇناپىقلار بىلمەيدۇ» مۇنافىقۇن سۈرىسى، 8ـ ئايەت.

قېرىندىشىم !

دوستىڭىزغا دۇئا قىلماقچى بولغىنىڭىزدا، " ئاللاھ سىزنى ئەزىز قىلسۇن!" دەيسىز، دېمەك ئىززەت ئاللاھ دىن كېلىدۇ، يەر يۈزىدىكىلەر ئۆز ئىززەتلىرىگە ئىگە ئەمەس، چۈنكى ئۇلار ھەممىسى ئاللاھنىڭ ئىلكىدىكىلەردۇر.

ئاللاھنىڭ گۈزەل ئىسىملىرىنىڭ قاتارىدا:" ئەزىز، ئىززەت ئاتا قىلغۇچى، بارلىق مۈلۈكنىڭ ئىگىسى" بار.

شۇڭا ئاللاھ تائالا ئىززەتنىڭ ئىگىسىدۇر، ئۇنى خالىغان ئادەمگە ئاتا قىلىدۇ، ئاللاھ نى قويۇپ ئۆزىنى بەندىلەرگە خار قىلىپ بەرگەنلەردىن ئىززەت ـ شەرەپنى ئېلىۋېتىدۇ، چۈنكى ئاللاھ تائالا ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ ئىگىسىدۇر.

قېرىندىشىم !

ئەگەرسەن مەلۇم بىر ئىنسانغا ئىلتىجا قىلساڭ، ئۇ بۈگۈن ئەزىز بولغان تەقدىردىمۇ، ئەتە خار بولۇپ؛ بۈگۈن باي بولغان تەقدىردىم، ئەتە يوقسۇل بولۇپ قالىدۇ؛ بۈگۈن تىرىك بولسىمۇ، ئەتە ئۆلۈپ كېتىدۇ.

بىچارە بىچارىگە ئىلتىجا قىلامدۇ؟

يوقسۇل يوقسۇلغا ئىلتىجا قىلامدۇ؟

ئاجىز ئاجىزغا ئىلتىجا قىلامدۇ؟

سۇغا غەرق بولغان ئادەم يەنە بىر غەرق بولغان ئادەمگە ئىسلامدۇ ياكى ئۆزنى قۇتۇلدۇرالايدىغان بىرىگە ئىسلامدۇ؟!

يوقىلىۋاتقان كىشى يوقىلىۋاتقان كىشىگە ئىسلامدۇ ياكى مەڭگۈلۈك تىرىك زاتقا ئىسلامدۇ؟!

قېرىندىشىم !

ئەگەر سەن ئىززەتنى خالايدىغان بولساڭ، ئۇنداقتا ئاللاھ تائالاغا يۈزلەن، ئۇنىڭغا ئىلتىجا قىل، ئۇنىڭغا تەۋەككۇل قىل، ئۇنىڭغا تايانغىن ! ئۇنىڭغا ئىشەنگىن!

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ : « كىمكى ئىززەت ـ شەرەپ ئىزدەيدىكەن، بارلىق ئىززەت ئاللاھ غا مەنسۇپتۇر!» فاتىر سۇرىسى، 10 ـ ئايەت.

يەنە:« ئۇلاركاپىرلارنىڭ قېشىدىن ئىززەت ۋە قۇدرەت تەلەپ قىلامدۇ؟ بارلىق ئىززەت ۋە قۇدرەت ئاللاھ غا مەنسۇپ!» نىسا سۇرىسى 139ـ ئايەت.

بىر نەسىھەتچى، پەيلاسوپ شائىر ئېيتقان :

" ئەزىز " سۈپەتلىك زاتنىڭ ھىمايە سىدە ئىززەت بار،

تېۋىنسا قوللارغا كىم، قىلار ئاللاھ ئۇنى خار!

كىمكى بىرەر خىزمەتكە ياكى ئۇنىڭ خوجايىنىغا پايدا مەنپەئەت كۆزلەپ، قورساق بېقىش ئۈچۈن تېۋىنىپ، ئۇنىڭ بۇيرۇق ـ چەكلىمىلىرىنى ئاللاھنىڭ بۇيرۇق ـ چەكلىمىلىرىنىڭ ئالدىغا قويسا، ئۇ چوقۇم نادان، گۇناھكار ۋە پەس ئادەمدۇر. چۈنكى خىزمەت ئۈچۈن بىچارە ھالەتكە چۈشۈپ قالغان ئادەمنىڭ:" مەن خىزمەتنىڭ قۇلىمەن " دېگەنلىكىنى ئۇچرىتىسەن.

مەن ئۇنىڭغا دەيمەن :

ئۇلۇغ ئاللاھ ئارقىلىق ئىززەت ـ غورۇرىڭنى تىكلە! شۇنىڭدا مەڭگۈ بىچارە ھالەتكە چۈشۈپ قالمايسەن؛ سەن ھەرگىزمۇ خىزمەتنىڭ قۇلى ئەمەسسەن، بەلكى سەن ئۇلۇغ ئاللاھنىڭ قۇلىسەن !.

# يەتتىنچى پەسىل:

## ئاللاھ نەدە

### ئاپتورى: دوكتور خالىد ئەبۇ شادى - تەرجىمە قىلغۇچى : ھىلالى

### ئاللاھ نەدە؟

زامانەم بۇ دېمە ھەرگىز ئۆتەر بولساڭ پاراغەتتە،
دېگىن دائىم:رەببىم مېنى بايقاپ تۇرار بۇ سائەتتە.
قىلار ئاللاھ بىپەرۋالىق دەپ ئويلىما بىرەر لەھزە،
خەۋەرداردۇر ئەسرارىڭدىن بولالمايسەن نە خىلۋەتتە...
قۇرئان كەرىم جىلۋىسىدىن:

( ئاللاھنىڭ كۆرۈپ تۇرىدىغانلىقىنى ئۇ بىلمەمدۇ؟) ئەلەق سۈرىسى 14-ئايەت.

كىتابچە:

ئاللاھنىڭ ئۆزلىرىنى كۆزىتىپ تۇرىدىغانلىقىغا سەل قاراپ، ئادەملەردىن يوشۇرۇن ئىشلارنى قىلماقچى بولسىمۇ، ئاللاھدىن يوشۇرالايدىغانلىقىنى ئەسلەپ، ئاللاھ غا خۇددى كۆز ئالدىلىرىدا تۇرغاندەك سەممىي ئىبادەت قىلىش ۋە ئۇنىڭدىن ھەقىقى يۈسۈندا قورقۇش يولىغا يۈزلىنەر دېگەن ئۈمۈدتە تۆھپە قىلىندى.

كىتابچىنىڭ مەزمۇنى:

* قەدىرلىك دوستۇم، دۇزاخ ئوتىدىن ساقلىنىڭ!
* بۇرادىرىم، ئاللاھدىن ھەقىقى ھايا قىلىڭ!
* ئاللاھدىن قورقۇشنىڭ نادىر ئۈلگىلىرى
* ھايا قىلىشنى قانداق ئۆگىنىش كېرەك.
* ئاللاھنىڭ مەخلۇقاتلىرى ئارىسىدىكى قىممىتىڭ قانچىلىك؟

ھايا قىلىش ۋاقتى يېتىپ كەلدى:

1- ئۆزەڭدىن

ئاللاھ ساڭا نەدە بولۇشۇڭدىن قەتئىنەزەر سېنى كۆرۈپ تۇرىدىغان ۋە قىيامەت كۈنى ئاللاھنىڭ ئالدىدا دۇزاخ دەرۋازىسى ئالدىدا ئۆزەڭگە گۇۋاھ بولىدىغان كۆزەتچى قىلىپ ياراتقان ئۆز قۇلىقىڭ، كۆزۈڭ ۋە تېرەڭدىن ھايا قىلغىن.

ئاللاھ تائالا دەيدۇ:((ئۇلار دۇزاخقا كەلگەن چاغدا، ئۇلارنىڭ قۇلاقلىرى، كۆزلىرى ۋە تېرىلىرى ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى ھەققىدە گۇۋاھلىق بېرىدۇ))فۇسسىلەت سۈرىسى 20-ئايەت.

رەسۇلۇللاھمۇ دەل مۇشۇ تۇپەيلى كۇلۇپ تاشلىغان ئىدى، ئەنەس ئىبنى مالىك مۇنداق بايان قىلغان:

رەسۇلۇللاھنىڭ ئالدىدا تۇراتتۇق، ئۇ كۇلۇپ تاشلاپ:"نېمگە كۇلگىنىمنى بىلدىڭلارمۇ؟" دەپ سورىدى، بىز :"ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلى ياخشى بىلگۇچىدۇر!"دەپ جاۋاپ بەردۇق، رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېدى:"ئاللاھنىڭ ئۇز بەندىسىگە قىلىدىغان سۆزىگە كۇلۇۋاتىمەن، بەندە مۇنداق دەيدۇ: "ئى پەرۋەردىگارىم! مېنى زۇلۇمدىن ساقلايتتىڭمۇ؟ "ئاللاھ ئۇنىڭغا جاۋابەن :"شۇنداق! "دەيدۇ، ئاندىن بەندە ئۇنىڭغا:"ئۇنداقتا مەن ئۆزەمگە ئۆزەمدىن باشقا گۇۋاھچى بولىشىغا ئۇنىمايمەن".رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېدى:ئاندىن ئاللاھ ئۇ بەندىنىڭ ئاغزىنى پېچەتلىۋىتىپ، ئۇنىڭ ئەزالىرىغا :"سۆزلە" دەيدۇ، ئەزالىرى ئۇنىڭ قىلمىشلىرىنى سۆزلەپ چىقىدۇ...ئاندىن ئاللاھ بەندىسىنىڭ سۆزلەش ئىقتىدارىنى ئەسلىگە كەلتۇرىدۇ، شۇ چاغدا بەندە ئۆزئەزالىرىغا كايىپ:سىلەردىن جاق تويدۇم! مەن دەل سىلەر ئۇچۇن جاپا چەككەنتىمغۇ!"دەيدۇ...

مۇشىنىڭغا ئوخشاش ئاللاھ تائالادىن ۋە ئاخىرەت كۇنىنىڭ تەييارلىقىدىن يۇز ئۆرىگەنلەرگە، دۇزاخ ئەھلىگە ھېساپ كۇنى ئاللاھ مۇنداق خىتاپ قىلىدۇ:«سىلەر-دۇنيادىكى چېغىڭلاردا قۇلىقىڭلارنىڭ، كۆزۇڭلارنىڭ، تېرىلىرىڭلارنىڭ ئۆز زىيىنىڭلارغا گۇۋاھلىق بېرىشىدىن ساقلانمىغان ئىدىڭلار - يەنى يامان ئىشلارنى قىلغان چېغىڭلاردا، رەسۋا بولۇشتىن قورقۇپ كىشىلەردىن يوشۇرغان ئىدىڭلار، ۋەھالەنكى ئەزالىرىڭلارنىڭ ئۆز زىيىنىڭلارغا گۇۋاھلىق بېرىدىغانلىقىنى ئويلىمىغان ئىدىڭلار، لېكىن سىلەر قىلمىشىڭلاردىن نۇرغۇن ئىشلارنى "ئاللاھ بىلمەيدۇ"دەپ گۇمان قىلدىڭلار »فۇسسىلەت سۇرىسى22-ئايەت.

**دۇردانە**

شاملىق ئابدۇللا بىننى ئابدۇللاھ مۇنداق بىر ئەقىل دۇردانىسى ئېيتقان:

ئۆتەر ئۆمۇر، كۆپىيەر گۇناھ،
خاتالىقلار تەكرار بى ئىسلاھ.
تانالماسسەن بىر گۇناھتىنمۇ،
ئەزالىرىڭ بولغانداگۇۋاھ!
قېرىماستىن ئۆتسەم دەر ئىنسان،
ئەجەپ!
قىلماي ئۆلۇمدىن ئاگاھ!
ھايا قىلىش ۋاقتى يېتىپ كەلدى
2-مەخلۇقاتلاردىن

چۈنكى، بارلىق مەخلۇقاتلار-ھاياتلىقلار، جانسىزلار، ئىنسى- جىنلار، مالائىكىلەر، تاغۇ-دەريالار، زېمىن ۋە ئوكيانلار ھەممىسى ھېچ بىر توختاپ قالماستىن ئاللاھ نى يادلاپ تەسبىھ ئېيتىپ تۇرىدۇ.

ئاللاھ تائالا ھەق دېگەنكى:(( كائىناتتىكى ھەرقانداق نەرسە ئاللاھ نى پاك دەپ مەدھىلەپ تۇرىدۇ، لېكىن سىلەر (تىلىڭلار ئوخشاش بولمىغانلىقى ئۈچۈن) ئۇلارنىڭ مەدھىسىنى سەزمەيسىلەر)) ئىسرا سۈرىسى، 44 ـ ئايەت.

رەسۇلۇللاھمۇ بىر ھەدىستە، ئاللاھ قا ئىبادەت قىلغۇچىلارنىڭ ئىنتايىن كۆپلۈكىنى، ھەتتا ئاسمانمۇ ئۇلار بىلەن تولۇپ كەتكەنلىكىنى بىزگە مۇنداق بايان قىلغان ئىدى:" ئاسمان ھەقلىق رەۋىشتە غىچىرلاپ تۇردى، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئاسماندىكى ھەر ـ بىر غېرىچ ئورۇندا ئاللاھنىڭ پاكلىقىنى مەدھىلەپ سەجدە قىلىپ تۇرغان پەرىشتىنىڭ پىشانىسى بار".

ئاللاھ ھەقىقەتەن پاكتۇر ئاسمان ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھ غا سەجدە قىلىپ تۇرغان پەرىشتىلەرنىڭ جىقلىقىدىن ۋە ئېغىرلىقىدىن غىچىرلاپ ئاۋاز چىقارماقتا!

بەلكى، ئەقىل يەتمەيدىغان، ئىنسان تەسەۋۋۇر قىلالمايدىغان مەخلۇقاتلار بار، ئاللاھ ئۇلارنى زىكرى-تەسبىھ ئۈچۈن ياراتقان.رەسۇلۇللاھ ئۇ مەخلۇقاتلارنىڭ قانداق زور ۋە قانداق چوڭ يارىتىلغانلىقىنى مۇنداق بايان قىلغان:

"ئەرش خادىملىرىدىن بولغان بىر خوراز توغرىسىدا سۆزلەشكە ماڭا رۇخسەت قىلىندى، ئۇنىڭ ئىككى پۇتى يەر تېگىدە، تاجىسى ئۈستىدە ئەرش تۇرىدۇ، ئۇنىڭ قۇلاق يۇپىكى بىلەن مۈرىسىنىڭ ئارىلىقىنىڭ مۇساپىسى يەتتە يۈز يىل قۇش ئۇچقۇدەك كېلىدۇ، ئۇ پەرىشتە :"قارارگاھىڭدا پاكتۇرسەن"دەپ تۇرىدۇ".

سىزمۇ ئېيتىڭ:"سۇبھانەللاھ!ئاللاھ بۈيۈكتۇر!

ئاللاھ ئۇلۇغدۇر!"رەسسۇلۇللاھنىڭ بۇ ھەدىسىنى ھەر دائىم تەكرارلاڭ:"ھەر قانداق مەخلۇقات ئىنسان بالىسىغا قارىغاندا ئاللاھ غا تېخىمۇ ئىتائەتچاندۇر!"

بۇ ھەدىسنى مەشھۇر تابىئىنلاردىن بولغان ئابدۇللاھ ئىبنى ئەۋن ئەلمىسرى ئاڭلاپ، دەرھال مۇنداق دېگەن:

"بىرىڭلار ئۆزى مىنگەن ئۇلىغى، كەيگەن كېيىمى ئۆزىگە قارىغاندا ئاللاھ غا تېخىمۇ كۆپ زىكرى ئېيتىدىغانلىقىدىن ئۇيالمامدىغاندۇ؟"

*دوزاختا كۆيمەسلىك ئۈچۈن

سۆيۈملۈك قېرىندىشىم!مەن شۇنداق دەپ سەندىن سوراپ باقاي:

ئويلاپ كۆر، ئادىشىپ قايسى بىر يۈلتۈز،

توپىدىن ئايرىلسا مەقسەتكە خىلاپ،

ئاللاھنىڭ ئەمرىدىن چەتنىگەن ھامان،
ۋەيران بوپ، يۇكسەكتىن چۈشىدۇ غۇلاپ،
گۇناھكار ئاسلار ئىبرەتى ئۈچۈن،
ئۆرتىلىپ بوشلۇقتا بولىدۇ خاراب!
ھاياتنىڭ قۇرۇلغان ھەق دىن ئۇستىگە،
شەرىئەت-ئوربىتىڭ، ئىچىدە ساۋاب.
كائىنات گۈلتاجى، بۇرچۇڭ قالدۇرۇپ،
كېتەمسەن زالالەت يولىغا قاراپ؟!

قېرىندىشىم! خۇددى يۇلتۇز ئاللاھ بەلگىلەپ بەرگەن ئوربىتىنى تەرك قىلسا ئۆرتۈلۈپ كۆيۈپ كەتكەندەك، ئىنسانمۇ ئاللاھ قا ئىتائەت قىلىش ئوربىتىدىن، ئاللاھ قا بويسۇنۇش يولىدىن چىقىپ كەتسە ئۆرتىلىپ كۆيىدۇ! دۇنيادا كۆيمەستىن، دوزاختا كۆيىدۇ!شۇڭا ئاللاھ يولىدىن بۇرۇلۇپ كەتمە، ئوربىتىدىن بۇرۇلۇپ كەتمە، ئۆز بۇرچۇڭ بىلەن قارشىلاشما!شۇندىلا دوزاخ ئوتىدا كۆيۈشتىن ساقلىنالايسەن!

**ھايا قىلىش ۋاقتى يېتىپ كەلدى.**

3-مالائىكىلەردىن

چوڭ-كىچىك قىلمىشلىرىڭنىڭ ھەممىسىنى كۆزىتىپ-خاتىرلەپ، ئۇلارنى ئاللاھ قا مەلۇم قىلىپ تۇرىدىغان، ئىشلىرىڭنى تەقىپ قىلىپ، نەپەسلىرىڭنىمۇساناپ تۇرىدىغان سېنى قوغداۋاتقان ئىككى پەرىشتىدىن ھايا قىلغىن!

ئۇ ئىككىسى غەپلەتتە قالماستىن، ئۇخلاپ قالماستىن سېنىڭ گۇناھلىرىڭنى كۆرۈپ تۇرىدۇ، ھالبۇكى ئۇلار گۇناھنىڭ مەنىسىنى بىلمەيدۇ، بەلكى نېمىگە بۇيرۇلغان بولسا شۇنى قىلىدۇ، سېنىڭ ياخشى-يامان ئىشلىرىڭغا گۇۋاھ بولىدۇ، ئاللاھ قا ئىتائەت قىلساڭ سەن بىلەن بىر سەپتە تۇرسا، گۇناھ قىلساڭ ساڭا قارشى سەپتە تۇرىدۇ، ئاللاھ تەئالابىزگە ئېيتقان شۇ كۈندە، ئۇلار گۇۋاھلىقنى ئادا قىلىپ ئامانەتنى تاپشۇرۇشقا تەييار:

((كىشىلەرنىڭ نامە ئەمالى ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ، گۇناھكارلارنىڭ ئۇنىڭدىكى خاتىرلەردىن قورقانلىقىنى كۆرىسەن، ئۇلار:"ۋاي بىزگە!بۇ نامەئەمالغا چوڭ-كىچىك گۇناھنىڭ ھەممىسى خاتىرلىنىپتىغۇ؟"دەيدۇ))كەھف سۈرىسى 49-ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئىبنى ئابباس مۇنداق تەپسىر قىلغان:"بۇ ئايەتتىكى كىچىكى تەبەسسۇمنى، چوڭى كۈلكىنى كۆرسىتىدۇ"...

شۇڭلاشقا مۇجاھىد ساڭا كۆيۈنۈپ، چىن قەلبىدىن مۇنداق نەسىھەت قىلغان:"كىشىلەر مەزكۇر ئايەتتىكى خاتىرلەشتىن چۆچۈگەن، ھالبۇكى"زۇلۇم" دىن

چۈچۈمگەن، شۇڭا ئۇشاق-چۈششەك گۇناھلاردىن ساقلىنىڭلار، چۈنكى ئۇششاق گۇناھلار يىغىلىپ ئىگىسىنى ھالاك قىلىدۇ".

يوشۇرۇن قىلغانلار ناشايان قىلىق،
سىرىنى ساقلاشقا قىلالماس ئامال،
مۇمكىنمۇ يوشۇرۇش، ئىككى پەرىشتە-
يېنىدا شاھىد، ھەم رەببى زۇلجەلال؟!

**ھېكمەت**

مالىك ئىبنى دىنار مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ:

ئىشەككىلىك بىر ئادەم دەريانىڭ يېنىدا كېتىۋاتاتتى، ئۇ ئىشىگىدىن چۈشۈپ، ئاغزىدا بىرنى ئىسقىرتقان، شۇنىڭ بىلەن ياخشىلىق پۈتكۈچى پەرىشتە بىلەن يامانلىق پۈتكۈچى پەرىشتە تالىشىپ قالغان، يامانلىق پۈتكۈچى پەرىشتە:"ئۇ ئويناپ ئىسقىرتتى"دېسە، ياخشىلىق پۈتكۈچى پەرىشتە :"ئۇ ئىشىگىنى سۈغارماقچى"دەيتتى ئاندىن ئاللاھ ئۇلارغا بىر پەرىشتە ئارقىلىق مۇنداق بۇيرۇق يەتكۈزدى:"ئىسقىرتقىنىنى خاتىرىلەڭلار، ئاللاھ ئۆزى چۈشىنىدۇ".

گۇناھىڭ بولسىمۇ زەررىدەك يېنىك،
مەقسەتلىك قىلدىڭمۇ، سۈرۈشتە باردۇر.
يامانلىق تاپارسەن يامانلىقىڭغا،
ئىزگۈلۈكلىرىڭگە ئۇتۇقلار باردۇر،
بۇ مەنا بايانى ئۇلۇغ رەببىڭنىڭ،
سۈرەئى"زىلزال"دا بەر قارارىدۇر.
قېرىنداشىم! شۇنداقلا:

4- قەۋمىڭدىكى ياخشى كىشىلەردىن ھايا قىلغىن!

چۈنكى، رەسۇلىمىز ئېيتقانكى:"خۇددى قەۋمىڭ ئىچىدىكى سالىھ كىشىلەردىن ھايا قىلغىنىڭدەك، ئاللاھدىن ھايا قىلىشىڭنى تەۋسىيە قىلىمەن".

قېرىنداشىم ماڭا چىن سۆزۈڭنى ئېيتىپ باققىن، ئەگەر ئۆز تۇققانلىرىڭ ئارىسىدىن بىر سالىھ كىشى ئۆيۈڭگە قەدەم تەشرىپ قىلىپ سېنى زىيارەت قىلسا، ئاندىن سېنى ئۆزى بىلەن بىللە ناماز ئوقۇشقا بۇيرۇسا، ئەگەر سەن بىناماز ئادەم بولغىنىڭدا، ھالىڭ قانداق بولار ئىدى؟ ياكى ئۇ تۇققىنىڭ سېنى قۇرئان ئوقۇشقا تەكلىپ قىلسا، قاراپ كۆرگەندە، ئۆيۈڭدىكى قۇرئان كەرىمنى توپا بېسىپ ياتقان، ئۇنى ئۆتكەن يىلقى رامىزان ئايلىرىدىن بېرى سۈرتۈپ قويۇشقا يارىمىغان بولساڭ؛ ياكى ئۇ ساڭا ئەڭ يېقىن مەسجىدنى كۆرسىتىپ قوي دېسە، ھالبۇكى، سەن ياستۇقىڭنى قىرلاپ ئۆيدىن چىقمايدىغان، پەقەت ئۆيۈڭدىلا ناماز ئوقۇيدىغان ھورۇن

ئادەم بولغان بولساڭ...بۇنداقتا قانداق ئەھۋالدا قالار ئىدىڭ؟! قانداق ئىنكاس قايتۇرار ئىدىڭ؟!!

چوقۇمكى، سەن ئۇ كىشىدىن هايا قىلىپ ئۇنىڭ كۆڭلىگە ئازار يەتكۈزمەسلىكىڭ ۋە ئۆز ئەيىبىڭنى يوشۇرۇش ئۈچۈن ناماز ئوقۇيسەن، قۇرئان ئوقۇيسەن ياكى مەسجىدكە يۈگرەيسەن... ئۇنداقتا، ئۇلۇغ ئاللاھنىڭ ئالدىدا بۇنداق خىجالەت هېسلىرى يوقمۇ؟!

قېرىندىشىم! فەرقەد ئەل سەنگى تەسۋىرلىگەن مۇناپىقتەك بولۇپ قېلىشتىن ساقلان:" مۇناپىق كۆزىتىپ تۇرار؛ بىرەرسى كۆرۈنمىسىلا يامانلىق ئىشكىلىرىگە ئۆزىنى ئۇرار، ئۇ ئادەملەرنىلا كۆزدە تۇتار، ئاللاھ نى كۆزدە تۇتماس".

5. ھەقىقى هايا ـ ئاللاھ تىن هايا قىلىشتۇر!

قېرىندىشىم! ئاللاھ تىن هايا قىلغىنىڭكى، ((ئۇ سېنى (نامازغا) قوپقىنىڭدا كۆرۈپ تۇرىدۇ، ناماز ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدىكى ھەركەتلىرىڭنى (سەجدە، رۇكۇ، قىياملىرىڭنى) كۆرۈپ تۇرىدۇ)). شۇئەرا سۈرىسى، 218 ـ 219 ـ ئايەتلەر.

بىلمەمسىلەركى، ئاللاھنىڭ سۈپەتلىرىدىن بىرى:((كۆزلەرنىڭ خىيانىتىنى ۋە قەلبلەردىكى يوشۇرۇن سىرلارنى بىلىپ تۇرىدۇ)). غافىر سۈرىسى، 19 ـ ئايەت.

ئاللاھ كېچە ـ كۈندۈز دېمەي يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا بارلىق ئەھۋالىڭلاردىن خەۋەرداردۇر، ((سىلەر قەيەردە بولساڭلار، ئاللاھ سىلەر بىلەن بىرگە)). ھەدىد سۈرىسى، 4 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

زالالەتكە چۆكۈپ، گۇناھلارغا غەرق بولغان ئاشۇنداق بىرى ((ئاللاھنىڭ (ئۇنى)كۆرۈپ تۇرىدىغانلىقىنى بىلمىدىمۇ؟)). ئەلەق سۈرىسى، 14 ـ ئايەت.

قىلمىشىڭلارنى ئاللاھ بىلمەي قالىدۇ دەپ ئويلىماڭلار! قىلىۋاتقان ئىشىڭلارنى ئاللاھ كۆرمەي قالىدۇ، دېگەن گۇماندا بولماڭلار! (( ئاللاھ ھەقىقەتەن سىلەرنى كۆزەتكۈچىدۇر)). نىسا سۈرىسى، 1 ـ ئايەت.

بەلكى ئاللاھ ئۆزى توغرىسىدا :((ھەر ـ بىر كىشىنىڭ قىلغانلىرىنى كۆزىتىپ، ئۈستىدە تۇرغۇچى)). رەئد سۈرىسى، 32 ـ ئايەت. دېگەن...

ھەر ـ بىر كىشىنىڭ ئارىسىدا سەنمۇ بارسەن، ئوقۇرمەن بۇرادەر!

ھۇمەيد ئەتتەۋىل دېگەن ئالىم سۇلايمان ئىبنى ئەلىگە مۇنداق سۆز قىلغان:" ئەگەر ئاللاھ كۆرۈپ تۇرىدۇ دەپ ئويلىغان هالدا، خىلۋەتتە ئاللاھ قا ئاسىيلىق قىلغان بولساڭ، ھەقىقەتەن زور جىنايەتكە جۈرئەت قىلغان بولىسەن؛ ئەگەردە ئاللاھ كۆرمەيدۇ دەپ ئويلىغان بولساڭ، ئېنىق كاپىر بولغىنىڭ شۇ!".

ھەي بۇرادەر!...

ئەبۇل فەرەج ئىبنى جەۋزى مۇنداق دېگەن ئىدى: "ئاللاھ! ئاللاھ! ئاللاھ! ئۇ سەن مەۋجۇد بولماستىلا سەن تەرەپتە تۇرغان، يەنى سېنىڭ يارىتىلىشىڭنى ھىمايە قىلىپ، پەرىشتىلەرگە:((مەن سىلەر بىلمەيدىغان نەرسىنى بىلمەن)) دېگەن. بەقەر سۈرىسى، 30 ـ ئايەت.

سېنىڭ ئاز ـ پاز ئەمىلىڭنى كۆپكە ساناپ:((ئاللاھ كۆپ زىكرى قىلغۇچى ئەر ۋە ئاياللار)). ئەھزاب سۈرىسى، 34 ـ ئايەت، دەپ تەرىپلىگەن.

سېنىڭ ئەسلى ئاتا ـ ئاناڭنىڭ خاتالىقىنىڭ ئۆزرىسىنى ساڭا كۆرسىتىپ: (( (شەيتان) ئالدامچىلىق ئۇسۇللىرى ئارقىلىق ئۇلارنى (يۇقىرى مەرتىۋىدىن تۆۋەن مەرتىۋىگە) چۈشۈردى)). ئەئراف سۈرىسى، 21 ـ ئايەت) دېگەن. ..

ئۇ سېنىڭ يارىماس قىلمىشلىرىڭنى: ((ئى ئىنسان! سېنى مەرھەمەتلىك پەرۋەردىگارىڭغا ئاسىيلىق قىلىشقا نېمە ئالدىدى؟)). (ئىنفىتار سۈرىسى، 6 ـ ئايەت)

لىباسىغا يۆگەپ، ئۆزىگە قىلغان مۇئامىلدە سېنى پايدىغا ئېرىشتۈرۈپ:((ئۇن ھەسسە ئارتۇق ساۋاپقا ئىگە بولىدۇ)). ( ئەنئام سۈرىسى، 159 ـ ئايەت)دېگەن...

سەن يوق چاغدا سېنى ھىمايە قىلغان زات، سەن بار چاغدا سېنى ھەرگىز زىيانغا ئۇچراتماس... ئۇ خۇددى سېنى قالغان مەخلۇقاتلارنىڭ ئالدىدا قويغىنىدەك، سەنمۇ ئۇنى تەلەپلىرىگە قارىتا قەلبىڭدە بىرىنچى ئورۇنغا قويغىن!

**نادىر ئۈلگىلەر**

A. ئىبنى ئۆمەر بىلەن پادىچى:

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر مەككىگە كېتىۋاتقان سەپىرىدە، ئارام ئېلىش ئۈچۈن يولنىڭ بىر يېرىدە توختىدى.شۇ چاغدا ئۇنىڭ يېنىغا بىر پادىچى يېتىپ كەلدى.ئابدۇللاھ ئۇنىڭغا ھەي پادىچى "ماڭا قويلىرىڭدىن بىرنى سېتىپ بەرگىن!" دېدى.پادىچى:"مەن قۇلمەن" دەپ جاۋاپ بەردى، ئابدۇللاھ:"خوجايىنىڭغا بىر قويىنى بۆرە يەپ كەتتى دېسەڭ بولمىدىمۇ؟"دېۋىدى، ئۇ:"ئاللاھ بارغۇ؟"دېدى، ئىبنى ئۆمەر يىغلاپ كەتتى، كېيىن ئۇ قۇلنىڭ ئىگىسىگە بېرىپ، ئۇنى سېتىۋېلىپ ئازاد قىلدى ۋە ئۇنىڭغا بىر توپ قوي سېتىۋېلىپ ئىنئام قىلدى...

كىمكى ئاللاھ رىزاسى ئۈچۈن ھارامدىن ۋاز كېچسە، ئاللاھ ئۇنىڭغا ھالالنى ئاتا قىلىدۇ، بىر دانە قوي ئالدىدا ئىپپىتىنى ساقلىغان ئادەمنى ئاللاھ بىر توپ قويغا ئىگە قىلدى...

B. شەھۋەتلەرگە غالىپ كەلگەن ھايا:

مەدىنىلىكلەر ئارىسىدا بىر ياش يىگىت بار بولۇپ، بارلىق نامازلارغا ئۆمەر ئىبنى خەتتاپ بىلەن بىرگە ھازىر بولاتتى، بۇ يىگىت كۆرۈنمەي قالسا ئۆمەر ئىبنى خەتتاپ ئۇنىڭ ئەھۋالىنى سوراپ تۇراتتى. مەدىنىلىكلەردىن بىر ئايال بۇ يىگىتكە ئاشىق بولۇپ

قالغان ئىدى.بۇ ئايال ئۆز ئەھۋالىنى بەزى ئاياللارغا بايان قىلغاندا، بىرسى ئۇنىڭغا:"مەن ھېلە ئىشلىتىپ ئۇ يىگىتنى سېنىڭ قېشىڭغا كىرگۈزۈپ بېرىمەن"دەپ ۋەدە قىلدى.

ئۇ ھېلىگەر ئايال يىگىتنىڭ ئۆتىدىغان يولىدا ئولتۇردى، يىگىت يولدىن ئۆتكەن چاغدا، ئۇنىڭغا:"مەن يېشىم چوڭىيىپ ئاجىزلاپ قالغان مومايمەن، بىر قويۇم بار ئىدى، ساغاي دېسەم ساغالمىدىم، ئاللاھ رىزاسى ئۈچۈن ياردەم قىلغان بولساڭ"دېدى.يىگىت ئۇنىڭ ئۆيىگە كىرىشىگە ھېلىقى ئاشىق ئايال يىگىتتىن ئۆزىگە يېقىنلىشىشنى تەلەپ قىلدى، يىگىت ئۆزىنى قاچۇردى، يىگىت ئۇ ئايالنىڭ تەلىپىگە قەتئى ئۇنىمىغان چاغدا، ئايال ئاللا-چۇقان كۆتەردى ۋە كىشىلەر يىغىلدى.

ئۇ ئايال:"بۇ يىگىت ئۆيگە بېسىپ كىرىپ ناشايەن ئىشقا زورلىدى"دەپ تۇرىۋالدى.كىشىلەر يىگىتكە ئېتىلىپ كېلىپ، ئۇنى ئۇرۇشقا باشلىدى ھەمدە يىگىتنى باغلاپ ئۆمەر خەلىپىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىشتى.

ئۆمەر ئۇنى كۆرۈشى بىلەنلا:"ئى ئاللاھ ئۇ توغرىسىدىكى ئويۇمنى يالغانغا چىقارمىغىن"دېدى.كىشىلەر ئۇنىڭغا ۋەقەنى بايان قىلدى.ئۆمەر يىگىتكە بۇرۇلۇپ:"ماڭا راست سۆزلىگىن"دېدى.يىگىت ھەقىقى ۋەقەنى سۆزلەپ بەردى.خەلىپە ئۆمەر :"ھېلىقى موماينى كۆرسەڭ تونۇمسەن؟"دەپ سورىغاندا، ئۇ :"تونۇيمەن"دېدى.

ئۆمەر ھېلىقى ئايالنىڭ خوشنىلىرىغا ئادەم ئەۋەتىپ، ئاياللارنى ئەكەلدۈرۈپ يىگىتنىڭ ئالدىدىن ئۆتكۈزدى، ئۇ تونۇيالمايۋاتاتتى، ئاخىرى بىر موماي ئۆتكەن چاغدا، يىگىت دەرھال:"ئى مۆمىنلەرنىڭ ئەمىرى مانا مۇشۇ شۇ "دېدى، ئۆمەر مۇبارەك دەررىسىنى كۆتۈرۈپ ئۇ مۇمايغا:"ماڭا راست گەپ قىل"دەپ بۇيرۇدى، مۇماي ۋەقەنى يىگىتنىڭ دېگىنىگە ئوخشاش بايان قىلدى، خەلىپە ئۆمەر:"ئارىمىزدا يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامدەك يىگىتلەرنى قىلغان ئاللاھقا مەدھىيەلەر بولسۇن"دەپ توۋلىۋەتتى.

**مۇبارەكنىڭ تويى مۇبارەك..**

بۇ، ئىمام، ئىسلام پېشىۋاسى تەرىپلىك ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەكنىڭ دادىسى مۇبارەك توغرىسىدىكى گەپ.مۇبارەك ئەسلى خوجايىنى ئازات قىلغان قۇل ئىدى.كېيىن ئۇ بىر باغدا ئىجارىكەش ئىشلەمچى بولغان ئىدى.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە باغنىڭ ئىگىسى بىر توپ دوستلىرى بىلەن بىللە باغقا كىرىپ قالدى ۋە مۇبارەككە:"ئوبدان تاتلىق ئانارلىدىن ئۈزۈپ ئەكەلگىن "دېدى.ئۇ بىر قانچە ئانارنى ئەكەلگەن ئىدى، ئاچچىق بولۇپ چىقتى، باغنىڭ ئىگىسى:"سەن تاتلىق ئانارنى ئاچچىقىدىن ئايرىپ تونۇيالامسەن؟"دەپ سورىدى.ئۇ "سىز ماڭا تاتلىق - ئاچچىقنى تونۇشقا ماڭا رۇخسەت قىلمىغان تۇرسىڭىز"دەپ جاۋاپ بەردى.باغنىڭ

ئېگىسى:"سەن مۇنچە يىلدىن بىرى باققا قاراۋاتقان تۇرۇغلۇق مۇنداق دەيسەنغۇ؟"دېدى.

ھەمدە ئۇ ئۆزىنى ئالداۋاتىدۇ دەپ گۇمان قىلىپ، باغ قوشنىلىرىدىن سوراپ كۆردى.ئۇلار:"مۇبارەك بۇ يەردە ئىشلىگەندىن بېرى بىرەر دانە ئانارنى يەپ باقمىدى"دېيىشتى.

باغنىڭ ئىگىسى ئۇنىڭغا:"مۇبارەك، سەن دەپ باققىن"مېنىڭ بىرلا قىزىم بار، ئۇنى كىمگە بېرىشىم كېرەك؟"دەپ سورىدى.مۇبارەك مۇنداق دېدى:"يەھۇدىلار پۇل-مال ئۈچۈن قىز بېرىدۇ، ناسارالار گۈزەللىك ئۈچۈن قىز بېرىدۇ، ئەرەپلەر ئەسلى-نەسەپ سۈرۈشتۈرۈش ئۈچۈن قىز بېرىدۇ، مۇسۇلمانلار تەقۋالىق ئۈچۈن قىز بېرىدۇ، سىز قايسى تۈرگە كىرىسىز؟قىزىڭىزنى ئۆز تۈرىڭىزدىكىلەرگە بېرىڭ".

باغنىڭ ئىگىسى سەندىنمۇ تەقۋادار ئادەم تېپىلارمۇ؟"دېدى ۋە كېيىن قىزىنى ئۇنىڭغا بەردى.دەل مۇشۇ قىزدىن مەشھۇر ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەك تۇغۇلدى...(مۇنبەت يەرنىڭ گىياسى ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن كۆركەم ئۆسىدۇ، ناچار يەرنىڭ گىياسى ناچار ئۆسىدۇ)ئەئراف سۈرىسى58-ئايەت.

# ئۈچ توپلام

ھايالىق قېرىندىشىم! بىلگىنكى، قىلغان ھەر قانداق ئەمەلىڭ ئۈچۈن قىيامەت كۈنى ئۈچ دەپتەر توپلىمى ئېچىلىدۇ:

نېمە ئۈچۈن قىلدىڭ؟ئاللاھ ئۈچۈنمۇ، شەيتان ئۈچۈنمۇ؟ دىن ئۈچۈنمۇ؟ جەننەت ئۈچۈنمۇ، ياكى دوزاخ ئۈچۈنمۇ؟مالائىكىلەرنى خۇرسەن قىلىش ئۈچۈنمۇ، ياكى خاپا قىلىش ئۈچۈنمۇ؟ئىبلىسقا دۈشمەنلىشىش ئۈچۈنمۇ، ياكى دوستلىشىش ئۈچۈنمۇ؟

ئەگەر ئاللاھ ئۈچۈن بولسا راۋان بولغىنى، باشقىلار ئۈچۈن بولغانداكېچىككىنى.

قانداق قىلدىڭ؟ئەگەر ئەمەللىرىڭ ئاللاھ ئۈچۈن بولغان بولسا، قانداق ئادا قىلىندى؟قەلبىڭدىكى ھەقىقى نىيەت بىلەنمۇ، ياكى ۋىجدانىڭدىن سىرتمۇ؟

كىم ئۈچۈن قىلدىڭ؟ئەمەلىڭدە ئاللاھنىڭ رىزالىقىنىلا كۆزلەپ چىن ئىخلاسىڭ بىلەن قىلدىڭمۇ؟نىيىتىڭدە ئاللاھنىڭ مەخلۇقاتلىرىدىن بىرى شېرىك بولدىمۇ يا؟ئەمەلىڭ بىلەن رىيا قىلدىڭمۇ؟باشقىلارغا داۋراڭ سېلىش ئۈچۈن بولدىمۇ؟!!

ھايالىق بۇرادىرىم!سەن مۆمىنسەن، مۆمىن دېگەن پۇختا، ئەستايىدىل بولىدۇ، ئىشەنچ بىلەن قەدەم باسىدۇ، ھەرگىز ناماز شام قارىغۇسىدەك قارىسىغا ئىش قىلمايدۇ.

قىلىشنى قانداق ئۆگىنىش كېرەك؟

ئاللاھ نى تونۇشنى قانداق ۋايىغا يەتكۈزۈش لازىم؟

1ـ ئىنتايىن ئاسان ئۇسۇل:

سەھل ئىبنى ئابدۇللا تەسەتتۇرى مۇنداق دېگەن:

ئۈچ ياش ۋاقتىمدا كېچىلىرى تۇرۇپ ئىبادەت قىلاتتىم، تاغام مۇھەممەد ئىبنى سىۋارنىڭ ئوقۇغان نامازلىرىغا قارايتتىم، بىر كۈنى مەندىن:"سېنى ياراتقان ئاللاھ نى زىكرى قىلمامسەن؟" جېجى، مەن:" قانداق زىكرى قىلىمەن؟" دەپ سورسام، " يوتقىنىڭدا ئۆرۈلگەن چاغلىرىڭدا تىلىڭنى ھەرىكەتلەندۇرمەستىن قەلبىڭ بىلەن ئۈچ قېتىم:" ئاللاھ مەن بىلەن بىللە، ئاللاھ قاراپ تۇرغۇچى، ئاللاھ مېنى كۆرۈپ تۇرغۇچى"دېگىن دېدى.

مەن بىر نەچچە كېچىلەرگىچە مەزكۇر سۆزلەرنى تەكرارلىغاندىن كېيىن، تاغامغا بىلدۈردۈم. ئۇ ماڭا:" ئۇلارنى ھەر كېچىسى11قېتىمدىن تەكرارلىغىن"دېدى. مەن مۇشۇنداق تەكرارلاۋەرسەم، قەلبىمگە بىر خىل شېرىن تۇيغۇ پەيدا بولدى، بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن تاغام ماڭا:" ئۇگەنگىنىڭنى يادلا، قەبرىگە كىرگۈچە شۇنداق داۋاملاشتۇر، ئۇ ساڭا دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە مەنپەئەت قىلىدۇ" دېدى. نۇرغۇن يىللارغىچە مۇشۇنداق داۋاملاشتۇرۇپ كەلدىم. كېيىن بىر كۈنى تاغام ماڭا مۇنداق دېدى:" ھەي سەھل، ئاللاھ ئۇزى بىلەن بىللە بولغان، ئۇنىڭغا قاراپ تۇرغان ھەم كۆرۈپ تۇرغان ئادەم ئاللاھ قا ئاسىيلىق قىلامدۇ؟"

**2. گۇناھلاردىن ساقلانغىن**

ھايالىق قېرىندىشىم !

* ئەقىل غايىپ بولۇپ، شەھۋەت غالىپ كېلىپ، گۇناھ يېقىنلىشىپ، قەلب مەستلىككە غەرق بولغاندا دەرھال يادلىغىن:" ئاللاھ مەن بىلەن بىللە، ئاللاھ ماڭا قاراپ تۇرغۇچى، ئاللاھ مېنى كۆرۈپ تۇرغۇچى!

* خىلۋەتتە تۇرغىنىڭدا، ھېچكىم قېشىڭدا يوق چاغدا، كۆزلەر ئۇيقۇغا غەرق بولغان ۋاقىتتا ئەسلىگىن: ئاللاھ مەن بىلەن بىللە، ئاللاھ ماڭا قاراپ تۇرغۇچى، ئاللاھ مېنى كۆرۈپ تۇرغۇچى!

* ئاللاھنىڭ نىمەتلىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈش.

قانچە قېتىملاپ ئاغرىپ قالغىنىڭدا، ئۇ ساڭا شىپالىق ئاتا قىلدى؛ بېشىڭغا كۈن چۈشكەندە سېنى قۇتقازدى؛ ئاچ ـ ئۇسسۇزلىققا گىرىپتار بولغىنىڭدا ئۇ سېنى ئوزۇقلاندۇرۇپ، ئۇسسۇزلۇقىڭنى قاندۇردى؛ گۇناھلىرىڭنى مەغپىرەت قىلىش ئۈچۈن سېنى قىيىنچىلىقلارغا دۇچار قىلىپ سىنىدى، خاتالىقلىرىڭنى ئۆچۈرۈش ئۈچۈن بالا ـ قازاغا گىرىپتار قىلدى؛ مىليۇنلىغان كىشىلەر كاپىرلىقنىڭ دېڭىزىغا غەرق بولۇپ يۈرگەندە، ئۇ سېنى ئىسلامغا مۇشەررەپ قىلدى؛ ساڭا كۆرۈش، ئاڭلاش، چۈشىنىش نىمەتلىرىنى ئاتا قىلدى، ھالبۇكى بۇ نىمەتلەردىن نۇرغۇن ئادەم مەھرۇمدۇر...سەن

ئۇنىڭغا گۇناھلىرىڭ ئارقىلىق پوچىلىق قىلىسەنۇ، ئۇ سېنى سۆيىدۇ؛ ئۇنىڭغا ئاسىي بولىسەنۇ، ئۇ گۇناھلىرىڭنى مەغپىرەت قىلىدۇ...

سەن ئاللاھنىڭ ساڭا ياپقان خەيرخاھلىق پەردىسىنى يىرتىساڭمۇ، ئۇ سېنى رەھمەت پەردىسى بىلەن داۋاملىق ياپىدۇ؛ يامانلىق قىلغىنىڭغا ياخشىلىق قىلىدۇ، گۇناھ قىلغىنىڭغا ئىنئام قىلىدۇ، مۇناسىۋەتنى ئۈزگىنىڭگە قارىماي ساڭا كۆيىنىدۇ؛ تىلىڭنىڭ يالغانچىلىق گۇناھى ئۈچۈن سېنى سۆزلەش نىمىتىدىن مەھرۇم قىلمايدۇ؛ هارامغا تىكىلىش گۇناھىڭ تۇرسىمۇ، سېنى كۆرۈش نىمىتىدىن ئايرىمايدۇ؛ هارام، ناشايان سۆزلەرگە قۇلاق سېلىش خاتالىقىڭ ئۈچۈن سېنى گاچا قىلىپ تاشلاش ئارقىلىق جازالىمايدۇ...

ئۇ ساڭا سەن بىلىدىغان نىمەتلەرنىمۇ، سەن بىلمەيدىغان نىمەتلەرنىمۇ ئاتا قىلغان؛ سەن ئۇنىڭ بەزى نىمەتلىرىنى ھېس قىلساڭمۇ، بەزىلىرىنى سەزمەيسەن، شۇنداق جىق نىمەتلەرنى ئاتا قىلغانكى، سەن ئۇلارنى دائىم كۆرۈپ ئادەتلىنىپ قالغىنىڭ ئۈچۈنلا شۇكرى قىلىشنى ئۇنتۇپ قالماقتىسەن، ئۇلارنىڭ قىممىتىنى پەقەت ئۇلاردىن ئايرىلىپ قالغان چېغىڭدىلا تونۇپ يېتەلەيسەن...

ھارۇن رەشىدنىڭ نەسىھەتچىسى

ئىبنى سامماك ئىسمى بىلەن مەشھۇر بولغان مۇھەممەد ئىبنى سەبىھ بىر كۈنى ھارۇن رەشىدنىڭ ھوزۇرىغا كىرگەن ئىدى، ئۇنىڭ قولىدىكى قاچىدا بىر يۇتۇم سۇ سۇ بار ئىدى، ئۇ" مەن سىزنى بۇ سۇ دىن مەھرۇم قىلسام نەچچە پۇلغا سېتىۋالار ئىدىڭىز؟"دەپ سورىدى.ھارۇن رەشىد:"قول ئىلكىمدىكىلەرنىڭ يېرىمىغا سېتىۋالار ئىدىم"دېدى.ئىبنى سەمماك:"ئۇنى ئىچكەندىن كېيىن سىرتقا چىقىشتىن مەھرۇم بولسىڭىز، بۇنىڭ ئامالىنى نەچچىگە سېتىۋالار ئىدىڭىز؟"دەپ سورىدى.ھارۇن رەشىد:"بارلىق مۈلكىمگە سېتىۋالغان بولاتتىم"دەپ جاۋاپ بەردى.ئىبنى سەمماك دېدىكى:"مۈلكىڭىز بىر يۇتۇم سۇ ۋە بىر قېتىم سېيىشكە يارايدىكەن!"

**ھەر كۈنلۈكى 24مىڭ نېئمەت**

ئىبنى قەييۇم رەھمۇتۇللاھ مۇنداق دېگەن:

"نەفەس ئېلىش ئىنسانلار ساناپ يۈرمەيدىغان نېئمەتلەرنىڭ ئادەتتىكى بىرسى بولىشى كۇپايە، ئىنسان بىر كېچە-كۈندۈزدە 24مىڭ قېتىم نەپەسلىنىدۇ، دېمەك ئاللاھ بىرلا نەپەسلىنىش بابىدا ئىنسانغا بىر كېچە كۈندۈزدە 24مىڭ دانە نىئمەت ئاتا قىلىۋاتىدۇ بۇ نېئمەتلەرنىڭ ھەر بىرىگە قارىتا بەندىنىڭ ئاللاھ غا شۇكرى-رەھمەت ئېيتىش مەجبۇرىيىتى بولىدۇ"

**ئەرابى ئۇستازنىڭ تەلىمى**

ھېكايە قىلىنىشىچە، بىر ئەرابى(تاغلىق ئەرەب)خەلىفە ھارۇن رەشىدنىڭ ئالدىغا

كىرىپ، ئۇنىڭغا مۇنداق دېگەن:"ھەي مۆمىنلەرنىڭ ئەمىرى!ئاللاھ سەندە بار نېئمەتلەرنى ئۇلارنىڭ شۈكرىسىنى ئادا قىلىش بەدىلىگە داۋاملاشتۇرسۇن! سەن بولىشنى ئۈمۈد قىلىدىغان نېئمەتلەرنى ئاللاھ غا ياخشى ئۈمۈدتە بولۇش بەدىلىگە قولۇڭغا يەتكۈزسۇن!سەندە بار بولسىمۇ، سەن تونۇمايۋاتقان نېئمەتلەرنى ئۇلارغا شۈكرى قىلىشىڭ ئۈچۈن ساڭا تونۇتسۇن!"

بۇ سۆز ھارۇن رەشىدكە بەك ياقتى ۋە مۇنداق دېدى:"ئۇنىڭ تەقسىملىشى نېمە دېگەن ياخشى!"

3.ئاللاھنىڭ مۈلكى ئىچىدە قىممىتىڭ قانچىلىك؟

بۇ ئۇلۇغ كائىناتنىڭ ھەجمىنى ۋە ئۆزەڭنىڭ ئۇنىڭدىكى ھالىتىڭنى ئېنىق بىلسەڭ، تېخىمۇ ھايا قىلىشىڭغا بۇ ئوبدان تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ، ئاللاھنىڭ ئالدىدا كۆزىتىلىپ تۇرغانلىقىڭنى ئېنىق سېزىشكە باشلايسەن، بىرىنچى ھەدىسكە قۇلاق سالغىن، رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن:"يەتتەقات ئاسمان-ئەرشى-كۈرسىنىڭ ئىچىدە پەقەت قالقانغا تاشلاپ قويۇلغان يەتتە دانە تەڭگىدەك كېلىدۇ".

ئۇنداقتا يەتتەئاسمان قانچىلىك دەپ سورايسەن؟

ئىككىنچى ھەدىسكەقۇلاق سالغىن، ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن:"بىر ئاسمان بىلەن يەنە بىرىنىڭ ئارلىقى بەش يۈز يىللىق مۇساپە، ھەر بىر ئاسماننىڭ ئارلىقى يەنە بەش يۈز يىللىق مۇساپە، كۈرسى بىلەن سۇنىڭ ئارلىقى بەش يۈز يىللىق مۇساپە، ئەرش بولسا سۇنىڭ ئۈستىدە، ئاللاھ ئەرش ئۈستىدە قىلغان-ئەتكىنىڭلاردىن ھېچ نەرسە ئاللاھ غا يوشۇرۇن ئەمەس".

ئەمدى ئۆزەڭنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىڭنى بىلگەنسەن؟!سەن ئىنسان، ئاللاھنىڭ نەزىرىدە پاشىنىڭ قانىغا تەڭ كەلمەيدىغان دۇنيانىڭ بىر قىسمى!ئۇنداقتا، تەكەببۇرلۇق نېمە ئۈچۈن؟گۇناھلار نېمە ئۈچۈن؟!ھەددىدىن ئېشىش نېمە ئۈچۈن؟؟!!

4.ئەمەللەرنىڭ ساۋابى بىكار بولۇپ كېتىشىدىن قورقۇش كېرەك

رەسۇلىمىز بۇ خىل تەھدىدنىڭ ئادەملەر ئارىسىدىكى چېغىدا ئىتائەتمەن تۇرقىغا كىرىۋالسىمۇ، ئاللاھنىڭ ئالدىدا خىلۋەتتە قالغاندا پاسقىلىشىپ كېتىدىغان ئىككى يۈزلىمە كاززاپلارغا قارىتىلغانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن:"ئۈممەتلىرىمدىن بىر نەچچە قەۋملەرنى بىلىمەن، ئۇلار قىيامەت كۈنىدە تىھامە(يەر ئىسمى)نىڭ ئاقباس تاغلىرىدەك ياخشىلىقلار بىلەن كەلسىمۇ، ئاللاھ ئۇلارنى توزاندەك توزۇتۇپ يوق قىلىدۇ، ئاگاھ بولۇڭلاركى، ئۇنداقلار سىلەرنىڭ قېرىنداشلىرىڭلار، سىلەرنىڭ نەسلىڭلاردىن، خۇددى سىلەردەكلا كېچىلىرى ئىبادەت قىلىدۇ، بىراق ئۇلار يالغۇز چاغلىرىدا ئاللاھ ھارام قىلغان ئىشلارنى قىلىدىغان قەۋملەردۇر!"

شۇڭا ياخشى ئەمەللىرىڭنىڭ بېھۇدە يوق قىلىنىشىدىن ھەزەر قىل!ياخشى ئىشلىرىڭنى ئاسرا، ئاللاھ قا ھەر دائىم ئىتائەت قىلىشتىن يالتايما، تىرىشچانلىقلىرىڭنى بېھۇدە زايا قىلمىغىن، كېچىدە بىپەرۋا يول مېڭىپ، كۈن چىققاندا خاتا يولدا ئىكەنلىكىنى بىلگەن ئادەمگە ئوخشاپ قالمىغىن، مەخلۇقاتلارنىڭ رازىلىقىنى ئەمەس، ئاللاھنىڭ رىزاسىنى كۆزلىگىن، چۈنكى مەخلۇقاتلارنىڭ رازىلىقى يەتكىلى بولمايدىغان غايە، ئىشقا ئاشمايدىغان قۇرۇق خىيالدۇر.

**قايىسسى ئاسان**

سەلەمە ئىبنى دىنار مۇنداق دېگەن:

"بەندىنىڭ ئاللاھ ئۈچۈن ياسىنىشى خەلقنىڭ ئۇنى ياخشى كۆرىشىگە سەۋەب بولىدۇ، بەندىنىڭ خەلق ئۈچۈن ياسىنىشى ئاللاھنىڭ ئۇنىڭغا ئۆچ بولىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، بىر زات بىلەن مادارا قىلىش نۇرغۇن زاتلار بىلەن مادارا قىلغاندىن ئاسان، سەن قاچان ئاللاھ بىلەن مادارا قىلساڭ(يەنى ئۇنىڭ رازى قىلساڭ) بارلىق يۈزلەر ساڭا مايىل بولىدۇ، قاچانكى ئۇنىڭ نارازىلىقىغا يولۇقساڭ، سېنى بارلىق كىشىلەر ياقتۇرمايدۇ".

**تۇگەشكەن دەۋەتچى**

يەھيا ئىبنى مۇئاز سورۇنلاردا مۇنداق دېكلۇماتسىيە قىلاتتى:

ۋەز ئېيتار بىراۋلار، قوبۇل قىلىنماس،

قەلبىدىن باشتا ئۇ قارار ئالمىسا.

خالايىق!تۈگەشكەن دەۋەتچىدۇر شۇ،

سۆزلىسە، ئىشىغا نەزەر سالمىسا،

كۆرۈنۈپ تەقۋادار كىشىلەر ئارا،

خىلۋەتتە رەببىگە سادىق بولمىسا!

5.يوشۇرۇن ئىبادەت قىلىشنىڭ ساۋابىدىن خۇرسەن بولۇش

ئاللاھ نى كۆز ئالدىدا تۇرغاندەك سېزىشنىڭ يەنە بىر خىل ئۇسۇلى شۇكى، يوشۇرۇن ئىبادەت قىلىش ئارقىلىق ھاسىل بولىدىغان ساۋاپتىن خۇرسەن بولۇش لازىم.

بۇ خىل ئىبادەتلەرگە بېرىلىدىغان ساۋاپلار ئىگىسى، ئاللاھنىڭ سايىسىدىن باشقا سايە يوق كۈندە ئاللاھ ئۆز سايىسىدا سايىتىدىغان يەتتە تۈرلۈك ئادەمنىڭ ئۈچ تۈرلىكى يوشۇرۇن ئىبادەت قىلىدىغانلاردىن ئىكەنلىكىنى ئەسلەش كۇپايە!:"يەنە بىرى، ئابرويلۇق، گۈزەل بىر ئايال ئۆزىگە چاقىرسا، مەن ئاللاھدىن قورقىمەن، دېيەلىگەن كىشىدۇر، يەنە بىرى يوشۇرن ھالدا سەدىقە بەرگەن، ھەتتا ئوڭ قولى نېمىنى بەرگەنلىكىنى سول قولى بىلمەيدىغان ئادەمدۇر، يەنە بىرى شۇكى، ھېچ كىشى يوق خىلۋەت جايدا ئاللاھ نى ئەسلەپ كۆزلىرى ياش تۆككەن كىشىدۇر"

شۇنداق زور ساۋاپنىڭ سىرى شۇكى، يوشۇرۇن ئىبادەت ئىخلاسقا تېخىمۇ يېقىن، رىيا، ماختىنىش ۋە شۆھرەتتىن تېخىمۇ يىراق، مەغرۇرلۇق قىلىشتىن ئىبارەت نەفسى خاھىشنى تىزگىنلەشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىدۇ، شۇڭا بەزى ئەسەرلەردە (ھەدىسلەردە)يوشۇرۇن ئىبادەتنىڭ ئاشكارا قىلىغان ئىبادەتتىن 70 ھەسسە ئارتۇق ئىكەنلىكى بايان قىلىنغان.

شۇڭا بۇ خىل ساۋاپنىڭ كاتتىلىقنى كۆز ئالدىڭغا كەلتۈرسەڭ، ھەر قانداق ئەھۋالدا ئاللاھنىڭ چەكلىمىسىدىن ئۆزەڭنى تارتىشىڭ ئاسان بولىدۇ، ھەمدە ئاللاھنىڭ ئالدىدا يېقىن، سالىھ بەندىلىرىدىن بولۇپ قالىسەن.

*.شۇڭا كەئبۇل ئەھبار ساڭا مۇنداق دەپ خوشخەۋەر بەرگەن:" كىمكى ئۆزىنى كۆرۈپ تۇرىدىغان بىرى يوق جايدا ئاللاھ غا بىر كېچە ئىبادەت قىلسا، خۇددى كېچىدىن كۈندۈزگە چىققاندەك گۇناھلىرىدىن چىقىپ كېتىدۇ".

*يەنە ئەمرى ئىبنى ئاس مۇنداق دېگەن:"كېچىدىكى بىر رەكئەت ناماز كۈندۈزدىكى ئون رەكئەت نامازدىن ياخشىدۇر".

*ھۇزەيفە ئىبنى قەتادە ئۈچىنچى بولۇپ مۇنداق دېگەن:" ئەگەر ئاللاھ غا خىلۋەتتە ئىتائەت قىلساڭ، مەيلى سەن خالا ياكى خالىما، ئاللاھ قەلبىڭنى ئىسلاھ قىلىپ قويىدۇ".

بىر كىشى تەمىم ئەددادىغا :" كېچىدە قانداق ناماز ئوقۇيسىز؟" دېگەندە، ئۇ قاتتىق غەزەپلىنىپ، ئاندىن مۇنداق دېگەن:"ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، پۈتۈن كېچىدە ناماز ئوقۇپ چىقىپ ئاندىن ئۇنى باشقىلارغا سۆزلەپ يۈرۈشتىن يېرىم كېچىدە يوشۇرۇن ھالدا بىر رەكئەت ناماز ئوقۇشنى ياخشى كۆرىمەن".

**مەخپى ئىنسانپەرۋەرلىك**

ئابدۇللا ئىبنى مۇبارەك رۇقىە دىيارىغا كۆپ باراتتى ۋە ئۇ يەردىكى بىر سارايدا تۇراتتى. بىر يىگىت ئۇنىڭ ھوزۇرىغا كېلىپ، ئۇنىڭ ئىشلىرىنى بېجىرىپ بىرەتتى ۋە ئۇنىڭدىن ھەدىس ئاڭلايتتى.

ئابدۇللا بىر قېتىم رۇقىەگە كەلگەندە ئۇ يىگىتنى كۆرمىگەنلىكتىن، باشقىلاردىن ئۇنى سورىغان ئىدى، ئېغىر قەرز تۈپەيلىدىن قاماققا ئېلىنغانلىقنى ئېيتىشتى. ئابدۇللا:"ئۇنىڭ قەرزى قانچىلىك ئىكەن؟ " دەپ سورىغاندا، ئۇلار:" ئون مىڭ تەڭگە ئىكەن" دەپ جاۋاب بېرىشتى. ئابدۇللا كېچىسى قەرز ئىگىسىنى چاقىرتىپ كېلىپ، ئۇنىڭغا ئون مىڭ تەڭگىنى بەردى ۋە ئۇ ھاياتلا بولىدىكەن، بۇ سىرنى ھېچكىمگە ئېيتماسلىققا قەسەم قىلدۇردى، شۇنداقلا ئۇنىڭغا، تاڭ ئاتقاندا بېرىپ ئۇ يىگىتنى قاماقتىن چىقىرىۋېتىشنى تاپىلىدى.

يىگىت قاماقتىن چىققاندىن كېيىن ئۇنىڭغا:"ئابدۇللا ئىبنى مۇبارەك بۇ يەردە بار ئىدى، ئۇ سەن توغرىلىق سۈرۈشتۈرگەن، دېيىلدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ يىگىت ئابدۇللانىڭ كەينىدىن يولغا چىقىپ، ئۇنىڭغا يول ئۈستىدە ئۇچراشتى. ئابدۇللا ئۇنىڭغا:"يىگىت، نەگە كەتتىڭ؟ سېنى سارايدا ئۇچراتمىدىمغۇ؟" دېگەندە، ئۇ:" مەن بىر قەرز تۈپەيلى قاماقتا يېتىپ قالغان ئىدىم " دېدى.

ئابدۇللا:"ئەمىسە قاماقتىن قانداق قۇتۇلدۇڭ؟" دەپ سورىدى، يىگىت:" بىر كىشى كېلىپ قەرزلىرىمنى تۆلەپتۇ، قاماقتىن چىققانغا قەدەر بۇ ئەھۋالنى بىلمىدىم" دەپ جاۋاب بەردى. ئابدۇللا ئۇنىڭغا:" قەرزىڭنى ئادا قىلغان ئاللاھنىڭ ئىنايىتىگە ھەمدۇ ـ سانا ئېيتقىن!" دېدى ـ دە، ئاندىن ئۇنىڭ بىلەن خوشلىشىپ يولغا راۋان بولدى...

ئىشنىش ئىشەنمەسلىك ئۆز ئىختىيارىڭ. رەسۇلىمىز مۇنداق دېگەن:"بىر كىشىنىڭ باشقىلار كۆرمىگەن جايدا ئوقۇغان نەپلى نامىزى، كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىدا ئوقۇغان 25 قېتىملىق نامىزىغا تەڭ كېلىدۇ". بۇنىڭ مەنىسى شۇكى، ئۆيۈڭدە بىر يىل ئىچىدە ئوقۇغان نەپلى نامىزىڭ ئۈچۈن، مەسجىدتە 25 يىل ئوقۇغان نەپلى نامازنىڭ ساۋابىغا ئىگە بولىسەن!

شۇڭا رەسۇلۇللاھ كۆرسىتىپ ئۆتكەن:"نامازنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى ـ كىشىنىڭ ئۆز ئۆيىدە ئوقۇغان نامىزىدۇر، پەقەت پەرز ناماز بۇنىڭ سىرتىدا".

ئاخىرقى نىدا

قاچانغىچە غەپلەتتە يۈرەرسەن تاماشىشايۇ ـ راھەتتە، ھالبۇكى ئۆلۈم پەرىشتىسى يېتىپ كېلەر، سەن بىپەرۋا پۇرسەتتە؛ قاچانغىچە قاترايسەن پۇل ـ مال يىغىش كويىدا، ھالبۇكى ئۆلۈم دورغىسى كۆنسېرى كەينىڭدىن يېقىنلاپ كەلمەكتە.. ئاگاھ بولغىن!

پەقەت پۈتۈن ئىخلاس ـ تاقىتىڭ يەتكەنچە قىلىۋالغان ئىبادىتىڭ بىر ئازدىن كېيىنلا قەبرىگە كىرگىنىڭدە بولۇپ قالغۇسىدۇر ئەڭ پايدىلىق راھىتىڭ ۋە ئامىتىڭ!

**ئەمەللىرىڭ، ئەمەللىرىڭ،**

**نامازلىرىڭ، نامازلىرىڭ!**

تەقۋادارلىق سۈپەتلىرىڭ ساڭا ھەمرا بولار تاختىدا سەن يۇيۇلغاندا، ساڭا يولداش بولار ئۇلار، جىنازاڭ كۆتىرىلىپ ئېلىپ مېڭىلغاندا، ئۇلار ساڭا ھەمرا يەنە ناماز ئوقۇلغاندا!

قاچان سەن ئويغانساڭ قايتىدىن تىرىلىش سۈرى چېلىنغاندا، ھەم يولۇقساڭ ساراسىمگە، ئىنسانلار مەھشەر مەيدانىغا يىغىلغاندا، سەندىن قاچسا ئاناڭ ـ داداڭ، بىر تۇققان ئاچا ـ ئاكاڭ ...دەل شۇ چاغدا ھازىر بولار ياخشى ئەمەللىرىڭ، سەن

بىلەن بىللە بولار نەگە بارساڭ، ھېچ ئايرىلماس نەدە تۇرساڭ! قەبرىدە بولسا، ئۇلار يالغۇزلۇق ھېس قىلدۇرماس، ساڭا ئۇلار خاتىرجەملىك ھېس قىلدۇرار، قوقۇنقۇنچا قالدۇرماس، نۇرلۇق چىراق بولۇپ يېقىڭلار، گۆرۈڭنى زۇلمەتكە تولدۇرماس!..قىيامەت كۈنىدە بولسا..

ئۇلارنىڭ رەھمان تائالانىڭ ئەرش سايىسى ئاستىدا سايە بولار، ئۇلۇغ پادىشاھ ـ ئاللاھنىڭ ئالدىدا ئۇزاق تۇرۇپ ھېساپ بېرىشنى ئاسان قىلار...

ھەي قېرىندىشىم! رزىق بەرگۈچىنى قويۇپ، رزىق توپلاشنىلا ئويلىدىڭمۇ؟ نىئمەت ئاتا قىلغۇچى بىلەن كارىڭ يوق نىئمەتلەر بىلەنلا قالدىڭمۇ؟ ياكى خالىق(ياراتقۇچى)نى ئۇنتۇپ مەخلۇق (يارالغۇچىلار) بىلەن مەشغۇل بولدۇڭمۇ؟ ئۆلۈم سېنى كۈنىگە يۈز قېتىملاپ چاقىرسىمۇ بىر تال مويۇڭ تەۋرىمەس ھالغا كۆندۈڭمۇ؟

ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، دەرەخنىڭ قەلبى بولغىنىدا نالە قىلار ئىدى، تاشنىڭ جېنى بولغىنىدا پىغان سالار ئىدى! دەرەخ كۆتىگى رەسۇلۇللاھنى دەپ ئىڭرىغان ئىدى ـ يۇ، سەن غىڭ قىلماسسەن!؟..

ئاللاھ ھەققى ماڭا دەپ باققىن!

قىيامەت قايىم بولغان چاغدا؛ ئاخىرەت سەپىرى جاكارلانسا، ئازمۇ ـ كۆپمۇ مال ـ مۈلكۈڭدىن ساڭا مەنپەئەت كېلىش بىكار بولسا؛ جىنازەڭنى يۇغۇچىلار :"سۇنى تېز ئىسسىتىڭلار!" دەپ توۋلىسا، جىمى خالايىقنىڭ سەن بىلەن قىلچە كارى بولمىسا؛ دوختۇرلار نائىلاج مۈرىسىنى قىسسا، يوقلىغۇچىلار بېشىنى چايقاپ كۆزىنى يۇمسا، مىراسخورلار ۋاپاتىڭ ئېلانىغا ئىنتىزار بولۇشۇپ تۇرسا؛.. ئاخىرى نەپسىڭ توختاپ ئاۋازىڭ ئۆچسە، شۇ چاغدا تاپقان ھالاللىرىڭ، سوققان ھاراملىرىڭ، باققان باللىرىڭ، تىككەن كۆچەتلىرىڭ؛ سۆيگەن ئايالىرىڭ، يىغقان دۇنيالىرىڭ ساڭا مەنپەئەت قىلارمۇ؟؟؟!!!

ياق، ياق، ياق!

ئاللاھ ھەققى، ساڭا مەنپەئەت قىلدىغىنى پەقەت ـ قىلغان ئېھسانىڭ، قېرىنداشلىق خەير خاھلىقىڭ، ياكى رازىلىق ئالغان دەۋاگىرىڭ؛ ياكى تۈن قاراڭغۇسىدا ئوقۇغان نامىزىڭ، ياكى ئاللاھدىن قورقۇپ تۆككەن كۆز يېشىڭ، ياكى رەببىڭنىڭ رىزالىقى ئۈچۈن ئاپىمىغان سەدىقەڭدۇر!..

ئاخىرقى سۆزىمىز شۇكى:

1.خىلۋەتلەردە گۇناھ قىلىشتىن قاتتىق ساقلانغىن، چۈنكى بۇنداق گۇناھلار ئاشكارا قىلغان ئىبادەتلەرنىڭ ساۋابىنى تامامەن يوق قىلىۋېتىدۇ!

2. خۇددى قەۋمىڭدىكى سالىھ كىشىلەردىن ھايا قىلغىنىڭدەك ئاللاھدىن ھايا قىلغىن!

3. ئاللاھدىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدىغان يوشۇرۇن ئىبادەت پۇرستىنى قولدىن بەرمىگىن!

4. نەپلى نامازنى ئۆيدە ئوقۇغىن، ساۋابى تېخىمۇ كاتتا بولىدۇ.

5. يوشۇرۇن قىلىنغان سەدىقىنىڭ ئەجرى ئەڭ جىق، رەببىڭگە ئەڭ سۆيۈملۈك، ھەمدە بۇ قىيامەت كۈنى ئاللاھ ئۆز سايىسىدە سايىتىدىغان يەتتە تۈرلۈك كىشىلەرنىڭ قاتارىدىن بولۇشنىڭ بىر خىل يولىدۇر.

6. خىلۋەتتە يىغلاش ئۇلۇغ ئىبادەت، شۇڭا بۇ خىل ئىبادەتكە ئېرىشىشكە ئۇرۇنغىن؛ ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدسىزلەنمىگىن!.

7. سېنى تونۇيدىغانلار بولمىغان مەلۇم بىر مەسجىدتە ھەپتىلىك ئېتىكاپتا بولۇشقا تىرىشقىن (مەسىلەن، شام بىلەن خۇپتەنىنىڭ ئارىلىقىدا).

8.ھەپتىدە بىر قېتىم بولسىمۇ كېچىسى تاڭ ئېتىشتىن ئىلگىرى ئورنۇڭدىن تۇرۇپ، ئىككى رەكئەت كېچىلىك نەپلى ناماز ئوقۇغىن، بۇ مۇكاپاتقا ئېرىشىسەن: (( ئۇلارنىڭ قىلغان ئەمەللىرىگە مۇكاپات يۈزىسىدىن ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىدا ساقلانغان ۋە ئۇلارنى خوشال قىلىدىغان كاتتا نېمەتنى ھېچكىم بىلمەيدۇ ))سەجدە سۈرىسى، 17 ـ ئايەت.

ئاخىرقى دۇئايىمىز شۇكى، بارلىق ھەمدۇ ـ سانالار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھ قا خاستۇر.

## رەببىمىزنىڭ خۇرسەنلىكى

ئۆتمۈشۈڭگە دىلخەستە، تەۋبە قىلساڭ ھەسرەتتە،
ھەق يول تۇتساڭ مەقسەتتە، ئورنۇڭ بولار جەننەتتە.
كۆرگىن ئاللاھ كالامى، قانداق گۈزەل بايانى:
تاشلىغانغا گۇناھنى مەغپىرەت بار، ئەلۋەتتە!
قۇرئان كەرىم جىلۋىسىدىن:

(( گۇناھنى كەچۈرىدىغان ئاللاھدىن باشقا كىم بار؟)) ئالى ئىمران سۈرىسى، 135 ـ ئايەت

گۇناھ قىلىپ، تەۋبە قىلمايدىغان، خاتالىق ئۆتكۈزۈپ، مەغپىرەت تەلەپ قىلمايدىغانلار ئويغىنىپ قالار دېگەن ئۈمىدتە بۇ سۆزلىرىمنى ئۇلارغا بېغىشلايمەن.

دوكتور خالىد ئەبۇ شادى

كىتابچىنىڭ تېمىلىرى:

- نېمە ئۈچۈن تەۋبە قىلىسەن؟

- مەقبۇل تەۋبىنىڭ شەرتلىرى
- گۇناھقا سەۋەب بولىدىغان ئىشلاردىن ھەزەر قىلغىن!
- نادامەتنىڭ بەلگىلىرى
- تەۋبەڭنى سىناپ كۆر
- تەۋبە ئىشكىنىڭ تاقىلىشى
- تەۋبە قىلغۇچىلارنىڭ ياردەمچىسى

**نېمە ئۈچۈن تەۋبە قىلىسەن؟**

ـ چۈنكى ئاللاھ تائالا سېنى ۋە بارلىق مۆمىنلەرنى: (( ئى مۆمىنلەر! نىجاتلىققا ئېرىششىڭلار ئۈچۈن ھەممىڭلار ئاللاھ غا تەۋبە قىلىڭلار! )) دەپ بۇيرۇغان.

ئەگەرده تەۋبە قىلغۇچى مۆمىن نىجاتلىقنى ئۈمىد قىلىسمۇ ئۇنىڭغا ئىشەنچ باغلىيالمىغان بولسا، گۇناھتىن قول ئۈزمىگەن ئاسي بەندە قانداق قىلىشى كېرەك؟

ـ چۈنكى قىيامەت كۈنى سېنىڭ تارازۇ ـ مىزانىڭ كۆز ئالدىڭدا تۇرغۇزۇلۇپ، ساۋاب ـ ياخشىلىقلىرىڭ بىر تەرىپىگە، گۇناھ ـ يامانلىقلىرىڭ يەنە بىر تەرىپىگە قويۇلۇپ ئۆلچىنىدۇ، ياخشىلىق تەرىپىنى ئېغىرلىتىش ئۈچۈن پەقەت گۇناھلارنى ئۆچۈرىدىغان ھەقىقى تەۋبە يولىلا بار.

ـ چۈنكى تەۋبە قىلغۇچى ئاللاھنىڭ سۆيۈملۈك بەندىسىدۇر، گۇناھتىن تەۋبە قىلغان ئادەم گۇناھسىز ئادەمگە ئوخشاشتۇر. گۇناھكار گۇناھلىرىنى ئەسلەپ، ئۇنىڭدىن قەلبى غەش بولسا، گۇناھى دەپتەردىن ئۆچۈرۈلۈپ، پۈتۈكچى پەرىشتىلەرگە ئاللاھ ئۇنى ئۇنتۇلدۇرىدۇ.

ـ چۈنكى بەندىلەرنىڭ ئۈستىدىكى ئاللاھنىڭ ھەققى بەك زور بولۇپ، ھېچكىم ئۇنى تولۇق ئورۇنداپ بولالماس؛ ئاللاھنىڭ نىمەتلىرى بەك جىق بولۇپ، ئۇنى ساناپ تۈرۈپ ھەر ـ بىرىگە شۈكرى ئېيتىپ بولغىلى بولماس؛ شۇڭا، ئاللاھنىڭ زىرەك بەندىلىرى ھەر دائىم تەۋبە قىلىش ئارقىلىق كەمچىلىكىنى تولدۇرۇپ، چالىسىنى پۈتۈنلەشكە تىرىشىدۇ.

ـ چۈنكى ئاللاھ تائالا تەۋبە قىلغۇچىلارنى سۆيىدۇ، ھەق يولغا ماڭغۇچىلارنى سۆيىدۇ، مەغپىرەت تىلىگۈچىلەرنى سۆيىدۇ، پاكلانغۇچىلارنى ۋە ئاللاھ غا بېرىلگۈچىلەرنى سۆيىدۇ.

ـ چۈنكى ئىبلىس بىز ھاياتلا بولساق داۋاملىق بىزنى ئازدۇردىغانلىقىنى، نەپسىمىز توختاپ جان ئۈزگىچە چوقۇم زالالەتكە تەرغىپ قىلىدىغانلىقىنى بىلىمىز، شۇڭا، ئاللاھ ئۇنىڭغا رەددىيە بېرىپ، بىز مەغپىرەت تەلەپ قىلىدىغانلا بولساق، ئاللاھ غا

يۈزلىنىدىغانلا بولساق، گۇناھىمىزغا ھەسرەت چېكىپ يىغلايدىغانلا بولساق بىزگە تەۋبە ئىشىكىنى ئوچۇق دەپ ئېلان قىلغان.

- چۈنكى تەۋبە قىلساق رەببىمىز خۇرسەن بولىدۇ، مالائىكىلەر بەختكە چۈمۈلىدۇ؛ شەيتان ئاچچىق يۇتىدۇ، دوستلار خوشال بولۇپ، دۈشمەنلەر نادامەت قىلىدۇ، ئەمەل نامەمىز ئاقىرىپ، دەرىجىمىز كۆتىرىلىدۇ، قەبرىمىز كەڭرىپ، قەدرىمىز ئۆسىدۇ.

- چۈنكى تەۋبە ئارقىلىق ياخشىلىق ئەگىيدۇ، غەم ـ قايغۇ يوقىلىدۇ، رىزقى كەڭرىيدۇ، قىينچىلىق ئاسانلىشىدۇ، بەرىكەتلەر ياغىدۇ، توسقۇنلۇقلار تۈگەيدۇ، كۆڭۈلگە خاتىرجەملىك، روھقا ئاراملىق، قەلبىگە چۈشقۇنلۇق ئورنايدۇ.

- چۈنكى رەببىمىز ئېيتقان : (( تەۋبە قىلمىغانلار زاالىملاردۇر ))

شۇڭا كىشىلەر ئۈچىنچىسى بولمىغان ئىككى گورۇھقا بۆلۈنگەن: تەۋبە قىلغۇچى ياكى زاالىم. ئۇنداقتا سىز قايسى گورۇھتىن؟

**تەۋبىنىڭ شەرتلىرى**

1. تاشلاش ( قول ئۈزۈش)

مەقبۇل تەۋبىنىڭ بىرىنچى شەرتى گۇناھتىن قول ئۈزۈشتۇر.

چۈنكى هاراق رۇمكىلىرىنى تۇتقان هالدا هاراق ئىچىشتىن تەۋبە قىلدىم دېيىشنىڭ نېمە مەنىسى بولسۇن؟ ياكى يالغانچىلىقنى ئۈزمەي قىلىۋاتقان ئادەمنىڭ يالغانچىلىق قىلماسلىق قارارىغا كەلگەنمەن دېگىنى چوڭ يالغانچىلىق ـ دە! ياكى پادىشاھقا ئاشكارا ئاسىلىق قىلىپ تۇرۇپ ئۇنىڭدىن ھۆرمەت كۈتكەن بارمۇ؟

شۇنداق تەۋبە قىلدىم دېسە ئۇ تەۋبە بولدى، ئەمما يالغانچىلارنىڭ، ھەقىقى مۆمىنلەرنى چۈشەنمىگەنلەرنىڭ، ئاللاھنىڭ ھۆكۈملىرىنى مەسخىرە قىلغۇچىلارنىڭ تەۋبىسى بولدى...

" كەچۈرگىن ئاللاھ " تىن كەچۈرگىن ئاللاھ،
چىقسا سۆز بىئىخلاس، مەنىگە خىلاپ.
گۇناھلار ئىجابەت يولىنى ئەتكەن،
نە ئۈمىد كۈتەرمەن، تىلىكىم سوراپ؟!

ھەقىقى مۆمىن تەۋبە ئارقىلىق گۇناھتىن تامامەن قول ئۈزىدۇ، كۆز ياشلىرى بىلەن نادامەت چېكىدۇ، خاتالىقىغا ھەقىقەتەن پۇشايمان قىلىدۇ ۋە غەپلەتلىك ھاياتتىن قەلبىنى پاكلايدۇ.

ئەسكەرتىش:

بىراق بۇنداق دېگەنلىكنىڭ مەنىسى، تەۋبە قىلغۇچى گۇناھتىن يېنىپ، قايتا مەڭگۈ گۇناھ سادىر قىلمايدۇ دېسەك بولامدۇ؟

ياق! چۈنكى ھەدىس شەرىفتە رەسۇلۇللاھنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى ئېنىق: " ھەرقانداق مۆمىن بەندىنىڭ بەزى ـ بەزىدە قىلىپ ئادەت بولۇپ قالغان گۇناھى بولىدۇ، ياكى دۇنيادىن كەتكىچە ئايرىلالمىغان مۇقىم گۇناھى بولىدۇ؛ مۆمىن ھەقىقەتەنمۇ گۇناھ ـ پىتنىلەرگە دۇچار قىلىنىپ، تەۋبە قىلغۇچى، ئۇنتۇلغاق قىلىنىپ يارىتىلغان، ئۇ ۋەز ـ نەسىھەت ئاڭلىسىلا دەرھال ھوشىغا كېلىدۇ "

تەۋبە قىلغۇچى قېرىندىشىم! يۇقۇرقى ھەدىسنى قايتىلاپ ئوقۇغىن!

بۇ مۆمىن بەندىنىڭ سۈپەتلىرىگە دىققەت قىلغىن، شۇنداق، مۇدۇرمەيدىغان تۇلپار يوق بولغاندەك، ھەر بىر مۆمىننىڭمۇ كەتكۈزۈپ قويىدىغىنى بولىدۇ، ھەر قانداق مۆمىننىڭ شەيتان غېپىدە كىرىۋاالىدىغان ئاجىزلىق نوقتىسى بولىدۇ، ئەمما ئۇ ھەيۋە، جەڭ ئەمەس، ھۇجۇم لېكىن قاقشاتقۇچ زەربە ئەمەس.. مۆمىنگە پايدىلىق پەند ـ نەسىھەت، ھەق سۆز ۋە توغرا مەسلىھەت بېرىلگەن ھامان دەرھال ئۇيقۇسىنى ئېچىپ گۇناھتىن قول ئۈزىدۇ، خۇددى ھېچقانداق گۇناھ سادىر بولمىغاندەك، خاتالىق ئۆتۈلمىگەندەكلا، تەۋبە ئارقىلىق ئۆز يولىنى تېپىۋالىدۇ.

بىخەتەرلىك كلاپانى

* مۆمىن ھوشىنى تاپىدۇ: گۇناھىنى داۋراڭ قىلمايدۇ، خاتالىقىدا ئەزۋەيلىمەيدۇ، نەسىھەتنى رەت قىلمايدۇ، دوزاخقا يىغلاپ كىرمەسلىك ئۈچۈن، گۇناھىنى كۈلۈپ قىلمايدۇ...

* مۆمىن ئۇيقۇسىنى ئاچىدۇ: گۇناھتىن قول ئۈزىدۇ، گۇناھ شېرىكلىرى، گۇناھ ئورنى ۋە گۇناھقا چىتىلىدىغان بارلىق نەرسىلەردىن قول ئۈزىدۇ.

* مۆمىن ئەقلىنى تاپىدۇ: ئۇ ئۆزىنىڭ گۇناھ سادىر قىلغان پەيتىدە، ئاللاھنىڭ نەزىرىدە قىممىتى چۈشەنلىكىنى، قەدرى تۆۋەنلىگەنلىكىنى، شۇڭا ئاللاھ ئۇنىڭ گۇناھ سادىر قىلىشىغا يول بەرگەنلىكىنى چۈشىنىپ يېتىدۇ، ئەگەر ئۆزى ئاللاھنىڭ نەزەرىدە ئېزىز ۋە قەدىر ـ قىممەتلىك بولغىنىدا، ئەلۋەتتە ئاللاھنىڭ ئۇنى گۇناھتىن ساقلاپ، قۇتۇلدۇرۇپ، ھەق يولدىن ئايرىمايغانلىقىنى بىلىپ يېتىدۇ.

* مانا ئەمدى سەن ئاللاھ تائالانىڭ بۇ سۆزىنىڭ مەنىسىنى بىلىسەن:

(( تەقۋادار كىشىلەر شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىگە ئۇچرىسا ئاللاھ ئۇنى ئەسلەيدۇ ـ دە، ھەقىقەتنى كۆرۈۋېلىپ ( شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىدىن) خالاس تاپىدۇ )) [ ئەئراف سۈرىسى، 201 ـ ئايەت ]

يەنى ئۇلاردىن گۇناھ سادىر بولغان ۋە خاتالىق كۆرۈلگەن ھامانلا ئاللاھ نى ئەسلەيدۇ.

شەيتان باشلىرىدا غەلبە تۇغلىرىنى كۆتىرىشتىن بۇرۇن ئەقلىڭلارنى تېپىڭلار! شەيتان غادىيىپ كىتىشتىن ئىلگىرى ئۇنى رەسۋا قىلىڭلار ! ئۇ پەخىرلىنىپ

كىتىشتىن بۇرۇن جاجىسىنى بېرىڭلار! ئۇ يۈكسەكلەردىن ئاھانەت ئازگاللىرىغا غۇلىتىڭلار! بۇنىڭ ھەممىسى ـ ئۇلارنىڭ تەۋبىسى ئارقىلىق ئىشقا ئاشماقتا. ..

ئالدىڭدا ئالتە سائەتلىك پۇرسىتىڭ بار

رەسۇلۇللاھ (س ئە ۋ ) مۇنداق دەيدۇ:" گۇناھ پۈتكۈچى پەرىشتە خاتالىق ئۆتكۈزگەن مۇسۇلمانىنىڭ گۇناھىنى پۈتمەي ئالتە سائەت كىتىدۇ، ئەگەر بۇ مۆھلەتتە پۇشايمان قىلىپ، ئاللاھدىن مەغپىرەت تىلىسە، ئۇ گۇناھنى بىكار قىلىدۇ، بولمىسا بىرگە بىر گۇناھ پۈتىلىدۇ".

**بۇ نېمە دېگەن كەڭ قورساقلىق !**

" ئاللاھ ئۈچەيلەننىڭ ئۈچىنچىسى" ۋە " مەريەمنىڭ ئوغلى ئىيسا ئاللاھ دۇر" دېگەنلەرگە قارىتا ئاللاھ ئۇلارغا خىتاب قىلىپ مۇنداق دېدى:« ئۇلار ئاللاھ غا تەۋبە قىلمامدۇ؟ ئاللاھدىن مەغپىرەت تەلەپ قىلمامدۇ؟» ] مائىدە سۈرىسى، 74 ـ ئايەت [

**ھېكمەت**

مەيمۇن ئىبنى مەھران ئېيتقان:" ئاللاھ نى زىكرى قىلىش ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ: ئاللاھ نى تىلى ئارقىلىق زىكرى قىلىش، بۇنىڭدىنمۇ ئەۋزەلى شۇكى، گۇناھ سادىر قىلىشقا يېقىن بېرىپ قالغان چاغدا، گۇناھ ئالدىدا ئاللاھ نى ئەسلەش".

ئوڭ تاناسىپ قائىدە

ئىمان بىلەن گۇناھنى داۋاملىق ئەسلەپ تۇرۇش ئوڭ تاناسىپ بولىدۇ، يەنى، ئىمان قانچە كۈچلۈك بولغانسېرى، گۇناھمۇ كۆز ئالدىدا گەۋدىلىنىپ، ۋىجدانغا ئۇرۇلۇپ تۇرىدۇ؛ ئەگەر ئىمان ھالسىز بولسا، بەندە قىلغان گۇناھنى شۇ ماكاندىن ئايرىلىش بىلەنلا يادىدىن چىقىرىپ تاشلايدۇ، ئۆزىنى مالامەت قىلماستىن ياكى ۋىجدانى پۇچۇلانماستىن، گۇناھقا يەنە گۇناھ، خاتالىققا خاتالىق قوشۇپ قىلىدۇ.

* مۇھەممەد ئىبنى سىيرىن ئىماننىڭ پەزلى ئارقىلىق گۇناھنى قىرىق يىلغىچە يادىدا تۇتقان، ئۇ مۇنداق دېگەن ئىدى : بىر قېتىم قەرزدار بولۇپ قالدىم، شۇڭا قىرىق يىل ئىلگىرى قىلغان بىر گۇناھىم تۈپەيلىدىن قەرزدارلىققا پاتتىم، دېدىم. بىر كىشىگە :ھەي گاداي! دەپ تاشلىغانىدىم. ..

* مەكھۇل بىر يىلغىچە گۇناھنى ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ: " يىغلاپ تۇرۇپ سەجدە قىلىۋاتقان بىر كىشىنى كۆرۈپ، ئۇ رىيا قىلىۋاتىدۇ، دېگەنىدىم، شۇنىڭ بىلەن مەن بىر يىلغىچە ئاللاھدىن قورقۇپ يىغلاشتىن مەھرۇم قىلىندىم".

* فۇزەيل بەش يىل گۇناھنى ئەسلەيدۇ ۋە قىلغان بىر گۇناھى سەۋەبىدىن بەش ئايغىچە كېچىسى ئويغىنىشتىن مەھرۇم بولغانلىقىنى ئېيتىدۇ.

سەن بۇنداق مۇناسىۋەتكە ئاساسەن، ئۆز قەلبىڭدىكى ئىماننىڭ دەرىجىسىنى پەرەز قىلىپ باقساڭ ۋە قىلغان گۇناھىڭغا پۇشايمان قىلىپ ئۇنى قانچە كۈنلەرگىچە،

بەلكى قانچە سائەتلەرگىچە ئەسلەپ كەلگەنلىكىڭنى ئۆزۈڭدىن سوراپ كۆرسەڭ بولىدۇ.

يامانلىق ئىچىدىكى ياخشىلىق

رەسۇلۇللاھ (س ئە ۋ) مۇنداق دېگەن:" بىر ئادەم قىلغان گۇناھى سەۋەبىدىن رىزقىدىن مەھرۇم قالىدۇ".

ئاللاھ سەندىن ئۆزىگە مۇھتاج بولۇشۇڭ ۋە ئۇنىڭغا بىچارىلىكىڭنى بىلدۈرۈشۈڭ ئۈچۈن رىزىقنى مەھرۇم قىلىدۇ، بۇ مۇھتاجلىق ئارقىلىق ساڭا بايلىقنى كەلتۈرۈپ بېرىدۇ، بۇنداق بىچارىلىك ئارقىلىق ئىززەت ئارتۇقلايدۇ؛ ئاللاھ نېمە دېگەن مەرت، نېمە دېگەن كۆيۈمچان! نېمە دېگەن مېھرىبان! ئۇ بىزنى ئويغىتىش ئۈچۈن ئېلىۋالىدۇ، بىزگە ئاتا قىلىش ئۈچۈن مەھرۇم قىلىدۇ؛ ئۇنىڭ مەھرۇم قىلىشى ئاگاھلاندۇرۇش سىگنالىدىن ئىبارەت.

ئۇ ئۇخلاپ قالغانلارنى ئويغىتىدۇ، غاپىللارنى ئاگاھلاندۇرىدۇ، مۆمىن بۇنى ئىنتايىن ياخشى بىلگەچكە، پەقەت گۇناھ تۈپەيلىدىنلا يامانلىققا دۇچار بولىدىغانلىقنى ئېنىق بىلىدۇ، بىر قۇشنىڭ ئۇۋۇلىنىشى، بىر دەرەخنىڭ كېسىلىشمۇ تەسبىھنى تەرك قىلىشتىن كېلىپ چىقىدىغانلىقنى، خاتالىق ئۆتكۈزۈلمەي يادلىغان بىرەر سۈرىنىڭ يادىدىن كۆتىرىلىپ كەتمەيدىغانلىقنى ئېنىق چۈشىنىدۇ. (( سىلەرگە ( يەنى جېنىڭلارغا ۋە مېلىڭلارغا ) ھەر قانداق بىر مۇسىبەت يەتسە، ئۇ سىلەرنىڭ قىلغان گۇناھىڭلار تۈپەيلىدىن كەلگەن بولىدۇ، ئاللاھ نۇرغۇن گۇناھىڭلارنى ئەپۇ قىلىدۇ ( ئەپۇ قىلمايدىغان بولسا، بالا ۋە مۇسىبەتتىن ھېچ قۇتۇلالماس ئىدىڭلار) )) ] شۇرا سۈرىسى، 30 ـ ئايەت[

**گۇناھقا سەۋەب بولىدىغان نەرسىلەردىن دىققەت قىلغىن**

ھارامغا ئېلىپ بارىدىغان ھەرقانداق نەرسە ھارامدۇر، گۇناھقا سەۋەبچى بولىدىغان ئىشلاردىن قول ئۈزگەندىلا، گۇناھتىن تولۇق قول ئۈزگىلى بولىدۇ.

* ئەگەر ئۆزەڭنىڭ ھارامغا سەبىر قىلالمايدىغانلىقىڭنى بىلسەڭ، ئاندىن يىرىم يالىڭاچلىق، ئوچۇق ئەۋرەت فىتنە ـ پاساتلىرى كۆرۈلىدىغان بىر جايغا چاقىرىلساڭ، بۇ جايغا بېرىشنىڭ ئۆزىمۇ ساڭا ھارام ھېساپلىنىدۇ.

* ئەگەر كۈنىگە ئالتە سائەت ئۇخلىساڭ ئويغۇنۇپ تۇلۇق قاندىغانلىقنى بىلسەڭ، ئاندىن بەدىنىڭنىڭ ئارامىنى تامامەن بۇزىدىغان ھالدا كېچىلىك ئولتۇرۇشقا قاتنىشىپ، بۇ تۈپەيلى بامدات نامىزىڭنى قولدىن بېرىپ قويساڭ، بۇ كېچىلىك ئولتۇرۇش سەن ئۈچۈن ھارام.

* ئاللاھ نى يادىڭدىن چىقىرىپ، سېنى ئازدۇرىدىغان، پەس شەھۋەت ـ ھەۋەسلىرىڭنى قوزغايدىغان ۋە نادامەتكە پۇرسەت بەرمەي ئازدۇرىدىغان دوست ـ

ئاغىنىلىرىڭ بولسا، ئۇلار بىلەن بىللە بولۇش سەۋەبىدىن هارام ئىشلارغا ئىشىك ئېچىلىدىغان بولسا، بۇنداق دوست ـ ئاغىنىلەر بىلەن بىللە بولۇشۇڭنىڭ ئۆزى هارام.

تەۋبە قىلماقچى بولغان بىرىگە ئىبراهىم ئىبنى ئەدهەمدىن ئىبارەت بىر ئۇلۇغ زاهىد مۇنداق نەسىهەت قىلغان ئىدى:" كىمكى تەۋبە قىلماقچى بولىدىكەن، يامان ئىشلاردىن تامامەن قول ئۈزسۇن. بۇرۇن ئارىلىشىپ كەلگەنلەر بىلەن ئارىلاشمىسۇن، بولمىسا ئۇيلىمىغىنىغا يېتەلمەس".

**هېكمەت**

بىشرى ئىبنى هارىسنىڭ قىز بىر تۇغقىنى زەبدە ئېيتقان:" بەندىگە ئەڭ ئېغىر نەرسە ـ گۇناه، ئەڭ يېنىك نەرسە ـ تەۋبە قىلىشتۇر. ئۇنىڭ ئېغىر يۈكىنى يەڭگىللىگە ئالماشتۇرمايدىغىنى نىمىسىدۇ؟!".

**2 ـ نادامەت**

**نادامەتنىڭ تۇغۇلىشى**

* نادامەت قىلغىن! چۈنكى سەن گۇناهقا پاتقان ۋاقتىڭدا، گۇناه سادىر قىلىپ خۇرسەنلىك تاپقىنىڭدا، ئاللاهنىڭ سېنى كۆزىتىپ تۇلۇق خەۋەردار بولۇپ تۇرىدىغانلىقىغا ئىشەنچىڭ بولسىمۇ پەرۋا قىلماستىن گۇناهىڭنى يۈيماي تېخىمۇ ئەزۋەيلەپ كەتكىنىڭدە ـ ئاللاه تىن يىراقلىششتىن ئىبارەت زور خاتالىققا يول قويغانسەن!

* پۇشايمان قىلغىن! چۈنكى سەن مالائىكىلەرنىڭ هەمرالىقىنى شەيتانىنىڭ دوستلۇقىغا سېتىۋەتتىڭ، جەننەتتە پەيغەمبەرلەر بىلەن بىللە ئۆتۈشنى دوزاختا شەيتانلار بىلەن بىللە بولۇشقا ئالماشتۇردۇڭ؛ ئاللاه رەهمىتى ۋە رازىلىقىنى ئاللاهنىڭ غەزىپ ۋە ئاسىلىقىغا تېگىشتىڭ...

* هەسرەت چەككىن! چۈنكى سەن گۇناهلار ئارقىلىق ۋاقىتتىن ئىبارەت دەسمايەڭنى يوقاتتىڭ؛ ئىسىت ! سەن ئۇنى پايدىسىز يەرگە سەرپ قىلىپلا قالماستىن، بەلكى ئۆزەڭگە زەرەر يەتكۈزىدىغان، جازاغا ئۇچرىتىدىغان ۋە هالاكەتكە يۈزلەندۈرىدىغان ئىشلارغا خەجلىدىڭ...

« (گۇناهىڭلارنىڭ) هەر ـ بىرىنى گۇناهى تۈپەيلى جازالىدۇق» ] ئەنكەبۇت سۈرىسى، 40 ـ ئايەت [

* نادامەت قىلغىن چۈنكى ئاللاه تائالا بۇ گۇناه تۈپەيلى سېنى گۇناهقا پاتقان پەيتتە قەبزى روه قىلىپ قالسا، سېنىڭ هاياتىڭنى ئېچىنىشلىق ئاخىرلاشتۇرغان بولىدۇ، قانداق نەرسە ئۈستىدە ئۆلگەن ئادەم شۇنداق هالەتتە تېرىلدۈرىلىدۇ.

* پۇشايمان قىلغىن! چۈنكى سەن تەۋبە قىلغان هالەتتىمۇ، تەۋبەڭنىڭ قوبۇل قىلىنىشىغا كېپىللىك قىلالمايسەن، مەغپىرەت تىلىگەن ئەهۋالدىمۇ ئاللاهدىن

كەچۈرۈم بېلىتى ئالالمايسەن؛ شۇنىڭ ئۈچۈن ھەسەن بەسرى مۇنداق دېگەن:" سەن ئۈچۈن تەۋبىگە ئۇرۇنۇشقا قارىغاندا گۇناھنى تەرك قىلىش ئاساندۇر، چوڭ گۇناھ ئۆتكۈزۈپ تاشلاپ، ساڭا تەۋبە ئىشىكى تاقىلىپ كەتسە، ئامالىڭ قالماسلىقتىن قانداقمۇ خاتىرجەم بولالايسەن؟".

**نادامەتنىڭ بەلگىلىرى بار**

بەندە پۇشايمان ـنادامەت قىلسا، نادامىتى قەلبىدە ئۆسۈپ يېتىلىپ ئاخىرى كۆز ياشلىرى ئارقىلىق گۇناھنى يۇيۇۋېتىدۇ.ئاللاھدىن قورقۇپ تۆكۈلگەن ياش تەۋبە قىلغۇچىنى ئالى ماقام، يۇكسەك نىشانلارغا ئۆرلىتىدۇ، رەسۇلۇللاھنىڭ بۇ بىشارىتىگە قۇلاق سالغىن :( دەۋزەخ ئوتى تەگمەيدىغان ئىككى خىل كۆز بار. ......بىرسى اللەدىن قورقۇپ ياش تۆككەن كۆزدۇر.......)

يەنە تىخى ئىبنى ئۆمەر تۆۋەندىكى سۆزى ئارقىلىق كىشىگە ئىلھام بېغىشلايدۇ:

(اللەدىن قورقۇپ بىر تامچە ياش تۆكۈش مەن ئۈچۈن مىڭ دىنار پۇل سەدىقە قىلغاندىن ئارتۇق).

شۇڭا نادامەت قىلغۇچى رەسۇللاھنىڭ بىشارىتىدىن ئىلھام ئىلىپ، مۇھەممەد ئىبنى مۇنكەدەرنىڭ قىلغىننى دورايدۇ، ئۇ ئاللاھدىن قورقۇپ يىغلىغان چاغلىرىدا كۆز ياشلىرىنى يۈز ۋە ساقاللىرىغا سۈۋايتتى ۋە مۇنداق دەيتتى:" دوزاخ ئوتى ياش تۆككەن جاينى كۆيدۈرمەيدىغانلىقى توغرىسىدا ھەدىس ئاڭلىغانمەن".

* كىمكى يىغلاي دەپمۇ كۆزىدىن ياش چىقىرالمىسا، يىغلاشقا ھەرىكەت قىلىپ يىغلامسىرىسا، ئاخىرى ئاللاھ ئۇنىڭغا مۇنداق نىجاتكار يىغىنى نېسىپ قىلىدۇ. ئەبۇ بەكرى سىددىق مۇنداق دەيدۇ:" يىغلىيالىغان ئادەم يىغلىسۇن، يىغلىيالمىسا يىغلامسىرىسۇن".

**گۇناھلار مۇئامىلىسى**

تەۋبە قىلغۇچى قېرىندىشىم! ئەگەر بىر ئاقىل ئىنسان پەقەت ئۆتۈپ كەتكەن ئۆمرىدىكى گۇناھلىرىغىلا يىغلايدىغان بولسا، ئۇ ئۆلۈپ كەتكىچە غەم ـ قايغۇ ئىچىدە ئۆتۈشى ھەقلىق دېگەنلىكتۇر؛ قالغان ئۆمرىنىمۇ ئۆتۈپ كەتكەن گۇناھلىق دەۋرىدەك ئۆتكۈزگەنلەرنىڭ ھالىغا ۋاي! يەنە تېخى گۇناھلىرى تەۋبە ئارقىلىق كەچۈرۈلگەن ئادەم ئىسىل مۆمىنلەرنىڭ ساۋابىدىن قۇرۇق قالماسلىقى ئۈچۈن تېخىمۇ تەقۋادار بولۇشى كېرەك...

تەۋبە قىلغۇچى قېرىندىشىم! يېرىم كېچىلەردە ئاللاھ غا نىدا قىلىڭ! سەھەرلەردە ئاللاھ غا ئىلتىجا قىلىڭ ! مۇناجاتلىق ئاۋازىڭىزنى ئۇزمەڭ:

گۇناھلار مەندە كۆپ ھازىر، يارەببىم!
بىرمۇ ـ بىر ساناشقا يوقتۇر شىجائەت.

جەھەننەم ئازابى بەك مۇشكۇل ماڭا،
سەبرىم ھەم كۈچۈم يوق،
قىلماسمەن تاقەت.
ئىلاھىم بەندەڭمەن ئاجىز، بىچارە،
ساقلىغىن دەۋزەختىن تاڭلا قىيامەت!

**ھېكمەت**

بەكرى ئىبنى ئابدۇللا مۇزەنى مۇنداق دېگەن:

" بىر كىشى نامازغا چىقسا جامائەتكە ئۆلگۈرەلمەي قالىدۇ، ئەگەر ئۇ بۇنىڭغا قايغۇرسا، ئاللاھ ئۇنىڭغا جامائەتنىڭ فەزىلىتىنى ئاتا قىلىدۇ".

## 3 ـ قايتىلماسلىققا بەل باغلاش

گۇناھلىرىغا قايتىدىن قەدەم تاشلاپ سالماسلىققا بەلنى مەھكەم باغلىغىن، بۇنىڭدا تەۋرىنىپ قالمىغىن. ئوغۇل بالىلاردەك ئىش قىلىپ، ۋەدەڭدە چىڭ تۇرغىن، نىيىتىڭنى ئەمەلگە ئاشۇرغىن، بەل باغلىساڭ ئاللاھ غا تەۋەككۇل قىلغىن.

**ھەقىقى ئەركەكلەرچە ئىرادە**

مالىك ئىبنى دىنار بىر كۈنى بازاردىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ بىر ئەنجۈر ساتقۇچىنى كۆردى ۋە ئەنجۈر يېگۈسى كەلدى، لېكىن ئۇنىڭدا پۇل يوق ئىدى، ئۇ باققالدىن نېسىگە بېرىشنى ئۆتۈندى، بىراق باققال ئۇنىمىدى، مالىك يەنە باققالغا ئاياق كىيىمنى گۆرۈگە قويۇپ تۇرۇپ ئەنجۈر ئالماقچى بولدىيۇ، مەقسەتكە يېتەلمىدى.

شۇنىڭ بىلەن مالىك قايتىپ كەتتى. كىشىلەر باققالنىڭ قېشىغا كېلىپ، ھېلىقى خېرىدارنىڭ كىملىكىنى بىلدۈرگەندىن كېيىن، باققال ئۆز قۇلى ئارقىلىق مالىكقا ھارۋىدىكى بارلىق ئەنجۈرنى ئەۋەتتى ۋە ئۇ قۇلغا :" ئۇ بۇ ئەنجۈرلەرنى قوبۇل قىلىدىغان بولسىلا، سەن ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن ئازاتسەن" دېدى.

باققالنىڭ قۇلى ئازاتلىققا ئېرىشىش ئۈچۈن بارلىق تىرىشچانلىقىنى كۆرسىتىشنى خىيال قىلغان ھالدا مالىكنىڭ ئۆيىگە باردى، ئەمما مالىك ئۇنىڭغا :" بېرىپ خوجايىنىڭغا ئېيتقىن! مالىك ئىبنى دىنار دىننى سېتىپ ئەنجۈر يېمەيدۇ، مالىك قىيامەت كۈنىگە قەدەر ئەنجۈر يېمەسلىككە قەسەم قىلغان" دېدى.

قۇل ئۇنىڭغا :" تەقسىر بۇنى ئالسىلا، بۇ ئارقىلىق مەن ئازاتلىققا ئېرىشىمەن" دېدى. مالىك ئۇنىڭغا " سەن ئازاتلىققا ئېرىشكىنىڭ بىلەن مەن بۇ ئارقىلىق قۇللۇققا گىرىپتار بولىمەن" دېدى.

مالىك ئۆز ھەۋىسىنى دەپ خارلىنىپ، قورسىقىنى دەپ ئىھانەتكە ئۇچرىغانلىقىنى تونۇپ يەتكەچكە، ئۆزىنى ئەدەپلەش يۈزىسىدىن، نەپسى ـ بالاسىغا

يۈگەن سىلىپ ئۇنى چىنىقتۇرۇش يۈزىسىدىن ئەنجۈر يېشىنى ئۆزىگە هارام قىلغان ئىدى.

شەيتانغا ئالدىنىپ، نەپسى ـ ھەۋەسكە قۇل بولۇپ خاتالىق ئازگاللىرىغا چۈشۈپ كېتىدىغانلار نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق ئىرادىگە كېلەلمەيدۇ؟ ئۇنداقلار ئۇزىنى پەسكەشلىك، پەسلىك ئازگاللىرىدىن قۇتۇلدۇرۇشنى ئويلىماستىن، ئۆزىنى بىچارە ھالغا چۈشۈرۈپ قويۇشقا رازى بولغىنى نېمىسى؟

**پولاتتەك ئىرادىگە ئىگە كىشلەر**

سەلەمە ئىبنى دىنار ئەينى ئىبرەتنى چۈشۈنىپ يەتكەچكە، بىر كۈنى ئۇ قاسساپلار ئالدىدىن ئۆتكەن چاغدا ئۇلار:" بۇ سېمىز گۆش، سېتىۋالسىلا" دېيىشتى، سەلەمە :" مەندە ئۇنىڭغا بەرگۈدەك پۇل يوق" دېدى، ئۇلار :" پۇلنى كېيىنگە قالدۇرايلى" دېيىشتى، ئۇ :"مەن ئۆزەمنى كېيىنگە قالدۇراي" دەپ جاۋاپ بەردى.

ئىبراھىم ئىبنى ئەدھەممۇ بۇ ئىبرەتنى بىلگەچكە، كىشلەر ئۇنىڭغا ئەرز ـ ھاللىرىنى ئېيتىپ:" گۆش بەك قىممەتلەپ كەتتى" دېيىشكەندە، ئۇلارغا :" سىلەر ئۇنى ئەرزانلاشتۇرۇڭلار" دېگەن ئىدى، يەنى ئۇ گۆشنى سېتىۋالمىساڭلا بولىدىغۇ، دېمەكچى ئىدى.

قېرىندىشىم ! ئىبنى سەمئۇن ئېيتقان بۇ ھېكمەتلىك سۆزگە قۇلاق سالغىن :

" گۇناھلارنىڭ چاكىنا نەرسىلەر ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، قەدىر ـ قىممىتىنى ساقلاش يۈزىسىدىن ئۇنىڭغا يولىمىغان ئىدىم، ئۇ مېنىڭ ئادىتىمگە ئايلىنىشقا يول تاپالمىدى".

سىز يەنە مۇنداق ئىرادە ئارقىلىق ئاللاھنىڭ بەرىكەتلىرىگە چۆمۈلۈپ، ياخشىلىقلىرىغا غەرق بولىدىغانلىقىڭىزنى ئويلىدىڭىزمۇ؟

ئەبۇ ھەزم سەلەمە ئىبنى دىنارنىڭ دىللارنى يۇرىتىدىغان بۇ سۆزىگە قۇلاق سېلىپ بېقىڭ:" نەپسانى دۇنيارىڭ تۇزەلگەندە چوڭ گۇناھلىرىڭ كەچۈرۈلىدۇ؛ بەندە گۇناھ قىلماسلىققا ئىرادە باغلىغان چاغدا، غەلبىلەر ئۇنىڭغا قۇچاق ئاچىدۇ".

گۇناھدىن باشقىغا قۇۋۋەتسىز، خاتالىقتىن باشقىسىغا ئىرادىسىز بىلى بوش، غەيرەتسىز ئىنسانلارنىڭ ھالىغا ۋاي !

ھەۋەسكە غەرق بولغان قەلبكە نەچارە،
شەيتانغا رايىشۇ، رەھمانغا ئاسى.
تەۋبىگە نەسىھەت قىلساڭ ئۇنىماي،
گۇناھقا تەلپۈنەر نەپسى بالاسى!
**ھېكمەت**

فۇزەيل ئىبنى ئىياز ئاللاھ يولىدا جەڭگە ئاتلانغان مۇجاھىدلار بىلەن ۋىدالاشقان چاغدا مۇنداق دەپ تاپىلايتى:" تەۋبە قىلىپ تۇرۇڭلار، چۈنكى قىلىچ قايتۇرۇلمىغاننى تەۋبە قايتۇرالايدۇ".

**تەۋبىگىزنى سىناپ كۆرۈڭ**

مەغپىرەت تىلەش باشقا نەرسە، تەۋبە باشقا نەرسە...

مەغپىرەت تىلەش سۆز ئارقىلىق، تەۋبە ئەمەلىيەت ئارقىلىق بولىدۇ. مەغپىرەت تىلەشنى مۆمىنمۇ، مۇناپىقمۇ جايىدا قىلالايدۇ، ئەمما تەۋبىنى مۆمىنلا ۋايىغا يەتكۈزەلەيدۇ، مەغپىرەت تىلەش بولسا، ئاللاھ تەرەپكە قايتىش ئېلانى، ئەمما تەۋبە ئاللاھ بىلەن ئۆزۈڭنىڭ ئاراڭنى ئىسلاھ قىلىشتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ تائالا :(( رەببىڭلاردىن مەغپىرەت تىلەڭلار، ئاندىن ئۇنىڭغا تەۋبە قىلىڭلار!)) ] هۇد سۈرىسى، 52 ـ ئايەت[ دېگەن. شۇڭا يامانلىق ئارقىسىدىن ياخشىلىق قىلمايدىغان، گۇناھنىڭ كەينىدىن تائەتكە ئېرىلمەيدىغان ھەر قانداق تەۋبە قىلغۇچىنىڭ تەۋبىسى ناچىنس ھەم گۇمانلىقتۇر. دەل شۇنىڭ ئۈچۈن ھەر قانداق بىر سالىھ كىشىنىڭ مۇشۇ يولنىلا تۇتقانلىقىنى ئۇچىرتىسەن.

* ئۆمەر ئىبنى خەتتاب باغچىسى بىلەن مەشغۇل بولۇپ نامازغا كېچىكىپ قالغاچقا سەدىقە بەرگەن.

* ئۇنىڭ ئوغلى ئابدۇللامۇ مۇشۇنداق يول تۇتقان، ئۇ جامائەت بىلەن ناماز ئوقۇيالماي قالغىنىدا، كېيىنكى ناماز بىلەن بىرگە نەپلى نامازلارنى ئوقۇيتى.

* ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىزنىڭ سىڭلىسى ئۇممۇل بەنىنىنىڭ قېشىغا بىر كۈنى ئەززە خانىم كىرىپ كەلگەندە، ئۇنىڭ ئاشىقى شائىر كۇسەييىرنىڭ:

قەرزدارلار قەرزىنى تۆگەتتى تامام،
قەرزىنى تۆلىمەي قىينايدۇ ئەززە. ..

دېگەن سۆزىدىكى بۇ قەرزىنىڭ زادى نېمىلىكىنى سورىغان، ئەززە ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ بىر قېتىم سۆيۈۋېلىشىغا ۋەدە قىلغانلىقىنى، ئەمما بۇنى ئورۇنداشتىن قىينالغانلىقىنى ئېيتقاندا، ئۇممۇل بەنىن ئۇنىڭغا: " ۋەدەڭنى ئورۇندىغىن، گۇناسى ماڭا بولسۇن!" دەپ تاشلىغان ۋە مۇشۇ سۆزى ئۈچۈن تەۋبە قىلىپ قىرىق نەپەر قۇلنى ئازات قىلغان.

مەقبۇل تەۋبىنىڭ ئەڭ ئاساسلىق بەلگىسى تەۋبە قىلغۇچىنىڭ تەۋبە قىلغاندىن كېيىنكى ئەھۋالىنىڭ تەۋبە قىلىشتىن بۇرۇنقىدىن ياخشى بولۇشىدىن ئىبارەت، بۇنداق بولۇش ئۈچۈن مەزكۇر ئۆمەر، ئىبنى ئۆمەر (ئابدۇللا) ۋە ئۇممۇل بەنىنلاردەك قىلىشىڭ لازىم، يەنى گۇناھ ـ خاتالىقنىڭ تەسىرىنى يوقىتىپ، ئۆرۈلۈپ چۈشۈشكە باشلىغان ئىمان بىنايىڭنى قايتىدىن مۇستەھكەملىشىڭ زۆرۈر، ئاللاھ تائالانىڭ بۇ

بىشارىتىگە قارىغىن:(( شۈبھىسىزكى، ياخشى ئىشلار ئارقىلىق يامان ئىشلار يۇيۇلىدۇ)) ] ھۇد سۈرىسى، 114 ـ ئايەت [

رەسۇلۇللاھنىڭ سۆزىگە قارىغىن:" يامان ئىشنىڭ كەينىدىن ياخشى ئىش قىلغىن، ئالدىنقىسىنى ئۇچۇرۇپ تاشلايدۇ".

شام ۋائىزى ئاتالغان ئەھمەد ئىبنى ئاسىم ئەنتاكىنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلاپ باقساڭ گۈلقەقەلىرىڭ ئېچىلىپ كېتىدۇ:" كەلمىشىڭنى ئىسلاھ قىلغىن، ئۆتمۈشۈڭ مەغپىرەت قىلىنىدۇ".

**ھەقىقى تەۋبە دېگەن نېمە؟**

* بۇ توغرىدا ئۆمەر ئىبنى خەتتاب:" گۇناھتىن تەۋبە قىلىپ قايتا كەينىگە يانماسلىق، خۇددى ساغقان سۈت ئەمچەككە يانمىغاندەك" دېگەن.

* ھەسەن بەسرى:" ئۇ بەندىنىڭ ئۆتكەن گۇناھلىرىغا پۇشايمان قىلىپ، قايتىلماسلىق ئىرادىسىگە كېلىشى" دېگەن.

* كەلبى :" تىل بىلەن ئىستىغپار ئېيتىپ، دىل بىلەن نادامەت چېكىپ، بەدەننى چىڭ تۇتۇشتۇر" دېگەن.

* سەئىد ئىبنى مۇسەييەب:" ئۇ تۆت نەرسىنىڭ جۇغلانمىسى، تىل بىلەن ئىستىغپار ئېيتىش، جىسمانى جەھەتتىن ئارىنى ئۈزۈش، قەلبىدە قايتا سادىر قىلماسلىقنى پۈكۈش، ناچار ھەمرالاردىن قول ئۈزۈش" دېگەن.

تەۋبە قىلغاندىن كېيىن ھەزەر ئەيلىگىن

يەھيا ئىبنى مۇئاز مۇنداق دېگەن:" تەۋبىدىن كېيىنكى بىر خاتالىق ـ ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى 70 خاتالىقتىن يامان".

**تەۋبە ئىشكىنىڭ تاقىلىشى**

تەۋبە ئىشكى پەقەت تۆۋەندىكى ئەھۋالدىلا تاقىلىپ كېتىدۇ:

1. قۇياش غەربتىن چىققاندا. رەسۇلۇللاھ ئېيتقانكى:" تەۋبىنىڭ ئىككى يان بوسۇغىسىنىڭ ئارىلىقى شەرق بىلەن غەربتەك كېلىدىغان ئىشكى بار، قۇياش غەربتىن چىقمىغۇچە بۇ ئىشك تاقالمايدۇ".

بۇ ئەھۋال قىيامەت قايىم بولۇپ، قىيامەت ئالامەتلىرى كۆرۈلگەن چاغدا : (( ئىلگىرى ئىمان ئېيتمىغانلارنىڭ ياكى ئىمان ئېيتىپ ياخشى ئىش قىلمىغانلارنىڭ ئىمانى پايدىسىز بولغان)) ] ئەنئام سۈرىسى، 158 ـ ئايەت [ كۈندە يۈز بېرىدۇ.

2. جان ھەلقۇمغا كېلىپ، مالائىكىلەرنى كۆرگەن چاغدا. رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن:" جېنى ھەلقۇمغا يەتمىسىلا، ئاللاھ بەندىسىنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدۇ". نېمىشقا؟ چۈنكى بۇ چاغدا بەندىنىڭ كۆز ئالدى ئېچىلىپ، جان ئالغۇچى پەرىشتىلەرنى ئېنىق كۆرىدۇ ـ دە، دەل مۇشۇ پەيتتە ئىمان ئېيتقۇسى كېلىدۇ، بۇنداق

ئىماننىڭ قىممىتى بولمايدۇ، بۇ چاغدىكى تەۋبىنىڭمۇ ھېچقانداق پايدىسى بولمايدۇ، ئىبنى ئۆمەر بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن:" ئۆلۈم قەھرى يېتىپ كەلمىسىلا، تەۋبە ئالىمى كەڭدۇر".

بەسرىلىك تابىئى ئەبۇ مجلەز سەنۇسىنىڭ سۆزىمۇ بۇ ھەقتە ئېيتىلغان:" مالائىكىلەرنى ئېنىق كۆرمىسىلا، بەندىنىڭ تەۋبە قىلىش پۇرستى بولىدۇ".

**تەۋبە قىلغۇچىلارنىڭ ياردەمچىسى**

1. قۇرۇق ئارزۇغا بېرىلمەسلىك، ئاخىرەت ئۈچۈن ئەتە ئۆلۈپ كېتىدىغاندەك ئىبادەت قىلغىن! رەسۇلۇللاھ مانا مۇشۇنداق نەسىھەت قىلغان ئىدى.

قېرىندىشىم! تەۋبەڭنى كېچىكتۈرۈپ، ئۇيقۇغا بېرىلگەن بۇرادىرىم !سەن تەۋبە قىلماي يۈرگەن ھالدا تۇيۇقسىز ئۆلۈم يېتىپ كەلسە قانداق قىلارسەن؟ ياكى توساتتىن ئۆلمەسلىككە ئۆلۈم پەرىشتىسى بىلەن توختام تۈزۈۋالغانمۇسەن؟! غەيىپتىن خەۋەردار بولۇپ ئۆلۈم خەۋىرىڭنى بىلىۋالدىڭمۇ ياكى تەۋبە قىلمىغۇچە جېنىڭنى ئالمايدىغانغا ئاللاھدىن ۋەدە ئېلىۋالدىڭمۇ؟؟!

تەۋبە قىلغۇچى قېرىندىشىم! ۋاقتىنى كەينىگە سوزۇشتىن ھەزەر قىل! بۇ، ۋەيران بولغانلارنىڭ چارىسى، گەدەنكەشلەرنىڭ دەسمايىسى، ئاللاھ تائالا ئۇلار ھەققىدە:(( شەيتان ئۇلارغا چىرايلىق كۆرسەتتى، كۆڭلىنى تىنىدۇردى)) ] مۇھەممەد سۈرىسى، 25 ـ ئايەت [ دېگەن.

ھەسەن بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرىدە : شەيتان ئۇلارنىڭ خاتالىقرىنى ئۇلارغا بېزەپ كۆرسىتىپ، قۇرۇق ئارزۇ سېلىپ قويىدى، دېگەن.

ئاللاھ تائالا يەنە ئۇلار ھەققىدە : (( بەلكى ئىنسان كەلگۈسى ھاياتىدا گۇناھقا ئەۋزەيلىمەكچى بولىدۇ)) [قىيامەت سۈرىسى، 5 ـ ئايەت ] دېگەن. ئىبنى ئابباس تەپسىر قىلىپ : يەنى گۇناھنى قىلغان بولسىمۇ، تەۋبىسىنى كېچىكتۈرىدۇ، دېگەن.

ئاللاھ تائالا يەنە ھەققىدە: (( ئۇلار غەيىپ ئىشلىرى ئۈستىدە يىراق جايدىن قارىسىغا سۆزلەيدۇ)) [ سەبە سۈرىسى، 53 ـ ئايەت ] دېگەن.

ئىكرەم بۇ ئايەتنى تەپسىر قىلىپ: ئۇلارغا تەۋبە قىلىڭلار دېيىلسە، مانا بۇنىڭدىن كېيىن دەپ كەينىگە سوزىدۇ، دېگەن. تەۋبىنى كەينىگە سوزغۇچى خۇددى بىر تۈپ دەرەخنى قومۇرۇپ تاشلىماقچى بولسىمۇ، دەل ئەمگەك ۋاقتىدا: " ئەتە قىلايچۇ" دەپ كېچىكتۈرۈپ، ئەتىسى كەلسە يەنە ئەتىسىگە كېچىكتۈرۈۋېرىپ دەرەخ يوغىناپ كېتىپ قومۇرۇشقا تېخىمۇ ئامالسىز قالغان ئادەمگە ئوخشايدۇ.

ئۆيۈڭنى بېزەيسەن تولدۇرۇپ مۈلككە،
كىم بىلسۇن، ئىگىسى باشقىدۇر بەلكىم.
ئىنسانىنىڭ ئارزۇسى"ئەتە".."ئۆگۈن" دە،

"ئەتە" دەپ ھەممىدىن ئايرىلار ھەر كىم...

2. تەۋبە قىلغۇچىلار بىلەن ئارىلىشىش

ئۆمەر فارۇق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىزگە مۇشۇنداق نەسىھەت قىلغان:" تەۋبە قىلغۇچىلار بىلەن ئارىلىشىپ ئۆتۈڭلار، ئۇلارنىڭ قەلبى تېخىمۇ ساپ بولىدۇ".

قېرىنداشلىرىم! يۇقىسۇللار سەدىقە، ياخشىلىق، زاكات ياكى ئېھسان تەمەسىدە بايلارنىڭ داستىخانلىرىنى ئىزدەيدۇ، بۇلارنىڭ ھەممىسىگە ئېرىشەلمىگەن تەقدىردىمۇ بىر ۋاقىلىق كەچلىك تاماقتىن قۇرۇق قالمايدۇ؛ ساۋاپلارغا يۇقىسۇل بەندىلەر تائەت ـ ئىبادەت بايلىرىنىڭ ۋە دۇئا ـ زىكرى ساھىبلىرىنىڭ داستىخانلىرىدىن قەلب ھۇزۇرىنى، دۇئا ئىجابىتىنى، بەرىكەت ـ رەھمەتنىڭ غەنىمەتلىرىنى ئىزدىسە بولمامدۇ؟!

قېرىنداشلىرىم! ياخشىلار سىلەردىن زىرىككىچە ئۇلارغا يېپىشىڭلار، سىلەردىن مالاللىق كۆرمەي قارشى ئالسىلا ئۇلاردىن ھەرگىز ئايرىلماڭلار. بىرەرسى سىلەرگە دۇئا ئىنايەت قىلىپ ئىجابەت بەركىتىنى كۆرۈپ قالارسىلەر، خۇددى ئەلى ئىبنى ئابدۇرەھىم ئەلغەزائىرى ئېيتقاندەك:" مەنسەرى ئىبنى مەغلىس ئاللاھنىڭ زىكرىگە بەنت بولغان پەيتتە ئۇنىڭ ئىشكىنى چەككەن ئىدىم، ئۇنىڭ مۇنداق دەپ دۇئا قىلغانلىقىنى ئاڭلاپ قالدىم:" ئى ئاللاھ ! مېنى سېنىڭ زىكرىڭدىن بۇراۋاتقان ئۇ ئادەمنى مەندىن خالاس قىلىپ ئۆزەڭگە قاراتقىن!".

شۇنىڭ بىلەن بۇ دۇئانىڭ بەرىكىتى ئارقىلىق مەن قىرىق يىلغىچە ھەلەب شەھرىدىن پىيادە ھەرەمگە بېرىپ ھەج قىلالىدىم".

**ھېكمەت**

ئىبنى ئاتائۇللا ئىسكەندەرى ئېيتقان: " بەلكىم سىز ناچار ئادەمسىز، ئۆزىڭىزدىنمۇ ناچار ئادەم بىلەن بىللە بولسىڭىز ياخشى تەرىپىڭىز كۆرۈلىشى مۇمكىن".

3. ئاللاھنىڭ نېمەتلىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈش ۋە ئۆز كەمچىلىكنى كۆرۈپ يېتىش

ئاللاھ ئۆز بەندىلىرىگە ئاتا قىلىۋاتقان نېمەتلەر نېمە دېگەن كۆپ! نېمە دېگەن زور! ھالبۇكى بىز ئۇنىڭغا شۈكرى قىلىشتا بەكمۇ ناچار! شۇنداق تۇرۇقلۇقمۇ، ئاللاھ بىزنى نېمەتلىرىدىن مەھرۇم قىلمايدۇ؛ بىز ئىنئام قىلغۇچىغا ئىنتايىن ئاسىيلىق قىلساقمۇ، ئۇ بىزدىن ئىنئاملىرىنى ئايىمايدۇ! ئۇنىڭ غەزىپىگە بەكمۇ كۆپ قېتىم لايىق بولۇپ قالساقمۇ، ئۇ يەنىلا بىزنى رەھمىتىدىن قوغلىۋەتمەيدۇ! بۇ ھەقتە تەپەككۇر قىلىش پەرۋەردىگارىدىن ھايا قىلىشقا زور ياردەم بېرىدۇ. ھايا قىلىشنىڭ بىر تۈرى ـ تەۋبە قىلىشتۇر!

بۇ مەزمۇن ( نىمەتلەرگە غەرق بەلۇش ۋە كەمچىلىكنى كۆرۈپ يېتىش) سەييىدىل ئىستىغپار ھەققىدىكى ھەدىستە بەكمۇ رۇشەن ئوتتورىغا قويۇلغان، سەييىدىل ئىستىغپارنى تاڭ ئاتقاندا ئېيتىپ، دەل شۇ كۈنى ئۆلۈپ كەتكەن ئادەمگە ئاللاھ جەننەتكە كىرىش مۇكاپاتىنى بېرىدىغانلىقى، كەچتە ئېيتىپ يېتىپ شۇ كېچىسى ئۆلۈپ كەتكەن كىشىگىمۇ جەننەت ئىشىكى ئۇچۇقلۇقى مەلۇم.

**سەييىدىل ئىستىغپار**

" ئى ئاللاھ، سەن مېنىڭ رەببىمسەن، سەندىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق! مېنى ياراتتىڭ، مەن سېنىڭ بەندەڭمەن، قۇربىمنىڭ يېتىشىچە ساڭا بەرگەن ۋەدە ـ ئەھدىلىرىمدە تۇرىمەن. قىلغان يامان ئىشلىرىمدىن ساڭا پاناھ تىلەيمەن، ماڭا بەرگەن نىمەتلىرىڭ ئارقىلىق ئۆزەڭگە قايتىمەن، گۇناھىم بىلەن قايتىمەن، مېنىڭ گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلغايسەن، چۈنكى گۇناھلارنى پەقەتلا سەن مەغپىرەت قىلىسەن".

**4. ئاللاھنىڭ كەچۈرۈمىنىڭ كەڭلىكىنى بىلىش**

تەۋبە قىلغۇچى قېرىندىشىم! كىم بىلەن مۇئامىلە قىلىۋاتقانلىقىڭنى بىلگىن! سەن كۇففارلارغىمۇ تەۋبە قىلىشنى ئوتتورىغا قويغان، گۇناھكارلارغا قايتىش يولى ھازىرلاپ بەرگەن زات بىلەن، ئۆز سېخىلىقى ئارقىلىق بۇزۇق ـ پەسكەشلەرگە پۇرسەت بەرگەن زات بىلەن مۇئامىلە قىلىۋاتىسەن؛ غەزىپىدىن رەھمىتى ئۆتۈپ كەتكەن زات بىلەن، كەچۈرۈمى ئازابىنى بېسىپ چۈشكەن زات بىلەن مۇئامىلە قىلىۋاتىسەن. ئەگەر ئۇ زات پۈتۈن مەخلۇقاتلارنى كەچۈرسىمۇ، بۇ تۈپەيلى ئۇنىڭ مۈلكىدىن ھېچ نەرسە كەملەپ قالمايدۇ، ئۇ ئۆزى ھەققىدە: (( ئەگەر سىلەر شۈكرى قىلساڭلار ۋە ئىمان ئېيتساڭلار سىلەرنى ئازاپلاپ نېمە قىلىدۇ؟)) ] نىسا سۈرىسى، 147 ـ ئايەت [ دېگەن.

ئۇنىڭ بىر ئىسمى ـ تەۋبىنى كۆپ قۇبۇل قىلغۇچى (تەۋۋاب) دۇر؛ ئەگەردە سەن گۇناھ قىلمايدىغان بولساڭ، ئۇ قۇرئان كەرىمدە بۇ سۈپەت بىلەن تونۇلماس ئىدى! گۇناھ بولمىسا تەۋبە نېمە ئىش قىلىسۇن؟!

بەندىنىڭ ئاغزىدىن چىقىدىغان ئەڭ گۈزەل سۆز ـ ئى رەببىم! مەن گۇناھ قىلدىم، ئى پەرۋەردىگارىم، مەن خاتالىق ئۆتكۈزدۈم!ئى رەببىم! يامانلىق ئۆتكۈزدۈم! دېگەن سۆزدۇر؛ تەۋبىنى قۇبۇل قىلغۇچى، رەھىمدىل زاتتىن بۇ چاغدا دەرھال : ئى بەندەم، مەغپىرەت قىلدىم! ئى بەندەم كەڭچىللىك قىلدىم! ئى بەندەم كەچۈردۈم! دېگەن جاۋاب قايتىدۇ...

قۇللىرى قېرىسا، ئىسىل خوجايىن،
قۇللۇقتىن مەردلەرچە بوشىتار دايىم.

سەن چەكسىز سېخىسەن،

گۇناھكار قۇلمەن،

قېرىدىشىم، دەۋزەختىن بوشات ئىلاھىم!

ئاخىرقى سۆزىمىز شۇكى: ـ ھەر كېچىسى ئۇخلاشتىن ئىلگىرى شەرتلىرىنى تولۇق ھازىرلىغان ھالدا تەۋبىگىزنى يېڭىلاپ تۇرۇڭ؛ بەلكىم بۇ سىز ئۈچۈن قىيامەت كۈنىلا ئويغىنىدىغان ئاخىرقى قېتىملىق ئۇيقۇ بولۇپ قېلىشى مۇمكىن!

ـ باشقىلارنىڭ ھەققىنى ئۆز ئىگىلىرىگە قايتۇرۇپ بېرىڭ؛ بۇ ئارقىلىق تەۋبە مۇكەممەل بولىدۇ.

ـ كىمكى دايىم مەغپىرەت تەلەپ قىلىپ تۇرسا، ئاللاھ ئۇ كىشىنىڭ ھەر بىر قىيىنچىلىقىنى تۈگىتىپ، غەم ـ قايغۇلىرىنى كۆتىرىۋېتىدۇ ۋە ئويلىمىغان يەردىن رىزقى ئاتا قىلىدۇ.

ـ ھەر كۈنى 100 قېتىم ئاللاھدىن مەغپىرەت تىلەڭ؛ مەغپىرەت تىلەشتە ئاددى سۆزلەرنى قوللىنىڭ( مەسىلەن: ئەستەغپىرۇللاھەل ئەزىم، يەنى، ئۇلۇغ ئاللاھدىن مەغپىرەت تىلەيمەن، دېگەندەك).

ـ يامانلىق كەينىدىن ياخشىلىق تىلەڭ، يامانلىقنى ئۈچۈرۈپ تاشلايدۇ؛ ئەمەلنى ئەمەل ئارقىلىق يۇيۇڭ، يامانلىقنى ياخشىلىق ئارقىلىق يوق قىلىڭ؛ بىلىشىڭىز لازىمكى، مەقبۇل تەۋبىنىڭ بەلگىلىرىدىن بىرى ـ تەۋبە قىلغاندىن كېيىن تەۋبە قىلىشتىن بۇرۇنقىغا قارىغاندا ياخشىلىنىشنىڭ كۆرىلىشىدۇر.

ـ ھەقىقى تەۋبە قىلغۇچىنىڭ بەلگىلىرىدىن ـ قەلبىنىڭ ئېزىلىشى، ياشنىڭ تۆكۈلىشى، باشقىلاردىن نەسىھەت تەلەپ قىلىش؛ زىكرى تەسبىھ سورۇنلىرىغا يۈزلىنىش، دۇنيا نىمەتلىرىگە زىيادە بېرىلمەسلىك، ئاخىرەت ھەققىدە ئويلىنىش قاتارلىقلار بار.

ـ ناچار ھەمرالاردىن قول ئۈزۈڭ؛ بۇ ئەھۋالدا ئىپار ساتقۇچىغا ھەمرا بولمىسىڭىزمۇ مەيلى؛ يامان ھەمرالارنىڭ قېشىدا بولۇشقا ھەرگىز ئىنتىلمەڭ، چۈنكى ئۇ كۆرۈك باسقۇچى بولۇپ ـ كىيمىڭىزنى كۆيدۈرەر ياكى ئۇنىڭدىن بەدبۇي پۇراقتا ئىرىشەسىز. رەسۇلمىزنىڭ:" ئىنسان ئۆزىنىڭ دوستىنىڭ دىنىدا بولىدۇ، دوستلىشىدىغان كىشىلىرىگە بىرىڭلار ئوبدان دىققەت قىلسۇن" دېگەن ھەدىسنى يادىڭىزدا تۇتۇڭ.

ـ ئەتىگەن ـ كەچلەردە سەييىدۇل ئىستىغپارنى ئوقۇشنى ئۇنتۇماڭ.

ـ ئىرادىڭىزنى چىڭىتىپ، روھىڭىزنى بەردەم قۇرۇپ چىقىشقا تىرىشىڭ، بۇنى بۇرۇنقى ئادەتلىرىڭىزنى ئۆزگەرتىش ئارقىلىق قىلالايسىز. ھوشيار ھالەتتە ئۇخلاڭ؛ غەرق ئۇيقۇدىن ئويغۇنۇڭ(بامداتقا) تويغۇدەك تاماق يەڭ، ئاچلىققا چىداپ روزا تۇتۇڭ(نەپلى روزا)

نەپسى ۋە شەيتانغا بويسۇنما ھەرگىز،
نەسىھەت قىلىشسا قۇلاق سالما ھەم.
ئىككىسى بولمىسۇن ئاغىنەڭ، باشچىڭ،
بىلسەن قاپقانغا ئالدۇرار قەدەم.

## گۇناھلار ۋە ھەسرەت ـ نادامەتلەر

### ئىماننىڭ غۇر ـ غۇر شاماللىرى

1 ــقىسىم

گۇناھ ئۈستىگە گۇناھ قىلارسىز پەيدەرپەي،
ۋەھالەنكى كۈتەرسىز ساۋابلار، جەننەتۇئەدەننى.
ياد ئەيلەڭ، ئاللاھقا قىلماي بۇ قەدەر گۇستاخلىق،
بىر گۇناھ ئىلە چىقاردى جەننەتتىن ئادەمنى.

قۇرئان نۇرلىرىدىن :

« ئۇنى خاتالىقلىرى قورشىۋالغان.....»سۈرە بەقەرە 81ـ ئايەت.

بۇ كىتاپچىدا:

نېمە ئۈچۈن ياخشى ئادەملەرنىڭ ئارىسىدىمۇ غېرىبلىق ھېس قىلىسىز؟

نېمە ئۈچۈن پاراكەندە ھالدا ناماز ئوقۇيسىز؟

نېمە ئۈچۈن ئىبادەتنىڭ لەززىتى، مۇناجاتلارنىڭ تەمىنى سېزەلمەيسىز؟

نېمە ئۈچۈن ئۈستىڭىزدىكى ئاللاھنىڭ ھەققىگە سەل قاراپ، ئۇنى ئەرزىمەس نازارەتچى قاتارىدا كۆرىسىز؟

نېمە ئۈچۈن ئۆزىڭىزنى ئۇنتۇپ، قەلبىڭىزنى ئۆلتۈردىڭىز؟

نېمە ئۈچۈن قەلبىڭىز بىئارام، پاراكەندە، قاتتىق ھەم سەرسان؟

كىتاپچە:

تاڭ نۇرىنى كۆرمەيۋاتقانلارغا، نادامەت دەردىنى ھېس قىلمايۋاتقانلارغا؛ قەلبىگە ۋەز ـ نەسىھەتنىڭ ياڭراق سادالىرى يۆسۈپ كىرەلمەيۋاتقانلارغا، بېغىشلاندى.

ئۇلارنىڭ قەلبى سىلكىنىپ، ئەقلى ئويغىنىپ، كۆزلىرى ياشلىنىپ قالسا ئەجەپ ئەمەس.........................................دوكتۇر خالىد ئەبۇشادى.

بۇ كىتاپچە گۇناھلارغا پېتىپ قالسىمۇ بەخرامان ئۇخلاۋاتقانلارنى ئويغىتىپ، ئەجەل شەربىتىنى ئىچىشتىن ئىلگىرى خاتالىقلىرىنى يۇيۇپ، ھايات شاملىرى ئۆچمەستە ئۇمىد نۇرلىرىغا يول تېپىۋلىشى ئۈچۈن تەييارلاندى.

بۇ كىتابچە تەقۋادار مۆمىنلەرنىڭ، سالىھ ئۆتتۈق ئىگىلىرىنىڭ گۇناھ ھاڭلىرىغا قاراپ قەدەم تاشلاپ قېلىشىدىن ساقلىنىشى ئۈچۈن يېزىلدى.

بۇنىڭدا قەبىھ گۇناھلارنىڭ تەسىرىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتتۇم، ئۇنى كۆزۈڭلاردىن ئىلگىرى قەلبىڭلار بىلەن ئوقۇپ چىققايسىلەر. خەيرلىك دۇئالىرىڭلاردا بىزنىمۇ ئۇنتۇپ قالمىغايسىلەر.

## 1. ئىلىمدىن ۋە رىزىقتىن مەھرۇم قېلىش

بىر كۈنى ئىمام شافىئى ئىمام مالىكنىڭ ئالدىدا ئولتۇراتتى. مالىك ئۇنىڭغا ھەۋەسلىنىپ: " ئاللاھ سېنىڭ قەلبىڭگە نۇر تاشلاپتۇ، گۇناھ زۇلمىتى بىلەن ئۇنى ئۆچۈرۈۋالمىغىن!" دېدى. بىراق، كۈنلەرنىڭ بىرىدە شافىئى مالىكنىڭ نەسىھىتىگە خىلاپلىق قىلىپ سالدى.

ئۇ ئۆزىنىڭ ئۇستازى ۋەكىئى ئىبنى جەرراھنىڭ ھوزۇرىغا كېتىۋاتقان يولدا بىر ئايالنىڭ ئېچىلىپ قالغان ھوشۇقىغا قاراپ قالدى- دە، ئۇنتۇغاقلىققا گىرىپتار بولۇپ، ئەستە ساقلاش قابىلىيىتى سۇسلاشتى. (شافىئى يادلاشقا تايىناتتى، ئۇنىڭ ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتى پەۋقۇلئاددە يوقۇرى بولۇپ، كىتاپ يادلىغاندا ئارىلاشتۇرۇپ يادلىۋالماي دەپ بىر بەتكە قولىنى قويۇپ تۇرۇپ يەنە بىر بەتنى يادلايتتى). شۇنىڭ بىلەن ۋەكىئىمۇ مالىكنىڭ گۇناھ ئۆتكۈزمەسلىك ئەستە ساقلاشنىڭ بىباھا دورىسى، دېگەن نەسىھىتىنى تەكتىلىدى.

ۋەكىئگە تۆكتۇم دەردۇ ھالىمنى، ئىرشاد ئەيلىدى ئۇستاز،
داۋادۇر دەپ، تەركى مەئسىيەت ئەستە تۇتماسلىق بالاسىغا،
دېدى ئۇ: ئىلىم- ئىرپان نۇردۇركى، يورۇتار قەلبىڭنى،
ئاتا ئەيلىمەس بۇ نۇرنى ئاللاھ ھېچ بىر ئاسىغا.
شافىئى شېئىرلىرىدىن.

مۇسۇلمانلار سىپرۇسنى فەتھى قىلغان چاغدا، ئەبۇدەردا دەل مۇشۇنداق بىر ئىش سەۋەپلىك يىغلاپ كەتكەن، ئۇنىڭغا: ئاللاھ ئىسلامنى ئەزىز قىلىپ، شىرىك ۋە شىرىك ئەھلىنى خار قىلغان مۇشۇنداق كۈندە نېمىشقا يىغلايسەن؟ دېيىلگەندە، ئۇ مۇنداق دېگەن: ئاللاھنىڭ ئەمرىنى ئورۇندىمىغان خەلق نېمە دېگەن پەس! ھالبۇكى، ئاللاھنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلىپ تۇرۇپمۇ ھەيۋەت- قۇدرەتتىن ئايرىلمىغانلار بولارغۇ!

نېمەتلەر غەنىمەت، قولدىكى چاغدا،
گۇناھلار نېمەتنى يوق قىلار ئاخىر،
ئۇلارنى يۈيۈۋەت ئىبادەت بىلەن،
ئاللاھنىڭ جازاسى قىلماس ھېچ تەخىر.

**ھېكمەت**

سەن مۇنداق دەپ سوئال قويۇشۇڭ مۇمكىن: بۇگۈنكى ۋاقىتتا گۇناھلارغا پاتقانلار، بۇزۇق ئادەملەر قانداقسىگە پاراغەتتە بولۇشۇپ، كۆپلىگەن ھەققانىيەتچىلەر، ئىسلام يولىدا چىڭ تۇرغانلار كەمبەغەل، ئاجىز ھەم خار بولۇپ قالىدۇ؟!

رەسۇلۇللاھ ساڭا جاۋاب قايتۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: " ئاللاھنىڭ گۇناھقا پاتقان بەندىگە ئۆزى خالىغاننى بەرگەنلىكىنى كۆرسەڭ، ئۇ چوقۇم ئاللاھنىڭ تۇيدۇرماي جازالىشنى كۈتۈۋاتقان بولىدۇ". ئاندىن رەسۇلۇللاھ بۇئايەتنى ئوقۇغان: « ئۇلار ئۆزلىرىگە قىلىنغان نەسىھەتنى ئۇنتۇغان چاغدا، ئۇلارغا (سىناش ئۈچۈن) پاراۋانلىقنىڭ ھەممە ئىشىكلىرىنى ئېچىۋەتتۇق، ئۇلار تاكى ئۆزلىرىگە بېرىلگەن نېمەتلەردىن خۇشال-خۇرام تۇرغاندا (ئۇلارنى ئۇشتۇمتۇت جازالىدۇق)، ئۇلار ھەسرەتتە قالدى » سۈرە ئەنئام 44- ئايەت.

بىپەرۋا بۇرادىرىم! ئەگەر ئاللاھ سەن گۇناھقا پاتقاندىمۇ ساڭا نېمەتلىرىنى تۆككىنىنى كۆرسەڭ، ئاللاھتىن قاتتىق ھەزەر ئەيلىگىن! ئەگەر ساڭا مەلۇم مال- مۈلۈك، ئايال، سالامەتلىك ياكى گۈزەللىكنى ئاتا قىلغان بولسا، ئاندىن سەن ئاللاھقا ئاسىيلىق بىلەن جاۋاب قايتۇرغان بولساڭ، ئاللاھتىن ھەزەر قىلغىن. بەلكى ئاللاھنىڭ نېمىتىنى يوق قىلىشىدىن، تۇيۇقسىز جازالىشىدىن، قاتتىق غەزىپىدىن ۋە ئىشلىرىڭنى تەتۈرسىگە ئايلاندۇرۇۋېتىشىدىن ھەر دائىم ئۆزەڭنى ئاگاھلاندۇر!.

ئاللاھنىڭ بۇ ئىلاھى قانۇنىيىتىنى ئاللاھنىڭ ئۆز كىتابىدىن نەقىل ئېلىپ ئىسپاتلاپ بېرىشىمنى تەلەپ قىلامسەن؟

ئۇنداقتا، ئاللاھنىڭ كۇففارلارنى تەسۋىرلىگەن تۆۋەندىكى سۆزلىرىگە قۇلاق سالغىن:

« ئىنسانلار (كۇففارلارنىڭ باياشات تۇرمۇشىنى كۆرۈپ كۇفرىغا قىزىقىپ ئۇلارغا قوشۇلۇپ) ھەممىسى (كۇفرىدا) بىر ئۇممەت بولۇپ قالمايدىغان بولسا ئىدى، مەرھەمەتلىك اللەنى ئىنكار قىلغان كىشىلەرنىڭ ئۆيلىرىنىڭ ئۆگزىلىرىنى ۋە ئۇنىڭغا چىقىدىغان شوتىلىرىنى كۈمۈشتىن قىلىپ بېرەتتۇق. ئۇلارنىڭ ئۆيلىرىنىڭ ئىشىكلىرىنى ۋە تەختلىرىنىمۇ كۈمۈشتىن قىلىپ بېرەتتۇق، ئۇلار تەختلەرگە يۆلىنىپ ئولتۇراتتى. (يۇقىرىقىلارنىڭ بەزىسىنى) ئالتۇندىن قىلىپ بېرەتتۇق، ئۇلارنىڭ ھەممىسى پەقەت دۇنيا تىرىكچىلىكىدە پايدىلىنىدىغان نەرسىلەردۇر. پەرۋەردىگارىڭنىڭ ھۇزۇرىدىكى ئاخىرەت (يەنى جەننەت ۋە ئۇنىڭدىكى نازۇنېمەتلەر) تەقۋادارلارغا خاستۇر» زۇخرۇف سۈرىسى 33- 35 ـ ئايەتلەر.

**2. غېرىبانە قەلب**

گۇناھ- خاتالىقلار قەلبنى دائىم مۇجۇپ تۇرىدىغان غېرىبلىق ۋە قايغۇنى كەلتۈرۈپ

چىقىرىدۇ. بىز بۇ يەردە قەلبى ئىماندىن نۇرلانغان ئادەملەر توغرىسىدا سۆزلەيلى.

بۇ خىل كىشلەر ھېچقاچان گۇناھ قىلىشتىن ھوزۇر ھېس قىلمايدۇ. ئۇ ئارقىلىق خۇشاللىق سەزمەيدۇ، ئەكسىچە گۇناھ سادىر قىلىپ بولغۇچە دەرھال قەلبىنى قايغۇرۇش تۇيغۇسى ئىگەللىۋالىدۇ. ھاۋايى ــ ھەۋەسنىڭ مەسلىكى بۇنداق تۇيغۇنى سەزدۇرمەيدۇ. قەلبى بۇ خىل قايغۇرۇشتىن خالى ئادەم- ئىمانى تۈگەشكەن ئادەمدۇركى، قەلبى ئۆلگەنلىكىگە ماتەم تۇتسۇن!.

ھەممىمىز ئاللاھنىڭ ئىگدارچىلىقىدامىز، ھەم ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتىمىز.

**خارابلاشقان يۇرتلار**

مالىك ئىبنى دىنار مۇنداق دېگەن: قەلبىدە قايغۇرۇش تۇيغۇسى قالمىغان چاغدا خاراب بولىدۇ، خۇددى ئادەم تۇرمىغان ئۆي خارابلاشقاندەك.

قايغۇ قەلبىنىڭ خارابلاشماسلىقىنىڭ كاپالىتى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇ جەننەتكە كىرىشنىڭ سەۋەبلىرىدىن بىرىدۇر.

ھەسەن بەسرى بۇ قاراشنى مۇنداق ئوتتۇرغا قويغان: مۆمىن ئادەم گۇناھ سادىر قىلىپ تاشلاپ، ئۇنىڭدىن قايغۇرۇپ يۈرگەچكە جەننەتكە كىرىشكە سەۋەب بولىدۇ.

بۇرادىرىم! سۆزلىرىڭىزدە قايغۇرۋاتقان بولسىڭىزمۇ، ئىش ــ ھەرىكەتلىرىڭىز تىلىڭىزنى يالغانغا چىقىرۋاتقان قېرىندىشىم: قەلبىڭىزدە غەم بولغىنىدا ئىدى، ئۇنىڭ تەسرى چېھرىڭىزدە نامايان بولاتتى! ئاللاھتىن قورقۇپ يىغلاش كۆرۈلەتتى... يامان ئىشلارنىڭ ئارقىسىدىن ياخشى ئىشلارنى قىلىش كۆرۈلەتتى... ياخشى ئادەملەرنىڭ قۇچقىغا ئۆزىڭىزنى ئاتقان بولار ئىدىڭىز؛ يامان ئادەملەرنىڭ ساھبىتىدىن قاچقان بولار ئىدىڭىز؛ ھەقىقى تەۋبە، نادامەت ياشلىرى ۋە پولاتتەك ئىرادە سىزدىن نامايەن بولار ئىدى...

**3. ياخشىلارنىڭ ئارىسىدا غېرىبلىق**

ئەبۇدەردا مۇنداق دېگەن: بېرىڭلار مۆمىنلەرنىڭ قەلبى ئارقىلىق سەزمەستىنلا لەنەتكە دۇچار بولۇشىدىن ھەزەر قىلسۇن! ئاندىن: بۇ نېمىدىن كېلىپ چىقىدىغانلىقىنى بىلەمسىلەر؟ دەپ سوراپ، مۇنداق جاۋاب بەرگەن: بەندە ئاللاھقا ئاسيلىق قىلغاندا ئۆزى يالغۇز بولسىمۇ، ئاللاھ بەندىگە سەزدۇرمەستىنلا ئۇنى مۆمىنلەرنىڭ قەلبىگە ئۆچ كۆرىستىپ قويىدۇ.

ئەگەر بۇرادەرلىرىڭىزدىن ناچار مۇئامىلىگە ئۇچرىسىڭىز، بۇ ئۆتكۈزگەن گۇناھىڭىز سەۋەبلىكتۇر. شۇڭا دەررۇ ئاللاھ تائالاغا تەۋبە قىلىڭ. ئۇلاردىن ئارتۇقچە يېقىنچىلىق كۆرسىڭىز، بۇ سىزنىڭ ئاللاھقا ئىتائەت قىلغانلىقىڭىزنىڭ نەتىجىسىدۇر، شۇڭا دەررۇ ئاللاھقا شۈكرى قىلىڭ.

پەقەت بۇ خىل ناچار مۇئامىلەلا ئەمەس، بەلكى يەر يۈزىدە قىمىرلىغان ھەر قانداق چوڭ ــ كىچىك، ئالاھىدە ــ ئاددى جاندارلارنىڭ سىزگە ھاقارەت كەلتۈرۈپ، كۆزگە ئىلماسلىقىمۇ دەل ھۆزەيفە ئىبنى يەمانىنىڭ بۇ قانۇنىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ: " ھەر قانداق بىر قەۋم ئاللاھنىڭ ھەققىگە سەل قارايدىكەن، ئاللاھمۇ ئۇلارنىڭ ھەققىگە سەل قارايدىغانلارنى پەيدا قىلىدۇ".

ھۆزەيفە پىرىنسىپىنىڭ ھەقىقىتىنى تەكىتلىگەن زاھىد ئۆمەرنىڭ بۇ سۆزى قانداق ھەق ئېيتىلغان ــ ھە!: " كىمكى مەخلۇقلاردىن قورققانلىقتىن ياخشىلىقنى بۇيرۇپ، ياماننلىقتىن توسۇشنى تەرك قىلسا، ئۇنداق ئادەمدىن ئىتائەت ھەيۋىتى يوقىلىدۇ؛ ئەگەر ئۇ بالىسىنى ياكى خىزمەتكارلىرىنى بىر ئىشقا بۇيرۇسىمۇ ئۇلار ئۇنى كۆزگە ئىلمايدۇ".

### 4. ئىشلارنىڭ تەسلىشىشى

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: « سىلەرگە ھەر قانداق بىر مۇسىبەت يەتسە، ئۇ سىلەرنىڭ قىلغان گۇناھىڭلار تۈپەيلىدىن كەلگەندۇر» شۇرا سۈرىسى 30- ئايەت.

رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن: " ئادەم ئۆزى سادىر قىلغان گۇناھى سەۋەبىدىن رىزقىدىن مەھرۇم قالىدۇ". نەسەئى ۋە ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان.

دېمەك، ئۆز ئىشلىرىنى ئىمان تارازىسىدا ئۆلچەيدىغان مۆمىن شۇنىڭغا شەكسىز ئىشىنىدۇكى، ئۇ دۇچار بولغان ھەر قانداق بالا گۇناھ سەۋەبلىك بولىدۇ، ھەر قانداق ئاراۋىچىلىق خاتالىقتىن تۇغۇلىدۇ.

ئەمما ھاۋايى- ھەۋەسنىڭ دېڭىزىغا غەرق بولغان ماددا قۇللىرى بولسا، مەلۇم بىر ئاپەتكە گىرىپتار بولسا ياكى بىر قىيىنچىلىققا دۇچار بولسا، بۇنىڭغا ئۆزلىرى سەۋەبچى ئىكەنلىكىنى بىلمەستىن ئەس- ھۇشىنى يوقىتىپ، ئاھ ئۇرىدۇ.

ئەسلىدە بۇلار باشتا ئۆزى خاتا دەسسەپ، گۇناھلارغا غەرق بولغاچقا جازا تارتقانلىقلىرىنى بىلمەيدۇ. زۇلۇمنى باشلىغۇچى ئەڭ زالىم قائىدىسىنى ئۇقمايدۇ.

سۇفيان سەۋرى مۇنداق دەيدۇ:" مەن ئايالىمنىڭ مۇئامىلىسىدىن، ئېتىمنىڭ ۋە ئۆيدىكى چاشقانلارنىڭ خۇيىدىن ئۆزەمنىڭ گۇناھ سادىر قىلغانلىقىمنى بىلىۋالىمەن".

بۇخىل تونۇش، ئاللاھ قەلبىنى يورۇتۇپ، ئەقلىنى نۇرلاندۇرۇپ، توغرا يولغا باشلىغان ئادەملەرگىلا نېسىپ بولىدۇ. بىزنى ئاللاھ شۇلارنىڭ قارتارىدىن قىلىشىنى سورايمىز.

### 5. تائەتتىن مەھرۇم بولۇش

سۇفيان دەيدۇكى: " گۇناھىم سەۋەبلىك تۆت ئاي كېچىسى ئويغىنىپ ئورنۇمدىن تۇرۇشتىن مەھرۇم قىلىندىم".

ئىبنى سىرىن بىر ئادەمنىڭ كەمبەغەللىكىنى زاڭلىق قىلغاچقا، قەرز ھەققىدە زىندانغا چۈشكەن.

مەكھۇل بىرسىنى رىيا قىلىپ يىغلىدىڭ دەپ مەسخىرە قىلغاچقا، بىر يىلغىچە ئاللاھدىن قورقۇپ يىغلاشتىن مەھرۇم بولغانلىقىنى ئېيتقان.

ئەمەلىيەتتە، بۇ خىل جازالارنىڭ دەررۇ يۈز بېرىشى ئاللاھنىڭ بەندىسىنى سۆيگەنلىكىنىڭ بەلگىسىدۇر. چۈنكى بۇ جازالار يېنىك ھەم تېز ئۆتۈپ كېتىپ تۈگەيدۇ. ئەمما ئاخىرەتتە بولسا، كۆز كۆرمىگەن، قۇلاق ئاڭلاپ باقمىغان، ئىنسانىنىڭ خىيالىغا كېچىپ باقمىغان ئېغىر جازالار باردۇر.

رەسۇلۇللاھ ئېيتقان ئىدى: " ئاللاھ ئۆز بەندىسىگە ياخشىلىق ئاتا قىلماقچى بولسا، ئۇنىڭ جازاسىنى دۇنيادىلا كۆرسىتىدۇ؛ ئەگەر ئاللاھ ئۆز بەندىسىگە يامانلىقنى ئىرادە قىلسا، ئۇنىڭ گۇناسى بىلەن كارى بولماستىن، قىيامەت كۈنى ئۇنى بىراقلا جازالايدۇ". تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.

دېمەك، دۇنيادا جازالانغان ئادەم ئاللاھغا يېقىن بەندىدۇر. دۇنيادا گۇناھى سۈرۈشتۈرۈلمەي ئاخىرەتكە قالدۇرۇلغان ئادم ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن قوغلانغان ئادەمدۇر...

**سەل توختاپ تۇرۇڭ**

بەزىدە بەندە گۇناھ سادىر قىلسىمۇ، ئاللاھنىڭ ئۇنى جازالىغانلىقىنى ھېس قىلمايدۇ، ئاللاھنىڭ نېمىتى يۈتكىلىپ كەتكەنلىكىنىمۇ سەزمەيدۇ، بۇنى قانداق چۈشىنىش كېرەك؟

مەن دەيمەنكى، قەلبىنى ئاللاھقا بېغىشلاشنىڭ راھىتىنى ۋە مۇناجاتىنىڭ لەززىتىنى يوقىتىپ قويۇشمۇ بىر خىل مەھرۇملۇق، ئاللاھقا تېخىمۇ يېقىنلىشىش تۇيغۇسىنىڭ كەملىكى- مەھرۇملۇق؛ تائەتنى قوبۇل قىلىش ئىشكىنىڭ تاقىلىشى- مەھرۇملۇق؛ كۆز قېتىپ قېلىپ ياش تۆكەلمەسلىكمۇ مەھرۇملۇق؛ يۈرەكنىڭ قارىيىشى، ۋەز - نەسىھەت ئاڭلىغاندا تەسىرلەنمەسلىكمۇ مەھرۇملۇق... مەھرۇم قىلىنغانلار نۇرغۇن بولسىمۇ ئۆزلىرى سەزمەس.

گۇناھكار بۇرادىرىم!

كۆزلىرىڭ قانچە قېتىملاپ ھارامغا تىكىلگەن بولسىمۇ، ئاز يىغلىدى، قانچە قېتىملاپ بامدات نامىزىغا چىقمىغان سەۋەبتىن- يۈزۈڭنىڭ نۇرى ئۆچتى. قانچە قېتىملاپ ھارام مال ــ مۈلۈككە ئېغىز تەككۈزۈپ سالدىڭ- دە؛ بەرىكىتىدىن قۇرۇق قالدىڭ؟ قانچە قېتىملاپ ناخشا- مۇزىكىلاردىن ھوزۇرلانغىنىڭ ئۈچۈن، قۇرئان تىلاۋەت قىلىشتىن مەھرۇم قالدىڭ... دۇنيا مۇھەببىتى قەلبىڭنى ئىشغال قىلغاچقا،

ئاخىرەت ئۈنىڭدىن چىقىپ كەتكەن... چۈنكى ئاخىرەت ئۇلۇغ بولغاچقا، شېرىكلىششىنى قوبۇل قىلمايتتى...

**ھىكمەت**

ئىبراھىم ئىبنى ئەدھەم ئېيتقان: " باتىل نەرسىگە كۆپ نەزەر سېلىش ھەقنى تونۇشنى قەلبتىن ھەيدەپ چىقىرىدۇ".

### 6. گۇناھتىن گۇناھ تۇغۇلىدۇ

بۇنىڭ سىرى شۇكى، بىر ئادەم ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلسا، شەيتان ئۇ ئادەمگە قاراپ يۈگرەيدۇ، پەرىشتە ئۇنىڭدىن يىراقلىشىدۇ. شەيتان پەقەت يامانلىققا، گۇناھقا، خاتالىق ۋە ھالاكەتكە باشلايدۇ. شۇڭا سەھل ئىبنى ئاسىم: " گۇناھنىڭ جازاسى-گۇناھ" دەپ توغرا ئېيتقان.

خۇددى زەنجىرنىڭ ھالقىلىرىدەك بىرى يەنە بىرىنى سۆرەيدۇ، ياكى بىرتىزىق مارجاندەك، ئۇنىڭدىن بىر تال دانە چۈشۈپ كەتسە قالغانلىرى تورۇكلاپ تۆكۈلۈشكە باشلايدۇ.

ئىبنى قەييىم قەسەم ئىچكەن ھالدا توغرا ئېيتقان: " ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، سەندىن دوست (پەرىشتە) يۈز ئۆرۈگەندىن كېيىنلا، دۈشمەن ( شەيتان) ساڭا قاراپ ئېتىلىپ كىلىدۇ، شۇڭا شەيتان غالىپ كەلدى، دەپ ئويلىما، لېكىن ساقلىغۇچى پەرىشتە يۈز ئۆرۈگەندۇر".

**ئاللاھقا ئىتائەتمۇ شۇنداق بولىدۇ**

ئەگەر بەندە ئاللاھقا يېقىنچىلىق قىلسا، پەرىشتە ئۇنىڭغا قاراپ ئالدىراپ، شەيتان ئۇنىڭدىن يىراقلىشىدۇ. پەرىشتە ئۇنى پەقەت تائەتكە، ياخشىلىققا، پاكلىق ۋە خەيرىيەتكە باشلايدۇ. شۇڭا ئالىملار ئېيتقان: " تائەت تۇغۇمچاندۇر، تائەتنىڭ ساۋابى تائەتتۇر".

ئەگەر ئاللاھقا ئىتائەت قىلغان ئادەمنى كۆرسەڭ، بىلگىنكى ئۇنىڭ بۇ خىل ئىتائىتىنىڭ تۈرلىرى خېلى كۆپ تېپىلىدۇ.خۇلەيد ئەسرى بۇ مەناغا قانداق كۆڭۈل بۆرۈپ ئۇنى غەنىمەت بىلگەنلىكىنى، تائەتلەرنىڭ نەتىجىسىدە يېقىنلاشقان مالائىكىلەرنى ئۆزىنىڭ ياخشى ئەمەللىرىنى ئاللاھقا بىۋاستە ئېلىپ چىقسۇن دەپ قانداق گۇۋاھلىققا تارتقانلىقىنى ئاڭلاڭ!.

خۇلەيد ئەسرى كۈن چىققۇچە ئاللاھقا زىكرى- تەسبىھ ئېيتاتتى، ئاندىن ئۆزى تەرەپكە قاراپ ئالدىراشقان مالائىكىلەر ۋە قاچقان شاياتۇنلارغا خاتىرجەم بولغان ھالدا ئىشكىنى تاقايتتى- دە، يېنىدىكى مالائىكىلەرگە مۇنداق دەپ خىتاپ قىلاتتى: " پەرۋەردىگارىمنىڭ مالائىكىلىرىنى قارشى ئالىمەن! ئاللاھقا قەسەمكى، ھازىر ئۆزەمدىكى ياخشىلىققا سىلەرنى گۇۋاھلىققا تارتىمەن، قېنى ئېلىڭلار: ئاللاھنىڭ

ئىسمى بىلەن باشلايمەن، ئاللاھ پاكتۇر، بارلىق ھەمدۇ- سانا ئاللاھقا خاستۇر، يالغۇز ئاللاھدىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر، ئاللاھ بۈيۈكتۇر".

ئۇ كۆزى ئۇيقۇغا كەتكۈچە ياكى نامازغا چىققۇچە توختىماي مۇشۇنداق دەيتتى.

**7. بارلىق مەخلۇقاتلارغا شۇملۇق كەلتۈرۈش**

گۇناھكار ئادەم پەقەت ئۆزىنىلا زىيانغا ئۇچراتسا مەيلى ئىدى، ئەپسۇسكى ئۇ ئۆز ئەتراپىدىكى ئىنسى- جىن، ئادەم- ھايۋان، دەرەخ- تاش قاتارلىقلارغىمۇ زەرەر كەلتۈرىدۇ. گەرچە سىرتتىقى كۆرۈنۈشتە ئۇنىڭدىن باشقىلار زىيان چەكمىگەندەك، ھېچكىمگە زەخمەت يەتكۈزمىگەندەك تۇرغىنى بىلەن، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ گۇناھلىرىنىڭ زەرىرى باشقىلارغىمۇ تەسىر قىلىدۇ.

ئەبۇ ھۈرەيرە بىر ئادەمنىڭ: زالىم ئۆزىگىلا زۇلۇم قىلىدۇ، دەۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغان چاغدا، ئۇنىڭ بۇ خاتا چۈشەنچىسىنى توغرىلاپ مۇنداق دېگەن ئىدى: " سۆزۈڭ توغرا ئەمەس، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، زالىملارنىڭ زۇلمى دەستىدىن ئۇۋىسىدىكى كەكلىكلەرمۇ ئۆلۈپ كېتىدۇ!".

رەسۇلۇللاھنىڭ ساھابىللىرى ئىچىدىن بىرلا ئەبۇ ھۈرەيرە بۇنى تەكىتلىمەستىن، بەلكى ئەنەس ئىبنى مالىكمۇ مۇنداق دېگەن:" ئىنسانلارنىڭ زۇلمى دەستىدىن ئۇۋىسىدىكى كىلەمۇ ئۇرۇقلاپ ئۆلۈپ كېتىشى مۇمكىن".

شۇڭا، ئىنسانلارنىڭ زۇلمى گۇناھلىرى، گۇناھتىن قول ئۈزمەسلىكى ۋە ئۇنىڭ زىيىنىنىڭ باشقىلارغىمۇ تېگىش سەۋەبلىك، پۈتكۈل مەخلۇقاتلار ئازار يەپ، ئۇنىڭغا قارشى ئۇلۇغ ئاللاھدىن ياردەم تىلەپ، ئۇنى ئاللاھ نېمەتلىرىدىن مەھرۇم قىلىشنى، ئۆز رەھمىتىدىن قوغلاپ لەنەت قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

مۇجاھىد ئاللاھ تائالانىڭ :« بارلىق لەنەت قىلغۇچىلارنىڭ لەنىتىگە قالىدۇ» دېگەن سۆزىنى تەپسىر قىلىپ :" ئۇلار يەر يۈزىدىكى يىلان- چايان، قۇرت- قوڭغۇز قاتارلىق ھاشاراتلاردىن ئىبارەت، ئىنسان باللىرىنىڭ خاتالىقلىرى سەۋەبىدىن ئۇلار يامغۇردىن مەھرۇم بولىدۇ" دېگەن.

**ھېكمەت**

ئىراقنىڭ فەقىھ ئاتالغان ئىبنى شىبرىمە ئېيتقان: "كىشىلەردىن ھەيرانمەنكى، كېسەللىكتىن ئېھتىيات قىلىپ تاماقتىن ئۆزىنى تارتىدۇ- يۇ، دوزاختىن قورقۇپ گۇناھلاردىن ئۆزىنى تارتىشمايدۇ".

**ساڭا ھەيرانمەن**

بىر تەڭگەڭ قولدىن كەتسە يىغلاپ كېتىسەنۇ، جەننەت قولۇڭدىن كېتىۋاتسا كۈلۈپ يۈرمەكتىسەن!

هارام مال- مۈلك بىلەن كەبىدىنمۇ كۆركەم كىينەر بولساڭ، ھەجەر ئەسۋەدتىنمۇ يالىڭاچ ھالدا دۇنيادىن كېتىسەن...

دۇنيا چۈشتىن ئىبارەت، ئۆلۈم ئويغىنىشتۇر. قىيامەت كۈنى بولسا، چۈشۈڭگە ئېنىق تەبىر بەرگۈچىدۇر.

دۇنيا دېڭىز، قەبرىلەر ئۇنىڭ ساھىلىدۇر. جان قېيىقىڭ قىرغاقىا يېقىنلاپ قالدى .!

ئىتتىڭگە ياخشىلىقىا شۈكرى قىلىپ، غەزىۋىڭدىن قورقۇپ ئۆزى ئۈۋلىغان ئوۋنى يېمەستىن نەپسىنى بېسىپ ساقلاپ تۇرۇشنى ئۆگەتتىڭيۇ، ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى ساڭا قانچە قېتىم تەلىم بەرسىمۇ سەن يەنە قوبۇل قىلمىدىڭ !.

**رەسۇلىمىز ئاگاھلاندۇرىدۇ**

دوزاخ ئوتىغا ئوخشاش ئەقىلنى مەسلىكىدىن ئويغىتىدىغان بىر نەرسە بولمىسا كېرەك، شۇنىڭ ئۈچۈن رەسۇلۇللاھ ئەقىل بۇزۇلۇپ، ئاڭ يوقۇلۇاتقان ئەھۋاللاردا دوزاخ ئوتىنى بايان قىلاتتى.

جامائەت نامىزىغا چىقماسلىقىا قارىتا رەسۇلۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: " ئوتۇن يىغىپ كېلىشكە بۇيرۇپ ئوتۇن دۆۋلىۋەتسەم دەيمەن، ئاندىن نامازغا بۇيرۇپ ئۇنىڭغا ئەزان توۋلاتسا، ئاندىن بىرەيلەننى بۇيرۇپ كىشلەرگە ئىمام قىلىپ ئاندىن كېيىن، نامازغا چىقمىغانلارنىڭ ئۆيلىرىگە بېرىپ ئۆيلىرىگە ئوت قويىۋەتسەم دەيمەن". نەسەئى رىۋايىتى.

ئەرلەرنىڭ ئالتۇن- زىبۇ- زىننەت ئىشلىتىشىگە قارىتا مۇنداق دەيدۇ: " بىرىڭلار ئاتايىتەن دوزاخ ئوتىدىن بىرتال چوغنى ئېلىپ، ئۇنى قولىغا چاپلىۋالىدۇ". مۇسلىم رىۋايىتى.

باشقىلارنىڭ مال- مۈلكىنى ناھەق يېۋېلىشقا قارىتا مۇنداق دەيدۇ:" سىلەر دەۋالىشىپ كېلىسىلەر، مەن بولسام ئىنسانمەن، بەلكىم بەزىڭلار يەنە بەزىڭلارغا قارىغاندا پاكىتنى تولۇق ئوتتۇرغا قويالىشى مۇمكىن-دە، مەن ئۇنىڭدىن ئاڭلىغىنىمغا بىنائەن ئۇنىڭكىنى راست دەپ، ئۇنىڭ پايدىسىغا ھۆكۈم چىقىرىشىم مۇمكىن، كىمگە بولسۇن ئۆز قېرىنداشلىرىنىڭ ھەققىدىن بىر نەرسىنى ھۆكۈم قىلسام، ئۇ بىر پارچە دوزاخ ئوتىدىن ئىبارەتتۇر، ئەمدى ئۇنى ئالسۇن ياكى قويسۇن ئىختىيارى ئۆزىدە". بۇخارى، مۇسلىم رىۋايىتى.

يۇقىرقىلارنىڭ ھەممىسى، رەسۇلىمىز بىزگە كۆيۈمچان ھەم مېھرىبان بولغانلىقتىن دېيىلگەن. ئۇنىڭ سۆزلىرى ئارقىلىق ئەتە قىيامەتتە يۈزىمىزگە دوزاخ ئوتى ئۇرۇلۇشنىڭ ئورنىغا، يۈزىمىز دوزاخ ئوتىدىن قوغدىلىپ قالىدۇ.

ئەقىل ئىگىسى شۇ كىشىدۇركى، ئاگاھلاندۇرۇش ساداسىنى ئاڭلىغان چاغدا ئۆزىنى ھەق يولغا توغرىلار، تەھدىت خىتابىغا جاۋابەن، گۇناھلاردىن قول ئۈزۈپ تەۋبە قىبلىگاھىغا قايتار...

**غەپلەتتە قالغان بۇرادىرىم**

ھەي ! جەننەتنى ئەرزىمەس پۇلغا ساتقانلار! ئەگەر مالنىڭ قىممىتىدىن قىلچە خەۋرىڭ يوق بولسا سالھلار- ياخشىلارنىڭ ئالدىغا بېرىپ سورىساڭ بولىدۇ، ئۇلار ھەقىقى نەرق- باھاسىنى بىلگەنلەردۇر!...

ئاللاھ ساڭا ئۆزى ئاتا قىلىپ، قايتا ئۇنى سەندىن سېتىۋالغان جېنىڭ ۋە مال- مۈلكۈڭدىن ئىبارەت بۇ نەرسە ھەجەپ قىززىق! ئۇنىڭ ئورنىغا ئاللاھ مەڭگۈلۈك جەننەتنى ۋەدە قىلدى! سودا كېلىشىمى رەسۇلۇللاھتىن ئىبارەت ئەلچىنىڭ قولى قولى ئارقىلىق ئىمزالاندى...

ئاللاھقا قەسەمكى، بۇنىڭدىن كېيىن سەن يەنە ئۇلارنى ئاللاھتىن باشقىسىغا ئەرزىمەس پۇلغا، ئاللاھنىڭ نەزىرىدە پاشىنىڭ قانىتىغىمۇ تەڭ كەلمەيدىغان كىچىككىنە دۇنيالىق مەنپەئەتكە قانداقمۇ سېتىۋەتتىڭ؟؟!

**8- قەلبنىڭ ئۆلۈمى**

قۇرئان جۇلاسى ئاتالغان مۇھەممەد ئىبنى ۋاسى بۇنى مۇنداق ئىپادىلىگەن: " گۇناھ ئۈستىگە گۇناھ قىلىش قەلبنى ئۆلتۈرىدۇ".

شۇڭلاشقا سەئىد ئىبنى مۇسەييىبكە: خەلىفە ئابدۇلمەلىك ئىبنى مەرۋان، قىلغان ياخشى ئىشلىرىمغا خۇرسەن بولمايدىغان ھەم يامانلىقمغا قايغۇرمايدىغان بولۇپ قېلىۋاتىمەن، دېدى دەپ ئېيتىلغان چاغدا ئۇ: : "ئۇنداقتا قەلبنىڭ ئۆلگىنى" دېگەنىدى.

بۇ قەلب ئۆلۈمىنىڭ يالغۇز بەلگىسى ئەمەس، يەنە باشقا نۇرغۇن ئالامەتلىرى بار:

* گۇناھىدىن ھوزۇرلۇنۇش ۋە ئۇنى يوشۇرماسلىق،
* باشقىلار بىلەن ئۇچراشقاندا خۇرسەن بولۇش،
* تەقۋادارلارنى كۆرسە ئىچى سىقىلىش،
* تەۋبىگە ئالدىرماستىن، گۇناھ قىلىشنى داۋاملاشتۇرۇش،
* تائەتنىڭ قولدىن كەتكىنىگە قايغۇرماسلىق،
* يامان ئىشلارنى قولى، تىلى ياكى قەلبى بىلەن ئىنكار قىلىپ ئۆزگەرتمەسلىك....

گۇناھكار بۇرادىرىم!: يەنىلا ساڭا خىتاپ قىلىپ دەيمەنكى:
ئويغاتقىن قەلبىڭنى ئۇيقۇدىن دوستۇم،
ئۇتتۇقتا قول سوزار ئويغانغان ئادەم،

مەن گەرچە ئالالماي قالسام نەسىھەت،
ئۇيغىنىپ بەختكە سەن قويغىن قەدەم.
كىچىككىنە گۇناھمۇ ھالاك قىلىدۇ! ! !

ئىبنى جەۋزى ئېيتقان: " كىچىككىنە گۇناھقىمۇ سەل قارىمىغىن؛ چۈنكى ئاجىز ئوت- چۆپلەردىن مۇستەھكەم ئارغامچا ئېشىلىدۇ- دە، ئۇنىڭغا سېمىز تۆگىمۇ بوغۇلۇپ ئۆلىدۇ".

**9- بەندە ئۇستىدىكى ئاللاھنىڭ ھەققى ئاددى كۆرۈلۈپ قالىدۇ**

چۈنكى، گۇناھ ئىنساننى ئاللاھنىڭ چەكلىمىرىدىن ئەيمەنمەيدىغان ھالەتكە ئاپىرىپ قويىدۇ-دە، ئۇنىڭ قەلبى ئاسىيلىقتا ۋە ئاللاھنىڭ ھارام قىلغانلىرىغا چېقىلىشقا كۆنۈشكە باشلايدۇ. بولۇپمۇ " تەۋبە" سۆزىگە ئالاقىدار مەزمۇنلار ئۇنىڭ يادىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن چاغدا...

شۇڭا، ئەنەس ئىبنى مالىك تابىئىنلار ئەۋلادىغا قاراپ مۇنداق دېگەن: " سىلەر كۆزۈڭلەرگە چاچتىن ينڭچىكە كۆرۈنىدىغان بەزى ئىشلارنى قىلىۋاتىسىلەر، ئۇلارنى بىز رەسۇلۇللاھنىڭ دەۋرىدە ھالاك قىلغۇچى گۇناھلاردىن ھېسابلايتتۇق".

نېمىشقا ئۇلارنىڭ كۆزىگە شۇنداق كۆرۈنگەن دېسىڭىز، ئۇلارنىڭ مۇستەھكەم ئىمانى ئەقىل كۆزلىرىنى توسۇۋالىدىغان پەردىلەرنى سىرىپ تاشلىغاچقا، ئۇلار ئاللاھنىڭ كاتتىلىقىنى، ئۇلۇغلىقىنى بىلگەن- دە، مۇنداق نەسىھەت قىلىشقان: " گۇناھنىڭ كىچىكلىكىگە قارىمىغىن، لېكىن ئۆزەڭ ئاسىيلىق قىلىۋاتقان زاتنىڭ كاتتىلىقىغا قارىغىن".

بەلكى ھۇزەيفە ئىبنى يەمانى مۇنداق دەيتتى: " رەسۇلۇللاھنىڭ ئالدىدا مەلۇم بىر سۆزنى ئېيتقان ئادەم ئۇ سۆزىگە قارىتا مۇناپىق ھېسابلىناتتى، بۈگۈنكى كۈنلەردە بولسا، ئۇنداق سۆزنى بىر سورۇندا تۆت قېتىملاپ ئاڭلاۋاتىمەن".

سەن مۇناپىقمۇ ياكى مۆمىنمۇ؟

ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد ئېيتقان: " مۆمىن ئۆزىنىڭ گۇناھىنى يوغان بىر تاغدەك، ئۆزىنى شۇ تاغنىڭ تۈۋىدە بېشىغا تاغ غۇلاپ چۈشىدىغاندەك كۆرىدۇ؟ پاسىق بولسا، گۇناھلىرىنى بۇرنىغا قونغان چىۋىندەك، مۇنداق قىلسىلا ئۇچۇپ كېتىدىغاندەك كۆرىدۇ".

بۇ، رەسۇلۇللاھ بىزنى ئەگىشىشكە بۇيرۇغان ئىبنى مەسئۇدنىڭ مىزانى. رەسۇلۇللاھ ئىبنى مەسئۇد ھەققىدە :" ئىبنى مەسئۇد سىلەرگە سۆزلەپ بەرگەن سۆزگە ئىشىنىڭلار" دېگەن.( ئىمام ئەھمەد ۋە تىرمىزى رىۋايىتى).

بىز رەسۇلىمىز ئىشىنىشكە بۇيرۇغانىغا شەكسىز ئىشىنىمىز، سىزدىن سوراپ باقايلى:

گۇناھىڭىزغا قانداق قارايسىز؟ بېشىڭىزغا غۇلاپ چۈشىدىغان تاغدەك كۆرەمسىز ياكى ئۇنى بۇرنىڭىزدىن ھەيدەيدىغان چىۋىندەك كۆرەمسىز؟

ئۆزىڭىزنى تەكشۈرۈڭ، سىزگە قارىتىپ سۆزلەۋاتىمەن، دەل سىزنى دەۋاتىمەن!؟

گۇناھكار بۇرادىرىم!

نىجاتلىق تېپىش ياكى ھالاك بولۇش ئۆز قولىڭىزدا! گۇناھ قەلبىڭىزدە قانچىكى زور سىزىلسە، ئاللاھنىڭ ئالدىدا شۇنچە كىچىكلەيدۇ... سىزگە قانچىكى ئەرزىمەس بىلىنسە، ئاللاھنىڭ ئالدىدا شۇنچە زورىيىپ بارىدۇ... شۇڭا ئاللاھنى قەلبىڭىزدە ئۇلۇغ بىلىڭ، ئاندىن گۇناھلىرىڭىز زور بىلىنىپ، بۇ ئارقىلىق ئۆزىڭىزنىڭ مۆمىن ئىكەنلىكىڭىزنى ئىسپاتلىيالايسىز...

بولمىسا... ئىسمىڭىزنى ئۆز قولىڭىز ئارقىلىق مۇناپىقلار تىزىملىكىگە يازدىڭىز!

10- بۈگۈنكى مەھرۇملۇق، ئەتىكى مەھرۇملۇق ئالدىدا ئىنتايىن تۆۋەن تۇرىدۇ

سىز بەلكىم رەسۇلۇللاھنىڭ تۆۋەندىكى ھەدىسىنى ئاڭلاپ باقمىغانسىز:" ئەگەر جەننەتنىڭ زىننەتلىرىنى ۋە يىپەكلىرىنى ياخشى كۆرىدىكەنسىلەر، دۇنيادا ئۇلارنى ئىشلەتمەڭلار!". تەبرانى رىۋايەت قىلغان.

قېرىنداشلىرىم! كىمكى دۇنيادا يىپەك كىيىم كەيسە، ئاخىرەتتە ئۇنى كىيىشتىن مەھرۇم قالىدۇ. كىمكى دۇنيادا ھاراق ئىچسە، ئاخىرەتتە جەننەتنىڭ ئېسىل شارابلىرىنى ئىچەلمەيدۇ. كىمكى بۈگۈنكى تۇپراقتىن يارىتىلغان قىزلاردىن كۆز ئۈزەلمىسە، ئەتىكى نۇردىن يارىتىلغان ھۆر قىزلارنى قۇچالمايدۇ؛ دۇنيانىڭ ناخشىلىرىنى ئاڭلىغان ئادەم ئاخىرەتنىڭ نەغمە- ناۋالىرىدىن مەھرۇم قالىدۇ....

بايان ئەتمىش ئىبنى ئابباس جەننەتتە بىر مەيىن شامال،
قوزغىتار ئىكەن ھەۋەسنى، ئېگىپ تال –چىۋىقلارنى.
نەھەۋەسكى، كۈي- ناۋالار ئاڭلىنىپ يۈرەك تارىنى چەككەن،
ئەجەپ بېرىشىدىن ھوزۇرلار لال قىلار ئەقىل ھۇشلارنى.
بۇرادەرلەر زىيان تارتماڭلار تېگىشىپ جەننەتنى دۇنياغا،
دۇتار- تەمبۇر، نەيلەردىن خۇش ئېتىپ قۇلاقلارنى...
يا ئۇ، يا بۇ

سەلەمە ئىبنى دىينار ئېيتقان ئىدى: " ئاخىرەتتە ئىلكىڭدە بولۇشىنى ئارزۇ قىلغان نەرسىنى دۇنيادا تەرك قىلغىن".

**11- مەنپەئەتسىز ئىبادەت**

رەسۇلىمىز دەيدۇكى: " بەزى روزا تۇتقانلار ئۈچۈن روزىسىدا ئاچلىقتىن بەلەك ھېچ مەنپەئەت يوق، بەزى ئۇخلىماي ئىبادەت قىلغانلار ئۈچۈن ئۇيقۇسىزلىقتىن باشقا ھېچ پايدا يوق!" سەھى ھەدىس.

ئۆزىنىڭ تۇتقان روزىسىنى قىلغان گۇناھلىرى ــغەيۋەت، يالغانچىلىق، ھارامغا قاراش، پارا- جازانە قاتارلىقلار ئارقىلىق مەنپەئەتسىز ھالغا كەلتۈرۈپ، ئاخىرەتتىن زىيان تارتىپ دىنىنى سېتىپ يەپ، ھېچ بىر پايدا- ساۋابسىز ئۆزىنى قىينىغان بۇ رامزان تۇتقۇچىلار ھەققىدە ئويدان ئويلىنىپ كۆرۈڭ!

يەھيا ئىبنى كەسىر مۇنداق دەيتتى:" بىر ئادەم ھالال ــپاك تاماق يەپ روزىسىنى باشلىسىمۇ، قېرىنداشنىڭ گۆشىنى ــھارام يەپ، يەنى غەيۋەت قىلغان ھالدا ئىپتار قىلىشى مۇمكىن".

يەنە ئاشۇ كېچىلىرى ئۇخلىماي ئىبادەت قىلسىمۇ، بۇ ئارقىلىق ياشقىلارغا رىيا ۋە كۆز ــكۆز قىلىش نىيىتىدە بولغانلىقتىن، قىلغىنى زايا كىتىپ، ساۋابلاردىن قۇرۇق قالغان، قەلبى تۇزەلمىگەنلىكتىن ئۆزىنى ئۆزى قىينىغان بىچارىنىڭ ھالىنى ياخشى مۇلاھىزە قىلىپ كۆرۈڭ!

## 12- مەڭگۈلۈك مۇناسىۋەت

ھەر بىر گۇناھ- مەئسىيەت بۇرۇن ئاللاھ ھالاك قىلغان خەلقلەردىن مەلۇم خەلقتىن مىراس قالغان. مەسىلەن، يەر يۈزىدە چوڭچىلىق قىلغان، بۇزغۇنچىلىق قىلغانلار فىرئەۋنىنىڭ مىراسى تەككەنلەردۇر.

تەكەببۇرلۇق، ناھەق زۇلۇم قىلغۇچىلار ھۇد خەلقىنىڭ مىراسىغا ئىگە بولغانلاردۇر؛ جىنىڭ- تارازىدا بابلىغۇچىلار شۇئەيىنىڭ خەلقىگە ئوخشىغانلاردۇر... ھالاك بولغانلارنىڭ يولىدا ماڭغۇچىلار ھالاكەتكە ئۇچرايدۇ. خاتا يولدا ماڭغانلارغا ئەگەشكەنلەر داغدام يولنى يوقىتىپ قويىدۇ...

ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ سەردارى بولغان رەسۇلىمىزنىڭ تۆۋەندىكى ھەدىسى بۇ مەزمۇننى ھايات ئەڭگۈشتىرى قاتارىدا بايان قىلىدۇ:" خۇددى يانتاقتىن ئۈزۈم ئالغىلى بولمىغاندەك، بۇزۇقلارنىمۇ ياخشىلارنىڭ ئورنىغا قويۇپ قارىغىلى بولمايدۇ، شۇڭا تاللىغان يولۇڭلاردا مېڭىڭلار، قايسى يولدا ماڭساڭلار، شۇ يولدىكىلەر بىلەن ھەمرا بولىسىلەر".( سۇيۇتىنىڭ " جامى سەغىر" ناملىق ناملىق كىتاۋىغا قاراڭ).

## ئالدىڭىزدا ئىككى يول بار

بىرى- ھەزرىتى ئەبۇبەكرى ۋە ئۆمەرنىڭ يولى، يەنە بىرى بولسا ئەبۇجەھل ۋە فىرئەۋنىنىڭ يولى؛ بىر بولسا قەلبىنى ھاۋايى- ھەۋەسلەرنىڭ ۋېرۇسلىرىدىن تازىلاپ ساقايتىپ، شەرىئەت ئۆلچەملىرىگە سېلىپ، ئاللاھتىن قورقۇش ئارقىلىق تىزگىنلەش كېرەك، ياكى ئۇنىڭ داۋاسى دوزاخ ئوتلىرىدا پۇچىلىنىش، خارلىق كىشەنلىرىگە چىرمىلىپ، جەھەننەم ھاڭلىرىدا تولغىنىش بولماي ئامال يوق!...

گۇناھكار بۇرادىرىم!

تەقۋادار ئادەمنىڭ يۈزىدە تائەتنىڭ نۇرى جىلۋە قىلىدۇ، گۇناھكارلانىڭ يۈزىدە پاسىقلىقنىڭ زۇلمىتى نامايەن بولىدۇ. ئۆلۈم سەكراتىدا بىرىنچىسىگە بىشارەت كەلسە، ئىككىنچىسىگە نادامەت ۋەھىمە سالىدۇ... قەبرىگە قويۇلۇش بىلەنلا، تەقۋادار جەننەت باغچىلىرىدا يايراش ھېس قىلسا، پاسىق دوزاخ ئوتى تەپتىدىن زارلايدۇ...

قىيامەتتە قايتا تىرىلگەن چاغدا، ئۇ، پەرۋاز قىلسا، بۇ، داقىرتىپ سۆرىلىدۇ... ئۇ، ئاللاھنىڭ ئەرشىنىڭ سايىسى ئاستىدا ئارام ئالسا، بۇ ھەسرەت- جاپا تەرلىرى دېڭىزىدا تىرمىشىپ ئۈزىدۇ...

ئاندىن ئاسىيلارغا: " سىلەرگە بىرەر ئاگاھلاندۇرغۇچى كەلمىگەنمۇ"؟ دېيىلسە، ئىتائەتمەنلەرگە: "دۇنيادىكى سەبرى- تاقىتىڭلارغا بارىكاللا! سىلەرگە ئامانلىق!؟ دېيىلىدۇ...

شۇڭا سائادەتمەنلەر ماڭغان يولدا ماڭغىن، ئۇلارغا ھەمرا بولۇشنى كۆزلىسەڭ، شەھىدلىك ماقامىغا ئېرىشىسەن.

سائادەتمەنلەر روزا تۇتقاندا، سەن تۇتماي يۈرسەڭ، ئۇلار كېچىلىرى ئىبادەت قىلغاندا سەن غەرق ئۇيقۇدا ياتساڭ؛ ئۇلار ئاللاھقا ئىتائەتمەنلىكتە بوشاشماي كۆزلىرىدىن ياشلار تۆكسە، سەن بولساڭ تامامەن ئەكسىچە زالالەتتە كۈلۈپ- يايرىساڭ...

ئويلاپ باق، ئاخىرەتتە بۇلار ئاللاھنىڭ ئالدىدا باراۋەر بولارمۇ؟!...

**13. شەيتاننىڭ مەسخىرىسى**

ئىسلام پېشۋاسى بولغان ئىبنى تەيمىييەدىن مۇنداق سوراشتى:" شەيتانمۇ ئۇخلامدۇ؟" ئۇ جاۋاب بەردى: " شەيتان ئۇخلىغان بولسا بىز راھەتكە چىقار ئىدۇق!". قېرىنىدىشىم!

سېنىڭ ھەر- بىر گۇناھىڭ شەيتاننى بەختكە چۆمۈلدۈرىدۇ، ھەر بىر خاتالىقىڭ ئۇنى يايرىتىدۇ، چۈنكى سەن گۇناھ سادىر قىلىش ئارقىلىق شەيتانغا شېرىك بولدۇڭ! گۇناھلار بولسا، كۇفرىنىڭ ئەلچىسىدۇر، كۇفرى بولسا دوزاخنىڭ يولىدۇر، شەيتان ئۆزى تەنھا دوزاختا مەڭگۈ قېلىشنى خالىمايدۇ...

دەل مۇشۇ سەۋەبلىك، بىر ئادەم سەجدە تىلاۋەت ئايىتىنى ئوقۇپ، سەجدە قىلسا، شەيتان يىغا –زارە قىلغان ھالدا قېچىشقا باشلاپ:" خەپ سېنى! سەجدە قىلىشقا بۇيرۇلۇپ ئۇنى ئورۇندىغاچقا بۇنىڭغا جەننەت بارۇ، مەن سەجدە قىلىشقا بۇيرۇلۇپ ئاسي بولغانلىقىمدىن دوزاخقا مەھكۇممەن!" دەپ ھەسرەت چېكىدۇ...

شۇڭا داۋاملىق سەجدە قىلىش ئارقىلىق، ئۇزۇندىن –ئۇزۇن رۇكۇ قىلىش ۋە ئىسسىقتا ئۇسسۇزلۇقىا چىداپ رەزا تۇتۇش ئارقىلىق شەيتاننىڭ دەككىسىنى بەرگىن!

ئۇ ئەتە ئاخىرەتتە دوزاخنىڭ دەرۋازىسىدا دات- پەريات چېكىشتىن ئىلگىرىمۇ، بۇ دۇنيادا يىغلاپ ئۆتسۇن!.

**ھېكمەت**

مۇتەررىپ ئىبنى ئابدۇللاھ مۇنداق دېگەن: " ئەگەر بىر ئوۋچى ئوۋنى كۆرسە، ئوۋ ئوۋچىنى كۆرمىسە، ئۇنى ئوۋلىۋېلىشى مۇمكىنمۇ؟" كىشلەر: " شۇنداق " دېيىشكەندە، ئۇ ئېيتتى: " شەيتان بىزنى كۆرۈپ تۇرىدۇ، بىز شەيتاننى كۆرمەيمىز- دە، ئۇ بىزگە زەخمەت يەتكۈزىدۇ".

**14. ھاياتنىڭ يامان ھالەتتە ئاخىرلىششى**

گۇناھلار ھاياتنىڭ يامان ھالەتتە ئاخىرلىششىغا سەۋەب بولىدۇ. چۈنكى ئىنسان ئۆزى كۆنگەن ھايات ئۇسلۇبىدا جان ئۈزىدۇ. مەسىلەن، سەجدە قىلغان ھالدا جان ئۈزۈشنى خالايدىغان كىشى، سەجدە ئەمەللىرىنى كۆپ قىلىش كېرەك. روزا ھالىتىدە جان ئۈزۈشنى ئارزۇ قىلىدىغان ئادەم روزىنى كۆپ تۇتۇشى لازىم.

ئاللاھنى تىلغا ئالغان ھالدا جان ئۈزۈشنى ئۈمىد قىلىدىغان كىشى، ئاللاھنى دايىم ئەسلەپ زىكرى، تەسبىھ ئېيتىپ يۈرۈشى زۆرۈر.

گۇناھكارمۇ دەل شۇنداق. ھاياتى ناچار ھالەتتە ئاخىرلاشقان ئادەمنى كۆرسەڭلار، بۇ چوقۇم ئۇنىڭ ئۆز ھاياتىدا ھەق يولىدا ماڭماي، گۇناھلارغا پاتقانلىقىنى، شۇڭا جان ئۈزەر ۋاقتىدا ئاللاھنىڭ غەمخورلۇقىدىن مەھرۇم قالغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

قەبىھ قىلمىشلىرىنىڭ دەستىدىن ئاللاھ مۇشۇنداق لەنەتلىك ئاقىۋەتكە قالدۇرۇپ جېنىنى ئالغانلاردىن ئىككى مىسالنى كۆرۈپ بېقىڭ:

1. ماراكەشلىك مۇھەممەد ئىبنى مۇغىس ( 340- ھىجرىيەدە ئۆلگەن) ئۇ ھاراق دېسە جېنىنى بېرىدىغان زابونلاردىن ئىدى. ئۆلەر ۋاقتىدا كېسەل بولۇپ يېتىپ قالغاندا، ئۇنىڭ بەزى ئۇلپەتلىرى مادارىنى سىناپ بېقىش ئۈچۈن : ”ئورنۇڭدىن تۇرۇپ ماڭالامسەن" دەپ سورىغاندا، ئۇ : " ماڭالىغان بولسام ئەبۇزەكەرىيانىڭ قاۋاقخانىسىغا بېرىپ پەيزى قىلاتتىم" دېگەن... باشقىلار يەنە : " مەسجىدكە بېرىشنى ئويلىساڭچۇ!" دېسە، ئۇ "ھەر كىمنىڭ ھاياتىدا كۆنۈپ قالغان ئىشى بار، مەسجىدكە بېرىپ ئادەتلەنمەپتىمەن...." دېگەن.

**كىم قانداق ھالەتتە ئۆلسە، شۇ ھالەتتە قايتا تىرىلىدۇ.**

2. مۇستاپا كامال ئاتا تۈرك( 1358- ھىجرىيەدە ئۆلگەن) ئۇنىڭغا قويۇلۇشقا تېگىشلىك ئىسىم قويۇلمىغانلىقى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ....

ئۇ ئىسلام دىنىغا ئۆچ ئىدى. ئۇ خەلىپىلىك تۈزۈمىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئەزاننىمۇ تۈرك تىلىدا توۋلاشقا مەجبۇرلىغان، جۇمە كۈنىدىن ئىبارەت مۇسۇلمانلارنىڭ ھەپتىلىك دەم ئېلىش كۈنىنى يەكشەنبە كۈنىگە يۆتكىگەن؛ مەشھۇر

ئايا سوفىيا مەسجىدىنى مۇزىيخانىغا ئۆزگەرتكەن. بىر كۈنى سەھەردە ناماز بامداتقا توۋلانغان ئەزان ئاۋازىغا ئۆچلۈكى تۇتۇپ كەتكەچكە، ئەزان ئېيتقان مەزىننى ئۆلتۈرۈشكە ۋە مەسجىد مۇنارىنى چېقىۋېتىشكە بۇيرۇق قىلغان.

ئىنتايىن كۈلكىلىك ھەم ئېچىنارلىقى شۇكى، ئۆلۈش ئالدىدا ئۆزىگە جىنازا نامىزى ئوقۇلماسلىقى كېرەكلىكى توغرىسىدا ۋەسىيەت قىلغان...

ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن ئۆز ۋەسىيتىگە بىنائەن جىنازا نامىزى ئوقۇماسلىق ياكى ۋەسىيەتكە خىلاپ ھالدا ناماز ئوقۇش توغرىسىدا تالاش ــتارتىش يۈز بېرىپ، ئاخىرى ھەر ھالدا جىنازا نامىزى ئوقۇلۇشنى توغرا تېپىشقان، لېكىن ئۇنىڭ جىنازا نامىزىغا كىم ئىمام بولغىنىنى بىلەمسىز؟!

ئۇ دەل جاھىل مىللەتچى دىنى ئىشلار مۇدىرى شەرەفىددىن ئەپەندى بولۇپ، كېيىن ئۇ تۈركىيە جۇمھۇرىيەت رەئىسى " ئىسمەت ئەينۆنۈنى" قايىل قىلىپ، بارلىق ئىبادەتلەردە قۇرئان كەرىمنىڭ تۈركچە تەرجىمىسنى ئىشلىتىش ۋە مەسجىدلەردە قانۇنىنىڭ كۈچىگە تايىنىپ تۈركچە قىرائەت قىلىشنى مەجبۇرى يولغا قويدۇرغان ئىدى. ئاتا تۈركنىڭ جىنازىسىغا مانا مۇشۇ شەرەفىددىن ئىمام بولغان!...

دېمەك، پالتىسىنىڭ سېپى ئۆزىدىن بولغان، بۇ ئاللاھنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى .... ئاللاھ ھېچكىمگە زۇلۇم قىلمايدۇ!.

**خۇلاسە كالام**

1. گۇناھ تەسىرىگە قانچىلىك ئۇچراش مىزانى بويىچە ئىمانىڭىزنى ئۆلچەپ بېقىڭ؛ مۇشۇ ئاساستا ئىمانىڭىز قانچىلىك دەرىجىدە تۇرەش- رېمۇنىت قىلىشقا مۇھتاجلىقىنى ئېنىقلاڭ.

2. ئاللاھقا تۇتىشىدىغان بىرىنچى يول- گۇناھلىرىڭىزنى قايتا تەكشۇرۈپ، گۇناھ سادىر قىلغىنىڭىز ئۈچۈن ھەسرەتلىنىپ ۋە پۇشايمان قىلىپ، ئۇنىڭدىن كېلىپ چىققان سەلبى تەسىرلەر ھەققىدە ئويلىنىپ تۆۋبە قىلىشتىن باشلىنىدۇ.

3. كىمكى بۇگۈنكى ۋاقتىلىق پاراغەتلەرگە بېرىلىشتىن ئۆزىنى چەكلىيەلىسە، ئەتىكى مەڭگۈلۈك راھەتتىن تولۇق بەھرىمەن بولىدۇ.

4. كاپىرلارنىڭ قىلىقلىرىنى دورىغانلار، ئۇلار بىلەن بىللە تىرىلىدۇ. زالىملارنىڭ قىلمىشلىرىنى قىلغانلار ئۇلار بىلەن بىللە قوپىدۇ. مۇناپىقلارنىڭ قىلغىنىنى دورىغانلار ئۇلار بىلەن بىللە تىرىلىدۇ.

5. بۇ نەسىھەتلەرنى يادىڭىزدىن چىقىرىپ قويغان بولسىڭىز، قەبرىستانلىقتا يادىڭىزغا كەلتۈرۈڭ؛ ئۇ يەردە يادىڭىزغا كەلمىسە، سالىھ- تەقۋادار دوستلىرىڭىز بىلەن سۆھبەتتە بولغاندا ئەسلەڭ! ئۇ يەردە ئېسىڭىزگە كەچمىسە، زىكرى ــتەسبىھ سورۇنلىرىدا ئەسلەشكە تىرىشىڭ.

يۇقىرقى جايلارنىڭ ھەممىسىدە يادىڭىزغا ئالالمىسىڭىز، ئۇنداقتا دەرھال، مەن تىرىكمۇ، ئۆلدۇممۇ دەپ يۇرەك سوقۇشىڭىزنى ئۆلچەپ بېقىڭ.

6. بىر نەرسىنى ياقتۇرمىغان ئادەم ئۇ نەرسىدىن قاچىدۇ، بىر نەرسىنى ياخشى كۆرگەن كىشى ئۇنىڭغا يېپىشىدۇ. گۇناھتىن قېچىش ماھارىتىڭىزنى تولۇق يېتىلدۇرمەكچى بولسىڭىز، بۇ كىتاپچىنى قايتا- قايتىلاپ ئوقۇپ تۇرۇڭ.

## يېڭى مۇھاجىرلار

رامىزان ئېيىدىكى تەۋبە - ئىستىغفارغا پايدىلىق تېپىلغۇسىز پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويغان ,شۇڭا مېھرىبان ئاللاھنىڭ رازىلىقىدىن ئۈمىدسىزلىنىپ قەلبى پۇچۇلانغان؛ دىللىرىدا ئىمانىنىڭ ھارارىتى ئۆچۈپ بارغان بۇرادەرلەرگە بېغىشلايمەن ؛ ئۈمىدۋار بولىڭلار !

ھازىر دەل ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىغا قاراپ ھىجرەت قىلىشنىڭ ياخشى پەيتى، نادامەت ياشلىرىنى تۆكۈپ، بىدارلىق كېچىلىرى ئاللاھ دىن كەچۈرۈم تىلەڭلار، پۇرسەت كېتىشتىن ئىلگىرى جەننەت دەرۋازىلىرىنى چېكىپ تەقۋادارلىق يولىنى تۇتقان ئىسىل زاتلارغا يېتىشىۋېلىڭلار! باھار چېچەكلىرى تۆكۈلۈشتىن، قاراڭغۇ ئورەككە كۆمۈلۈشتىن بۇرۇن ھەرىكەتكە كېلىڭلار! تېز بولۇڭلار، ھايات شامى ئۆچمەستە ئىمانىڭلاردىن چوڭ ئۈمىد بار، گۇناھلار قانچە كۆپ بولسىمۇ رەببىمىز خاتالىقىمىزنى كەچۈرەر، يۈز ئورۇپ كەتكەنلەرنىمۇ ھەر كۈنى جەننەت زېرىكمەستىن چاقىرماقتا...

قېنى ھىجرەت قىلغۇچىلار بارمىكىن؟ !

ئۇلۇغ ھىجرەت تارىختا بىر قېتىم يۈز بەرسىمۇ ھەر بىر يېڭى يىل ھەر بىر يېڭى كۈن ۋە ھەر بىر يېڭى مىنۇتلار ئاشۇ ھىجرەتكە مەنىداش ئۇلۇغ ھىجرەتكە بۇرۇلۇشقا يېڭى بىكەتتۇر.

**مۇقەددىمە**

ھەمدۇ - سانا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھ غا خاستۇر. پەيغەمبەرلەرنىڭ سەردارى، مۇجاھىدلارنىڭ يولباشچىسى ۋە پۈتۈن ئالەمگە رەھمەت قىلىنغان خوجىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئۇنىڭ ئائىلە - تاۋاباتلىرىغا ۋە ساھابىلىرىگە دۇئايى - سالاملىرىمىز بولسۇن.

ئەقلى - روھى ئالىمىمىزنى يۇكسەك چوققىلارغا پەرۋاز قىلدۇرۇپ بىزنى نۇرغۇن ئىبرەت - ساۋاقلار بىلەن تەمىنلەيدىغان ۋە ئۆتمىشىمىز ئاساسىدا كەلگۈسىمىزنىڭ پىلانىنى بىجانىدىل تۈزۈپ، ھارماي - تالماي ئالغا مېڭىشقا ئۈندەيدىغان ياخشىلىق

پۇرسەتلىرى، ھىدايەت لەھزىلىرى يىلمۇ ـ يىل نۇرغۇن قېتىم يۈز بېرىپ تۇرىدۇ، شۇنداق پۇرسەتلەرنىڭ بىرى ـ يېڭى نۇرانە دەۋرىنىڭ تەۋەللۇت ئېلافى، كۇفرىنىڭ يىمىرلىش جاكاسى بولغان ھىجرەت ۋەقەسى، يەنى رەسولۇللاھنىڭ مەككىدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلىش خاتىرىسىدۇر.

يېڭى مۇھاجىرلار ـ ئاز سانلىق، مول ـ بەرەكەتلىك بىر تۇركۈم ئىنسانلار بولۇپ، ئاللاھ تائالا ئۇلار ئارقىلىق ئىمانلارنى يېڭىلاش ئۈچۈن ئۇلارنى ئاخىر زاماندا ۋۇجۇدقا كەلتۈرىدۇ.

يېڭى مۇھاجىرلار ـ ئىمان ئاساسىدا ۋەھىگە ئىگە بولغان، ئىلىم ۋە ئىشەنچ ئاساسىدا ئالغا ئاتلانغان، تەۋرەنمەس ئەقىدىگە تايانغان، تەۋھىد ئۈستىدە بەرپا بولغان؛ تەقۋادارلىقنى چىڭ تۇتقان ۋە مۇكەممەل ئىسلامى تەربىيە ئاساسىدا ئۆسۈپ يېتىلگەن يېڭى ئەۋلادتۇر.

يېڭى مۇھاجىرلارنىڭ بەلگىسى ئاللاھ بۇيرىغاننى ئىجرا قىلىش؛ "ئاللاھ نىمىشقابۇيرۇغان" ئەمەس.

ئۇلارنىڭ شۇئارى ـ رەببىم ! سىنىڭ رازىلىقىڭغا ئالدىرايمەن.

ئۇلارنىڭ مارشى- " ئېيتقىنكى، مېنىڭ نامىزىم، قۇربانلىقىم، ھاياتىم ۋە ماماتىم ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھ غا خاستۇر} "!ئەنئام سۈرىسى، 162- ئايەت.{

يېڭى مۇھاجىرلارنىڭ سۆيگىنى ـ جىھاد قورغىنى ـ ئىمان قورالى ـ چىدام ـ غەيرەت؛ ئەخلاقى ـ قۇرئان؛ ئۈلگىسى ئىنسانلارنىڭ سەردارى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام.

يېڭى مۇھاجىرلار ئۆزلىرىنىڭ بۇ ئالەمگە مېھمان ئىكەنلىكىنى ۋە تېزلا ئايرىلىدىغانلىقىنى بىلگەچكە، بۇ دۇنيانىلا تۇراق قىلمىغان....ئۆزلىرىنىڭ مال ـ پۇللىرى ۋاقىتلىق ئامانەت ئىكەنلىكىنى، ئامانەتنى ئۆز ئىگىسىگە تاپشۇرىدىغان كۈننىڭ چوقۇم يېتىپ كېلىدىغانلىقىنى ئېنىق بىلگەچكە، مال ـ پۇللىرىنى ئۆز ئىگىسىنىڭ يولىدا سېخىلىق بىلەن ئايىماستىن سەرپ قىلىپ تۈگەتكەن!

يېڭى مۇھاجىرلار- ئۈممەتنىڭ يېگانە ئۈمىدى، پارلاق ئەتىسى ۋە نۇرلۇق ئېڭىدۇر.ئۇلارنى قانداق ئۇزۇن كۈتتۇق ھە؟! ئەقسا مەسجىدىنىڭ بوسۇغىلىرى ئۇلارغا ئىنتىزار بولماقتا، كەشمىر مەيدانلىرى ۋە چېچەنىستان تاغلىرى ئۇلارغا ئىنتىزار بولماقتا.دۈشمەنلەرنىڭ قولىدا يەتكۈچە ئېزىلگەن، ئازاپ ـ ئوقوبەتلەرنى تارتقان، دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى قېرىنداشلىرى ئۇلارغا ئىنتىزار بولماقتا...

قىسقارتىپ ئېيتقاندا، يېڭى مۇھاجىرلارنى ئاللاھ ئۆزىنىڭ سۆزىنى يۇقۇرى كۆتىرىپ، دىنىنى غەلبىگە ئېرىشتۈرۈپ، كاپىرلار ياقتۇرمىغان تەقدىردىمۇ ئۆز دىنىنى مۇكەممەل ھەق دادىغا يەتكۈزۈش ۋەزىپىسى ئۈچۈن تالللىۋالغان.

بىرىنچى قېتىملىق ھىجرەت -مۇسۇلمانلار ئۆز دىنىنى ئەركىن ئېلىپ بارالمايدىغان كۇفرى زېمىنىدىن ئىسلام دىيارىغا بەدەن ئارقىلىق يۆتكىلىش بولۇپ ھازىرقى مەزگىلدە ئىنتاين تار دائىرىدە مەۋجۇد بولغان تەقدىردىمۇ، ئۆتمۈشتە بولۇپ ئۆتكەن ۋەقە بولغاچقا، بۇ يەردە ئۇ ھەقتە توختالماقچى ئەمەسمىز.

ئىككىنچى قېتىملىق ھىجرەت- ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى تەرەپكە قەلب ئارقىلىق قىلىنىدىغان ھىجرەتتۇر. بۇ ماقالىمىزنىڭ مەزمۇنى دەل مۇشۇ خىل ھەقىقى ھىجرەت ھەققىدە بولماقچى. ئاللاھ تەرەپكە ھىجرەت قىلىش، بەندىنىڭ ئۆز قەلبى بىلەن :

ئاللاھ دىن باشقىسىنىڭ سۆيگۈسىدىن - ئاللاھ سۆيگۈسىگە ؛

ئاللاھ دىن باشقىسىغا قۇلچىلىق قىلىشتىن - ئاللاھنىڭ قۇلچىلىقىغا؛

ئاللاھ دىن باشقىسىدىن قورقۇش ۋە ئۈمىد قىلىشتىن - ئاللاھ دىن قورقۇش ۋە ئۇنىڭدىن ئۈمىد كۈتۈشكە؛ئاللاھ دىن باشقىسىدىن تەلەپ - سوئالدا بولۇشتىن - ئاللاھ دىن تىلەش ۋە ئۇنىڭدىن سوراشقا ھىجرەت قىلىشنى كۆرستىدۇ.

رەسۇلۇللاھ تەرەپكە ھىجرەت قىلىش بولسا، بەندىنىڭ ئىچكى - تاشقى ھەرىكەت - سۈكۈناتلىرىنىڭ ھەممىسنى رەسۇلۇللاھ ئېلىپ كەلگەن شەرىئەت بويىچە بىر - بىر تەدبىقلاپ رەسۇلۇللاھقا ئەگىشىپ مېڭىشقا يۈزلىنىشنى كۆرستىدۇ.

**ھىجرەت ۋەزىپىسى**

ئىبنى قەييىم مۇنداق دېگەن : ئاللاھ غا ھىجرەت قىلىش - ئاللاھ ياقتۇرمىغان نەرسىلەرنى تەرك قىلىپ، ئاللاھ ياخشى كۆرگەن ۋە رازى بولغان نەرسىلەرنى بەجا كەلتۈرۈشنى مەزمۇن قىلىدۇ، بۇ خىل ھىجرەتنىڭ ئاساسى - سۆيگۈ - نەپرەتتىن ئىبارەت.

ھىجرەت قىلغۇچى ياكى بىر ئەھۋالدىن باشقا بىر ئەھۋالغا كۆچكۈچى چوقۇم تېخىمۇ سۆيۈملۈك نەرسىگە ئىنتىلىدۇ ۋە مەلۇم ئىككى خىل نەرسىنىڭ ئەڭ ياخشىسىغا قەدەم ئالىدۇ.

بەندىنىڭ نەپسى - خاھىشى ۋە شەيتىنى ئۇنى ئاللاھ ياخشى كۆرمەيدىغان نەرسىگە ئۈندەپ دائىم ئاللاھ غا ئاسىيلىق قىلىشقا چاقىرىدۇ؛ ئىمان ساقچىسى بولسا ئۇنى ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا چاقىرىپ تۇرىدۇ ؛ شۇڭا بەندە ھەر ۋاقىت ئاللاھ تەرەپكە ھىجرەت قىلىپ تۇرۇشى، ئاخىرقى نەپسىگىچە ھىجرەت قىلىشتىن

توختاپ قالماسلىقى كېرەك.

دېمەك بۇ، سەن بامدات ئەزانى توۋلىنىپ"ناماز ئۇيقۇدىن ياخشى!" دېگەن نىدانى ئاڭلاپلا، يوتقىنىڭدىن ھىجرەت قىلىش بىلەن باشلىنىدىغان دائىملىق ئىزچىل ھالەتتىكى زۆرۈر ھىجرەتتۇر. نەپسىڭ توختاپلا قالمىسا، جان ـ دىلىڭ بىلەن بېرىلىپ دىنىڭنى چىڭ تۇتۇپ، بارلىق ئاشكارا-يوشۇرۇن ناشايان قىلىقلاردىن ساقلىنىشقا تىرىشىپ، بۇزغۇنچى غەرب ئىدىيلىرى ۋە تۈرلۈك سەپسەتىلەر مەۋج ئۇرۇپ تۇرغان مۇشۇ دەۋرىدە ئۆز ئارا ھەقىقەتكە تەۋسىيە قىلىش، ئۆز ئارا سەبرىگە تەۋسىيە قىلىش مەقسىدىدىكى مۇھىم ھىجرەتتۇر.

ھىجرەت يىلىغا بىر قېتىملا بولمايدۇ، بەلكى يامراپ كەتكەن يامان ئىشلارنى چەكلەش ۋە ئازىيىپ بارغان ياخشى ئىشلارنى ئومۇملاشتۇرۇپ تارقىتىش ئۈچۈن ھەر كۈنى، ھەر سائەت، ھەر مىنۇتتا ھىجرەت قىلىپ تۇرۇش لازىم. بۇنداق يېڭى ھىجرەتلەردە ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىنى غەزەپلەندۈرىدىغان بارلىق يامان ئىشلارنى تاشلاشقا تىرىشىشىمىز كېرەك؛ مەسىلەن، ناچار دوستلارنى تاشلىشىمىز، ھارام سۆزلەرنى تاشلىشىمىز، ھارامغا قاراشنى تاشلىشىمىز، ھارام يېيىشنى تاشلىشىمىز، قاچان نەدە ياشاشتىن قەتئىنەزەر، ئاللاھنىڭ ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن ئارتۇق ئۇيقۇ ـ غەپلەتنى، ھورۇنلۇق ۋە بىپەرۋالىقنى، يۇرەكسىزلىكنى تاشلىشىمىز لازىم. ئۇنداقتا، مۇبارەك ھىجرەتنىڭ بىرىنچى دەرسگە كىلەيلى:

**1. قۇربان بەرمەستىن ھىجرەت قىلغىلى بولمايدۇ**

قېرىنداشلىرىم!

رەسۇلۇللاھ ئۆز رەببىنىڭ :{كېچىنىڭ ئاز قىسمىدىن باشقىسىدا تۇرۇپ ناماز ئۇقۇغىن !} (مۇززەممىل سۈرىسى 2 ـئايەت) دېگەن بۇيرۇقىغا بىنائەن ياتقان ئورنىدىن ھىجرەت قىلغان؛ رەببىنىڭ"تۇر, ئىنسانلارنى ئاگاھلاندۇر!"(مۇددەسسىر سۈرىسى، 2 ـئايەت) دېگەن بۇيرۇقىغا بىنائەن راھەتتىن ھىجرەت قىلغان؛ ئۇ يەنە رەببىنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن مال ـ مۈلكى، ئۇرۇق ـ جەمەتى ۋە يۇرتى مەككىدىن ھىجرەت قىلغان. ..

ئۇنداقتا بىز رەببىمىزنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن نېمىدىن ھىجرەت قىلىپ، نېمىنى تاشلىدۇق؟

*رەسۇلۇللاھ ھىجرەت يولىدا زور جاپا ـ مۇشەققەتلەرگە چىدىغان، ھالبۇكى ئارىمىزدا ئاللاھ يولىدا ئاللاھنىڭ دىنى ھەققىدە تىكەن سانجىلغاندەك ئۇششاق ئىشلارنىمۇ قوبۇل قىلالمايدىغانلار تۇرۇپتۇ؛ مۇشرىكلار ئۆيىنى قورشاپ تۇرغاندىمۇ رەسۇلۇللاھ ئۆز ھاياتىنى دوغا تىككەن، ھالبۇكى ئارىمىزدا مال ـ پۇلدىن زاكات

ئاجرىتىشقا تەۋەككۇل قىلالمايدىغانلار بار! رەسۇلۇللاھ ئىسلام دەۋىتىنى قوتۇلدۇرۇش ئۈچۈن چۆل ـ جەزىرلەرنى كېزىپ چىققان، ھالبۇكى ئارىمىزدا تام قوشنا مەسجىدكىمۇ مېڭىپ چىقىشقا هورۇنلۇق قىلىدىغانلار نۇرغۇن،

*رەسۇلۇللاھ قۇربان بەرگەندەك ساھابىلەرمۇ قىلچە قايغۇ ـ ئەلەمسىز ھالدا جان دىلى بىلەن نۇرغۇن قۇربانلارنى بەرگەن. مۆمىنلەرنىڭ ئانىسى ئائىشە دادىسى ئەبۇ بەكرىنىڭ ھىجرەتتە رەسۇلۇللاھقا ھەمراھ بولغان چاغدىكى ھالىتىنى تەسۋىرلەپ مۇنداق دېگەن : ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، شۇ كۈنى دادام ئەبۇ بەكرىنىڭ يىغلىغانلىقىنى كۆرگەنگە قەدەر بىرسىنىڭ خۇشاللىقتىنمۇ يىغلايدىغانلىقىنى ئۇقمايدىكەنمەن"

*ئەركەكلەرنىڭ يىغىسى مانا مۇنداق بولىدۇ. غەيرەت ـ جاسارەتنى ھەر خىل ياراتقان ئاللاھ ئۇلۇغدۇركى، بەزىلەرنىڭ غەيرىتى كۆكتە، بەزىلەرنىڭ ئەخلەتتە. .. بەزىلەرنىڭ ئىرادىسى ئاللاھ يولدا پولاتتەك مۇستەھكەم، بەزىلەرنىڭ ئىرادىسى ھاۋايى ھەۋەسلەرنىڭ ئەرەزخانىسىغا مەھكۇم...

ئەبۇ بەكرى بولسا ئۆلۈم سەپىرىگە چىقىۋېتىپمۇ خوشاللىقتىن يىغلايدۇ، پۇلدار بايلاردىن بولسىمۇ مال مۈلكىدىن ئايرىلغىنى ئۈچۈن خوشاللىق يېشىنى تۆكىدۇ...خەلقى ئىچىدە مەرتىۋلىك نوپۇز ئىگىسى تۇرۇپمۇ، خەلقىدىن ئايرىلغىنىغا خوشاللىقىدىن يىغلايدۇ؛ خاتىرجەم تۇرمۇشتىن ۋاز كېچىپ، دۈشمەنىنىڭ تەقىبى ۋە خەۋپىگە تولغان مۇشەققەتلىك ئۇزۇن سەپەرگە تەۋەككۇل قىلىشۋاتقىنى ئۈچۈن خوشاللىق يېشىنى تۆكىدۇ. ..شۇڭا، يەتتە قات ئاسماننىڭ ئۈستىدىن ئاللاھ ئۇنى "سىددىق "دەپ ئاتاپ، ئىلاھى شەرەپ مىدالىغا ۋە شان شۆھرەت بايرىقىغا ئېرىشتۈرگىنىدىن ئەجەبلەنمەسلىك كېرەك! ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ :

"راست سۆزنى(قۇرئاننى (ئېلىپ كەلگەن ۋە ئۇنى ھەقىقى ئېتراپ قىلغان سىددىق كىشىلەر۔ ئەنە شۇلار تەقۋادارلاردۇر" (زۇمەر سۈرىسى، 33 ـئايەت) مەزكۇر ئايەتتە ئەبۇ بەكرىگە ئىشارەت بارلىقىنى مۇپەسسىرلەر كۆرسىتىپ ئۆتتۈشكەن.ئەبۇ بەكرى ئاغزىدىكى سۆزىدىن ئىلگىرى ئەمەلى ھەرىكىتى بىلەن رەسۇلۇللاھنى چىن قەلبىدىن ئېتراپ قىلىپ، ئۇنى قوللىغاچقا، ئاللاھ تائالانىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولغان:"ئەگەر سىلەر ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرگە ياردەم قىلمىساڭلار، ئاللاھ ئۇنىڭغا ياردەم قىلغان ئىدى "(تەۋبە سۈرىسى، 40 ـئايەت)

ئالىم شەئبى مۇنداق دېگەن : ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە ئەبۇ بەكرىدىن باشقا يەر يۈزىدىكىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئەيىبلىگەن.

**يېڭى مۇھاجىرلارنىڭ ئىبادىتى**

رەسۇلۇللاھ يېڭى مۇھاجىرلارنىڭ ھىجرىتىنى سۈپەتلەپ" تارچىلىقتىكى ئىبادەت ماڭا ھىجرەت قىلغانغا تەڭ" ئىگەن ئىدى. بۇ يەردىكى (تارچىلىق) بۇزۇلۇشنى ۋە ھالال ـ ھارامنى كىشىلەر ئارلاشتۇرۇۋېتىدىغان ئەھۋالنى كۆرستىدۇ؛ ھارام ئىشلار يامراپ كەتكەچكە ئۇنىڭ تولىلىقىدىن كىشىلەر ئۇنى ھالال دەپ ئويلاپ قېلىشىدۇ ياكى ھالال ئىشلار بەك ئاز بولغاچقا ئۇنى كىشىلەر ئۇنتۇپ تەرك قىلىشىدۇ .نەۋەۋى مۇنداق دېگەن : بۇنداق دەۋىردىكى ئىبادەتنىڭ پەزلى شۇنىڭدىن كېلىپ چىققانكى، كىشىلەر ئىبادەتتىن غاپىل، ئاز بىر قىسىم كىشىلەردىن باشقىسى ئىبادەت بىلەن كارى بولماي ۋە ئىبادەتكە بېرىلمەي قالغان ھالغا يەتكەن بولىدۇ.

*باشقىلار ھاۋايى ـ ھەۋەسكە غەرق بولۇپ، پاراغەتتە لەيلەپ ياتقان كېچىلەردە ئورنىدىن تۇرۇپ ناماز ئوقۇغان ئادەم ـ مۇھاجىرلاردىن بولىدۇ.

*باشقىلا ر ئەخلاققا يات كىنو ـ تېلېۋىزىيە فىلىملىرىنىڭ سېسىق پاتقىقىغا غەرق بولۇپ يۈرگەن ۋاقتتا، ھارامدىن كۆزىنى ساقلىغانلار ـ مۇھاجىرلاردىن ھېساپلىنىدۇ.

*ھارام ئىشلار يامراپ ھەتتا خېلى دىيانەتلىك سانالغان كىشلەرنىڭ ئىشكىلىرىدىنمۇ كىرىپ كەتكەن دەۋرىدە قولىنى ھارام نەرسىلەر بىلەن بۇلغىماستىن ساقلىيالىغانلار ـ مۇھاجىرلاردىن بولىدۇ.

*كىشىلەرنىڭ ئاغزى ئېچىلسىلا غەيۋەت ـ سۆخەن توكۇلىدىغان ئەھۋالدا ئۆز تىلىنى باشقىلارغا يورغىلىتىشتىن ساقلىغانلار ـ مۇھاجىرلاردىن بولىدۇ.

*كىيىم كەيگەندەك بولسىمۇ يالىڭاچ يۈرىدىغان خوتۇن ـ قىزلار ئارىسىدا شەرمى ھاياسىنى ساقلاپ، ھارام ياسىنىشتىن يىراق بولالايدىغانلار مۇھاجىرلاردىن ھىساپلىنىدۇ .

بىز مانا مۇشۇ خىلدىكى ھىجرەتكە مۇشۇ ۋاقىتلاردا ئەڭ مۇھتاجمىز، چۈنكى ئىسلام ئۈممىتىمىز ھىدايەت يولىدىن چەتنەپ، ئاللاھ ساقلىغان ئاز بىر قىسىم كىشلەردىن باشقىلىرى ھارام ئىشلارنى كۆپپارلار بىلەن بەسلەشكەندەك قىلىشىۋېرىدىغان بولۇپ كەتتى، زىناخورلۇق يامرىدى، رىياخورلۇق ـ رىباخورلۇق (جازانە)ئومۇملاشتى، ھاراق كۆپ كۈندۈزدە ئېچىلىشىۋېرىدىغان نەرسىگە ئايلاندى، ھەتتا بىر قىسىم ئادەملەر ئاشكارا ھالدا شەيتانغا چوقۇنىدىغانلىقىنى ئېلان قىلىششى، ناشايەن نىجىس ئالاقە ـ مۇناسىۋەتلەر ئەر ـ ئاياللارغا مودا بولدى. ..

مۇشۇنداق ئەھۋالدا دىنىنى چىڭ تۇتىدىغانلار چوغنى تۇتۇۋالغان ئادەمگە ئوخشاپ قالدى. بىز ئابدۇللاھ ئىبنى ھەبەشى رەسۇلۇللاھدىن سورىغان سوئالدىن

ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ جاۋابىدىن زور ئىبرەت ئېلىشقا مۇھتاجمىز:ئابدۇللاھ رەسۇلۇللاھتىن "قانداق ھىجرەت ئەۋزەل بولىدۇ؟"دەپ سورىغاندا، رەسۇلۇللاھ :" ئاللاھ هارام قىلغان ئىشلارنى تەرك قىلغان ھىجرەت "دەپ جاۋاب بەرگەن.

بىز رەسۇلۇللاھنىڭ تۆۋەندىكى سۆزىنى تىلىمىزدىلا جارى قىلدۇرۇپ قالماستىن، ئەمەلى ھەركىتىمىزگە ئايلاندۇرۇشىمىز لازىم:

"مۆمىن ـ كىشىلەر ئۆز مال ـ مۈلكلىرى ۋە جانلىرىغا ئەمىنلىك ھېس قىلغان كىشىدۇر، مۇھاجىر بولسا خاتالىقلار ۋە گۇناھلارنى تەرك قىلغان كىشىدۇر ."

**2. تەۋەككۈل قىلىشنىڭ يۇقىرى دەرىجىسى**

يېڭى مۇھاجىرلارنىڭ ئىككىنچى خۇسۇسىيتى (ئالاھىدىلىكى) ئۇلار رەسۇل ئەلەيھىسسالامدىن ئىبارەت ئۇلۇغ ئۇلگە ۋە يۈكسەك ئۇستازدىن ئۆگەنگەن ھەقىقى تەۋەككۇلدۇر.

ئەبۇ بەكرى مۇنداق دېگەن :" مەن رەسۇلۇللاھ بىلەن غاردا بولغان ئىدىم، مۇشرىكلارنىڭ قەدەم ئىزلىرىنى كۆرۈپ : ئى رەسۇلۇللاھ، ئەگەر ئۇلارنىڭ بىرەرسى پۇتىنىڭ ئاستىغا قارىغان بولسا بىزنى كۆرۈپ قالاتتى، دىسەم ئۇ مۇنداق دىدى:ئى ئەبۇ بەكرى ئۇچىنچىسى ئاللاھ بولغان ئىككەيلەننى قانداق ئويلايسەن ؟."!

رەسۇلۇللاھ ئەبۇ بەكرىگە تەنها ئاللاھ غىلا تايانغان ھەقىقى تەۋەككۈلچىلىك بىلەن جاۋاب قايتۇرغان. چۈنكى ئاللاھ تائالانى كۆزلەر كۆرەلمەيدۇ، شۇڭا ئاللاھ بىلەن بىللە بولغان كىشىنىمۇ"كۆزلەر كۆرەلمەيتتى " ئاللاھ تائالا مۇنداق دىدى:{رەسۇلۇللاھ ھەمراھىغا :غەم قىلمىغىن، ئاللاھ ھەقىقەتەن بىز بىلەن بىللە " دەيتتى } (تەۋبە سۈرىسى، 40ـ ئايەت) ئاللاھ بىلەن بىللە بولغان ئادەم ھېچقانداق غەم قىلماسلىقى لازىم ئىدى.

بۇ يەردىكى" بىللە بولۇش ـ"بىلىپ ـ كۆرۈپ تۇرۇشنىلا كۆرسەتمەستىن، بەلكى ياردەم ۋە قوغداشنى كۆرستىدۇ.

*مۇشرىكلار رەسۇلۇللاھ تۇرغان غارغا يېتىپ كېلىپ، ئۇلارنىڭ بىرسى غارنىڭ ئۇدۇلىدىلا كىچىك تەرەت قىلىشقا ئولتۇرغان چاغدا، ئەبۇ بەكرى مۇنداق دىدى:"ئى رەسۇلۇللاھ ئۇ بىزنى كۆرۈپ تۇرىدۇ " ئۇكىشى ئەبۇ بەكرىگە ئۇدۇل قاراپ تۇرغان ئىدى. رەسۇلۇللاھ بولسا ئىنتايىن خاتىرجەم هالدا، " ياق ئۇ ھەرگىز كۆرەلمەيدۇ، مالائىكىلەر بىزنى قانىتى بىلەن يېپىپ تۇرىۋاتىدۇ، بىزنى كۆرگەن بولسا مۇنداق قىلماس ئىدى"دېدى.

*مانا شۇسەۋەبلىك، رەسۇلۇللاھ سەپەر جەريانىدا بەكمۇ خاتىرجەم بولغان، ھەتتا سۇراقە ئىبنى مالىك ئۇنىڭ ئارقىسىدىن يېتىشۋالغان چاغدىمۇ ئوڭ ـ سول تەرەپكە قاراپمۇ قويماستىن كېتىۋەرگەن.

مۇشۇنداق ھەقىقى تەۋەككۈلچىلىككە بىز ئېنتايىن مۇھتاجمىز، قەلبىمىزدە ئاللاھ دىن باشقىسى بولمىسا، ئاللاھ دىن باشقا ھېچكىمدىن ئۈمىد كۈتمىسەك، تىلەك قىلمىساق، ئىشەنمىسەك، تەلەپ قىلمىساق، پاناھلانمىساق، قورقۇپ ـ ئەنسىرەپ يۈرمىسەك قانداق ياخشى بولار ئىدى !دۇنيادا مۇشۇ ھالەتتە ياشىغان ئادەم جەننەتكە كىرىشتىن ئىلگىرىمۇ تولۇق ھالدا جەننەت نېئمىتىنى ھېس قىلىپ ياشايدۇ.

بۇنىڭغا قانداق ئېرىشش كېرەك؟

ئۇنداقتا، مەندەك ۋە سىنىڭدەك ئادەملەر تەنھا ئاللاھ غىلا تولۇق ئىشىنىپ تەۋەككۈل قىلىدىغان مۇشۇنداق يۈكسەك چوققىغا قانداق يېتەلەيدۇ؟

ئىبنى قەييىم جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېگەن :" ئاللاھ ئۆزى بىللە بولغانلىقتىن كەمبەغەللىكنى بايلىق سانايدىغان، ئاللاھ رازىلىقىسىز بايلىقنىمۇ كەمبەغەللىك ھېسابلايدىغان، ئاللاھ سىز ئىززەتنى خارلىق، ئاللاھ ئۈچۈن بولغان خارلىقنى ئىززەت دەپ بىلىدىغان، ئاللاھ سىز راھەتنى ئازاپ دەپ، ئاللاھ ئۈچۈن بولغان ئازاپنى شېرىن سېزىدىغان، ئۇمۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، پۈتۈن ھاياتىنى پەقەت ئاللاھ ئۈچۈن ۋە ئاللاھ ئارقىلىق ئۆتكۈزىدىغان، ئاللاھ رازىلىقى كۆزلەنمىگەن بارلىق ئىشلارنى دەرت ـ ئەلەم ۋە قايغۇ ـ ھەسرەت كۆرىدىغان قەلب ئىگىسىگە ئاللاھ پۈتۈن خەزىنىسىنى ئامانەت قويىدۇ, بۇنداق ئادەمگە ئىككى جەننەت-دۇنيادا بىر ئاخىرەتتە يەنە بىر جەننەت ھازىرلانغان بولىدۇ."

قايسىڭلار ئەنسارلاردىنسىلەر ؟

ئاللاھ تائالا بىزگە ئاشۇنداق يىگانە تەۋەككۈل ھەققىدە ئۆزىنىڭ ئۇلۇغ كىتابىدا بايانلار كەلتۈرۈپ مۇنداق دېگەن:{ئەگەر سىلەر ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ياردەم قىلمىساڭلار (ئاللاھ ياردەم قىلىدۇ)، ئاللاھ ھەقىقەتەن ئۇنىڭغا ياردەم قىلغان ئىدى. ئۆز ۋاقتىدا كاپىرلار ئۇنى(مەككىدىن ) ھەيدەپ چىقارغان ئىدى، ئۇنىڭغا پەقەت بىر كىشى (ئەبۇ بەكرى) ھەمراھ ئىدى، ئەينى زاماندا ئۇ ئىككىسى غاردا ئىدى، (رەسۇلۇللاھ) ھەمراھىغا :غەم قىلمىغىن، ئاللاھ ھەقىقەتەن بىز بىلەن بىللە "دەيتتى. ئاللاھ ئۇنىڭغا) پەيغەمبىرىگە) خاتىرجەملىك بېغىشلىدى. ئۇنىڭغا (پەرىشتىلەردىن بولغان) قوشۇنلار بىلەن مەدەت بەردى، ئۇلارنى سىلەر كۆرمىدىڭلار، كاپىرلارنىڭ سۆزىنى ( شېرىك كەلىمىسىنى) پەس قىلدى، ئاللاھنىڭ سۆزى ( تەۋھىد كەلىمىسى ) ئۈستۈندۇر؛ (تەۋبە سۈرىسى، 40 ـ ئايەت.)

بۇ ئايەت بىر قاراشتا بىلىنگەندەك، ھىجرەت ۋاقتىدا ياكى ئۇنىڭدىن بىر ئاز كېيىن نازىل بولماستىن، بەلكى ھىجرىينىڭ 9 ـ يىلى يەنى مۇشەققەت دەپ

ئاتالغان تەبۇك غازىتى بولۇپ ئۆتكەن يىلى نازىل بولغان ئىدى.

*ئۇلارغا كەمچىل بولغانلىقتىن، 18 دىن ساھابە بىر تۆگىگە نۆۋەتلىشىپ مىنگەچكە مۇشۇققەت بولغان.

*سۇ كەمچىل بولۇپ، بەزىلەر ئۆلگىنى بوغۇزلاپ ئۇنىڭ سۇيىدۇكىنى ئىچىشكە مەجبۇر بولغان ئۇسسۇزلۇق مۇشەققىتى بولغان.

*بۇ ئۇزۇن ۋە جاپالىق سەپەرنىڭ چىقىملىرىغا چىقىش قىلالمىغانلار ئاتلىنالمىغاچقا خىراجەت يېتىشمەسلىك مۇشەققىتى بولغان ئىدى.

يۇقۇرقى ئايەت بىر قىسىم ساھابىلەر رەسۇلۇللاھ بىلەن بىللە چىقماستىن قېلىپ قالغان چاغدا نازىل بولغان. ئاللاھ تائالا ئۇلارغا:ئەگەر سىلەر ئۇنىڭغا ياردەم قىلمىساڭلار ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا ھىجرەت كۈنى ئەبۇبەكرىدىن ئىبارەت بىر ئادەم بىلەن ياردەم بەرگەندەك بېرىپ قوللايدۇ، پەيغەمبەرگە ياردەم بېرىشكە سەل قارىغان سىلەردەك مىڭلىغان كىشىلەرگە ئاللاھ مۇھتاج ئەمەس، ئۇنىڭغا كۈچ بېغىشلىيالايدىغان ئاللاھنىڭ ئەسكەرلىرى سان ـ ساناقسىز، شۇڭا ئۇنىڭغا ئاللاھنىڭ ھاجىتى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئۆزەڭلارنىڭ ئۇنىڭغا بولغان ھاجىتىڭلار ئۈچۈن ئۇنىڭ شاپائىتىگە ۋە رازىلىقىغا بولغان ھاجىتىڭلار ئۈچۈن ياردەمدە بولۇڭلار! دەپ خىتاب قىلدى.

*ئاللاھ تائالا سۆزىنى:{كاپىر بولغانلارنىڭ سۆزىنى پەس قىلدى}دەپ پېئىللىق جۈملە شەكلى بىلەن ئاخىرلاشتۇرغان، دېمەك كاپىرلارنىڭ سۆزى قانداقتۇر بىر مەزگىللەردە ئۈستۈن ئورۇنغا چىققان تەقدىردىمۇ، بۇ تەساددىپى ئۈستۈنلۈك بولۇپ، چۇقۇم ۋەيران بولۇپ پەس ئورۇنغا چۈشۈپ قالىدىغانلىقى بەدىئى ئۇسلۇبتا بايان قىلىنغان.

*ئاندىن ئاللاھ تائالا:"ئاللاھنىڭ سۆزى ئۈستۈندۇر"دەپ ئىسىملىق جۈملە شەكلىنى قوللىنىش ئارقىلىق، تەۋرەنمەس ھەقىقەتنى بايان قىلىپ بەرگەن .

دېمەك ئاللاھنىڭ سۆزى مەڭگۈ ئالى ۋە ئۈستۈن بولۇپ، ھېچقانداق بىر كۈندە تۆۋەن ئورۇندا خارلىنىپ قالمايدۇ، پەقەت لايىق رەۋىشتە ئۇنى ئۆز ئۈستىگە ئالالمىغان ۋە ئۇنى تولۇق بىجىرەلمىگەنلەرلا پەس ۋە خار بولۇپ، زىيان تارتقۇچىلارغا ئايلىنىدۇ.

ئاللاھ يولىدا كىم ماڭا ياردەمچى بولالايدۇ ؟!

قېرىنداشلار ! بىز ھازىردىن باشلاپ تۆۋەندىكىدەك رەۋىشتە ئۆزىمىزگە خىتاب قىلالامدۇق ؟:!

*ئەگەر بىز رەسۇلۇللاھنىڭ سۈننىتىنى چىڭ تۇتۇش، يولىدا تەۋرەنمەي مېڭىش دۇنيا ـ ئاخىرەتلىك ئىشلاردا ئۇنى ئۆزىمىزگە ئۈلگە قىلىش ۋە بارلىق

ئۇششاق ـ چوڭ مەسىلىلەردە ئۇنىڭ يولىيورۇقى بويىچە مېڭىش ئارقىلىق ئۇنىڭغا ياردەمچى بولالىساق؛

*ئۇنىڭ قوشۇنىدىكى بىر ئەسكەر، ئۇنىڭ قولىدىكى بىر ئوق ۋە ئۇنىڭ يولىدا قۇربان بولالىساق، ئۇنداقتا ئاللاھ ئۇنىڭغا ياردەم بېرىدۇ، يەنى": ئۇلارنى (ئاللاھ) دوست تۇتىدىغان، ئۇلارمۇ ئاللاھ نى دوست تۇتىدىغان، مۆمىنلەرگە كۆيۈنىدىغان، كاپىرلارغا شەپقەتسىز، ئاللاھنىڭ يولىدا جىھاد قىلىدىغان ۋە مالامەت قىلغۇچىنىڭ مالامىتىدىن قورقمايدىغان بىر قەۋم بىلەن "(مائىدە سۈرىسى، 54ـ ئايەت (ئۇنىڭغا ياردەم قىلىدۇ.

*بىز جاپالىق ئەمگەك سىڭدۈرەيلى ياكى ياستۇقنى قىرلاپ ئۇخلايلى، بەربىر ئاللاھنىڭ دىنى پۈتۈن ئالەمگە تولۇق تارقىلىپ غەلىبە قازىنىدۇ. بىراق ھەرىكەت قىلمىغان مۆمىنلەر بىلەن ئاللاھ يولىدا كۆرەشكە چىققانلار باراۋەر بولامدۇ؟! نەدە ئۇنداق ئىش بولسۇن! :"ئاللاھ ماللىرىنى، جانلىرىنى تىكىپ جىھاد قىلغۇچىلارنى جىھادقا چىقمىغانلاردىن بىر دەرجە ئۈستۈن قىلدى" (نىسا سۈرىسى، ـ 95 ئايەت )

بۇ ئوڭاي دەرجە ئەمەس، ئاددى پەرق ئەمەس، بەلكى ئاللاھ تائالا ئۆزى بىلدۈرگەندەك : " ئاللاھ جىھاد قىلغۇچىلارغا بويۇك ئەجىر ئاتا قىلىپ ئۇلارنى جىھادقا چىقمىغانلاردىن ئارتۇق قىلدى " (نىسا سۈرىسى، 95 ئايەت)

مانا ئەمدى مۇھاجىرلارنىڭ ئۇچىنچى بەلگىسىگە كېلەيلى ۋە ئۇنىڭ يارقىن نۇرلىرىغا چۆمۈلۈپ باقايلى :

### 3. دوستلۇق سۆيگۈسى

رەسۇلۇللاھ بىلەن ئەبۇ بەكرى غارغا قاراپ ماڭغان چاغدا، ئەبۇ بەكرى رەسۇلۇللاھنىڭ بىردەم ئالدىغا، بىردەم ئارقىسىغا ئۆتىۋالاتتى. رەسۇلۇللاھ بۇ توغرۇلۇق سورىغاندا، ئەبۇ بەكرى كەينىڭىزدىن ماڭسام ئالدىڭىزدىن خەتەر چىقارمۇ دەپ، ئالدىڭىزدا ماڭسام، ئارقىڭىزدىن خەتەر چىقارمۇ دەپ ئەنسىرەيمەن، دېگەن. ئۇلار كېچىسى سەۋر غارىغا يېتىپ كەلگەن چاغدا، ئەبۇ بەكرى مۇنداق دىدى : سىز تۇرۇپ تۇرۇڭ، قولۇمنى غارنىڭ ئىچكىرىسىگە تىقىپ سىيلاپ تەكشۈرۈپ باقاي، ئەگەر زىيانلىق ھاشارەتلەر بولۇپ قالسا سىزدىن بۇرۇن مىنى چاقسۇن. ..

ئۇغاردا بىر دانە تۆشۈك بار ئىدى، ئەبۇ بەكرى ئۇنىڭدىن بىرەر ھاشارەت ياكى يىلان ـ چايان چىقىپ رەسۇلۇللاھقا زىيان يەتكۈزشىدىن ئەنسىرەپ ئۇ تۆشۈككە پۇتىنى قويۇۋالدى.

سۆيۈملۈك قېرىندىشىم !

ئەبۇ بەكرى رەسۇلۇللاھنى ھەقىقى ياخشى كۆرگەچكىلا، ئۇنىڭغا زىيان ياكى يامانلىق يەتكۈزىدىغان ھەرقانداق نەرسىدىن ئۇنى قوغداشقا تەييار تۇرغان. ئەمما سىز كىچىككىنە توختاپ تۇرۇڭ، قۇلىقىڭىزغا يېقىن كېلىپ سىزگە دەپ باقاي : رەسۇلۇللانىڭ سۈننىتىگە خىلاپ ئىش قىلىش ۋە ئۇنىڭ شەرىئىتىگە بويسۇنماسلىقتىنمۇ ئېغىر بىرەر ئىش بىلەن رەسۇلۇللاھقا يامانلىق قىلىش مۇمكىنمۇ؟ !

رەسۇلۇللاھنىڭ ھەر قانداق جىسمانى جاراھىتى ئۇنى پاراكەندە قىلالمايتتى، قاراڭ، غازاتلارنىڭ بىرىدە ئۇنىڭ بارمىقى جاراھەتلەنگەندە مۇنداق قاپىيە كەلتۈرگەن:

سەن بىر تال بارماقسەن قانىغان پەقەت،

ئاللاھنىڭ يولىدا تارتتىڭ مۇشەققەت.

ئەمما شۇنىڭ بىلەن بىرگە، رەسۇلۇللاھ ئۆز خەلقىنىڭ ئۇساللىقىدىن كېلىپ چىققان قەلبى جاراھەتلىرىگە چىدىيالمايتتى، ئۇ ئاللاھنىڭ بەلگىلىمىلىرى بۇزۇلمىسا باشقا نەرسىگە ئاچچىقلىنىپ كەتمەيتتى. ئاللاھنىڭ ھەقلىرىگە تاجاۋۇز قىلىنغان چاغدا، ئۇقاتتىق غەزەپلىنەتتى. قېرىندىشىم، دەپ باقىن :رەسۇلۇللاھنى رازى قىلىدىغان ئىشنى قىلدىڭمۇ ياكى غەزەپلەندۈرىدىغان ئىشنىمۇ؟ ئۇنى ياخشى كۆردۈڭمۇ؟ ياكى ئۇنىڭغا ياقمايدىغان خىلاپلىق قىلىشنى تاللىدىڭمۇ؟ ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلغاتامسەن ياكى ئاسىيلىق قىلغاتامسەن ؟!

**سىددىقچە ھەقىقى سۆيگۈ**

قېرىنداشلىرىم! رەسۇلۇللاھنى ياخشى كۆرگەن ئادەم خۇددى ئەبۇ بەكرى سىددىقتەك قىلىپ، رەسۇلۇللاھقا ئازار بېرىدىغان نەرسىدىن ئۇنى ئايايدۇ؛ ئەبۇ بەكرى رەسۇلۇللاھ ھايات ۋاقتىدا ئۇنىڭ مۇبارەك بەدىنىنى قوغداپلا قالماستىن، ئۇ قازا قىلغاندىن كېيىنمۇ ئۇنىڭ يارقىن شەرىئىتىنى ئۆزگەرتمەكچى بولغانلاردىن قوغداپ، زاكات بىرىشتىن باش تارتقان مۇرتەدلەر بىلەن كەسكىن جەڭ قىلغان ئىدى ۋە مۇنداق دېگەن : ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ناماز بىلەن زاكاتقا ئايرىم مۇئامىلە قىلغانلار بىلەن جەڭ قىلىمەن، چۈنكى زاكات مال ـ دۇنيانىڭ ھەققىدۇر؛ ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئەگەر ئۇلار رەسۇلۇللاھقا تاپشۇرۇپ كېلىۋاتقان بىر تال يېپنى ماڭا تاپشۇرمىغان تەقدىردىمۇ، ئۇنى بەرمىگەنلىككە ئاساسەن ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلغان بولاتتىم، ۋەھى ئۈزۈلۈپ، ئىسلام دىنى تاكامۇلاشتى، مەن تىرىك چېغىمدا دىنغا نوقسان يەتكۈزەلەمدىكەن؟.

كىشىلەر ئەبۇ بەكرىگە، رەسۇلۇللاھ ھايات ۋاقتىدا ئاتلاندۇرماقچى بولۇپ تۇرغان رەسۇلۇللاھنىڭ ۋاپاتى سەۋەبىدىن تۇرۇپ قالغان قوشۇننى ئەۋەتمەسلىك

مەسلەھەتىنى بەرگەندە (چۈنكى ئەبۇ بەكرى بۇ قۇشۇنغا مۇھتاج ئىدى ) ئەبۇ بەكرى يولۋاس كەبى گۈركىرەپ گۈلدۈرمامىدەك قاتتىق رەت قىلىپ مۇنداق دېگەن:" ئاللاھ بىلەن قەسەمكى جەسەدىمنى قۇشلار تالاپ، مەدىنىنىڭ ئەتراپىغا يىرتقۇچ ھايۋانلار ئولاشسىمۇ، مۆمىنلەرنىڭ ئانىلىرىنىڭ پۇتلىرىدىن ئىتلار سۆرەپ تارتقان تەقدىردىمۇ، رەسۇلۇللاھ يولغا ھازىرلىغان قوشۇننى ھەرگىزمۇ قايتۇرمايمەن، رەسۇلۇللاھ باغلىغان بايراقنى ھەرگىز يەشمەيمەن! ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، يۇرتتا مەندىن باشقا ئادەم قالمىغان ھالدىمۇ بۇ قوشۇننى ماڭدۇرغان بولاتتىم، رەسۇلۇللاھ ھايات چاغدا ئىتائەت قىلىپ، ۋاپات بولغاندا بويسۇنمىسام بولامدۇ؟ "!

ئەبۇ بەكرى بۇ ئارقىلىق بىزگە ھەقىقى سۆيگۈ ھەققىدە جانلىق دەرس ئۆگەتكەنكى، بۇ خىل مۇھەببەتنى مەدھىيە داستانلىرىدىن تاپقىلى بولمايدۇ، بەلكى گۈزەل ئۈلگىگە ئەگىشىپ، ئۇبدان ئىجرا قىلىش دېگەن مۇشۇ! ئېغىزلاردىن قالغان مۇھەببەت قانداق قەدىرسىز بولسا ھەقىقى قىلىنغان نەمۇنە ئىشلاردىن يۈكسەك سۆيگۈ نامايەن بولماقتا!

**ۋاپادار ئاياللار**

رەسۇلۇللاھ يولدا ئاياللارنىڭ ئەرلەر بىلەن ئارلىشىپ ماڭغانلىقىنى كۆرۈپ ئاياللارغا:"ئارقا تەرەپتىن يولنىڭ قىرغىقىدىن مېڭىڭلار " دېگەن چاغدا، ئاياللار ئاگلاش بىلەنلا دەرھال بويسۇنۇپ، تاملارغا چاپلىشىپ مېڭىشقانلىقتىن ھەتتا ئۇلارنىڭ كىيىملىرى تاملارغا ئىلىنىشىپ قالاتتى.

*مۆمىنلەرنىڭ ئانىسى ئائىشە رەزىيەللاھ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ:"ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئەنسارلارنىڭ ئاياللىرىدىنمۇ ياخشى، ئاللاھنىڭ كىتابىغا بەك ئىشىنىدىغان ۋە نازىل بولغان ئايەتلەرگە ئىمان كەلتۈرىدىغانلارنى كۆرمىدىم، سۈرە نۇردىكى بۇ ئايەت چۈشكەن ئىدى :{ئۇلار لېچەكلىرى بىلەن بويۇنلىرىنى ئورىۋالسۇن، ) {نۇر سۈرىسى، 31-ئايەتنىڭ بىر قىسمى)، ئۇلارنىڭ ئەرلىرى قايتىپ بېرىپ، ئۇلار ھەققىدە نازىل بولغان ئايەتنى ئۇلارغا ئوقۇپ بېرىشتى، ھەر بىر ئادەم ئۆز ئايالىغا، قىزىغا، ھەمشىرىسىگە ۋە بارلىق تۇققانلىرىغا ئوقۇپ بېرەتتى، ئۇلاردىن ھەر بىر قىز - ئايال دەرھال گۈللۈك زەدىۋاللىرىنى ئېلىپ باشلىرىغا چېگىۋالغان ۋە ئاللاھنىڭ كىتابىغا قانداق ئىمان كەلتۈرىدىغانلىقلىرىنى، ئىشىنىدىغانلىقلىرىنى نامايەن قىلغان، ئەتىسى ئۇلار رەسۇلۇللاھنىڭ ئارقىسىدا گوياكى باشلىرىغا قۇشلار قونىۋالغاندەك تۇرۇشقان ئىدى "

**سۆيگۈ قەسەملىرى**

بىر كۈنى رەسۇلۇللاھ نۇتۇق سۆزلەۋاتقان چاغدا ئابدۇللاھ ئىبنى راۋاھە

كىشىلەرنىڭ ئارىسىغا كەلدى ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ ئولتۇرۇۋاتقان دېگەنلىكىنى ئاڭلاپ، رەسۇلۇللاھ سۆزىنى تۈگەتكىچە، مەسجىدنىڭ سىرتىدىلا كەلگەن جايىدا ئولتۇردى، بۇ ئىش رەسۇلۇللاھقا يەتكەن چاغدا، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا قاراپ:"ئاللاھ سېنىڭ ئاللاھ قا ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىغا بولغان ئىتائەتمەنلىكىڭنى زىيادە قىلسۇن !" دېدى.

ئىمام شافىئى مىسىردىكى چاغدا، بىر ئادەم ئۇنىڭدىن بىر مەسىلىنى سورىغان ئىدى، ئىمام شافىئى ئۇنىڭغا بۇ مەسىلە ھەققىدە رەسۇلۇللاھنىڭ سۆزى بويىچە پەتىۋا بەردى، ئۇ كىشى ئىمام شافىئىغا ":مۇشۇنداق دەمسەن؟"دېگەن ئىدى، ئىمام شافىئى:"قارا سېنى! مېنىڭ كۆكرىكىمدە كىرىست ئېسىقلىق تۇرغىنىنى كۆردۈڭمۇ؟! مېنىڭ چېركاۋدىن چىقىۋاتقانلىقىمنى كۆردۈڭمۇ؟! قۇرۇپ كەتكۇر! ئەگەر ئۆزۈم ئىجرا قىلمايدىغان بىرەر ھەدىسنى رەسۇلۇللاھدىن رىۋايەت قىلىدىغان بولسام مېنى قايسى يەر كۆتىرىدۇ ؟ قايسى ئاسمان ماڭا سايە بېرىدۇ؟ شۇنداق بۇ پەتىۋاغا كۆز قارچۇقۇمدەك ئەمەل قىلىمەن، مەن ئەمەل قىلمايدىغان بىرەر نەرسىنى رەسۇلۇللاھتىن رىۋايەت قىلغان كۈندە، ئادەملەر، سىلەرگە گۇۋاھلاپ قويايكى، ئەقلىمنىڭ يوقالغىنى شۇ"!

ئابدۇرراھمان ئىبنى مەھدى رەسۇلۇللاھنىڭ ھەدىسىنى ئوقۇغان چاغدا ھەمراھلىرىنى سۈكۈت قىلىشقا بۇيرۇپ مۇنداق دەيتتى:"ئاۋازىڭلارنى پەيغەمبەرنىڭ ئاۋازىدىن يۇقرى كۆتۈرمەڭلار" يەنى رسۇلۇللاھنىڭ ھەدىسىنى ئوقۇغان چاغدا خۇددى ئۇنىڭ سۆزىنى بىۋاستە ئاڭلاۋاتقاندەك سۈكۈتتە تۇرۇش لازىملىقىنى كۆرسەتكەن ئىدى.

ئىمام مالىكنىڭ رەسۇلۇللاھ تىلغا ئېلىنغان چاغدا چىرايى ئۆزگىرىپ كېتەتتى، بىر كۈنى بۇ ھەقتە ئۇنىڭدىن سورالغان ئىدى، ئۇ مۇنداق دېدى:"مەن جەئفەر ئىبنى مۇھەممەدنى كۆرەتتىمكى، ئادەتتە چاخچاقچى ۋە كۈلگۈنچەك زات بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئالدىدا رەسۇلۇللاھ تىلغا ئېلىنسا يۈزى ساغىرىپ كېتەتتى" ئۇلار ئىككىسى بۇ ئىشتا رەسۇلۇللاھنىڭ ساھابىلىرىنى ئۈلگە قىلىشقان.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇمەر رەسۇلۇللاھنى تىلغا ئالسىلا يىغلايدىغانلىقىنى بارلىق كىشىلەر كۆرگەن .

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيتتى:"ھەر كېچىسى (چۈشۈمدە) ھەبىبىم رەسۇلۇللاھنى كۆرىمەن" ۋە كەينىدىنلا يىغلاپ كېتەتتى.

ئۇلارنىڭ يىغىسى ۋە رەڭگىنىڭ ئۆزگىرىپ كېتىشى رەسۇلۇللاھتىن ئەيمەنگەنلىكتىن، ئۇنىڭغا ئۇچرىشىشنى سېغىنغانلىقتىن بولاتتى.

ئەمدى يېڭى مۇھاجىرلارنىڭ تۆتىنچى ئالامىتىنى ئۇممىتىمىزنىڭ يېرىمى ۋە

كۈچ ـ قۇۋۋىتىمىزنىڭ مەنبەسى، تەرەققىياتىمىزنىڭ ئاساسىنى تۇرغۇزغۇچىلار بولغان قىز ـ ئاياللىرىمىزغا ھەدىيە قىلىمەن، قىز ـ ئاياللىرىمىزغا تالاي ئارمانلىرىمىز باغلانغان، ئۇلارغا بۇ سۆزلەرنى يوللايمەن:سىلەرمۇ ھىجرەتكە ئاتلىنىپ، يېڭى مۇھاجىرلارنىڭ سېپىگە قېتىلىشىڭلار لازىم :

**4. ئەسمانىڭ دوستلىرى نەدە ؟**

ئەبۇ بەكرىنىڭ قىزى ئەسما ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىش ئۈچۈن دادىسى بىلەن بەسلەشكەندەك ياخشى ئىشلارنى قىلغان، ئۇ غاردىكى رەسۇلۇللاھ بىلەن ھەمراسىغا تاماق توشۇيتتى، ھالبۇكى ئەسما ئاخىرقى تۇغۇت مەزگىلىدىكى ھامىلدار ئايال ئىدى! شۇنداقتىمۇ ئادەتتىكى ئەرلەرمۇ چىقالمايدىغان ئېگىز تاققا تاماق كۆتىرىپ چىقاتتى. ..

بىراق ئۇ تاماق داستىخىنىنى باغلايدىغان يىپنى ئۇنتۇپ قالغاچقا رەسۇلۇللاھ بىلەن ئەبۇ بەكرى سەپەرگە ئاتلانغان چاغدا داستىخاننى يۆگەپ باغلىماقچى بولۇپ يىپ تاپالمىغاچقا، بېلىدىكى بەلۋېغىنى يېشىپ ئۇنى ئىككى پارچە قىلىپ يىرتقاندىن كېيىن، يېرىمى بىلەن تاماق يۆگىكىنى تۆگىگە ئارتىپ باغلاپ، قالغان يېرىمىنى بېلىگە باغلىۋالغان، مانا مۇشۇ سەۋەبتىن ئەسما ئىككى بەلۋاغلىق ئايال دەپ ئاتالغان.

ئەسما رەسۇلۇللاھ بىلەن دادىسى ئەبۇ بەكرىگە ياردەم كۆرسىتىش نەتىجىسىدە ناھايىتى ئېغىر ۋە خەتەرلىك سىناقلارغا بەرداشلىق بېرىشكە تەۋەككۇل قىلغان. ئۇ دادىسى ۋە تۇققانلىرىنىڭ ھەممىسىدىن ئايرىلىپ يۆلەنچۈكسىز قالغان بىر ئاجىز ئايال ئىدى. مۇشرىكلاردىن بىرەرسى ئۇنىڭ قىلغانلىرىنى ئۇققىيلا بايقاپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى. ئەمەلىيەتتىمۇ شۇنداق بولدى. ئەبۇ جەھىل ئۇنىڭ ئۆيىگە كېلىپ دادىسى نەگە كەتكەنلىكىنى سورۇشتە قىلغاندا، ئۇ جاۋاب بەرگىلى ئۇنىمىغاچقا، قوپال، ھايۋان تەبىئەتلىك ئەبۇ جەھىل قولىنى كۆتىرىپ قاتتىق بىر تەستەك سالغانلىقتىن ئەسمانىڭ قۇلىقىدىكى ھالقىسى ئۈچۈپ كەتكەن. ..

ئەسما بۇلارغا ۋايساپ يۇرمەستىن چىداشلىق بەرگەن.ئۇ بۇنداق قىيىنچىلىقلارغا چىداش ئارقىلىق، ئاياللار ئەرلەرنىڭ يېرىم دۇنياسى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىماقچى ئىدى، شۇڭا ئۇ ساۋاپ ـ ئەجرىنى پەقەت ئەرلەرنىڭلا ئىگەللىۋېلىش پۇرسىتىگە قاراپ تۇرماستىن، ئەرلەر بىلەن ساۋاب تالاشقان.

شۇنداقتىمۇ ئۇ ئاللاھ تىن باشقا ھېچكىمگە دەرت تۆكۈپ ۋايسىمىغان، ئاللاھ تىنلا ياردەم تىلىگەن، ھەسرەت ـ نادامەت چېكىپ، قاخشاپ يۇرمىگەن، رەسۇلۇللاھ ئۈچۈن خىزمەتتە بولغان بىرسىنىڭ قاخشاپ يۇرىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى .!

ئەسمانىڭ كۆزى قارىغۇ چوڭ دادىسى ئەبۇ قۇھافە بالىسى تاشلاپ كەتكەن نەرسىلەر ھەققىدە سۈرۈشتۈرگەن چاغدا، چوڭ دادىسىدىن ئىشنى يوشۇرغان ۋە بىر نەچچە تاشنى ئېلىپ كېلىپ، بۇرۇن دادىسى پۇل ۋە لازىمەتلىكلەرنى قويىدىغان تەكچىگە تىزىپ قويغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئۇستىگە لاتا يېپىپ قويغان، ئاندىن چوڭ دادىسىنى قولىدىن يېتىلەپ كېلىپ، بوۋاينىڭ كۆڭلىنى خاتىرجەم قىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ قولىغا تاشلارنى تۇتقۇزۇپ ئادىغان... ئەسما مۇنداق دەيدۇ:"ئاللاھ بىلەن قەسەمكى دادام بىزگە ھېچ نەرسە تاشلاپ كەتمىگەن ئىدى، بىراق مەن ئۇنىڭ بىلەن بوۋاينىڭ كۆڭلىنى تىنىدۇرماقچى بولغان ئىدىم ."

قىز ـ ئاياللىرىمىز ئەسمانى ئۈلگە تۇتالىدىمۇ؟؟!

قېرىنداشلىرىم! رەسۇلۇللاھ قالدۇرۇپ كەتكەن سۈننەتلىرى ۋە يەتكۈزگەن شەرىئەتلىرى بىلەن ئارىمىزدا ھاياتتۇر، سىز رەسۇلۇللاھقا قانداق پىداكارلىق كۆرسەتتىڭىز؟! سىز رەسۇلۇللاھنىڭ سۈننەتلىرىگە ئۇرۇلماقچى بولغان تىغ ئۈچلىرىغا قالقان بولالىدىڭىزمۇ ياكى تىغ ئۈچىنى توغرىلاپ بېرۋاتامسىز؟دىنىڭىزگە جان پىدا قىلىش ۋە ئۇنى قوغداشتا نېمە قىلدىڭىز؟ سىڭلىم! ئاللاھنىڭ دىنىغا پىداكارلىق كۆرسىتىپ، ياخشى ئىشلار ئۈچۈن يۈگرەلىدىڭىزمۇ؟ ئۆزىڭىزگە سوئال قويۇپ بېقىڭ:سىزنى رەسۇلۇللاھ كۆرىدىغان بولسا، سىزنىڭ قىلغانلىرىڭىزدىن مەمنۇن بولارمىدى ياكى ئېچىنارمىدى؟ !!

ھىجابىڭىز بىلەن رەسۇلۇللاھنى خۇرسەن قىلارسىزمۇ ياكى يالاڭۋاشتاق تۇرقىڭىز بىلەن ئۇنى يىرگەندۈرەرسىزمۇ ؟! ھازىر قەلبىڭىزدە، ئوي ـ خىيالىڭىزدا رەسۇلۇللاھقا بولغان ھۆرمەت، سۆيگۈ ۋە ئىتائەت تولۇقمۇ؟! ياكى بولمىسا، تېلىۋىزور ئېكرانى ئالدىدا سائەتلەپ ئولتۇرۇش، بازار ـ رەستىلەردە ئەرلەرگە كۆرگەزمە بولۇش، سائەتلەپ تېلېفوندا پاراڭلىشىش، ساۋاپ ـ تارازىڭىزغا زەررە چاغلىق ياخشىلىق قوشمايدىغان جورناللارنى ۋاراقلاش، ئادەم گۆشلىرىنى ھوزۇرلىنىپ مەززە قىلىدىغان غەيۋەت ـ سۆخەنچىلىك سورۇنلىرىدا ۋاتىلداش...قاتارلىقلاردىن باشقا غېمىڭىز يوق ھالدا يۈرۈۋاتامسىز؟ !

**سىزدىن بۇرۇن ھىجرەت قىلغان ئاياللار**

*شەرەپلىك ساھابە ئايال نەسىبە كەئىب قىزى ھەققىدە رەسۇلۇللاھ ئۇھۇد كۈنى مۇنداق دېگەن : " ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەن ئوڭ ۋە سول يانلىرىمغاقارىسام، ئۇنىڭلا مېنى قوغداپ جەڭ قىلىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم "

ئاندىن رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا ئەڭ شەرەپلىك ئوردىن تاقىغانلىق قاتارىدا، ئۇنىڭ باشقا ئەرلەردىن ئالدىدا تۇرىدىغالىقىنى بىلدۈرۈپ مۇنداق دېگەن :"كەئىب قىزى نەسىبەنىڭ بۈگۈنكى دەرىجىسى پالانى ـ پالانى ئەرلەرنىڭكىدىنمۇياخشى."

*تەقۋادار خەلپە نۇرىددىن مەھمۇدنىڭ رەپىقىسى ئىسمەتۇددىن خاتۇن، خۇددى ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆتكەن سالاھىددىن ئەييۇبىنىڭ رەپىقىسىگە ئوخشاش، بىر قېتىم ئۇيقۇسىدىن ئاچچىقلانغان ھالدا ئويغانغاندا، نۇرىددىن ئايالىدىن نېمە بولغانلىقىنى سورىغان ئىدى، ئايالى جاۋابەن:"ئاخشامقى كېچىلىك نەفلە نامىزىم قېلىپ قالدى، كېچىدىن ھېچقايسىسىنى ئوقۇيالمىدىم" دېگەن.

*ئىمام مالىكنىڭ ئالدىدا (مۇۋەتتا (ھەدىس توپلىمىدىن دەرس ئۆتىلىۋاتقان چاغلاردا، كىتاب ئوقۇۋاتقان ئادەم بىرەر ھەرىپتىن خاتا كەتسە، ئارتۇق ياكى كەم ئوقۇپ قويسا، ئىمام مالىكنىڭ قىزى ئىشىكنى چېكەتتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ دادىسى ئوقۇغۇچىغا:"قايتىلاپ ئوقۇغىن، خاتا كەتكەن يەر بار"دەيتتى، ئوقۇغۇچى قايتىلاپ ئوقۇپ خاتا كەتكەن جاينى بايقايتتى. ..

*دۇنيا ئاياللىرىنىڭ سەردارى فاتىمە زەھرا بارلىق ئىشتا، ھەتتا سۆزلەش ئۇسلۇبىدىمۇ رەسۇلۇللاھنى تەقلىد قىلاتتى. مۆمىنلەرنىڭ ئانىسى ئائىشە مۇنداق دەيدۇ:"رەسۇلۇللاھقا گەپ - سۆز قىلىش جەھەتتە فاتىمەدىنمۇ بەكرەك ئوخشايدىغان بىرىنى كۆرمىدىم"

سىڭلىم ! بۇ سوئالىمغا جاۋاب بېرىپ كۆرىڭ :
ماڭاركەن دائىم بىرسى رەسۇلنىڭ ئىزىدىن،
باراۋەرمۇ يول تۇتقانغا ئەبۇ لەھەب تامان ؟
تۇتاركەن ئۇلگە ئۆزىگە بىرسى زەھرانى،
ئۇلۇغدۇر ئۇ، ئەبۇ لەھەبنىڭ خوتۇنىدىن ھامان.

ئەمدى بىز يېڭى مۇھاجىرلارنىڭ بەشىنچى خىسلىتىنى ھىجرەت يولىغا مېڭىپ، ئۇنىڭ بۇيۇك مەنالىرىنى ئۆز بالىلىرىغا كىچىكىدىنلا ئۆگىتىپ، ئانا سۇتى بىلەن بىرگە ئۇزۇۋقلاندۇرماقچى بولغان ئاتا ئانىلارغا بېغىشلايمىز ۋە ئۇلارغا ئارزۇيىمىزنى يوللايمىز:

### 5. بالىلىرىمىز سەندەك بولسىچۇ، ئەلى!

*جىبرىل ئەلەيھىسسالام رەسۇلۇللاھقا كېلىپ:"بۇ كېچە بۇرۇنقى ئورنىڭدا ياتمىغىن " دېدى. تۈن پەردىسى يېپىلغان چاغدا، مۇشرىكلارنىڭ سۇيىقەستچىلىرى رەسۇلۇللاھنىڭ ئۆيىنىڭ ئىشىكىنى ماراپ، ئۇنىڭ ئۇخلىشىنى كۈتتى ۋە ئۇخلىغان ھامان يوپۇرلۇپ كېلىشكە ھازىرلىنىشتى.

رەسۇلۇللاھ ئۇلارنىڭ تۇرغان جايىنى كۆرگەندىن كېيىن، ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىبقا قاراپ:"سەن مېنىڭ ئورنۇمدا يات بۇ يېشىل تونۇم بىلەن پۈركىنىۋال، بۇ يەردە ئۇخلاۋەر، ئۇلار ساڭا قىلچە يامانلىق يەتكۈزەلمەيدۇ" دەپ بۇيرۇدى. رەسۇلۇللاھ ئۇخلايدىغان چاغلىرىدا شۇ يېشىل تونىنى يېپىنچاقلىنىپ ياتاتتى.

*قاراڭ بۇ بالىغا! ئون يېشىدا مۇسۇلمان بولغان بۇ يىگىت قانداق كۈچىنىڭ تۈرتكىسىدە ئۆز ھاياتىنى خەتەرگە تىكىۋاتىدۇ؟! رەسۇلۇللاھنىڭ ئۇنىڭغا مۇشرىكلار زىيان يەتكۈزەلمەيدىغانلىقىنى دېگەنلىكىدىنمۇ ياكى بولمىسا ئۆز جېنىنى رەسۇلۇللاھ ئۈچۈن پىدا قىلىش، قۇربان بېرىش سۆيگۈسىدىنمۇ؟! ياكى ئاللاھنىڭ دىنىنىڭ بىخەتەر جايىدا گۈللىنىپ كەڭ تارقىلىشىغا بولغان ئارزۇمۇ؟سەۋەب ئۇ بولسۇن ياكى بۇ بولسۇن، بىزنىڭ بىلىدىغىنىمىز پەقەت ئەلى ئۆزىنىڭ بۇ باتۇرانە خىزمىتى بىلەن ئۆز ئىسمىنى ھەققى ئەركەكلەرنىڭ سەھىپىسىگە يازدى، يازغاندىمۇ سۆز ياكى قەلەم بىلەن ئەمەس، بەلكى ھەركىتى بىلەن يازدى... رەسۇلۇللاھ ئۇنى قانداق ياخشى تەربىيلىگەن !قانداق يېتىلدۇرگەن ھە؟!

*مانا بۇ ئاتا ـ ئانىلار ئۈچۈن ئالتۇن ساۋاق، ئۇلار ئۆز باللىرىنى ئوبدان تەربىيلەشتە ئاللاھ ئۇلارغا تاپشۇرغان ئامانەتنى تولۇق ئورۇنداپ، ئاللاھ دىن قورقىشى لازىم. باللارنى يارامىلىق قىلىپ تەربىيلەش ئۈچۈن ئىسلام كۆرسەتمىلىرىنى ۋە رەسۇلۇللاھنى سۆيۈپ، ئۇنىڭغا جان دىلى بىلەن پىداكارلىق كۆرسىتىشنى ئۇلارنىڭ سەبى دىللىرىغا مۇستەھكەم ئورنىتىشى كېرەك، ئاتا ـ ئانىلار بۇ ھېكمەتنى يادىدا چىڭ تۇتۇشى لازىم :

يۇقار ئەدەب سەبىلەرگە،
ئۈگاي بولماس چوڭ بولغاچ.
تۈزەرسەن ئەگرى نوتىنى،
يۇمشىماس بولسا توم ياغاچ.
ئاتا ـ ئانىلار سىلەر جاۋابكارسىلەر!
ئىبنى قەييىم رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن:

"دانىشمەنلەرنىڭ بەزىسى ئېيتىدۇرلەركى، ئاللاھ تائالا قىيامەت كۈنىدە باللارنى ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ھەققىدە جاۋابكارلىققا تارتىشتىن ئىلگىرى، ئاتا ـ ئانىلارنى باللار ھەققىدە جاۋابكارلىققا تارتىدۇ، چۈنكى بالىسىدا ئاتىسىنىڭ ھەققى بولغاندەك، ئاتىسىدىمۇ بالىسىنىڭ ھەققى بولىدۇ، ئاللاھ تائالا :{ئاتا ـ ئانىسىغا ياخشىلىق قىلىشنى ئىنسانغا ۋەسىيەت قىلدۇق}ئەنكەبۇت سۈرىسى، 8ـ ئايەت دېگەندەكلا يەنە:{ئۆزەڭلارنى ۋە بالا ـ چاقاڭلارنى ئىنسانلار ۋە تاشلار يېقىلغۇ قىلىنىدىغان دەۋزەختىن ساقلاڭلار!}تەھرىم سۈرىسى، 6 ـئايەت دەپ بۇيرىغاندۇر.

ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب بۇ ئايەتنى تەپسىر قىلغاندا مۇنداق دېگەن:"يەنى باللىرىڭلارغا ئىلىم ۋە ئەدەپ ـ ئەخلاق ئۆگىتىڭلار" دېگەن مەنىدە رەسۇلۇللاھ

مۇنداق دېگەن:"بالىلىرىڭلار ئوتتۇرىسدا ئادىل بولۇڭلار "

كىمكى بالىسغا پايدىلىق نەرسىلەرنى ئۆگىتىشكە سەل قاراپ، ئۇنى مەقسەتلىك تەربىيىلىمىسە، بالىسغا ئىنتايىن زور يامانلىق قىلغان بولىدۇ. كۆپىنچە ھالدا بالىلارنىڭ بۇزۇلۇشى ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ئۇلارغا يېتەرلىك تەربىيە بېرىشكە كۆڭۈل بۆلمىگەنلىكتىن، دىنىنىڭ پەرز ـ سۈننەتلىرىنى تولۇق ئۆگەتمىگەنلىكتىن كېلىپ چىقىدۇ، ئۇلارنى كىچىكلىكىدە خاراب قىلغاچقا، چوڭ بولغانلىرىدا ئۆزلىرىگىمۇ، ئاتا ـ ئانىلىرىغىمۇ پايدىسى تەگمەيدۇ"

**ئەقىل ياشتا ئەمەس**

*رەسۇلۇللاھ تېخى كىچىك زەيد ئىبنى سابىتتىن:"سۈريانىچە تىل يېزىقىنى بىلەمسەن؟"دەپ سورىغاندا ئۇ:"ياق"دەپ جاۋاب بەرگەن. "ئۇنداقتا سەن بۇ تىلنى ئۆگەنگىن " دېگەن رەسۇلۇللاھ. ئۇ بۇ تىلنى ئۆگەنگەن كېيىن ئۆزى مۇنداق دېگەن:"مەن ئۇ تىلنى 17 كۈندە ئۆگىنىۋالدىم "

*ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەير يەتتە ياكى سەككىز ياش ۋاقتىدا دادىسى زۇبەير رەسۇلۇللاھقا بەيئەت قىلدۇرۇش ۋە بۇيرۇقىنى قوبۇل قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئەكەلگەن، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تەبەسسۇم قىلىپ كۈلۈپ قارشى ئالغان ۋە بەيئىتىنى قوبۇل قىلغان.

بۇ بەيئەت مەجبۇرىيەت بەيئىتى بولماستىن بەلكى بالىنى ھۆرمەتلەش يۈزىسىدىن قوبۇل قىلىنغان بەيئەت بولىسمۇ، ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەيرنىڭ سەبى قەلبىگە يېتىلگەن ئوغلان بولۇش ئىپتىخارىنى ئورناتقان ئىدى، شۇڭا ئۇ كىچىكىدىن باشلاپلا ھەقىقى ئوغلانلىق ئىرادىسىگە ئىگە ئادەم بولۇپ ئۆسۈپ يېتىلگەن ئىدى.

*ئىمام جىيلانى ئۆزىنىڭ بالىلىق مەزگىلى ھەققىدە مۇنداق ئەسلىمە قالدۇرغان:"ئىلىم ئىزدەش يولىدا مەككىدىن باغدادقا قاراپ يولغا چىققان ئىدىم، ئانام ماڭا 40 دىينار پۇل بەردى ۋە راستچىل بولۇشقا ۋەدە ئالدى. يول ئۈستىدە قاراقچىلار بىزنى تۇتۇپ، كارانىنى ئىپلىپ ماڭدى. قاراقچىلاردىن بىرى مەندىن:"سەندە نىمە بار؟"دەپ سورىغاندا، مەن "40 دىنار پۇلۇم بار"دەپ جاۋاب بەردىم. ئۇ مېنى ئۆزىنى مەسخىرە قىلىۋاتىدۇ دەپ ئويلىدى، يەنە بىرى مەندىن نىمە بارلىقىنى سورىغان ئىدى، ئۇنىڭغىمۇ راست گەپ قىلدىم. ئۇلار مېنى باشلىقىنىڭ قېشىغا ئىلىپ بېرىشتى ۋە ئۇنىڭ سوئالىغىمۇ مەندە بېرىنى دەپ راست گەپ بىلەن جاۋاب بەردىم. ئۇ مەندىن:"نىمە سەۋەبتىن راست گەپ قىلىۋاتىسەن؟"دەپ سوردى، مەن ئۇنىڭغا:"ئانام مەندىن راست گەپ قىلىشىم توغرىسىدا ۋەدە ئالغان، ئانامغا بەرگەن ۋەدەمگە خىيانەت قىلىشتىن قورقىمەن "

دەپ جاۋاب بەردىم. قاراقچىلار باشلىقى:"سەن ئاناڭغا بەرگەن ۋەدەڭدىن قورقسەنۇ, مەن ئاللاھنىڭ ئەھدىگە خىيانەت قىلىشتىن قورقماپتىمەن!"دېدى. ئاندىن ئۇ كارۋاندىن بۇلىۋالغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى قايتۇرۇپ بېرىشكە بۇيرىدى ۋە :"مەن سېنىڭ قولۇڭدا تەۋبە قىلاي دەيمەن"دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى قاراقچىلارمۇ:"سەن بىزنىڭ قاراقچىلىق قىلىشتا ئاتانىمىز ئىدىڭ، بۈگۈنمۇ تەۋبە قىلىشتا ئاتانىمىز بولغىن "دېيىشتى. ئۇلار بۇ راستچىل بالىنىڭ قولىدا ئاخىرقى رەۋىشتە تەۋبە قىلىشتى.

*ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ خەلىپىلىك دەۋرىدە، بەھرەيىندە بىر توپ بالىلار توپ ئويناپ يۈرگەندە، بەھرەيىننىڭ ئېپىسكوپى (پوپ) مەيداننىڭ چېتىدە ئولتۇرغان ئىكەن، توپ ئۇچۇپ كېلىپ ئۇنىڭ مەيدىسىگە تەككەن. ئېپىسكوپى توپنى ئېلىۋالغان، بالىلار تەلەپ قىلسىمۇ بەرمىگەنلىكتىن، بالىلارنىڭ بىرى ئۇنىڭغا:"ئاللاھنىڭ ئەلچىسى مۇھەممەدنىڭ ھەققىدە توپنى قايتۇرۇپ بېرىشىڭنى سورايمەن "دېگەن. ئېپىسكوپ ئۇنىمىغاننىڭ ئۈستىگە، رەسۇلۇللاھقا تىل تەككۈزگەن. شۇنىڭ بىلەن بالىلار يوپۇرلۇپ كېلىپ ئۇنى راسا ئۇرغان ۋە ئۇ لەنەت تەككۈر ئېپىسكوپ ئۆلۈپ قالغان. بۇ ھەقتە ئۆمەر ئىبنى خەتتاپقا خەۋەر قىلىنغان، ئۆمەر بالىلارنىڭ ئېپىسكوپنى ئۆلتۈرۈپ قويغىنىغا ھەر قانداق بىر پەتىۋ - غەنىمەتلەردىنمۇ ئارتۇق سۆيۈنگەن ۋە مۇنداق دېگەن :"مانا ئەمدى ئىسلام شۆھرەت قازىنىپتۇ! كىچىككىنە سەبى بالىلارمۇ ئۆز پەيغەمبىرى ھاقارەتكە ئۇچرىغانلىقتىن ئېپىسكوپقا غەزەپلىنىپ، غەلىبە قازىنىپتۇ ."

ئەمدى بىز يېڭى مۇھاجىرلارنىڭ ئالتىنچى بەلگىسىگە كۆچۈپ، ھىجرەتكە شەرەپ ئاتا قىلغان غارغا بەركەت ياغدۇرغان، يەسرىب شەھرىگە مەڭگۈلۈك نۇر ئاتا قىلىپ، ئۇنى شانلىق ۋە قۇتلۇق يېڭى ئىسمغا - " مەدىنە مۇنەۋۋەرەگە " ھەقدار قىلغان رەسۇلىمىزدىن ئۆگىنەيلى:

### 6. ئەڭ ئېغىر پەيتلەردىمۇ دەۋەت قىلىش

قۇرەيشلىك چەۋەندازلار جان - جەھلى بىلەن بەسلىشىپ ئات چاپتۇرۇپ ئەتراپنى ئاختۇراتتى. .. نىشان - رەسۇل ئەلەيھىسسالام؛ مۇكاپات - رەسۇلۇللاھنىڭ تىرىكىنى ياكى ئۆلۈكىنى ئېلىپ كەلگۈچىگە 100 تۆگە ئىدى! مۇشۇنداق شارائىتتىمۇ رەسۇلۇللاھ مەدىنىگە كېتىۋاتقان يولدا، ئۆز كارۋىنىنى ئېلىپ كېتىۋاتقان ئەسلەملىك بۇرەيدە ئىبنى ھەسىبنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىشنى داۋاملاشتۇرغان. بۇرەيدە ھەمراھلىرى بىلەن بىللە (تەخمىنەن 80 ئائىلىلىك ئادەم ) مۇسۇلمان بولغان ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ خۇپتەن نامىزىنى ئوقۇشقان. رەسۇلىمىز ئەڭ جاپالىق پەيتتىمۇ ئاللاھ يولىغا دەۋەت قىلىشنى ئۈزۈپ

قويمىغان، سەن تېنىچ ـ بەخىرامان ئەھۋالدا تۇرۇپمۇ ئاللاھ يولىغا دەۋەت قىلىشنى توختىتىپ قويغىنىڭ نېمىسى ؟ !

**ئاخىرقى نەپەسلەردىمۇ....**

رەسۇلۇللاھ ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا سەپەر قىلىۋاتقان ھالەتتە ئېغىر كېسەللىك بىلەن ئاخىرقى نەپەسلىرىنى ئۈزۈۋاتقان پەيتلىرىدىمۇ، ئاللاھ يولىغا دەۋەت قىلىش مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلغان ئىدى، ئۇ ئۆلۈم سەكراتىدا جان ئۈزۈۋېتىپ:"نامازغا ۋە قول ئىلكىڭلاردىكى ئادەملەرگە كۆڭۈل بۆلۈڭلار"دەيتتى...ئۇ بۇ سۆزلەرنى توختىماستىن تاپىلايتتى، ئاخىرى ئۇنىڭ مۇبارەك تىلى سۆزلەشكە قۇربى يەتمەي قالدى...ئۇممۇ سەلەمە مۇنداق دەيدۇ:"رەسۇلۇللاھ ئۇ سۆزنى تىلى ھەركەتتىن توختىغانغا قەدەر قايتا ـ قايتا تەكرارلىدى "

سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز ئاخىرقى نەپىسىگىچە ئاللاھ يولىغا دەۋەت قىلدى، ئۇ ئاخىرەت سەپىرى ئالدىدا بىز بىلەن خوشلىشىش ئۈچۈن دەۋەتتىنمۇ ئۇلۇغ ۋە شەرەپلىك نەرسە يوقلۇقىنى ئىپادىلىگەن ئىدى ؛ بۇ دەۋەت نېمە دېگەن يۈكسەك، نېمە دېگەن قىممەتلىك ھە! بۇ دەۋەت بىلەن مەشغۇل بولغۇچىلار ۋە ئۇنى قوغدىغۇچىلار نېمە دېگەن بەختلىك ئادەملەر ھە! بارلىق يېڭى مۇھاجىرلارغا خىتاب قىلىمىزكى، مانا مۇشۇ يۈكسەكلىككە قاراپ ئۆرلەڭلار! مانا مۇشۇنداق بۈيۈك ئۈلگىگە ئەگىشىڭلار! قۇرۇق سۆزنىڭ ۋاقتى ئۆتتى، ئەمدى ھەركەتكە كېلىڭلار!

زادى نېمىلەرنى ئورۇندىدىڭلار؟ !

قايسى بىرىمىزنىڭ جاھالەتنى پاچاقلاپ، ياخشىلىق تارقىتىدىغان ۋە باشقىلارنى زالالەتتىن قۇتقۇزۇشقا سەۋەب بولىدىغان بىرەر كىتابنى نەشر قىلىشقا، بىرەر ئۇن ـ سىن لېنتىسىنى تارقىتىشقا قۇربى يەتمەيدۇ ؟ !

قايسى بىرىمىزنىڭ تام خوشنىسىنى، ساۋاقدىشىنى ياكى خىزمەتدىشىنى نامازسىز ئادەم بولسا ناماز ئوقۇشقا دەۋەت قىلىش قولىدىن كەلمەيدۇ؟ !

يالاڭۋاشتاق يۈرىۋاتقان ئىماني ھەمشىرىسىنى ھىجاپ سېلىشقا قىز ـ ئاياللىرىمىز ئۈندىيەلمەسمۇ؟ !

بىرەرمىز ئوقۇشسىز قالغان قولى قىسقا بىرەر تالىبى ئىلمنىڭ ئوقۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئارقىلىق ئاللاھ يولىغا دەۋەت قىلىشنىڭ ئەجرىگە ئىگە بولالماسمىزمۇ؟ !

قايسى بىرىمىز بىرەر ئايەت ياكى بىرەر ھەدىسنىڭ رۇھىنى باشقىلارغا يەتكۈزۈشتىن ئاجىزلىق قىلارمىزمۇ؟! بۈيۈك ۋە ھەقىقى ھىجرەتنىڭ ئابىھايات كەبى سۈزۈك بۇلىقىدىن تەپەككۇر دۇردانىلىرىنى سانىسىزلاپ سۈزىۋالساق بولىدۇ،

ئۇنىڭ بەزى ۋەقەلىكلىرىدىن نۇرغۇن ئىبرەتلەرگە ئىگە بولىمىز:

**7. سۇراقە ھەدىسىدىن ئۈچ ئۆرنەك**

سۇراقە ئىبنى مالىك رەسۇلۇللاھنى ياكى ئۇنىڭ ھەمراھىنى ئېلىپ كەلگۈچىگە بېرىلىدىغان چوڭ مۇكاپات تەمەسىدە، رەسۇلۇللاھنى قوغلاپ يەتتى .رەسۇلۇللاھ مەدىنىگە بارىدىغان تەبئى يول بىلەن ماڭماسلىق، ئادەتتە كىشىلەر ناھايىتى كەم سەپەر قىلىدىغان چۆشلۈك قوياش تەپتىدە سەپەرنى داۋاملاشتۇرۇش، ئەسما ئارقىلىق يېمەكلىككە ئىگە بولۇش، ئەبۇ بەكرىنىڭ خىزماتكارى ئامىر ئىبنى فۇھەيرەنىڭ قويلىرىنى قەدەم ئىزلىرىنىڭ ئۈستىدىن ھەيدىتىش ۋە ئىشەنچلىك يول باشلىغۇچى بولغان ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇرەيقىتنى تاللاش قاتارلىق ھەممە چارىلەرنى قوللانغان بولسىمۇ، سۇراقە رەسۇلۇللاھنىڭ يولىنى بىلىپ قېلىپ، ئۇنىڭ كەينىدىن قوغلاپ يېتىشىۋالغان ئىدى. مانا شۇ چاغدا، رەسۇلۇللاھ :"ئى ئاللاھ! ئۇنى يىقىتقىن"دەپ دۇئا قىلدى، دە، سۇراقە ئېتى مۇدۇرلۇپ كەتتى ۋە ئاتنىڭ ئالدى پۇتلىرى تىزغىچە پېتىپ قالدى. سۇراقە ئىككىنچى قېتىم يەنە قوغلاشقا ئۇرۇندى، ئەمما ئۇ ئورنىدىن تۇرغان ھامان ئېتى مۇدۇرلۇپ، ئۇنى ئۈستىدىن دۇمۇلتىۋەتتى. مانا شۇ چاغدا سۇراقە رەسۇلۇللاھنىڭ ئۇنىڭغا ئامانلىق بېرىشنى ئۆتۈنۈپ توۋلىدى ۋە مۇنداق دېدى:"ئى مۇھەممەد! بۇ سىنىڭ قىلغىنىڭ، مېنىڭ بۇ ھالدىن قۇتۇلۇشۇمغا ئاللاھ غا دۇئا قىلغىن، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەن ئارقامدىكىلەرگە سېنى پەقەت كۆرمىدىم دەپ بارىمەن."

ئاندىن سۇراقە رەسۇلۇللاھدىن ئەمىنلىك خېتى يېزىپ بېرىشنى سوردى، رەسۇلۇللاھ ئامىر ئىبنى فۇھەيرىگە بۇيرۇپ، تېرە پارچىسىغا ئەمىنلىك خېتى يازدۇرۇپ بەردى.

سۇراقە چۈشتىن بۇرۇن رەسۇلۇللاھنى ئۆلتۈرۈشنى كۆزلىگەن بولسا، كەچتە رەسۇلۇللاھنىڭ تەرىپىنى ئالغان ھالدا قەۋمىگە قايتىپ باردى.ئۇ قايتىپ بارغاندىن كېيىن ئەبۇ جەھلگە قارىتا ئوقۇغان شېئىرلىرىنىڭ ئىچىدە مۇنداق سۆزلەر بار ئىدى:

ئەبۇ جەھل! كۆرەر بولساڭ ئېتىمنى سەن،
ئاياغلىرى يەرگە پاتقان شۇ ھالەتتە،
مۇھەممەددنى پەيغەمبەر دەپ ئالاتتىڭ تەن،
دۈشمەنلىرى ئۇنىڭ ۋەيران نىھايەتتە...

ئايلار ـ يىللار ئۆتۈپ، ھىجرىيەنىڭ 8 ـ يىلى رەسۇلۇللاھ ھۇنەيىن غازىتىدىن يانغان چاغلاردا سۇراقە ئىبنى مالىك رەسۇلۇللاھ بۇرۇن يېزىپ بەرگەن ئەمىنلىك خېتىنى كۆتىرىپ رەسۇلۇللاھقا ئۇچرىششقا كېلىدۇ، ئۇ رەسۇلۇللاھقا يېقىن

كېلىپ قولىدىكى خەتنى كۆتىرىپ:"ئى رەسۇلۇللاھ مانا بۇ سىزنىڭ خېتىڭىز!"دەيدۇ، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا قاراپ:"كەل، بۈگۈن ۋەدىگە ۋاپا قىلىدىغان كۈن" دەيدۇ...

سۇراقە شۇ يەردە مۇسۇلمان بولىدۇ...

بىز بۇ ۋەقەدىن ئۈچ تۈرلۈك ئىبرەتكە ئىگە بولىمىز :

1. ئاللاھنىڭ ياردىمى، ياكى ھالاكەت

رەسۇلۇللاھ بارلىق ئامال ـ چارىلەرنى قوللانغان بولسىمۇ سۇراقە ئۇنى قوغلاپ يېتىشۋالدى، چۈنكى ئامال ـ چارىلەرنى قوللىنىشلا كۇپايە قىلمايدۇ، بەلكى ئۇنىڭغا ئاللاھنىڭ ياردەم ئىنايىتى قوشۇلۇشى كېرەك.

كىشىگە كەلمىسە ياردەم ئاللاھ دىن،

مىڭ تەدبىر قىلىسىمۇ باسار پالاكەت،

2. ئاللاھ ئىنساننىڭ قولىدىن كەلمىگەن كەمچىلىكىنى تولۇقلايدۇ، تەدبىرسىزلىكنى تولۇقلىمايدۇ.

رەسۇلۇللاھ قولىدىن كەلگەن بارلىق تەدبىر چارىلەرنى قوللانغان بولغاچقا، ئاللاھ تائالا ئۆز بەندىسى ۋە ئەلچىسىنى ھالاكەتتىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئىلاھى ياردەم قولىنى سوزغان، چۈنكى ئاللاھ تائالا تەدبىرنى تولۇق قوللانغان بەندىسىنىڭ كەمچىلىكىنى تولۇقلاپ بېرىدۇ؛ لېكىن نالايىق ئىش قىلغان بەندىسىنىڭ بىپەرۋالىقىنى ۋە ھورۇنلۇقىنى تولۇقلاپ قويمايدۇ.

ئەگەر رەسۇلۇللاھ قۇتۇلۇش تەدبىرلىرىنى قوللانمىغان بولسا ئاللاھ ئۇنى قوغدىمىغان بولاتتى، چۈنكى ئاللاھنىڭ كائىنات قانۇنىيىتى پەيغەمبەر بولغان تەقدىردىمۇ بىرسىگە ئايرىمچە تەدبىقلانمايدۇ، بىز ئۇھۇد غازىتىدىنمۇ ئۆرنەك ـ ئىبرەتلەرگە ئىگە بولالايمىز، ئاللاھ تائالا ئۆز پەيغەمبىرىگە ئىلاھى مۆجىزە ئارقىلىق غەلىبە ئاتا قىلىشقا قادىر تۇرۇغلۇق، ئۇھۇد غازىتىدا ئۇنىڭغا چارە تەدبىرلەر ۋە ئىنسانغا لايىق پىلان ـ تاكتىكىلارنى قوللىنىش ئارقىسىدا غەلىبە ئاتا قىلغان. بۇنىڭدىن بىز توغرا بىلىش ۋە توغرا تەپەككۇر ئۇسۇللىرىغا ئىگە بولۇپ ئىشلىرىمىزنى بىر تەرەپ قىلالايمىز.

يەنە شۇنداقلا بىز مەنىۋى، ئىلمى ۋە ئەمەلى كۈچ ـ قۇدرەتكە ئىگە بولۇشنىڭ ئەمەلى چارە ـ ئۇسۇللىرىنى ۋۇجۇدقا چىقىرىدىغان بولساق، يەنى ئاللاھ بىلەن قەلبى توختامى تۈزۈپ، پۈتۈن كۈچ ـ قۇۋۋىتىمىزنىڭ يېتىشىچە گۈللىنىش ـ تەرەققى قىلىشنىڭ رېئال سەۋەبلىرىنى پىداكارلىق بىلەن ئورۇندايدىغان بولساق، چوقۇمكى ئاللاھ تائالا بىزگە ياردەمدە بولىدۇ ۋە كەمچىلىكىمىزنى تولۇقلاپ، مۇشكىلاتلىرىمىزنى ئاسان قىلىدۇ؛ يەھۇدىلارنىڭ كۈچ ـ قۇۋۋىتى تۈر ـ ھەجىم

جەھەتلەردە بىزنىڭ كۈچىمىزدىن، ھازىرلىقلىرىمىزدىن ھەرقانچە يۇقۇرى بولغان تەقدىردىمۇ، خۇددى رەسۇلۇللاھ ھىجرەت قىلغاندىن كېيىن يۈز بەرگەندەك، ئاللاھ بىزگە يەھۇدىلار ئۈستىدىن غەلىبە ئاتا قىلىدۇ، ئەمما ئاللاھ بىلەن توختام تۈزۈش ۋە زۆرۈر چارە ـ تەدبىرلەرنى قوللىنىشنى بىز تولۇق ئادا قىلدۇقمۇ ؟؟ !

**دىنىمىزنىڭ چوقۇم غەلىبە قىلىشىغا ئىشەنچ**

رەسۇلۇللاھ تەقىپ ئاستىدىكى ئەھۋالدا تۇرۇپمۇ ئۆزىنى قوغلاپ چىققان ئادەمگە كەچۈرۈم ۋەدە قىلغان، ئۆزىنى يۇرتىدىن ھەيدەپ چىقارغانلارغىمۇ ئەمىنلىك خېتى بېرىپ، كەلگۈسىگە كۆزتىككەن. مانا بۇ ئاللاھنىڭ غەلىبىسىگە ئېرىشتۈرۈش ۋەدىسىگە بولغان مۇستەھكەم ئىشەنچ ئىدى. ھەتتا سۇراقە ئىبنى مالىك قايتىپ كېتىشكە تەمشەلگەن چاغدا رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا قاراپ:"كىسرا (پارىس ئىمپىراتورى) نىڭ بىلەيزۈكلىرىنى قولۇڭغا سالغان چاغدا قانداق بولارسەن ؟" دېگەن. ئاللاھ تائالا پارىسلارنىڭ زېمىنىنى ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ دەۋرىدە مۇسۇلمانلارغا فەتھى قىلىپ بەرگەن چاغدا، كىسرا نىڭ بىلەيزۈكلىرى، تاجىسى ۋە ئالتۇن كەمىرى ئېلىپ كېلىنگەن ۋە خەلىپە ئۆمەر سۇراقە ئىبنى مالىكنى چاقىرتىپ كېلىپ ئىمپىراتور كىسرانىڭ ئىككى بىلەيزۈكىنى ئۇنىڭ قولىغا سېلىپ قويغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا:"قولۇڭنى كۆتىرىپ ئاللاھۇ ئەكبەر دېگىن، بۇ ئىككى بىلەيزۈكنى ھۇرمۇز ئوغلى كىسرانىڭ قولىدىن ئايرىپ، بەنى مۇدلەجنىڭ ئەرابى سۇراقە ئىبنى مالىكنىڭ قولىغا سالغان ئاللاھ غا ھەمدۇ ـ سانالار بولسۇن ! دېگىن "دەپ يۇقۇرى ئاۋازدا توۋلىغان. ئاندىن ئۇلارنى مۇسۇلمانلاغا تەقسىم قىلىپ بەرگەن.

دېمەك بىز ئۇبدان ئىبرەت ئېلىشىمىز لازىمكى، ھەر تەرەپتىن كۇفرى كۈچلىرى بىزنى قورشاپ، ھەر جايدا مۇسۇلمانلارنىڭ قېنى تۆكۈلەۋاتقان مۇشۇنداق ئېغىر كۈنلەردىمۇ، رەسۇلۇللاھنى يادىمىزدا چىڭ تۇتۇپ ئۇنىڭدىن ئۆكسەك ئۈلگە ئېلىشىمىز لازىم. نەتىجىدە ئاللاھ تائالانىڭ :" ياخشى ئاقىۋەت تەقۋادارلارغا مەنسۇپ!"ئەئراپ سۈرىسى، 127 ـ ئايەت دېگەن سۆزىدىن يارقىن ئۈمىد نۇرى پارلايدۇ بىز ئۈچۈن.. .

بىز ئاللاھنىڭ بۇزۇلماس ۋەدىسىگە ئىشىنىمىزكى :

"شەك شۈبھىسىزكى، بىز پەيغەمبىرىمىزگە، مۆمىنلەرگە ھاياتى دۇنيادا ۋە گۇۋاھچىلار ھازىر بولىدىغان ( ھىساپ ) كۈنىدە ياردەم بېرىمىز" غاپىر سۈرىسى، 51 ـ ئايەت.

باشقىلار يىراق سانىسىمۇ، بىز ئۇنى ئىنتايىن يېقىن دەپ بىلىمىز:" ئۇ قاچان بولىدۇ؟" دېيىشىدۇ؛ (سەن):"ئۈمىدكى، يېقىندا بولىدۇ"دېگىن ئىسرا سۈرىسى،

51 ـ ئايەتتىن

**ئۈمىدۋارلىققا تولغان بىشارەت**

قەلبى ئۈمىدسىزلىككە تولۇپ، مۇسۇلمانلارنىڭ دەرت ـ ئەلەملىرىدىن غەيرەت ـ جاسارىتى ئۆلگەن، ئىرادىسى لىگشىپ، ھەرىكەت قىلماستىن ھورۇنلۇققا پېتىپ قېلىپ ھەسرەتلىك ياش تۆكۈشتىن باشقىسى قولىدىن كەلمەي، باشقىلارنىڭمۇ جاسارىتىنى سۇندۇرۇشتىن باشقىغا يارماي قالغانلار. ..غا تۆۋەندىكى ھەدىسنى سۇنىمىز:ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرى ئىبنى ئاستىن:"قۇستەنتىن )ھازىرقى ئىستانبۇل ) بىلەن رۇمىيە ( ھازىرقى ئىتالىيە ) شەھەرلىرىنىڭ قايسى بۇرۇن فەتھى قىلىنىدۇ؟" دەپ سورالغان چاغدا، ئابدۇللاھ ھالقىسى بار بىر ساندۇقنى ئەكەلدۈرۈپ ئۇنىڭدىن بىر يازمىنى چىقارغان ۋە مۇنداق دېگەن :"بىز رەسۇلۇللاھنىڭ ئەتراپىدا خەت پۈتۈۋاتاتتۇق، تۇيۇقسىز رەسۇلۇللاھتىن، قۇستەنتىن بىلەن رۇمىيە شەھەرلىرىنىڭ قايسى بۇرۇن فەتھى قىلىنىدۇ؟" دەپ سورىلىپ قالدى، رەسۇلۇللاھ ":ھىرەقلىنىڭ شەھەرى بۇرۇن فەتھى قىلىنىدۇ" دەپ جاۋاب بەردى ( يەنى قۇستەنتىننى دېمەكچى)

بىرىنچى فەتھى بىشارىتى رەسۇلۇللاھنىڭ سۆزىدىن 800 يىل ئۆتۈپ، مۇھەممەد فاتىھنىڭ قولىدا رېئاللىققا چىقتى. ئەمدى ئىككىنچىسى ئاللاھنىڭ ۋەدىسى ۋە ئىرادىسى بىلەن كەلگۈسىدە ئىشقا ئاشقۇسى.

**مەڭگۈلۈك بىشارەتلەر**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنىدۇكى، رەسۇل ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەزبا ئىسملىك تۆگىسى بار بولۇپ، ئۇنىڭ ئالدىغا باشقا تۆگە يۈگرەكلىكتە ئۆتۈپ كېتەلمەيتتى. كېيىن بىر ئەرابىنىڭ تۆگىسى ئۇنىڭدىن ئۆتۈپ كەتكەن چاغدا مۇسۇلمانلارغا ئىنتايىن ئېغىر كەلدى ۋە ئۇلار:"ئەزبا يېڭىلىپ قالدى" دەپ خۇرسىنىشقان ئىدى، رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېدى :"ئاللاھ ھەقىقەتەن دۇنيادا بىرەر نەرسىنى يۇقىرى كۆتەرسە، ئۇنى چوقۇم تۆۋەن ئورۇنغا چۈشۈرىدۇ "

ئەگەر بۇ نەرسە، كاپىر، زالىم، بۇزۇق، مۇسۇلمانلارنىڭ قېنىنى سۈمۈرگەن قانخور بولسا، ئاللاھنىڭ دىنىغا ئاشكارا ھالدا ئۆچمەنلىك قىلىدىغان، يەر يۈزىدىكى مەسجىدلەردىن ئىبارەت ئەڭ پاك جايلارنى بۇلغىغۇچىلاردىن بولسا... ئاللاھ ئۇ نەرسىنى قانداقمۇ تۆۋەن ئورۇنغا چۈشۈرمىسۇن؟ بەربىر ئۇنى ۋەيران قىلمىسۇن ؟!

يېڭى مۇھاجىرلار قوشۇنى ! سىلەر خاتىرجەم بولۇڭلار ! ئاللاھنىڭ سىلەرگە بەرگەن ۋەدىسىنىڭ ئىشقا ئېشىشىنى كۈتۈڭلار! چۈنكى ئاللاھ سىلەرنىڭ قەلبىڭلارغا خاتىرجەملىك بېغىشلاپ، دۈشمىنىڭلارنىڭ قەلبىگە قورقۇنچ

سالىدىغان ئۇلۇغ ۋەدىسىنى رىيائاللىقا چىقارماي قويمايدۇ !

تارىخى ھىجرەت غەلبىمۇ ياكى مەغلۇبىيەتمۇ ؟

خەلىپە ئۆمەر ھىجرەت ۋەقەسىنى مۇسۇلمانلارنىڭ يىل كالىندارىغا ئاساس قىلىپ بېكىتكەن ئىدى، چۈنكى ھىجرەت ئىززەت ـ غەلبىنىڭ، كۈچ ۋە ھەق ئۇتتۇقنىڭ خاتىرسى ئىدى. ھىجرەت ئارقىلىق مۆمىن قەلبلەر كۇفرى ئۈستىدىن زەپەر قۇچۇپ، ئىمان زۇلۇم ئۈستىدىن غەلبە قىلغان، ئاللاھ يولىدا پىداكارلىق قىلىش ھىجرەت ئارقىلىق يۈكسەك دەرجىدە ئىپادىلىنىپ، ھەققانىيەت ناھەقلىقنى يەڭگەن ۋە مۇسۇلمانلارنى ھەق دىنىدىن قايتۇرۇشقا قۇربى يەتمىگەن جاھىلىيەت مانا مۇشۇ ھىجرەت ئارقىلىق مەغلۇبىيىتىنى تەن ئالغان ئىدى.

بۇنى ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل ئوبدان چۈشەنگەچكە، ئۇ ئۆزىنىڭ ئېغىر سىناق كۈنلىرىدە : ناھەقلىق ھەققانىيەتنى يېڭىدۇ دەپ قارامسەن؟ دېگەن سوئالغا دۇچ كەلگەندە، ھەققانىيەت قەلبلەردە مۇستەھكەم ياشايدۇ ـ دە ؟ مانا بۇ ھەققانىيەتنىڭ غەلبە قىلىشىدىن دېرەك بېرىدۇ، دەپ جاۋاب بەرگەن.

ئاللاھ يېڭى نىئمىتى يېڭى يىل

ئاللاھ ساڭا سان ـ ساناقسىز نىئمەتلەرنى ئاتا قىلغاندۇر، شۇلاردىن ئاخىرقى بىرى ـ ئاللاھنىڭ بېشىڭغا يېڭى بىر باشنى قوشۇپ، ئۆمرىڭنى بىر مۇنچە كۈنلەرگە ئۇزارتقانلىقى. بۇنىڭدىن سەن دۇنيانى پايدىلىق تىجارەتگاھقا ئايلاندۇرۇپ، مېھرى ـ شەپقەت پايدا ئېلىپ، تەقۋادارلىقنى قولغا كەلتۈرۈشتەك ۋە ئۇ ئارقىلىق جەننەتنى سېتۋېلىشىڭ لازىم. ئۆمۈر پۈرستى ئاللاھنىڭ چوڭ نىئمەتلىرىدىندۇركى، بۇنىڭغا مىڭ مەرتىۋە شۈكرى قىلىش كېرەك، چۈنكى بۇ پۈرسەتتە ياخشى ئىشلار كۆپىيىپ، ئىمان جۇغلانمىسىنى كۆپەيتىشكە بولىدۇ.

ئىمام ئەبۇل فەرەج ئىبنى جەۋزى مۇنداق دېگەن:"يىگىرمە يىل بۇرۇن ئۆلۈپ كەتسەم خۇرسەن بولارمىدىم ؟ ياق، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، بۇرۇن مەن ئاللاھ نى بۇگۈنكىنىڭ ئوندىن بىردەك تونۇپ يېتەلمىگەن ئىدىم، ھەر بىر كۈندە يېڭى ئىلىم ـ مەرىپەت ھاسىل قىلىپ، ئۆمۈر دەرخىمنىڭ پايدىلىق مىۋىسىنى كۆپەيتىۋاتىمەن ـ دە ؟ ھۇسۇل كۈنى (يەنى قىيامەت كۈنى) خۇرسەن بولىمەن دە؟ بۇلارنىڭ ھەممىسى ۋەھدانىيەت دەلىللىرىنى ھاسىل قىلغان ئۆمۈر مىۋىلىرىدۇر، تەقلىد ئازگىلىدىن مەرىپەت ( ئارىپلىق ) چوققىلىرىغا قاراپ ئۆرلەپ، قىممىتىنى ئاشۇرۇپ، روھىمنى گۈزەللەشتۈرىدىغان بىلىملەرگە ئىگە بولۇۋاتىمەن.

ئاندىن ئۆچرەت ئۇچۇن تىككەن كۆچەتلىرىم كۆپەيدى، ئاللاھ بىلەن قىلغان سودام روناق تاپتى، كائىنات سەردارى بولغان پەيغەمبىرىمىزگە ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن ئىدى:"ئى رەببىم ئىلمىمنى زىيادە قىلغىن " دېگىن " تاھا سۈرىسى، 114

ـ ئايەت.

رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن ئىدى:"مۆمىن ياشىغانسىرى ياخشىلىقلىرى كۆپىيىدۇ"

جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رىۋايەت قىلغان ھەدىستە رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن :"بەندىنىڭ ئۆمرى ئۇزۇن بولۇپ، ئاللاھنىڭ رىزقىغا ئېرىششىمۇ سائادەتنىڭ جۈملىسىدىندۇر ."

نۇھنىڭ ئۆمرىدەك ياشىيالىسام دەيمەن، چۈنكى، ئىلىم ـ مەرىپەت بەك كۆپ، ئۇنىڭدىن قانچە ھاسىل قىلالىساڭ، شۇنچە قىممەتتۇر ۋە پايدىلىقتۇر ."

مۇھەررەم ئېيىنىڭ پەزىلىتى ۋە بۇ ئايدا قىلىنغان ئىبادەتنىڭ ئەۋزەللىكى ھەققىدە رەسۇلۇللاھ مۇھەررەمنى ئاللاھنىڭ ئېيى دەپ ئاتىغان. ئۇنىڭ ئاللاھ غا تەۋەلەشتۇرۇلگەنلىكى ئۇنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى ۋە پەزىلىتىنى كۆرسىتىدۇ، چۈنكى ئاللاھ تائالا ئالاھىدە خاسىيەتلىك مەخلۇقاتلىرىنىلا ئۆزىگە تەۋەلەشتۇرۇپ سۆزلەيدۇ.مەسلەن : مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام، ئىبراھىم، ئىسھاق، يەئقۇب ۋە باشقا بىر توپ پەيغەمبەرلەر ( ئاللاھنىڭ بەندىسى ) دېگەن شەرەپلىك نامدا تىلغا ئېلىنغان، بەيتۇللاھ ـ ئاللاھنىڭ ئۆيى دەپ ئۇلۇغ شەرەپنى نامايەن قىلىپ تۇرىدۇ.

مۇھەررەم ئېيى ئاللاھنىڭ ئېيى بولسا، تۇرلۇك ئەمەللەر ئىچىدە روزا تۇتۇشمۇ ئاللاھ بىلەن باغلىنىپ تۇرىدۇ، چۈنكى ئاللاھ تائالا:"روزا مەن ئۈچۈن، مەن ئۆزەم مۇكاپاتىنى بېرىمەن"دېگەن. شۇڭا بۇ مۇھەررەم ئېيىدا روزا تۇتۇش كۆپ پەزىلەتكە ئىگە. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللاھنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى بايان قىلغان :"رامىزان ئېيىدىن كېيىنكى ئەڭ ياخشى روزا ـ ئاللاھنىڭ ئېيى مۇھەررەمدە تۇتۇلغان روزىدۇر، پەرز نامازلاردىن كېيىنكى ئەڭ ياخشى ناماز ـ كېچە ئوقۇلغان نامازدۇر ."

سۆيۈملۈك قېرىنداشىم ! يېڭى يىلدا يېڭى مۇھاجىرلارنىڭ قاتارىغا قوشۇلۇپ، 1 ـ ئاي مۇھەررەمنى روزا بىلەن باشلىغىن، جان ھەلقۇمدىن چىقماستا تەۋبە ئىشكلىرىنى قېقىپ، غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغىنىپ، ئاللاھ تەرەپكە يۈزلەنگىن. !

## سەككىزىنچى پەسىل:

# ئىماننىڭ ھەيۋىتى

(پاكىستانلىق مەشھۇر ئالىم شەمس نەۋىد ئوسمانىنىڭ ماقالىلىرىگە ئاساسەن ئۆزلەشتۈرۈپ تەرجىمە قىلىندى)

## ئىماننىڭ ھەيۋىتى

ئوھۇد مەيدانى ئۇرۇش خارابىسىگە ئايلىنىپ، ھەممە ئەتراپنى ماتەم قاپلىغان بۇ قايغۇلۇق كېچە ئاچچىق ئەلەمدە قان تۆكۈرمەكتە ئىدى. بۈگۈن قانغا چىلىق ـ چىلىق بولۇپ كەتكەن مەيدان ساھىبلىرى گويا، ئۈممەتنىڭ قانداق روناق تېپىشى بىلەن قانداق زاۋال تېپىشىنى بىر قېتىم تەجرىبە قىلىپ كۆرگەن ئىدى.

ئۇلار بۈگۈن ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىنىڭ سىزىقىدىن چىقماي مېڭىپ، ئازغىنە بىر توپ ئۈممەتنىڭ قوراللىرى خىل، شۇنچە نۇرغۇن دۈشمەننى بىر دەمدىلا مەغلۇبىيەت ئازگىلىغا ئىتتىرىۋەتكەنلىكىنى كۆردى. ھەمدە يەنە بىر قانچە قەدەملەرنىڭ ئازراقلا خاتالاشقانلىقى پۈتكۈل ئۈممەتنى كۆزنى يۇمۇپ ئاچقىچە قانداقلارچە مەغلۇبىيەت گىردابىغا ئاپىرىپ قويغانلىقىنىمۇ ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆردى.

ئۇلار بۈگۈن ئاچلىق ھەم ئۇسسۇزلۇق، ۋە ساناقسىز دەرت ـ ئەلەملەر تۈپەيلى مادارى قالمىغان ئازغىنە ئىنسانىنىڭ چۈشقۈن ئىمانى روھ ۋە ھېسلار قوينىدا، بىرلا سىلكىنىش بىلەن تەڭ قانداقلارچە يالقۇنلۇق چوغلارغا ئايلىنىپ، پولات ساۋۇتلار بىلەن قوراللانغان كۈچلۈك دۈشمەننى تىرە ـ پىرەن قىلىۋېتەلىگەنلىكىنى، ھەمدە يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پەقەت بىرلا پەرمانىغا خىلاپلىق قىلىش بىلەن تەڭ قانداقلارچە ئەتراپنى مالىمانچىلىق قاپلاپ، قېرىنداشلارنىڭ ئۆز ـ ئارا تونۇشماستىن قالايمىقان كاللا كېسىشكە كېرىشىپ كەتكەنلىكىنىمۇ ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆردى.

قىسقىسى، پۈتكۈل دۇنيا مىقياسىدىكى ئۈممەتلەرنىڭ قانداق تەرەققى قىلىشى ۋە قانداق زاۋال تېپىشىنى ئاللاھنىڭ سىرلىق خاھىشى تارىختا، ئەنە شۇنداق بىر قېتىم تەجرىبە قىلدۇرۇپ كۆرسەتكەن ئىدى. تەجرىبە ئاياغلاشقاندىن كېيىن پۈتكۈل جاھان مادارسىز ياتاتتى. ھەممە ئەتراپنى جىمجىتلىق قاپلىغان بولۇپ، قانغا بويالغان جەڭ مەيدانى بىر خىل سۈرلۈك سۈكۈتنىڭ قوينىدا پۈشۈلدىماقتا ئىدى. خۇددى تىنماي شاۋقۇن سېلىپ تۇرىدىغان دېڭىزلار، كەلكۈنلۈك دولقۇنلىرى كۆتۈرۈلۈشىدىن ئىلگىرى بىردىنلا جىمىپ قالغانغا ئوخشايتتى.

شۇنداق، بۇ يەردىمۇ ئاجايىپ كۈچلۈك بىر كەلكۈن دولقۇنلىنىش ئالدىدا تۇراتتى.

ئاللاھ مۆمىنلەردىن يەنە بىر قېتىم ئىمتىھان ئالماقچى ئىدى.

بىردىنلا بۇ جىملىقنى بۇزۇپ، دۈشمەنلەر غەلىبە سازلىرىنى چېلىشقا باشلىدى. ئاياللار غالىب ئەرلىرىگە مەدھىيە ئوقۇش ئۈچۈن شەھۋانىي ناخشا، ئۇسسۇللىرىنى باشلىۋەتتى. ئۆزلىرىنى قۇربان قىلىش ئارقىلىق پۈتكۈل ئىنسانىيەتنى بەختىيارلىققا ئېرىشتۈرمەكچى بولۇۋاتقان ئەزىمەتلەرنىڭ قېنىنى ئىچىپمۇ، ئىنتىقام تەشنالىقى قانمايدىغان بۇ ۋەھشىيلەر مۇجاھىدلارنىڭ جەسەتلىرىنى تېپىپ، دەسسەشكە باشلىغان ئىدى. قايسىدۇر بىرى يەردە ياتقان شېھىتنىڭ يۈرىكىنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ ئېغىزىدا چايناشقا كىرىشتى. مەغرۇر دۈشمەنلەرنىڭ بۇ ئەسەبىي نەرە ـ چۇقانلىرى زېمىننى تەۋرىتىپ، ئاسماننىڭ باغرىنى تىلماقتا ئىدى.

ئەمما بۇلاردىن سەللا يىراقتىكى تاغنىڭ باغرىدا غەلىبە ھەم مەغلۇبىيەتتىن تەڭلا زەخىملەنگەن مۆئمىنلەر سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىنىڭ قانلىق جاراھەتلىرىنى كۆز ياشلىرى بىلەن يۇيۇشقا مەشغۇل ئىدى. مۇجاھىدلاردىن ئۆتۈلگەن ئازراقلا سەبىيلەرچە خاتالىق تۈپەيلى ئاللاھنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈك پەيغەمبىرى سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم زەخىملەنگەن بۇنداق جان ئالغۇچ مەنزىرىگە ئۇلارنىڭ قەلب ۋىجدانى ئەمدى قانداقمۇ بەرداشلىق بېرەلىسۇن؟ ئۇلار گويا قەلب، تەن، روھ، ھەممە ئەزالىرى ئوخشاشلا زەخىملەنگەندەك، ۋۇجۇدىدىكى بارچە تومۇرچىلاردىن قان دەريا بولۇپ ئېقىۋاتقاندەك ئەلەملىك ھېسسىياتقا چۆمگەن ئىدى. دېمەك، بۈگۈن مۇجاھىدلارنىڭ روھ، تەنلىرى قان ۋە ياش بىلەن تەڭلا يۇيۇنغان كۈن بولغان ئىدى.

شۇ تاپتا ئۇلارنى قىلىچلارنىڭ بىسى ئەمەس، ئەقىدىلەرنىڭ ئەمەلىيتى سىنىلىدىغان، بىلەكلەرنىڭ زورى ئەمەس، قەلب، روھلارنىڭ كۈچى سىنىلىدىغان تېخىمۇ چوڭ، تېخىمۇ ئۇلۇغ يەنە بىر مەنىۋىي جىھاد مەيدانى كۈتۈپ تۇرىۋاتاتتى. ئاللاھ ئۇنىڭدا ئاشۇ قەدەملىرى تېيىلىپ كەتكەن مۇسۇلمانلارنىڭ ئىمانىي قۇۋۋىتىنى سىناپ كۆرمەكچى ئىدى. بۇ قېتىمقى مەغلۇبىيەتنى دۈشمەننىڭ سانى ھەم قورال كۈچىدىن كۆرەمدۇ ياكى ئۆزلىرىنىڭ دۇنياغا بېرىلىپ كەتكەن ئازغۇنلىقىدىنمۇ؟ بۇنى ئوتتۇرىغا چىقارماقچى ئىدى. بۇ باشقا جىھادلارغا سېلىشتۇرغاندا شۇنچە ئاددى ئەمما ئىنتايىن نازۇك جىھاد ئىدى.

خۇددى ئىككىنچى قېتىملىق جەڭ ئۈچۈن سىگنال چېلىنغاندەك ئوھۇد مەيدانىنىڭ ئۈستىن تەرىپىدىن قوپال بىر ئاۋاز كۆتۈرۈلۈپ، تاغ چوقىلىرىغا ئۇرۇلغانچە كۆكتە جاراڭلاشقا باشلىدى. بۇ دەل ئەبۇ سوفياننىڭ ئەۋازى ئىدى. تېخىمۇ توغرىراق قىلىپ ئېيتقاندا، ئۆز غەلىبىسىنىڭ رىئاللىقىغا ئىشىنەلمەي قالغان كۇففارلارنىڭ ئالاقزادە ۋاقىراشلىرى ئىدى.

ئۇلار: "ئوھۇد مەيدانىغا غەلىبە بايرىقىمىزنى قادىيالىغىنىمىز بىلەن

مۇجاھىدلاردىكى ئىماننىڭ ھەيۋىتىنى سۇندۇرالىدۇقمۇ، يوق؟ ناۋادا بۇگۈنكى بۇ قانلىق قىلىچلىرىمىز ئۇلارنىڭ قەلبىدە ئىستىبداتلىقنىڭ ھەيۋىتىنى تىكلەپ، ئىماننىڭ ھەيۋىتىنى سۇندۇرالمىسا، بۇ غەلىبە ئەمەس، بەلكى چوڭ بىر ئالدىنىش ھەم يېڭىلىش بوپ قالامدۇ؟" دەپ ئويلاشماقتا ئىدى. ئەنە شۇنداق ۋەھىملىك خىياللار ئۇلارنى ئەنسىز ۋاقىراشقا مەجبۇر قىلىۋاتاتتى.

- ئاراڭلاردا مۇھەممەد ھاياتمۇ؟! گەپ قىلىڭلار، مۇھەممەد ھاياتمۇ؟!

زەخىم، جاراھەتلەر تۈپەيلى مادارسىز ياتقان مۇجاھىدلار ئىمان، غۇرۇرىغا نەشتەردەك سانجىلىۋاتقان بۇ زەھەرلىك سوئالنى ئاڭلاش بىلەن تەڭلا، غەزەپ بىلەن چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇشۇپ كەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام گەرچە زەخىملەنگەن بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ ھايات بەخش نۇرلۇق جامالى بىلەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھەممىگە تەمكىن قاراپ تۇراتتى. شۇ تاپتا مۇجاھىدلارنىڭ كۆكرەكلىرىدىكى پارتلاش ئالدىدا تۇرغان ۋۇلقان كەبى غەزەپلىك ھېسسىياتلار دۈشمەنلەرگە جاۋابەن:

- ھەئە ! مۇھەممەد ھايات! ئۇ ئاللاھنىڭ زېمىندىكى ئەڭ ئاخىرقى ئۆچمەس ئاۋازى! ئۇ ئىنسانىيەتنىڭ دەرت - پىغانلىرى ئۈچۈن ئەبەدىيلىك مەرھەم! ئۇ ئىمان ھەم ئىشەنچنىڭ يىقىلماس ئابىدىيسى! ئۇ مەڭگۈلۈك ھەق، ئادالەت ئىنقىلابى! دۇنيادىكى ھەر قانداق بىر كۈچ ئۇنى مەڭگۈ يېڭەلمەيدۇ! مەڭگۈ باش ئەگدۈرەلمەيدۇ! دەپ توۋلىۋەتمەكچى بولىۋاتاتتى. ئەمما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىككىنە بىر ئىماسى بىلەن ئۇلارنىڭ كۆكرىكىدە شىددەت بىلەن ماۋۇج ئۇرىۋاتقان بۇ غەزەپلىك ھېسسىياتلار دولقۇنى ئۆز ئورنىدا قېتىپلا قالدى.

توغرا، ئىسلام ھەرگىزمۇ قارشىلىق بىلدۈرۈشنىڭ ۋەھشىيانە نەرە - چۇقانى ئەمەس، بەلكى ئۇ ئاللاھنىڭ ئاخىرقى ئاۋازى. ئىجابىي، ئەمەلىي قۇۋۋەتنىڭ بىر نادىر دېڭىزى.

ئەبۇ سوفيان بۇ دېڭىزنىڭ سىرلىق جىمجىتلىقىنى ئۆلۈم ھەم مەغلۇبىيەتنىڭ سۈكۈتى بولسا كېرەك، دەپ ئويلاشقا باشلىدى. ئەمما يەنىلا قانداقتۇر بىر نەرسە ئۇنىڭ غەلىبە شاتلىقىغا تىكەن بولۇپ سانچىلماقتا ئىدى. راستىنى ئېيتقاندا، ئۇنى ئىچ - ئىچىدىن سارسىمىگە سېلىۋاتقىنى دەل ئىماننىڭ ھەيۋىتى ۋە ھەققانىيەتنىڭ ھاياتلىقى ئىدى. ئۇ بىر ئاز جىملىقتىن كېيىن يەنە ۋاقىراشقا باشلىدى.

- ئاراڭلاردا ئەبۇ قاھافە (يەنى، ئەبۇ بەكرى) ھاياتمۇ؟!

ئۇ بۇ سوئالنى يەنە قايتىلاپمۇ جاۋابقا ئېرىشەلمىگەندىن كېيىن ئاخىرقى قېتىم تېخىمۇ كۈچلۈك ۋاقىراشقا باشلىدى.

- ئۇنداقتا ئۆمەرچۇ؟! ئېيتىڭلار، ئۆمەر ئىبنى خەتتاب ھاياتمۇ؟!

جىمجىتلىق يەنە ھۆكۈم سۈرىۋاتاتتى. ئەبۇ سوفيان ھەر قېتىملىق سورىغان سوئالىغا

مۇسۇلمانلارنىڭ جاۋاب بەرمەيۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، يېنىككىنە بىرنى تىندى. ئۆزىنىڭ ھەقىقەتەنمۇ غەلىبە قىلالىغانلىقىغا ئەمدى رەسمىي ئىشىنىشكە باشلىغان ئىدى. ئۇ ئۆز لەشكەرلىرىگە قاراپ:

- بۈگۈن ئوھۇد مەيدانىدا ئىسلام پۈتۈنلەي تۈگەشتى. ئۇلار ھەممىسى ئۆلدى. مانا بىز غەلىبە قىلدۇق - دەپ تەنتەنە قىلىشقا باشلىدى.

بۇ تەنتەنە گويا زەھەرگە مىلەنگەن قىلىچنىڭ زەربىسىگە ئوخشاش مۆئمىنلەرنىڭ قەلب، روھىدا زىلزىلە پەيدا قىلىپ، غۇرۇر، ۋىجدانىنى ئۆرتەشكە باشلىدى. ئۇلارنىڭ قانلىرى قىززىپ، جاراھەتلىك بەدەنلىرى خۇددى بىر پارتلاش ئالدىدا تۇرغان ۋۇلقانغا ئايلانغان ئىدى. مۆئمىنلەرنىڭ بېسۋالغۇسىز غەزەپلىك ھېسسىياتلىرى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئىغىزىدىن ئېتىلىپ چىقۋاتقان "ئاللاھۇ ئەكبەر! ئاللاھۇ ئەكبەر!"دېگەن نەرە ساداسى بىلەن ئۆز ئىپادىسىنى تاپتى.

- ئى، ئاللاھنىڭ دۈشمىنى! كاززابلىق قىلما! مانا بىز ھەممىمىز ھايات! بىلىپ قويغىنكى، ئاللاھنىڭ قۇدرىتى بىزنى شۇنداق ھايات ساقلاش بىلەن سەنلەرنى ھالاكەتلىك ئاقىۋەتلىرىڭگە يەتكۈزمەكچى!

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ گۈلدۈرمامىدەك ئاۋازىنى ئاڭلىغان ئەبۇ سوفيانىنىڭ كۆزلىرىگە بىردىنلا قاراڭغۇلۇق تىقىلىپ، گويا بېشى ئۈستىدە شىددەت بىلەن چاقماق چېقىۋاتقاندەك، زېمىن ئايىغى ئاستىدىن چىقىپ كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى. ئۇنىڭ شۇنچە قانلار بەدىلىگە قولغا كەلتۈرگەن غەلىبىسى بىراقلا يەر بىلەن يەكسان بولغان ئىدى. ھېلىدىن بىرى چېلىنىۋاتقان غەلىبە سازلىرىمۇ لەسسىدە توختاپ قالدى. ئۇنىڭ تېخى بايامقى كۆتىرەڭگۈ مەغرۇر بېشى ئەمدى خۇددى ئۆلۈكنىڭكىدەك مۆرىسىدە ساڭگىلاپ قالغان ئىدى. ئۇ بىر ھازادىن كېيىن دەرھال ئېسىگە كەلدى دە، بۇ ئوسال ئەھۋالدىن ئۆزىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈنمۇ ياكى مۇسۇلمانلارغا مەنىۋىي جەھەتتە بىر ھۇجۇم قىلىپ بېقىش ئۈچۈنمۇ؟ ئېيتاۋۇر، نامەلۇم ھېسلار قوينىدا يەنە ۋاقىراشقا باشلىدى.

- ھۇبەل ئەڭ كاتتىدۇر، ھۇبەل ئەڭ كاتتىدۇر، ئۇززا بىزنىڭ پەرۋەردىگارىمىز سىلەرنىڭ ئەمەس، ئۇززا بىزنىڭ پەرۋەردىگارىمىز سىلەرنىڭ ئەمەس.

بۇنىڭغا جاۋابەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىماسى بىلەن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ياڭراق ساداسى ئاسماننى يەنە لەرزىگە كەلتۈرۈشكە باشلىدى.

- ئاللاھ ھەممىدىن كاتتا! ئاللاھ ھەممىدىن ئۇلۇغ! ئاللاھ بىزنىڭ مەدەتكارىمىز سىلەرنىڭ ئەمەس! ئاللاھ بىزنىڭ مەدەتكارىمىز سىلەرنىڭ ئەمەس!

ئەبۇ سوفيان ئەمدىلىكتە، پۈتۈن بەدەنلىرىنى چۇلغىۋالغان ھەيرانلىق، رەشك - ھەسەت، ۋەھىمىلەرنىڭ ئاچچىق ئازابىنى ھېس قىلماقتا ئىدى. ئۇ ئىختىيارسىز

قانداقتۇر بىر خىيالغا چۆكۈپ كەتتى. ئۇ بەلكىم، "ھەق ساداقەت ئۈچۈن جاننى ئاتىۋەتكەنلەرنى ھالسىزلاندۇرغىلى بولسىمۇ، جىم قىلغىلى بولمايدىكەن. ئاللاھنى كائىناتنىڭ تەنها ياراتقۇچىسى دەپ تونۇيدىغان قەلبلەرنى زىدە قىلغىلى بولسىمۇ، سۇندۇرۇپ تاشلىغىلى بولمايدىكەن. جىھاد مەيدانلىرىدا سىنالغان مۇجاھىدلارغا پەشۋا تەپكىلى بولسىمۇ، قورال تاشلاتقۇزۇپ، بويۇن ئەگدۈرگىلى بولمايدىكەن" دېگەن يەكۈنلەرنى خىيال قىلغان بولسا كېرەك، بىردىنلا ئىختىيارسىز چۈچۈپ كەتتى. ۋە قاتتىق يىلىنغان ئاھاڭدا: ـ ئى ئۆمەر! پەرۋاردىگارىڭ بىلەن قەسەم، ماڭا بىر راس گەپ قىلغىن، بىز مۇھەممەدنى ئۆلتۈرەلىدۇقمۇ ـ يوق؟ دەپ سوراشقا باشلىدى.

ـ ياق! ـ ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئاۋازىدا ئىمانىنىڭ زىلزىلىلىك ھەيۋىتى، جاسارەت ۋە تەمكىنلىك شۇنداقلا كۇففارلارنىڭ خام خىيالغا بولغان مەسخىرىلىك نەپرەت ئۇرتاق ئىپادىلەنمەكتە ئىدى.

ـ ياق! ئۇ ھايات! ئۇ ھازىرمۇ سېنىڭ ئاۋازىڭنى ئاڭلاۋاتىدۇ!

بۇنى ئاڭلىغان ئەبۇ سوفيان ئىختىيارسىز ھالدا :ـ ئەسلىدە مۇنداقكەنـ دە، مۇھەممەدنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى تارقاتقان ئىبنى قەمئەگە قارىغاندا، سەن ماڭا نىسبەتەن تېخىمۇ توغرا، ھەق گەپ قىلىدىغان ئادەمسەن ـ دەپ توۋلىۋەتتى.

بۇ كۇففارلار سەردارىنىڭ جاۋابىمۇ ياكى باتىل كۈچلەرنىڭ ئىناۋەت، ئابرۇي ئىمارەتلىرى كۇمبىر ـ كۇم بولۇپ يىقىلغان ئاۋازمۇ؟ بىلىپ بولمايتتى. ئىسلامنىڭ بىرجەڭچىسى كۈپۈرلۈقنىڭ نەزىرىدە كاپىرلاردىنمۇ بەكرەك ئىشەنچلىك ئورۇنغا ئۆتكەن ئىدى. گويا باتىل ھەققانىيەتنىڭ بۈيۈكلىكىنى، زۇلمەت يورۇقلۇقنىڭ ئۈلۈغلىقنى ئېتىراپ قىلىۋاتاتتى. جاھالەت ئىسلامىيەتنى ماختاۋاتاتتى. پولات ساۋۇتلارغا ئورالغان شۇنچە كۈچلۈك دۈشمەنلەر ئاشۇ ئازغىنە ھارغىن ئىسلام جەڭچىلىرىنىڭ ئىمانىي ھەيۋىتى ئالدىدا ئاق بايراق چىقىرىشماقتا ئىدى.

مانا بۇ ئوھۇدنىڭ قانلىق مەيدانىدىن كېيىن قەلب، ئىددىيە، روھ ۋادىلىرىدا ئېلىپ بېرىلغان ئىككىنچى قېتىملىق ئاددىي ئەمما ئىنتايىن نازۇك جىھادنىڭ نەتىجىسى ئىدى.

مانا بۇ قورال ئورنىغا ئەقىدىلەر ئوتتۇرىسىدا، بىلەكلەرنىڭ كۈچى ئورنىغا قەلب، روھلار ئوتتۇرىسىدا ئېلىپ بېرىلغان غەلىبىلىك مەنىۋىي جىھاد ئىدى.

مانا بۇ ئوھۇدنىڭ تارىخى مەيدانىدا بىر قېتىملىق مەغلۇبىيەت زەربىسىدىن كېيىن مۇسۇلمانلارغا مەڭگۈلۈك سوۋغا قىلىنغان ئىمان ھەيۋىتىنىڭ ئەخلاقىي غەلىبىسى ئىدى.

ئوھۇد مەيدانى يەنە بىر قېتىم قايتىدىن جانلىنىپ كەتتى. كۇففارلار بىر قېتىملىق غەلىبىسىدىن كېيىن خۇددى مەڭگۈ ئورنىنى تولۇقلىغىلى بولمايدىغان مەغلۇبىيەت

زەربىسگە ئۇچرىغاندەك غەمكىن ھالدا باشلىرىنى ساڭگىلاتقىنىچە مەيداننى تاشلاپ ئاستا ـ ئاستا كېتىشىپ باراتتى. ئىسلامنىڭ ھەممە ئەزالىرى قىپ ـ قىزىل قانلار بىلەن يۇيۇلغان مۇجاھىدلىرى خۇددى شەرقتىن كۆتۈرۈلگەن قىزىل شەپەقتەك ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ، ھەممە ئەتراپقا ئىمان ھەم ئىشەنچىنىڭ ھەيۋەتلىك نۇرىنى چاچماقتا ئىدى.

قۇلاق سالىدىغان بولساق، مانا بۈگۈنكى دەۋرىمىزدىمۇ يەنە شۇنداق ئاددىي ئەمما ئىنتايىن نازۇك جىھاد مەيدانلىرى بىزنى چاقىرماقتا. ئۇنىڭدىكى مەغرۇر باتىل كۈچلەر "سىلەرنىڭ تومۇرۇڭلاردا بۈگۈنمۇ مۇھەممەد، ئەبۇ بەكرى ۋە ئۆمەرلەرنىڭ قانلىرى ئېقىۋاتامدۇ؟!" دەپ چۇقان سالماقتا. دۇنيادىكى بىر مىلياردتىن ئارتۇق مۇسۇلمانلارنىڭ ھەممىسى ئاشۇ چۇقانلارنى سۈكۈت ئىچىدە تىڭشىماقتا. ئەمما ئىمان، غۇرۇرى ئويغاق بىرەر مۇسۇلمان ئارىمىزدىن چاچراپ تۇرۇپ، ئۇلارغا: "ھەئە! ھازىرمۇ بىزنىڭ تومۇرىمىزدا ئاشۇ مۇقەددەس قانلار راۋان. ئاللاھ ھەممىدىن ئۇلۇغ! ئاللاھ ھەممىدىن كاتتا! ئاللاھ ھازىرمۇ بىزنىڭ مەدەتكارىمىز سىلەرنىڭ ئەمەس! ئاللاھ ھازىرمۇ بىزنىڭ مەدەتكارىمىز سىلەرنىڭ ئەمەس!" دەپ نەرە تۇۋلاپ جاۋاب بېرىشكە تەييار ئەمەس. چۈنكى دۈشمەننىڭ ھەيۋىتىدىن لاغ ـ لاغ تىترەۋاتقان بىزنىڭ نۆۋەتتىكى ساختا ئىمانىمىزدىن دۈشمەننى ئەيمەندۈرگىدەك بىرەر ھەيۋەت ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە ۋىجدانىمىزنى قانائەت تاپتۇرغىدەك ئەخلاقىي ئوبرازىنىمۇ تاپقىلى بولمايدۇ. ئەمما شۇنداقتىمۇ يەنىلا بىز مۇسۇلمان، يەنىلا بىز مۇسۇلمان.

## ئاخىرەت تەسەۋۋۇرى

تۈن كېچىنىڭ جىم ــ جىتلىقىدا دۇنيانىڭ ئەڭ سۆيۈملۈك، پىغانلىق ئاۋازى تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز ئازابلىق نالە ــ زارە ئىچىدە سەجدىگاھتىن كۆتىرىلمەكتە ئىدى. بۇ دەل ئاخىرقى پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئاھۇ ــ پەريادلىق قەلب ناۋاسى ياڭراۋاتقان مۇقەددەس، پاك مىنۇتلار بولۇپ، قۇرئان كەرىمدىكى "سېنىڭ ئىختىيارىڭدا يا ئاللاھ! سېنىڭ ئىختىيارىڭدا! سەن بۇلارغا ئازاب قىلىشنى خالىساڭ، بۇلار سىنىڭ بەندەڭ. ئەگەر مەغپىرەت قىلىشنى خالىساڭ، سەن چەكسىز قۇدرەت، ھېكمەتنىڭ ئىگىسىدۇرسەن" دېگەن ئەشۇ مەڭگۈ سۆزلەر ئىسەدەپ يىغلاپ كېتىۋاتقان پەيغەمبىرىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇبارەك ئېغىزىدا تەكرار ــ تەكرار تىلاۋەت قىلىنماقتا ئىدى.

ئاھ! كائىناتنىڭ روھىنى زىلزىلىگە سالغان بۇ مەنزىرىگە نىسبەتەن بۈگۈنكى ئىنسان قەلبلىرىنىڭ مانا خۇددى ئۆلۈك تاشلاردەك ياكى ھېسسىز مۇزلاردەك قېتىپلا

تۇرغىنىنى قارىمامدىغان؟! ھالبۇكى، مانا بۇگۈنكى كۈندىمۇ قەلبلەرنى چاك ــ چاك قىلىپ يېرىۋەتكۈچى بۇ ئەبەدىيلىك سادا قۇرئان كەرىمنىڭ مۇقەددەس بەتلىرىدە مەھشەرنىڭ زىلزىلىسىنى ئەسلىتىپ چاقناپ تۇرماقتا. ھېلىھەممۇ ئۆلۈم ئىنسانلارنىڭ جەسەتلىرىنى (ھالاكىتىنىڭ زەررىچە تەسەۋۋۇرى دۇنيانىڭ بارچە ئاسايىشلىرىنى كۆيدۈرۈپ كۈل قىلىۋېتەلەيدىغان) ئەشۇ دەھشەتلىك غايىب ئالەم تەرەپكە سۆرەپ كېتىپ بارماقتا. ئەمما ئۇنى تىڭشاش بىلەن ئىمان، ۋىجدانىي ئازابتىن تولغىنىپ، چاچراپ تۇرۇپ كېتىدىغان ئەزىمەتلەر ئارىمىزدىن قېنى نەگە كەتكەندۇ؟!

بۇ ھەقتە بىر قېتىم پەيغەمبىرىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ساھىبىلەرگە خىتاب قىلىپ: "مىنىڭ كۆزۈم كۆرىۋاتقان ئەشۇ دەھشەتلىك مەنزىرىلەرنى ناۋادا سىلەرنىڭ كۆزىڭلار كۆرۈپلا قالىدىغان بولسا، شۇ ھامان كۆلكە ــ چاقچاقلىرىڭلارنىڭ ھەممىسى يىغا ــ زارە ئېڭىنلىرىغا غەرق بوپ كەتكەن بولاتتى" دېگەن ئىدى. شۇ چاغدا بۇنى ئاڭلاش بىلەن تەڭلا ئۇنىڭ تەسەۋۋۇرىدا ئۆزىنى ئۇنتۇتقان ساھابىلەرنىڭ يۈرىكى ئېغىزىغا كەپلىشىپ، ھۆڭرىگەنچە يىغا ــ زارە قىلىش بىلەن مەسجىد ھويلىسىنى بىر ئالغان ئىدى.

ناۋادا بىز راستىنلا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى روشەن ھەقىقەت دەپ تونۇيدىغان شۇنداقلا تارىختىكى ئىنسانىي پىغانلارنىڭ ئەشۇ تىرىك داستانىنى ئەمەلىي ۋەقە دەپ قارايدىغان بولساق، ئۇنداقتا ئاللاھنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈك بەندىسى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدەك بىر زاتنى باشقىلارنىڭ غېمىدە كېچە ــ كېچە جەينىمازدىن قوپماي يىغلاشقا ئۈندىگەن ھەمدە ئۇنى ئاڭلاش بىلەنلا مىڭلىغان ئەزىمەتلەرنىڭ قەلب تەسكىنلىرى پارە ــ پارە بولۇپ كەتكەن ئەشۇ ئازابلىق تۇيغۇلارنى ئارىمىزدىن قېنى كىم باغرىغا بېسىش ئۈچۈن قۇچاق ئاچالايدۇ؟!

سىرلىق تارىخ ئاسمىنىغا نەزەر سالىدىغان بولساق، توختاۋسىز ياش ئېقىنلىرى تۇپەيلى گۈزەل رۇخسارىنى قانچىلىغان قارا سىزىقچىلار قاپلاپ كەتكەن مىڭلىغان ئىنسانىي چىرايلارنى ئۇچرىتىمىز. ئۇلارنىڭ تىنىمسىز ئېقىۋاتقان قەلب ياشلىرى ئېتەكلىرىنى نەملىگەن، پارلاق كۆزلىرىدە ئاخىرەتتىكى قورقۇنچلۇق جاۋابكارلىققا بولغان قەتئىي ئىشەنچىسى ھەم ئاللاھنىڭ ئەپۇ ــ رەھمىتىگە بولغان تەۋرەنمەس ئىمانىي ئۈمىد نۇرى بىلەن خەۋپ مەھشىرىنى چاقناتقان، ئاخىرەتنىڭ غېمىدە ئاچ يۈرىۋاتقان ئىمجان ۋۇجۇدى ھاياتلىق جىھادگاھىدىكى تىغ، تىكەنلەر بىلەن جاراھەتكە تولغان، ئاللاھغا بولغان تەۋۋالىق ۋە ئىشقى ــ مۇھەببەت تەپتىدە پۈتۈن ئەزايى يالقۇنلۇق چوغقا ئايلانغان، تەڭ كېچىدىكى پىغانلىق ئاھۇ ــ زارلىرى قەلب روھلىرىدىن ۋۇلقاندەك ئېتىلىپ چىقىپ، كېچە سۈكۈناتلىرىنىڭ باغرىنى

تېشىۋاتقان، بەزىدە شىرىن ئۇيقۇ، ئىللىق يوتقانلىرىنى چۆرۈپ تاشلاپ، يەر يۈزىدىكى جەينىمازدا سەجدىدىن قوپمايۋاتقان، يەنە بەزىدە ئۇزۇنغىچە رۇكۇدا تۇرغانلىقىدىن ھوشسىزلىنىپ يىقىلىۋاتقان، ئەنە قايسىدۇر بىر زاتنىڭ ئاللاھدىن تىلەۋاتقان تىلەكلىرىدە دۇنيانىڭ لەززەت، ھوزۇر ــ ھالاۋەت تىلسىملىرى پاچاقلىنىۋاتقان، ئەنە ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ شاختا ئويناۋاتقان قۇشنىڭ غەمسىز سايراشلىرىنى ئاڭلاپ، ھەسرەتلىك كىچىك تىنغان ھالدا "ئاھ! كاشكى مەنمۇ قۇشقاچ بولۇپ كەتكەن بولسام، ئاخىرەتتىكى جاۋاپكارلىقنىڭ خەۋپىدىن روھىم ئازات تاپقان بولماتتى" دەپ ئۆز ــ ئۆزىگە خىتاب قىلىۋاتقان، ئەنە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەرزىمەس قۇم زەررىلىرىنى مەھكەم باغرىغا بېسىپ، ئۇنىڭ مەھشەردە جاۋاپكارلىقى يوقلىقىغا زوقلىنىۋاتقان، ئەنە ھەبباب ئىبنى ئەرت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىسلامنى قوبۇل قىلىش بەدىلىگە تارتقان جان ئالغۇچ ئەزىيەتلىرى ۋە جىھاد مەيدانلىرىدا بەدەنلىرىنى تىتما ــ تىتما قىلىۋەتكەن ساناقسىز جاراھەتلىرى تۇپەيلى كېسەل كارۋىتىدا ياتقان تۇرۇپمۇ "ئاھ خۇدا! ناۋادا ئاخىرەتنىڭ ئىنئاملىرى ماڭا مۇشۇ پانى دۇنيادىلا بېرىۋېتىلگەن بولسا، قىيامەتتە قورۇق قول قالارمەنمۇ؟" دېگەن غەم بىلەن ئېسەدەپ يىغلاپ كېتىۋاتقان، ئەنە چۈچۈپ ئويغۇنۇپ كەتكەن ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆز ئوغلى ئابدۇللاھغا "مېنىڭ جەڭدىكى ئۇتۇقلىرىمنى تىلغا ئالماڭلار، جان پىدالىقىم ۋە قۇربانلىقلىرىمنى سۆزلەپ يۈرمەڭلار، تېخى مەندىن تەۋھىدنىڭ تەقەززالىرى تولۇق ئورۇندالدىمۇ، يوق؟ ئاخىرەتتە ئاللاھۇ زۇلجەلالنىڭ ئالدىغا زادى قانداق ھالەتتە ھازىر قىلىنىمەن؟ بۇنىڭغا كىممۇ بىر نېمە دېيەلىسۇن" دەۋاتقان، ئەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن دۇنيادىلا جەننەتنىڭ بىشارىتىنى ئاڭلاپ بولغان خەلىپە ئۆمەر ئىبنى خاتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يەنىلا ئاللاھنىڭ قەھرى ــ غەزەپىنىڭ تەسەۋۋۇرىدا قورقۇنۇشتىن لاغىلداپ تىترەپ "ئەگەر قىيامەت كۈنى "پۈتكۈل ئىنسانلار مەغپىرەت قىلىندى، پەقەت بىرلا كىشى دوزاققا تاشلىنىدۇ "دەپ جاكارلانسا، ئەشۇ بەختسىز دەل مەن بولۇشۇم مۇمكىن، دەپ قورقىمەن" دېگىنىچە ئۈنلۈك ۋاقىراپ كېتىۋاتقان، ئەنە ئۇ پۈخرالارنىڭ ئۆز ئۇستىدىكى ھەق ــ ھوقوق يۈكلىرىنى يېنىكلىتىشنىڭ ھەلەكچىلىكىدە، يوقسۇزلارنى يوقلاش ئۈچۈن ئېغىر ئاشلىق تاغارلىرىنى ئۈشىنىسىگە ئارتىپ، پىژ ــ پىژ ئاپتاپقا پەرۋاسىز سەھرامۇ ــ سەھرا چېپىپ يۈرىۋاتقان، "مەن بىر دەم كۆتىرىۋالاي" دەپ تەكلىپ بەرگەن ئىخلاسمەن خىزمەتكارىغا: "ھېچكىمگە كىچىكىم ئەسقاتمايدىغان قىيامەت كۈنى ھامان مىنىڭ يۈكۈمنى كۆتىرىشىپ بىرەلمەيسەن ــ دە، " دەپ جاۋاپ بېرىۋاتقان، ئەنە ئۆمەر ئىبنى ئابدۇل ئەزىز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆزىنىڭ مىسلىسىز روناق تاپقان خەلىپىلىك شان ــ شەۋكىتىنى، ۋە ئالتۇن ــ كۈمۈچكە تولغان ھىساپسىز

غەزنىنلىرىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، كۆركەم جىسمىنى كىر كىيەملەر بىلەن ئۇپرىتىۋاتقان، بۇنىڭغا چىداپ تۇرالمىغان كۆيۈمچان پۇقرالار سەۋەبىنى سورىغاندا، ئۇنىڭ ئايالى "ئالماشتۇراي دېسە، ئۇچىسىدىكىدىن باشقا ئىككىنچى بىر قۇر كىيىمى بولمىس" دەپ جاۋاپ بېرىش بىلەن پىقىرلىقنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى يورتۇپ بېرىۋاتقان،

دەرۋەقە، ئۇنىڭ نەزىرىدىكى دۇنيا ھاياتى ئەشۇ پانى ئارزۇ ـ ئارمانلار بىلەن بىزەپ يۇرۇشكە ئەرزىگۇدەك نەرسە ئەمەس ئىدى. شۇڭا ئۇ دۇنيانىڭ ئالۋۇن قاپلىغان چۆللىكلىرىدە گۇياكى مەنزىلى يىراق، ئەمما بىر تىنىققمۇ ۋاقتى يوق ئالدىراش مۇساپىردەك كۇن ئۆتكۈزدى.

ئەنە فاتىمە رەزىيەللاھا ئەنھا دۇنيادىكى ئەڭ شەپقەتلىك دادىدىن "قىزىم! "مەن پەيغەمبەرنىڭ يۇرەك پارىسى بولغاچقا قىيامەتتىكى قاتتىق سوراقتىن ساقلىنىپ قالىمەن "دەپ ئويلاپ قالمىغىن، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئۇ كۇنى ھېچقانداق كۇچ ئاللاھنىڭ قارارىنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ" دېگەن ئىبرەتلىك خەۋەرنى ئاڭلاپ، ئاقىۋەتنىڭ قورقۇنچىسىدا دۇنيانىڭ بارلىق ئاسايىشلىرىدىن ۋاز كېچىۋاتقان، ئەنە كۇپپارلارنىڭ ۋەھشىيانە قىيىن قىستاق، زىنجىر ـ كىشەنلىرى بىلەن ھەممە ئەزايى چىلىق ـ چىلىق قان بولۇپ كەتكەن سۇمەييە رەزىيەللاھا ئەنھا جان ئۇزۇش ئالدىدىكى ئۇسسۇزلۇق تەشنالىقىدىمۇ "مەن ھېلىھەممۇ ئاللاھنى بىر دېيىشتىن يانمايمەن، تەۋھىد ئەقىدىسى مىنىڭ ھاياتىم، ئۇنىڭ ئۇچۇن جانىنى تەسەددۇق ئەيلەيمەنكى، ھەرگىزمۇ ئاخىرەتتە ئەبەدىيلىك غەلبىگە سازاۋەر قىلىدىغان بۇ ئەقىدەمدىن ۋاز كەچمەيمەن" دەۋاتقان، ئەنە تۆمۇر زەنجىرلەردە سۆرىلىپ، زەخىم، جاراھەتلەر تۇپەيلى پۇتۇن ئەزايى تىتما ـ تىتما بولۇپ كەتكەن بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دۇشمەنىنىڭ ئەسەبىي قۇلاقلىرىغا "ئەل ئەھەد، ئەل ئەھەد)"ئاللاھ بىر، ئاللاھ بىر!) دېگەن توختاۋسىز، ياڭراق سادالىرى بىلەن زەرب ئۇرىۋاتقان، ئەنە ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مەنزىلىنى تەسەۋۋۇر قىلىش بىلەن ئۆز روھىنى چۇچۇتۇپ، دۇنيانىڭ مەدھۇشلۇق ئارامگاھلىرىدىن يىراق، شىغىل ـ تاشلار ئۇستىدە ئوڭدىسىغا ياتقىنىچە، تېخى كۆزىمۇ كۆرۈپ باقمىغان ئاخىرەتنىڭ ئەشۇ قورقۇنۇشلۇق مەنزىرىلىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۇرۇپ، ئۇياق ـ بۇياققا تىنىمسىز ئۆرىلىۋاتقان، تارىخنىڭ مەلۇم بىر زۇلمەت قاپلىغان داۋانىدا قاتىل قىلىچلارنىڭ قورشاۋىغا قالغان تۇرۇقلۇقمۇ، "بىر كۇنى چوقۇم ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ھېساپ بەرمىسەم بولمايدۇ" دېگەننى ئويلاپ، مۇسۇلمانغا قارشى قىلىچ كۆتىرىشتىن ھەزەر ئەيلەۋاتقان، ئەنە ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كېچە ئاسمىنىدا ئېقىپ كېتىۋاتقان يولتۇزلارغا قاراپ، ئاخىرەت تەسەۋۋۇرىدا، خۇددى سۇدىن ئايرىلغان بىلىقتەك،

ياكى چايان چاققان ئادەمدەك ئازابلىق تىپىرلاپ، بۇلدۇق ــ بۇلدۇق يىغلىغانچە دۇنياغا خىتاب قىلىپ "ئى دۇنيا! مېنى ئالدىمەن دېمە، سەن مەن بىلەن ئوينىشىپ، سۆيۈملۈك بولاي دەۋاتامسەن؟ ئەپسۇس! مىڭ ئەپسۇس، مەن ئاللىبۇرۇن سېنى ئۈچ تالاق قىلىپ بولغان، ئەمدى ئۇنىڭدىن يانغىلى بولمايدۇ، سېنىڭ ئۆمرۈڭ قىسقا، نىشانىڭ رەزىل، ئەمما سەپىرىم ئۇزۇن، يوللار دەھشەتلىك، تەييارلىق چال" دەپ توۋلاپ كېتىۋاتقان، ئەنە ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھ ئەنھۇ قىيامەت كۈنى ئەڭ دەسلەپ شۆھرەت خۇمار قارى، رىياخور باي ۋە ئاتاق پەرەس مۇجاھىدتىن ئىبارەت ئۈچ كىشىنىڭ جاۋابكارلىققا تارتىلىدىغانلىقىنى، دوزاق ئوتىنىڭ بىرىنچى بولۇپ، ئەشۇ ئۈچەيلەننى ئۆز قوينىغا ئالىدىغانلىقىنى مەزمۇن قىلغان ھەدىسنى سۆزلەپ بېرىۋېتىپ قورقۇنۇش شىددىتىدە بىشى قىيىپ، كەينى ــ كەينىدىن يىقىلىپ چۈشىۋاتقان، بۇ ھەدىسنى ئاڭلىغان شەقيائۇز زۇھا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ زار ــ زار يىغلىغىنىچە ئەمىر مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئالدىغا بارغاندا، شۇنچە مۇستەھكەم ھۆكۈمرانلىق ئۆلگىسىنى ياراتقان مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ ياخشى ئەمەللەردىن ئىلىنىدىغان بۇ جان ئالغۇچ جاۋابكارلىقنىڭ تەسەۋۋۇرىدا، ساقال يۇلۇپ، پەرياد چېكىۋاتقان، ھەتتا ئۆزىنى تۇتالماي ئۇزۇنغىچە ئىسەدەپ يىغلىغانلىقى تۇپەيلى تىنىقى ئىچىگە چۈشۈپ كېتىپ، جان ئۈزۈشكە تاس قىلىۋاتقان.

ناۋادا بىز بۇ پىغانلىق تارىخنىڭ ئىككىنچى بېتىگە قارايدىغان بولساق، كېچىلەرنىڭ قاراڭغۇ سۈكۈناتلىرىدا ئاخىرەت خەۋپىدىن ئاھ ئۇرۇش بىلەن ئۆز ۋۇجىدىنى پۈچىلاۋاتقان يەنە بىر زاتنى ئۇچرىتىمىز. بۇ دەل ئەھنەف ئىبنى قەيس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بولۇپ، ئۇنىڭ يالغۇز بىر قانچە كېچىسى ئەمەس، بەلكى بارلىق كېچىلىرى نالە ــ پەريات قىلىش بىلەنلا ئۆتۈپ كېتەتتى. ئۇ ھەر كۈنى دېگۈدەك تەڭ كېچىدە "ئى نەپسىم! سەن نېمە دەپ ئەشۇنداق ئىشلارنى قىلغانسەن؟ نېمە دەپ ئاقىۋەتتە بۇنىڭدىنمۇ دەھشەتلىك ئوتقا دۇچار قىلىدىغان ئەشۇ گۇناھنى سادىر قىلغانسەن؟" دېگىنىچە لاۋۇلداپ تۇرغان شام ئوتىدا ئالقىنىنى كۆيدۈرۈپ، ئۆز ــ ئۆزىنى ۋىجدانىي سوتقا تارتتى. پۈتۈن ئىسسيادى قورقۇنۇشلۇق دوزاق ئوتىنى تەسەۋۋۇر قىلىش بىلەنلا ئەمەس، بەلكى مانا شۇنداق ئەمەلىي تەپتىنى ھېس قىلىش بىلەن غەرىق بولۇپ كەتكەن بولغاچقا، دۇنيانىڭ ئوتىدا پىژىلداپ كويىۋاتقان ئالقىنىنىڭ چىدۇغۇسىز ئېچىشىشلىرىنى سەزمەيتى. ئۇنىڭ ئاخىرەتشۇناس ئويغاق كېچىلىرىنىڭ ھەممىسى ئەنە شۇنداق ئۆز روھىغا ۋىجدانىي مالامەت تىغلىرىنى سانجىش بىلەن ۋە قىلغان ئەمەللىرىنى بىر ــ بىرلەپ ساناپ چىقىش بىلەن ئۆتۈپ كەتسە، كۈندۈزلىرىنىڭ كۆپ قىسمى ھاياتلىق ئۇيقۇسى تاماملىنىدىغان ئاخىرەت سەھىرىنىڭ تەسەۋۋۇرىدا ئۆز تۇرمىشىغا كۆڭۈل بۆلۈشكىمۇ ۋاقىت ئاجرىتالماي ئۆتۈپ

كېتەتتى. چۆللۈكنىڭ پېژ ــ پېژ ئاپتاپلىرى ھەر كۈنى دېگۈدەك روزا ئاچلىقى ۋە ئۇسسۇزلۇقى تۈپەيلىدىن ئىچ ــ باغرى تارتىشىپ، كارنايلىرى ئوتتۇندەك قۇرۇپ كەتكەن ئەشۇ ھالسىز ۋۇجۇدنى داغلىماي ئۆتمەيتى.

ئاخىرى ئۇنىڭ كۈچ ــ قۇۋۋەتكە تولغان ياشلىق دەۋرى قورقۇنچلۇق تەسەۋۋۇرنىڭ تىرىك داستانىنى كېچە ـ كۈندۈز يېزىش بىلەن ئۆتۈپ كېتىپ، مانا ئەمدى دەرت ــ ئەلەمدىن خالى بولالمايدىغان قېرىلىق دەۋرىنىڭ بوسۇغىسىغا قەدەم قويدى. ئۇنىڭ قېرىغانچە زەئىپلىشىشكە باشلىغان جىسمىغا ئەگىشىپ، چېكىۋاتقان ئاھ ــ پەرياتلىرى پەس كويغا چۈشۈش ئۈياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە تېخىمۇ ئۇلغىيىپ ياڭقۇنلاشقا باشلىدى. چۈنكى ئەمدىلىكتە ئۇ ئىنسان ھاياتىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئىنتايىن نازۇك ھەل قىلغۇچ باسقۇچىنىڭ تېخىمۇ يېقىنلاپ قالغانلىقىنى سەزمەكتە ئىدى. ئىنسان ھاياتى بويىچە قول، پۇتلىرى ئارقىلىق ياخشى ياكى يامان تەرىزدە يېزىپ پۈتكەزگەن ئەشۇ مەۋھۇم ھاياتلىق داستانىنى تۈنجى قېتىم ئۆز كۆزى بىلەن كۆرىدىغان ھېساپ كۈنىنىڭ مەنزىرىسى تېخىمۇ يېقىنلاپ قالغاندەك ئىدى. ئىنسانىيەتنىڭ ئەيىپ ــ نۇقسانلىرىغا سەممىي كۆڭۈل بۆلۈش ياكى باشقىلاردىن قۇسۇر تېپىش بىلەن ئۆمرى ئاياقلاشقان ئۆتكۈر نەزەرلەر تۈنجى قېتىم ئۆز ۋۇجۇدىنىڭ ئەكسىنى كۆرگەندە، شادلىقتىن مەستانە ياكى ھەسرەتتىن بىھوش بولۇپ كېتىدىغان قىيامەت كۈنىنىڭ ئاز قالغانلىقىنى ھېس قىلماقتا ئىدى. شېرىن ئويقۇ، لەززەتلىك تائاملار تۈپەيلىدىن ئۆمۈر بويى پارقىراپ ئۆتكەن ئاپئاق چىرايلارنى بىردىنلا رەزىللىكنىڭ قارا داغلىرى بىلەن ھالاكەتنىڭ قاباھەتلىك قورۇقلىرى بېسىپ كېتىدىغان مەھشەر كۈنىنىڭ بىر غېرىچلا قالغانلىقىنى سەزمەكتە ئىدى. ھەمدە يەنە ئاخىرەت ۋە ئىنسانىيەتنىڭ غېمىدە سارغىيىپ ئۆتكەن چىرايلارنى جەننەتنىڭ دەسلەپكى تاڭ قوياشى نۇرغا چۈمدۈرىۋېتىدىغان ئەشۇ بەختىيار مىنۇتلارنىڭمۇ قوچاق ئېچىش ئالدىدا تۇرغانلىقىنى كۆرمەكتە ئىدى.

ئەھنەف ئىبنى قەيس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇشۇ ياشقا كەلگەندىمۇ يەنىلا ئۇزمەي روزا تۇتۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن بىرسى كۆيۈنگەن ئاساستا: "ئۆزىڭىزنى ئۆلۈمگە ئىتترمەكچىمۇ؟ قېرىغان جىنىڭىزغا ئىچىڭىز ئاغرىسا بولمامدۇ؟" دەپ سورىدى. بۇنى ئاڭلىغان ئەھنەف ئىبنى قەيس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قەلب روھلىرىدىن ئېتىلىپ چىقىۋاتقان ھەسرەتلىك پىغانلار كۆزلىرىدىن تاراملاپ ئاققان ياشلىرى بىلەن ئۆز ئىپادىسىنى تاپماقتا ئىدى. ئۇ كۆيۈنگۈچىگە ھەسەرتلىك قاراپ: "مەن پۈتۈن ھاياتىمنى تەييارلىقى ئۈچۈنلا سەرپ قىلىپ ھالسىزلىنىپ كەتكەن، ئەمما يەنىلا ئۇنىڭ داۋانلىرى شۇنچە مۈشكىل، ئۆتەڭلىرى شۇنچە مۇرەككەپ بۇ ئۇزۇن سەپەرنى سەنمۇ ئازراق تەسەۋۋۇر قىلالىساڭ ئىدىڭ كاشكى!" دەپ جاۋاب بەردى.

تېخىچە كۆزلىرى كۆرۈپ باقمىغان ئاخىرەتتىكى سوراق كۈنىنىڭ تەسەۋۋۇرىدا تىنىمسىز تۆكۈلۈۋاتقان پىغانلىق ياشلىرىغا قوشۇپ بىر كۆزىنىمۇ يۇتۇنلەي ئېقىتىپ تاشلىغان ئەسۋەد ئىبنى يەزىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر قىتىم قۇملۇق چۆلدە تۆگىسىنى يېتىلەپ كېتىپ باراتتى. تۆگە گەرچە چۆللۈكتە تىز يۈرەلەيدىغانلىقى بىلەن تونۇلغان ئالاھىدە جەڭگىۋار بولسىمۇ، بۇ قىتىم قوياشنىڭ پىژ ـ پىژ ئاپتىپىغا بەرداشلىق بىرەلمەي ھالىدىن كېتىپ قالغان ئىدى. ئەمما ئۇ ئۆز ئىگىسىنىڭ، يەنى، پۈتۈن ئۆمرىنى ئاللاھنى ئەسلەپ يىغلاش بىلەن ئۆتكەزگەن، ھازىرمۇ روزا ئاچلىقىغا ۋە چىدىغۇسىز ئۇسسۇزلۇقىغا پەرۋاسىز سەپەر قىلىۋاتقان ئەسۋەد ئىبنى يەزىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ چىدامچانلىقتا ئۆزىدىن نەچچە قەدەم ئىشسپ كېتىۋاتقانلىقىنى بىلمەيتى. ئۇنىڭ لەۋلىرى قۇرۇپ، كۆكىرىپ كەتكەن، چىرايى ھالسىزلىقتىن پۈتۈنلەي سارغىيىپ كەتكەن بولسىمۇ، قۇملۇقتا يەنىلا تۆگىسىنى سورىگەندەك يېتىلەپ كېتىپ باراتتى.

ئاھ! بەندىچىلىكنىڭ ئەنە شۇنداق مۇشەققەتلىك باشقۇچلىرىدىمۇ ئۇنى چۇڭقۇر روھىي مەمنۇنىيەتتىن ھۇزۇرلاندۇرىۋاتقان زادى قانداق ئىشەنچ ۋە زادى قانداق بەختنىڭ ئىنتىلىشچان مەھلىيالىقىدۇر؟! قېنى بىزنىڭ تەسەۋۋۇر كۆزلىرىمىز شۇ ھەقىقەتنى كۆرۈپ يېتەلەرمۇ؟!

ــ جىسمىڭىزغا بولسىمۇ ئازراق ئىچىڭىز ئاغرىسۇن.

دۇنيا ئۇنىڭغا كۆيىنىپ شۇنداق دەۋاتاتتى.

ــ مانا ئىچ ئاغرىتىۋاتىمەنغۇ؟!

ھەزرەتى ئەسۋەد ئىبنى يەزىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قەتئىي ئىشەنچكە تولغان ھالدا خىتاب قىلماقتا ئىدى. ئۇ: "ئەجىبا مۇشىنىڭ ئۆزى جىنىمغا ئىچىمنى ئاغرىتقانلىقىم ئەمەسمۇ؟ دۇنيانىڭ بارچە شىرىن لەززەتلىرى ئىنسانغا ئاسىيلىق قىلدىغان، ھەر ـ ھەركاتتا تاغدەك مۇستەھكەم قامەتلىك جىسىملارمۇ، دۇنيانىڭ بارچە شانلىق ھەقىقەتلىرىنى گويا بىر قىتىم كۆرگەن چۈشتەكلا ھېس قىلىدىغان، ھەتتا ھەممە ئەتراپقا ئوت چاچرىتىۋاتقان قىيامەت بىلەن ئاللاھنىڭ رىزالىقىدىن باشقا ئىككىنچى بىر ھەقىقەت مەۋجۇت بولمايدىغان ئەشۇ ئاخىرەت كۈنىدە مەن ئۆز جىسمىمغا ئازاب ئەمەس، راھەت يەتكۈزەي دەۋاتىمەنغۇ؟!" دەپ جاۋاپ بەردى.

دەرۋەقە، قازا ۋە قەدەرنىڭ دائىرىسى ئىچىدىكى ئىنسانىيەت كارۋانلىرىنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ تۇرىۋاتقان مانا بۇ مۇشەققەتلىك مۇساپىنىڭ تۈنجى مەنزىلى دەل نامازدىنلا ئىبارەتتۇر. ئەمما بۈگۈنكى بىز مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆيلىرىدىن نېمە ئۈچۈنكىنتاڭ؟! يەنىلا جەينامازنىڭ دېرىكىنى ئالغىلى بولمايدۇ. ئىسلامنىڭ جامائەت نامىزىغا قاراتقان قاتتىق ئەھكاملىرى بويىچە بولغاندىغۇ، ئۆيدىكى جەينامازدا ئادا

قىلىنغان نامازلار جانسىز. يېرىم ناماز بولۇشتىن باشقا سالاھىيەتكە ئىگە بولالمايدۇ. بولۇپمۇ دىنىمىزدا خۇپتەن بىلەن بامدات نامىزىغا شۇنچىلىك قاتتىق ئەھمىيەت بېرىلگەنكى، ھەتتا ئۆز دۈشمەنلىرىگىمۇ مەغپىرەت دۇئاسى قىلىدىغان پەيغەمبىرىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدەك باغرى يۇمشاق زات ئەشۇ ئىككى نامازنى ئۆيدە ئادا قىلغۇچىلارغا ئۆزىنىڭ ئاجايىپ شىددەتلىك غەزەپ نەپرىتىنى بىلدۈرگەن ئىدى ۋە بۇ ھەقتە توختۇلۇپ: "ئەگەر بىگۇناھ ئايالالار ۋە ئۇششاق باللارنىڭ ئۆيدە ماۋجۇتلىقى توسالغۇ بولمايدىغان بولسا، ئىنسانلار ئارىسىغا قويۇرۇلغان شەيتانىي سېپىللاردىن ئىبارەت ئەشۇ ئۆيلەرگە چوقۇم ئۆز قولۇم بىلەن ئوت قويغان بولاتتىم" دېگەن ئىدى.

ئىنىقكى، مانا شۇنداق نازۇك چاغلاردا مەسجىدكە بارمايدىغان، جامائەتنىڭ يىقىملىق، پاك سادالىرىنى ئاڭلاپمۇ، ئۆيىنىڭ دەرۋازىلىرىنى مەھكەم تاقاپ ئۇخلايدىغان ئىنسانلارنىڭ قانداق ئۇلۇغ بايلىقتىن مەھرۇم بولىدىغانلىقىنى، ئۇنداق ئۆيلەرنىڭ ئۈستىگە ئىلاھىي ئازابنىڭ قانداق يالقۇنلۇق تاغلىرى گۈمۈرلۈپ چۈشۈش ئالدىدا تۇرغانلىقىنى ھېچكىشى بىرنېمە دېيەلمەيدۇ. شۇنداقلا ھەر ئىككى ئالەم ئۈچۈن رەھمەت قىلىپ ئەۋەتىلگەن پەيغەمبىرىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئەشۇ غەزەپ ـ نەپرەتلىك سۆزلىرىدە ئىنسانىيەتنى زادى قايسى خىل ھالاكەتتىن ساقلاپ قىلىش ئىستىكىنىڭ يوشۇرۇنغانلىقىنىمۇ ھېچكىشى بىرنېمە دېيەلمەيدۇ. ئەمما بەلكىم شۇنىڭ ئۈچۈنلا بولسا كېرەك، بىز مۇسۇلمانلار خۇپتەن بىلەن بامداتنىڭ ئەشۇ نازۇك لەھزىلىرىدە مەسجىدلىرىمىزدىكى يېرىم ـ ياتە جامائەت روھىنىڭ بىزلەرنى "قېنى ئاخىرەتنىڭ ھەقلىكىگە ۋە ئاخىرەت ئازابىنىڭ ئۇنىڭدىنمۇ كاتتا قورقۇنۇشلۇق ھەقىقەت ئىكەنلىكىگە چىن قەلبىدىن ئىشەنگەن قېرىنداشلار دەرھال سەپكە كەلمەمسىلەر؟!" دەپ ئازابلىق نىدا قىلىۋاتقانلىقىغا پەرۋاسىز غەپلەت ئۇيقىمىزغا مەستانە پۇشۇلداپ ياتىدىغاندىمىز. دېمىسىمۇ، بۇنداق مەنىۋىي ئۆلۈمگە مەھكۇم بولغان ئىنسانلاردا تۇنجى تەكبىر بىلەنلا جامائەت سېپىگە قىتىلىشنىڭ ئۇلۇغۋار ساۋابىنى ھاسىل قىلىش ئىشتىياقى نەدىمۇ پەيدا بولسۇن دەيسىز؟

لىكىن شۇنىسى ئىنىقكى، ئاخىرەتكە بولغان ئىمان بىلەن ئىشەنچ قەلب، روھلاردىن چۇڭقۇر ئورۇن ئالالدىغانلا بولسا، ئىنسان ھاياتىدا باشقىچىلا بىر ئىنقىلاۋىي ئۆزگىرىش پەيدا بولماي قالمايدۇ. ئاندىن خۇددى ھەزرەتى ئەئمەش رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئوخشاش يەتمىش يىللىق ھاياتى داۋامىدا بىر قېتىممۇ تۇنجى تەكبىرنى قولدىن بېرىپ قويمايدىغان نامازخان ئەزىمەتلەرمۇ بارلىققا كېلىشكە باشلايدۇ. خۇددى ھەزرەتى رەبىئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئوخشاش قىرىلىقنىڭ زەئىپلىكى بىلەن جىسمانى پالەچلىك تەڭلا چىرمىۋالغان ئەھۋالدىمۇ يەنىلا ئۆمىلەپ مەسجىدكە

باردىغان ھەقىقىي مۆمىنلەر پەيدا بولۇشقا باشلايدۇ. چۈنكى ھەزرەتى رەبىئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قەلب، ۋۇجۇدى ئاخىرەتكە بولغان ئىمان ھەم ئىشەنچ بىلەن بىر گەۋدە بولۇپ كەتكەن بولغاچقىلا ئۇ ئۆزىنىڭ ئاخىرەتلىك ھاياتىنى نۇرلاندۇرۇش ئۈچۈن (بىز تۆت كۈنلۈك دۇنيا ھاياتىمىزنى بىزەشكە سەرپ قىلىۋاتقان ئەمگەكلەردىن) نەچچە ھەسسە ئارتۇق ئەمگەك سىڭدۈرەلىگەن. خۇددى بۈگۈنكى كۈندىكى بىز مۇسۇلمانلار كېسەللىرىمىزگە شىپالىق تېپىش ئۈچۈن، ھاسا، تاياقلارغا تايانغان ھالدا دۇختۇرخانىغا يۈگرەشنى موھىم بىلگىنىمىزگە ئوخشاش ھەزرەتى رەبىئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ ئاللاھنىڭ رەھمىتىنى ئىزدەش ئۈچۈن مۇسۇلمان قېرىنداشلارنىڭ مۈرىسىگە تايانغان ھالدا پالەچ پۇتلىرىنى كۈچەپ سۆرىگەنچە ھەرقانداق ئەھۋالدا مەسجىدكە بېرىشنى ئىنتايىن موھىم دەپ بىلگەن.

بىر قېتىم دۇنيا ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىپ "ئى ئەبۇ يەزىد! ئىسلام شەرىئىتىنىڭ بۇنداق ئامالسىز ئەھۋاللارغا قاراتقان ئېتىبارلىق ئەھكاملىرىدىن پايدىلىنىپ، ئۆيىڭىزدىلا ناماز قىلسىڭىزمۇ بولىدىغۇ؟!" دەپ سورىدى. ئەمما ھەر قېتىم دوزاق ئازابىنى ئازراقلا تەسەۋۋۇر قىلغان ھامان يىغلاپ ساقاللىرىنى ھۆل قىلىۋېتىدىغان، ھەتتا تۆمۈرچىنىڭ يىنىدىن كېتىۋېتىپ، ئوچاقتىكى ئوتنى كۆرۈش بىلەن "بۇ ئوت دوزاقنىڭ ئۆچمەس يالقۇنلىرىنى ئىسىمگە سېلىۋاتىدۇ" دېگىنىچە ھۇشسىزلىنىپ يىقىلىپ كېتىدىغان ھەزرەتى رەبىئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دۇنيانىڭ بۇ مېھرىبانلارچە مەسلىھەتىگە "مۇئەززىن "نامازغا كېلىڭلار، بەختىيارلىق تەرەپكە كېلىڭلار" دەپ چاقىرىۋاتقاندا قوپماي ئولتۇرىۋېرىشكە قانداقمۇ مۇسۇلماننىڭ قەلبى چىداپ تۇرالىسۇن؟ بۇ سادىنى ئاڭلىغاندىن كيىن ھەتتا تىزچىلاپ بولسىمۇ نامازغا ماڭماي بولمايدۇ" دەپ سەبىلەرچە جاۋاپ بەرگەن ئىدى.

قىسقىسى بىزدىمۇ ئەنە شۇنداق ئاخىرەتكە بولغان ھەقىقىي قورقۇنچ پەيدا بولغاندىلا ئاندىن خۇددى سەئىد ئىبنى مۇسەييىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئوخشاش ھەتتا كۆچىلار قىرغىنچىلىق پاتپاراقچىلىقىغا تولۇپ كەتكەن ئەھۋالدىمۇ، بىرەر قېتىملىق ناماز ئۈچۈن مەسجىدگە بارالماسلىقنى ئۆزىگە نىسبەتەن ھەقىقىي ئۆلۈم ھېساپلايدىغان مىڭلىغان مۇجاھىد ئەزىمەتلەر ئارىمىزدىن مەيدانغا كېلىشكە باشلايدۇ. ئەگەر ئۇنداق بولمايدىكەن بىزنىڭ نۇۋەتتىكى بۇ چۈشكۈن ئىجتىمائىيىتىمىز ساھابىلەر ھاياتىنىڭ مۇقەددەس ئەينەكلىرى ئالدىدا يەنىلا تىرناق تاتىلاپ "ئاھ بىزمۇ مۇسۇلمانمۇ؟!" دېيىشتىن باشقىغا مۇۋەپپەق بولالمايدۇ.

# ئىككى تەسۋىر ئىككى كۆز

گەرچە ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ رەھىم ـشەپقىتى ۋە قەھرى ئازابىنى ئىنسانلار بىرلا ۋاقىتتا تەڭ كۆرۈپ يېتەلىسۇن دەپ، ئىنسانغا ئىككى كۆز ئاتا قىلغان بولسىمۇ، ئەمما بىزنىڭ پەقەت بىرلا كۆزىمىزنى ئىشقا سېلىپ كېلىۋاتقانلىقىمىز ھەرگىزمۇ سەل چاغلاشقا بولمايدىغان ئازغۇنلۇق ئەلۋەتتە.

ئىنسان ھاياتىنىڭ ھەر خىل ئىگىز ـ پەس مۇساپىلىرىدا شۇنداقلا كائىناتنىڭ جەلپكار پايانسىزلىقىدا كۆنگە نەچچە مىڭلىغان ھادىسە، ئۆزگىرىشلەر ۋە ئاجايىپ مەنزىرىلەر كۆز ئالدىمىزدىن ئۆتۈپ تۇرىدۇ. لېكىن بىزنىڭ كۆزلىرىمىز دائىم ئۇنىڭ روشەن تاشقى تەرىپىگىلا تىكىلىدۇ. غەيىپ پەردىسىگە ئورالغان ئىچكى قاتلاملىرى بولسا، غەپلەتتىكى ئىبرەت كۆزىمىزگە چېلىقماي ئۆتۈپ كېتىۋېرىدو. بىز ھايات ۋە كائىناتقا نەزەر تاشلىغىنىمىزدا، ئاللاھنىڭ مىسلىسىز رەھمىتىنىڭ ئۇششاق زەررىلەردىن تارتىپ تاكى كاتتا پىلانىت، سەييارىلەرگە قەدەر ھەممىنى ئۆز قوينىغا ئېلىپ، ئاجايىپ نۇرلۇق رىشتە ھالقىسىنى شەكىللەندۈرۈۋاتقانلىقىنى كۆرىمىز. ئەمما بىز بۇ گۈزەل تەسۋىرنىڭ ئىككىنچى يۈزىگە قاراپ قويمايمىز. شۇنچە چەكسىز كۈچ ـ قۇدرەت ۋە شۇنچە شانلىق رەھىم ـ شەپقەت، خەيرى ـ ئېھسانلار ساھىبى بولغان ئاشۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئۆز نۆۋىتىدە يەنە شۇنچە دەھشەتلىك قەھرى ـ غەزەپىنىڭمۇ ساھىبى ئىكەنلىكىنى زادى خىيالىمىزغا كەلتۈرۈپ باقمايمىز. بۇ يەردە شۇنى ئالاھىدە ئەسكەرتىپ ئۆتۈش لازىمكى، ئاللاھنىڭ رەھىم ـ شەپقىتى ۋە قەھرى ـ غەزىپىدىن ئىبارەت بۇ ئىككى خىل تەسۋىر ئاسمان بىلەن زېمىن ئارىسىدا توختىماي جەۋلان قىلىپ، بىزنىڭ ئىبرەت ھەم تەشەككۇر، ئۈمىد ھەم خەۋپتىن ئىبارەت ئىككى كۆزىمىزنى ھەر مىنۇت، ھەر بىر دەقىقە ئۆزى تەرەپكە نەزەر سېلىشقا چاقىرماقتا.

قانچىلىغان دىلكەش باھار كارۋانلىرىغا قونالغۇ بولۇپ بەرگەن ئايىغىمىز ئاستىدىكى ئۇستى كۆكتاتلىق بۇ پۈچۇق زېمىن ئۆز نۆۋىتىدە يەنە، مۆلچەرلىگۈسىز ئاپەتلىك ۋۇلقان ماگمىلىرىنى مەھكەم باغرىغا بېسىپ، ئاللاھنىڭ بىرلا ھۆكمى بىلەن پارتلاشنى كۈتۈپ ياتماقتا. يۈز ـ كۆزلىرىمىزنى شەپقەت بىلەن يېنىك سىلاپ ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بۇ مەيىن شاماللارمۇ ئۆزى بىلەن بىرگە ئاجايىپ قورقۇنچلۇق بوران ـ چاپقۇن، قويۇنلارنى دائىم يېتىلەپ يۈرمەكتە. ھېس، تۈيغۇلىرىمىزنى قاناتلاندۇرۇپ، ئاجايىپ شېرىن ھاياجانلارغا سالىدىغان ئاشۇ يامغۇر بۇلۇتلىرىمۇ پۈتكۈل ئىشرەت ئالەمىمىزنى ئېقىتىپ تاشلايدىغان ھالاكەتلىك كەلكۈنلەرنى ھەمدە بىرلا چېقىش بىلەن بارچە باغۇ ـ ئىراملىرىمىزنى كۆيدۈرۈپ تاشلايدىغان رەھىمسىز چاقماقلارنى يۈدۈپ، دائىم ئۈستىمىزدە لەيلەپ يۈرمەكتە. بىزنى ھاكاۋۇرلاشتۇرۇپ، ئىنسانلارنى

ئۆلۈمگە ئىتتىرىشتىنمۇ چۈچىمەس قىلىپ قويىۋاتقان ئاشۇ غالىپ ھاياتىمىز دائىم ئەزرائىل قىلىچىنىڭ سايىسى ئاستىدا نەپەسلەنمەكتە. بىز ئۈيالماستىن يورۇقلىقى ئاستىدا نۇمۇسلۇق جىنايەتلەرنى سادىر قىلىپ تۇرىدىغان ئاشۇ ئاي بىلەن قوياشنىڭ نۇرلىرىدا قانچىلىغان ئاتوم يادرولىرى مۇكەپ ياتماقتا؟ بۇلارنى كۆرۈش ئۈچۈن بىزنىڭ ئىبرەت كۆزلىرىمىز تېخى غەپلەتتىن ئويغىنىپ باققىنى يوق. قىسقىسى، دۇنيادىكى بارچە مەۋجۇتلۇق بىزگە شۇنى ئېنىق جاكالاۋاتىدۇكى، پۈتكۈل كائىناتنىڭ ئاخىرقى ئۆلۈم باسقۇچى بولغان "قىيامەت" كۈنسېرى، سائەتمۇ سائەت، مىنۇتمۇ مىنۇت دۇنياغا يېقىنلاپ كەلمەكتە. "قىيامەت"نىڭ ئۇ تەرىپىدىكى باشلىنىش ئالدىدا تۇرغان ئىنتىھاسىز ئاخىرەت ھاياتىنىڭ ئىككى قىرغىقىدا، ئاللاھنىڭ رەھىم ـ شەپقىتى ۋە غەزەپ ـ نەپرىتىنىڭ سىمۋولى بولغان "جەننەت" بىلەن "دوزاخ" نىڭ ئىككى خىل مەنزىرىسى بارلىق ئىنسانىيەتنى كۈتۈپ تۇرماقتا. ھەر قانداق بىر ئىنسان ئۈمىد ھەم خەۋپىنىڭ بۇ ئىككى مەنزىرىسىنى بويلىغان ھالدا ئەنە شۇ كېلىش ئالدىدا تۇرغان ئىككى خىل ئالەمنى تەسەۋۋۇر قىلىدىغان بولسا، غەيب پەردىسىگە ئورالغان بۇ ئىككى ھەقىقەت ئۇنىڭ ئىمان، ئىشەنچىسىدە ئۆز ئىپادىسىنى نامايەن قىلماي قالمايدۇ. ئۇنىڭ پۈتكۈل دۇنيالىق ھاياتى ئاخىرەتنىڭ پايانسىز، كەڭرى ئېتەكلىرىدە گوياكى بىر ئەرزىمەس قۇم زەررىسىدەك نەزەردىن ساقىت بولماي قالمايدۇ.

ھازىرقى دەۋردە ۋاقىتنىڭ توسۇۋالغۇسىز دولقۇنلىرى ئىنسان ھاياتىنى ئۆلۈمنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى نامەلۇم ساھىللارغا سۈرۈپ كېتىۋاتقان بولسا، ئىلگىرىكى دەۋرلەردە "ئىمان" ئىنسانىنى ئاشۇ ساھىللار تەرەپكە تەشەببۇسكار ئىنتىلىشكە ئالدىرىتاتتى. بۇندىن 1500 يىل ئىلگىرىكى ئەجدادلارغا نەزەر سالىدىغان بولساق، ئۇلار دۇنيانىڭ شوخا ـ تېكەنلەر بىلەن تولغان مۇشەققەتلىك داۋانلىرىدا جاراھەت ۋە ئازابلاردىن ھالسىزلىنىپ تۇرۇپمۇ، يەنىلا جەننەتنىڭ گۈزەل تەسەۋۋۇرىدا ئۆزىنى ئۇنتۇپ، ئاجايىپ شېرىن روھى مەمنۇنىيەتتىن ھوزۇرلىناتتى. جەھەننەمنىڭ ئاتەش، يالقۇنلىرىنى ئەسلىگەنلىرىدە بولسا، دۇنيانىڭ ئەڭ ئېسىل مەستخۇشلۇق پاراغەتلىرى ئىلكىدە بولغان ئەھۋالدىمۇ، خۇددى ھېچ نەرسىسى يوق مەھرۇم ئىنساندەك بىچارە ھالەتكە كېلىپ قالاتتى. ئۇلارنىڭ ئىمانى خۇددى ۋۇجۇدىغا يېقىلغان ئۆچمەس مەشئەلدەك لاۋۇلداپ يېنىپ، ئۆزىنىڭ ئويغاق ئىكەنلىكىنى ھەر نەپەستە بىر قېتىم ئەمەلى جاكارلاپ تۇرسىمۇ، ئۇلار يەنىلا "بېباھا ئىمانىمىز قەلىب، ۋىجدانىمىزنىڭ قاراڭغۇ بۇلۇڭلىرىدا غەپلەت ئۇيقۇسىغا كېتىپ قالدىمۇ قانداق؟!" دەپ، ھەر لەھزىدە بىر تەشۋىشلىنەتتى. ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدى ئىمان يالقۇنىنىڭ تەپتىدە ئېرىپ بەزىدە مومغا ئايلانسا، يەنە بەزىدە يالقۇنلۇق چوغقا ئايلىناتتى. ئۇلار جىسمى، روھىدا لاۋۇلداپ تۇرغان ئىمان يالقۇنىنىڭ تەشنا ھارارىتىنى بەزىدە كېچىلەرنىڭ جىمجىت

قاراڭغۇلۇقىدا جەينىمازغا تۆكۈلگەن ئەلەملىك ياشلىرى ۋە ئاھ چېكىپ بۇقۇلداپ يىغلاشلىرى بىلەن سوۋىتىشقا تىرىشسا، يەنە بەزىدە كۈندۈزدىكى قايناق ھاياتلىق مەيدانلىرىدا ئاققۇزىۋاتقان ھالال قان ـ تەرلىرى بىلەن نەملەشكە تىرىشاتتى. ئۇلارنىڭ مۇجاھىدانە تۆككەن قان، تەر، ياشلىرى خۇددى ئوتقا چېچىلغان ياغدەك ۋۇجۇدىدىكى ئىمان مەشئىلىنى تېخىمۇ لاۋۇلدىتىشقا باشلايتتى. ئۇلارنىڭ ئاخىرەتكە باغلىغان ئىشەنچ، ئۈمىدى شۇ قەدەر مۇستەھكەم ئىدىكى، دۇنيانىڭ بارچە پايدا ـ مەنپەئەتلىرىنى پەرۋاسىز بىر چەتكە ئىتتىرىپ تاشلاپ، خەتەرلىك جىھاد مەيدانلىرىدا مۇقەددەس بويۇنلىرىنى قىلىچ بىسىغا تۇتۇپ بېرىشكە ئالدىرايتتى. گەرچە ئاللاھنىڭ جامالى ۋە رەھىم ـ شەپقىتىنىڭ نۇرلۇق تەسەۋۋۇرى ئۇلارنىڭ پۈتكۈل ھاياتىنى ھەقىقى ئەقىدەتمەن بەندىچىلىكنىڭ ئەمەلى ئوبرازىغا، گوياكى ئاجىزانە تەشەككۇرلۇك سەجدىنىڭ سىمۋولىغا ئايلاندۇرۇپ قويغان بولسىمۇ، ئۇلار يەنىلا ئاللاھنىڭ غەزەپ ـ نەپرىتىنىڭ تەسەۋۋۇرىدا قورقۇنچلۇق تىترەكلەردىن روھ، تەنلىرىنى بىر دەممۇ ئازاد قىلالمايتتى. ھەتتا ئاللاھنىڭ رىزالىقى ئۈچۈن ئۆز ھاياتىنى تەقدىم قىلىۋېتىپمۇ"ئاھ! ھاياتىنىڭ ھەقىقى ئادا بولماي قالدى" دەپ، ھەسرەتتىن تولغىناتتى. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ھايات ۋە پۈتكۈل كائىنات ئاللاھنىڭ گۈزەل رەھمىتى ۋە غەزەپ ـ نەپرىتىنىڭ ئۇنىسىز ئالامىتى شۇنداقلا ئەمەلى نامايەندىسى بولۇپ، بۇلار "جەننەت" بىلەن "دوزاخ"دىن ئىبارەت ئىككى خىل ئاتلىشتا ئۆزىنىڭ ئاخىرقى مەنە تاكامۇللىقىغا يېتەتتى. شۇ ۋەجىدىن ئۇلاردىكى ئىمان ۋە رىئال ئەمەلىيەت قانچە يۇكسەلگەنسېرى ئۇلاردىكى ئۈمىدۋارلىق ۋە خەۋپسىرەشمۇ شۇنچە روشەنلىشىشكە باشلايتتى. ئۇلار ئاللاھغا قانچە يېقىنلاشقانسېرى ئۇلارنىڭ ئاللاھقا بولغان ئىتائەت تۇيغۇلىرى ۋە ئاجىزانە بەندىچىلىكلىرى شۇنچە شانلىق نامايەن بولۇشقا باشلايتتى.

ئاللاھنىڭ دۇنيادىكى ئەڭ سۆيۈملۈك بەندىسى شۇنداقلا ئەڭ ئاخىرقى پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالاممۇ ھاۋادىكى نورمال ئۆزگىرىشلەرنى، يامغۇر ياكى بورانلىق قارا بۇلۇتلارنى كۆرگەن ھەرقانداق چاغدا ئىزتىراپتىن جىددىيلىشىپ، ئۇياقتىن ـ بۇياققا مېڭىشقا ۋە توختىماي دۇئا قىلىشقا باشلايتتى.

ــ يا رسۇلۇللاھ ! ھەزرىتى ئائىشە رەزىيەللاھا ئەنھا بىر قېتىم تەئەججۇپلىنىپ سورىدى.

ــ شامال چىققان ياكى ئاسماننى بۇلۇت قاپلىغان چاغلاردا كىشىلەر "ئەمدى يامغۇر يېغىپ زېمىننى ياشارتىدىغان بولدى" دەپ خۇشاللىنىدۇ. ئەمما ئۆزلىرى بۇنداق چاغلاردا دائىم بېئارامىلىق ھېس قىلىدىلا...

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئائىشە رەزىيەللاھ ئەنھاغا يىقىملىق بېقىپ: ـ ئەجىبا بىلمەمسەن؟ ئاللاھ ئاد قەۋمىگىمۇ بۇلۇت ئارقىلىق ئازاب نازىل قىلغان. ئاد خەلقى شۇ

چاغدا "بۇ بۇلۇتلار بىزگە سوغۇققىنە يامغۇر ياغدۇرۇپ بېرىدىغان بولدى" دەپ خۇشال بولۇشقان ئىدى. ھالبۇكى، ئۇ بۇلۇتلار ئاد قەۋمى ئۈچۈن ئازاب ئېلىپ كەلگەن ئىدى. ئەمدىلىكتە بۇ بۇلۇت، شاماللاردا ئاللاھنىڭ ئازاۋى ئەمەس رەھمىتىلا مەۋجۇت، دەپ قانداقمۇ كۆڭلۈم تىنسۇن؟! دەپ جاۋاب بەردى.

بۇنىڭدىن كۆرىۋېلىشقا بولۇدۇكى، بىشىغا ئاللاھنىڭ ئازاۋى يوپۇرۇلۇپ كېلىۋاتقان ئاد قەۋمىمۇ ئۆز ۋاقتىدا ھايات ھەم كائىناتقا پەقەت ئۈمىد كۆزى بىلەنلا قاراپ، خەۋپ ھەم ئىبرەتتىن ئىبارەت ئىككىنچى كۆزىنى مەھكەم يۇمىۋالغان. مانا ئەمدىلىكتە بولسا، ئۇلارنىڭ ئازابقا دۇچار بولغان ئاشۇ ئۆي، ماكانلىرىنىڭ قەدىمى خارابىلىرى بىلەن قالدۇق يادىكارلىقلىرى ئۆز ۋاقتىدا ئۇلار نەزەر سېلىشتىن يالتايغان ئاللاھنىڭ قەھرى ـ ئازابىنى ئەمەلىي نامايەن قىلىپ تۇرماقتا.

بىر قېتىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇممەتنىڭ غېمىدە، جۈملىدىن پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ غېمىدە پۈتۈن كېچىنى كۆز يۇمماستىن جەينىمازدا يىغلاش بىلەن ئۆتكۈزدى. شۇ كېچىسى ئۆزىنى تۇتالماي ئېسەدەپ يىغلاپ كېتىۋاتقان پەيغەمبىرىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇبارەك تىللىرى قۇرئاندىكى مۇنۇ بىر ئايەتنى قايتا ـ قايتا توختىماي تىلاۋەت قىلماقتا ئىدى : "ئەگەر سەن بۇلارغا ئازاب قىلىشنى خالىساڭ، بۇلار سىنىڭ بەندەڭ خالىغىنىڭنى قىلىسەن. ئەگەر مەغپىرەت قىلىشنى خالىساڭ، سەن چەكسىز قۇدرەت، ھېكمەتنىڭ ئىگىسىدۇرسەن"

ھەزرىتى ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھاياتلىقىدا بىر قېتىم ئاسماننى قارا بۇلۇت قاپلاپ، كۈندۈز بىردىنلا كېچىگە ئوخشاپ قالغان ئىدى. بۇنى كۆرگەن خۇزەير بىن ئابدۇللاھ ئۇنىڭدىن: ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىسىدىمۇ مۇشۇنداق ھادىسىلەر كۆرىلەمتى؟ دەپ سورىدى.

ھەزرىتى ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭغا: ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىسىدا ئەگەر ھاۋادا ئازراقلا ئۆزگىرىش كۆرۈلسە ساھابىلەرنىڭ ھەممىسى گويا قىيامەت بولغاندەك قورقۇنۇشقا چۈمەتتى. جىددىيچىلىكتە ھەممە ئىشلىرىنى تاشلاپ مەسچىتكە يۈگرەيتى، دەپ جاۋاب بەردى.

مانا ئەمدىلىكتە بولسا، ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ كۆزلىرى كۆرگەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاشۇ زامانىسى قانچە ئۇنلىغان ئەسىر مۇساپىسى ئارقىسىدا بىز ھەممىمىزنىڭ كۆزلىرىمىزدىن غايىپ بولماقتا. گويا ئاشۇ زامان مەنزىرىسى ئاخىرەت ھەم قىيامەتنى، جەننەت ھەم جەھەننەمنىمۇ بىرگە ئېلىپ ئۇزاپ كەتكەندەك بۇ ئۆلمەس ھەقىقەتلەر ئىمانىمىز كۆزلىرىدىن بارغانچە يىراقلاپ كەتمەكتە. ھالبۇكى، مانا بۈگۈنكى زاماندىمۇ گۈلدۈرماما، چاقماقلىق يامغۇرلار، ھۇشقۇرتۇپ چىقىۋاتقان بوران ـ چاپقۇنلار، يەر تەۋرەش، ئاچارچىلىق، ئۇرۇش ئاپەتلىرى، خىلمۇخىل

كىسەللىكلەر دىگەندەك تۈرلۈك ھادىسلەر تەرەپ ـ تەرەپتىن باش چىقىرىپ ئىنسانىيەتنى ماراۋاتماقتا. ئەمما بىز ئىنسانلارنىڭ ئاشۇ بىر كۆزى (يەنى، ئاللاھنىڭ قەھرى ـ ئازابىنى كۆرىدىغان ئىبرەت كۆزى) يەنىلا ئىلگىركىدەك مەھكەم يۇمۇلغان. گەرچە بۇگۈنكى دۇنيادا يۈز بېرىۋاتقان ۋەقە، ھادىسلەرنىڭ ھەممىسى ئىلگىرىكى "ئاد" ۋە "سەمۇد" قەۋملىرىگە بېرىلگەن ئازابلارنىڭ مۇقەددىمىسىگە ياكى ئەۋرىشكىسىگە ئوخشاپ تۇرسىمۇ، بىزنىڭ يەنىلا ئۇنىڭغا پەرۋاسىز، ھېسسىز يۈرىشىمىز ئەنە شۇ قەۋملەرنىڭ تەبىئىتىگە بېكىپ كەتكەن قاتمال مىجەز، خۇيلارنى ئەسكە سالماي قالمايدۇ. ماھىيەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، مىجەز، تەبىئەت جەھەتتىكى بۇ خىل ئوخشىششىنىڭ ئۆزى ئاللاھنىڭ نازىل قىلىش ئالدىدا تۇرغان نامەلۇم ئازابلىرىنىڭ جانلىق ئالامىتى. بۇ ئالامەت بىزگە قايسى خىل ھالاكەتلىك زۇۋاللىقتىن بېشارەت بەرمەكچى؟ بۇنىڭغا بىر نېمە دېمەك تەس. ئەمما بىز ۋاقتىدا ئۆزىمىزنى تۈيۈپ بۇ خەتەرلىك بېشارەتتىن ئۆزىمىزنى چۈچىتەلىسەك، بەلكىم بۇ چۈچۈشتە غەپلەتتىكى ئىبرەت كۆزىمىز ئېچىلىپ، ئۇنىڭ ئىمانى كۆرۈش قۇۋۋەتلىرى ئويغىنىپ قالسا ئەجەپ ئەمەس.

ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھاياتلىقىدىلا جەننەتتىن بېشارەت بېرىلگەن ئون بەختىيار ساھابىلەرنىڭ بىرسى بولۇپ، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سادىق تىلى ئارقىلىق يەتكۈزۈلگەن بۇ بېشارەتكە، جۈملىدىن ئۆزىنىڭ شەكسىز جەننەتكە كىرىدىغانلىقىغا مۇتلەق ئىشىنەتتى. ئەمما ھەر قېتىم ئاللاھ تائالانىڭ بۇ ئۇلۇغۋار رەھىم ـ شەپقىتىگە تەشەككۇرانە نەزەر تاشلىغان چاغلىرىدا ئاللاھنىڭ قەھرى ـ غەزىپىنىڭمۇ شۇنچە شانلىق ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى بىر دەممۇ ئېسىدىن چىقىرىپ قويمايتى. شۇڭلاشقا ئۇ ھەر بىر سائەتنى، ئىنساننىڭ ئىماندىن باشقا ھېچ قانداق دوستى، ياخشى ئەمەلدىن باشقا تايانچى، ئاللاھدىن باشقا ھېچقانداق ياردەمچىسى بولمايدىغان، ھەتتا ئىنساننىڭ جىسمىمۇ ئىنسانغا بولاشمايدىغان، ئىنسان تۇنجى قېتىم جەننەت بىلەن دوزاخ ئوتتۇرىسىدا ئۆزى تەنھا جاۋابكارغا ئايلىنىدىغان، تەقدىرنىڭ قارارىغا بىنائەن ئىنسان دۇنيادىن ئۇزاپ، ئاخىرقى مەڭگۈلۈك غەلىبە تەرەپكە ياكى مەڭگۈلۈك مەغلۇبىيەت تەرەپكە بۇرۇلۇش ئالدىدا تۇرغان ئاشۇ نازۇك دوقمۇشنى تەسەۋۋۇر قىلىش بىلەن ئۆتكۈزەتتى.

بىر كۈنى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر قۇشقاچنىڭ باغدا، شاختىن ـ شاخقا قونۇپ، شوخ سايراپ ئويناۋاتقانلىقىنى كۆردى ۋە ئۇنىڭغا ئاجايىپ زوقلانغان ھالدا بېچارىلەرچە كۆزلىرىنى مولدۇرلىتىپ قاراپ: ـ مەن ئەبۇ بەكرىمۇ ساڭا ئوخشاش قۇشقاچ بوپ قالغان بولسامچۇ؟! كاشكى، سەندە نە ئاخىرەتنىڭ غېمى، نە مەھشەر كۈنىدىكى سوئال ـ سوراقنىڭ قورقۇنچىسى، بەھوزۇر يەپ ـ ئىچىپ دەرەخلەرنىڭ

سالقىن سايىلىرىدا شاختىن ــشاخقا قونۇپ، شۇنچە ئەركىن ئۇيناپ يۈرىيسەن. سەن ئاخىرەتتىكى جاۋابكارلىقنىڭ خەۋپىدىن نېمە دېگەن ئازات؟" دېگىنىچە ئېغىر ھەسرەتلەنگەن ئىدى.

ئەمما بۈگۈنكى دەۋردىكى بىز مۇسۇلمانلار، قىيامەت كۈندىكى مەھشەرنىڭ زىلزىلىسىگە شۇنداقلا ئاشۇ قورقۇنچلۇق سائەتلەرنىڭ بارلىق نازاكەتلىرىگە تولۇق ئىشىنىدىغان تۇرۇۋېمۇ، يەنىلا پەرۋاسىز قىلىۋاتقان ناشايان ئىشلىرىمىز تۈپەيلى بىخۇتلۇقتا ئاشۇ نادان قۇشقاچتىن نەچچە ھەسسە ئېشىپ كېتىۋاتماقتىمىز. ھالبۇكى، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىمان كەلتۈرگەن ئاخىرەتتىكى قورقۇنچلۇق باسقۇچلارنىڭ ھەممىسىگە بىزمۇ ئوخشاشلا ئىمان كەلتۈرگەن. لېكىن بىزدىكى بىخۇتلۇققا قاراپ بەلكىم شاختا سايراپ يۈرىيدىغان ئاشۇ قۇشقاچمۇ "تۇۋۇا!" دەۋەتمەي تۇرالمىسا كېرەك. چۈنكى قۇشقاچ چېغىدا ئاللاھتىن ئەيمىنىشتە پۈتكۈل كائىناتنىڭ ئاۋازىغا ئاۋاز قوشۇپ، ئۆز ياراتقۇچىسىغا دائىم ھەمدۇ ـ سانا يوللايدۇ. بىراق بىزچۇ؟ بىز ئەتىدىن كەچكىچە قورساق غېمىدە، ئاچلىق ئوتىنى پەسلىتىشنىڭ ھەلەكچىلىكىدە، جەھەننەمنىڭ مىليونلاپ ئىنسانلارنى يالماپ بولۇپمۇ، "هل من مزيد" (يەنە بارمۇ؟) دەپ توختىماي توۋلاپ تۇرىدىغان ئۆچمەس يالقۇنلىرىنى ئۇنتۇپ كېتىمىز. ھەتتا مەھشەر كۈندىكى نەيزە بويى ئۆرلىگەن قۇياشنىڭ بارلىق قۇدۇق سۇلىرىنى قاينىتىپ پارغا ئايلاندۇرىۋېتىدىغانلىقىنى، ئۇ كۈندە تەر دېڭىزىغا غەرىق بىز ئىنسانلارنىڭ كارنايلىرى ئۇسسۇزلۇق شىددىتىدە تېكەنلىشىپ ئوت تىنىدىغانلىقىنىمۇ تەسەۋۋۇر قىلىپ باقمايمىز.

ئاھ! "بىخۇتلۇق"، "ھېسسىزلىق" دېگەن بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق بولماس؟ بۇ دەل جىسمىمىزنىلا ئەمەس، بەلكى، روھىمىزنىمۇ قانغا بويىغان، ئۆز ـ ئۆزىمىزنى ھالاك قىلىۋاتقانلىقىمىزنىڭ ئەڭ قەبىھ كۆرىنىشى بولماي نېمە؟!

ھەزرىتى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىسلامغا كىرىشتىن ئىلگىرى ئەرەبلەر ئارىسىدا تاش يۈرەك، قورقۇمسىزلىقى ۋە ئۇرۇش خۇمار، قاتتىق قوللىقى بىلەن داڭ چىقارغان كىشى بولۇپ، ھەتتا چۆللۈكتىكى ياۋايى بەدىۋىيلەرمۇ ئۇنىڭدىن لاغ ـ لاغ تىترەيتى. ئۇ دەل پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى يوقىتىپ تاشلاش ئۈچۈن تۇنجى بولۇپ قىلىچىنى يالىڭاچلىغان، ھەتتا شۇ مەقسەتتە كېتىۋېتىپ غەزەپتىن ئۆز سىڭلىسىنىمۇ رەھىمسىزلەرچە قامچىلىغان كىشى ئىدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئاللاھنىڭ رەھىم ـ شەپقىتى ۋە غەزەپ ـ نەپرىتى بىلەن تونۇشۇشتىن ئىلگىرى "رەھىم قىلىش" ياكى "قورقۇش" دېگەننى ئەسلا بىلمەيتى. ئەمما ئىسلامنىڭ ھەققانىيەت قۇياشى ئۇنىڭ روھ، ۋىجدانىدا پارلىشى بىلەن تەڭلا ئۇمىد ھەم خەۋپتىن ئىبارەت ھەر ئىككىلى كۆزى ئاللاھ تائالانىڭ مېھرى ـ شەپقىتى ۋە غەزەپ ـ نەپرىتى بىلەن

دېدارلىشىش ئۈچۈن شۇ قەدەر شىددەتلىك ھاياجان ئىلكىدە ئېچىلىپ كەتتىكى، كۆزلىرىدىن تىنىمسىز تۆكۈلۈۋاتقان ھەسرەتلىك ياشلار ئۇنىڭ بارچە قوپال، قاتتىقلىقىنىمۇ بىرگە ئېقىتىپ كەتتى. گەرچە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئەبەدىيلىك مەغپىرەت ھەم جەننەت بىلەن ئۆز ۋاقتىدىلا بېشارەت بېرىلگەن بولسىمۇ، ئاخىرەتتىكى جاۋابكارلىقنىڭ ھەيۋىتىنى ۋە مەھشەر كۈنىنىڭ قورقۇنچلۇق زىلزىلىسىنى ئەسلىگەنلىرىدە كېچە ـ كېچىلەپ جەينىمازدىن قوپماي ئۇن سېلىپ يىغلاپ چىقاتتى. ئاللاھنىڭ غەزەپ نەپرىتىنىڭ ھەيۋەتلىك تەسۋىرى كۆز ئالدىدا جەۋلان قىلغان شۇنداقلا ئىنساندىكى تەبىئىي ئاجىزلىق ھەم ئازغۇنلۇقلارنى تەسەۋۋۇر قىلغان چاغلىرىدا ئەرزىمەس قۇم زەررىلىرىنى ئۆزىدىن ئەلا بىلەتتى. چاڭگىلىدا كۆتىرۋالغان توپىغا قاراپ: ـ "سەن ئۆمەردىن نېمە دېگەن ياخشى! چۈنكى سېنىڭ ئاخىرەتتە بېرىدىغان ھېچقانداق جاۋابكارلىقىڭ يوق" دەپ خىتاپ قىلىشقا باشلايتتى. تەقۋالىق ھەم پىداكارلىقتا مىسلىسىز يۈكسەك مەرتىۋە بۇرچىنى ياراتقان ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەتتا ئاخىرەت خەۋپىدىن ئازابلىق تولغىنىپ: ـ "ئاھ! ئانام مېنى تۇغمىغان بولسىكەن، كاشكى." دەپ ۋاقىرىغىنىچە ئورنىدىن تۇرۇپ كەتكەن چاغلىرىمۇ بولغان.

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر قېتىم ھەر قانداق مۆمىندە كەم بولسا بولمايدىغان ئۈمىدۋارلىق بىلەن خەۋپسىرەشنى ئىپادىلەپ :«ئەگەر قىيامەت كۈنى "بارلىق كىشىلەر مەغپىرەت قىلىنىپ جەننەتكە كىرگۈزۈلسۇن، پەقەت بىرلا كىشى دوزاخقا تاشلانسۇن" دەپ جاكارلانسا، بەلكىم ئاشۇ بەختسىز بىر ئىنسان مەن بولۇشىم مۇمكىن، دەپ ئويلايمەن. ناۋادا"بارلىق كىشىلەر جەھەننەمگە تاشلىنىپ، پەقەت بىرلا كىشى جەننەتكە كىرگۈزۈلسۇن" دەپ جاكارلانسا، ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن يەنە شۇنچىلىك ئۈمىدۋارمەنكى، بەلكىم ئاشۇ بەختلىك بىر ئىنسان مەن بولۇشىم مۇمكىن، دەپ ئويلايمەن.» دېگەن ئىدى.

ئۈمىد بىلەن خەۋپتىن ئىبارەت بىر ـ بىرىگە زىت بۇ ئىككى خىل ئۇقۇمنى بىرىكتۈرۈپ، ئۇ قەدەر بەدىئىي، ئوبرازلىق تەسۋىرلەپ بېرىش پۈتكۈل ئەدەبىيات دۇنياسىدا ئاندا ـ ساندا ئۇچراتقىلى بولىدىغان بىر ئىش. مانا ئەمدى ئۈمىد بىلەن خەۋپنىڭ بېرىكىشىدىن ھاسىل بولغان تەڭداشسىز ئىمانغا ئىگە ئۇ زات ئۆز پەرۋەردىگارى بىلەن ئۇچرىشىپ بولدى. ئەمما بىزنى ئۇ مەنزىلگە يەتكۈزىدىغان باسقۇچلار تېخى ئالدىمىزدا تۇرۇپتۇ. ئۆلۈم ۋە قەبىردىكى تەنھالىق، مەھشەر مەيدانى ۋە ئاخىرەتتىكى جاۋابكارلىق، جەننەت ھەم جەھەننەم... مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى بىزنى كۈتمەكتە. لېكىن بىز. ... بىز بۇلارنىڭ ھېچ بىرىنى كۈتۈشنى خالىمايمىز.

"قەبىر" ئىنسانغا نىسبەتەن ئۆلۈمدىن كېيىنكى تۇنجى مۇشەققەتلىك مەنزىل.

ئۇنىڭ ۋەيرانە چۈشكۈرلۈقلىرى ئىنساننى كۈتمەيدىغان، ئىنسانغا ئىدا قىلمايدىغان بىرمۇ كۈن يوق. ناۋادا بىرەر مۆمىن ئۇنىڭ قوينىغا كىرسە، ئۇ: ـ "قەدەملىرىڭگە مۇبارەك بولسۇن! كەلگىنىڭ ئەجەپ ياخشى بولدى. زېمىن ئۈستىدىكى ئىنسانلارنىڭ ئىچىدە سەنلا ماڭا يارايتتىڭ، ئەمدى مېنىڭ قانچىلىك قىزغىن قارشى ئالىدىغانلىقىمنى كۆرىسەن" دەيدۇ ـ دە، ئۇنىڭ ئىتەكلىرى قەبرى ساھىبىنىڭ كۆزى يەتكەن يەرگە قەدەر كېڭىيىپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ تاملىرىدىن بىر ئىشىك ئېچىلىپ جەننەتنىڭ خۇشپۇراق ھىدلىرى كىرىشكە باشلايدۇ. ئەگەر بىرەر ئاسىي گۇناھكار ئۇنىڭ قوينىغا تاشلانسا، ئۇ:ـ "ئىسست! بۇ يەرگە كەلگىنىڭ ئەجەپ يامان بولدى. زېمىندىكى ئىنسانلارنىڭ ئىچىدە سەنلا ماڭا يارىمايتتىڭ، بۈگۈن ماڭا تاپشۇرۇلغاندىن كېيىن، ئەمدى ساڭا قانداق مۇئامىلە قىلىدىغانلىقىمنى كۆرىسەن" دەيدۇ ـ دە، قەبرى تارلىشىپ ئۆلگۈچىنىڭ قوۋۇرغىلىرىنى بىر ـ بىرىگە كىرىشتۈرىۋەتكۈچە سىقىشقا باشلايدۇ. بىرلا تىننىقى دۇنيادىكى ئۈسۈملۈكلەرنىڭ ھەممىنى قۇرۇتۇپ تاشلىغۇدەك ئوتلۇق تىنىدىغان ئەجدىھارلار تەرەپ ـ تەرەپتىن باش چىقىرىپ، تاكى قىيامەت بولغانغا قەدەر ئۇنى قىيناشقا باشلايدۇ.

"قەبر" پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تىلى بويىچە "ھەم جەننەتنىڭ بېغى، ھەم جەھەننەمنىڭ ئوڭكۇرى" گەرچە بىز ھاياتىمىزدا تالاي قېتىم ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىپ تۇرساقمۇ، ئۇنىڭ تەكتىدىن قىلىنىۋاتقان ساداسىز ئىدالارغا قۇلاق سالاي دېمەيمىز. بىزنىڭ تاشقا ئوخشاش نۇرسىز، مۇزغا ئوخشاش ھېسسىز ئاشۇ بىر جۈپ كۆزىمىز ئۇنى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ بىر نەرسە كۆرگەندەك بولمايدۇ. بەلكىم ھەزرىتى ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ زار ـ زار يىغلىشىغا، ھەتتا كۆپ يىغلىغانلىقى تۈپەيلى كۆزلىرىنىڭ كاردىن چىقىپ كېتىشىگە سەۋەب بولغان نەرسە دەل ئۆلۈمدىن كېيىنكى قەبىردىن ئىبارەت ئەنە شۇ مۇشەققەتلىك باسقۇچنىڭ قورقۇنچلۇق تەسەۋۋۇرى بولسا كېرەك.

ـ سىلىگە نېمە بولدى؟ تولا يىغلاۋېرىپ ئۆزلىرىنى تۈگەشتۈرىۋېتىشكە ئازلا قاپلا، ھايات دېگەندە كۈلۈشكىمۇ نۇرغۇن ئىشار مەۋجۇت." دېدى، بىرسى ئۇنىڭدىن ئەجەپلىنىپ.

ھەزرىتى ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قاتتىق خۇرسىنغان ھالدا: ـ مېنىڭ يىغلىغىنىمغا ئەجەپلىنىۋاتامسەن؟ ئاللاھدىن قورقۇپ ئايمۇ يىغلايدۇ. ئاللاھدىن قورقۇپ كۈنمۇ يىغلايدۇ." دەپ جاۋاب بەردى.

بىر قېتىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قۇرئان تىلاۋەت قىلىۋاتقان بىر ياش ساھابىنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى. قۇرئاندىكى "ئاسمان يېرىلغان چاغدا، (دوزاخنىڭ قىزىقلىقىدىن) ئاسمان قىزىلگۈلدەك، قىزىل چەمدەك بولۇپ قالىدۇ"

دېگەن ئايەتكە كەلگەندە، ئۇ ساھابىنىڭ بەدەنلىرىگە بىردىنلا تىترەك ئۆلىشىپ، ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى. ئېسەدەپ يىغلىغانلىقى تۈپەيلى تىنىقلىرىمۇ ئىچىگە چۈشۈپ كېتىۋاتاتتى. "ئاھ، ئېسىت! ئاسمان يېرىلىپ چۈشكەن ئاشۇ چاغدا مەن نېمە ھالدا بولارمەن؟ مەن نېمە ھالدا بولارمەن؟" دېگىنىچە ئۆزىنى تۇتالماي ئۈن سېلىپ ناله قىلىشقا باشلىغان ئىدى. شۇ چاغدا بۇ ھالنى كۆرگەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام "ئۇنىڭ يىغىسى مالائىكىلەرنىمۇ زار ـ زار يىغلىتىۋەتتى." دېگەن ئىدى. مانا ئەمدىلىكتە بولسا، مالائىكىلەر بەلكىم بىزگە ئوخشاش ھايۋانلاشقان ئىنسانلارغا ئېچىنىپ زار ـ زار يىغلايدىغاندۇ. چۈنكى بىز ئاسمانىنىڭ بىر كۈنى يېرىلىپ ئۈستىمىزگە چۈشىدىغانلىقىنى، زېمىنىنىڭ ئايىغىمىز ئاستىدىن چىقىپ كېتىدىغانلىقىنى نورمال ئەھۋالدا ئەسلەش ئۇياقتا، ھەتتا شۇنچە ئېپلاس جىنايەتلەرنى سادىر قىلغان نۇمۇسلۇق ئەھۋالدىمۇ ئەسلەپ قويمايمىز.

ئاھ! ۋىجدانىمىزدىن سوراپ باقساقكەن كاشكى، بىز يەنىلا مۇسۇلمانمۇ؟!

## «ھالالغا ھېساب بار، ھارامغا جازا»

## (تەرمىلەر)

چۆل ـ باياۋاننىڭ سوغۇق، جىمجىتلىق ھۆكۈم سورىۋاتقان بىر كېچىسى ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ رەھبىرى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر قانچىلىغان ھەمراھلىرى بىلەن بىر ئەنسارىنىڭ بېغىغا قەدەم تەشرىپ قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەلىپىگە بىنائەن باغۋەن تېخى يېڭىلا ئۈزگەن خورمىلىرىنى داستىخانغا كەلتۈردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ تەلىپى گويا، سەۋرچانلىقنىڭ جاپالىق يوللىرىدا كېتىۋېتىپ، يوللۇق لەززەت ۋە جائىز نېمەتلەرنى تەلەپ قىلىشنىڭ جىنايەت ئەمەسلىكىنى جاكارلىماقتا ئىدى. خورمىلار ناھايىتىمۇ شېرىن بولۇپ، ئۈستىگە سوغۇق سۇ ئىچكەندە، تەن بىلەن روھلار تەڭلا لەززەتلىنىشكە باشلىدى. دەل ئەنە شۇنداق لەززەتلىك مىنۇتلاردا ئالەملەرنىڭ بۈيۈك ئۆلگىسى سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇبارەك چېھرىدە تۈيۈقسىز قانداقتۇر بىر ئەنسىزلىك ئالامەتلىرى جىلۋىلىنىشكە باشلىدى. بۇ ئالامەتلەرگە يەنە قانداق تەشۋىشلىنىش ۋە قورقىنىش تۇيغۇلىرىنىڭ يوشۇرۇنغانلىقىنى بىر نېمە دېگىلى بولمايتتى. ناۋادا لەززەتنىڭ تەسىرى ھۇزۇرلىنىش بىلەنلا تاماملىنىپ كەتكەن بولسا، پەيغەمبەرلەرنىڭ كاتتىسى بولغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن ئادەتتىكى بىر ئىنساننىڭ نېمە پەرقى بولسۇن دەيسىز؟!

ئەمما بۇ يەردىكى تەسىرات، روھلارنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىنى لەرزىگە سېلىپ،

تۇرمۇش، ئاچلىق ۋە ئۇنىڭ ھۇزۇر ـ ھالاۋەت، تەلەپ ـ تەقەززالىرىدىن يىراق ئاجايىپ بىر يۈكسەكلىككە قاراپ ئىنتىلمەكتە ئىدى. بۇ ھالقىش ئالدىدا تۇرغىنى زادى قانداق قەدەم؟ ئۇنىڭ ئۆزگەرمەس سەپەر يۆنىلىشى زادى قاياققا يۈزلەنگەن؟!

ساھابىلارنىڭ نەزەرلىرى ئەنە شۇنداق خىياللار بىلەن سۈيۈملۈك يېتەكلىگۈچىسى سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە تىكىلگەن ئىدى.

ــ قىيامەت كۈنى كەلگەندە؛

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تاغ، تاشلارنىمۇ ئېرىتىپ سۇ قىلىۋېتىدىغان ئاۋازى ياڭراۋاتاتتى.

ــ قىيامەت كۈنى كەلگەندە، مۇشۇ خورما ئۈچۈن جاۋاب بېرىش يەر تەۋرىگەنگە ئوخشاش قاتتىق تۇيۇلىدۇ.

سۇبھانەللاھ!! بۇ بىرەر شائىرنىڭ ياكى پەيلاسوپ، ئاستورنومنىڭ سۆزى ئەمەس، بەلكى كائىناتنىڭ ئەڭ بۈيۈك ھەقىقىتى بولغان مۇقەددەس ۋەھيى غۇنچىلىرى بىلەن بېزەلگەن، دانىش ئۇستازىنىڭ سۆزى ئىدى. بۇ سۆزنىڭ ئۆتكۈر تەسىرىدە ۋۇجۇدى لەرزىگە كېلىپ، ھەممە ئەزاسىنى بىردىنلا سوغۇق تىترەك باسقان ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قولىدىكى ئەمدى تېخى يېرىمىنى چىشلىگەن خورما قورقۇنچتا ئىختىيارسىز يەرگە چۈشۈپ كەتتى. ئەسلىدە بۇ سۆزنىڭ ئۆتكۈر تەسىرى تېخى ئەمدىلا تەم، لەززەتتىن ھوزۇرلىنىشقا باشلىغان ساھابىلارغا ئاخىرەتتىكى خەتەرلىك ئاقىۋەتلەرنى ئېنىق كۆرسىتىپ بەرمەكتە ئىدى.

ــ مۇشۇ خورما ئۈچۈنمۇ، ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى؟!

ــ ھەئە، مۇشۇ خورما ئۈچۈن؛

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاۋازىدا ھەققانىيەتنىڭ ئۆچمەس ساداسى قەتئىيلىك بىلەن ياڭرىماقتا ئىدى.

ـ شۇنداق، پەقەت ئۈچلا نەرسە ئۈچۈن ھېساب بېرىشتىن ساقلىنىپ قالىمىز. ئەۋرەتلىرىمىزنى ياپالىغۇدەك بىر قۇر كىيىم، ئاچلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ، ھاياتىمىزنى كاپالەتكە ئىگە قىلالىغۇدەك ئوزۇقلۇق، باش تىقالىغۇدەك كىچىككىنە بىر ئۆي.

قارىماققا تولىمۇ ئاددى تۇيۇلىدىغان بۇ ۋەقە راستىنلا شۇنچە ئاددىيمىدۇ؟! تۈگىمەس ـ پۈتمەس تۇرمۇش ئېھتىياجلىرى بىلەن شېرىن ئارزۇ ــ ئارمانلار ئوتتۇرىسىدىكى بۇ مىسلىسىز تەقۋالىق، نېمەتنى قەدىرلەشنىڭ بۇ خىل تۇيغۇسى، ئاللاھنى ھەر دائىم كۆز ئالدىدا كۆرۈپ تۇرۇشتەك بۇ گۈزەل مەنزىرە! مانا بۇلار ھەقىقىي ئىتائەتمەنلىك، ھەقىقىي ئىبادەت، ئاللاھقا بولغان چىن سۆيگۈ بولماي نېمە؟!

مۇسۇلمانلاردا بۇ خىل تۇيغۇ ھەقىقىي روھى بىلەن مەۋجۇت بولغان چاغلاردا، ئۇلار

قاياقتا بۇرۇلسا، گويا شۇ يەردىكى تاغ، تاشلارمۇ زۇمرەتكە ئايلانغان ئىدى. مانا ئەمدى بۇ خىل تۇيغۇ يوقىلىۋېدى، باشقىلاردىنمۇ بەكرەك دەل مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزلىرى ئاللاھنىڭ نېمەتلىرىنى خۇددى ئاگسىز جانۋارلاردەك پەرۋاسىز يەنچىپ، چەيلەشكە باشلىماقتا. ھەممىگە ئېرىشكەندىن كېيىنمۇ پۇتىغا شوخا كىرگەنچىلىك يوقتىشقا ئۈچرىسا، نۇمۇسلۇق ناشۇكۇرلىكىدىن خىجىل بولۇش ئۇياقتا، ھەتتا ئەرز - شىكايەتلەرگە تولغان دەپتەرلىرىنى، ئاتا قىلىشتا دېڭىز كەبى، بەخش ئېتىشتە قۇياش كەبى ئاشۇ كەرەملىك ئاللاھنىڭ ئالدىغا تاشلىماقتا. مۇشۇ مىنۇتلاردا ئاشۇ ناشۇكۇر ئىنسانلار ئۆز جىسمىدا ۋە ئەتراپىدا كەڭ يېيىلىپ ياتقان، ھەر بىر نېمەتنىڭ قانچىلىغان ئالتۇن تاغلىرىدىنمۇ ۋەزىنلىك ئىكەنلىكىنى بىلىپ يەتسىكەن، ئۇيلاپ باقسىكەن كاشكى؟!

مەدائىننىڭ مۆتىۋەر كىشىلىرىنىڭ ھەممىسى شەھەرگە يېڭىدىن تەيىنلەنگەن ۋالىيسىنى قارشى ئېلىش ئۈچۈن بۇ گۈزەل مەيدانغا توپلاشقان ئىدى. ئۇلار ئەسلىدە ھۆرمەت، چوڭقۇر ئەقىدە، ساداقەتمەنلىكلىرى بىلەن خەلىپە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ۋالىيلىققا تەيىنلىگەنلىك پەرمانىغا بىنائەن شەھەرگە كىرىش ئالدىدا تۇرغان خۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى تۆت كۆزى بىلەن كۈتىۋاتاتتى.

ھوقۇق ۋە شان - شەرەپ بىلەن تولۇق قوراللانغان ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەگەر خالىسا، ھازىرقى دەۋردىكى ئەمەلدارلار ھاسىل قىلىپ كېلىۋاتقان مال- بايلىق، زىبۇزىننەت، ئەيش - ئىشرەتلەرنىڭ ھەممىسىدىن بەھرىمەن بولالايتى. ئەمما ئۇ توپلانغان جامائەتكە خەلىپىنىڭ پەرمانىنى ئوقۇپ بەرگەندىن كېيىن"نېمىنى خالىسىڭىز ۋە نېمىنى بۇيرىسىڭىز جىنىمىز بىلەن ھازىر قىلىشقا تەييارمىز" دەپ ئۆزىگە تىكىلىپ تۇرغان ساداقەتمەن پۇخرالارغا قاراپ: "ماڭا يەقەت قوسىقىم تويغىدەكلا تاماق، ئۇلاغلىرىم ئاچلىقتىن ئۆلۈپ قالمىغۇدەكلا يەم - خەشەك ھازىرلاپ بەرسەڭلار كۇپايە" دىدى.

ۋالىينىڭ ئۆز پۇخرالىرىدىن تەلەپ قىلىۋاتقىنى ئارانلا شۇنچىلىك نەرسە بولۇپ، گويا ھۆكۈمرانلىقنىڭ تەۋرەنمەس پولات تۈۋرۈكلىرى مانا شۇنداق دەرۋىشلىكنىڭ ئاياق ئاستىدا پاچاقلىنىۋاتاتتى. شاھلىقنىڭ مەغرۇرانە شان - شەرەپلىرى مانا شۇنداق سەبىر ۋە قانائەتنىڭ خىلۋەتلىرىدە دېرەكسىز يوقالماقتا ئىدى. مال - دۆلەت شان شەۋكەتلەرنىڭ ۋال - ۋۇل چاقناشلىرى مانا شۇنداق ئاخىرەتكە بولغان ئىمان نۇرى ئالدىدا ئۆچۈپ قېلىۋاتاتتى.

خۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھۆكۈمرانلىق، زېمىن، بايلىق، تۇرمۇش ۋە خىلمۇخىل خاھىشلاردىن ناھايىتىمۇ، ناھايىتىمۇ بەك يىراق روھى بايلىققا ئىگە ئىدى. ھەر بىر نېمەت، ھەر بىر لەززەتنىڭ يېپىدىن يىڭنىسىغىچە ھېساب ئېلىنىدىغان،

ھۆددىسدىن جايىدا چىقالمىغانلار مەڭگۈلۈك بەختسىزلىككە ھۆكۈم قىلىنىدىغان ئاخىرەتتىكى ئاشۇ قورقۇنچلۇق سوت كۈنىنىڭ تەسەۋۋۇرىدا ئاللى بۇرۇن ئۆزىنى ئۇنتۇتقان ئىدى. دەل مانا بۇ خىل تەپەككۇر خۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ جىسىم، روھىنى لەززەتپەرەسلىك ئىللەتلىرى بىلەن بۇلغىنىشقا قەتئىي يول قويمىغان بولۇپ، ئۇ بايلىق ۋە ھۆكۈمرانلىقنىڭ ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قايىنام، تاشقىنلىرى ئىچىدىمۇ، خۇددى دەرۋىشلەردەك كۈن ئۆتكۈزدى. ئۇنىڭ بىر نەچچە قۇر كىيىم ۋە بىرنەچچە پارچە نېنىدىن باشقا ھېچ نەرسىسى يوق ئىدى. دۇنيا ئۇنىڭغا قانچە يېقىنلاشقانسېرى ئۇ شۇنچە يىراققا قاچاتتى. شۇڭلاشقا ئالتۇن - كۈمۈشلەرنىڭ يېڭىلمەس جەلبكارلىقلىرىمۇ ئۇنىڭ كۆزىنى بىرەر قېتىم بولسىمۇ ئۆزىگە قارىتالمىغان ئىدى.

ئۇنىڭ مەدائىندىكى ھوقۇقىدىن قول ئۈزۈپ قايتىپ كېلىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تاپقان خەلىپە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مەزكۇر باي - باياشاتلىق ئىمتىھان مەيدانىدىن ئۇنىڭ نېمىلەرنى يۇدۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆزىتىش ئۈچۈن يول بويىدا مۆكۈنۈپ ئولتۇرغان ئىدى. ئۇ خۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يەنىلا بۇرۇنقىدەك دەرۋىشلەرچە ئاددي - ساددىيلىقىنى، يەنىلا ئاشۇ ئىلگىرىكى پىداكارلىقى ۋە كەمتەرلىكىنى، ھەمدە ئىلگىرى ئېلىپ كەتكەن نەرسىلىرىدىنمۇ ئاز يۇك - تاق بىلەن قايتىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا بولغان چوڭقۇر سۆيۈنۈش ۋە ھۆرمىتىنىڭ قايناق ھېسسىياتىدا مۆكۈنگەن ئورنىدىن چاچراپ قوپقىنىچە خۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئۆزىنى ئاتتى. ئۇنى مەھكەم باغرىغا بېسىۋېلىپ: "سەن مېنىڭ ھەقىقي قېرىندىشىمسەن! سەن مېنىڭ ھەقىقي قېرىندىشىمسەن!" دېيىشكە باشلىدى.

بۇ نېمىدېگەن قىسقا، ئاددىي جۈملە، ھە؟! لېكىن ئۇ دەۋرلەردە ئېغىزدىن چىقىدىغان ھەر قانداق بىر سۆز ئۆزىنىڭ ھەقىقي مەنە، روھىدىن ئايرىلمىغان ئىدى. ھەر قانداق بىر سۆز ئۆزىنىڭ ھەقىقي مەنىسى ئۈچۈنلا ئىشلىتىلەتتى. بولۇپمۇ ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئوخشاش ھەقىقەتپەرۋەر، مەردۇ — مەردانىنىڭ بىرسىنى "قېرىندىشىم" دەپ ئاتىشى، شۇ قەدەر چوڭقۇر ۋە شۇ قەدەر كەڭ مەنىگە تولغان بولاتتىكى، ھازىرقى دەۋردە يازسا قانچىلىغان كىتاب پۈتۈپ چىقىدىغان ماختاش، مەدھىيىلەر ۋە تۆمەنمىڭلىغان ۋەدە، قەسەملەرمۇ ئاشۇ بىر ئېغىز سۆزگە تەڭلىشەلمەيتتى.

مۇسۇلمانلار دۇنياسى ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي جەھەتتىن تازىمۇ گۈللىنىپ، خەلىپىلىكنىڭ چېگرىسى شەرقتە ھىندى دەرياسىدىن غەربتە ئاتلانتىك ئوكيانغا، شىمالدا ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ كۆكلەم تاغ، جىلغىلىرىدىن جەنۇبتا سەھرايى كەبىر چۆللىكىگە تۇتاشقان ھەمدە مۇسۇلمانلار فرانسىيەنىڭ جەنۇبىغىچە ئىچكىرىلەپ،

كىرىپ بولغان، پۈتۈن دۇنيا خەلقى مۇسۇلمانلارنىڭ ئەڭ بۈيۈك كۈچكە ئايلىنىپ بولغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىشقان، ھەتتا ياۋرۇپادا ئىسلام مەدەنىيىتىنى ۋە ئەرەب تىلىنى قوللىنىش مودىغا ئايلانغان ئاشۇنداق باياشات بىر دەۋرنىڭ ئۇلۇغ خەلىپىسى ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز ئۆز ئادىتى بويىچە خۇپتەن نامىزىدىن كېيىن قىزلىرىدىن خەۋەر ئېلىش ئۈچۈن ئۇيىگە كېتىپ باراتتى. تېخى ھازىرلا ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن ھېرىپ، چارچىغان قەلب، مېڭىسى ئۆز ئەۋلادلىرىغا بولغان سېغىنىش ۋە مېھرىبانلىقىنىڭ ئىلكىدە پەرزەنتلىرىنى ئۇيلاشقا مەجبۇر ئىدى.

ئەمما ئۇنىڭ ئەمدىلا تېخى دۆلەت خەزىنىسىدىن ھېسابسىز دىنار ـ دەرھەملەرنى يۇقسۇللارغا تارقاتقان قولى سۆيۈملۈك پەرزەنتلىرى تەرەپكە ماڭغاندا شۇنداق قۇرۇق، گويا ئۇ كۈن بويى ھېرىپ چارچاپ، ئۆيگە قۇرۇق قول قايتىۋاتقان دەرۋىشلەرگە ئوخشايتتى.

كىشىلەر زاكات بېرىش ئۈچۈن ئالىدىغان ئادەم تاپالماي شەھەر ئاتلاشقا مەجبۇر بولىدىغان ئاشۇنداق باياشات بىر دەۋردە، خەلىپىنىڭ ئۆيىدە ئاچارچىلىق دېگىلى بولمىسىمۇ يېرىم ئاچلىق ھالىتى بۇرۇنقىدەكلا داۋاملاشماقتا ئىدى. دادىسىنىڭ ئاياق تىۋىشىنى ئاڭلىغان قىزلار قارشى ئېلىش ئۈچۈن يۈگۈرۈشكىنىچە دەرۋازا ئالدىغا چىقتى. ئۇلارنىڭ يېرىم ئاچلىقتىن سارغايغان چىرايى گەرچە دادىغا نىسبەتەن ئانچە يېڭىلىق بولمىغىنى بىلەن، ئەمما بۇ قېتىم قىزلىرىنىڭ ئېغىزلىرىنى ئالقانلىرىدا توسۇۋالغانلىقى خەلىپە ئۆمەر ئابدۇلئەزىزنى تەئەججۇبلەندۈرمەي تۇرالمىدى.

ئۇ: ئى يۈرەك پارىلىرىم! نېمە بولدۇڭلار؟ دەپ سورىدى. ئەمما قىزلىرى ھېچقانداق جاۋاب قايتۇرمىدى.

بۇ سوئالغا ئۇلارنىڭ ئىنىك ئانىسى: ئۆيدە يەيدىغانغا باشقا نەرسە بولمىغاچقا بۈگۈن ئۇلار پىياز بىلەن پۇرچاقتا قورساق تويغۇزغان ئىدى. شۇڭلاشقا پىيازنىڭ پۇرىقىنى سىلىدىن يوشۇرۇش ئۈچۈن ئاغزىنى ئېتىۋېلىپ بارىدۇ، دەپ جاۋاب بەردى.

دادا دېگەن ھامان دادا ـ دە، گۆدەك باللىرىنىڭ بۇ ھالى ئۇنىڭ يۈرەك تارىلىرىنى تىترەتمەي قالمىدى. يۈرەك باغرىدىن ماگمىدەك ئېتىلىپ چىقىۋاتقان ئازاپلىق ھىسلار ئۇنىڭ كۆزلىرىنى نەملىدى. ئەمما ھىسسىياتنىڭ بۇ شىددەتلىك دولقۇنلىرى يەنىلا خۇددى دېڭىز ئاستىدىكى كۆرۈنمەس ۋۇلقانلار كەبى ئۆز ئورنىدا قىلىۋەردى، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى سەۋر ـ قانائەت، پىداكارلىق كەمتەرلىك، ئىمان ۋە تەقۋالىقنىڭ ئالتۇن تاغلىرىنى قىلچىمۇ تەۋرىتەلمىدى.

ــ ئى يۈرەك پارىلىرىم! ئۇ مۇلايىملىق بىلەن سۆزلەشكە باشلىدى.

سىلەرنىڭ داستىخىنىڭلارنى نازۇ ـ نېمەتلەرگە تولدۇرىۋېتىش مەن ئۈچۈن

ھېچقانچە قىيىن ئىش ئەمەس. ئۇنىڭ بەدىلىگە داداڭلارنىڭ دوزاخ ئوتىدا كۆيىشىنى خالامسىلەر؟

دادىسىنىڭ قەلبلەرنى زىلزىلىگە سالىدىغان بۇ سۆزىنى ئاڭلىغان قىزلار ئۆزلىرىنى تۇتۇۋالالماي قالدى. يۈز، كۆزلىرى يامغۇردەك تۆكۈلۈۋاتقان كۆز ياشلىرى بىلەن يۇيۇلۇشقا باشلىدى. ئەمما ئۇلارنىڭ بۇ كۆز ياشلىرى ھەرگىزمۇ ئاچلىقنىڭ غېمى ۋە رەنجىشلەردىن ئاققان ئەمەس، بەلكى دادىنىڭ سوئالىغا بېرىلگەن ئۈنسىز جاۋاب بولۇپ، ھەربىر تامچە ياش "ياق دادا، ياق! دادىمىزنى دوزاخقا ئىتتىرىش بەدىلىگە كېلىدىغان ئۇنداق ھوزۇر ـ ھالاۋەتنىڭ كېرىكى يوق "دەپ جاكارلاۋاتاتتى.

ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىزنىڭ بوۋىسى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ خەلىپىلىك دەۋرىدە بىر قېتىم قەھەتچىلىك يۈز بەرگەن بولۇپ، پۈتۈن دۆلەتتىن ئاقتۇرۇپمۇ خەلىپىدەك ئاچلىق ئازابىغا دۇچار بولغان ئىككىنچى بىر شەخسنى تاپقىلى بولمايتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ كۈندىلىك يېمەكلىكلىرىنىڭ مىقدارىنى كېمەيتىۋېرىپ، ئاخىرى كۈن ـ كۈنلەپ ئاچ يۈرىدىغان بولۇپ قالدى. گۆش، ماي، ھەسەللەردەك لەززەتلىك تائاملارنى ئاللى بۇرۇن تەرىك قىلغان ئىدى. ئۇ جىسمانى ئاچلىق ۋە زېھنى پەرىشانلىق ئىچىدە ھاجەتمەنلەرگە ئاشلىق تارقىتىش ئۈچۈن تاغارنى دۈمبىسگە يۈدىگەن ھالدا يىراق ـ يېقىنغا قاتناپلا يۈرەتتى. بۇنى كۆرگەن كىشىلەر چوڭقۇر ئېچىنىش ئىچىدە ئۇنىڭ غېمىنى يەپ: "قارىمامسىلەر، ئۇنىڭ قىپ قىزىل ئانارەك مەڭزىنىڭ ئولتۇرۇشۇپ، قارىداپ كەتكىنىنى" دېيىشەتتى. ئۇسسۇزلۇق ۋە ئاچلىقتىنمۇ بەكرەك ئۆمەر روزىيەللاھۇ ئەنھۇنى روھى ۋە جىسمانى جەھەتتىن قاتتىق پۈچىلاۋاتقىنى "ئەگەر قول ئاستىمدىكى پۇخرالارنى قەھەتچىلىك ئازابىدىن قۇتۇلدۇرۇشقا ئىمكانىمنىڭ بېرىچە تىرىشمىسام، بۇ ئازابنى مەنمۇ ئوخشاشلا ئۇلار بىلەن تەڭ تارتمىسام، قىيامەت كۈنى پەرۋەردىگارىمغا قايسى يۈزۈم بىلەن جاۋاب بېرىمەن؟ "دېگەن ئەندىشىلەردىن ئىبارەت ئۈممەتنىڭلا غېمى ئىدى. بۇنىڭ تۈرتكىسىدە، ئۇ چۆللۈكنىڭ پىژ- پىژ ئاپتاپلىرىدىمۇ ئۆزىنى ئۇنتۇتقان ھالدا ئاچ قورساق دۈمبىسگە ئاشلىق يۈدۈپ، تەرەپ ـ تەرەپكە توختىماي چاپاتتى.

ئاشۇنداق مۇشەققەتلىك كۈنلەرنىڭ بىرىدە بىر قېتىم گۆدەك بالىسىنىڭ بىر تىلىم تاۋۇز يەۋەتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى. تېخى ئانىنىڭ سۈتى ئېغىزىدىن كەتمىگەن، ھەتتا كىچىككىنە تۇرۇپلا دادىسى بىلەن ئاچلىق ئازابىنى تەڭ تارتىۋاتقان بۇ گۆدەكنىڭ ئۆز يۈرەك پارىسى ئىكەنلىكىگىمۇ پىسەنت قىلماستىن ئاچچىقىغا چىدىماي ۋاقىراپ كەتتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ خىيالىدا "پۈتكۈل مۇسۇلمان ئۈممىتى قەھەتچىلىك ئازابىدا پۈچىلىنىۋاتسا، خەلىپىنىڭ ئوغلىنىڭ تاۋۇز يېيىشكە نېمە ھەققى؟" دېگەندىن باشقا نەرسە يوق ئىدى. شۇڭلاشقا ئۇ ئاچچىقىدا ئېتىلغىنىچە بېرىپ، بالىسىنىڭ قولىدىكى

تاۋۇز تىلىمنى سىلكىپ تارتىۋالدى ـ دە،

ـــ رەسۇلۇللاھنىڭ ئۇممىتى ئاچلىقتىن ئۆلىۋاتسا، سەن تېخى نۇمۇس قىلماي تاۋۇز يەۋاتامسەن؟ دېدى.

سۇبھانەللاھ! مانا كۆردىڭىزمۇ؟ بۇلار زادى قانداق كىشىلەر؟ ئۇلارنىڭ كۆكرىكىدە سوقۇۋاتقىنى زادى قانداق يۈرەك؟ ئۇلارنىڭ ئىددىيە، تەپەككۇرلىرىچۇ؟

قېنى ئەستايىدىللىق بىلەن بىر ئويلاپ بېقىڭ، مانا بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ "مەڭگۈ زاۋال تاپماس ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مېنى ئۆز پەرزەنتلىرى، مال ـ دۇنيالىرى ۋە جانلىرىدىنمۇ بەكرەك سۆيمىگەن كىشى ھەرگىزمۇ مۆمىن بولالمايدۇ" دېگەن ھەدىسىنىڭ ئەمەلىي ئىپادىسى ۋە شەرھىسى بولماي نېمە؟

دۇنيا ھەرقانچە قىممەت تۆلەش ئارقىلىقمۇ سېتىۋېلىشقا قادىر بولالمىغان ھەم مەڭگۈ قادىر بولالمايدىغان روھلار مانا شۇنداق كەمتەرلىك ۋە قانائەتچانلىقنىڭ روھى ئىدى. دۇنيادىكى ئەڭ كاتتا نېمەتلەر ۋە ئەڭ گۈزەل ئارزۇ ـ ئارمانلارمۇ قىيامەتنىڭ غېمىدىن غاپىل قالدۇرالمىغان روھلار ئەنە شۇنداق مەسئۇلىيەتچانلىق، پىداكارلىق، ئىمان ۋە تەقۋالىقنىڭ روھى ئىدى. لېكىن ھازىرقى ئىنسانلار ئەنە شۇ روھلارنىڭ پىداكارانە، مىننەتسىز قان، تەرلىرى بەدىلىگىلا بۇگۈنكىدەك نەپەسلىنىشكە سازاۋەر بولغانلىقلىرىنى بىلىپ تۇرۇپمۇ، ئاللاھنى، ئاشۇ قەدىرلىك روھ ئىگىلىرىنى، جۈملىدىن ئۆز ئۆزىنىمۇ ئۇنتۇپ قېلىۋاتقان تۇرۇقلۇق، يەنىلا "بىز مۇسۇلمان" دەپ توختىماي جار سالماقتا. ئاللاھنىڭ ئاتا قىلغان ھېسابى ھەم جازىسى بار نېمەتلىرىنى توي، مەشرەپ، نەزرە، مەۋلۇدلاردا شۇنداقلا رېستوران، تانسىخانىلاردا پەرۋاسىز دەسسەپ، چەيلىمەكتە.

ۋەتىنىمىزدە بىر چىشلەم ھالال لوقمىنى يۇتۇشتىن ئىلگىرىمۇ "بۇنىڭغا ئاللاھنىڭ ئالدىدا نېمە دەپ جاۋاب بېرەرمەن؟" دېگەننى چىن قەلبى بىلەن ئويلايدىغان مەسئۇلىيەتچان مۇسۇلمانلار زادى قانچىلىكتۇ؟!

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ بىز ئۇيغۇرلاردىن ئىبارەت بۇ مۇسۇلمان ئۇممىتىنىڭ غېمىگە ئورتاقلىشىپ، ئۇلارنىڭ ئازابىغا ئازابلىنىش ئارقىلىقلا قەلبى راھەت ھېس قىلالايدىغان پىداكار ئەزىمەتلەر زادى قانچىلىكتۇ؟! بىزدىكى نۇرغۇن پۇلدار بايۋەتچىلەر ۋەتىنىمىزدىكى ھەددى ھېسابسىز تۇل، يېتىملارنىڭ ئاچلىق ۋە موھتاجلىق ئازابىدا تۆكۈۋاتقان قانلىق ياشلىرى كىيىمىگە يۇقۇپ قېلىشىدىن ياكى ئۇلارنىڭ كۆن بويى ئىچكەن سۇيىدىنمۇ كۆپرەك ئاققۇزغان ھوسۇلسىز، ئاچچىق تەرلىرى بۇرنىغا پۇراپ قېلىشىدىن ئۆزىنى قاچۇرسا، قاچۇرىدۇكى، دەرھال قولىنى ئۆكتۈردەك چوڭقۇر يانچۇقىغا تىقىپ ئاشۇ قېرىنداشلىرىمىزغا تەر ۋە كۆز ياشلىرىنى بىر قېتىم بولسىمۇ سۈرتىۋېلىشقا ئەززىگۈدەك قەغەز ياغلىق سۇنۇپ بېرىشكىمۇ

يارىمايدۇ. رىستۇران، تانسىخانىلاردا نەچچە ئون مىڭ يۇۋەننى بىر قېتىملىق تاماق بۇيرۇش ئۈچۈن بۇزۇپ چاچسا، چاچىدۇكى، تاماقلىرىنىڭ ئېشىندىلىرى ۋە داستىخانلىرىنىڭ قېقىندىلىرىغا تەڭ كەلمەيدىغان ئازراقلا پۇل بىلەن بىرەر تۇل، يېتىمنىڭ ئېلىمان تۇرمۇشلۇق بولۇپ قالالايدىغانلىقىنى خىيالىغا كەلتۈرۈپمۇ قويمايدۇ. يەنىلا ئۇلارنىڭ ئاتا ـ بوۋىسىدىن مىراس ئالغان ئاشۇ مۇسۇلمانلىق پۇلات ماركىسى ئۇلاردىن بىردەممۇ نېرى بولمايدۇ. يەنىلا ئۇلار مۇسۇلمانلىقتىن سۆز ئېچىشتا پەيلاسوپ، دىنى سورۇنلاردىكى تۆرنىڭ خوجايىنلىرى.

ئاھ! خۇدا! ئۇلارمۇ ساھابىلارنىڭ ھاياتى ۋە ئەخلاق پەزىلىتى ئەينىكىدە ئۆز ئەكسىنى كۆرۈپ باقسىكەن كاشكى؟! ئۇلارمۇ ئۆزىدىكى ھەر بىر نېمەتنى شەخسىي مۈلكى قاتارىدا ئەمەس، بەلكى ئاللاھنىڭ شۇنداقلا ۋەتەن ـ خەلقنىڭ ئامانىتى قاتارىدا ساناپ باقسىكەن كاشكى؟! ئۇلارمۇ ئىنساپ بىلەن "ئاھ ! بىزمۇ مۇسۇلمانمۇ؟!" دەپ ۋىجدانىدىن سوراپ باقسىكەن كاشكى؟!

## "سابىقۇنەلئەۋۋەلۇن" (ئالدىنقى ئاۋانگارتلار) دىن بولۇشنىڭ پەزىلىتى

### (پارچىلار)

ھەزرىتى سەلمان فارسى، ھەزرىتى بىلال ھەبشىي، ھەزرىتى سۇھەيب رۇمىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملار بىر يەرگە جەم بولۇپ، سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ ئولتۇراتتى. گەرچە ئۇلار ئىلگىرى ئېغىر دەرىجىدە خارلانغان قۇللاردىن بولسىمۇ، ئەمما ھەقنى ئىزدەش ۋە قوبۇل قىلىش يولىدا ئاكتىپچان بولۇشتىكى ئاجايىپ ئاۋانگارتلىقى ئۇلارنى گويا ئىسلام ئاسمىنىدىكى كۆزنى قاماشتۇرىدىغان يۇلتۇزلارغا ئايلاندۇرۇپ قويغان ئىدى. ئاللاھنىڭ بۇ ئىنتايىن سۆيۈملۈك بەندىلىرى بىردىنلا كۆز ئالدىدا ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ئەبۇ سوفيانىنى، يەنى كۇيۇرلۇق دەۋرىدىكى ئىسلامنىڭ ئەڭ ئەشەددىي دۈشمىنىنى يىراقتىن كۆرۈپ قالدى. ئۇلارغا نىسبەتەن ئۇنىڭ چىرايىنى كۆرۈشمۇ خۇددى ئىسلامغا قىلىنىۋاتقان ھاقارەتكە چىداپ تۇرۇشتەك ئېغىر بىلىنىپ كېتىۋاتاتتى. بۇنداق مەنزىرىگە، بۇنداق تۇيغۇغا ئۇلارنىڭ ئىمانىي غۇرۇرى نەدىمۇ چىداپ تۇرالىسۇن دەيسىز، بىردىنلا تىت ـ تىت بولۇپ، قەلبىدە جۇش ئۇرىۋاتقان غەزەپلىك ھېسلىرى ئېغىزلىرىدىن پارتلاپ چىقماي تۇرالمىدى. شۇنىڭ بىلەن:

ـ ئاللاھنىڭ قىلىچى بۇ دۈشمەننىڭ بېشىنى ئەجەب ئۈزۈپ تاشلىماپتىغۇ؟ دېگەن ھېسسىياتلىق ئاۋازلار ئاڭلىنىشقا باشلىدى.

ئۇلارنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ سۆزلەرنى

خۇددى يولسىز قىلىنغۇاتقان ئاچچىق ھۆجۇمدەك ھېس قىلىپ، ئۇلارغا كۆيىنگەن ھالدا:

ــ سىلەر قاراپ تۇرۇپ قۇرەيشنىڭ شۇنچە مۆتىۋەر ئادىمىنى مۇشۇنداق دېسەڭلار بولماس؟ دەپ نەسىھەت قىلدى.

ئەمما ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بۇ ۋەقەنى سۆزلەپ بەرگەن چېغىدا، گويا زېمىن ئايىقى ئاستىدىن چىقىپ كەتكەندەكلا ھالغا كېلىپ قالغان ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا:

ـ سەن بەلكىم ئۇلارنى خاپا قىلىپ قويغان بولۇشۇڭ مۇمكىن، ئەگەر راستىنلا ئۇلارنى خاپا قىلىپ قويغان بولساڭ، بىلىپ قويغىنكى، سەن ئاللاھنى خاپا قىلغان بولۇسەن... دېگەن ئىدى.

ياخشى ئىشتا ئالدىنقى تەشەببۇسكارلاردىن بولغان ئەشۇ بىرقانچە ئاجىز قۇللارنىڭ ھەققىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋەھيى غۇنچىلىرى تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان مۇبارەك ئېغىزىدىن چىقىۋاتقان بۇ سۆزلەر ھەقىقەتەنمۇ يېنىك گەپ ئەمەس ئىدى. يەنە كېلىپ، بۇ سۆز ئىسلامنىڭ ئالدىنقى ئاۋانگارتلىرى بولۇشتا ئۆزىمۇ ئۇلاردىن ھېچ قانچە پەرقلەنمەيدىغان، ھەتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھىجرەتتىكى قولدىشى ۋە ئەڭ يېقىن سىردىشى شۇنداقلا مۆھتىرەم قېيىن ئاتىسى بولغان ئۇلۇغ ساھابىگە قىلىنىۋاتاتتى.

دەرۋەقە، گەرچە ھەممىيلەن ئىسلامنىڭ ئوخشاش دەرجىدىكى ئالدىنقى ئاۋانگارتلىرى بولسىمۇ، ئەمما ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئازاتلىق ۋە باي ـ باياشاتلىق ئىچىدە تۇرۇپ، ئىسلامنى قوبۇل قىلغانلىقى، ھەمدە ھەزرىتى سەلمان، ھەزرىتى بىلال، ھەزرىتى سۇھەيب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملارنىڭ بولسا، قوللۇق كىشەنلىرى ئاستىدا قاتتىق ئېزىلىۋاتقان تۇرۇپمۇ ئاللاھنىڭ رەسۇلىغا قول بەرگەنلىكىدىن ئىبارەت بۇ كاتتا ئوخشىماسلىق مەڭگۈگە ئۆچمەي ساقلىنىپ قالغان ئىدى.

ئاللاھۇ ئەكبەر!

مانا بۇ ھەقنىڭ ھەققە بەرگەن باھاسى ۋە دەرىجىسى بولۇپ، ئۇلارنىڭ پېشانىلىرى خاپىلىقتىن ئازراقلا تۈرۈلۈپ قالغىدەكلا بولسا، گويا قىيامەتنىڭ زىلزىلىسى قوپۇپ كېتىشكە تاسلا قالاتتى. ئۇلار قاياققا غەزەپ بىلەن تىكىلسە، شۇياققا ئاللاھنىڭ غەزىپى يۈزلىنەتتى.

پۈتۈن ئەزايىنى قاتتىق تىترەك بېسىپ، قورقۇنچتىن تەرگە چۆمۈپ كەتكەن ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دەرھال بۇ ئۈچ ساھابىنىڭ يېنىغا يۈگۈردى. ئۇلارنىڭ ئالدىغا بېرىپلا ئۆزىنى تۇتالماي بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى.

ــ ئى، جان جېگەر قېرىنداشلىرىم! مەن... سىلەرنى... خاپا قىلىپ... سالدىممۇ، قانداق؟

تۆكۈلۈپ يىغلاۋاتقانلىقى تۇپەيلى سۆزلىرىمۇ تولۇق چىقماي قىلىۋاتاتتى.

ــ ياق، ياق، ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، بىز قەتئىي خاپا بولمىدۇق، بىز دائىم ساڭا ئاللاھنىڭ مەغپىرىتى ئۈچۈن دۇئا قىلىمىز.

ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئاللاھنىڭ بۇ ھەر ئۈچىلىلى مەھبۇب بەندىلىرىنىڭ ئېغىزىدىن چىقىۋاتقان ئېسىل ئەخلاق گۈلدەستىلىرىنى كۆرۈش بىلەن تەڭلا گويا بۇ سۆزلەرنى ئۇلارنىڭ ئەمەس، بەلكى مېھرىبان پەرۋەردىگارىنىڭ ئېغىزىدىن ئاڭلاۋاتقاندەك شاتلىققا چۈمدى ۋە لىغىرلاپ تۇرغان ياشلىق كۆزلىرى بىلەن شۇ يەردىلا ئېچىلىپ كۈلۈۋېتىشكە باشلىدى.

ئەممار ئىبنى ياسىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر قۇل ئائىلىنىڭ شاتلىق چىرىغى بولۇپ، ئۇ ھەقىقەتەنمۇ ھەسرەتتىن ئاققان كۆز ياشلىرى بىلەن لاۋۇلداپ، ئىسلام ئۈچۈن تۆككەن قانلىرى بىلەن پارلايدىغان ئۆچمەس چىراغ ئىدى.

شۇنداق...

تەۋھىد ۋە پەيغەمبەرلىكنىڭ سادىقتىنى دەپلا كۈپىر ھەم شىرىكچىلىكنىڭ مىسلىسىز زۇلۇم ـ ستەملىرىنى باشتىن كەچۈرگەن، بۇلارغا قاراپ، يۈرەك ـ باغرى لەختە ـ لەختە يېرىلغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ سەۋر قىلىڭلار! ئى، ياسىر ئائىلىسى! سەۋر قىلىڭلار! راس ئېيتىمەنكى، ئاللاھنىڭ جەننىتى سىلەرنىڭ قارارگاھىڭلاردۇر ــ دەپ جەننەتتىن بېشارەت بەرگەن ئەشۇ ئۇلۇغ ئائىلىنىڭ كۆز قارچىغۇسى ئىدى.

لېكىن ئەممار ئىبنى ياسىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا سېلىشتۇرغاندا، خالىد ئىبنى ۋەلىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كۈپۈرلۈق دەۋرىدىمۇ ئاتاقلىق قۇماندان ۋە ئىسلامغا كىرگەندىن كېيىنمۇ لەشكەر قۇماندانى بولغان، ھەمدە قانلىق جىھاد مەيدانلىرىدا، تەقداشسىز ئىمانىي قۇۋۋىتى بىلەن ئۆتكۈر قىلىچىنىڭ كارامىتى كۆرسىتىپ، ھەتتا ئاخىرى "ئاللاھنىڭ قىلىچى" دېگەن نامغا سازاۋەر بولغان كاتتا ساھابە ئىدى. گەرچە ئەممار ئىبنى ياسىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ ئاللاھقا بەرگەن ئەھدىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن جىھادنىڭ ئۇلۇغۋار قوربانگاھلىرىغا ئۆز پىداكارلىقى بىلەن زىننەت قوشقان، يىغىۋاتقان ئوق، نەيزىلەرگە قارشى مەردانە كۆكرىگىنى يالىڭاچلاپ ئاچقان ئاجايىپ كاتتا ساھابىلەردىن بولسىمۇ، تارىخنىڭ نەزىرىدە، ئۇنىڭ بەرگەن قۇربانلىقلىرى بىر جەڭچىنىڭ قوربانلىقى سۈپىتىدە، خالىد ئىبنى ۋەلىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ پىداكارلىقلىرى بىر قۇماندانىنىڭ ئۇلۇغۋار ئىش ـ ئىزلىرى سۈپىتىدە گەۋدىلىك خاتىرلەندى.

لېكىن شۇنداقتىمۇ...

ھە، راستىنلا شۇنداقتىمۇ... خالىد ئىبنى ۋەلىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا سېلىشتۇرغاندا، ئەممار ئىبنى ياسىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەق ـ ساداقەت ئۈچۈن ئۇنىڭدىن ئىلگىرى كۆكرىكىنى ئاچالىغان بولغاچقىلا ئاللاھنىڭ نەزىرىدە، مەرتىۋە جەھەتتىن شۇ قەدەر يۇقىرى كۆتىرىلگەنكى، ھەتتا شۇنچە پايانسىز زېمىننى فەتھى قىلىپ، ئىسلامنىڭ بايرىقىنى لەپىلدەتكەن خالىد ئىبنى ۋەلىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ ئۇنىڭ ئەيمىنىشلىك مەرتىۋىسىگە يېتىشەلمەي قالغان ئىدى.

بىر قېتىم مەلۇم بىر ئىش سەۋەبلىك بۇ ئىككى ساھابىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بەس ـ مۇنازىرە بولۇپ قالدى. شۇ پەيتتە خالىد ئىبنى ۋەلىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئېغىزىدىن ئىختىيارسىز ئەممار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئېغىر كىلىدىغان سۆز چىقىپ قالدى. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان پەيغەمبىرىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خالىد ئىبنى ۋەلىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا قاتتىق ئاچچىقلاندى.

ــ ئى خالىد! ــ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قەلبلەرنى تىترىتىدىغان دەرىجىدە قاتتىق ھەسرەتلىنىپ سۆز قىلىۋاتاتتى.

ـ ئەممارنى ھەرگىز ئەيىبلەپ سالما! كىمكى ئۇنى ئەيىبلەيدىكەن، ئاللاھ شۇ كىشىنى ئەيىبلەيدۇ. كىمكى ئەممارغا غەزەپلىنىدىكەن، ئاللاھمۇ ئۇنىڭغا غەزەپ قىلىدۇ. كىمكى ئەممارنى مەنسىتمەيدىكەن، ئاللاھمۇ ئۇنى مەنسىتمەيدۇ.

ــ ئاھ! بۇ كۈن...

خالىد ئىبنى ۋەلىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ ۋەقەنى كىشىلەرگە ئۆزى سۆزلەپ بېرىۋاتاتتى.

ــ بۇ كۈن مەن ئۈچۈن ھاياتىمدىكى ئەڭ ئېغىر كۈن بوپ قالغان ئىدى. مەن دەرھال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يىلىنىپ يالۋۇرۇپ، ئاللاھ تائالادىن گۇناھىمنىڭ مەغپىرىتى ئۈچۈن دۇئا قىلىپ قويۇشنى تىلىدىم ۋە يۈگۈرگەنچە ئەممار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ، مېنى ئەپۇ قىلىشنى، مېنى كەچۈرۈم قىلىۋېتىشنى ئۆتەندىم.

بىز ئەينى چاغدا ئەنە شۇنداق مۆئمىنلەر ئىدۇق. ئاللاھنىڭ بەندىلىرىنىڭمۇ خاپا بولۇپ قېلىشىدىن شۇ دەرىجىدە قورقايتتۇق. ئەمما ھالا بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە، ھەتتا ئاللاھنىڭ غەزىپىدىنمۇ قورقماس بولۇپ كېتىۋاتىماقتىمىز. ئەجىبا بۇ مۇسۇلمانلىقىمىزغا نىسبەتەن ئەڭ ئېغىر تىراگىدىيە ئەمەسمۇ؟

شۇنداق...

شۇنداقتىمۇ يەنىلا بىز مۇسۇلمان. يەنىلا بىز مۇسۇلمان.

ئەنە ئۇلارنىڭ بەزىسى ياخشىلىقتا ئالدىدا ماڭغان ئاكتىپ، ئاۋانگارتلاردىن

بولغان بولسا، يەنە بەزىسى پەقەت ئازراقلا ئارقىدا قالغان ئۆلۈغۋار ئۆلگىلەردىن ئىدى. لېكىن بىزچۇ؟! بىزنىڭ زادى نەدە قالغانلاردىن ئىكەنلىكىمىزنى قېنى كىممۇ ئېيتىپ بېرەر؟! كىممۇ ئېيتىپ بېرەر؟!

خەلىپىلىك قارارگاھىنىڭ دەۋازىسى ئالدىدا يۇقىرى ئابرۇيلۇق بىر توپ مۆتىۋەر كىشىلەر خەلىپە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قوبۇللۇق ئىزنىنى قاتتىق ئىنتىزارلىق بىلەن كۈتۈپ تۇرماقتا ئىدى. مەككىنىڭ بۇ مۇئەززىز كاتتا ئەرباپلىرىنىڭ ئارىسىدا، ئەينى چاغدا شۇنچە ۋەھشىيلەرچە ئاياق ئاستى قىلىنغان بىر قارا تەنلىك قولمۇ مەۋجۇت بولۇپ، ئۇنىڭ ئىسمى دەل بىلال ھەبشىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىدى. لېكىن خەلىپىلىك قارارگاھىنىڭ قوبۇللۇق دەرۋازىسى ھەممىدىن ئىلگىرى ئۇنىڭغا ئېچىلدى. ئىرىق، جەمەت، مال ـ بايلىق ئىززەت ئابرۇيي جەھەتتە ئۇنىڭدىن شۇنچە ئۈستۈن تۇرىدىغان زاتلارنىڭ ھەممىسى بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ تەمكىن كىرىپ كېتىۋاتقىنىغا قاراپ، ئىشىك تۈۋىدە ھەيرانە قاراشقىنىچە تۇرۇشۇپ قالغان ئىدى.

بۇ ئادەتتىكى بىر ئازاد قۇلغا قىلىنىۋاتقان ئالاھىدە ئىمتىيازلىق مۇئامىلە بولۇپ، بۇ ئىش باشقىلارنىڭ كۆڭلىگە كېلىپ، ئېغىر ئالغانلىقى تاتارغان چىرايلىرىدىن "مانا مەن" دەپ كۆرىنىپ تۇراتتى. بەزىلەرنىڭ ھېس قىلىۋاتقان قەلب ئازارى ئاخىرى لەۋلىرىنىڭ سۇكتىنى بۇزۇپ، دوق ـ مالامەت قىلىدىغان دەرىجىگە يەتكۈزدى. شۇنىڭ بىلەن توپ ئىچىدىن

ــ مەككىنىڭ شۇنچە ئېسىلزادە، شەرەپلىك كىشىلىرى كۈتۈپ تۇرغان يەردە، ھەممىدىن ئىلگىرى بىر قۇلغا قوبۇللۇق شەرىپى بېرىلىۋاتقىنى نېمە ئىش؟ ــ دېگەنىدەك غۇدۇراشلار كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى.

بۇ مۆتىۋەر ئەرباپلارنىڭ ئارىسىدا، ئەڭ رەزىل ئىپلاس، كاپىر ئەبۇ جەھىلنىڭ "ئەكرەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ" ئىسىملىك ئەڭ ئېسىل ئۇنتۇلماس مۆئمىن ئوغلىمۇ مەۋجۇت بولۇپ، دۇنيانىڭ يالتىراق ئىززەت ئابرۇيىغا چۆمكەلگەن بۇ غۇدۇراشلار ئۇنىڭ سەزگۈر ئىمانىي ۋىجدانىغا خۇددى تىكەندەك سانچىلىشقا باشلىغان ئىدى. بىردىنلا ئۇنىڭ پۈتۈن ئېسسىيادى ئۆزىنىڭ زىلزىلىك قاراشىغۇ ئۆتمىشىگە شۇڭغۇپ كەتتى ـ دە، ئەينى چاغدا مەن شىرىكچىلىك ھەم كۇپۇرلۇقنىڭ زەھەرلىك نەشتىرى بولغان بولسام، بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ئۇنىڭ زەربىسىگە پەرۋاسىز ئىسلامنىڭ مەردانە كۆكرىكى ئەمەسمىدى؟! مەن ئىسلامنى يوقىتىپ تاشلاش ئۈچۈن تېپىرلاپ يۈرگەن چاغلىرىمدا، ئۇ ھەقنىڭ ئىمارىتىنى تىكلەش ئۈچۈن زەخىم ـ جاراھەتلىرىدىن ئاققۇزغان قانلىرى بىلەن "ئاللاھ بىر! ئاللاھ بىر!" دېگەن ياڭراق ساداسىنى تارىخ سەھىپىسىگە يازغان ئاۋانگارت مۇجاھىد ئەمەسمىدى؟ دېگەنلەرنى ئويلىنىشقا باشلىدى. ۋە غەزىپىنى باسالماي كۆپچىلىككە:

ــ نېمە دەپ جۆيلۈۋاتىسلەر؟! پەيغەمبىرىمىز ئەينى چاغدا ھەممىمىزنى ئوخشاشلا بىر ئەۋازدا چاقىرغان ئىدى. ئەمما بىز ئۇنىڭ چاقىرىقىغا كېيىن "لەببەيك" دىگەنلەر ئەمەسمىدۇق؟ شۇڭلاشقا ئىسلامنىڭ ئاۋازىغا بۇرۇن "لەببەيك" دېيەلىگەنلەر، قوبۇللۇق شەرىپىگىمۇ بۇرۇن ئېرىششكە ھەقلىق. بىزنىڭ ھەتتا غۇتۇلداشقىمۇ ھېچقانداق ھەققىمىز يوق ـ دەپ توۋلىۋەتتى.

گەپ ئىنتايىن ۋەزىنلىك بولۇپ، ئاۋازمۇ ئىنتايىن جاراڭلىق ئىدى. ھەممەيلەن جىمىپلا قالدى. ئۇلار "راس ئەمەسمۇ؟! مۆئمىن دېگەن مۇشۇنداق ئويدا بولۇش لازىم. ياخشى ئىشقا بالدۇر تەسەببۇسكار بولالىغانلىق، ھەقىقەتەنمۇ ياخشى ئىشنى قىلغاندىن بەكرەك پەزىلەتكە ئىگە" دېگەنلەرنى ئويلىماقتا ئىدى.

ئەمما بىز.. بۇ دەۋرنىڭ مۇسۇلمانلىرى.. مۆئمىن بولۇپ تۇرۇپمۇ زادى نېمە ئۈچۈن شۇنداق ئويلىيالمايمىز؟ نېمە ئۈچۈن سەپ ئالدىدا ماڭغۇچىلارغا ئىمتىيازلىق نەزەر بىلەن قارىيالمايمىز؟

مانا بۈگۈنكى كۈندە، مەھكۇملۇق قەپەزلىرىنىڭ رەزىل ئىسكەنجىلىرى ئاستىدا ئېغىر دەرىجىدە خورلۇقتا ئۇچراۋاتقان، ھەتتا ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭمۇ ھۆكۈمەت، پارلامېنت بىنالىرىدىن، ئەدلىيە، ئىجتىمائىي ئورگانلىرىدىن سىقىپ چىقىرىلىۋاتقان، شۇنداقلا كوچا ـ كوي، خانىقاھ، مەسجىد، بۇلۇڭلىرىغىلا بەنت قىلىپ تاشلىنىۋاتقان بىچارە ئۇلۇغ ئىسلامىمىز بىز ئاتالمىش ئەگەشكۈچىلىرىنى بىر ـ بىرلەپ چاقىرىپ، "سىلەر مېنىڭ ئەزالىرىم، مېنىڭ مۇسۇلمانلىرىم، مېنىڭ مۆئمىنلىرىم تۇرۇپ، نېمە دەپ مەندىن قېچىپ يۈرىيسىلەر؟ نېمە ئۈچۈن مېنى ئازات قىلاي دېمەيسىلەر؟ نېمە گۇنايىمغا ئىجتىمائىي ئورگانلىرىڭلاردىن چىقىرىپ تاشلاۋاتاسىلەر؟" دەپ، ئەنە قايتىدىن بىزنى ئۇنلۇك چاقىرۋاتمامدۇ؟

مۇسۇلمانلار ئارىسىدىكى تەشەببۇسكار ئاۋانگارتلارنىڭ دەرھال ئالدىغا ئۆتۈپ، ئۇنى ئازاد قىلىش ۋە ئۆز ئورنىغا ئىگە قىلىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىشنى كۈتۈپ تۇرمامدۇ؟

ئەمما بىز ئۆز ئىسلامىمىزغا ئارقىمىزنى قىلىۋېلىپ، قىبلىمىزنى باتىلغا توغرۇلاپ، سەجدە قىلغان ھالدا "ئاللاھنىڭ بىرەر ئېسىل بەندىسى بۇ ياخشى ئىشتا ئاكتىپلىق كۆرسىتىپ، قىبلىمىزنى شەرىقتىن غەرىپكە رۇسلاپ قويسا ئەجەپ ئەمەس" دەپ ئۈمىد كۈتۈپ ياتماقتىمىز.

ئاھ! ھەرقانداق ياخشى ئىشتىكى تەشەببۇسكارلىقنىڭ خارنى ئەزىز، كىچىكنى كاتتا قىلىدىغان ئەڭ ئۇلۇغ نېمەت ئىكەنلىكىنى بىلىپ يەتسەك ئىدۇق كاشكى!

نۆۋەتتىكى ئىسلامىمىز قىلىۋاتقان مەزكۇر ئازابلىق چاقىرىقنىڭ بىزدەك ئەبگالارنى يۈكسەكلىككە ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن ئاللاھ تەرىپىدىن ئېچىلغان ئەڭ ئۇلۇغۋار دەرۋازە

ۋە بىردىن ـ بىر تېپىلماس پۇرسەت ئىكەنلىكىنى قەلبىمىزگە تونىتالىساق ئىدۇق كاشكى!؟

بىزمۇ ساھابىلەردەك بۇ مۇبارەك دەرۋازىنى دادىل چېكىپ، غەنىمەت پۇرسەتتىن پايدىلانغان ھالدا "سابىقۇنەل ئەۋۋەلۇن" (يەنى، ئالدىڭقى ئاۋانگارتلار) دىن بولالىساق ئىدۇق كاشكى!

## «ئەمنۇل ئۇممە» (ئۇممەتنىڭ ئامانەتدارى )

ھەزرەتى ئەبۇ ئۇبەيدە ئىبنى جەرراھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئاللاھنىڭ سۆيۈملۈك دىنى ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان كاتتا ساھابىلەرنىڭ بىرى ئىدى. ئۇ ئىسلامنى باغرىغا باسقان چاغلاردا ئەسەبىي خېيىم ـ خەتەرلەرنىڭ شىددەتلىك بورانلىرى ئىسلام تەرەپكە قەدەم ئالماقچى بولىۋاتقان ئىنسانلارنى ئارقىغا ئىتتىرىۋېتىش ئۈچۈن بار كۈچىنى ئىشقا سېلىۋاتقان، ئىسلامغا يېقىنلىششنىڭ مەنىسى، پۈتۈن دۇنيادىن ئاجراپ كېتىش بولۇپ ھېساپلىنىدىغان بىر پەيت ئىدى. ئاخىرەتلىك ھاياتتا بەختىيار ماكان بەرپا قىلىش ئۈچۈن ئۆزىنى ئاتىغان ئەزىمەتلەر بولسا، دۇنيا ھاياتىغا پەرۋا قىلماستىن ئاجايىپ قىزغىنلىق بىلەن ئالغا ئىلگىرلىمەكتە ئىدى. ئەبۇ ئۇبەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ دەل ئەشۇ كارۋانلار سېپىدە مەۋجۇت بولۇپ، ئۇ ھەر ئىككى قولى بىلەن دۇنيانى يىراققا ئىتتىرىپ، ئاللاھ تەرەپكە ئۈزلۈكسىز سەپەرنى داۋام قىلىۋاتاتتى.

ئاسىيلىقنىڭ قان ـ يىرىڭ دولقۇنلىرى ھەق بىلەن باتىل ئوتتۇرىسىدىكى كەسكىن كۆرەشتە ئىمان ـ ئىسلامنىڭ كېمىلىرىنى توسۇۋالماقچى بولۇپ، بەدىر مەيدانىدا تۇنجى قانلىق جەڭ ئۈچۈن سىگنال چالغاندا، كېيىنگە ئورۇنىپ جىھاد ۋە ئۇلۇغلۇق مەيدانىغا كۆكرەك كېرىپ سەكرەپ چۈشكەن ئەبۇ ئۇبەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆزىگە قارشى قىلىچ ئۇرىۋاتقان كىشىنىڭ باشقا بىرى ئەمەس، بەلكى دەل ئۆز دادىسى ئىكەنلىكىنى كۆردى. گەرچە كاپىر دادىنىڭ قېنى ئاللى بۇرۇن مۆئمىن ئوغۇل ئۈچۈن ھالال بولۇپ بولغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ نەزىرىدە يەنىلا ئۇ "دادا" ئىدى. دادا ئوغلىنىڭ ئاللاھنىڭ ئالدىدا ئېگىلگەن بېشىنى كېسىپ تاشلىماقچى بولىۋاتاتتى. لېكىن مۆمىن ئوغۇلنىڭ پۈتۈن ئوي ـ خىيالى «كاشكى مېنىڭ قىلىچىم دادامنىڭ ھاياتىنى كۈپىرلىق ھالىتىدە تامام قىلىۋېتىشكە سەۋەپچى بولۇپ قالمىسا ئىدى» دېگەندىنلا ئىبارەت ئىدى. شۇڭا ئۇ دادىسىنىڭ ئۇرغان زەربىلىرىنى توسۇپ ئۆزىنى مۇداپىئە قىلىۋاتقان بولسىمۇ دادىغا قەتئىي قىلىچ ئۇرمايۋاتاتتى. ئۇ تۇيۇقسىزدىنلا «دادامنىڭ ئۇرىۋاتقان قىلىچى ماڭا ئەمەس، بەلكى ئاللاھنىڭ دىنىغا ئۇرىلىۋاتقان

قىلىچ ئەمەسمۇ؟» دېگەننى ھېس قىلدى ـ دە، چاقماق تېزلىكى بىلەن بىرلا زەربىدە ئاللاھنىڭ دىنى ئۈچۈن كاپىر دادىسىنىڭ بوينىنى ئۈزۈپ تاشلىدى.

ئوھۇد مەيدانىدا بولسا كۇپىر ھەم شېرىكچىلىكنىڭ ياۋۇز كۈچلىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى زەخمىلەندۈرگەن ۋە ئۇلارنىڭ ۋەھشىلەرچە ھۇجۇمى تۈپەيلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇبارەك چېھرىگە تۆمۈر ھالقا پېتىپ كەتكەن ئەھۋالنى كۆرگەن ئەبۇ ئۇبەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ ئېچىنىشلىق مەنزىرىگە قەتئىي چىداپ تۇرالمىدى. ئۇ ئاجايىپ قاتتىق ئازاپلىق ئۆرتىنىش بىلەن ئىلگىرىلىگەنچە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ھالقىنى چىشىدا تارتىپ چىقارماقچى بولدى. ھالقا ئاستا ـ ئاستا چىقىشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە ئەبۇ ئۇبەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ چىشىمۇ سۇنۇپ ئېغىزىدىن قان ئېقىشقا باشلىدى، ئەمما ئۇ ھالقىنى چىشلەپ چىقارىلىغانلىقىنىڭ خۇشاللىقىدا چىشىنىڭ ئاغرىقىنىمۇ سەزمەيلا قالغان ئىدى. قىسقىسى، ھەققانىيەتنىڭ ئۆچمەس نۇرىنى زۇلمەت بىلەن ساختىلىقنىڭ قاراڭغۇلىقى باسماقچى بولغان ھەرقانداق چاغدا ۋە ھەرقانداق يەردە ئۇ دائىم ئەڭ دەسلەپ كۆكرەك كېرىپ، سەپنىڭ ئالدىدا ماڭغۇچىلاردىن ئىدى. ئەمما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن سەقىفە بەنى سائىدە قەبىلىسىدە تۇنجى خەلىپىنى دەرھال تەيىنلەش مەسىلىسى مەيدانغا چىققان چاغدا، بۇ مەسىلە ئاللاھنىڭ سۆيۈملۈك بەندىلىرىگە نىسبەتەن ئۆز نەپسى بىلەن قانلىق جىھاد قىلمىسا بولمايدىغان ئىنتايىن نازۇك ھەل قىلغۇچ سىناققا ئايلىنىپ قالغان ئىدى. مۇناپىقلار ئىغۋاگەرچىلىككە تايىنىپ ئىسلام دىنىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن قوشۇپ مەڭگۈگە دەپنە قىلىۋەتمەكچى بولىۋاتاتتى. شەيتان باركۈچىنى ئىشقا سېلىش ئارقىلىق ئاللاھنىڭ پىداكار بەندىلىرىنى ھوقۇق تالىشىش ئىختىلاپىغا سورەپ كىرىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ 23 يىل بويى ئۆز يۈرەك قېنى بىلەن سۇغۇرۇپ يېتىشتۈرگەن خازاڭ بولماس ئىسلامىي قىرىنداشلىق بوستانىغا ئوت قويماقچى بولىۋاتاتتى. ھەردائىم ئىسلامغا ياردىمىنى ئايىماي كەلگەن ئەنسارلار بۇگۈن ئۆزلىرى ئۈچۈن خەلىپىلىك ھوقوقىنى تەلەپ قىلىۋاتاتتى. مۇھاجىرلار بولسا، «خەلىپىلىككە ئىسلام ئۈچۈن ئۆز ئائىلىسىنى تاشلاپ چىقالىغان مۇھاجىرلار ھەقلىق» دەپ تۇۋلىماقتا ئىدى. گەرچە ھوقوق تالىشىش مەسىلىسى قايتا يەنە بىر قېتىم ئىسلام ئۈچۈن پىداكارلىقنى تەلەپ قىلىۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ساداسى ھېسسىياتلىق غۇلغۇلىلار چىرماپ تۇرغان قۇلاقلارغا كىرمەيۋاتاتتى. ھوقوق تالىشىشنىڭ بۇ ئاپەتلىك كەلكۈن يۆنىلىشىنى قانداق قىلغاندا قايتىدىن پىداركارلىق ۋە قۇربان بېرىش ئىشتىياقى تەرەپكە بۇرىغىلى بولىدۇ؟ بۇنىڭغا بىر نېمە دېمەك تەس ئىدى. دەل ئەنە شۇنداق جىددى ۋەزىيەتتە ئاخىرەتكە بولغان خەۋپ بىلەن ئۇمۇتتىن لەرزىگە كەلگەن

ئاجايىپ جاراڭلىق بىر سادا ياڭراشقا باشلىدى. ئۇ پىداكارلىق ۋۇلقانىنىڭ ئېتىلىپ چىقىشى، دەرتمەن يۈرەكنىڭ ھەسرەتتىن ناله قىلىشى، ئاللاھ ئۈچۈن ھەممە نەرسىنىنى قوربان قىلىش ئىشتىياقىنىڭ پىغان چېكىشى ئىدى.

«ئى ئەنسارلار! سىلەر ھەممىدىن ئىلگىرى ئىسلامغا تايانچ بولغان، ئۇنىڭغا مىنىنەتسىز ياردەم قۇلۇڭلارنى سۇنغان جامائەتسىلەر. ئەمدىلىكتە ئىسلام جامائىتىنى ھەممىدىن ئىلگىرى پارچىلايدىغان كىشىلەرگە ئايلىنىپ قالساڭلار قانداق بولغىنى؟»

بۇ دەل ئەبۇ ئۇبەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئاۋازى بولۇپ، چىن قەلبتىن چىققان بۇ ئەلەملىك سادا ئۆز قەلبىنىڭ ساداسىنى ئاڭلىيالمايۋاتقان قۇلاقلاردىن كىرگەنچە ئۇدۇل بېرىپ، ئىمان، ۋىجدانىنى لەرزىگە سېلىشقا باشلىدى. ئىختىلاپنىڭ قانلىق بۇلۇتلىرى خۇددى بىردەملىك توپا چاڭدەكلا توزۇپ تۈگىدى. تېخى بايىلا ھوقوق تەلەپ قىلىۋاتقان ئەنسارلارنىڭ قەلبلىرىدە بىردىنلا پىداكارلىق ئىشتىياقى چاقماقتەك جۇش ئۇرۇشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئىچىدىن زەيد ئىبنى ھارىسە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، «قېرىنداشلار! پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامۇ مۇھاجىر ئىدى، شۇڭا بىز ئىلگىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قانداق ئەنسارلىرى بولغان بولساق، ھازىرمۇ يەنە شۇنداق ئۇنىڭ خەلىپىسىنىڭ ئەنسارلىرى بولىشىمىز لازىم» دېگەن ئىككى ئېغىز سۆز بىلەنلا قورقۇنۇشلۇق ئىختىلاپ ئاپىتىنى يۇتۇنلەي سۈپۈرۈپ تاشلىدى. بۇ ئىمانىي پىداكارلىقنىڭ ھاياجانلىق كەيپىياتىدا ئورنىدىن تۇرغان ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ «قاراڭلار! مانا بۇ ئۆمەر ئىبنى خەتتاب ھەققىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دائىم ”ئۇنىڭ بەركىتىدىن ئىسلام ھەسسىلەپ تەرەققى قىلغان“ دەيتتى. مانا بۇ ئەبۇ ئۇبەيدەگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزى ”ئەمىنۇل ئۈممە“ (يەنى ئۈممەتنىڭ ئامانەتدارى) دېگەن نامنى بەرگەن ئىدى. كېلىڭلار بىز ھەممىمىز مۇشۇ ئىككەيلەننىڭ بىرىگە بەيئەت قىلايلى!» دەپ خىتاب قىلدى.

بۇ خىتاب ھەققانىيەتنى ئەڭ دەسلەپ قوبۇل قىلىپ، ئىسلام ئۈچۈن ئاجايىپ كاتتا تۆھپىلەرنى قوشقان زاتنىڭ ئەمدىلىكتە يەنىلا ھەممىدىن ئىلگىرى ئەڭ كاتتا قۇربانلىقنى بېرىپ، ئۆز تۆھپىسىنىڭ ھەققىدىن ۋاز كەچمەكچى بولىۋاتقانلىقىنى ئىسپاتلاپ بەرمەكتە ئىدى. بۇ خىتاب ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋە ئەبۇ ئۇبەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەر ئىككەيلەندىن بىرىنىڭ ئۆز جان پىدالىقلىرى بەدىلىگە خەلىپىلىك شەرىپىنى قولغا ئېلىشى ئۈچۈن ئەڭ شانلىق پۇرسەتنى يارىتىپ بەرگەن بولسىمۇ، ئەمما خەلىپىلىك ئۈچۈن نامزاتلىققا كۆرستىلىش بىلەنلا دەرھال ئورنىدىن تۇرغان ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا بەيئەت قىلىپ «ئى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قولدىشى! سىلى تۇرغان يەردە بۇنىڭغا باشقا

كىممۇ ھەقدار بولالىسۇن؟» دېيىشى بىلەن تەڭ ئەبۇ ئۇبەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ تۇپ ئارىسىدىن يۈگۈركەنچە ئېتىلىپ چىقىپ، «توختىنىلا! مەن ئالدى بىلەن بەيئەت قىلىۋالاي، مەن ئالدى بىلەن بەيئەت قىلىۋالاي!» دەپ ئالدىراش توۋلاپ كېتىشلىرى پۈتۈن دۇنيانى ھەيرەتتە قالدۇردى...

لازىقىيەنى فەتھى قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئىسلام قوشۇنىنىڭ باش قۇماندانى ئەبۇ ئۇبەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىم ئىمپېراتۇرىنىڭ ئىنتايىن كۈچلۈك قوشۇن بىلەن مۇسۇلمانلارغا ھۇجۇم قىلىش ئالدىدا تۇرغانلىقىدىن خەۋەر تاپقان ئىدى. مۇسۇلمانلار قوشىنىمۇ ئۇلارغا قارشى ھەركەتكە ئۆتۈش ئالدىدا تۇراتتى. ئەمما ئۇلار بىلەن بىرلىكتە خېلى كۆپ ساندا ئايال، بالا ـ چاقىلارمۇ مەۋجۇت بولۇپ، مۇسۇلمانلار ئۇلارنى قايسى بىخەتەر ئورۇنغا جايلاشتۇرۇش مەسىلىسىگە دۇچ كەلگەن ئىدى.

بۇنىڭغا مەلۇم بىرەيلەن: «لازىقىيەدە قالدۇرۇپ كېتەيلى!» دېگەن پىكىرنى بەردى. ئەمما ئىككىنچى بىرەيلەن بۇ پىكىرگە قارشى چىقىپ: «ياق، ئۇنداق قىلساق بولمايدۇ، بۇ خىرىستىيانلارنىڭ شەھىرىگە ئاياللارنى تاشلاپ قويۇپ، قانداقمۇ خاتىرجەم ئالغا ئىلگىرلىگىلى بولسۇن؟» دېدى. ھەممەيلەن چۇڭقۇر ئويغا پېتىپ كەتتى. ئەمدىلىكتە مۇسۇلمان ئاياللارنىڭ بىخەتەر ساقلىنىشى ئۈچۈن بۇ شەھەرنى خىرىستىيانلاردىن بېكارلىتىشتىن ئىبارەت ئۈچۈنچى يوللا قالغان ئىدى. ئەبۇ ئۇبەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ناھايىتى تېز، ئاددىيلا قىلىپ بۇ پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويدى.

ـ قانداقمۇ بۇنداق قىلغىلى بولسۇن؟ قوشۇن ئىچىدىن بىر ئەسكەر ئىنتايىن ئاچچىقلانغان ھالدا ئەبۇ ئۇبەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ پىكرىگە قارشىلىق بىلدۇرۇشكە باشلىدى. ئۇ: «بىز خىرىستىئانلارغا ئامانلىق ئۈچۈن ۋەدە قىلغان. ئەمدىلىكتە مۇشۇ ئامالسىزلىق تۈپەيلى ئۆز ۋەدىمىزدىن يېنىشىمىز قانداقمۇ مۇمكىن بولسۇن؟» دېدى.

ماھىيەتتە ئاياللارنىڭ خاتىرجەم ساقلىنىش مەسىلىسى مۇسۇلمانلارغا نىسبەتەن قاتتىق ئامالسىز بىر ۋەزىيەتنى شەكىللەندۇرگەن بولۇپ، بۇ ئامالسىزلىقنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئوتتۇرىغا قويۇلغان يوللۇق چارىگە نىسبەتەن ئاددىيغىنە بىر ئەسكەر قارشى چىقماقتا ئىدى. ئەمما ئەبۇ ئۇبەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بولسا، بۇ سۆزنى ئاڭلاش بىلەن تەڭلا نە ئامالسىزلىقنى ئويلاپ ئولتۇرمىدى، نە قارشى چىققۇچىنىڭ ئاددى بىر ئەسكەر ئىكەنلىكىنى نەزەرگە ئېلىپ ئولتۇرمىدى، بەلكى ئۇنىڭ ھېس قىلغىنى «ئۇنىڭ دېگىنى ھەق» دېگەندىنلا ئىبارەت بولدى. شۇڭا بىر مىنۇتنىمۇ تەۋىل قىلىپ يۈرۈشكە زايا قىلماستىن، ئۆزىنىڭ خاتا پىكىر بەرگەنلىكىنى تۈۋەنچىلىك بىلەن دەرھال قوبۇل قىلدى ۋە ئەسكەرگە رەھمەت ئېيتتى.

ـ شەكسىزكى، مەن خاتالىشىپتىمەن، بىز بۇ خىرىستىئانلارنىڭ ئامانلىقى ئۈچۈن ۋەدە قىلغان تۇرساق، ئەمدى قانداقمۇ ۋەدىمىزدىن يېنىۋالغۇدەكمىز؟ ھەقىقەتەن مەن

خاتالىشىپتىمەن، ھەقىقەتەن خاتالىشىپتىمەن، دېيىشكە باشلىدى...

يەرمۇك ئۇرۇشىدا ئەبۇ ئۇبەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قوشۇننىڭ باش قۇماندانى بولۇش سالاھىيتى بىلەن جىددى ئۇرۇش ھازىرلىقى قىلماقتا ئىدى. دەل شۇ پەيتتە خالىد ئىبنى ۋەلىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ، «ئەگەر سىلى قوشۇننىڭ قۇماندانلىقىنى ماڭا تاپشۇرسىلا ۋە پۈتۈن ئەسكەرلەرگە يارلىق چۈشۈرۈپ، ماڭا قەتئىي ئىتائەت قىلىشنى جاكارلىسىلا مەن بۇ ئۇرۇشتا غەلىبە قىلىشىمىزغا ئۈمىت باغلىيالايمەن» دېگەن تەكلىپنى ئوتتۇرىغا قويدى.

ماھىيەتتە خالىد رەزىيەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەقەتلا ئىسلامنىڭ غەلىبىسىگە بولغان ئۈمۈتۋارلىقىنى ئىپادىلىمەكتە ئىدى. ئەمما بۇ ئۈمۈتنىڭ قىممىتى ئەبۇ ئۇبەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قۇماندانلىق شەرىپىدىن ۋاز كېچىشىدىن ئىبارەت بولماقتا ئىدى. شۇنداقتىمۇ ئەبۇ ئۇبەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ «غەلىبىنىڭ چىرتىيۇژىنى سىزىشتا مەنمۇ ھېچ كىشىدىن قىلىشمايمەنغۇ؟!» دېگەننى قەتئىي ئويلاپ ئولتۇرمىدى. بەلكى سۆزسىزلا ئىسلامنىڭ غەلىبىسىگە بولغان ئۈمۈتنى باغرىغا بېسىپ، قۇماندانلىق شەرىپىنى شۇ ھامان خالىد ئىبنى ۋەلىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئىككى قوللاپ سۇنۇپ بەردى. خالىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىسلامنىڭ غەلىبىسى ئۈچۈن قانچىلىك ئىخلاس بىلەن بۇ شەرەپنى تەلەپ قىلغان بولسا، ئەبۇ ئۇبەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ شۇنداق چۇڭقۇر ئىخلاس بىلەن بۇ شەرەپنى ئۆتۈنۈپ بەرگەن ئىدى. ئىسلامنىڭ غەلىبىسىگە بولغان بۇ ئىككى قەلبتىكى غەرەزسىز ئىخلاس ئاللاھنىڭ پەزلى بىلەن كۆچتۈكگۈر رىم قوشۇنلىرى ئۈستىدىن غالىپ كەلدى. ئىككى ئىخلاسمەن قەلبنىڭ بىرلىكتە ئورکەشلىگەن دۇلقۇنلىرى ئالدىدا پولات ساۋۇتلار بىلەن مۇكەممەل قۇراللانغان رىم قوشۇنلىرى پۈت تىرەپ تۇرالمىدى. رىملىقلار جەڭ مەيدانىدا قالدۇرغان يۈز مىڭلارچە جەسەتلىرىنى دەسسەشكىنچە ئۆلە تىرىلىشىگە قارىماي بەدەر تېكىۋېتىشتى. ئاللاھنىڭ بۇ ئىككى ساداقەتمەن بەندىلىرى چۇڭقۇر سۆيۈنۈش ئىچىدە تەبەسسۇم قىلماقتا ئىدى.

خۇزائە قەبىلىسىگە جازا يۈرۈشى قىلىش ئۈچۈن ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ باشقۇرىشىدا ئۈچ يۈز كىشىلىك مۇجاھىدلار ئەترىتى ئەۋەتىلگەن چاغدا، ئۇنىڭ ئارقىدىن ياردەمگە ئەۋەتىلگەن قۇشۇنغا ئەبۇ ئۇبەيدە روەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قۇماندانلىق قىلماقتا ئىدى. يەنە كېلىپ، بۇ قېتىمقى ياردەمچى قۇشۇن ئىچىدە ”شەيخەين“ يەنى ئۆمەر ۋە ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملارغا ئوخشاش كاتتا ساھابىلەرنىڭمۇ مەۋجۇت بولغانلىقى ۋە ئەبۇ ئۇبەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قۇماندانلىقىغا ئەگىشىپ مېڭىۋاتقانلىقى ئاجايىپ كاتتا شەرەپ ئىدى. ئەمما ياردەمچى قوشۇن مەيدانغا يېتىپ كەلگەندە ئاللاھ تائالا ئەبۇ ئۇبەيدە رەزىيەللاھۇ

ئەنھۇنى سىناشقا باشلىدى.

ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «سىلەر ماڭا ياردەمگە كەلگەن قوشۇن، شۇڭا پۈتۈن قوشۇننىڭ قۇماندانلىقى مېنىڭ قولۇمدا بولىشى لازىم» دەپ تەكىتلىدى. "ئەمىنۇل ئۇممە" ھەزرەتى ئەبۇ ئۇبەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭغا: «ئەلبەتتە سىلى قايسى قوشۇنغا قۇماندان قىلىپ تەيىنلەنگەن بولسىلىرى شۇ قوشۇنغا قۇماندانلىق قىلىۋېرىلا، ئەمما بۇ ياردەمچى قوشۇن مېنىڭ قۇماندانلىقىمغا تاپشۇرۇلغان، شۇڭا مەنمۇ ئۆز قوشۇنۇمغا قۇماندانلىق قىلىۋېرىمەن» دەپ تەمكىن جاۋاپ بەردى. لېكىن ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇنىڭغا ئۇنىماي دېگىنىدە چىڭ تۇرىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن بىرەر كۆڭۈلمىگەن ئىختىلاپ چىقىپ قېلىشتىن ئەنسىرىگەن ئەبۇ ئۇبەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دەرھال خۇشاللىق بىلەن ئۆز مەرتىۋىسىدىن ۋاز كېچىپ، ئۇنىڭ باشقۇرىشىغا ئۆتۈشكە ماقۇل بولدى.

ئەبۇ ئۇبەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ شامنى فەتھى قىلغاندىن كېيىنكى مەزگىللەردە كۆنسىرى قولغا كېلىۋاتقان ئۇرۇش غەنىيمەتلىرى نەتىجىسىدە مال ـ دۆلەت مۇسۇلمانلار تەرەپكە سەلدەك ئاقماقتا ئىدى. شۇڭا كېيىم ـ كېچەك ۋە يېمەك ـ ئىچمەك جەھەتتە مۇسۇلمانلارنىڭ تۇرمۇش ئادەتلىرى تەبىئىي ھالدا ئۆزلۈكسىز يۈكسىلىپ كېتىشكە باشلىدى. ئەمما شامنىڭ فاتىھى بولغان ئەبۇ ئۇبەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يەنىلا ئىلگىركىدەك قاتتىق ناننى سۇغا توگۇرۇپ يېيىشنى تاشلىمىغان ئىدى. بەيتۇل مۇقەددەسكە قىلىنغان سەپەردە ئۇمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ناھايىتى خۇشپېئىللىك بىلەن ئۇنىڭغا تەكەللۇپسىزلا «بۇرادەر، ئەمدى مېنى مېھمان قىلمىدىغانسەن؟» دەپ تەلەپ قويدى. ئەبۇ ئۇبەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر ھازا جىم تۇرۇپلا قالدى. چۈنكى ئۇ خەلىپە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى قاتتىق ـ قۇرۇق نانلىرىنى بىلەن مېھمان قىلىشتىن بىر ئاز بىئاراملىق ھېس قىلماقتا ئىدى. ئاخىرى گەپ سۆزسىز ئىچكىرىگە كىرىپ كېتىپ قاتتىق ناننى ئېلىپ چىقتى ۋە كەچۈرۈم سورىغان ھالدا، «قىرىندىشىم، مېنىڭ يەيدىغان ئوزۇقۇم مۇشۇ، نان بەك قاتتىق، ئەمما سۇغا چىلىسا يۇمشايدۇ، ھەر كۈنى ئىككى ۋاخ مۇشۇنىڭ بىلەن ئوزۇقلىنىۋالىمەن» دەپ يەرگە قارىدى. ئۇنىڭ بۇ پەقىرانە ھاياتىغا قارىتا چۈكسىز ئەقىدە، ئېھتىرامى قوزغالغان ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئاجايىپ زوقلىنىش ئىلكىدە ئۇنىڭغا باقماقتا ئىدى.

ـ ئى ئەبۇ ئۇبەيدە! ئۇ چۇڭقۇر بىر ئۇھ تارتىۋالغاندىن كېيىن سۆزنى داۋاملاشتۇردى. «شامغا كېلىپ، ھەممەيلەن ئۆزگىرىپ كېتىپتۇ، لېكىن پەقەت سەنلا ئۆزگەرمەي ئۆز پەدەڭنى ساقلاپ كەپسەن«

پەلەستىنىنىڭ ئاتاقلىق شەھىرى ئەمۋاسدا ۋابا كېسىلى تارقاپ، ئازغىنە مۇددەت ئىچىدە شام، مىسىر ۋە ئىراقنىمۇ ئۆز قوينىغا ئېلىپ بولغان ئىدى. مىڭلىغان

ئىنسانلار كىيسەللىك سەۋەبىدىن جان بېرىشكە باشلىدى. دەل ئەنە شۇنداق قورقۇنچلۇق رايۇننىڭ بىرسىدە ئەبۇ ئۇبەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ پەرۋاسىز ھاياتىنى داۋام قىلماقتا ئىدى. ئۇنىڭ تەقدىرگە بولغان ئىمانى شۇ قەدەر كۈچلۈك ئىدىكى، خېيىم ـ خەتەرلەرگە ئەمەس، بەلكى خەتەردىن ساقلىنىشقا قارىتا «تەقدىرگە بولغان ئىمانىمغا دەخلى يېتىپ قالارمىكىن» دەپ ئەندىشە قىلاتتى. ئۆمەر فارۇق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن دەرھال تەكشۈرۈش ئۈچۈن يېتىپ كەلدى ۋە ناھايىتى تۆۋەنچىلىك بىلەن ئىلتىجا قىلغان ھالدا ئەبۇ ئۇبەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا بۇ جايدىن يىراقلىراق كېتىش تەلىپىنى بەردى.

ـ نېمە؟ سەن تەقدىردىن قاچماقچىمۇ؟ مەردى مۆئمىن ئىماني ھاياجىنىنى بېسىۋالالماي قىيىدىغاندەك جاۋاپ قايتۇردى.

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ناھايىتى ھېكمەتلىك قىلىپ، «شۇنداق، ئاللاھنىڭ تەقدىرىدىن يەنە ئاللاھنىڭ تەقدىرى تەرەپكە قاچماقچىمەن» دەپ جاۋاپ بەردى. ئەمما بۇ گەپ ئەبۇ ئۇبەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ كۆڭلىگە ياقمىدى. ۋابا قاپلىغان جايدىن قېچىپ جان ساقلاشنى تەقدىرگە بولغان ئىمانىمغا خىلاپ دەپ چۈشەنمەكتە ئىدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بولسا، بۇ ئىجتىھادىي خاتالىق تۈپەيلىدىن شۇنچە قىممەتلىك بىر ئەزىمەتنىڭ زايا بولۇپ كېتىشىگە ھەسرەت يۇتماقتا ئىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭغا ئېھتىرام قىلىش يۈزىسىدىن باشقا ھېچنەرسە دېيەلمەي قالدى ۋە ئازاپلىق تۇيغۇلىرىنى مەھكەم قۇچاقلىغانچە ئامالسىز مەدىنىگە قايتىپ كەتتى. مەدىنىگە كەلگەندىن كېيىنمۇ خۇددى قەلبى ئەبۇ ئۇبەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن قېلىپ قالغاندەك، توختىماي ئىزتىراپ چېكىپ يۈتۈن ئەس ـ خىيالى ئۇنىڭ بىلەنلا بولۇپ كەتكەن ئىدى. ئاخىرى بىر چارە ئويلاپ چىقىپ، ئۇنىڭغا: «سەن بىلەن دېيىشىدىغان ئىنتايىن مۇھىم بىر ئىش چىقىپ قالدى، دەرھال مەدىنىگە كېلىپ يەنە قايتىپ كەتسەڭ بولىدۇ» دەپ خەت يازدى. خەتنىڭ تەكتىگە يېتىپ بولغان ئەبۇ ئۇبەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭغا جاۋابەن: «مەن ئىسلام قوشۇنىنى بۇ يەردە تاشلاپ ئۆزەمنىڭ جېنىنى ساقلاش ئۈچۈن سېنىڭ يېنىڭغا بارالمايمەن. ئاللاھ نېمىنى ئىرادە قىلغان بولسا، شۇنى كۆرىمەن» دەپ خەت يوللىدى. بۇ خەتنى ئوقۇپ، ئۆزىنىڭ ھېچ ئامال قىلالماي قىلىۋاتقانلىقىغا سىقىلغان خەلىپە ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قايغۇرۇپ ياش تۆكتى. ئاخىرى ئىلتىماس ئۇستىگە ئىلتىماس قىلىپ يۈرۈپ، قوشۇننى ئېلىپ بىر ئاز خاتىرجەمرەك يەرگە يۆتكىلىپ تۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. ئەبۇ ئۇبەيدە رەزئىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ بۇ پىكىرگە قوشۇلدى. ئەمما ئىككىنچى جايغا يۆتكىلىپ بولغۇچە ۋابا كېسەللىنىڭ زەربىسىگە ئۇچراپ ”ئەمىنۇل ئۇممە“ ھەزرەتى ئەبۇ ئۇبەيدە ئىبنى جەرراھ

رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھاياتلىق ئامانىتىنى ئۆز ئىگىسىگە خۇشاللىق بىلەن تاپشۇردى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ئۆزىنى زادىلا تۇتالمىغان ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ «بۇ قېتىمقىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن كېيىن ھاياتىمدىكى ئەڭ ئېغىر يوقىتىش بولدى» دېگىنىچە ئۆزىنىڭچە ھۆڭرەپ يىغلاپ كەتكەن ئىدى.

نېمە دېگەن يۈكسەك، نېمە دېگەن ئېسىل، پەزىلەتلىك ئىنسان ھە، ئەبۇ ئۇبەيدە ئىبنى جەرراھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ؟! ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭ ھەققىدە دائىم «ئەگەر مەن ئۆلۈپ كېتىدىغان چاغدا ئەبۇ ئۇبەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھاياتلا بولۇپ قالسا، ئۇنى خەلىپىلىككە تەيىنلەيمەن، ھەمدە ئاللاھنىڭ ئالدىغا "ئى پەرۋەردىگارىم! پەيغەمبىرىڭ ئۆزى "ئۈممەتنىڭ ئامەتدارى" دەپ نام بەرگەن كىشىگە خەلىپىلىك ئامانىتىڭنى تاپشۇرۇپ كەلدىم" دەپ خاتىرجەم ئېيتالايمەن» دەيتتى.

شۇنداق، بۇ سۆز ھەرقانداق ئىككىنچى بىر كىشىنى خەلىپىلىككە نامزات كۆرسىتىشنى ئويلىغان چاغدىمۇ «ئۇنىڭ جاۋاپكارلىقى مېنىڭ ئۈستۈمدە بولۇپ قالىدۇ» دېگەن قورقۇنۇشتىن پۈتۈن ئەزايى لەرزىگە كېلىپ كېتىدىغان، ھەتتا ئۆز پەرزەنتىنىڭمۇ خەلىپىلىكنىڭ ھەققىنى تولۇق ئادا قىلالىشىغا ئىشىنەلمەي، ئۆز ۋەسىيىتىدە «مەندىن كېيىن ئۆزۈڭلار كىمنى خالىساڭلار شۇ كىشىنى خەلىپىلىككە تەيىنلەڭلار، ئەمما بىلىپ قويۇڭلاركى، ئۆمەرنىڭ ئائىلىسىدىن ھېچ كىشى خەلىپىلىككە ھەقلىق ئەمەس، مانا مەن بۇ ھەقنى مەڭگۈگە يوقىتىپ تاشلىدىم» دەپ خىتاب قىلغان شۇنچە ئېھتىياتچان زاتنىڭ ئېغىزىدىن چىققان ئىدى. ئۇ دائىم «كاشكى ئۆزۈمدىن كېيىن خەلىپىلىككە ئەبۇ ئۇبەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى تەيىنلىيەلىگەن بولسام ئىدىم» دەپ ئارزۇ قىلاتتى.

نېمە دېگەن ئامەتلىك، نېمە دېگەن بەختلىك، نېمە دېگەن يۈكسەك ئىنسان ھە، ئەبۇ ئۇبەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ؟! ئۇ پۈتۈن ھاياتىنى ئاللاھنىڭ دىنىنى يۈقىرى كۆتىرىش يولىدىلا سەرپ قىلدى. ئۆزى ئىسلام قوشۇنىنىڭ باش قوماندانى بولسىمۇ ھەر قېتىم يەرگە دەسسىگەندە ئاللاھنىڭ ئالدىدا مەنمەنلىكتىن قورقۇپ شۇنچە ئېھتىيات بىلەن ئاۋايلاپ دەسسەيتتى. شامنى فەتھ قىلغان ئۇلۇغ تۆھپىكار زات ئىدى، يۇ! غەلىبە ـ ئۇتۇقلارنىڭ مەھلىيالىق ئىززەت ـ ئىكرام، تۆر، زەرلىرىدىن قېچىپ، قاتتىق ناننى سۇغا تۆگۈرۈپ يەپ، ئاللاھنىڭ جەننەتتىن ئىبارەت ۋەدىسى بىلەنلا ھوزۇرلىناتتى. ئۇنىڭ شۇنچە ئاددى، ئەمما ئاجايىپ چوڭقۇر مەنىلىك ئەشۇ شاتلىقى مەڭگۈلۈك بەختىيارلىقنىڭ ئىزتىراپلىق ئىنتىزارلىقلىرى ئۈچۈن دۇنيانىڭ جېدىغۇسىز ئازاپلىرىغا دائىم كۆكرىكىنى يالىڭاچ تۇتاتتى. ئۇنىڭ ئىغىر سىناق باسقۇچلىرىنى غەلىبىلىك تاماملىغان پۈتۈن دەرت ـ ئەلەم، ئارزۇ ـ ئارمانلىرى تارىخ سەھىپىسىدە قېلىپ قالدى. ئەمما قىلغان كۆرەشلىرىنىڭ سەمەرىلىرى ئىنشائاللاھ،

ئەبدى ئۆزىنىڭ بىلەن بىرگە بولغۇسى، ئەبەدىي بىرگە بولغۇسى!

ئەمما بىزچۇ؟ بىز، ياپراق چىقىرىپ مېۋە بەرمەيدىغان، ئېتى ئۇلۇغ سۈپىرىسى قۇرۇق، شۇنداقتىمۇ «مەنلا ئالىم باشقىلار مەڭگۈ تالىبىم بولسا، مەنلا ھاكىم باشقىسى مەھكۇمۇم بولسا» دەپ شېرىن چۈش كۆرۈشتىن باشقا غايىمىز بولمايدىغان، ساختا نۇپۇز، ساختا ئىمتىيازلار ئۈچۈن مەڭگۈلۈك ئاخىرەت قوياشىمىزنىڭ ئۆچۈپ قېلىشىغا پەرۋا قىلماستىن تۆت كۈنلۈك دۇنيانىڭ ۋاقىتلىق ئاي شولىسىغا مەھلىيا بولۇپ يۈرىيدىغان، بىر كۈنى تۇيۇقسىز قەبىر قاراڭغۇلۇقىدا كۆز ئاچىدىغانلىقىمىزنى خىيالىمىزغىمۇ كەلتۈرمەي، پەقەتلا دۇنيانىڭ راھەت ـ پاراغىتى تۆر، مەنسەپلىرىدىن باشقىنى ئويلىمايدىغان. ئىشنىڭ نەتىجىسىنىلا كۆزدە تۇتماستىن، پەقەت نام، ئاتىقىنى، چاۋاك ئالقىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ھەلەكچىلىكىدە، يۈتۈن ئىززەت مەرتىۋىلەرنىڭ پەقەتلا ئاللاھنىڭ ئىلكىدە ئىكەنلىكىگە، كىمنى خالىسا، خار قىلىپ كىمنى خالىسا، ئەزىز قىلىدىغانلىقىغا پىسەنت قىلمايدىغان، ئىسسىيادىمىز ئاللاھنىڭ ئىززەت ـ مەرھەمىتىگە ئېرىششنى ئەمەس، بەلكى ئىنسانلارنىڭ ئىززەت مەرتىۋىسىگە ئېرىشىش، جەمىيەتتە كىمنىڭ بەكرەك ھۆرمەت تېپىپ، كىمنىڭ يۈكسىلىپ كېتىۋاتقانلىقىغا نەزەر سېلىش، ئۇنى يۈتلاپ، بۇنى يېقىتىپ، تېخى ۋۇجۇدقا چىقمىغان ھەتتا ۋۇجۇدقا چىقىرىشقا لايىق ھەركەتمۇ قىلمىغان ئىشلارنىڭ تۆھپىسىنى تالىشىپ، ئاتاقتا ئۇلۇغ تۆھپىكار بولۇۋېلىشنىڭلا غېمىنى قىلىپ يۈرىيدىغان مۇشرىك ئەبكارلار ئاخىرەتتە زادى قانداق ھالغا قالارمىز؟! ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە ھەمراھ بولارمىزمۇ ياكى قەلبىمىزدىكى ساختا شۆھرەتتىن ئىبارەت شەيتانىي مەبۇدىمىز بىلەن بىرگە قوپارمىزمۇ؟ قېنى ۋىجدانىمىزدىن سوراپ باقايلى، بىز شۇنداقتىمۇ يەنىلا تەۋھىدكار مۇسۇلمانمۇ؟

# ئىمان ھارپىسدا ئاللاھنى تونۇدۇقمۇ ؟

## ئاپتورى: مۇھەممەد ھەسسان

## مۇقەددىمە

الحمد لله ربالعالمين وأشهد ان لا اله الاظاللاه وحده لاشريك له وأشهد أن محمدا عبده ورسوله صلى ظاللاه عليه وسلم وعلى آله وأصحابه وأحبابه وأتباعه وعلى كل من اهتدى بهديه واستن بسنته واقتفى اثره إلى يوم الدين وبعد:

ھەر بىر ئادەم دۇنيادىن خوشلىشىپ قەبرىدىن ئورۇن ئالغاندىن كېيىنلا ئۇنىڭ يېنىغا ئىككى پەرىشتە كېلىدۇ ۋە تۆۋەندىكىدەك سوئاللارنى سورايدۇ :

رەببىڭ كىم؟ دىنىڭ نېمە؟ سىلەرگە ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەر مۇھەممەد

ئەلەيھىسسالام ھەققىدە نېمىلەرنى بىلىسەن ؟

مانا مۇشۇ ۋاقىتتا: تۆۋەندىكىدەك ھەقىقەت ئۆزىنى كۆرسىتىدۇ « ئاللاھ مۆمىنلەرنى مۇستەھكەم ئىمان بىلەن دۇنيادا ۋە ئاخىرەتتە مەھكەم تۇرغۇزىدۇ. ئاللاھ زالىملار (يەنى كۇففارلار) نى گۇمراھ قىلىدۇ، ئاللاھ خالىغىنىنى قىلىدۇ » سۈرە ئىبراھىيم.

بىز مۇشۇ سۇئالغا دۇچ كەلگەندە نېمە دەپ جاۋاپ بېرىمىز؟ كىلىڭلار ھەممىمىز ئۆز ئۆزىمىزدىن سوراپ كۆرەيلى :

سىز ئاللاھ توغرىسىدا نېمىلەرنى بىلىسىز؟

بۇ سوئال بىرىنچىدىن ئۆتكۈر پىكىرگە مۇھتاج، بۇنىڭ جاۋابى ئاللاھنىڭ كالامى بولغان قۇرئان كەرىمدىن ئۆزگە ئەمەستۇر. چۈنكى ئاللاھ ھەممىدىن بورۇن ئۆزىنىڭ بىرلىك ۋە بارلىقىغا ئۆزى گۇۋاھلىق بەرگەن:«ئاللاھ ئادالەتنى بەرپا قىلغان ھالدا گۇۋاھلىق بەردىكى، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ مەبۇد يوق )تۇر. پەرىشتىلەرمۇ، ئىلىم ئەھلىلىرىمۇ شۇنداق گۇۋاھلىق بەردى:ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ مەبۇد ( بەرھەق ) يوقتۇر. ئۇ غالىپتۇر، ھېكمەت ئىش بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر » (ئال ئىمران، 18ـ ئايەت).

ئاندىن كېيىن مەزكۇر سوئالغا بېرىلىدىغان جاۋاپ رەسۇلۇللاھنىڭ تەلىماتى بىلەن بولىدۇ. چۈنكى ئاللاھنىڭ مەخلۇقلىرى ئىچىدە ئاللاھنى ئەڭ روشەن تونۇيدىغانلار پەيغەمبەرلەردۇر.ئاندىن كېيىن مەزكۇر سوئالغا بېرىلىدىغان جاۋاپ، ئاسماندىن زېمىنغىچە، ئەرشىدىن ـ پەرشىگىچە بولغان ئاللاھنىڭ كائىنات كىتابىغا نەزەر سېلىشى بىلەن بولىدۇ.

دېمەك بىز ئاللاھنى قۇرئان كەرىم، سۈننەت ۋە ئۇچۇق كىتاپ (كائىنات) ئارقىلىق تونۇيمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن مەزكۇر سوئالنى قايتىدىن تەكرارلايمىز:سىز ئاللاھنى قانداق تونۇيسىز؟

« ئاللاھ دېگەن لەبزە بىر كەلىمە سۆز ئاللاھ تائالانىڭ مۇقەددەس زاتىغا قويۇلغان ئىسمى، مانا بۇ «ئاللاھ» دېگەن ئىسىمگە ئاللاھنىڭ بارلىق سۈپەتلىرى نىسبەت بېرىلىدۇ، بۇ ھەقتە قۇرئان كەرىم مۇنداق تونۇشتۇرۇش بەرگەن :« ئاللاھدىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر. ئۇ يوشۇرۇننى، ئاشكارىنى بىلگۈچىدۇر.ئۇ، ناھايىتى شەپقەتلىكتۇر. ناھايىتى مېھرىباندۇر ( يەنە دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ) كەڭ رەھمەت ئىگىسىدۇر» ( ھەشرى سۈرىسى 22 ـ ئايەت)

مەزكۇر ئايەتتە ئاللاھ تائالا ئۆزىنى سۈپەتلەپ « ئاللاھ» دېگەن ئىسمىنىڭ ئاستىغا :غەيبنى ۋە ئاشكارىنى بىلگۈچى، شەپقەتلىك ۋە مېھرىباندۇر دېگەن سۈپەتلەرنى نىسبەت بەردى.

يەنە ئاللاھ تائالا ئۆزىنى سۈپەتلەپ مۇنداق دىدى:«ئاللاھ دىن باشقا ھېچ بىر ئىلاھ مەبۇد (بەرھەق ) يوقتۇر. ئۇ مۇتلەق پادىشاھتۇر (يەنى بۈتۈن مەخلۇقاتلارنىڭ

مالىكىدۇر). پاكتۇر (يەنى ھەممە نوقسانلىدىن پاكتۇر). مۆمىنلەرگە سالامەتلىك بېغىشلىغۇچىدۇر. ئازاپتىن ئەمىن قىلغۇچىدۇر. ھەممىنى كۆزۈتۈپ تۇرغۇچىدۇر، قەھىر قىلغۇچىدۇر، ئۇلۇغلۇق ئىگىسىدۇر.(مۇشرىكلارنىڭ شېرىك كەلتۈرگەن نەرسىلىرىدىن پاكتۇر.»(ھەشىر سۈرىسى، 23-ئايەت).

دېمەك بۇ ئايەتتىمۇ مەزكۇر سۈپەتلەر ئاللاھ دېگەن زاتى مۇبارەكنىڭ ئىسمى ئاستىغا جەم بولدى، شۇنىڭ ئۈچۈن راھمان - رەھىم ئاللاھنىڭ سۈپەتلىرى دېيىلىدۇ، ئەكسىچە ئاللاھ دېگەن سۈپەتنىڭ قاتارىدىن دېيىلمەيدۇ. مەسىلەن:راھمان ئاللاھنىڭ سۈپەتلىرىنىڭ بىرى، قۇددۇس، سالام، غەپۇر، جەببار قاتارلىق ئىسىملارمۇ ئاللاھنىڭ سۈپەتلىرى بولىدۇ، ئەمما ئەكسىچە دېيىلمەيدۇ.

## ئاللاھنىڭ بۈيۈك ئىسمى

كۆپلىگەن ئۆلىمالار، ئاللاھ، دۇئا قىلسا ئىجابەت قىلىدىغان، تەلەپ قىلسا ئاتا قىلىدىغان بىردىن - بىر زاتى مۇقەددەس بولغان بۈيۈك ياراتقۇچىنىڭ خاس ئىسمىدۇر. بۇ « ئاللاھ » بۈيۈك ئىسىم ھەققىدە قۇرئان كەرىمدە ئىنچىكىلىك بىلەن مۇلاھىزە قىلسىڭىز، قۇرئان كەرىمنىڭ باشتىن ئاخىرى ئىماندىن سۆز ئېچىۋاتقانلىقىنى بايقايسىز، قۇرئان كەرىم ئاللاھ ھەققىدە سۆز ئاچىدۇ ياكى ئاللاھنىڭ زاتى ۋە سۈپەتلىرى ھەققىدە سۆز ئاچىدۇ ۋە ياكى قۇرئان ئاللاھنىڭ بۈيرىقى ۋە چەكلىمىسىدىن ئىبارەت، مانا بۇ ئىمانغا لازىمەتلىك بولغان سۆزلەردۇر.

قۇرئان ئىمان ھەققىدە ۋە ئۆلارغا دۇنيا - ئاخىرەتتە تەييارلانغان نىمەت ھەققىدە سۆز قىلسا، ئىماندىن يۈز ئۆرۈپ ئاللاھقا كاپىر بولغانلار ۋە ئۆلارنىڭ كۆرىدىغان جازاسى ھەققىدىمۇ سۆز ئاچىدۇ، قۇرئان كەرىمدىكى سۆزلەرنىڭ ھەممىسى ئىمان مەسىلىسى ئۈستىدە توختالغان سۆزلەردۇر، چۈنكى ئاللاھ تائالانىڭ مەخلۇقاتلارنى يارىتىشى، دوزاخ - جەننەتنى يارىتىشى دەل مۇشۇ ئىمان مەسىلىسى ئۈچۈندۇر.

## ھەممە قۇرئاننى ئاساس قىلىدۇ

ئاللاھ ھەققىدە ۋە ئىمان ھەققىدە سۆزلەپ بېرىدىغان ئەڭ بۈيۈك كىتاب قۇرئان كەرىمدۇر. چۈنكى قۇرئان كەرىم ئاللاھنىڭ كالامى ئاللاھ ئۆزىنىڭ بىلەن ئاللاھ ئالىمغىمۇ ۋە تۇرىككىمۇ خىتاب قىلىدۇ. شۇنداقلا ئۆسمۈرلەر، بالىلار، فىزىكا ۋە خېمىيە ئالىملىرى ۋە ئالەم ئۇشقۇچىلىرىغىمۇ خىتاپ قىلىدۇ. بۇ خىتاپتىن ئىكىنزارلىق ۋە سەھرادا ياشىغۇچىلارمۇ ئايرىلىپ قالمايدۇ. شۇڭا ھەر بىر ئىنسان ئۆز چۈشەنچىسى ۋە تونۇپ يەتكەن مىقداردا قۇرئان كەرىمگە ئېرىشىلىدۇ. ھەر ئىنسان ئۆزىنىڭ ئىلمى قابىلىيىتىگە قارىتا قۇرئان كەرىمدىن يول ئالىدۇ، پەقەت دىلى قاراداپ كەتكەنلەر ئاللاھقا بولغان ئىمانى ئۆچۈپ قالغان كىشىلەر قۇرئان كەرىمنىڭ كۆرسەتمىسىدىن بەھرىمەن بولالمايدۇ.

ئاللاھنى ئەڭ ساغلام تەبىئەتكە (يارتىلما پاك تەبىئەت)كە ۋە ۋىجدانغا سىگنال قىلىدىغان، بىر مەررە (قېتىم) خەۋەر تويغۇلىرىنى قوزغىسا، يەنە بىر مەررە قىسسىلارنى بايان قىلىدىغان، تەرغىپ بىلەن سۆز ئاچقاندا ئاگاھلاندۇرۇش بىلەن ئاياغلاشتۇرىدىغان ئاللاھنىڭ كالامى ئارقىلىق تونىغاندىنمۇ كاتتا بولامدۇ؟!

قۇرئان كەرىم بىزنى بىر قېتىم كۆك ئاسمانغا(ئاتمۇسفىرا)غا ئېلىپ چىقسا يەنە بىر قېتىم زېمىن ئۈستىگە ئېلىپ چۈشىدۇ، بۇنىڭلىق بىلەن توختاپ قالمايدۇ ئۆزىمىزنى ئۆز ئىچكى دۇنيايىمىزغا كىرىپ چىقىشقا ھەيدەپ بارىدۇ. بۇنىڭدىكى سىر نېمە؟؟

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:«بىر ئاللاھ دىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر؛ئاللاھ ھەمىشە تىرىكتۇر، ھەممىنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچىدۇر؛ئۇ مۈگدەپ قالمايدۇ، ئۇنى ئۇيقۇ باسمايدۇ؛ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ھەممە نەرسە ئاللاھ نىڭ(مۈلكى)دۇر؛ئاللاھ نىڭ رۇخسىتىسىز كىممۇ ئاللاھ نىڭ ئالدىدا شاپائەت قىلالىسۇن؛ ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئالدىدىكى(يەنى دۇنيادا قىلغان)، كەينىدىكى(يەنى ئۇلار ئۇچۇن ئاخىرەتتە تەييارلىغان)ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى بىلىپ تۇرىدۇ؛ئۇلار ئاللاھ نىڭ مەلۇماتىدىن(ئاللاھ)ئۇلارغا بىلدۇرۇشنى خالىغان نەرسىلەردىن(يەنى پەيغەمبەرلەرنىڭ تىلى ئارقىلىق بىلدۈرگەن نەرسىلەردىن)باشقا ھېچ نەرسىنى بىلمەيدۇ، ئاللاھ نىڭ كۇرسى(مەلۇماتى)ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.ئاسمان -زېمىننى ساقلاش ئۇنىڭغا ئېغىر كەلمەيدۇ.ئۇ يۇقىرى مەرتىۋىلىكتۇر، ھەممىدىن ئۇلۇغدۇر»( بەقەرە سۈرىسى 255 ـ ئايەت )

بۇ مەزكۇر ئايەتۇلكۇرسى، بىزنىڭ قايتا ـ قايتا توختۇلۇپ ئويلۇنۇپ بېقىشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ.

ئەسلى بىزدىن تەلەپ قىلىنىدىغان نەرسە تۆۋەندىكى ئاللاھ ئۆز ـ ئۆزىدىن خەۋەر بەرگەن نەرسىدۇر.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:«اللەدىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، ئۇ يوشۇرۇننى، ئاشكارىنى بىلگۈچىدۇر، ئۇ ناھايىتى شەپقەتلىكتۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر (يەنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە)كەڭ رەھمەت ئىگىسىدۇر. اللەدىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، ئۇ (مۇتلەق) پادىشاھتۇر (يەنى پۈتۈن مەخلۇقاتنىڭ مالىكىدۇر)، پاكتۇر (يەنى ھەممە نۇقساندىن پاكتۇر)، (مۆمىنلەرگە) سالامەتلىك بېغىشلىغۇچىدۇر، (دوستلارنى قورقۇنچتىن، ئازابتىن)ئەمىن قىلغۇچىدۇر، ھەممىنى كۈزىتىپ تۇرغۇچىدۇر، غالىبتۇر، قەھر قىلغۇچىدۇر، ئۇلۇغلۇق ئىگىسىدۇر، (مۇشرىكلارنىڭ) شېرىك كەلتۈرگەن نەرسىلىرىدىن پاكتۇر. الله (ھەممىنى) ياراتقۇچىدۇر، (يوقلۇقتىن) پەيدا قىلغۇچىدۇر، (ھەممە نەرسىگە) سۈرەت (شەكىل)

بېغىشلىغۇچىدۇر، ئەڭ چىرايلىق ئىسىملارغا ئىگىدۇر، ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەر ئۇنىڭغا تەسبىھ ئېيتىپ تۇرىدۇ، ئۇ غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر»( ھەشرى سۈرىسى 22 ـ 24 )

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ:«(ئى مۇھەممەد!)ئېيتقىنكى، ئۇ- الله بىردۇر. ھەممە اللەغا مۇھتاجدۇر. الله بالا تاپقانمۇ ئەمەس، تۇغۇلغانمۇ ئەمەس. ھېچ كىشى ئۇنىڭغا تەڭداش بولالمايدۇ»(ئىخلاس سۈرىسى )

دېمەك ئاللاھ تائالا ئۆز ـ زاتى سۈپەتلىرى ۋە قىلمىشلىرىدا پەقەتلا بىردۇر. ھۆرمەتلىك كىتاپخانلىرىمىزنى مەزكۇر ئايەتلەرنىڭ مەنىسىنى قايتا ـ قايتا مۇلاھىزە قىلىپ ئوقۇپ بېقىشنى تەۋسىيە قىلىمىز.

**پاك سۈننەت**

بىز يوقۇرىدا مەزكۇر ئايەتلەرنىڭ مەنىسىنى مۇلاھىزە قىلىشنى تەۋسىيە قىلدۇق، قۇرئان ئايەتلىرىنىڭ مەنىسىنى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشۈنۈش ئۈچۈن رەسۇلۇللاھنىڭ سۈننىتىگە قايتىش ئەڭ ياخشى ئۇسۇلدۇر. چۈنكى رەسۇلۇللاھ ئاللاھنى تونۇشتا بەندە ئىچىدىكى ئەڭ مۇكەممەل شەخس، ھەزرىتى ئەبى مۇسا ئەشئەرى مۇنداق دېگەن، رەسۇلۇللاھ بىر كۈنى بىزنىڭ ئارىمىزدا تۇرۇپ تۆت نەرسىنى ئوتتۇرىغا قويدى :

1. ئاللاھ تائالا ئۇخلىمايدۇ، ئۇيقا ئاللاھ ئۈچۈن لايىق ئەمەس.
2. ئاللاھ تائالا ناما ـ ئەمەل تارازىسىنى ئېغىر قىلىدۇ ۋە يىنىكلەشتۈرىدۇ.
3. ئاللاھ تائالاغا كۈندىزى قىلغان ئىبادەت كېچىسى كۆتۈرۈلۈپ بارىدۇ.
4. كېچىسى قىلغان ئىبادەت كۈندىزى كۆتۈرۈلۈپ بارىدۇ. (مۇسلىم رىۋايىتى)

بۇنىڭ سىرتىدا تازا ۋايىغا يېتىپ پىشىپ ئالىم بولغان يەھۇدى ئالىملىرىدىن بىرى رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىغا كىلىپ قىيامەت ھەققىدە سۆز ئاچىدۇ، ئۇ دەيدۇكى:ئى مۇھەممەد! ئاللاھ تائالا قىيامەت كۈنى بىر بارمىقىغا يەتتە ئاسماننى، بىر بارمىقىغا يەتتە قات زېمىننى، بىر بارمىقىغا دەل ـ دەرەخلەرنى ـ بىر بارمىقىغا سۇ ۋە نەملىكنى ۋە يەنە بىر بارمىقىغا بارلىق خالايىقلارنى يىغىپ تۇرۇپ، مانا مەن خۇدا ـ مەن پۈتۈن نەرسىنىڭ ئىگىسى دەيدۇ. بىزدە مۇشۇنداق ئەسەر بار، سەن بۇنىڭغا قانداق قارايسەن؟

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ يەھۇدى ئالىمنىڭ گېپىنى تەستىقلاپ كۈلۈمسىرەپ كەتتى، ھەتتا چىشلىرى پارقىراپ چىقىپ قالدى. ئاندىن رەسۇلۇللاھ تۆۋەندىكى ئايەتنى ئوقۇدى:«(ئۇلار اللەنى ھەقىقىي رەۋىشتە تونۇمىدى. قىيامەت كۈنى زېمىن پۈتۈنلەي اللەنىڭ چاڭگىلىدا بولىدۇ، ئاسمانلار اللەنىڭ ئوڭ قولىدا قاتلىنىپ تۇرىدۇ، الله ئۇلار(يەنى مۇشرىكلار)نىڭ شېرىك كەلتۈرگەن نەرسىلىرىدىن پاكتۇر ۋە ئۈستۈندۇر »(زۇمەر سۈرىسى 67 ـ ئايەت).

بىز بۇ خەۋەرنى ئەس - ھوشى دۇنياغا باغلىنىپ قېلىۋاتقان، دۇنيانىڭ ئاجايىباتلىرىغا ياراتقان ئىگىسى ئاللاھقا بولغان ئىشەنچىسىدىن بەكرەك ئىشەنچە قىلىۋاتقانلارغا ئەسكەرتىپ قويىمىز.

دېمەك، ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن باشلاپ قىيامەتكىچە بولىدىغان ئىنسانلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالانىڭ بىر بارمىقىغا يىغىلىدىغانلىقى مەلۇم بولدى. بىز بۇ قەدەر قۇدرەتنىڭ ئەھمىيىتىنى بىلىش ۋە روشەنلەشتۈرۈپلىشىمىز ھەققىدە قايتىدىن مۇلاھىزە قىلىشىمىزغا توغرا كېلىۋاتىدۇ:

**ئاللاھنىڭ بەلگىلىرى ( ئالامەتلىرى، ئىزنالىرى )**

بىز-يوقۇرىدا كۆرسۈتۈلگىنىدەك-ئاللاھنى قانداق تونۇشنىڭ لازىملىقىنى بىلىۋالدۇق. ئەمدى كۆز ئالدىمىزدا ئاللاھنىڭ ۋۇجۇدىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان كۆك ئاسمان بىلەن قاپلانغان كائىنات تۇرۇپتۇ. بىز ئەمدى بۇ كائىنات ئارقىلىق ئاللاھنى قانداق تونۇپ يېتەلەيمىز دېگەن مەسىلە قالدى:

كائىنات بولسا دىققەت ئېتىبارىمىز بىلەن نەزەر سالىدىغان، مۇلاھىزە قىلىپ ئوقۇيدىغان ئوچۇق كىتاپ: ئاللاھ ئۆز قۇدرەت - كامالى بىلەن ياراتقان بارلىق شەيئىلەرنى مەزكۇر كىتاپقا مەركەزلەشتۈرۈپ كۆز ئالدىمىزدا ئېچىپ قويىدى. لېكىن مىڭ ئەپسۇسكى، مەزكۇر كىتاپتىكى نۇرغۇنلىغان ھەقىقەتلەرنى(مۆجىزىلىك يارالمىشلارنى ) كۆرۈۋاتىمىز، ئەمما مۇلاھىزىمىز ۋە تەپەككۇر قىلىشنى بىلمەيۋاتىمىز، كىتاپتىكى بارلىق شەيئىلەر ياراتقۇچىسى ئاللاھنىڭ نەقەدەر قۇدرەتلىك ئىكەنلىكىنى كۆرسۈتۈپ تۇرسىمۇ، بۇنىڭغا كارىمىز بولماي كېلىۋاتىدۇ، پەقەت ھەقىقى مۆمىنلەر، ئەقىل تەپەككۇرىنى ئىشقا سالغان راستچىل موسۇلمانلار بۇ ئىلاھى قۇدرەتتىن ئىبرەت ئېلىۋاتىدۇ. ئاللاھقا بولغان ئىخلاس، ئىمانى كۈندىن - كۈنگە زىيادىلىشىۋاتىدۇ. ئاللاھنى ھەقىقى ئىلمى تەپەككۇر بىلەن تونۇغانلار بىلەن تەقلىدى - باشقىلارنى دوراپ تونۇغانلار ئوتتۇرىسىدا زور پەرىق بولىدۇ.

بۇ ھەقتە ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:«اللەنىڭ بەندىلىرى ئىچىدە اللەدىن پەقەت ئالىملارلا قورقىدۇ، الله ھەقىقەتەن غالىبتۇر، (بەندىلىرى ئىچىدە تەۋبە قىلغانلارنى)مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر»، (فاتىر سۈرىسى 28 - ئايەت).

**ئاسمان**

ئاسمانغا قاراڭ، ئۇ تولىمۇ كېلىشكەن كۆك گۈمبەزلىك ساراي: سىز ئۇنىڭغا نەزەر سېلىڭ، تەپەككۇر قىلىڭ، مۇلاھىزە قىلىڭ، ساپ خىيالىڭىز بىلەن ئويلاپ كۆرۈڭ، چوقۇمكى سىز ئۇنىڭدىكى ئاجايىپ سىرلارغا يېتەلەيسىز، ئۇنىڭدىكى رەڭگا - رەڭ كۆرۈنۈشلەر، زامان ئۆزگۈرۈشىگە ئەگىشىپ ئۆزگۈرۈپ تۇرىدىغان ۋاقىت سائەتلەر نېمە دېگەن نىزاملىق! نېمە دېگەن پۇختا رەتلەنگەن ھە!

مەزكۇر كۆك گۈمبەز ئاستىدا ئاجايىپ ھەقىقەتلەر بىر ـ بىرسى بىلەن ئۇچراشقان، كۆك ئاسمان، ئاتمۇسپېرا قاتلىمى، نەملەتكەن بولۇتلار، قۇياشنىڭ چىقىشى ۋە پېتىشى، ئاددىسى پاشا ـ چىۋىنگىچىلىك تامامى نەرسىلەر ئۆز ياراتقۇچىسىنىڭ قۇدرەت كامالىغا ۋەكىللىك قىلىپ ئۆز بۇرچىنى ئادا قىلىدۇ.

**ئاسماندىكى ئاجايىباتلار**

سىز سېخىلىقنى قىلچە يوشۇرماي يۇزلىرىدىن دەۋرانە ـ دەۋرانە نۇرلار تۆكۈلۈپ تۇرغان تولۇن ئايغا قاراڭ، تاڭدىكى سۇبھىنىڭ ئاجايىپ گۈزەل ئىقبالىغا نەزەر سېلىڭ، كۈلۈمسىرەپ چىقىۋاتقان قۇياشقا قاراڭ، تاڭ ئالدىدىكى چولپان يۇلتۇزغا قاراڭ، ئۇ خۇددى قارىسىڭىز قارىغۇڭىز كېلىدىغان يۇزلىرى توغاچلانغان بۇۋاققا ئوخشايدۇ. سىز ئۆزىڭىزنى قويىۋېتىپ تېخىمۇ يىراقلارغا نەزەر سېلىڭ. ئاسماندىكى ئاچا ـ سىڭىل يۇلتۇزلار تور شەكلىدە ئورۇن ئالغان رەتمۇ ـ رەت يۇلتۇزلار سىزگە ئاجايىپ تۇيغۇلارنى ئاتا قىلىدۇكى، قانچىمىڭلىغان يىراقلىقلاردىن نۇر تاشلاپ تۇرغان مۆجىزىلىك يۇلتۇزلار ئىمانىڭىز ۋە روھى دۇنيايىڭىزنى يورىتىدىغان نۇرلاردۇر.

سىز چوقۇم ئاللاھنىڭ قۇدرىتىگە ئۆز ئىرادىڭىز بىلەن ئىشىنىدىغانلاردىن بولۇپ قالسىز، تەپەككۇر ۋە مۇلاھىزە سىزنى ھەقىقى ئىمانغا باشلايدۇ، بۇ ھەقتە قۇرئان كەرىمدە مۇنداق كۆرسەتكەن :

« ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ(تەۋھىد بارىسىدا)قەتئى ئىشەنگۈچىلەردىن بولۇشى ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ ئاجايىپلىرىنى كۆرسەتتۇق »، (ئەنئام سۈرىسى 75 ـ ئايەت).

دېمەك شۇنىڭ بىلەن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭغا ئەگەشكۈچىلەر پەرۋەردىگارىنىڭ ھىدايىتىگە ئېرىشتى.

« ئىبراھىم كېچىنىڭ قاراڭغۇلىقى باسقاندا بىر يۇلتۇزنى كۆرۈپ (قەۋمىنىڭ سۆزىنى دەلىل كەلتۈرۈپ ئۇلارنى مات قىلىش ئۈچۈن) بۇ مىنىڭ پەرۋەردىگارىمدۇر دېدى. يۇلتۇز پېتىپ كىتتۋېدى، «مەن پېتىپ كەتكۈچىلەرنى » يەنى يۇلتۇزلارغا ئىبادەت قىلىشنى ياقتۇرمايمەن دېدى. ئۇ ئاينىڭ تۇغقانلىقىنى كۆرۈپ، (يوقۇرىقى ئۇسۇل بويىچە) « بۇ مېنىڭ پەرۋەردىگارمدۇر » دېدى. ئاي پېتىپ كىتتۋېدى، ئەگەر پەرۋەردىگارىم مېنى ھىدايەت قىلمىغان بولسا، مەن چوقۇم ئازغۇچى قەۋمنىڭ قاتارىدا بولۇپ قالىدىكەنمەن »دېدى. ئۇ قۇياشنىڭ چىقىۋاتقانلىقىنى (يۇقىرقى ئۇسۇل بويىچە) « بۇ مېنىڭ پەرۋەردىگارىمدۇر. بۇ ھەممىدىن (يەنى يۇلتۇز بىلەن ئايدىن چوڭدۇر » دېدى. قۇياش پېتىپ كىتتۋېدى، ئۇ، ئېيتتىكى ئى قەۋمىم:مەن ھەقىقەتەن سىلەر شېرىك كەلتۈرگەن مەبۇدلاردىن ئادا جۇدامەن»، (ئەنئام سۈرىسى 76 ـ 77 ـ 78 ـ ئايەتلەر).

ئەنە شۇنداق ئىلاھىي سىرلار ھەر بىر يارىتىلمىشلاردا بولغىنى ئۈچۈن ئاللاھ تائالا مۇنداق بۈيۈك قەسەم قىلغان :« يۇلتۇزلارنىڭ جايلىرى بىلەن قەسەم قىلىمەن، شۈبھىسىزكى ئەگەر بىلسەڭلار، ئۇ (يۇلتۇزلار ئاللاھنىڭ ئۇلۇغ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغانلىقى ئۈچۈن) ئەلۋەتتە كاتتا قەسەمدۇر»، (ۋاقىئە سۈرىسى 75 ـ 76 ـ ئايەتلەر).

ئاللاھ ياراتقان بۇ نەرسىلەر شۇ قەدەر بۈيۈك بولغىنى ئۈچۈن ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:« سىلەرنى يارىتىش مۇشكۈلمۇ؟ ياكى ئاسماننى يارىتىش مۇشكۈلمۇ؟ الله ئاسماننى ياراتتى، ئۇنىڭ ئېگىزلىكىنى يۇكسەك قىلدى ۋە كەم ـ كۈتىسىز قىلدى، ئۇنىڭ كېچىسىنى قاپقاراڭغۇ، كۈندۈزىنى يوپيورۇق قىلدى، شۇنىڭدىن كېيىن زېمىننى (ئەھلى زېمىننىڭ تۇرۇشىغا لايىق قىلىپ) يايدى»، (نازىئات سۈرىسى 27 ـ 28 ـ 29 ـ 30 ـ ئايەتلەر ).

سىز ئاللاھنىڭ تۆۋەندىكى ئايەتلىرى ھەققىدە يەنىمۇ ئويلۇنۇپ كۆرۈڭ:«ئۇلارغا (اللەنىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) بىر ئالامەت كېچىدىن ئىبارەتكى، ئۇنىڭدىن كۈندۈزنى ئايرىۋېتىمىز- دە (يەنى كۈندۈزنىڭ نۇرىنى يوق قىلىۋېتىمىز-دە)، ئۇلار ناگاھان قاراڭغۇدا قالىدۇ، كۈن بەلگىلەنگەن جايىغا قاراپ سەير قىلىدۇ، بۇ، غالىب، ھەممىنى بىلگۈچى اللەنىڭ ئالدىنئالا بەلگىلىگەن ئىشىدۇر، ئايغا سەير قىلىدىغان مەنزىللەرنى بەلگىلىدۇق، ئۇ (ئاخىرقى مەنزىلگە يېتىپ بارغاندا) خورمىنىڭ قۇرۇپ قالغان شېخىغا ئوخشاش بولۇپ قالىدۇ، كۈننىڭ ئايغا يېتىۋېلىشى(يەنى ئىككىسىنىڭ جەم بولۇپ قېلىشى)كېچىنىڭ كۈندۈزدىن ئېشىپ كېتىشى (يەنى ۋاقتى كەلمەستىن كۈندۈزنىڭ ئورنىنى ئېلىشى) مۇمكىن ئەمەس، ھەر بىرى پەلەكتە ئۈزۈپ تۇرىدۇ »، (ياسىن سۈرىسى 37 ـ 40 ـ ئايەتلەر ).

**ئۆز تىلى بىلەن ئىقرار قىلغان گۇۋاھلىق**

نيورۇك پەنلەر ئاكادىمىيسىنىڭ سابىق رەئىسى مۇنداق دېگەن:"ئاسمان جىسىملىرىنىڭ ئۇ قەدەر تەرتىپلىك ۋە نىزاملىق ئورۇن ئېلىشلىرى ھەرگىزمۇ تەسادىپى ئەمەس. ئاي ئۆز ئايلىنىش ئوربىتىدىن زېمىن تەرىپىگە بىر ئاز يېقىن لىنىيە تۇتۇپ ھەرىكەت قىلغان بولسا، دېڭىز، ئوكيان ـ ئارال قىرغاقلار ئارىسىدا ئۇرغۇنلىغان توقۇنۇش پەيدا بولغان بۇلاتتى. زېمىن ئەلۋەتتە ھالاكەت گىرداۋىغا دۇچ كىلەتتى.

قۇياش ئۆز ئوربىتىدىن چەتلەپ زېمىن تەرىپىگە بىر ئاز يېقىن يۆتكۈلۈپ ھەرىكەت قىلغان بولسا، زېمىن ئوربىتىدىكى بارلىق نەرسىلەر زېمىن بىلەن قوشۇلۇپ كۆيۈپ كەتكەن بولار ئىدى. قۇياش ئۆز ئورنىدىن كۆتۈرۈلۈپ زېمىن يۈزىدىن بىر ئاز يىراقلاپ كەتكەن بولسا زېمىن ۋە زېمىندىكى بارلىق نەرسىلەر مۇزغا ئايلىنىپ قالار

ئىدى.

شۇڭا ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆز لىنىيەسىدە سەيرە قىلىدۇ. مانا بۇ ئىشنى ئالدىنئالا بىلگۈچى ھەممىدىن غالىپ ئاللاھنىڭ ئورۇنلاشتۇرىشىدۇر. ئاللاھ ئاسماننى تۈۋرۈكسىز توختاتتى. سىز تۈۋرۈكسىز كۆتۈرۈلۈپ تۇرىدىغان ئۆگزىنى كۆردۈڭىزمۇ ؟؟؟

ئەنە شۇنداق ئىلاھى ھىكمەت ۋە قۇدرەت مانا مەن دەپ چىقىپلا تۇرغان بارلىق يارتىلمىلارغا نەزەر سېلىش مۇلاھىزە قىلىش ۋە تەپەككۇر ئەيلەش ئىماننى يۇرتۇپ بېرىدۇ.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن:«شۈبھىسىزكى، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ يارىتىلىشىدا، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ نۆۋەتلىشىپ تۇرۇشىدا، ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن، ئەلۋەتتە، روشەن دەلىللەر بار»، (ئال ئىمران سۈرىسى 190ـ ئايەت)

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ:«ھەقىقەتەن بىز قۇرئاننى چۈشۈنۈشكە (ھىپزى قىلىشقا ـ مۇلاھىزە قىلىشقا) ئاسان قىلدۇق، ئىبرەت ئالغۇچى بارمۇ »، (قەمەر سۈرىسى 17 ـ ئايەت )

ئەنە شۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭ كارامەتلىرى، كۆك گۈمبەزلىك ئاسماننىڭ ئاستىدىكى تامامى نەرسىلەرنىڭ يېغىندىسى ئاللاھنىڭ كارامەتلىرىدىن بىر تامچە ھىساپلىنىدۇ. بىز ئاسماندىكى نەزەرىمىزنى يېغىپ زېمىنغا نەزەر تاشلىساق ئاللاھنىڭ بۈيۈك قۇدرەت ـ كامالىنى كۆرسۈتۈپ تۇرىدىغان يەنە نۇرغۇن كارامەتلەرنىڭ بارلىقىنى كۆرەلەيمىز.

**قوشماق ئاچا سىڭىللار**

سىز ئېچىلغان غۇنچىنىڭ چېچەك ۋە بىر ـ بىرىگە تۇتاش ئىنتايىن چىرايلىق دۈگىلەشكەن يوپۇقلىرىغا قاراڭ، مەزكۇر غۇنچىنى ئۇندۇرگەن تۇپراق ھاۋا ۋە سۇغۇرۇلغان سۇ ئوخشاش بىر چىنلىقتا ئىگە، ئەمما گۈلنىڭ ھەربىر پۈرەكلىرى ئاجايىپ يارشىملىق رەڭ ئالغان ۋە بىرى ـ بىرىگە ماسلاشقان ئۇنىڭدىن سىرت ئۇنىڭدىن چىقۋاتقان پۇراقلار ئادەمنى ئۆزگىچە جەلىپ قىلىدۇ. سىز بىرەر قېتىم ئۆز ـ ئۆزىڭىزدىن سوراپ باقتىڭىزمۇ؟ بۇ قەدەر يېقىملىق مايىسنى كىم ئۇندۇرگەن؟ كىم ئۇنىڭغا شۇ قەدەر گۈزەل سۈپەتلىك رەڭلەنگەن، ئۆزلىگىدىن بولۇپ قالىدىغان نەرسىغۇ يوق، ئەگەر بولۇپ قالىدىغان بولسىمۇ بۇ قەدەر يېقىملىق ـ رەتلىك ـ پۇراقلىق ـ رەڭگارەڭ سۈپەتلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ قالارمۇ؟؟

بىز بۇ سوئالنىمۇ بۇندىن ئىلگىرى ئىقرار سوئالى تەرىقىسىدە پەرۋەردىگارىمىزدىن سوراپ بولغان.

«ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقان، سىلەرگە بۇلۇتتىن يامغۇر ياغدۇرۇپ بەرگەن،

ئۇنىڭ بىلەن گۈزەل باغلارنى يېتىشتۈرۈپ بەرگەن كىم؟ ئۇ باغلارنىڭ دەرەخلىرىنى ئۆستۈرۈش سىلەرنىڭ قولۇڭلاردىن كەلمەيدۇ، ئاللاھ دىن باشقا ئىلاھ بارمۇ؟ باشقا ئىلاھ يوقتۇر، ئۇلار (ھەقىقەتتىن) بۇرۇلۇپ كەتكەن قەۋمدۇر. زېمىننى (ئىنسانلارغا ۋە ھايۋانلارغا) تۇرالغۇ قىلغان، ئۇنىڭ تۈرلۈك تەرەپلىرىدە دەريالارنى ئاققۇزغان، ئۇنىڭ ئۈستىدە (تەۋرەپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن) تاغلارنى ئورناتقان، ئىككى دېڭىز ئارىسىدا (يەنى تاتلىق سۇ بىلەن شورلۇق سۇ ئارىسىدا ئارىلىشىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن) توساقلارنى قىلغان كىم؟ ئاللاھ دىن باشقا ئىلاھ بارمۇ؟ (باشقا ئىلاھ يوق) ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار) نىڭ تولىسى بىلمەيدۇ. بېشىغا كۈن چۈشكەن ئادەم دۇئا قىلسا (ئۇنىڭ دۇئاسىنى) ئىجابەت قىلىدىغان، ئۇنىڭ بېشىغا كەلگەن ئېغىرچىلىقنى كۆتۈرۈۋېتىدىغان ۋە سىلەرنى زېمىننىڭ ئورۇنباسارلىرى قىلغان كىم؟ ئاللاھ دىن باشقا ئىلاھ بارمۇ؟ سىلەر ئازغىنا ۋەز - نەسىھەت ئالىسىلەر، قۇرۇقلۇقنىڭ ۋە دېڭىزنىڭ قاراڭغۇلۇقلىرىدا سىلەرگە يول كۆرسىتىپ بېرىدىغان، رەھمىتىدىن (يەنى يامغۇر ياغدۇرۇپ بېرىشتىن) ئىلگىرى شاماللارنى بىشارەت قىلىپ ئەۋەتىدىغان كىم؟ ئاللاھ دىن باشقا ئىلاھ بارمۇ؟ (ھېچ ئىلاھ يوقتۇر) ئاللاھ ئۇلارنىڭ شېرىك كەلتۈرگەن نەرسىلىرىدىن پاكتۇر. ئىنساننى دەسلەپتە خەلق ئەتكەن، ئاندىن ئۇنى تىرىلدۈرىدىغان كىم؟ سىلەرگە ئاسماندىن ۋە زېمىندىن رىزىق بېرىدىغان كىم؟ ئاللاھ دىن باشقا ئىلاھ بارمۇ؟ (ھېچ ئىلاھ يوقتۇر) ئېيتقىنكى، «(ئەگەر دەۋايىڭلاردا) راستچىل بولىدىغان بولساڭلار، دەلىلىرىڭلارنى كەلتۈرۈڭلار»، (نەمله سۈرىسى 60 - 64 - ئايەت).

**ئىشەنگۈچىلەر ئۈچۈن زېمىندا نۇرغۇنلىغان ئاجايىپلار بار**

سىز ئۈستىدە ياشاۋاتقان زېمىن تەۋرەنمەي مۇستەھكەم تۇرىدۇ. لېكىن ئۇلار بىرلا ۋاقىتتا ئۈچ خىل ھەرىكەت يىلەن دەۋر قىلىدۇ. يىڭى ئىلىم - پەننىڭ ئىسپاتلاپ چىقىشىچە:زېمىن ئۆز لىنيەسىدە سائەتىگە 1000 مىل سۈرەت بىلەن ھەرىكەت قىلىدۇ. زېمىن قۇياش ئەتراپىدا سائىتىگە 65000 مىل سۈرەت بىلەن ئايلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا قۇياش سىستېمىسىدىكى يۇلتۇزلار ئەتىراپىدا ھەر 200.000.000 يىلدا بىر قېتىم كامىل ئايلىنىپ تۇرىدۇ. گەرچە زېمىن ئۇ قەدەر بۈيۈك سۈرئەت بىلەن ھەرىكەت قىلغان بولسىمۇ ئاللاھ ئۇنى بىز ئىنسانلارنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن بويسۇندۇرۇپ بەرگەن.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن:«الله سىلەرگە زېمىننى مېڭىشقا ئاسان قىلدى، زېمىننىڭ ئەتراپىدا مېڭىڭلار. اللەنىڭ (بەرگەن) رىزقىدىن يەڭلار، سىلەر تىرىلگەندىن كېيىن اللەنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر» (مۇلك سۈرىسى 15 - ئايەت).

زېمىن بىر تەرەپتىن بىز ئۈستىگە مىنىپ سەپەر قىلىدىغان تۇگىگە ئوخشىسا يەنە بىر تەرەپتىن سىيرغا ۋە ساغلىقىقا ئوخشايدۇ، ئۇ بىزگە ساناپ تۈگەتكۈسىز نېمەت ئاتا قىلىدۇ. سىز زېمىن تەييارلاپ بىرۋاتقان زىرائەت مايىسلار، گۈل ـ گىياھلار، مىۋە ـ چىۋىلەر، يەر ئاستى ۋە ئۈستى قات بايلىقلىرى ۋە دەريا ـ ئۆستەڭلىرىگە نەزەر سېلىڭ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن:«سىلەر ئاللاھنىڭ نېئمىتىنى ساناپ تۈگىتەلمەيسىلەر، كافىر ئادەم، شەك ـ شۈبھىسىزكى، زولۇم قىلغۇچىدۇر (ئاللاھنىڭ نېمەتلىرىگە ) كوفرىلىق قىلغۇچىدۇر »، (ئىبراھىم سۈرىسى 34 ـ ئايەت ).

كۆز ئالدىمىزدىكى بۇ كائىنات كىچىككىنە زەررىدىن باشلاپ ئەڭ چوڭ پىلانىتلارغىچە ياراتقۇچىنىڭ نەقەدەر يۈكسەكلىكىگە دالالەت قىلىدۇ.

**ئۈرۈقنىڭ مىۋىسى**

سىز بىر دانە ئۈرۈقنى كۆز ئالدىڭىزغا كەلتۈرۈڭ، ئىنسانلار ئۇنى ئىستىمال قىلىش بىلەن هايات كەچۈرىدۇ. بىر تال ئۈرۈق يەرگە كۆمۈلگەندە ئۇنىڭدىن ئۆسكەن مايسا بىر باشاقنى مىۋىلەپ كۆتۈرۈپ چىقىدۇ، بىر باشاقتىن 50 تىن 100 گىچە دانىنى ئارتۇق ئالغىلى بولىدۇ، بۇ مەسىلە ھەممە ئادەمگە مەلۇم.

سىز بىر باشاقنى قولىڭىزغا ئېلىپ ئۆۋلىسىڭىز بىر مۇنچە دانلار ئايرىلىپ چىقىدۇ، ھەر بىر دانغا نەزەر سالسىڭىز ئۇنىڭ ئۈرىقى، نۇرانە شەكلى خۇددى مەرۋايىتقا ئوخشايدۇ. ئۇنىڭدىن سېرىق ھەر بىر دان ئۆز تەركىۋى يەنە نەسلى قالدۇرۇش خوسۇسىيىتىنى ساقلاپ قالغان، بىر تال دانىنى تېرىسىڭىز 100 دانە دانىنى بېرىدۇ. 100 دانىنى تېرىسىڭىز 10000 دانە دان بولىدۇ.مەسىلەن: 10.000=100 x 100 =100 x 1 ئۆزىڭىزدىن سوراپ كۆرۈڭ:بۇ ئوزۇقلۇق قىممىتى ئىنتايىن يوقۇرى، نۇرانە تۈرقى، دۇردانە ـ دۇردانە دانلارنىڭ بىرىكمىسى بولغان بىر باشاق دانلىرىنىڭ چېچىلىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن شۇ قەدەر پۇختا يېپىنچىسى بىلەن يېپىۋالغان ياپملىرى، ئۇچار قۇشلارنىڭ يەۋالماسلىقى ئۈچۈن مىخ بولۇپ قادىلىپ تۇرغان قىلتىرىقلىرى نېمە دېگەن يوقۇرى تېخنىكىلىق بىلەن ئورۇنلاشتۇرۇلغان!بۇنداق پۇختا ماھارەتلىك كەشپىياتنى كىم ئىجات قىلغان؟؟؟!

بىز مىۋىنى يەپ بولغاندىن كېيىن ئورۇقچىسىنى (ئۇشكىسىنى) تاشلىۋېتىمىز ئۇ بىزنىڭ نەزىرىمىزدە ئەھمىيەتسىز نەرسە ھىساپلىنىدۇ. لېكىن ئاشۇ ئۇشكە بولمىغان بولسا مىۋىمۇ بولمىغان بۇلاتتى.ئۈرۈق ئۆسۈملۈكنىڭ ئۆسۈشىدە، بىر ـ بىرى بىلەن چاڭلىششىدا بىرگە بىر نەچچە يۈزنى ئىشلەپ چىقىرىپ بىرىشتە قانچىلىك مۇھىم رول ئوينايدۇ؟ بىز بۇلارنى بىرەر قېتىم مۇلاھىزە قىلىپ كۆردۇقمۇ؟؟؟

**ئۈزۈمە يوپۇرمىقى**

ئۈزۈمنىڭ مىۋىسى ۋە ئۇنىڭ شىپالىق رولى ھەممىگە مەلۇم. ئۈزۈمنىڭ يوپۇرمىقىمۇ

مۇسى بىلەن ئوخشاش ياكى ئۇنىڭدىن نەچچە ھەسسە ئارتۇق مەنپەئەت ئاتا قىلىدۇ.

ئۇنى قويغا بەرسەك قوينىڭ سۈتى ۋە گۆشىنىڭ ئىنتايىن پايدىلىق ئوزۇقلۇق قىممىتى يۇقىرى ۋە تاتلىق بولىدۇ. ئۇنى پىلە قۇرتىغا بەرسەك بىزگە يىپەك ئىشلەپ بېرىدۇ. ئۇنى بۇغا يېسە ئىنتايىن گۈزەل ئىپار ئاتا قىلىدۇ. ھەسەل ھەرىسى يېسە ھەسەل ئىشلەپ بېرىدۇ. ھەزىم قىلىنىش تەركىۋى بىر خىل بولغان مەزكۇر يوپۇرماق خىلمۇ ـ خىل مەھسۇلاتنىڭ ماددىسى بولالايدۇ. لېكىن بۇنىڭغا نەزەر سالىدىغان ۋە تەپەككۇر قىلىدىغانلار نەدە ؟؟؟

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:«ئۇلار زېمىندا سەير قىلمىدىمۇ؟ شۇنىڭ بىلەن ئۇلار (يەنى سەير قىلىپ) چۈشىنىدىغان دىللارغا ياكى ئاڭلايدىغان قۇلاقلارغا ئىگە بولمىدىمۇ؟ ھەقىقەتەن كۆزلەرلا كور بولمايدۇ، لېكىن كۆكرەكلەردىكى قەلبلەر كور بولىدۇ (يەنى ھەقىقىي كورلۇق كۆزنىڭ كورلۇقى ئەمەس، دىلنىڭ كورلۇقىدۇر، كور ئادەم ئىبرەت ئالمايدۇ ۋە چۈشەنمەيدۇ)»، (ھەج سۈرىسى 46 ـ ئايەت).

تۇخۇم

بىز كۈندە دېگۈدەك تۇخۇم ئىستېمال قىلىمىز. كىم تۇخۇم ھەققىدە مۇلاھىزە قىلىپ كۆردى؟ ئۇنىڭدا خۇددى ھەزرىتى ئىمام ئەھمەد مۇلاھىزە قىلغاندەك ئاجايىب كۆرۈنۈشلەر بار.

ھەزرىتى ئىمام ئەھمەدتىن بەزى دىلى قارداپ كەتكەن دىنسىزلار ئاللاھنىڭ ۋۇجۇدى ھەققىدە سوئال سورىغاندا، ئىمام ئەھمەد مۇنداق دەپ جاۋاپ بەرگەن:"بۇ يەردە تۇخۇمدىن ئىبارەت تۆكسىز ئاپئاق پۇختا بىر قورغان بار. ئۇنىڭ ئىشىگىمۇ، دەرىزىسىمۇ يوق. ئۇنىڭ ئىچى سۈيۇقلۇق كۈمۈش ۋە سېرىق ئالتۇن، ئۇ شۇنداق تۇرۇپ ئاستا ـ ئاستا يېرىلسا ئۇنىڭ ئىچىدىن يېقىملىق ئاۋازى بار ئىنتايىن چىرايلىق كۆرۈنىدىغان ۋە ئاڭلايدىغان بىر ھايۋان چىقىدۇ. ئۇنى بىز چۈجە دەپ ئاتايمىز. ئىش بۇنىڭلىق بىلەن تۈگەپ قالمايدۇ، سىز چۈجە تۇخۇمدىن چىقىپلا يەرنى چوقۇلاشقا باشلايدۇ. بىز ئۇنىڭدىن ئىلگىرى ئانىسىنىڭ ياكى باشقا توخۇنىڭ يەر چوقۇغىنىنى كۆرگەن ئەمەس ئىدى. ئۇنداقتا ئۇ چۈجىگە يەر چوقۇلاشنى كىم ئۆگەتتى. بىز بۇ يەردە بىر ئاز بولسىمۇ ئويلاپ كۆرىشىمىز لازىم. مۇلاھىزە قىلىشىمىز لازىم. بۇ پەقەت ئاللاھنىڭ بۈيۈك قۇدرىتىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. مەقسەت بىز چوقۇم ئاللاھنىڭ ھۆكمىگە بويسۇنىشىمىز ۋە ئۇ زاتتىن قورقىشىمىز كېرەك. ئاللاھ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:« ئاللاھنىڭ بەندىلىرى ئىچىدە ئاللاھدىن بەك قورقىدىغانلار ئالىملاردۇر »، (پاتىر سۈرىسى 28 ـ ئايەت).

**تەبئى ئەقىل**

( ساغلام تەبئەت، يارتىلما ھىدايەت )

ھاياتىدا بىرەر كۈنمۇ مەكتەپتە ئوقۇمىغان بىر ئادەم ئۆزىنىڭ ساغلام تۇيغۇسى بىلەن ئاللاھنىڭ ۋۇجۇدى ھەققىدە مۇنداق جاۋاپ بېرىدۇ:تىزەك (ماياق) تۆگىنىڭ ۋۇجۇدىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئىز ماڭغۇچىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇنداق بولغىنىكەن بۇ ھەيۋەتلىك ئاسمان، ئارال تۇپۇلۇك ـ تاغ ۋە تۇزلەڭ قاتارلىق بىپايان زېمىن ۋە دولقۇنسىمان دېڭىز ئەلۋەتتە ياراتقۇچىسىنىڭ ۋۇجۇدىغا دەلىل بولمامدۇ؟؟ مەزكۇر ئادەم ئۆز تەبئى توغۇلما خاراكتىرىدىكى ھىدايەت سىزىمى بىلەن ئوتتۇرىغا قويغان دەلىللىرى ئوقۇغۇچىلارنى ئاللاھنىڭ ۋۇجۇدى ھەققىدە شەكتە قالدۇرۇشقا ئورۇنۇپ تىرىشچانلىق كۆرسىتىۋاتقان دىنسىز ئۇستازنىڭ ئالدىدىكى گەپنى تىڭشاپ تۇرۇپ رەددىيە قايتۇرىۋاتقان مۇسۇلمان ئوقۇغۇچىنىڭ سۆزلىرىگە ئوخشاپ كېتىدۇ.مەزكۇر دىنسىز ئەپەندى ئوقۇغۇچىلارغا مۇنداق دېگەن:"ئوقۇغۇچىلار! سىلەر مېنى كۆردۇڭلارمۇ؟" ئوقۇغۇچىلار! ھە كۆردۇق. ئەپەندى ئۇنداقتا مېنىڭ ۋۇجۇدۇم بارمۇ؟

ئوقۇغۇچىلار: بار كۆرۈپ تورۇپتىمىز.

ئەپەندى: ئۇنداقتا سىلەر ئاللاھنى كۆردۇڭلارمۇ؟

ئوقۇغۇچىلاردىن بىرى:ئەپەندىنىڭ گەپ باشلاپ مۇنداق دىدى:ساۋاقداشلار! ئۇستازنىڭ ئەقلىنى كۆردۇڭلارمۇ؟؟

ساۋاقداشلار: ياق كۆرمىدۇق، ئۇنداق بولسا ئۇستازنىڭ ئەقلىمۇ يوق بولدىغۇ؟ شۇنىڭ بىلەن دىنسىز ئەپەندىنىڭ بىر دىنلا تىلى ئىچىگە كىرىپ كەتتى. ئاللاھ ھەق گەپ بىلەن دىنسىز ئەپەندىنى يەرگە ئۇردى.

سىز يورۇۋاتقان چىراقنى كۆرۈپ تۇرۇپ ئۇنىڭ نۇرىنى ئىنكار قىلالمايسىز. ئۇ چىراقنىڭ توك سىمى ئارقىلىق ئۆتۈشۈپ كېلىۋاتقان توك دولقىنى بولمىسا چىراقنىڭ يانمايدىغانلىغى ئېنىق چىراقنىڭ يېنىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن تۇرۇپ توك دولقىنىنى كۆرمىگىنى ئۈچۈن توكنى يوق دەپ ئېيتىشقا ھېچكىم پېتىنالمايدۇ. ئەگەر ئەكسىچە چىراق يانغان بىلەن توكنى كۆزۈم كۆرمىگىچە ئىشەنمەيمەن دىسە، باشقىلار بۇ ئادەمنى ئەقلىدىن ئاداشقان دەپ ئاتايدۇ.

ئۆز نەپسىڭلارغا قاراپ بېقىڭلار

ئاللاھنىڭ بارلىق ۋە بىرلىكىگە چىنپۈتمەيدىغان (ئىشەنمەيدىغان) ئىنسان ئەسلىدە ئۆزىمۇ ئاللاھنىڭ ۋوجۇدىغا دەلىل بولىدىغان ئاللاھنىڭ ياراتقان مۆجىزىلىرىدىن بىرى ئىدى. جۇملىدىن ئىنسانلاردىمۇ ئاللاھنىڭ قۇدرەت كامالىنى مانا مەن دەپلا كۆرسۇتۇپ تۇرىدىغان ساناقسىز ئالامەتلەر بار. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن:«ئۆزەڭلاردا اللەغا چىن ئېتىقاد قىلىدىغانلار ئۈچۈن (اللەنىڭ

قۇدرىتىنى ۋە بىرلىكىنى كۆرسىتىدىغان) نۇرغۇن ئالامەتلەر بار، (بۇنى) كۆرمەمسىلەر؟»

سىز كۆز، بۇرۇن، ئېغىز ۋە قۇلاق قاتارلىق ئەزالارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان چىرايلىق يۈزگە قاراڭ!

بۇ قەدەر چىرايلىق يۈز 4 خىل سۇنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقىنى كۆرىسىز. مەسىلەن: كۆزدىن چىققان سۇ تۇزلۇق بولىدۇ. بۇرۇندىن چىققان سۇ ئاچچىق ـ چۈچۈك بولىدۇ. ئېغىزدىن چىققان سۇ تاتلىق بولىدۇ. قۇلاقتىن چىققان سۇ خالىس ئاچچىق بولىدۇ. ئەمما بۇ سۇ قاچىلانغان ئۇرۇن بىر، ئۇ بولسىمۇ باش ئىدى. سىز بۇنى ئويلۇنۇپ كۆرگەنسىز!

كۆزنىڭ سۈيى ئاچچىق ـ چۈچۈك بولۇشى بۇرۇنغا كىرىپ كېلىدىغان ھاۋانى ساپلاش ئۈچۈن، ئېغىزنىڭ سۈيىنىڭ تاتلىق بولۇشى تائامنىڭ لەززىتىنى تېتىش ئۈچۈن، قۇلاقنىڭ سۈيىنىڭ ئاچچىق بولۇشى ھاشارەت ۋە ئۆمۈلۈگۈچى جاندارلارنىڭ ئىنسان بىخەستە ۋاقتىدا قۇلاق ئىچىگە كىرۋالماسلىغى ئۈچۈن قويۇلغان توسمىدۇر.

**خۇلاسە**

ئالالاھغا بولغان ئىشەنچىسى كامىل بولمىغىچە ئالالاھنى توندى دېگىلى بولمايدۇ. ئالالاھنى كامىل تونۇمىغىچە ئالالاھدىن ھەقىقى قورقۇش ئەمەللەشمەيدۇ. بىز ئەنە شۇنداق يۈرەكنى جىغىلدىتىدىغان، قۇلاقنى جاراڭلىتىدىغان سان ـ ساناقسىز ئالامەتلەرنى كۆرۈپ تۇرۇپ ئالالاھنىڭ بىرلىكىنى ئىقرار قىلمامدۇق؟ ھەتتا بىزدىن بىرەر ئادەم سوراشقا تېگىشلىك بولغان ئەڭ ئاددى« ئالالاھنىڭ بىزنىڭ ئۈستىمىزدىكى ھەققى نېمە؟ » دېگەنچىلىك بىر سوئالنى سوراپ باقمايدۇ...

# توققۇزىنچى پەسىل:

# مۇئمىننىڭ ئىبادىتى

**ئەمرۇ خالىد**

**بىسمىللاھىررەھمانىر رەھىيم**

**مۇقەددىمە**

پۈتۈن ھەمدۇ- سانا ئاللاھقا مەنسۇپتۇر، ئاللاھقا ھەمدە ئېيتىمىز، ئاللاھتىن ياردەم، ھىدايەت ۋە مەغپىرەت سورايمىز. ئاللاھقا سېغىنىپ نەپسىمىزنىڭ شەررىدىن، ئەمىلىمىزنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمىز. ئاللاھ ھىدايەت قىلغان ئادەم- توغرا يولغا ئېرىشكەن ئادەمدۇر، ئاللاھ كىمنى ھەقتىن يىراقلاشتۇرۋەتسە، سىز ئۇنىڭ ئۈچۈن ھەرگىز ئىگە بولغۇچى ۋە توغرا يولغا باشلىغۇچىنى تاپالمايسىز.

مەن سىلەرگە « مۆمىنلەرنىڭ ئىبادىتى » ناملىق تۈنجى كىتابىمنى تەقدىم قىلماقتىمەن.

بۇكىتاپنىڭ كىتاپ بولۇپ چىقىشى: بۇكىتاپنىڭ تېكىستى ئەسلىدە مېنىڭ قاھىرەدىكى شەيخ مەھمۇد خەلىل ئەلھەسرى مەسجىدىدە سۆزلىگەن لېكسيىلىرىمنىڭ توپلامى ئىدى. شۇنداقلا بۇ مىنىڭ مەسجىدلەردە سۆزلىگەن تۇنجى لېكسيىلىرىم ئىدى، شىرىكتىن خالى، يەككە- يىگانە ئاللاھ تەئەلانىڭ پەزلى- مەرھەمىتى بىلەن مۇسۇلمان ياشلار بۇ نوتۇقلىرىمغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەردى. بۇ لېكسيىلەرنى سۆزلىشىمدىكى ئاساسلىق نىشان مۇنداق ئىدى: مىنىڭ ھېس قىلىشىمچە، ئىبادەت مۇسۇلمانلار ھاياتىدا، بولۇپمۇ ياشلارنىڭ ھاياتىدا بىر تۈرلۈك مەنىۋى يۈك بولۇپ قېلىپ، ئۇلار بۇ ئىبادەتلەرنى خۇددى قىلمىسا بولمايدىغان مەجبۇرىيەتلىرىنى ئادا قىلىۋاتقاندەك، ياكى بولمىسا بۇ ئىبادەتلەرنىڭ مۇسۇلمانلارغا بېرىدىغان ھوزۇر- ھالاۋىتىنى، ئاللاھ تەئەلانىڭ بۇئىبادەتلەرگە بېرىدىغان ئەجىر- مۇكاپاتىنى بىلمەي، پەقەت ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قورقۇپلا ئادا قىلىۋاتقاندەك ئىدى. مۇسۇلمانلار بۇ نوقتىنى تونۇپ يەتكەن بولسا، بۇ، ئۇلارنىڭ ئىبادەتلەرنى ئاللاھنى رازى قىلىدىغان، شۇ ئىبادەتلەردىن ھوزۇر ھىس قىلالايدىغان ھالەتتە ئادا قىلىشىغا تۈرتكە بولغان بولاتتى. مەن يەنە شۇنى ھىس قىلدىمكى، بۇنداق بولىشىدىكى ئەيىب ئادەملەرنىڭ دىلىنىڭ قېتىپ كەتكەنلىگىدە، ياكى ئاللاھ تەئەلا تەرەپكە يۈزلىنىشىنىڭ ئېغىر كەلگەنلىكىدە ئەمەس، بەلكى ئەيىپ بىر تەرەپتىن ئۇلارنىڭ بۇئىبادەتلەرنىڭ پەزىلىتى ۋەئەجىر- مۇكاپاتىنى ئۇمىد قىلمىغانلىقتىن بولسا، يەنە بىر سەۋەپ بۇئىبادەتلەرنىڭ ئومۇمى رەۋىشتە ئۇلارنىڭ روھىنى يۈكسەلدۈرۈپ، خاتىرجەملىك بېغىشلىيالايدىغانلىقى ۋە

بەخىت- سائادەتكە ئېرىشتۈرۈشتىكى رولىنى بىلەلمىگەنلىكىدىن ئىدى.

مەن ئۆز- ئۆزۈمگە دەيتتىم: ئەگەر بىز ئىبادەت دىگەن بۇ چۈشەنچىنى ۋە ئۇنىڭ ئەجىر مۇكاپاتىنى پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام تۇنجى ئەۋلات مۇسۇلمانلارغا بايان قىلىپ بەرگەندەك، چۈشۈنۈشلۈك قىلىپ تونۇشتۇرالىغان بولساق، مۇسۇلمانلار بولۇپمۇ ياشلار شەك- شۈبھىسىز بۇئىبادەتلەرگە يۈزلىنەلەيتتى. ئاللاھ تەئەلاغا ھەمدە- سانالار بولسۇنكى ئەمەلىيەت ئۇيلىغىنىمدەك بولدى، مەن بۇ بىر يۈرۈش نۇتۇقلارنى سۆزلەشنى باشلا- باشلىمايلا ھەر قېتىملىق سۆزلەنگەن ئىبادەت تۈرىگە نىسبەتەن چوڭ تەسىرىنىڭ بولىۋاتقانلىقىنى ھىس قىلدىم. نەتىجىدە ھەرقېتىملىق لىكسىيە ئاخىرلاشقاندا سۆزلەنگەن ئىبادەتنى كېيىنكى قېتىم ئۇچراشقۇچە ئۆزىمىزدە ئەمىلىلەشتۈرىدىغان ھەيتىلىك تاپشۇرۇق قىلىپ كىلىشۋالىدىغان بولدۇق.

ياخشىلىقنىڭ ھەممىمىزگە ئورتاق بولىشى ئۈچۈن، ئاللاھ بىزنى مەزكۇر لىكسىيەلەرنى كىتاپچە قىلىپ، بارلىق ئۈممەتنىڭ كۆرۈپ پايدىلىنىشىغا مۇۋەپپەق قىلدى. ئاللاھ تەئەلانىڭ بۇ ئازغىنە تىرىشچانلىقىمىزغا ئەجىر بىرىشنى ۋە ئۇنىڭ بىزلەرگە ئىبادەتلىرىمىزدە ئىخلاسمەن بولۇشقا، ئەمەللىرىمىزنىڭ مەقبۇل بولۇشىغا تۈرتكە بولۇشنى ئۈمىد قىلىمىز.

بۇرادىرىڭلار: ئەمرۇ خالىد

ھىجرىيە: 1422- يىلى، شەۋۋالنىڭ 2- كۈنى.

## بىرىنچى لېكسىيە: نامازنىڭ پەزىلىتى

سالات كەلىمىسىنىڭ مەنىسى نىمە؟ بۇ كەلىمە ئۈچ خىل مەنىگە ئىگە: 1- مۇناسىۋەت، 2- دۇئا: بۇھەقتە ئاللاھ تەئەلا مۇنداق دىگەن: « ھەقىقەتەن ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ پەرىشتىلىرى بۇپەيغەمبەر (مۇھەممەد ئەلەيھسسالام) گە دۇئا قىلىدۇ » (سۇرە ئەھزاب، 56- ئايەت). 3- رەھمەت: بۇمەنا ئاللاھ تەئەلانىڭ تۆۋەندىكى سۆزىدە ئىپادىلىنىدۇ: « ئاللاھ سىلەرنى قاراڭغۇلۇقتىن نۇرغا (يەنى گۇمراھلىقتىن ھىدايەتكە) چىقىرىش ئۈچۈن، سىلەرگە رەھمەت قىلىپ تۇرىدۇ، ئۇنىڭ پەرىشتىلىرى سىلەرگە مەغپىرەت تەلەپ قىلىپ تۇرىدۇ، ئاللاھ مۆمىنلەرگە ناھايىتى مىھرىباندۇر » (سۇرە ئەھزاب، 43- ئايەت).

ئەپسۇسكى، نامازمەيلى ئۇنىڭ ۋاقتى ۋەتەئدىل- ئەركان بىلەن ئاداقىلىنىشى جەھەتتىن بولسۇن ياكى شەرئى جەھەتتىن سەۋەپسىزلا نامازلارنى جەملەپ ئوقۇش ۋەياكى ئۆز ۋاقتىدىن كىچىكتۈرۈپ ئوقۇش بولسۇن، نامازغا سەل قاراش ئىنتايىن خەتەرلىك بولسىمۇ، نۇرغۇن كىشىلەر نامازغا ئەھمىيەت بەرمەيۋاتىدۇ.

نامازنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا ئاللاھ تەئەلا مۇنداق دەيدۇ: «ھەقىقەتەن ناماز مۆمىنلەرگە ۋاقتى بەلگىلەنگەن پەرز قىلىندى» (سۇرە نىسائ، 103- ئايەت). نامازنى

بەلگىلەنگەن ۋاقتىدا، تەئدىل- ئەركانلىرىغا رىئايە قىلغان ئاساستا ئادا قىلىش تولىمۇ مۇھىم.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: « ئىسلام دىنى- ئاللاھدىن باشقا ھەقىقى مەبۇد يوق، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ بەرھەق پەيغەمبىرى دەپ گۇۋاھلىق بىرىش، نامازنى تەئدىل- ئەركان بىلەن ئوقۇش، زاكات بىرىش، ھەج قىلىش ۋە رامىزان روزىسى تۇتۇشتىن ئىبارەت بەش ئاساس ئۈستىگە قۇرۇلغان ».

گەرچە بۇھەدىس ئىسلامىيەتنىڭ ئاساسى دەپ قارالسىمۇ، بىز بۇ ھەدىسنى مەكتەپ- مەدرىسلەردە ئوقۇپ تەتقىق قىلغان بولساقمۇ، بىراق بىر قىسىم ئادەملەر مەزكۇر ھەدىس شەرىپىنى خاتا چۈشۈنۈپ: بۇلار پەقەت ئىسلامىيەتنىڭ قىسمەن ئاساسلىرىدۇر، دىن بۇنىڭلىق بىلەنلا تاكاممۇللاشمايدۇ، زىكرى- تەسبىھ ئېيتىش ۋە ھىجاپلىنىشلار قېنى؟ دىيىشمەكتە. لېكىن بۇھەدىس ئىنتايىن ئوچۇق، روشەن بولۇپ ئىسلامىيەتنىڭ يۇقارقى بەش ئاساس ئۈستىگە قۇرۇلغانلىقى تەكىتلەيدۇ.

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ مانا بۇ ھەدىسىمۇ بۇ نوقتىنى تەكىتلەيدۇ. « ناماز دىنىنىڭ تۈۋرۈكى، كىمكى نامازنى تەئدىل- ئەركان بىلەن ئوقۇسا دىننى بەرپا قىلغان بولىدۇ، كىمكى نامازنى تەرىك ئەتسە دىننى پاچاقلاپ تاشلىغان بولىدۇ » (ھىندى «كەنزۇل ئوممال» دىگەن ئەسرىدە رىۋايەت قىلغان، نومۇرى 18890. سۇيۇتى « دۇررۇر ئەلمۇنتەشىر» ئەسرىدە رىۋايەت قىلغان، نومۇرى 104).

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دىگەن: « ئىشنىڭ بېشى ئىسلام ۋە ئۇ(ئىسلام)نىڭ ئاساسى ناماز » (ئىمام ئەھمەد « مۇسنەد» 5\ 231 ).

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىگە مۇنداق دىگەن: « ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ! بىرەرسىڭلارنىڭ ئىشىكى ئالدىدا بىر ئۆستەڭ بولسا، ئۇ شۇ ئۆستەڭدە ھەركۈنى بەش قېتىم يۇيۇنسا، ئۇنىڭ بەدىنىدە كىر قالامدۇ؟ ئەنە شۇ، بەش ۋاقىت نامازنىڭ مىسالىدۇر، ئاللاھ شۇ ناماز سەۋەپلىك گۇناھلارنى ئۆچۈرۈپ تۇرىدۇ» (بۇخارى 528، مۇسلىم 1520، ئىمام ئەھمەد 2\ 379).

نامازنى تەئدىل- ئەركان بىلەن ئوقۇش كىچە- كۈندۈز تەرەپلەردە قىلىپ سالغان گۇناھلارنى ئۆچۈرىدۇ. مۇسۇلمان ئادەم نامازنى تەئدىل- ئەركان بىلەن ۋاقىتلىرىغا رىئايە قىلغان ئاساستا ئوقۇشى لازىم. (ئەزان ئېيتىلىپ يىرىم سائەت ئىچىدە ئوقۇش، ئاخىرقى ئۇچتىن بىرىگىچە كېچىكتۈرۈش ياخشى ئەمەس).

پەيغەمبەر پەلەيھىسسالام يەنە بىر ھەدىسىدە ھەم نامازنىڭ كەبىرە(چوڭ) گۇناھلاردىن باشقا ھەممە گۇناھلارنى ئۆچۈرىدىغانلىقنى بايان قىلىپ بېرىدۇ: «(كىشى) چوڭ گۇناھلاردىن ساقلانغانلا بولسا، بەش ۋاقىت ناماز، جۈمە نامىزى يەنە بىر جۈمە نامىزىغىچە، رامىزان يەنە بىر رامىزانغىچە بولغان ئارلىقتىكى گۇناھلارغا

كاپارەت بولىدۇ» (مۇسلىم 359. تىرمىزى 214. ئىمام ئەھمەد، 2\ 359).

بۇھەدىستىن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، بەش ۋاقت ناماز ئۆچۈرۈپ تاشلايدىغان سەغىرە(كىچىك) گۇناھلارمۇ، جۈمە نامىزىنىڭ ئۆچۈرۈشىگە ئېھتىياجلىق خاتالىق ياكى گۇناھلارمۇ ۋە رامىزان روزىسى تۇتۇش، رامىزان كېچىلىرى نەپلە ناماز ئوقۇش، قۇرئان تىلاۋەت قىلىش ئارقىلىق ئۆچۈرۈلىدىغان چوڭ گۇناھ- مەسىيەتلەرمۇبار. ئەمما چوڭ گۇناھلارنىڭ كاپارىتى ئۈچۈن چوقۇم ئۆمرە ھەج قىلىش لازىم.

رىۋايەت قىلىنىشچە، ئەبۇ يەئقۇپ ئىسىملىك بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ: ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! ئېيتىپ باقسىلىچۇ، بەش ۋاقت ناماز ئوقۇسام، ئاللاھ هارام قىلغاننى هارام دەپ بىلسەم، ئاللاھ هالال دېگەننى هالال دەپ بىلسەم... جەننەتكە كىرەلەمدىمەن؟ دىگەندە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: « ھەئە » دېگەن، يەنە مۇنداق دېگەن: « ناماز جەننەتنىڭ ئاچقۇچىدۇر ». (تىرمىزى 4. ئىمام ئەھمەد 3\340).

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىگە: «ناماز ئوقۇ، چۈنكى ناماز شىپادۇر»دەپ ئەمىر قىلغان(ئىمام ئەھمەد 390/2).

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولۇشتىن ئىلگىرى ۋەسىيەت قىلىپ: «ناماز، ناماز (يەنى نامازغا كۆڭۈل بولۇڭلار) ۋەچۆرىلىرىڭلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىڭلار» دېگەن(ئەبى داۋۇت 2698، ئىمام ئەھمەد 1\ 78). بۇ ھەدىسنى رىۋايەت قىلغان ساھابە: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تىلى بۇ سۆزلەر بىلەن غەر- غەر قىلاتتى، قەلبى تەكرارلايتتى! دەيدۇ. ئەنە قاراڭ! نامازنىڭ مۇھىملىقى ۋە ئۇلۇغلۇقىغا ! پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سەكراتتىكى ھالىتىدە ساھابىلىرىنىڭ نامازغا تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇلارغا ئاخىرقى بىر تەبەسسۇم بىلەن باققانلىقىنى بىلگىنىڭىز، ئەلۋەتتە نامازنىڭ نەقەدەر مۇھىملىقىنى چۈشۈنىشىڭىزگە كۇپايە قىلىدۇ.

يەنەبىر ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن: بىركۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋەز- نەسىھەت قىلىپ : « جېنىم ئىلكىدە بولغان زات بىلەن قەسەمكى..... جېنىم ئۇنىڭ ئىلكىدە بولغان زات بىلەن قەسەمكى » دەپ بېشىنى تۆۋەن قىلدى، بىزمۇ پەيغەمبىرىمىزنىڭ نېمىگە مۇنداق قەسەم قىلغانلىقىنى بىلەلمەي باشلىرىمىزنى تۆۋەن سېلىپ يىغلاشقا باشلىدۇق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەل ئۆتكەندىن كېيىن بېشىنى كۆتۈردى، ئۇنىڭ چېھرىدە بىشارەت جىلۋىلىنەتتى، ئۇ بىز ئۈچۈن قىزىل تۆگىدىنمۇ سۆيۈملۈكراق بىلىندى، ئۇ مۇنداق دېدى: « كىمكى بەش ۋاقت ناماز ئوقۇسا، زاكات بەرسە، رامىزان روزىسىنى تۇتسا ۋە ھەج قىلسا، ھەمدە يەتتە تۈرلۈك چوڭ گۇناھتىن ساقلانغانلا بولسا قىيامەت كۈنى ئۇنىڭغا: جەننەتكە خاتىرجەم كىرگىن دېيىلىدۇ » (نەسەئى 5\8).

ھەدىستە كېلىشچە، بىر ئادەم بىر ئايالنى سۆيۈپ سالغاندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ ئەھۋالنى ئېيتقان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭدىن يۈزىنى ئېلىپ قاچقان، شۇچاغدا ئاللاھ تەئەلا مانا بۇ ئايەتنى نازىل قىلغان: « كۈندۈزنىڭ ئىككى تەرىپىدە (ئەتىگەن ۋە كەچتە ) كېچىنىڭ دەسلەپكى ۋاقىتلىرىدا ناماز ئۆتىگىن، شۈبھىسىزكى ياخشى ئىشلار ئارقىلىق يامان ئىشلار يۇيۇلىدۇ » (سۈرە ھۇد، 114ـ ئايەت). ھېلىقى كىشى : ئى رەسۇلۇللا! بۇ مەن ئۈچۈنلىمۇ؟ دىگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ياق، پۈتۈن ئۈممىتىمگە شۇنداق » دىگەن. (بۇخارى4687). ئەي بۇرادەر! نامازنىڭ يامان ئىشلارغا قانداق كاپارەت بولىدىغانلىقىنى بىلدىڭىزمۇ؟

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئەڭ پەزىلەتلىك ئەمەل قايسى؟ دەپ سورالغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: « ئۆز ۋاقتىدا ئوقۇلغان ناماز » دەپ جاۋاپ بەرگەن، ئۇنىڭدىن قالسچۇ؟ دەپ قايتىلاپ سورالغاندا : « ئاتا- ئانىغا ياخشىلىق قىلىش » دەپ جاۋاپ بەرگەن. ئۇنىڭدىن قالسچۇ؟ دىيىلگەندە « ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىش » دەپ جاۋاپ بەرگەن (بۇخارى 504، 2630، مۇسلىم 248، ئىمام ئەھمەد1\451).

ئەڭ پەزىلەتلىك ئەمەل ئۆز ۋاقتىدا ئادا قىلىنغان ناماز بولغان ئىكەن، ئۇنداقتا سىز نامازنى ئۆز ۋاقتىدا ئوقۇڭ، ھەرگىز كېچىكتۈرمەڭ، ۋاقتىدا ئوقۇلغان نامازنىڭ ساۋابىغا ئېرىشىشكە ھەرۋاقىت ھېرىسمەن بولۇڭ. بىلىشىڭىز كېرەككى نامازنى كەينىگە سۈرۈش، كېچىكتۈرۈش، نامازغا ھورۇنلۇق قىلىش شەيتانىنىڭ ئازدۇرىشىدىن باشقا نەرسە ئەمەس.

بۇيەردە مۇنداق بىر ھەدىس بار، بىر كۈنى بىرئەرابى مەسجىدكە كىرىپ: قايسىڭلار مۇھەممەد (ئەلەيھىسسالام) بولىسىلەر؟ دەپ سوراپتۇ، ساھابىلەر : ئەنە ئاۋۇ ئاق كىيىملىك كىشى شۇ، دەپتۇ، ئۇكىشى پەيغەمبىرىمىزنىڭ قېشىغا كېلىپ: سەن مۇھەممەد (ئەلەيھىسسالام) مۇ؟ دەپ سوراپتۇ، پەيغەمبىرىمىز: « ھەئە، مەن شۇ » دەپتۇ، ئۇكىشى مەن سەندىن بىر ئىشنى سورىماقچى، سوراش جەريانىدا قوپاللىراق تېگىپ قالسام ئاچچىقلانما، دەپتۇ، پەيغەمبىرىمىز: « سوراۋەرگىن » دەپتۇ، ھېلىقى ئەرابى: زېمىننى كىم ياراتتى؟

ـ « ئاللاھ».

ـ ئاسماننى كىم كۆتۈردى؟

ـ « ئاللاھ».

ـ تاغلارنى كىم تىكلىدى؟

ـ « ئاللاھ».

ـسىنىڭ، سەندىن ئىلگىرىكىلەرنىڭ، ئاسماننى كۆتۈرۈپ تۇرغان، تاغلارنى

تىكلىگەن ۋە زېمىننى ياراتقان پەرۋەردىگارىڭنىڭ نامى بىلەن سورايمەنكى، ئۇ سىنى ئادەملەرگە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتىمۇ؟

- « ھەئە ».

-سىنىڭ ۋە سەندىن ئىلگىرىكىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىنىڭ نامى بىلەن سورايمەنكى، ئاللاھ بىزنى بىركېچە- كۈندۈزدە بەش ۋاقىت ناماز ئوقۇشقا بۇيرىدىمۇ؟

- « شۇنداق ».

- پەرۋەردىگارىڭنىڭ نامى بىلەن سورايمەنكى، ئاللاھ بىزنى رامىزاندا روزا تۇتۇشقا بۇيرىدىمۇ؟

- « شۇنداق ».

- پەرۋەردىگارىڭنىڭ نامى بىلەن سورايمەنكى، پەرۋەردىگارىڭ سېنى بايلىرىمىزدىن زاكات ئېلىپ كەمبەغەل كىشىلىرىمىزگە تارقىتىپ بېرىشكە بۇيرىدىمۇ؟

- «ھەئە ».

- سېنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەن ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىپ ئېيتىمەنكى، ئېيتقانلىرىڭغا ئىشەندىم، مەن بولسام قەۋمىمنىڭ ساڭا ئەۋەتكەن ئەلچىسى ئىبنى نەزىر ئىبنى شاھىد بولىمەن، دەپتۇ (بۇخارى 62، ئەبى داۋۇد 486، ئىمام ئەھمەد، 1\264).

قاراڭ، بۇ ئەرابىگە، ئۇ بۇندىن 1400 ئىلگىرىلا بۇ ئىشقا قانداق جىددى پوزىتسيە تۇتقان- ھە! ئەي بۇرادىرىم! سىز ئۆزىڭىزنى: مەن مۇسۇلمان، دېمىگەنمىدىڭىز؟ ياكى بىراۋ سىزنى شۇنداق دېيىشكە مەجبۇرلىغانمۇ؟ ئۇنداق بولسا نامازنى بولۇپمۇ بامدات نامىزىنى ۋاقتىدا ئادا قىلىڭ. ئەگەر ئىچىمىزدىن بىرەيلەن بىر شىركەتتە ئىشلىمەكچى بولسا، شىركەت ئۇنىڭغا ئېيىغا بەش مىڭ يۈەن بەرمەكچى، ئۇنىڭ بەدىلىگە شىركەت دىرىكتورى ئۇكىشىنىڭ ئەتىگەن سائەت 5 تە ئىشقا كېلىشىنى شەرت قىلغان بولسا، ئۇئادەم بۇ شەرتنى قوبۇل قىلامدۇ ياكى رەت قىلامدۇ؟ مۇبادا ئۇ قوشۇلسا , سەھەر ئىشقا بېرىشتىن ئىبارەت بۇ شەرتنى قالدۇرىۋېتىشكە قادىر بولالامدۇ؟!

رىۋايەت قىلىنىشچە، بىرقېتىم ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ تاھارەت ئېلىپ بولغاندىن كېيىن مۇنداق دېدى: مەن سىلەرگە رەسۇلۇللانىڭ ھەدىسلىرىدىن بىرنى سۆزلەپ بىرەي، ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىپ ئېيتىمەنكى، قۇرئان كەرىمدىكى: ئاللاھ كىشىلەرگە چوقۇم بايان قىلىپ بېرىشكە ۋە يۇشۇرماسلىققا ئەھدە ئالدى (سۇرە ئال ئىمران 187- ئايەت) دېگەن ئايەت بولمىغان بولسا ئىدى، بۇھەدىسنى سىلەرگە ئېيتىپ بەرمىگەن بولاتتىم، ئوسماننىڭ ئەتراپىدىكىلەر: ئۇ قايسى ھەدىس ئىدى؟ دەپ سورىغاندا، ئۇ : پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە ھەدىس بايان قىلىپ: « بىر

ئادەم تاھارەتنى كامىل ئېلىپ ناماز ئوقۇسا، شۇقېتىملىق ناماز بىلەن يەنە بىرقېتىملىق ناماز ئارىسىدىكى گۇناھلار مەغپىرەت قىلىنىدۇ » دېگەن دەپ جاۋاپ بەرگەن (بۇخارى 160، مۇسلىم 541).

رىۋايەت قىلىنىشىچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: «قىيامەت كۈنى بەندىلەردىن تۇنجى قىلىپ ھىساپ ئېلىنىدىغان ئىش نامازدۇر، ئەگەر نامازنىڭ ھىسابى ياخشى بولسا باشقا بارچە ئىشلىرى ئاسان بولىدۇ، ئەگەر ئۇ بۇزۇلسا، باشقا بارچە ئەمەللىرى بۇزۇلىدۇ (ئىمام ئەھمەد 4\65).

دېمەك، نامازنىڭ دۇرۇس بۇلۇشى ئەمەللەرنىڭ مەقبۇل بولىشىنىڭ شەرتىدۇر. بامدات نامىزى بىلەن ئەسىر نامىزىنىڭ پەزىلىتى ھەققىدە مەخسۇس ھەدىسلەر كەلگەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: « كىمكى ئىككى سالقىننى (يەنى بامدات بىلەن ئەسىر نامىزىنى) ئوقۇسا جەننەتكە كىرىدۇ» (بۇخارى 574، مۇسلىم 1436، ئىمام ئەھمەد 4\80).

ئەي مۇسۇلمان بۇرادەر! سىزدىن شۇنى سورىغۇم كىلىۋاتىدۇ، سىز ياش ھەم كۈچلۈك تۇرۇپ، بامدات نامىزىنى ئۆز ۋاقتىدا ئوقىمىسىڭىز، ئۇنى قاچان ئوقارسىز؟!

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: « كىمكى بامدات نامىزىنى جامائەت بىلەن ئوقۇسا، ئۇ ئاللاھنىڭ ھىمايىسىدە بولىدۇ»

(مۇسلىم 1492، ئىبنى ماجىە 3946).

قېنى بامدات نامىزىنى جامائەت بىلەن ئوقۇغان بولسىڭىز، پۈتۈن بىر كۈن ئاللاھنىڭ ھىمايىسى ۋە مۇھاپىزىتى ئاستىدا بولىدىغانلىقىڭىزنى تەسەۋۋۇر قىلىپ بېقىڭچۇ؟!

تىرمىزى يۇقارقى ھەدىسنى « جامائەت بىلەن »دىگەن سۆز يوق پېتى رىۋايەت قىلغان.

بامدات نامىزى بىلەن ئەسىر نامىزىنىڭ پەزىلىتى ھەققىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: « سىلەرنىڭ يېنىڭلاردىكى كىچە پەرىشتىلىرى بىلەن كۈندۈز پەرىشتىلىرى ئالمىشىپ تۇرىدۇ، ئۇلار بامدات نامىزى بىلەن ئەسىر نامىزىدا يەر يۈزىدە بىرگە ھازىر بولىدۇ، ئاندىن كېچىنى سىلەر بىلەن ئۆتكۈزگەن پەرىشتىلەر ئاسمانغا ئۆرلەيدۇ، ئۇلاردىن پەرۋەردىگارى: (سىلەرنىڭ نېمە قىلىۋاتقىنىڭلارنى بىلىپ تۇرسىمۇ) بەندىلىرىم نىمە ئىش بىلەن قالدى؟ دەپ سورايدۇ، پەرىشتىلەر دەيدۇ: بىز ئۇلارنىڭ قېشىدىن ئايرىلغاندا، ئۇلار ناماز ئوقۇۋاتقان، ئۇلارنىڭ قېشىغا بارغاندىمۇ ئۇلار ناماز ئوقىشىۋاتقان ئىكەن» (بۇخارى 555، 7429، مۇسلىم 1430، نسائى 484، ئىمام ئەھمەد 2\486).

بۇ پەرىشتەلەر ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىن بامدات بىلەن ئەسىر ۋاقتىدا نىمە ئىش

قىلىۋاتقانلىقىڭىزنى كۆرگىلى چۈشكەن پەرىشتىلەر بولۇپ، ئۇلار ئاللاھ تەرەپتىن ئادەملەرنى مۇھاپىزەت قىلىشقا بەلگىلەنگەن مۇھاپىزەتچىلەر ئەمەس، ئۇلار ئاسمانغا چىققاندىن كېيىن چوقۇم كۆرگەنلىرىنى ئاللاھقا ئېيتىپ مەلۇم قىلىدۇ، پەرىشتىلەر ئاسمانغا چىقىپ سىزنىڭ بامدات ۋاقتىدا ئۇخلاپ قالغانلىقىڭىزنى مەلۇم قىلسا! ئەي بۇرادەر! شۇ كۆرۈنىشىڭىزنى كۆز ئالدىڭىزغا بىركەلتۈرۈپ بېقىڭچۇ؟! بامدات ۋاقتىدا ئۇخلاپ قالسىڭىز، ئەسىر ۋاقتىدا باشقا بىر ئىشلارغا مەشغۇل بولۇپ يۈرسىڭىز، ھېلىقى پەرىشتىلەر سىزنى ئاللاھقا نىمە دەپ مەلۇم قىلار؟ ئى ئاللاھ! سىنىڭ پالانچى بەندەڭ بىز بارغاندا ئۇخلاۋاتقانىكەن، ئەمدى بولسا تاماق يەپ قالدى، ياكى بولمىسا دوست- يارانلىرى بىلەن ئويناپ قالدى ۋەياكى تېلىۋىزور كۆرۈپ قالدى دېسۇنمۇ؟ ئۇلار نىمىنى كۆرگەن بولسا ئاللاھقا شۇنى ئېيتىپ مەلۇم قىلىدۇ، ئەلۋەتتە.

ئەي مۇسۇلمان بۇرادەر! پەرىشتىلەر ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا چىققاندىن كېيىن، سىزنىڭ 15 ياشتىن بىرى بامدات نامىزى بىلەن ئەسىر نامىزىنى ئىزچىل ئادا قىلىپ كېلىۋاتقانلىقىڭىزدىن خەۋەر بەرگەن چاغدىكى ئورنىڭىز ۋە خۇرسەنلىكىڭىزنى ئويلاپ كۆرۈڭچۇ؟!

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: « كۈن چىقىشتىن ئىلگىرى ۋە كۈن پېتىشتىن ئىلگىرى ناماز ئوقۇغان ئادەم دوزاخقا كىرمەيدۇ » (مۇسلىم 1439، ئەبۇ داۋۇت 427، نەسائى 470، ئىمام ئەھمەد 4\136).

كۈن چىقىشتىن ئىلگىرى ئوقۇلىدىغان ناماز قايسى؟ ئەلۋەتتە بامدات نامىزى، كۈن پېتىشتىن ئىلگىرى ئوقۇلىدىغىنىچۇ؟ ئەسىر نامىزى. بۇ ئىككى نامازنى ئۆز ۋاقتىدا ئوقۇغانلارغا مەرھابا!

بامدات نامىزىنى كۈن چىقىشتىن ئىلگىرى ئوقۇپ بولسىڭىز ۋاقتىدا ئوقۇغان بولىسىز، مۇبادا كۈن چىقىپ بىرمىنۇتتىن كېيىن ئوقۇغان بولسىڭىزمۇ بامداتنى قازا قىلغان بولىسىز، نامازنىڭ ۋاقتى ئۆتۈپ كەتمىسۇن، دەپ سائەتنىڭ قوڭغۇرىقىنى توغرىلاپ قويغانغا ئۇخشاش كىچىككىنە سەۋەبنى قىلغان ئادەممۇ (نامازغا تۇرالماي ئۇخلاپ قېلىش بىلەن) ئەيىپلەنمەيدۇ، چۈنكى ئۈچ تۈرلۈك ئادەمدىن قەلەم كۆتۈرۈلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ بىرسى ئۇخلاپ قالغان ئادەم (ئۇ تاكى ئويغانغىچە ئۇنىڭدىن قەلەم كۆتۈرۈلىدۇ، يەنى گۇناھ يېزىلمايدۇ). ئەمما ۋاقىتنى توغرۇلاپ قويمىغان ياكى بىرەر سىدىن ئويغۇتۇپ قويۇشنى تەلەپ قىلمىغان، قىسقىسى نامازغا ۋاقتىدا تۇرۇشقا ھەركەت قىلمىغان ئادەم ئەيىپلىنىدۇ.

رىۋايەت قىلىنىشچە، بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرى بىلەن ئەسىر نامىزىنى ئوقۇغان، نامازدىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام : « بۇ ناماز (ئەسىر نامىزى) سىلەردىن ئىلگىركى ئۈممەتلەرگىمۇ پەرز قىلىنغان، ئۇلار بۇنامازنى زايا

قىلىشقان. كىمكى ئەسىر نامىزىنى مۇھاپىزەت قىلىدىكەن ئىككى ئەجىرگە ئېرىشىدۇ » دېگەن (ئىمام ئەھمەد 6\397). (يەنى كىم ئە سىرنامىزىنى ۋاقتىغا رىئايە قىلىپ ئوبدان ئادا قىلسا، ئىلگىركىلەرمەھرۇم قالغان ۋە ئۆز ئېرىشىدىغان ئەجىرگە ئېرىشىدۇ).

نامازغا كۆڭۈل بۆلەمسىز؟! ياكى يۇقاردا تىلغا ئېلىنغان ھەدىسلەرنى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ يەنە نامازغا سەل قارامسىز؟!

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام : « كۈن چىقىشتىن ۋە كۈن پېتىشتىن ئىلگىرى ناماز ئوقۇغان كىشى دوزاخقا كىرمەيدۇ » دىگەن (مۇسلىم 1424، ئەبۇ داۋۇت 427).

ئۆزرىسىز نامازنى كېچىكتۈرۈشتىن ھەزەر ئەيلەڭ. بەزىلەرنىڭ ئۆزرىسى گۇناھتىمۇ قەبىھتۇر. كۆپلىگەن ئادەملەر باركى ئۇلار بىرەر مۇسابىقە ياكى بىرەر تېلىۋىزىيە تىياتىرىنى دەپ بىر نامازنىڭ ۋاقتى ئۆتۈپ يەنە بىر نامازنىڭ ۋاقتى كىرگۈچە تېلىۋىزور ئالدىدىن سىلجىمايدۇ، كىيىن ناماز ۋاقتىنى ئۆتكۈزىۋەتكەنلىكىدىن قاتتىق پۇشايمان قىلىدۇ- يۇ، پۇشايمىنى پايدا بەرمەيدۇ.

نامازنىڭ نەقەدەر مۇھىملىقىنى تەكىتلەيدىغان ئىشلارنىڭ يەنە بىرى شۇكى، ناماز باشقا ئەمەللەرگە ئوخشاش جىبرىئىلنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئىسرا كېچىسى ئاللاھنىڭ ئالاھىدە تەكلىپى بىلەن بىۋاستە پەرىز قىلىنغانلىقىدۇر. دەسلىۋىدە 50 ۋاخ ناماز پەرز قىلىنغان، كېيىن مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبىرىمىزگە، ئاللاھنىڭ ھوزۇرىغا قايتىپ يەڭگىللىتىشنى تەلەپ قىلىشقا نەسىھەت قىلىشى ۋە پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئاللاھنىڭ دەرگاھى بىلەن مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ھوزۇرى ئارىسىدا بىرقانچە قېتىم قاتىرىشى بىلەن ناماز بەش ۋاخقا قالدۇرۇلغان. پەيغەمبىرىمىز ئاللاھنىڭ ھوزۇرىغا يەنە قايتىپ بېرىپ، يەڭگىللىتىشنى تەلەپ قىلىشتىن ھايا قىلغان، ئاللاھ تەئەلا مۇنداق دەيدۇ: « بۇ ناماز ساندا بەش ۋاخ، ئەمما ئۇنىڭغا 50 ۋاخ نامازنىڭ ئەجرى بېرىلىدۇ، مېنىڭ ھوزۇرۇمدا سۆز ئالماشتۇرۇلمايدۇ » (ئەبۇ داۋۇت «مۇسنەد» 1\134).

ئەي مۇسۇلمان بۇرادەر، ئويلاپ كۆرەيلى، ئەگەر ناماز 50ۋاخ بولغان بولسا، ناماز بىلەن ناماز ئارلىقىدا قانچىلىك ۋاقت ئۆتەر ئىدى؟ ئەڭ كۆپ بولغاندا يىرىم سائەت، بۇنىڭغا كىممۇ بەرداشلىق بىرەلەيدۇ؟!

ئاللاھ بىزگە نېمدېگەن مېھرىبان، نېمدېگەن شەپقەتلىك- ھە! شۇنداق بولسىمۇ بەزىلەر ئاللاھدىن ئۇيالمايدۇ، ھايا قىلمايدۇ. ئاللاھ بۈيۈكتۇر، ئۇنىڭ ياردىمىسىز نۇسرەت بولمايدۇ.

**نامازنى تەرك قىلغۇچىنىڭ ئاقىۋىتى**

بۇ سىلەرنىڭ بىرەرسىڭلارغا قارىتىپ ئېيتىلغان سۆز ئەمەس، مېنىڭچە سىلەر

نامازنى ئوبدان مۇھاپىزەت قىلغۇچىلار. لېكىن مەن سىلەردىن بۇنەسىھەتلەرنى ئاتا-ئاناڭلار، ئاكا- ئۇكا، ئاچا- سىڭىللىرىڭلارغا يەتكۈزۈپ قويۇشۇڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن، چۈنكى نامازنى تەرك قىلغان كىشىنىڭ ئاقىۋىتى ئىنتايىن خەتەرلىك.

بىلىشىڭىز كېرەككى، جەھەننەم بىر نەچچە دەرىجىگە بۆلۈنىدۇ، يەنە تېخى جەھەننەمنىڭ ئىشىكلىرىمۇ بىر- بىرىدىن پەرقلىق. ئاللاھ تەئەلا مۇنداق دەيدۇ: « شۈبھىسىزكى دوزاخ ئۇلار(يەنى ئىبلىس ۋەئۇنىڭ تەۋەلىرى)نىڭ ھەممىگە ۋەدە قىلىنغان جايدۇر. جەھەننەمنىڭ يەتتە دەرۋازىسى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەربىرىدىن كىرىدىغان مۇئەييەن بىربۆلۈك(ئادەم) بار»(سۈرە ھىجرى 43-، 44- ئايەت). دوزاخ ئىشىكلىرىنىڭ ئىچىدە ئازاپ جەھەتتە ئەڭ قاتتىقى سەقەردۇر. «سەقەرنىڭ نېمىلىكىنى قانداق بىلەلەيسەن؟ ئۇ ھېچ نەرسىنى قالدۇرمايدۇ، قويمايدۇ( بەلكى كۆيدۈرۈپ تاشلايدۇ)» (سۈرە مۇددەسسىر27-، 28- ئايەت).

سەقەر ئەنە شۇنداق دوزاخ! بۇرادەر، مەسىلى ھالدا باش سۆڭىكىڭىزنىڭ سەقەردە ئېرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلالامسىز؟ ئەھلى دوزىخىلار سەقەرگە تاشلانغاندا جەننەتكە كىرگەن مۆمىنلەر ئۇلاردىن: « سىلەرنى دوزاخقا كىرگۈزگەن نېمە؟ » (سۈرە مۇددەسسىر 42-ئايەت) دەپ سورايدۇ، ئۇلار: « بىز ناماز ئوقۇغۇچىلاردىن بولماپتىكەنمىز، دەيدۇ» (سۈرە مۇددەسسىر 43-ئايەت) دەپ جاۋاپ بېرىدۇ. نامازنى تەرك قىلغۇچىلاردىن باشقا گۇناھكارلارغا، ئاللاھنىڭ رەھمەت قىلىشىدىن ئۈمىد بار. ئەمما نامازنى تەرك قىلغان ئادەم چوقۇم سەقەرگە تاشلىنىدۇ.

ئەي مۇسۇلمان بۇرادەر! تېز بولۇڭ، ئۆيىڭىزدىكى ئاتا- ئانا ياكى باشقا ناماز ئوقۇمايدىغان ئۇرۇق- تۇققانلىرىڭىزغا مۇلايىملىق بىلەن، ئىخلاس بىلەن نەسىھەت قىلىڭ. چۈنكى بۇ ئۆينىشىدىغان ئىش ئەمەس. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: « مۇسۇلمان كىشى بىلەن كۇپرى ئوتتۇرسىدىكى پەرق- نامازنى تەرىك قىلىشتۇر» (مۇسلىم 224، تىرمىزى 2618، ئىمام ئەھمەد 3\389).

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دەيدۇ: « بىز بىلەن ئۇلار(كاپىرلار) ئوتتۇرسىدىكى ئەھدى نامازدۇر، كىمكى نامازنى تەرك قىلسا شەكسىز كاپىر بولغان بولىدۇ»(تىرمىزى2121، نىسائى 462، ئىبنى ماجىجە 1079، ئىمام ئەھمەد 6\346).

سىزنىڭ ئايالىڭىز، ياكى بىرەر دوستىڭىز ناماز ئوقۇمىسا، كاپىر بولۇپ كېتەرمۇ؟ ياق...ئۆلىمالار: بۇ كۇپرى ئەمەللىرىدىن ھىساپلىنىدۇ، دەيدۇ. كۇپرى بىلەن كۇپرى ئەمەل ئوتتۇرسىدا ناھايىتى چوڭ پەرق بار.

ئەي قېرىنداشلار! بىرەر ئادەمنى كاپىر دەپ كاپىرلىققا نىسبەت بېرىشتىن ھەزەر ئەيلەيلى! چۈنكى كۇپرىلىققا نىسبەت بېرىش ئەھلى ئىلىملەرنىڭ، مۇجتەھىدلەرنىڭ

مەسئۇلىيىتى.

بۇ ھەقتە ئىمامى شافىئى بىلەن ئىمامى ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل ئوتتۇرىسىدا مۇنداق بىر مۇنازىرە بولۇپ ئۆتكەن. ئىمامى شافىئى: ناماز ئوقۇمىغان ئادەم كاپىرلارنىڭ ئەملىدىن بىر ئەمەلنى قىلغان بولىدۇ، لېكىن ئۇ كاپىر ئەمەس، دېگەندە، ئىمامى ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل: ئۇ جەزمەن كاپىر، دېگەن. ئىمامى شافىئى ئۇنىڭدىن: ناماز ئوقۇمىغان ئادەمنى كاپىر دەپ قارامسىز؟ دەپ سورىغاندا، ئۇ: ھەئە، دەپ جاۋان بەرگەن. ئىمامى شافىئى ئۇنىڭدىن: ئۇ قانداق قىلغاندا مۇسۇلمان بولىدۇ؟ دەپ سورىغاندا، ئۇ: ئاللاھتىن باشقا ھەقىقى مەئبۇد يوق، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ بەرھەق پەيغەمبىرى، دەپ گۇۋاھلىق بەرگەندە، دەپ جاۋاب بەرگەن. شافىئى ئۇنىڭغا: ئۇ بۇ شاھادەت كەلىمىسىنى ئېيتقان تۇرسا، دېگەندە، ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل: ئۇنداقتا ئۇ ناماز ئوقۇش بىلەن مۇسۇلمان بولىدۇ، دەپ جاۋاب قايتۇرغان. ئىمام شافىئى ئۇنىڭغا كاپىر ئادەمنىڭ نامىزى قوبۇل قىلىنمايدۇ ئەمەسمۇ؟ دېگەن، بۇ چاغدا ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل سۈكۈت قىلىپ، شافىئىينىڭ ئېيتقانلىرىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى، نامازنى تەرك قىلغۇچىنىڭ كاپىرلارنىڭ ئەملىنى قىلغانلاردىن سانىلىدىغانلىقىنى، ئەمما ئۇنىڭ كاپىر ئەمەسلىكىنى ئېتىراپ قىلغان.

نامازنى تەرك قىلغۇچىلارغا تەۋرات ۋە ئىنجىللاردىمۇ لەنەت ئېيتىلغان. ھەتتا، ئۇنىڭ ئۇستىدىكى كىيىملىرىمۇ ئۇنىڭغا لەنەت ئېيتىدۇ. ئويلاپ بېقىڭ، كىيىملىرىڭىز: ئى ئاللاھ ئۇنى رەسۋا قىلغۇەتكىن، دەۋاتىدۇ. ئۇ يەنە : ئى ئاللاھ، سەن مېنى ئۇنىڭغا بويسۇندۇرۇپ بەرمىگەن بولساڭ، مەن ئۇنى تاشلاپ قېچىپ كېتەتتىم، دەۋاتىدۇ. ناماز ئوقۇمىغان كىشىنىڭ يەۋاتقان تائاملىرىمۇ ئۇلارغا لەنەت ئوقۇپ: ئاللاھ ساڭا لەنەت قىلسۇن! ئاللاھ بەرگەن رىزىقتىن يەۋاتىسەنۇ، ئۇ ساڭا پەرز قىلغان نامازنى تەرك قىلامسەن؟ دەيدۇ. نامازنى تەرك قىلغۇچى قىيامەت كۈنىدە فىرئەۋن ۋە ھامانلار بىلەن ھەشر قىلىنىدۇ. چۈنكى ئۇ بىر مۇتەكەببىر. ئۇنداق بولمىسا ئۇ نېمە ئۈچۈن پىشانىسىنى سەجدىگە قويمايدۇ؟ بۇرادەرلەر، ئالدىمىزدا كېلىۋاتقان قىيامەت كۈنىدىكى ئەھۋال تېخىمۇ قاتتىق!!! چۈنكى نامازنى تەرك قىلغۇچى پەيغەمبىرىمىزنىڭ شاپائىتىدىن مەھرۇم بولىدۇ. ئاللاھ پەيغەمبىرىمىزگە ئاتا قىلغان ھەۋزى كەۋسەردىن سۇ ئىچەلمەيدۇ.

### ئۈزرىسىز ئىككى نامازنى جەمئى قىلىپ ئوقۇغۇچىنىڭ ئاقىۋىتى

ئىككى نامازنى جەمئى قىلىپ ئوقۇش دېگىنىمىز- بامدات بىلەن پېشىنىنى، ياكى پېشىن بىلەن ئەسرنى، ياكى ئەسىر بىلەن شامنى، ۋە ياكى شام بىلەن خۇپتەننى بىرلەشتۈرۈپ ئوقۇشنى كۆرسىتىدۇ. بەزىلەر خىزمەتتىن قايتقاندىن كېيىن، قازا قىلغان نامازلىرىنى يىغىپ بىرگە ئوقۇيدۇ. ئۇنىڭ ناماز ئوقۇۋاتقان ھالىتىنى كۆرسىڭىز،

ئۇنىڭ رۇكۇ ۋە سەجدە قىلىۋاتقانلىقىنى، ئەمما نېمە ئوقۇۋاتقانلىقىنى بىلمەستىن توخۇدەك چوقۇپ، چوقۇپ قويىۋاتقانلىقىنى كۆرىسىز. يەنە بەزىلەر بىر ۋاخ نامازنى ئوقۇپ، باشقىلىرىنى تەرك قىلىدۇ. ياكى ئۈچ- تۆت ۋاخ نامازنى ئوقۇپ، بىر- ئىككى ۋاخ نامازنى ئوقۇمايدۇ. مانا بۇ ھەقىقەتەن بىر بالايى- ئاپەت. نامازلارنى جەمئى قىلىپ ئوقۇپ قويۇپ، مەسجىدلەرگە ۋەز- تەبلىغ ئاڭلىغىلى كەلگەننىڭ نېمە پايدىسى؟!

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «نامازنى قەستەن تەرك قىلماڭلار، كىمكى نامازنى قەستەن تەرك قىلسا، ئۇ كىشىدىن ئاللاھنىڭ ھامىيلىقى يىراق بولىدۇ»(ھىندىي 16096). ئويلاپ بېقىڭ، ئۇنىڭدىن ئاللاھنىڭ ھامىيلىقى يىراق بولىدۇ، ئاللاھ ئۇنى ھىمايىسىگە ئالمايدۇ، مۇھاپىزەت قىلمايدۇ، قوغدىمايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېگەن: «كىمكى ئۆزرىسىز ئىككى نامازنى جەمئى قىلىپ ئوقۇسا، گۇناھى كەبىرە دەرۋازىلىرىدىن بىر دەرۋازىغا كىرگەن بولىدۇ»(تىرمىزى 188).

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن بامدات نامىزىنى ئوقۇماي كۈن چىققۇچە ئۇخلىغان ئادەم توغرىلىق سورالغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇنداق ئادەم- شەيتان قۇلىقىغا سىيىپ قويغان ئادەمدۇر» دەپ جاۋاب بەرگەن(بۇخارى 1144، 3270، مۇسلىم 1814، نىسائى 160، ئىمام ئەھمەد 427/1).

شەيتان سۈيدۈكىنىڭ ئىنسانلارنىڭ سۈيدۈكىدىن پاسكىنىلىقىدا شەك بولمىسا كېرەك! ئويلاپ باقايلى، بامدات ئوقۇماي ئۇخلىغان ئادەمنىڭ يېنىغا شەيتان كېلىپ، ئۇنىڭ قۇلىقىغا سىيىپ قويسا، بۇ راستىنلا ئادەمنى يىرگەندۈرىدىغان، سەسكەندۈرىدىغان بىر ئىش ئەمەسمۇ؟!

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ ئىسرا كېچىسى ئاسماندا كۆرگەن ئەھۋاللىرىنى بايان قىلىپ بەرگەن ھەدىسىدە، بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: «مەن ئىسرا كېچىسى ئۈممىتىمدىن بولغان بىر بۆلۈك كىشىلەرنىڭ باشلىرىنىڭ تاش بىلەن مىجىلىۋاتقانلىقىنى، ئۇلارنىڭ بېشىنىڭ ئەسلىگە كېلىۋاتقانلىقىنى، يەنە مىجىلىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. مەن: ئى جىبرىئىل، بۇلار كىملەر؟ دەپ سورىدىم، جىبرىئىل ئېيتتى: ئۇلار باشلىرى نامازدىن ھورۇنلۇق قىلغان كىشىلەر» (خەتىپ بەغدادى 47/12).

ناماز ھەققىدە سۆزلەش بولسا، ئىسلام ئاساسلىرىدىن سۆزلەش دەپ قارىلىدۇ. بۇ ھەدىس «ۋەز- نەسىھەت قىلغىن، ۋەز- نەسىھەت مۆمىنلەرگە پايدىلىق» دېگەن ھەدىسنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

ئاللاھ تائالاھ مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلار كەتكەندىن كېيىن، (ئۇلارنىڭ) ئورنىنى باسقان ئورۇنباسارلار نامازنى تەرك ئەتتى. نەپسى خاھىشلىرىغا ئەگەشتى، ئۇلار (قىيامەتتە)

گۇمراھلىقنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ»(سۈرە مەريەم 59ـ ئايەت).

ئىبنى ئابباس بۇ ئايەتنى تەپسىر قىلىپ، : ئاللاھنىڭ ئۇلارنى «نامازنى تەرك ئەتتى» دېگەنلىكى «ئۇلار نامازنى پۈتۈنلەي تەرك ئەتتى» دېگەنلىكى ئەمەس. بەلكى «ئۇلار نامازلارنى جەملەپ ئوقۇيتتى، يەنى پېشىن نامىزىنى ئەسىر نامىزىغا كېچىكتۈرۈپ، شام نامىزىنى خۇپتەن نامىزىغا كېچىكتۈرۈپ ئوقۇيتتى» دېگەنلىكتۇر، دېگەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى ئەسىر نامىزىنى تەرك قىلسا، ئۇنىڭ ئەملى بىكار بولۇپ كېتىدۇ»(ئىمام ئەھمەد 350/5). ئەسىر نامىزىنى تەرك ئېتىشتىن قاتتىق ھەزەر ئەيلەڭ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېگەن: «ئەسىر نامىزىنى يوقىتىپ قويغان ئادەم، ئۆز ئەملىنى ۋە مال- دۇنياسىنى يوقىتىپ قويغان ئادەم بىلەن ئوخشاشتۇر»(بۇخارى 552، مۇسلىم 1416).

ئەي مۇسۇلمان سىڭلىم! ناماز ئوقۇمايدىغان بىر يىگىتنىڭ سىزگە تەلەپ قويۇشىدىن ۋە سىزنىڭ ئۇنىڭ تەلىۋىگە ماقۇل بولۇشىڭىزدىن پەخەس بولۇڭ!

پالانى ئاخۇن ياكى پالانچى خېنىم ناماز ئوقۇيدۇيۇ، يەنە مۇنداق، مۇنداق ئىشلارنى قىلىدىكەن، دېيىشتىن ساقلىنايلى، ئۇنىڭ بىلەن بىزنىڭ نېمە ئىشىمىز، مۇسۇلماندىن تەلەپ قىلىنىدىغىنى ئىسلامنىڭ ئەمىرلىرىگە ئومۇميۈزلۈك ئەمەل قىلىشتۇر، خالاس.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى نامازنى (ۋاقتىغا ۋە ئەدەپ ئەركانلىرىغا رىئايە قىلغان ئاساستا) مۇھاپىزەت قىلسا، ناماز ئۇ كىشى ئۈچۈن قىيامەت كۈنى نۇر، ھۆججەت ۋە نىجاتلىق بولىدۇ، كىمكى نامازنى مۇھاپىزەت قىلمىسا ناماز ئۇ ئادەم ئۈچۈن قىيامەت كۈنىدە نۇرمۇ بولمايدۇ، ھۆججەتمۇ بولمايدۇ ۋە نىجاتلىقمۇ بېغىشلىمايدۇ. ئۇ ئادەم قىيامەت كۈنىدە فىرئەۋن، ھامان، قارۇن ۋە ئۇبەي ئىبنى خەلەف بىلەن بىرگە ھەشىر قىلىنىدۇ» (ئىمام ئەھمەد 169/2، دارمىي 302/2).

ئۇ قانداقسىگە ئۇبەي ئىبنى خەلەف بىلەن ھەشىر قىلىنىدۇ؟ چۈنكى، ئۇبەي ئىبنى خەلەف ئىنسانلار ئىچىدىكى ئەڭ ئەسكى ئادەم. شۇڭلاشقا ئوھۇد غازىتىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى ئۆز قولى بىلەن ئۆلتۈرگەن. ئى نامازنى تەرك قىلغۇچى، ئۇبەي ئىبنى خەلەف بىلەن قىيامەت كۈنى بىر سەپتە تۇرۇشقا رازى بولامسىز؟!

ئاللاھ تەئالا شەرئىي ئۆزرىسى يوق ھالەتتە نامازنى جەملەپ ئوقۇشتىن ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: «شۇنداق ناماز ئوقۇغۇچىلارغا ۋايكى، ئۇلار نامازلىرىنى غەپلەت بىلەن ئوقۇيدۇ» (سۈرە مائۇن 4-، 5ـ ئايەت).

بۇ ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان ۋاي بولسا ئۆلىمالارنىڭ ئېيتىشىچە، جەھەننەمدىكى

يىلان ـ چايانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر ۋادىدۇر. قېنى قايسىمىز بۇنىڭغا بەرداشلىق بېرەلەيمىز؟! شۇنداق تۇرۇپ، يەنە نېمىشقا نامازنى ۋاقتىدا ئوقۇمايمىز؟!

ئىبنى قەييۇم مۇنداق دەيدۇ: مەن ئۇستازىم ئىبنى تەيمىيىەنى يوقلاپ زىندانغا باردىم. موگۇللار ئۇنى زىندانغا تاشلىغان ئىدى. ئۇنىڭ ئەھۋالىنى كۆرۈپ يىغلاپ كەتتىم. ئۇستازىم ئىبنى تەيمىيە ماڭا: يىغلىمىغىن، مەن مەھبۇس ئەمەس، ئەسىرگە ئېلىنغانمۇ ئەمەس، شەيتان چاڭگىلىغا ئېلىنۋالغان ئادەم ـ ھەقىقى مەھبۇستۇر، ھاۋايى ـ ھەۋەسكە ئەسىر بولغان ئادەم ـ ھەقىقى ئەسىرگە ئېلىنغۇچىدۇر.

نامازنى ئۆز ۋاقتىدىن كېچىكتۈرۈپ ئوقۇش بولسا، مۇناپىقلارنىڭ بىر سۈپىتى. ئاللاھ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «شۈبھىسىزكى مۇناپىقلار ئاللاھنى ئالدىماقچى بولۇشىدۇ، ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئالدامچىلىقىغا يارىشا جازا بېرىدۇ. ئۇلار نامازغا تۇرغاندا خۇش ياقماسلىق بىلەن تۇرىدۇ (ساۋاب ئۈمىد قىلمايدۇ). نامازنى كىشىلەرگە كۆرسىتىش ئۈچۈن ئوقۇيدۇ (رىياكارلىق قىلىدۇ). ئاللاھنى پەقەت ئازغىنا ياد ئېتىدۇ» (سۈرە نىسائ 142 ـ ئايەت).

مەن سىلەرنى نامازنىڭ ۋاقتىغا رىئايە قىلىشىڭلارغا تەۋسىيە قىلىمەن. ئەمدى نۆۋەتتىكى سەھىپىدە نامازدىكى خۇشۇئ ھەققىدە سۆزلەيمىز. بىز يۇقىرىدىكى ئايەت ۋە ھەدىسلەردىن نامازنىڭ ۋاقتىغا كۆڭۈل بۆلۈشنىڭ نەقەدەر مۇھىملىقىنى ھىس قىلدۇق. مەن سىلەرنىڭ يۇقىرىدا سۆزلەنگەن مەزمۇنلارنى ئۆزەڭلار ياخشى كۆرىدىغان كىشىلەرگە تەۋسىيە قىلىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن. مەن مۇسۇلمان ھەدە ـ سىڭىللىرىمغا شۇنى ئاگاھلاندۇرۇپ قويىمەنكى، تاھارەتتىن ئىلگىرى تىرناقلارنى بوياش نامازنى بىكار قىلىۋېتىدۇ. ئەي ھەدە ـ سىڭىللار، سىلەر تىرناقنى بۇياشتىن ئىبارەت شۇنچىلىك ئاددى بىر ئىش بىلەن نامىزىڭلارنىڭ بىكار بولۇپ كېتىشىگە رازىمۇ سىلەر؟ ئۆز كۆڭلۈڭلارنى رازى قىلىشنى ئويلاپ، بۇ كاتتا ئىبادەتنى زايا قىلىۋېتەمسىلەر؟!

ئەي كىتابخان بۇرادەر، قېنى بۇرۇن نامازنى كېچىكتۈرۈپ ئوقۇغانلىقىمىزغا نادامەت چېكىپ، تەۋبە قىلايلى! چۈنكى تەۋبە ئىلگىرىكى گۇناھلارنى يۇيىۋېتىدۇ ئەمەسمۇ؟! ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: «پەقەت (ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بۇدۇنيادىكى چېغىدا ) تەۋبە قىلغان، ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارلا بۇ ھالدا قالمايدۇ، ئاللاھ ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنى ياخشىلىققا ئالماشتۇرىدۇ. ئاللاھ تولىمۇ مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر ۋە مەرھەمەت قىلغۇچىدۇر» (سۈرە فۇرقان 70 ـ ئايەت).

ئاللاھ ئەكبەر! ھەقىقى تەۋبە نەقەدەر شىرىن ـ ھە! ئاللاھ يولىدا مېڭىش نىمىدىگەن گۈزەل! ئاللاھنىڭ رەھمىتىنىڭ كەڭرىلىكىگە قاراڭلار، كېلىڭلار، بارچە گۇناھلىرىمىزغا، كەمچىلىكلىرىمىزگە تەۋبە قىلايلى، ئۇرۇق ـ تۇققان، قولۇم ـ قوشنا

ۋە دوست- بۇرادەرلىرىمىزنىڭ نامازنى ۋاقىدا، ئەدەپ- ئەركانلىرى بىلەن ئوقۇشىغا دۇئا قىلايلى، ئەخلاقىمىزنىڭ گۈزەل بولۇشىنى تىلەيلى، «شەك- شۈبھىسىزكى، ناماز قەبىھ ئىشلاردىن ۋە گۇناھلاردىن توسىدۇ» (سۈرە ئەبكەبۇت 45- ئايەت).

## نامازنى خۇشۇئ بىلەن ئوقۇش

هازىرقى تىممىز نامازدىكى خۇشۇئ ھەققىدە بولۇپ، بۇ بىر ئىنتايىن مۇھىم تىما. چۈنكى خۇشۇئ نامازنىڭ جېنى. خۇشۇئسىز ئوقۇلغان ناماز خۇددى جانسىز جەسەتكە ئوخشايدۇ. مەلۇمكى، ناماز، نامازنى خۇشۇئ بىلەن ئوقۇمىغۇچىلارغا تولىمۇ تەس كېلىدۇ، ئېغىر بىلىنىدۇ. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: «سەۋر قىلىش، ناماز ئوقۇش ئارقىلىق (ئاللاھتىن) ياردەم تىلەڭلار. ناماز ئاللاھتىن قورققۇچىلار (يەنى كەمتەرلىك بىلەن ئاللاھقا بويسۇنغۇچىلار) دىن باشقىلارغا ھەقىقەتەن مۇشەققەتلىك ئىشتۇر» (سۈرە بەقەرە 45- ئايەت).

نامازلارنى ئاللاھتىن قورقۇپ، خۇشۇئ بىلەن ئوقۇمايدىغان كىشىلەرگە ناماز مۇشەققەتلىك ۋە ئېغىر ئىشتۇر. گەرچە ئۇ ناماز تېز ئوقۇلغان بولسىمۇ. ئەكسىچە نامازلىرىنى ئاللاھتىن قورقۇپ، خۇشۇئ بىلەن ئوقۇيدىغان كىشىلەرگە نىسبەتەن، ئۇ ناماز قانچىكى ئۇزۇن بولۇپ كەتسۇن، شۇنداق ئاسان، قىسقا ۋە يەڭگىل بىلىنىدۇ. بىر سوئال سوراپ باقاي: ئەي ئوقۇرمەن بۇرادەر، سىز نامازنى نېمە دەپ بىلىسىز؟ ناماز، مۇنداقچە ئېيتقاندا سىزنىڭ ئاللاھ بىلەن ئۇچراشقانلىقىڭىز، نامازغا كىرگەنلىكىڭىز- ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىغا قەدەم تەشرىپ قىلغانلىقىڭىزدۇر. بۇ ھەقتە ئويلىنىپ باققانمىدىڭىز؟ «ئاللاھ اكبر» دېگەن ۋاقتىڭىزدا ئاللاھنىڭ سىزگە يۈزلەنگەنلىكىنى، سىزگە قاراپ تۇرىدىغانلىقىنى خىيالىڭىزغا كەلتۈرگەنمىدىڭىز؟ نامازدىكى بۇ يۈكسەك مەنالارنى ۋە ئاللاھنىڭ «مەن نامازنى بەندەم بىلەن ئۆزەم ئوتتۇرىسىدا ئىككىگە تەقسىم قىلدىم، بەندەم مەندىن سورىغان نەرسىسىنى بېرىمەن» (تىرمىزى 2953)دېگەن ھەدىس قۇددۇسىدىكى ئاللاھنىڭ نىئمىتىنى ئەسلەپ تۇرامسىز؟

نامازنىڭ قىممىتى- نامازنىڭ پەرۋەردىگارىمىز ئاللاھ بىلەن تونۇششىمىزدىكى ئاساسلىق يول بولغانلىقىدادۇر. ناماز ئوقۇماي تۇرۇپ پەرۋەردىگارىمىز بىلەن تونۇشالمايمىز. سىزنىڭ ناماز ئوقۇمىغانلىقىڭىز سىزنىڭ ئاللاھ بىلەن مۇناسىۋىتىڭىزنىڭ يوقلۇقىدۇر.

ناماز- ھەقىقەتەنمۇ مەۋجۇتلۇقنىڭ سىرى. نېمە ئۈچۈن يارىتىلدىڭىز؟ سىزنىڭ يارىتىلىشىڭىز ئاللاھنى تونۇش ئۈچۈندۇر. بۇ تۆۋەندىكى ئايەتتە ئېيتىلغان: «جىنلارنى ۋە ئىنسانلارنى پەقەت ماڭا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈنلا ياراتتىم» (سۈرە زارىيات 56- ئايەت). بىزنىڭ يارىتىلىشىمىز يېمەك- ئىچمەك، توي، بالا، خىزمەت ۋە ئۆلۈم

ئۈچۈن ئەمەس.

دېمەك، ئاللاھنى تونۇش، ئاللاھقا مۇھەببەت باغلاش ۋە ئۇنىڭ ئەمرلىرىگە ئىتائەت قىلىش يارىتىلىشىمىزدىكى ئاساسى نىشاندۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ھەربىر ئادەم ئۆزىنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن ئازات قىلغۇچى ياكى ھالاك قىلغۇچىغا ساتقان ھالەتتە تاڭ ئاتقۇزىدۇ» (مۇسلىم 533، تىرمىزى 3517، ئىبنى ماججە 280، ئىمام ئەھمەد 342/5).

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبىرىمىزنىڭ مۇبارەك تېنىدىكى شېغىل تاشلارنىڭ ئىزىنى كۆرگەندىن كېيىن، پەيغەمبىرىمىزدىن ئۇنىڭغا بىر سېلىنچا قىلىپ بېرىشنى سورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ماڭا دۇنيانىڭ نېمە كېرىكى، ماڭا دۇنيانىڭ نېمە كېرىكى؟ مەن بىلەن دۇنيانىڭ مىسالى خۇددى قاتتىق ئىسسىق كۈندە يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، دەرەخنىڭ سايىسىدا بىر دەم سايىداپ ئارام ئالغاندىن كېيىن، دەرەخ سايىسىنى تاشلاپ كېتىپ قالغان ئادەمگە ئوخشاشتۇر» دېگەن (ھىندىي 6142).

**ئۆزىڭىزدە خۇشۇئ ھاسىل قىلىشقا تىرىشىڭ**

ئاللاھنى ياخشى كۆرىدىغان كىشىلەردىن باشقا ئادەملەر ئۆز نامازلىرىدا ئاللاھدىن قورقمايدۇ. ئاللاھقا چىن ۋە ھەقىقى ئاشىق كىشىلەردىن ئىبنى قەييۇم رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: قەلبىمدە جاراھەت بار، ئۇنى ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىغا چىقىشتىن باشقا نەرسە ساقايتالمايدۇ. قەلبىمدە تەنھالىق بار، ئۇنىڭغا ئاللاھنىڭ ئۈنسى- ئۈلپىتىلا بەرھەم بېرەلەيدۇ. قەلبىمدە قورقۇنچ ۋە ئەنسىزلىك بار، ئۇنى ئاللاھ تەرەپكە قايتىشتىن باشقا نەرسە كەتكۈزىۋېتەلمەيدۇ.

سىزمۇ بىرەر قېتىم شۇنداق ھىس قىلىپ باققانمىدىڭىز؟! ئاللاھ تەرەپكە قايتىشنى ئىرادە قىلغانمۇ؟ ئى رەببىم، مەن سىنىڭ دىنىڭغا مۇھتاج! ئى رەببىم، مەن سىنىڭ ئۈنسى- ئۈلپەتچىلىكىڭگە مۇھتاج! دەپ ئۆز ھالىڭىزنى بايان قىلغانمۇ؟ قەلبىڭىزدىكى ئاشىنالىق ۋە ئىنتىزارلىققا پەقەت ۋە پەقەت ئاللاھنىڭ رازىلىقىلا دورا بولالايدىغانلىقىنى ھىس قىلىپ باقتىڭىزمۇ؟

ئىبنى قەييۇم يەنە مۇنداق دېگەن: ئادەملەر مال- دۇنيالىرى ئارقىلىق بىھاجەت بولغان بولسا، سەن ئاللاھ بىلەن بىھاجەت بولغىن. ئادەملەر مال- مۈلكى بىلەن پەخىرلەنسە، سەن ئاللاھ بىلەن پەخىرلەنگىن. ئادەملەر ئۆز مەھبۇبلىرى بىلەن ھەمسۆھبەت بولسا، سەن ئاللاھ بىلەن ھەمسۆھبەت بول. ئادەملەر نەرسە تىلەپ، ئۆز مۇھەببەتلىرىنى ئىزھار قىلىشىپ پادىشاھلىرىنىڭ، ئاقساقاللىرىنىڭ يېنىغا بېرىشسا، سەن مۇھەببىتىڭنى ئاللاھقا ئىزھار قىل.

ئەي بۇرادەر! مانا بۇ ئاللاھقا چىن كۆڭلىدىن ئاشىق بولغان بىر بەندىنىڭ سۆزى.

سىز ئاللاھنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىڭىزنى، ئۇنىڭغا ئاشىق ئىكەنلىكىڭىزنى ھېس قىلغانمىدىڭىز؟ سىز ئۆزىڭىزدىن سوراپ بېقىڭچۇ، سىز نېمىنى خالايسىز، دۇنيانىمۇ ياكى جەننەتنىمۇ؟ نېمە ئۈچۈن ياشايسىز؟ غايىڭىزنى بەلگىلەڭ، بۇ سىز ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم.

مەن سىلەرگە يەنە ئىبنى قەييۇمنىڭ تۆۋەندىكى سۆزىنى ئەسلىتىش بىلەن نامازدىكى خۇشۇئ توغرىسىدىكى سۆزۈمنى داۋاملاشتۇرىمەن: پەرۋەردىگارىڭنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا تۇرۇشتىن زېرىكىپ قالما، سەن قوغلانغان تەقدىردىمۇ!

يەنە سەن ھەق تەئەلانىڭ ھۇزۇرىدا تۇرۇشتىن مالال بولما، گەرچە دەسلىۋىدە ساڭا خۇشۇئ ھاسىل بولمىغان بولسىمۇ. ئۆزىڭىزدە خۇشۇئ ھاسىل قىلىشقا ئالدىراپ كەتمەڭ، خۇشۇئ ھاسىل قىلىش ئۈچۈن نەپسىڭىزدىكى تىرىشچانلىقنى تاشلىماڭ، بەلكى كۆپ يىغلاش، يالۋۇرۇش ئارقىلىق پادىشاھىڭىز بولغان ئاللاھنىڭ دەرۋازىسىنى چېكىشنى داۋاملاشتۇرۇڭ. شۇنداق قىلسىڭىز ئۇ سىزگە ئىشىكىنى شەكسىز ئاچىدۇ. ئاللاھتىن قورقۇڭ، ئۇنىڭغا يېلىنىڭ، ئۇنىڭغا ئۆزرىڭىزنى، ئاجىزلىقىڭىزنى بايان قىلىپ تۇرۇڭ. ئۇنىڭغا ئاسىيلىق قىلىپ يامان ئىش قىلىپ سالغان بولسىڭىز، دەرھال ئۇنىڭ ھۇزۇرىغا قايتىپ، تەۋبە ئىستىغپار ئېيتىپ گۇناھىڭىزدىن ئۆتۈشنى تىلەڭ.

بىر ئالىم مۇنداق دېگەن: قاچانكى دەرۋازا قۇبۇل قىلىنغۇچىلار ئۈچۈن ئېچىلسا، سەن لۇتفى تەلەپ قىلغۇچىلاردەك دەرھال ئىچىگە كىرىۋالغىن. يەنى ئاللاھ ئۆزىنىڭ ئىشىكىنى ياخشى كۆرىدىغان بەندىلىرى ئۈچۈن ئاچسا، سەن ئۇلارنىڭ ئارىسىغا قېتىلىۋال. مەسىلەن: مەسجىد ياكى بىرەر سورۇندا ئىلىم (ۋەز- تەبلىغ) يەتكۈزۈلسە، سەن بېرىپ شۇ سورۇندىكىلەر بىلەن بىرگە ئولتۇرغىن. بەلكىم سەن ئاللاھ رەھمەت قىلغان قەۋم ئىچىدە تۇرغان بولۇشۇڭ مۇمكىن. ئىتتىكاپقا كىتىۋاتقان مۇسۇلمان قېرىنداشلار بىلەن بىرگە بېرىپ ئىتتىكاپقا كىرگىن، ئۇلار بىلەن كېچىلىرى ناماز ئوقۇغىن. ياخشى ھەمراھنىڭ مىسالى خۇددى ئىپار ئېلىپ ماڭغان ئادەمنىڭ مىسالىغا ئوخشاشكى يا ئۇ ساڭا ئىپار ھەدىيە قىلىدۇ ياكى سەن ئۇنىڭدىن ئىپار سېتىۋالىسەن، سېتىۋالمىغان تەقدىردىمۇ ئۇنىڭ خۇشبۇي پۇرىقىنى پۇرايسەن.

مېھرىبان ئىگىمىز ئاللاھ سەھەر ۋاقىتلىرىدا سەجدە قىلغۇچىلار ۋە باشقا ئىبادەت بىلەن مەشغۇل بولغۇچىلارنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىش ئۈچۈن ئىشىكىنى ئاچقاندا، سىز تېز بېرىپ ئۇلارنىڭ قاتارىغا كىرىپ، قولىڭىزنى كۆتۈرۈپ: ئى رەببىم! مەن سېنىڭ شەپقىتىڭگە مۇھتاج، ماڭا شەپقەت قىلغىن، دەپ ئىلتىجا قىلىڭ. ئەنە شۇ چاغدا ئاللاھقا مۇناجات قىلىشنىڭ، ئاللاھ بىلەن خالى مۇڭدىشىشنىڭ ھۇزۇرىنى، شىرىنلىكىنى ھېس قىلىسىز.

بۇرادەر! سىزدىن سوراپ باقاي، سىز ئاخىرقى قېتىم قاچان نامىزىڭىزدا ئاللاھتىن

قورقۇپ باقتىڭىز؟ مەڭگۈ سەجدىدىن باش كۆتۈرۈپ باقماسلىقنى ئارزۇ قىلدىڭىزمۇ؟ ئاخىرقى قېتىم قاچان نامىزىڭىزدا ئاللاھنىڭ ئالدىدا تۇرغان ۋاقتىڭىزدا ئەزالىرىڭىز سىز بىلەن بىرگە ئاللاھتىن قورقۇپ، قەلبلىرىڭىز ئىزتىراپ چەكتى؟

مەن بۇ سۆزلەرنىڭ مۇھىملىقىنى ھىس قىلالماسلىقىڭىزدىن ئەنسىرەيمەن. چۈنكى قەلبىمىزدە قاتتىقلىق بار. بىز يەپ- ئىچىۋاتىمىز، توي قىلىپ، باللىق بولىۋاتىمىز. نېمە ئۈچۈن يارىتىلغانلىقىمىزنى ئۇنتۇغان ھالدا ئۆلۈپ كېتىۋاتىمىز. بىز قىلغان، قىلىپ كېلىۋاتقان، كۆڭۈل بۆلىۋاتقان ۋە ھېرىس بولغان بۇ نەرسىلەردىن تامامەن باشقا بىر غايە ئۈچۈن يارىتىلغان. ئاللاھنىڭ ھىمايىسىگە كىرىش ۋە ئۇنىڭ خىزمىتىدە بولۇش ئۈچۈن يارىتىلغان. سىزنىڭ رەببىڭىز بار، بۇنىڭدىن ئىززەتلىك يەنە نېمە بار؟ سىز ئۇنىڭ بەندىسى، يەنە نېمە بىلەن پەخىرلىنىسىز؟

بىر قېتىم مەن بىر قىسىم ياشلار بىلەن ئولتۇرۇپ قالدىم. بىز ئاللاھنىڭ نىمەتلىرى ھەققىدە سۆھبەتلەشتۇق. ئارىمىزدىكى بىرەيلەن: سالامەتلىك ئاللاھنىڭ بىزگە ئاتا قىلغان نىمتى، دېسە، يەنە بىرى: ئەۋلادلار، دېدى. بىرسى: ئاشلاش ۋە كۆرۈش، دېسە، يەنە بىرسى: ئانام، دېدى. مال- دۇنيا ئاللاھنىڭ بىزگە ئاتا قىلغان نىمتى دىگۈچىلەرمۇ بولدى. ئاخىرىدا 18 ياشقا كىرگەن بىر ياش مۇنداق دېدى: ئاللاھنىڭ بىزگە ئاتا قىلغان نىمەتلىرىنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ كاتتا، ئەڭ ئۇلۇغ نىمەت- رەببىمىزنىڭ بىزنىڭ رەببىمىز بولغانلىقىدۇر!!!

چۈشەندىڭىزمۇ؟ بۇ ياش شۇنى ھىس قىلىپ يەتكەنكى، كائىناتتىكى نىمەتلەرنىڭ ئەڭ ئۇلۇغى رەببىمىزنىڭ ئۆزى يالغۇز ئىشلىرىمىزنى باشقۇرۇپ تۇرىدىغانلىقىدۇر. ئەنە شۇ رەب بىزگە ھەرجەھەتتىن كۈپايە قىلالايدۇ. قەلبلىرىمىزنى، قول- پۇشانلىرىمىزنى خەيرلىك ۋە ياخشىلىق يوللىرىغا يېتەكلەيدۇ. شۇنداق بولغان ئىكەن، ئەڭ كاتتا نىمەت- ئاللاھنىڭ، ئاشۇ ئۆزى يالغۇز يىگانە ئاللاھنىڭ سىزنىڭ رەببىڭىز ئىكەنلىكىدۇر.

ئەي قېرىندىشىم! سىز كىمنىڭ ئىگدارچىلىقىدا؟ سىز كىمنىڭ بەندىسى؟ سىز ئۆزىڭىنىڭ بەندىسىمۇ؟ ھاۋايى- ھەۋەسلىرىڭىزنىڭ بەندىسىمۇ ياكى مال- دۇنيانىڭمۇ؟ ياق، ئۇنداق بولۇپ قېلىشتىن ھەزەر ئەيلەش كېرەك. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دۇنيانىڭ، شەھۋەتنىڭ ۋە زىبۇ- زىننەتلەرنىڭ قۇلى بولۇپ قالغانلارغا بەددۇئا قىلغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «دەرھەم ۋە دىنارنىڭ قۇلى بەختسىز بوپ كەتسۇن!»

## سىز نامازنىڭ ھالاۋىتىنى (شىرىنلىكىنى) تېتىدىڭىزمۇ؟

ئىبنى تەيمىييە مۇنداق دېگەن: دۇنيانىڭ مىسكىنلىرى شۇنداق كىشلەركى، ئۇلار دۇنيادىكى ئەڭ شىرىن نەرسىنى تېتىماي تۇرۇپ ئۆلۈپ كەتكەنلەردۇر. ئىبنى

تەيمىيىەدىن: دۇنيادىكى ئەڭ شىرىن نەرسە نىمە؟ دەپ سورالغاندا، ئۇ: ئاللاھ تەئەلانىڭ مۇھەببىتى، دەپ جاۋاب بەرگەن.

نامىزىڭىزدا، يەنى پەرۋەردىگارىڭىزنىڭ ئالدىدا تۇرىۋاتقان ۋاقتىڭىزدا كۆزىدىن ياش تۆكۈلۈپ باقمىغان ئەي ئىنسان! سىز ھەقىقى يىغلاپ- مىسكىنىسىز!

پەقەت ئاللاھتىن قورقۇپ، قىلىپ سالغان گۇناھلىرى ئۈچۈن قەلبىنىڭ تىترەپ تۇرغانلىقىنى ھىس قىلىپ باقمىغان ئەي ئىنسان! سىز ھەقىقى يىغلاپ- مىسكىنىسىز!

ئەي بۇرادەر! سىز بىرەر قېتىم نامازغا كىرىشىپ، ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىغا كىرگەنلىكىڭىزدىن پەخىرلىنىپ، چىن يۈرىكىڭىزدىن خۇرسەنلىك ھىس قىلىپ باقتىڭىزمۇ؟

نامازدا تۇرۇپ كۆپ ھەرىكەت قىلىش- قەلبىنىڭ نامازدا ئەمەسلىكى، شۇ كىشىنىڭ ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھتىن قورقمىغانلىقىنىڭ دەلىلى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر ئادەمنىڭ نامازدا ساقلىنى ئويناۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ: ئەگەر بۇ كىشىنىڭ قەلبى ئاللاھتىن قورققان بولسا، چوقۇمكى ئۇنىڭ باشقا ئەزالىرىمۇ ئاللاھتىن قورققان بولاتتى، دېگەن. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەقىقەتەن راست گەپ قىلدىغان ئادەم، چۈنكى، ئادەم بەدىنىدىكى ئەزالار- قەلبىنىڭ ئەينىكىدۇر.

كىشىلەرنىڭ ناماز ئوقۇۋاتقان ھالىتىگە نەزەر تاشلايدىغان بولسىڭىز، ئاجايىپ ھەركەتلەرنى بايقايسىز. بەزى ئادەملەر ماشىنا ئادەم ياكى چىشلىق چاقتا ئوخشاش تىز سۈرئەتتە پىشىن ۋە ئەسىر نامازلىرىنى ئىككى مىنۇت ياكى ئۇنىڭدىنمۇ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئوقۇپ بولىدۇ. تېخى سىز ئۇنىڭ سۈرئىتىگە سۈرئەت قوشۇپ بىر مىنۇت ياكى بىر يېرىم مىنۇت ئىچىدە ئوقۇپ بولغانلىقىنى، رۇكۇ بىلەن سەجدىنى بىرگە قىلىۋاتقانلىقىنى، رۇكۇدىن كېيىن قامىتىنى كۆتۈرمىگەنلىكىنى بەلكى بىۋاستە سەجدىگە كەتكەنلىكىنى كۆرۈشىڭىز مۇمكىن. بەزىلەر ئەينەكنىڭ يېنىدا ناماز ئوقۇۋېتىپ، ئۇنىڭغا قاراپ ئۆزىنىڭ ئەينەكتىكى سايىسى بىلەن مەشغۇل بولىدۇ. يەنە بەزىلەر مۇسابىقىگە چۈشكەن ئىككى گۇرۇپپا ئىچىدىن ئۆزى ياقتۇرغان گۇرۇپپىنىڭ نەتىجىسىنى بىلىش ياكى ئۆزى ياقتۇرغان پىروگراممىلارنىڭ ئۆتۈپ كېتىپ قالماسلىقى ئۈچۈن تېلېۋىزورنىڭ يېنىدا تۇرۇپ ناماز ئوقۇيدۇ. مانا بۇلار بىز كۆرۈشنى خالىمايدىغان مىساللار. بۇرادەرلەر، ئاللاھتىن ئەيمىنەيلى، ئۇنىڭدىن قورقايلى!

سىز بىرەر مۇسۇلمان ھەدىمىز ياكى سىڭلىمىزنىڭ ناماز ئوقۇۋېتىپ كۆزلىرىنى ئۆيىنىڭ ئۇ يەر بۇيەرلىرىگە يۈگۈرتىۋاتقانلىقىنى، ئاندىن تام ياكى تۈرۈسلاردىكى بىرەر جاينىڭ مەينەت بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆز- ئۆزىگە: نامازدىن پارىغ بولغاندىن كېيىن سۈرتىۋېتەيچۇ، دەپ پىچىرلىغانلىقىنى بايقىشىڭىز مۇمكىن. ئەنە شۇنداق

ۋەسۋەسە بىلەن شەيتان ئۇنى نامىزىدىن، نامازدىكى خۇشۇئدىن چىقىرىۋېتىدۇ. يەنە سىز بىرەر بۇرادەرنىڭ ناماز ئوقۇۋېتىپ، بالىسى بىرەر خاتا ئىش قىلىپ سالسا، ئۇنى شۇ ئىشتىن توختىتىش ئۈچۈن ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ، يۆتىلىپ قويغانلىقىنى كۆرۈشىڭىز مۇمكىن، بۇ توغرا بولامدۇ؟

يەنە بىرەيلەن كۆڭلىدە بىرئاز ۋاقىتتىن كېيىن باشلىنىدىغان بىرەر مۇسابىقە ياكى ئۇچرىشىشقا ئوخشاش ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولۇپ، نامازدىكى ۋاقىتدا قېپقالغان ۋاقىتنى ھسابلاش ئۈچۈن سائىتىگە قاراپ قويىدۇ. سائىتىگە قاراش بىلەن نامىزىنى ئاخىرلاشتۇرىدۇ...

**قايتىپ بېرىپ ناماز(نى قايتا) ئوقۇغىن، چۈنكى سەن ناماز ئوقۇمىدىڭ**

بىز كۆرىۋاتقان بۇ خىل ھالەتلەر بىلەن پەيغەمبىرىمىز، ساھابە- تابىئىنلار ۋە سالىھ كىشىلەرنىڭ ناماز ئوقۇۋاتقان ھالىتىدىكى سۈپەتلەر تامامەن باشقا- باشقا بىر ھالەتتۇر. ناماز دېگەن قەلبنى شۇ نامازغا ھازىر قىلماي ياكى ئاللاھنىڭ كىتاۋىدىن تىلاۋەت قىلىنىۋاتقان ئايەتلەرنى چۈشەنمەي ئادا قىلىپ قويىدىغان ھەركەت ئەمەس.

بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەسجىدتە ئولتۇرىۋاتقان ۋاقىتتا، بىر ئادەم كىرىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا سالام بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ سالىمغا جاۋاب قايتۇردى. ئاندىن كېيىن ئۇ ئادەم بېرىپ ناماز ئوقۇدى. نامازنى ئوقۇپ بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا باردى ۋە پەيغەمبىرىمىزگە سالام قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ سالامىغا جاۋاب قايتۇردى ۋە ئۇنىڭغا: «قايتىپ بېرىپ ناماز ئوقۇغىن، چۈنكى سەن ناماز ئوقۇمىدىڭ» دېدى. ئۇ كىشى قايتىپ بېرىپ يەنە ناماز ئوقۇدى. ناماز ئوقۇپ بولۇپ قايتىپ كەلدى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا سالام بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ سالامىغا جاۋاب قايتۇرۇپ بولۇپ يەنە: «قايتىپ بېرىپ ناماز ئوقۇغىن، چۈنكى سەن ناماز ئوقۇمىدىڭ» دېدى. ئۇ ئادەم يەنە شۇنداق قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا يەنە: «قايتىپ بېرىپ ناماز ئوقۇغىن، چۈنكى سەن ناماز ئوقۇمىدىڭ» دېدى. ئۇ ئادەم قايتىپ بېرىپ ناماز ئوقۇدى ۋە قايتىپ كېلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا سالام بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ سالامىنى قايتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنى يەنە نامازنى قايتا ئوقۇشقا بۇيرىدى. ئۇ كىشى: سىنى ھەق بىلەن ئەۋەتكەن زات بىلەن قەسەمكى، مەن نامازنى مۇشۇنداق ئوقۇيمەن، بۇنىڭدىن ياخشى ئوقۇيالمايمەن، ماڭا قانداق ئوقۇشنى ئۆگىتىپ قويغان بولساڭ، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا تەلىم بېرىپ: «نامازغا تۇرغان ۋاقتىڭدا ئاللاھ اكبر دەپ تەكبىر ئېيتقىن، ئاندىن قۇرئاندىن ئوقۇيالايدىغان ئايەتلەرنى ئوقۇغىن، ئاندىن رۇكۇ قىلغىن، رۇكۇ قىلغان ھالەتتە ئارام ئالغىن. ئاندىن رۇكۇدىن تۇرۇپ، تۈز تۇرغىن. ئاندىن سەجدە

قىلغىن، ھەتتاكى سەجدە قىلغان ھالەتتە ئارام ئالغىن. ئاندىن سەجدىدىن بېشىڭنى كۆتۈرۈپ ئولتۇرغىن ۋە ئولتۇرغان ھالەتتە ئارام ئالغىن. ئاندىن يەنە سەجدە قىلغىن ۋە سەجدە قىلغان ھالەتتە ئارام ئالغىن. نامىزىڭنى مانا مۇشۇنداق ئوقۇغىن» دېدى (بۇخارى 6251، مۇسلىم 6667).

ساھابىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن نامازدا تۇرۇپ ئۇياق- بۇياققا قاراش ھەققىدە سورىغاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مانا بۇ- شەيتاننىڭ بەندىلەرنىڭ نامىزىنى ئوغرىلىشى» دېگەن (بۇخارى 751).

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئادەملەرنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ئەسكى ئوغرى- نامىزىنى ئوغرىلايدىغان ئادەمدۇر» دېگەندە، ساھابىلەر: ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى، نامازنى قانداق ئوغرىلىغىلى بولىدۇ؟ دەپ سورىغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جاۋاب بېرىپ: «ئۇ كىشى نامازنىڭ رۇكۇ ۋە سەجدىلىرىنى تولۇق ئادا قىلمايدۇ» دېگەن (ئىمام ئەھمەد 56/3، بەيھەقى 384/5، ھاكىم 229/1).

يەنە بىر ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن: «بىر ئادەم ناماز ئوقۇپ، نامازنىڭ رۇكۇ ۋە سەجدىلىرىنى تولۇق ئادا قىلمىسا، ئۇ ناماز ئەسكى كىيىم قاتلانغاندەك قاتلىنىپ، شۇ ناماز ئوقۇغۇچىنىڭ يۈزىگە ئۇرىدۇ ۋە: سەن مېنى زايا قىلىۋەتكەندەك ئاللاھمۇ سىنى زايا قىلىۋەتسۇن! دەيدۇ. ئەگەر رۇكۇ ۋە سەجدىلىرىنى تولۇق ئادا قىلسا، پاكىزە، چىرايلىق كىيىم قاتلانغاندەك قاتلىنىپ، شۇ ناماز ئوقۇغۇچىغا: سەن مېنى مۇھاپىزەت قىلغاندەك ئاللاھ سىنى مۇھاپىزەت قىلسۇن! دەپ دۇئا قىلىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «قاچانكى بەندە ناماز ئوقۇغاندا ئۇياق- بۇياققا قارىمىسىلا ئاللاھ ئۇنىڭغا قاراپ تۇرىدۇ. ئەمما ئۇ بەندە يۈزىنى شۇنداق بىر تەرەپكە ئۆرىسە ئاللاھمۇ ئۇنىڭدىن يۈزىنى ئۆرۈيدۇ». ئاللا، ئەزىز بۇرادەر! نامىزىڭىزدا ئۇياق- بۇياققا قاراشتىن ساقلىنىڭ، ئاشۇ ھەركەتلىرىڭىز ئارقىلىق ئاللاھ نامىزىڭىزدا سىزدىن يۈزىنى ئۆرىۋالىدۇ! پەرۋەردىگارىڭىزنىڭ سىزدىن يۈزىنى ئۆرۈۋېلىشىنى تەسەۋۋۇر قىلالامسىز؟ ئۇنىڭغا بەرداشلىق بېرەلەمسىز؟ سىز باشقا يەرگە قاراپ تۇرىۋاتقاندا، ئاللاھنىڭ سىزگە قارىماسلىقىدىن ھايا قىلمامسىز؟!

نامىزىڭىزدا ئاللاھنىڭ سىزگە قارىماسلىقىدىن ھەزەر ئەيلەڭ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «رۇكۇ بىلەن سەجدە ئارىسىدا قامىتىنى تۈزلىمىگەن بەندىنىڭ نامىزىغا ئاللاھ نەزەر سالمايدۇ». پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېگەن: «بىر بەندە نامازغا تۇرۇپ، ئۇياق- بۇياققا قارىسا، ئاللاھ ئۇ بەندىگە: < سەن قارىغان نەرسە مەندىن ياخشىمۇ؟ > دەيدۇ» ( ئىمام ئەھمەد 525/2، ھەيسەمى 120/2).

نامازنىڭ قوبۇل بولۇش شەرتى نامازغا قەلبنى ھازىر قىلىش ۋە تىلاۋەت قىلغان

ئايەتلەرنى چۈشىنىشتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «بىر ئادەمنىڭ نامازدىن ئېرىشىدىغان ئەجرى شۇ نامازدىن چۈشەنگەن نەرسىسىنىڭ مىقدارى بويىچە بولىدۇ» (زۇبەيدى 112/3). دېمەك، بىر ئادەم نامازدىن بىرەر ياخشىلىققا ئېرىشەلمەي، ناماز ئوقۇشى مۇمكىن. ئۇ پەقەت زىممىسىدىكى پەرزنى ساقىت قىلغان بولىدۇ. يەنى نامازنى ئادا قىلغان، ئۇنىڭدىن نامازنى تەرك قىلغانلىقى توغرىسىدىكى ھېساب كۆتۈرۈلگەن بولىدۇ. ئۇ كىشىنىڭ نامازدىن ياخشىلىققا ئېرىشەلمىگەنلىكى نامازدا ئوقۇلغان ئايەتلەردە ئەقىل ئىشلەتمىگەنلىكى، دۇرۇد ئوقۇمىغانلىقى ۋە دۇئا قىلمىغانلىقىدىندۇر. ئۇنىڭ نامازنى بىپەرۋالىق ۋە غەپلەت بىلەن ئوقۇغانلىقىدىندۇر.

ئاللاھ ئىنتايىن ئادىل ھۆكۈم قىلغۇچى زات. ئاللاھنىڭ بېرىدىغان ئەجرى بەندىلەرنىڭ ئاللاھ ئۈچۈن تارتقان ئەرزىيتىنىڭ مىقدارىچە بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ھەقىقەتەن بىر ئادەم ناماز ئوقۇيدۇ، ئۇ كىشىگە شۇ ئوقۇغان نامىزىنىڭ ئەجرىدىن ئۈچتىن بىرى، تۆتتىن بىرى ياكى يېرىمى، ياكى ئالتىدىن بىرى، ياكى سەككىزدىن بىرى، ياكى ئوندىن بىرى يېزىلىدۇ» (ئىمام ئەھمەد 130/4).

بىزگە زادى ئوقۇغان نامىزىمىزدىن قانچىلىك ئەجىر يېزىلغاندۇ؟!

سىز دۇنياكى بىرەر زۇڭتۇڭنىڭ ياكى بىرەر ئورگان رەئىسىنىڭ ۋە ياكى بىرەر شىركەت دىرىكتورىنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ، ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتىپ مەدھىيىلىسىڭىز، ئالدىدا بوينىڭىزنى ئىگىپ، ئىتائەتمەنلەرچە قول باغلاپ تۇرسىڭىز، ئۇ سىزگە قانداق مۇكاپات بېرەر؟ ئۇنىڭ سىزگە بەرگىنى پەقەت بىر ئىنساننىڭ يەنە بىر ئىنسانغا بەرگەن مۇكاپاتى. پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھنىڭ سىزگە بېرىدىغان مۇكاپاتى قانداق بولار؟

## ساھابە ۋە تابىئىنلارنىڭ نامازدىكى خۇشۇئلىرىدىن نەمۇنىلەر

رىۋايەت قىلىنىشىچە، بىر كۈنى ئەبۇ تەلھە بېغىدا ناماز ئوقۇۋاتاتتى. تۇيۇقسىز ئۇنىڭ كۆزىگە دەرەخلەر ئارىسىدىن چىقىۋاتقان بىر قۇش كۆرۈندى. ئۇنىڭ كۆزى قۇشقا باغلىنىپ قېلىپ، قانچە رەكئەت ناماز ئوقۇغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالدى. ئۇ دەرھال قەلبلەرگە بەرھەم بەرگۈچى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ، يىغلىغىنىچە: ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! مەن باغدىكى قۇش بىلەن مەشغۇل بولۇپ قېلىپ، قانچە رەكئەت ناماز ئوقۇغىنىمنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن. مەن بۇ باغنى ئاللاھ يولىدا سەدىقە قىلىۋېتىمەن. ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى، سىلى باغنى خالىغانچە تەسەررۇپ قىلسىلا، ئاللاھ گۇناھىمنى مەغپىرەت قىلسا ئەجەب ئەمەس، دېدى.

بۇ ساھابە ئۆزىنىڭ كىچىككىنە كەمچىلىكى، نامازدا شۇنچىلىك بىر باشقا تەرەپكە قاراپ سالغانلىقىغا نېمە ئۈچۈن شۇنداق قىلىدۇ؟ جاۋاب شۇكى، ئۇنىڭغا، نامازدا

كۆزىنى قويۇۋېتىپ باشقا تەرەپكە قاراپ سالغانلىقى مۇسىبەت بولۇپ تۇيۇلغان. مانا شۇنىڭدەك مۆمىن ئادەم ئۆزىنىڭ قىلىپ سالغان گۇناھى كىچىك بولسىمۇ، ئۇنى ئۆز ئۈستىگە غۇلاپ چۈشكىلىۋاتقان تاغقا ئوخشاش كۆرىدۇ. ئەمما مۇناپىق ئۆزىنىڭ گۇناھىنى يۇزىگە قونۇپ ئۇچۇپ كەتكەن چىۋىنچىلىكلا كۆرىدۇ. خۇددى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېيتقاندەك.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: بىر ئادەم باركى، 60 يىل ناماز ئوقۇسىمۇ، ئۇنىڭ نامىزى قوبۇل بولمايدۇ. باشقىلار: نېمىشقا؟ دەپ سورىغاندا، ئۇ جاۋاب بېرىپ: ئۇ نامازدا رۇكۇ، سەجدە ۋە قىيامنى كامىل قىلمايدۇ، نامازنى خۇشۇئ بىلەن ئوقۇمايدۇ، دېگەن (مۇنزىرى تەرغىب ۋە تەرھىب 337/1).

ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: بىر ئادەم ئاللاھ ئۈچۈن بىر قېتىممۇ جايىدا رۇكۇ قىلىپ باقماي، مۇسۇلمان پېتى قېرىپ كېتىدۇ. باشقىلار ئۇنىڭدىن: ئى مۇئمىنلەرنىڭ ئەمرى، قانداقسىگە ئۇنداق بولىدۇ؟ دەپ سورىغاندا، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: چۈنكى ئۇ نامازنىڭ رۇكۇ ۋە سەجدىلىرىنى جايىدا قىلمايدۇ، دەپ جاۋاب بەرگەن.

ئىمام ئەھمەد مۇنداق دېگەن: ئادەملەرگە بىر زامان كېلىدۇكى، ئۇلار ناماز ئوقۇمىغان ھالەتتە ناماز ئوقۇيدۇ. مەن شۇ زامانىنىڭ ھازىرقى ۋاقىت بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەۋاتىمەن.

ئەي ئىمام ئەھمەد! سەن 20- ئەسىردىكى بىز مۇسۇلمانلارنىڭ يېنىدا بولغان بولساڭ، ئەھۋالىمىزنى، ئوقۇۋاتقان نامازلىرىمىزنى كۆرگەن بولساڭ، نېمە دەر بولغىيتتىڭ؟!

ئىمام غەززالىي مۇنداق دېگەن: بىر ئادەم سەجدە قىلىدۇ، ئۇ: مەن بۇ سەجدەم بىلەن ئاللاھقا يېقىنلاشتىم، دەپ ئويلايدۇ. ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئاشۇ بىر سەجدىنىڭ گۇناھى ئۇ كىشى ياشاۋاتقان شەھەرگە چېچىلسا، شەھەردىكى بارچە ئادەم ھالاك بولغان بولاتتى. ئۇنىڭدىن سورالدى: بۇ قانداق ئىش؟. ئىمام غەززالىي جاۋاب بېرىپ: ئۇ ياراتقۇچى ئىگىسىنىڭ ئالدىدا بېشى بىلەن سەجدە قىلىپ تۇرىدۇ، ھالبۇكى ئۇنىڭ كاللىسى ئويۇن- تاماشا، گۇناھ- مەئسىيەت، شەھۋەت ۋە دۇنيانىڭ مۇھەببىتى بىلەن مەشغۇل، بۇ قانداقمۇ ئاللاھقا قىلىنغان سەجدە بولسۇن؟! دېگەن.

ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: «ئى مۆمىنلەر! سىلەر مەس بولساڭلار نېمە دەۋاتقىنىڭلارنى بىلگىنىڭلارغىچە نامازغا يېقىنلاشماڭلار!» (سۈرە نىسائ 43- ئايەت).

ئەپسۇسكى، بەزى كىشىلەر مەس ئەمەس، لېكىن ئۇلارنىڭ نامازدا تۇرغان چاغدىكى ئەھۋاللىرى مەسلەرنىڭكىدىن بەتتەر. ياق، ئۇلار مەستۇر! ھەئە، ئۇلار دۇنيانىڭ مەئىشەتلىرى بىلەن تولدۇرۇلغان جامدىن مەي ئىچىپ مەس بولغان.

نەتىجىدە قەلبلىرىنى غەپلەت باسقان ۋە ئەقىللىرى غۇۋالاشقان كىشىلەردۇر. ئاللاھ هاراقنى هارام قىلىشتىن ئىلگىرى، ناماز ئوقۇغۇچىلارنىڭ نامازدا نېمە دەۋاتقانلىقىنى بىلىشى ئۈچۈن ناماز ئوقۇشتىن ئىلگىرى هاراق ئىچىشنى هارام قىلغان. شۇنداق بولغان ئىكەن، مۇسۇلمان ئادەم ناماز ئوقۇشتىن ئىلگىرى نامىزىدا نېمە ئوقۇغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇشى ئۈچۈن ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن پۈتۈن مەشغۇلاتتىن ئۆزىنى تارتىپ قول ئۈزۈشى ئىنتايىن مۇهىم.

بىلىشىڭىز كېرەككى، ئاللاھ بىزنى ناماز ئوقۇش ئەمەس، نامازنى ئەدەپ-ئەركانلىرى بىلەن ئوقۇشقا ئەمىر قىلدى: «نامازنى (ئەدەپ- ئەركانلىرى بىلەن) ئوقۇڭلار» (سۈرە بەقەرە 43- ئايەت). ئاللاھ «سلوا (ناماز ئوقۇڭلار)» دېمىدى، بەلكى«ۋقيموالىلوە (نامازنى ئەدەپ- ئەركانلىرى بىلەن ئوقۇڭلار)» دېدى. ئەرەب تىلىدا «ۋقام» دېگەن پېئىل «چىرايلىق قىلدى، مۇكەممەل قىلدى، تۇرغۇزدى» دېگەن مەنالارنى ئۆقتۇرىدۇ. ئادا قىلىش مەنىسىدىكى «سلى» ئىبارىسى قۇرئان كەرىمدە بىرلا ئورۇندا تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، بۇ دەل سۈرە مائۇندىكى «شۇنداق ناماز ئوقۇغۇچىلارغا ۋايكى، ئۇلار نامازنى غەپلەت بىلەن ئوقۇيدۇ» دەپ نامازنى غەپلەت بىلەن ئوقۇغۇچىلار سۆكۈلگەن ئايەتتىكى كەلىمىدۇر.

خۇشۇئ ۋە قەلبىنىڭ هازىرلىقى بىلەن ئوقۇلغان كامىل ناماز قەلبىنىڭ ئارامى ۋە خۇرسەنلىكىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام بىلالغا مۇنداق دېگەن: «ئى بىلال، بىزنى ناماز بىلەن راهەتلەندۈرگىن» (تەبرانى340/6).

پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام يەنە مۇنداق دېگەن: «مېنىڭ خۇشاللىقىم نامازدا» (ئىمام ئەهمەد 128/3).

دېمەك، پەيغەمبەرنىڭ خوشاللىقى، هەقىقى راهىتى نامازدىن كېلىدۇ. بىزنىڭچۇ؟ تىلىۋىزوردىن، ياكى ياخشى كۆرگەن بىرەر ساهىپجامالدىن ياكى مال-دۇنيالىرىمىزدىن، ئۆيلىرىمىزدىن، ياكى ئاياللىرىمىزدىن ۋەياكى خىزمەتلىرىمىزدىن!

سىز قاچان ئىككى رەكئەت نامىزىڭىزدىن هەقىقى خۇشاللىققا ئېرىشىپ باقتىڭىز؟ ئۆيىڭىزگە تېز قايتىپ، ئاللاهقا ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇشقا مۇشتاق بولۇپ باققانمىدىڭىز؟ ئاللاھ بىلەن خالى مۇڭدىشىش ئۈچۈن كېچىنىڭ كىلىشىنى تۆت كۆزىڭىز بىلەن كۈتكەنمىدىڭىز؟

پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام بىرەر قىيىنچىلىققا دۇچ كەلسە، دەرهال نامازغا تۇراتتى. هازىر بىز قىيىنچىلىققا دۇچ كەلسەك، ئادەملەرنىڭ قېشىغا بېرىپ، دەرت- ئەهۋال ئېيتىمىز. بۇ خاتا، ئۇلار سىزدىن قىيىنچىلىقنى كۆتۈرۈپ، غەم- قايغۇلىرىڭىزنى كەتكۈزۈشكە قادىر ئەمەس. سىز يەنىلا ئاللاھنىڭ قىيىنچىلىقىڭىزنى كۆتۈرۈشكە

ئېھتىياجلىق. شۇڭلاشقا دەرھال ئاللاھ تەرەپكە قايتىپ ئۇنىڭغا يېلىنىڭ.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كېچىلىرى ئۇخلىماي، كۆندۈزلىرى توختىماي ئاللاھقا دۇئا قىلىپ، ناماز ئوقۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ: ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! ئۇخلىمامدىلا؟ دەپ سورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جاۋابەن: «ئۇخلايدىغان ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى» دەيتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كۈنى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بىلەن بىر تۆشەكتە يېتىۋېتىپ، بەدىنىنىڭ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ بەدىنىگە تىگىۋاتقانلىقىنى سىزىپ، شۇ زامانلا ئورنىدىن تۇرۇپ كەتكەن ۋە ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن ئىجازەت سوراپ: «ئى ئائىشە! مېنى ئارامىمدا قوي، پەرۋەردىگارىمغا ئىبادەت قىلىۋالاي» دېگەن. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا: ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، سىنىڭ ماڭا يېقىنلىشىشىڭنى ياخشى كۆرىمەن، ئەمما سىنىڭ ئويۇڭنى (ئارزۇيۇڭنى) ھەممىدىن چوڭ بىلمەن، دېگەن.

ئابدۇللا ئىبنى مەسئۇد پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نامىزىنى تەسۋىرلەپ مۇنداق دەيدۇ: بىر كېچىسى مەسجىدكە كىردىم. مەسجىدنىڭ ئوتتۇرىسىدا خورما دەرىخى تۇراتتى. بۇنىڭدىن ھەيران قالدىم، چۈنكى ئۇ يەردە ئەزەلدىن خورما دەرىخى بولۇپ باقمىغان ئىدى. مەن ئۇ تەرەپكە يېقىنلاشتىم. ئەسلى ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىكەن. ئۇ ناماز ئوقۇۋاتاتتى. مەن پەيغەمبىرىم تەرەپكە يېقىن باردىم ۋە ئۆزۈمگە: بۇ ماڭا نىسبەتەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن خالىي يالغۇز ناماز ئوقۇشۇم ئۈچۈن بىر ياخشى پۇرسەت، دېدىم- دە، ئۇنىڭ يېنىدا تۇرۇپ نامازغا كىردىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۈرە بەقەرەنى ئوقۇشقا باشلىدى. مەن: ئۇ 100 ئايەت ئوقۇپ بولۇپ سەجدە قىلار، دەپ ئويلىدىم. سۈرە تامام بولدى، ئەمدى رۇكۇ قىلىمىزغۇ، دەپ ئويلىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۈرە ئال ئىمراننى ئوقۇشقا باشلىدى. مەن يەنە: 100 ئايەت ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن سەجدە قىلىمىزغۇ، دەپ ئويلىدىم، بۇ سۈرىمۇ تامام بولدى. مەن: ئەمدىغۇ رۇكۇغا بارارمىز، دەپ ئويلىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۈرە نىسائىنى ئوقۇشقا باشلىدى. مەن ئۇنى يەنە: 100 ئايەت ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن سەجدە قىلار، دەپ ئويلىدىم، ئەمما بۇ سۈرىمۇ تامام بولدى. شۇنىڭ بىلەن مەن: ئولتۇرىۋالايچۇ، ئۇ ئوقۇۋەرسۇن، دېگەن يامان ئويدا بولۇپ قالدىم. ئاندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھسالام رۇكۇغا باردى، ئۇنىڭ رۇكۇسى قىيامغا يېقىن داۋاملاشتى. ئۇ قىيامدا سۈرىلەرنى بىر- بىرىگە ئۇلاپ ئوقۇدى. جەننەت زىكرى قىلىنسا، ئاللاھنىڭ جەننەت ئاتا قىلىشىنى تىلىدى. دوزاخ زىكرى قىلىنغان ئايەتلەرنى ئوقۇسا، ئاللاھتىن دوزاختىن يىراق قىلىشىنى تىلىدى. ئۇ رۇكۇدا «سبحان ربي العئيم» دېدى. رۇكۇ قىيامغا يېقىن داۋاملاشتى. ئاندىن رۇكۇدىن باش كۆتۈردى، بۇ ۋاقىتمۇ رۇكۇدەك داۋاملاشتى. مەن ئۇنىڭ: «ئى رەببىم! ساڭا ئاسمانلار ۋە زېمىنىنىڭ

ۋەزنىچە، ئاسمانلار ۋە زىمىن ئارىسىدىكى شەيئىلەرنىڭ ۋەزنىچە كۆپ، پاك ۋە مۇبارەك ھەمدىلەر بولسۇن» دەۋاتقانلىقىنى ئاڭلايتتىم. ئاندىن ئۇ سەجدىگە باردى، ئۇنىڭ سەجدىسى قىيامدەك ئۇزۇن بولدى.

ساھابىلەر مۇنداق دېگەن: بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ناماز ئوقۇۋاتقان چېغىدا قورسىقىدىن خۇددى قازان قايناۋاتقاندەك يىغا ئاۋازىنىڭ چىقىۋاتقانلىقىنى ئاڭلايتتۇق.

قاچان سىزنىڭ قورسىقىڭىزدىن شۇنداق ئاۋاز چىقىپ باققان؟! سىناپ باقمامسىز؟ ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مانا بۇ دۇنيادىكى ئەڭ شېرىن، ئەڭ لەززەتلىك ئىش! سەن پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئالدىدا تۇردۇڭ، ئۇ سەندىن رازى، سەن ئۇنىڭ ئۆزۈڭگە شۇ قەدەر يېقىن ئىكەنلىكىنى ھىس قىلىسەن. بولۇپمۇ سەن كۆز ئالدىدا سەجدە قىلىپ تۇرغان ۋاقتىڭدا تېخىمۇ شۇنداق. سەن بۇلارنى بىلەلمىسەڭ، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، دۇنيادىكى ئەڭ مىسكىن، بىچارە ئادەمگە ئايلىنىپ قالىسەن. قولاق سال ئىبنى تەيمىييەنىڭ مۇنۇ سۆزىگە: بۇ دۇنيادا بىر جەننەت بار، بۇ دۇنيادا، ھايات چېغىڭدا ئۇنىڭغا كىرمىسەڭ، ئاخىرەتنىڭ جەننىتىگە كىرەلمەيسەن.

رەبىيئە ئىبنى كەئب ئەسلەمىي مۇنداق دەيدۇ: مەن كۈندۈزلىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خىزمىتىنى قىلاتتىم. كېچىلىرى ئۇنىڭ ئىشىكى ئالدىدا ياتاتتىم. مەن ھەركېچىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ناماز ئوقۇپ تۇرۇپ: «سبحان ربي (ئى رەببىم! سەن پاك- مۇنەززەھتۇرسەن)» دەۋاتقانلىقىنى ئاڭلايتتىم. ئاڭلاۋېرىپ ماڭا بىر ئاز مالاللىق يېتەتتى. ياكى ئۇيقۇ تۇتاتتى-دە، ئۇخلاپ قالاتتىم. ئۇيقۇمدىن ئويغانسام يەنە ئۇنىڭ « سبحان ربي » دەۋاتقانلىقىنى ئاڭلايتتىم.

كۆردىڭىزمۇ ماۋۇ راھەتنى؟! سىز ئىلگىرى بۇنداق راھەتتىن ھۇزۇرلانغانمۇ؟!

14ياشلىق بۇ ساھەبە سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا: «ئى رەببىئە، بۇ ياققا كەل!» دېدى. مەن: خوش، دەپ ئۇنىڭ يېنىغا باردىم. ئۇ ماڭا: «مەندىن بىر نەرسە سورىغىن، ساڭا بېرەي» دېدى. مەن: ئى رەسۇلۇللاھ، ماڭا قارىسىلا، سىلىنى قېنىپ كۆرۈۋالاي، دېدىم. مەن ئۆزۈمگە پىچىرلاپ: ئى رەبىيئە، دۇنيالىق نەرسە تىلەشتىن ساقلان، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، دۇنيا يوقىلىدۇ، دەيتتىم. ئاندىن مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قاراپ: ئى رەسۇلۇللاھ، مەن سىلىدىن جەننەتتە سىلى بىلەن بىرگە بولۇشنى سورايمەن، دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا: «باشقا نەرسە سورىمامسەن؟» دېدى. مەن: ياق، سىلىنى ھەق بىلەن ئەۋەتكەن زات بىلەن قەسەمكى، مەن ئۇنىڭدىن باشقا ھېچنەرسە سورىمايمەن، دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام؛ «ئۇنداقتا كۆپ سەجدە قىلىش ئارقىلىق ماڭا (سېنىڭ جەننەتتە مەن بىلەن بىرگە بولۇشۇڭ ئۈچۈن) ياردەم بەرگىن» دېدى (تەبرانى 52/5).

پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام رۇكۇغا بارغاندا: «ئى رەببىم! قۇلىقىم، كۆزۈم، مىڭەم، ئۇستىخىنىم ۋە نېرۋام سەندىن قورقۇپ تۇرىۋاتىدۇ» دەيتتى (تەبرانى 87/2).

مانا بۇ دۇئا پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ پەرۋەردىگارىنىڭ ئىبادىتىگە شۇ قەدەر بېرىلىدىغانلىقىنى، ھەتتاكى ئۇنىڭ ئىبادەتتە ئاللاھنىڭ كالامىدىن باشقا نەرسىنى ئاڭلىمايدىغانلىقىنى، ئاللاھدىن باشقىنى كۆرمەيدىغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭ مېڭىسىنى ئاللاھتىن غەيرى نەرسە بىلەن مەشغۇل بولمايدىغانلىقىنى دەلىللەپ بېرىدۇ. ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، نامازدا خۇشۇئنىڭ تەمىنى تېتىمىغان ئادەم ھەقىقى مىسكىن ئادەمدۇر.

سۇفيان سەۋرىنىڭ زاماندىشلىرى مۇنداق دېگەن: ئەگەر سىز سۇفيان سەۋرىنىڭ ناماز ئوقۇغان ھالىتىنى كۆرگەن بولسىڭىز، ئۇنىڭ نامازدىكى خۇشۇئىنىڭ كۆپلىكىدىن « ئۇھازىر ئۆلۈپ قالىدۇ» دېگەن بولاتتىڭىز.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ بىر تۇققىنى ئەسمانىڭ ئوغلى ئۇرۋە ئىبنى زۇبەيرنىڭ پاچىقىغان چاقا چىقىپ قالىدۇ. ئۇنىڭغا جەرراھلار: بۇ كېسەلنىڭ پۈتۈن بەدىنىڭىزگە تاراپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، پاچىقىڭىزنى كېسىۋەتمەي بولمايدۇ. ئاغرىق ھىس قىلماسلىقىڭىز ئۈچۈن ئازراق ھاراق ئىچمىسىڭىز بولمايدۇ، دەيدۇ. ئۇ: ھاراق قەلبىمدىن ۋە تىلىمدىن ئاللاھنىڭ زىكرىنى يوقاتسۇنمۇ؟ ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئاللاھقا ئىتائەت قىلىشتا ئۇنىڭغا، ئاسىي بولىدىغان ئىش بىلەن ياردەم تىلىمەيمەن، دەيدۇ. جەرراھلار: ئۇنداقتا سىزگە مەس قىلغۇچى دورا ئىشلىتىمىز، دەيدۇ. ئۇ: مەن ئۇخلاۋاتقان ۋاقتىمدا بىرەر ئەزايىمنىڭ بەدىنىمدىن ئېلىۋېتىلىشىنى ياقتۇرمايمەن، دەيدۇ. جەرراھلار: بىز بىرقانچە ئادەم چاقىرايلى، ئۇلار سىزنى تۇتۇپ تۇرسۇن، دەيدۇ. ئۇ: مېنى ناماز ئوقۇغىلى قويۇڭلار، قاچان مېنىڭ مىدىرلىمىغىنىمنى كۆرسەڭلار، ئۇ چاغدا ئەزالىرىم ئارام تېپىپ، خاتىرجەم بولۇپ قالغان بولىدۇ، ئاندىن مېنىڭ سەجدە قىلىشىمنى كۈتۈپ تۇرۇڭلار، قاچان سەجدىگە بارسام، ئۇ ۋاقىتتا مەن دۇنيادىن پۈتۈنلەي يوقاپ كېتىمەن، دەل شۇ چاغدا سىلەر مېنى نېمە قىلساڭلار ئىختىيارىڭلار، دەيدۇ. ئۇ نامازغا تۇرىدۇ، دوختۇر كېلىپ ئۇنىڭ سەجدە قىلىشىنى كۈتۈپ تۇرىدۇ، ئۇ سەجدىگە بارغاندا ھەرە بىلەن ئۇنىڭ پاچىقىنى ھەرىدەپ كېسىدۇ، ئۇ تولىمايدۇ، بەلكى: ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق، ئۇنىڭ رەب ئىكەنلىكىگە، ئىسلامنىڭ ھەق دىن ئىكەنلىكىگە، ۋە مۇھەممەد ئەلەيهىسسالامنىڭ ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىگە رازى بولدۇم، دەيدۇ. ئۇ بىرەر قېتىم ۋارقىراپ سالمايلا ھۇشىدىن كېتىدۇ. ئۇ ھۇشىغا كەلگەندە، ئۇلار ئۇنىڭ پاچىقىنى ئەكىلىپ ئۇنىڭغا كۆرسىتىدۇ. ئۇ پاچىقىغا قاراپ: ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەن سەن بىلەن ھارام ئىش تەرەپكە مېڭىپ باقمىدىم، كېچىلىرى سەن بىلەن ئاللاھ ئۈچۈن قانچىلىك

ناماز ئوقۇغانلىقمنى ئاللاھ ئوبدان بىلدۇ، دەيدۇ. ئۇنىڭ ھەمراھلىرىدىن بىرى: ئى ئۇرۋە، مۇبارەك بولسۇن! بەدىنىڭدىن بىر ئەزا سەندىن ئىلگىرى جەننەتكە كېتىۋالدى، دەيدۇ. ئۇ بۇنى ئاڭلاپ: ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ھېچكىم ماڭا بۇنىڭدىن ياخشىراق تەزىيە بىلدۈرۈپ باقمىدى، دەيدۇ.

ھەسەن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ نامازغا تۇرسا بەدەنلىرى تىترەپ، چىرايى سارغىيىپ كېتەتتى. ئۇنىڭدىن بۇ ھەقتە سورالغاندا، ئۇ: بىلەمسىلەر؟ مەن ھازىر كىمنىڭ ئالدىدا تۇرىۋاتىمەن؟! دەپ جاۋاب بەرگەن.

ئۇنىڭ دادىسى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ تاھارەت ئالغاندا بەدىنلىرى تىترەپ كېتەتتى. ئۇنىڭدىن بۇ ھەقتە سورالغاندا، ئۇ: ھازىر مەن شۇنداق بىر ئامانەتنى كۆتىرىۋاتىمەنكى، بۇ ئامانەت ئاسمانلارغا ۋە زىمىنغا تەڭلەنگەن ئىدى، ئۇلار بۇ ئامانەتنى كۆتۈرگىلى ئۇنىمىغان، كۆتۈرۈشتىن قورققان ئىدى. مانا مەن ئۇنى كۆتۈردۈم، دەپ جاۋاب بەرگەن.

باشقىلار ھاتەم ھەسەم رەھىمەھۇللاھدىن نامازدا قانداق قورقىسىز؟ دەپ سورىغاندا، ئۇ: ناماز ئوقۇماقچى بولسام، «ئاللاھ اكبر» دەپ تەكبىر ئېيتىمەن، كەئبىنى ئالدىمدا، سىراتنى قەدىمىم ئاستىدا، جەننەتنى ئوڭ تەرىپىمدە، دوزاخنى سول تەرىپىمدە، ئۆلۈم پەرىشتىسىنى ئارقامدا ۋە ئاللاھ تەرەپتىن ئەۋەتىلگەن بىر پەرىشتە نامىزىم ھەققىدە ئويلاۋاتىدىغۇ، دەپ خىيال قىلىمەن ۋە بۇ نامازنى مەن ئوقۇغان ئەڭ ئاخىرقى نامازغۇ، دەپ گۇمان قىلىمەن. ئاللاھقا ئۇنى ئۇلۇغلاش بىلەن تەكبىر ئېيتىمەن، ئايەتلەرنىڭ مەنىسىنى ئويلاپ تۇرۇپ قىرائەت قىلىمەن، خۇزۇئ بىلەن رۇكۇ قىلىمەن، خۇشۇئ بىلەن سەجدە قىلىمەن، نامىزىمدا ئاللاھتىن قورقۇپ، ئۇنىڭ رەھمىتىنى ئۈمىد قىلىمەن، ئاندىن سالام بېرىمەنۇ، نامىزىمنىڭ قوبۇل قىلىنغان ياكى قىلىنمىغانلىقىنى ئۇقمايمەن، دەپ جاۋاب بەرگەن.

ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: « مۆمىنلەرگە ئۇلارنىڭ دىللىرى ئاللاھنىڭ زىكرىگە ئېرىيدىغان ۋاقىت يەتمىدىمۇ؟» (سۈرە ھەدىد، 16- ئايەت).

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: بىزنىڭ مۇسۇلمان بولغان ۋاقتىمىز بىلەن بۇ ئايەت نازىل بولغان ۋاقىتنىڭ ئوتتۇرىسىدا پەقەت تۆت يىل پەرق بار ئىدى. ئاللاھ بىزگە كايىدى، بىز ئاللاھتىن جايىدا قورقماي، ئۇنىڭ ئەيىبلىشىگە ئۇچرىغانلىقىمىزدىن ئۆكۈنۈپ يىغلاشتۇق. بىز ئۆيلىرىمىزدىن چىقىپ، « مۆمىنلەرگە ئۇلارنىڭ دىللىرى ئاللاھنىڭ زىكرىگە ئېرىيدىغان ۋاقىت يەتمىدىمۇ؟» دېگەن ئاللاھنىڭ سۆزىنى ئاڭلىمىدىڭمۇ؟ دەپ بىر- بىرىمىزنى ئەيىبلەشتۇق. بىر ئادەم ئاللاھنىڭ بىزگە كايىغانلىقىنى ئاڭلاپ، يىغلاپ- يىغلاپ ھۇشىدىن كەتتى.

ئەي بۇرادەر! ئاللاھنىڭ بۇ ئايەت بىلەن سىزنىمۇ ئەيىبلەۋاتقانلىقىنى ھىس

قىلىۋاتامسىز؟ ئاللاھنىڭ ئەيىبلىشىدىن خىجىل بولمايۋاتامسىز؟

ئىمام غەززالىي مۇنداق دېگەن: ئۈچ ئورۇندا، يەنى قۇرئان ئوقۇغاندا، نامازغا تۇرغاندا ۋە ئۆلۈمنى ئەسلىگەندە قەلبىڭنى جەمئى قىل(دىققىتىڭنى يىغ)، ئەگەر بۇ ئورۇنلاردا قەلبىڭنى جەمئى قىلالمىساڭ، ئاللاھتىن ساڭا قەلب بىلەن ئېھسان قىلىشنى تىلىگىن، چۈنكى سەندە قەلب يوق ئىكەن!

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە مۇنداق دەپ نەسىھەت قىلىدۇ: «سەن ۋىدالىشىۋاتقان ئادەمدەك ناماز ئوقۇغىن».

سىز پۈتۈن ئۆمرىڭىزدە بىرەر قېتىم ۋىدالىشىۋاتقان ئادەمنىڭ نامىزىدەك ناماز ئوقۇپ باققانمۇ؟!

## ئادەملەرنىڭ نامازدىكى دەرىجىلىرى

ئادەملەر نامازدا بەش دەرىجىگە بۆلۈنىدۇ، ئۇلار:

بىرىنچى، نامازنى، نامازنىڭ ۋاقتىنى، تاھارەتنى، نامازنىڭ رۇكۇ، سەجدە ۋە قىيام كەبى ئاشكارە ئەركانلىرىنى ۋە نامازدىكى خۇشۇئنى مۇھاپىزەت قىلمايدىغانلار بولۇپ، بۇنداق ئادەملەر پۈتۈن ئالىملارنىڭ ئىجماسىدا جازاغا ئۇچرايدۇ.

ئىككىنچى، تاھارەتنى، نامازنى ۋە نامازنىڭ ئاشكارە ئەركانلىرىنى مۇھاپىزەت قىلىدىغان، لېكىن نامازنى خۇشۇئ بىلەن ئوقۇمايدىغان كىشىلەر بولۇپ، بۇنداق كىشىلەرنىڭ نامىزى ھەققىدە قاتتىق ھىساب ئېلىنىدۇ.

ئۈچىنچى، نامازنىڭ ۋاقتىنى، تاھارەتنى ۋە ئاشكارە ئەركانلىرىنى مۇھاپىزەت قىلىدىغان، شەيتان بىلەن جىھاد قىلىپ، بەزىدە خۇشۇئ قىلىدىغان، يەنە بەزىدە سەھۋەنلىك ئۆتكۈزۈپ قويىدىغان، نامىزىنى پات-پات شەيتان ئوغرىلىۋالىدىغان كىشىلەر بولۇپ، بۇنداق كىشىلەرگە ناماز ۋە جىھادنىڭ ئەجرىدىن ئىبارەت ئىككى ئەجىر بولىدۇ.

تۆتىنچى، ناماز ۋاقتىنى، تاھارەتنى، نامازنىڭ ئاشكارە ئەركانلىرىنى مۇھاپىزەت قىلىدىغان ۋە نامىزىنى خۇشۇئ بىلەن ئوقۇيدىغان كىشىلەر بولۇپ، مۇسۇلمانلارنىڭ ئىچىدە بۇنداق كىشىلەر نادىردۇر.

بەشىنچى، نامازنىڭ ۋاقتىنى، تاھارەتنى ۋە نامازنىڭ ئاشكارە ئەركانلىرىنى مۇھاپىزەت قىلىدىغان، بۇنىڭدىن ئاشۇرۇپ ئۆزىنىڭ قەلبىنى ئېلىپ ئاللاھقا تاپشۇرىدىغان، ئۆزىنى دۇنيادا ئەمەس، بەلكى ئاللاھ بىلەن مۇڭداشقان ھالەتتە تاپىدىغان كىشىلەر بولۇپ، بەلكىم بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «خۇرسەنلىكىم نامىزىمدا قىلىندى» دېگەن سۆزىدە ئىشارە قىلىنغان كىشىلەر بولسا كېرەك.

ئەي ئوقۇرمەن بۇرادەر، نامازدا خۇشۇئ قىلىشنىڭ بۇ دەرىجىسىگە يېتەلەمسىز؟ ئاللاھنىڭ ئالدىدا تۇرۇشنىڭ لەززىتىدىن بىر بەھرىلىنىپ بېقىڭ!

نامىزىڭىزدا خۇشۇئنى قانداق هاسىل قىلىسىز؟

نامازدا خۇشۇئنى هاسىل قىلىشنىڭ ئىككى ئۇسۇلى بار:

بىرىنچى، قەلبتىن دۇنيانى چىقىرىۋېتىش ۋە شەھۋەتلەردىن، گۇناھ مەئسىيەتلەردىن قول ئۈزۈش.

ئىبنى ئەتا مۇنداق دېگەن: دۇنيا ئىگەللىۋالغان قەلب قانداقمۇ نۇرلىنالىسۇن؟! شەھۋەتكە دۇم چۈشكەن قەلب قانداقمۇ ئاللاھ تەرەپكە يول ئالالىسۇن؟! غەپلەت نىجاسەتلىرىدىن پاكلانمىغان قەلب قانداقمۇ ئاللاھنىڭ هوزۇرىغا داخىل بولالىسۇن؟!

بىر ئادەم ئىمام ئەھمەدنىڭ يېنىغا كىلىپ: ئى ئىمام ئەھمەد! مەن تاھارىتىمنى يەڭگۈشلەپ كىچىسى ناماز ئوقۇماق ۋە بامدات نامىزىغا سەھەر تۇرماقچى بولۇپ، بالدۇر ئۇخلايمەنۇ، لېكىن، ئويغىنالمايمەن، دېگەندە، ئىمام ئەھمەد ئۇنىڭغا: گۇناھلىرىڭ سېنى چۈشەپ قويۇپتۇ، كۈندۈزلىرى ئاللاھقا ئاسيىلىق قىلىپ سېلىشتىن ساقلانساڭ، كېچىسى تۇرۇپ كېچە نامىزىنى ئوقۇيالايسەن ۋە بامدات نامىزىغىمۇ سەھەر تۇرالايسەن، دېگەن.

ئېغىر تاماقلارنى يەپ يېتىش قانچىلىغان كىشىلەرنى كېچىسى ناماز ئوقۇشتىن توسۇپ قويغان، هارامىلارغا قاراش قانچىلىغان كىشىلەرنى كۈندۈزلىرى روزا تۇتۇشتىن توسۇپ قويغان- ھە!

دۇنياغا تويۇنۇش ۋە دۇنياغا مەشغۇل بولۇش خۇددى قۇشقاچ ئۇۋا تۇتقان دەرەخ، دېرىزىسىنى توسۇپ تۇرغان ياتاقتا دەرس تەكرارلاۋاتقان ئوقۇغۇچىنىڭ مىسالىغا ئوخشايدۇ. ئۇ قاچان دىققىتىنى مەركەزلەشتۈرۈپ دەرس تەكرارلىماقچى بولسا، قۇشقاچلار ئۇنى بىئارام قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ قولىغا بىر تاياقنى ئېلىپ دەرەخكە ئۇرىدۇ، قۇشقاچلار ئۇچۇپ كېتىدۇ. ئۇ قايتىپ كىلىپ، يەنە كىتابىنى ئېچىپ دەرس تەكرارلىماقچى بولۇپ تۇرۇشىغا، قۇشقاچلار يەنە قايتىپ كىلىپ ۋىچىرلاشقا باشلايدۇ. نەتىجىدە بۇ ئوقۇغۇچىنىڭ دادىسى كىلىپ: ئەي ئوغلۇم، دەرەخنى كىسىۋەتسەڭلا قۇشقاچلارنىڭ بىئارام قىلىشىدىن قۇتۇلىسەن، دەيدۇ. ئەي بۇرادەر! قەلبىڭىزدە يىلتىز تارتقان شەھۋەت دەرىخىنى يىلتىزى بىلەن قومۇرىۋېتىڭ، ئاندىن نامازنى خۇشۇئ بىلەن ئوقۇيالايسىز.

ئىككىنچى، نامازدىكى قىيام، رۇكۇ ۋە سەجدىدىگە ئوخشاش زاھىرى ھەركەتلەرنى چۈشىنىشكە، نامازدىكى ھەربىر ھەركەتنىڭ قەلبىڭىزدە تەسىرى بولسۇن.

نامازدا خۇشۇئنى هاسىل قىلىش سەۋەبلىرىدىن:

بىرىنچى، تاھارەت ئېلىڭ: تاھارەتنى شۇقەدەر چىرايلىق ئېلىڭكى، ئۇ بەدىنىڭىزدىكى پاسكىنىلىقلارنى تازىلاش بىلەن بىرگە، قەلبىڭىزنىمۇ پاكلىسۇن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «قاچانكى بىر بەندە تاھارەت ئېلىپ

ئاغزىنى چايقىسا، گۇناھلىرى ئېغىزىدىن چىقىپ كېتىدۇ، قولىنى يۇسا، گۇناھلىرى تىرناقلىرىنىڭ ئاستىدىن چىقىپ كېتىدۇ، يۈزىنى يۇسا، گۇناھلىرى كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدىن چىقىپ كېتىدۇ، بېشىغا مەسھى قىلسا، گۇناھلىرى قۇلىقىنىڭ ئاستىدىن چىقىپ كېتىدۇ، پاچىقىنى يۇسا، گۇناھلىرى پاچىقىنىڭ تىرناقلىرى ئاستىدىن چىقىپ كېتىدۇ» (ئىمام ئەھمەد، 348/4).

تاھارەت ئالماقچى بولغىنىڭىزدا بۇ ھەدىسنى ئەسلەپ تۇرۇڭ، مانا بۇ نامازدا خۇشۇئ ھاسىل قىلىشنىڭ بىرىنچى قەدىمى.

ئىككىنچى، ئەۋرەتنى يۆگەڭ: ئەرلەرگە نىسبەتەن كىندىكىدىن تىزىغىچە، ئاياللارغا نىسبەتەن يۈزى ۋە ئالقىنىدىن باشقا ئومۇمى بەدىنى ئەۋرەت ھېسابلىنىدۇ. بىز ھەقىقى تەۋبە ۋە ئاللاھقا بولغان چىن ئىخلاسىمىز ئارقىلىق ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ئەۋرەتلىرىمىزنى يۆگەشكە تىرىشايلى.

ئۈچىنچى، تەكبىر ئېيتىش، ئاللاھنىڭ «الكبير» دېگەن ئىسمىنىڭ مەنىسىنى، يەنى ئاللاھتىن ئۆزگە قۇدرەتلىك، كاتتا زات يوق دېگەن مەنىنى كۆڭلىڭىزدە ساقلىشىڭىز كېرەك.

تىلىڭىزدا «ئاللاھ اكبر (ئاللاھ كاتتىدۇر)» دەپ قويۇپ، كۆڭلىڭىزدە ئاللاھتىنمۇ چوڭ بىلىدىغان كىشىڭىزنى زىكرى قىلىش ياكى دۇنيانىڭ پانى نىئمەتلىرىنى ئاللاھتىن چوڭ بىلىش ئارقىلىق يالغانچىلىق قىلماڭ. ناماز ھەركەتلىرى ئارىسىدا «ئاللاھ اكبر» دەپ تەكبىر ئېيتقان ۋاقتىڭىزدا يۇقىرىدىكى مەنانى ئەسلەڭ. شۇنداق قىلغاندا نامازدا سەھۋەنلىك ئۆتكۈزمەيسىز، دۇنيا ھەققىدە تەپەككۇر قىلمايسىز، بەلكى ھەممىدىن كاتتا ئاللاھتىن قورقۇپ تۇرۇپ ناماز ئوقۇيسىز.

تۆتىنچى، قولنى كۆتۈرۈش ۋە دۇنيانى ئارقىغا چۆرۈۋېتىش. سىز ئايىغىڭىزنى سېلىۋېتىپ، نامازگاھقا كىرگەن ۋاقتىڭىزدا ئايىغىڭىز بىلەن دۇنيانى، دۇنيا شەھۋەتلىرىنى ۋە مەشغۇلاتلىرىنى سېلىپ تاشلاڭ.

نامازنى ئۆرە تۇرۇپ ئوقۇش ناماز رۇكنىلىرىدىن بىر رۇكىن. شۇڭلاشقا ئۆرە تۇرالايدىغان ئادەمنىڭ ئولتۇرۇپ ناماز ئوقۇشى جائىز ئەمەس، ئەگەر ئۇ كىشى شۇنداق قىلغان بولسا نامىزى بىكار بولۇپ كېتىدۇ. ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىدا (يەنى نامازدا) ئىتائەتمەنلىك بىلەن تۇرۇڭلار» (سۈرە بەقەرە، 238- ئايەت).

نامازدا ئىككى كۆزنى ئاسمانغا قارىتىپ تۇرماستىن، بەلكى سەجدە قىلىدىغان ئورۇنغا قاراپ تۇرۇش ۋە باش ئاللاھ ئۈچۈن تۆۋەنگە ساڭگىلاپ تۇرۇشى كېرەك. شۇ يادىڭىزدا بولسۇنكى، قىيامەت كۈنى ئاللاھنىڭ ئالدىدا تۇرۇش بولسا -دەل نامازدىكى تۇرۇش ھالىتىدۇر. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:«ئۇ كۈندە (يەنى قىيامەت كۈنىدە) ئىنسانلار

ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىنىڭ ھۇزۇرىدا تىك تۇرىدۇ» (سۈرە مۇتەففىفىين، 6ـ ئايەت).

بېشىڭىزنى تۆۋەنگە ئېگىپ، سەجدە قىلىدىغان جايىڭىزغا قاراپ تۇرۇڭ، ئوڭ قولىڭىزنى سول قولىڭىزنىڭ ئۈستىگە قويۇڭ. مانا بۇلار نامازنى خۇشۇئ بىلەن ئوقۇشنىڭ ۋە ئاللاھ بىلەن بولىدىغان ئەدەپنىڭ تەلەپلىرى جۈملىسىدىندۇر. بىلىشىڭىز كېرەككى، ئاللاھ سىزنىڭ نامىزىڭىزغا قاراپ تۇرىدۇ. ئويلاپ بېقىڭ، سىز دۇنيا خىزمەتلىرىدىن بىر خىزمەتنى قىلىۋاتقان بولسىڭىز، باشلىقىڭىز بېشىڭىزدا قاراپ تۇرسا ياكى بىرەر پادىشاھ سىزدىن بىر ئىشنى تەلەپ قىلىپ، ئۆزى سىزنى نازارەت قىلىپ تۇرسا، سىز بۇ ئىشنى قانداقراق ئادا قىلارسىز؟!

ئاندىن كېيىن سۈرە فاتىھەنى خۇشۇئ ۋە تەپەككۇر بىلەن ئوقۇڭ، قېنى تۆۋەندىكى ھەدىسى قۇددۇسىيگە قولاق سېلىڭ، بۇ ھەدىستە ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: «مەن نامازنى بەندەم بىلەن ئۆزەم ئوتتۇرىسىدا ئىككىگە بۆلدۇم، ئۇ بەندە: الْحَمْدُ للّهِ رَبِّ الْعَالَمِينَ دېسە، ئاللاھ: بەندەم ماڭا ھەمدى ئېيتتى، دەيدۇ. الرَّحْمنِ الرَّحِيمِ دېسە، ئاللاھ: بەندەم ماڭا سانا ئېيتتى، دەيدۇ. مَالِكِ يَوْمِ الدِّينِ دېسە، ئاللاھ: بەندەم مېنى ئۇلۇغلىدى، دەيدۇ. إِيَّاكَ نَعْبُدُ وإِيَّاكَ نستعين دېسە، ئاللاھ: مانا بۇ مەن بىلەن بەندەم ئوتتۇرىسىدىكى ئىش، دەيدۇ. اهدِنَا الصِّرَاطَ المُستَقِيمَ صِرَاطَ الَّذِينَ أَنعَمتَ عَلَيهِمْ غَيرِ المَغضُوبِ عَلَيهِمْ وَلاَ الضَّالِّينَ دېسە، ئاللاھ: مانا بۇ مەن بىلەن بەندەم ئوتتۇرىسىدىكى ئىش، بەندەمگە تىلىگەن نەرسىسىنى بېرىمەن، دەيدۇ» (مۇسلىم 876، تىرمىزى 2953).

ئەي بۇرادەر! قاراڭ، ئاللاھ سىزگە جاۋاب بېرىۋاتىدۇ، تىلەكلىرىڭىزگە جاۋاب قايتۇرىۋاتىدۇ، ھاجەتلىرىڭىزنى راۋا قىلىۋاتىدۇ. ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئەگەر شەھۋەت ۋە مەئسىيەتلەر بولمىسىدى، ئاللاھنىڭ بىزگە گەپ قىلغانلىقىدىن خۇرسەن بولۇپ، قەلبلىرىمىز چوقۇم يايراپ كەتكەن بولار ئىدى.

ئايەتلەرنى ئوقۇۋاتقاندا تەپەككۇر بىلەن دىققەتنى يىغىپ، مەنىلىرىنى ئويلاپ تۇرۇپ ئوقۇڭ: الْحَمْدُ للّهِ رَبِّ الْعَالَمِينَ دېگەن ئايەتنى ئوقۇغاندا، ئاللاھنىڭ سىزگە ئىنئام قىلغان سان- ساناقسىز نېئمەتلىرىنى، سىزنى يارىتىپ رىزىق بېرىۋاتقان، سىزگە جان ئاتا قىلىپ دۇنياغا كەلتۈرگەن، سىزنى ئۆلتۈرۈپ ئاندىن يەنە تىرىلدۈرىدىغان ئاللاھ بىلەن پېچىرلىشىپ سۆزلىشىۋاتقانلىقىڭىزنى ئەسلەڭ. الرَّحْمنِ الرَّحِيمِ ئايىتىنى ئوقۇغاندا، ئاللاھنىڭ بەندىلىرىگە دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە رەھمىتىنىڭ كەڭرىلىكىنى، ئاللاھنىڭ بەندىلىرىگە مېھرىبان ئانىنىڭ بالىسىغا بولغان رەھمىتىدىنمۇ رەھىمەتلىكرەك ئىكەنلىكىنى ھىس قىلىڭ، مَالِكِ يَوْمِ الدِّينِ ئايىتىنى ئوقۇغاندا كۆڭلىڭىزگە قىيامەت كۈنىنى كەلتۈرۈڭ، ئۇ كۈندە ھەربىر جان ئېگىسگە قىلغان ئەمەللىرىنىڭ مۇكاپات جازاسى تولۇق بېرىلىدۇ. ئۇلارغا زۇلۇم قىلىنمايدۇ... باشقا ئايەت ۋە سۈرىلەرنىمۇ مانا مۇشۇنداق ئوقۇڭ، شۇنى بىلىڭكى، سىز سۈرە فاتىھەنى

ئوقۇغاندا تۆۋەندىكى ئۈچ تۈرلۈك ئادەمنىڭ بىرى بولىسىز: بىرى، تىلى ھەركەتلىنىۋاتقان، قەلبى غاپىل ئادەم، بۇ ئۆز- ئۆزىگە زۇلۇم قىلغۇچىدۇر؛ يەنە بىرى، ھۇزۇرى قەلب بىلەن تىلى ھەركەتلىنىۋاتقان ئادەم، بۇ ئوتتۇرىدىكى ئادەمدۇر؛ يەنە بىرى، ئاۋۋال قەلبى مەنىلەرنى ھىس قىلىپ، ئاندىن تىلى بۇ مەنىلەرنى ئىپادىلىگەن ئادەم، مانا بۇ ئادەم ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن ياخشىلىقتا ئالدىرىغۇچى ئادەمدۇر.

**تىل قىرائەت قىلىشتىن ئىلگىرى قەلبنىڭ مەنىلەرنى ھىس قىلىشى قانداق ئەمەلگە ئاشىدۇ؟**

بۇ تۆۋەندىكىدەك بىر نەچچە ئىشلار بىلەن بولىدۇ:

بىرىنچى، قۇرئانى كەرىمنى(پۈتۈن) ياكى ئىمكانىتىنىڭ يېتىشىچە يادلاش؛

ئىككىنچى، يادلىغانلىرىنى چۈشىنىش؛

ئۈچىنچى، قەلبنى مەئسىيەتتىن پاكلاش ۋە ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھ ئۈچۈن ھەقىقى تەۋبە قىلىش.

نامازدا قىرائەت قىلغان ۋاقىتتا ئۆزىڭىزگە ئېيتىڭكى، ئەي مېھرىبان ئىگەم ئاللاھ! مېنى بۇ ئورۇنغا مۇۋەپپەق قىلغىنىڭغا ھەمدۇ- سانالار بولسۇن، ئەگەر سەن مېنى ھىدايەت قىلمىغان بولساڭ، مېنىڭ قامىتىم مەڭگۈ ئىگىلمىگەن بولار ئىدى، ئەمدى ئۇ سەندىن باشقا ھەرقانداق كىشىگە مەڭگۈ ئىگىلمەيدۇ. ئەي بۇرادەر! قامىتىڭىز بىلەن بىرگە قەلبىڭىزنىمۇ ئېگىشكە تىرىشىڭ، شۇنداق قىلسىڭىز زاھىرىڭىز بىلەنمۇ، باتىنىڭىز بىلەنمۇ خۇشۇئ مۇكەممەللىشىدۇ. «سۇبھانە رەببىيەلئەزىم» دەڭ! بۇ كەلىمىنىڭ مەنىسى ئاللاھنى بارچە كەمچىلىك، نوقساندىن پاك دەپ بىلىش ۋە ئۇنى بارچە كامالى سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلەش دېگەنلىكتۇر. بەرھەق! ئۇ ھەقىقى ئۇلۇغ، ئەيىپ- نوقساندىن خالىي زاتتۇر. بارچە ئۇلۇغلۇق، بۈيۈكلۈك ۋە شاھىنشاھلىق ئۇنىڭغا خاستۇر.

سەجدە قىلىۋاتقان ۋاقتىڭىزدا تۇپراقنىڭ تۇپراق ئۈستىدە سەجدە قىلىۋاتقانلىقىنى ئەسلەڭ، بۇنىڭدىن ئەجەبلىنىشنىڭ ھاجىتى يوق. چۈنكى ھەرنەرسە ئەسلىگە قايتىدۇ ئەمەسمۇ؟! پەرۋەردىگارىڭىزغا كۆپلەپ تەسبىھ ئېيتىڭ، تىلىڭىز تەسبىھ بىلەن مەشغۇل بولۇشتىن ئىلگىرى ئۇنىڭ مەنىسى قەلب ۋە ۋىجدانىڭىزدا ئورۇن ئالسۇن. بىلىشىڭىز كېرەككى بەندىنىڭ پەرۋەردىگارى بىلەن ئەڭ يېقىن ۋاقتى ئۇنىڭ سەجدە قىلىۋاتقان ۋاقتىدۇر. سىز ئاللاھقا بەدىنىڭىز بىلەن يېقىنلىشىپ، قەلبىڭىزنىڭ يىراق بولۇشىدىن، دۇنيا ۋە دۇنيا مەشغۇلاتلىرىغا بەنت بولۇپ كېتىشىدىن ھەزەر ئەيلەڭ. سەجدىدە كۆپ دۇئا قىلىڭ، ئاللاھقا يېلىنىڭ، مانا بۇ چاغ دۇئا ئىجابەت قىلىنىش مۇمكىنلىكى ئەڭ كۈچلۈك بولغان چاغدۇر.

ئاللاھ بىلەن ئۈچرىشىش، ئۇنىڭغا زىكرى- تەسبىھ ئېيتىش تەشنالىقى ۋە ئۇنىڭغا

بولغان مۇھەببەت ئۇتلىرى بىر قېتىملىق سەجدە بىلەنلا ئۆچمەيدۇ. شۇڭلاشقا تەشنالارنىڭ تەشنالىقىنى قاندۇرۇش، رەببى ئالدىدا ئىگىلىپ، ئىبادەت بىلەن مەشغۇل، يالقۇنلۇق قەلبكە ئاراملىق، تىنچلىق بىرىش ئۈچۈن يەنە بىر قېتىم سەجدە قىلماي بولمايدۇ. ئەگەر بەندە پۈتۈن ھاياتىنى پەرىشتىلەرگە ئوخشاش رەببى ئۈچۈن سەجدە بىلەن ئۆتكۈزسىمۇ، ئۇ ئاتا قىلغان نىمەتلەرگە لايىق شۈكرى قىلىپ بولالمايدۇ. لېكىن ئاللاھ بەندىلىرىگە شۇنداق مېھرىبان ۋە شەپقەتلىك ئىكەنكى، ئۇ بەندىلەرنىڭ ئەملى ئاز بولسىمۇ، ئۇنى قوبۇل قىلىپ كۆپ ئەجىر بېرىدۇ. بىرىنچى رەكئەت نامازنى يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك ئاخىرلاشتۇرغان بولسىڭىز، ئىككىنچى رەكئەتنىمۇ بىرىنچى رەكئەتكە ئوخشاش، بەلكى ئۇنىڭدا تېخىمۇ خۇشۇئ ۋە ھۇزۇرى قەلب بىلەن ئوقۇڭ. ماۋۇ سۆزنى ئاڭلاڭ: كىمكى زىيادە قىلمىسا، ئۇ كەمچىلىك ئۆتكۈزگەن بولىدۇ. ئىككىنچى رەكئەتنى ئوقۇپ بولۇپ ئولتۇرۇڭ ۋە «ئەتتەھەييياتۇ» نى ئوقۇڭ. ئاللاھنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى ھىس قىلىشقا تىرىشىڭ. ئەي ئاجىز، بىچارە بەندە، سەن ھەممىدىن باي بولغان زات- پەرۋەردىگارىڭغا سالام بېرىۋاتىسەن! سەن ئۇنىڭغا قەلبىڭنى باشقا يەردە قويۇپ تۇرۇپ، تىلىڭ بىلەنلا سالام بەرسەڭ دۇرۇس بولارمۇ؟! «ئەتتەھەييات» دېگەن بۇ كەلىمە سالام ئىبارىلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆزىگە جۇغلىغان بىر كەلىمە بولۇپ، ئۇنىڭدا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھنى ھۆرمەتلەش ۋە ئۇلۇغلاش بار. ئاندىن «ۋەسسەلەۋاتۇ ۋەتتەييباتۇ» دەڭ. بۇ: ئى پەرۋەردىگارىم! پۈتۈن پاكلىق، ياخشىلىق ساڭا خاستۇر ۋە سېنىڭدىندۇر، مېنىڭ ھازىر ئوقۇۋاتقان نامىزىم، دۇئا- تىلەكلىرىم ۋە پۈتۈن ئەمەللىرىم سېنىڭ رازىلىقىڭ ئۈچۈن دېگەنلىكتۇر. ھەم شۇنىڭدەك «ئى مۇھەممەد! ئېيتقىنكى، مېنىڭ نامىزىم، قۇربانلىقىم، ھاياتىم ۋە ماماتىم (دۇنيادا قىلغان ياخشىلىقلىرىم ۋە تائەت- ئىبادەتلىرىم) ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھ ئۈچۈندۇر. ئاللاھنىڭ شېرىكى يوقتۇر. مەن شۇنىڭغا (يەنى يالغۇز ئاللاھقىلا خاس ئىبادەت قىلىشقا) بۇيرۇلدۇم...» (سۈرە ئەنئام 162- 163- ئايەتلەر).

ئاندىن كېيىن ئىنسانلارنىڭ ياخشىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا سالام بېرىڭ. يەنى «ئەسسالامۇ ئەلەيكە ئەييۇھەننەبىييۇ ۋەرەھمەتۇللاھى ۋەبەرەكاتۇھ» دەڭ. ھەدىستە خەۋەر قىلىنغاندەك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭمۇ سىزگە سالام قايتۇرىدىغانلىقىنى ئەسلەڭ.

پەرۋەردىگارىڭىزغا ۋە پەيغەمبىرىڭىزگە سالام قىلدىڭىزمۇ؟ بۇ چاغدا قىممىتىڭىز يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، قەدرىڭىز ئاشىدۇ. ئاندىن ئۆزىڭىزگە ۋە (ئىنس- جىنلار، پەرىشتىلەر ۋە ئۇلاردىن باشقا ئاللاھقا ئىبادەت قىلغۇچى شەيئىلەردىن بولغان) مۇسۇلمان بۇرادەرلىرىڭىز ئىچىدىكى سالىھلارغا سالام بېرىشكە لايىق بولىسىز. بۇ

چاغدا «ئەسسالامۇ ئەلەيىنا ۋەئەلا ئىبادىللاھىسسالىھىين» دەڭ. ئاندىن كۆرسەتكۈچ بارمىقىڭىزنى كۆتۈرۈپ: «ئەشھەدۇئەنلا ئىلاھە ئىللەللاھۇ ۋەئەشھەدۇئەننە مۇھەممەدەن ئەبدۇھۇ ۋەرەسۇلۇھۇ» دەڭ. مەن سىزدىن بىر سۇئال سوراپ باقاي، ئاللاھنىڭ ۋەھدانىيىتىنى ئىسپاتلايدىغان دەلىللەرنى كۆرگەنمىدىڭىز؟ كۆرمەي تۇرۇپ سىزنىڭ سوت مەھكىمىسىگە بېرىپ، گۇۋاھلىق بېرىشىڭىز ئاقارمۇ؟ سىز كۆرمەي تۇرۇپ ئاللاھتىن باشقا ئىلاھنىڭ يوقلىقىغا قانداق گۇۋاھلىق ئېيتىسىز؟ جاۋاب شۇكى، سىز ئاللاھ سۇبھانەھۇ ۋەتەئەلانىڭ ۋەھدانىيىتىنى ئىسپاتلايدىغان دەلىللەرنى كۆردىڭىز، سىزنىڭ ئاللاھنىڭ يالغۇزلۇقىنى خۇددى كۆرگەندەك، بەلكى ئۇنىڭدىنمۇ كۈچلۈكرەك جەزىملەشتۈرىشىڭىز كېرەك. سىز مۇنۇ سۆزنى ئىسىڭىزدە چىڭ ساقلاڭ: ھەربىر شەيئىدە ئاللاھنىڭ يەككە- يېگانىلىقىنى كۆرستىدىغان روشەن ئالامەتلەر بار.

تىلىڭىز، قەلبىڭىز بىلەن شاھادەت ئېيتقاندا بارمىقىڭىزنى كۆتۈرۈڭ، چۈنكى گۇۋاھلىق ئۈچۈن ئىككى نەرسە بولمىسا بولمايدۇ. ئاندىن پەيغەمبىرىڭىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى زىكرى قىلىپ، ئۇنىڭ ۋە بارچە پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاتىسى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا سالام بېرىڭ. بۇ چاغدا ئۆزىڭىزنىڭ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا تەۋە ئىكەنلىكىڭىزنى ئويلاڭ. چۈنكى، بىزنى مۇسۇلمانلار دەپ ئاتىغان كىشى شۇ. سەييىدىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسەبى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا تۇتىشىدۇ. تەشەھھۇدنى ئېيتىپ بولغاندىن كېيىن، سەھىھ ھەدىسلەردە كەلگەن دۇئالار بىلەن دۇئا قىلىڭ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەمىر قىلغاندەك ئاللاھقا سېغىنىپ، 4 ئىشتىن: «جەھەننەمنىڭ ئازابىدىن، قەبرە ئازابىدىن، تىرىكلىكتىكى ۋە ئۆلگەندىكى پىتنىلەردىن ۋە مەسىھ دەججالنىڭ پىتنىسىدىن» پاناھ تىلەڭ (مۇسلىم 1324، ئەبۇ داۋۇت 983). دۇئا ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ئوڭ تەرىپىڭىزگە سالام بېرىڭ ۋە ياخشى ئەمەللىرىڭىزنى خاتىرىلەپ تۇرغۇچى ئوڭ تەرەپتىكى پەرىشتىنىڭ نامىنى تىلغا ئېلىڭ. ئاندىن سول تەرىپىڭىزگە سالام بېرىڭ ۋە يامان ئەمەللىرىڭىزنى خاتىرىلەپ تۇرغۇچى سول تەرەپتىكى پەرىشتىنىڭ نامىنى تىلغا ئېلىڭ. قانداقسىگە شۇنداق قىلمايسىز؟! سىزنىڭ پۈتۈن ئەمەللىرىڭىز ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا خاتىرىلىنىۋاتقان تۇرسا! شۇڭلاشقا گۇناھكارلار، كاپىرلار قىيامەت كۈنىدە «ۋاي بىزگە! بۇ نامە- ئەمالغا چوڭ- كىچىك گۇناھنىڭ ھەممىسى خاتىرىلىنىپتىغۇ؟ دەيدۇ. ئۇلار قىلغان ئەتكەنلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ نامە- ئەمالغا خاتىرىلەنگەنلىكىنى كۆرىدۇ. پەرۋەردىگارىڭ ھېچ ئادەمگە زۇلۇم قىلمايدۇ» (سۈرە كەھف 49- ئايەت).

سىز دۇنيادىن ئايرىلىپ ئۇنىڭ بىلەن ۋىدالىشىۋاتقان، ئادەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى- ئاللاھنىڭ ئالدىدىكى كۈتۈپ تۇرغان ھېسابتىن ئەنسىرەۋاتقان ئىلھام كەبى ۋە نامىزىڭىزنىڭ قوبۇل قىلىنىشىغا خاتىرجەم بولالمىغان ھالدا ناماز ئوقۇڭ. ئاندىن سىز

نامازنى ھۇزۇرى قەلب ۋە ئەقلى چۈشەنچە بىلەن ئوقۇيالماي، گۇناھ ئۆتكۈزدۇمغۇ، دەپ ئويلاپ، ئۆتكۈزۈپ قويغان سەھۋەنلىك ۋە كەمچىلىكىڭىزگە «ئەستەغفىرۇللاھ» دەپ ئۈچ قېتىم ئىستىغفار ئېيتىڭ. ئاندىن كېيىن «ئاللاھۇممە ئەنتەسسەلام ۋەمىنكەسسەلام تەبارەكتە يازەلجەلالى ۋەلئىكرام» دەڭ (مۇسلىم 1334، ئەبۇ داۋۇت 1512). نىمىشقا بۇ سانانى ئېيتىمىز؟ چۈنكى بۇ قىيامەت كۈنى ئاللاھتىن ھىجاب كۆتۈرۈلۈپ، سىز جەننەتتە ئاللاھنى كۆرگەندە ئوقۇيدىغان دۇئايىڭىزدۇر. ئاللاھ تەئالا قىيامەت كۈنى سىزنى ئۆزى نىدا قىلىپ چاقىرغان كىشىلەرنىڭ قاتارىدا چاقىرىپ: «ئى ئەھلى جەننەت... سىلەرگە سالام (تىنچ- ئامانلىق بولسۇن)، دەيدۇ. ئاندىن جەننەتكە كىرگەنلەر: ئى ئىلاھىمىز! سەن تىنچ- ئامانلىق ئاتا قىلغۇچىسەن، بارچە تىنچ- ئامانلىق سېنىڭدىندۇر، ئەي ئۇلۇغلۇقنىڭ ۋە ئىززەت- ئىكرامنىڭ ئىگىسى بولغان زات، سەن ھەقىقەتەن كاتتىدۇرسەن، دېيىشىدۇ».

ئاللاھ تەئالادىن سىزنى ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان ۋە رازى بولىدىغان رەۋىشتە تائەت- ئىبادەت قىلىشقا مۇۋەپپەق قىلىشنى تىلەڭ. چۈنكى ئاشۇ زاتلا ياخشىلىققا، ھىدايەتكە ۋە توغرا ئىشلارغا مۇۋەپپەق قىلغۇچىدۇر. «ئاللاھم اعني على ذكرك و شكرك و حسن عبادتك (ئى ئاللاھ، سىنى زىكرى قىلىشقا، ساڭا شۈكرى قىلىشقا ۋە ياخشى ئىبادەت قىلىشقا ماڭا ياردەم بەرگىن) » دەڭ (ئىمام ئەھمەد 245/5). بۇ ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «ساڭا ئىبادەت قىلىشقا» دېمەستىن، بەلكى « ساڭا ياخشى ئىبادەت قىلىشقا» دېدى. بىلىشىڭىز كېرەككى، زىكرى، شۈكر ۋە ياخشى ئىبادەت بولسا دۇنيا ۋە ئاخىرەتتىلا ئەمەس، بەلكى ھەر ئىككىلىسىدە بەخت- سائادەتكە ئېرىششنىڭ ئامىللىرى ۋە سەۋەبلىرىدۇر.

ئاندىن كېيىن «سۇبھانىللاھ» نى 33 قېتىم، «ئەلھەمدۇلىللاھ »نى 33 قېتىم ۋە « ئاللاھ اكبر »نى 33 قېتىم دەپ ئاخىرىدا «ئاللاھ اكبر كبيرا و سبحان ئاللاھ العئيم بكره وابيلا» دەڭ. ئاندىن ئاللاھتىن خالىغان نەرسىلىرىڭىزنى تىلەڭ. چۈنكى ھەدىستە كېلىشىچە: « ھەر پەرز نامازنىڭ كەينى» دۇئا ئىجابەت قىلىنىدىغان ۋاقىتلارنىڭ قاتارىدىندۇر.

ئاندىن كېيىن ئاستا ۋە خاتىرجەملىك بىلەن نامازدىن ئايرىلىڭ ۋە كېيىنكى قېتىملىق نامازغا ئىنتىزار بولۇپ تۇرۇڭ. چۈنكى ئاللاھ تەئالا ئۆزىنىڭ سايىسىدىن باشقا سايە يوق كۈندە ئۆز سايىسىدە سايىدىتىدىغان يەتتە تۈرلۈك ئادەمنىڭ بىرسى «قەلبى مەسجىدلەرگە باغلانغان ئادەم» دۇر (بۇخارى 660، مۇسلىم 2377، تىرمىزى 2391، ئىمام ئەھمەد 439/2).

## نامازنىڭ سۈننەتلىرى

ئەي سۆيۈملۈك بۇرادەر! مەن سۆزۈمنى باشلاشتىن ئىلگىرى سىزدىن سوراپ باقاي:

نامازنىڭ ۋاقتىغا بولۇپمۇ بامدات نامىزىنىڭ ۋاقتىغا رىئايە قىلامسىز؟ بامدات ۋاقتىدا ياراتقۇچى پەرۋەردىگارىڭىزنىڭ ئالدىدا تۇرغىنىڭىزدا خۇشۇئنى ۋە ھۇزۇرى قەلبنى ھىس قىلامسىز. سىز نامىزىڭىزدا زادى قايسى دەرىجىدە بولماقچى؟ بىرىنچى دەرىجىلىكلەر قاتارىدا بولۇشنى ياكى ئىككىنچى، ئۈچىنچى، تۆتىنچى، بەشىنچى دەرىجىلەردە بولۇشنى ياقتۇرامسىز؟!

نامازنى خۇشۇئ بىلەن ئوقۇشقا گۇناھ- مەسىيەتلەرنى تەرك ئېتىش ۋە ناماز ھەركەتلىرىنى چۈشىنىشنىڭ ياردىمى بار ئىكەنلىكىنى بىلىپ ئۆتتۇق.

ئەمدىكى سۆزىمىز سۈننەت نامازلار ۋە كىچىك نامازلىرى ھەققىدە بولىدۇ. سۈننەت نامازلارنىڭ تۈرى كۆپ بولۇپ، بۇلاردىن: راۋاتىبلار (پەرز نامازنىڭ ئالدى- كەينىدىكى سۈننەت نامازلار)، بامدات نامىزىنىڭ سۈننىتى ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ھاجەت نامىزى، ئىستىخارە نامىزى، تەۋبە نامىزى، ھېيت نامىزى، سۇ تەلەپ قىلىش نامىزى، كۈن تۇتۇلۇش نامىزى ۋە كىچىك نامىزى قاتارلىقلار. ناماز مۇسۇلماننىڭ ھاياتى بىلەن چەمبەرچاس باغلىنىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇ ئۆز ھاياتىدىكى توي قىلىش، سەپەرگە چىقىش ۋە قايتىش، قىيىن كۈندە قېلىش، خۇشاللىققا ئېرىشىش ياكى بۇلاردىن باشقىلىرى بولسۇن، پۈتۈن ئىشلىرىدا ناماز ئوقۇيدۇ. ناماز ئوقۇش ئارقىلىق پەرۋەردىگارىغا بەندىچىلىك قىلىدۇ ۋە يېقىنلىشىدۇ.

بەلكىم بىرەر كىشى: نامازلارنى بىر- بىرسىگە قوشۇپ، بىر سائەت ياكى يېرىم سائەت ئىچىدە ئادا قىلىۋېتىپ، ئارام ئالساق ۋە تۇرمۇشىمىز ئۈچۈن تىرىشساق ياخشى ئەمەسمۇ؟ بۇ نامازلارنىڭ ۋاقتىنىڭ تارقاق ۋە ئارىلىقىنىڭ ئۇزۇن بولۇشىنىڭ ھېكمىتى نىمە؟ دەپ سورىشى مۇمكىن.

جاۋاب: ناماز ۋاقتىنىڭ مۇشۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇلىشى مۇسۇلماننىڭ ئاللاھ بىلەن كېچە- كۈندۈزدە بولسۇن، سەپەر قىلغىنىدا ياكى ئۆيىدە تۇرغىنىدا بولسۇن ۋە غەم- قايغۇغا مۇپتىلا بولغان ياكى بەخت- سائادەتكە ئېرىشكەندە بولسۇن ھەردائىم، ھەرزامان ئالاقە باغلاپ تۇرۇشى... روھىڭىزنىڭ ئاللاھ بىلەن باغلانغان ھالەتتە تۇرۇشى ئۈچۈندۇر. بۇنداق بولۇشتىن يەنە تەربىيۋى نىشان كۆزلەنگەن. ئېھتىمال ئىنسان بىرەر مەئسىيەتنى سادىر قىلىپ سېلىشى مۇمكىن. ئۇ مەئسىيەتنى شۇنىڭدىن كېيىن ئوقۇلغان ناماز كەتكۈزىۋېتىدۇ. بۇ ناماز ئۇ كىشى ئۈچۈن شۇ مەئسىيەتكە نىسبەتەن كاپارەت بولىدۇ.

ھاراق ھارام قىلىنىشىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچلىرى ھەققىدە سۆزلىسەك، بەلكىم بۇ مەنا تېخىمۇ روشەن بولىدۇ. ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ: «ئى مۆمىنلەر! سىلەر مەس بولساڭلار، نىمە دەۋاتقىنىڭلارنى بىلگىنىڭلارغىچە نامازغا يېقىنلاشماڭلار» (سۈرە نىسا 43- ئايەت). يەنى مۇسۇلمان ناماز ئوقۇشتىن بىر سائەت ياكى ئۇنىڭدىن

ئوشۇقراق ۋاقىتتىن ئىلگىرى هاراق ئىچىشتىن توختىتىشى كېرەك، دېگەنلىك بولۇپ، ناماز بەش قېتىم تەكرارلانسا، مانا بۇ ئۇنى هاراقنى پۈتۈنلەي تەرك قىلىشقا كۆندۈرۈشتە ئەڭ ئۈنۈملۈك بىر ئىشتۇر.

ئىمان قۇۋۋىتىنى، ئاللاهقا بولغان مۇهەببەتنى ۋە نەفس. شەيتان ۋەسۋەسىلىرى بىلەن جىهاد قىلىشنى ئۆلچەشتە بامدات نامىزىنىڭ ئەهمىيىتى ناهايىتى چوڭ.

ناماز روهنىڭ مىئراجى، نەفسلەرنى پاكلىغۇچى، ۋىجداننى تەربىيىلىگۈچى ۋە ئىنساننى گۇناه. مەئسىيەتلەردىن تۈتۈپ تۇرغۇچىدۇر. ئاللاه مۇنداق دەيدۇ: «هەقىقەتەن ناماز پاهىشە ۋە چەكلەنگەن ئىشلاردىن توسىدۇ» (سۈرە ئەنكەبۇت 45. ئايەت). يەنى ناماز سىزنى كېچە. كۈندۈز ئۆزىگە باغلاپ، ئۇنىڭ بىلەن مەشغۇل قىلىپ تۇرىدۇ. ناماز خۇددى مۇسۇلمان ئادەمگە كۈنىگە بەش قېتىم: سەن ئۆتكەن قېتىمدا ئۇنى تېپىپ ياخشى ئادا قىلغان بولساڭ، بەختكە ئېرىشىشىڭ ئۈچۈن كېيىنكى قېتىم تېخىمۇ تىرىشقىن، ئەگەر كەمچىلىك ئۆتكۈزگەن ياكى خاتالاشقان بولساڭ، غەم قىلما، ئاللاهنىڭ رەهمىتىدىن ئۈمىدسىزلەنمە، بەلكى خاتالىقلىرىڭنى ئاستا. ئاستا ئۆچۈرۈشكە تىرىشقىن، دەپ تەكرارلىنىۋاتقان ئىنداغا ئوخشايدۇ. «كۈندۈزنىڭ ئىككى تەرىپىدە (يەنى ئەتىگەن ۋە كەچقۇرۇن ۋاقىتلىرىدا) ۋە كېچىنىڭ دەسلەپكى ۋاقىتلىرىدا ناماز ئۆتىگىن، شۈبهىسىزكى، ياخشى ئىشلار ئارقىلىق يامان ئىشلار يۇيۇلىدۇ » (سۈرە هۇد 114. ئايەت). مانا بۇ ئايەت بىر ئادەمنىڭ ئۆزىگە هالال كەلمەيدىغان بىر ئايالنى سۆيۈپ سالغاندىن كېيىن، پەيغەمبىرىمىزنىڭ يېنىغا بۇ هەقتە سوراپ كەلگەن ئادەمگە جاۋابەن نازىل بولغان. ئاللاه تەئالا بۇ ئايەتتە نامازلارنىڭ ئاللاهنىڭ ئىزنى، ئەپۇسى ۋە رەهمىتى ئارقىلىق خاتالىقلارنى يۇيىۋېتىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ بەرگەن.

**بىرىنچى، تەكىتلەنگەن سۈننەت نامازلار**

پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى بىر كېچە. كۈندۈزدە 12 رەكئەت ناماز ئوقۇسا، ئاللاه ئۇ كىشى ئۈچۈن جەننەتتە بىر ئۆي بىنا قىلىدۇ» (تىرمىزى 415، نەسائىي 1806، ئىمام ئەهمەد 413/4).

بۇ هەدىستە تىلغا ئېلىنغان سۈننەت نامازلار بولسا، پەرز نامازلانىڭ ئالدى. كەينىدە ئوقۇلىدىغان راۋاتىبلاردۇر. ئەگەر سىز بۇ نامازلارنى جايىدا ئوقۇسىڭىز هەركۈنى جەننەتتە سىزگە ئاتاپ بىر ئۆي بىنا قىلىنىدۇ. ئەشەددى كاپىر فىرئەۋننىڭ ئايالى ئاسىيە «ئى رەببىم! مەن ئۈچۈن هۇزۇرۇڭدا بىر ئۆي بىنا قىلىپ بەرگىن» (سۈرە تەهرىيم 11. ئايەت) دەپ تىلىگەن. سىزگىچۇ؟! ئەگەر سىز راۋاتىب نامازلارغا رىئايە قىلسىڭىزلا هەركۈنى جەننەتتە بىر ئۆيگە ئىگە بولىسىز! بۇ نېمە دىگەن ئاددى تاۋار. هە! لېكىن ئۇنىڭ باهاسى ئىنتايىن قىممەت!! بۇ ئاللاهنىڭ ئۆزى خالىغان بەندىسىگە

ئاتا قىلىدىغان بىر پەزىلەتتۇر.

جەننەتنىڭ بىنالىرى دۇنيانىڭ بىنالىرىغا، قەسىرلىرىگە زادىلا ئوخشىمايدۇ. گەرچە دۇنيا قەسىرلىرى باغچىلاشقان قەسىرلەردىن بولغان تەقدىردىمۇ. ئەگەر سىزنىڭ باغچىلاشقان قەسىرىڭىز بولسا قانداق قىلاتتىڭىز؟ ئويلاپ بېقىڭە، ئۆمۈر بويى راۋاتىبلارنى تەرك ئەتمەي ئوقۇپ كەلگەن بولسىڭىز، جەننەتتە سىزگە قانچىلىك ئۆي بىنا قىلىنغاندۇ؟

بىر ئادەم دېڭىز بويى ياكى مارىنا يېرىم يېرىم ئارىلىدا بىر ئۆيگە ئېرىشىش ئۈچۈن قانداق تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىدۇ، ھېرىپ- چارچايدۇ، پۇل يىغىدۇ، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىغا قاترايدۇ. ئەمدى ئەدىن جەننەتتىدىن بىر قەسىرگە ئېرىششكە قانداق قارايسىز؟ شۇنى تەسەۋۋۇر قىلىپ بېقىڭكى، جەننەتتىكى بۇرادەرلىرىڭىز سىزنى يوقلاپ كەلسە، ئۇلارغا : ھە قېرىنداشلار، كېلىڭلار، مەن سىلەرنى ئەدىن جەننەتىدىكى ئوكيان قەئرىدە بېلىق زىياپىتىگە تەكلىپ قىلاي، بېلىق تۇتۇپ كېلەيلى (جەننەتتە بېلىق تۇتۇش كەسىپ ئەمەس، بەلكى بىر قىزىقىش)، سەمىڭلارغا سېلىپ قوياي، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى بىز بىلەن بىرگە كەچلىك تاماققا تەكلىپ قىلىپ قويغان، ئۇ كەلمەكچى، دەيسىز، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئەستايىدىللىق ۋە ئاكتىپلىق بىلەن بېلىق تۇتۇشقا كىرىشىپ كېتىدۇ.

يەنە سىز ئۆزىڭىزنىڭ جەننەتتىكى قەسىرلىرىڭىز ئارا ئۇيان- بۇيان يۈتكىلىپ تۇرىۋاتقانلىقىڭىزنى تەسەۋۋۇر قىلىپ بېقىڭچۇ!؟ سىز بىر كۈنى ئەدىن جەننىتىدىكى قەسىرىڭىزدە ئىككى كۈننى ئۆتكۈزۈپ كېلەيچۇ، راست ئۇ يەردىن فىردەۋس جەننىتىگە بارىمەن. ئۇ يەردە ئەراپات كۈنى نەپلە روزا تۇتقانلىقىمنىڭ ئەجرىگە بىر ئۆي سېلىنىپ قويۇپتىكەن، دېسىڭىز، يەنە بىر كۈنى خۇلد جەننىتىگە بارمىسام بولمايدۇ، مەن مۇئاز ئىبن جەبەل بىلەن دېيىشىپ قويغان ئىدىم، ئۇنى ئۇ يەردىكى قەسىرىمگە كەچلىك تاماقتا بىرگە بولغاچ زىيارەت قىلىپ كېتىشكە تەكلىپ قىلىپ قويغان ئىدىم دەيسىز.

سوئال: بۇ 12 رەكئەت ناماز قايسىلار؟

جاۋاب: بامدات نامىزىنىڭ پەرزىدىن ئىلگىرىكى ئىككى رەكئەت، پېشىن نامىزىنىڭ پەرزىنىڭ ئالدىدىكى تۆت رەكئەت ۋە پەرزدىن كېيىنكى ئىككى رەكئەت، شام نامىزىنىڭ پەرزىدىن كېيىنكى ئىككى رەكئەت ۋە خۇپتەن نامىزىنىڭ پەرزىدىن كېيىنكى ئىككى رەكئەتتۇر (بۇ ھەدىسنى ئىمام مۇسلىم ۋە ئىمام تىرمىزى رىۋايەت قىلغان).

بامداتنىڭ ئىككى رەكئەت سۈننىتىنىڭ ئۆزگىلا كاتتا ئەجرى بار. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «بامداتنىڭ ئىككى رەكئەت سۈننىتى دۇنيادىن ۋە

دۇنيادىكى نەرسىلەردىن ياخشىدۇر» (مۇسلىم 1685، تىرمىزىي 416، نىسائىي 1758).

سۇبھانەللاھ! بۇ ئىككى رەكئەت ناماز دۇنيادىن ۋە دۇنيادىكى نەرسىلەردىن ياخشى!! ئېيتىڭلارچۇ، ئىككى رەكئەت سۈننەت نامازنىڭ ئەجرى بۇ بولسا، بامدات نامىزىنىڭ پەرزىنىڭ ئەجرى قانچىلىك بولار؟!

بۇ كاتتا ساۋابقا ۋە كاتتا ئەجىرگە نېمىشقا سەل قارايمىز؟! بەزى ياشلار بامدات نامىزىنى ئوقۇمايدۇ. چۈنكى ئەتتىگەن سائەت 9 لاردا ئويغىنىدۇ. ئۇ «ئالدىراش»، ئۇنىڭ بارمىسا بولمايدىغان «مەكتۈپ»، ئاڭلىمىسا بولمايدىغان «لىكسىيلىرى» بار...

كۆن چىقىپ بولغاندىن كېيىن ئورنىڭىزدىن تۇرسىڭىز قايسى نامازنى ئوقۇماقچى سىز؟ سۈننەتنىمۇ ياكى پەرزنىمۇ؟ ئەلۋەتتە بامداتنىڭ ئىككى رەكئەت پەرزىنى ھاپىلا-شاپىلا ئوقۇپ تۈگىتىپ، ئونۋېرستېتقا ياكى مەكتەپكە ۋەياكى خىزمەتكە چاپىسىز!!

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «دۈشمەنلەر باستۇرۇپ كەلگەن تەقدىردىمۇ، بامداتنىڭ ئىككى رەكئەت سۈننىتىنى ئوقۇماي قويماڭلار» (ئىمام ئەھمەد 405/2).

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بامداتنىڭ ئىككى رەكئەت سۈننىتى ھەققىدە مۇنداق دېگەن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بامداتنىڭ ئىككى رەكئەت سۈننىتىنى قىسقا ئوقۇيتتى، ھەتتا مەن ئۇ سۈرە فاتىھەنىلا ئوقۇغان ئوخشايدۇ، دەپ قالاتتىم. مانا بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزىدىن كېيىنكى ئۈممەتلەرگە يەتكۈزگەن بېرىشى... ئەي بۇرادەر! خۇش بىشارەت بولسۇنكى، بامداتنىڭ ئىككى رەكئەت سۈننىتى يەتكۈزگەن ئوقۇلىدىغان ناماز، شۇنداقتىمۇ ئۇ دۇنيا ۋە دۇنياكى نەرسىلەردىن ياخشىدۇر.

مانا بۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆز ھاياتىدا ئۈزرىسىز تەرك قىلمىغان، ئۈزرىلىك ھالدا قازاسىنى قىلغان، تەكىتلەنگەن سۈننەت ناماز- راۋاتىبلاردۇر.

بۇلاردىن باشقا تەكىتلەنمىگەن سۈننەت نامازلارمۇ بار بولۇپ، ئۇ نامازلارنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەزىدە ئوقۇپ، بەزىدە ئوقۇمايتتى. ئۇ نامازلار قايسى؟

**ئىككىنچى، تەكىتلەنمىگەن سۈننەت نامازلار**

ئۇلار: 1) ئەسىر نامىزىنىڭ ئالدىدا ئىككى رەكئەت ياكى تۆت رەكئەت ناماز ئوقۇش. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئەسىر نامىزىنىڭ ئالدىدا تۆت رەكئەت ناماز ئوقۇغان كىشىگە ئاللاھ رەھمەت قىلسۇن» (ئەبۇ داۋۇت 1271، تىرمىزى 430، ئىمام ئەھمەد 117). بۇ ناماز تەكىتلەنمىگەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەزىدە ئوقۇغان، بەزىدە ئوقۇمىغان. شۇنداقتىمۇ بۇ نامازنىڭ ساۋابى ھەدىستە بايان

قىلىنغىنىغا ئوخشاش ناھايىتى چوڭدۇر. ئەسىر نامىزىدىن ئىلگىرى تۆت رەكئەت ناماز ئوقۇشقا ئەھمىيەت بەرگەن ئادەم ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشىدۇ. بۇ تۆت رەكئەت نامازغا كۆڭۈل بۆلگەن ئادەمگە مەرھابا!!!

2) شام نامىزىنىڭ ئالدىدا ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇش. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «شامنىڭ پەرزىدىن ئىلگىرى ناماز ئوقۇڭلار، شامنىڭ پەرزىدىن ئىلگىرى ناماز ئوقۇڭلار، خالىغىنىڭلار شامنىڭ پەرزىدىن ئىلگىرى ناماز ئوقۇڭلار» (بۇخارى 1183، 7368، ئەبۇ داۋۇت 1281). شامدىن ئىلگىرى ئوقۇلىدىغان بۇ نامازمۇ تەكىتلەنمىگەن.

3) خۇپتەن نامىزىدىن ئىلگىرى ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇش. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ھەر ئىككى ئەزاننىڭ ئارىسىدا ناماز ئوقۇڭلار»، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام داۋاملاشتۇرۇپ «خالىغىنىڭلار» دېگەن.

ئەمما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوقۇيالماي قالغان (سۈننەت) نامازلىرىنىڭ قازاسىنى ئادا قىلىشى ئۇنىڭ تەكىتلەنگەن سۈننەتلەرگە بولغان جىددى پوزىتسىيىسىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. مەسىلەن پېشىننىڭ ئالدىدا ئوقۇلىدىغان تۆت رەكئەت نامازنى ئوقۇيالمىسا كېيىن ئوقۇيتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەكىتلەنگەن سۈننەتلەرگە ناھايىتى جىددى قارايتتى.

## نامازۋە باشقا ئىبادەتلەردە نىيەتنى كۆپ قىلىش

ئىسلام دىنىنىڭ ئاسان دىن ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ بېرىدىغان ئىشلاردىن بىرى ـ ئىككى رەكئەت نامازنى يالغۇز سۈننەت نامازنى ئوقۇۋاتىمەنغۇ دەپلا بىر خىل نىيەت بىلەن ئوقۇماستىن، يەنە ئۇنىڭغا باشقا نىيەتلەرنى قوشۇپ ئوقۇشتۇر.مەسىلەن: ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇماقچى بولغان ۋاقتىڭىزدا ئۇ نامازغا ئىككى رەكئەت تەھىييەتۇلمەسجىد نامىزىنىڭ نىيىتىنى، پېشىن نامىزىنىڭ ئالدىدىكى ئىككى رەكئەت نامازنىڭ نىيىتىنى، تاھارەت ئالغاندىن كېيىن ئوقۇلىدىغان نامازنىڭ نىيىتىنى ۋە شۇنىڭدەك باشقا نامازلارنىڭ نىيىتىنى بىرگە قىلىپ ئوقۇڭ. مانا ـ بۇ توغرا دىنىمىزنىڭ بۈيۈكلۈكى جۈملىسىدىندۇر.

نامازدا نىيەتنى كۆپ قىلغانغا ئوخشاش، روزىدىمۇ نىيەتنى كۆپ قىلىش كېرەك. مەسىلەن: سىز پەيشەنبە كۈنلۈكتە روزا تۇتماقچى بولسىڭىز، ئۇنىڭغا پەيشەنبە كۈنىدە تۇتۇلىدىغان روزا نىيىتىنى، شەۋۋال ئېيىدا تۇتۇلىدىغان ئالتە كۈنلۈك روزا نىيىتىنى، ھەر ئايدا ئۈچ كۈن تۇتۇلىدىغان روزا نىيىتىنى ۋە بۇ روزا بىلەن گۇناھـ مەسىيەتلەردىن نىجاتلىقفا ئېرىشىش ۋە شەھۋەت ئوتلىرىنى ئۆچۈرۈش قاتارلىق نىيەتلىرىنى بىرگە قىلىڭ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: « ئى ياشلار جامائەسى! ئىچىڭلاردا

ئۆيلىنىشكە قادىر بولالايدىغانلار ئۆيلەنسۇن، ئۆيلىنىشكە قادىر بولالمايدىغانلار روزا تۇتسۇن. چۈنكى روزا شەھۋەتنى كېسىدۇ». بۇخارى 1905- نومۇر؛ مۇسلىم 3384- نومۇر؛ ئىمام ئەھمەد 1- توم 387- نومۇر.

نەتىجىدە سىز بىر كۈنلۈك روزا بىلەن ئۈت كۈنلۈك روزانىڭ ساۋابىغا ئېرىشىسىز.

ساھابىلەر « نىيەت تىجارەتچىلىرى» دەپ ئاتىلاتتى. ئۇلار بىرەر ئىلىم سورۇنىغا بارسا : مېنى ئۇ يەردە پەرىشتىلەر ئوراپ تۇرىدۇ، ئۇ يەردە سۆزلەنگەن ئىشلارغا ئەمەل قىلىمەن ۋە ئۇ ئەمەلىمنى ۋاستە قىلىپ ئاللاھ غا دۇئا قىلىمەن دەپ نىيەت قىلاتتى. كاشكى بىزمۇ بۇ ئىشلارنى ئۆزلىرىمىزگە تەتبىقلىيالىغان بولساق-ھە!

ۋىتىر نامىزى:

سۈننەت نامازلارنىڭ قاتارىدىن- ۋىتىر نامىزى بولۇپ، بۇ ناماز ھەققىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: « كېچە نامىزىڭلارنى ۋىتىر نامىزى بىلەن ئاخىرلاشتۇرىڭلار». بۇخارى 998- نومۇر؛ مۇسلىم 1752- نومۇر؛ ئىمام ئەھمەد 2-توم 20- نومۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: « ئى ئەھلى قۇرئان ! ۋىتىر نامىزى ئوقۇڭلار». تىرمىزى 454- نومۇر؛ ئەبۇ داۋۇت 1416- نومۇر؛ ئىمام ئەھمەد 1- توم 110- نومۇر.

بىر رەكئەت ياكى تاق بىر نەچچە رەكئەت ئوقۇلىدىغان بۇ ناماز، بامدات نامىزىغا ئوخشاش ناماز بولۇپ، موسۇلمان ئادەم بۇ نامازنى ئوقۇماي تورۇپ، ئۇخلىماسلىقى كېرەك.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: دوستۇم ماڭا ئۈچ ئىشنى يەنى ــ بامدات نامىزىنىڭ ئىككى رەكئەت سۈننىتىنى ئوقۇشۇمنى؛ ھەر ئايدا ئۈچ كۈن روزا تۇتۇشۇمنى ۋە ۋىتىر نامىزى ئوقماي تورۇپ ئۇخلىماسلىقىمنى تەۋسىيە قىلدى. بۇخارى 1178- نومۇر؛ مۇسلىم 1669- نومۇر؛ ئىمام ئەھمەد 2- توم 459- نومۇر.

ۋىتىر نامىزىنىڭ ۋاقتى خۇپتەن نامىزىنى ئوقۇپ بولغاندىن باشلاپ، بامدات نامىزىنىڭ ۋاقتىغىچە. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋىتىر نامىزىنىڭ ئەھمىيتىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: « ۋىتىر نامىزى ( تاق رەكئەتلىك ناماز) نى ئوقۇڭلار، چۈنكى ئاللاھ تاقتۇر، اللا تاقنى ياخشى كۆرىدۇ». ئىمام ئەھمەد 1- توم 148- نومۇر؛ بەيھەقى 23- توم 468- نومۇر.

ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: ۋىتىر نامىزى پەرىز ناماز ئەمەس، ئەمما ئۇ پەيغەمبىرىمىزنىڭ سۈننىتىدۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەيلى سەپەردە ياكى ئۆيدە، مەيلى كېسەل ياكى ساق ۋاقتىدا بولسۇن ئۆز ھاياتىدا ۋىتىر نامىزىنى تەرك قىلىپ باقمىغان.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام موسۇلمانلارنى ۋىتىر نامىزىغا ئەھمىيەت بېرىشنى تەۋسىيە قىلىپ مۇنداق دېگەن:« كىمكى كېچىنىڭ ئاخىرقى ۋاقىتلىرىدا ئويغىنالماسلىقىنى بىلسە، ۋىتىر نامىزىنى كېچىنىڭ ئەۋۋەلقى ۋاقتىدا (خۇپتەن نامىزىدىن كېيىن) ئوقۇسۇن، كىمكى كېچىنىڭ ئاخىرقى ۋاقتىلىرىدا ئويغىنالايمەن دەپ قارىسا، ۋىتىر نامىزىنى كېچىنىڭ ئاخىرقى ۋاقتىلىرىدا ئوقۇسۇن». ئىمام ئەھمەد 3- توم 300- نومۇر.

بامدات نامىزىدىن ئىلگىرى ئويغىنالايدىغان ۋە ئويغىنىپ ئادەتلەنگەن كىشى ئۈچۈن، ۋىتىر نامىزىنى بامدات نامىزىدىن سەل ئىلگىرى ئوقۇشى ئەۋزەلدۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەبۇ بەكرىدىن سورىدى: « ئى ئەبۇ بەكر ! ۋىتىر نامىزىنى قايسى ۋاقىتتا ئوقۇيسەن؟ » ئەبۇ بەكىر ئېيتتى: كېچىنىڭ دەسلەپكى ۋاقتىدا، خۇپتەن نامىزىدىن كېيىن ( ئوقۇيمەن). پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆمەردىن سورىدى:« سەنچۇ، ئى ئۇمەر ! سەن قايسى ۋاقىتتا ئوقۇيسەن؟». ئۇمەر ئېيتتى: كېچىنىڭ ئاخىرقى ۋاقتىدا ( ئوقۇيمەن). پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېيتتى:« ئى ئەبۇ بەكر ! سەن ئىشەنچىنى تاللىۋاپسەن، ئى ئۇمەر! سەن ئىرادە ياكى قۇۋۋەتنى تاللىۋاپسەن». بۇ ھەدىسنى ھىندى رىۋايەت قىلغان 21918- نومۇر؛ سۈيۇتىي 2- توم 668- نومۇر.

ھەر بىرىمىز ئۆزىگە ئەڭ مۇناسىپ دەپ قارىغان ۋاقىتنى تاللىسۇنكى، ۋىتىر نامىزىنى ئۇقماي قويۇشتىن ھەزەر ئەيلىسۇن.

**باشقا مۇھىم سۈننەت نامازلار**

بىرىنچى؛ ھاجەت نامىزى:

بىز باشقا مۇھىم سۈننەت نامازلارنى شارائىت ياكى مۇناسىبەت نامازلىرى دەپ ئاتىشىمىز مۇمكىن. مەسىلەن: ھاجەت نامىزى دېگەندەك. موسۇلمان ئادەمنىڭ قىيىنچىلىقتا قالغاندا، ئادەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھ دىن ياردەم تەلەپ قىلىپ، ئۇنىڭ ئىشكىنى چەكمەي، ئۆزى كەبى ئىنسانلارنىڭ ئىشكىنى چېكىپ، ئۇلاردىن ياردەم تەلەپ قىلىپ، ئۆزىنى ئۇلارنىڭ ئالدىدا خار قىلىشى دورۇس ئەمەس.

سورىمىغىن ئىنسان بالىسىدىن ھاجەت،
بەندىگە ئاللاھ نىڭ ئىشكى ئېتىلمەس ئەبەد.
تەرك قىلساڭ سۇراشنى، قىلار ئۇ غەزەپ،
ئادەممۇ ھاجەتمەندىن خۇش بولماس پەقەت.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھاجەت نامىزىنىڭ قانداق ئوقۇلىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن:« كىمكى تاھارەتنى كامىل ئېلىپ، ئاندىن ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇپ، نامىزىدا ئاللاھ دىن خالىغىنىنى سورىسا، ئاللاھ ئۇ كىشىنىڭ سورىغان

نەرسسنى شۇئان ياكى كيىن بولسمۇ ئاتا قىلىدۇ». ئىمام ئەھمەد 1- توم 71- نومۇر؛ 5- توم 263- نومۇر.

نامازدىن كيىن تۆۋەندىكى دۇئا ئوقۇلىدۇ.:«لا اله الا الا انت الحليم الكريم لا اله الا الا انت الحليم الكريم لا اله الا الا انت رب العرش العظيم الحمد لله رب العلمين ظاللاهم اني اسالك موجبات رحمتك وعزائم مغفرتك و الغنيمة من كل بر والسلامة من كل اثم والفوز بالجنة والنجاة من النار لا تدع ذنبا الا غفرته ولا هما الا فرجته ولا حاجة من حوائج الدنيا والاخرة لك فيها رضى ولنا فيها صلاح الا قضيتها وسيرها برحمتك يا ارحم الراحمين » سەندىن ئۆزگە ئىلاھ يوقتۇر، سەن ناھايىتى ھەلىمدۇرسەنكى بەندىلىرىڭنى جازالاشقا ئالدىراپ كەتمەيسەن، سەن ناھايىتى كەرەملىك زاتتۇرسەن، سەندىن ئۆزگە ئىلاھ يوقتۇر، سەن ناھايىتى ھەلىمدۇرسەنكى بەندىلىرىڭنى جازالاشقا ئالدىراپ كەتمەيسەن، سەن ناھايىتى كەرەملىك زاتتۇرسەن، سەندىن ئۆزگە ئىلاھ يوق، سەن بۈيۈك ئەرشنىڭ پەرۋەردىگارى، ئى ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھ! بارچە ھەمدۇ- سانا ساڭىلا خاستۇر؛ ئي ئاللاھ! مەن سەندىن رەھمىتىڭگە ئېرىشتۈرىدىغان ئەمەللەرنى، گۇناھلىرىمنىڭ مەغپىرەت قىلىنىشنى، پۈتۈن ياخشىلىقلارنى قولغا كەلتۈرۈشنى ۋە بارچە گۇناھلىق ئىشلاردىن ئامان بولۇشۇمنى، جەننەت بىلەن مۇۋەپپىقىيەت قازىنىپ، دوزاختىن نجاتلىق تېپىشنى سورايمەن؛ ئي ئاللاھ ! گۇناھلىرىمنىڭ بىرىنىمۇ قويماي مەغپىرەت قىلىۋەتكىن، غەم- قايغۇلىرىمدىن خالاس قىلغىن، سەن رازى بولىدىغان، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بىزگە مەنپەئەتلىك ئىشلارنى قىلىشقا مۇۋەپپەق قىلغىن ۋە ئاسانلاشتۇرۇپ بەرگىن ئي ئەڭ مەرھەمەتلىك پەرەۋەردىگارىمىز) ». تىرمىزي 1384- نومۇر؛ ئىبنى ماجەھ 1384- نومۇر. يوقۇردىكى دۇئانى ئوقۇپ بولغاندىن كيىن، ئاللاھ دىن ئۆزىڭىز خالىغان ئىشلارنى سورايسىز.

جىمجىتلىق ۋە خاتىرجەملىك قاپلىغان كېچىدە، دۇنيا مەشغۇلاتلىرىدىن، ئادەملەرنىڭ ۋاراڭ- چۇرۇڭلىرىدىن خالىي قەلب بىلەن ناماز ئوقۇش، ئىككى رەكئەت ھاجەت نامىزى ئوقۇش قانداق ھوزۇر ــ ھە!

**ئىككىنچى : ئىستىخار نامىزى:**

سۈننەت نامازلارنىڭ جۈملىسىدىن يەنە بىرى ئىستىخار نامىزىدۇر. ساھابىلەر مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە ھەممە ئىشىمىزدا ئىستىخار قىلىشنى، خۇددىي تاھارەت ئېلىشنى ئۆگەتكەنگە ئوخشاش ئۆگىتەتتى.

موسۇلمان ئادەم ئىستىخار نامىزىنى توي قىلىش ۋە سەپەرگە چىقىشقا ئوخشاش ئۆز ھاياتىدىكى چوڭ ۋە مۇھىم ئىشلاردىلا ئەمەس، بەلكى كيىم- كېچەك ياكى رەخت سېتىۋالغانغا ئوخشاش ئاددىي سانىلىدىغان ئىشلاردىمۇ ئوقۇشى زۆرۈر. بۇنىڭدىن ھەيران قالماڭ. ئاللاھ ئۆزى خالىغان ۋە ئىختىيار قىلغان ئىشلارنى يارىتىدۇ.

موسۇلمانلارنىڭ سەۋەب قىلىشى ۋاجىبتۇر. شۇڭلاشقا ساھابىلەر مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە ھەممە ئىشىمىزدا ئىستىخار قىلىشنى ئۆگىتەتتى.پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: « ئىستىخار سېلىش ياخشىلىقتىن باشقىنى ئېلىپ كەلمەيدۇ» ئىستىخار نامىزىغا تۇرغان ۋاقتىڭىزدا، ئاخىرقى قارارنى چىقىرىپ بولمىغان بولىشىڭىز كېرەك. ئەگەر ئۇنداق قىلغان بولسىڭىز، ئۆزىڭىزنى ئالدىغان بولىسىز. ئىختىيار ۋە پۈتۈن ئىشنى ئاللاھ قا قويۇپ قويىشىڭىز كېرەك. ئىستىخار قىلىش دېگەنلىك ئۆزىڭىزنىڭ ئىختىيار ۋە ھىسسىيات دائىرىڭىزدىن چىقىپ تورۇپ، ئىشلارنى ھەممىنى بىلىدىغان ۋە ھەممىدىن خەۋەردار ئاللاھ قا تاپشۇرۇش دېگەنلىكتۇر. ئىستىخار نامىزى ئوقىغان ئادەم كېيىن پۇشايمان قىلمايدۇ. چۈنكى ئۇ ئۆزى ئادا قىلىشقا تېگىشلىك ئىشنى قىلغان-دە. ئەكسىچە ئىستىخار نامىز ئوقىمىغان ئادەم ئۆزى بىلىپ قارار چىقارسا ياكى ئۆزى خالاپ توغرا بولمىغان بىر يولدا مېڭىپ قالسا كېينچى: ھەي!!! شۇ ئىشنى قىلمىغان بولسامچۇ كاشكى... دەپ ھەسرەت چىكىدۇ.

ئىستىخار دۇئاسى:

ئىستىخار نامىزى ئوقۇغۇچى ئادەم ئىككى رەكئەتتە قۇرئاندىن ئۆزى بىلىدىغان ئايەت ۋە سۇرىلەرنى ئوقىغاندىن كېيىن تۆۋەندىكى دۇئا بىلەن دۇئا قىلىشى سۈننەتتۇر.

ئى ئاللاھ ! ئىلمىڭ بىلەن ماڭا يول كۆرسىتىشىڭنى، قۇدرىتىڭ بىلەن ماڭا كۈچ-قۇۋۋەت بېرىشىڭنى سورايمەن، يەنە مەن سېنىڭ ئۇلۇغ پەزلىڭدىن سورايمەن، چۈنكى سەن ھەممىگە قادىرسەن، مەن قادىر ئەمەس؛ سەن ھەممىنى بىلىسەن، مەن بىلمەيمەن؛ سەن پۈتۈن غەيىبلەردىن خەۋەردارسەن. ئەگەر سەن بۇ ئىشنىڭ ( ئاللاھ دىن يول كۆرسىتىشنى تەلەپ قىلماقچى بولغان ئىشنى تىلغا ئالىسىز) ئاقىۋىتى مىنىڭ دىنىم ۋە دۇنيالىقىم ئۈچۈن خەيرلىك بولسا، بۇ ئىشنى ماڭا مۇيەسسەر قىلغىن، ئۇنى ماڭا بەركەتلىك قىلغىن؛ ئەگەر بۇ ئىشنىڭ ( ئاللاھ دىن يول كۆرسىتىشنى تەلەپ قىلماقچى بولغان ئىشنى تىلغا ئالىسىز) ئاقىۋىتى مىنىڭ دىنىم ۋە دۇنيالىقىم ئۈچۈن زىيانلىق بولسا ئۇنى مەندىن، مىنى ئۇنىڭدىن يىراق قىلغىن، ياخشىلىق نەدە بولمىسۇن ئۇنى ماڭا مۇيەسسەر قىلغىن – دە مىنى مەمنۇن قىلغىن ئى ئەڭ مەرھەمەتلىك پەرۋەردىگارىم ) ». بۇخارىي 1162، 6382- نومۇر؛ ئەبۇ داۋۇت 1538- نومۇر.

ئىچىڭلاردىن بىرەر ئادەم :مۇشۇ دۇئانى يادلامدىمەن، نېمە دېگەن ئوزۇن دۇئا بۇ دېمىسۇن. بۇ بىر ئاسان دۇئا. بەزى ئادەملەر نۇرغۇن ناخشىلارنى يادلىۋالىدۇ-يۇ، سىز بىر دۇئانى يادلىسىڭىز زىيان تارتىپ قالارسىزمۇ؟ بەزى كىشىلەر بىرەر چەتئەل

تىلنى ئۆگىنىش ئۈچۈن بەش-ئون يىل ۋاقتىنى سەرپ قىلدۇ-يۇ، ئۇزىنىڭ كەلگۈسى تۇرمۇشىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان ياكى بەلگىلەيدىغان بىر دۇئانى ئۆگىنىش قىيىن كېلەرمۇ؟!!

**ئۈچىنچى : زۇھا نامىزى (چاشكا نامىزى):**

زۇھا نامىزى ئەڭ ئاز دېگەندە ئىككى رەكئەت، كۆپ بولغاندا 12 رەكئەت ئوقۇلىدۇ. زۇھا نامىزىنىڭ ۋاقتى كۈن چىقىپ ئازراق ئۆرلىگەندىن باشلاپ، پېشىن نامىزىغا ئازراق ۋاقىت قالغانغا قەدەر بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« سىلەرنىڭ ھەر بىر بوغۇمىڭلارغا بىردىن سەدىقە ۋاجىپ بولۇپ تاڭ ئاتىدۇ. ھەر بىر تەسبىھ بىر سەدىقە، ھەر بىر ھەمد بىر سەدىقە، ھەر بىر تەھلىل بىر سەدىقە، ھەر بىر تەكبىر بىر سەدىقە ھىساپلىنىدۇ. ياخشىلىقتىن توسۇشمۇ بىر سەدىقىدۇر. زۇھا نامىزى ( كۈندە قىلىشقا تېگىشلىك) سەدىقىغە كۇپايە قىلىدۇ». مۇسلىم رىۋايەت قىلغان. 1668۔ نومۇر؛ ئەبۇ داۋۇت 1285۔ نومۇر.

ئادەم بەدىنىدە 360 بوغۇم بار بولۇپ، ھەر بىر بوغۇم ئۈچۈن سەدىقە بىرىش زۈرۈر. ئەمما چاشكا ۋاقتىدا ئوقۇلىدىغان ئىككى رەكئەت ناماز بۇ سەدىقىغە كۇپايە قىلىدۇ.

يادىڭىزدا بولسۇنكى، خۇشۇئ نامازنىڭ جېنى. ئۇزىنىڭ قەلبى ۋە ئەزالىرى بىلەن نامازنى خۇشۇئ ئىچىدە ئوقىغان ئادەم بىلەن نامازغا سەل قارايدىغان، غاپىل ئادەم ئوتتۇرىسىدا زور پەرىق بار بولۇپ، بۇ ھەقتە ئىبنى قەييۇم مۇنداق دېگەن: بۇ ئىككى ئادەم بىر سەپتە تورۇپ ناماز ئوقۇۋاتقان بولسىمۇ، ئۇ ئىككىسىنىڭ نامىزى ئوتتۇرىسىدىكى پەرىق ئاسمان بىلەن زىمىن ئوتتۇرىسىدىكى پەرىق بىلەن ئوخشاش.

مۇنداق بىر ئىش يادىمغا كىلىپ قالدى. ئۆتكەن يىلى رامزان ئېيىدا مەن تەھەججۇد نامىزى ئوقۇۋاتاتتىم. ئىمام ھەر قېتىم ئاللاھ اكبر دېگەندە يېنىمدا تۇرغان ئادەم يىغلاپ كېتەتتى.مەن تەئەججۇپلىنىپ: سۇبھانەللاھ ! ئاللاھ اكبر دېگەن بۇ كەلىمە بۇ كىشىنى يىغلىتىۋەتتىغۇ، دېدىم ئۆز- ئۆزەمگە. ناماز ئاخىرلاشقاندىن كيىن، ئۇ ئادەمدىن نېمە ئۈچۈن يىغلىغانلىقى توغرىلىق سورىدىم. ئۇ جاۋاب بىرىپ: مەن ئىمام بىلەن ئاللاھ اكبر دەۋاتقان ۋاقتىمدا، قەلبىمدە ئاللاھ دىن چوڭراق يەنە بىر كىشىنىڭ بولۇپ قېلىشىدىن، سۆزۈم بىلەن دىلىم بىر بولمىسا يالغانچى بولۇپ قالىدىغانلىقىمدىن قورقۇپ يىغلىدىم دېدى. بۇ كىشىنىڭ سۆزلىرىدىن تەسىرلىنىپ مەنمۇ يىغلىدىم.

**تۆتىنچى: كېچە نامىزى ( تەھەججۇد نامىزى):**

مەلۇمكى، كىشىدىن چىدام تەلەپ قىلىدىغان، مۇشەققەتلىك بۇ ناماز- ئاللاھ نىڭ ئالدىدا ھوزۇرى قەلب بىلەن تورۇش ۋە قۇرئان كەرىم ئايەتلىرىدىن تەسىرلىنىپ يىغلاشنىڭ سەۋەبىدۇر. ھەسەن بەسەرىدىن : ئادەمگە نىسبەتەن ئەڭ ئېغىر ۋە ئەڭ قىيىن تۇيۇلىدىغان ئىش قايسى؟ دەپ سورالغاندا، ئۇ: كېچە نامىزى دەپ جاۋاپ

بەرگەن. يەنە ئۇنىڭدىن: كېچە نامىزى ئوقۇيدىغان كىشىنىڭ چىرايى نېمە ئۈچۈن شۇنچە چىرايلىق دەپ سورالغاندا، ئۇ: چۈنكى، ئۇلار ئاللاھ بىلەن خالىي مۇڭداشقان، ئاندىن ئاللاھ ئۇلارنى ئۆز نۇرى بىلەن زىننەتلىگەن كىشىلەردۇر دەپ جاۋاپ بەرگەن.

ئاللاھ تائالا بىزنى ئۆزىنىڭ، قەلبىمىزدىكى ئورنىنى بىلىش ۋە ئادەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىنى تونۇش ۋە ئاللاھ ئاتا قىلغان نېمەتلەرنى كۆرۈش ئۈچۈن ياراتقان. شۇڭلاشقا ئاللاھ ھەق سۇبھانە ۋەتائالا ھەدىس قۇددىسىيدە مۇنداق دەيدۇ:« مەن مەخلۇقاتلارنى مېنى تونۇشى ئۈچۈن ياراتتىم». ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ:« مەن جىنلارنى ۋە ئىنسانلارنى پەقەت ماڭا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن ياراتتىم».

ئەي بۇرادەر! مەن سىزنى كېچە نامىزى ئوقۇپ، ئاللاھ بىلەن پىچىرلىشىپ سۆزلىشىشنىڭ ھوزۇرىنى سىناپ بېقىشقا دەئۋەت قىلىمەن. بىز تۇرمۇشىمىزدا ئويۇن-تاماشا ۋە كېچىلەرنى ئۇخلىماي كۈلكە- چاقچاق بىلەن ئۆتكۈزۈشكە ئوخشاش نۇرغۇن ئىشلارنى قىلىپ باقتۇق. ئەمدى كېچىلىرى كېچە نامىزى ئوقۇش ۋە ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرىدىغان، ھەممىنى كۆرۈپ تۇرىدىغان زاتقا مۇناجات قىلىشنى بىر سىناپ باقمايمىزمۇ؟. بىلىشىڭىز كېرەككى، كېچە نامىزى ئاللاھ نىڭ شۇ ئىنسانغا بولغان مۇھەببىتىنىڭ دەلىلىدۇر.

ئاللاھ نىڭ كېچە نامىزىنى ئوقۇشنى مۇۋەپپەق قىلغان ۋە ئۇنىڭ بۇ ئىبادەتنى ئادا قىلىشقا ياردەم بەرگەن ئادەم ـ ئاللاھ ياخشى كۆرگەن ئادەمدۇر. ئىلگىركىلەرنىڭ مۇنداق بىر سۆزى بار: ئاللاھ نىڭ ھوزۇرىدىكى ئورنىڭنى بىلمەكچى بولساڭ، ( كېچىلىرى) ئوقىغان نامىزىڭغا قارا.

ئاللاھ ھەدىس قۇددىسىيدە مۇنداق دەيدۇ: « كىمكى مېنىڭ دوستۇمنى دۈشمەن تۇتسا، مەن ئۇنىڭغا جەڭ ئېلان قىلىمەن. بەندەم مەن تەرەپكە مەن ئۇنىڭغا پەرىز قىلغان ئىشلاردىن ياخشىراق بىر ئىش بىلەن يېقىنلىشالمايدۇ. بەندەم نەپلى ئەمەللەر بىلەن دائىم مەن تەرەپكە يېقىنلىشىدۇكى، ھەتتا مەن ئۇنى ياخشى كۆرىمەن. قاچان مەن ئۇنى ياخشى كۆرسەم، مەن ئۇنىڭ ئاڭلايدىغان قۇلىقى، كۆرىدىغان كۆزى، تۇتىدىغان قولى ۋە ماڭىدىغان پۇتى بولىمەن. ئەگەر ئۇ مەندىن بىر نەرسە تىلىسە مەن چوقۇم ئۇنىڭ تىلىگىنىنى بېرىمەن. ئەگەر مەندىن پاناھلىق تىلىسە ئۇنى پاناھىمغا ئالىمەن». بۇخارى 6502؛ ئىبنى ماجە 3989

بۇ ھەدىس تولۇق تېكىستى بايان قىلىنغان يەنە بىر رىۋايەتتە:« مەن ئۆلۈمنى ياقتۇرمايدىغان مۆمىن بەندەمنى قەبزى روھ قىلىشتىن ئىككىلەنگەندەك يەنە بىر ئىشتىن ئىككىلىنىپ باقمىدىم. مەن ئۇ بەندەم ياقتۇرمايدىغان ئىشنى يامان كۆرىمەن» دېيىلگەن. بۇخارى 6502- نومۇر.

كېچە نامىزىدىكى ئورنىڭىز، ئاللاھ نىڭ سىزگە بولغان مۇھەببىتىنى بەلگىلەيدۇ. بۇ

زامانلاردا دىننى تۇتۇپ تۇرغان ئادەم، چوغنى تۇتۇپ تۇرغان ئادەمگە ئوخشايدۇ. ئۇنىڭغا بۇيۇك ساۋاب بار. شۇنىڭدەك كېچە نامىزىنى مۇھاپىزەت قىلغانلارغا شەكسىزكى كاتتا ئەجر ۋە ساۋاب بار. « بەندىلىرىمنىڭ ئىچىدە شۈكرى ئېيتقۇچىلار ئىنتايىن ئاز» سۇرە سەبەئ 13- ئايەت.

## پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام كېچە نامىزىدىكى ئۈلگىمىز

سۇرە مۇزەممىلنى ئوقىسىڭىز، سۇرىنىڭ باشلىنىشىدىلا، ئاللاھ نىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيهىسسالامغا مۇنداق ئەمر قىلغانلىقىنى بايقايسىز. :« ئى كىيىمگە يۆگىنىۋالغۇچى پەيغەمبەر كېچىنىڭ ئازغىنىسىنىڭ باشقىسىدا، يېرىمىدا ياكى يېرىمىدىنمۇ ئازراقىدا ياكى يېرىمىدىن كۆپرەكىدە ناماز ئوقۇغىن». 1-4- ئايەتلەر

مەلۇمكى، كېچىلىرى ناماز ئوقۇش پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيهىسسالامغا پەرز، موسۇلمانلار ئىچىدىن ئۇنىڭغا ئەگەشكۇچىلەر ۋە ئۇنى ياخشى كۆرگۈچىلەر ئۈچۈن مەندۇب ئەمەلدۇر.

شۇڭلاشقا ئەي بۇرادەر! مەن سىزگە كېچىلىرى كېچە نامىزى ئوقۇشنى، قۇرئاننى خۇددى سىزگە نازىل بولۇۋاتقاندەك، ئاللاھ تائالا سىزگە خىتاب قىلىۋاتقاندەك تىلاۋەت قىلىشىڭىزنى تەۋسىيە قىلىمەن.

ئاللاھ تائالا « ئى مۆمىنلەر ! » دەپ نىدا قىلغاندا قۇلىقىڭىزنى دىڭ تۇتۇپ، قەلبىڭىزنى هازىر قىلىپ، تەپەككۇر بىلەن ئاڭلاڭ. چۈنكى بۇ نىدادا سىزگە ئەمر قىلىنىدىغان بىر ياخشى ئىش بار ۋە ياكى سىز چەكلىنىدىغان بىر يامان ئىش بار. قۇرئاندىن هساپ ئايەتلىرىنى تىلاۋەت قىلغاندا: مەن رەببىم ئالدىدا تۇرۇپ، ئۇنىڭغا دۇنيادا قىلغان ئىشلىرىمدىن هساپ بېرىۋاتىمەن دەپ؛ جەننەت تەسۋىرلەنگەن ئايەتلەرنى تىلاۋەت قىلىۋاتقاندا، جەننەتنى ۋە جەننەتتىكى نېمەتلەرنى تەسەۋۋۇر قىلىڭ. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام بىر قېتىم موسۇلمانلار بىلەن ناماز ئوقۇۋېتىپ، جەننەت سۈپەتلەنگەن ئايەتلەرنى ئوقىغاندا، قولىنى خۇددى جەننەتتىكى مېۋىلەرنى ئۈزۈۋاتقاندەك بىر هالەتتە سوزغانلىقى يادىڭىزدا بولسۇن. دوزاخ سۈپەتلەنگەن ئايەتلەرنى ئوقىغاندا بولسا، دوزاخ ئەهلىنىڭ دوزاختا ئازاپلىنىۋاتقانلىقىنى، ئۇلارنىڭ قىيا- چىيالىرىنى كۆز ئالدىڭىزغا كەلتۈرۈڭ.

«هەقىقەتەن بىز ساڭا ئېغىر سۆزلەرنى چۈشۈرىمىز». سۇرە مۇزەممىل 5- ئايەت.

مانا بۇ ئېغىر سۆز- ۋەهيىدۇر. بۇ ۋەهيى بولسا، شۇ ۋەهيىنى قوبۇل قىلالىغۇدەك ئىستىدادقا مۇهتاج. چۈنكى ئۇ ئېغىر ۋە شۇنىڭدەك بۇيرۇلما هەم توسۇلمىلاردىن ئىبارەت تەكلىپاتلاردۇر. هەم شۇنىڭدەك، بۇ تەكلىپاتلارغا ۋاپا قىلىپ ئۇلارنى ئۆز جايىدا ئادا قىلالىغۇدەك ئۆتكۈر ئىرادە ۋە كۈچلۈك ئىمانغا مۇهتاج.

شۇڭلاشقا، ئۆزىنى گۇناھ- مەسىيەتلەردىن چەكلەشنى ۋە ئۆز نەپسىنى هارام

شەھۋەتلەردىن مەنئى قىلىشنى خالايدىغان موسۇلمان بۇرادەر چوقۇم ئۆز نەپسىنى كېچىلىرى قىيامدا تورۇش، قۇرئان تىلاۋەت قىلىش، قۇرئان ئايەتلىرىدە پىكىر يۈرگۈزۈش، ئاللاھ نىڭ ئۇنى ھەر ۋاقىت كۆزىتىپ تۇرىدىغانلىقىنى ئەسلەش ۋە ئاللاھ دىن قورقۇش قاتارلىق ئىشلارغا كۆندۈرىشى لازىم.

ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:« پەرۋەردىگارىڭنىڭ نامىنى ياد ئەتكىن، ( ئىبادىتىڭدا) ئۇنىڭغا تولۇق يۈزلەنگىن» سۈرە مۇزەممىل 8- ئايەت. سەن قەلبىڭدىن بارچە دۇنيا مەشغۇلاتلىرىنى چىقىرىپ تاشلاپ، ئاللاھ تائالا نىڭ تائەت- ئىبادىتىگە يۈزلەنگىن. خۇرسەنلىكىڭ ۋە قەتئىي ئىرادەڭ ئاللاھ ئۈچۈن ۋە ئاللاھ بىلەن بولسۇن. سەن دۇنيا بىلەن، دۇنيانىڭ مەئىيشەتلىرى ۋە دۇنيانىڭ ئېزىتقۇلىرى بىلەن خوش بولۇپ كەتمە.

بۇرادەر! سىزدىن بىر سۇئال سوراپ باقاي. سىزنىڭ قەلبىڭىزدىكى ئەڭ مۇھىم نەرسە نېمە؟

قەلب ناھايىتى تىز ئۆزگىرىپ تۇرىدىغانلىقى ئۈچۈن قەلب دەپ ئاتالغان بولۇپ، ئۇ ئەتراپىدىكى شەيئىلەردىن تىز تەسىرلىنىدۇ. سىز ئاياللىرىڭىز، بالىلىرىڭىز ۋە يېقىن ــ بۇرادەرلىرىڭىزدىن تىز تەسىر قوبۇل قىلىسىز. سىز تىز تەسىرلىنىشتىن ئىبارەت سىزمچانلىقىڭىزنى ئاللاھ تەرەپكە يۈزلەندۈرۈپ كۆردىڭىزمۇ؟ مىنىڭ قەلبىم قېتىپ كەتكەن، مەن يىغلىيالمايمەن، قۇرئان ماڭا تەسىر قىلمىدى دېگەندەك گەپلەرنى قىلماڭ. قەلبىكە ياخشىلىق ئورۇنلاشتۇرۇلغان. لېكىن سىز بۇ ياخشىلىقتىن پايدىلىنالمىغان. قېنى ھەپتىدە بىر كېچە كېچە نامىزى ئوقۇپ سىناپ بېقىڭچۇ، بۇنىڭ سىزگە تەسىرىنىڭ ھەقىقەتەن چوڭ بولغانلىقىنى كۆرىسىز.

بىزنىڭ پەيغەمبىرىمىز ۋە ئۈلگىمىز بولغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام كېچىنىڭ كۆپ قىسمىنى قىيام بىلەن ئۆتكۈزەتتى. بەزىدە بۇ پەيغەمبىرىمىزگە ئېغىر كىلەتتى. بىر كۈنى ئۇممۇلمۇمىنىين خەدىيچە رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەيغەمبىرىمىزدىن : ئى ئاللاھ نىڭ پەيغەمبىرى! ئۇزۇڭگە ئىچىڭ ئاغرىمامدۇ، ئازراق ئۇخلىمامسەن؟ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا:« ئى خەدىيجە! ئۇيقۇ ۋاقتى ئۆتۈپ كەتتى» دەپ جاۋاپ بەردى.

بەزى ساھابىلەر ئاللاھ دىن قورقۇش ۋە ئاللاھ قا بولغان مۇھەببىتىنىڭ كۈچلۈكلىكىدىن بىر كېچىنى پۈتۈنلەي ناماز بىلەن ئۆتكۈزەتتى. نەتىجىدە سۈرە مۇزەممىلنىڭ ئاخىرىدا ئۇلاردىن يەڭگىللىتىش ھەققىدە تۆۋەندىكى ئايەت نازىل بولغان.« ئۇنىڭدىن ( يەنى تەھەججۇد نامىزىدىن) قولاي بولغانىنى ئوقۇڭلار» 20- ئايەت.

نېمە ئۈچۈن بىز كېچىلىرى ناماز ئوقۇش ۋە ئاللاھ قا ئىتائەت قىلىش جەھەتلەردە ساھابىلەردەك بولالمايمىز؟ يادىڭىزدا بولسۇنكى، كېچىلىر قىيامدا تورۇش، سۈرە

فۇرقاننىڭ ئاخىرىدا تىلغا ئېلىنغان، ئاللاھ نىڭ بەندىلىرىنىڭ سۈپەتلىرىنىڭ بىرى. « مەرھەمەتلىك ئاللاھ نىڭ ( ياخشى كۆرىدىغان) بەندىلىرى زىمىندا ئۆزلىرىنى تۆۋەن تۇتۇپ تەمكىنلىك بىلەن ماڭىدۇ. نادانلار ئۇلارغا ( ياقتۇرمايدىغان) سۆز قىلسا، ئۇلار :‹ سىلەرگە ئامانلىق تىلەيمىز› دەيدۇ. ( يەنى گۇناھ بولمايدىغان سۆزلەرنى دەيدۇ). ئۇلار كېچىلەرنى پەرۋەردىگارىغا سەجدە قىلىش ۋە قىيامدا تۇرۇش بىلەن ( يەنى ناماز ئوقۇش بىلەن) ئۆتكۈزىدۇ». 63ـ 64ـ ئايەت.

ساھابىلەر كېچىلەرنى ئاللاھ قا سەجدە قىلىش ۋە قىيامدا تۇرۇش بىلەن ئۆتكۈزىدىكەن، سىز كېچىلەرنى قانداق ئۆتكۈزىۋاتىسىز؟ تېلېۋىزورنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپمۇ؟ كېچىلىك تۇنەكخانىلاردىمۇ؟ ۋە ياكى يامان دوستلىرىڭىز بىلەنمۇ؟. بەزى ئادەملەر پۈتۈن كېچىنى تېلېۋىزورنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزۈپ، مۇئەززىن بامداتقا ئەزان ئېيتاي دېگەندە يوتقانغا چۈمكىنىپ، ئۇيقۇغا غەرق بولىدۇ. ئۇلار گۇناھـ مەسىيەت، ئويۇنـ تاماشالار ئۇچۈن ئۆزلىرى بىلەن كۈرەش قىلىدۇـيۇ، ئاللاھ قا ئىتائەت قىلىشقا تىرىشچانلىق كۆرسەتمەيدۇ.

ئاللاھ سۈرە سەجدىدە مۆمىنلەر ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ:« بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزگە ھەقىقەتەن شۇنداق كىشىلەر ئىمان ئېيتىدۇكى، ئۇلارغا شۇ ئايەتلەر بىلەن ۋەزـ نەسىھەت قىلىنسا ( ئاللاھ نىڭ ئايەتلىرىنى ئۇلۇغلاش يۈزىسىدىن ) ئاللاھ غا سەجدە قىلغان ھالەتلەردە يىقىلىدۇ. پەرۋەردىگارىغا تەسبىھ ئېيتىدۇ. ئۇلار ( پەرۋەردىگارىنىڭ تائەتـ ئىبادىتىدىن) چوڭچىلىق قىلىپ باش تارتمايدۇ. ئۇلارنىڭ يانلىرى ئورۇنـ كۆرپىدىن يىراق بولىدۇ( يەنى ئۇلار كېچىسى ئىبادەت قىلىپ، ئاز ئۇخلايدۇ). ئۇلار پەرۋەردىگارىنىڭ ( ئازابىدىن قورقۇپ، ( رەھمىتىنى) ئۈمىد قىلىپ، ئۇنىڭغا دۇئا قىلىدۇ. ئۇلارغا رىزىق قىلىپ بەرگەن نەرسىلەردىن ( ياخشىلىق يوللىرىغا) سەرىپ قىلىدۇ» 15ـ16ـ ئايەتلەر.

ئۇلارنىڭ يانلىرى ئورۇنـ كۆرپىدىن يىراق بولىدۇ دېگەنلىك، ئۇلار ئۇخلاۋېرىشكە سەۋر قىلالمايدۇ، يۇمشاق كۆرپە ۋە راھەتنى يامان كۆرىدۇ، خۇددى ئۇلار بىلەن كۆرپىلىرى ئوتتۇرىسىدا قوپال مۇناسىۋەت ۋە جېدەلـ ماجرا باردەك، ئۆزلىرىنى مەرھەمەتلىك ئاللاھ بىلەن پىچىرلىشىپ مۇڭدىشىشتىن توختىتىۋالالمايدۇ دېگەنلىكتۇر. ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، كېچىلىرى قىيامدا تورۇش ۋە پەرۋەردىگارىغا مۇناجات قىلىشنىڭ ھوزۇرـ ھالاۋىتىنى تېتىپ باقمىغان ئادەمـ ھەقىقى مىسكىندۇر.

ئاللاھ ئۇلارغا بېرىدىغان مۇكاپات ۋە ساۋاپ ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ:« ئۇلارنىڭ قىلغان ئەمەللىرىگە مۇكاپات يۈزىسىدىن ئاللاھ نىڭ ھوزۇرىدا ساقلانغان ۋە ئۇلارنى خۇشال قىلىدىغان كاتتا نېمەتنى ھېچكىم بىلمەيدۇ» سۈرە سەجدە 17ـ ئايەت.

ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ تائەتـ ئىبادىتىنى يوشۇردى. ئاللاھ مۇ ئۇلارغا بېرىدىغان كاتتا

ساۋاپ ۋە ئۇلارنى خۇشال قىلىدىغان كاتتا نېمەتلىرنى يوشۇردى. ئەمەلىيەتتەمۇكاپات ۋە جازا شۇ ئىشنىڭ قانداقلىقىغا قاراپ بولىدۇ.

ئەي بۇرادەرلەر! قاراپ بېقىڭ موسۇلمانلارنىڭ سانىغا! يەنە قاراپ بېقىڭ، كېچىلىرى قىيامدا تورىدىغانلارغا! ئۇلار نېمە دېگەن ئاز- ھە!؟

ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:« شۈبھىسىزكى، تەقۋادارلار جەننەتلەردە ۋە ( ئېقىپ تۇرغان)بولاقلارنىڭ ئارىسىدا بولىدۇ. ئۇلار پەرۋەردىگارى ئاتا قىلغان نەرسىلەرنى قوبۇل قىلىدۇ. ئۇلار ئۇنىڭدىن ئىلگىرى (يەنى دۇنيادىكى چاغدا) ياخشى ئىش قىلغۇچىلاردىن ئىدى. ئۇلار كېچىسى ئاز ئۇخلايتتى. ئۇلار سەھەرلەردە ( پەرۋەردىگارىدىن)مەغپىرەت تىلەيتتى» سۈرە زارىيات 15-18- ئايەتلەر.

سەھەر ۋاقتى دېگىنىمىز بامدات ۋاقتىدىن يېرىم سائەت ئىلگىرىكى چاغ بولۇپ، بۇ ۋاقىتنى مەرھەمەتلىك ئاللاھ نىڭ مۆمىن بەندىلىرى ھەرگىزمۇ ئۇيۇن- تاماشا، ئۇيقۇ بىلەن ئەمەس، بەلكى ئاللاھ دىن گۇناھلىرىنىڭ مەغپىرەت قىلىنىشىنى تىلەش بىلەن ئۆتكۈزىدۇ.

ئاللاھ تائالا پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا مۇنداق ئەمر قىلىدۇ :« ساڭا نەپلە ( ئىبادەت) بولىشى ئۈچۈن، كېچىنىڭ بىر قىسمىدا ( ناماز ئوقۇشقا، قۇرئان تىلاۋەت قىلىشقا) ئويغانغىن، (ئى مۇھەممەد !) پەرۋەردىگارىڭنىڭ سېنى مەدھىيىلىنىدىغان ئورۇنغا ( يەنى بۈيۈك شاپائەت ماقامىغا) تۇرغۇزۇشى مۇھەققەقتۇر». سۈرە ئىسرا 79- ئايەت

ئاللاھ تائالا ئۆز پەيغەمبىرىگە كېچىسى قىيامدا تورۇش ۋە قۇرئان تىلاۋەت قىلىشقا بويرۇپ، بۇنى ئۇنىڭ قىيامەت كۈنىدىكى بۈيۈك شاپائەت ماقامى بولغان مەدھىيىلىنىدىغان ئورۇنغا ئېرىشىشىنىڭ سەۋەبلىرىدىن بىر سەۋەب ئىكەنلىكىنى، يەنە ئۇنىڭغا ۋەسىلەبولۇشتىن ئىبارەت جەننەتتىكى ئەڭ ئالىي مەنزىلنى ئېھسان قىلىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ بەرگەن. مەلۇمكى، كېچىدە ئورنىدىن تورۇپ ناماز ئوقۇيدىغان ئادەم بىلەن كېچىسى ناماز ئوقۇمايدىغان ئادەم باراۋەر ئەمەس. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:« ( ئاللاھ قا شېرىك كەلتۈرگەن ئادەم ياخشىمۇ؟ ) ياكى ئاخىرەت ئازابىدىن قورقۇپ، پەرۋەردىگارىنىڭ رەھمىتىنى ئۈمىد قىلىپ، كېچىنىڭ سائەتلىرىنى سەجدە قىلغان ۋە قىيامدا تۇرغان ھالەتتە ئىباەت قىلىپ ئۆتكۈزگەن ئادەم ( ياخشىمۇ؟) ئېيتقىنكى، ‹ بىلىدىغانلار بىلەن بىلمەيدىغانلار باراۋەر بولامدۇ؟› پەقەت ساغلام ئەقىل ئىگىلىرىلا ئىبرەت ئالىدۇ» سۈرە زۇمەت 9- ئايەت

سەمىڭىزدە بولسۇنكى ھاياتى دۇنيادا بىر جەننەت، شۇنداقلا ئاخىرەتتە بىر جەننەت بار. دۇنيانىڭ جەننىتى بولسا كېچىسى قىيامدا تورۇپ، ناھايىتى شەپقەتلىك زات ئاللاھ بىلەن مۇڭدىششتۇر. بەلكى كېچىدە ئوقۇلغان ئىككى رەكئەت

ناماز دۇنيا ۋە دۇنيادىكى بارچە شەيئىدىن ياخشىدۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« بەندىنىڭ كېچىدە ئاللاھ رازىلىقىنى ئىزلەپ ئوقۇغان ئىككى رەكئەت نامىزى دۇنيا ۋە دۇنيادىكى نەرسىلەردىن ياخشىدۇر» زۇبەيدى « ئىتھاف سادەتىلمۇتتەقىين» دېگەن كىتاۋىنىڭ 5- توم 185- نومۇرلۇق ھەدىستە تىلغا ئالغان. ھىندى « كەنزۇل ئۇممال« دېگەن كىتاۋىدا رىۋايەت قىلغان21426، 21435- نومۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:«كېچىنىڭ ئاخىرقى ئۈچتىن بىر ۋاقتى قالغاندا پەرۋەردىگارىمىز زېمىن ئاسمىنىغا چۈشۈپ، تاڭ ئاتقانغا قەدەر : ماڭا دۇئا قىلىدىغانلار بارمۇ؟ مەن ئۇلارنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىمەن؛ مەندىن ھاجىتىنى تىلەيدىغانلار بار؟ مەن ئۇلارنىڭ ھاجىتىدىن چىقىمەن؛ مەندىن گۇنالىرىنى كەچۈرۈم قىلىشىمنى سورايدىغانلار بارمۇ؟مەن ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنى كۆچۈرىمەن دەيدۇ» بۇخارى 1145؛ مۇسلىم 1769؛ ئىمام ئەھمەد 2- توم 282- نومۇر.

پەرۋەردىگارىمىز ئاللاھ ئۆزىنىڭ ئەرشىدىن چۈشۈپ: ئى بەندەم ! دەۋاتسا ئۇيقۇغا غەرىق بولۇپ ياتسىڭىز توغرا بولامدۇ؟! ئۆيىڭىزگە بامداتتىن ئىلگىرى بىرەر مېھمان كىلىپ قالسا، دەرھال ئورنىڭىزدىن تورۇپ، ئۇنى ھۆرمەت قىلمامسىز؟ قولىڭىزدىن كىلىشچە ئۇنى رازى قىلىشقا تىرىشمامسىز؟ ئەجىبا، ئاللاھ ئەرىشدىن سىز تەرەپكە چۈشۈپ كەلسە، سىز ئۇخلاۋاتسىڭىز، بۇنىڭغا نىمە دېگۈلۈك!!..

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« كېچىدە بىر ۋاقىت بار بولۇپ، موسۇلمان كىشىنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ ياخشىلىقلىرىدىن ئىلتىجا قىلىپ تىلىگەن دۇئاسى شۇ ۋاقىتقا توغرا كەلسە، ئاللاھ ئۇنىڭغا تىلىگەن نەرسىسىنى بېرىدۇ، بۇ ھەر كېچىسى شۇنداق» مۇسلىم 1767؛ ئىمام ئەھمەد 3- توم 313- نومۇر.

جىبرائىل ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كىلىپ مۇنداق دېگەن:« ئى مۇھەممەد ! بىلگىنكى مۆمىن كىشىنىڭ شەرىپى- كېچىسى ئوقىغان نامىزىدا، ئۇنىڭ ئەزىزلىكى- باشقىلاردىن بىھاجەت بولغانلىقىدا».

**پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كېچە نامىزىدىن نەمۇنىلەر**

رىۋايەت قىلىنىشچە، بىر ئاەم ئۇممۇلمۆمىنىين ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ يېنىغا كىلىپ: ماڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىشلىرىدىن سېنى ئەڭ ئەجەبلەندۇرگەن ئىشنى سۆزلەپ بەرگەن بولساڭ دېدى. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئۇ كىشىگە ئېيتتى: ئۇنىڭ قايسى بىر ئىشى كىشىنى ئەجەبلەندۇرمىسۇن؟! بىر كۈنى كەچتە ئۇ مىنىڭ يېنىمغا كىلىپ، مەن بىلەن بىرگە ياتتى. ئۇنىڭ بەدىنى شۇنداقلا مىنىڭ بەدىنىمگە تىگىۋىدى، ئۇ :« ئى ئائىشە! مېنى رەببىمگە بىر سائەت ئىبادەت قىلغىلى قويغان بولساڭ» دېدى. مەن ئۇنىڭغا : ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەن سىنىڭ

ماڭا يېقىنلىشىشىڭنى شۇنداق ياقتۇراتتىم، لېكىن سىنىڭ ھەۋىسىڭنى ئۆزەم ياخشى كۆرگەن ئىشتىن ئەلا بىلمەن دېدىم. ( دىققەت قىلىڭ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كېچىدىكى ھەۋىسى قىيامدا تورۇش ئىكەن. سىز بۇنىڭدىن گۈزەلراق بىر ئىشنى كۆرگەنمىدىڭىز؟- ئاپتۇر). شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئورنىدىن تورۇپ، ناماز ئوقۇشقا باشلىدى. ناماز ئوقۇپ يىغلىدى. يىغلاپ ھەتتا ئۇنىڭ كۆكرەكلىرىمۇ ياشتىن ھۆل بولۇپ كەتتى. ( يەنە دىققەت، يىغىدىن ئۇنىڭ ساقاللىرىلا ئەمەس، كۆكرەكلىرىمۇ ھۆل بولۇپ كەتتى). ئاندىن ئۇ روكۇغا باردى. روكۇدىمۇ يىغلىدى. ئاندىن سەجدە قىلدى. سەجدىدىمۇ يىغلىدى. ئۇ بامدات ۋاقتىغىچە موشۇ تەرىزدە ناماز ئوقۇدى.بۇ چاغدا بىلال بامدات نامىزىغا ئەزان ئېيتقىلى كەلدى. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يىغلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ: ئى ئاللاھ نىڭ پەيغەمبىرى! نېمىگە يىغلاۋاتىسەن؟ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى:« ئى بىلال ! مەن نېمىشقا يىغلىماي، چۈنكى بۈگۈن كېچە ماڭا مۇنۇ ئايەت نازىل بولدى:‹ شۈبھىسىزكى، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ يارىتىلىشىدا، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ نۆۋەتلىشىپ تۇرۇشىدا ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن، ئەلۋەتتە، رۇشەن دەلىللەر بار، ئۇلار ئۆرە تۇرغاندىمۇ، ئولتۇرغاندىمۇ، ياتقاندىمۇ ئاللاھ نى ئەسلەپ تۇرىدۇ. ئاسمانلار ۋە زېمىننىڭ يارىتىلىشى توغرىسىدا پىكىر يۈرگۈزىدۇ، ( ئۇلار ئېيتىدۇ): پەرۋەردىگارىمىز ! بۇنى بىكار ياراتمىدىڭ، سەن پاكتۇرسەن، بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن › (سۈرە ئال ئىمران). پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ: بۇ ئايەتلەرنى ئۇقۇغان ۋە بۇ ئايەتلەردە پىكىر يۈرگۈزمىگەن ئادەملەرگە ۋاي! » دېدى. سۈيۈتى « دۇرۇل مەنسۇر» 2- توم 111- نومۇر؛ زۇبەيدى 10- توم 163- نومۇر.

ئابدۇللا ئىبنى مەسئۇد مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كىلىپ، ئۇنىڭ بىلەن يالغۇز ناماز ئوقۇشقا باشلىدىم. ئۇ سۈرە بەقەرەنى تىلاۋەت قىلىشقا باشلىدى. مەن ئۆز- ئۆزەمگە: (ئۇ) 100 ئايەت ئوقۇپ بولۇپ توختايدىغۇ دېدىم. ئۇ بۇ سۈرىنى تۈگىتىپ، سۈرە ئال ئىمراننى تىلاۋەت قىلىشقا باشلىدى. مەن يەنە ئۆز- ئۆزەمگە: 100 ئايەتتىن كېيىن روكۇ قىلىمىزغۇ دېدىم. ئۇ بۇ سۈرىنىمۇ تولۇق ئوقۇپ بولۇپ، سۈرە نىسانى تىلاۋەت قىلىشقا باشلىدى. مەن : بۇ قېتىمغۇ 100 ئايەتتىن كېيىن روكۇغا بارىمىز دېدىم. ئۇ سۈرە نىسانىمۇ تولۇق تۈگەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەسبىھ ئايىتىنى ئوقىسا، تەسبىھ ئېيتاتتى. دۇئا ئايىتىنى ئوقىسا، دۇئا قىلاتتى. پاناھلىق ئايەتلىرىنى ئوقىسا، ئاللاھ دىن پاناھلىق تىلەيتتى. ئاندىن روكۇ قىلدۇق. روكۇدىمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىيامدا تۇرغانچىلىك تۇردى. ئاندىن سەجدە قىلدۇق، سەجدىمۇ روكۇدەك ئوزۇن داۋاملاشتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ نامازدىن ۋە ئاللاھ بىلەن مۇڭدىشىشتىن نەقەدەر

لەززەت ئالىدىغانلىقى شەكسىز. ئۇنداق بولمىسا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تاپانلىرى ئىششىپ، ئاندىن پاچاقلىرى ئىششىپ، ئاخىرىدا تاپانلىرى يېرىلىپ كەتكەنگە قەدەر نامازغا تۇرمىغان بولاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا : سېنىڭ ئىلگىرى ۋە كېيىنكى گۇناھلىرىنىڭ مەغپىرەت قىلىنغان تۇرسا، يەنە نېمە ئانچە قىلىپ كېتىسەن؟ دېيىلگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جاۋابەن: « مەن شۈكۈر ئېيتقۇچى بەندە بولمايمەنمۇ؟» دېگەن. بۇخارى 1130- نومۇر؛ مۇسلىم 7055- نومۇر، ئىمام ئەھمەد4- توم 251- نومۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كېچىلىرى نامازغا تۇرغاندا، بىر پۇتىغا تايىنىپ يەنە بىر پۇتىنى بوشراق قويۇۋېتىپ، تايانغان پۇتى تېلىپ قالغاندا بوش قويۇۋەتكەن پۇتىغا تايىنىپ تۇرۇپ ناماز ئوقۇيتتى.

بۇخارى مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆمرىدە بىر ياكى ئىككى كېچە ناماز ئوقۇيالمىغانلىقىدىن شىكايەت قىلغان. 1124- نومۇر.

مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىز ھازىر قىلىۋاتقاندەك، ساھابىلەرنى توپتوپلاپ، ئۇنىڭغا كېچىدە ناماز ئوقۇشنى تەۋسىيە قىلىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلالمايمەن. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى كېچىدە ناماز ئوقۇشنى ۋە كېچە نامىزىنىڭ ھوزۇرىنى سۈرۈشكە قىزىقتۇرۇپ قويغان خالاس. ساھابىلەر ئۆزلىرىنى كېچە نامىزى ئوقۇشقا دەۋەت قىلغان ۋە ئۇنى تەرغىپ قىلىدىغان دەۋەتچىلەرگە ئانچە مۇھتاج بولۇپ كەتمىگەن.

**ساھابە ۋە تابىئىنلارنىڭ كېچە نامىزىدىن نەمۇنىلەر:**

ئابدۇللا ئىبنى ئەمرۇ ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: ماڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى« ئى ئابدۇللا ! پالانچى كىشىگە ئوخشاش بولمىغىن، ئۇ بىر كېچىسى ناماز ئوقۇپ، يەنە بىر كېچىسى ئۇخلايدۇ» بۇخارى 1152؛ مۇسلىم 2725؛ ئىمام ئەھمەد 2- توم 170- نومۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ساھابىنى كېچە نامىزى ئوقۇشقا رىغبەتلەندۈرگەنلىكى ۋە ئۇنى تەرك قىلىشتىن ئاگاھلاندۇرغانلىقىغا قاراڭ. چۈنكى ئوقۇپ- ئوقىماي قىلغانغا ئوخشاش يەنە بىر مەھرۇملۇق يوق.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئابدۇللا ئىبنى ئۆمەر ھەققىدەمۇنداق دېگەن:« ئابدۇللا نېمە دېگەن ياخشى ئادەم-ھە!، ئەگەر ئۇ كېچىسى ناماز ئوقۇيدىغان كىشى بولسا» بۇخارى121-122؛ مۇسلىم6320؛ ئىمام ئەھمەد 2-توم 146- نومۇر.

ئابدۇللا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۆمرىدە كېچىسى ناماز ئوقۇشنى تەرك قىلىپ باقمىغان. كېچىلىرى ئاز ئۇخلىغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سىزگە غەزەبلىنىشنى ياخشى كۆرەمسىز ياكى شۇنىڭغا

رازىمۇسىز؟!

رىۋايەت قىلىنىشچە، بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن پاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھانى يوقلىغاچ، ئۇلارغا نەسىھەت قىلىش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئۆيىگە كېچىسى بارغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ ئىشىكىنى قاققان. ئۇلار ئۇخلاۋاتقان ئىكەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: «سىلەر ئىككىڭلار كېچىسى ناماز ئوقىمامسىلەر؟» دېگەن. بۇخارى 1127؛ مۇسلىم 1815؛ ئىمام ئەھمەد 1- توم 91- نومۇر.

بىر كۈنى كېچىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئويغىنىپ قارىسا ئاياللىرى ئۇخلاۋاتقان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا قاراپ:« بۇ ئاياللارنى كىم ئويغىتىدۇ؟ بۇ ئاياللارنى ئۇلارنىڭ ئاللاھ قا ئىبادەت قىلىشى ئۈچۈن، ئۇيقۇسىدىن كىم ئويغىتىدۇ؟ دېگەن. ئۇ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، تەرغىپ ۋە تەرھىب تەرىزىسدە : بەلكىم دۇنيادا كىيىم كىيىۋالغان بىر ئايال، قىيامەت كۈنى يالىڭاچ قېلىشى مۇمكىن» دېگەن. بۇخارى 5844- نومۇر.

بۇ ھەدىس ھەققىدە ئويلىنىپ بېقىڭ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆز ئاياللىرىنىڭ ئورۇنلىرىدىن تورۇپ، ئۇلارنىڭ ناماز ئوقۇشىغا قانداق ھېرىس- ھە! قېنى سىزمۇ ئايالىڭىزنى ياكى ئاچا- سىڭىللىرىڭىزنى ۋە ياكى ئانىڭىزنى ئويغاتامسىز؟ كىمكى بىر ئادەمنى ھىدايەتكە چاقىرسا، ئۇ كىشىگە ئۇنىڭغا ئەگەشكەن كىشلەرنىڭ مىقدارىچە، ئۇلارنىڭ ئەجرىدىن ھېچ نەرسە كېمەيتىلمەستىن ئوخشاش ئەجىر ساۋاپ بېرىلىدۇ.

بىر قېتىملىق غازاتتا يۈز بەرگەن بىر ئىش ساھابىلەرنىڭ كېچە نامىزىغا قانداق بېرىلىپ كېتىدىغانلىقى ۋە كېچە نامىزىغا بولغان مۇھەببىتىنىڭ نەقەدەر چوڭقۇرلىقىنى، پەرۋەردىگارىغا مۇناجات قىلىش ۋە پەرۋەردىگارىغا يېقىنلىشىش ھوزۇرىنى قانداق سۈرىدىغانلىقىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدۇ.

بىرقېتىملىق غازاتتا ئۇبباد ئىبنى بەشىرمۇسۇلمانلارنى كۆزۈتۈشكە قويۇلدى.ئۇ كۈزەتتە تۇرغاچ ناماز ئوقۇشقا باشلىدى. دۈشمەن تەرەپتىن بىر ئادەم كېلىپ، ئۇنىڭغا ئوقيا بىلەن ئوق ئاتتى. ئوق ئۇنىڭ مۈرىسىگە تەگدى. لېكىن ئۇ، بىز يۇقۇردا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئاللاھ قا يېقىنلىششنىڭ لەززىتى ۋە ئاللاھ بىلەن مۇڭدىششنىڭ ھالاۋىتىگە بېرىلىپ كەتكەن ئىدى. ئۇ مۈرىسىدىكى ئوقنى ئېلىۋېتىپ، نامازنى داۋاملاشتۇرىۋەردى. ئۇنىڭ جاراھەتلەنگەنلىكىگە، مۈرىسىدىن قان ئېقىۋاتقانلىقىغا ۋە ئوق تەككەن يەرنىڭ ئاغرىقىغا پەرۋا قىلماي كەتمىدى. ھېلىقى كاپىر ئۇنىڭغا يەنە ئوق ئاتتى. ئوق يەنە ئۇنىڭ مۈرىسىگە تەگدى. ئۇ ئوقنى ئېلىۋېتىپ، نامىزىنى داۋاملاشتۇرىۋەردى. ئۇ كاپىر ئۈچىنچى قېتىم ئوق ئاتتى. ئوق يەنىلا ئۇنىڭ مۈرىسىگە

تەگدى. ( قايسى بىرىمىز بارمىقدىكى كىچىككىنە بىر جاراھەت ۋە ياكى بەدىنىدىكى ئادەتتىكىچە ئاغرىق تۈپەيلى پەرىز نامازدا تۇرۇپمۇ، نامازنى بۇزمايدۇ ياكى نامازدىكى خۇشۇئقا تەسىر يەتكۈزمەيدۇ دەيسىز؟ ئۇبباد دېگەن بۇ ئىسىم ئابىد دېگەن ئىسىمنىڭ ئاشۇرما دەرىجىسى بولۇپ ناھايىتى كۆپ ئىبادەت قىلغۇچى دېگەن مەنىدە. مانا بۇ ئادەم ھەقىقەتەن ئىسمى- جىسمىغا لايىق ئۇبباد ــ كۆپ ئىبادەت قىلغۇچى- ئىكەن. ئەگەر ئۇ ئۇنداق بولمىغان بولسا، ئۇ ئاللاھ نىڭ ئالدىدا ــ يەنى نامازدا تورۇۋېتىپ بۇ ئىشلارغا بەرداشلىق بەرمىگەن ۋە سەۋر قىلمىغان بولاتتى. ئەگەر ئۇ نامىزىنى توختاتقان بولسا، ئەلۋەتتە، ئاللاھ ئۇنى ئۆز پەزلى بىلەن ئەپۇ قىلغان بۇلار ئىدى). ئاندىن ئۇ روكۇغا باردى. روكۇدىن تۇرۇپ سەجدىگە باش قويدى. ئاندىن سالام بەردى. سالام بېرىپ بولۇپ، ئۆز نۆۋىتىنى ئېلىشى ئۈچۈن ھەمراھىنى ئويغاتتى. ئۇنىڭ ھەمراھىنى ئويغىتىشى پەقەتلا ئۇنىڭ ئۆز نۆۋىتىدە كۆزەتچىلىكتە تورۇشى ئۈچۈن ئىدى. ھەرگىزمۇ ھەمراھىغا يۈز بەرگەن ئىشلاردىن شىكايەت قىلىش ئۈچۈن ئەمەس ئىدى. ئۇببادنىڭ ھەمراھى ئۇنىڭدىن :نېمىشقا مېنى ساڭا بىرىنچى قېتىم ئوق تەككەن ۋاقتتا ئويغاتمىدىڭ؟ دەپ سورىغاندا، ئۇ : مەن شۇ چاغدا بىر سۈرىنى ئوقۇۋاتقان بولۇپ، ئۇنى ئوتتۇرىدىن ئۈزۈپ قويۇشنى ياقتۇرمىدىم، چۈنكى ماڭا نىسبەتەن ئىككى رەكئەت نامازنى تولۇق ئوقۇش، جېنىمدىن ئايرىلىشتىن ياخشىراق ئىدى دەپ جاۋاپ بەرگەن.

بەلكىم سىز ھەيران قېلىۋاتقان بولىشىڭىز مۇمكىن. ئەمما، ئەمەلىيەت شۇكى بىر ئاي كىچىدە ناماز ئوقۇشنىڭ لەززىتىنى ۋە راھىتىنى تېتىپ باققان ئادەم ئۇبباد ئىبنى بەشىرنىڭ سۆزىنى چۈشىنەلەيدۇ.

ئەمىرۇلمۇئمىنىن ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يۈزىدە كۆپ ياش تۆكۈشتىن ھاسىل بولاغان ئىككى قارا سىزىق بار ئىدى. ئۇ كېچىلىرى ئورنىدىن تورۇپ ئۆيىدىكىلەرنى ئويغىتاتتى. ئۇ ئاللاھ تائالانىڭ مونۇ سۆزىنى دائىم تەكرارلايتتى. :« (ئى مۇھەممەد!) ئائىلەڭدىكىلەرنى نامازغا بۇيرۇغىن، ئۆزەڭمۇ ئۇنى ئادا قىلىشقا چىداملىق بولغىن» سۈرە تاھا ــ ئايەت. بىر كۈنى كېچىسى ئۇ سۈرە تۇرنى ئوقۇۋېتىپ « پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئازابى چوقۇم يۈز بېرىدۇ، ئۇنىڭغا ھېچ ئادەم قارشى تۇرالمايدۇ» دېگەن ئايەتكە كەلگەندە، كېسەل بولۇپ يېقىلغان. ساھابىلەر ئۇنى بىر ئايغىچە يوقلاپ تۇرغان بولسىمۇ، ئۇنىڭغا نېمە كېسەل تەككەنلىكىنى بىلەلمىگەن.

ئابدۇللا ئىبنى مەسئۇد كۆزلەر يۇمۇلۇپ، كېچە قاراڭغۇ پەردىسىنى ياپقاندا نامازغا تۇراتتى. ئۇ ناماز ئوقۇۋاتقاندا ئۇنىڭدىن ھەسەل ھەرىسى غۇڭۇلدىغاندەك غۇڭۇلدىغان ئاۋاز چىقاتتى.

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كېچىنى ئۈچكە بۆلەتتى. بىرىنچى بۆلىكىدە

ئۆزى نامازغا تۇراتتى. ئىككىنچى بۆلىكىدە ئايالىنى ئويغىتاتتى. ئاندىن ئايالى نامازغا تۇراتتى. ئۈچىنچى بۆلىكىدە ئانا يالغۇز قىزىنى ئويغىتاتتى. ئاندىن قىزى نامازغا تۇراتتى. !! ( ئاللاھ ! نېمە دېگەن گۈزەل كۆرۈنۈش-ھە!، بىر ئۆيدىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئاسمان ۋە زېمىننىڭ پەرۋەردىگارىغا ئىتائەت قىلىشاتتى، كېچە نامىزى ئوقۇشاتتان ۋە رەببىگە قۇلچىلىق قىلىشاتتان!!سىز بۇنىڭدىن ياخشىراق بىر ئىشنى كۆرگەنمۇ، ئاڭلاپ باققانمۇ ياكى تەسەۋۋۇر قىلىپ باققانمۇ؟ ). ئەنەس ئايالى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، كېچىنى ئىككى بۆلەككە بۆلۈپ، دەسلەپكى يېرىمىدا ئۆزى، كېيىنكى يېرىمىدا قىزى ناماز ئوقىغان. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋاپات بولۇپ كەتكەندىن كېيىن بۇ يالغۇز قىز يۇتۇن كېچە ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھ ئۈچۈن ناماز ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرغان.

ئۇلار نەدە؟بىز نەدە؟بىز-ئاللاھ پاناھلىق بەرسۇن- دۇنيا ئەھلىگە ئايلىنىپ كەتتۇق، ئاخىرەتنى ئۇنتۇپ قالدۇق.

تابىئىنلارنىڭ بىرى مۇنداق دېگەن: مەن بىر يىل كېچىدە ناماز ئوقۇشنى داۋاملاشتۇردۇم. بۇنىڭ بىلەن 20 يىللىق راھەتنىڭ ھوزۇرىنى سۈردۇم.

تابىئىنلاردىن بىرەيلەن قولىنى كۆرپىسىگە قويۇپ، ئۇنى سىلايتتى ۋە : ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، سەن يۇمشاق، لېكىن جەننەتتە سېنىڭدىن يۇمشاق كۆرپىلەر بار دەيتتى.

تابىئىنلاردىن يەنە بىرەيلەن كېچىلىرى ئاللاھقا قۇلچىلىق قىلىپ، ئىنتايىن ھېرىپ- چارچىغان ھالەتتە كۆرپىسىگە قارايتتى. ئاندىن: جەھەننەم ئوتى ئابىدنىڭ ئۇيقۇسىنى قاچۇردى دەيتتى.

ئەلىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئوغلى ھەسەن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيتتى: كېچىلىر ناماز ئوقۇپ، كۈندۇزلىرى روزا تۇتۇشقا قادىر بولالمىساڭ، ئاگاھ بولغىنكى، سەن ياخشىلىقلاردىن مەھرۇم قېلىۋېتىپسەن، ھەددىدىن زىيادە گۇناھ- مەسىيەتلەر سېنى كىشەنلىۋاپتۇ.

ھەسەن بەسەرىنىڭ بىر دېدىكى بار بولۇپ، بىر كۈنى ھەسەن بەسەرى ئۇنى سېتىۋېتىپتۇ. كېچە بولغاندا بۇ دېدەك :ئىي خانىدان ئەھلى ! ناماز، ناماز دەپ توۋلاشقا باشلاپتۇ. ئۇلار ئۇنىڭغا : بامدات ۋاقتى بولدىمۇ؟ دەپتۇ. ئۇ ئۇلاردىن : سىلەر پەرىز نامازدىن باشقا نامازلارنى ئوقىمامسىلەر؟ دەپ سوراپتۇ. ئۇلار: ھەئە دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. ئۇ ھەسەن بەسەرىنىڭ يېنىغا قايتىپ كېلىپ ئۇنىڭغا: ئى خوجام! مېنى قايتۇرۋالسىلا، مېنى سېتىۋالغان ئۇ كىشىلەر بەش ۋاقىت نامازدىن باشقىنى ئوقىمايدىغان كىشىلەر ئىكەن دەپتۇ.

تابىئىنلاردىن بىرى مۇنداق دەيدۇ: مەن چۈشۈمدە بىر ساھىپجامالنى كۆردۈم. مەن

ئۇنىڭدىن : سەن كىم بولىسەن؟ دەپ سورىسام، ئۇ: مەن جەننەتتىكى ھۆرۈلئەيىنلەرنىڭ بىرى بولىمەن دېدى. مەن ئۇنىڭغا : نىكاھىمغا ئۆتەمسەن؟ دېسەم، ئۇ: سەن ئىگەمدىن سورىغىن دېدى. مەن ئۇنىڭغا : تويلۇقىڭغا نېمە ئالىمەن ؟د ېسەم، ئۇ: كېچىسى قىيامدا تۇرۇش( ناماز ئوقۇش) دېدى.

ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: دۇنيا ھالاۋىتى ئىچىدە كېچىسى نامازئوقۇش، بۇرادەرلەر بىلەن ئۇچرىشىش ۋە جامائەت نامىزىدىن ئىبارەت ئۈچ ئىشتىن باشقا نەرسە قالمىدى.

فۇزەيل ئىبنى ئىياز مۇنداق دەيدۇ: قۇياش مەغرىبكە يېقىنلاشقاندا، كېچىنىڭ كەلگەنلىكىدىن خۇرسەنلىكتە چۈمىمەن. شۇنىڭ ئۈچۈنكى ئادەملەر ئۇخلايدۇ، ئەمما مەن ئاللاھ تائالا بىلەن خالىي قالىمەن.

مەنسۇر ئىبنى مۇئتەمىد ئۆگزىسىدە ناماز ئوقۇيتتى. ئۇ كېچىسى ئۆگزىسىدە خورما دەرىخىنىڭ غولىغا ئوخشاش كۆرۈنەتتى. مەنسۇر ۋاپات بولۇپ كەتكەندە، قوشنىسىنىڭ ئوغلى ئانىسىغا: ئانا! مەنسۇرنىڭ ئۆگزىسىدىكى خورما دەرىخى يوق بولۇپ كەتتىغۇ دېگەندە، ئانىسى ئۇنىڭغا: بالام! ئۇ خورما دەرىخى ئەمەس، بەلكى مەنسۇر ئىدى دېگەن.

تابىئىنلارنىڭ بىرىنىڭ يېنىغا بىر ئادەم يىغلىغان ھالەتتە كىرگەن ئىدى. ئۇ بۇ كىشىدىن:بىرەر يېرىڭ ئاغرىۋاتامدۇ؟دەپ سورىدى. ئۇ كىشى:يىغلىشىمنىڭ سەۋەبىئۇنىڭدىنمۇ قاتتىقراقتۇر دېدى. ئۇ ئۇنىڭدىن :ئۆيىڭدىكىلەردىن بىرەرسى ئۆلۈپ كەتتىمۇ؟ دەپ سورىدى. ئۇ : ياق دەپ جاۋاپ بەردى. ئۇ تېخىمۇ ھەيران بولغان ھالدا ئۇنىڭدىن: مال- دۇنيايىڭنى ئوغرى ئالدىمۇ؟دەپ سورىدى. ئۇ :ئۇنىڭدىنمۇ قاتتىقراق دېدى. ئۇ : بۇ زادى قانداق ئىش ؟ دېگەندە، ئۇ ئادەم : كېچىدىن قاتتىق ئۇخلاپ كېتىپ، ناماز ئوقۇيالمىدىم دەپ جاۋاپ بەرگەن.

تابىئىنلاردىن بىرى قىرىق يىلدىن بىرى تاڭ ئېتىپ قېلىشتىن ئەنسىرگەندەك، ھېچ بىر نەرسىدىن ئەنسىرەپ باقمىدىم دېگەندە، باشقىلار ئۇنىڭدىن سورىدى: ئەي بۇرادەر! نېمە ئۈچۈن؟. ئۇ جاۋاب بېرىپ: ھەر كۈنى كېچە نامىزىمنى ئوقۇپ بولالماي، قۇرئان تىلاۋەت قىلىشتىن ئىبارەت تەشنالىقىمنى قاندۇرالماي تورۇپلا تاڭ ئېتىپ قالىدۇ.`

كىمكى رامزان ئېيىنىڭ ئاخىرقى ئون كۈنىدە ئېتىكاپقا كىرسە ياكى كېچە نامىزى بىلەن مەشغۇل بولسا، رەببىگە ئىبادەت ۋە ئېتائەت قىلىشنىڭ لەززىتىنى ھىس قىلىدۇ.

تابىئىنلارنىڭ بىرى مۇنداق دەيدۇ: كېچىلىرى ئىبادەت بىلەن مەشغۇل بولغۇچىلار ئۆزلىرىنىڭ ئىبادىتىدىن، ئويۇنخۇمارلار ئۆز ئويۇنلىرىدىن ئالغان لەززىتىدىن بەكراق

لەززەت ئالىدۇ.

مەن دەيمەن: ئىشەنمىگەنلەر سىناپ بېقىڭلار. كېچىسى قىيامدا تۇرۇشنىڭ لەززىتى ئۆيدىكىلەر بىلەن جەم بولۇش، تېلېۋىزۇر كۆرۈش، ئويناش ۋە بىرەر مۇسابىقىنى نەقمەيداندا تۇرۇپ كۆرۈش قاتارلىقلارنىڭ لەززىتىدىنمۇ لەززەتلىكراقتۇر.

رىۋايەت قىلىنىشچە، ئاللاھ تائالا بەندىسى داۋۇت ئەلەيھىسسالامغا ۋەھيي قىلىپ: « ئى داۋۇت! مېنىڭ شۇنداق بەندىلىرىم باركى، مەن ئۇلارنى ياخشى كۆرىمەن، ئۇلارمۇ مېنى ياخشى كۆرىدۇ. مەن ئۇلارغا شەيدا، ئۇلارمۇ ماڭا شەيدا. ئەگەر سەن ئۇلارغا ئوخشاش بولساڭ، سېنى ياخشى كۆرگەن بولاتتىم» دېگەن. داۋۇت ئەلەيھىسسالام ئىلتىجا قىلىپ: ئى رەببىم ! ماڭا ئۇلارنىڭ قانداق كىشىلەر ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ قويغان بولساڭ دېگەن. ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن:« ئۇلار كۈندۈز تەرەپلەردە هالال كەسىپ بىلەن شوغۇللىنىدۇ، نامازلىرىنى مۇھاپىزەت قىلىدۇ، كېچىنىڭ كىرىشىنى تۈت كۆزى بىلەن كۈتىدۇ، گۇيا قۇشلار ئۆز ئۇۋۇلىرىغا سېغىنغاندەك. كېچە كىرىپ هەر بىر ئاشىق ئۆز مەشۇقلىرى بىلەن خالىي قالغاندا، ئۇلار مەن ئۈچۈن پېشانىلىرىنى سەجدىگە قويىدۇ، پۇتلىرى بىلەن مېنى دەپ قىيامدا تۇرىدۇ، مەن بىلەن مۇڭدىشىدۇ، نېمەتلىرىمگە شۈكۈر قىلىدۇ، ئۇلار ئازابىمدىن قورقۇپ پەريات چېكىدۇ، يىغلايدۇ، ئۇھ چېكىدۇ ۋە نىجاتلىققا ئېرىشەلەيدىغان ياكى ئېرىشەلمەيدىغانلىقىدىن ئەنسىرەيدۇ!!. ئى داۋۇت! بىلەمسەنكى مەن ئۇلارغا مۇنداق ئۈچ نەرسە بېرىمەن:

بىرىنچى: قىيامەت كۈنى يەتتە قات ئاسمان ۋە يەتتە قات زېمىن ئۇلارنىڭ تارازىسىغا قويۇلغان تەقدىردىمۇ، ئۇلارنىڭ ۋەزنى بۇ بەندىلىرىم قىلغان ئەمەللەرنىڭ ۋەزنىنى باسالمايدۇ؛

ئىككىنچى: ئۇلارنىڭ يۈزى ۋە قەلبىگە ئۆز نۇرۇمنى تاشلايمەن؛

ئۈچىنچى: مەن ئۇلارغا يۈزۈم بىلەن يۈزلىنىمەن. ئى داۋۇت، ئېيتىپ باققىنچۇ؟ مەن كىمگە يۈزۈم بىلەن يۈزلەنسەم، ئۇنىڭغا مېنىڭ نېمىلەرنى ئاتا قىلماقچى بولىۋاتقانلىقىنى كىم بىلسۇن؟!»

ئىمام ئەبۇ هەنىفە رەھىمەھۇللاھۇ بەزى كېچىلىرى :« هەرگىز ئۇنداق ئەمەس ( يەنى ئۇلارغا بېرىلىدىغان ئازاپ بۇلا ئەمەس)، قىيامەت ئۇلارغا ( ئازاب قىلىنىش)ۋەدە قىلىنغان ۋاقىتتۇر، قىيامەت تېخىمۇ قاتتىقتۇر، تېخىمۇ جاپالىقتۇر» ( سۈرە قەمەر- ئايەت) دېگەن ئايەتنى قايتا- قايتا ئوقۇيتتى. ئوقۇۋېتىپ قاتتىق يىغلايتتى.

يەنە بەزى كېچىلىرى :« ئاللاھ بىزگە مەرھەمەت قىلدى، بىزنى — زەھەرلىك ئازابتىن ساقلىدى» دېگەن ئايەتنى ئوقۇيتتى. ( سۈرە تۇر 27- ئايەت)

هەسسان ئىبنى سابىت ئاللاھ قا مۇناجات قىلىپ مۇنداق دەيتتى: ئى رەببىم!

ئشكىكىڭدىن يىراق كەتمىدىم، سېنىڭدىن غەيرىلەرگە يېلىنمىدىم، مەندىن رازى بول، سېنىڭ بەندەڭ بولۇش نېمە دېگەن شەرەپلىك، ئى كائىناتلارنىڭ ياراتقۇچىسى بولغان ئىلاھىم، سەندىن ئۆزگىلەرگە ئەسلا يېلىنمايمەن.

مالىك ئىبنى دىنار كېچىلىرى قىيامدا تۇرغاندا، ئايالى ئۇنىڭ رەببىگە مۇنداق دەپ مۇناجات قىلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلايتتى. ئى ئىلاھىم! سەن يەككە- يىگانىدۇرسەن، كىمنىڭ جەننەتكە، كىمنىڭ دوزاخقا كىرىدىغانلىقىنى بىلىسەن، مەن ئۇ ئىككىسىنىڭ قايسىسىغا كىرىمەن؟!

سۇلايمان دارى كېچىلىرى ئاللاھ غا مۇنداق مۇناجات قىلاتتى: ئى پەرۋەردىگارىم! سەن مەندىن قىيامەت كۈنى گۇناھلىرىم توغرىسىدا سۇئال سورىساڭ، مەن چوقۇم سېنىڭ مېنى ئەپۇ قىلىشىڭنى تىلەيمەن. ئەگەر سەن مېنى دوزاخقا تاشلىساڭ، مەن چوقۇم دوزاخقا تاشلانغانلارغا سېنى ھەممىدىن بەك ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى ئېيتىمەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كېچىلىر قىيامدا تۇرغاندا مۇنداق دۇئا قىلاتتى:« ئى ئاللاھ ! پۈتۈن ھەمدۇ- سانا ساڭا مەنسۇپ، سەن ئاسامن- زېمىننىڭ، ئاسامن ۋە زېمىندىكىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىدۇرسەن، پۈتۈن ھەمدۇ- سانا ساڭا خاس، سەن ئاسمان - زېمىننىڭ، ئاسمان ۋە زېمىندىكىلەرنىڭ نۇرىسەن. پۈتۈن ھەمدۇ- سانا ساڭا خاس، سەن ئاسمان - زېمىننىڭ، ئاسمان ۋە زېمىندىكىلەرنىڭ ئىگىدۇرسەن. پۈتۈن ھەمدۇ- سانا ساڭا خاس، سەن ھەق، سېنىڭ ۋەدەڭ ھەق، ساڭا مۇلاقات بولۇش ھەق، جەننەت ھەق، دوزاخ ھەق، پەيغەمبەر ھەق، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھەق. ئى ئاللاھ ! مېنىڭ ئىلگىركى ۋە كېيىنكى، يوشۇرۇن ۋە ئاشكارە قىلغان گۇناھلىرىمنى، ئىسراپخورلۇقۇمنى مەغپىرەت قىلغىن. مىنىڭ قىلغان- ئەتكەنلىرىمنى ئوبدان بىلىسەن، سەن ھەممىدىن مۇقەددەمسەن، ھەممىدىن مۇئەخخەرسەن، سېنىڭدىن باشقا ھەقىقى مەئبۇد يوق». بۇخارى 1120؛ مۇسلىم 1805، 1806؛ ئىمام ئەھمەد 1- توم 358- نومۇر.

**كېچىسى قىيامدا تۇرۇشنى ئاسانلاشتۇرىدىغان ئۇسۇللار:**

بەلكىم ھازىر : كېچىسى ئورنىمىزدىن تورۇشنى ئاسانلاشتۇرۇش ئۈچۈن قانداق ئامال قىلىمىز ؟ دەپ سوئال قويىدىغانلار چىقىشى مۇمكىن.

ھەممەيلەنگە ئايانكى، كېچىسى ئورنىدىن تورۇش ئادەمگە نىسبەتەن ئىنتايىن ئېغىر كىلىدىغان بىر ئىش. چۈنكى بىر كۈنلۈك ئېغىر خىزمەت ۋە رىزىق ئۈچۈن سەئيي قىلىپ ھېرىپ- چارچاشتىن كىيىن ئىنسان ئۇخلاپ ئارام ئىلىشنى خالايدۇ. شۇنداق بولغاچقا ئىنساندا كېچىسى ئورنىدىن تورۇشقا لايىق ئىستىدات ۋە ئوزۇق- تۈلۈكنىڭ، ئامالنىڭ، ياردەم بەرگۈچىنىڭ ۋە ئاسانلاشتۇرغۇچىنىڭ بولىشى ئىنتايىن

زۇرۇر. بىز تۆۋەندە بىر نەچچە خىل ئامالنى تىلغا ئېلىپ ئۆتىمىز:

بىرىنچى: كۆپ يېيىش ــ ئىچىشتىن ساقلىنىش كېرەك. بۇ ھەقتە ئابىدلارنىڭ بىرى مۇنداق دەيتتى: ئى جامائەت ! كۆپ يېمەڭلار، ئەگەر سىلەر كۆپ يەپ- كۆپ ئىچسەڭلار، ئۇيقۇڭلار كۆپىيىدۇ. شۇنىڭ بىلەن كۆپ زىيان تارتىسىلەر-دە ئۆلۈم كەلگەندە كۆپ ھەسرەت- نادامەت چېكىسىلەر.

ئىككىنچى: كۈندۈز تەرەپلەردە ئېغىر ئىشلار بىلەن ئۆزىڭىزنى چارچىتىپ قويماڭ. ئەگەر چارچاپ قالغان بولسىڭىز « كېچىسى كېچە نامىزى ئوقۇشۇمغا ياردىمى بولىدىغۇ» دېگەن نىيەت بىلەن چۈشتە بىر سائەت ئوقۇلىك. سىزنىڭ بۇ بىر سائەتلىك ئۇيقۇڭىز ئىبادەت ھىسابلىنىدۇ. چۈنكى نىيەت ئادەتنى ئىبادەتكە ئايلاندۇرىدۇ.

ئۈچىنچى: كۈندۈز تەرەپلەردە گۇناھ ئىشلارنى قىلىشتىن ھەزەر ئېيلەڭ. بۇ ھەقتە تابىئىنلاردىن بىرى مۇنداق دەيدۇ: كۈندۈزدە ئاللاھ قا ئاسىيلىق قىلمىساڭلار كېچىسى نامازغا تۇرالايسىلەر. سۇپيان سەۋرى: مەن بىر قېتىم گۇناھ ئۆتكۈزۈش سەۋەبلىك بەش ئاي كېچىسى ناماز ئوقۇشتىن مەھرۇم بولدۇم دېگەندە، باشقىلار ئۇنىڭدىن: سەن قانداق گۇناھ قىلغان ئىدىڭ دەپ سورىغان. ئۇ جاۋاپ بىرىپ: مەن بىر ئادەمنىڭ يىغلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ « بۇ رىياگەرلىك» دېگەن ئىدىم دەپ جاۋاپ بەرگەن.

سۇبھانەللاھ! ئۇ شۇنچىلىك بىر ئاددىي سۆز سەۋەبىدىن بەش ئاي كېچىسى ناماز ئوقۇشتىن مەھرۇم بولغان!!

تۆتىنچى: تەدرىجىي كۈنۈش كېرەك. يەنى بىر ياكى ئىككى ھەپتىگىچە ئىككى رەكئەت، ئاندىن كىيىن تۆت رەكئەت، ئاندىن ئالتە رەكئەت... ئوقۇپ كۈنۈش كېرەك. بىر ئىشنى ھەددىدىن ئاشۇرۇپ قىلىپ، كىيىن ئۇنى پۈتۈنلەي تەرك قىلىش شەيتاننىڭ كەينىگە كىرىپ كەتكەنلىك بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« بۇ دىن ئىنتايىن مۇستەھكەم، سەن ئۇنىڭغا مۇلايىملىق بىلەن ئىچكىرلەپ كىر» بەيھەقى « سۇنەن كۇبرا» دا رىۋايەت قىلغان 3- توم 18-19- نومۇر؛ ھەيسەمىي 1- توم 62- نومۇر.

ئۆزىڭىزگە قىيامدا تۇرۇپ قۇرئان ئوقۇشنى ۋەزىپە قىلىۋالسىڭىز تېخى ياخشى. مەسىلەن : كۈندە بىر پارىدىن ئوقۇپ، بىر ئايدا بىر خەتمە قىلغانغا ئوخشاش. ئىنسان نىشان بەلگىلىۋالسا، ئۆزى ئارزۇ قىلغان نەرسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن داۋاملىق تىرىشىدۇ. ساھابىلەر ۋە تابىئىنلارنىڭ ھەممىسىنىڭ قۇرئاندىن ۋەزىپىسى بار ئىدى. ئۇلاردىن قۇرئاننى ئۈچ كۈندە بىر تامام قىلىدىغانلارمۇ، ھەپتىدە بىر تامام قىلىدىغانلارمۇ بار ئىدى.

كېچىلىرى قىيامدا تۇرۇپ قۇرئاننى تامام قىلىش نېمە دېگەن سائادەتلىك ئەمەل-

هە!. ئۇ شەيتانغا تاقابىل تورۇشتىكى ئەڭ ياخشى قۇرالدۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزى ئويغۇنۇپ ئاندىن كىيىن ئايالىنى ئويغۇتۇپ، قىيامدا تۇرغان ئادەمگە ئاللاھ نىڭ رەھىم قىلىشىنى تىلىگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« كېچىلىر قىيامدا تۇرغان، ئاندىن ئايالىنى ئويغاتقان، ئايالىمۇ قىيامدا تۇرغان، ئەگەر ئۇ ئويغانغىلى ئۇنىمىسا يۈزىگە سۇ چېچىپ ئويغاتقان ئادەمگە ئاللاھ رەھمەت قىلسۇن؛ كېچىلىرى قىيامدا تۇرغان ئاندىن ئېرىنى ئويغاتقان، ئەگەر ئويغانغىلى ئۇنىمىسا يۈزىگە سۇ چېچىپ ئويغاتقان ئايالغا ئاللاھ رەھمەت قىلسۇن» ئەبۇ داۋۇت 1308؛ئىمام ئەھمەد 2- توم 250- نومۇر.

كېچىسى قىيامدا تورۇش، ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشىشنىڭ سەۋەبلىرىدۇر. ئەي بۇرادەرلەر! قېنى ئاززاق تېرىشچانلىق كۆرستىش ئارقىلىق ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشىش ئۈچۈن تېرىشايلى. كىمكى ئاللاھدىن ياردەم سورىسا، ئاللاھ ئۇنىڭغا ياردەم بېرىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« كىمكى كېچىسى ئويغۇنۇپ، ئايالىنى ئويغاتسا، ئاندىن ئۇ ئىككىسى ئىككى رەكئەت ناماز ئوقىسا، ئۇ ئىككىسى ئاللاھنى كۆپ زىكرى قىلغۇچى ئەرلەر ۋە ئاللاھنى كۆپ زىكرى قىلغۇچى ئاياللارنىڭ جۈملىسىدىن دەپ يېزىلىدۇ» ئەبۇ داۋۇت 1309؛ ئىبنى ماجىجە 1335 نومۇر.

ئايالىڭىزنى ياكى ئانىڭىزنى ياكى قىزىڭىزنى ياكى ئوغلىڭىزنى كېچىشى ناماز ئوقۇشقا دەئۋەت قىلىڭ. ھەر دائىم ھىدايەتكە دەئۋەت قىلىش ۋە ھىدايەت ئۈستىدە بولۇشقا رىغبەتلەندۈرۈشنىڭ ساۋابىغا ئېرىشىشكە تىرىشىڭ.

بىز ئاللاھنىڭ بىزنى ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىشقا، رازى بولىدىغان ئىشلارنى قىلىشقا مۇۋەپپەق قىلىشىنى تىلەيمىز. ئۇ شۇناق قىلىشقا قادىر، كۈچ- قۇۋۋەت ئاللاھقىلا خاستۇر. ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھقا ھەمدۇ- سانالار بولسۇن.

## مەسجىدتە ئوقۇلغان ناماز

## مەسجىدنىڭ ئىسلامدىكى ئورنى:

مەسجىد ئاللاھنىڭ ئۆيى. ئاللاھنىڭ ئۆيىدە ئولتۇرغان ئادەم ئارام ئالامدۇياكى ئالامدۇ؟. شۇنى بىلىڭكى ئاللاھنىڭ ئۆيىدە ئولتۇرغانلارنى پەرىشتىلەر قاناتلىرى بىلەن ئوراپ تۇرىدۇ. مەسجىد ھەرەمدۇر. ئاۋازنى پەسەيتىش، خۇتبىگە قۇلاق سېلىش، سۇئال سوراشنىڭ ئەدەبلىرىگە رىئايە قىلىش ۋە ئورۇن بوشۇتۇپ بېرىش قاتارلىق مەسجىد ئەدەبلىرىگە كۆڭۈل بۆلۈش كېرەك.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:« ئاللاھنىڭ ئولۇغلىنىش ۋە ئىسمىنىڭ ياد ئېتىلىشى بۇيرىلغان مەسجىدلەردە ( مۆمىنلەر) ئەتىگەن- ئاخشامدا تەسبىھ ئېيتىپ تۇرىدۇ» سۈرە نۇر 36- ئايەت.

ئۇنداقتا بىر مەسجىدنىڭ بىنا قىلىنىشى، پەقەتلا بۇ مەسجىدتە ئاللاھنىڭ ئۇلۇغلىنىشى ۋە ئىسمىنىڭ ياد ئېتىلىشى ئۈچۈندۇر خالاس. يۇقۇردىكى ئايەتتە ئاللاھ خۇددى مەسجىدلەرنىڭ بىنا قىلىش ئورنىنى تاللاپ بەرگەندەك بىر ئىشارە بار. بۇ ئايەتنىڭ «ئاللاھ ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ نۇرى» دېگەن ئالدىدىكى ئايەت يەنى سۈرە نۇرنىڭ 35- ئايىتى بىلەن مۇستەھكەم باغلىنىش بار. ئۆلىمالەر بۇ ھەقتە نېمە دەيدۇ؟

ئۇلار مۇنداق دەيدۇ: نۇرنىڭ مەنبىئى ئاللاھدۇر. ئاسمانلار ۋە زىمىننى نۇرلاندۇرغۇچى زات ئاللاھدۇر.. بۇ نۇر نەگە چۈشىدۇ؟ ئەلۋەتتە ئاللاھنىڭ ئۆيلىرى مەسجىدلەرگە چۈشىدۇ... دېمەك، ئاللاھنىڭ نۇرى مەسجىدلەردە جۇلالىنىدۇ.

سۇئال : بۇ نۇر كىمگە چۈشىدۇ؟

بۇ نۇر ئاللاھنى زىكرى قىلغۇچىلارغا چۈشىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:« ئۇلار شۇنداق ئەرلەركى، سودا- سېتىق ئۇلارنى ئاللاھنى زىكرى قىلىشتىن توساپ قالالمايدۇ» سۈرە نۇر 37- ئايەت. ئەنە شۇنداق كىشىلەر ئاللاھنىڭ نۇرىغا ئېرىشكۈچىلەردۇر. ئاللاھنىڭ نۇرىغا ئېرىشىشنى خالىمايدىغان كىشىلەر ھەققىدە قانداق ئايەت بار؟. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:« كاپىرلارنىڭ ( ياخشى ئەمەل دەپ ئويلىغان) ئەمەللىرى باياۋاندىكى سەراپقا ئوخشايدۇ. تەشنا ئادەم ئۇنى سۇ دەپ گۇمان قىلىپ قالىدۇ» سۈرە نۇر 39- ئايەت. « ياكى ئۇلارنىڭ (ياخشى دەپ گۇمان قىلغان) ئەمەللىرى چوڭقۇر دېڭىزدىكى قاراڭغۇلۇققا ئوخشايدۇ، ئۇنى ( يەنى دېڭىزنى ) قاتمۇ- قات دولقۇنلار ۋە دولقۇنلارنىڭ ئۈستىدىكى قارا بولۇتلار قاپلاپ تۇرىدۇ. (مانا بۇ ) قاتمۇ- قات قاراڭغۇلۇقلاردۇر، بۇ ( قاراڭغۇلۇققا گىرىپتار بولغۇچى) قولنى ئۇزاتسا باماقلىرىنى كۆرەلمەيدۇ، ئاللاھ نۇر ئاتا قىلمىسا، كىم بولمىسۇن، نۇرنى كۆرەلمەيدۇ( يەنى ئاللاھ ھىدايەت قىلمىغان ئادەم ھەرگىز ھىدايەت تاپمايدۇ)» سۈرە نۇر 40- ئايەت.

ئاللاھ تائالا ھەدىس قۇددىسىيدە مۇنداق دەيدۇ:« ھەقىقەتەن مىنىڭ زېمىندىكى ئۆيلىرىم- مەسجىدلەردۇر. مەسجىدلەرگە زىيارەت قىلىپ كەلگۈچىلەر ـ ئۇنى تەئمىر قىلغۇچىلاردۇر». يادىڭىزدا بولسۇنكى، سىز ئاللاھنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن كېتىۋاتىسىز. سىز ھەممىدىن سېخى زات ئاللاھنىڭ زىيارىتىدە رۇرۇۋاتىسىز!! بۇ ھەدىسنىڭ ئاخىرىدا مۇنداق دېيىلىدۇ:« كىمكى ئۆيىدە ئۆزىنى پاكلاپ ئاندىن مېنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن ئۆيۈمگە كەلسە، زىيارەت قىلىنغۇچىنىڭ زىيارەت قىلىپ كەلگۈچىگە ئىززەت- ئىكرام قىلىشى ھەقلىقتۇر».

مەسجىدكە بېرىشتىكى تۆۋەندىكى دۇئانى مۇلاھىزە قىلىپ باقايلى: « ئى ئاللاھ! قەلبىمنى نۇرلۇق قىلغىن، تىلىمنى نۇرلۇق قىلغىن، قۇلىقىمنى نۇرلۇق قىلغىن،

كۆزۈمنى نۇرلۇق قىلغىن». بۇخارى 4569؛ مۇسلىم 1794؛ ئىمام ئەھمەد 1ـتو 352ـ نومۇر.

بۇ تىلەكلىرىڭگە قانداق يېتىسەن؟ ئەي نۇر تىلىگۈچى سەن بۇ تىلەكلىرىڭگە مەسجىدتە يېتىسەن، مەرھابا ساڭا! سېنى ھەر تەرپتىن نۇرلار ئورىماقتا.

مەسجىدكە كىرگەندە ئوڭ پۇتىڭىز بىلەن كىرىڭ ۋە پەيغەمبىرىمىز تەلىم بەرگەن تۆۋەندىكى دۇئانى ئوقۇڭ:« بسم ئاللاھ والىلاە و السلام علي رسول ئاللاھ.ئاللاھم اغفرلي ذُنوبي و افتح لي ابواب رحمتك ( ئاللاھنىڭ نامى بىلەن باشلايمەن، تىنىچ ۋە ئامانلىق ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە بولسۇن. ئى ئاللاھ! گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلغىن، ماڭا رەھمەت دەرۋازىلىرىڭنى ئاچقىن». ئىبنى ماججە رىۋايەت قىلغىن.

ئەي سۆيۈملۈك قېرىنداشلار ! مەسجىدلەر يالغۇز ئەرلەرگىلا خاس بولماستىن بەلكى ئەرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا ئاياللارغىمۇ خاستۇر. ئەمما ئاياللار مەسجىدكە كىرىپ- چىقىشنىڭ ئەدەبلىرى ۋە مەسجىد ئەدەبلىرىگە رىئايە قىلىشى كېرەك.

**مەسجىدلەرنى ئاۋات قىلىش ۋە مەسجىدكە بېرىشنىڭ ساۋابى**

مەسجىدلەرنى ئاۋات قىلىشنىڭ ساۋابى ئىنتايىن كاتتىدۇر. مەسجىدكە مېڭىش بىر ساۋاب، مەسجىد سېلىش بىر ساۋاب، بىرىنچى سەپتە تۇرۇش بىر ساۋاب، جامائەت نامىزى ئۈچۈن مەسجىدكە جۇغلىنىشمىز بىر ساۋاب، نامازدا سەپلەرنى تولۇقلاپ تۇرۇش بىر ساۋاب.... بۇلار نامازغا كېرىشتىن ئىلگىرىكى ساۋابلار.

مەسجىدكە مېڭىش دېگەنلىك ـ مەسجىدكە بىر نەرسىنى مىنىپ بارغان ئادەم مەسجىدكە بېرىشنىڭ ساۋابىغا ئېرىشەلمەيدۇ دېگەنلىك ئەمەستۇر. بەلكى ئۇ مەسجىدكە بېرىش جەريانىدا ماشىنىسىغا قاچىلىغان يېقىلغۇ- بېنزىنغىمۇ ئاللاھ ساۋاب بېرىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« كىمكى مەسجىدكە ئەتتىگەنلەپ ياكى كەچلەپ بارسا، ئاللاھ ئۇنىڭ ھەر قېتىم مەسجىدكە بارغان ۋاقتىغا ( ئەجىر يۇزىسىدىن) جەننەتتە ئۇنىڭغا زىياپەت تەييارلايدۇ» بۇخارىي 662؛ مۇسلىم 522؛ ئىمام ئەھمەد 2ـ توم 508ـ نومۇر.

بۇرادەر! مەسجىكە مېڭىۋېتىپ، پەرىشتىلەرنىڭ سىز ئۈچۈن زىياپەت تەييارلاۋاتقان ھالىتىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ بېقىڭچۇ!

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:«كىمكى ئۆيىدە تاھارەت ئېلىپ، ئاللاھ ( ئۇنىڭغا پەرىز قىلغان) پەرىزلەرنى ئادا قىلىش ئۈچۈن، ئاللاھنىڭ ئۆيلىرىدىن بىر ئۆيگە- مەسجىدكە ماڭسا، ئۇنىڭ ئالغان بىر قەدىمى بىلەن بىر خاتالىقى ئۆچۈرۈلىدۇ، يەنە بىر قەدىمى بىلەن دەرىجىسى بىر ھەسسە كۆتۈرۈلىدۇ» مۇسلىم

1519- نومۇر.

مەسجىدكە يىراق مۇساپىنى بېسىپ كېلىدىغان ئادەمگە مەرھابا! چۈنكى ئەجىر-تارتقان مۇشەققەتكە، ساۋاب- قىلغان ئەمەلنىڭ مىقدارىغا قاراپ كۆپ ياكى ئاز بولىدۇ. ئاللاھ ئۆزى خالىغان بەندىسىگە ئۆزىنىڭ پەزلى ۋە كەرەمى بىلەن ساۋابنى ھەسسىلەپ بېرىدۇ.

بەش ۋاقى نامازنى تەرك قىلمىغان ئادەمدە گۇناھ قالمايدۇ. چۈنكى بەش ۋاقىت ناماز، كەبىرە گۇناھلاردىن ساقلانسىلا، بۇ نامازلار ئارلىقدا قىلىپ سالغان گۇناھلارغا كاپارەت بولىدۇ.

موسۇلمان كىشىنىڭ بۇ كاتتا ساۋابتىن ئۆزىنى بىھاجەت قىلىۋىلىشى ۋە ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈشى توغرا بولارمۇ؟ ئىنسان ئۆمۈر بۇيى ئارقىسىدىن قوغلاپ ھاياتىنى زايا قىلىۋاتقان بۇ پانىي دۇنياغا نېمە تەڭ كېلىدۇ؟ موسۇلمان ئادەم بۇ ساۋابنى ئاڭلاپ، بىلىپ تورۇپمۇ ئۆيىدە ناماز ئوقۇش بىلەن كۇپايىلىنىپ « مەن ئاللاھ ئۈچۈن كۆپ ياخشى ئىشلارنى قىلدىم، مەن ناماز ئوقىمىغان ئادەمدىن ياخشىغۇ» دېيىشى دۇرۇس بولارمۇ؟

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام :« مەن سىلەرگە خاتالىقلار ئۆچۈرۈلۈپ، دەرىجىلەر يۇقىرى كۆتۈرىلىدىغان ئىشنى دەپ بېرەيمۇ؟ » دېگەندە، ساھابىلەر: ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ! شۇنداق قىلسىلا دېيىشكەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام :« ئېغىر كىلىدىغان چاغلاردا تاھارەتنى كامىل ئېلىش، مەسجىدكە بېرىش ئۈچۈن كۆپ قەدەم ئېلىش، بىر نامازدىن كىيىن يەنە بىر نامازنى كۈتۈپ تۇرۇش ئەنە شۇ ئاللاھ يولىدا چىڭ تورۇشتۇر، ئەنە شۇ ئاللاھ يولىدا چىڭ تورۇشتۇر» دېگەن. مۇسلىم 587؛ ئىمام ئەھمەد 2-توم 235- نومۇر.

بەنۇ سەلەمە قەبىلىسى بىلەن پەيغەمبەر مەسجىدىنىڭ ئارلىقى يىراق ئىدى. ئۇلار مەسجىدكە يېقىنراق بىر جايغا كۆچۈپ كەلمەكچى بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن رۇخسەت سورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا رۇخسەت قىلمىغان ۋە ئۇلارغا:« ئى بەنۇ سەلەمە قەبىلىسى! جايىڭلاردىن كۆچمەڭلار! ئالغان قەدىمىڭلارغا ئەجىر يېزىلىدۇ» دېگەن. مۇسلىم 1518؛ ئىمام ئەھمەد 3- توم 371- نومۇر.

بەنۇ سەلەمە قەبىلىسى بىلەن پەيغەمبەر مەسجىدىنىڭ ئارلىقى قىسقا ئەمەس ئىدى. تەخمىنەن ئۈچ كىلومىتىر كېلەتتى. ئۇلار ھەر كۈنى بەش ۋاقىت مەسجىدكە پىيادە كېلەتتى. ئۇلار نامازنى جامائەت بىلەن ئوقۇش ئۈچۈن كۈنىگە تەخمىنەن 15 كىلومىتىر يول يۈرەتتى.

ئەي بۇرادەر! سىزنى جامائەت بىلەن ئادا قىلىشتىن توسىدىغان نەرسە نېمە؟! ئەگەر

سىزنى چەكلەپ قويغۇچى سەۋەبلەر ھەققىدە چوڭقۇر ئويلانسىڭىز، چوقۇم ئۇ سەۋەبلەرنىڭ تولىمۇ ئەرزىمەس سەۋەبلەر ئىكەنلىكىنى بايقايسىز. چۈنكى ئۇلار دۇنيالىق سەۋەبلەر. ھەر قانداق ئەھۋالدا دۇنيالىق ئىشلار بىلەن ئاخىرەتلىك ئىشلار تەڭ كېلىپ قالسا، دۇنيالىق ئىشلارنى بىر تەرەپكە قايرىپ قويۇش كېرەك. چۈنكى دۇنيا ياراتقۇچىنىڭ نەزىرىدە پاشىنىڭ قانىتىغىمۇ باراۋەر كەلمەيدۇ!!

يادىڭلاردا بولسۇنكى، مەسجىدكە كېلىشىڭىز يالغۇز ناماز ئۈچۈنلا بولۇپ قالماسلىقى بەلكى يەنە ئىلىم ئۆگىنىش ئۈچۈنمۇ بولىشى كېرەك. بۇنىڭمۇ ساۋابى ناھايىتى چوڭدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« كىمكى ئىلىم تەلەپ قىلىپ يول ئالسا ئاللاھ ئۇنىڭغا جەننەت يولىنى ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىدۇ». مانا سىز ئىلىم ئۆگىنىش ئۈچۈن مەسجىدكە كەلسىڭىز، جەننەتتە سىز ئۈچۈن بىر ئىشىك ئېچىلىدىكەن.

يۇقۇرىدىكى ھەدىسنىڭ ئاخىرىدا مۇنداق دېيىلىدۇ:« كىشىلەر ئاللاھنىڭ ئۆيلىرىدىن بىر ئۆيگە يېغىلىپ، ئاللاھنىڭ كىتاۋىنى تىلاۋەت قىلىپ، ئۆز- ئارا بىر- بىرىگە ئۆگىتىشسە، ئۇلارنىڭ ئۈستىگە خاتىرجەملىك چۈشۈپ، ئاللاھنىڭ رەھمىتى ياغىدۇ، ئۇلارنى پەرىشتىلەر قورشايدۇ ۋە ئاللاھ ئۇلارنىڭ ياخشىلىقلىرىنى ھوزۇرىدىكى پەرىشتىلەرنىڭ قېشىدا سۆزلەيدۇ». ئەبۇداۋۇد 2682؛ تىرمىز 3641؛ ئىمام ئەھمەد 2- توم 319- نومۇر.

ھەر قېتىم ئىلىم تەلەپ قىلىش ئۈچۈن ماڭغان ۋاقتىڭىزدا، ئاللاھنىڭ سىزنىڭ ئىسمىڭىزنى ھوزۇرىدىكى مۇقەررەب، روكۇ قىلغۇچى، سەجدە قىلغۇچى ۋە شاھىد پەرىشتىلەرگە زىكرىي قىلىدىغانلىقىنى ئويلاڭ.

ناماز ئوقىماي مەسجىدتە ئولتۇرۇشمۇ كاتتا ساۋابلىق ۋە كۆپ ئەجىرلىك بىر ئىش. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« سىلەرنىڭ بىرىڭلارنى ئۆيىگە قايتىشتىن ناماز توسۇپ قالغان بولسا( يەنى كېيىنكى نامازنى كۈتۈپ، مەسجىدتە ئولتۇرغان بولسا) ئۇ يەنىلا ناماز ئىچىدە تۇرغان بىلەن ئوخشاش( ئەجرىگە ئېرىشىدۇ)». مۇسلىم 1507؛ ئەبۇ داۋۇد 471؛ ئىمام ئەھمەد 2-توم 319- نومۇر.

دېمەك، سىز شامدىن كېيىن خۇپتەن نامىزى ۋاقتىغىچە ئىلىم ئۆگىنىش ئۈچۈن، مەسجىدتە قالغان بولسىڭىز، يەنىلا ناماز ئىچىدە تۇرغان بىلەن ئوخشاش ساۋابقا ئېرىشىدىكەنسىز.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئۆز نامازگاھىدا بىكار سۆز قىلماي تۇرغان بولسا، پەرىشتىلەر ئۇنىڭغا رەھمەت تىلەپ: ئى ئاللاھ! ئۇنىڭ گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلغىن، ئى ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلغىن دەيدۇ». بۇخارى 445؛ ئەبۇ داۋۇد 469؛ ئىمام ئەھمەد 2- توم 312- نومۇر.

بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يوقۇردىكى ھەدىستە تىلغا ئېلىنغان:« ئۇلارنىڭ ئۇستىگە خاتىرجەملىك چۈشىدۇ» دېگەن سۆزى ھەققىدە ئويلانغان ۋاقتىمىزدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈزىنىڭ ھاۋايى- ھەۋىسى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئاللاھنىڭ ۋەھيىسى بىلەنلا سۆزلەيدىغانلىقىنى ھىس قىلماي تۇرالمايمىز. قايسى بىرىمىز بولمىسۇن مەسجىدتە ئولتۇرغان ۋاقتىمىزدا كۆكرەكلىرىمىزدە بىر خىل يايراش، قەلبىمىزدە بىر خىل خاتىرجەملىكنىڭ پەيدا بولۇۋاتقانلىقىنى ھىس قىلىمىز.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ « ئەنە شۇ ئاللاھ يولىدا چىڭ تورۇشتۇر» دېگەن سۆزىدىن خۇددى سىز بىر ئىسلام دىيارىنى ياكى ئىسلام چېگرالىرىدىن بىر چېگرانى قوغداۋاتسىز دېگەن مەنا پارلاپ تۇرىدۇ. سۇبھانەللاھ! مانا بۇ ئاللاھنىڭ بىزگە ئاتا قىلغان كاتتا نېمىتى ۋە پەزلىدۇر. مەسجىدتە نامازنى كۈتۈپ تۇرغۇچى ئىسلام دىيارلىرىدىن مەلۇم دىياردا بولۇۋاتقان جىھادقا قاتناشقان ياكى چېگرادا كۈزەتتە تۇرغان مۇجاھىدقا ئوخشاشتۇر.

بۇنىڭدىن ئەجەپلىنىشنىڭ ھاجىتى يوق. چۈنكى ئاللاھ يولىدا چېگرادا مۇھاپىزەتتە تۇرغۇچى ئادەم، ئۇ يەردە چەكلىك مۇددەتتە مۇھاپىزەتتە تۇرىدۇ. ئەمما نامىزىنى مۇھاپىزەت قىلىدىغان ئادەم خۇددى ئۆمۈر بۇيى چېگرادا مۇھاپىزەتتە تۇرغۇچىغا ئوخشايدۇ. ئۇ بىر كېچە-كۈندۈزدە بەش قېتىم شەھۋەتلىرى بىلەن كۈرەش قىلىدۇ.

ئىسلامدا ياخشىلىق يوللىرى ئىنتايىن كۆپ ۋە ھەر خىل. نىيەت قانچە كۆپ بولغانسىرى، ئېرىشىلىدىغان ساۋابمۇ شۇنچە كۆپ بولىدۇ. شۇڭا مەسجىدكە كىرمەكچى بولغان ۋاقتىڭىزدا ئېتىكاپنى نىيەت قىلىپ كېرىشىڭىز ھەم مۇمكىن. بۇ ۋاقىتتا سىز ئېتىكاپقا كىرگۈچىلەرنىڭ ئەجرىگە ئېرىشىسىز. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ:« كىمكى ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن بىر كېچە ئېتىكاپقا كىرسە، ئاللاھ ئۇ كىشى بىلەن دوزاخ ئارىسىنى يەتمىش يىللىق مۇساپە يىراقلاشتۇرىدۇ»... ئۇنداقتا سىزنىڭ شام بىلەن خۇپتەن ئارىسىدا ئېتىكاپقا كېرىشىڭىز، سىز بىلەن دوزاخ ئارىسىنى ئۈچ يىل يىراقلاشتۇرىشى مۇمكىن.

## جامائەت نامىزىنىڭ پەزىلىتى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« جامائەت بىلەن ئوقۇلغان ناماز يەككە ئوقۇلغان نامازدىن پەزىلەت جەھەتتە 27 دەرىجە ئارتۇقتۇر» بۇخارى 645؛ مۇسلىم 1475؛ ئىمام ئەھمەد 2- توم 464- نومۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېگەن:« كىمكى خۇپتەن نامىزىنى جامائەت بىلەن ئوقىسا كېچىنىڭ يېرىمىغىچە قىيامدا تۇرغانغا ئوخشاش( ئەجرىگە ئېرىشىدۇ). كىمكى بامدات نامىزىنى جامائەت بىلەن ئوقىسا پۈتۈن بىر كېچە قىيامدا تۇرغانغا ئوخشاش ( ئەجرىگە ئېرىشىدۇ)». مۇسلىم 1489- نومۇر.

**بىرىنچى سەپنىڭ پەزىلىتى:**

نامازنى بىرىنچى سەپتە تۇرۇپ ئوقۇشنىڭ پەزىلىتى ئىنتايىن چوڭ. ساۋابى ناھايىتى كاتتىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ئەگەر ئادەملەر ئەزان ئوقۇش ۋە بىرىنچى سەپتە تۇرۇشتىكى ئەجرىنى بىلگەن بولسا، ئۇلار بۇ ئىككىسىگە ئېرىشىش ئۈچۈن چەك تاشلاشتىن باشقا ئامال تاپالمايتتى» بۇخارى 615؛ مۇسلىم 980؛ ئىمام ئەھمەد 2-توم 236- نومۇر.

سۇبھانەللاھ! ئەگەر ئادەملەر ئەزان ئېيتىش ۋە بىرىنچى سەپتە تۇرۇشنىڭ ساۋابىنى بىلىشكەن بولسا ئىدى، ئۇلار بۇ ئىككىسىگە ئېرىشىش ئۈچۈن ئۆز- ئارا چەك تارتىشقان بولاتتى!!!

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« پەرىشتىلەر بىرىنچى سەپتىكىلەرگە رەھمەت تىلەيدۇ».

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ھەقىقەتەن ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ پەرىشتىلىرى سەپنىڭ ئوڭ تەرىپىدە تۇرغۇچىلارغا رەھمەت يوللايدۇ».

**بامدات نامىزىنىڭ پەزىلىتى:**

ھەممىگە ئايانكى، بامدات نامىزىدىكى مۇشەققەت ئىنتايىن چوڭ.شۇنداق بولغاچقا بۇ نامازنىڭ ئەجرىمۇ ئەلۋەتتە شۇنداق كاتتىدۇر. ئادەملەر قىيامەت كۈنىدە كۆپ مۇشەققەت چېكىدۇ. چۈنكى قىيامەت كۈنىنىڭ مىقدارى 50 مىڭ يىلدۇر. ئۇلار بۇ كۈندە ھېچ نەرسىنى كۆرگىلى بولمايدىغان زۇلمەت ئىچىدە تۇرىدۇ. لېكىن ئاللاھ بۇ كۈندە ئادەملەرنىڭ ئىچىدىن بىر تۈركۈم كىشىلەرگە ئۆز نۇرىدىن يورۇقلۇق ئاتا قىلىدۇ. «ئۇ كۈندە مۆمىن ئەرلەرنى ۋە مۆمىن ئاياللارنى كۆرىسەنكى، ئۇلارنىڭ نۇرى ئۇلارنىڭ ئالدىدا ۋە ئۇلارنىڭ ئوڭ تەرىپىدە ماڭىدۇ» سۈرە ھەدىد 12- ئايەت. « ئۇ كۈندە مۇناپىق ئەرلەر ۋە مۇناپىق ئاياللار مۆمىنلەرگە ‹ بىزنى كۈتۈپ تۇرۇڭلار، سىلەرنىڭ نۇرۇڭلاردىن ئازراق ئالايلى› دەيدۇ» سۈرە ھەدىد 13- ئايەت.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« قاراڭغۇ تۈنلەردە مەسجىدلەرگە ماڭغۇچىلارغا قىيامەت كۈنىدىكى تولۇق نۇر بىلەن خۇش بىشارەت بولسۇن» ئىبنى ماجە 781- نومۇر

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ئەگەر ئادەملەر خۇپتەن نامىزى بىلەن بامدات نامىزىنىڭ پەزىلىتىنى بىلىشكەن بولسا ئىدى، ئۇلار بۇ ئىككى نامازنى جامائەت بىلەن ئادا قىلىش ئۈچۈن ئۆمىلەپ بولسىمۇ، مەسجىدكە كېلەتتى» ئىبنى ماجە 796؛ ئىمام ئەھمەد 2- توم 152- نومۇر.

موسۇلمان كىشىنىڭ بۇ پەزىلەت ۋە ساۋابلارنى بىلىپ تۇرۇپ، بامدات نامىزىنى جامائەت بىلەن ئوقۇشتىن ھورۇنلۇق قىلىشى توغرا بولارمۇ؟ موسۇلمان كىشىنىڭ

مۇناپىق سۈپىتى بىلەن سۈپەتلىنىشى دورۇسمۇ؟! بەلكىم ئارىمىزدىن بىرەيلەن قانداقسىگە موسۇلمان كىشى مۇناپىق دەپ ئاتالسۇن؟ دېيىشى مۇمكىن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« مۇناپىقلارغا ئەڭ ئېغىر كېلىدىغان ناماز ــ خۇپتەن نامىزى بىلەن بامدات نامىزىدۇر» مۇسلىم 1480؛ئىبنى ماجىھ 797ـ نومۇر.

ئەي ئۇقۇرمەن بۇرادەر! سىزدىن بىر سۇئال سوراپ باقاي، ئەگەر سىز ھەر كۈنى ئەتىگەن سائەت 4:00 دە ئۆيىڭىزنىڭ ئاستىنقى قەۋىتىدىن 500يۈەن تېپىۋالسىڭىز، ئۇ پۇلنى ئېلىش ئۈچۈن شۇ چاغدا ئاستىنقى قەۋەتكە چۈشەمسىز ياكى چۈشمەمسىز؟ ئاللاھ نامى بىلەن قەسەم قىلىپ سىزدىن سورايمەنكى، بۇ سۇئالغا جاۋاب بېرىشتە يالغانچىلىق قىلماڭ. يەنە ئويلاپ بېقىڭ، ئەگەر سىزگە ئۇيقۇ غالىب كىلىپ قېلىپ، ئۇ پۇلنى ئېلىش ئۈچۈن ۋاقتىدا يەر ئاستى ئۆيگە چۈشەلمىسىڭىز ئايالىڭىز ياكى ئاتاـ ئانىڭىز سىزگە قانداق مۇئامىلە قىلىدۇ؟. ئەجىبا سىز ھەر كۈنى 500يۈەن پۇلنى ئېلىش ئۈچۈن ئۇيقۇڭىزدىن كېچىسىزـيۇ، ئاللاھ ئۈچۈن ئۇيقۇڭىزدىن كېچەلمەيدىكەنسىز. ئەگەر شۇنداق قىلسىڭىز، سىزنىڭ نەزىرىڭىزدىكى ئاللاھ 500 يۈەندىن خار بولۇپ قالامدۇ؟!!

بىز نېمە ئۈچۈن ئەرزىمەس پانىي دۇنيا ئۈچۈن شۇنچىۋالا بەدەل تۆلەيمىز، ئەمما مەڭگۈلۈك دۇنيا ئۈچۈن ئەمەل قىلىشتىن ھورۇنلۇق قىلىمىز؟. ئەجىبا خىزمەت ئېھتىياجى ئۈچۈن كېچىلەپ ئورنىمىزدىن تورۇپ كېتىمىزيۇـ ئەمما ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى، ئاسمان ۋە زېمىن، بارچە كائىناتىنىڭ ئىگىسى بولغان ئاللاھ ئۈچۈن ئۇيقۇمىزدىن ئويغىنالمايمىز؟!

مەسجىدلەر ئەتىگەن ۋە كەچلەردە كەلگۈچىلەرنىڭ، بولۇپمۇ بامدات ۋاقتىدا كەلگۈچىلەرنىڭ ئازلىقىدىن شىكايەت قىلماقتا.

يەھۇدى قىساسچىلىرى ئىتتىپاقىنىڭ سابىق رەئىيسەسى گولدا مائىيردىن : موسۇلمانلارنىڭ يەھۇدىيلارنى ئۆلتۈرىدىغانلىقى، يەھۇدىيلارنىڭ دەرەخلەر ۋە تاشلارنىڭ ئارقىسىغا يوشۇرۇنىۋالسا، ئۇ دەرەخلەر ۋە تاشلارنىڭ موسۇلمانلارغا يەھۇدىيلارنىڭ يوشۇرۇنىۋالغانلىقى توغرىسىدا خەۋەر بېرىدىغانلىقى ھەققىدىكى ھەدىس توغرىسىدا سۇئال سورالغاندا، ئۇ: بۇ سەھىھ ھەدىس، لېكىن، ھازىرچە بۇ ھەدىستىكى مەزمۇنلارنى بىزگە تەتبىقلىغىلى بولمايدۇ دېگەن. سۇئال سورىغۇچى ئۇنىڭدىن : ئەمىسە بۇ ئىش قاچان يۈز بېرىدۇ؟ دەپ سورىغاندا ئۇ : قاچان موسۇلمانلار بامدات نامىزىغا جۈمە نامىزىغا يىغىلغاندەك يىغىلسا، ئاندىن بۇ ئىش يۈز بېرىدۇ دەپ جاۋاب بەرگەن.

**جامائەت نامىزىنى تەرك قىلىشتىن ئاگاھلاندۇرۇش**

جامائەت نامىزىنى تەرك قىلىشتىن ئاگاھلاندۇرۇش ھەققىدە نۇرغۇن ھەدىس بار بولۇپ، بۇ ھەدىسلەرنىڭ بىرىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« مەن ئوتۇن يىغىشقا بۇيرۇسام ئوتۇن يىغىلسا، ئاندىن بىرەيلەننى نامازغا ئەزان ئېيتىشقا بۇيرۇسام، ئاندىن يەنە بىر ئادەمنى ئادەملەرگە ئىمام بولۇشقا بۇيرۇسام، ئاندىن مەن بامدات نامىزىنى ئۆيىدە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئۇلارنى ئۆيى بىلەن قوشۇپ كۆيدۈرىۋەتسەم دەپ ئويلاپ قالدىم» مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

سىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيىگىزنى كۆيدۈرۈپ تاشلىغىدەك ھالەتتە غەزەبلىنىشىدىن رازى بولامسىز؟

بىر ئەما كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ : ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ! مەن كۆزى كۆرمەيدىغان بىر ئەما، مېنى مەسجىدكە يېتىلەپ ئەكىلىدىغان ئادەممۇ يوق، مەدىنىنىڭ ھاۋاسى ئىسسىق ھەم يىرتقۇچ ھايۋانلار كۆپ بىرجاي، شۇڭلاشقا مىنىڭ نامازنى ئۆيدە ئوقۇشۇمغا رۇخسەت قىلغان بولساڭ؟ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭدىن:« ئەزاننى ئاڭلامسەن؟» دەپ سورىدى. ئۇ : ھەئە ئاڭلايمەن دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا:« ئۇنداقتا مەسجىدكە كەلگىن» دېدى. مۇسلىم 1484؛ نەسائىي 849- نومۇر.

ئەي بۇرادەر ! ئويلاپ كۆرۈڭكى، ئۇ كىشىنىڭ كۆزىنىڭ كۆرمەسلىكى، ئۇنى مەسجىدكە يېتىلەپ ئېلىپ كېلىدىغان ئادەمنىڭ يوقلۇقى، قاتتىق ئىسسىق ۋە يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ كۆپ بولىشى قاتارلىق سەۋەبلەر ئۇنىڭ نامازنى ئۆيدە ئوقۇشىغا سەۋەب- بانا بولالمىغان. بىزگە ئوخشاش تەندۇرۇس، كۈچلۈك ۋە كۆزى ئوچۇق كىشىلەرگە نېمە دەيسىز؟

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جۈمە نامىزى ۋە جامائەتنى تەرك قىلغان ئادەمنى قورقۇتىدىغان بىر ھەدىسىدە مۇنداق دەيدۇ:« جۈمە نامىزىنى ئوقىمىغان ئادەملەر چوقۇم بۇ ئىشىدىن يېنىشى كېرەك. بولمىسا ئاللاھ ئۇلارنىڭ قەلبىگە مۆھۈر بېسىۋېتىدۇ- دە ئۇلار غاپىللاردىن بولۇپ كېتىدۇ» مۇسلىم 1999- نومۇر.

قادىر بولۇپ تورۇقلۇق جۈمە نامىزى ۋە جامائەتنى تەرك قىلغۇچىغا قارىتا ئېيتىلغان بو تەھدىد نېمە دېگەن قاتتىق!. بۇ ئىش ئۇنىڭ قەلبىگە مۆھۈر بېسىلىش ئاندىن غەپلەتتە قېلىشنىڭ سەۋەبى بولىدۇ. ئاللاھ بۇنداق بولۇپ قېلىشتىن ئۆز پاناھىدا ساقلىسۇن. كىم بۇنداق بولۇشقا رازى بولسۇن؟كىم بۇ ئازاپقا بەرداشلىق بېرەلىسۇن؟

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تىرىشچان شاگىرتى ۋە سۆيۈملۈك ھەمراھى ئابدۇللا ئىبنى مەسئۇد مۇنداق دېگەن: كىمكى ئاخىرەتتە ئاللاھقا مۇسۇلمان ھالىتىدە مۇلاقات بولۇشنى ئىستىسە، بەش ۋاقىت نامازنى ئۆز ۋاقتىدا ئادا قىلسۇن. ئاللاھ سىلەرنىڭ پەيغەمبىرىڭلارغا ھىدايەت يوللىرىنى بەلگىلەپ بەردى، بۇ نامازلار ئەنە شۇ ھىدايەت

يوللىرىنىڭ جۈملىسىدىندۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەۋرىدە بىر ئادەم بار بولۇپ، ئۇ كىشىنى ئىككى ئادەم يۆلەپ مەسجىدكە ئەكىلەتتى. ئەگەر سىلەر نامازنى ئۆيۈڭلاردا ئوقىساڭلار، چوقۇمكى، پەيغەمبىرىڭلارنىڭ سۈننىتىنى تەرك قىلغان بولىسىلەر. ئەگەر سىلەر پەيغەمبىرىڭلارنىڭ سۈننىتىنى تەرك ئەتسەڭلار چوقۇم ھالاك بولىسىلەر...

ھەدىس رىۋايەتچىسى، ئىسىل ساھابە ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: بىر ئادەمنىڭ قۇلىقىغا ئېرىتىلگەن مىسنىڭ تولغۇچە قويۇلىشى، ئۇنىڭ « حي علي الىلاه» نامازغا كىلىڭلار، « حي علي الفلاح» نىجاتلىققا كېلىڭلار دېگەن ئەزان ئاۋازىنى ئاڭلاپ مەسجىدكە كەلمىگىنىدىن ياخشىراقتۇر.

ئەي قېرىنداش ئەبۇ ھۇرەيرىنىڭ بۇ سۆزىنى ئۇبدان ئويلاپ بېقىڭ!!

**سەلەپلەرنىڭ جامائەت نامىزىغا ئەھمىيەت بېرىشىدىن نەمۇنىلەر**

سەئىد ئىبنى مۇسەييەب رەھىمەھۇللاھۇ مۇنداق دەيدۇ: ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، 20 يىل بولدى، مۇئەززىن « نامازغا كېلىڭلار» دەپ ئەزان ئېيتىشىغىلا مەسجىدكە كىلىپ بولىمەن، مەن بىرمۇ ئادەمنىڭ جامائەت نامىزىدىن قېلىپ قالغانلىقىنى كۆرمىدىم.

سەلەپلەردىن بىرەيلەن مۇنداق دېگەن: مەن ئۈچۈن بۇ دۇنيادىكى ئەڭ سۆيۈملۈك نەرسە- جامائەت نامىزى. جامائەت نامىزى ئارقىلىق سەھۋەنلىكلىرىم مەندىن كۆتۈرىلىدۇ، مەن ئۈچۈن ئۇنىڭ پەزىلەتلىرى خاتىرلىنىدۇ.

ھاتەم ئەسەم مۇنداق دېگەن: مەن بىر قېتىم جامائەت بىلەن ناماز ئوقىيالماي قالدىم، بۇ چاغدا پەقەت ئەبۇ ئىسھاق بۇخارىلا ماڭا تەزىيە بىلدۈردى. ئەگەر بالىلىرىمدىن بىرەرسى ۋاپات بولغان بولسا، ماڭا نەچچە ئون مىڭ ئادەم تەزىيە بىلدۈرگەن بولار ئىدى. چۈنكى ھازىر ئادەملەر دىنىنىڭ مۇسىبىتىگە دۇنيا مۇسىبىتىدىن تۆۋەن دەرىجىدە مۇئامىلە قىلماقتا!!

مەيمۇن ئىبنى مىھران مۇنداق دېگەن: ئۇزۇن يىللار بولدى، ئىككى قېتىملىق نامازدىن باشقا ھەممە نامازنى جامائەت بىلەن ئوقۇدۇم، شۇ ئىككى قېتىملىق ناماز ماڭا خۇددى مەن ناماز ئوقۇمىغاندەك تويۇلۇپ تۇرىدۇ!!

سەلەپلەردىن بىرەيلەن جامائەت بىلەن ناماز ئوقۇشتىن قىلىپ قالدى. ئۇ: « انا لله و انا اليه راجعون (بىز ئاللاھنىڭ ئىلكىدە، بىز يەنە ئۇنىڭ ھوزۇرىغا قايتىقۇچىلارمىز)» دېگەن ئايەتنى ئوقىغاندىن كىيىن، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، نامازنى جامائەت بىلەن ئوقۇش ماڭا نىسبەتەن ئىراقنىڭ ۋالىيلىقىغا ئېرىششتىنمۇ سۆيۈملۈكراقتۇر دېدى.

جابىر ئىبنى ئابدۇللا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىشچە، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: بىزنىڭ ئۆي مەسجىدتىن يىراق ئىدى. مەن مەسجىدكە يېقىنراق بىر جايغا

كۆچمەكچى بولۇپ، ئۆيۈمنى ساتماقچى بولدۇم. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا :« كۆچمىگىن ئى جابىر!، سېنىڭ ھەر بىر قەدىمىڭگە بىر دەرىجە يېزىلىدۇ » دېدى.

ئەي موسۇلمان بۇ رادەر! بىزنىڭ قايسى بىرىمىز ئۆي ئالغاندا ياكى ئۆ ئىجارىگە ئالغاندا ئۇ ئۆينىڭ مەسجىدكە يىراق ياكى يېقىنلىقىنى ئويلاپ باققان!!

**نامازنى جامائەت بىلەن ئوقۇشنى تەرك قىلسا بولىدىغان سەۋەبلەر**

نامازنى جامائەت بىلەن ئوقۇشنى تەرك قىلسا بولىدىغان تۆت تۈرلۈك سەۋەب بار بولۇپ، بۇ سەۋەبلەرمۇ ۋاقىتلىقتۇر. قاچان بۇ سەۋەبلەرنىڭ ۋاقتى توشسا، رۇخسەتمۇ ئاخىرلىشىدۇ. ئۇلار: قاتتىق قورقۇنچ، قاتتىق سوغۇق، تاماقنىڭ ھازىر بولۇپ قېلىشى ۋە كېسەللىك قاتارلىقلاردۇر. مەسىلەن: ئەگەر نامىزى ۋاقتىدا تاماق تارتىلدى، قۇرساق ئاچ، بۇ چاغدا ئەڭ ياخشىسى تاماقنى يەۋېلىپ، ئاندىن نامازنى ئوقۇڭ. چۈنكى ناماز ئىبرەت، خۇشۇئ ۋە ھوزۇرى قەلبتۇر. ئىنسان تاماق تەييار بولغاندا ناماز ئوقىسا، نامازغا دىققىتىنى مەركەزلەشتۈرەلمەي قالىدۇ. قورقۇنچ بولسا بەلكىم سىزنى كۈتتۈاتقان بىر دۈشمەننىڭ بولىشى ۋە ياكى يولدا غالجىر ئىتنىڭ ئەزىيەت بېرىشى دېگەندەك.. باشقا ئۆزرىلەرمۇ ھەم شۇنداق.

**ئاستا- ئاستا كۈنۈش ئىسلامنىڭ يولىدۇر**

بەزىلەر كىلىپ، مەن شەرىئەت ئەھكاملىرىغا ئەمەل قىلىدىغان موسۇلمان بولماقچى، لېكىن مەن ناماز ئوقىمايمەن دەپ سورايدۇ. مەن بۇ كەبى بۇرادەرلىرىمىزگە مۇنداق دەيمەن: سىز نامانى ئىككى- ئۈچ ھەپتە ياكى بىرەر ئاي ئۆيىڭىزدە ئوقۇڭ، ئاندىن بىرەر قېتىم بولسىمۇ پەرىز نامازنى مەسجىدتە ئوقۇڭ، يەنە بىرەر ئايدىن كىيىن ئىككى قېتىم... ئاندىن ئاستا- ئاستا ئۆزىڭىزنى كۆندۈرۈڭ. سىز ھىدايەت يولىغا قەدەم بېسىپ، ھىدايەتكە ئېرىششنى خالىسىڭىز، ئاللاھنىڭ سىزگە يارەم بېرىدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشىنىڭ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىشلارنى تەدرىجىي قىلىشقا چاقىرىپ مۇنداق دەيدۇ:« سەن بىر ئۇلاققا مىنىۋېلىپ، يىراق مۇساپىنى تىز بېسىپ تۈگىتىش ئۈچۈن، مىنگەن ئولۇقنى چارچىتىپ ئۆلتۈرۈپ قويغان ئادەمگە ئوخشاش بولمىغىنكى، ئۇ تېخى مۇساپىسىنى تۈگىتىپ بولالمىغان، مىنەي دېسە ئۇلىقىدىن ئايرىلىپ قالغان»!!

نامازنى جامائەت بىلەن ئوقۇش موسۇلمان ئاياللارنىڭ، ئاچا- سىڭىللارنىڭمۇ ھەققى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ:« ئاللاھنىڭ چۆرىلىرىنى ئاللاھنىڭ مەسجىدلىرىدىن توسماڭلار» مۇسلىم 989؛ ئەبۇ داۋۇد 565؛ ئىمام ئەھمەد 2- توم 16- نومۇر.

ئەمما موسۇلمان ئاياللار مەسجىدكە كەلگەندە كېلىپ- كېتىش ئەدەبلىرى ۋە

مەسجىد ئەدەبلىرىگە رىئايە قىلىشى كېرەك.

ئىمان، تەقۋالىق ۋە قۇرئان مۇھىتىغا تويۇنغان مەسجىدتە مۆمىن قېرىنداشلىرىڭىز بىلەن تونۇشۇپ، بىرسى- بىرسىڭلارنى ياخشى كۆرىشىسلەر، قۇرئان ھەدىس ئۆگىنىسلەر-دە ھەققى دىندارلارغا ئايلىنىسلەر. يادىڭلاردا بولسۇنكى، نامازنى مەسجىدتە جامائەت بىلەن ئوقۇش ئىماننىڭ بەلگىسىدۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ:« ئەگەر سىلەر بىر ئادەمنىڭ مەسجىدكە ئادەتلەنگەنلىكىنى كۆرسەڭلار، ئۇنىڭ مۆمىنلىكىگە گۇۋاھلىق بىرىڭلار». ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:« ئاللاھنىڭ مەسجىدلىرىنى پەقەت ئاللاھقا، ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتقان، ناماز ئوقىغان، زاكات بەرگەن، ئاللاھدىن باشقىدىن قورقمىغانكىشىلەرلا ئاۋات قىلىدۇ( يەنى مەسجىدنى رېمونت قىلىش، سەرەمجانلاشتۇرۇش، تازىلاش، مەسجىدتە داۋاملىق ناماز ئوقۇش، قۇرئان تىلاۋەت قىلىش قاتارلىق ئىشلارنى قىلىدۇ) ئەنە شۇلارنىڭ ھىدايەت تاپقۇچىلاردىن بولىشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ» سۈرە تەۋبە 18- ئايەت.

نامازدىكى خوشۇئ كۆپىنچە جامائەت بىلەن ئوقۇلغان نامازدا ھاسىل بولىدۇ.

**خۇش خەۋەر**

بىز جامائەت بىلەن ئوقۇلغان نامازنىڭ ساۋابىنىڭ ھەققەتەن ناھايىتى چوڭ ئىكەنلىكىنى بىلۋالدۇق. ئەمدى مەن نامازنى داۋاملىق جامائەت بىلەن ئوقۇيدىغان كىشىلەرگە بېرىلىدىغان ساۋاب ياكى بەزى ساۋابلارنى بايان قىلىپ بېرىدىغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۆۋەندىكى ھەدىسىنى تىلغا ئېلىش بىلەن سۆزۈمنى ئاخىرلاشتۇرىمەن.

ئاللاھ ئۆزىنىڭ سايىسىدىن باشقا سايە يوق كۈن- قىيامەت كۈنىدە ئەرشىنىڭ سايىسى بىلەن سايىتىدىغان يەتتە تۈرلۈك كىشىلەر تىلغا ئېلىنغان ھەدىستە، ئۇلارنىڭ بىرى:« قەلبى مەسجىدكە باغلانغان ئادەم» دۇر. بۇخارى 660؛ مۇسلىم 2377؛ئىمام ئەھمەد 2- توم 439- نومۇر.

ھەدىستە تىلغا ئېلىنغان « قەلبى» دېگەن سۆز ھەققىدە ئوبدان ئويلىنىڭ. چۈنكى ھەدىستە «جىسمى» دېيىلمىدى. قەلبىنىڭ ئەمىلى ئەزالارنىڭ ئەمىلىدىن مۇھىمدۇر. ئەگەر قەلب مەسجىدكە باغلىنىدىكەن، ئەزالارنىڭ قەلبكە ئەگىشىشى ناھايىتى تەبئىيدۇر.

بۇ يەردە مەسجىد بىنا قىلىشنىڭ پەزىلىتى ھەققىدە مۇنداق بىر خۇش خەۋەر بار. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ:« كىمكى ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن قۇش ئۇۋىسىچىلىك بولسىمۇ، بىر مەسجىد بىنا قىلسا، ئاللاھ ئۇ كىشى ئۈچۈن جەننەتتە بىر ئۆي بىنا قىلىدۇ» ئىمام ئەھمەد 1- توم 241- نومۇر.

سوئال : قوش ئۆۋسىچىلىك مەسجىد بارمۇ؟

جاۋاب: يوق. ئەمما بۇنىڭ مەنىسى ئەگەر سىز مەسجىد بىنا قىلىش ئۈچۈن بىر نەچچە يۈەن خەجلەش ئارقىلىق مەسجىد ئىشلىرىغا شىرىك بولسىڭىز، ئاللاھ سىزگە جەننەتتە بىر ئۆي بىنا قىلىدۇ دېگەنلىكتۇر.

سىز ئاللاھنىڭ ساۋاب ۋە ئەۋزەللىكلەرنى يالغۇز بايلار ۋە قول- ئىلكىدە بار كىشىلەرگىلا خاسلاشتۇرماي، ئۇنىڭدىن پېقىر- مىسكىنلەرنى مەھرۇم قىلمىغانلىقىنى ئويلاپ بېقىڭچۇ! پېقىر- مىسكىنلەر بىر ياخشى ئىشقا، ئۆزىنىڭ ئىقتىدارىنىڭ يېتىشىچە قاتناشسا، ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئازغىنە ئىشىغا كۆپ ئەجىر بېرىپ، ئۇ ئىشنىڭ ساۋابىنى كۆپەيتىپ بېرىدۇ. ئاللاھ ناھايىتى سېخىدۇر، ناھايىتى كەرەملىكتۇر.

## ئىككىنچى لىكسىيە: ھەج ۋە ئۆمرە ھەجىنىڭ پەزىلىتى

بۇ قېتىم ھەج ۋە ئۆمرە ھەج قىلىش ھەققىدىكى تېمىنى تاللىغانلىقىمىزدىن ياشلار ھەيران قېلىشى مۇمكىن. ئۇلار : نېمىشقا بىز قىلىشقا قادىر بولالمايدىغان، ھازىرچە قىلمىساقمۇ بولىدىغان بىر ئىبادەت ھەققىدە پاراڭلىشىدىكەنمىز دېيىشى مۇمكىن. مەن دەيمەنكى، ئۇنداق ئەمەس، بىز بۇ ئىبادەت ھەققىدە بىر قانچە نوقتىدىن تورۇپ پىكىر يۈرگۈزىمىز. بۇ نوقتىلار ئىچىدىكى ئەڭ مۇھىمى ھەج قىلىشقا بولغان ئىشتىياقنى نىيەت قىلىشتۇر. بۇ ئۆز نۆۋىتىدە بىر نىشان، خالاس. چۈنكى ھازىر ياشلىرىمىزغا ھەج قىلىش چوڭلارغىلا پەرىزغۇ دېگەن ھىسسىيات ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ بەزىسى قېرىغان ۋاقتىمدا ھەج قىلىمەن دېسە، يەنە بەزىلەر ئەيمەنمەستىن: گۇناھ قىلىپ سالسام، ئاندىن تەۋبە قىلىش ئۈچۈن ھەجگە بارىمەن دەيدۇ.

مەن بۇ قېتىم ھەج توغرىسىدىكى تەبلىغىم ئارقىلىق، ھەج پەرزىنى ئادا قىلمىغان، بولۇپمۇ ھەج قىلىشقا قۇربى يەتسىمۇ يەنىلا ھەج قىلماي كېلىۋاتقانلارنى بۇ پەرىزنى ئادا قىلىشقا، شۇنىڭدەك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەقبەرىسىنى زىيارەت قىلىشقا، شەرىئەت ئەھكاملىرى ۋە ياكى ھەج پائالىيەتلىرى ئەھكاملىرىدىن يىراق ھالدا، ھەج ئارقىلىقلا ھاسىل بولىدىغان روھى تەسىرلەرنىڭ مەنالىرىنى ھىس قىلىپ بېقىشقا ئۈندىمەكچىمەن. ئۇنداق بولسا بىز ھەجنىڭ مەنىسى، مۇزدەلىفەدە تۇرۇش ۋە مىنا دېگەنلەرنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى، ھەج پائالىيتى جەريانىدا قەلبدە نېمىلەرنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقى ۋە ھەج، ئۆمرە ھەج ئارقىلىق ئېرىشىلىدىغان روھى مەنپەئەتلەرنىڭ نېمىلەردىن ئىبارەت بولىدىغانلىقى توغرىسىدا تەھلىل يۈرگۈزۈپ باقايلى.

مەن ياشلاردىن تۆۋەندىكى قۇرلارنىڭ ئۇلار ئۈچۈن خاس ئىكەنلىكى بۇيىچە مۇئامىلە قىلىشنى خالايمەن. ئەقەللىسى، بىزنىڭ قەلبىمىزدە ھەج قىلىمەن،

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەقبەرىسىنى زىيارەت قىلىمەن دېگەندىن ئىبارەت سەمىمىي نىيەتنىڭ بولۇش زۆرۈر. قاچان قەلبىمىزدە بۇ نىيىتىمىز ھەققىدە ئىخلاس كۆرۈلسە، بۇ ئىخلاس بىزنىڭ كېيىنكى يىللاردا ھەج قىلىشىمىزغا تۈرتكە بولىدۇ. بۇ ئاللاھغا ئاساندۇر.

بەلكىم بىرەيلەن: مەن ئېھتىياجىمنى، بالىلىرىمنىڭ ئېھتىياجىنى قامدىيالمايۋاتسام قانداقسىگە ھەج قىلىدىكەنمەن؟ دېيىشى ھەم مۇمكىن. مەن بۇ قېرىندىشىمىزغا دەيمەنكى، سىز نىيەت قىلىڭ، چۈنكى نىيەت قىلىش ھەجنىڭ ئاساسىي روكنىدۇر. مەن يەنە بىر قېتىم سەمىڭلارغا سېلىپ قويايكى، بىز ھەج پەرزىنى ئادا قىلىشقا ئىشتىياق بولسۇن ئۈچۈن، ئىمان بەرپا بولغان قەلبلەردە ھەج ۋە ئۈمرە ھەج قىلىش ھىسسىياتلىرىغا دىققىتىمىزنى مەركەزلەشتۈرىمىز.

## ھەجنىڭ پەزىلىتى

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:« قادىر بولالىغان كىشىنىڭ ئاللاھ ئۈچۈن كەبىنى زىيارەت قىلىشى ئۇلارغا پەرىز قىلىندى، كىمكى ئىنكار قىلىدىكەن( يەنى ھەجنى تەرك ئېتىدىكەن، زىيىنى ئۆزىگە). شۈبھىسىزكى ئاللاھ ئەھلى جاھاندىن ( يەنى ئۇلارنىڭ ئىبادىتىدىن) بىھاجەتتۇر» سۈرە ئال ئىمران 97- ئايەت.

بۇ ئايەتتە ئىنكار قىلىش يەنى كۇپرى كەلىمىسىنىڭ ئىشلىتىلگەنلىكى، ئۆزىنى ئاللاھنىڭ ئىبادىتىدىن بىھاجەت ساناپ، ھەجنى تەرك قىلغۇچىنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى دەلىللەيدۇ.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:« كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا ( ئۇلارنى) ھەجگە چاقىرىپ نىدا قىلغىن، ئۇلار پىيادە ۋە ئورۇق تۆگىلەرگە مىنىپ، ئورۇق تۆگىلەر يىراق يوللارنى بېسىپ كېلىدۇ» سۈرە ھەج 27-ئايەت.

بىز بۇ ئايەتتە « نىدا قىلغىن» دېگەن كەلىمىنى ئۇچرىتىمىز. بۇ، سەن پەقەت ئادەملەرنىڭ قولاقلىرىغا يەتكۈزۈپ قوي، ھەج كەلىمىسىنى ئۇلارنىڭ قولاقلىرىدا جارڭلىتىپ تۇر دېگەنلىكتۇر. شۇڭلاشقا مەن بۇ نىا ئۇلارغا يېتىپ بارغان، لىكىن بۇ يىل ھەج قىلىشقا قادىر بولۇپ تورۇقلۇق بۇ نىداغا جاۋاپ قايتۇرمىغان ئوقۇرمەنلەرنى كېيىنكى يىللىق ھەجگە نىيەت قىلىشنى دەۋەت قىلىمەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« كىمكى ئايالللارغا يېقىنچىلىق قىلماي، گۇناھ-مەسىيەت ئۆتكۈزمەي ھەج قىلسا، ئۇ ئانىسى ئۇنى تۇغقان كۈندىكىدەك ( گۇناھدىن خالىي، پاك ھالىتىدە) قايتىدۇ» بۇخارى 18، 19؛ مۇسلىم 3278؛ تىرمىزى 811؛ ئىمام ئەھمەد 410- نومۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ئۆمرە ھەج يەنە بىر ئۆمرە ھەج ئارىسىدىكى ( گۇناھلارغا ) كاپارەتتۇر، ھەججۇلمەبرۇر( ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا مەقبۇل

بولغان ھەج) نىڭ مۇكاپاتى پەقەت- جەننەتتۇر». « ھەج قىلغۇچىلار، ئۆمرە ھەج قىلغۇچىلار ئاللاھنىڭ ئەلچىلىرىدۇر»

بىز ئادەملەرنىڭ ئۆيلىرىگە كەلگەن ئەزىز مېھمانلىرىنى قانداق قىزغىن قارشى ئېلىپ، ئىستىقبالىغا چىقىدىغانلىقنى بىلىمىز. بۇ قىزغىنلىق ۋە كۈتۈۋېلىش ئىنسانىنىڭ ئىنسانغا قىلغان مۇئامىلىسى. ئەي بۇرادەر! سىز ئۆزىڭىزنى يارتقۇچىڭىزنىڭ مېھمىنى سۈپىتىدە تەسەۋۋۇر قىلىپ بېقىڭچۇ!. مەۋلايىمىز بولغان ئاللاھنىڭ ئۆز مېھمانلىرىنىڭ ھوزۇرىغا قانداق ئىستىقبالىغا چىقىدىغانلىقنى بىز قانداق بىلەلەيمىز؟. سىزنىڭ بۇ كۈتۈۋېلىشنىڭ ھوزۇرىنى بىلىپ باققۇڭىز بارمۇ؟ ئۇنداقتا ھەجگە، ئۆمرە ھەجگە بېرىڭ. ئىنشائاللاھ! شۇ چاغدا سىز ئاللاھنىڭ سىزنى قانداق قىزغىن قارشى ئالغانلىقنى بىلەلەيسىز. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:«ھەج قىلغۇچىلار، ئۆمرە ھەج قىلغۇچىلار ئاللاھنىڭ مېھمانلىرىدۇر. ئەگەر ئۇلار ئاللاھغا دۇئا قىلسا، ئاللاھ ئۇلارنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىدۇ، تىلەكلىرىنى تىلىسە، تىلىكىگە يەتكۈزىدۇ، گۇناھلىرىنىڭ مەغپىرەت قىلىنىشىنى سورىسا، گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىدۇ» ئىبنى ماجىھ 2892- نومۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام :« ئى ئادەملەر! ئاللاھ سىلەرگە ھەج قىلىشنى پەرز قىلدى » دېدى. ساھابىلەر : ئى اللانىڭ ئەلچىسى، ھەر يىلىمۇ؟ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جاۋاب قايتۇرمىدى. ئۇلار يەنە : ئى اللانىڭ ئەلچىسى، ھەر يىلىمۇ؟ دەپ سورىدى.پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام :« ئەگەر ھەئە دېسەم، سىلەرنىڭ ھەر يىلى ھەج قىلىشىڭلار پەرز قىلىنىدۇ، قۇدرىتىڭلارنىڭ يېتىشىچە ھەج قىڭلار» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىسلام دىنىنىڭ بەش ئاساسي روكنىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن:« ئىسلام دىنى- ئاللاھدىن باشقا ئىلاھ يوق، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ بەرھەق ئەلچىسى دەپ شاھادەت ئېيتىش، نامازنى تەئدىل- ئەركان بىلەن ئادا قىلىش، زاكات بېرىش، رامزان روزىسىنى تۇتۇش ۋە قادىر بولالايدىغان ئادەملەرنىڭ بەيتۇللانى ھەج قىلىشدىن ئىبارەت بەش ئاساس ئۈستىگە قورۇلغان» بۇخارى 8-؛ مۇسلىم 114؛ ئىمام ئەھمەد 2- توم 143- نومۇر.

پەيغەمبەرلەرنىڭ كۆپىنچىسى بەيتۇللاھقا ھەج تاۋاپ قىلىش ئۈچۈن كەلگەن بولۇپ، بۇ، ئاللاھنىڭ ئەمرىگە جاۋابەن بەيتۇللاھنىڭ ھۇلىنى سالغان ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامدىن قالغان ئىبادەت ئىكەنلىكىنى دەلىللەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىگە ھەج قىلىش ئۈچۈن كېتىۋېتىپ، مەككە بىلەن مەدىنە ئوتتۇرىسىدىكى بىر ۋادىدىن ئۆتكەندە :« ئى ئەبۇ بەكرى! بۇ ۋادىدىن ھۇد ۋە سالىھلار ئاللاھنىڭ بەيتىنى تاۋاپ قىلىش ئۈچۈن ماڭغان» دېگەن. يەنە بىر رىۋايەتتە:« بەيتۇللاھنى يەتمىش پەيغەمبەر تاۋاپ قىلغان » دېيىلگەن. يەنە بىر رىۋايەتتە:« ئۇلارنىڭ ئارىسىدا مۇسامۇ

بار ئىدى» دېيىلگەن.

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەجنى تەرك قىلغۇچى ھەققىدە تەھدىت خاراكتېرىدە مۇنداق بىر سۆزنى ئېيتقان: ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەن شەھەرلەرنى ئايلىنىپ، ئۆزى باي ھەج ۋاجىب بولغان ئەمما ھەج قىلمىغان كىشىلەرنى تېپىپ، ئۇلارنى جىزيە تۆلەشنى بۇيرۇۋسام دەيمەن.

دېمەك، ھەج ــ ھەج قىلىشقا قادىر بولالايدىغان كىشىلەرگە پەرىزدۇر. سەئىد ئىبنى جۇبەير مۇنداق بىر ئاجايىپ سۆزنى قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ بۇ سۆزى ھەج قىلىشقا قۇربى يەتسىمۇ ھەجنى تەرك قىلغۇچىنىڭ گۇناھىنىڭ نەقەدەر چوڭلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ مۇنداق دېگەن: ئەگەر مەن ئۇزەم ياشاۋاتقان بۇ شەھەردە بار بايلاردىن بىرەر باينىڭ ھەج قىلىشقا قۇربى يەتسىمۇ، ھەج قىلمىغانلىقىنى ۋە شۇ ھالەتتە ئۆلگەنلىكىنى بىلسەم، ئۇنىڭ جىنازا نامىزىنى ئوقىمايمەن. سەئىد ئىبنى جۇبەير سەلەپ ئۆلىمالىرىدىن بىرى ۋە فەقىھدۇر. ئابدۇللا ئىبنى ئابباس ئاللاھنىڭ:« ئۇلارنىڭ بىرىگە ئۆلۈم كەلسە ئېيتىدۇكى‹ ئى پەرۋەردىگارىم! مېنى (دۇنياغا) قايتۇرغىن، مەن قويۇپ كەلگەن مال-مۈلكۈم بىلەن ياخشىلىق قىلىشىم مۇمكىن» ( سۈرە مۆمىنۇن 99- 100- ئايەت) دېگەن سۆزى ھەققىدە مۇنداق دېگەن: مەن قويۇپ كەلگەن مال- مۈلكۈم بىلەن ياخشىلىق قىلىمەن يەنى ئۇ، ئۆزىگە ھەج قىلىشنىڭ ۋە زاكات بېرىشنىڭ ۋاجىب بولغانلىقىنى ئەسلەپ، ھەج قىلىمەن، زاكات بېرىمەن دەيدۇ دېگەنلىكتۇر.

ھەدىسلەردە كېلىشچە، بالا كۆتۈرۈۋالغان بىر ئايال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ: ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! بۇ بالامۇ ھەج قىلامدۇ؟ دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام :« ھەئە، ئەجرى ساڭا بولىدۇ» دېگەن. مۇسلىم 3240- نومۇر.

**ھەج قىلغۇچى قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار:**

ھەج پەرزىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن تەييارلانغان ئادەم، سەپەرگە چىقىشتىن بۇرۇن قىلىشقا تېگەشلىك مۇنداق بىر قانچە مۇھىم ئىش بار:

بىرىنچى: تەۋبە قىلىش. يەنى سىز ھەج قىلىپ ياكى ئۆمرە ھەج قىلىپ قايتقاندىن كېيىن، يەنە نېمە قىلغۇم كەلسە شۇنى قىلىۋېرىمەن دەپ نىيەت قىلىپ تورۇپ، ھەج قىلىشتىن ياكى ئۆمرە ھەج قىلىشتىن ھەزەر ئەيلەڭ. دېمەك، راستچىللىق بىلەن ئاللاھ تەرەپكە قايتىش ئىنتايىن مۇھىمدۇر. ئەگەر سىز قەتئىي ئىرادىگە كەلمىگەن بولسىڭىز، ھەج قىلىپ قايتقاندىن كېيىن يەنە شۇ گۇناھلىق ئىشلىرىمنى قىلىمەنغۇ دېگەن نىيەت بىلەن قانداقسىگە ئاللاھقا مېھمان بولۇپ، ئۇنىڭ ئالدىغا بارىسىز؟ ئۇنىڭغا دۇئا قىلىسىز؟ سىزگە رەھىم قىلىشنى ئۆتۈنىسىز؟

ئالىملاردىن بىرى مۇنداق دەيدۇ: مەن بىر ئادەمنىڭ ھەج قىلىپ قايتقاندىن كېيىن، يەنە بۇرۇنقى ئاللاھقا ئاسىي بولىدىغان ئىشلارنى قىلىشنى نىيەت قىلىپ

تورۇپ، ھەجگە چىقىشتىن ناھايىتى قورقىمەن. ئۇ ئاللاھقا ندا قىلىپ: لەببەيكەللاھۇممە لەببەيك ( ئى ئىلاھىم! مەن سىنىڭ ھوزۇرۇڭغا خوش ئېيتىپ كەلدىم، سىنىڭ ھوزۇرۇڭغا خوش ئېيتىپ كەلدىم) دەيدۇ. ئاللاھ ئۇنىڭغا جاۋابەن : سەن قوبۇل قىلىنمايسەن، مەرھەمىتىمگە ئېرىشەلمەيسەن دەيدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ قەلبىدە ھەجتىن قايتقاندىن كېيىن گۇناھ قىلماسلىق نىيتى يوق. شۇڭلاشقا، راست تەۋبە قىلىش ۋە ئاللاھ تەرەپكە قايتماقلىق ۋە ئى رەببىم! مەن تەۋبە قىلدىم، قىلىپ سالغان گۇناھلىق ئىشلىرىمغا ئۆكۈندۇم، مەن ئەمدى قەتئىي گۇناھلىق ئىشلارغا يولىمايمەن دېيىشى، ھەم ئى رەببىم! مەن قەلبىمدىن ھەر قانداق مەئسىيەتنى، ھەر قانداق شەھۋەتنى، گۇناھلىق ئىشلاردا چىڭ تورۇۋېلىش ۋە ھەر قانداق پىتنىلەرنى چىقىرىپ تاشلىدىم، مانا بۇ ھەج ياكى ئۆمرە ھەج سەپىرىمدىن ئىلگىرى پۈتۈن ۋۇجۇدۇم ساڭا تەئەللۇق بولدى دەپ ئاللاھقا خالىس ئەھدە بېرىشى ئىنتايىن زۆرۈر.

ئىككىنچى: قەرىزلەرنى ئادا قىلىۋېتىش. ھەج سەپىرىگە ئاتلىنىشتىن بورۇن، قەرىزلىرىڭىزنى قايتۇرىۋېتىڭ. ئەگەر تۆلەشكە قادىر بولالمايدىغان قەرىزلىرىڭىز بولسا، قەرىزدارلاردىن رۇخسەت سوراڭ. ئەگەر ئۇلار سىزنىڭ تەلىۋىڭىزگە قوشۇلمىسا، ھەجگە چىقىسىڭىز بولمايدۇ. مانا بۇ ــ دىنىمىزنىڭ ئۇلۇغلىقىدۇر.

ئۈچىنچى: ئامانەتلەرنى ئۆز ئىگىلىرىگە قايتۇرۇپ بېرىڭ. چۈنكى سىز ھەج قىلىش ئۈچۈن سەپەرگە چىقىۋاتىسىز.

تۆتىنچى:زولۇم قىلىپ ئېلىۋېلىنغان نەرسىلەرنى قايتۇرۇپ بىرىڭ. ئەگەر سىز بىرەر ئادەمگە زولۇم قىلىپ يولسىزلىق بىلەن ئۇنىڭدىن بىرەر نەرسە ئېلىۋالغان بولسىڭىز، ئۇ كىشىنىڭ يېنىغا بېرىپ ئېلىۋالغان نەرسىنى قايتۇرۇپ بېرىڭ ۋە ئۇنىڭدىن كەچۈرۈم سوراڭ. ھەتتا سىز سەپەرگە چىقىشتىن ئىلگىرى بەندىلەرنىڭ ھەققىدىن پۈتۈنلەي پاك بولغايسىز.

بەشىنچى : نىيىتىڭىز خالىس بولسۇن. يەنى ھەج قىلىشتىكى مەقسىتىڭىز باشقىلار ئاڭلىسۇن ئۈچۈن، شۆھرەت ئۈچۈن، مەنپەئەتكە ئېرىشىش ۋە تىجارەت ئۈچۈن بولماسلىقى كېرەك.ھەجدە تىجارەت قىلىشقا بولىدۇ. لېكىن، ھەج قىلىشتىكى نىيىتىڭىز ئەسلا تىجارەت ئۈچۈن بولماستىن بەلكى، ئاللاھ ئۈچۈن خالىس ھەج قىلىش بولىشى كېرەك.

ئالتىنچى: ئۇرۇق- تۇققانلار بىلەن ۋىدالىشىش.بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتى. ئۇرۇق- تۇققانلىرىڭىزغا ھەدىستە كەلگەن مونۇ دۇئانى قىلىڭ:« مەن دىنىڭلارنى، ئامانىتىڭلار( ئاللاھ بەندىلىرىگە پەرز قىلغان دىنى ئامانەت- ت) نى ۋە ئەمەلىڭلارنىڭ تۈگەنچىسىنى ئاللاھقا تاپشۇردۇم».

ھەجكە ئۆزىڭىز ماڭغان بولسىڭىز ئايالىڭىز بىلەنمۇ يوقىرىدىكى دۇئانى ئوقۇش

ئارقىلىق خەيرىلىشىڭ.

يەتتىنچى:ئۆيىڭىزدە ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇڭ. بىرىنچى رەكئەتكە« قۇل يا ئەييۇھەلكافىرۇن» سۈرىسىنى، ئىككىنچى رەكئەتكە « قۇل ھۇۋەللاھۇ ئەھەد» سۈرىسىنى ئوقۇڭكى ئۆيىڭىزدىن ئىخلاس ۋە پاك ھالەتتە ئايرىلغايسىز.

سەككىزىنچى: ئۆزىڭىزگە تۆۋەندىكىدەك ۋەدىلەرنى قىلىڭ:

1) ھەج زېمىنىدا گۇناھ ئۆتكۈزمەسلىك؛

2) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننەتلىرىنى قاتتىق ھۆرمەتلەش؛

3) مەقسىتىڭىز ۋە نىيتىڭىز ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىش؛

4) بەزى ئادەملەر قىلغاندەك، بىكار ۋاقتىڭىزنى تىجارەتكە ئەمەس بەلكى ئىبادەت بىلەن ئۆتكۈزۈش، ھەج پائالىيەتلىرى تۈگىگەندە ئاندىن نەپسىنى ئارام ئالدۇرۇش نىيتى بىلەن سودا۔ سېتىق قىلىش؛

5) جىدەل۔ ماجرا قىلماسلىق، تىللاشماسلىق، ئادەملەر بىلەنلا بولۇپ قالماسلىق. تابىئىنلاردىن بىرى ھەجگە ياكى ئۆمرە ھەج قىلغىلى ماڭغاندا مۇنداق دەپ نىيەت قىلاتتى: جەسىدىمنى موسۇلمانلار ئۈچۈن سەدىقە قىلدىم. يەنى ھەجدە بەدىنىم ئارقىلىق موسۇلمانلارنى مۇداپىئە قىلىمەن ۋە ئۇلارغا كېرەكلىك باشقا ئىشلارنى قىلىمەن.

**مەدىنىگە كەلگەندە نېمىلەرنى قىلىش كېرەك**

مەدىنە ھەققىدە سۆزلىگەندە چوقۇم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى زىيارەت قىلىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ. سىز ئۆيىڭىزدىن ئايرىلغاندىن باشلاپ، چوقۇم مەسجىد نەبەۋىنى زىيارەت قىلىشقا خالىس نىيەت باغلىشىڭىز كېرەك. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ:« كىمكى مېنى زىيارەت قىلىپ كەلسە، ئۇنىڭ مېنىڭ يېنىمغا كېلىشتىكى مەقسىتى، پەقەت مېنى زىيارەت قىلىشلا بولسا، قىيامەت كۈنى مېنى ئۇ كىشى ئۈچۈن شاپائەتچى قىلىش ئاللاھنىڭ ھەققى بولۇپ قالىدۇ». تەبرانى 2۔ توم 291؛ زۇبەيدى 4۔ توم 416۔ نومۇر.

سىز مەسجىد نەبەۋىدە زىيارەتتە بولغاندا، بۇ زىيارەتنى ھەقىقى ئۈچرىشىش دەپ تونۇشىڭىز كېرەك. يەنى سىز بۇ مەسجىدكە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەقبەرىسىنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن كەلدىم دەپ قارىماستىن، بەلكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزى بىلەن ئۇچراشقىلى كەلدىم دەپ بىلىشىڭىز كېرەك. بۇ سۆزىمىزنىڭ دەلىلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۆۋەندىكى سۆزىدۇر:«كىمكى ماڭا سالام يوللىسا، ئاللاھ سالام قىلغۇچىنىڭ سالامىنى ماڭا يەتكۈزىدىغان سەييارە پەرىشتىلەرنى بەلگىلەيدۇ». يەنە بىر ھەدىستە مۇنداق دېيىلىدۇ:« قانداقلا بىر كىشى ماڭا دۇرۇت( رەھمەت ۋە سالام) ئېيتسا، ئاللاھ ماڭا روھىمنى قايتۇرىدۇ۔ دە مەن

ئۇنىڭغا سالام قايتۇرىمەن». دېمەك، سىزنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بولغان ئالاقە ۋە مۇناسىۋىتىڭىزنىڭ رېئال ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىشىڭىز ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىشقا ئىشتىياق باغلىشىڭىز لازىم بولىدۇ.

ساھابىلەرنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بولغان ئىشتىياقىنىڭ قايسى دەرىجىدە ئىكەنلىكىنى بىلىپ باققۇڭىز بارمۇ؟ قېنى ئەمىسە، تۆۋەندىكى قۇرلارغا كۆز يۈگۈرتۈڭ:

بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سەكراتتا ياتاتتى. ئۇنىڭ ئايالى بېشىدا تۇرۇپ: ئاھ! بۇ نېمە كەلگۈلۈك ئەمدى، دەۋاتاتتى. بىلال ئۇنىڭغا: ئۇنداق دېمە، لېكىن، بۇ قانداق خۇشاللىق ئىش- ھە! دېگىن.. چۈنكى مەن ئەتە مەھبۇبلىرىم مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بىلەن مۇلاقەت بولىمەن ئەمەسمۇ دەيتتى.

قاتناش ۋاستىلىرىنىڭ تەرەققى قىلىش بىلەن، سىزنىڭ يىراق مۇساپىلەرنى بىر نەچچە سائەتتە بېسىپ بولىشىڭىز ئادەتتىكى ئىش بولۇپ قالدى. شۇڭلاشقا سىز ئۆيىڭىزدىن چىققاندا: مەن بىر نەچچە سائەتتىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ساھابىلەر بىلەن ئۇچرىشىمەنغۇ دەپ ئىشەنچ قىلىشىڭىز كېرەك. شۇنى تەسەۋۋۇر قىلىپ بېقىڭچۇ: سىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇچرىشىپ ئۇنىڭغا سالام بېرىۋاتىسىز، ئۇمۇ سىزگە نامىڭىزنى ئاتاپ تورۇپ جاۋاب سالام بېرىۋاتىدۇ، چۈنكى ئۇ سىزنى تونۇيدۇ ۋە سىزگە: ئامانلىق بولسۇن ساڭا ئەي پالانى دەيدۇ.

ساھابىلەرنىڭ پەيغەمبىرىمىزگە بولغان ئىشتىياقىدىن يەنە بىر مىسال:

ساھابىلەردىن بىرى مەدىنىدە، ئۇنىڭ ئانىسى مەدىنىنىڭ سىرتىدا ياشايتتى. بىر كۈنى ئانا كېسەل بولۇپ قالدى. ئوغلى ئۇنى يوقلاپ كەلمەكچى بولدى. ئۇ ئۈچ كۈنگىچە ئانىسىنىڭ ئۆيىگە بېرى- كىلىپ تۇردى. بۇنىڭدىن ئەجەبلەنگەن ئايالى ئۇنىڭدىن نېمىشقا شۇنداق قىلىدىغانلىقى ھەققىدە سورىغاندا، ئۇ جاۋاب بېرىپ: مەن مەدىنىدىن ئايرىلغان ۋاقتىمدا قەبزى روھ قىلىنىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆزىدىن يىراق بىر جايدا ئۆلۈپ قېلىشىمدىن ئەنسىرەيمەن دېدى.

سىز ئۆزىڭىزدىن سوراپ بېقىڭ: مىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇچرىشىشىم سوغۇق ئۇچرىشىش بولۇپ قالارمۇ؟، مەن ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى دەپ قويۇپلا كېتىپ قالارمەنمۇ؟ مىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بولغان ئالاقەم ھەج ياكى ئۆمرە ھەجنى تولۇق ئادا قىلىشتىكى بىر شەكلەن ئىشقا ئايلىنىپ قالارمۇ؟. جاۋاب: ياق. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ياخشى كۆرۈش بىزگە پەرز قىلىنغان. ھەممىيلەنگە مەلۇمكى، ئاللاھنى، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنى، ئىسلامنى ۋە مۆمىنلەرنى ياخشى كۆرۈش نەپلى ئىش بولماستىن بەلكى پەرىزدۇر. شۇڭلاشقا پەيغەمبەرگە بولغان مۇھەببىتىڭىز رەسمىيەتتىكى مۇھەببەت بولۇپ

قىلىشىدىن ھەزەر ئەيلىشىڭىز كېرەك.

مەسجىد نەبەۋىدە تۇرغان ۋاقتىڭىزدا سىز خۇددى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىدا تۇرۇۋاتقاندەك كەمتەرلىك ۋە ئەدەب بىلەن تۇرىشىڭىز كېرەك. جابىر ئىبنى ئابدۇللانىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەققىدىكى مۇنۇ سۆزلىرى يادىڭىزدا بولسۇن. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن بىر كۈنى كېچىدە كېتىۋاتاتتىم. ئۇ كۈنى ئاي تولۇن بولغان ئىدى. تويۇقسىز ئالدى تەرەپتىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام چىقىپ كەلدى. مەن بىر ئايغا، بىر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قارىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا ئايدىنمۇ چىرايلىقراق كۆرۈنۈپ كەتتى.

مانا بۇ مۇھەببەت! مانا بۇ ئۇلۇغلاش!

مەن بىر ئادەمنىڭ ھەجدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇچراشقىلى كېتىۋېتىپ يىغلىغىنىچە: ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! سەن مېنى شۇنداقمۇ يالغۇز تاشلاپ قويدۇڭغۇ دەۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغان ئىدىم. مەن يەنە بىر ئادەمنى كۆردۈم. ئۇنىڭ يېنىدا بىر كىچىك بالا بار ئىدى. ئۇ كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ( مەقبەرىسى) يېنىدا يىغلاشقا باشلىدى. مەن ئۇنىڭغا: « ئى مۆمىنلەر! ( رەسۇلۇللاغا سۆز قىلغان چېغىڭلاردا) ئاۋازىڭلارنى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاۋازىدىن يۇقىرى كۆتۈرمەڭلار، سىلەر بىر- بىرىڭلار بىلەن ( توۋلاپ) يۇقىرى ئاۋازدا سۆزلەشكەندەك، پەيغەمبەرگە ( توۋلاپ) يۇقىرى ئاۋازدا سۆز قىلماڭلار، ( ئۇنداق قىلساڭلار) ئۆزلىرىڭلار تۇيماستىن ( قىلغان ياخشى) ئەمەللىرىڭلار بىكار بولۇپ كېتىدۇ» دېگەن قۇرئان ئايىتىنى ئوقۇپ بەردىم ۋە ئۇنىڭغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا ئاۋازنى كۆتۈرۈشنىڭ سالىھ ئەمەللەرنى بىكار قىلىۋېتىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ قويدۇم. مەن يەنە بىر كىشىنىڭ مۇنداق دەۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدىم: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇچراشقان ۋاقتىمدىكى ھاياجاندىن ئۇزۇمنى تۇتۇۋالالماي يىغلاپ سېلىشىم، ئاۋازىمنىڭ كۆتۈرۈلۈپ كېتىپ، ئەمەللىرىمنىڭ بىكار بولۇپ كېتىشىدىن ئەنسىرەۋاتىمەن.

بىر ئادەم ئۆزىنىڭ ئەڭ چىرايلىق كىيىملىرىنى كىيىپ، ئەڭ ئېسىل ئەتىردىن چېچىپ تەييارلىق قىلغاندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن كەلدى. بىز ئۇنىڭغا: مەسجىد قولۇپلىنىپ بولدى، سىز بېرىپ ئۇخلاڭ ياكى بازار ئايلىنىڭ دېگەن ئىدۇق. ئۇ ناھايىتى جىددىي كەيپىياتتا: مەدىنىگە كېلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن كۆرۈشمەي تۇرۇپ، باشقىلار بىلەن ئۇچراشسام، ئۇنىڭ بىلەن مۇلاقات بولماي تۇرۇپ باشقا ئىش قىلسام بولمايدۇ دېدى- دە مەسجىد ئىشىكى ئالدىدا ئولتۇردى. ئۇنىڭغا ئۇيقۇ غالىپ كېلىپ ئۇخلاپ قالدى. نەتىجىدە ئۇ كىشى مەسجىد ئىشىكى ئېچىلىپ ئىككى سائەتتىن كېيىن ئويغاندى. ئۇ چۆچۈپ

ئورنىدىن تۇردى ۋە: مەن پەيغەمبىرىمگە نېمە دەيمەن؟ كېچىكىپ قالدىم دەيمەنمۇ؟ ئۇنىڭغا : ئۇخلاپ قاپتىمەن دەيمەنمۇ؟ دەپ يىغلاپ كەتتى.

ئەي ئوقۇرمەن بۇرادەر!

سىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ، كۆڭلىڭىزگە كەچكەن ھىسسىياتلىرىڭىزنى ئېيتىڭ. ئۇنىڭغا ئۇنى ھەقىقى ياخشى كۆرىدىغانلىقىڭىزنى ئىپادىلەڭ، ئۇنىڭغا ئۇنىڭ سۈننىتىنى ھايات مىزانىڭىزغا ئايلاندۇرماقچى بولغان بولسىڭىزمۇ، ئۆزىڭىزنىڭ ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن، ھەركەتلىرىدىن تېخى خېلىلا يىراقتا ئىكەنلىكىڭىزنى ئېيتىڭ، ئۇنىڭغا بۈگۈندىن باشلاپ ئۆزىڭىزدە ئۇنىڭ مۇھەببىتى، سۈننىتى ۋە ئالاقىسىگە قارىتا بورۇنقىدىن باشقىچە كۈچىيىشنىڭ بولىدىغانلىقىغا ۋەدە بېرىڭ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن مۇڭدىشىپ بولغاندىن كېيىن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەقبەرىسىنىڭ تېمىنى سىلاش ياكى سۈيۈشكە ئوخشاش شەرىئەتتە چەكلەنگەن ئىشلارنى قىلىپ سېلىشتىن ئۆزىڭىزنى ساقلاڭ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن دۇنيالىق ھاجەتلىرىڭىزنى ئادا قىلىپ قويۇشنى تەلەپ قىلماڭ. ئۇنىڭ مەقبەرىسى ئالدىدا ئاللاھغا يۈزلىنىپ دۇئا قىلماڭ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى زىيارەت قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئوڭ تەرىپىڭىزگە بىر قەدەم ئالىسىڭىز، تۇنجى خەلىپە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەككىدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلغان ۋاقتىدىكى ھەمراھى ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قەبرىسىنى تاپىسىز. ئۇنىڭغا: ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسىنىڭ ئورۇنباسارى! ئى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنكە دېگەندەك سالاملارنى بېرىڭ. ئاندىن كېيىن ئوڭ تەرەپكە يەنە بىر چامدىسىڭىز ئىككىنچى خەلىپە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قەبرىسى يېنىغا كېلىسىز. ئۇنىڭغىمۇ سالام بىرىپ بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەقبەرىسىنى ئارقىڭىزدا قالدۇرۇپ، ئاللاھقا دۇئا قىلىڭ، چۈنكى بۇ يەردە قىلىنغان دۇئا ئىجابەت قىلىنىدۇ.

**رەۋزەنىڭ پەزىلىتى**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زىيارىتىدە بولۇپ بولغاندىن كېيىن، رەۋزەگە كېلىسىز. ئۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« قەبرەم بىلەن مۇنبىرىم ئوتتۇرىسىدىكى جاي بولسا جەننەت باغچىلىرىدىن بىر باغچىدۇر» بۇخارى 1888؛ ئىمام ئەھمەد 3- توم 64- نومۇر نومۇر.

رەۋزەنىڭ ئورنى بەك چوڭ ئەمەس بولۇپ، بۇ يەرگە يېشىل گىلەم سېلىنغان. مەسجىدىنىڭ باشقا جايلىرىغا قىزىل گىلەم سېلىنغان. سىز رەۋزەگە موسۇلمانلارنىڭ قىستىلىشىپ كەتكەنلىكىنى، پۇت قويغۇدەك جاي تاپقىلى بولمايدىغانلىقىنى بايقايسىز. چۈنكى رەۋزەدە ئولتۇرغان ئادەمنىڭ دۇنيالىق ھاجىتى بولمايدۇ. قەلبى

خاتىرجەملىككە توشۇپ، مۇلايىملىشىپ كېتىدۇ. بۇ ئورۇن بولسا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرى ئولتۇرغان ئورۇندۇر. رەۋزە ئايالالار ئۇچۇن ئەتىگەندە ئىككى- ئۈچ سائەت ئەتراپىدا ئېچىلىدۇ. ئەي موسۇلمان ئاچا- سىڭىللار! رەۋزەدە ئولتۇرۇش پۇرسىتىنى قولدىن بېرىپ قويماڭلار.

**ئائىشە تۈۋرۈكى**

بۇ رەۋزەدىكى تۈۋرۈكلەر بولۇپ، مەزكۇر تۈۋرۈكلەرگە «ئائىشە تۈۋرۈكى» دېگەن خەت يېزىپ قويۇلغان. بۇ تۈۋرۈكلەر بولسا دەل پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئائىشىنىڭكىدە تۇرغاندا سۈننەت نامازلارنى ئوقۇيدىغان جايدۇر.

بۇ تۈۋرۈكلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە مۇنداق بىر ۋەقەلىك بار. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ جىيەنى ئۇرۋە ئىبنى زۇبەير بىر كۈنى تابىئىنلاردىن ئىككى كىشى بىلەن ئولتۇرۇپ، ئۆز- ئارا بىر- بىرىگە : پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۈننەت نامازلارنى ئوقۇيدىغان ئورۇن قايەردۇ؟بىزمۇ مەسجىدنىڭ ئىچىدە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ناماز ئوقۇغان يەردە ناماز ئوقۇغان بولساق دېيىشتى. ئۇلار ئۇ ئورۇننىڭ زادى نەدە ئىكەنلىكىنى بىلەلمىدى. ئۇرۋە بىردەم سۈكۈت قىلغاندىن كېيىن، ھاممىسى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ يېنىغا كىردى. ئۇنىڭ بىلەن بىرگە تۇرغانلار: ئۇرۋە ئائىشە رەزىيەللاھۇئەنھادىن بۇ توغرۇلۇق سورىغىلى كىرىپ كەتتى، ئۇنىڭ نېمە دەيدىغانلىقىغا قاراپ، شۇ بۇيىچە ئىش قىلايلى دېيىشتى. ئۇرۋە ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ يېنىدىن چىقىپ، بۇ تۈۋرۈكنىڭ يېنىغا كېلىپ، نامازغا تۇردى. ئۇ نامازدىن پارىغ بولغاندىن كېيىن، ھېلىقى ئىككى كىشىمۇ كېلىپ ناماز ئوقۇشقا تۇتۇندى. ئۇلار نامىزىنى ئاخىرلاشتۇرغاندىن كېيىن ئۇرۋە ئۇلارغا: بىلىۋالدىڭلارمۇ؟ ماڭا ئانام ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۈننەت نامازلانى ئوقۇيدىغان ئورۇننىڭ مۇشۇ يەر ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بەردى دېدى.

ئي مۆمىن بۇرادەر! كىلىڭ، بۇ يەردە ناماز ئوقۇڭ. ناھايىتى ئېنىقكى، سىزنىڭ پىشانىڭىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سەجدە قىلغان ئورۇنغا تېگىدۇ( سەجدە قىلىدۇ). پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنبىرىگە قاراڭ، ئۇنىڭ بۇ مۇنبەردە تۇرۇپ موسۇلمانلارغا ۋەز- نەسىھەت قىلىۋاتقان ھالىتىنى تەسەۋۋۇر قىلىڭ. مەسجىد نەبەۋىدە مۇمكىنقەدەر ئۇزۇنراق تۇرۇپ، ناماز ئوقۇشقا تىرىشىڭ. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« مېنىڭ مەسجىدىمدە ئوقۇلغان بىر قېتىملىق ناماز( پەزىلەت جەھەتتە) باشقا مەسجىدلەردە ئوقۇلغان مىڭ قېتىملىق ناماز بىلەن باراۋەردۇر» بۇخارى1190؛ مۇسلىم 3645؛ تىرمىزى 325؛ ئىمام ئەھمەد 4- توم 25- نومۇر.

ھەم شۇنداقلا بۇ مەسجىدتە ئېتىكاپقا كىرىشنى نىيەت قىلىڭ. مەسىلەن: ئەسىر

نامىزىدىن خۇپتەن ۋاقتىغىچە دېگەندەك.

مەسجىد نەبەۋىدە بامدات نامىزى ئوقۇش ئۈچۈن مەسجىدكە بورۇن بېرىشىڭىز كېرەك. سىز موسۇلمانلارنىڭ بۇ مەسجىدكە بالدۇر كېلىش جەھەتتە بەسلىشىۋاتقاندەك ئاجايىپ بىر ھالەتنى بايقايسىز. سىز ئۆزىڭىزگە : مەسجىدگە ئەڭ ئاۋۋال بارغان ئادەم مەن بولىمەن دەپ ۋەدە قىلىپ، ئەتىسى سەھەردە ناھايىتى بالدۇر ئورنىڭىزدىن تۇرۇپ مەسجىدگە كەلسىڭىز، مەسجىدكە سىزدىن ئىلگىرى ئاللىقاچان بىر توپ موسۇلمان بۇرادەرلەرنىڭ كېلىپ بولغانلىقىنى ھىس قىلىسىز. ئۇلار ناماز ئوقۇۋاتقان، قۇرئان تىلاۋەت قىلىۋاتقان ۋە ئاللاھدىن قورقۇپ كۆز يېشى قىلىۋاتقان. مەسجىد ئىچىدىكى بۇ ئاجايىپ مەنزىرىدىن قەلبىڭىز لەرزىگە كېلىدۇ.

مەن بۇ يەردە سىلەرگە يەنە بىر ئىشنى ئېيتىپ قويۇشنى ياقتۇرىمەن: ئۇ بولسىمۇ مەسجىدكە بابۇ جىبرىئىل ( جىبرىئىل ئىشىكى) دىن كىرىشتۇر. دەل مانا مۇشۇ ئىشىكتىن جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام مەسجىدكە كىرىپ، موسۇلمانلارغا دىن ئىشلىرىنى ئۆگەتكەن ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئىسلام، ئىمان ۋە ئېھسان توغرۇلۇق سوئال سورىغان.

**مەدىنىنىڭ پەزىلىتى**

مەدىنىنىڭ پەزىلىتى ھەققىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ئىمان چوقۇم مەدىنىگە قاچىدۇ، خۇددى يىلان ئۆزىنىڭ ئۇۋىسىغا قاچقاندەك». بۇخارى 1876؛ مۇسلىم 372؛ ئىبنى ماجەھ 3111- نومۇر.

سىز مەدىنىدە ۋاراڭ- چۇرۇڭ قىلماي ئاستا ۋە ئەدەب بىلەن مېڭىشىڭىز كېرەك. نېمىشقا؟ چۈنكى سىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ساھابىلەرنىڭ ئىزىدىن كېتىۋاتىسىز. بۇ ھەقتە مۇنداق بىر ئىشنى سۆزلەپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولۇپ كەتكەندىن كېيىن، ئابدۇللا ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما بىر كۈنى يولنى توسۇپ تۇرىدىغان بىر تۈپ دەرەخنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى. شۇ چاغدا بىر تۈركۈم كىشىلەر كېلىپ، دەرەخنىڭ ئوڭ تەرىپىدىن ئۆتتى. ئابدۇللا دەرەخنىڭ ئوڭ تەرىپىدىن ئايلىنىپ، دەرەخنى بىر چۆرگىلىدى-دە، دەرەخنىڭ شىمالىي تەرىپىدىن چىقىپ مېڭىپ كەتتى. ھېلىقى ئادەملەر ئۇنىڭغا: بۇ نېمە قىلغىنىڭ؟ دېيىشتى. ئابدۇللا ئۇلارغا: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ جايدىن ئۆتكەندە موشۇنداق قىلغان ئىدى، شۇڭلاشقا مەنمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىلغان ئىشنى قىلىشنى ياخشى كۆردۈم، ئېھتىمال مىنىڭ قەدىمىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەسسىگەن جايغا تەگسە، ئەجرىگە ئېرىشسەم ئەجەپ ئەمەس دېدى.

مەدىنىدىكى ۋاقتىڭىزدا يېمەك- ئىچمەك، ئاپتۇۋۇزغا چىقىپ- چۈشۈش، ئۇخلاش ۋە باشقا بارچە ئىشلاردا سۈننەت بۇيىچە ئىش كۆرىشىڭىز كېرەك. پەيغەمبەر

ئەلەيھىسسالامنىڭ يوقىردا تىلغا ئېلىنغان ئىشلار ھەققىدە سۆزلىگەن سۆزلىرى، ھەركىتى ۋە ئېتىراپ قىلىشلىرى بار. شۇنداقلا سىز ئوھۇد تېغىغا بېرىشنى ئۇنتۇپ قالماڭ. ياخشىسى ئوھۇد غازىتىنىڭ تارىخىنى ئوقۇغان ۋە بۇ غازات ھەققىدە مەلۇماتى بار ئادەم بىلەن بىرگە بېرىڭ. ئۇ سىزگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ساھابىلەرنىڭ قانداق جىھاد قىلغانلىقىنى كۆرسىتىپ قويسۇن. شۇندىلا سىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ساھابىلەرنىڭ بۇ دىننى سىزگە يەتكۈزۈش ئۈچۈن قانچىلىك قۇربانلىق بەرگەنلىكىنى ھىس قىلالايسىز.

ئوھۇد تېغى ھەققىد پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ئوھۇد تېغى جەننەتنىڭ ( تاغلىرىدىن بىر تاغدۇر)»، « ئوھۇد تېغى بىزنى ياخشى كۆرىدۇ، بىزمۇ ئۇنى ياخشى كۆرىمىز» بۇخارى 4083، ئىمام ئەھمەد 3ـ توم 149؛ مۇسلىم 3359ـ نومۇر.

سىز ساھابىلەر دەپنە قىلىنغان بەقىئ قەبرىستانلىقىنى زىيارەت قىلىشنى ھەم ئۇنتۇپ قالماڭ.

**مەككىگە ئاتلىنىش**

ئۆمرە ھەج پائالىيەتلىرىنى مەككىدە باشلاپ، يەنە شۇ يەردە ئۆمرە ھەج دىن چىقسىز. ئاندىن پەرىز ھەج بىلەن نەپلە ھەجنى بىرلەشتۈرۈپ قىلىش ( تەمەتتۇئ ) نى نىيەت قىلىپ زۇلھەججە ئېيىنىڭ 8ـ كۈنىنى ساقلاپ تۇرىمىز. زۇلھەججىنىڭ 8ـ كۈنى ھەج رەسمىي باشلىنىدۇ.

ئۆمرە ھەج پائالىيەتلىرىنى مەدىنىدىن باشلايسىز. ئۆمرە ئېھرام باغلاش بىلەن باشلىنىدۇ. ئۆمرىگە ئېھرام باغلايدىغان ئورۇن، مەدىنىدىن تەخمىنەن 20كىلومىتىر يىراقتىكى ئەبيار ئېلىي دېگەن جايدۇر. ئېھرامغا كىرىشتىن ئىلگىرى غۇسلى قىلىسىز. نېمە ئۈچۈن؟ ئىچىڭىزدىكى ۋە سىرتىڭىزدىكى بارچە گۇناھلاردىن پاكلىنىشىڭىز ئۈچۈن. غۇسلى قىلىپ بولغاندىن كيىن ئېھرام كيىمنى كيىسىز. ئېھرام دېگىنىمىز يىڭنىدە تىكىلمىگەن بىر ئىشتان ۋە بىر رىدادىن ئىبارەت. ئېھرام بىلەن دۇنيا مەشغۇلاتلىرىنى، ئۆزىڭىزنىڭ كىمنىڭ ئەۋلادى ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ، ئۆزىڭىزدە كەمتەرلىكنى ۋە ئاللاھنىڭ ئالدىدا ىار ئىكەنلىكىڭىزنى يېتىلدۈرۈڭ. ئېھرام بىلەن ئۆلۈمنى ئەسلەڭكى، ئېھرام كېپەنلىككە ئوخشاشتۇر.

ئېھرام باغلاپ بولغاندىن كيىن قۇبا مەسجىدىگە كىلىپ، ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇيسىز. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« كىمكى ئۆيىدە تاھارەت ئېلىپ قۇبا مەسجىدىگە كىلىپ ئىككى رەكئەت ناماز ئوقىسا، ئۇنىڭغا ئۆمرە ھەج قىلغانىنىڭ ئەجرى بولىدۇ » نىسائىي 698؛ ئىبنى ماجىه 1412ـ نومۇر.

ئۆمرە ھەجگە نىيەت قىلىپ غۇسلى قىلغان، ئاندىن ئېھرام باغلاپ تۇنجى

كىرىدىغان مەسجىد قۇبا مەسجىدىدۇر. ئېھرام باغلىغان ۋاقتىڭىزدا بېشىڭىزغا بىرەر نەرسە كىيىشكە بولمايدۇ. ئەمما كۆنلۈك بىلەن سايدىسىڭىز جائىزدۇر. چېچىڭىزنى ۋە تىرناقلىرىڭىزنى ئالمايسىز، ئەتىر ئىشلەتمەيسىز.

ئەبيار ئەلىدىن مەككىگە قاراپ يولغا چىقىسىز. بۇ يەر بىلەن مەككە ئارلىقىدىكى مۇساپە 480 كىلومىتىر بولۇپ، سىز بۇ مۇساپىنى : لەببەيكەللاھۇممە لەببەيك، لەببەيكە لا شەرىيكە لەكە لەببەيك، ئىننەلھەمدە ۋەننىئمەتە لەكە ۋەلمۇلكە لا شەرىيكە لەكە ( ئى ئىلاھىم! سىنىڭ ئىتائىتىڭدىمەن، سىنىڭ ئىتائىتىڭدىمەن، سىنىڭ ئىتائىتىڭدىمەن، سىنىڭ شېرىكىڭ يوق، سىنىڭ ئىتائىتىڭدىمەن،، پۈتۈن ھەمدۇ-سانا ۋە ماختاشلار ساڭا خاستۇر، ھەممە سىنىڭ مۈلكۈڭدۇر، سىنىڭ شېرىكىڭ يوق) دەپ تەلبىيە ئېيتقان ھالەتتە باسىسىز. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ مۇساپىنى بىر نەچچە كېچە- كۈندۈز زېرىكمەستىن، مالال بولماستىن تۈگە بىلەن باساتتى. ھازىر بىز بۇ مۇساپىنى تۆت سائەت ئەتراپىدا بېسىپ بولىمىز. يول ئۈستىدە ئۇچراتقان ھەر بىر شەيئىنىڭ قىيامەت كۈنى ئاللاھنىڭ ئالدىدا سىز ئۈچۈن گۇۋاھلىق بېرىشى ئاللاھنىڭ مەرھەمىتىدۇر. يول ئۈستىدە كېتىۋاتقان ۋاقتىڭىزدا كەئبىنى كۆرۈش، ئاللاھ بىلەن مۇلاقات بولۇش ۋە جەننەتكە بولغان ئىشتىياق كۈچىيىپ بارىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ھەقىقەتەن جەننەتنىڭ پۇرىقىنى 500 يىللىق يىراق مۇساپىدىن پۇرىغىلى بولىدۇ». كەئبىگە بولغان ئىشتىياقىڭىز كۈچىيىشكە ئەگىشىپ كەئبىنى كۆرگەندەك بولىسىز ۋە كەئبىنىڭ بىنا بولۇش قىسسىسىنى ئەسلەيسىز. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: « ھەقىقەتەن ئىنسانلارغا ( ئىبادەت ئۈچۈن ) تۇنجى بىنا قىلىنغان ئۆي ( يەنى بەيتىللا ) مەككىدىدۇر» ئال ئىمران 96- ئايەت.

مەككىنىڭ بەككە دەپ ئاتىلىشى بۇ جايدا ئاللاھ ئۈچۈن كۆپ ياش تۆكۈلىدىغانلىقى ئۈچۈندۇر. گۇناھ- مەئسىيەتلىرىڭىز ۋە خاتالىقلىرىڭىزدىن قايغۇرۇپ ياش تۆكمەستىن مەككىگە كىرىشتىن ساقلىنىڭ.

مەككىدىكى بەيتىللاھنىڭ پەزىلىتى ھەققىدە ئاللاھ مۇنداق دېگەن:« ئۆز ۋاقتىدا بىز كەبىنى كىشىلەر ئۈچۈن جەم بولىدىغان جاي ۋە ئامان جاي قىلىپ بەردۇق» سۈرە بەقەرە 125- ئايەت.

ئادەملەر كەئبىنى قانچە كۆپ زىيارەت قىلغانسىرى، ئۇنىڭغا بولغان ئىشتىياقى شۇنچە كۈچىسىپ بارىدۇ. كەئبىنى بىر زىيارەت قىلغان ئادەمنىڭ كەئبىگە بولغان ئىشتىياقى تۇنجى قېتىمدىكىدىن كۈچلۈك بولىدۇ. بۇ قەلبكە تاشلىنىدىغان ئاجايىب بىر ئىش.

بەيتىللاھ ھەرامىدا ماقامى ئىبراھىمنى كۆرىسىز، بۇ ھەقتە ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ : « (

كىشىلەرگە) ماقامى ئىبراھىمنى نامازگاھ قىلىڭلار ( يەنى شۇ يەردە ناماز ئوقۇڭلار دېدۇق)» سۈرە بەقەرە 125- ئايەت.

ماقامى ئىبراھىم- ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ بەيتىللانى بىنا قىل دېگەن ئەمرىگە جاۋابەن، بەيتىللاھنى سالغان ۋاقتىدا تۇرغان جاي بولۇپ، ئۇنىڭ بۇ تاش ئۈستىدە ناھايىتى كۆپ تۇرغانلىقىدىن ئىككى قەدىمىنىڭ ئىزى چۈشۈپ قالغان.

**مەككە شەرىفكە كىرىش**

بەيتىللا تېمىنى كۆرگەن ۋاقتىتا ئاللاھغا يۈزلىنىپ دۇئا قىلىشنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالماڭ. بۇ چاغدا پەيغەمبىرىمىزدىن كەلگەن مونۇ دۇئانى قىلىڭ: ئاللاھم زد هذا البيت تشريفا و تعظيما و تكريما و مهابه و امنا و زد من زاره و من حجه و من اعتمره تشريفا و تعظيما و تكريما و مهابه و امنا ( ئى ئاللاھ ! بۇ ئۆينى تېخىمۇ شەرەپلىك، تېخىمۇ ئۇلۇغ، تېخىمۇ ھۆرمەتلىك، تېخىمۇ ئابرويلۇق ۋە تېخىمۇ خاتىرجەم قىلغىن، ئۇنى زىيارەت قىلغان، ئۇنىڭدا ھەج قىلغان ۋە ئۆمرە ھەج قىلغانلارنىڭ شەرىپىنى، ئۇلۇغلۇقىنى، ھۆرمىتىنى، ئابرويىنى ۋە خاتىرجەملىكىنى تېخىمۇ زىيادە قىلغىن).

بۇ مىنۇتلاردا دۇئا ئىجابەت قىلىنىدۇ. ئەي مۆمىن بۇرادەر ! سىز بۇ مىنۇتلارغا تەييارلىق قىلىشىڭىز، ئۆزىڭىز ئۈچۈن تاللانغان دۇئالارنى قىلىشىڭىز كېرەك. ئاللاھ سىزنى ھۆرمەتلەپ ئۆز دەرۋازىسى ئالدىغا ئېلىپ كەلدى. ئۇنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدىكى خۇشاللىقتا ھازىرلىق قىلىڭ. سىز ھازىر بەيتىللا ھەرامنى تاۋاپ قىلىسىز. سەمىڭىزدە بولسۇنكى، بەيتىللانى تاۋاپ قىلىش ناماز ئوقىۋاتقان بىلەن ئوخشاش. تاۋاپ باشقا مەسجىدلەردە ئوقۇلغان ئىككى رەكئەت تەھىييەتۇل مەسجىد نامىزى بىلەن باراۋەر. تاۋاپ- سىزنىڭ ئاللاھنىڭ ئالدىدىكى خارلىقىڭىزنىڭ ۋە ئۇنىڭغا ئۆزىڭىزنى تاپشۇرغانلىقىڭىزنىڭ سىمۋولى. تاۋاپ قىلغاندا « ئى رەببىم! مەن بىر بىچارە مىسكىن بەندەڭ، سېنىڭ ھوزۇرۇڭغا رەھمىتىڭنى تىلەپ يالىڭاياق كەلدىم» دەڭ. تاۋاپنى گۈزەل مەنىلەرگە ئىگە قىلىشىڭىز كېرەك. ھەر بىر ئايلىنىشنى بىر ئەمەلگە خاسلاشتۇرۇڭ. مەسىلەن: بىرىنچى قېتىم ئايلانغاندا ئىستىغپار ئېيتىڭ، ئىككىنچى قېتىم ئايلانغاندا ئۆزىڭىزگە ۋە ئورۇق- تۇققانلىرىڭىزغا ئاتاپ دۇئا قىلىڭ، ئۈچىنچى قېتىم ئايلانغاندا ئاللاھقا زىكرى ئېيتىڭ، تۆتىنچى قېتىم ئايلانغاندا ئاللاھنىڭ سىزنى ياراتقاندىن تارتىپ تاكى ئۆزىنىڭ بەيتىگە ئېلىپ كەلگەنگە قەدەر ئاللاھنىڭ سىزگە ئاتا قىلغان نېمەتلىرىنى ئەسلەڭ، بەشىنچى قېتىم ئايلانغاندا مەغرىپتىكى ۋە مەشرىقتىكى بارلىق موسۇلمانلار ئۈچۈن، ئىسلامنىڭ ۋە موسۇلمانلارنىڭ نۇسرەتكە ئېرىششى ئۈچۈن دۇئا قىلىڭ، ئالتىنچى قېتىم ئايلانغاندا مەخسۇس ئاتا- ئانىڭىزنىڭ ھەققىدە دۇئا قىلىڭ، يەتتىنچى قېتىم ئايلانغاندا ئاللاھنىڭ بۇ ئەمىلىڭىزنى مەقبۇل قىلىشنى تەلەپ قىلىڭ. ئۇنىڭدىن باشقا ھەر بىر ئايلىنىشتا بىر

نىشانىنى بەلگىلىۋالىسىڭىزمۇ بولىدۇ. مەسىلەن: بىر ئايلىنىشنى زىكرى ئۈچۈن، يەنە بىر ئايلىنىشنى دۇئا ۋە زىكرى ئۈچۈن، يەنە بىرىنى بولسا دۇئا ئۈچۈن دېگەندەك....

بەيتىللانى تاۋاپ قىلىۋاتقاندا پەرىشتىلەرنىڭ سىزنىڭ ئۈستىڭىزدە تاۋاپ قىلىۋاتقانلىقىنى ئەسلەپ تۇرۇڭ.. . نەدە؟ پەرىشتىلەر ئەرشىنىڭ ئەتراپىنى تاۋاپ قىلىۋاتامدۇ؟ ئۇلار يەتتىنچى ئاسماندىكى ئاللاھنىڭ ئۆيى « بەيتۇلمەئمۇر» ئەتراپىدا سىز تۇرغان ئورۇندا، سىز قىلىۋاتقان ھەركەت ۋە سىزنىڭ يۈلىنىشىڭىزنىڭ ئۆز ئەينى بويىچە تاۋاپ قىلىشىدۇ. ئۆزىڭىزدىن سوراپ بېقىڭ: پەرىشتىلەر ئاللاھدىن قانداق ئەيمىنىدۇ ۋە ئۆزلىرىنىڭ خار ئىكەنلىكىنى قانداق ئىپادىلەيدۇ؟ ئۇلار ئەيمەنگەندەك ئەيمىنىپ، خارلىقنى بىلدۈرگەندەك خارلىقىڭىزنى بىلدۈرۈپ ئۇلارغا ئوخشاش تاۋاپ قىلىڭ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« كىمكى ئۆزىنى بىر قەۋمگە ئوخشاتسا، ئۇ شۇ قەۋمنىڭ جۈملىسىدىن بولىدۇ، ياكى ئۇلار بىلەن بىرگە بولىدۇ» ئەبۇداۋۇد 4031؛ ئىمام ئەھمەد 2-توم 5، 92- نومۇر.

دېمەك، پەرىشتىلەرگە ئوخشاش ئەيمىنىش ۋە خارلىقنى بىلدۈرۈش ھالىتىدە تاۋاپ قىلىپ، پەرىشتىلەردىن بولۇشقا تىرىشىڭ. شۇنىڭدىن ئاگاھلاندۇرىمەنكى، تاۋاپ جەريانىدا دۇنيالىق ئىشلارنى سۆلەشكە ئوخشاش تاۋاپتا جائىز بولمايدىغان ئىشلارنى قىلىپ سېلىشتىن ساقلىنىڭ.

## كۈچ كۆرستىش تاۋاپى

ئۆمرە ھەج قىلغاندا، دەسلەپكى ئۈچ قېتىملىق ئايلىنىشتا ئوڭ مۈرىڭىزنى ئېھرامدىن چىقىرىپ تېز- تېز ۋە كۈچ بىلەن كۈچ كۆرستىش تاۋاپى قىلىشىڭىز كېرەك. بۇ تاۋاپنى پەقەت ئەرلەرلا قىلىدۇ. بۇ پەيغەمبىرىمىزنىڭ سۈننىتىدۇر. بۇ تاۋاپنىڭ كېلىپ چىقىشى مۇنداق: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆمرە ھەج قىلىش ئۈچۈن مەككىگە كىرگەن ۋاقىتتا مەككە مۇشرىكلىرى پەيغەمبىرىمىزگە قاراپ: مۇھەممەدكە ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىغا قاتتىق ئىسسىق ئۆتۈپ، كېسەلمەن بولۇپ قاپتۇ دېيىشكەن. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام :« ئۇ مۇشرىكلارغا ئۆزىنىڭ كۈچىنى كۆرستىپ قويغان ئادەمگە ئاللاھ رەھمەت قىلسۇن» دېگەن. ساھابىلەر ئوڭ مۈرىلىرىنى ئېھرامدىن چىقىرىپ كۈچ بىلەن تاۋاپ قىلىشقان. ئىسلام تارقالغاندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىنى پەتھى قىلغىلى كەلگەن ۋاقىتتا، بەيتىللانى تاۋاپ قىلغىلى كەلگەن ۋە قازا بولغان ئالدىنقى قېتىملىق ئۆمرە ھەجدە قىلغاندەك، ئوڭ مۈرىسىنى ئېھرامدىن چىقىرىپ كۈچ بىلەن ئالدىنقى ئۈچ قېتىملىق ئايلىنىشنى ئايلانغان. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ : ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! سەن بۇنى ئۆتكەن قېتىمدا كاپىرلارغا موسۇلمانلارنىڭ كۈچىنى كۆرستىپ قويۇش ئۈچۈن قىلغان ئىدىڭغۇ دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام :« بۇ مىنىڭ سۈننىتىم » دېگەن.

شۈگۈلاشقا سىزمۇ بۇ تاۋاپنى قىلىشىڭىز، قەلبىڭىزدە موسۇلمانلارنىڭ كۆچىنى كۆرستىشنى نىيەت قىلىشىڭىز كېرەك.

**ھەجەرۇلئەسۋەد**

تاۋاپ قىلىپ بولغاندىن كېيىن ھەجەرۇلئەسۋەدنى سۆيىسىز. بۇ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام مەسجىدى ھەرامنى بىنا قىلغاندا قويۇلغان تاشتۇر. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام مەسجىدى ھەرامنى بىنا قىلىشنى تاماملىغاندا، كەئبىنىڭ بىر بولۇڭىغا بىر تاش كەملىگەن. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام دەل كەلگىدەك تاش تاپالماي، ئوغلى ئىسمايىل ئەلەيھىسسالامغا : بۇ يەرگە كەلگىدەك تاش تېپىپ كەل دېگەن. ئۇ ئۇزاق ئىزدىگەن بولسىمۇ ئۇنداق تاشنى تاپالمىغان. ئىسمايىل ئەلەيھىسسالام قايتىپ كېلىپ ھېلىقى ئورۇنغا تاشنىڭ قويۇلۇپ بولۇنغانلىقىنى كۆرۈپ دادىسى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا « ئى دادا! بۇ تاشنى نەدىن تاپتىڭ دېگەن.ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: مەن ئۇنى بىر يەردىن تېپىپ كەلمىدىم دېگەن. ئىسمايىل ئەلەيھىسسالامۇ : مەنمۇ ھەم لايىق تاش تاپالماي قايتىپ كەلگەنتىم دېگەن. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام : بۇ تاشنى جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ئېلىپ كەپتۇ، بۇ جەننەتتىكى بىر تاش بولۇپ ئاپئاق ئىدى، بەندىلەرنىڭ گۇناھلىرى سەۋەبلىك قارىداپ كەتكەن دېگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: « ھەجەرۇلئەسۋەد ئاللاھنىڭ زېمىندىكى ئوڭ قولىدۇر» ھەدىس 34744- نومۇر.

ھەجەرۇلئەسۋەدنى تۇتقان ۋاقتىڭىزدا نېمە قىلىۋاتقانلىقىڭىزنى بىلىشىڭىز كېرەك. چۈنكى نۇرغۇن ئادەملەر ئۇنى سۆيۈپ قويۇپلا بولدى قىلىشىدۇ. لېكىن ھەجەرۇلئەسۋەدنى سۆيۈشتىكى ئەڭ چوڭ قىممەت ئاللاھ بىلەن ئەھدۇ-پەيماننى يېڭىلاشقا يوشۇرۇنغان. سىز قولىڭىزنى ئاللاھنىڭ ئوڭ قولىغا قويۇپ بولغاندىن كېيىن، ئاللاھقا بەرگەن ۋەدىڭىزدىن يېنىۋېلىش، ئۇنىڭغا ئاسىيلىق قىلىشتىن ھەزەر ئەيلەڭ. جەننەتنىڭ بىر پارچىسىنى سۆيگەنلىكىڭىزنى ئەسلەپ تورۇڭ. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مونۇ سۆزلىرىگە قولاق سېلىڭ: ئۇقۇپ قويغىنىكى سەن پايدا مەنپەئەت يەتكۈزەلمەيدىغان بىر تاشتۇرسەن، ئەگەر مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سېنى سۆيگەنلىكىنى كۆرمىگەن بولسام، سېنى سۆيمىگەن بولاتتىم.

ھەجەرۇلئەسۋەد بىلەن كەئبە شەرىپىنىڭ ئىشىكى ئارىسىدا ئىنتايىن قىسقا بىر جاي بولۇپ، بۇ يەر مۇلتەزىم دەپ ئاتىلىدۇ. مۇلتەزىم كەئبىنىڭ ئىشىكى ئەمەس، بۇيەردە قىلىنغان دۇئا ئىجابەتتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۆكرىكىنى كەئبە تېمىغا چاپلاپ، مەڭزىنى كەئبە تاشلىرىغا قويغان ھالەتتە بىچارىلەرچە قوللىرىنى دۇئاغا كۆترەتتى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ھالىتىنى كۆرۈپ يىغلاپ كەتكەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ يىغلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ: « شۇنداق، ئى

ئۆمەر! يىغلىغىن، بۇ يەردە كۆزلەردىن ياشلار تۆكۈلىدۇ» دېگەن. ئىبنى ماجە 2945- نومۇر.

ئەي بۇرادەر! سىزمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىلغاندەك قىلامسىز؟ توغرا، كەئبە يوپۇقلىرىغا ئېسىلىش گۇياكى خاتالىق ئۆتكۈزۈپ ئۆزىنىڭ خاتالىقىنى تونۇغان ئادەمدەك. بۇ ئۇزىنى تاشلاشنىڭ، خارلىنىشنىڭ روشەن دەلىلى.

ئېيتىلىشچە، ھەسەن بەسەرى مۇلتەزىمگە كەلگەندە كەئبە يوپۇقلىرىغا ئېسىلىدىكەن ۋە يىغلىدىكەلەرگە: يىنىمدىن كەتسەڭلار، مەن پەرۋەردىگارىمنىڭ ئالدىدا ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرىمنى ئېتراپ قىلىۋالاي دەيدىكەن.

مۇلتەزىمدە ئاللاھقا يىلىنىپ دۇئا قىلىپ بولغاندىن كىيىن ماقامى ئىبراھىمدا ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇيسىز. ئاندىن كىيىن زەمزەم قودۇقىغا سۇ ئىچىش ئۈچۈن چۈشىسىز. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: « زەمزەمنى نىمە مەقسەتتە ئىچسە، شۇنىڭغا ئېرىشلىدۇ» ئىبنى ماجە 3062- نومۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئابدۇراخمان ئىبنى ئەۋفنىڭ زەمزەم سۈيى ئىچىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا :« ياق، ئى ئابدۇراخمان، زەمزەمنى مۇنداق ئىچمەيدۇ، ئۇنى قانغۇچە ئىچكىن» دېگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە :« بۇنىڭغا موسۇلمان ياكى مۆمىندىن باشقىلار قادىر بولالمايدۇ» دېگەن. ئىمام شاپىئىي مۇنداق دەيتتى: بىز زەمزەم سۈيىنى ئىلىم ئۆگىنىش مەقسىتىدە ئىچەتتۇق، نەتىجىدە ئىلىمگە ئېرىشتۇق، ئەگەر تەقۋالىق نىيتىدە ئىچكەن بولساق تېخىمۇ ياخشى بولاتتىكەن.

ھەممەيلەنگە ئايانكى، زەمزەمنىڭ زەمزەم دەپ ئاتىلىشى ئىسمايىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ئانىسى ھاجەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ھاجەر ئىرى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۇنى سۇسىز سەھرادا تاشلاپ قويۇپ كەتكەندىن كىيىن، سۇ ئىزدەپ ساپا بىلەن مەرۋە ئارىسىدا قاتراپ ھالى قالمايدۇ. بۇ چاغدا ئېمىۋاتقان بۇۋاق ئىسمايىل ئەلەيھىسسالامنىڭ پۇتلىرى بىلەن تەپكەن يەردىن سۇ ئېتىلىپ چىقىدۇ. ھاجەر سۇنى بىرىيەرگە يىغىشقا باشلايدۇ ۋە سۇغا قاراپ : زەم زەم ( يىغىل ) دەيدۇ.

ھاجەرنىڭ ساپا بىلەن مەرۋە ئارىسىدا سۇ ئىزدەپ قاترىشىدىن بۇ ئىككى تاغ ئارىسىدا بېرىپ- كىلىش بىلەن قوشۇپ يەتتە قېتىم سەئيى قىلىش كىلىپ چىققان. سەئيى جەريانىدا ئاللاھقا كۆپلەپ زىكرى ئېيتىش سۈننەتتۇر. سەئيى ئاخىرلاشقاندىن كىيىن ئۆمرە پائالىيەتلىرىدىن بىر ئاساس- چاچ چۈشۈرۈشلا قالىدۇ. ئۆمرىدىن كىيىن پەرىز ھەج قىلماقچى بولسىڭىز چېچىڭىزنى چۈشۈرمەي ئازراق قىسقارتىڭ. ھەج پائالىيەتلىرى ئاخىرلاشقاندىن كىيىن چېچىڭىزنى تولۇق چۈشۈرۈپ ئېھرامدىن چىقسىڭىز بولىدۇ.

ئۆمرە پائالىيەتلىرى ئاخىرلاشقاندىن كىيىن ھەج كۈنلىرىنىڭ كىلىشىنى ساقلاپ

مەككىدە تۇرىسىز. بۇ مۇددەتتە پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ ئىمكانقەدەر كۆپ تاۋاپ قىلىشىڭىز. چۈنكى مەسجىدى ھەرامدا ئاللاھقا ئەڭ ياخشى كۆرۈلىدىغان ئىبادەت ــ تاۋاپتۇر.

**ھەج**

سىز زۇلھەججىنىڭ 8- كۈنى ۋە ئەرەفە كېچىسى غۇسلى قىلىپ، ھەجگە ئېھرام باغلايسىز. ئاندىن ھاجىلار بىلەن بىرگە مىناغا قاراپ يولغا چىقىسىز. بۇ كۈن تەرۋىيە كۈنى نامى بىلەن مەشھۇردۇر. مىنا مەككىدىن ئالتە كىلومېتىر يىراق بولسىمۇ، ھاجىلار بۇ مۇساپىنى قاتتىق قىستاڭچىلىق سەۋەبىدىن ئەڭ كۆپ بولغاندا، ئالتە سائەتتىن كۆپراق ۋاقىتتا بېسىپ بولىدۇ.

تەلبىيەگە تولغان بۇ مىنۇتلاردا ئاللاھدىن قورقىدىغانلىقىڭىزنى ۋە ئاللاھ بىلەن بولغان باغلىنىشىڭىزنى ئەسلەپ مېڭىڭ. ھاجىلارنىڭ مىناغا بېرىشى ئەرەفىدە تورۇش ئۈچۈندۇر. ئەرەفە- مىنادا پەقەت ئىبادەت ئۈچۈنلا تورۇش دېگەنلىك بولۇپ، ئادەملەر بىلەن ئارلىششقا ۋە مەككە بازارلىرىغا بېرىشقا بولمايدۇ. مىناغا بارمىغان ئادەم ئەرەفىدە تورۇشقا ھەقىقى مۇھەييا بولمىغان بولىدۇ. ئەرەفە كۈنى چوڭ- كىچىك پۈتۈن گۇناھلار مەغپىرەت قىلىنىدىغان كۈندۇر. مىنادا تۇرغان ۋاقتىڭىزدا ئاللاھنىڭ سىزدىن بۇ ئەمىلىڭىزنى قوبۇل قىلماسلىقى، ئاللاھنىڭ سىزگە ئەرەفىدە تورۇشقا مۇمكىنچىلىك ئاتا قىلماسلىقىغا قارىتا قورقۇنچىنى ۋە ئىككىلىنىشنى ھىس قىلىسىز. ئەرەفە كېچىسى بەندىلەرنىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ مۇھىم بىر كېچىدۇر.

**ئەرەفە كۈنى**

بۇ بۈيۈك كۈن- زۇلھەججىنىڭ 9- كۈنى كۈن يورۇغاندىن كىيىن ئەرەفاتقا كېلىسىز. بۇ كۈندە ھەج قىلغۇچى كىشىنىڭ زىكرى بىلەن مەشغۇل بولۇشى ۋە بۇ كۈندىكى باشقا ئىبادەتلەرنى جايىدا ئادا قىلىشى ئۈچۈن روزا تۇتۇشى جائىز بولمايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەرەفە كۈنىنىڭ پەزىلىتى ھەققىدە مۇنداق دېگەن:« ئاللاھ ئەرەفە كۈنى دوزاخ ئەھلىنى دوزاختىن ئازات قىلغاندەك، ئۇلارنى ھېچقانداق بىر كۈندە ئۇنداق ئازات قىلغان ئەمەس» مۇسلىم 3275، نىسائىي 3003- نومۇر.

شۇنداق، ئاللاھ بۇ كۈنى ھەجگە چىقمىغان بولسىمۇ، بىراق تەۋبە قىلغان، ئاللاھ تەرەپكە قايتقان گۇناھكارلارنىڭمۇ گۇناھىدىن ئۆتىدۇ. ئەرەفە كۈنى قوياشنىڭ غەرىپكە قىيسىيىشى بىلەن پۈتۈن گۇناھلار مەغپىرەت قىلىنىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ئاللاھ ئەرەفە كۈنى بولغاندا ئۆزىنىڭ بەندىلىرى بىلەن پەخىرلىنىپ پەرىشتىلەرگە: بەندىلىرىمگە قاراڭلار، ئۇلار يىراق جايلاردىن مىنى دەپ چاچلىرى چۇۋۇلغان، يۈزلىرىنى تۇپا باسقان ھالەتتە كەلدى. سىلەرنى گۇۋاھ قىلىمەنكى، ھەقىقەتەن مەن ئۇلارنىڭ گۇناھىنى مەغپىرەت قىلدىم دەيدۇ ». ئىمام ئەھمەد 2- توم

305- نومۇر.

شەيتانغا نىسبەتەن بۇ كۈندىكىدەك رەسۋالىق بولمايدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ يىل بويى ئىشلەتكەن ھىلە- مىكىرلىرى توزۇپ كېتىدۇ. ئەرەفە كۈنى ئاللاھ بىلەن يارىشىدىغان كۈندۇر. ئويلاپ بېقىڭ، ئەگەر سىز بىر ئادەمگە زور مىقداردا قەرزىگە بوغۇلۇپ قالغان بولسىڭىز، ئاندىن ئۇ ئادەم يېنىڭىزغا كىلىپ: قەرزىڭدىن ئۆتتۈم دېسە، سىز زادى قانداق ئىنكاس قايتۇرسىز؟. سىز چوقۇم بۇ ئىشتىن ناھايىتى خۇشال بولىسىز. دەل شۇنىڭغا ئوخشاش، ئەرەفە كۈنى ئاللاھ گۇناھ- مەسىيەتلىرىنىڭ كۆپلۈكىدىن « قەرىز» گە بوغۇلۇپ كەتكەن ئىنسانلارنىڭ يېنىغا كىلىپ، ئۇلارغا كەڭچىلىك قىلىدۇ. ئۆز پەزلى- ئېھسانى بىلەن ئۇلارنىڭ گۇناھىنى مەغپىرەت قىلىدۇ. بۇ، گۇناھكار بەندىلەر شۈكرى ئېيتىشقا لايىق بىر ئىشتۇر. مىنىڭ شۇنداق سورىغۇم كېلىۋاتىدۇ: بەندىلەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھقا ئاللاھىدە، خاس مۇھەببەت باغلىشى ئۈچۈن، ئەرەفە كۈنى ئەڭ ھەقلىق ئەمەسمۇ؟

ئەرەفە كۈنى ھەققىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« دۇئالارنىڭ ياخشىسى ئەرەفە كۈنىدە( قىلىنغان دۇئادۇر ) ». تىرمىزي 3585.

ھەيران قالارلىقى سىز بۇ كۈنى بەزى ئادەملەرنىڭ ئاجايىپ ھورۇنلۇق ۋە بۇشاڭلىق قىلىۋاتقانلىقىنى، بەلكى گۇناھلىرىنىڭ يۇيۇلۇپ ئانىسىدىن توغۇلغان كۈندىكىگە ئوخشاش پاكلىنىشىنى تاشلاپ، باشقا ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولىۋاتقانلىقىنى كۆرىسىز. ئاللاھ تەۋپىق ئاتا قىلمىسا بىكار. مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ « ئاللاھم اعني على ذكرك و شكرك و حسن عبادتك ( ئى ئاللاھ ! سېنى دائىم ئەسلەپ تۇرۇشۇمغا، ئىبادىتىڭنى جايىدا ئادا قىلىشىمغا ياردەم بەرگىن) » دېگەن دۇئاسىنىڭ مەناسىنى ئەرەفە كۈنى چۈشەنگەن ئىدىم. ئاللاھ كىملەرنى ئەرەفەگە مۇۋەپپەق قىلىدىكەن، ئۇلارنىڭ ئاللاھقا يېلىنىشلىرىدىن، ئۆزلىرىنى ئاللاھقا تاشلاشلىرىدىن ئەرەفات تېغى لەرزىگە كىلىدۇ.

بۇ كاتتا مەيداندا ئىنسان شۇنداق سۇئال قىلىدۇ: ئى پەرۋەردىگارىم! بىزنىڭ ھەجىمىزنى قوبۇل قىلدىڭمۇ؟. قۇياشنىڭ پېتىشى بىلەن ئاجايىپ بىر ھالەتنى بايقايسىز. سىز ئەنە ئاۋۇ ھاجىلارنىڭ يۈزلىرىدە، ئۇلار ئەرەفات تېغىغا چىققاندا كۈرۈپ باقمىغان قاتتىق خۇشاللىقنى كۈرىسىز. چوقۇم شۇنداق دەيسىزكى: ھەقىقەتەن بۇ يۈزلەر ئەتىگەندىكى يۈزلەر ئەمەس، چۈنكى بۇ يۈزلەرنى نۇر ۋە خۇش بىشارەتلەر ئۆز ئىلكىگە ئالغان.

بەندىنىڭ ئەرەفات تېغىدىن چۈشكەندىن كېيىن قىلىپ سېلىشى مۇمكىن بولغان تۇنجى گۇناھى- ئاللاھنىڭ ئۇنىڭ گۇناھلىرىنى پۈتۈنلەي كەچۈرۈم قىلغانلىقىدا شەكلىنىشىدۇر. شۇنداق، سىز قەتئىي ئاللاھنىڭ گۇناھلىرىڭىزنى كەچۈرۈم

قىلغانلىقىغا شەكلەنمەڭ. ئاللاھنى يامان گۇمان قىلىشتىن ھەزەر ئەيلەڭ.

**مۇزدەلىفە ۋە شەيتانغا تاش ئېتىش**

ئەرەفات تېغىدىن چۈشكەندىن كېيىن ھاجىلار كۈننىڭ كىرىپ كېتىشى بىلەن ئودۇل مۇزدەلىفەگە قاراپ، ئاللاھنىڭ ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلغانلىقىدەك كاتتا سائادەت ئىچىدە ئارقىمۇ- ئارقا ئۇتلۇق تەلبىيەلەرنى ئېيتىپ ماڭىدۇ. موسۇلمانلارنىڭ بىرلىكى ۋە موسۇلمانلار مەنزىرىسىنىڭ ھالاۋىتى ئالاھىدە گەۋدىلىنىدىغان بۇ كاتتا يىغىلىشتا ئۇلار خۇددى بىر ئادەمدەك ھەركەت قىلىدۇ.

مۇزدەلىفەدە زىكرى ئېيتىش، دۇئا قىلىش ۋە ئىبادەت بىلەن مەشغۇل بولۇپ كېچىنى ئۆتكۈزىسىز ۋە تاش تېرىسىز. ئەتىگەندە شەيتانغا تاش ئېتىشقا بارىسىز. تاش ئېتىپ بولغاندىن كېيىن مەككىگە قايتىپ تاۋاپ ئىفازە ( مىنادىن قايتىش تاۋاپى ) نى قىلىسىز. بۇنىڭدا بىر ئاز قىيىنچىلىق بار. تاۋاپ قىلىپ بولغاندىن كېيىن قۇربانلىق قىلىسىز. ئاندىن چېچىڭىزنى چۈشۈرىسىز.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام : «ئاللاھ چېچىنى چۈشۈرگەنلەرگە رەھمەت قىلسۇن » دەپ ئۈچ قېتىم تەكرارلىغاندا، ساھابىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن : ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! چېچىنى قىسقارتقانلارچۇ؟ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام « چېچىنى قىسقارتقانلارمۇ ( ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشىدۇ) » دېدى. بۇخارى 1331؛ مۇسلىم 3132؛ ئىمام ئەھمەد 2- توم 119- نومۇر.

بۇنىڭدىن چاچ چۈشۈرۈشنىڭ چاچ قىسقارتقاندىن ئەۋزەل ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. چۈنكى چاچ چۈشۈرۈش بەندىنىڭ ئاللاھدىن قورقىدىغانلىقىنى ۋە ئاللاھ ئۈچۈن خارلانغانلىقىنى دەلىللەيدۇ.

چاچ چۈشۈرۈپ بولغاندىن كېيىن يەنە بىر قېتىم مىناغا قايتىپ ئۇ يەردە ئۈچ كۈن تۇرىسىز. بۇ ئۈچ كۈننى ئاللاھغا زىكرى ـ تەسبىھ ئېيتىش، يەپ ـ ئىچىش ۋە باشقا- باشقا يۇرت، دۆلەتلەردىن كەلگەن موسۇلمانلار بىلەن تونۇشۇش قاتارلىق ئىشلار بىلەن ئۆتكۈزىسىز. بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتى. يەنە بۇ ئارقىلىق ئەرەفە كۈنى ھاسىل بولغان رەببانى روھى نېمەتلەرنى مۇھاپىزەت قىلغىلى بولىدۇ.

شەيتانغا تاش ئېيش ئۈچۈن چۈش تەرەپلەردە چىقىسىز. شەيتانغا ئېتىلىدىغان تاش- شېغىل تاش بولۇپ، تاشنىڭ چوڭ- كىچىكلىكىگە دىققەت قىلىڭ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« دىندا ھەددىدىن ئېشىشتىن ساقلىنىڭلار، دىندا ھەددىدىن ئېشىشتىن ساقلىنىڭلار، سىلەردىن ئىلگىركىلەرنىڭ ھالاك بولىشى پەقەتلا ئۇلارنىڭ دىندا ھەددىدىن ئاشقانلىقىدىن كېلىپ چىققان» نىسائىي 3057، 3059؛ ئىبنى ماجىجە 3029؛ ئىمام ئەھمەد 1-توم 347- نومۇر.

شەيتانلارغا تاش ئاتقاندا كىچىك شەيتاندىن باشلاپ ئوتتۇرانچىسىغا ئاندىن چوڭىغا ئاتىسىز. تاش ئېتىۋېتىپ شەيتانغا تاش ئېتىشنىڭ كېلىپ چىقىشىدىكى ھادىسە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى ئىسمايىل ئەلەيھىسسالامنى قۇربانلىق قىلىش ئۈچۈن ئېلىپ ماڭغاندىكى ۋەقەنى ئەسلەڭ.

شۇ چاغدا شەيتان ئىسمايىل ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇنىڭغا: داداڭ سېنى ئۆلتۈرگىلى ئېلىپ ماڭدى دەيدۇ. ئىسمايىل ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا تاش ئاتىدۇ. بۇرنىغا يىگەن شەيتان ھاجەرنىڭ يېنىغا كېلىپ : سېنىڭ ئىبراھىمىڭ يالغۇز ئوغلۇڭنى ئۆلتۈرگىلى ئېلىپ ماڭدى دەيدۇ. ھاجەرمۇ ئۇنىڭغا تاش ئېتىپ قوغلايدۇ. ئاخىرىدا بۇ لەنەتگەردى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ: ئوغلۇڭنى ئۆلتۈرمىگىن دەيدۇ. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالاممۇ ئۇنىڭغا تاش ئېتىپ قوغلايدۇ. شەيتانغا تاش ئېتىش ئۇنىڭغا ئوچۇق دۈشمەنلىك ئېلان قىلىش بولۇپ، ئېتىلغان تاشلار ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭغا تېگىپ، بەدىنىنى مىجىۋېتىدۇ. سىز ئۇنىڭغا دۈشمەنلىك ئېلان قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ بىلەن يەنە بىر قېتىم يارىشىپ قىلىشتىن ساقلىنىڭ.

**ھەج مەنالىرىدىن**

ھەجدە قىيامەت كۈنىنىڭ ئەھۋاللىرىنى ئېنىق ھىس قىلغىلى بولىدۇ. قاتتىق قىستاڭچىلىق ۋە ئوخشاش بىر كىيىمدىكى ھالەت قىيامەت كۈنىدىكى ھەممە يالىڭاچ ھەشىر قىلىنىدىغان ھالەتكە ئوخشايدۇ. ھەجكە چاقىرىلغان نىدا سۈر چېلىنغان ھالەتكە ئوخشايدۇ.ھەممە ئادەم گۇناھىنىڭ مەغپىرەت قىلىنىشىنى، ئاللاھنىڭ كەڭچىلىك قىلىشىنى تاما قىلىپ، ئۇنىڭدىن قورقىقان ۋە ئەيمەنگەن ھالەتتە تۇرىشىدۇ. ئاللاھ سۈرە ھەجنىڭ بېشىدا مۇنداق دەيدۇ:« ئى ئىنسانلار! پەرۋەردىگارىڭلاردىن ( يەنى ئازابىدىن) قورقۇڭلار، قىيامەتنىڭ زىلزىلىسى ھەقىقەتەن چوڭ ئىشتۇر، ئۇ كۈندە ھەر بىر سۈت ئېمىتىۋاتقان ئايال ( قاتتىق قورقۇنچىدىن تېڭىرقاپ قېلىش بىلەن ) ئېمىتىۋاتقان بۇۋىقىنى ئۇنتۇيدۇ، ھەر بىر ھامىلدار ئايالنىڭ بۇيىدىن ئاجراپ كېتىدۇ. ئىنسانلارنى مەس كۆرىسەن، ھالبۇكى ئۇلار ( ھەقىقەتتە ) مەس ئەمەس. ( دېمەك، قىيامەتنىڭ دەھشىتى ئۇلارنى ئەس ـ ھۇشىدىن كەتكۈزىۋەتكەن ). لېكىن ئاللاھنىڭ ئازابى قاتتىقتۇر » سۈرە ھەج 1ـ2ـ ئايەت.

ھەجدە ئاللاھ بىلەن بەندىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقە كۈچىيدۇ. چۈنكى بەندىلەر ئاللاھنىڭ ئۆيىگە مېھمان بولۇپ بارغان، نەتىجىدە ئۇلاردا تېخىمۇ كۆپ ئاللاھقا بولغان مۇھەببەت، ئالاقە ۋە ئېيسىلىش ھاسىل بولغان.

ھەجدە مۆمىنلەر جىھادنى، چىدامنى ۋە مۇسىبەتلەر، قىيىن ۋاقىتلاردا قانداق بەرداشلىق بېرىشنى ئۆگىنىدۇ. چۈنكى ھاجىلار ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىشقا تەييارلىق

قىلىش ئۈچۈن، بىر ئىلاھىي مەشىق لاگېرىدا تۇرغانغا ئوخشايدۇ. بۇ لاگېر دەل- دەرەخلىك، ھاۋالىق، ئارامبەخش، كۆكۈل ئېچىش ئەسلىھەلىرى تولۇق بولغان شەھەرگە ئەمەس بەلكى قاقاس سەھراغا جايلاشقان.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن: ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! بىز جىھادنى ئەڭ ياخشى ئەمەل دەپ قارايمىز، جىھاد قىلمايمىزمۇ؟ دەپ سورىغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: « ياق، لىكىن ئەڭ ئەۋزەل جىھاد ــ ھەج مەبرۇردۇر» دەپ جاۋاپ بەرگەن. بۇخارى 1521- نومۇر.

**ھەجدە ئىخلاس كۈچىيدۇ**

ھەجدە مۇسۇلمانلار ئۆتتۈرسىدىكى بىرلىك، ئىتتىپاقلىق كۈچىيدۇ. ھەج موسۇلمانلارغا قاراپ : بولدى، ھازىرغىچە بىرسى- بىرسىڭلارنى دۈشمەن تۇتۇپ گورۇھ- گورۇھلارغا بۆلۈنگەنلىكىڭلار يېتەر دەيدۇ. مانا بۇ ھەج مەزگىلىدىكى قىستاڭچىلىقتىن ساقلىنىش ئۈچۈن : ئۇنى مۇئەييەن ۋاقتتىلا قىلىۋالماي، يىل بۇيى قىلساق بولمامدۇ دېگۈچىلەرگە كۈچلۈك رەددىيەدۇر.

ھەجدە زور ئەخلاقىي تەربىيە بار. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:« ھەج ۋاقتى مەلۇم بىرقانچە ئايلاردۇر ( يەنى شەۋۋال، زۇلقەئدە ئايلىرى ۋە زۇلھەججە ئېيىنىڭ ئون كۈنىدۇر) بۇ ئايلاردا ھەج قىلىشنى نىيەت قىلغان ( يەنى ئېھرام باغلىغان) ئادەمنىڭ جىنسى ئالاقە قىلىشى، گۇناھ قىلىشى ۋە جاڭجال قىلىشى مەنئىي قىلىنىدۇ» سۈرە بەقەرە 197- ئايەت.

ھەج مەزگىلىدە ھەجگە كەلمىگەنلەر ھەققىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام :« زۇلھەججە ئېيىنىڭ ئالدىنقى ئون كۈنىدە قىلىنغان ياخشى ئەمەللەر باشقا كۈنلەردە قىلىنغان ياخشى ئەمەللەردىن ئاللاھقا مەھبۇبراقتۇر » دېگەندە، ساھابىلەر : ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! ئاللاھ يولىدا قىلىنغان جىھادتىنمۇ ئەۋزەلمۇ؟ دەپ سورىغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام :« شۇنداق ئاللاھ يولىدا قىلىنغان جىھادتىنمۇ ئەۋزەل » دەپ جاۋاب بەرگەن. بۇخارى 795، ئەبۇداۋۇد 2438، ئىمام ئەھمەد 1-توم 244- نومۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيتتى:« زۇلھەججىنىڭ ئەرەفە كۈنىگىچە بولغان ئالدىنقى ئون كۈن ئاللاھقا رامزان ئېيىنىڭ كۈنلىرىدىن سۆيۈملۈكراقتۇر. بەلكى رامزاننىڭ ئاخىرىقى ئون كۈنىدىنمۇ سۆيۈملۈكراقتۇر». پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېگەن :« بىلىڭلاركى، ھەقىقەتەن رەببىڭلار سوۋغا بېرىدىغان كۈنلەر بار، چوقۇم ئۇ كۈنلەرنى ئۇچرىتىڭلار».

ئى ئاللاھنىڭ بەندىلىرى! بۇ كۈنلەردە گۇناھلىق ئىشلاردىن يىراق بولۇڭلار! چۈنكى ئاللاھ بۇ كۈنلەردە بەندىلىرىگە قاراپ، ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىدۇ. تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدۇ. ھەجگە بارالمىغان بولساڭلار روزا تۇتۇڭلار، پەيغەمبەر

ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ئەرەفە كۈنىدىكى روزا ئۆتكەن بىر يىللىق ۋە كېيىنكى بىر يىللىق گۇناھقا كاپارەتتۇر» مۇسلىم 2739- نومۇر.

بۇ مەئسىيەتكە چاقىرىق ئەمەس. پەقەت ئۆزىنىڭ بەندىلىرىنى ياخشى كۆرىدىغان ۋە ئۇلارنىڭ گۇناھىنى مەغپىرەت قىلىدىغان ئاللاھنىڭ رەھمىتى بىلەن خۇرسەن بولۇشقا قىلىنغان نىدادۇر. زۇلھەججىنىڭ ئون كۈنىنى زايا قىلىۋېتىشتىن ساقلىنىڭلار.

ئاخىرىدا ھەممەيلەننىڭ ھەجگە ئىشتىياق قىلىشىنى، ئاللاھنىڭ بىزنىڭ ۋە ھەج قىلغۇچىلارنىڭ ئەملىنى قوبۇل قىلىشىنى، بىزنىمۇ ھەج قىلغۇچىلاردىن قىلىشىنى ئارزۇ قىلىمەن.

## ئۈچىنچى لېكسىيە: دۇئا- ئىبادەتتۇر

مەن دۇئا ھەققىدىكى لېكسىيەمنى باشلاشتىن ئىلگىرى شۇنداق سورىغۇم كېلىپ قالدى. قىيىنچىلىقى يوق ئادەم بارمۇ؟ ئارزۇ- ئۈمىدلىرىنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن تېرىشمايدىغان ئادەم بولامدۇ؟ كىم ئۆزىنى رەببىدىن بىھاجەت دەپ ئېيتالايدۇ؟ گۇناھ ئۆتكۈزۈپ قويۇپ، ئاللاھنىڭ ئۇنى جازالىشىدىن قورقمايدىغان ئادەم بارمۇ؟ كىم پەرەۋەردىگارىنىڭ رەھمىتىدىن بىھاجەتمەن دېيەلەيدۇ؟ كىم ئاللاھنىڭ ھىدايەت ۋە تەۋپىق بېرىشىدىن بىھاجەت بولالايدۇ؟

ئاللاھنى بىر بىلىدىغان مۇۋەھھىد موسۇلماننىڭ ئىككى قولىنى كۆتۈرۈپ، ئۆز پەرۋەردىگارىغا يېلىنىپ تىلىكىنى تىلىشى شەكسىزكى، ئۇنىڭ ئاللاھنىڭ غەيرىگە دۇئا قىلىشىدىن ياكى تىلىكىنى تىلىشىدىن كۆپ شەرەپلىكراق ۋە ئەۋزەلراقتۇر.

ئەگەر موسۇلمان ئۆزىنىڭ ياراتقۇچىسى، رىزىق بەرگۈچىسى، ئۇنى تىرىلدۈرگەن ۋە ئۇنى ئۆلتۈرىدىغان پەرۋەردىگارىغا تايانمىسا، ئۇنىڭ پاناھىغا كىرمىسە كىمگە تايىنىدۇ؟ كىمنىڭ پاناھلىقىغا كىرىدۇ؟. ئۇ ئۆزىگە ئوخشاش زەئىپ، بىچارە ئادەملەرنىڭ ئالدىغا بارامدۇ؟ سۇغا غەرىق بولغان ئادەمنىڭ ئۆزىگە ئوخشاش غەرىق بولۇپ كېتىۋاتقان ئادەمگە ئېسىلىۋېلىشى، كەمبەغەلنىڭ كەمبەغەلدىن ياكى ئاجىزنىڭ ئۆزىگە ئوخشاش يەنە بىر ئاجىزدىن ياردەم سورىشى ئەقىلگە سىغامدۇ؟.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نەقەدەر راست سۆزلىگەن ــ ھە!. ئۇ مۇنداق دېگەن:« كىمكى ئاللاھدىن تىلىمەيدىكەن، ئاللاھ ئۇنىڭغا غەزەبلىنىدۇ» تىرمىزى 3373.

بىر شائىر مۇنداق دەيدۇ:

سورىمىغىن ئىنسان بالىسىدىن ھاجەت،
بەندىگە ئاللاھنىڭ ئىشىكى ئېتىلمەس ئەبەد.
تەرك قىلساڭ سوراشنى، قىلار ئۇ غەزەب،
ئادەممۇ ھاجەتمەندىن خۇش بولماس پەقەت.

شۇنداق، بەندە ئاللاھدىن سورىمىسا ئاللاھ ئۇنىڭغا غەزەپ قىلىدۇ. بەندىمۇ ئۆزىگە ئوخشاش بىر بەندىنىڭ ئۆزىدىن نەرسە تىلىشىدىن خۇش بولۇپ كەتمەيدۇ. بارچە مەخلۇقلار ھەممىدىن باي، شاھلارنىڭ شاھىنشاھى بولغان ئاللاھقا ھاجەتمەن. ئاللاھ ئۆزىنىڭ ئەزىز كىتاۋى قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ:« ئى ئىنسانلار! سىلەر ئاللاھقا مۇھتاجسىلەر، ئاللاھ ھەممىدىن بىھاجەتتۇر، مەدھىيىگە لايىقتۇر» سۈرە فاتىر 15ـ ئايەت.

ئەي ئادەملەر سىلەرنىڭ ھەممىڭلار ئاللاھقا مۇھتاج، ھېچكىم ئۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس، مەيلى ئۇ كەمبەغەل ياكى باي بولسۇن، مەيلى ئۇ رەئىس ياكى پۇقرا بولسۇن.

ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:« ئېيتقىنكى، ‹پادىشاھلىقنىڭ ئىگىسى بولغان بولغان ئى ئاللاھ ! خالىغان ئادەمگە پادىشاھلىقنى بېرىسەن، خالىغان ئادەمدىن پادىشاھلىقنى تارتىپ ئالىسەن، خالىغان ئادەمنى ئەزىز قىلىسەن، خالىغان ئادەمنى خار قىلىسەن، ھەممە ياخشىلىق ( نىڭ خەزىنىسى يالغۇز ) سېنىڭ قولۇڭدىدۇر، سەن ھەقىقەتەن ھەممىگە قادىرسەن » سۈرە ئال ئىمران 26ـ ئايەت.

ئاللاھ خالىغان ئادەمگە پادىشاھلىق بېرىدىغان، خالىغان ئادەمدىن پادىشاھلىقنى تارتىپ ئالىدىغان، خالىغان ئادەمنى ئەزىز قىلىپ، خالىغان ئادەمنى خار قىلدىغان پادىشاھلارنىڭ پادىشاھى تۇرسا، بەندىنىڭ ئاللاھدىن غەيرىلەرگە يېلىنىپ-يالۋۇرۇشى توغرا بولامدۇ؟

ئاللاھ تائالا ھەدىس قۇددىسىيدە مۇنداق دېگەن:« ئى بەندىلىرىم! سىلەرنىڭ ھەممىڭلار ئازغۇنسىلەر، مەن ھىدايەت بەرگەن ئادەم بۇنىڭدىن مۇستەسنا. شۇڭا مەندىن ھىدايەت تەلەپ قىلىڭلار، سىلەرنى ھىدايەت قىلىمەن.» تىرمىزى 2495ـ؛ ئىبنى ماجە 4257ـ نومۇر

ھىدايەتكە ئېرىششنى خالىغۇچى ئەي ئىنسان! ئاللاھدىن ھىدايەت قىلىشنى تىلەڭ، دۇئا قىلىشتىن زېرىكىپ قالماڭ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پەرۋەردىگارىدىن ھىدايەت تەلەپ قىلىپ قىلغان مۇنۇ دۇئاسىنى ھەر ۋاقىت ئېسىڭىزدىن چىقارماڭ.« ئى ئاللاھ سەندىن ھىدايەت، تەقۋالىق، ئىففەت ۋە بىھاجەتلىك سورايمەن» مۇسلىم 6843، 6842؛ تىرمىزى 3489؛ ئىمام ئەھمەد 1ـ توم 416ـ نومۇر.

ئاللاھنىڭ بىزنى ئۇنىڭدىن ھىدايەت تەلەپ قىلىشىمىزنى بۇيرۇپ، دۇئايىمىزنى ئىجابەت قىلماسلىقى توغرا بولامدۇ؟ ئەلۋەتتە، ياق. ئۇ بەرگەن ۋەدىسىگە ئەمەل قىلىدىغان ھەممىگە قادىر زاتتۇر.

يوقۇرقى ھەدىسنىڭ داۋامى : « ئى بەندىلىرىم! سىلەرنىڭ ھەممىڭلار

يالىڭاچسىلەر، مەن كىيىم بەرگەن ئادەم ئۇنداق ئەمەس. شۇڭا مەندىن كىيىن تەلەپ قىلىڭلار، سىلەرگە كىيىم بېرىمەن»

شۇنداق، ئەي بەندىلەر! سىلەر ئۆزەڭلار كىيدىغان كىيىمگىمۇ ئىگە بولالمايسىلەر، رەببىڭلاردىن كىيىم سوراڭلار، ئۇ سىلەرگە كىيىم بېرىدۇ.

« ئى بەندىلىرىم! سىلەرنىڭ ھەممىڭلار ئاچسىلەر، مەن تاماق بەرگەن ئادەم ئۇنىڭدىن مۇستەسنا، شۇڭا مەندىن تائام سوراڭلار، سىلەرگە تائام بېرىمەن»

ئەي بۇرادەر! ئويلاپ بېقىڭ، ئاللاھ تىبارەك ۋە تەئالا سىزنى بۇيرۇۋاتىدۇ، سىزگە نەسىھەت قىلىپ يول كۆرسىتىۋاتىدۇ: مەندىن تائام تەلەپ قىل دەۋاتىدۇ. سىز ئاللاھدىن بىرەر قېتىم بولسىمۇ: ئى ئاللاھ ! ماڭا ئاچلىقىمدا تاماق بەر دەپ سوراپ باقتىڭىزمۇ؟

ئاللاھ قۇرەيشىلەرگە « ئۇلارنى ئاچلىقتىن ئوزۇقلاندۇرۇپ » ئېھسان قىلدى. سۇرە قۇرەيش 4- ئايەت.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئاللاھقا «ئۇ ماڭا تائام بېرىدىغان، سۇ بېرىدىغان زاتتۇر» دەپ ھەمدۇ- سانا ئېيتاتتى. سۇرە شۇئەرا 79- ئايەت.

« ئى بەندىلىرىم! سىلە كېچە- كۈندۈز خاتالىشىپ كېتىۋاتىسىلەر، مەن بارچە گۇناھلارنى مەغپىرەت قىلىمەن. شۇڭا گۇناھىڭلارنى مەغپىرەت قىلىشىمنى تىلەڭلار.گۇناھىڭلارنى مەغپىرەت قىلىمەن. ئى بەندىلىرىم! سىلەر ھەرگىز ماڭا زەرەر يەتكۈزەلمەيسىلەر، سىلەر ھەرگىزمۇ ماڭا مەنپەئەت بېرەلمەيسىلەر. ئى بەندىلىرىم! ئەگەر سىلەرنىڭ ئەۋۋەلىڭلار ۋە ئاخىرىڭلار، ئىنسانلىرىڭلار ۋە جىنلىرىڭلار ئىچىڭلاردىكى ئەڭ تەقۋا ئادەمگە ئوخشاش بولۇپ كەتسەڭلارمۇ، بۇ مىنىڭ پادىشاھلىقىمغا ھېچ نەرسىنى زىيادە قىلمايدۇ. ئى بەندىلىرىم! ئەگەر سىلەرنىڭ ئەۋۋەلىڭلار ۋە ئاخىرىڭلار، ئىنسانلىرىڭلار ۋە جىنلىرىڭلار ئىچىڭلاردىكى ئەڭ فاجىر ئادەمگە ئوخشاش بولۇپ كەتسەڭلارمۇ، بۇ مىنىڭ پادىشاھلىقىمدىن ھېچ نەرسىنى كېمەيتەلمەيدۇ. ئى بەندىلىرىم! ئەگەر سىلەرنىڭ ئەۋۋەلىڭلار ۋە ئاخىرىڭلار، ئىنسانلىرىڭلار ۋە جىنلىرىڭلار بىر تۈزلەڭلىككە يىغىلىپ، مەندىن خالىغىنىڭلارنى سورىساڭلار، مەن ھەر بىر ئادەمگە سورىغان نەرسىسىنى بەرسەم، بۇ مىنىڭ پادىشاھلىقىمدىن ھېچ نەرسىنى كېمەيتەلمەيدۇ. كېمەيتتى دېگەندە، پەقەت يىڭنە دېڭىزغا تاشلىنىپ ئېلىنغان ۋاقىتتا، يىڭنىنىڭ دېڭىزدىن كېمەيتكەنچىلىك مىقداردا كېمەيتەر»

سۇبھانەللاھ! ئەگەر يەر يۈزىدىكى مىلياردلىغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى بىر جايغا توپلىنىپ، ئۆزى خالىغان نەرسىنى تىلىسە، ھەر بىر ئادەمگە تىلىگەن نەرسىسى بېرىلسە، بۇ ئاللاھنىڭ مۈلكىدىن ھېچ نەرسىنى كېمەيتەلمەيدۇ، كېمەيتكىنى

يىگىنىڭ دېڭىزغا تاشلىنىپ، سۈزۈلگەن ۋاقتىدىكى دېڭىزدىن كېمەيتكەنچىلىك نەرسە، خالاس! يىگىنە دېڭىزدىن نېمىنى كېمەيتەلىسۇن؟!

« ئى بەندىلىرىم ! مەن پەقەت سىلەرنىڭ ئەمەللىرىڭلارنى سىلەر ئۈچۈنلا خاتىرلەپ قويىمەن. ئاندىن

كىمكى ياخشىلىقنى تاپسا، ئاللاھقا ھەمدۇ-سانا ئېيتسۇن. كىمكى ئۇنىڭدىن باشقىسىنى تاپسا، پەقەت ئۆزىگىلا مالامەت قىلسۇن» مۇسلىم 6517، ئىبنى ماجەھ 4257- نومۇر.

ئويلاپ بېقىڭ، بىز ئەمدى كىمگە يېلىنىمىز؟ ئاللاھقا يېلىنىمىزمۇ ياكى باشقىغىمۇ؟

ئاللاھ بۇ ھەدىسى قۇددىسىيدە ناھايىتى مېھرىبانلىق بىلەن ندا قىلىپ تەكرار تەكرار ئى بەندىلىرىم دەپ توۋلاۋاتىدۇ. ئاللاھ بىزنى، بىز ئۇنىڭدىن ئاتا قىلىشنى خالايدىغان ھىدايەت، يېمەك- ئىچمەك، كىيىم- كېچەك ۋە گۇناھلارنىڭ مەغپىرەت قىلىنىشى قاتارلىق ئىشلارنى سورىشىمىزغا بۇيرۇق قىلىۋاتىدۇ.

ئاللاھ ئۆزىگە چاپلىشىپ تۇرۇپ دۇئا قىلىدىغان ئادەمنى ياخشى كۆرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ( ئىبادەتتىن) سىلەر زېرىكىپ قالمىساڭلار، ئاللاھ ھەرگىزمۇ زېرىكىپ قالمايدۇ» بۇخارى 730، مۇسلىم 1824- نومۇر.

بەزىلەرنىڭ كۆڭلىگە مۇنداق بىر سۇئال كىلىپ قېلىشى مۇمكىن: ئاللاھ ئادەمدىن باشلاپ ھازىرغىچە ئۆزىنىڭ مەخلۇقاتلىرىغا قانچىلىك يامغۇر، قانچىلىك زىرائەت، قانچىلىك مېۋە، قانچىلىك ھايۋانات، قانچىلىك يىمەك- ئىچمەك ۋە قانچىلىك، قانچىلىك. .....لەرنى ئاتا قىلغاندۇ؟

ئىلگىركىلەر ئېيتقاندەك، « زۇۋۇلىمىزنىڭ چوڭ ئۆزۈلگەنلىكى» ھەرگىزمۇ ئاتا-بوۋىلىرىمىزنىڭ ياخشىلىقى بولماستىن بەلكى ئاللاھنىڭ ئىنئامى ۋە پەزلىدىندۇر. ئاللاھنىڭ ئۆزى يالغۇز بەرگۈچىدۇر، پەقەت ئاللاھلا ھەم چەكلىگۈچىدۇر.

ئاللاھنىڭ ئىسىم- سۈپەتلىرىدىن بىرى « ئەلكەرىيم » بولۇپ، مەنىسى سورىمىسىمۇ بەرگۈچى سېخي زات دېگەنلىكتۇر. ئەگەر ئۇنىڭدىن سورالسا ئۇ قانچىلىك بېرەر؟!

رىۋايەت قىلىنىشچە، بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كىلىپ: ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! پەرەۋردىگارىمىز يىراقتىمۇ؟ ئەگەر يىراقتا بولسا، ئۇنىڭغا توۋلاپ دۇئا قىلايلى؛ پەرۋەردىگارىمىز يېقىندىمۇ؟ ئەگەر ئۇ يېقىندا بولسا ئۇنىڭغا پىچىرلاپ دۇئا قىلايلى دېگەندە، بۇ سۇئالنىڭ جاۋابى يەتتە قات ئاسماننىڭ ئۈستىدىن، ھەممىنى ياراتقۇچى زات تەرىپىدىن بېرىلگەن :« مىنىڭ بەندىلىرىم سەندىن مەن توغرۇلۇق سورىسا، ( ئۇلارغا ئېيتقىنكى) مەن ھەقىقەتەن ئۇلارغا

يېقىنمەن ( يەنى ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ۋە سۆزلىرىنى بىلىپ تۇرىمەن)، ماڭا دۇئا قىلسا، مەن دۇئا قىلغۇچىنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىمەن، ئۇلار توغرا يول تېپىش ئۈچۈن مىنىڭ دەۋىتىمنى قوبۇل قىلسۇن ۋە ماڭا ئىمان ئېيتسۇن» سۈرە بەقەرە 186- ئايەت.

قاراڭ، ئاللاھنىڭ ئۇ كىشىنىڭ سۇئالىنىڭ جاۋابىنى ئۆزىنىڭ بەرگەنلىكىگە. ئەگەر ئاللاھ پەيغەمبىرىنى جاۋاب بېرىشكە ئىختىيار قىلغان بولسا، ئۇمۇ بۇ سۇئالغا ھەقىقەتەن دەل جايىدا جاۋاب بەرگەن بولاتتى. بىراق، ئاللاھ يەتتە قات ئاسمان ۋە ئەرشى كۇرسىنىڭ ئۈستىدىن ئۆز زاتى بىلەن جاۋاب بېرىپ: « مىنىڭ بەندىلىرىم » دەۋاتىدۇ. ئاللاھنىڭ بۇ سۆزىدىن مېھرىبانلىق، ئىززەتلەش پارلىنىپ تۇرۇۋاتىدۇ. چۈنكى ئاللاھ بەندىلەرنى گەرچە ئۇلار ئۇنىڭغا ئاسىيلىق قىلغان، گۇناھ ئۆتكۈزگەن بولسىمۇ ئۆز تەۋەلىكىگە كىرگۈزۈپ شەپقەت قىلىۋاتىدۇ.

ئەگەر بىز قۇرئاننىڭ بايان ئۇسلۇبى ھەققىدە چوڭقۇر ئويلانساق، قاچان مۇشرىكلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن بىرەر ئىش ھەققىدە سۇئال سورىسا، ئاللاھنىڭ ئۆز پەيغەمبىرىگە : ئى پەيغەمبەر ! ئۇلارغا ئېيتقىنكى، ئۇلارغا دېگىنكى دەپ ئەمر قىلىدىغانلىقىنى بايقايمىز. ئەمما بۇ قېتىم پەيغەمبىرىمىزدىن سورالغان ئاللاھنىڭ يىراق ياكى يېقىنلىقى ھەققىدىكى بۇ سۇئالغا بېرىلگەن جاۋاب « ئېيتقىنكى » دېيىلمەستىن بىۋاستە بولدى. چۈنكى ئاللاھ بىلەن بەندە ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت بىۋاستە، شۇڭلاشقا جاۋابمۇ ۋاستىدىن خالىي ھالدا بىۋاستە بېرىلگەن.

« پەرۋەردىگارىڭلار ماڭا دۇئا قىلىڭلار، سىلەرنىڭ دۇئايىڭلارنى ئىجابەت قىلىمەن دېدى» سۈرە غافىر 60-ئايەت.

ئاللاھ بىزنى دۇئا قىلىشقا بۇيرۇپ، ئىجابەت قىلىشقا ۋەدە بەرگەن تۇرسىمۇ نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭغا دۇئا قىلمايمىز؟ ئۇنىڭغا يېلىنمايمىز؟ ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈيمىز؟

بىز ئاللاھدىن بىھاجەت بولۇشقا قادىرمۇ؟ « پەرەۋەردىگارىڭلارغا بىچارىلەرچە ۋە يوشۇرۇن دۇئا قىلىڭلار» سۈرە ئەئراف 55- ئايەت

رەببىمىز زەكەرىيا ئەلەيھىسسالام ھەققىدە سۆزلەپ: « زەكەرىيا پەرۋەردىگارىغا يوشۇرۇن دۇئا قىلدى» دېدى. سۈرە مەريەم 3- ئايەت.

دۇئانى مەخپىي قىلغاندا ئىخلاس ۋە ئاللاھ بىلەن بولغان ئەدەب ناھايىتى چوڭ بولغان بولىدۇ. قەلب ساپلىنىپ، كۆزلەردىن ياشلار تۆكۈلىدۇ. بۇ ئامىللارنىڭ دۇئانىڭ مەقبۇل بولىشىدا رولى ناھايىتى چوڭدۇر.

**دۇئانىڭ پەزىلىتى ھەققىدىكى ھەدىسلەر**

دۇئانىڭ پەزىلىتى ۋە ئەدەبلىرى ھەققىدە نۇرغۇن ھەدىسلەر بار. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن :« دۇئا- ئىبادەتتۇر » ئەبۇ داۋۇت 1479؛ تىرمىزىي

2969ـ نومۇر

« پەرەۋۇردىگارىڭلار ئېيتتىدۇ: ماڭا دۇئا قىلىڭلار، مەن دۇئايىڭلارنى قوبۇل قىلىمەن ( تىلىگىنىڭلارنى بېرىمەن )، شۈبھىسىزكى، مېنىڭ ئىبادىتىمدىن چوڭچىلىق قىلىپ باش تارتىدىغانلار خار ھالەتتە جەھەننەمگە كىرىدۇ » سۈرە غافىر 60ـ ئايەت

بىز بۇ ئايەتتە ئاللاھنىڭ ماڭا دۇئا قىلىشتىن باش تارتىدىغانلار دېمەستىن، مىنىڭ ئىبادىتىمدىن چوڭچىلىق قىلىپ باش تارتىدىغانلار دېگەنلىكىنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمىز. بۇ ئايەتتە ئىبادەت سۆزى دۇئا سۆزىنىڭ ئورنىدا كەلگەن.

پەرەۋۇردىگارىغا دۇئا قىلمايدىغان ئادەم- مۇتەكەببىردۇر. چۈنكى ئۇ ئۆز ياراتقۇچىسى، رىزىق بەرگۈچى، ھاياتلىق ئاتا قىلغۇچى، ئۆلتۈرگۈچى، يېمەكلىك بەرگۈچى ۋە كىيىم كېيدۈرگۈچى بولغان ئىلاھىغا ئىككى قولىنى كۆتۈرۈپ يېلىنىشتىن چوڭچىلىق قىلغان بولىدۇ. مەن بىر كۈن، ئىككى كۈن ياكى ئۇنىڭدىن كۆپىراق ۋاقىتتىمۇ ئاللاھغا قول كۆتۈرۈپ، دۇئا قىلماي ۋاقتىنى ئۆتكۈزۈۋېتىدىغان كىشىلەردىن ھەيرانمەن!! قىيىنچىلىقلاردىن قۇتۇلدۇرغۇچى پەقەت ۋە پەقەت ئۇـ ئاللاھدۇر. پەيغەمبەرلەر قاچان ئېغىر كۈلپەتلەرگە ئۇچرىسا ئۇنىڭغا يېلىنىپ دۇئا قىلاتتى. ئاللاھ ئۇلارنىڭ قىيىنچىلىقلىرىنى ئاسانلاشتۇرۇپ بېرەتتى. بۇ ھەقتە ئەدىبلەردىن بىرى مۇنداق دېگەن:

ئىلاھا! تىلىكىنى ئىجابەت قىلىپ نۇھنىڭ،
قۇتقازدىڭ ئۇنى كېمەڭدە، رەھمىتىڭ بىلەن.
كاپىرلار خەلىلىڭـ ئىبراھىمنى تاشلىغاندا ئوتقا،
قىلدىڭ ئوتنى باغۇـئىرەم، «بول» ئەمرىڭ بىلەن.
بۇيرۇق قىلدىڭ بېلىققا «يۇنۇسنى يۇتقىن» دەپ،
ساقلاپ قالدىڭ ئۇنى ھەم « دەرىخىڭ » بىلەن.
ئىلاھا ! بەندىلىرىڭگە ياردەم قىل، رەھىم ئەيلە،
ئۇلار كۈلسۇن شەپقەتـ ئىنئامىڭ بىلەن.

ئادەم ئۆزىنى ياراتقان، رىزىق بېرىۋاتقان ئىگىسىگە يېلىنىپ دۇئا قىلىۋاتقان چاغدا ئاجايىپ بىر خىل خۇشاللىق ۋە سائادەتنى ھىس قىلىدۇ. چۈنكى ئۇ ھەممىدىن باي، دۇئالارنى ئىجابەت قىلىدىغان ھەم ناھايىتى سېخي زاتتىن سورىغانـ دە. بەندىلەرنىڭ :ئى پەرەۋۇردىگارىم! مەن ساڭا مۇھتاج، مەن ساڭا مۇھتاج، ئى ئاللاھ مېنى ئۆز پاناھىڭغا ئال. .. مىنى توغرا يولغا باشلىغىن... ماڭا ياردەم بەر. .. مىنى رەھمىتىڭگە ئېرىشتۈرىدىغان ئىشلارغا مۇۋەپپەق قىل. .. رىزقىمنى كەڭرى قىل دېگەنىدەك سۆزـ ئىبارىلەر بىلەن ئۆزى خالىغان ئىشلارنى پەرەۋۇردىگارىدىن تىلىشى نېمە دىگەن ياخشى ئىش ــ ھە!

ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىكى نېمەتلەر ھەقىقەتەن كاتتىدۇر. ئاللاھنىڭ غەيرىدىن بىر نەرسە تىلەشتىن ھەزەر ئەيلەڭ. بۇنداق قىلىش ئاللاھنىڭ غەيرىگە ئۆزىنى خار قىلغانلىق بولىدۇ. موسۇلمان ئادەم رەببىدىن باشقا ھەر قانداق ئادەم ۋە شەيئىگە ئۆزىنى خار قىلمايدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« دۇئادىن پەزىلەتلىكراق بىرەر ئىش يوق» تىرمىزى 3370؛ ئىمام ئەھمەد 2- توم 362- نومۇر.

مۇسۇلمان كىشى دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ ياخشىلىقىنى ئورتاق تىلىشى كېرەك. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەڭ كۆپ قىلغان دۇئا :« ربنا اتنا في الدنيا حسنه و في الاخره حسنه وقنا عۋاب النار ( پەرۋەردىگارىمىز ! بىزگە دۇنيادىمۇ ياخشىلىق ئاتا قىلغىن، ئاخىرەتتىمۇ ياخشىلىق ئاتا قىلغىن، بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن) » دىن ئىبارەت ئىدى. ئەبۇ داۋۇت 1892؛ ئىمام ئەھمەد 3- توم 411- نومۇر.

دۇئا قىلىپ تۇرىدىغان ئادەم ھالاك بولمايدۇ. موسۇلمان كىشى ئاللاھقا نىسبەتەن ياخشى گۇمان قىلىشى كېرەك. ئاللاھنىڭ بەندىلەرگە بولىدىغان مۇئامىلىسى ئۇنىڭ ئاللاھقا قارىتا قانداق گۇماندا بولغانلىقىغا مۇناسىۋەتلىك. ئاللاھنىڭ دۇئا قىلغۇچىنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىپ، قىيىنچىلىقىدىن قوتۇلدۇرىغان، ئۇنىڭ ئەيىبىنى يوشۇرۇپ، گۇناھىنى مەغپىرەت قىلىدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشەنچ قىلىش كېرەك. ئاللاھقا ئىشەنچ قىلالمىسىڭىز، كىمگە ئىشىنىسىز؟

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ئاللاھ ناھايىتى ھايالىق ۋە سېخىدۇر. ئەگەر بەندە ئۇنىڭغا قولىنى كۆتۈرۈپ دۇئا قىلسا، ئۇ بۇ بەندىنى قورۇق قول ۋە ئۈمىدسىز ھالەتتە قايتۇرۇشتىن ھايا قىلىدۇ» ئەبۇ داۋۇت 1488؛ تىرمىزى 3556- نومۇر.

پەرۋەردىگارىمىز بىزدىن ھايا قىلىۋاتىسا، قانداقسىگە بىز ئۇنىڭدىن ھايا قىلمايمىز؟!

قۇرئان كەرىمدە تىلغا ئېلىنغان دۇئاسى ئىجابەت قىلىنغانلاردىن نەمۇنىلەر

نۇھ ئەلەيھىسسالام:

نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى ئۇنىڭغا دۈشمەنلىك قىلىپ، مەسخىرە قىلاتتى. دەئۋىتىدىن يۈز ئۆرۈيتتى. نۇھ ئەلەيھىسسالام ئۆزىگە ئاللاھدىن باشقا تاياپچىنىڭ قالمىغانلىقىنى كۆرۈپ :« ھەقىقەتەن مەن بوزەك قىلىندىم، ماڭا ياردەم قىلغىن» دەپ ئاللاھغا دۇئا قىلدى. نەتىجە قانداق بولدى؟ ئاللاھنىڭ تۆۋەندىكى سۆزىنى ئوقۇڭ:« ئاسماننىڭ دەرۋازىلىرىنى قويۇلۇپ ياغقۇچى يامغۇر بىلەن ئېچىۋەتتۇق، زېمىندىن بۇلاقلارنى ئېتىلدۇرۇپ چىقاردۇق، ( ئاللاھ تەقدىر قىلغان ئۇلارنى غەرىق قىلىپ ھالاك قىلىش ) ئىشىغا بىنائەن، يامغۇر سۈيى بىلەن بۇلاق سۈيى ( بىر- بىرىگە )

قىتىلدى». سۇرە قەمەر 11-12- ئايەتلەر. ئاسماندىن ياغقان يامغۇر ۋە زېمىندىن ئېتىلىپ چىققان بۇلاق سۈيى بىر- بىرىگە قوشۇلۇپ، كاپىرلار غەرىق بولدى. نۇھ ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ئىمان ئېيتقانلار ساق قالدى. « ئۇنىڭ بىلەن پەقەت ئازغىنە كىشىلەرلا ئىمان ئېيتقان ئىدى » سۇرە هۇد 40- ئايەت.

**زەكەرىيا ئەلەيھىسسالام:**

زەكەرىيا ئەلەيھىسسالامنىڭ يېشى چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ، پۇت- قولىنىڭ ماغدۇرى كەتتى. چاچلىرى ئاقاردى. ئۇنىڭ بالىسى يوق ئىدى. چۈنكى ئۇنىڭ ئايالى تۇغماس ئىدى. ئۇ پەيغەمبەرلىككە ۋارىسلىق قىلىپ، ئاللاھ يولىدا دەئۋەت ئېلىپ بېرىپ، كىشىلەرنى توغرا يولغا باشلايدىغان بىرەر ئەۋلادىنىڭ يوقلۇقىدىن قايغۇرۇپ، قولىنى دۇئاغا كۆتۈردى. :« رب لا تۈرني فردا و انت خير الوارثين ئى پەرۋەردىگارىم! مىنى ( بالىسىز، ۋارىسسىز ) يالغۇز قويمىساڭ، سەن ئەڭ ياخشى ۋارىستۇرسەن ( ھەممە ئادەم ئۆلىدۇ، سەنلا باقىي قالىسەن )» سۇرە ئەنبىيا 89- ئايەت.

« بىز ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلدۇق، ئۇنىڭغا يەھيانى ئاتا قىلدۇق. ئۇنىڭغا خوتۇنىنى ئۆزگەرتىپ ( ئۇنى تۇغىدىغان قىلىپ ) بەردۇق» سۇرە ئەنبىيا 90- ئايەت.

**سۇلايمان ئەلەيھىسسالام:**

ئاللاھ داۋۇد ئائىلىسىدىكىلەرگە كاتتا پادىشاھلىقنى ئىنئام قىلغان ئىدى. سۇلايمان ئەلەيھىسسالام ھەم پادىشاھ ھەم پەيغەمبەر ئىدى. ئاللاھ ئۇنىڭغا كاتتا پادىشاھلىق، يۈز-ئابروي ئاتا قىلغان، جىنلارنى، شامالنى ۋە باشقا مەخلۇقلارنى بويسۇندۇرۇپ بەرگەن ئىدى. ئۇ بىر تۈرلۈك سىناققا دۇچ كەلدى-دە ئاللاھ غا دۇئا قىلدى :« پەرۋەردىگارىم! ماڭا مەغپىرەت قىلغىن، ماڭا مەندىن كېيىن ( مەندىن باشقا ) ھېچ ئادەمگە مۇيەسسەر بولمايدىغان پادىشاھلىق ئاتا قىلغىن »سۇرە ساد 35- ئايەت.

ئاللاھ ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىپ، ئۇنىڭغا ئۇنىڭدىن كېيىن ھېچقانداق شەخسكە بەرمىگەن پادىشاھلىق ۋە يۈز- ئابروي ئاتا قىلدى. بەلكى پەيغەمبىرىمىزگىمۇ ئۇنىڭغا بېرىلگەن نەرسىلەر بېرىلمىگەن ئىدى. سەھىھ بىر ھەدىستە مۇنداق بايان قىلىنىدۇ. بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر جىننى تۇتۇۋېلىپ مۇنداق دېگەن:« ئەگەر بۇرادىرىم سۇلايماننىڭ دۇئاسى بولمىغان بولسىدى، مەن چوقۇم ئۇنى مەسجىدنىڭ تۈۋرۈكىگە باغلاپ قويۇپ، كىچىك بالىلارنىڭ ئوينىشىغا تاشلاپ بېرىپ، ئىبرەت قىلغان بولاتتىم» ئىمام ئەھمەد 3-توم 83- نومۇر.

**ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام:**

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ھاياتلىق، دەل- دەرەخ ۋە گۈل- گىياھتىن خالىي قاقىرام چۆللۈككە يىتىپ كىلىپ، ئاللاھنىڭ ئەمرى بۇيىچە ئايالى ھاجەر ۋە ئۇماق پەرزەنتى ئىسمايىلنى بۇ يەرگە ئورۇنلاشتۇرىدۇ ۋە ئاللاھقا مۇنداق دەپ ئىلتىجا قىلىدۇ :«

پەرۋەردىگارىم ! بۇ يەرنى ( مەككىنى ) تىنىچ شەھەر قىلىپ بەرگىن، ئاھالىسىنى تۈرلۈك مېۋىلەر بىلەن ( رىزىقلاندۇرغىن) ». سۈرە بەقەرە 126- ئايەت.

ئاللاھتائالا ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىپ مەككىنى ۋە مەككە ئەتراپىنى ھەر تەرەپتىن رىزىق كېلىدىغان بەرىكەتلىك ماكانغا ئايلاندۇردۇ.

**ئەييۇب ئەلەيھىسسالام:**

ئاللاھتائالا ئەييۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ بەدىنىگە قۇرت چۈشۈرۈش ئارقىلىق ئىمتىھان قىلدۇ. ئەييۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ بەدىنىدىن ئاللاھقا زىكرى قىلىپ تۇرىدىغان تىلى بىلەن يۈرىكىدىن باشقا ھېچقانداق جاي ساق قالمايدۇ. ئەييۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاغرىقى كۈچىيىپ كېتىدۇ. ئۇ يېلىنىدىغانغا ئاللاھدىن باشقا ھېچكىمنى تاپالمايدۇ. ئۇ ئاللاھدىن ھايا قىلىپ دەماللىققا دۇئا قىلمايدۇ. ئاللاھ تائالا قۇرئاندا مۇنداق دەيدۇ:« ئۆز ۋاقتىدا ئەييۇب پەرەۋۇردىگارىغا : ‹ ھەقىقەتەن مېنى بالا ئورىۋالدى، سەن ئەڭ مەرھەمەتلىكسەن › دەپ دۇئا قىلدى». ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ بۇ بەندىسى ۋە پەيغەمبىرىنىڭ دۇئاسىنى ناھايىتى تىز ئىجابەت قىلغانلىقىنى ئىپادىلەپ مۇنداق دەيدۇ :« ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلدۇق، ئۇنىڭ بېشىغا كەلگەن بالانى كۆتىرىۋەتتۇق» سۈرە ئەنبىيا 83-84- ئايەت.

**سەرۋەرى ئالەم مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام:**

ئاللاھتائالانىڭ پەيغەمبىرى ۋە ھەبىبى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسىنى قانداق تىز ئىجابەت قىلىدىغانلىقىنى روشەن ئەكىس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان تۆۋەندىكى قىسسىنى كۆرۈپ باقايلى:

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئانىسى كاپىر بولۇپ، ئىمان ئېيتقىلى ئۇنىمىغان ئىدى. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى تىللاپلا يۈرەتتى. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ: ئى رەسۇلۇللاھ! ئاللاھنىڭ ئانامنى ھىدايەت قىلىشىغا بىر دۇئا قىلغان بولساڭ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام :« ئى ئاللاھ ! ئەبۇ ھۇرەيرەنىڭ ئانىسىنى ھىدايەت قىلغىن، ئۇنىڭ قەلبىنى ئىسلام ئۈچۈن كەڭ قىلغىن» دەپ دۇئا قىلدى. ئەبۇ ھۇرەيرە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسىدىن ناھايىتى خۇشال بولدى. ئۇ بۇ قىسسىنىڭ ئاخىرىنى مۇنداق رىۋايەت قىلدۇ. مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدىن قايتىپ كېلىپ ئانامنىڭ يېنىغا كىرىم. ئۇ ماڭا :ئى ئەبۇ ھۇرەيرە ! دېدى. مەن كۆڭلۈمدە: ئۇ مېنى تىللايدىغان بولدى دېدىم. مەن ئۇنىڭغا : خوش ئانا دېدىم. ئۇ : ئاللاھدىن باشقا ئىلاھنىڭ يوقلۇقىغا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھنىڭ بەرھەق ئەلچىسى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىمەن دەپ شاھادەت ئېيتىپ موسۇلمان بولدى. مەن كۈلدۈم. خۇشاللىقتىن كۆزلىرىم ياشقا تولدى. مەن كۆزلىرىمدىن خۇشاللىق ياشلىرىنى

ئاقۇزغىنىمچە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كەلدىمدە : ئى رەسۇلۇللاھ! خۇش خەۋەر، دۇئايىڭ ئىجابەت بولدى دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئەلھەمدۇلىللاھ دېدى. ئاندىن ئەبۇ ھۇرەيرە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا : ئاللاھقا مۆمىنلەرنىڭ مېنى ۋە ئانامنى ياخشى كۆرىدىغان، بىزنىڭ مۆمىنلەرنى ياخشى كۆرىدىغان بولۇشىمىزغا دۇئا قىلغان بولساڭ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« ئى ئاللاھ ! مۆمىنلەرنى بۇ بەندەڭنى ۋە ئۇنىڭ ئانىسىنى ياخشى كۆرىدىغان قىلغىن » دەپ دۇئا قىلدى. ئەبۇ ھۇرەيرە مۇنداق دەيدۇ: بىرەر ئادەم مېنىڭ ئىسمىمنى ئاڭلىسا ياكى مېنى كۆرسە، ئۇ مېنى ياخشى كۆرۈپ قالاتتى. مۇسلىم 6346؛ ئىمام ئەھمەد 2-توم 320- نومۇر.

مانا بۇ ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىمىزنىڭ دۇئاسىنى نەقەدەر تېز ئىجابەت قىلىپ بېرىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان مىساللار ئىچىدىكى بىر مىسال.

**پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىيىنچىلىقتا قالغاندا قىلغان دۇئاسى**

بەدر غازىتىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام موسۇلمانلار سانىنىڭ مۇشرىكلارنىڭكىدىن كۆپ ئاز ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، بىر دەرەخنىڭ ئاستىغا كەلدى ــ دە قولىنى دۇئاغا كۆتۈرۈپ ئاللاھقا ئىلتىجا قىلىشقا باشلىدى:« ئى ئاللاھ ! ماڭا بەرگەن ۋەدەڭنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ بەرگىن، ئى ئاللاھ! ماڭا ۋەدە قىلغان نۇسرىتىڭنى ئاتا قىل. ئى ئاللاھ! ئەگەر سەن بۇلارنى ھالاك قىلساڭ زېمىندا ساڭا ئىبادەت قىلىدىغانلار تۈگەيدۇ». پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قولىنى دۇئاغا كۆتۈرگەن ھالدا يىغلاشقا باشلىدى. ھەتتا ئۇنىڭ ئۇچىسىدىن رىداسى يەرگە چۈشۈپ كەتتى. ئەبۇبەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭ بۇ ھالىتىنى كۆرۈپ ئىچى سىيرىلىپ كەتتى. ئۇ : ئى رەسۇلۇللاھ! ئۆزۈڭنى بېسىۋال، شەك- شۈبھە يوقكى، ئاللاھ ساڭا ۋەدە قىلغان نەرسىنى چوقۇم ساڭا ئەمەللەشتۈرۈپ بېرىدۇ دېدى. ئاللاھ پەيغەمبىرىنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىپ، ئۇنىڭ ئەسكەرلىرى ۋە مۆمىن بەندىلەرگە نۇسرەت، غەلبە ئاتا قىلدى. مۇسلىم 4563؛ تىرمىزى 3081؛ ئىمام ئەھمەد 1-توم 30-نومۇر.

خەندەك غازىتىدىمۇ موشۇنىڭغا ئوخشاش بىر ئىش يۈز بەرگەن. كاپىرلار موسۇلمانلارنى ناھايىتى قاتتىق مۇھاسىرىگە ئېلىۋالدۇ. ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ، بۇ ئىشتىن شىكايەت قىلدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام :« ئى ئاللاھ! ئەيىبلىرىمىزنى ياپقىن، قورقۇنچىتىن ئەمىن قىلغىن » دەپ دۇئا قىلدۇ. ئىمام ئەھمەد 3- توم 3-نومۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاھقا ئىلتىجا قىلىپ دۇئا قىلغاندىن كېيىن بىر ياكى ئىككى كۈن ئۆتمەيلا ئاللاھ قاتتىق شامال ئەۋەتىپ، كاپىرلارنىڭ چېدىرلىرىنى قومۇرۇپ تاشلاپ، داڭقانلىرىنى دۈم كۆمتۈرۈۋىتىدۇ. ئۇلار مەغلۇبىيەت ۋە خارلىق ئىچىدە قايتىپ كېتىدۇ.

ئاللاھ تائالا پەيغەمبىرىمىزنىڭ دۇئاسىنى ئەنە شۇنداق ئىجابەت قىلغان.

**سارە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ دۇئاسى:**

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئايالى سارەنى ئېلىپ مىسىرغا كەلگەندە، مىسىر پىرئەۋنىنىڭ كۆزى سارەگە چۈشۈپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئادەم بۇيرۇپ، سارەنى ھوزۇرۇغا كەلتۈرىدۇ. بۇ نازۇك پەيتتە سارە ئاللاھقا ئىلتىجا قىلىپ: ئى ئاللاھ ! مەن ئەۋرىتىمنى ئېرىمگە مۇھاپىزەت قىلىپ كەلگەن ئىدىم، سەن مېنى بۇ كاپىرنىڭ تاجاۋۇزىدىن ئامان قىلغىن دەيدۇ. نەتىجىدە پىرئەۋنىنىڭ رەزىل نىيتى ئەمەلگە ئاشمايدۇ، ئۇ سارەگە قىلچىلىك زەرەر يەتكۈزەلمەيدۇ. ئاللاھ سارەنى ئۇنىڭ ھىلە-مىكرى ۋە زۇلمىدىن ساقلايدۇ. ئۇ بىر قېتىم مەغلۇپ بولغىنىغا تەن بەرمەي يەنە بىر نەچچە قېتىم سارەگە تاجاۋۇز قىلىپ، مەقستىگە يەتمەكچى بولىدۇ. ھەر قېتىم سارە ئاللاھقا دۇئا قىلىپ يېلىنىدۇ. ئاللاھ سارەنى بۇ ئەبلەخنىڭ تاجاۋۇزىدىن ئۆزپاناھىدا ساقلايدۇ. « بېشىغا كۈن چۈشكەن ئادەم دۇئا قىلسا ( ئۇنىڭ دۇئاسىنى ) ئىجابەت قىلىدىغان، ئۇنىڭ بېشىغا كەلگەن ئېغىرچىلىقنى كۆتىرىۋېتىدىغان ۋە سىلەرنى زېمىنىنىڭ ئورۇنباسارلىرى قىلغان كىم؟، ئاللاھدىن باشقا ئىلاھ بارمۇ؟ سىلەر ئازغىنە ۋەز- نەسىھەت ئالىسىلەر» سۈرە نەمل 62- ئايەت

سۈپيان سەۋرى مۇنداق دەيدۇ: دۇئايىڭىزنىڭ ئىجابەت بولماسلىقىدىن ئەنسىرىمىسىڭىزمۇ بولىدۇ، ئەمما يامان ئىشلانى قىلىپ سېلىشتىن قورقۇشىڭىز كېرەك.

مەخلۇقلار ئىچىدىكى ئەڭ ئەسكى مەخلۇق- ئىبلىس ئەلەيھىللەئنە :« پەرۋەردىگارىم ! ماڭا ( خالايىق) تىرىلدۈرىلىدىغان كۈن ( يەنى قىيامەت كۈنى ) گىچە مۆھلەت بەرسەڭ ( يەنى مېنى ھايات قالدۇرساڭ ) » دېگەن ۋاقتىتا، ئاللاھ ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىپ مۇنداق دېگەن:« ھەقىقەتەن ساڭا مۆھلەت بېرىلدى ». سۈرە ھىجىر 37- ئايەت.

ھەممىنىڭ لەنەتىگە قالغان ئىبلىسقا ئوخشاش لەنەتگەردىنىڭ دۇئاسى ئىجابەت قىلىنغان يەردە، سىزگە ئوخشاش ئۇنىڭغا ئىشەنگەن بىر بىچارىنىڭ دۇئاسى ئىجابەت قىلىنماسمۇ؟ ئەگەر سىز ئاللاھ ئىجابەت قىلغان تىلەكلىرىڭىزنى ساناپ باقسىڭىز، چوقۇم ئۇلارنىڭ نۇرغۇن. نۇرغۇن ئىكەنلىكىنى ھىس قىلىسىز. لېكىن بىز ئاللاھقا ئازغىنە تەشەككۇر بىلدۈرىمىز.

سەمىڭىزدە بولسۇنكى، بەندە بىرەر گۇناھلىق ئىشنى ياكى سىلە- رەھىمنى ئۈزۈشنى مەقسەت قىلىپ دۇئا قىلمىسىلا، ئاللاھ ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىدۇ. ئالدىراپ- تېنەپلا : دۇئا قىلدىم، دۇئايىم ئىجابەت بولمىدى دېمەسلىك كېرەك. ئاللاھ سىزنىڭ قانچىلىغان دۇئالىرىڭىزنى ئىجابەت قىلغان-ھە! دۇئانىڭ ئىجابەت

قىلىنىشى مەلۇم ۋاقىت كېچىكتۈرۈلىشى مۇمكىن. ئەمەلىيەتتە، ئاللاھ دۇئايىڭىزنى سىز خالىغان ۋاقىتتا ئەمەس، ئۆزى خالىغان ۋاقىتتا ئىجابەت قىلىدۇ. ئەمما شەيتان ئاللاھ سىزگە ئاتا قىلغان نېمەتلەرنى ئۇنتۇلدۇرىدۇ. موسۇلمان ئادەم ئاللاھنىڭ ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىپ ئۇنى ئىززەتلەيدىغانلىقىنى، رىزقىنى كەڭرى قىلىدىغانلىقى، قىيىنچىلىقتىن قوتۇلدۇرۇپ، غەم- قايغۇدىن خالاس قىلىدىغانلىقىنى بىلىپ يەتسە، ئۇ ئاللاھنىڭ ئۆزىگە ئاتا قىلغان نېمەتلىرى ۋە پەزلىنى ھېس قىلالايدۇ.

### دۇئا ئىجابەت بولىدىغان ۋاقىت ۋە ئورۇنلار

### كېچىنىڭ ئاخىرقى ئۈچتىن بىرى:

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ:« بەندە ئۆزىنىڭ پەرۋەردىگارىغا كېچىنىڭ ئاخىرقى ئۈچتىن بىرىدە ئەڭ يېقىن بولىدۇ». دېمەك، دۇئا قىلىدىغان ئەڭ ئەۋزەل ۋاقىت ـ كېچىنىڭ ئاخىرقى ئۈچتىن بىرى. بۇ ۋاقىتتا رەببىمىز دۇنيا ئاسمىنىغا چۈشۈپ :« ماڭا دۇئا قىلىدىغانلار بارمۇ، ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىمەن، مەندىن ھاجىتىنى تىلەيدىغانلار بارمۇ، مەن ئۇنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلىمەن، مەندىن گۇناھىنىڭ مەغپىرەت قىلىنىشىنى سورايدىغانلار بارمۇ، مەن ئۇنىڭ گۇناھىنى مەغپىرەت قىلىمەن» دەيدۇ. بۇخارى 7494؛ مۇسلىم 1769- نومۇر.

كاشكى، بىز شۇ ۋاقىتنى ئاللاھقا يېقىنچىلىق قىلىپ، ئۇنىڭ رەھمەت قىلىشىنى ۋە گۇنالىرىمىزنى مەغپىرەت قىلىشىنى تىلىگەن ھالەتتە ئويغاق ئۆتكۈزسەكچۇ؟!

### جۈمە كۈنىدىكى مەلۇم ۋاقىت:

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« قۇياش يورۇتقان كۈنلەرنىڭ ياخشىسى جۈمە كۈنىدۇر، بۇ كۈندە ئادەم يارىتىلدى. يەنە شۇ كۈندە جەننەتكە كىرگۈزىلدى. جەننەتتىنمۇ شۇ كۈندە چىقىرىلدى. زېمىنغىمۇ شۇ كۈندە چۈشۈرۈلدى. قىيامەتمۇ شۇ كۈندە بولىدۇ. بۇ كۈندە بىر ۋاقىت بار بولۇپ، شۇ سائەتتە موسۇلمان ئادەم دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ ياخشىلىقىدىن نېمىنى تىلىسە، ئاللاھ ئۇنىڭغا تىلىگىنىنى بېرىدۇ». ئەبۇ داۋۇد 1046؛ تىرمىزى 491؛ ئىمام ئەھمەد 2- توم 504- نومۇر.

سۇئال : ئۇ قايسى چاغ؟. بەزىلەر بۇ ۋاقىتنى بامدات ۋاقتىدىن كۈن چىققۇچە دېسە، يەنە بەزىلەر جۈمە نامىزى ئوقۇلۇشنىڭ ئالدىدىكى ۋاقىت دەيدۇ. ئىمام خۇتبە ئوقۇۋاتقان ۋاقىت دەيدىغانلارمۇ، شام نامىزى ئوقۇلۇشنىڭ ئالدىدىكى ۋاقىت دەيدىغانلارمۇ بار.

### سەجدە قىلىۋاتقاندا:

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« بەندە سەجدە قىلىۋاتقان ۋاقىتتا ئاللاھقا ئەڭ يېقىنلىشىدۇ. سىلەر سەجدە قىلغان ۋاقىتڭلاردا، كۆپ دۇئا قىلىڭلار» مۇسلىم 1083؛ تىرمىزى 491؛ ئىمام ئەھمەد 2- توم 241- نومۇر.

بۇ ھەقتە ئاللاھ پەيغەمبىرىگە مۇنداق خىتاب قىلىدۇ:« ( ئاللاھقا) سەجدە قىلغىن، ( شۇنىڭ بىلەن) ئاللاھقا يېقىنلىق ھاسىل قىلغىن» سۈرە ئەلەق 19- ئايەت.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەجدىدە قىلغاندا قىلغان دۇئالار نۇرغۇن بولۇپ، بۇلاردىن تۆۋەندىكى بىر دۇئانى مىسال تەرىقىسىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتىمىز. « ئاللاھم اغفر لي ذنبي كله دقه و جله اوله و اخره علانيته و سره ئاللاهم اني اعوذ برضاك من سخطك و بمعافاتك من عقوبتك و اعوذ بك منك لا احصي ثنا ء عليك انت كما اثنيت على انفسك سبوح قدوس رب الملائكه والروح ( ئى ئاللاھ ! مېنىڭ چوڭ- كىچىك، ئىلگىرى- كېيىن ۋە ئاشكارە – يوشۇرۇن قىلغان گۇناھلىرىمنىڭ ھەممىسىنى مەغفىرەت قىلغىن؛ ئى ئاللاھ! سېنىڭ رازىلىقىڭ ئارقىلىق غەزىپىڭدىن، كەچۈرۈمىڭ ئارقىلىق جازالىشىڭدىن پاناھ تىلەيمەن؛ ئى ئاللاھ! سېنىڭ رەھمىتىڭ بىلەن سېنىڭ غەزىپىڭدىن پاناھ تىلەيمەن؛ ئى ئاللاھ! سەن ئۆزۈڭگە ئۆزۈڭ ھەمدۇ- سانا ھەمدۇ- سانا ئېيتقاندەك ساڭا سان- ساناقسىز ھەمدۇ- سانا ئېيتىمەن، سەن نوقسانسىزدۇرسەن، سەن ھەممىدىن مۇقەددەس، سەن پۈتۈن پەرىشتىلەرنىڭ ۋە جىبرىئىلنىڭ پەرۋەردىگادۇرسەن »مۇسلىم 1084؛ ئەبۇ داۋۇد 878- نومۇر.

**ئەزان بىلەن تەكبىر ئوتتۇرىسىدا:**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ئەزان بىلەن تەكبىر ئارلىقىدا قىلىنغان دۇئا رەد قىلىنمايدۇ» ئەبۇ داۋۇد 521؛ تىرمىزى 212- نومۇر.

دۇئا ئىجابەت قىلىنىدىغان باشقا ۋاقىتلار:

يوقۇردا تىلغا ئېلىنغان باشقا يەنە يامغۇر ياغقاندا، ئاللاھ يولىدا جىھادقا چىققاندا، ئەراپات كۈنىدە، كەئبىنى كۆرگەن ۋاقىتتا، كەئبىنى تاۋاپ قىلىۋاتقاندا، مۇلتەزىمدە ۋە قۇرئان خەتمە بولغاندا ھەم دۇئا ئىجابەت بولىدۇ.

يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىز نەچچە تۈرلۈك ئادەملەرنىڭ دۇئاسىنىڭ ئىجابەت قىلىنىدىغانلىقىدىن بىشارەت بەرگەن.

« ئادىل ئىمامنىڭ دۇئاسى رەد قىلىنمايدۇ»

« روزا تۇتقۇچىنىڭ دۇئاسى رەد قىلىنمايدۇ»

زولۇم قىلىنغان ئادەم :« زولۇم قىلىنغۇچىنىڭ دۇئاسى بىلەن ئاللاھ ئوتتۇرىسىدا ھىجاب يوق بولۇپ، پەرۋەردىگارىمىز ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئاسمانغا كۆتۈرىدۇ ۋە ئولۇغلۇقۇم كاتتىلىقىم بىلەن قەسەمكى، مەن ساڭا كېيىنرەك بولسىمۇ چوقۇم ياردەم بېرىمەن دەيدۇ» تىرمىزى 3598؛ ئىبنى ماجىجە 1572- نومۇر.

شۇنداقلا ھەم سەپەرگە چىققان ئادەمنىڭ دۇئاسى، دادىنىڭ بالىسى ھەققىدە قىلغان دۇئاسى ئىجابەت. شۇڭلاشقا ئاتا-ئانىلار دۇئاسىنىڭ ئىجابەت ۋاقتىغا توغرا كېلىپ قالماسلىق ئۈچۈن بالىلىرىغا بەددۇئا قىلىشتىن ساقلىنىشى كېرەك.

موسۇلمان ئادەمنىڭ يەنە بىر موسۇلمان قېرىندىشىغا غايىبانە قىلغان دۇئاسى ھەم ئىجابەت. چۈنكى دۇئا قىلغۇچىنىڭ بېشىدا بىر پەرىشتە مۇئەككەل قىلىنغان بولۇپ، ئۇ دۇئا قىلغۇچىغا :« ئامىن، ساڭىمۇ شۇنداق بولسۇن » دەيدۇ. دېمەك، زېرەك موسۇلمان ھاجەتمەن بولۇپ قالغاندا، غايىۋانە ھالدا ئاللاھغا قېرىنداشلىرىنىڭ ھاجىتىدىن چىقىشى ھەققىدە دۇئا قىلىدۇ. نەتىجىدە ئۇ بىر چالمىدا ئىككى پاختەك سوققان بولىدۇ. ئۇنىڭ دۇئاسى ئىجابەت قىلىنىدۇ ۋە قېرىندىشىغا دۇئا قىلغانلىق ئەجرىگە ئېرىشىدۇ. ھەم شۇنىڭدەك بالىنىڭ ئاتا- ئانىسى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن ئۇلار ھەققىدە قىلغان دۇئاسى ئىجابەت. دىن دۈشمەنلىرىگە قىلىنغان بەددۇئا ھەم ئىجابەت. بەلكىم ئاللاھ بۇ دۇئالارنى ئىجابەت قىلىشنى مەلۇم مۇددەتكىچە كېچىكتۈرىشى مۇمكىن.

تەرجىمىھال كىتابلاردا ئىجابەت قىلىنغان دۇئالار ھەققىدە نۇرغۇن مىساللار بار بولۇپ، سەئىد ئىبنى ئەبۇ ۋاققاسنىڭ ئۇنىڭغا بۆھتان چاپلاپ زولۇم قىلغان كوفەلىك ئۇسامە ئىبنى قەتادە ھەققىدە قىلغان دۇئاسى بۇنىڭ بىر مىسالى. ئۇسامە مۇنداق دېگەن: سەئىد ئىشلاردا ئادىل ئەمەس، باراۋەر ھۆكۈم قىلمايدۇ، جەڭگە چىقمايدۇ. سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ گەپنى ئاڭلاپ: ئى ئاللاھ ! سېنىڭ بۇ بەندەڭ رىيا ۋە ئابرويىنى دەپ يالغان ئېيتقان بولسا، ئۇنىڭ ئۆمرىنى ئۇزۇن قىلىپ، كەمبەغەللىكتە قويغىن، پىتنىگە دۇچار قىل دەپ بەددۇئا قىلغان. بۇ ۋەقەلىكنى رىۋايەت قىلغۇچىلاردىن ئابدۇلمەلىك ئىبنى جۇبەير مۇنداق دەيدۇ: مەن بۇ ئادەمنى كۆردۈم. قېرىلىقتىن قاشلىرىمۇ چۈشۈپ كېتىپتۇ. ئۇ يوللاردا دېدەكلەرنى چىڭ تۇتۇۋالىدىكەن. ئۇنىڭدىن نېمىشقا بۇنداق بولۇپ قالغانلىقى ھەققىدە سورىغانلارغا : مەن سەئىدنىڭ دۇئاسى تۇتقان قېرى دەپ جاۋاب بېرىدىكەن.

بۇنىڭدىن باشقا مىساللارمۇ بەك كۆپ. بۇ يەردە ئۇلارنى سۆزلەپ ئولتۇرمايمىز.

ئاللاھ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىدىغانلارنىڭ قاتارىدىن يەنە بىر ئادەم بولسا گۇناھىدىن تەۋبە قىلىپ، ئاللاھ تەرەپكە قايتقان ئادەمدۇر.

قەلبىنىڭ ھازىرلىقى، بەدەننىڭ تىنىرەپ تورۇشى ۋە كۆزدىن ياش تۆكۈلۈپ تورۇش قاتارلىقلارمۇ دۇئانىڭ ئىجابەت بولۇش ئامىللىرىدۇر.

## تۆتىنچى لېكسىيە: زىكرى ئېيتىش ھەققىدە

زىكرى بولسا ئەڭ يەڭگىل ئىبادەتلەرنىڭ جۈملىسىدىن بولۇپ، ئۇ كىشىدىن تىرىشچانلىق، ۋاقىت ۋە مال- دۇنيا تەلەپ قىلمايدۇ. موسۇلمان ئادەم ھەر قانداق چاغدا، ھەر قانداق ئورۇندا بۇ ئىبادەتنى قىلىشقا قادىر بولالايدۇ. بەلكى ھەيزدار ياكى نىفاستىكى ئاياللارمۇ بۇ ئىبادەتنى ئادا قىلىشتىن چەكلەنمەيدۇ. زىكرى ئېيتىش ئاللاھ ناھايىتى ياخشى كۆرىدىغان، كاتتا ساۋاب ۋە باشقا ھېچقانداق بىر ئەمەلگە

بەرمەيدىغان ئەجىر ئاتا قىلىدىغان بىر ئىبادەتتۇر. ئاللاھنى زىكرى قىلىش ھەر قانداق ۋاقىت ۋە ئورۇندا قىلغىلى بولىدىغان ئىبادەت. مەن بۇنى ھېلىلا تىلغا ئېلىپ ئۆتتۈم. بىر قېتىم يېنىمغا بىرسى كىلىپ گۇناھىنىڭ كۆپلۈكى ۋە شەرىئەت ئەھكاملىرىغا ئەمەل قىلالمىغانلىقىدىن شىكايەت قىلدى. مەن ئۇنىڭغا ئۇدۇللا: ئاللاھنى زىكرى قىلىپ تورۇڭ دېدىم. ئۇ مېنىڭ جاۋابىمغا ئېرەڭشىمىگەندەك قىلىپ كېتىپ قالدى. بۇ بىچارە زىكرىدىن ئىبارەت ـ ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئالتۇن ـ كۈمۈش سەرپ قىلغاندىنمۇ، جەڭ مەيدانىدا كاپىرلار بىلەن روبىرو تۇرۇپ كاپىرلارنى ئۆلتۈرۈپ ۋە كاپىرلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلۈپ قىلغان جىھادتىنمۇ ئەۋزەلراق سانىلىدىغان بۇ ئىبادەتنىڭ قىممىتىنى دەڭسىيەلمىدى.

**زىكرى ئىبادەت، ئۇنىڭ شەرتى كۆپ زىكرى ئېيتىش**

زىكرى ئىبادىتىنىڭ بىرلا شەرتى بار، ئۇ بولسىمۇ زىكرىنى كۆپ ئېيتىش. ئازراق زىكرى ئېيتىپ قويۇش مەنپەئەت بېرەلمەيدۇ. بىز كېچە نامىزى ھەققىدە سۆزلىگەن ۋاقتىمىزدا: كېچىدە پەقەت ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇپ قويسىڭىزلا كۇپايە دېگەن ئىدۇق. ئەمما زىكرىدە ئۇنداق ئەمەس. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:« ئى مۆمىنلەر ! ئاللاھنى كۆپ زىكرى قىلىڭلار، ئۇنىڭغا ئەتىگەن ۋە ئاخشامدا تەسبىھ ئېيتىڭلار» سۈرە ئەھزاب 41، 42ـ ئايەت.

شۇڭلاشقا بىرەر يېرىم قېتىم « ئەستەغفىرۇللاھە» دەپ قويۇپ، مەن بۈگۈن ئاللاھغا زىكرى ئېيتتىم دېگىلى بولمايدۇ. زىكرى مۇئەييەن چېكى ۋە ئاخىرقى نوقتىسى يوق بىر ئىبادەت.

سۇئال: نېمە ئۈچۈن قۇرئاندا ھەر قېتىم زىكرى تىلغا ئېلىنغاندا كۆپ قىلىش دېگەن ئىبارە بىرگە كىلىدۇ؟

جاۋاب: زىكرى قىلىش ( ياد ئېتىش) بولسا ئۇنتۇش، ئۇنتۇپ قېلىشنىڭ قارمۇـ قارشىسىدۇر. زىكرى قىلىندىغان زات ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى، ئەڭ قۇدرەتلىك زات ـ ئاللاھدۇر. ئەڭ قۇدرەتلىك زاتنى بىر قېتىم ئەسلەپ قويۇپ كۆپىنچە چاغدا ئۇنتۇش توغرا ئەمەس. ئەسلەپ تورۇش ئۇنتۇماسلىق، شۈكۈر ئېيتىش ئىنكار قىلماسلىق، ئىتائەت قىلىش ئاسىيلىق قىلماسلىق ئاللاھقا تەقۋالىق قىلىشنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

تابىئىنلاردىن بىر كىشىنىڭ كۈنگە 100 مىڭ قېتىم تەسبىھ ئېيتىدىغانلىقى ھەققىدە مەلۇمات بار.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:« ئى مۆمىنلەر ! ( مۇشرىكلاردىن) بىر جامائەگە ( يەنى دۈشمەن قوشۇنغا) ئۇچراشقان چېغىڭلاردا ساباتلىق كۆرسىتىڭلار، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىڭلار ئۈچۈن ئاللاھنى كۆپ ياد ئېتىڭلار » سۈرە ئەنفال 45ـ ئايەت.

شۇنداق، ئاللاھنى ئەسلىمەي تۇرۇپ مۇۋەپپەقىيەت قازانغىلى بولمايدۇ. ئاللاھنى ئەسلىمەي تۇرۇپ كېچە نامىزى، روزا، كۆزنى هارامدىن تارتىش، هايا، هىجاب ۋە باشقا ئىبادەتلەرنى قانداقمۇ راۋرۇس قىلغىلى بولسۇن؟!

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:« ئاللاھنى كۆپ زىكرى قىلغۇچى ئەرلەر ۋە ئاللاھنى كۆپ زىكرى قىلغۇچى ئاياللارغا ئاللاھ مەغپىرەت ۋە كاتتا ساۋاب تەييارلىدى » سۈرە ئەهزاب 35- ئايەت.

« سىلەرگە ــ ئاللاھنى، ئاخىرەت كۈننى ئۈمىد قىلىدىغان ۋە ئاللاھنى كۆپ زىكرى قىلغانلارغا- رەسۇلۇللاھ ئەلۋەتتە ياخشى ئۈلگىدۇر» سۈرە ئەهزاب 21- ئايەت

« ئۇلار ئۆرە تۇرغاندىمۇ، ئولتۇرغاندىمۇ، ياتقاندىمۇ ئاللاھنى ئەسلەپ تۇرىدۇ» سۈرە ئال ئىمران 191- ئايەت.

مۇۋەپپەقىيەت ۋە بەخت- سائادەتكە ئېرىشكۈچىلەرنىڭ كۆپىنچىسى خىزمەتتە بولسۇن، هەتتا ئورۇش سەپلىرىدە بولسۇن ئاللاھنى كۆپ ئەسلەپ تۇرغۇچىلاردۇر.

مۇسا ئەلەيهىسسالام پەرۋەردىگارىغا دۇئا قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:« پەرۋەردىگارىم ! مېنىڭ قەلبىمنى كەڭ قىلغىن، مېنىڭ ئىشىمنى ئاسانلاشتۇرغىن، تىلىمدىن كېكەچلىكنى كۆتۈرۈۋەتكىن، ئۇلار مېنىڭ سۆزۈمنى چۈشەنسۇن، ماڭا ئائىلەمدىن قېرىندىشىم هارۇننى ياردەمچى قىلىپ بەرگىن، ئۇنىڭ بىلەن مېنى تېخىمۇ كۈچەيتكىن، مېنىڭ ئىشىمغا ئۇنى شېرىك قىلغىن، بۇنىڭ بىلەن بىز ساڭا كۆپ تەسبىھ ئېيتقايمىز » سۈرە تاها 25-34- ئايەتلەر.

ئاللاھ تائالا مۇناپىقلارنى ئەيىبلەپ:« ئۇلار ئاللاھنى پەقەت ئازغىنە ياد ئېتىدۇ » سۈرە نىسا 142- ئايەت.

مەكتەپكە ماڭغان ئوقۇغۇچى، خىزمەتكە كېتىۋاتقان خادىم، ئىش ئورنىغا ئالدىراش ماڭغان ئادۋۇكات ياكى بازاردىن قايتقان تىجارەتچى قاتارلىق هەممە ئادەم ئۆز يولىنى ئاللاهغا زىكرى ئېيتىش بىلەن بېسىشى، يولدا ئويۇن- تاماشا، ئۇيان- بۇيانغا قاراش، شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىلىرىگە ئالدىنىپ غەپلەتتە قېلىش قاتارلىقلاردىن ساقلىنىش كېرەك. هەر كۈنى كەچتە ئۇخلاشتىن ئىلگىرى بەش- ئون مىنۇت ئاللاهغا زىكرى ئېيتىشتىن سىزگە نېمە تۇسالغۇ بولىدۇ؟ بۇ قېينىمۇ؟

**زىكرىنىڭ پەزىلىتى**

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:« مېنى ياد ئېتىڭلار، مەنمۇ سىلەرنى ياد ئېتىمەن» سۈرە بەقەرە 152- ئايەت.

ئەگەر سىز لا ئىلاهە ئىللەللاھ دېسىڭىز، ئاللاھ سىزنى ئىسمىڭىزنى چاقىرىپ تۇرۇپ ياد ئېتىدۇ. ساهابىلەردىن بىرى:

- مەن پەرۋەردىگارىمنىڭ مېنى قانداق چاغدا ئەسكە ئالىدىغانلىقىنى بىلىمەن

دېدى. باشقىلار ئۇنىڭدىن :

- پەرۋەردىگارىڭ سېنى قانداق چاغدا ئەسكە ئالىدۇ؟ دەپ سورىدى. ئۇ جاۋابەن :

- مەن ئۇنى ياد ئەتكەندە، ئاللاھ تائالا :« مېنى ياد ئېتىڭلار، مەنمۇ سىلەرنى ياد ئېتىمەن » دېگەن دېدى.

شۇنداق، ئاللاھنىڭ ھوزۇرىغا كىرىش شۇقەدەر ئاسان، ئۇنىڭدا قىلچىلىك جاپا- مۇشەققەت يوق.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ :« ئىمان ئېيتقانلار، ئۇلارنىڭ دىللىرى ئاللاھنى ياد ئېتىش بىلەن ئارام تاپىدۇ، بىلىڭلاركى، دىللار ئاللاھنى ياد ئېتىش بىلەن ئارام تاپىدۇ »سۈرە رەئدە 28- ئايەت

ئاللاھنى كۆپ ئەسلەشنىڭ دىللارنى ئارام تاپتۇرۇش، تىنچلاندۇرۇش ۋە خاتىرجەم قىلىشتەك پايدىلىرى بار بولۇپ، كۆپ زىكرى ئېيتىش دائىم قايغۇ ۋە ئىزتىراپتا ئۆتىدىغان، پىسخىك دوختۇرلاردىن قاچىدىغان بىمارلارغا داۋادۇر. ئادەملەر ئاللاھنى ئەسلىمەسلىك ۋە ئاللاھدىن يۈز ئۆرۈش سەۋەبىدىن غەم- قايغۇغا گىرىپتار بولىدۇ. بۇ مەنىدە ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:« كىمكى مېنىڭ زىكرىمدىن يۈز ئۆرۈيدىكەن، ئۇنىڭ ھاياتى تار ( يەنى خاتىرجەمسىز ) بولىدۇ، قىيامەت كۈنى ئۇنى بىز كور قوپۇرىمىز» سۈرە تاھا 124- ئايەت.

ئاللاھنى ئەسلەشتە بارچە مۇشكۈللەرگە ئىلاج ۋە بارچە قىيىنچىلىقلارغا چىقىش يولى بار. ئاللاھنى ئەسلەشتىن غەپلەتتە قالغاندا، ئىنسان تۈگىمەس – پۈتمەس غەمگە مۇپتىلا بولىدۇ. ئۇنى شەيتان چاڭگىلىغا ئېلىۋالىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:« كىمكى مېھرىبان ئاللاھنى ياد ئېتىشتىن ( يەنى قۇرئاندىن) يۈز ئۆرۈيدىكەن بىز ئۇنىڭغا شەيتاننى مۇسەللەت قىلىپ قويىمىز ( شەيتان ئۇنى ۋەسۋەسە قىلىدۇ )، شەيتان ئۇنىڭغا ھەمىشە ھەمراھ بولىدۇ » سۈرە زۇخرۇف 36- ئايەت.

ئاللاھ تائالا مۆمىنلەرنى مال- دۇنيانىڭ ئۇلارنى ئاللاھنى ياد ئېتىشتىن غەپلەتتە قويۇشىدىن ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ:« ئى مۆمىنلەر! ماللىرىڭلار ۋە بالىلىرىڭلار سىلەرنى ئاللاھنىڭ زىكرىدىن ( يەنى ئاللاھ نىڭ تائەت – ئىبادىتىدىن ) غەپلەتتە قالدۇرمىسۇن، كىمكى شۇنداق قىلىدىكەن، ئۇلار زىيان تارتقۇچىلاردۇر » سۈرە مۇناپىقۇن 9- ئايەت.

قانداق ئادەمنى بالىلىرى، مال- دۇنياسى ئاللاھنى ياد ئېتىشتىن توسۇپ قويسا، ئۇنداق كىشى ئۇچۇق زىيان تارتىدۇ.

ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغان بىر ئىش- ئاللاھنىڭ پۈتۈن چوڭ ئىبادەتلەرنىڭ خاتىمىسىنى زىكرى بىلەن باغلاپ قويۇشىدۇر. سىز قانداقلىكى بىر چوڭ ئىبادەتنى ئادا قىلماڭ، ئۇنىڭغا زىكرى ئەگىشىپ كېلىدۇ. ناماز- زىكرىدۇر. نامازدىن كېيىن

يەنە زىكرى بار، ئۇ بولسىمۇ ــ دۇئا. روزىمۇ ھەم شۇنداق. ئاللاھ تائالا بىر نەچچە ئورۇندا روزا تۇتقاندا دۇئا قىلىشقا بۇيرۇيدۇ. دۇئا دېگەن زىكىرىدۇر. ھەجمۇ ناماز، روزىغا ئوخشاش. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:« سىلەر ھەجگە ئائىت ئىبادەتلەرنى ئادا قىلغاندىن كېيىن، ئاللاھنى بولسا ئاتا- بوۋاڭلارنى ( پەخرلىنىپ ) ياد ئەتكەندەك ياكى ئۇنىڭدىنمۇ زىيادە ياد ئېتىڭلار » سۈرە بەقەرە 200- ئايەت.

ئاللاھ ناماز ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ:« نامازدىن پارىغ بولغىنىڭلاردا ئۆرە تۇرغان، ئولتۇرغان ۋە ياتقان ھالەتلىرىڭلاردا ئاللاھنى ياد ئېتىڭلار » سۈرە نىسا 103- ئايەت

جۈمە نامىزىنىڭ شەرىپى، ئورنىنىڭ يوقىرىلىقى ۋە پەزىلىتىنىڭ كاتتىلىقى زىكرى بىلەن خاسلاشتۇرۇلدى. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: « ناماز ئوقۇلۇپ بولغاندا ( يەنى جۈمە نامىزىدىن پارىغ بولغىنىڭلاردىن كېيىن ) زېمىنغا تارىلىپ ( يەنى ئۆز مەشغۇلاتىڭلار بىلەن بولۇپ) ئاللاھنىڭ پەزلىدىن تەلەپ قىلىڭلار، مەقسىتىڭلارغا ئېرىشىش ئۈچۈن ئاللاھنى كۆپ ياد ئېتىڭلار » سۈرە جۈمئە 10- ئايەت.

ئاللاھ تائالا ئەڭ كاتتا ئىبادەت نامازنىڭ نىشانىنى زىكرى قىلدى. ئاللاھ تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالامغا مۇنداق ئەمىر قىلىدۇ :« مېنى زىكرى قىلىش ئۈچۈن ناماز ئوقۇغىن» سۈرە تاھا 14- ئايەت.

ناماز باشتىن- ئاخىرغىچە زىكرى بىلەن تولغان. قىرائەت قىلىش- زىكرى، روكۇ قىلىش ــ زىكرى، سەجدە قىلىش ــ زىكرى، تەشەھھۇد- زىكرى ۋەھەكەزالار....

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە ھەقىقى ھاياتنىڭ قەلبنىڭ ھايات بولىشىدا ئىكەنلىكى، قەلبىنىڭ ھايات بولۇشىنىڭ پەقەت ئاللاھنى زىكرى قىلىپ تورۇش بىلەنلا ھاسىل بولىدىغانلىقىنى ناھايىتى ئوچۇق بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:« ئاللاھنى ياد ئېتىپ تۇرىدىغان ئادەم بىلەن ئاللاھنى ياد ئېتىپ تۇرمايدىغان ئادەمنىڭ مىسالى خۇددى تىرىك ئادەم بىلەن ئۆلۈك ئادەمنىڭ مىسالىغا ئوخشايدۇ » بۇخارى 6407- نومۇر.

ئاللاھنى ياد ئېتىشتىن غاپىل بولۇپ، ئۆلۈكلەر بىلەن بىر قاتاردا بولۇشقا رازى بولامسىز؟

مەن ھاياتىدا كېسەلدىن ساق بولالمىغان، بالىلىرى قاقشىتىدىغان، قوشنىلارغا يامان مۇئامىلىدە بولىدىغان ھەر قانداق كىشىدىن سورىغۇم كېلىدۇ: سىز ئاللاھنى ياد ئېتىشكە ھېرىس بولغانمۇ؟ قەلبىڭىزنى، ئۆيىڭىزنى ياراتقۇچىمىز ئاللاھنى زىكرى قىلىش بىلەن نۇرلاندۇرغانمۇ؟

بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كىلىپ: شىكايەت قىلىشقا باشلىدى:

- ئى رەسۇلۇللاھ! ئىسلامدىكى ھۆكۈملەر ماڭا نىسبەتەن ناھايىتى كۆپ بولۇپ

كەتتى، بۇ ھۆكۈملەر ئىچىدە ئىبادەتكە، ئەخلاققا ۋە مۇئامىلىگە ئالاقىدار ھۆكۈملەر بار. شۇڭلاشقا ماڭا مەن چىڭ تۇرۇپ قىلىدىغان بىر ئىشنى كۆرسىتىپ قويساڭ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئادەمگە مۇنداق دەپ جاۋاب قايتۇردى.:« تىلىڭ ھەمىشە ئاللاھنى زىكرى قىلىش بىلەن ھۆل تۇرسۇن» تىرمىزى 3375؛ ئىبنى ماجىجە 3793؛ ئىمام ئەھمەد 4- توم 190- نومۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا يەنە بىر ئادەم كىلىپ، ئۇنىڭدىن :

-ئىسلامدىكى قايسى ئەمەل ئەڭ ئەۋزەل ؟ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا :

- تىلىڭ ئاللاھنى زىكرى قىلىش بىلەن ھۆل ھالەتتە ۋاپات بولۇشۇڭ دەپ جاۋاب بەردى. تىبرانى 20- توم 107؛ ئىبنى ھەببان 818- نومۇر

ئەڭ ئەۋزەل ئىش- سىزنىڭ ئاللاھ بىلەن ئۇنى ياد ئەتكەن ھالەتتە مۇلاقات بولۇشىڭىزدۇر!!!

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« مەن سىلەرگە ئەمەللىرىڭلار ئىچىدىكى ئەڭ ياخشى، ئىگەڭلار ئاللاھنىڭ ھوزۇرىدا ئەڭ پاك، دەرىجەڭلار ئىچىدىكى دەرىجىسى ئەڭ يۇقىرى بولغان، سىلەرنىڭ ئاللاھ يولىدا ئالتۇن- كۈمۈش سەرىپ قىلغىنىڭلاردىنمۇ، دىن دۈشمەنلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ ئۇلار بىلەن جىھاد قىلىپ ئۇلارنى ئۆلتۈرىشىڭلار، ئۇلارنىڭ سىلەرنى ئۆلتۈرىشىدىنمۇ ياخشى بولغان بىر خەيرلىك ئەمەلنى كۆرسىتىپ قۇيايمۇ؟» دىگەندە، ساھابىلەر ئېيتىشتى: شۇنداق قىلسىلا ئى رەسۇلۇللاھ!. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىدى:« ئاللاھنى زىكرى قىلىش».

زىكرىنىڭ پەزىلىتىنى ئۇقتۇڭلارمۇ؟

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن:« بىر جامائە ئاللاھنى ياد ئېتىش ئۈچۈن بىر يەرگە يىغىلىشسا، پەرىشتىلەر ئۇلارنى ئورايدۇ، ئۇلارغا رەھمەت ياغىدۇ، خاتىرجەملىك چۈشىدۇ، ئاللاھ ئۇلارنى ھوزۇرىدىكى پەرىشتىلەرنىڭ ئىچىدە تىلغا ئالىدۇ» مۇسلىم، 6795؛ تىرمىز 3378؛ ئىمام ئەھمەد 3- توم 92- نومۇر.

ئاللاھ ھەدىس قۇددىسىيدە مۇنداق دەيدۇ:« بەندەم مىنى قانداق ئويلىسا، مەن ئۇنىڭ يېنىدا ئۇ ئويلىغان ھالەتتە بولىمەن. ئۇ مىنى ياد ئەتسە، ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولىمەن، يۈرىكىدە ياد ئەتسە، مەنمۇ ئۇنى يۈرىكىمدە ياد ئېتىمەن. ئەگەر ئۇ مىنى جامائەت ئىچىدە ياد ئەتسە، مەنمۇ ئۇنى تېخىمۇ ياخشى بولغان جامائەت ئىچىدە ياد ئېتىمەن» بۇخارى 6405؛ مۇسلىم 6773؛ ئىمام ئەھمەد 2- توم 251- نومۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلەرنىڭ يېنىغا چىقتى. ئۇلار ئولتۇرۇۋاتقان ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلاردىن :

- نېمىگە ئولتۇردۇڭلار؟ دەپ سورىدى. ئۇلار:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! ئاللاھنى زىكرى قىلىپ ئولتۇرۇۋاتىمىز دەپ جاۋاب بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلاردىن ياندۇرۇپ سورىدى:

ـ سىلەر پەقەت ئاللاھنى زىكرى قىلىش ئۈچۈنلا ئولتۇردىڭلارمۇ؟. ئۇلار ئېيتىشتى:

ـ ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، بىز پەقەت ئاللاھنى زىكرى قىلىش ئۈچۈنلا ئولتۇردۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا مۇنداق دېدى:

ـ مەن سىلەرگە تۆھمەت قىلماقچى ئەمەس، لېكىن ماڭا ئاللاھنىڭ سىلەر بىلەن پەرىشتىلەرگە پەخىرلىنىۋاتقانلىقى يەتكۈزۈلدى. مۇسلىم 6197؛ تىرمىزى 3379ـ نومۇر.

ئاللاھنى ياد ئەتكۈچى ئى موسۇلمانلار، خۇش مۇبارەك سىلەرگە!! ئاللاھ سىلەر بىلەن پەرىشتىلىرىگە پەخىرلىنىۋاتىدۇ!!

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر قېتىم ساھابىلىرىگە: « مۇفەررىدۇنلار ياخشىلىق جەھەتتە ھەممىنى بېسىپ چۈشتى » دېدى. ساھابىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن سورىدى:

ـ مۇفەررىدۇنلار كىم، ئىي رەسۇلۇللاھ!. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا جاۋاب بېرىپ:

ـ « ئاللاھنى كۆپ ياد ئەتكۈچى ئەرلەر ۋە ئاللاھنى كۆپ ياد ئەتكۈچى ئاياللار » دېدى. مۇسلىم 6749؛ تىرمىزى 3599؛ ئىمام ئەھمەد 2ـ توم 323ـ نومۇر.

ھەر ۋاقىت زىكرى ئېيتىپ تورۇش كېرەك. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاھنى ھەر قانداق چاغدا ياد ئېتىپ تۇراتتى.

پەيغەمبەرنى ياخشى كۆرگۈچى، ئۇنىڭ بىلەن جەننەتتە بىرگە بولۇشنى ئارزۇ قىلغۇچى ئەي بۇرادەر! سىزمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئۈرنەك ئېلىپ، ھەر ۋاقىت ئاللاھنى ئەسلىيەلەمسىز؟

ھەممەيلەنگە ئايانكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھاجەتخانىدىن چىققاندا « غفرانك ( ئى ئاللاھ ! گۇناھلىرىمنى مەغفىرەت قىل ) » دەيتتى. ئەبۇ داۋۇد 30؛ تىرمىزى 7؛ ئىبنى ماجىە 300؛ئىمام ئەھمەد 6ـ توم 155ـ نومۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نېمىشقا شۇنداق دەيدىغانلىقى ھەققىدە ئويلىنىپ باقتىڭىزمۇ؟

ئۇ ئاللاھنى ياد ئېتەلمەي قالغان دەقىقىلىرىگە ئىستىغفار ئېيتىۋاتىدۇ!!

مەن شۇنداق ئادەملەرنى بىلىمەنكى، ئۇلار بىر نەچچە يىلدىن بۇيان، بەلكى دۇنياغا كەلگەندىن بۇيان بىر ئورۇندا ئولتۇرۇپ ئاللاھنى يۈز قېتىم ياد ئېتىپ باقمىغان، يۈز قېتىم سۇبھانەللاھ دەپ تەسبىھمۇ ئېيتىپ باقمىغان. ئۇلار شۇنداق بولۇشىغا قارىماي تۇرمۇشنىڭ قاتتىقلىقىدىن، بالىلىرىنىڭ قاخشىتىشلىرىدىن، دائىم

ئىچى سىقىلىپلا يۈرۈشلىرىدىن شىكايەت قىلىشىدۇ. قىيامەت كۈنى موسۇلمانلار ئاللاھنى ياد ئەتمەي ئۆتكۈزىۋاتقان ۋاقىتلىرىغا نادامەت چېكىدۇ. بۇ ھەقتە مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: قىيامەت كۈنى جەننەتكە كىرگەنلەرنىڭ پۇشايمان قىلىدىغان بىردىن- بىر نەرسىسى ئاللاھنى ياد ئەتمەي ئۆتكۈزىۋەتكەن دەقىقىلەردۇر.

رىۋايەت قىلىنىشىچە، بىر كۈنى ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بازارغا چىقىپ: ئى سودىگەرلەر جامائەسى! مەسجىدكە كېلىڭلار، ئۇ يەردە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مىراسى تەقسىملىنىۋاتىدۇ دېگەن. سودىگەرلەر ھاپىلا- شاپىلا مەسجىدكە كىلىپ، ئۇنداق ئىشنىڭ يوقلۇقىنى ھىس قىلغان ۋە : مەسجىدكە كەلدۇق، ھېچ ئىشنى كۆرمىدۇق دېيىشكەن. بۇ چاغدا ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇلاردىن: نېمىنى كۆردۇڭلار؟ دەپ سورىغان. ئۇلار: بىز مەسجىدتە بىر بۆلۈك كىشىلەرنىڭ ئاللاھنى ياد ئېتىپ زىكرى ئېيتىۋاتقانلىقىنى كۆردۇق دەپ جاۋاب بەرگەن. ئەبۇ ھۇرەيرە ئۇلارغا : ئەنە شۇ پەيغەمبىرىمىزنىڭ مىراسى دەپ جاۋاب بەرگەن.

رىۋايەتلەردە كېلىشىچە، بىر كۈنى سۇلايمان ئەلەيھىسسالام ۋەزىر- ۋۇزۇرالىرى ۋە ئەسكەرلىرى بىلەن ئېتىزدا تېرىقچىلىق قىلىۋاتقان ئاددىي بىر دېھقانىنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ قاپتۇ. ھېلىقى دېھقان سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ھالىتىنى كۆرۈپ: داۋۇد ئائىلىسىدىكىلەر كاتتا شاھلاردىن بولۇپ كېتىپتۇغۇ دېگەن. سۇلايمان ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا قاراپ مۇنداق دېگەن: ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مۆمىنىنىڭ سەھىپىسىگە خاتىرلەنگەن بىر تەسبىھ سۇلايمان ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرگە ئاتا قىلىنغان شاھلىقتىن ياخشىدۇر، چۈنكى سۇلايمانغا ئاتا قىلىنغان نەرسىلەر يوقايدۇ، تەسبىھ قالىدۇ.

**زىكرىنىڭ تۈرلىرى**

زىكرى ئۈچ تۈرلۈك بولۇپ بىرىنچىسى: ئاللاھقا ھەمدۇ- سانا ئېيتىش؛ ئىككىنچىسى: ئەتىگەن ۋە كەچلىك زىكرىلەر؛ ئۈچىنچىسى: كېچە- كۈندۈزلەردىكى ياكى كىيىم- كېچەك كېيگەن، بىر نەرسە يېگەن- ئىچكەندە ئېيتىلىدىغان زىكرىلەرگە ئوخشاش ھالەت زىكرىلىرى.

بىرىنچى : ئاللاھقا ھەمدۇ- سانا ئېيتىش

ئىستىغفار: ئاللاھ تائالا نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىگە خىتاب قىلغانلىقىدىن ھىكايە قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:« ( ئۇلارغا ) ئېيتتىم: پەرۋەردىگارىڭلاردىن مەغپىرەت تىلەڭلار، ئۇ ھەقىقەتەن مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ئۇ سىلەرگە مول يامغۇر ياغدۇرۇپ بېرىدۇ، سىلەرنىڭ ماللىرىڭلارنى ۋە ئوغۇللىرىڭلارنى كۆپەيتىپ بېرىدۇ. سىلەرگە باغلارنى، ئۆستەڭلارنى ئاتا قىلىدۇ» سۈرە نۇھ 10-12- ئايەتلەر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« كىمكى ئىستىغفارنى ئۆزىگە لازىم

تۇتسا، ئاللاھ ئۇنىڭغا ھەر قانداق قىيىن ئەھۋالدا چىقىش يولى بېرىدۇ. ھەر قانداق قىيىنچىلىقنى كۆتۈرىۋېتىدۇ ۋە ئۇنىڭغا ئويلىمىغان يەردىن رىزىق بېرىدۇ» ئەبۇ داۋۇد 1518؛ ئىبنى ماججە 3819- نومۇر.

رىۋايەت قىلىنىشچە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەر كۈنى يۈز قېتىم ئىستىغفار ئېيتاتتى. بەزى رىۋايەتلەردە يەتمىش قېتىمدىن ئارتۇقراق ئىستىغفار ئېيتاتتى دېيىلگەن.

يۈز قېتىم ئىستىغفار ئېيتىشقا ئۇنچە كۆپ ۋاقىت كەتمەيدۇ. مۇنداق بىر گەپ بار: سەھەپىسگە ئىستىغفار كۆپ خاتىرلەنگەن ئادەمگە مۇبارەك!

تەسبىھ: تەسبىھنىڭ مەنىسى پاك دەپ بىلمەك بولۇپ، ئاللاھنى بارچە ئەيىب-نوقساندىن پاك دەپ بىلىش ۋە ئۇنى ئۆزىگە لايىق كامالىي سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلەشنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭلاشقا تەسبىھ ئېيتىۋاتقان ئادەم ئاللاھ تائالانىڭ ئاسمانلار ۋە زېمىندىكى مەخلۇقاتلىرىدا پىكىر يۈرگۈزۈپ تۇرۇپ تەسبىھ ئېيتىشى كېرەك. تەسبىھنىڭ ساۋابى ئۇلۇغ، پەزىلىتى كاتتىدۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلەردىن سورىدى:

-« سىلەرنىڭ بىرىڭلار ھەر كۈنى مىڭ ياخشى ئىش قىلىشقا قۇربى يېتەمدۇ؟ ». ساھابىلەر ئېيتتى:

- بۇ قانداق ئىش، ئى رەسۇلۇللاھ!. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېدى:

-« ئۇ يۈز قېتىم تەسبىھ ئېيتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭغا مىڭ ياخشىلىق يېزىلىدۇ ياكى ئۇنىڭ مىڭ يامان ئىشىغا كاپارەت بولىدۇ». مۇسلىم 6792- نومۇر.

موسۇلمان ئادەم ئىككى-ئۈچ مىنۇت بەدىلىگە مىڭ ياخشىلىققا ئېرىششكە قانداقمۇ بېخىللىق قىلسۇن؟!

تەسبىھلەرنىڭ بىرى « سبحان ئاللاھ و بحمده » دۇر. بۇ تەسبىھنى ئوقىسا قانداق پايدىغا ئېرىشكىلى بولىدۇ؟ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ:« كىمكى < سبحان ئاللاھ و بحمده> نى يۈز قېتىم دېسە، ئۇنىڭ پۈتۈن گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ، ئۇنىڭ گۇناھلىرى دېڭىزنىڭ كۆپىكىدەك جىق بولسىمۇ » بۇخارى 3293؛ مۇسلىم 6783- نومۇر.

دېڭىز ساھىلىدا تورۇپ، دېڭىز كۆپۈكچىلىرىگە نەزەر سېلىپ بېقىڭ-دە، گۇناھلىرىڭىزنىڭ مۇشۇ كۆپۈكچىلەردەك كۆپ ئىكەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلىڭ. سەمىڭىزدە بولسۇنكى، سىزنىڭ پەقەت ۋە پەقەت يۈز قېتىم سۇبھانەللاھى ۋە بىھەمدىھى دەپ تەسبىھ ئېيتىشىڭىز بىلەن، ئاللاھ ئۆز پەزلى ئېھسانى ۋە كەرەمى ئارقىلىق شۇنچە كۆپ گۇناھلىرىڭىزنى مەغپىرەت قىلىۋېتىدۇ. ئىچىمىزدىكى بىرەيلەن

ئىككى- ئۈچ مىنۇتتا ئاللاھغا يۈز قېتىم تەسبىھ ئېيتىش بەدىلىگە جەننەتكە كىرىپ كېتىدۇ.

تەسبىھلەردىن يەنە بىرى : « سبحان ئاللاھ و بحمده سبحان ئاللاھ العئيم ». پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن:« تىلغا يەڭگىل، مىزاندا ئېغىر، ئاللاھقا سۆيۈملۈك ئىككى كەلىمە بار. ئۇلار: سبحان ئاللاھ و بحمده سبحان ئاللاھ العئيم » بۇخارى 6406؛ مۇسلىم 6786- نومۇر.

ئەي بۇرادەرلەر ! بۇ ئۇلۇغ زىكرى ئارقىلىق قىيامەت كۈنىدە مىزانىمىزنىڭ ئېغىر كېلىشىگە ئەھمىيەت بېرەيلى!

رىۋايەت قىلىنىشچە، قىيامەت كۈنى بوي- بەستى ناھايىتى چوڭ ۋە سېمىز بىر ئادەم تارازىنىڭ يېنىغا كەلتۈرىلىدۇ. ئۇنىڭ ياخشىلىقى قويۇلغان تەرەپ يىنىك كىلىپ قېلىپ، يامانلىقى قويۇلغان تەرەپ بېسىپ كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئادەم تارازىنىڭ ياخشىلىقى بېسىلغان تەرەپكە ئۆزىنى ئاتىدۇ. لېكىن، بۇ ئادەم بىلەن بىرگە ياخشىلىقتىن ھېچقانداق بىر نەرسە بولمىغاچقا، بۇ ئادەمنىڭ ئاللاھنىڭ ئالدىدا پاشىنىڭ قانىتىچىلىك قىممىتى بولمايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇنداق دەپ بولۇپ :« قىيامەت كۈنى ئۇلارنى قىلچە ئېتىبارغا ئالمايمىز» دېگەن ئايەت ( سۈرە كەھف 105- ئايەت) نى ئوقىدى.

قاراڭ، پەرۋەردىگارىمىز يۇقۇردا كۆرسىتىلگەن ئىككى كەلىمىنى ياخشى كۆرىدۇ. بىز ئاللاھ ياخشى كۆرىدىغان كەلىمىلەرنى زىكرى قىلىشقا كۈزى كىچىكلىك قىلساق بولامدۇ؟

تەھلىل:يەنى لا اله الا ئاللاھ ( بىر ئاللاھدىن باشقا ھەقىقى مەئبۇد يوق ) دېيىش. بۇ كەلىمىنى ئېيتقان، ئاللاھنىڭ يەككە- يىگانىلىقى، ئۇنىڭ بىزنىڭ ھەقىقى مەئبۇدىمىز ئىكەنلىكىنى ئېتراپ قىلغان ئىكەنمىز، بىزنىڭ قەلبىمىزدە ئاللاھدىن ئۇلۇغ، ئاللاھدىن سۆيۈملۈك ۋە ئاللاھدىن ئەۋزەل بىر نەرسە بولماسلىقى كېرەك. مەيلى بىزنىڭ ھاۋايى- ھەۋىسىمىز، ئۆزىمىز، ئەۋلادلىرىمىز، ئاياللىرىمىز، ئۇرۇق- تۇققانلىرىمىز ۋە ياكى باشقا ھەر قانداق شەيئى بولمىسۇن بىزنىڭ قەلبىمىزدىكى ئاللاھنىڭ ئورنىنى ئىگەللىۋالماسلىقى كېرەك. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن :« لا اله الا ئاللاھ دېيىش ئارقىلىق ئىمانىڭلارنى يېڭىلاپ تۇرۇڭلار» ئىمام ئەھمەد 5- توم 239- نومۇر

قەلبىنى قاساۋەت باغلاپ، كۆزىدىن ياش ئاقمايدىغان ئادەم لا اله الا ئاللاھ دېگەن تەۋھىد كەلىمىسى ئارقىلىق ئىمانىنى يېڭىلاپ تۇرۇشى كېرەك. چۈنكى ئىمان كىيىم چىرىپ كونىرىغانغا ئوخشاش چىرىيدۇ ۋە كونىرايدۇ. چىرىگەن بۇ ئىمانىنى يېڭىلايدىغان نەرسە پەقەتلا ئاللاھنى ياد ئېتىش، بولۇپمۇ لااله الا ئاللاھ محمد رسول

ئاللاھ دېگەن كەلىمە تەۋھىدنى زىكرى قىلىشتۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« كىمكى بىر كۈندە لا اله الا ئاللاھ وحده لا شريك له، له الملك، و له الحمد، و هو على كل شيئ قدير ( ئاللاھدىن باشقا ھەقىقى مەئبۇد يوق، ئۇ يالغۇز، ئۇنىڭ شېرىكى يوق، بارچە پادىشدھلىق ئۇنىڭغا خاستۇر، بارچە ھەمدۇ- سانا ئۇنىڭغىلا خاستۇر، ئۇ ھەر نەرسىگە قادىردۇر ) نى يۈز قېتىم دېسە، ئۇ كىشىگە يۈز ياخشىلىق يېزىلىپ، يۈز خاتالىقى ئۆچۈرىلىدۇ. بۇ كەچ كىرگەنگە قەدەر ئۇ ئادەمنى شەيتاندىن مۇھاپىزەت قىلىدۇ. بۇ كەلىمىنى شۇ ئادەم بىلەن تەڭ ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇقراق دېگەن ئادەمدىن باشقا ھېچكىم پەزىلەت جەھەتتە ئۇنىڭدىن ئېشىپ كېتەلمەيدۇ» بۇخارى 3293؛ مۇسلىم 6783- نومۇر.

لا حول ولا قوه الا بئاللاھ دېيىش

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: « لا حول ولا قوه الا بئاللاھ جەننەت خەزىنىلىرىدىن بىر خەزىنىدۇر» بۇخارى 4205، مۇسلىم 6808- نومۇر.

**ئېھتىساب :**

يەنى حسبي ئاللاھ و نعم الوكيل دېيىش.

بۇ كەلىمىنىڭ مەنىسى بولسا ماڭا يالغۇز ئاللاھ كۇپايىدۇر، ئۇ نېمە دېگەن ياخشى ئىگە، مېنىڭ ئىشلىرىمنى تەسەررۇپ قىلغۇچى دېگەن بولىدۇ.

سىزگە بىرەر كىشى زۇلۇم قىلسا، بۇ دۇئانى ئوقۇڭ. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئوتقا تاشلانغانغاندا ھەم بۇ دۇئانى ئوقىغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ ھەمرائۇلئەسەد غازىتىدا بۇ دۇئانى ئوقىغان. شۇ چاغدا كىشىلەر موسۇلمانلارغا : ئادەملەرنىڭ ھەممىسى سىلەرگە قارشى توپلاندى، ئۇلاردىن ئېھتىيات قىلىڭلار دېگەن. موسۇلمانلار بىردەك: بىزگە ئاللاھ كۇپايە، ئۇ نېمە دېگەن ياخشى ئىگە دېيىشكەن. ئاللاھ ئۇلارنى دۈشمەننىڭ شەررىدىن ساقلاپ قالغان ۋە ئۇلارنى ئۆز پەزلى بىلەن مۇھاپىزەت قىلغان.

**پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت يوللاش:**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: « كىمكى ماڭا بىر قېتىم ئامانلىق تىلەپ دۇرۇت يوللىسا، ئاللاھ ئۇنىڭ بۇ بىر قېتىملىق دۇرۇتى بەدىلىگە ئون رەھمەت يوللايدۇ» تىرمىزى484، 485؛ ئىمام ئەھمەد 2- توم 168- نومۇر.

شۇڭلاشقا موسۇلمان ئادەم ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشىش ئۈچۈن ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا كۆپ دۇرۇت يوللىشى كېرەك.

**ئىككىنچى: ئەتىگەن ۋە كەچلىك زىكىرلەر**

بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەر ئەتىگەن ۋە كەچتە ئېيتقان زىكىرلەر بولۇپ، ئەتىگەنلىك زىكىرلەر بامدات نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپ كۈن چىققۇچە ئوقۇلىدۇ.

ئۇيقۇسى غالىپ كېلىپ قېلىپ، كۆن چىققۇچە ئۇخلاپ قالغان ئادەم بامدات نامىزىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ئوقۇيدۇ. چۈنكى بۇ زىكرىلەرنىڭ قىممىتى ئىنتايىن يۇقىرىدۇر. كەچلىك زىكرىلەر بولسا ئەسىر نامىزىدىن كېيىن كۈن پاتقۇچە ئېيتىلىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئېيتالمىغان بولسا، شام نامىزىدىن كىيىن ئېيتسۇن. ھەر بىر زىكرىنىڭ كاتتا پايدىسى بار بولۇپ، ئۇ ئىنساننىڭ ھاياتىدىكى بىرەر يامانلىقتىن ئۇنى مۇھاپىزەت قىلىدۇ. بۇ زىكرىلەرنىڭ مىسالى- ھەر تەرەپتىن ئوخشىمىغان يوللار ئارقىلىق يامانلىق بېسىۋالغان ئادەمنىڭ مىسالىغا ئوخشايدۇكى، ئۇ قاچان بىر زىكرى ئېيتسا، بىر يامانلىق دەپئى بولىدۇ. ھەممىسىنى ئېيتسا ھەممە يامانلىق دەپئىي بولىدۇ دېگۈچىلەرمۇ بار.

**بۇ زىكرىلەردىن نەمۇنىلەر:**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« كىمكى ئەتىگەن ۋە كەچتە بسم ظاللاھ الذي لا يضر مع اسمه شيء في الارض و لا في السماء و هو السميع العليم ( ئۇنىڭ نامى بىلەن ئاسمان ۋە زېمىندىكى ھېچ شەيئى زەرەر يەتكۈزەلمەيدىغان ئاللاھنىڭ نامى بىلەن باشلايمەن، ئۇ ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر) نى ئۈچ قېتىم دېسە شۇ كۈندە ئۇنىڭغا ھچ نەرسە زەرەر يەتكۈزەلمەيدۇ » ھەيسەمى « مەۋارىدىززەمئان » دېگەن كىتاۋىدا رىۋايەت قىلغان 2352- نومۇر.

« كىمكى ئەتىگەن ۋە كەچتە اعوذ بكلمات ظاللاھ التامات من شر ما خلق ( ئاللاھنىڭ كامالى كەلىمىلىرى بىلەن مەخلۇقاتلارنىڭ شەررىدىن پاناھ تىلەيمەن) دېسە، ئۇنى يىلان- چايان چاقمايدۇ» ئەبۇ داۋۇد 3899؛ ئىبنى ماجىجە 3518- نومۇر.

كىمكى باشقىلارنىڭ ھەسەتخورلىقىدىن قورقسا يۇقىرىدىكى زىكرىلەر بىلەن قوشۇپ سۈرە ئىخلاسنى ۋە سۈرە فەلەق بىلەن ناسنى ئەتىگەن ۋە كەچتە ئوقىسۇن. بۇ ئۇنى ھەسەتخورلارنىڭ ھەسىتىدىن ساقلايدۇ.

« كىمكى ئاللاھنىڭ رەببىم ئىكەنلىكىگە، ئىسلامنىڭ دىنىم ئىكەنلىكىگە ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىگە رازى بولدۇم ( رضيت بظاللاھ ربا و بالاسلام دينا و بمحمد صلى ظاللاھ عليه و سلم نبيا و رسولا ) دېسە، ئاللاھنىڭ شۇ كۈندە ئۇ بەندىدىن رازى بولۇشى ۋاجىپ بولىدۇ» ئەبۇ داۋۇد 2425؛ ئىبنى ماجىجە 3870؛ ئىمام ئەھمەد 3- توم 107- نومۇر.

شۇڭلاشقا موسۇلمان بۇرادەرلىرىمىز بۇ زىكرىلەرگە قاتتىق ئەھمىيەت بېرىپ، مۇھاپىزەت قىلىش كېرەك. بۇ زىكرىلەردە كۆپ ياخشىلىق بار. ئومۇمىي مەنپەئەت ۋە بۈيۈك مۇكاپات بار. بىز ھاياتىمىزدا نۇرغۇن نەرسىلەرگە ۋە سۆزلىرىمىزگە دىققەت قىلىمىز. ئەمما بۇ ئىشلارنىڭ ئاخىرەتلىكىمىزگە قىلچە پايدىسى يوق. ئەجىبا دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە كاتتا مەنپەئەتلىك ئىشلارغا ۋاقىت چىقىرىشتىن، تىرىشچانلىق

كۆرستىشتىن سۈسلۈق قىلساق بولامدۇ؟

**ئۈچىنچى كېچە ـ كۈندۈزلەردىكى زىكىرلەر**

كېچە ـ كۈندۈزدىكى ياكى كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدىكى بۇ زىكىرلەر ناھايىتى كۆپ بولۇپ، بىز تۆۋەندە بىر قانچىنى تىلغا ئېلىش بىلەن كۇپايىلىنىمىز.

**تاماق يېيىشنىڭ ئالدىدا:** « بسم ظاللاھ، ظاللاھم بارك لنا فيما رزقتنا و ارزقنا خيرا منه و قنا عذاب النار( ئاللاھنىڭ نامى بىلەن باشلايمەن، ئى ئاللاھ! بىزگە رىزىق قىلىپ بەرگەن نېمەتلىرگدە بەركەت ئاتا قىل، بىزگە بۇنىڭدىنمۇ ياخشىراق نېمەتلەرنى بەر ۋە بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن) ».

تاماق يەپ بولغاندا: « ماڭا بۇ تاماقنى بەرگەن ۋە كۈچ ـ قۇۋۋەتىمىسىز مېنى بۇ تاماق بىلەن رىزىقلاندۇرغان ئاللاھغا ھەمدۇلەر بولسۇن» ئەبۇ داۋۇد 4023، ئىمام ئەھمەد 3 ـ توم 439 ـ نومۇر.

**ئۇيقۇدىن ئويغانغاندا:**«الحمد لله الذي رد علي روحى و عافاني في جسدي و اذن لي بذكره، الحمد لله الذي احياني بعد ما اماتني و اليه النشور ( روھىمنى قايتۇرغان، بەدىنىمنى ساق قىلغان ۋە مېنىڭ ئۇنى زىكرى قىلىشمغا ياردەم قىلغان ئاللاھغا شۈكۈر، مېنى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن تىرىلدۈرگەن ئاللاھغا شۈكۈر، ھەممە ئۇنىڭ دەرگاھىغا قايتقۇچىدۇر) ». ھىندىي رىۋايەت قىلغان. 21418 ـ نومۇر.

بىز يوقۇردا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن ئەھۋاللاردىن باشقا يەنە خالاغا كىرگەندە ۋە چىققاندا ئېيتىلىدىغان زىكىرلەر، ئۆيگە كىرگەن ۋە چىققاندا ئېيتىلىدىغان زىكىرلەرمۇ بار بولۇپ، بۇ زىكىرلەر ئىمام نەۋەۋىينىڭ « زىكىرلەر» دېگەن كىتاۋى، ئىبنى قەييۇممنىڭ « ۋابىلۇسسەيىب» دېگەن كىتاۋى، مۇھەممەد سالىھ قارىھاجىمنىڭ « دۇئانىڭ ئەھمىيتى ۋە پەزىلەتلىك دۇئالار» دېگەن كىتابى قاتارلىقلاردا تەپسىلي بايان قىلىنغان.

بۇرادەرلىرىمىزنىڭ بۇ زىكىرلەرنى يادلىۋېلىشغا ئاسان بولسۇن ئۈچۈن، بۇ زىكىرلەرنى يېزىپ كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدىغان يەرلەرگە ئېسىپ قويۇشلىرىنى ئارزۇ قىلىمىز. چۈنكى بۇ زىكىرلەردە كۆپ ياخشىلىق بار. بۇ زىكىرلەردىن مەھرۇم قالغان ئادەم ئۇلار ئېلىپ كېلىدىغان ياخشىلىقلاردىن مەھرۇم قالغان بولىدۇ.

بۇ يەردە ئۇلارنىڭ بىر قىسمىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتىمىز:

**ئۆيدىن چىققاندا:** « بسم ظاللاھ توكلت على ظاللاھ و لا حول ولا قوة الا بظاللاھ ظاللاھم اني اعوذ بك من ان اضل او اضل او اذل و اذل او اظلم و اظلم او اجهل او اجهل علي ( ئاللاھنىڭ نامى بىلەن باشلايمەن، ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلدىم، كۈچ ـ قۇۋۋەت ئاللاھقا خاستۇر، ئى ئاللاھ ساڭا سېغىنىپ ئېزىپ كىتىشىمدىن ياكى ئازدۇرۇلۇشۇمدىن، خار بولۇشۇمدىن ياكى خارلىنىشىمدىن، زۇلۇم قىلىپ سېلىشىمدىن ياكى زۇلۇم

قىلىنىشىمدىن ۋە نادان بولۇپ قېلىشىمدىن ياكى ماڭا نادانلىق قىلىنىشتىن پاناھ تىلەيمەن) ». « كىمكى بۇ زىكرىنى ئۆيدىن چىققاندا دەپ چىقسا، ئۇنىڭغا : ھىدايەت قىلىندىڭ، تولۇق ئەجرىگە ئېرىشتىڭ، ئاللاھنىڭ پاناھلىقىغا كىردىڭ دېيىلىدۇ. ئۇ كىشىدىن شەيتان يىراقلىشىدۇ» ئەبۇ داۋۇد 5094، تىرمىزى 3427؛ ئىبنى ماجە 3774- نومۇر.

ئايالى بىلەن بىرگە بولغاندا : « ظاللاھم جنبنا الشيطان ما رزقتنا و جنب الشيطان ما رزقتنا ( ئى ئاللاھ ! بىزدىن شەيتاننى يىراق قىلغىن، سەن بىزگە رىزىق قىلىپ بەرگەن پەرزەنتىمىزدىن شەيتاننى يىراق قىلغىن) كىمكى ئايالى بىلەن بىرگە بولۇشنىڭ ئالدىدا بۇ زىكرىنى ئېتسا، شۇ چاغدا ئۇنىڭغا پەرزەنت ئاتا قىلىنسا، شەيتان ئۇ بالىغا مەڭگۈ زەرەر يەتكۈزەلمەيدۇ» بۇخارى 141؛ مۇسلىم 3519؛ ئەبۇ داۋۇد 2161؛ ئىمام ئەھمەد 1- توم 243- نومۇر.

سۇبھانەللاھ! بىر قېتىم ئېيتىلغان زىكرى بالىنى مەڭگۈ شەيتاندىن ساقلايدۇ.

شەيخ ئىمام غەززالىينىڭ « زىكرى ۋە دۇئا سەنئىتى »دېگەن كىتاۋىدا مۇنداق دېيىلگەن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زىكرى ھەققىدىكى ئۇسۇلىدا پايدا ۋە مەزمۇن يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن. ئەينەككە قارىغاندا ئوقۇلىدىغان :« ئى ئاللاھ! سەن مېنى گۈزەل ياراتقاندەك، ئەخلاقىمنىمۇ گۈزەل قىلغىن» دېگەن دۇئانى مىسالغا ئالساق، ئەينەككە قارىغان ئادەم، ئەينەككە قارىۋېتىپ بۇ دۇئانى قىلسا، دۇنيادا مەندىن چىرايلىق ئادەم يوق دەپ ئۆزىنىڭ گۈزەللىكىدىن مەغرۇرلىنىپ كەتمەيدۇ. بەلكى ئۇ ئۆزىنىڭ يارىتىلىشى بىلەن بىرگە ئەخلاقىغىمۇ دىققەت قىلىشى كېرەك. ئاللاھدىن ئەخلاقىنى، يۈرۈش- تۇرۇشىنى گۈزەل قىلىشىنى تىلىشى كېرەك.

بىرەر يېقىن بۇرادىرىڭىز يېڭى كىيىم كىيسە ئۇنىڭغا: « يېڭى كىيىم كەي، بەختلىك ياشا ۋە ئاللاھ يولىدا شەھىدلەرچە ئۆل » دەپ دۇئا قىلىسىز. بۇنىڭدىن خۇددى ئۇنىڭغا: يېڭى كىيملەرنى كىيىپ، خۇشال بولغىن، ئەمما بۇ سېنىڭ غايەڭ ۋە نىشانىڭ بولۇپ قالمىسۇن، سېنىڭ يۈكسەك نىشانەڭ ۋە ئالىي غايەڭ ئاللاھ يولىدا شەھىدلىككە ئېرىشىش بولسۇن دېگەندەك مەنا ئىپادىلىنىدۇ.

سەپەرگە چىققاندا :« ئى ئاللاھ! بىز بۇ سەپىرىمىزدە سەندىن ياخشىلىقنى، تەقۋادارلىقنى ۋە سەن رازى بولىدىغان ئەمەللەرنى بىزگە مۇۋەپپەق قىلىشىڭنى سورايمىز» ( ھىندى 17623- نومۇر) دېگەن دۇئا قىلىنىدۇ.

ھەتتا مانا مۇشۇنداق دۇنيالىق ۋە مەنپەئەت ئۈستىدىكى سەپەردە ئاللاھدىن تائەت ۋە تەۋپىق تەلەپ قىلىنىدۇ. بىرەر گۇناھلىق ئىشنى قىلىش ئۈچۈن سەپەرگە چىققان ئادەمنىڭ بۇ دۇئانى ئوقۇپ قويۇپ، يەنىلا شۇ گۇناھلىق ئىشنى قىلغۇرىشى مۇمكىن ئەمەس.

سەپەردىن قايتىپ كەلگەندە: « بىز قايتقۇچىلارمىز، تەۋبە قىلغۇچىلارمىز، ئىبادەت قىلغۇچىلارمىز، پەرۋەردىگارىمىزغا ھەمدۇ- سانا ئېيتقۇچىلارمىز » دەپ دۇئا قىلىندۇ. نېمىشقا؟ چۈنكى سەپەردىن قايتىپ كىلىپ، يۇرتىڭىزدا يېڭى تۇرمۇشىڭىزنى باشلايسىز. بۇ تۇرمۇشىڭىزنى ھەقىقى تەۋبە ۋە ئاللاھقا قايتىش بىلەن باشلاڭ.

**زىكرى ۋە تەسبىھ ھەققىدىكى بىر نەچچە مەسىلە**

بۇرادەرلىرىمىزدىن بىرەرسى زىكرى ئېيتقاندا تەسۋى ئىشلەتسەك قانداق بولىدۇ؟ دەپ سورىشى مۇمكىن؟ پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام بىر كۈنى ئۇممۇلمۇمىنىين ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ يېنىغا كىردى. ئۇممۇ سەلەمە تاشلارنى تۇتقان ھالەتتە تەسبىھ ئېيتىپ، شۇ تاشلار بىلەن ئۇنى ساناۋاتقان ئىكەن. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ئۇنى بۇ ئىشتىن توسمىغان. دېمەك، تەسۋى ئىشلىتىشتىن تۇسايدىغان نەرسە يوق. تەسۋى ئىشلىتىش زىكرى ئېيتىشقا ۋە زىكرى ئېيتىشنى ئەسكە سېلىشقا ياردەم بېرىدۇ. سىز بارماقلىرىڭىزنى ئىشلىتىپ، ساننى يادىڭىزدا تۇتالىسىڭىز بۇمۇ بولىدۇ.

ئىككىنچى سۇئال: قەلب بىلەن زىكرى قىلىش ئەۋزەلمۇ ياكى تىل بىلەن زىكرى قىلىشمۇ؟ ياكى قەلب ۋە تىل بىلەن بىرگە قىلىشمۇ؟

ئەڭ ياخشىسى قەلب ۋە تىل بىلەن بىرگە زىكرى قىلىش كېرەك. ئۆزىڭىزنى پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ ئورنىدا قويۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ بۇ زىكرىلەرنى قانداق ئادا قىلىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ باقسىڭىز قانداق ياخشى- ھە!. يادىڭىزدا بولسۇنكى، ھەر ئىشنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق يولى بولىدۇ. ئەگەر سىز ئادەملەرنىڭ ئارىسىدا بولۇپ قېلىپ، تىلىڭىز بىلەن زىكرى ئېيتالمايدىغان بولسىڭىز، قەلبىڭىزدە زىكرى قىلسىڭىز ھېچقانداق يوق. زىكرىدىكى دەرىجىلەرنىڭ ئەڭ يۇقىرى قەلب بىلەن تىلدۇر. ئۇنىڭدىن قالسا قەلب، قەلبىدىن قالسا ئاندىن تىلدۇر. تىل بىلەن زىكرى قىلىش تۆۋەن دەرىجە بولسىمۇ، ئۇنىڭ زىكرى ئېيتماي غەپلەتتە يۈرگەندىن كۆپ ئەۋزەل ئىكەنلىكىدە شەك يوق. ئەمما تىل بىلەن زىكرى ئېيتىشقا ئۆزلەشكەندە، ئىنشائاللاھ، قەلبمۇ زىكرىگە ھازىر بولىدۇ. قەلب ھازىر بولمىسا، شەك- شۈبھىسىزكى، تىلنىڭ زىكرى بىلەن بولۇشى گۇناھ- مەئسىيەتكە ۋە پايدىسىز ئىشلارغا مەشغۇل بولغىنىدىن ياخشى.

**زىكرىنىڭ پايدىلىرى**

ئىبنى قەييۇم « ۋابىلۇسسەيىب» دېگەن كىتاۋىدا زىكرىنىڭ پايدىلىرىنى تىلغا ئېلىپ ئۇنىڭ 100 دەك پايدىسىنى سانىغان. بۇ يەردە ئۇلارنى قىسقىچىلا سۆزلەپ ئۆتىمىز.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:« ئاللاھنى ياد ئېتىش ھەممىدىن ( يەنى ئۇنىڭدىن باشقا ھەممە ئىبادەتتىن) ئۇلۇغدۇر» سۈرە ئەنكەبۇت 45- ئايەت.

زىكرى شەيتاننى قوغلايدۇ. غەم- قايغۇنى، قىينچىلىقنى ۋە يۈرەكنىڭ سىقىلىشىنى يۇقتىپ تاشلاپ ئادەمگە شاد- خۇراملىق، خاتىرجەملىك ۋە تەسكىنلىك بېغىشلايدۇ.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:« ئىمان ئېيتقانلار، ئۇلارنىڭ دىللىرى ئاللاھنى ياد ئېتىش بىلەن ئارام تاپىدۇ، بىلىڭلاركى دىللار ئاللاھنى ياد ئېتىش بىلەن ئارام تاپىدۇ» سۈرە رەئدە 28- ئايەت.

زىكرى زىكرى ئېيتقۇچىلارنىڭ يۈزىنى ۋە قەلبىنى نۇرلاندۇرۇپ ئۇنى ئابروي ۋە ئۇلۇغلۇق بىلەن زىنىنەتلەيدۇ. بەدەننى كۈچلۈك قىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەلى بىلەن فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالارغا 33 تەسبىھ، 33 ھەمدى ۋە 33 تەكبىرنىڭ ئۆيدە ئىشلەيدىغان خادىمدىن ياخشى ئىكەنلىكىنى خەۋەر قىلغان.

زىكرى قەلبىنىڭ غىزاسى ۋە ئوزۇقلۇقىدۇر. ئىبنى قەييۇم مۇنداق دەيدۇ: مەن ئۇستازىم ئىبنى تەيمىييەنىڭ يېنىغا كىردىم. ئۇ ماڭا: زىكرى ئېيتىپ تۇرۇش قەلب ئۈچۈن بېلىققا سۇ زۆرۈر بولغاندەك زۆرۈر دېدى. مەن يەنە بىر قېتىم بامدات نامىزىدىن يېنىپ، ئۇنىڭ يېنىغا كىرگەن ئىدىم، ئۇ زىكرى ئېيتىۋېتىپتۇ. مەن بىر سائەتتىن كېيىن كىرەي دەپ چىقىپ كەتتىم. بىر سائەتتىن كېيىن كىرسەم، ئۇ ھېلىھەم زىكرى ئېيتىۋېتىپتۇ. مەن يەنە قايتىپ چىقتىم. بۇ بىر قانچە قېتىم تەكرارلاندى. ھەتتا كۈن چۈش بولدى. مەن ھەيرانلىق ئىلكىدە ئۇنىڭغا نەزەر تاشلىدىم. ئۇ: بۇ- مېنىڭ ناشتىلىقىم، ئەگەر مەن بۇ ناشتا بىلەن ناشتا قىلىۋالمىسام كۈچۈمدىن قالىمەن دېدى.

زىكرى مۇناپىقلىقتىن ساقلايدۇ. چۈنكى مۇناپىقلار ئاللاھنى ناھايىتى ئاز ياد ئېتىدۇ.

زىكرى قەلبىنىڭ قاتتىقلىقىنى يوقىتىدۇ. بىر ئادەم ھەسەن بەسەرىينىڭ يېنىغا كېلىپ: مەن قەلبىمنىڭ قاتتىقلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىۋاتىمەن دېگەندە، ئۇ بۇ ئادەمگە: قەلبىڭنى ئاللاھنىڭ زىكرى بىلەن يۇمشاتقىن دەپ جاۋاپ بەرگەن.

زىكرى تىلنى غەيۋەت، سۇخەنچىلىك، يالغان ئېيتىش ۋە تىل ئېلىپ كېلىدىغان باشقا ئاپەتلەردىن ساقلايدۇ.

**زىكرى رىزىق ئېلىپ كېلىدۇ.**

زىكرى ئېغىر ۋاقىتتا چىقىش يولى بېرىدۇ. بولۇپمۇ بەندە پەرۋەردىگارىنى مەخپىي ياد ئەتكەندە تېخىمۇ شۇنداق. يۇنۇس ئەلەيھىسسالام بېلىق يۇتۇۋەتكەندە ئاللاھقا مەخپىي زىكرى ئېيتقان. :« ئەگەر ئۇ تەسبىھ ئېيتقۇچىلاردىن بولمىغان بولسا ئىدى،

بىلىقنىڭ قارنىدا ئەلۋەتتە قىيامەتكىچە قالاتتى». سۈرە سافافات 143-144- ئايەت. يۇنۇس ئەلەيھىسسالام ئاللاھنى كۆپ ياد ئېتەتتى. پەرىشتىلەر: ئى رەببىمىز ! بۇ ياخشى بەندەڭنىڭ ياخشى ئاۋازى دەيتتى.

ئاللاھنى ياد ئەتكەن ئادەمنى ئاللاھ ياد ئېتىدۇ. « مېنى ياد ئېتىڭلار، مەن سىلەرنى ياد ئېتىمەن » سۈرە بەقەرە 152- ئايەت.

زىكرىدە باشقا پايدىلار بولماي مۇشۇ پايدىلا بولغان بولسا كۇپايە بۇلاتتى.

يىغلاپ تۇرۇپ زىكرى ئېيتىش قىيامەت كۈنى ئاللاھنىڭ سايىسىدا سايىداشنىڭ كاپالىتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىيامەت كۈنى ئەرشىنىڭ سايىسىدا سايىدايدىغان يەتتە تۈرلۈك ئادەمنىڭ قاتارىدا « ئاللاھنى خالىي يەردە ياد ئېتىپ كۆزىدىن ياش تۆككەن ئادەم» نىمۇ تىلغا ئالغان. بۇخارى 660؛ مۇسلىم 2377؛ تىرمىزى 2391؛ ئىمام ئەھمەد 2- توم 439- نومۇر.

زىكرى ئاللاھنى تونۇتىدۇ. ئۇنى بەندىگە مەھبۇب قىلىدۇ. چۈنكى ئاللاھنى ياد ئەتكەن ئادەمنى ئاللاھ ياخشى كۆرىدۇ.

زىكرى ئېھساننىڭ ئىشكى. ئېھسان- بەندىنىڭ پەرۋەردىگارىغا خۇددى ئۇنى كۆرۈپ تۇرغاندەك ئىبادەت قىلىشىدۇر.

زىكرى قەلبى قاتتىقلىشىپ كېتىشنىڭ داۋاسى.

ئاللاھنى زىكرى قىلىش بەندىگە سەكراتتا قالغاندا شاھادەتنى ئىلھام قىلىدۇ. چۈنكى سەكراتتا شاھادەت ئېيتىش ئاسان ئىش ئەمەس. چۈنكى بۇ چاغدا ئادەمنىڭ تىلىدىن سۆز قاچىدىغان بولۇپ قالىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: « ئاللاھ مۆمىنلەرنى مۇستەھكەم ئىمان بىلەن دۇنيادا ۋە ئاخىرەتتە مەھكەم تۇرغۇزىدۇ» ئىبراھىم 27- ئايەت.

مەلۇمكى ئىنسان ھاياتىدا نېمە بىلەن مەشغۇل بولسا، شۇ ئىش ئۈستىدە ئۆلىدۇ. بۇنىڭ مىسالى دۇنيا ئالداپ قويغان ۋە ئۇنىڭ بىلەن مەشغۇل بولغان ئادەم سەكراتتا شۇ ئىشنى جۆيلەيدۇ. بىر سودىگەر تىجارەتكە بەك بېرىلىپ كەتكەن. ئۇ سەكراتقا چۈشۈپ قالغاندا يېنىدىكى كىشىلەر ئۇنىڭغا شاھادەت كەلىمىسىنى ئىلقا قىلىپ بەرگەن. ئۇ:ماڭا سومكامنى بەر، سومكامنى بەر دېگەن. ئادەملەر ئۇنىڭغا لا اله الا ئاللاھ دەپ تۇرسىمۇ، ئۇ: بۇرادەر ! ماڭا سومكامنى بەر دېيىمىغۇ دېگەن. ئۇ سەل- پەل ئېسىنى يىغقاندا: تىلىمغا كەلىمە شاھادەتنىڭ ئېغىر كىلىۋاتقانلىقىنى ھىس قىلدىم دېگەن. كىم بۇنداق قىيىن ئەھۋالدا قېلىشنى خالايدۇ؟!

## بەشىنچى لېكسىيە: قۇرئاننىڭ پەزىلىتى

ئەي سۆيۈملۈك بۇرادەرلەر! بۈيۈك قۇرئان كەرىم بولسا ئاللاھنىڭ مەڭگۈلۈك كىتاۋى

ۋە ھەممىنى ئۆزىگە مۇجەسسەم قىلغان ساماۋىي دەستۇر. ئەگەر بىز قۇرئاننىڭ پەزىلىتى ھەققىدە سۆزلەيلى دېسەك، ئۇنىڭغا قادىر بولالمايمىز. قۇدرىتىمىز چەكلىنىپ قالىدۇ.

سۇئال: قۇرئاننى قانداق چۈشىنىمىز؟ قۇرئانغا قانداق مۇئامىلە قىلىمىز؟ قۇرئاندىن قانداق تەسىر ئالىمىز؟ قۇرئانغا قانداق ئەمەل قىلىمىز؟

قۇرئاننىڭ ئاللاھ زېمىندىكىلەرگە نازىل قىلغان ئەڭ ئاخىرقى ساماۋىي كىتاب ئىكەنلىكى ھەممىگە ئايان. قۇرئان- ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ۋەھيي قىلىنغان كالامىدۇر. قۇرئان ئوقىغان ئادەم چوقۇم : مەن ئاللاھنىڭ كالامىنى بىۋاستە ئاڭلاۋاتىمەن دېگەننى يادىدا چىڭ تۇتىشى كېرەك.

ھەقىقەتەن قۇرئان ئاللاھقا بىزنىڭ ئۇنىڭغا ئەھمىيەت بەرمەي، ئۇنى كىتاب جاھازلىرى ۋە ماشىنىلىرىمىزغا قويۇپ قويغانلىقىمىزدىن شىكايەت قىلىدۇ.

كېلىڭلار! قۇرئاننىڭ بەزى پەزىلەتلىرى بىلەن تونۇشۇپ چىقايلى:

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: « بىز مۆمىنلەرگە ( يەنى ئۇلارنىڭ دىللىرىغا ) شىپا ۋە رەھمەت بولىدىغان قۇرئان ئايەتلىرىنى نازىل قىلىمىز، قۇرئان كاپىرلارغا زىياندىن باشقىنى زىيادە قىلمايدۇ( يەنى ئۇلار قۇرئاننى تەستىق قىلمىغانلىقتىن ئۇلارنىڭ كۇپرى تېخىمۇ ئاشىدۇ) » سۈرە ئىسرا 82- ئايەت.

« شۈبھىسىزكى، قۇرئان كەلگەندە (ئۇنى ئىنكار قىلغانلار ( قاتتىق جازاغا ئۇچرايدۇ ) شۈبھىسىزكى، قۇرئان غالىب كىتابتۇر. ئۇنىڭغا ئالدىدىنمۇ، ئارقىسىدىنمۇ ( يەنى ھېچقانداق تەرىپىدىن ) باتىل يۈزلەنمەيدۇ، ئۇ ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى، مەدھىيىگە لايىق ئاللاھ تەرىپىدىن نازىل قىلىنغاندۇر» سۈرە فۇسسىلەت 41-42- ئايەت.

« ساڭا بىز كىتابنى ( يەنى قۇرئاننى ) ھەممە نەرسىنى ( يەنى كىشىلەر مۇھتاج بولىدىغان دىنى ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ) چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان، (دىللارغا) ھىدايەت، ( بەندىلەرگە ) رەھمەت، موسۇلمانلارغا مەڭگۈلۈك سائادەت بىلەن خۇشخەۋەر يەتكۈزىدىغان قىلىپ نازىل قىلدۇق». سۈرە نەھل 89-ئايەت

قۇرئاننىڭ پەزىلىتى ھەققىدىكى ئايەتلەر يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە ئىنتايىن كۆپ. قۇرئان- شىپادۇر، ھىدايەتتۇر، رەھمەتتۇر، نۇردۇر، ھەق بىلەن ناھەقنى ئايرىغۇچىدۇر، ھەممە نەرسىنى چۈشەندۈرۈپ بەرگۈچىدۇر، ئوچۇق دەلىلدۇر.

مۇسۇلمانلارنىڭ قۇرئان تىلاۋەت قىلغان ۋاقىتتا يۇقىرىدىكى مەنالارنى ھىس قىلامدىغاندۇ؟

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەلىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا:

- « ( كېيىنكى چاغلارغا) كۆپ پىتنىلەر يۈز بېرىدۇ» دېدى. ئەلي رەزىيەللاھۇ

ئەنھۇ ئۇنىڭدىن :

- ئى رەسۇلۇللاھ! بۇ پىتنىلەردىن ئامان- ئېسەن ساقلايدىغان نەرسە نېمە؟ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

-« ئاللاھنىڭ كىتابى- قۇرئان، چۈنكى ئۇنىڭدا سىلەردىن ئىلگىركىلەرنىڭ ۋە سىلەردىن كېيىنكىلەرنىڭ خەۋەرلىرى بار، ئاراڭلاردىكى ئەھۋاللارنىڭ ھۆكۈملىرى بار، قۇرئان كونكرىتتۇر، ئۇ چاقچاق ئەمەس، كىمكى قۇرئاننى چوڭچىلىق قىلىپ تەرك ئەتسە، ئاللاھ ئۇنداق ئادەمنى ھالاك قىلىدۇ، قۇرئاننىڭ غەيرىسىدىن ھىدايەت ئىزدىگەن ئادەمنى ئاللاھ ئازدۇرىۋېتىدۇ، قۇرئان ئاللاھنىڭ مۇستەھكەم ئارغامچىسى، ئوچۇق- ئاشكارە نۇرى، قۇرئان ھېكمەت بىلەن تولغان زىكرى ۋە توغرا يول. قۇرئان بىلەن سۆزلىگەن ئادەم راست سۆزلىگەن، قۇرئان بىلەن ھۆكۈم قىلغان ئادەم ئادىل ھۆكۈم قىلغان بولىدۇ. قۇرئانغا ئەمەل قىلغان ئادەم تولۇق ئەجرىگە ئېرىشىدۇ، قۇرئانغا دەئۋەت قىلغان ئادەم توغرا يولغا ھىدايەت قىلىنىدۇ، كىشىلەرنىڭ ھاۋايى- ھەۋىسى ئۇنى بۇرمىلىۋېتەلمەيدۇ، تىللار ئۇنى ئارلاشتۇرىۋېتەلمەيدۇ، ئالىملار ئۇنىڭغا قانمايدۇ، پاك كىشىلەر ئۇنىڭدىن زېرىكىپ قالمايدۇ، قۇرئان كۆپ تىلاۋەت قىلىنىش بىلەن كونىراپ كەتمەيدۇ » دېدى. دارمي رىۋايەت قىلغان 2- توم 435- نومۇر.

سۇبھانەللاھ! قۇرئان ئوقىغان ئادەم ئۇنى قانچە كۆپ ئوقۇسۇن زېرىكىپ قالمايدۇ. ئەگەر ئۇ قۇرئاننى ھوزۇرى قەلب ۋە ئۆتكۈر تەپەككۇر بىلەن ئوقىسا ھەر ئوقىغاندا يېڭى مەنىلەر، كۆپ پايدىلارغا ئېرىشىدۇ. قۇرئاننىڭ ئاجىيىباتلىرى تۈگىمەستۇر، بۇ ئاجايىباتلار جىنلارنىمۇ ئىمان ئېيتقۇزىۋەتكەن. « بىز توغرا يولغا باشلايدىغان ئاجايىپ قۇرئاننى ھەقىقەتەن ئاڭلىدۇق» سۈرە جىن 1-2- ئايەت.

جىنلار قۇرئاننى ئاڭلاپلا ئىمان كەلتۈردى. ھازىر كىشىلەر ئۆزلىرى دۇچ كەلگەن مۇسىبەت ۋە كېسەللەرنى جىنلارغا دۆڭگەپ قۇيىۋاتىدۇ!!.

يۇقۇردىكىلەر قۇرئاننىڭ پەزىلىتى ھەققىدىكى ئايەت ۋە ھەدىسلەردىن تامچىدۇر. قۇرئان ئوقۇشنىڭ قانداق پەزىلىتى بار؟

## قۇرئان ئوقۇشنىڭ پەزىلىتى ھەققىدىكى ھەدىسلەر

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: « قۇرئان ئوقۇڭلار، چۈنكى قۇرئان قىيامەت كۈنى، قۇرئان ئوقۇغۇچىلارغا شاپائەتچى بولۇپ كېلىدۇ» مۇسلىم 1871؛ ئىمام ئەھمەد 5- توم 249- نومۇر.

ئويلاپ بېقىڭ : ئاتىڭىزمۇ، ئانىڭىزمۇ، ئورۇق- تۇققانلىرىڭىز ۋە سالىھ كىشىلەردىن ھېچكىم سىزگە شاپائەتچى بولالمايدىغان قىيامەت كۈنىدىكى شاپائەتچىڭىز- قۇرئان. قۇرئان نېمە دېگەن ياخشى شاپائەتچى ھە!

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« قىيامەت كۈنى قۇرئان ۋە دۇنيادا قۇرئانغا

ئەمەل قىلغۇچىلار كەلتۈرىلىدۇ، سۈرە بەقەرە ۋە سۈرە ئال ئىمران ئۆزلىرىنى تىلاۋەت قىلغۇچىلارغا ھۆججەت بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىدۇ» مۇسلىم 1873؛ ئىمام ئەھمەد 4- توم 183- نومۇر.

يەنە بىر ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن: « سۈرە بەقەرە بىلەن سۈرە ئال ئىمران قىيامەت كۈنى ئۆزلىرىنى ئوقۇپ تۇرغۇچىلارغا خۇددى ئىككى بولۇت ۋەياكى سايە، ياكى ئىككى توپ قۇش بولۇپ كېلىپ ئۇلارغا ھۆججەت بولىدۇ» مۇسلىم 1871- نومۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: « ئىككى كىشىدىن باشقا ھېچقانداق كىشىگە ھەسەت قىلىشقا بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ بىرى ئاللاھ قۇرئان ئاتا قىلغان، قۇرئاننى كېچە- كۈندۈز ئوقۇپ تۇرغان ئادەم. يەنە بىرى ئالالاھ مال- دۇنيا بەرگەن، مال- دۇنياسىنى كېچە ۋە كۈندۈزلەردە سەدىقە قىلىپ تۇرغان ئادەمدۇر» بۇخارى 7529؛ مۇسلىم 1891؛ تىرمىزى 1936- نومۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« قۇرسىقىدا قۇرئان ئايەتلىرىدىن ھېچنىمە يوق ئادەم خۇددىي خاراب بولغان ئۆيگە ئوخشايدۇ». كىم ئۆزىنىڭ خاراب بولۇشىغا رازى بولسۇن؟ مۇسۇلمان ئادەمنىڭ قۇرئانسىز بىرەر كۈننى ئۆتكۈزۈۋېتىشىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولامدۇ؟ ئەگەر شۇنداق بولۇپ قالسا، ئۇنداق ئادەمنىڭ بۇ دىن بىلەن باغلىنىشى بارلىقىنى نېمە ئىسپاتلاپ بېرەلەيدۇ؟ ئۇنىڭ موسۇلمانمەن دېگەن نامىمۇ؟

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« كىمكى ئالالاھنىڭ كىتاۋىدىن بىر ھەرىپ ئوقىسا، ئۇنىڭغا بىر ياخشىلىق بولىدۇ. بىر ياخشىلىق ئۆزىنىڭ ئون ھەسسىسىگە باراۋەر كېلىدۇ. ئەگەر مەن الم دېسەم بۇنىڭ ئۆزى بىر ھەرىپ بولىدۇ. لېكىن ا( ئەلىف) بىر ھەرىپ، ل ( لام) بىر ھەرىپ ۋە م ( مىيم ) بىر ھەرىپدۇر» تىرمىزى2910- نومۇر.

ئالالاھنىڭ بىسمىللە ھىررەھمانىررەھىيم دېگەن سۆزىدە 19 ھەرىپ بار. دېمەك بۇنىڭدا 19 ياخشىلىق ( ئەجىر ) بار دېگەن گەپ. قۇرئاننىڭ تۆتتىن بىرىنى، يېرىمىنى، ھەممىسىنى تولۇق ئوقىسا قانچىلىك ساۋاب بولۇپ كېتەر؟ ئاددىي ھىساب بىلەن ھىسابلىغاندا، ئەگەر سىز 35 مىنۇت ئەتراپىدا بىر پارە ئوقىسىڭىز، 700 مىڭ ساۋابقا ئېرىشىسىز!! بۇ نېمە دېگەن كاتتا پەزىلەت-ھە! شۇنداقتىمۇ بىز قۇرئاندىن غاپىل قېلىۋاتىمىز؟

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« بىر جامائە كىشى ئالالاھنىڭ ئۆيلىرى ( مەسجىدلەر) دىن بىرىگە يىغىلىپ، ئالالاھنىڭ كىتاۋىنى تىلاۋەت قىلىپ، ئۇنى ئۆز- ئارا ئۆگەنسە، ئۇلارنى پەرىشتىلەر قورشايدۇ، ئۇلارنىڭ ئۈستىگە خاتىرجەملىك

ياغىدۇ، ئۇلارنى رەھمەت ئورايدۇ، ئاللاھ ئۇلارنى يېنىدىكىلەرنىڭ قېشىدا ياد ئېتىدۇ» مۇسلىم 6793؛ ئەبۇ داۋۇد 1455- نومۇر.

ئۆلىمالار بۇ پەزىلەت يالغۇز مەسجىدلەردىكى قۇرئان سورۇنلىرىنىلا ئەمەس، بەلكى ئۆيلەردىكى قۇرئان سورۇنلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ دەيدۇ. كۈنىگە 15 مىنۇت ياكى 30 مىنۇت قۇرئان ئوقۇشقا ۋاقىت ئاجرىتىشقا نېمە توسالغۇلۇق قىلىدۇ؟

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« قۇرئان ئەھلى- ئاللاھنىڭ ئەھلى ۋە ئۇنىڭ خاس كىشىلىرىدۇر» ئىمام ئەھمەد 3- توم 138- نومۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« قىيامەت كۈنى قارى قۇرئانغا : سەن قۇرئاننى خۇددى دۇنيادىكى ۋاقتىڭدا ئوقىغاندەك تەرتىل بىلەن ئوقۇ، سېنىڭ ( جەننەتتىكى ) مەنزىلىڭ سەن ئوقۇپ توختىغان يەردە دېيىلىدۇ» ئەبۇ داۋۇد 1464؛ تىرمىزى 2914؛ ئىمام ئەھمەد 2- توم 192- نومۇر.

جەننەت دەرىجىلىرىدىكى بۇ يۇكسەك ئورۇن ئاللاھنىڭ كىتاۋىدىن ياد ئالغان مىقدارىچە بولىدۇ. جەننەتتە قىرائەت ئالدىرماي تەرتىل بىلەن دانىمۇ- دانە قىلىنىدۇ. چۈنكى ئۇ يەردە ئالدىراش يوق. خۇددى بەزى كىشىلىرىمىز دۇنيادا قۇرئاننى ھاپىلا- شاپىلا ئوقۇپ قويغاندەك. ئادەملەرنىڭ ئىچىدىكى دەرىجىسى ئەڭ يۇقىرى، جەننەتتىكى مەنزىلى ئەڭ يۇكسەك كىشىلەر قۇرئاننى كۆپ ئوقىغان، يادلىغان ۋە ئۇنىڭغا ئەمەل قىلغانلاردۇر.

مانا بۇلار قۇرئان ئوقۇشنىڭ پەزىلىتى ھەققىدىكى ھەدىسلەر. ئەمدى قۇرئانغا قارىتا قانداق مەجبۇرىيەتلىرىمىز بارلىقى ھەققىدە توختىلىمىز.

**قۇرئان ۋە مەجبۇرىيەتلىرىمىز**

بىز مۇسۇلمانلار جامائەسىنىڭ زىممىمىزدە قۇرئاننىڭ ئولۇغ ھەققى بەلكى ھەقلىرى بارلىقى شەكسىزدۇر. بىز سۆزىمىزنى بۇ ھەقلەردىن بەش خىل ھەقنى سۆزلەشكە قىسقارتىمىز. ئەگەر بىز بۇ ھەقلەرنى تونۇپ، ئۇلارنى مۇھاپىزەت قىلىپ، كۈندىلىك ھاياتىمىزغا تەتبىق قىلساق قانداق ياخشى بولغان بولاتتى ؟!

بىرىنچى: قۇرئاننى كۆپ ئوقۇش ۋە كۈنىگە مۇقىم ۋەزىپە بەلگىلەش

ئۆمرىدە بىر قېتىم قۇرئاننى خەتمە قىلىپ باقمايدىغان مۇسۇلمانلاردىن بارمۇ؟ ئەگەر بار دېيىلسە، بۇ ناھايىتى چوڭ مۇسىبەت. سىزدىن سوراپ باقاي: سىز قاچان قۇرئاننى خەتمە قىلغانلىقىڭىزنى ئەسلىيەلەمسىز؟ سىزنىڭ ئۆتكەن رامزاندا تامام قىلغان بولۇشىڭىزدىن، ئۇندىن كېيىن سىز ئوقۇپ كېلىۋاتقان مۇسھەف ( قۇرئان) ڭىزنىڭ كىتاب جاھازىسىغا تىزىپ قويۇلۇپ، چاڭ- تۇزان بېسىپ كەتكەن بولۇشىدىن ئەنسىرەيمەن. بۇرادەر! قىيامەت كۈنى قۇرئاننىڭ سىزنىڭ ئۇستىڭىزدىن : مېنى تەرك ئەتكەن دەپ گۇۋاھلىق ئېيتىشىدىن ھەزەر ئەيلەڭ!! ئەگەر سىز كۈندىلىك

ۋەزىپىڭىزنى ئوقىيالمىسىڭىز قانداق قىلىسىز؟

ساھابىلەردىن بىر كىشى كۈندىلىك ۋەزىپىسىنى ئوقىيالمىسا يىغلاپ كېتەتتى. بىر كۈنى ساھابىلەر ئۇنىڭ ئۆيىگە كىلىپ، ئۇنىڭ ناھايىتى قاتتىق يىغلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ-دە ئۇنىڭدىن:

- بىرەر يېرىڭ ئاغرىۋاتامدۇ؟ دەپ سوراپتۇ. ئۇ :

- ئۇنداق ئەمەس، بەلكى بىرەر يېرىم ئاغرىغاندىنمۇ بەتتەرراق ئىش بولدى، دەپتۇ. ئۇلار:

- نېمە بولدى، ئەمىسە ؟ دەپ قايتۇرۇپ سوراپتۇ. ئۇ:

- تۈنۈگۈن قۇرئاندىن كۈندىلىك ۋەزىپەمنى ئوقىيالمىدىم، بۇنىڭغا بىر گۇناھلىق ئىش سەۋەب بولغان دەپتۇ.

كۆپ كىشىلەر نۇرغۇن ۋاقىتلىرىنى گېزىت كۆرۈش بىلەن ئۆتكۈزىۋېتىدۇ.گېزىت سېتىۋېلىش ئۈچۈن ئالدىرىشىدۇ. نېمە ئۈچۈن ئاللاھنىڭ كىتاۋى شۇنچىلىك ئەھمىيەت بېرىشكە ئېرىشەلمەيدۇ؟ سىز قۇرئاننىڭ ساۋابىدىن بىھاجەتمۇ؟.

بەزى كىشىلەر نۇرغۇن ۋاقىتلىرىنى ئەھمىيەتسىز نەرسىلەرنى ئويلاش بىلەن ئۆتكۈزىدۇ.ئۇنىڭدىن نېمىشقا شۇنداق قىلىۋاتقانلىقى توغرىسىدا سۇئال سورالسا، قىلغىلى بىرەر ئىش تاپالمايۋاتىمەن دەيدۇ. ئەجىبا بۇ بىچارە ئاللاھنىڭ كىتاۋىنى ئوقۇشنى ئۇنتۇپ قالغانمىدۇ؟

ئابدۇللا ئىبنى ئۆمەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كىلىپ:

- ئى رەسۇلۇللاھ! قۇرئاننى قانچىلىك ۋاقىتتا ئوقۇپ تامام قىلسام بولىدۇ؟ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا:

-« ئوتتۇز كۈندە» دىدى. ئابدۇللا ئىبنى ئۆمەر:

- ئوتتۇز كۈندە، مەن ئۇنىڭدىن كۆپراق ئوقۇيالايمەن دىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- « ئەمىسە يىگىرمە كۈندە تامام قىلغىن » دىدى. ئۇ :

- مەندە بۇنىڭدىنمۇ كۆپراق ئوقۇغىدەك كۈچ- قۇۋۋەت بار دىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- « ئەمىسە ئون كۈندە تامام قىلغىن » دىدى. ئۇ :

- مەن بۇنىڭدىنمۇ كۆپراق ئوقۇيالايمەن دىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام :

-« ئەمىسە بەش كۈندە تامام قىلغىن » دىدى. ئۇ:

- ئى رەسۇلۇللاھ! مەن بۇنىڭدىنمۇ كۆپراق ئوقۇيالايمەن دىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

-« ئەمىسە ئۈچ كۈندە تامام قىلغىن، بۇنىڭدىن تىۋەنلىۋېتىشكە بولمايدۇ» دىدى

ۋە يەنە « كىمكى قۇرئاننى ئۈچ كۈندىن تۆۋەن ۋاقىت ئىچىدە تامام قىلسا، ئۇنى چۈشىنەلمەيدۇ» دېدى. ئىمام ئەھمەد 2- توم 164- نومۇر.

ئەي ئەي سۆيۈملۈك مۇسۇلمان بۇرادەرلەر! مەزكۇر ھەدىسكە ئاساسەن، بىر مۇسۇلماننىڭ قۇرئاننى ئەڭ تۆۋەن بولغاندا ئۈچ كۈن، ئەڭ ئۇزاق بولغاندا 30 كۈندە بىر تامام قىلىشى كېرەك.

بىز ھازىرنىڭ ئۆزىدە ساھابىلەردەك بولۇشنىتەلەپ قىلمايمىز. ئەمما تەدرىجى شۇنداق بولۇشى كېرەك. قۇرئان ئوقۇمايدىغان، كۈندىلىك ۋەزىپىسى يوق كىشى دەسلەۋىدە بەش سەھىپە، ئاندىن يېرىم پارە، ئۇندىن كېيىن بىر پارە ئوقۇپ كۆنسۇن. ئەگەر كېيىنچە ئىككى ياكى ئۈچ پارە ئوقىيالىسا، بۇ ئۇنىڭغا نىسبەتەن كاتتا نېمەت ۋە ئەجرىلىك ئىش بولغان بولىدۇ. « ھەقىقەتەن بىز ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنىڭ ئەجرىنى بىكار قىلىۋەتمەيمىز » سۈرە كەھف 30- ئايەت.

ئىككىنچى: قۇرئاننى قىرائەت قىلىشنى ئۆگىنىش:

قۇرئاننى قىرائەت بىلەن ئوقۇشنى ئۆگىنىش تەس ئەمەس. نۇرغۇن كىشىلەر ئىنگلىزچە ۋە باشقا تىللارنى ئۆگىنىدۇ-يۇ، نېمە ئۈچۈن ئۇلارغا قۇرئاننى ئوقۇشنى ئۆگىنىش تەس كېلىدىكەن.

« ھەقىقەتەن بىز قۇرئاننى ھىپزى ( يادلاش) ئۈچۈن ئاسان قىلدۇق، ئىبرەت ئالغۇچى بارمۇ؟ » ( سۈرە قەمەر 17- ئايەت) دېيىلگەن قۇرئان، سىزگە ئوقۇشقا قىيىن كىلىۋاتامدۇ؟

ھەممە كىشىنىڭ بۇ سۇئالغا قانداق جاۋاب بېرىدىغانلىقىنى بىلىشى شەكسىز. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« سىلەرنىڭ ياخشىلىرىڭلار قۇرئاننى ئۆگەنگەن ۋە ئۆگەتكەن ئادەمدۇر » بۇخارى 5027؛ ئەبۇ داۋۇد 1452؛ ئىمام ئەھمەد 1- توم 58- نومۇر.

مۇسۇلمانلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى قۇرئاننى ئۆگەنگەن ئادەم بولسا، ئۇنى باشقىلارغا ئۆگەتكەن ئادەم قانداق بولار؟ !

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« قۇرئاننى ماھىرلىق بىلەن ئوقۇغۇچى ئادەم ياخشى، ھۆرمەتلىك، ئەلچى پەرىشتىلەر بىلەن بىرگە بولىدۇ. قۇرئاننى تەمترەپ، قىينىلىپ ئوقۇيدىغان ئادەمگە ئىككى ئەجر بېرىلىدۇ » بۇخارى 4937؛ مۇسلىم 1859؛ تىرمىزى 2904- نومۇر.

**قۇرئان ئۆگىنىش دېگەن نېمە؟**

قۇرئان ئۆگىنىش دېگەنلىك، قۇرئاننى سوزىدىغان يەرلىرىنى سوزۇپ، غۇننە قىلىدىغان يەرلەردە غۇننە قىلىپ، قەلقەلە قىلىدىغان ئورۇنلاردا قەلقەلە قىلىپ تەجۋىدلىك ئوقۇشنى ئۆگىنىش دېگەنلىكتۇر. چۈنكى مۇسۇلماندىن قۇرئاننى

پەيغەمبىرىمىز قانداق ئوقۇغان بولسا، شۇنداق ئوقۇش تەلەپ قىلىنىدۇ.

قۇرئاننى تەجۋىدىلىك ئوقۇشنى نەدە ئۆگىنىسىز؟

جاۋاب: بىرەر قارىنى ئۇستاز تۇتۇپ، ئۇنىڭدىن مەسجىدتە بولسا مەسجىدتە ياكى ئۆيىڭىزگە تەكلىپ قىلىپ ۋە ياكى ئۆيىگە بېرىپ ئۆگىنىسىز. بۇنىڭغا 3ـ4 ئاي كېتەر. نەتىجىدە سىز ياخشى، ھۆرمەتلىك، ئەلچى پەرىشتىلەر بىلەن بىرگە بولىسىز-دە، ئاللاھنىڭ ئالدىدىكى ئورنىڭىز يوقىرىلايدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلەرگە ئېيتتى:

ـ« قايسىڭلار ھەر كۈنى ئەتتىگەن بازارغا بېرىپ، گۇناھ ئۆتكۈزمەي ۋە سىلە-رەھىمنى ئۈزمەي ( تىللاشماي ) ئىككى چوڭ تۆگىگە ئېرىششنى ياقتۇرىدۇ » ؟. ساھابىلەر بىردەك:

ـ ھەممىمىز ياقتۇرىمىز، ئى رەسۇلۇللاھ ! دېيىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېيتتى:

ـ « سىنىڭ مەسجىدكە بېرىپ قۇرئاندىن ئىككى ئايەت ئۆگەنگىنىڭ بازارغا بېرىپ مۇنداق- مۇنداق پايدا ئالغىنىڭدىن ياخشىدۇر » مۇسلىم 1870؛ ئەبۇ داۋۇد 1456ـ نومۇر.

دېمەك، بۈگۈنكى دەۋرىدىكى ئۆلچەم بويىچە ھىسابلىغاندا، ئىككى ئايەت ئۆگىنىش ئەڭ تۆۋەن بولغاندا 2000 مىڭ يۈەن پايدا تاپقاندىن ئەۋزەلراق. بۇ پەزىلەت ۋە كەرەمنى قايسىمىز بىلىمىز؟

ئۈچىنچى: قۇرئان ئوقۇغاندا تەسىرلىنىش:

موسۇلمان ئادەم قۇرئان ئوقۇغان ۋاقتىدا ئۇنىڭدىن تەسىرلىنىشى، ئۇنىڭ بىلەن يۇغۇرۇلۇپ قەلبى تىترىشى ۋە قۇرئان ئوقۇۋاتقان شۇ پەيتتە: قۇرئان ماڭا نازىل قىلىنىۋاتىدۇ دېگەن ھىسسىياتتا بولىشى كېرەك.

مەشھۇر شائىر مۇھەممەد ئىقبال مۇنداق دېگەن: دادام ماڭا دائىم: ئوغلۇم قۇرئاننى خۇددى ساڭا نازىل بولۇۋاتقاندەك ھالدا ئوقۇ دەيتتى. قۇرئانغا دەل مۇشۇنداق مۇئامىلە قىلغاندىلا ئۇنىڭ ھالاۋىتىنى تېتىغىلى ۋە ئۇنىڭ ئولۇغلۇقىنى ھىس قىلغىلى بولىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قۇرئاندىن تەسىرلىنىش ھەققىدە بىزگە قانداق مىسال قالدۇرغانلىقىغا بىر قاراپ باقايلى:

بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئابدۇللا ئىبنى مەسئۇدقا :

ـ « ماڭا قۇرئان ئوقۇپ بەرگىن » دېدى. ئابدۇللا ئىبنى مەسئۇد پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! سىلىگە مەن ئوقۇپ بېرىمەنمۇ؟ قۇرئان ئۆزلىرىگە نازىل قىلىنغان تۇرسا دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا:

ـ « ھەقىقەتەن مەن قۇرئاننى باشقىلاردىن ئاڭلاشنى ياخشى كۆرىمەن» دېدى. ئابدۇللا ئىبنى مەسئۇد مۇنداق دەيدۇ: شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇلتۇردۇم ـ دە ئۇنىڭغا سۈرە نىسانى ئوقۇپ بېرىشكە باشلىدىم. مەن ئوقۇپ : « بىز ھەر بىر ئۇممەتتىن بىر گۇۋاھچىنى كەلتۈرگەن ۋە ( ئى مۇھەممەد ) سېنى بۇلارغا ( يەنى ئۇممىتىڭ ئىچىدىكى ئىمانسىزلارغا ۋە كاپىرلارغا ) گۇۋاھچى قىلىپ كەلتۈرگەن چېغىمىزدا ئۇلارنىڭ ھالى قانداق بولىدۇ ؟ » دېگەن ئايەتكە كەلگەندە، ئۇ : « بولدى قىلغىن » دېدى. مەن ئۇنىڭغا قارىسام، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ياش ئېقىۋىتىپتۇ. بۇخارى 5049؛ مۇسلىم 1864؛ ئەبۇ داۋۇد 3668 ــ نومۇر.

سىزدىن سوراپ باقاي: سىز قۇرئان ئوقۇغان ۋاقتىڭىزدا بىرەر قېتىم يىغلاپ باققانمىدىڭىز؟

يەنە بىر ساھابە مۇنداق دەيدۇ: بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامازدا تۇرۇپ قىرائەت قىلسا، ئۇنىڭدىن خۇددى قازان قايناۋاتقاندەك يىغلىغان ئاۋازنى ئاڭلايتتۇق.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇنجى شاگىرتى، ھاياتى ۋە ئاخىرەتتىكى ھەمراھى ئەبۇبەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا قاراڭ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كېسەللى قاتتىق ئېغىرلاشقان ۋاقىتتا ئائىلىسىدىكىلەرگە :« ئەبۇ بەكرىگە دەڭلار، ئۇ كىشىلەرگە ئىمام بولۇپ ناماز ئوقۇپ بەرسۇن» دېگەن. ساھابىلەر بۇنىڭدىن ھەيران قالغاندەك بولۇشۇپ: ئى رەسۇلۇللاھ ! ئەبۇبەكرى كۆڭلى يۇمشاق ئادەم، ئۇ قۇرئان ئوقىغاندا ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي يىغلاپ كېتىدۇ دېيىشكەن. بۇخارى 664؛ مۇسلىم 940؛ ئەبۇ داۋۇد 232؛ ئىمام ئەھمەد 4ـ توم 412ـ نومۇر.

بىر كۈنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يولدا كېتىۋېتىپ بىر ئادەمنىڭ سۈرە تۇرىدىكى :« شەكسىزكى، پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئازابى چوقۇم بولىدۇ، ئۇنى ھېچنەرسە توسۇپ قالالمايدۇ » دېگەن ئايەتنى ئوقۇۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ ھوشىدىن كېتىدۇ. ئادەملەر ئۇنى كۆتۈرگەنچە ئۆيىگە ئەكىلىپ قويىدۇ. ئۇلار ئۇنى ئاغرىپ قالدى دەپ ئويلاپ، بىر ئاي يوقلاپ تۇرىدۇ. ھالبۇكى، ئۇ كېسەل بولۇپ قالمىغان، بەلكى ئاللاھ دىن قاتتىق قورقىدىغانلىقى، قىيامەت كۈنىنىڭ كاتتىلىقىنى ئېسىدە ساقلىغانلىقى ۋە ئاللاھنىڭ كاپىرلارنى قاتتىق ئازابلايدىغانلىقىنى بىلىدىغانلىقى سەۋەبلىك ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغان ئىدى.

يەمەن ئەلچىلىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كەلگەندە قۇرئاننى ئاڭلاپ، يىغلاپ كېتىشىدۇ. ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇلارغا قاراپ: بىزمۇ ئىلگىرى شۇنداق ئىدۇق، ھازىر قەلبىمىز قېتىپ كەتتى دەيدۇ. سۇبھانەللاھ! ئەبۇبەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قەلبىمىز قېتىپ كەتتى دەۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدىڭىزمۇ؟ ئەمدى بىز ئۆزىمىزنى نېمە دېسەك بولار؟

ئۇبباد ئىبنى بەشىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر كېچىسى ئەممار ئىبنى ياسىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن مۇسۇلمانلارنى كۈزۈتۇشكە قويۇلدى.ئۇ كۈزەتتە تۇرغاچ ناماز ئوقۇشقا باشلىدى. دۈشمەن تەرەپتىن بىر ئادەم كېلىپ، ئۇنىڭغا ئوقيا بىلەن ئوق ئاتتى. ئوق ئۇنىڭ مۈرىسىگە تەگدى. ئۇ مۈرىسىدىكى ئوقنى ئېلىۋېتىپ، نامازنى داۋاملاشتۇرىۋەردى ئۇ قۇرئاننىڭ لەززىتى بىلەن مەست بولۇپ كەتكەندى.. ھېلىقى كاپىر ئۇنىڭغا يەنە ئوق ئاتتى. ئوق يەنە ئۇنىڭ مۈرىسىگە تەگدى. ئۇ ئوقنى ئېلىۋېتىپ، نامىزىنى داۋاملاشتۇرىۋەردى. ئۇ كاپىر ئۈچىنچى قېتىم ئوق ئاتتى. ئوق يەنىلا ئۇنىڭ مۈرىسىگە تەگدى. ئۇبباد يارىسىنىڭ ئېغىرلىقى ۋە كۆپ قان چىقىپ كەتكەنلىكى سەۋەبلىك روكۇ قىلىپ سەجدىگە باردى. ئۇ نامازدىن پارىغ بولۇپ ئەممارنى ئويغاتتى. ئەممار ئەھۋالنى ئۇقۇپ ئۇنىڭغا :نېمىشقا مېنى ساڭا بىرىنچى قېتىم ئوق تەككەن ۋاقىتتا ئويغاتمىدىڭ؟ دەپ سورىغاندا، ئۇ : مەن شۇ چاغدا بىر سۈرىنى ئوقۇۋاتقان بولۇپ، ئۇنى ئوتتۇرىدىن ئۈزۈپ قويۇشنى ياقتۇرمىدىم، جېنىمدىن ئايرىلىش چوقۇمكى ئۇ سۈرىنى تەرك ئېتىشتىن سۆيۈملۈكراق ئىدى دېدى.

قايسى بىرىمىز قۇرئاننىڭ لەززىتى ۋە ھالاۋىتىنى ھىس قىلىپ باقتۇق. قايسى بىرىمىز نامىزىدا بەش سەھىپە ئوقۇشنى نىيەت قىلىپ، قۇرئاننىڭ ھالاۋىتىگە بەرداشلىق بېرىشكە تاقىتى يەتمەي، ئۇنىڭدىن كۆپراق ئوقۇپ، قۇرئاندىن بەھرىلىنىپ باققان ۋە ئاللاھ بىلەن مۇڭدىشىپ كۆرگەن؟

ئەھنەف ئىبنى قەيس ئاللاھنىڭ سۈرە ئەنبىيادىكى : « بىز سىلەرگە سىلەرنىڭ ئەھۋالىڭلار سۆزلەنگەن كىتابنى نازىل قىلدۇق، ئەقىل يۈرگۈزمەمسىلەر؟ » دېگەن ئايەتنى دائىم ئوقۇيتتى ۋە : مەن قۇرئاننى ئېچىپ قارايمەن- دە ئۆز- ئۆزەمگە « بۇگۈن رەببىم ماڭا نېمىنى ئەسلىتىدىكىن » دەيمەن، دەيتتى. ئۇ قۇرئان تىلاۋەت قىلىۋېتىپ، سۈرە نىسادىكى :« ھەقىقەتەن مۇناپىقلار جەھەننەمنىڭ ئەڭ تۈۋەن قاتلىمىغا تاشلىنىدۇ » دېگەن ئايەتنى ئوقىسا: « مەن مۇناپىقلارنىڭ جۈملىسىدىن ئەمەس» دەيتتى. سۈرە ئەنفالدىكى :« پەقەت ئاللاھ ياد ئېتىلسە دىللىرىدە قورقۇنچ پەيدا بولىدىغان، ئاللاھنىڭ ئايەتلىرى تىلاۋەت قىلىنسا ئىمانى كۈچىيىدىغان، پەرۋەردىگارىغا تەۋەككۇل قىلىدىغان كىشىلەرلا ( كامىل ) مۆمىنلەردۇر » دېگەن ئايەتنى ئوقىغاندا، نادامەت چەككەن ھالدا : مەن بۇنداق ئەمەس دەيتتى. سۈرە تەۋبىدىكى :« يەنە بىر قىسىم كىشىلەر گۇناھلىرىنى ئېتىراپ قىلدى، ئۇلار ياخشى ئىشقا يامان ئىشنى ئارلاشتۇرۇپ قويدى، ئاللاھنىڭ ئۇلارنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىشى ئۈمىدلىكتۇر » دېگەن ئايىتىنى ئوقىغاندا : شۇنداق، مەن مۇشۇنداق كىشىلەرنىڭ جۈملىسىدىن، مۇشۇنداق كىشىلەرنىڭ جۈملىسىدىن دەيتتى.

بۇ تابىئىننىڭ قۇرئاندىن قانداق تەسىر قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى كۆردىڭىزمۇ؟

مۇسۇلماننىڭ قۇرئان بىلەن بولغان ئەدەپ ــ مۇئامىلىسى مۇشۇنداق بولۇشى كېرەك. قۇرئاندىكى « ئى مۆمىنلەر » دېگەن كەلىمە بىلەن باشلانغان ئايەتلەرنى ئوقىغاندا ياكى ئاڭلىغاندا قولىقىڭنى دىڭ تۇت، ئۇنىڭدا سەن بۇيرۇلىدىغان بىر ياخشى ئىش ياكى سەن چەكلىنىدىغان بىر يامان ئىش بار.

كىشىلەرنىڭ قۇرئاندىن تەسىرلىنىشى ئوخشاش ئەمەس. بۇ نوقتىنى رامزان ئېيىدا، بولۇپمۇ تەھەججۇد نامىزىدا روشەن ھىس قىلىمىز. ئۇلاردىن بەزىلەر قۇرئاندىن تەسىرلىنىدۇ. ئەمما يىغلىمايدۇ. بەزىلەر ھەم تەسىرلەنمەيدۇ ھەم يىغلىمايدۇ. ئەجەبكى سىز ئەرەبلەردىن بولمىغان باشقا مىللەت مۇسۇلمان كىشىلىرىنىڭ قۇرئاننى ئاڭلا ـ ئاڭلىمايلا يىغلاپ كېتىدىغانلىقىنى كۆرۈپ قالىسىز. بۇ ئاللاھ خالىغان كىشىلەرگە ئاتا قىلىدىغان پەزلىدۇر.

قەلىب قاتتىقلاشقاندا قۇرئاندىن تەسىرلەنمەيدۇ. ئاللاھ قۇرئاندا يەھۇدىيلار ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: « ( ئى يەھۇدىيلار جامائەسى ) شۇنىڭدىن كېيىن دىللىرىڭلار قېتىپ كەتتى، تاشتەك ياكى تاشتىنمۇ قاتتىق قېتىپ كەتتى. تاشلار ئارىسىدا ئىچىدىن ( سۇ ئېتىلىپ چىقىپ ) ئېرىقلار ھاسىل بولىدىغانلىرىمۇ بار، يېرىلىپ ئارىسىدىن سۇ چىقىدىغانلىرىمۇ بار، ئاللاھدىن قورقۇپ ( تاغ چوققىلىرىدىن ) دومىلاپ چۈشىدىغانلىرىمۇ بار ( دېمەك، تاش يۇمشايدۇ، سىلەرنىڭ دىللىرىڭلار بولسا يۇمشىمايدۇ ۋە تەسىرلەنمەيدۇ )، ئاللاھ قىلمىشىڭلاردىن غاپىل ئەمەستۇر » سۈرە بەقەرە 74ـ ئايەت.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزنىڭ دىللىرىمىزنى تەسۋىرلەپ بەرگەندەكلا مۇنداق دېگەن :« قۇرئان بەزى قەۋملەرنىڭ دىللىرىدا چىرىپ كېتىدۇ، ئۇلار قۇرئاننى ئوقۇيدۇ، ئۇنىڭدىن لەززەت ئالالمايدۇ، ئەگەر ئۇلار ( ئاللاھ بۇيرۇغان ئىشنى قىلىشتىن ) ئاجىز كەلسە، ( بىز خالىغان نەرسىمىزگە ) ئېرىشىمىز دەيدۇ. يامان ئىش قىلىپ قالسا : ئاللاھ بىزگە مەغپىرەت قىلىدۇ دەيدۇ » دارمىي 2ـ توم 439ـ نومۇر.

تۆتىنچى : قۇرئان ئايەتلىرىنى ئويلىنىش:

بىز يوقۇردا ئۈچ تۈرلۈك مەجبۇرىيەتنى سۆزلەپ ئۆتتۇق. تۇۋەندىكى تۆتىنچى مەجبۇرىيەت قۇرئاننى پىكىر يۈرگۈزۈش بىلەن ئوقۇش. ئاللاھنىڭ پەزلى ـ كەرەمى ئارقىلىق قۇرئان روشەن، ئاسان ۋە ئوچۇق ئەرەپ تىلىدا نازىل قىلىندى. مەسىلەن: ئاللاھنىڭ مۇنۇ ئايىتىنى ئاڭلاپ بېقىڭ: «غەيبىنىڭ خەزىنىلىرى ئاللاھنىڭ دەرگاھىدادۇر، ئۇنى پەقەتلا ئاللاھ بىلىدۇ، قورۇقلۇقتىكى، دېڭىزدىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئاللاھ بىلىدۇ. ( دەرەختىن) تۆكۈلگەن ياپراقتىن ئاللاھ بىلمەيدىغان بىرەرسىمۇ يوق، مەيلى قاراڭغۇ يەر ئاستىدىكى بىرەر دانە ئۇرۇق بولسۇن، مەيلى ھۆل

ياكى قورۇق نەرسلەر بولسۇن ھەممىسى ( ئاللاھغا مەلۇم بولۇپ ) لەۋھۇلمەھپۇزدا يېزىقلىقتۇر » سۈرە ئەنئام 59- ئايەت.

ئاللاھنىڭ ئىلمىنىڭ ھەممىنى ئىھاتە قىلىدىغانلىقىنى روشەن بايان قىلىپ بېرىدىغان، ئاشكارە دەلىل بولالايدىغان بىر ئايەت!! كىمكى بۇ ئايەتنى ئوقۇسا، ئاللاھنىڭ كاتتىلىقى ۋە قۇدرىتىنى ھىس قىلىشى زۆرۈر. ئۇنداق بولماي ئەكسىچە بولۇپ قالسا، ئۇنداق ئادەم شۇنى بىلىۋالسا بولىدۇكى ئۇ بۇ ئايەت ئۈستىدە ئويلىنىپ باقمىغان ھەم ئۇنى غاپىل، بىخەۋەر قەلب بىلەن ئوقۇپلا ئۆتكەن.

كىمكى قۇرئاننى پىكىر يۈرگۈزمەيلا ئوقىغان بولسا، شەك- شۈبھىسىزكى بۇ ئۇنىڭ قەلبىگە قولۇپ سېلىنغانلىقىنىڭ دەلىلى. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:« ئۇلار قۇرئان توغرۇلۇق پىكىر قىلمامدۇ؟ بەلكى ئۇلارنىڭ دىللىرىدا قولۇپ بار ( شۇڭا ئۇلار چۈشەنمەيدۇ) » سۈرە مۇھەممەد 24- ئايەت.

« ئاللاھ سۆزلەرنىڭ ئەڭ چىرايلىقى بولغان قۇرئاننى نازىل قىلدى، ( پاساھەتتە، بالاغەتتە ) ئۇنىڭ بەزىسى بەزىسىگە ئوخشاپ كېتىدۇ، ( ۋەز- نەسىھەتلەر، ئەھكاملار، قىسسەلەر ) ئۇنىڭدا تەكرارلىنىدۇ، ( قۇرئاندىكى ئازاب ئايەتلىرى تىلاۋەت قىلىنغان چاغدا ) پەرۋەردىگارىدىن قورقىدىغان كىشىلەرنىڭ بەدەنلىرى تىترەيدۇ، ئاندىن ئاللاھنىڭ زىكرى ئۈچۈن ( يەنى ئاللاھنىڭ رەھمىتى، مەغفىرەتىگە دائىر ئايەتلەر تىلاۋەت قىلىنغان چاغدا )، ئۇلارنىڭ بەدەنلىرى ۋە دىللىرى يۇمشاپ ( ئارام تاپىدۇ ) » سۈرە زۇمەر23- ئايەت.

قۇرئاننى پىكىر يۈرگۈزۈش بىلەن ئوقۇشقا ياردىمى تېگىدىغان بىر نەچچە خىل ئۇسۇل بار بولۇپ، بۇلاردىن بىر گۈزەلگە بولۇپ قالغان سۆز مەنالارنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن تەپسىر كىتابلىرىنى ئوقۇشتۇر. ئادەتتە تەپسىر « ئىبنى كەسىر » نى ئوقۇشتىن باشلاش كېرەك. چۈنكى ئۇ چۈشىنىشلىك، ئىشەنچلىك ۋە ئاسان تەپسىردۇر. تېخىمۇ چوڭقۇرراق چۈشىنەي دېسىڭىز « فىي زەلالىل قۇرئان » نى ئوقۇڭ.

بەشىنچى: قۇرئاندىن يادلىغان سۈرىلەرنى تەكرارلاپ تۇرۇش:

مۇسۇلمان كىشىنىڭ قۇرئاننى يادلاپ بولۇپ ئۇنتۇپ قېلىشى توغرا ئەمەس. يادلاشقا ياردىمى تېگىدىغان ۋاستىلەرنىڭ بىرى كۆپ تەكرار قىلىش، يادلىغانلىرىنى نامازدا بولۇپمۇ كېچە نامازلىرىدا ئوقۇشتۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ماڭا ئۈممىتىمنىڭ گۇناھلىرى كۆرسىتىلدى. مەن ( بۇ گۇناھلار ئىچىدە ) قۇرئاندىن بىر سۈرە ياكى بىر ئايەت بېرىلگەن ئاندىن ئۇنى ئۇنتۇپ قالغان ئادەمنىڭ گۇناھىدىنمۇ چوڭراق بىر گۇناھنى كۆرۈپ باقمىدىم » ئەبۇداۋۇد 461؛ تىرمىزى 1916- نومۇر.

مانا بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قۇرئاننى يادلاپ بولۇپ ئۇنىڭغا جىددىي ئەھمىيەت بەرمەي، ئۇنتۇپ قالغان ئادەمگە قىلغان ئاگاھلاندۇرۇشى ۋە ئاخىرەتتە ئۇنىڭ ئورنىنىڭ مۇشكۇل ئەھۋالدا قالىدىغانلىقىنى ئاشكارە بايان قىلىشى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« قۇرئاننى دائىم ئوقۇپ تۇرۇڭلار، مۇھەممەدنىڭ جېنى ئۇنىڭ ئىلكىدە بولغان زاتنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، قۇرئان باغلاپ قويغان تۆگىدىنمۇ بەكراق قاچىدۇ » بۇخارى 5033؛ مۇسلىم 1841؛ ئىمام ئەھمەد 4- توم 397- نومۇر

قۇرئان يادلىمىغان ياكى يادلاشنى خالايدىغانلارنىڭ سۈرە ناستىن باشلاپ يادلىشى قولايلىقتۇر. سىز ئوقىغان ياكى يادلىغان سۈرە ئايەتلەرنى تەپسىرلىرى بىلەن قوشۇپ چۈشىنىپ ئوقىسىڭىز قانداق ياخشى- ھە!. چۈنكى ئۇنىڭ تەپسىرىنى بىلىش يادلىغان نەرسىلەرنى ئېسىدە چىڭ ساقلاش ۋە دەرھال يادىغا كېلىشكە ياردەم بېرىدىغان مۇھىم ۋاستىدۇر. مېنىڭ سىزگە قىلىدىغان نەسىھىتىم يادلىغان سۈرىلەرنى كېچە نامىزىدا ئوقۇشقا قاتتىق ئەھمىيەت بېرىڭ.

ئالتىنچى: قۇرئانغا ئەمەل قىلىش:

مۇسۇلماننىڭ قۇرئان ئالدىدىكى مەجبۇرىيەتلىرىنىڭ بىرى- ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىش يەنى بۇيرۇلغان ئىشلارنى قىلىش، چەكلەنگەن ئىشلاردىن ئۆزىنى تارتىشتۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« قۇرئان سىنىڭ مەنپەئەتىڭ ياكى زىيان تارتىشىڭغا ھۆججەتتۇر » ئىبنى ماجە 280؛ نەسائى 2436؛ ئىمام ئەھمەد 5- توم 343- نومۇر.

يادىڭىزدا بولسۇنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەخلاقى قۇرئان ئىدى. ئۇ قۇرئاندىكى ئەھكاملارنى ئۆز ئەمىلىيىتىگە تەتبىقلاشقا ناھايىتى ئەھمىيەت بېرەتتى.

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سۈرە بەقەرەنى سەككىز يىلدا يادلىغان. چۈنكى ئۇ ئىلىم بىلەن ئەمەلنى بىرلەشتۈرۈشكە ناھايىتى ئەھمىيەت بىرەتتى.

ئابدۇللا ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: بىز قۇرئاندىن 10 ئايەت ئۆگەنسەك، بىز شۇ ئايەتنى ئەمىلىيىتىمىزگە ئايلاندۇرمىغىچە باشقا ئايەتلەرنى ئۆگەنمەي تۇراتتۇق، بىز ئىلىم بىلەن ئەمەلنى بىرگە ئۆگەنگەن.

چۈنكى ساھابىلەر قۇرئان ئايەتلىرىنىڭ مەنالىرىنى چۈشىنىپ، شۇ بۇيىچە تۇرمۇش كەچۈرەتتى. ئۇلار ئاللاھقا ئىتائەت قىلىشقا، چەكلەنگەن ئىشلاردىن يېنىشقا ئالدىرىشاتتى. ھاراق ئىچىشنى چەكلىگەن ئايەت نازىل بولغاندا، مۇسۇلمانلار ئۆيلىرىدىكى ھاراق كومزەكلىرىنى چېقىپ تاشلىغان، مەدىنىنىڭ كوچىلىرى ھاراق بىلەن تولۇپ كەتكەن ئىدى. ئۇلار: ئى پەرۋەردىگارىمىز! بىز سەن چەكلىگەن ئىشتىن قول ئۈزدۇق، دېيىشتى. ھىجاب ئايىتى نازىل بولغاندىمۇ، ئەھۋال يۇقىرىقىدەك بولدى.

ئەنسارىي ئاياللار تىزلىكتە كىيىملىرىنى ئاللاھ بۇيرۇغاندەك ھىجابقا ئۆزگەرتتى. زاكات بېرىش ۋە سەدىقە قىلىش ھەققىدىكى ئايەت نازىل بولغاندىمۇ ئەھۋال شۇنداق بولدى. مەسىلەن: ئاللاھ تائالانىڭ ئال ئىمران سۈرىسىدىكى « ياخشى كۆرگەن نەرسەڭلاردىن سەدىقە قىلمۇغۇچە ھەرگىز ياخشىلىققا ( يەنى جەننەتكە ) ئېرىشەلمەيسىلەر » دېگەن سۆزى نازىل بولغاندا، ئەبۇ دەرداﺋ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆزىنىڭ ئەڭ چىرايلىق ۋە ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان بېغىنى سەدىقە قىلىپ بېرىۋەتكەن. بىز بىلەن ساھابىلەر ئوتتۇرىسىدىكى پەرىق شۇكى، ئۇلار قۇرئاننى ئەمەل قىلىش ۋە ئەمىلىيىتىگە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن ئۆگىنەتتى. ئەپسۇسلىنارلىقى، بىز قۇرئاننى ئاڭلاش ۋە ئۇنىڭدىن ئەجەبلىنىش ئۈچۈن پايدىلىنىۋاتىمىز. ھازىرقى كىشلەرنىڭ قۇرئان ئالدىدىكى مەجبۇرىيەتلىرىگە كۆڭۈل بۆلىشى تولىمۇ سۇس بولماقتا.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ : « ئى پەرۋەردىگارىم! شۈبھىسىزكى مېنىڭ قەۋمىم بۇ قۇرئاننى تاشلاندۇق قىلىپ قويدى » ( سۈرە فۇرقان 30- ئايەت) دېگەن سۆزى تەتبىقلىنىپ قالغان ئادەمنىڭ ئاقىۋىتىگە ۋاي.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سىزنىڭ ئۈستىڭىزدىن پەرۋەردىگارىڭىز، ياراتقۇچىڭىز ۋە سىزگە رىزىق بەرگۈچى بولغان ئاللاھقا شىكايەت قىلىشىنى ياقتۇرامسىز؟ ئۇنىڭغا تاقەت قىلىپ تۇرالامسىز؟

**قۇرئاننى قانداق چۈشىنىمىز؟**

ئاللاھنىڭ پەزلى بىلەن قۇرئان ئەرەب تىلىدا نازىل بولغان. شۇڭلاشقا قىيامەت كۈنى قۇرئان ھەققىدە ئەڭ قاتتىق ھىساب ئېلىنىدىغانلار ئەرەبلەر بولىدۇ. ئەرەب تىلى — جەننەت ئەھلىنىڭ تىلى. ئەرەب تىلىنىڭ سۆزى بايلىقى ئىنتايىن مول بولۇپ، تۈپ سۆزلەر 50 مىڭدىن ئاشىدۇ. ئىنگلىز تىلىدا بولسا ئاران 20 مىڭ ئەتراپىدا. مەسىلەن: ياخشى كۆرۈش دېگەن ئىبارە ئىنگلىز تىلىدا ئەڭ كۆپ بولغاندا 12 گە تۈرلىنىدۇ. ئەرەب تىلىدا 40 تىن 45 كىچە تۈرلىنىدۇ.

مەلۇمكى، ئەرەب تىلى قۇرئان ئارقىلىق كۆپ پايدىغا ئېرىشكەن. ئەگەر قۇرئان بولمىغان بولسا بۇ تىل يۇقالغان ياكى يوقۇلۇش گىردابىغا بېرىپ قالغان بولاتتى. ئەرەب تىلىنىڭ تەرەققى قىلىپ گۈللىنىشىنى، يېڭىلىنىشىنى ۋە ھاياتى كۈچىنى ساقلاپ قالغىنى يەنىلا قۇرئاندۇر. ياۋرۇپادىكى تىللارنىڭ ئەسلى لاتىن تىلى ئىكەنلىكى ھەممىگە ئايان. لېكىن ياۋرۇپادىكى دۆلەتلەرنىڭ پارچىلىنىپ بىر نەچچىگە بۆلۈنۈپ كېتىشى بىلەن فرانسۇز تىلى، گىرمان تىلى، پورتۇگال تىلى ۋە ئىسپان تىلىغا ئوخشاش نەچچە ئون خىل يېڭى تىللار پەيدا بولدى. تۈركىي تىل سېستىمىسىدىكى خەلقلەرنىڭ ئەھۋالىمۇ خۇددى لاتىن تىل سېستىمىسىدىكىلەرنىڭكىگە ئوخشاش بولدى. بۇ تىللارنىڭ ھەممىسى بىر- بىرىگە ئوخشىشىپ كەتسىمۇ، ئۇلارنى باغلاپ

تۈرىدىغان بىر ئاساس يوق. بىراق، ئەرەب تىلى قۇرئاننىڭ مەڭگۈلۈكلىكى بىلەن ساقلىنىپ قالدى. گەرچە ھەر خىل شۋىلەر بار بولسىمۇ، سىز ئۆلچەملىك ئەدەبىي ئەرەب تىلىدا سۆزلىسىڭىز، دۇنيانىڭ ھەر قانداق يېرىدىكى ئەرەب مۇسۇلمان قېرىنداشىڭىز سۆزىڭىزنى چۈشىنەلەيدۇ. شۇنداق بولغان ئىكەن بىز مۇسۇلمانلىق سۈپىتىمىز بىلەن ئەرەب تىلىنى ياخشى ئۆگىنىشىمىز، شۇ ئارقىلىق قۇرئاننى چۈشىنەلەيدىغان ئاڭلىق، ئىلمىي بولغان، ئىسلام مەدەنىيىتىنى بىلىپ ئۆزىمىزنىڭ ھاياتىغا تەتبىقلىيالايدىغان بولۇشىمىز كېرەك. ھەرگىزمۇ باشقا چەتئەل تىللىرىنى چوڭ بىلىپ، قۇرئان تىلى بولغان ئەرەب تىلىنى ئۆگىنىشنى تاشلاپ قويماسلىقىمىز كېرەك. بۇنداق بولۇپ قالسا، بۇ بىر مۇسۇلمان ئۈچۈن ئەپسۇسلىنارلىق ئىش بولغان بولىدۇ.

**قۇرئان كەرىمنىڭ ئۇق مەركەزلىرى**

قۇرئان كەرىمنىڭ بەش ئاساسىي ئۇق مەركىزى بولۇپ، قۇرئان كەرىمدىكى مەزمۇنلار بۇ مەركەزلەرنى ئاساس قىلغان ھالدا دەۋر قىلىدۇ. ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

بىرىنچى مەركەز: ئاللاھنى تونۇش؛ يەنى ئاللاھنىڭ ئىسىم- سۈپەتلىرىنى، قۇدرىتىنى، پادىشاھلىقىنى، ئۇنى قانداق ياخشى كۆرۈش ۋە ئۇنىڭ غەزىۋىدىن قانداق قورقۇش قاتارلىقلارنى تونۇش.

قۇرئان كەرىمدىكى يۈزلىگەن ئايەتلەردە ئاللاھنىڭ قۇدرىتى سۆزلەنگەن. ئادەتتە ئايەتلەر شۇ ئايەتتىكى كۆزلەنگەن مەنانى كۈچەيتىدىغان ئاللاھنىڭ گۈزەل ئىسىملىرىدىن بىر ياكى بىر نەچچە ئىسىم بىلەن ئاخىرلاشتۇرۇلغان.

ئىككىنچى مەركەز: ھاياتى دۇنيادىكى مەۋجۇدلۇقىڭىزنىڭ سەۋەبىنى تونۇش.

قانداق يارىتىلدىڭىز، قانداق ئۆسۈپ يېتىلدىڭىز، كائىنات قانداق باشلانغان؟ بىزنىڭ بۇ نوقتىنى ئۇبدان ئېسىمىزدە ساقلىشىمىز ئۈچۈن، قۇرئاندا ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسى ئون نەچچە قېتىم تەكرارلانغان.

ئۈچىنچى مەركەز: ئاللاھنىڭ نېمەتلىرى ۋە بىزگە قىلغان پەزلى- ئېھسانىنى تونۇش.

ئاللاھنىڭ بەندىلەرگە ئاتا قىلغان نېمەتلىرى ۋە پەزلىنى بايان قىلىپ بېرىدىغان ئايەتلەرمۇ ئىنتايىن كۆپ. ئاللاھنىڭ پەزلى- ئېھسانى ھەقىقەتەنمۇ سان- ساناقسىزدۇر.

تۆتىنچى مەركەز: ئىنساننىڭ ئۆز تەقدىرى ۋە بارىدىغان نىشانىنى تونۇش.

بۇ ھەقتە قۇرئاندا جەننەت، دوزاخ، ھېساب بېرىش، سىرات ۋە مىزان ھەققىدىكى ئايەتلەر نازىل بولغان.

بەشىنچى مەركەز: ئىنسان ھاياتىنى ئىسلاھ قىلىش.

بۇ توغرىسىدا قۇرئاندا شەرئىي ھۆكۈملەر، ئەخلاقلار، پەيغەمبەرلەرنىڭ قىسسىلىرى ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ئىنسان ھاياتىنى مۇكەممەللەشتۈرىدىغان ۋاستىلەر ھەققىدىكى ئايەتلەر نازىل بولغان.

ھەممىگە ئايانكى، ئىسلام شەرىئىتى ۋە ئۇنىڭ ھۆكۈملىرى ھەر قانداق زامان ۋە ماكانغا ماس كېلىدۇ. ئىسلام شەرىئىتىنىڭ غايىسى بەش بولۇپ، ئۇلار: دىنىنى، ئابرويىنى، نەسلىنى، ئىقتىسادىنى ۋە ئەقلىنى مۇھاپىزەت قىلىشتۇر.

ھازىر غەرب ئەيش- ئىشرەتلىك تۇرمۇش كەچۈرىۋاتىدۇ. ئۇ يارىتىلىشىدىكى غايىنى ئۇقمايدۇ. شۇڭلاشقا ئۇنىڭ ھەركەتلىرىنى كۆزىتىپ تۇرغۇچى يوق. مۇنداقچە ئېيتساق، ئۇ ئاللاھنىڭ ئۇنى كۆزىتىپ تۇرغانلىقىغا پەرۋا قىلمايدۇ. گەرچە ئۇ پەرۋەردىگارىنى، يارىتقۇچىسىنى ئېتىراپ قىلسىمۇ. ئۇنىڭغا ئاللاھنىڭ « مەن ئىنسانلار ۋە جىنلارنى پەقەت ماڭا ئىبادەت قىلىش ئۇچۇن ياراتتىم »، « ئېيتقىنكى، ھەقىقەتەن مېنىڭ نامىزىم، قۇربانلىقىم، ھاياتىم ۋە ماماتىم ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھ ئۈچۈندۇر » دېگەن سۆزلىرىنى تەتبىقلىغىلى بولمايدۇ.

**قۇرئان كەرىمنىڭ ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئالاھىدىلىكلىرىدىن:**

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:« بىز كىتابتا ( يەنى قۇرئاندا ) ھېچ نەرسىنى كەم قويمىدۇق »، « بىز ساڭا كىتابنى ( يەنى قۇرئاننى ) ھەممە نەرسىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان، ھىدايەت، رەھمەت، مۇسۇلمانلارغا مەڭگۈلۈك سائادەت بىلەن خۇشخەۋەر يەتكۈزىدىغان قىلىپ نازىل قىلدۇق ». سۈرە نەھل 89- ئايەت.

قۇرئان كەرىم مۇسۇلمانلار كۈندىلىك ھاياتىدا، بەلكى ئۆلگەندىن كېيىن ئەھمىيەت بېرىدىغان توي، تالاق ۋە مىراس كەبى پۈتۈن ئىشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. قۇرئان دۆلەتلەر ئارا ئالاقە ھەققىدىمۇ يول كۆرسىتىدۇ. ئىسلام بارچە ياخشى خىسلەتلەرنى ئۆزىگە جۇغلىغان دىندۇر. قۇرئان بىرلا ۋاقىتتا ئەقىلگە ۋە ھىسسىياتقا خىتاب قىلىدۇ. قۇرئاندىكى ھىسسىياتقا قىلىنغان خىتابلاردىن تۆۋەندىكى ئايەتنى نەمۇنە سۈپىتىدە كەلتۈرىمىز: « ئى ئىنسان! سېنى مەرھەمەتلىك پەرۋەردىگارىڭغا ئاسىيلىق قىلىشقا نىمە ئالدىدى. ئۇ سېنى ياراتتى، (ئەزالىرىڭنى) بىجىرىم، قامىتىڭنى تۈز قىلدى» سۈرە ئىنفىتار 6-7- ئايەت. «بىز ھەقىقەتەن ئىنساننى ياراتتۇق، بىز ئۇنىڭ كۆڭلىگە كەلگەننى بىلىمىز. بىز ئۇنىڭ جان- تومۇرىدىنمۇ يېقىن. ئىنساننىڭ ئوڭ تەرىپىدە ۋە سول تەرىپىدە ئولتۇرۇپ خاتىرلەيدىغان ئىككى پەرىشتە بار. (ئىنساننىڭ سۆز- ھەركىتى خاتىرلىنىۋالىدىغان) ۋاقىتتا، ئۇ قانداق بىر سۆزنى قىلمىسۇن، ئۇنىڭ ئالدىدا ھامان پەرىشتە ھازىر بولۇپ، كۆزىتىپ تۇرىدۇ. ئۆلۈمنىڭ سەكراتى ھەقىقەتنى ئېلىپ كەلدى. (يەنى ئاخىرەتنى ئىنكار قىلغۇچى ئاخىرەتنىڭ دەھشىتىنى ئېنىق كۆرىدۇ) سەن ئۇنىڭدىن (يەنى ئۆلۈمدىن) قاچاتتىڭ» سۈرە قاف 16-19-

ئايەتلەر.

قۇرئاننىڭ ئەقىلگە قىلغان خىتاپلىرىدىن تۆۋەندىكىلەرنى نەمۇنىلەيمىز:- ئەگەر ئاسمان- زېمىندا ئاللاھدىن باشقا ئىلاھلار بولسا ئىدى. (كائىناتنىڭ تەرتىپى) ئەلۋەتتە بۇزۇلاتتى». سۈرە ئەنبىيا 22- ئايەت.

«سىلەر (ئاياللارنىڭ بەچچىدانىغا) تۆكۈلگەن مەنىنى دەپ بېقىڭلارچۇ؟ ئۇنى سىلەر (ئىنسان قىلىپ) يارىتامسىلەر؟ ياكى بىز (ئىنسان قىلىپ) يارىتامدۇق؟» سۈرە ۋاقىئە 58-59- ئايەت.

ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ مۆجىزىلىرى ئۇلارنىڭ ھاياتى بىلەن چەكلىنىك ئىدى. بىراق، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ قۇرئاندىن ئىبارەت بۇ مۆجىزىسى قىيامەت كۈنىگە قەدەر داۋاملىشىدۇ. قۇرئان كاپىرلارنى قۇرئاندىكى بىر سۈرىچىلىك نەرسە كەلتۈرۈپ بېقىش ئۈچۈن مۇنازىرىگە چاقىردى. ئۇلار قۇرئان كەلتۈرۈشتىن نەقەدەر ئاجىزھە!. قۇرئاننىڭ مۆجىزىلىرى ھەرخىل بولۇپ، بۇنىڭدىن بىز ھېچكىمنىڭ قۇرئاننىڭ ئوخشىشىنى ياكى بەزىسىنى ياكى ئۇنىڭدىن بىر سۈرىنى كەلتۈرۈشتىن ئاجىز ئىكەنلىكىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتتۇق. «ئېيتقىنكى، ئەگەر ئىنسانلار، جىنلار بۇ قۇرئاننىڭ ئوخشىشىنى مەيدانغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن يىغىلىپ بىر- بىرىگە ياردەملەشكەن تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ ئوخشىشىنى مەيدانغا كەلتۈرەلمەيدۇ» سۈرە ئىسرا 88- ئايەت.

قۇرئاننىڭ مۆجىزىلىرى- بالاغەت جەھەتتىكى مۆجىزىلىكى، ئىلمىي جەھەتتىكى مۆجىزىلىكى، رەقەم جەھەتتىكى مۆجىزىلىكى، قانۇن چىقىرىش ۋە ئىسلاھات جەھەتتىكى مۆجىزىلىكى قاتارلىق بىرنەچچە تۈرگە بۆلۈنىدۇ. تۆۋەندە بىز ئۇلارنى تەپسىلى سۆزلەيمىز.

بىرىنچى: قۇرئاننىڭ بالاغەت جەھەتتىكى مۆجىزىلىكى:

ئەرەبلەرگە پاساھەت ۋە بالاغەتتىن ئىبارەت نېمەت ئاتا قىلىنغان بولۇپ، ئۇلار سۆز ئۇستىلىرى ھېساپلىناتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە شائىرلار ۋە ئەدىبلەر كۆپ ئىدى. ئۇلارنىڭ پاساھەت ۋە بايان ساھەسىدە مۇسابىقىلىشىدىغان ئۇككاز بازىرى بار ئىدى. شۇنداق تۇرۇقلۇق ئۇلاردىن ھېچكىم قۇرئان ئايەتلىرىگە ئوخشاش بىرەر ئايەت كەلتۈرەلمىدى. چۈنكى قۇرئاننىڭ ئۇسلۇبىدەك ئۇسلۇب دۇنيادا مەۋجۇت ئەمەس. قۇرئاندىكى تەركىبلەر باشقا تەركىبلەرگە ئوخشىمايدۇ. مەسىلەن:- «ئاللاھ ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ نۇرىدۇر، ئاللاھنىڭ نۇرى خۇددى (چىراق قويىدىغان) تەكچىگە ئوخشايدۇ». سۈرە نۇر 35- ئايەت.

ئۆمەر ئىبنى خەتتاب ئىسلامغا كىرىشتىن ئىلگىرى قىلىچىنى يالىڭاچلاپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن ماڭىدۇ. ئۇ سۈرە تاھانىڭ بېشىدىكى:

«تاھا، قۇرئاننى ساڭا سېنى جاپاغا سېلىش ئۈچۈن ئەمەس، پەقەت (ئاللاھدىن) قورقىدىغانلارغا ۋەز- نەسىھەت قىلىش ئۈچۈن نازىل قىلدۇق. ئۇ زېمىننى ۋە ئېگىز ئاسمانلارنى ياراتقان زات تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان. مەرھەمەتلىك ئاللاھ ئەرش ئۈستىدە (ئۆزىگە لايىق رەۋىشتە) قارار ئالدى. ئاسمانلاردىكى، زېمىندىكى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ۋە يەر ئاستىدىكى شەيئىلەرنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭدۇر. ئەگەر سەن ئاشكارە سۆزلىسەڭ (ياكى يۇشۇرۇن سۆزلىسەڭ، ئاللاھنىڭ نەزىرىدە ئوخشاشتۇر). چۈنكى ئۇ، سىرنى ۋە ئۇنىڭدىنمۇ مەخپىيرەك ئىشلارنى بىلىپ تۇرىدۇ. ئاللاھدىن باشقا ھېچ مەبۇد يوقتۇر، ئاللاھنىڭ گۈزەل ئىسىملىرى بار» دېگەن ئايەتلەرنى ئاڭلا- ئاڭلىمايلا قۇرئاننىڭ مۆجىزىلىكى ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى ئېتراپ قىلغان.

قۇرئان كەرىمنىڭ بالاغەت جەھەتتىكى مۆجىزىلىكىنىڭ مىساللىرىدىن يەنە بىر مىسال، ئاللاھ تەئەلانىڭ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ھەققىدە ھېكايە قىلىپ ئېيتقان تۆۋەندىكى سۆزىدۇر:- «(مېنىڭ پەرۋەردىگارىم) مېنى ياراتقان (زات ئاللاھدۇر) ئۇ مېنى ھىدايەت قىلىدۇ. ئۇ مېنى تاماق بىلەن تەمىنلەيدۇ، ئاغرىپ قالسام ئۇ مېنى ساقايتىدۇ، مېنى قەبرى روھ قىلىدۇ، كېيىن يەنە تىرىلدۇرىدۇ» سۈرە شۇئەرا 78- 81- ئايەت.

ئاللاھ تەئەلا:- «مېنى قەبرى روھ قىلىدۇ، كېيىن يەنە تىرىلدۇرىدۇ» دىگەن ئايەتتە «ھو (ئۇ) » دىگەن ئالماشنى تىلغا ئالمىغان، چۈنكى كاپىرلارمۇ ئاللاھنىڭ ئۆلتۈرگۈچى، تىرىلدۇرگۈچى ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلمايدۇ. «ئۇ ماڭا تاماق بېرىدۇ»، «ئۇ مېنى ساقايتىدۇ» دىگەن ئايەتلەردە «ھو (ئۇ) » ئالمىشى قوللىنىلغان. چۈنكى كاپىرلار ياكى ئىمانى ئاجىز كىشىلەر ئۇنىڭغا تاماق بەرگۈچى، ئۇنىڭغا شىپالىق بەرگۈچىنىڭ ئاللاھ ئىكەنلىكىدە شەكلىنىپ قالىدۇ. شۇڭلاشقا بۇ ئايەتلەردە مەنانى كۈچەيتىش ئۈچۈن «ھو (ئۇ) » قوللىنىلغان.

سۈرە زۇمەردىكى جەننەتنىڭ ئىشىكلىرى ۋە دوزاخنىڭ ئىشىكلىرى ھەققىدىكى ئايەتمۇ قۇرئان بالاغەت مۆجىزىسىنىڭ يەنە بىر مىسالى. دوزاخ ئىشىكلىرى ھەققىدە سۆزلىگەندە « فتحت (ئېچىلدى) » دەپ پېئىلنىڭ ئۆزى قوللىنىلسا، جەننەتنىڭ ئىشىكلىرى ھەققىدە سۆزلىگەندە « وفتحت (ۋە ئېچىلدى) »دەپ تەڭداش باغلىغۇچى ۋاۋ پېئىلنىڭ ئالدىدا كەلگەن. چۈنكى مۆمىنلەر جەننەتنى يىراقتىن كۆرۈپ تۇرىدۇ. جەننەت تەرەپكە ئالدىرىماي تەمكىنلىك بىلەن ماڭىدۇ. ئۇلار جەننەت ئىشىكلىرىنىڭ ئاللاھ ئېيتقاندەك:- « (تەقۋادارلارغا) تۇرالغۇ بولىدىغان جەننەتلەردىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇلارغا ئۇنىڭ ئىشىكلىرى ئۈچۈقتۇر»- ئېچىلغان ۋە ئۇلارنى كۈتۈشكە تەييار ھالەتتە كۆرىدۇ. ئەكسىچە كاپىرلار بىخۇد تۇرغان ۋاقىتتا ئازاپلىنىدۇ. ئوت تىللىرى چىقىپ

تۇرغان دوزاخ ئىشكىلىرىنىڭ يېنىغا ئېلىپ كېلىنىدۇ. ئۇلار دوزاخنىڭ غەزەپتىن قاينىغان ۋە ئېشەكتەك ھاڭرىغان ئاۋازىنى ئاڭلايدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ قۇرئاندا بىزگە مۇنداق خەۋەر قىلىدۇ: «ياق، ئۇلار قىيامەتنى ئىنكار قىلدى، قىيامەتنى ئىنكار قىلغانلارغا بىز دوزاخنى تەييارلىدۇق. دوزاخ ئۇلارنى يىراقتىن كۆرگەن چاغدا، ئۇلار دوزاخنىڭ غەزەپتىن قاينىغان ۋە (ئېشەكتەك) ھاڭرىغان ئاۋازىنى ئاڭلايدۇ» سۈرە قۇرغان 11-12. ئايەت.

بىز قۇرئاندا ئاللاھتەئالانىڭ سەۋر ھەققىدە سۆزلىگەنىدە بىر يەردە: «ساڭا يەتكەن كۈلپەتلەرگە سەۋر قىلغىن، بۇ ھەقىقەتەن قىلىشقا ئىرادە تىكلەشكە تېگىشلىك ئىشلاردىندۇر» دېسە، يەنە بىر يەردە « سەۋر ئەلۋەتتە مەرغۇب ئىشلاردىندۇر » دەيدۇ. دەسلۋىدە كەلتۈرۈلگەن مىساللىكى سەۋر تېخىمۇ قاتتىق، تېخىمۇ تەكىتلىكتۇر. چۈنكى بۇ ۋاقىتتا دېيىلگەن سەۋر ئاللاھ تەرەپتىن كەلگەن سىناققا ئەمەس، بەلكى كاپىرلار بىلەن پاسىقلارنىڭ ئەزىيەتلىرىگە سەۋر قىلىشتۇر.

قۇرئاندا « امراه (ئايال)» ۋە « زوجه (ئايال)» دېگەن لەۋزىلەر ئىشلىتىلگەن بولۇپ، بۇلارنىڭ ئۆز ئورنىدا ئۆزىگە خاس مەنا مەزمۇنى بار. مەسىلەن: زەكەرىيا ئەلەيھىسسالام ئايالى تۇغۇشتىن ئىلگىرى:« مېنىڭ ئايالىم (امراتي) تۇغماستۇر» دەيدۇ. ئايالى تۇغۇپ بولغاندىن كېيىن، ئاللاھ ئۇ ھەقتە : « بىز ئۇنىڭغا خوتۇنىنى (زوجته) ئۆزگەرتىپ بەردۇق » دەيدۇ. چۈنكى ئەر- ئايەل ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت بالىلىق بولغاندىن كېيىن تېخىمۇ مۇستەھكەم ئاساسقا ئىگە بولۇپ كۈچىيىدۇ.

قۇرئاندىكى ھەرپلەر قاتتىق ۋە يۇمشاقلىقتا قاراپ ئايەتنىڭ مەزمۇنىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. جىھاد ھەققىدىكى ۋە ئاللاھنىڭ مۆمىنلەرگە كايىغانلىقى ھەققىدىكى ئايەتلەردە بۇ نوقتا روشەن گەۋدىلىنىدۇ.:«ئى مۆمىنلەر! سىلەرگە ئاللاھنىڭ يولىدا جىھاد قىلىشقا چىقىڭلار دېيىلسە، نېمىشقا يۇرتۇڭلاردىن ئايرىلغىڭلار كەلمەيدۇ» دېگەن ئايەتتىكى «يۇرتۇڭلاردىن ئايرىلغىڭلار كەلمەيدۇ (اڭاقلتم)» دېگەن ئىبارىگە ئوبدان دىققەت قىلسىڭىز، ئۇنىڭ ئاجايىپ بىر سۆز ئىكەنلىكىنى ئۇنىڭ ئۇرۇشتىن ئۆزىنى تارتىش، ئېغىرلىق قىلىش ۋە ھورۇن بولۇشپىلىشتەك مەنالارنى ئىپادىلەيدىغانلىقىنى بۇنىڭ دەل ئەكسىچە: «چىقىڭلار (انفروا)» دېگەن سۆز شەكلى ۋە مەناسى جەھەتلەردە ياكى قۇرۇلىشى ۋە مەزمۇنى جەھەتلەردە بولمىسۇن ناھايىتىنى يىنىك.

سۈرە ناس ھەم شۇنداق:« ئاسمانلارنىڭ پەرۋەردىگارى، ئىنسانلارنىڭ پادىشاھى، ئىنسانلارنىڭ ئىلاھى(ئاللاھغا) سېغىنىپ، كىشلەرنىڭ دىللىرىدا ۋەسۋەسە قىلغۇچى جىنلاردىن ۋە ئىنسانلاردىن بولغان يۇشۇرۇن شەيتانىنىڭ ۋەسۋەسىنىڭ شەررىدىن پاناھ تىلەيمەن دېگىن ». شەيتانىنىڭ تەبئىتى ئىنسانغا يېپىشۋېلىش ۋە ئۇنىڭغا كۆپ

ۋەسۋەسە سېلىشتۇر. بۇ مەنانى ئىپادىلەش ئۈچۈن بۇ سۈرىدە «ۋاو، سىن» ھەرپىلىرى كۆپ تەكرارلانغان. سۈرە زەلزەلەنىڭ سۆزلىرى ۋە ھەرپىلىرى دەلىلگە مۇھتاج بولمىغىدەك ھالەتتە مەنا بىلەن چەمبەرچاس باغلىنىپ كەتكەن. «ھاقە»، «ھامە» ۋە «ساخە» گە ئوخشاش سۆزلەردىكى مەدلەر قىيامەت كۈنىنىڭ ئۇزۇنلۇقى، مۇشەققتى ۋە قىيىنلىقىنى ئەسلىتىدۇ. «كافە» دىگەن سۆزدىكى مەد بولسا، يارتىلغان مەخلۇقلارنىڭ كۆپلۈكىنى بىلدۈرىدۇ:« بىز سېنى پۈتۈن ئىنسانلارغا پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتۇق» سۈرە سەبەئ 28ـ ئايەت.

«ئىنساننى ئاتاـ ئانىسغا ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرۇدۇق. ئانىسى ئۇنى (قورسىقىدا) ئۈستىـ ئۈستىگە ئاجىزلىق بىلەن كۆتۈردى. ئىككى يىلدا ئۇنى ئەمچەكتىن ئايرىدى. (ئى ئىنسان!) ماڭا ۋە ئاتاـ ئاناڭغا شۈكرى قىلغىن» سۈرە لوقمان 14ـ ئايەت.

بىز يۇقاردىكى ئايەتنىڭ ئاتاـ ئانا كەلىمىسى بىلەن باشلىنىپ يەنە شۇ كەلىمە بىلەن ئاخىرلاشقانلىقىنى، ئوتتۇرىدا «ئانا» تىلغا ئېلىنغانلىقىنى بايقايمىز. نىمە ئۈچۈن؟ چۈنكى سەن داداڭنىڭ ساڭا قىلىدىغانلىرىنى سەن چوڭ بولغاندا ئاندىن كۆرىسەن. ئەمما ئاناڭ سېنى ساڭا قورساق كۆتۈرگەندىن باشلاپ، پۈتۈن ھاياتىڭ ۋە ھەرۋاقىت پەرۋىش قىلىدۇ، ئاسرايدۇ.

سۈرە مەريەم مۇھەببەت، يېقىنلىق، مېھرىبانلىق، كۆڭلى يۇمشاقلىق ۋە ئاللاھنىڭ رەھمىتى قاتارلىقلار بىلەن تولغان. بۇ سۈرىنىڭ ئاخىرىدىكى ئايەتلەر سۈرىنىڭ باشتىن ئاخىرغىچە شۇنداق ئىكەنلىكىنى ئوبدان ئىپادىلەپ بېرىدۇ. «كاف، ھا، يا، ئەين، ساد، بۇ پەرۋەردىگارىڭنىڭ بەندىسى زەكەرىياغا قىلغان مەرھەمىتىنىڭ بايانىدۇر». 1ـ2ـ ئايەت.

سۈرە مەريەمنىڭ ئەكسىچە سۈرە مۇددەسىر بولسا ئايەتلىرى قىسقا، ماسلىشىشى تېز ۋە خاتىمىسى كۈچلۈك. چۈنكى بۇ سۆرىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسلام دەۋىتىنى ئېلىپ بېرىشقا ھەركەت قىلىش، دەۋەت يولىدا كۈچ چىقىرىش، دەۋەتنى يېيىش ئۈچۈن سەئيي قىلىشقا قىزىقتۇرىلىدۇ، بۇشاڭلىق ۋە ھورۇنلۇقتىن چەكلىنىدۇ:« ئى (ۋەھيي نازىل بولغاندا) كىيىمگە چۈمكىلىۋالغۇچى (پەيغەمبەر!). تۇر! (ئىنسانلارنى) ئاللاھنىڭ ئازابىدىن ئاگاھلاندۇر. پەرۋەردىگارىڭنى ئۇلۇغلا، كىيىمىڭنى پاك تۇت، ئازاپتىن (يەنى ئازاپقا قالدۇرىدىغان ئىشلاردىن) يىراق بول». سۈرە مۇددەسسىر 1ـ5ـ ئايەتلەر.

قۇرئاندا بەزى ۋاقىتلاردا ئۆتكەن زامان ېيئىلى كەلگۈسى زامان مەنىسىنى ئىپادىلەپ كېلىدۇ. مەسىلەن:« ئاللاھنىڭ پەرمانى (يەنى قىيامەت) چوقۇم كېلىدۇ. ئۇنىڭغا ئالدىراپ كەتمەڭلار» سۈرە نەھل 1ـ ئايەت.

«بىز ساڭا ھەقىقەتەن نۇرغۇن ياخشىلىقلارنى ئاتا قىلىمىز» سۈرە كەۋسەر 1ـ

ئايەت.

يۇقىردا سۆزلىگەنلىرىمىز دېگىنىمىزدىن تامچە بولۇپ، شۇنىڭ بىلەن كۇپايىلىنىمىز.

ئىككىنچى: قۇرئاننىڭ تەسۋىرى ياكى ئىپادىلەش جەھەتتىكى مۆجىزىلىكى:

بىز قۇرئاننى ئوقۇۋاتقان ۋاقتىمىزدا، قۇرئاندا تەسۋىرلەنگەن كۆرۈنىشلەرنىڭ جانلىق، ھەركەت قىلىۋاتقانلىقىنى، ئادەملەرنىڭمۇ كۆز ئالدىمىزدا ھەركەتلىنىۋاتقان، سۆزلەۋاتقان ۋە ئويان- بۇيان ئۆتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىمىز.

بۇنىڭ ئەڭ ئوچۇق مىسالى جەننەت ۋە دوزاخ ھەققىدىكى ئايەتلەردۇر. ئاللاھتەئەلا قىيامەت ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ:- «ئۇ كۈندە زېمىن ۋە تاغلار قاتتىق تەۋرەيدۇ، تاغلار بىر دۆۋە تارقاق قۇمغا ئايلىنىدۇ». سۈرە مۇزەممىل 14- ئايەت.

سىز بۇ ئايەتنى ئوقۇۋېتىپ گويا زېمىننىڭ، تاغلارنىڭ كۆز ئالدىڭىزدا تىترەۋاتقاندەك، تەۋرەۋاتقاندەك ھەم شۇنىڭدەك پارچىلىنىپ تۇزۇپ كېتىۋاتقاندەك ئويغا كېلىسىز.

ئاللاھتەئەلا دوزاخ ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ:-« دوزاخ ئۇلارنى يىراقتىن كۆرگەن چاغدا، ئۇلار دوزاخنىڭ غەزەپتىن قاينىغان ۋە (ئېشەكتەك) ھاڭىرغان ئاۋازىنى ئاڭلايدۇ» سۈرە فۇرقان 12- ئايەت.

دوزاخ خۇددى جانلىق بىر ئادەمگە ئوخشاش ھېس قىلىدۇ، ئاچچىقلىنىدۇ. ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىگە ئاسىيلىق قىلغانلارغا غەزەپلىنىدۇ. ئاچچىقتىن بۇغۇلىدۇ.

«ئۇ كۈندە جەھەننەم كەلتۈرىلىدۇ» سۈرە فەجىر 23- ئايەت.

ئويلاپ بېقىڭ، سەھەر ھەدىتە بايان قىلىنغانغا ئوخشاش، سىز ئايەتنى ئوقۇۋېتىپ دوزاخنىڭ گويا كۆز ئالدىڭىزدىن ئۆتۈۋاتقانلىقىنى ۋە پەرىشتىلەرنىڭ ئۇنى سۆرەپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەندەك بولىسىز.

دوزاخ ئەھلى ھەققىدە، ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:«ئۇلارنىڭ قورققان، خارلانغان ھالدا، (دوزاخقا) كۆزىنىڭ قۇيرۇقى بىلەن قارىغان ھالدا دوزاخقا توغرىلىنىدىغانلىقىنى كۆرىسەن» سۈرە شۇرا 45- ئايەت.

«(ئاللاھ تەئەلا ئىككى پەرىشتىگە خىتاپ قىلىپ) ھەققە قارشى ياخشىلىقتىن توسقۇچى، ھەددىدىن ئاشقۇچى، (دىنغا) شەك كەلتۈرگۈچى، ئاللاھغا باشقا مەبۇدنى شېرىك قىلغۇچى ھەر بىر كاپىرنى دوزاخقا تاشلاڭلار، ئۇنى قاتتىق ئازاپقا تاشلاڭلار (دەيدۇ) » سۈرە قاف 24- 26- ئايەت.

سۈرە قافتىكى باشقا ئايەتلەر ھەم قىيامەت مەيدانىدىكى ھەركەتلەر قورقۇنچ ۋە ھەسرەت- نادامەتلەرنى تەسۋىرلەپ بېرىدۇ.

قۇرئاندىكى تەسۋىر ۋە ئىپادىلەش ھەققىدە تېخىمۇ كۆپ ۋە كەڭ ئۇچۇرغا ئىگە بولاي دېسىڭىز، سەييە قۇتۇبنىڭ «قۇرئاندىكى تەسۋىر سەنئىتى» دىگەن كىتاۋىنى

ئوقۇشنى تەۋسىيە قىلىمەن.

ئۈچىنچى:ـ قۇرئاننىڭ ئىلمىي جەھەتتىكى مۆجىزىلىكى:

ئاللاھتەئەلا مۇنداق دەيدۇ:ـ «ئۇلار بىز تاكى ئۇلارغا قۇرئاننىڭ ھەق ئىكەنلىكى ئېنىق بولغۇچى، (ئاسمان- زېمىن) ئەتراپىدىكى ۋە ئۆزلىرىدىكى (قۇدرىتىمىزگە دالالەت قىلىدىغان) ئالامەتلەرنى كۆرستىمىز» سۈرە سەجدە 53- ئايەت.

قۇرئاندا ھادىسىلەر ۋە يارىتىلىش ھەققىدە نۇرغۇن ئايەتلەر بار بولۇپ، ھازىرقى زامان ئىلىم- پېنى بۇلارنى ئىسپاتلاپ چىقتى. مەسىلەن:ـ «كاپىرلار بىلەمدۇكى، ئاسمانلار بىلەن زېمىن بىر- بىرىگە تۇتاش ئىدى. ئۇلارنى ئايرىۋەتتۇق، ھەممە جانلىق مەۋجۇداتنى سۇدىن ياراتتۇق. ئۇلار(ئاللاھنىڭ قۇدرىتىگە) ئىشەنمەمدۇ؟» سۈرە ئەنبىيا 30- ئايەت.

ھازىرقى زامان ئىلىم- پېنى ئاسمان ۋە زېمىننىڭ راستىنلا بىر- بىرىگە تۇتاش ئىكەنلىكىنى، بەزى مۇئەييەن تەسىرلەر ئارقىلىق ئاسمان ۋە زېمىننىڭ ئايرىلغانلىقىدىن ئىبارەت ھەقىقەتنى ئىسپاتلاپ چىقتى. بۇنداق كاتتا ھەقىقەت ۋە ئاشكارە مۆجىزىنى ساۋاتسىز پەيغەمبەرگە كىم خەۋەر قىلغان؟.

"ئاسماننى بىز بىخەتەر ئۆگزە قىلدۇق» سۈرە ئەنبىيا 32- ئايەت.

ھازىرقى زامان ئىلىم- پېنى ھاۋا قاتلىمى بولمايدىغان بولسا، زېمىننىڭ ئاللىقاچان تىرىپىرەن بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى.

«ئاسمان يېرىلغان چاغدا ئاسمان قىزىلگۈلدەك، قىزىل چەمدەك بولۇپ قالىدۇ». سۈرە رەھمان.

2001- يىلى 2- ئاينىڭ 20- كۈنى ئەلئېھرام گېزىتى ئاسماندا پارتلىغان بىر يۇلتۇزنىڭ سۈرىتىنى ئېلان قىلغان بولۇپ، بۇ رەسىمدىن ئۇنىڭ قىزىل رەڭگە ئۆزگەرگەنلىكىنى ئاندىن ئاستا- ئاستا قىزىل چەمگە ئوخشاپ قالغانلىقىنى كۆرىۋالغىلى بولىدۇ.

«ئاسماننى قۇدرەت بىلەن بەرپا قىلدۇق، بىز ھەقىقەتەن ئۇنى كېڭەيتىپ تۇرىمىز» سۈرە زارىيات 47- ئايەت.

ئىلىم- پەن كائىناتنىڭ مۇقىم، سابىت ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ھەركەتلىنىپ تۇرىدىغانلىقى ۋە ئۇنىڭ قورقۇنچلۇق شەكىل، ئادەتتىن تاشقىرى سۈرئەتتە كېڭىيىۋاتقانلىقىنى ئىسپاتلاپ چىقتى.،

تۆتىنچى: قۇرئاندىكى رەقەم مۆجىزىلىرى ھەققىدە:

قۇرئاندا قىينىچىلىق ۋە قىينچىلىقتا ئۈچراش ئىبارىلىرى 114ئورۇندا كەلگەن بولۇپ، سەۋر قىلىش ئىبارىسى ۋە ئۇنىڭ باشقا شەكىلدىكى تۇرلەنمىلىرى ھەم 114،

ئەر كەلمىسى ۋە ئۇنىڭ تۇرلەنمە شەكىللىرى بولۇپ 24 قېتىم، ئايال كەلىمىسى ۋە ئۇنىڭ باشقا تۇرلەنمىسى بولۇپ ھەم 24قېتىم، ئاي كەلىمىسى ۋە ئۇنىڭ تۇرلەنمە شەكىللىرى 12، كۇن كەلىمىسى 365، ئىبلىس كەلىمىسى 11ئورۇندا كەلگەن. ئىبلىسنىڭ شەررىدىن پاناھلىق تىلەش ھەم 11 ئورۇندا كەلگەن. زاكات كەلىمىسى 32قېتىم، بەركەت ۋە ئۇنىڭ تۇرلەنمە شەكىللىرى بولۇپ ھەم 32قېتىم تىلغا ئېلىنغان. ئەقىل ۋە ئۇنىڭ تۇرلەنمە شەكىللىرى بولۇپ 49 قېتىم، نۇر ۋە ئۇنىڭ باشقا تۇرلەنمە شەكىللىرى ھەم 49قېتىم تىلغان ئېلىنغان !!!

بەشىنچى:- قۇرئاننىڭ ئىسلاھات ۋە قانۇنچىلىق جەھەتتىكى مۆجىزىلىكى:

بۇ قۇرئاننىڭ ئەڭ چوڭ مۆجىزىلىرىنىڭ بىرى. بۇ مۆجىزە ئۇزۇن زامانلاردىن بىرى ئىسپاتلىنىپ كەلدى. قۇرئان ئارقىلىق نامرات، ئاچ- يالىڭاچ ئەرەبلەر دۇنيانىڭ خوجىسىغا، پادىشاھىغا ئايلاندى. مانا بۇ ئىسلام ئېلىپ كەلگەن مۆجىزە. ئىسلام مۇسۇلمانلارنى ئاجايىپ مۆجىزىلەرنى مەيدانغا كەلتۇرىدىغان زور ئېنېرگىيە بىلەن تەمىنلەيدۇ. بۇ مۆجىزىلەر ھازىرمۇ بىزنىڭ جىنايى ئىشلار جازاسى، ئەر- خوتۇنلۇق ھەقلەر، ئىقتىسادى مۇئامىلىلەر ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ئىسلامدىكى سىياسى، ئىقتىسادى ۋە ئىجتىمائىي ساھەلەردە ھەم مەيدانغا كېلىۋاتىدۇ. بىز ئىسلامنىڭ ئەتراپىمىزدا ھەركەت قىلىپ تۇرىۋاتقان جانلىق بارلىق بولۇشىنى كۆرۈشنى خالايمىز. ئىسلامنى كۇندىلىك ھاياتىمىزغا تەتبىقلىساق، ئەھكاملىرىنى ئەمىلىيىتىمىزگە ئايلاندۇرۇپ، بۇيرۇلمىلارنى ئىجرا قىلىپ، توسۇلمىلاردىن يانساق بۇ ئۆيىمىزنىڭ رېئاللىنىشىدا گەپ يوق. ئاللاھنىڭ ياردىمى ھامان كېلىدۇ. ھەققە ئېرىشىلىش، ئەمەل قىلىش ۋە ئۇنىڭغا دەۋەت قىلىش ئارقىلىق ئاللاھ ياردەم بېرىدىغان قوشۇنلاردىن بولۇشقا كۆڭۈل بۆلەيلى. ئەي ئوقۇرمەن ھەردائىم يادىڭىزدا بولسۇنكى:«ئاللاھنۇر ئاتا قىلمىغان ئادەم، نۇرنى كۆرەلمەيدۇ، (يەنى ئاللاھ ھىدايەت قىلمىغان ئادەم ھەرگىز ھىدايەت تاپمايدۇ)» سۇرە نۇر 40- ئايەت.

پەرۋەردىگارىمىز! بىزنى ھىدايەت قىلغىنىڭدىن كىيىن دىللىرىمىزنى توغرا يولدىن بۇرىۋەتمىگىن، بىزگە دەرگاھىڭدىن رەھمەت بېغىشلىغىن، شۈبھىسىزكى، سەن (بەندىلىرىڭگە ئاتالارنى) بەكمۇ بېغىشلىغۇچىسەن. بارچە ھەمدۇ- سانا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھغا خاستۇر.